دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

# ئاننا كارېنىنا

1

لېۋ تولستوي ( رۇسىيە )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

لېۋ تولستوي ( رۇسىيە )

ئاننا كارېنىنا

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەسەرلىرى تەرجىمە قۇرۇلۇشى

外国文学经典翻译工程

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



ئاننا كارېنىنا

ISBN 978-7-228-13290-4

9 787228 132904 >

定价：70.00元



国家出版基金项目



لېۋ تولستوي ( رۇسىيە )

# ئاننا كارېنىنا

1

تەرجىمە قىلغۇچى : راخمان مامۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

安娜·卡列尼娜 1：维吾尔文/(俄罗斯）托尔斯泰（Tolstoy，L.N.）著：热合曼·马木提译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.5
ISBN 978-7-228-13290-4

Ⅰ.安… Ⅱ.①托… ②热… Ⅲ.长篇小说 — 俄罗斯 — 近代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I512.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第033104号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 买买提·诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 26.75 |
| 版　　次 | 2014年9月第2版 |
| 印　　次 | 2014年9月第1次印刷 |
| 定　　价 | 70.00 元 |

# نەشرىياتتىن

لېۋ نىكولايېۋىچ تولستوي (1828 ــ 1910) رۇسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا ياشىغان ئۇلۇغ يازغۇچىسى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە تىرىشىپ قىلغان ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن شۇ دەۋردىكى ياۋروپا تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان.

تولستوي 1828 ـ يىلى 9 ـ سېنتەبىردە موسكۋادىن ئانچە يىراق بولمىغان ياسنايا پوليانادىكى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئاتا ـ ئانىسى ئاتاقلىق ئاقسۆڭەكلەردىن بولۇپ، ئۇ ئون ياشقا كىرەر ـ كىرمەيلا ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ تۇنجى پوۋېستى «بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق» دەل ئاپتورنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ جەمئىيەتكە قەدەم قويغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى تۇرمۇش شارائىتى بىلەن ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى.

تولستوي ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا باشلىغان. ئۇنى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە ئېلىپ چىققىنى ھەم دۇنيا ئەدەبىياتىغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكىنى ئۇنىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «ئاننا كارېنىنا»، «تىرىلىش» ناملىق ئۈچ چوڭ رومانى. بۇ ئەسەرلەر يالغۇز رۇسىيە ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرلا بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭمۇ مەشھۇر نامايەندىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تولستوينىڭ «كازاكلار»، «كرېيتسېر سوناتاسى»، «شەيتان»، «ئىۋان ئىلچىنىڭ ئۆلۈمى»، «ھاجى مۇرات»، «جاھالەت كۈچلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ

دۇنياغا مەشھۇر. تولستوي «ئاننا كارېنىنا» رومانىدا ئۆزىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە بەدىئىي ئوبرازلارنى روشەن يارىتىش بىلەن شۇ دەۋردىكى مۇرەككەپ چىگىش ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ۋە تېز ئۆزگىرىۋاتقان تارىخىي ئالاھىدىلىكنى توغرا ھەم چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ئەسەردە رۇسىيىنىڭ شۇ چاغدىكى رېئاللىقىغا بولغان پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش تېخىمۇ كۈچلۈك ھەم چوڭقۇر بولغان. بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە سۇژېتىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى تېخىمۇ يىغىنچاق ۋە باغلىنىشلىق بولغان، پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي ھالەتلىرىنىڭ جەريانىغا بولغان تەھلىل تېخىمۇ ئىنچىكە، تەپسىلىي بولغان.

تولستوي «ئاننا كارېنىنا»نى 1873 ـ يىلى يېزىشقا باشلاپ، 1877 ـ يىلى تاماملىغان ۋە ئون ئىككى قېتىم كۆچۈل قويۇپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئاخىر نامايەندە خاراكتېرلىك بۇ گىگانت ئەسەرنى دۇنياغا كەلتۈرگەن. بۇ ئەسەرنىڭ نامى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىغا خېلى بۇرۇنلا تارقالغان، ئوقۇرمەنلەرئۇنى كۆرۈشكە تەشنا ئىدى. مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ مەشھۇر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇق.

# دەردىڭ بولسا ماڭا ئېيت، مەن سېنىڭ دەردىڭگە يەتكۈچى[①]

① «ئىنجىل. رىملىقلار ئىنجىلى» 12 ـ سۈرە، 19 ـ ئايەتتىن ئېلىندى. بۇ ئايەتنىڭ تولۇقى: «قەدىرلىك قېرىندىشىم، دەردىڭ بولسا كەڭ قورساق بول، خۇدانىڭ ئىختىيارىغا قوي، ‹ئىنجىل›دا: ‹دەردىڭ بولسا ماڭا ئېيت، مەن سېنىڭ دەردىڭگە يەتكۈچى، دېيىلگەن.›»

*Anna Karenina*

# برنچی قسم

# 1

ھەممە بەختلىك ئائىلىلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ، بەختسىز ئائىلىلەر ئۆز ئالدىغا بەختسىز.

ئوبلونسكىيلارنىڭ ئائىلىسى شۇ كۈنلەردە مالىمانلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ فرانسىيىلىك بۇرۇنقى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن غەيرىي مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئەمدى ئېرى بىلەن ئىككىنچى بىر ئۆيدە ياتمايدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. ئۇ ئىشقا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. بۇ ئەھۋال ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىلا ئەمەس، ئائىلىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننى پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىككىسىنىڭ ھازىرقى بۇنداق تۇرمۇشى دەڭ ـ سارايلاردا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان ئادەملەرنىڭكىچىلىكمۇ ئەمەس ئىدى. خوتۇنى ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە سولىنىۋېلىپ زادىلا سىرتقا چىقىپ باقمىدى، ئېرىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىگىمۇ ئۈچ كۈن بولدى. باللار سەھەرلىق ياۋايى باللارغا ئوخشاش ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى؛ ئەنگلىيىلىك ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئايال غوجىدار ئايال بىلەن گەپ تەرگىشىپ قېلىپ، بىر دوستىغا ئۆزىگە باشقا بىر يەردىن خىزمەت تېپىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ خەت يېزىۋەتتى؛ ئاشپەز تۈنۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كېتىپ قالدى؛ يەنە بىر ئاشپەز خوتۇن بىلەن ھارۋىكەش ئىككىسى بۇ يەردە داۋاملىق ئىشلەشنى خالىمايدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى.

جېدەل بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى گراف ستېپان ئاركادىيېۋىچ ئوبلونسكىي (ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئۇنى كىچىك ئىسمى بىلەن ستىۋا دەپ ئاتىشىدۇ) كۈندىكىدەك ئەتىگەن سائەت سەككىزدە

ئويغاندى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىدا ئەمەس، كۇتۇپخانىسىدىكى ساپانىڭ ئۈستىدە ياتقانىدى. ئۇ ئۇيقۇسىنى ئاچالماي، يەنە ئازراق ئۇخلىماقچى بولۇۋاتقاندەك، سېمىز گەۋدىسىنى بىر يانغا ئۆرۈپ، ياستۇق بىلەن يۈزىنى چىڭ بېسىۋالدى. ئويغىنىپ ئۇزاقمۇ ياتماي، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىنى پاللىدە ئاچتى.

«ھوي، ھوي، نېمە ئىش بۇ؟ — ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلا كۆرگەن چۈشىنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى، — ھىم، بۇ زادى قانداق گەپ؟ ئالاپىن دارمىشتادتقا①، ياق، ياق، ئامېرىكىدىكى قايسىبىر شەھەرگە مېھمان چاقىرغان ئەمەسمۇ؟ توغرا، دارمىشتادت ئامېرىكىدا، توغرا، ئالاپىن زىياپەتنى ئەينەك ئۈستەللەرگە تەييارلىغان، ھەممىمىز ئىتالىيىنىڭ ‹گۆھىرىم› دېگەن ناخشىسىنى ئېيتقان ئەمەسمۇ؟ ياق، ئېيتقىنىمىز ‹گۆھىرىم› دېگەن ناخشا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق ناخشا، ئۈستەلگە ھەر خىل خروستال قاچىلار تىزىلىپ كەتكەن، ئەسلىدە ئۇلار خروستال قاچىلار ئەمەس، چىرايلىق خېنىملار ئىدى.»

ئوبلونسكىينىڭ خۇشاللىقتا كۆزلىرى چاقناپ كېتىۋاتاتتى، ئۆزى خىيالدا، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى: «نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك! ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بولغان. قىزىقارلىق نۇرغۇن ئىشلار بولۇۋاتاتتى، لېكىن ئويغىنىپ كېتىپلا ئۇنتۇپ قالدىم. ئازراق بولسىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ.» ئۇ ئېغىر پەردىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن كىرىۋاتقان كۈننىڭ شولىسىنى كۆرۈپ، خۇشال ھالدا پۇتلىرىنى ساپادىن پەسكە ساڭگىلىتىپ، خوتۇنى زەر يىپتا چىرايلىق گۈل بېسىپ تىكىپ بەرگەن خۇرۇم ساپما كەشىنى (بۇنى بۇلتۇرقى تۇغۇلغان كۈنىدە خوتۇنى سوۋغا قىلغان) پۇتى بىلەن ئىزدەشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە توققۇز يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادىتى بويىچە ئورنىدىن تۇرماي،

① دارمىشتادت — گېرمانىيىدىكى مەلۇم بىر شەھەر.

ھۇجرىسىدىكى كارىۋىتىنىڭ بېشىدا ئېسىقلىق تۇرىدىغان خالتىغا قولىنى سوزدى. قولىغا ھېچنېمە ئۇرۇلمىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىدا ئەمەس، كۇتۇپخانىسىدا ياتقانلىقىنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، شۇئان چىرايىدىكى كۇلكە ئۆچتى، قاپاقلىرى تۇرۇلدى.

«ۋۇي، ۋۇي، ۋۇي ! قاملاشمىغانلا ئىش بوپتۇغۇ!» ئۇ ئۆيىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. خوتۇنى بىلەن بولغان جېدەلنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتى يەنە كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇ جېدەلگە ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى، ئەمدى نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئىلاجسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ قاتتىق قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ كەتتى.

«ھەي، ئۇ ئەمدى مېنى كەچۈرمەيدۇ، ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ! ھەممىدىن يامىنى، بۇ ئىشلارنى مەندىن كۆرۈۋاتقىنى بولۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەن ھېچنېمىنى خاتا قىلغىنىم يوق، ھەممە پاجىئە مانا مەشەدە. ئۇھ، قانداقمۇ قىلارمەن !» ئۇ بۇ جېدەلدىكى ئۆزىنى ئەڭ ئازابلايدىغان تەپسىلاتلارنى ئويلاۋېرىپ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى.

ئۇنى ئەڭ خاپا قىلغىنى تىياتىرخانىدىن قايتىپ ئۆيگە كىرگەن ۋاقتى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ خوتۇنىغا ئالغاچ كەلگەن بىر تال نەشپۈتنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا كىرسە، خوتۇنى يوق، كۇتۇپخانىغا كىرسە، ئۇ يەردىمۇ يوق. ئاخىرىدا ئۇنى ھۇجرىسىدا ھېلىقى قۇرۇپ كەتكۈر خەتنى تۇتۇپ ئولتۇرغان يېرىدىن تاپقانىدى.

جاپاكەش، ھەممە ئىشتىن تەشۋىشلىنىپلا يۈرىدىغان، ئېرىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئەقلى قىسقا دوللى شۇ چاغدا قولىدا بىر پارچە خەت، قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، ھەيرانلىق، ئۇمىدسىزلىك ۋە كۇچلۇك غەزەپ ئۆرتەپ تۇرغان كۆزلىرى ئېرىگە مىختەك قادىلىپ قالغانىدى.

— بۇ نېمە؟ بۇ زادى نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئېرىدىن

خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ھەر قېتىم شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشنى ئەسلىگەندە ئوبلونسكىينى ئوسال قىلىدىغىنى ئۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى خوتۇنىنىڭ ئاشۇ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن چاغدىكى رەسۋا قىياپىتى ئىدى.

سەت بىر ئىشنى قىلىپ قويۇپ تۇيۇقسىز سىرى ئاشكارىلىنىپ قالغان ئادەم قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا، ئوبلونسكىيمۇ شۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. خوتۇنىنىڭ ئالدىدا خاتالىقى ئاشكارىلىنىپ شۇنداق بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىكى، يا خىجىل بولۇشنى، يا ئىنكار قىلىشنى، يا ئۆزىنى ئاقلاشنى، يا خۇشامەت قىلىشنى، يا قايتىلىغا ئىلىپ قويماسلىقنى بىلمەي گۆشىيىپ تۇردى ـــ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىش بولماس ـــ بىر چاغدا ئۇنىڭ چىرايىدا (ئوبلونسكىي فىزىئولوگىيىنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا بۇ خىل ھالەتنى باش مېڭىنىڭ رېفلېكسلىق رولى دەپ چۈشىنەتتى) پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىختىيارىدىن سىرت ھالدا ئادەتتىكىگە ئوخشاش مۇلايىم ۋە ئازراق تەلۋىلەرچە بىر كۈلكە پەيدا بولدى.

كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ كۈلكىسى ئۈچۈن ئۆزىنى كەچۈرمىگۈدەك ھالدا پۇشايمانمۇ قىلدى، چۈنكى خوتۇنى دوللى ئۇنىڭ ئۇ كۈلكىسىنى كۆرۈپ خۇددى بىرى كېلىپ يىڭنە سانجىغاندەك قاتتىق شۈركۈنۈپ ۋە غەزىپىنى باسالماي، بىرنەچچە ئېغىز ئاچچىق گەپ قىلىپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمىگەنىدى.

«ھەممە ئەيىب مېنىڭ سارائدەك ئاشۇنداق كۈلگەنلىكىمدە» دېدى ئوبلونسكىي ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىبلەپ.

«ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلسام بولار؟» سورىدى ئۇ ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ ئۆزىدىن، لېكىن بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى.

# 2

ئوبلونسكىي ئۆزىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى، شۇڭا بۇ قېتىم ئۆزىنى ئالدىمىدى، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن يالغاندىن پۇشايمان يېگەندەك قىياپەتكىمۇ كىرىۋالمىدى. ئۇ بۇ يىل ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرگەن، ئۆزى قاملاشقان ھەم ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىدىغانراق ئادەم ئىدى. خوتۇنى ئۆزىدىن بىر ياش كىچىك، ھايات ياشاۋاتقان بەش بالىنىڭ، ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى بالىنىڭ ئانىسى ئىدى. ئوبلونسكىي ھازىر خوتۇنىنى تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، بۇنىڭغا پۇشايمانمۇ قىلىپ كەتمەيتتى، پەقەت ئاشۇ خەتنى خوتۇنىدىن يوشۇرۇپ قالالمىغانلىقى ئۈچۈنلا پۇشايمان يەيتتى. ئۆزىنىڭ شۇ كۈنگە قالغىنىغا بىئارام بولغاندىن سىرت، خوتۇنى ھەم بالىلىرى ئۈچۈنمۇ بىئارام بولاتتى. ئەگەر ئۇ بۇ ئىشنىڭ خوتۇنىنى شۇ دەرىجىدە ئازابقا سالىدىغانلىقىنى بالدۇرراق بىلگەن بولسا، بۇ جىنايىتىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ يوشۇرۇپ ئۇنىڭغا بىلىندۇرمىگەن بولاتتى. ئۇ بۇ ئىشنى زادىلا ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمىغان، خوتۇنىنى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان ساداقەتسىزلىكىنى بىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالىدۇ، دەپلا ئويلاپ يۈرگەنىدى، ھەتتا خوتۇنىنى ھازىر قېرىپ چىرايىدىن كەتتى، ئادەمنى ئۆزىگە تارتقۇدەك يېرى قالمىدى، ۋاپادار خوتۇن، كۆيۈمچان ئانا بولۇپ ئۆتۈپ كەتسىلا بولىدۇ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بىلگەچكە، ماڭا كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ ھەم ھېچنېمىنى كۆڭلىگە ئالمايدۇ، دەپمۇ ئويلىغانىدى. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش بولدى.

«ھەي، ئەمدى مەن شەرمەندە بولدۇم! — ئوبلونسكىي

ئامالسىز توختىماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى، ــ بۇ ئىش چىقىشتىن ئىلگىرى ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك، كۆنلىرىمىز شۇنداق چىرايلىق ئۆتۈۋاتاتتى. خوتۇنۇم باللىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى، كۆڭلى توق يۈرەتتى، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتىم، باللارنى قانداق تەربىيلىسە، ئۆينى قانداق تۇتسا ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ئىدى. راست گەپنى قىلسام، بىزنى نەس باستۇرغىنى ئاشۇ ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۆزىنىڭ باللىرىنى ئوقۇتۇۋاتقان ئوقۇتقۇچى ئايال بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر چاكىنىلىق، پەسكەشلىك ئەمەسمۇ. ئەمما، ئۇ تولىمۇ جەلپكار، چىرايلىق ئايال ئىدى ـ دە (شۇ ئارىلىقتا ئۇ رولانت خانقىزنىڭ چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزىنى، يېقىملىق كۈلۈمسىرەشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋالدى). لېكىن، ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىش قىلمىغان. ھازىر ھەممىدىن يامان بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن ... خۇددى مەن بىلەن قېرىشقاندەك ئىش قىلدى ـ دە. ۋاي، ۋاي، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ قانداق قىلسام بولار؟»

ئۇ تۇرمۇشتا ھەر خىل مۇرەككەپ، ھەل قىلىش قىيىن مەسىلىلەرگە ئۇچرىغاندا ھەممىنى كەينىگە تاشلىۋېتەلەيتتى، ئۇنتۇپ كېتەلەيتتى، بىر كۈن ئۆتسە شۇ بىر كۈننى غەنىيمەت دەپ ئويلايتتى. بۈگۈنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلماقتىن باشقا چارە بولمىدى. ئەمما، بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمەيتتى، ئۇيقۇ ئارقىلىقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. ھېچبولمىغاندا، كېچە بولمىغۇچە ئۇنداق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا شېرىن شاراب، گۈزەل قىزلارنى خىيال قىلماي، بىر كۈن بولسىمۇ تىنىچ ياشىغىنىغا شۈكۈر قىلىپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى.

«كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن كۆرەرمىز» دەپ قويدى ئوبلونسكىي ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەستىرى يېشىل تاۋاردىن قىلىنغان كۈل رەڭ خالىتىنى كىيىپ

بىلىنى باغلىدى، كەڭ كۆكسىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سېمىز گەۋدىسىنى يەڭگىل كۆتۈرۈپ ماڭالايدىغان پۇتلىرىنى يۆتكەپ روھلۇق ھالدا دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پەردىنى قايرىۋەتتى، ئاندىن قوڭغۇراقنى قولىغا ئېلىپ جىرىڭلاتتى. قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان قېرى خىزمەتكارى ماتۋېي بىر قولىدا ئۇنىڭ كىيىملىرى بىلەن ئۆتۈكىنى، يەنە بىر قولىدا بىر پارچە تېلېگراممىنى كۆتۈرۈپ ئىتتىك كىرىپ كەلدى، ساتىراشمۇ، قوللىرىدا سايمانلىرى، ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي كىرىۋاتاتتى.

— مەھكىمىدىن ئالاقىدەك بىر نەرسە كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاچ تېلېگراممىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— كەلدى، ئۈستىلىڭىزگە قويۇپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى ماتۋېي. ئۇ خوجايىنىغا شۈبھە ۋە ئېچىنغاندەك نەزەردە قاراپ قويدى. سەلدىن كېيىن مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، — كىراكەش خوجايىن ئادەم ئەۋەتىپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئوبلونسكىي بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمەي، ئەينەكتىن ماتۋېيغا قاراپ قويدى. ئىككىسىنىڭ ئەينەكتىكى قىياپەتلىرىدىن بىر - بىرىنى بەكمۇ چۈشىنىشىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئوبلونسكىينىڭ كۆزلىرىدىن، بۇ گەپنى قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ، ئۆزۈڭ بىلمەيتتىڭمۇ، دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.

ماتۋېي ئىككى قولىنى كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان، بىر پۇتى سەل ئالدىغا چىقىپ تۇرغان، چىرايىدا ئازراق كۈلكە، خوجايىنىغا تولىمۇ سادىقلىق بىلەن ئۈنسىز قاراپ قويدى.

— مەن ئۇنىڭغا كېلەر يەكشەنبە كەل، بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ خوجايىننى پاراكەندە قىلما، كەلگىنىڭ بىلەنمۇ بىكار، دېدىم، — دېدى ماتۋېي ئۇنىڭغا. بۇ گەپنى ئۇنىڭ ئالدىن تەييارلىۋالغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئوبلونسكىي ماتۋېينىڭ خوجايىنىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئاندىن تېلېگراممىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى خاتا خەتلەرنى تۈزەتكەچ ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقىپ، بىردىنلا چىرايى ئېچىلىپ كەتتى.

— ماتۋېي، سىڭلىم ئاننا ئاركادىيېۋنا ئەتە يېتىپ كەلگۈدەك! — ئۇ ساتىراشقا پارقىراپ تۇرىدىغان سېمىز قوللىرىنى بىردەم جىم تۇتۇپ تۇرۇشنى قولى بىلەن ئىشارە قىلدى. ساتىراش ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ چۈشكەن چېكە چاچلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئۇستىرا بىلەن قىرىپ تەكشىلەۋاتاتتى.

— خۇداغا شۈكۈر! — دېدى ماتۋېي ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ بۇ قېتىم كېلىشىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى خوجايىنىغا ئوخشاش چۈشەنگەندەك تەلەپپۇزدا. ئوبلونسكىينىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سىڭلىسى ئاننا ئاركادىيېۋنا كەلسە ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى ئىككىسىنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى.

— يالغۇز ئۆزى كېلەمدىكەن ياكى كۈيئوغۇل بىلەنمۇ؟ — سورىدى ماتۋېي بايىقى سۆزىگە ئۇلاپلا.

ساتىراش ئۇستى كالپۇكىنى قىرىۋاتقاچقا، ئوبلونسكىي گەپكە ئېغىز ئاچالماي بىر بارمىقىنى چىقىرىپ كۆرسەتتى، ماتۋېي ئەينەككە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— بىر ئۆزى ئىكەن - دە. ئۇنىڭغا ئۇستىدىكى ئۆيلەردىن تەييارلاپ قويىمىزمۇ؟

— سەن چىقىپ دارىيە ئالېكساندروۋناغا خەۋەر قىلىپ قويغىن، شۇ ئورۇنلاشتۇرسۇن.

— دارىيە ئالېكساندروۋناغىمۇ؟ — دەپ سورىدى ماتۋېي سەل چۈشەنمىگەندەك قىلىپ.

— شۇنداق، چىقىپ شۇنىڭغا مەلۇم قىل، تېلېگراممىنىمۇ ئاچىقىپ ئۇنىڭغا كۆرسەت، قالغان ئىشلارنى شۇ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ماتۋېي: «ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىلىشى خوتۇننى چېكىپ بېقىش ئۈچۈنغۇ» دەپ ئويلىدى، ئەمما ئاغزىدا:

— بولىدۇ، خوجايىن، — دېدى.

ماتۋېي قولىدا بايىقى تېلېگرامما، ئۆتۈكىنى غاچىلدىتىپ ئاستا قەدەملەر بىلەن خوجايىنىنىڭ يېنىغا قايتىپ كىرگەندە، خوجايىنى چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ بولۇپ، كىيىملىرىنى كىيىۋاتاتتى، ساتىراش كېتىپ قالغانىدى.

— داريه ئالېكساندروۋنا سىزگە بىر گەپنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپشۇردى، ئۇياق ئەتە بۇ يەردىن كەتكۈدەك. «ئۇ — سىزنى دېمەكچى — قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق قىلسۇن» دەيدۇ، — دېدى ماتۋېي ئازراق كۈلگەندەك قىلىپ. ئاندىن قوللىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ بېشىنى قىيسايتىپ، خوجايىنىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى.

ئوبلونسكىي گەپ قىلمىدى، كېيىن ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىدە ئامالسىز قالغاندەك بىر خىل ئاچچىق كۈلكە پەيدا بولدى.

— هە ! ماتۋېي ! — دەپ قويدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

— زەرەرى يوق، بېگىم، ئىشلار ئوڭلىنىپ كېتىدۇ.

— ئوڭلىنىپ كېتەرمۇ؟

— شۇنداق بولىدۇ، بېگىم.

— سەن شۇنداق ئويلامسەن؟ كىم كەلگەندۇ؟ — سورىدى ئۇ ئىشىكنىڭ سىرتىدا ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ.

— بۇ مەن، بېگىم، — ئايال كىشىنىڭ سالماق ۋە يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بالىلارغا قارايدىغان ماترىيونانىڭ جىددىي قىياپەتلىك چوقۇر يۈزى كۆرۈندى.

— خوش، نېمە گەپ، ماترىيونا؟ — دېدى ئوبلونسكىي ئىشىككە قاراپ مېڭىپ.

گەرچە ئوبلونسكىي خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئەيىبكار بولسىمۇ ۋە بۇنى ئۆزى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى،

ھەتتا دارىيە ئالېكساندروۋنانىڭ يېقىن ئادىمى ھېسابلىنىدىغان ماترىيونامۇ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالاتتى.

— نېمە ئىش؟ — سورىدى ئوبلونسكىي روھسىز ھالەتتە.

— بېگىم، ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ يەنە بىر قېتىم خاتالىقلىرىنى بويۇنلىرىغا ئالسىلا، خۇدا ئىشلارنى ئوڭشىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس. ئۇ بەك قىيىنىلىپ كەتتى، ئۇنى كۆرۈپ ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆينىڭ ھەممە ئىشلىرى ئىزىدىن چىقىپ كەتتى، بۇنداق كېتىۋەرسە ياخشى بولماس. بالىلارغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن. بېگىم، ئۇنداق قىلماي يەنە بىر قېتىم يېلىنىپ باقسىلا، بولغۇلۇق بولدى، ئۇنىڭغا نە ئىلاج...

— ئۇنىڭ مېنى كۆرەرگە كۆزى يوق تۇرسا...

— چىن كۆڭۈللىرى بىلەن گەپ قىلىپ باقسىلا ئېرىپمۇ قالار. خۇدا رەھىمدىل، بېگىم، خۇداغا سىغىنسىلا، خۇداغا!

— بوپتۇ، سەن چىقىپ تۇرغىن، — دېدى ئوبلونسكىي بىردىنلا قىزىرىپ كېتىپ، — كىيىملىرىمنى ئەكەل، يەڭگۈشلىۋالاي، — ئۇ ماتۋېيغا بۇيرۇق قىلىپ، شۇئان ئۈستىدىكى خالىتىنى سالدى.

# 3

ئوبلونسكىي كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن بەدىنىگە ئەتىر سەپتى، كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى ئوڭشىلىدى، ئادىتى بويىچە ھەميان، تاماكا، چاقماق، قوش زەنجىرلىك سائىتىنى يانچۇقلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم سېلىپ، ئاندىن قولياغلىقىنى يەنە بىر قېتىم قېقىپ قويدى. بېشىغا ئاشۇنداق بەختسىزلىك چۈشكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى پاكىز، ساغلام، خۇش ھىد، روھى

كۆتۈرەڭگۈ سىزىپ، ھەر بىر قەدىمىدە پۇتلىرى تىترىگەن ھالدا تاماقخانىغا چىقتى. ئۇ يەردە قەھۋە، قەھۋە ئىستاكانىنىڭ يېنىدا خەتلەر ھەم مەھكىمىدىن كەلگەن ھۆججەتلەر قويۇقلۇق تۇراتتى.

ئۇ خەتلەرنى كۆرۈپ چىقتى. بىر پارچىسى خوتۇنىغا تەۋە ئورماننى سېتىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن يەر سودىگىرىدىن كەلگەنىدى، ئۇ خەت ئۇنى ئازراق خاپا قىلىپ قويدى. ئۇ ئورماننى ساتماي بولمايتتى، ئەمما ھازىر خوتۇنى بىلەن تېخى ئەپلىشىپ بولمىغاچقا، بۇ ھەقتە ئۇ سودىگەرگە جاۋاب بەرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بېشىنى ئەڭ قاتۇرۇۋاتقىنى پۇل ئۈستىدىكى پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى خوتۇنى بىلەن يارىشىپ قېلىش مەسىلىسىگە تاقىلىۋاتقانلىقى ئىدى. ئورماننى سېتىش ئۈچۈن خوتۇنى بىلەن ئەپلىشىۋالمىسا بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا خېلىلا ھار كەلدى.

ئوبلونسكىي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، مەھكىمىنىڭ ھۆججىتىنى ئالدىغا تارتىپ، ئۇنىڭدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئائىت ئىككى ئىشنى ئوقۇپ چىقتى، ئاندىن توم بىر قېرىنداش بىلەن بىر يەرلىرىگە بەلگە قويۇپ قويدى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئۇنى نېرىراق ئىتتىرىۋېتىپ، قەھۋە ئىچتى ۋە قەھۋە ئىچكەچ مېيى تېخى قۇرۇمىغان سەھەرلىك گېزىتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

ئوبلونسكىينىڭ يېزىلغىنى لىبېرالىستلارنىڭ — چېكىدىن ئاشقان لىبېرالىستلارنىڭ ئەمەس، كۆپ سانلىقلار قوللايدىغان لىبېرالىستلارنىڭ گېزىتى ئىدى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇ ئىلىم - پەن، سەنئەت، سىياسەت دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا قىزىقمايتتى، ئەمما كۆپ سانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ گېزىتلىرىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرگە تۇتقان قاراشلىرىنى باشتىن - ئاخىر قوللاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار كۆزقاراشلىرىنى ئۆزگەرتسە، ئۇمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۆزگەرتەتتى. توغرىسىنى ئېيتساق، كۆز قارىشىنى ئۇ ئۆزگەرتمەيتتى، بەلكى كۆز قاراشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۆزى بىلىپ - بىلمەي ئۆزگىرىش پەيدا قىلاتتى.

ئوبلونسكىي ئەزەلدىن سىياسىي گۇرۇھ ياكى سىياسىي كۆز قاراشلارنى ئۆزى تاللاپ باققان ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرى ئىزدەپ كېلەتتى، بۇ ئادىتى ئۇنىڭ قۇلاقچىسى بىلەن پەلتوسىنىڭ پاسونىنى زادىلا تاللىمايدىغان، ئۇچىسىغا كىيسىلا ھېساب قىلىدىغان مىجەزىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۆزى تەۋە بولغان يۇقىرى قاتلامدىكىلەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئىدىيىلىرى جانلىنىپ كېتىۋاتقاچقىلا، خۇددى بېشىغا قۇلاقچا لازىم بولغاندەك، ئۇنىڭغىمۇ بىر سىياسىي كۆز قاراش لازىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش كونسېرۋاتىپلارنى تاللىماي لىبېرالىستلارنى تاللىشى لىبېرالىستلار كونسېرۋاتىپلارغا قارىغاندا كۆپ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى لىبېراللىقنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا ماس كېلىدىغانلىقىدىن ئىدى. لىبېرالىستلار رۇسىيىنىڭ ھەممە ئىشىنى ۋەيران بولۇۋاتىدۇ، دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ، ئوبلونسكىيمۇ ئىششەك قەرزگە بوغۇلۇپ قولى قىسقا بولۇپ قېلىۋاتامدۇ؟ لىبېرالىستلار نىكاھ تۈزۈمىنىڭ كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتتى، ئۇنى يېڭىلاش كېرەك، دەپ جار سېلىشاتتى. راست ئەمەسمۇ، ئائىلە تۇرمۇشى ئوبلونسكىيغا قانچىلىك خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى؟ يەنە تېخى ئۇنى ئەسلىي مىجەزىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلدۇرۇپ يالغان سۆزلەشكە مەجبۇرلاۋاتامدۇ؟ لىبېرالىستلار يەنە گەپ ـ سۆزلىرىدىن دىن ياۋايى ئادەملەرنى ئىدارە قىلىسا بولىدۇ، دېگەندىن بېشارەت بېرەتتى، بۇمۇ ئوبلونسكىيغا ياقاتتى. چۈنكى، ئۇ چېركاۋغا بارمىسا بولمايتتى، بارسا قىسقا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىبادەتتىمۇ پۇتلىرى سىرقىراپ چىدىماي قالاتتى. ئۇ يەنە رېئال تۇرمۇش مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك تۇرسا، كىشىلەرنىڭ يەنە نېمىشقا قورقۇنچلۇق ھەم سىرلىق گەپلەر بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەيدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوبلونسكىي ياۋاش ئادەملەرگە چاقچاق قىلىشنى، ئۇلارنى ئەخمەق

قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. مەسىلەن، ئۇ ئەگەر بىز ئەجدادلىرىمىزدىن ماختىنىدىغان بولساق، يۇرىك[1] بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئەجدادى بولغان مايمۇنلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك، دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن لىبېرالىزملىق خاھىش ئۇنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ گېزىتىنى خۇددى تاماقتىن كېيىن سىگارت چەكمىسە بولمايدىغاندەك، ھەر كۈنى ئوقۇپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇ گېزىت ئۇنىڭ كاللىسىدا نېپىز بىر قەۋەت تۇمان پەيدا قىلىپ تۇراتتى. ئۇ گېزىتتىن بىر باش ماقالىنى ئوقۇپ چىقتى. باش ماقالىدە، رادىكالىزم بارلىق كونسېرۋاتىپچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش خەۋپىنى تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت ئىنقىلاب ئاپىتىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك چارىلەرنى قوللىنىشى كېرەك، دېگەندەك چۇقان - سۈرەنلەر كۆتۈرۈلمەكتە. ئەكسىچە، «بىز خەۋپ ئويدۇرۇپ چىقىلغان ئىنقىلاب ئاپىتىدىن ئەمەس، بەلكى تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان جاھىل كونا ئۆرپ - ئادەتلەردىن كېلىۋاتىدۇ، دەپ قارايمىز.» ئۇ مالىيە توغرۇلۇق يېزىلغان يەنە بىر ماقالىنى ئوقۇدى. ماقالىدە بېتتام بىلەن مىللىي[2] توغرىسىدا توختالغان، ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم بىر مىنىستىرلىقى مەسخىرە قىلىنغانىدى. ئوبلونسكىي ئۆزىگە خاس زېرەكلىكى بىلەن ھەرقانداق مەسخىرىلىك ماقالىنى كىملەرنىڭ يازغانلىقىنى، كىملەرگە قارىتىلغانلىقىنى، قانداق مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىلىۋالالايتتى ھەم مۇشۇنداق تەھلىللىرىدىن ئۆزىچە لەززەتلىنىپ كېتەتتى. لېكىن، بۈگۈن ئۇنداق لەززەت ئالالمىدى، چۈنكى ماترىيونانىڭ مەسلىھەتى ۋە ئائىلىسىدىكى

---

① يۇرىك ــ رۇس دۆلىتىنى قۇرغان ئادەم.

② بېتتام (1748 ــ 1832) ــ ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ، قانۇنشۇناس، بۇرژۇئا تۆھپىچىلىرى ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى؛ مىللىي (1806 ــ 1853) ــ ئەنگلىيىلىك مېتافىزك پەيلاسوپ، ئىقتىسادشۇناس، لوگىكشۇناس.

خاتىرجەمسىزلىكنى ئېسىگە ئېلىپ قالغانىدى. ئۇ گېزىتتىن يەنە گراف بېيىستىننىڭ ۋىسبادېنغا كەتكەنلىكى، ئاق چاچنى قارايتقىلى بولىدىغانلىقى، يېنىك بىر پەيتۇننىڭ سېتىلىدىغانلىقى، بىر ياشنىڭ ئۆزىگە جورا تاللىماقچى بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلانلارنى ئوقۇدى. لېكىن، بۇ خەۋەرلەر بىلەن ئېلانلار ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىلىرىگە ئوخشاش لەززەت بەرمىدى، ئازراق يالغانچىلىق ئارىلاشقاندەك تۇيۇلدى.

ئۇ گېزىتنى ئوقۇپ بولۇپ ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئىچتى، بىر پارچە بولكىغا سېرىقماي سۈركەپ يېدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ جىلىتكىسىغا چۈشۈپ قالغان بولكا ئۇۋاقلىرىنى قېقىۋېتىپ، كەڭ كۆكرىكىنى كېرىپ قويۇپ خۇشال كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۆڭلىگە خۇشال بولىدىغان بىرەر ئىش كەلگىنىدىن ئەمەس، بەلكى يېگەن نەرسىلىرىنىڭ ئوبدان ھەزىم بولۇۋاتقانلىقىدىن چىققان كۈلكە ئىدى.

بىراق، بۇ خۇشال كۈلكە بىلەن تەڭ بىردىنلا كۆڭۈلسىز ئىشلىرى ئېسىگە كېلىپ، يەنە چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

ئىشىكنىڭ سىرتىدا ئىككى بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى (ئوبلونسكىي كىچىك ئوغلى گرىشا بىلەن چوڭ قىزى تانيەنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى). ئۇلار نېمىنىدۇر سۆرەپ كېلىۋېتىپ ئاغدۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى.

— مەن ساڭا يولۇچىلارنى پويىزنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ، دەپ ئېيتقانغۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى قىز ئىنگلىز تىلىدا، — ئەمدى ئۇنى ئۆزۈڭ يىغە!

«نېمىشقا باللار بۇنداق قالايمىقان چېپىشىپ يۈرىدۇ، — ئويلىدى ئوبلونسكىي ئىچىدە، — نېمە بولۇپ كەتتى بۇلار.» ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ باللارنى توۋلىدى، باللار پويىز قىلىپ ئويناۋاتقان كىچىك ساندۇقنى تاشلاپ دادىسىغا قاراپ يۈگۈردى.

ئامراق قىزى ئۆيگە دادىل يۈگۈرۈپ كىرىپ دادىسىنى

قۇچاقلىدى، خۇشال كۈلۈپ بويىنىغا ئېسىلدى، ھەر قاچانقىدەك دادىسىنىڭ چېكە چاچلىرىدىن چېچىلىپ تۇرغان تونۇش ئەتىرنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى، ئاخىرىدا دادىسىنىڭ ئېڭىشىپ قىزىرىپ كەتكەن، مېھرىبانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ كەينىگە قاراپ قاچماقچى بولۇپ تۇراتتى، دادىسى قولىدىن تۇتۇۋالدى.

— ئاپاڭ قانداقراق؟ — دېدى ئۇ قىزىنىڭ سىلىق ۋە نازۇك بويىنىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئارقىدىن، — ياخشىمۇسەن! — دېدى ئۆزىگە سالام بېرىۋاتقان ئوغلىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.

ئۇ ئوغلىغا ئۆزىنىڭ ئانچىلا ئامراق ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىپ تۇراتتى. بالا بۇنى سېزەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ سوغۇق كۈلۈمسىرىشىگە جاۋابەن كۈلۈپمۇ قويمىدى.

— ئاپامۇ؟ ئۇ ئورنىدىن تۇردى، — دېدى قىزى جاۋاب بېرىپ.

ئوبلونسكىي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئىچىدە: «بۇ گەپچە، ئۇ بۈگۈن كېچىمۇ ئۇخلىماي چىقىپتۇ - دە» دەپ ئويلىدى.

— ئاپاڭنىڭ چىرايى ئوچۇقمۇ؟

قىز دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ خاپا بولۇشۇپ قالغانلىقىنى، ئاپىسىنىڭ شۇ ئىش ئۈچۈن تۇتۇلۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بۇنى دادىسى بىلىشى كېرەكتىغۇ؟ بىلمەسكە سېلىپ سوراۋاتقىنى يالغان. قىز دادىسىنىڭ بۇ گەپنى يالغاندىن سوراۋاتقىنى ئۈچۈن قىزىرىپ كەتتى، دادىسىمۇ بۇنى شۇئان سېزىپ شاپپىدە قىزاردى.

— بىلمەيمەن، — دېدى قىزى، — ئۇ بىزنى دەرسكە چىقماڭلار، گىيول خانقىز بىلەن موماڭلارنىڭكىگە بېرىپ ئويناپ كېلىڭلار، دېدى.

— بوپتۇ، بېرىڭلار، ئاپئاق قىزىم. ھە راست، توختىغىنا، —

دېدى ئۇ قىزنى توختىتىپ نازۇك قولىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئۇ تام مەشنىڭ ئۈستىدىن تۇنۇگۈن ئېلىپ قويغان بىر قۇتىنى ئالدى ـ دە، ئىچىدىن قىزى ياخشى كۆرىدىغان بىر تال شاكىلات بىلەن بىر تال يۇمشاق كەمپۈتنى ئېلىپ قىزىغا بەردى.

— بۇنى گىرشاغا بېرەيمۇ؟ — سورىدى قىزى شاكىلاتنى كۆرسىتىپ.

— بولىدۇ، بولىدۇ! — دېدى ئۇ قىزىنىڭ مۇرىسىنى يەنە بىر قېتىم سىلاپ قويۇپ. ئاندىن بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ئۇنى مەيلىگە قويۇۋەتتى.

— پەيتۇن تەييار بولدى، — دېدى ماتۋېي، — بىر ئايال ئەرز قىلىپ كەپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ يەنە.

— كەلگىنىگە خېلى بولدىمۇ؟ — سورىدى ئوبلونسكىي.

— يېرىم سائەتتەك بولدى.

— مەن ساڭا، مېنى ئىزدەپ كەلگەنلەر بولسا ماڭا دەررۇ خەۋەر قىل، دەپ قانچە قېتىم ئېيتتىم.

— ئۆزلىرىنى قەھۋەسىنى ئىچىۋالسۇن دېدىم، — دېدى ماتۋېي. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك سىلىق ھەم يېقىملىق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ئۇنى دەررۇ كىرگۈزۈۋەت! — دېدى ئوبلونسكىي ئاچچىقتىن قاپىقىنى تۈرۈپ.

ئەرز قىلىپ كەلگىنى كاپىتان كالىنىننىڭ خوتۇنى بولۇپ، بىجىرىپ بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان ھەم ئەقىلگە سىغمايدىغان تەلەپ بىلەن كەلگەنىكەن. شۇنداقتىمۇ، ئوبلونسكىي ئادىتى بويىچە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، گەپلىرىنى بۆلۈۋەتمەي دىققەت بىلەن تىڭشىدى، كىمگە ۋە قايسى يول بىلەن مۇراجىئەت قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى، ھەتتا ئۆزىنىڭ يوغان، سوزۇنچاق، چىرايلىق ۋە ئېنىق يېزىقى بىلەن بۇ ئايالغا ياردەم بېرەلەيدىغان بىر ئادەمگە قارىتىپ خەتمۇ يېزىپ بەردى. ئوبلونسكىي كاپىتاننىڭ خوتۇننى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن

ئورنىدىن تۇرۇپ شىلەپىسىنى قولىغا ئالدى ۋە بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىمەن دەپ بىردەم تۇرۇۋالدى. ئېسىدىن چىقىرىۋەتكۈسى كېلىپ تۇرىدىغان بىر نەرسىدىن، يەنى خوتۇنىدىن بۆلەك ھېچنېمىسىنى ئۇنتۇماپتۇ.

«ئەستاغپۇرۇللا ! — ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى، چىرايلىق يۈزىنى غەم بۇلۇتلىرى باستى، — كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ؟» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. لېكىن، ئىچىدە بىر نەرسە، كىرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، كىرسەڭ بەربىر كۆز بوياмچىلىقتىن باشقا ئىش بولمايدۇ، ئاراڭلاردىكى مۇناسىۋەتنى تۈزىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمدى سەن خوتۇنۇڭنى بۇرۇنقىدەك ئۇنداق گۈزەل، جەلپكار خوتۇنغا ئايلاندۇرالمايسەن، ئۆزۈڭمۇ ھازىرلا مۇھەببەت ئوتلىرى ئۆچكەن، خوتۇنلارغا قارىمايدىغان بوۋايغا ئايلىنىپ كەتمەيسەن، دەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز بويامچىلىق قىلىش، يالغان گەپ قىلىپ ئادەم ئالداشتىن باشقا چارە يوق ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلىش ئۇنىڭ تەبىئىتىگە زىت كېلەتتى.

«شۇنداقتىمۇ، قاچانلا بولسۇن كىرىدىغان گەپ، بۇنداق ھالەت بىلەن كېتىۋېرىش مۇمكىن ئەمەس» دېدى ئۇ ئۆزىگە مەدەت بېرىشكە تىرىشىپ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى رۇسلاپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى، ئىككىنى شورىۋالغاندىن كېيىن سەدەپ كۈلدانغا بېسىپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، گۈڭگا مېھمانخانىدىن ئۆتۈپ، خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىدىغان يەنە بىر ئىشىكنى ئاچتى.

# 4

ئۈستىگە قىسقا كەمزۇل كىيىۋالغان دوللى ئىشىكى ئوچۇق كىيىم ئىشكاپىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ ئىلگىرىكى

قويۇق، چىرايلىق، ھازىر شالاڭلاپ سەتلىشىپ كەتكەن
چاچلىرىنى ئىلمەكلەر بىلەن يىغىنچاقلاپ گەجگىسىگە
تۈرمەكلەپ قويغانىدى. يۈزى ياداپ، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ
كەتكەن، يۈزىنىڭ ياداڭغۇلۇقىدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى
پىلدىرلاپ قالغانىدى. ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقان، ھەممە يەردە
كىيىم ـ كېچەكلەر چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ كىرىپ
كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ
ئىشىككە قادىلىپ قالدى، چىرايىغا جىددىي ھەم سوغۇق بىر تۈس
بېرىشكە تىرىشىپ باقتى، لېكىن قاملاشتۇرالمىدى. ئۇ ئېرىدىن
قورقاتتى، بولۇپمۇ ھازىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى
قاچۇراتتى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى ئانىسىنىڭكىگە كەتمەكچى
بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەم بالىلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا
باشلىغانىدى، ئۇنىڭغا ئون نەچچە قېتىملاپ تۇتۇش قىلىپ
بېقىپمۇ يەنىلا بىر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ
ئۆتكەن قېتىمقىلارغا ئوخشاش ئۆز ـ ئۆزىگە، ئەمدى بۇنداق
كېتىۋەرسەم بولمايدۇ، بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭ جاجىسىنى
بېرىپ شەرمەندە قىلىشىم، ماڭا سالغان ئەلەملىرىنىڭ
ھېچبولمىغاندا ئازراقى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆچۈمنى ئېلىشىم
كېرەك، دېدى. ئۇ دائىملا، ئۇنىڭدىن نېرى كېتىمەن، دەپ
ئويلايتتى، لېكىن يەنە ئۇنداق قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى
ھېس قىلاتتى، ئۇنى ئېرىم دېمەسلىككە، ياخشى كۆرمەسلىككە
ئۆزىنى پەقەتلا زورلىيالمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بەش بالىسىنى
ئۆيدە باشقۇرۇپ كېتەلىگىنى بىلەن، ئانىسىنىڭكىگە بارغاندا
باشقۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى. ئەنە، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن
ئىچىدىلا كەنجى ئوغلى باشقا بىر نەرسە ئارىلىشىپ قالغان
شورپىنى ئىچىپ قويۇپ ئاغرىپ قالدى، قالغان بالىلىرى
تۈنۈگۈن بىر كۈن ھېچنېمە يېمەي يۈردى. شۇڭا، ئۆيدىن چىقىپ
كېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەتتى، شۇنداق
تۇرۇپمۇ يەنە ئۆزىنى ئۆزى ئالدايتتى، داۋاملىق نەرسىلىرىنى

يىغىشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلىپ كۆرسەتتى.

ئۇ ئېرىنى كۆرۈپلا، خۇددى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قولىنى ئىشكاپنىڭ ئىچىگە سالدى، ئېرى يېنىغا كەلگەندە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئەسلىدە ئۇ كەسكىن، جىددىي ھالەتتە تۇرىمەن، دەپ ئويلىغانىدى، ئېرىنى كۆرۈپلا ئۇ ئالامەتلەر يوق، چىرايىنى بىر خىل ھەسرەت ۋە پەرىشانلىق ئىگىلىدى.

— دوللى ! — دېدى ئېرى قورقۇمسىراۋاتقاندەك تولىمۇ بوش ئاھاڭدا. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئۆزىنى ئىتائەتمەن بىر بىچارىنىڭ قىياپىتىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى، ئەمما چىرايىدا ئۇنداق ئالامەت يوق، بىجىرىم، روھلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دوللى ئۇنىڭ روھلۇق قىياپىتىگە تازا زەن سېلىپ چىققاندىن كېيىن: «ھىم، ئۇ يەنىلا شۇنداق روھلۇق تۇرۇپتۇ، مەنچۇ؟... ئۇنىڭ بۇنداق خۇشخۇي چىرايىنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. باشقىلار تېخى ئۇنى شۇ مىجەزى بىلەن ياخشى كۆرۈشىدىكەن، ماختىشىدىكەن» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى مەھكەم يۇمۇلدى، تاتىرىپ ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتقان يۈزىدىكى ئوڭ مەڭزىنىڭ مۇسكۇللىرى تىترەپ كەتتى.

— سىز نېمە قىلماقچى؟ — دېدى ئۇ كۆكسىدىن ئالدىراپ چىقىۋاتقان يات بىر ئاۋاز بىلەن.

— دوللى ! — دېدى ئوبلونسكىي تىترىگەن ئاۋازدا، — بۈگۈن ئاننا كېلىدىكەن.

— كەلسە مەن قانداق قىلاي؟ مەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقالمايمەن، — دېدى دوللى چاچىلداپ سۆزلەپ.

— ئۇنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەككۇ، دوللى ...

— يوقىلىڭ ! يوقىلىڭ ! يوقىلىڭ ! — ئۇ ئېرىگە قارىماي ۋارقىراپ كەتتى. بۇ ۋارقىراش خۇددى بەدىنىنىڭ بىرەر يېرى ئاغرىۋاتقانلىقتىن قاقشاپ كېتىۋاتقاندەك چىققانىدى.

ئوبلونسكىي بايا خوتۇنىنى ئويلىغان چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان، ماتۋېي ئېيتقاندەك، ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ، تىنچ ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچەلىگەن، گېزىت كۆرەلىگەنىدى. لېكىن، ھازىر خوتۇنىنىڭ ئازاب چەككەن، ھەسرەتكە تولغان چىرايىنى كۆرۈپ، ھەممىنى تەقدىرىدىن كۆرۈپ نالە قىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ نەپىسى بوغۇلغاندەك، نېمىدۇر بىر نەرسە بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولدى.

— ئاھ خۇدا! مەن نېمە قىلدىم! دوللى، خۇدا ھەققىدە مېنى كەچۈرگىن! ... بىلىشىڭ كېرەككى ... — ئۇ يىغىدىن گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

دوللى ئىشكاپنى تاققىدە يېپىپ ئېرىگە قارىدى.

— دوللى، مەن يەنە نېمە دېيەلەيمەن؟ ... بىرلا ئېغىز گەپ: مېنى كەچۈرگىن! مېنى كەچۈرۈۋەتكىن ... ئويلاپ باققىنا، توققۇز يىل بىللە ھايات كەچۈرگىنىمىز مېنىڭ ئاشۇ بىر، ئاشۇ بىر ... ئاشۇ بىر ئىشىمنى كەچۈرۈۋېتىشىڭگە ئەرزىمەمدۇ ...

دوللى بېشىنى يەردىن ئالماي، ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇ ئىشنىڭ بولۇپ باقمىغان ئىش ئىكەنلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشىنى كۈتۈۋاتقاندەك تۇراتتى.

ئوبلونسكىي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شۇ بىر مىنۇتلۇق كۆڭۈل خۇشلۇقىنى دەپ ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا خوتۇنى خۇددى يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بولۇپ، كالپۇكلىرى پۈرۈلۈپ، ئوڭ مەڭزىنىڭ مۇسكۇللىرى يەنە تارتىشىپ كەتتى.

— يوقىلىڭ! كۆزۈمدىن يوقىلىڭ! — ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ چىرقىراپ چىقتى، — كۆڭۈل خۇشلۇقلىرىڭىزنى، بۇزۇقچىلىقلىرىڭىزنى ماڭا سۆزلىمەيلا قويۇڭ!

ئۇ شۇئان ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، تۇيۇقسىز سەندىرەكلەپ كېتىپ دەررۇ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتۇۋالدى. ئوبلونسكىينىڭ يۈزى كۆبجۈپ، كالپۇكلىرى قىڭغىيىپ كەتتى، كۆزلىرىدە لىق ياش ئىدى.

— دوللى! — دېدى ئۇ بىردىنلا يىغلاپ كېتىپ، — خۇدا ھەققىدە بولسىمۇ بالىلارنى ئويلا، ئۇلاردا گۇناھ يوق، گۇناھ مەندە، مېنى قانداق جازالىساڭ مەيلى، گۇناھىمنى يۇيۇشۇمغا يول قوي، قولۇمدىن كېلىدىغانلا بولسا، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن. مەن ئەيىبلىك! گۇناھىمنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. دوللى، مېنى كەچۈرگىن.

دارىيە ئالېكساندروۋنا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالدى. ئوبلونسكىي خوتۇنىنىڭ ھاسىراپ ئېغىر تىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتتى. خوتۇنى بىرنەچچە قېتىم گەپ قىلماقچى بولدى، لېكىن گەپكە ئېغىز ئاچالمىدى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ گېپىنى ساقلاۋاتاتتى.

— سەن بالىلارنى ئەرمەك ئۈچۈنلا ئەسلەيسەن، مەن بولسام ئۇلارنى ئەمدى تۈگىشىپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلايمەن، — دېدى دارىيە ئالېكساندروۋنا ئاخىر گەپكە ئېغىز ئېچىپ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى توختىماي تەكرارلاپ كېلىۋاتقان گېپى ئىدى.

ئۇ ئوبلونسكىينى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش «سەن»لەپ گەپ قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ كەتكەن ئوبلونسكىي ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن قولىنى تۇتۇشقا ئىنتىلىۋىدى، دوللى دەررۇ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— مەن ھازىرغىچە بالىلارنى ئويلاپ كېلىۋاتىمەن، ئۇلارنى ھەر تەرەپتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازىمەن. لېكىن، قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇۋاتىمەن: ئۇلارنى ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ كېتىشىم كېرەكمۇ ياكى بۇزۇق ئاتىسى بىلەن

قالدۇرۇشۇم كېرەكمۇ ... قېنى، ئېيتىڭا، بولغان ... بولغان ئاشۇ ئىشلاردىن كېيىن بىزنىڭ قانداق قىلىپ بىللە ياشىشىمىز مۇمكىن؟ ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارمۇ زادى؟ بىللە ياشىساق بولامدۇ؟ — ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئارقا ـ ئارقىدىن سوراپ تۇرۇۋالدى، — مېنىڭ ئېرىم، بالىلىرىمنىڭ دادىسى ئۆزىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرگەندىن كېيىن ...

— ئەمىسە مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي ئېچىنارلىق بىر ئاۋازدا. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى بىلمەيتتى، بېشى بارغانسېرى پەسكە ساڭگىلاپ كېتىۋاتاتتى.

— مەن سەندىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇم، ساڭا شۇنچىلىك ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى دوللى بارغانسېرى غەزىپى تېشىپ، — سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقىنى ياش ئەمەس، بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان سۇ! سىز مېنى ھېچقاچان ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، سىزدە ۋىجدان دەيدىغان نەرسە يوق. سىز نومۇسسىز، ئىپلاس ئادەمسىز! سىزدىن تويدۇم. سىز بىز ئۈچۈن يات، پۈتۈنلەي يات ئادەم! — ئۇ ئۆزى ئۈچۈنمۇ قورقۇنچلۇق ئاڭلىنىدىغان «يات ئادەم» دېگەن گەپنى ئەلەم ۋە غەزەپ ئىچىدە دەپ سالدى.

ئوبلونسكىي خوتۇنىغا قاراپلا قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەزەپ ۋە نەپرەت ئۇنى ھەيران قالدۇرۇۋاتاتتى ھەم قورقۇنچقا سېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقان ئادەمگە نېمە ئۈچۈن بۇنچىلا ئۆچلۈك قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. دوللى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىچ ئاغرىتىشتىن بۆلەك مۇھەببەت دېگەن نەرسىنىڭ يوقلۇقىغا ئاچچىقى كېلەتتى. «ياق، ئۇ مېنى يامان كۆرىدۇ، مېنى كەچۈرمەيدۇ» دەپ ئويلايتتى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ خىيالىدىكىنى بىلمەي.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق! —

دەپ ۋايساپ كەتتى ئۇ.

شۇ ئارىلىقتا ياندىكى ئۆيدىن بىر بالىسىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بالا يىقىلىپ چۈشكەن بولسا كېرەك. دوللى يىغىغا قۇلاق سېلىپ، بىردىنلا مۇلايىملىشىپ قالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەي قېلىۋاتقاندەك بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

«ئۇ يەنىلا مېنىڭ باللىرىمنى ياخشى كۆرىدىكەن، — دەپ ئويلىدى ئوبلونسكىي بايا بالىنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلانغاندا خوتۇنىنىڭ چىرايىنىڭ بىردىنلا ئۆزگەرگىنىگە قاراپ، — ئۇ مېنىڭ باللىرىمغا كۆيۈنىدىغان تۇرسا، ماڭا قانداقلارچە ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ.»

— دوللى، ساڭا دەيدىغان يەنە بىر ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى، — دېدى ئۇ خوتۇنىنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ.

— ئەگەر سىز كەينىمدىن چىقمىدىكەنسىز، چاكارلار بىلەن باللارنى چاقىرىمەن! سىزنىڭ نومۇسسىز ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇلارمۇ بىلسۇن. مەن بۇ يەردىن بۈگۈن كېتىمەن، بۇ ئۆيدە سىز ئوينىشىڭىز بىلەن تۇرۇڭ!

دارىيە ئالېكساندروۋنا ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ئوبلونسكىي ئېغىر بىر خورسىنىپ قويۇپ، قولى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈۋەتتى، ئاندىن بوش دەسسەپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

«ماتۋېي ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، دېگەنىدى، قانداق قىلسام ئوڭشىلىدىغاندۇ؟ مەن ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى قىلچە كۆرمىدىم. مېنى تازىمۇ نەس باستىغۇ! ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنىڭ قوپاللىقىنى كۆرمەمدىغان، — دېدى ئۇ خوتۇنىنىڭ ۋارقىراشلىرىنى، «نومۇسسىز»، «ئوينىشىڭ» دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆز - ئۆزىگە، — ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىنى ئۆيدىكى ئايال چاكارلارمۇ ئاڭلىغاندۇ، ھەرقاچان! نېمىدېگەن ياۋايىلىق،

نېمىدېگەن مەدەنىيەتسىزلىك بۇ.» ئۇ بىرنەچچە سېكۇنت يالغۇز تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، چوڭقۇر تىنىۋالغاندىن كېيىن گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

جۈمە كۈنى ئىدى، سائەتچى نېمىس تاماقخانىدا سائەتنى بۇراۋاتاتتى. ئوبلونسكىي بۇ ئەستايىدىل، ياغاقباش سائەتچى توغرىسىدا چاقچاق قىلىپ، بۇ نېمىس «سائەتنى بۇراش ئۈچۈن ئۆزىنىمۇ ئۆمۈرۋايەت بۇراپ تۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ كۈلۈپ كەتتى. «ئىشلار بەلكىم ئوڭلىنىپمۇ كېتەر! ئوڭلىنىپمۇ كېتەر، دېگەن بۇ سۆز نېمىدېگەن جايىدا دېيىلگەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — گەپ دېگەننى ئاشۇنداق قىلىش كېرەك.»

— ماتۋېي! — چاقىردى ئۇ ماتۋېينى، — مارىيە بىلەن چىقىپ دەم ئېلىش ئۆيىنى ئاننا ئاركادىيېۋنانىڭ يېتىپ - قوپۇشى ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇڭلار.

— ئوبدان، بېگىم.

ئوبلونسكىي جۇۋىسىنى كىيىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

— تاماقنى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ يەملا؟ — سورىدى ماتۋېي ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقىپ.

— ناتايىن. مە، خىراجەتكە ئىشلەت! — ئۇ ھەمىيىنىدىن ئون رۇبلى چىقىرىپ ماتۋېيغا بەردى، — يېتەمدۇ؟

— يەتسۇن - يەتمىسۇن، بارىچە ئىشلىتىمىز، — دېدى ماتۋېي پەيتۇننىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېتىپ، ئاندىن كەينىگە داجىپ پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىگە چىقتى.

دارىيە ئالېكساندروۋنا بالىسىنى بەزلەپ ئولتۇراتتى، پەيتۇن چاقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ھۇجرىسىدىن چىقسىلا ئۇنى بىر تالاي ئىشلار بېسىۋالاتتى، شۇڭا ئۇ يەر ئۇنىڭ بىردىنبىر پاناھگاھى بولۇپ قالغانىدى. بايا ئۇ بالىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىۋىدى، ئىنگلىز بالا باققۇچى ئايال بىلەن ماترىيونا شۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭغا، بالىلارنى سەيلىگە قانداق كىيىملەر بىلەن ئاپىرىمىز؟ سۈت بېرەيلىمۇ -

بەرمەيلىمۇ؟ باشقا بىر ئاشپەز تېپىپ كېلىمىزمۇ، دېگەندەك كېچىكتۇرۇپ بولمايدىغان، پەقەت ئۇلا جاۋاب بېرەلەيدىغان سوئاللارنى ياغدۇرۇۋېتىشكەندى.

— مېنى ئارامىمدا قويساڭلارچۇ! — ئۇ شۇنداق دەپلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە بايا ئېرى بىلەن پاراڭلاشقان چاغدا ئولتۇرغان ئورنىغا كېلىپ، ئۇزۇكلىرى چۇشۇپ قالاي دەپ قالغان جۇدەڭ بارماقلىرىنى مەھكەم سىقىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى باشتىن - ئاياغ ئەسلەپ چىقتى. «ئۇ كەتتى. ئۇ زادى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنمىدۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — يا ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشۈپ تۇرامدىغاندۇ؟ بايا نېمىشقا مۇشۇ ئىشنى سورىمىدىم؟ ياق، ياق، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىش مۇمكىن ئەمەس! گەرچە بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ، بىر - بىرىمىزگە يات ئادەملەر بىز، ئۆمۈرۋايەت شۇنداق بولىدۇ! — دېدى ئۇ ئۆزى ئۆچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان ئۇ سۆزنى تەكرارلاپ، — مەن ئۇنى قانداق ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭغا قانداق ئامراق ئىدىم! ... شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىمغۇ! ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەنمۇ؟ ياق، ھازىرمۇ ئۇنى بۇرۇنقىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىمەنغۇ؟ ئەڭ قورقۇنچلۇقى ...» ئىشىكتىن ماترىيونانىڭ بېشى كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى.

— خانىم، ئاكامنى چاقىرىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتسىلىمىكىن، — دېدى ئۇ، — ئۇ تاماق ئېتىشكە ئۇستا. مۇنداق كېتىۋەرسەك باللار تۇنۇگۇنكىدەك يەنە سائەت ئالتىگىچە غىزاسىز قالىدۇ.

— ماقۇل، مەن ھازىر چىقىپ ئادەم ئەۋەتەي، يېڭى سۈتكە ئادەم ئەۋەتتىڭلارمۇ؟

شۇنداق قىلىپ، داريە ئالېكساندروۋنا يەنە كۈندىلىك تىرىكچىلىك بىلەن بولۇپ كەتتى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ دەردىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇلدۇردى.

# 5

ئوبلونسكىي كىچىكىدە خېلى زېرەك بالا ئىدى، مەكتەپتە يامان ئەمەس ئوقۇيتتى. بىراق، ھۇرۇن ھەم ناھايىتى كەپسىز بولغاچقا، مەكتەپ پۈتكۈزگەندە ھەممە پەنلەردىكى نەتىجىلىرى ئارقىدا بولۇپ قالدى. تۇرمۇشتا شاللاقراق بولغاچقىمۇ، كېيىن ئىشلىگەن يېرىدە يۇقىرى مائاش ئالالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن موسكۋادىكى مائاشى يۇقىرى، خېلى نامى بار بىر ئىدارىگە يۆتكىلىپ، ئۇ يەرگە باشلىق بولدى. ئۇ بۇ ئورۇننى سىڭلىسى ئاننانىڭ ئېرى ئالېكسېيي ئالېكساندروۋىچ كارېنىن ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەنىدى. كارېنىن بىر مىنىستىرلىقنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىنىڭ بىرىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، ئوبلونسكىي باشلىق بولغان ئىدارە شۇنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. ئۇنى بۇ ئورۇنغا كارېنىن تەيىنلىمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ نۇرغۇن تۇغقانلىرى — بىر نەۋرە ئاكا - ئىنىلىرى، ئاچا - سىڭىللىرى، تاغىلىرى، ھاممىلىرى، چوڭ دادىلىرى ئارقىلىقمۇ شۇ ئورۇنغا ئىگە بولالايتتى ياكى يىللىق مائاشقا ئالتە مىڭ رۇبلىچە پۇل ئالالايدىغان خىزمەتنى تاپالايتتى. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مائاش ئېلىش زۆرۈر ئىدى، چۈنكى خوتۇنىنىڭ مال - مۈلكى يېتەرلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى چاتاق ئىدى.

ئوبلونسكىينىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى، موسكۋا بىلەن پېتېربۇرگنىڭ يېرىم ئادىمى بىلەن تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئىناۋەتلىك بىر مۆتىۋەرنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، قېرى دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۇلپەتلىرى ئىدى، ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپلا بىلىشەتتى؛ يەنە

ئۇچتىن بىر قىسمى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاغىنىلىرى، تونۇشلىرى ئىدى. دېمەك، بۇ دۇنيانىڭ ئورۇن ـ مەنسەپ، ئىجارە، كونسېپسىيە دېگەندەك ھوقۇقلۇق ئورۇنلىرىنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دوستلىرى ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئاغىنىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭغا كۆپىرەك پايدا تېگىدىغان ئورۇن ئالىمەن دەپ ئۆزىنى ئۇنچىلىك ئۇرۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، پەقەت ئىشلاردا جاھىللىق، ئۆزۈمچىللىك، ئىچى تارلىق قىلمىسا، بىر ئىشلارغا ئورۇنسىز ئاچچىقلانمىسا، كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش ـ تالاش قىلمىسىلا بولاتتى. ئۆزى ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا، بۇنداق ئىشلارنى ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەرى، سىزگە ئۆزىڭىز تەلەپ قىلغان مىقداردا ھەق تۆلىنىدىغان ئورۇن بېرىلمەيدۇ، دەپ قالسا، بۇ گەپ ئۇنىڭغا كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ باشقىلاردىن تەلەپ قىلىدىغان ئالاھىدە تەلىپى يوق ئىدى، ئۆز قۇرداشلىرىغا قانچىلىك مائاش بېرىلىۋاتقان بولسا، پەقەت شۇنچىلىكلا نەرسىگە ئېرىشىشنى خالايتتى، ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتا ھېچكىمدىن قېلىشمايتتى.

ئوبلونسكىينى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئاق كۆڭۈللۈكى، خۇشچاقچاقلىقى، راستچىللىقى، ئىشەنچلىكلىكى بىلەن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ قاملاشقان، ساغلام بەستى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، قاپقارا قاشلىرى، چاچلىرى، ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل مەڭزىلىرىدە ھەرقانداق ئادەم كۆرسە ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان بىر خىل جىسمانىي جەلپكارلىق مەۋجۇت ئىدى. «ھەي، ستىۋا! ئوبلونسكىي! ئۇ كېلىۋاتىدۇ!» ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كىملا كۆرسە ئەنە شۇنداق خۇشال توۋلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان پاراڭلاردا ئۇنچىلا خۇشال بولۇپ كەتكۈدەك بىرەر نەرسە بولمىسىمۇ، ئەمما ئەتىسى، ئۆگۈنى، ئىندىنى ئۇچرىشىپ قالسىمۇ، ئۇنى كۆرگەندە

ئوخشاشلا خۇشال بولۇشاتتى.

ئوبلونسكىينىڭ موسكۋادىكى ئاشۇ مەھكىمىدە مەنسەپ تۇتۇپ تۇرغىنىغا ئۈچ يىل بولۇپ قالدى، شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇ خىزمەتداشلىرى، قول ئاستىدىكىلىرى، باشلىقلىرى ۋە ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشكەن بارلىق ئادەملەرنىڭ قوللىشىغا، ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلدى. ئوبلونسكىينىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ بۇنداق ئورتاق ھۆرمىتىگە ئېرىشىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى بىلەتتى، كىشىلەرگە كەڭ قورساق ئىدى؛ يەنە بىرى، ئۇ لىبېراللىقنى گېزىتلەردىن ئۆگەنگەن ئەمەس، ماھىيىتىدىنلا شۇنداق ئىدى، شۇڭا ئاشۇ خىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن بارلىق كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرى، ئۇنۋانلىرىدىن قەتئىينەزەر، بىر خىل مۇئامىلە قىلاتتى؛ ئۈچىنچىسى ھەم ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە بىپەرۋا ئىدى، بەكمۇ بېرىلىپ كەتمەيتتى ۋە خاتالىقمۇ ئۆتكۈزمەيتتى.

ئوبلونسكىي ئىدارىسىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىززەتچان ئىشىك باقارنىڭ ھەمراھلىقىدا سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئۆزىنىڭ كىچىكرەك ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە كىيىملىرىنى خىزمەت كىيىملىرىگە ئالماشتۇرۇپ، چوڭ زالدىكى خىزمەتخانىغا چىقتى. كاتىپلار بىلەن خىزمەتچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىشىپ تۇردى. ئوبلونسكىي ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېتىۋېتىپ ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى، ئۇلار بىلەن پەردىشەپ ئىچىدە بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچاقلىشىپ قويۇپ ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئىشلىگەندە ئاز ـ تولا ئەركىنرەك ھەم ئىختىيارىيراق بولغاندا، قائىدە بويىچە ئىش قىلغاندا، كۆڭۈللىكىنىڭ ئازادە ئولتۇرۇپ ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنى ئوبلونسكىي باشقىلاردىن ياخشىراق چۈشىنەتتى. كاتىپ باشقا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش خۇشال ۋە

ھۆرمەت بىلەن ھۆججەتلەرنى كۆتۈرۈپ كىلىپ، ئوبلونسكىي ئادەتلەندۈرگەن تەكەللۇپسىز گەپ قىلىش ئادىتى بويىچە تولىمۇ قىزغىن تەلەپپۇزدا دىدى:

— بىز ئاخىر پىنزا ئۆلكىسىنىڭ دوكلاتىنى ئالدۇق، مۇشۇ شۇ، كۆرۈپ باقامسىز...

— ئاخىر ئالدىڭلارمۇ؟ — دىدى ئوبلونسكىي بىر بارمىقى بىلەن ھۆججەتنىڭ ئۈستىدىن بىسىپ تۇرۇپ، — خوش، جانابلار ...

خىزمەت ئەنە شۇنداق باشلىنىپ كەتتى.

«ئۇلار باشلىقىنىڭ يىرىم سائەتتىن ئىلگىرى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك بالىدەك بىچارە ھالەتتە تۇرغانلىقىنى بىلمەيدۇ - دە !» ئۇ كاتىپى ئوقۇپ بىرىۋاتقان دوكلاتنى ئاڭلىغاچ ئىچىدە ئاشۇنداق ئويلىدى، ئەمما چىرايىدىن كۈلكە كەتمىدى. خىزمەت سائەت ئىككىگىچە داۋاملىشىپ، ئاندىن دەم ئىلىش بولاتتى، تاماققىمۇ شۇ چاغدا چىقاتتى.

سائەت تىخى ئىككى بولمىغانىدى، زالنىڭ يوغان ئەينەك ئىشىكى تۇيۇقسىز ئىچىلىپ بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. چار پادشاھنىڭ سۈرىتى بىلەن ئىگىز تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئاستىدا ئىشلەپ ئولتۇرغان بارلىق خىزمەتچىلەر خۇددى ئازراق بولسىمۇ، ئازادىرەك ئولتۇرۇۋىلىشنىڭ پۇرسىتى يىتىپ كەلگەندەك خۇشال بولۇشۇپ، ھەممىسى بىردەك ئىشىككە قاراشتى. لىكىن، ئىشىككە قارايدىغان ئادەم شۇئان ئۇ ئادەمنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋىتىپ ئىشىكنى يىپىۋالدى.

كاتىپ دوكلاتنى ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن، ئوبلونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كىرىلىۋالدى ۋە شۇ چاغلارنىڭ لىبىراللىق ئىستىلى بويىچە، يىنىدىن بىر تال تاماكا ئىلىپ ئۆزىنىڭ كىچىك ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. كونا خىزمەتداشلىرىدىن نىكىتىن بىلەن گرىنىيوۋىچمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىشتى.

— تاماق يەپ بولغاندىن كىيىن ئىشلەپ تۈگىتىۋىتىمىز، —

دېدى ئوبلونسكىي.
— شۇنداق، تۇگىتىۋېتىمىز! — دېدى نىكىتىن ئۇنىڭ سۆزىگە ياندايلا.
— بۇ فومىن دېگەن ئۇچىغا چىققان ئالدامچى، — دېدى گرىنېيوۋىچ ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان دېلو بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئادەم توغرۇلۇق سۆزلەپ.
گرىنېيوۋىچنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئوبلونسكىينىڭ بەك بالدۇر ھۆكۈم چىقارماسلىق كېرەك، دېگەندەك قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئەمما بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.
— بايا كىرگەن ئادەم كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىشىكباقاردىن.
— جانابلىرى، كۆرسىلە، بىر پەسكە دىققىتىم چالغىپ قاپتىكەن، بىرى مەندىن سوراپمۇ قويماي ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. سىلى بىلەن كۆرۈشەتتىم دېۋىدى، خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشكەندە ئاندىن كۆرۈشەلەيسەن، دېدىم.
— قېنى ئۇ؟
— ھېلىلا مەشەدە يۈرەتتى، دالانغا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ھە، ئەنە، ئاشۇ شۇ، — دېدى ئىشىكباقار بەقۇۋۋەت، گەۋدىسى كەڭ، بۇدۇر ساقاللىق بىر كىشىنى كۆرسىتىپ.
ئۇ ئادەم بېشىدىن قۇلاقچىسىنى ئالماي، پەلەمپەينىڭ يۇچۇلۇپ كەتكەن خىشلىرىنى دەسسەپ يەڭگىل قەدەم بىلەن چىقىپ كەلدى. ھۆججەت خالتىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ئورۇق بىر خىزمەتچى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ توختاپ قالدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىككى پۇتىغا قاراپ قالدى، ئاندىن ئوبلونسكىيغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى.
ئوبلونسكىي پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە ئۇ ئادەمگە قاراپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇپ، خىزمەت چاپىنىنىڭ كەشتىلىك ياقىسىدىن چىقىپ تۇرغان بېشى ئاستىدىكى يۈزى

خۇشاللىقتا نۇرلىنىپ كەتتى.

— ھوي، سەنمىدىڭ! ئاخىر كەپسەن - دە، لېۋىن! — ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان لېۋىنغا قاراپ دوستلارچە ۋە مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۇلۇمسىرەپ قويدى، — قانداق قىلىپ بۇ نەس باسقان يەرگە مېنى ئىزدەپ كەلدىڭ - ھە؟ — دېدى ئوبلونسكىي دوستىنىڭ قولىنى سىقىپ كۆرۈشۈش بىلەن قانائەتلەنمىگەندەك ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ، — كەلگىنىڭگە ئۇزاق بولدىمۇ؟

— يېڭىلا كېلىشىم، سېنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلدى، — دېدى لېۋىن تارتىنىپراق ھەم غەزەپ بىلەن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ.

— ئىشخانامغا كىرەيلى، — دېدى ئوبلونسكىي بۇ دوستىنىڭ غۇرۇرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ھەم ئاسانلا ئاچچىقى كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئىتتىكلا. ئاندىن ئۇنى خۇددى خەتەرلىك بىر يەردىن ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك قولىدىن يېتىلەپ ماڭدى.

ئوبلونسكىي ئاتمىش ياشلىق ئادەم ياكى يىگىرمە ياشلىق يىگىت بولامدۇ، ئارتىس ياكى ۋەزىر بولامدۇ، سودىگەر ياكى گېنېرال بولامدۇ، ھەممىسىنى «سەن»لەپ گەپ قىلاتتى، شۇڭا يۇقىرى، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە دوستلىرى كۆپ ئىدى. ئەگەر بۇ ئىككى تەبىقىدىكى كىشىلەر ئوبلونسكىي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولسا ھەيران قېلىشلىرى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مەيلى كىم بىلەن بولسۇن، بىللە ئولتۇرۇپ شامپان ئىچكەن ھەم ئىچىشكەن بولسا ھەممىسىنى «سەن» لەيتتى. قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقانلار بىلەن بىر يەردە تۇرغاندا، ئاشۇنداق يۈز - خاتىرىنى بىلمەيدىغان «سەن» لىشىدىغانلىرى — ئۇ نۇرغۇن ئاغىنىلىرىنى چاقچاق قىلىپ ئاشۇنداق ئاتايتتى — بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۆزىنىڭ چېۋەرلىكى بىلەن قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاچچىقىنى باسالايتتى. لېۋىن يۈز - خاتىرىنى بىلمەيدىغان «سەن»لىشىدىغانلىرىدىن

ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئوبلونسكىي سەزگۈرلۈكى بىلەن لېۋىننىڭ، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئىككىمىزنىڭ يېقىنلىقىمىزنى بىلدۈرگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ ھەرقاچان دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، دېگەندەك، ئۇنى ئىتتىك ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ماڭدى.

لېۋىن بىلەن ئوبلونسكىي قۇرداش ئىدى، بىر - بىرىنى «سەن»لىشەتتى، ئۇلارنىڭ «سەن»لىشىشلىرى بىللە شامپان ئىچىشكەن سەۋەبتىن ئەمەس ئىدى. لېۋىن كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاغىنىسى ئىدى، ئىككىسىنىڭ مىجەزلىرى، قىزىقىشلىرى ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن دوستلۇقى يەنىلا شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىدى. ئەمما، ئۇلار يەنە قىلىدىغان ئىشلىرى ئوخشىمايدىغان، قارشى تەرەپنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئاغزىدا قوللىغان بىلەن، ئىچىدە يامان كۆرىدىغان ئادەملەرگىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى بىردىنبىر توغرا ھايات، قارشى تەرەپنىڭكىنى بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھايات، دەپ ئويلىشاتتى. ئوبلونسكىي لېۋىننى كۆرگەندە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ قويۇشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى. ئۇ لېۋىننىڭ موسكۋاغا نۇرغۇن قېتىم كەلگەنلىكىنى، يېزىدا دائىم ئالدىراشلا يۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما نېمىگە شۇنچە ئالدىراش ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەيتتى ھەم ئۇنىڭغا زادىلا قىزىقمايتتى. لېۋىن ھەر قېتىم موسكۋاغا كەلسە، قورۇنۇش ھەم ھودۇقۇش، ھاياجان ئىچىدە يۈرەتتى ھەم ئۆزىنىڭ قورۇنۇپ يۈرۈشلىرىگە ئاچچىقىمۇ كېلەتتى، ھەر خىل شەيئىلەرگە قارىتا ئادەم ئويلاپ باقمىغان يېڭى بىر خىل قاراشلاردا بولاتتى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھالەتلىرىنى مەسخىرە قىلاتتى ھەم ئۇنىڭغا ھەۋەسمۇ قىلىپ قالاتتى. ئوخشاشلا، لېۋىنمۇ ئاغىنىسىنىڭ ئاشۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن خىزمىتىنى ياراتمايتتى، ئۇ قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان خىزمەت، دەپ

زاڭلىق قىلاتتى. ئوخشىمايدىغان بىرلا يېرى، ئوبلونسكىي ئادەتتىكى كىشىلەر قىلىدىغان ئىشنى قىلاتتى، كۈلكىسى تەبىئىي ھەم سەمىمىي ئىدى، لېۋىن بولسا ئۇنىڭدەك ئۇنداق تەبىئىي كۈلمەيتتى، بەزىدە ئاچچىقى كېلىپ قالاتتى.

— بىز سىزنى خېلىدىن بېرى كۈتۈۋاتاتتۇق! — ئوبلونسكىي سۆزلەپ ماڭغاچ ئىشخانىسىغا كىردى ۋە شۇندىلا خۇددى خەتەردىن ئۆتۈپ كەتتۇق، دېگەندەك قىلىپ، لېۋىننىڭ قولىنى قويۇۋەتتى، — كەلگىنىڭگە بەكمۇ خۇش بولدۇم، بەكمۇ خۇش بولدۇم، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئېيتە، ئەھۋالىڭ قانداق؟ ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ قاچان كەلدىڭ؟

لېۋىن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرمەي، ئوبلونسكىينىڭ ئىككى خىزمەتدىشىغا، بولۇپمۇ ناھايىتى ئەدەپلىك كۆرۈنىدىغان گرىنيوۋىچنىڭ ئۇزۇن ۋە ئاپئاق بارماقلىرىغا، ئۇچى ئازراق ئېگىلگەن ئۇزۇن سارغۇچ تىرناقلىرىغا، كۆڭلەكنىڭ يەڭلىرىدىكى يوغان، پارقىراپ تۇرغان تۈگمىلىرىگە قاراپلا قالدى. ئەتىمالىم، بۇ نەرسىلەر لېۋىننىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنى ئەركىن پىكىر قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسا كېرەك. ئوبلونسكىي ئۇنىڭدىكى بۇ ھالەتنى دەررۇ سېزىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ھە راست، سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى ئۇ، — بۇ ئىككىيلەن مېنىڭ خىزمەتداشلىرىم، ئىسمى فىلىپ ئىۋانوۋىچ نىكىتىن، مىخائىل ستانىسلاۋىچ گرىنيوۋىچ، — ئارقىدىن ئۇ لېۋىنغا يۈزلىنىپ، — بۇياق يەرلىك ئاپتونومىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونومىيە جەمئىيىتىنىڭ يېڭى خادىمى، بىر قولى بىلەن بەش پۇت① ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى كۆتۈرەلەيدىغان تەنھەرىكەتچى، ئوۋچى، چارۋىچى ھەم مېنىڭ دوستۇم كونستانتىن دمىترىيچ لېۋىن، سېرگېي ئىۋانوۋىچ كوزنىشېفنىڭ ئىنىسى، — دەپ تونۇشتۇردى.

① بىر پۇت 16.38 كىلوگرامغا تەڭ.

— سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا تولىمۇ خۇشالمەن ! — دېدى ئۇ بوۋاي.

— مەن سىزنىڭ ئاكىڭىز سېرگېي ئىۋانوۋىچ بىلەن تونۇشۇش شەرىپىگە ئىگىمەن، — دېدى گرىنيوۋىچ تىرناقلىرى ئۇزۇن ئىنچىكە قولىنى ئۇنىڭغا سوزۇپ.

لېۋىن قاپاقلىرى تۈرۈلگەن هالدا ئۇنىڭ قولىنى سىقتى ـ دە، ئاندىن دەررۇ ئوبلونسكىيغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن رۇسىيىگە تونۇلغان ئانا بىر، ئاتا باشقا يازغۇچى ئاكىسىنى بەك هۆرمەتلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كونستانتىن لېۋىن دەپ ئەمەس، بەلكى مەشهۇر يازغۇچى كوزنىشېفنىڭ ئىنىسى دەپ تونۇشتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن خاپا ئىدى.

— ياق، مەن هازىر يەرلىك ئاپتونومىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئەمەس، ھەممىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇ جەمئىيەتكە قاتناشماس بولدۇم، — دېدى ئۇ ئوبلونسكىيغا قاراپ.

— شۇنچە تېزمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي كۈلۈپ، — بۇ قانداق ئىش؟ نېمە سەۋەب بىلەن؟

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن، ساڭا كېيىنرەك سۆزلەپ بېرەي، — دېدى لېۋىن. ئەمما، شۇنداق دەپ قويۇپ ئىختىيارسىز يەنە سۆزلەپ كەتتى، — قىسقىراق سۆزلىسەم، ئۇ جەمئىيەتنىڭ قىلىدىغان ئىشى يوق هەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس جەمئىيەت ئىكەنلىكىگە كۆزۈم يېتىپ قالدى، — ئۇ خۇددى هازىرلا بىرى ئۆزىنى رەنجىتىپ قويغاندەك ئاچچىقى بىلەن سۆزلەپ كەتتى، — بىر تەرەپتىن، ئۇ جەمئىيەت پارلامېنتنىڭ ئويۇننى ئويىنىغىلى تۇردى. مەن ئويۇننى ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىشىپ بېرىدىغانغا يا ياش ئەمەس ئىكەنمەن، يا قېرى ئەمەس ئىكەنمەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە (ئۇ سەل كېكەچلەپ قالدى) ئۇ جەمئىيەت بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ پۇل توپلاش ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىلگىرى نازارەت ئورۇنلىرى، سوت

مەھكىمىلىرى بار ئىدى، ھازىر بۇ جەمئىيەت پەيدا بولۇپ، ئاشكارا پارا ئالمىسىمۇ، ئەمما ئايلىق مائاش، دەپ تۇرۇپ ئېلىۋاتىدۇ، — ئۇ خۇددى بىرى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى.

— ھا - ھا ! قارىشىمچە، سەن يەنە ئۆزگىرىپ كېتىپسەن، كونسېرۋاتىپلاردىن بولۇپ قاپسەن، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭغا قاراپ، — بولدى، بۇ ئىشلار توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەيلى.

— بوپتۇ، كېيىن سۆزلىشەيلى. سېنى مەن بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەن، — دېدى لېۋىن، ئارقىدىن گرىنىيوۋىچنىڭ قولىغا يىرگىنچ بىلەن قاراپ قويدى.

ئوبلونسكىي بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى.

— سەن ئىككىنچى ياۋروپاچە كىيىم كىيمەيمەن، دېگەندەك قىلىۋېدىڭغۇ ؟ — دېدى ئوبلونسكىي لېۋىننىڭ ئۇچىسىدىكى فرانسۇز تىككۈچى تىككەن يېڭى كىيىملەرگە قاراپ قويۇپ، — بوپتۇ، بۇمۇ مېنىڭچە يېڭى ئۆزگىرىش.

لېۋىن بىردىن قىزىرىپ كەتتى. بۇ چوڭلاردا بولىدىغان ئازراق قىزىرىش ئەمەس، باللاردا بولىدىغان گەدەنگىچە قىزىرىش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈزىنىڭ تۆۋەنلىكىگە كۈلگۈسى كەلگەندەك بولۇپ تېخىمۇ قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئەگەر باشقىلار بولمىغان بولسا يىغلىۋېتىدىغاندەكمۇ قىلىپ تۇراتتى. ئەقىللىق ۋە ئەرلەرگە خاس چىرايى باللارچە قىياپەتتە شۇنچىلىك غەلىتە كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ئوبلونسكىي ئۇنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دەپ، دەررۇ باشقا ياققا قارىۋالدى.

— ئىككىمىز نەدە پاراڭلاشساق بولار؟ ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى، — دېدى لېۋىن.

ئوبلونسكىي سەل ئويلىنىپ قېلىپ، ئاندىن:

— مۇنداق بولسۇن، ئىككىمىز گۈرىنىڭكىگە بېرىپ چۈشلۈك تاماقنى شۇنىڭكىدە يەيلى. تاماق يېگەچ

پاراڭلاشمامدۇق، سائەت ئۈچكىچە بىكارمەن، — دېدى.
— ياق، — دېدى لېۋىن سەل ئويلىنىپ قېلىپ، — مېنىڭ يەنە بىر بارىدىغان يېرىم بار.
— ئەمىسە كەچلىك تاماقنى بىللە يەيلى.
— كەچلىك تاماقنى دەمسەن؟ مېنىڭ ساڭا دەيدىغان ئالاھىدە گېپىممۇ يوق، سورايدىغان بىر ـ ئىككى ئېغىزلا گېپىم بار، قالغان گەپلەرنى كېيىن دېيىشمەيمىزمۇ.
— ئەمىسە ئاشۇ ئىككى ئېغىز سۆزۈڭنى ھازىرلا دېگىن، كەچلىك تاماقتا باشقا پاراڭلارنى سېلىشىمىز.
— دەيدىغان باشقا ئالاھىدە گەپمۇ يوق، مۇنداق بىر گەپ ئىدى ...
ئۇنىڭ چىرايى تارتىنىشتىن سەل ئوڭايسىزلىنىۋاتقاندەك كۆرۈندى.
— شېرباتسكىيلارنىڭ ئائىلىسى ھازىر قانداقراق؟ باشقا يېڭى ئەھۋاللار يوقتۇ؟ — دېدى ئۇ.
ئوبلونسكي لېۋىننىڭ قېينىسىڭلىسى كىتىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتى، شۇڭا سۇس كۈلۈمسىرەپ قويدى، كۆزلىرىدە بىر خىل شوخ تەبەسسۇم ئويناپ كەتتى.
— سېنىڭ سورايدىغىنىڭ مۇشۇ ئىككى ئېغىزلا سۆز بولسا، بۇ سۆزۈڭگە مەن ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن جاۋاب بېرەلىسەيتتىم، بولالمايمەن، چۈنكى ... خاپا بولماي ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرغىن ...
كاتىپ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ھۆرمەت ۋە باشقا ھەر قانداق كاتىپقا ئوخشاش ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشلىقىغا قارىغاندا ياخشى بىجىرىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ بىلەن ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر ھۆججەتنى ئوبلونسكىينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، يولىيورۇق سورىغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭغا قىيىنچىلىقلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپلا كەتتى. ئوبلونسكي ئۇنىڭ سۆزىنىڭ

تۈگىشىنى كۈتمەيلا، قولىنى ئۇنىڭ يېڭى ئۈستىگە قويۇپ:

— ياق، سىز مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىڭ! — دېدى كۈلكىسى بىلەن تەلەپپۇزىنى يۇمشىتىشقا تىرىشىپ. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشىنى ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ ھۆججەتنى ياپتى، — مەن دېگەندەك قىلىسىڭىز بولىدۇ، زاخار نىكىتىچ.

كاتىپ ئازراق خىجالەت بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئوبلونسكىي كاتىپ بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئارىلىقتا ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان لېۋىن ئۈستەلگە تايىنىپ تۇراتتى، چىرايىدا مەسخىرە ئارىلاش كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

— مەن چۈشەنمىدىم، ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، — دېدى ئۇ.

— نېمىنى چۈشەنمىدىڭ؟ — ئوبلونسكىي يەنىلا شۇنداق خۇشال كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى. ئاندىن يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ، لېۋىننى بىرەر غەلىتە گەپتىن بىرنى قىلىدۇغۇ ھەر قاچان دەپ كۈتۈپ تۇردى.

— سىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىڭلارنى چۈشەنمىدىم، — دېدى لېۋىن مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ، — نېمانچە ئەستايىدىللىق قىلىپ كېتىدىغانسەن؟

— نېمىشقا ئۇنداق قىلماي؟

— نېمىشقا قىلمايتتىڭ؟ مەنىسىز ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن - دە.

— بۇ سېنىڭ قارىشىڭ، بىز بولساق ئالدىراشلىقتا ئىشلارغا ئۈلگۈرەلمەي كېتىمىز.

— قەغەز ئۈستىدىلا ئالدىرايدىكەنسىلەر شۇ. ئەمما، سەن بۇنداق ئىشلارنى قىلىشتا ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك، — دەپ قوشۇپ قويدى لېۋىن.

— سەن مەندە بىرەر كەمچىلىك سېزەمسەن؟

— بەلكىم سېزىدىغاندىمەن، — دېدى لېۋىن، — لېكىن سېنىڭ جەلپكارلىقىڭغا زوقۇم كېلىدۇ ھەم سېنىڭدەك بىر

ئۇلۇغ دوستۇمنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. ئەمما، سەن مېنىڭ دېگەن گېپىمگە جاۋاب بەرمىدىڭ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۇ غەيرەت بىلەن ئوبلونسكىينىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— ھە، بولىدۇ، بولىدۇ. ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرغىن، سەنمۇ ھامان بىر كۈنى بىزدەك بولىسەن. ھازىر سېنىڭ كارازىنسك ناھىيىسىدە ئۈچ مىڭ مو[1] يېرىڭ بار، موسكۇللىرىڭ شۇنچىلىك تەرەققىي قىلغان، چىرايىڭ ئون ئىككى ياشلىق قىزنىڭكىدەك قىپقىزىل. ئەلۋەتتە، شۇ ئالاھىدىلىكلىرىڭ بىلەن سەن كۆرەڭ. ئەمما، بىر كۈنلەردە سەنمۇ بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىسەن. سەن سورىغان ئىشقا كەلسەك، ئۇ ئىشتا ئۆزگىرىش يوق، ئەپسۇس، بۇ تەرەپلەرگە كەلمىگىنىڭگە ئۇزاق زامانلار بولۇپ كەتتى.

— ھە، بىرەر ۋەقە يۈز بەردىمۇ؟ — سورىدى لېۋىن ئەنسىزلىك بىلەن.

— ھېچ ئىش بولغىنى يوق، — دېدى ئوبلونسكىي جاۋابەن، — بىز كېيىن پاراڭلىشايلى. بۇ قېتىم موسكۋاغا زادى نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟

— ھىم، بۇ ھەقتىمۇ بىز كېيىن سۆزلىشەيلى، — دېدى لېۋىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپ.

— بوپتۇ، مەن چۈشەندىم، — دېدى ئوبلونسكىي، — راست گەپنى قىلسام، سېنى ئۆيۈمگە ئاپارغۇم بار ئىدى، لېكىن خوتۇنۇمنىڭ ساقلىقى يوق. ئەگەر ئۇلارنى كۆرگۈڭ كەلسە، ھايۋاناتلار باغچىسىغا بارغىن، ئۇلار سائەت تۆت بىلەن بەشنىڭ ئارىلىقىدا شۇ يەردە بولىدۇ. كىتى شۇ يەردە كانكى تېيىلىپ ئوينايدۇ. سەن ئاۋۋال يەيتۇن بىلەن ماڭ، مەن كەينىڭدىن بارىمەن. ئاندىن ئىككىمىز بىر يەرگە بېرىپ كەچلىك تاماق يەيمىز.

① كىتابتا «رۇسىيە موسى» بىردەك «مو» بىلەن ئېلىندى، بىر رۇسىيە موسى 1.09 گېكتارغا تەڭ.

— بۇ ياخشى گەپ بولدى. ئەمىسە خەير!
— ئۇ يەرگە بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما. مەن سېنى بىلىمەن، ئېسىڭگە سېلىپ قويمىسام، ئۇنتۇپ قالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ سېنى، ياكى تۇيۇقسىزلا كەينىڭگە يېنىپ يېزاڭغا كېتىپ قالىسەن، — ئوبلونسكىي كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنلۇك سۆزلەپ شۇنداق دەپ قويدى.
— ئۇنداق بولمايدۇ.
لېۋىن خوشلىشىپ تالاغا چىقىپ بولغاندا، ئوبلونسكىينىڭ ھېلىقى ئىككى خىزمەتدىشى بىلەن خوشلاشماي ماڭغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.
— ئۇ ئەپەندى بەكمۇ غەيرەتلىك ئادەمدەك قىلىدۇ، — دېدى گرىنيوۋىچ لېۋىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن.
— ئۇنى بىر دېمەڭ، دوستۇم، — دېدى ئوبلونسكىي بېشىنى چايقاپ قويۇپ، — ئۇ تولىمۇ بەختلىك ئادەم، كارازىنىسك ناھىيىسىدە ئۈچ مىڭ مو يېرى بار، كېلەچىكى چەكسىز ! بەدىنى شۇنچىلىك قۇۋۋەتلىك، بىزلەرگە ئوخشىمايدۇ.
— سىزنىڭ ئاغرىنىدىغان نەرىڭىز بار، ستېپان ئاركادىيېچ؟
— ھەي، مېنىڭ ئىشلىرىم ياخشى ئەمەس ! — دېدى ئوبلونسكىي چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ.

## 6

ئوبلونسكىي بايا لېۋىندىن موسكۋاغا كېلىش مەقسىتىنى سورىغاندا، لېۋىن قىزىرىپ كەتكەن ھەم «سېنىڭ قېيىنسىڭلىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپى بىلەن كەلدىم» دەپ جاۋاب بەرمەي، ئۆزى شۇ ئىش بىلەن كەلگەن تۇرۇقلۇق قىزىرىپ، تاتىرىپ ئولتۇرغىنىغا ئاچچىقى كەلگەنىدى.
لېۋىنلار بىلەن شېرباتسكىيلارنىڭ ئائىلىلىرى موسكۋادىكى

كونا ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىلىرىدىن بولغاچقا، يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتى لېۋىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كەتتى. لېۋىن دوللى بىلەن كىتتىنىڭ ئاكىسى ياش كىنەز شېرباتسكىي بەگزادە بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتتا بىللە تەييارلىق قىلغان، بىللە كىرگەنىدى. ئۇ چاغلاردا لېۋىن شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىگە پات ـ پات بېرىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. شۇ نەرسە ئاجايىپ ئىدىكى، لېۋىن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى، بولۇپمۇ بۇ ئائىلىنىڭ قىزلىرىنى بۆلەكچىلا ياخشى كۆرەتتى. لېۋىن ئاپىسىدىن كىچىك قالغاچقا ئاپىسىنى بىلمەيتتى، بىرلا هەدىسى بار ئىدى، هەدىسى ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ ئىدى. شۇڭا، شېرباتسكىيلارنىڭ ئائىلىسىدە مەلۇماتلىق هەقىقىي ئاقسۆڭەكلەر تۇرمۇشىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ بۇنداق تۇرمۇشتىن مەھرۇم بولغانىدى. بۇ ئائىلىنىڭ هەممە ئەزالىرى، بولۇپمۇ قىزلار لېۋىنغا قانداقتۇر بىر گۈزەل، سىرلىق پەردە بىلەن قاپلانغاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇلاردا بىرەر كەمچىلىك سېزىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنى قاپلاپ تۇرغان ئاشۇ گۈزەل پەردىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئەڭ ئالىيجاناب هېس ـ تۇيغۇلار، كامالەتكە يەتكەن پاك خىسلەتلەر بار، دەپ ئويلايتتى. نېمە ئۈچۈن بۇ ئۈچ قىز بۈگۈن فرانسۇزچە، ئەتىسى ئىنگلىزچە سۆزلىشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۈستۈنكى قەۋەتتە دەرس تەكرارلاۋاتقان ستۇدېنت ئىككى ئاكىسىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن پىئانىنو چېلىشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن فرانسۇز تىلى مۇئەللىمىنى تەكلىپ قىلىپ ئۇلارغا فرانسۇز ئەدەبىياتى، مۇزىكىسى، رەسساملىقى ۋە تانسلىرىنى مەخسۇس ئۆگەتكۈزىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار هەر كۈنى بەلگىلەنگەن سائەتتە دۇردۇندىن تىكىلگەن پەلتولىرىنى كىيىشىپ ــــ دوللى ئۇزۇن پەلتو، ناتالىيە ئوتتۇرىچە پەلتو، كىتى قىزىل پايپىقىغا سىقىلىپ

كەلگەن چىرايلىق پاقالچەكلىرىنى خەق كۆرىدىغان قىلىپ قىسقا پەلتو كىيەتتى — مىللىي خانقىز بىلەن بىللە پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ دەرەخلىك تۋېر كوچىسىدا سەيلە قىلىپ كېتىشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شىلەپىسىگە زەر نىشان تاقىغان چاكارنى ئەگەشتۇرۇپ تۋېر كوچىسىدا مېڭىپ يۈرۈشىدۇ؟ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھەم ئۇ قىزلارنىڭ سىرلىق ئالەمدە بولىدىغان باشقا نۇرغۇن ئىشلارنى لېۋىن چۈشەنمەيتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئۇ ئىشلىرىنىڭ تولىمۇ كۆڭۈللۈك، گۈزەل ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ھەم ئۆزىمۇ ئاشۇنداق سىرلىق ئىشلارنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۈچ قىزنىڭ چوڭى بولغان دوللىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىلى تاس قالغانىدى. كېيىن دوللى ئوبلونسكىيغا ياتلىق بولدى. ئارقىدىن لېۋىن ئۇ قىزلارنىڭ ئوتتۇرانچىسىنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ زادى ئاشۇ ئۈچ قىزنىڭ بىرى بىلەن توي قىلىش نىيىتى بار ئىدى، ئەمما قايسىسىنى ياخشى كۆرۈپ شۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى بېكىتەلمەي كېلىۋاتاتتى. ناتالىيە يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دىپلومات لۋوفقا ياتلىق بولۇپ كەتتى. لېۋىن ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندە كىتى تېخى كىچىك ئىدى. ياش شېرباتسكىي دېڭىز ئارمىيىسىگە ھەربىيلىككە كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي بالتىق دېڭىزىدا سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن لېۋىننىڭ شېرباتسكىيلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوبلونسكىي ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بارغانسېرى سۇسلىشىپ كەتتى. لېۋىن يېزىدا بىر يىل تۇرۇپ، بۇ يىل قىشنىڭ بېشىدا موسكۋاغا كەلگەندە شېرباتسكىيلارنىڭ ئائىلىسىگە ئۇلارنى يوقلاپ باردى ۋە شۇ بېرىشىدا ئۈچ ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ئىچىدە قايسىسىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدى.

يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان، ئۆزى بايلاردىن

ھېسابلىنىدىغان ئوتتۇز ئىككى ياشلىق بىر ئەر ئۇچۇن شېرباتسكىي كىنەز قىزىغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويۇشى باشقا ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ ئاسان ئىش ئىدى، ھەممە ئادەمنىڭ دەررۇلا ئۇنى كۆڭۈلدىكىدەك كۈيئوغۇل دەپ ئويلاشلىرىمۇ ئېنىق ئىدى. لېكىن، لېۋىن كىتىگە ئىشقى چۈشۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ھەممە تەرەپتىن يېتىلگەن، ئالەمدە تەڭدىشى يوق پەرىزاتتەك، ئۆزىنى بولسا ئادەتتىكى ئاددىي بىر ئادەمدەك ئويلاپ، باشقىلارنىڭ، ھەتتا كىتىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئۇنى خالاپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بولۇپ قېلىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالماي كېلىۋاتاتتى.

لېۋىن كىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالارمەنمىكىن دەپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا بېرىپ تۇرغان، ئەنە شۇنداق ئۈمىد ــ ئارزۇلار بىلەن گاڭگىراپ، موسكۋادا ئىككى ئاي يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىر بۇ ئىشتىن ئۈمىد يوق ئوخشايدۇ، دېگەن خىيال بىلەن يېزىسىغا قايتىپ كەتكەنىدى.

لېۋىننىڭ ئۈمىدىنى ئۈزگىنى، كىتىنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى مېنى گۈزەل كىتىغا لايىق كۆرمەسلىكى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ كېتىشى ناتايىن، دەپ ئويلىغانلىقىدىن ئىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە، كىتىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھازىر ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان، ھازىرغىچە مۇقىم خىزمىتى، ئىجتىمائىي ئورنى يوق، تەڭتۇشلىرىنىڭ بەزىلىرى پولكوۋنىك، ئاديوتانت، بەزىلىرى پروفېسسور، بەزىلىرى بانكىر، بەزىلىرى تۆمۈريول دېرېكتورى، ئوبلونسكىيغا ئوخشاشلار ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئەمەلدار بولۇپ كەتكەن، ئۆزى بولسا (لېۋىن باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى) پومېشچىك، بورداقچى، لاي ئېتىپ ئۆيلا سالىدىغان تامچى، يەنى پاراسەتسىز ئەخمەق ئادەم ئىدى.

سىرلىق ھەم گۈزەل كىتىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ لېۋىندەك

چىرايى سەت، نام ـ شۆھرىتى يوق ئادەمگە مۇھەببىتىنى بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، لېۋىنىڭ قارىشىچە، ئىلگىرى كىتىگە تۇتقان مۇئامىلىسىمۇ ـــ كىتى ئۇنىڭ ئاغىنىسىنىڭ سىڭلىسى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا خۇددى كىچىك بالىلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى ـــ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت باغلىشى ئۈچۈن بىر توسالغۇ ئىدى. لېۋىن ئۆزىگە ئوخشاش سەت، ئەمما كۆڭلى ياخشى ئادەم پەقەت ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ دوستى بولۇشقىلا يارايدۇ، كىتىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدىغان ئادەم چوقۇم ناھايىتى قاملاشقان، ئەقىل ـ پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

ئۇ كۆپىنچە ئاياللار سەت ھەم ئاددىي ئادەملەرنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان، ئەمما بۇ گەپكە ئىشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇ بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ھۆكۈم قىلاتتى، گۈزەل، سىرلىق ۋە ھەممىدە ئالاھىدە ئاياللارنى ياخشى كۆرەتتى.

لېكىن، ئۇ يېزىدا ئىككى يىل ئۆزى يالغۇز ياشىغاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى مۇھەببەتنىڭ ياش چاغلىرىدا بېشىدىن كەچۈرگەن مۇھەببىتىگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئىشەندى. بۇ قېتىمقى مۇھەببەت ئۇنىڭغا بىر مىنۇتمۇ ئاراملىق بەرمەيۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا ئۇناش ـ ئۇنىماسلىقى ھەل بولمايدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا بىر كۈنمۇ تۇرمايدىغاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئۈمىدسىزلىنىشلىرى پەقەت ئۆزىنىڭ پەرىزى، خىيالى بىلەنلا بولۇۋاتاتتى، ئۆزىنىڭ رەت قىلىشقا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق پاكىت يوق ئىدى. ئۇ ئاخىر قەتئىي قارارغا كېلىپ، موسكۋاغا ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى ئېيتىش ئۈچۈن كەلدى، كىتى ماقۇل بولسىلا توي قىلماقچىدى. ئەگەر ... تەكلىپى رەت قىلىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق كۈنگە قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

# 7

لېۋىن ئەتىگەنلىك پويىز بىلەن موسكۋاغا كېلىپ ئانا بىر ئاكىسى كوزنىشېفنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ قېتىم موسكۋاغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئاكىسىغا بىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭ مەسلىھىتىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىردى. لېكىن، ئاكىسى يالغۇز ئەمەس، ئاتاقلىق بىر پەلسەپە پروفېسسورى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ پروفېسسور مۇھىم بىر پەلسەپە مەسىلىسى ئۈستىدە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇقۇشماسلىقنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە خاركوۋدىن ئالاھىدە كەلگەنىكەن. ئۇ پروفېسسور شۇ كۈنلەردە ماتېرىيالىستلار بىلەن قاتتىق مۇنازىرە ئۈستىدە ئىدى، سېرگېي كوزنىشېف بولسا بۇ مۇنازىرىنى قىزىقىپ سىرتتىن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭ يېقىندا يازغان بىر پارچە ماقالىسىنى ئوقۇپ چىققان ۋە ئۇنىڭ بەزى قاراشلىرىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا خەت يازغان، خېتىدە پروفېسسورنىڭ ماتېرىيالىزمچىلارغا زىيادە يول قويۇۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىگەنىدى. پروفېسسور خەتنى ئېلىپلا ئۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلىدە مۇنازىرىلەشكىلى موسكۋاغا كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ مۇنازىرىلىشىۋاتقىنى شۇ كۈنلەردە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان، ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىدىكى پسىخىكىلىق ھادىسىلەر بىلەن فىزىئولوگىيىلىك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدا پەرق بارمۇ ـ يوق، ئەگەر بار بولسا ئۇ پەرق نەدە، دېگەن مەسىلە ئىدى.

كوزنىشېف ئىنىسىنى ھەرقانداق ئادەمنى مۇلايىم ھەم ئازراق سوغۇق كۈلكىسى بىلەن قارشى ئالىدىغان ئادىتى بويىچە قارشى

ئالدى ۋە ئۇنى پروفېسسورغا تونۇشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن داۋاملىق مۇنازىرە بىلەن بولۇپ كەتتى.

پروفېسسور پېشانىسى تار، چىرايى تاتىراڭغۇ، بويى پاكار، كۆزەينەك تاقىۋالغان ئادەم ئىدى. ئۇ قىلىۋاتقان سۆزىنى توختىتىپ لېۋىن بىلەن كۆرۈشۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي يەنە سۆزلەپ كەتتى. لېۋىن پروفېسسورنىڭ كېتىشىنى كۈتۈپ ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار مۇنازىرىلىشىۋاتقان مەسىلىگە قىزىقىپ قالدى.

لېۋىن ئۇلار مۇنازىرىلىشىۋاتقان ئاشۇ تېمىدىكى ماقالىلەرنى گېزىتلەردىن كۆرگەنىدى. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا تەبىئەتشۇناسلىقنى ئۆگەنگەن بولغاچقا، ئۇ خىل ماقالىلەرگە قىزىقاتتى ۋە ئۇ ماقالىلەردە دېيىلگەن مەسىلىلەرنىڭ پەننىڭ تەرەققىياتىدىكى رولىنى چوڭ دەپ قارايتتى. ئەمما، ئادەمنىڭ ھايۋاندىن پەيدا بولۇشى، رېفلېكسىيە، بىئولوگىيە، ئىجتىمائىي پەن قاتارلىق ئىلمىي خۇلاسىلەرنى ئەزەلدىن ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيىتى مەسىلىسى بىلەن باغلاپ قاراپ باقمىغانىدى، بۇ مەسىلىلەر يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ كاللىسىدا توختىماي ئايلىنىپ يۈرۈۋاتاتتى.

ئۇ ئاكىسى بىلەن پروفېسسورنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي مەسىلىلەر بىلەن روھىيەت مەسىلىلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ قاراۋاتقانلىقىغا، بىرنەچچە قېتىم روھىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە مەخسۇس توختالغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئەمما، ئۇلار ئۇ مۇھىم دەپ قارايدىغان بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا ئازراقلا مۇلاھىزە قىلىشىپ، ئاندىن تۈرلەرگە بۆلۈنۈش، شەرتنى ساقلاپ قېلىش، ستاتىستىكا، ئىشارە گەپلەر، ئىلاۋىلەر، نوپۇزلۇقلار ھوقۇقى توغرىسىدىكى پىكىرلەر قاتارلىق ئۇششاق مەسىلىلەرگە يۆتكىلىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئۇ ناھايىتى تەستە چۈشىنەتتى.

— مەن قوشۇلالمايمەن، — دېدى كوزنىشېۋ ئادىتى بويىچە گەپنى چىرايلىق ۋە تاللاپ تۇرۇپ قىلىپ، — كېيىنكىنىڭ قارىشىغا ھەرقانداق ئەھۋالدا قوشۇلمايمەن. ئۇ مېنىڭ تاشقى ئالەمگە بولغان پۈتۈن تەسەۋۋۇرلىرىمنى تەسىراتلاردىن كېلىپ چىققان، دەيدۇ. مەن مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى ئەڭ ئاساسىي چۈشەنچىنى سەزگۈ ئارقىلىق ئالمىغان، چۈنكى مېنىڭ تېنىمدە بۇنداق چۈشەنچىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەخسۇس بىر ئەزا يوق.

— ئۇلۇغ شۇنداق، ئەمما ئۇلار، ۋۇرستمۇ، كىنائۇستمۇ، پرىپاسوفمۇ سىزگە مەۋجۇدىيەت ھەممە سەزگۈلەرنىڭ يىغىندىسىدىن كېلىپ چىقىدۇ، مەۋجۇدىيەت دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئۆزى سەزگۈنىڭ نەتىجىسى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھەتتا ۋۇرست توغرىدىن توغرىلا، سەزگۈ يوق ئىكەن، مەۋجۇدىيەت دېگەن چۈشەنچىمۇ بولمايدۇ، دېيىشى مۇمكىن.

— مەن بۇنى ئەكسىچە چۈشىنىمەن، — دېدى كوزنىشېۋ يەنە سۆزلەپ ...

لېۋىن ئۇلارنىڭ ئەڭ يادرولۇق مەسىلىگە يېقىنلىشىپ كېلىپ، يەنە ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پروفېسسورغا بىر مەسىلە توغرۇلۇق سوئال قويماقچى بولدى.

— بۇ گەپچە بولغاندا، ئەگەر مەندە سەزگۈ مەۋجۇت بولمىسا ياكى مەن ئۆلۈپ تېنىمدە ھېچقانداق سەزگۈ قالمىسا، ئۇ چاغدا ھەرقانداق مەۋجۇدىيەت يوق بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

پروفېسسور گېپىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىگە خاپا بولغاندەك قىياپەتتە، سوئال بەرگۈچى بۇ غەلىتە (پەيلاسوپقا قارىغاندا ھارۋىكەشكە كۆپرەك ئوخشايدىغان) ئادەمگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن «بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەي؟» دېگەندەك، نەزىرىنى كوزنىشېۋقا يۆتكىدى. كوزنىشېۋ پروفېسسورغا ئوخشاش ئاسان ھاياجانلانمايتتى، بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي ئىدى، شۇڭا پروفېسسورنىڭ گېپىگىمۇ، لېۋىننىڭ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى ئاددىي ۋە تەبىئىي چۈشەنچىسىگىمۇ جاۋاب

بولالىغۇدەك گەپ قىلماقچى بولۇپ، كۆلۈپ تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى:

— بىز بۇ مەسىلىلەرنى يېشىشكە تېخى ھەقلىق ئەمەسمىز ...

— قولىمىزدا دەلىل - ئىسپاتلار يوق، — دېدى پروفېسسور قوشۇمچە قىلىمەن دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئاندىن يەنە پىكرىنى داۋام قىلدى، — ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، پرىپاسوف ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغاندەك، سەزگۈ تەسىراتنى ئاساس قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز بۇ ئىككى چۈشەنچىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

لېۋىن ئەمدى ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغۇسى كەلمەي، پروفېسسورنىڭ كېتىشىنى ساقلاپ جىمجىت ئولتۇردى.

# 8

پروفېسسورنى يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن كوزنىشېف ئىنىسىغا:

— كەلگىنىڭدىن بەكمۇ خۇش بولدۇم. بىرنەچچە ۋاقىت تۇرامسەن؟ ئىگىلىكىڭ قانداقراق؟ — دېدى.

لېۋىن ئاكىسىنىڭ دېھقانچىلىققا ئانچە قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، رەسمىيەت ئۈچۈنلا سوراپ قويۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، بۇغداي ساتقان ھەم پۇل توغرىسىدىكى ئىشلاردىن ئازراقلا سۆزلەپ قويدى.

لېۋىن ئەسلىدە توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاكىسىغا دەپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىماقچى ئىدى. لېكىن، ئاكىسىنىڭ پروفېسسور بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەم ئىگىلىكى توغرۇلۇق سورىغاندا (ئۇلار ئاتىسىدىن قالغان يەر - مۈلكىنى تېخى بۆلۈشمىگەنىدى، ھەر ئىككىسىنىڭ يەر - مۈلكىنى ھازىرچە لېۋىن باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى) ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ

ئولتۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ، نېمە ئۇچۇندۇر ئۆيلىنىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئاكىسىغا ئېيتماسلىقنى خىيال قىلىپ قالدى. «ئېيتسامۇ بەربىر بۇ ئىشقا مەن ئۇمىد قىلغاندەك قارىمايدۇ» دەپ ئويلاپ قالغانىدى ئۇ.

— خوش، سىلەرنىڭ ئۇ تەرەپتىكى ئاپتونومىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىشلىرى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى كوزنىشېۋ. ئۇ يەرلىك ئاپتونومىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى ھەم جىددىي قارايتتى.

— راستىنى ئېيتسام، مەن تازا بىلمەيمەن ...

— نېمە؟ سەن يەرلىك ئاپتونومىيە جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ئەمەسمۇ؟

— ياق، خېلى بولدى، چېكىنىپ چىقتىم، ئىستېپا بەردىم، — دېدى لېۋىن جاۋابەن، — ئۇلارنىڭ يىغىنلىرىغىمۇ قاتناشمايدىغان بولدۇم.

— ئىسىت! — دېدى كوزنىشېۋ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ بوش ئاۋازدا.

لېۋىن يەرلىك ئاپتونومىيە جەمئىيىتىنىڭ نامۇۋاپىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇۋىدى، كوزنىشېۋ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئۆزىلا سۆزلەپ كەتتى:

— ئىشلار زادى مۇشۇنداق بولاتتى، بىز رۇسىيىلىكلەر شۇنداق خەق. ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرەلىشىمىز بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىزدۇر بەلكىم. ئەمما، ئىشلارنى چوڭايتىپ سۆزلەش، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشلار ئارقىلىق كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىدىغان ئىشلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، ئەگەر بىز يەرلىك ئاپتونومىيە جەمئىيىتىنىڭ ھوقۇقىنى ياۋروپادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتكە، مەسىلەن، گېرمانىيىگە ياكى ئەنگلىيىگە بېرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ بۇ ھوقۇقنى ئەركىنلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىشى چوقۇم، ئەمما بىزنىڭ قولىمىزدا ئۇ بىر خىل مەسخىرىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.



— ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟ — دېدى لېۋىن سەل ئۆكۈنگەندەك قىلىپ، — مەن يېقىندا شۇنداق قارارغا كېلىپ قالدىم. بۇرۇن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بېرىلگەن، بولمىدى، ئامال قىلالمىدىم، كۈچۈم يەتمىدى.

— كۈچۈڭ يەتمەيدۇ ئەمەس، — دېدى كوزنىشېف، — ئۇنىڭغا بولغان قارىشىڭ توغرا بولمىغان.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى لېۋىن كەيپى سۇس هالدا جاۋاب بېرىپ.

— ساشا بىر گەپنى دەپ قوياي، يېقىندا ئىنىم نىكولاي يەنە بۇ يەرگە كەپتۇدەك.

نىكولاي لېۋىننىڭ ئۆز ئاكىسى، كوزنىشېفنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا ئىنىسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلىپ، بارلىق بىساتىنى سورۇپ تۈگەتكەن، هازىر ئەڭ نامرات ئادەملەر قاتارىدا هايات كەچۈرۈۋاتاتتى، قېرىنداشلىرى بىلەنمۇ ئادا ـ جۇدا بولۇشۇپ كەتكەنىدى.

— راستمۇ؟ — دەپ توۋلاپ كەتتى قورقۇنچ ئارىلاش لېۋىن، — سەن قانداق بىلدىڭ؟

— پروكوفىي ئۇنى كوچىدا كۆرۈپتۇ.

— ئۇ مەشەدە، موسكۋادىمىكەن؟ ئۇ زادى نەدىكەن؟ سەن بىلەمسەن؟ — لېۋىن خۇددى هازىرلا كوچىغا چىقىپ ئۇنى ئىزدەيدىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ساشا بۇ گەپنى دېمىسەم بوپتىكەن، — دېدى كوزنىشېف ئىنىسىنىڭ هاياجانلىنىپ كېتىۋاتقان هالىتىنى كۆرگەندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ، — مەن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان جايىنى تاپتىم. تروبىنغا قەرز بولۇپ قاپتىكەن، قەرزلىرىنى تۆلىۋېتىپ، قەرز هۆججەتلىرىنى ئۆزىگە ئەۋەتىپ بەردىم. مەن شۇنچىلىك ئىشلارنى قىلسام، ئۇ ماڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، بىلەمسەن؟

كوزنىشېف سىياھ سۇمۇرتىدىغان قەغەزنىڭ ئاستىغا

باستۇرۇپ قويغان بىر باغاقچىنى چىقىرىپ ئىنىسىغا بەردى.

لېۋىن باغاقچىدىكى قاغا پۇتىدەك يېزىلغان تونۇش خەتلەرنى تونۇدى. ئۇنىڭغا «مەن سىلەرنىڭ كېلىپ مېنى ئاۋارە قىلماسلىقىڭلارنى سورايمەن. شۇنداق قىلساڭلار، بۇنى مەن سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمنىڭ ماڭا قىلغان بىردىنبىر شەپقىتى، دەپ بىلگەن بولاتتىم. نىكولاي لېۋىن» دېگەن گەپلەر يېزىلغانىدى.

لېۋىن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرمەي، قولىدا خەت، كوزنىشېفنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ بىچارە ئاكىسىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن يەنە ئۇنداق قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس دەپ ئويلاپ قالدى. بۇ ئىككى خىل ئوي ئۇنى قىيناپ تۇرۇۋاتاتتى.

— خەتتىن مەلۇمكى، ئۇ مېنى ھاقارەتكە قويماقچى، — دېدى كوزنىشېف سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئەمما، ئۇنداق قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنى ئويلىغان، ھازىر قارىسام، ئۇ ئامالسىزلىقتىن قىلىدىغان ئىش ئىكەن.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى لېۋىن ئارقا ـ ئارقىدىن، — مەن سېنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەڭنى چۈشىنىمەن ھەم ئۇنى چوڭ بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كېلەي.

— كۆرۈپ كەلسەڭ كۆرۈپ كەل. ئەمما، مېنىڭچە بولسا بارمىغىنىڭ ياخشى، — دېدى كوزنىشېف، — مەندە ئۇنى سېنى كۇشكۇرتۇپ مەن بىلەن زىددىيەتلەشتۇرۇپ قويارمىكىن دەيدىغان ئەندىشە يوق، ئەمما يەنىلا سېنى بارمىغىنى تۈزۈكمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن دەپمۇ قىلالمايسەن. مەيلى، قانداق ئويلىساڭ شۇنداق قىلغىن.

— ياردەم بېرىشكە ئامال قىلالمىسامىمۇ مەيلى، ئادەمنىڭ يۈرىكى چىدىمايدىكەن ... بولۇپمۇ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق چاغدا ... ئۇغۇ باشقا گەپ ...

— ئۇ تەرىپىڭنى بىلمىدىم، — دېدى كوزنىشىپ، — مەن پەقەت بىرلا ئىشنى بىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ، مەن ئەپۇچانلىقنى ئۆگىنىۋالدىم. ئىنىمىز نىكولاينىڭ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، نومۇسسىز ئىشلارغا بولغان قاراشلىرىمدا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كەڭ قورساقلىق ئىگىلىدى ... سەن ئۇنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلمەيسەن ...

— قانداق قورقۇنچلۇق ئىشلار بۇ - ھە ! — دېدى لېۋىن ئارقا - ئارقىدىن.

لېۋىن كوزنىشېفنىڭ خىزمەتچىسىدىن نىكولاينىڭ ئادرېسىنى بىلىۋېلىپ شۇ تۇرقىدىلا بارماقچىدى، لېكىن سەل ئويلىنىپ قېلىپ، ھازىر ئەمەس، چۈشتىن كېيىن بېرىشنى لايىق تاپتى، ھازىر كەيپىياتىنى ئازراق تۇزىۋېلىپ، ئالدى بىلەن بۇ قېتىم ئۆزىنى موسكۋاغا كېلىشكە مەجبۇر قىلغان ئاشۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. لېۋىن ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىقىپ ئوبلونسكىينىڭ ئىدارىسىگە باردى. ئۇنىڭدىن شېرباتسكىيلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئاندىن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كىتىنى تاپقىلى بولىدىغان يەرگە قاراپ يول ئالدى.

# 9

سائەت تۆت بولۇپ قالغانىدى، لېۋىننىڭ يۈرىكى ئىتتىك سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پەيتۇندىن چۈشۈپ، چىغىر يول بىلەن تاغ ئۈستىدىكى مۇز تېيىلىش مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. مەيداننىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە شېرباتسكىيلارنىڭ پەيتۇننى كۆرۈپ، كىتىنى مەشەدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى.

بۈگۈن ھاۋا بەكمۇ سوغۇق ھەم ئۇچۇق بىر كۈن ئىدى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا خۇسۇسىي پەيتۇنلار، چانلار، كىرا پەيتۇنلىرى قاتار تىزىلىپ كەتكەن، يەنە نۇرغۇن ژاندارمىلارمۇ تۇراتتى. ھەممىلا ئادەمنىڭ كىيىملىرى رەتلىك ئىدى، باش كىيىملىرى كۈن نۇرىدا بۆلەكچىلا يالتىراپ تۇراتتى. باغچىغا كىرىدىغان ئىشىك ئالدىدا، باغچىنىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى پاكىز سۈپۈرۈلگەن كۆتۈرمە يوللاردا، رۇس پاسونىدا سېلىنىغان كىچىك ـ كىچىك ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. باغچىنىڭ ئىچىدىكى قېيىن دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى ئۈستىدىكى قارنىڭ ئېغىرلىقىدىن پەسكە ساڭگىلاپ كەتكەنىدى، بىر قاراشتا ئۇلارخۇددى بايراملىق يېڭى كىيىم كىيىۋالغان قىزلارغا ئوخشاپ قالاتتى.

لېۋىن يالغۇز ئاياغ يول بىلەن مۇز مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ ئىچىدە: «ھاياجانلىنىپ كەتمە، ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت! نېمىگە ھاياجانلىنىسەن؟ ساڭا نېمە بولدى؟ ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ھاماقەت!» دەپ ئۆزىنى ئۆزى جىملەپ ماڭاتتى، ئەمما ئۆزىنى مىلڭ تۇتۇۋالاي دېسىمۇ جىددىيلىشىپ، ئۆرىسىگە تىنىپ قېلىۋاتاتتى، ھەتتا بىر تونۇشى كۆرۈپ قېلىپ توۋلىغانىدى، جىددىيچىلىكتە ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ شۇ مېڭىشىدا تاغنىڭ ئۈستىگە قاراپ كېتىۋەردى. چانا تېيىلىپ چۈشۈۋاتقانلارنىڭ، تۆپىگە چانا سۆرەپ چىقىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ چانلىرىنىڭ غىرىسلاشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلارنىڭ چۇقانلىرى، كۈلكىلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ئۇ يەنە ئازراق ماڭغانىدى، مۇز مەيدانى كۆرۈندى. لېۋىن شۇئانلا مۇز تېيىلىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدىن كىتىنى تونۇۋالدى.

لېۋىن كىتىنىڭ بۇ يەردىلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ھەم ھودۇقۇشقا باشلىدى. كىتى مەيداننىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر خانىم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى، كىيىملىرى بىلەن قىياپىتىدە

باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى يوق بولسىمۇ، لېۋىن خۇددى نۇرغۇن گۈللەرنىڭ ئىچىدىن قىزىلگۈلنى بىلىۋالغانغا ئوخشاش كىتىنى ئوڭايلا تونۇۋالغانىدى. كىتى شۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى يورۇتۇپ تۇرغان نۇرلۇق تەبەسسۇم ئىدى، ھەممە نەرسە شۇنىڭ بىلەن يورۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. «مەن راستىنلا ئۇنىڭ قېشىغا بارالايمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدى لېۋىن. چۈنكى، ئۇ تۇرۇۋاتقان يەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يېقىن بارغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس بىر جايدەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇ دەقىقە ئىچىدە ئۇ ھەتتا ئۇ يەرگە بېرىشتىن قورقۇپ، دەرھال كەينىگە يېنىپ كېتىپ قېلىش خىيالىغىمۇ كېلىپ قالدى. لېكىن، يەنە ھاياجىنىنى زورغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ئادەم كانكى تېيىلىپ ئويناۋاتامدۇ، مەنمۇ كانكى تېيىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا بارسام بولىدۇغۇ، دېگەن خىيال بىلەن ئۆزىنى ئاران قولغا ئالالىدى ۋە مىلىڭ تەستە ئۇ تۇرغان تەرەپكە ماڭدى. لېكىن، خۇددى قۇياشقا ئۇزاق قاراپ تۇرغىلى بولمىغاندەك، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمىدى، شۇنداقتىمۇ قۇياشنى قارىماي تۇرۇپمۇ كۆرگىلى بولىدىغاندەك، ئۇنى كۆرۈپمۇ تۇرۇۋاتاتتى.

ھەر ھەپتىنىڭ دەل مۇشۇ كۈنى، مۇشۇ ۋاقىتتا بىر مەقسەت، يەنى مۇز تېيىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم بۇ يەرگە توپلىناتتى، ھەممىسى بىر - بىرى بىلەن تونۇشاتتى. كانكى تېيىلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ ئۇستىلىرىمۇ، ئورۇندۇققا تايىنىۋېلىپ تۇرۇپ تېيىلىشنى ئۆگىنىۋاتقانلارمۇ، ئۇششاق باللارمۇ، كانكى تېيىلىش ئارقىلىق بەدەن چېنىقتۇرغىلى كېلىدىغان ياشانغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. لېۋىنغا بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ ئامەتلىك ئادەملەردەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇلار مەشەدە، كىتىنىڭ يېنىدا كانكى تېيىلىشىۋاتىدۇ - دە. كانكى تېيىلىۋاتقانلارنىڭ قايسىسى بولسۇن، ئېتىبارسىز ھالدا كىتىنىڭ كەينىدىن تېيىلىپ كېلەتتى، بەزىسى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەتتى، ھەتتا بەزىلىرى

ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپمۇ ماڭاتتى، ئۇنىڭ توغرۇلۇق ھېچكىم ھېچنېمە ئويلىمايتتى، مۇز مەيدانىنىڭ ئىسسىقلىقى، ھاۋانىڭ ياخشىلىقىدىن ئۆزلىرىنى خۇشال ۋە ئازادە سېزەتتى.

كىتىنىڭ جىيەنى نىكولاي شېرباتسكىي ئۇستىدە قىسقا چاپان، ئاستىدا يوتىلىرىغا چاپلاشقان ئىشتان، پۇتىدا ئاياغلىق كانكى، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىكەن، لېۋىننى كۆرۈپلا توۋلىدى:

— ھەي، رۇسىيىنىڭ كانكى چېمپىيونى، كەلگىنىڭىزگە خېلى بولدىمۇ؟ بۇگۇن مۇز بەك ياخشى، كانكى ئايىغىڭىزنى دەرھال كىيىڭ!

— مېنىڭ كانكى ئايىغىم يوق، — دېدى لېۋىن جاۋابەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كىتىنىڭ ئالدىدا قىلغان بۇ پەرۋاسىزلىقىغا ھەيران قالدى. گەرچە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قارىمىسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇ «قۇياش»قا يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، ئۇنى كۆرۈپمۇ تۇرۇۋاتاتتى. ئىنچىكە پۇتلىرىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئەپچىل كانكى ئايىغى كىيىۋالغان كىتى بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ، خۇددى قورقۇمسىراپ تۇرۇۋاتقاندەك لېۋىن تۇرغان تەرەپكە قاراپ تېيىلىپ ماڭدى. رۇس پاسونىدا قىسقا چاپان كىيىۋالغان بىر بالا قىلىقسىزلىق بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئېڭىشكەن ھالدا تېيىلىپ كىتىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ كەلدى. كىتى مۇز ئۇستىدە مەزمۇت ئەمەس ئىدى، شۇڭا يېقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇزۇن بوغقۇچقا ئىسقىلىق كىچىككىنە يەڭلىك پەلەينىڭ ئىچىدىن دەرھال قوللىرىنى چىقىرىۋالدى. ئۇ لېۋىننى كۆرۈپ تونۇپ ئۇنىڭغا كۈلۈپ قويدى، كۈلكىسى بىلەن تەڭ قورققانلىقىغا خىجالەت بولغاندەك بىر خىل ھالەت چىرايىدا ئەكس ئېتىپ قالدى. دوقمۇشقا يەتكەندە پۇتى بىلەن ئىرەجەپ تۇرۇپ سالماق بىلەن بىرلا دېۋىنىپ، دەل شېرباتسكىينىڭ ئالدىغا غىررىدە تېيىلىپ كەلدى ۋە دەررۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، لېۋىنغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ

قويدى. ئۇ لېۋىن ئويلىغاندىنمۇ گۈزەل ئىدى.

لېۋىن كىتىنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى، بولۇپمۇ نۇر ۋە مۇلايىملىق تېمىپ تۇرغان بالىلىق چىرايىنى، سۇمباتلىق مۇرىسىگە زەپمۇ ياراشقان سارغۇچ چاچلىق كىچىككىنە بېشىنى كۆز ئالدىغا شۇنداق ئېنىق كەلتۈرەتتى. كىتىنىڭ چىرايىدىكى بالىلىق قىياپىتى زىبا قامىتىنىڭ نازۇك گۈزەللىكىگە شۇنداق ياراشقانكى، بۇ خىل گۈزەللىك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا زىيادە جەلپكارلىقنى پەيدا قىلغانىدى، لېۋىن ئۇنىڭدىكى ئاشۇ جەلپكارلىققا ئاشىق ئىدى. ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇنىڭ مۇلايىملىقى، مۆڭلۈق ۋە ھەققانىي كۆزلىرى، بولۇپمۇ ئادەمنى سىرلىق خىياللار ئالەمىگە ئېلىپ كېتىدىغان تەبەسسۇمى ئىدى، لېۋىننىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىغىنىمۇ مۇشۇ تەبەسسۇم، ئۇنى ئاللىقانداق خىياللار ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىدىغىنىمۇ، بالىلىق چاغلىرىدىكى ئەڭ خۇشاللىق كۈنلەرگە ئېلىپ كېتىدىغىنىمۇ مۇشۇ تەبەسسۇم، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغۇزىدىغىنىمۇ مۇشۇ تەبەسسۇم ئىدى.

— كەلگىنىڭىزگە خېلى بولدىمۇ؟ — دېدى كىتى قولىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ تۇرۇپ. لېۋىن ئۇنىڭ پەلىيىدىن قولىنى چىقىرىۋاتقاندا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن قولياغلىقىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەندە، ئۇ: «رەھمەت سىزگە !» دەپ قويدى.

— مەنمۇ؟ كەلگىنىمگە ئۇزاق بولمىدى، تۈنۈگۈن ... ياق، تۈنۈگۈن ئەمەس ... بۈگۈن ... كەلدىم، — لېۋىن ھودۇقۇپ كېتىپ، كىتىنىڭ سوئالىنى دەررۇ چۈشىنەلمەي قالدى، — مەن سىزنى كۆرگىلى كەلگەن، — دېدى ئۇ ۋە كىتىنى كۆرگىلى كېلىشتىكى مەقسىتى ئېسىگە چۈشۈپ، خىجالەت بولغىنىدىن بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، — مەن سىزنىڭ كانكى تېيىلىيالايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن، ئەجەبمۇ چىرايلىق تېيىلىدىكەنسىز.

كىتى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ

سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغانىدەك، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ قالدى.

— مېنى بۇنچىلىك ماختىغىنىڭىزنى قەدىرلىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە. باشقىلاردىن ئاڭلىسام، سىز كانكى تېپىلىشقا تولىمۇ ماھىر ئىكەنسىز، — كىتى گەپ قىلىۋېتىپ، قارا پەلەي كىيىۋالغان قوللىرى بىلەن يەڭلىك پەلەيىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن قىرونى قېقىپ قويدى.

— راست دەيسىز، بىر چاغلاردا كانكىغا ئاشىق ئىدىم، كانكى تېپىلىشتا كامالەتكە يېتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

— قارىغاندا، سىز ھەممە ئىشنى تولىمۇ بېرىلىپ قىلىدىغان ئوخشايسىز، — دېدى كىتى تاتلىق كۈلۈپ قويۇپ، — سىزنىڭ قانداق تېپىلىدىغانلىقىڭىزنى شۇنداق كۆرگۈم بار. ئايىغىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ بىز بىلەن بىللە تېپىلمامسىز.

«ئۇلار بىلەن بىللە كانكى تېپىلىمەنمۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟» دەپ ئويلىدى لېۋىن ئىچىدە كىتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— بولىدۇ، ھازىرلا ئايىغىمنى ئالماشتۇراي.

شۇ گەپتىن كېيىنلا ئۇ كانكى ئايىغىنى كىيىپ كېلىشكە كەتتى.

— جانابلىرىنىڭ بىز تەرەپلەرگە كەلمىگىنىگە ئۇزاق بولدى، — دېدى كانكى مەيدانىنىڭ خىزمەتچىسى لېۋىننىڭ پۇتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاياغنىڭ ئۆكچىسىدىكى ۋىنتىنى چىڭىتىۋېتىپ، — سىز كەتكەندىن كېيىن بىزنىڭ بۇ يەردە ھەقىقىي كانكى ئۇستىسىدىن بىرىمۇ چىقمىدى. مۇشۇنداق بولسا بولارمۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە ئاياغنىڭ تاسمىسىنى تارتىپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، چاپسانراق بولىسىڭىز، — دېدى لېۋىن يۈزىدە ئىختىيارسىز پەيدا بولغان بەخت كۈلكىسىنى زورغا بېسىپ تۇرۇپ، ئىچىدە بولسا: «ھايات، بەخت دېگەن مانا مۇشۇ. ئۇ: ‹يۈرۈڭ، بىللە كانكى تېپىلايلى› دېدى. ئۇنىڭغا ھازىرلا

كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلسام قانداق بولار؟ لېكىن، ئۇنىڭغا ئۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشتىن قورقىمەن، چۈنكى ھازىر مەن ئىنتايىن بەختلىك، ئۈمىدكە تولغان بەخت ئىچىدىمەن ... شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇ گەپنى ئېيتىشتىن قورقىمەن ... ھازىر ئېيتمىسام قانداق بولار؟ ... ئېيتىشىم كېرەك ! چوقۇم ئېيتاي ! ئېيتاي ! يۈرەكسىزلىك قىلماي !» دەپ ئويلىدى.

لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ پەلتوسىنى سېلىۋەتتى، ئاندىن كىچىك ياغاچ ئۆينىڭ يېنىدىكى ئېگىز ـ پەس مۇز دۆڭلىرىنى بويلاپ تېيىلىپ ماڭدى، تۈپتۈز مۇز مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن ھېچقانچە كۈچىمەيلا تېيىلىپ كەتتى. بىردە تېز، بىردە ئاستا تېيىلىپ ماڭاتتى، ئېگىلىدىغان، يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىدىغان ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. كىتتىگە ئازراق قورۇنۇپراق يېقىنلىشىپ قوياتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشلىرىنى كۆرگەندە سەل خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى.

كىتتى ئۇنىڭغا قولىنى بەرگەندە ئىككىسىنىڭ مۈرىلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ، بارغانسېرى ئىتتىك تېيىلىشقا باشلىدى. سۈرئەت ئىتتىكلىگەنسېرى، كىتتى ئۇنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋالاتتى.

— سىز بىلەن بىللە تېيىلسام ئۆگەنمىكىم تېز بولىدىكەن. نېمىشقىدۇر، سىزگە بولغان ئىشەنچىم ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ، — دېدى كىتتى ئۇنىڭغا.

— سىز ماڭا قانچە يېقىن تۇرسىڭىز، مېنىڭ ئىشەنچىممۇ شۇنچە كۈچىيىدىكەن، — لېۋىن بۇ گەپنى دەپ قويغىنىدىن قورقۇپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. دېگەندەك، ئۇنىڭ بۇ گېپى بىلەن تەڭلا خۇددى قۇياش بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك، كىتتىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ قالدى. لېۋىنغا ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ خىل ئىپادە تونۇشلۇق بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ چوڭقۇر ئويغا پاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى، ھەتتا ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان سىلىق پېشانىسىدىمۇ ئىنچىكە قورۇقلار پەيدا بولغانىدى.

— سىزگە بىرەر دىل ئازارى يەتمىگەندۇ؟ سىزدىن بۇنداق دەپ سوراشقا ھەقلىقمۇ ئەمەس ئىدىم، شۇنداقتىمۇ سوراپ باققۇم كەلدى، — دېدى لېۋىن ھودۇقۇپ كېتىپ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ ... ياق، دىلىمغا ئازار يېتىدىغان ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق! — دېدى كىتى سوغۇقلا جاۋاب بېرىپ، ئارقىدىنلا بىر گەپنى قوشۇپ قويدى، — لىنىنو خېنىمنى كۆردىڭىزمۇ؟

— تېخى كۆرمىدىم.

— بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، ئۇ سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ!

«بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى؟ مەن ئۇنى رەنجىتىپ قويغان ئوخشايمەن. ئاھ خۇدا، ماڭا ياردەم بەرگىن!» لېۋىن شۇنداق ئويلاپ، ئارقىدىنلا مەيداننىڭ چېتىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن فرانسىيىلىك مومايىنىڭ يېنىغا ماڭدى. موماي يالغان چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنى دوستانە كۈتۈۋالدى.

— قاراڭ، باللىرىمىز چوڭ بولدى، — دېدى موماي كىتىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا، — ئەمما بىز قېرىپ كەتتۇق، *ئېيىق باللىرى*① تۈنۈگۈنلا كىچىك ئىدى، مانا بۈگۈن چوڭ ئېيىقلارغا ئايلاندى، — فرانسۇز موماي كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. ئۇ ئۈچ ھەدە - سىڭلىنى ھەزىل قىلىپ، ئەنگلىيە چۆچەكلىرىدىكى ئۈچ ئېيىققا ئوخشىتىۋاتاتتى، — سىزنىڭ ئۇلارنى ئاشۇنداق ئوخشاتقانلىقىڭىز ھازىرمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟

لېۋىن بۇ گەپنى قاچان دېگەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، ئەمما موماي بۇ ئوخشىتىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەچكە، ئون يىلدىن بېرى ئۇنتۇماي چاقچاق ئورنىدا سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى.

— ھىم، بېرىڭ، بېرىڭ! بىللە تېيىلىڭلار! بىزنىڭ كىتى

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچە.

هازىر كانكىنى ئاجايىپ ياخشى تېپىلىدىغان بولۇپ كەتتى، شۇنداقمۇ؟

لېۋىن كىتىنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇنىڭ چىرايى بايىقىدەك تۇتۇق ئەمەس، قاراشلىرىدىمۇ بىر خىل سەممىيلىك ۋە قىزغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، ئەمما لېۋىنغا ئۇنىڭدىكى ئۇ قىزغىنلىق ئىچىگە قانداقتۇر بىر خىل ياسالما تەمكىنلىككە ئوخشاپراق كېتىدىغان ئالاھىدە بىر نەرسە يوشۇرۇنغاندەك بىلىنىپ ئازراق تۇتۇلۇپ قالدى. كىتى ياشانغان بۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى، ئۇنىڭ غەيرىي ئادەتلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىپ قويدى، ئارقىدىن لېۋىننىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى.

— قىشتا يېزىدا تۇرۇپ زېرىكمەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ لېۋىندىن.

— ياق، زېرىكمەيمەن، ئەكسىچە شۇنچىلىك ئالدىراش بولۇپ كېتىمەن، — لېۋىن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ تەمكىن تۇرۇپ قىلىۋاتقان گەپلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، يېقىن قىش كىرگەن چاغدىكى ھېلىقى كۈندىكىدەك ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— سىز بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرامسىز؟ — سورىدى كىتى.

— بىلمەيمەن، — لېۋىن شۇنداق جاۋاب بەردى، لېكىن نېمە دېگەنلىكىنى بىلمىدى، ئىچىدە: «ئەگەر مەن يەنە ئۇنىڭ مۇشۇنداق سىلىق - سىپايە گەپلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا يەنە بىر قېتىم قۇرۇق قايتىپ كېتىشىم مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، بۇ خىل ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش قارارىغا كەلدى.

— نېمىشقا بىلمەيسىز؟

— بىلمەيمەن، بىلىشىم سىزگە باغلىق، — دېدى ئۇ. ئەمما، ئۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ شۇئان ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى.

كىتى بۇ گەپنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلاشنى خالىمىدىمۇ، مۇدۇرۇپ كەتكەندەك بىر ھەرىكەتنى قىلىپلا ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتتى، شۇ ماڭغانچە لىننو خېنىمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دەپ، ئاندىن ئاياللار ئاياغ ئالماشتۇرىدىغان كىچىك ئۆيلەرنىڭ بىرىگە قاراپ تېيىلىپ ماڭدى.

«ۋاي خۇدايىمەي، مەن نېمە ئىش قىلدىم! ئاھ، خۇدا، ماڭا ياردەم بەرگىن! ماڭا يول كۆرسەتكىن!» لېۋىن خۇداغا تېۋىنىشقا باشلىدى ۋە بۇ دەرد ـ ئەلەمنى بېسىش ئۈچۈن قاتتىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، مۇز ئۈستىگە چوڭ ـ كىچىك چەمبەرلەرنى سىزىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

شۇ ئارىلىقتا، يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ياش بىر كانكى ماھىرى ئاغزىدا تاماكا، پۇتىدا كانكى، قەھۋەخانىدىن چىقىپ، پەلەمپەيدىن بىر باسقۇچ، بىر باسقۇچتىن سەكرەپ چۈشۈشكە باشلىدى، ئايىغى ئاستىدا مۇزنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىر پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بولۇپ، قوللىرىنىڭ يۆقىرىدىن چۈشۈۋاتقان چاغدىكى ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي مۇز ئۈستىدە تېيىلىشقا باشلىدى.

«ھۆي، بۇ بىر يېڭى ئىجادىيەتقۇ!» لېۋىن ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دەپ، ئۇنى دوراپ باقماقچى بولدى.

— ئېھتىيات قىلىڭ! يىقىلىپ چۈشسىڭىز ئۆلىسىز! — دەپ ۋارقىرىدى نىكولاي شېرباتسكىي ئۇنىڭغا.

ئاڭغىچە لېۋىن پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولغانىدى. ئۇ بايىقى بالىنى دوراپ، ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ تۇرۇش يولى بىلەن، مەشىق قىلىپ كۆرمىگەن بۇ مۇز تېيىلىش ئۇسۇلىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ پەلەمپەيدىن باسقۇچمۇ باسقۇچ تېيىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر باسقۇچ قالغاندا پۇتلىشىپ كېتىپ بىر قولى بىلەن مۇزنى تۇتۇۋالدى ۋە يەنە تېزلا تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خۇشال ھالدا مۇز ئۈستىدە

تېپىلىپ كەتتى.

«بۇ ئادەم نېمىدېگەن ئەستايىدىل ھەم يېقىشلىق! — دەل شۇ چاغدا لىنىنو بىلەن كىچىك ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ كېلىۋاتقان كىتى چىرايىدا يېقىملىق كۈلكە، لېۋىنغا خۇددى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئاكىسىغا قارىغاندەك قاراپ، كۆڭلىدىن شۇ خىيالنى ئۆتكۈزدى، — ئەجەبا، مەن خاتالاشقاندىمەنمۇ؟ ياكى بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويدۇممۇ؟ ئۇلار مېنى خۇلق چىقىرىپ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشكە ئامراقسەن، دېيىشەتتى، ئۇنىڭغا شۇنداق قىلغاندىمەنمۇ؟ ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولسام، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ئوبدان ئادەم. لېكىن، ئۇ ماڭا نېمىشقا ئۇنداق گەپ قىلىدۇ؟ ...»

قاتتىق ھەرىكەت قىلغاچقا، لېۋىنىنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ كىتىنىڭ قايتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئاپىسىنىڭ پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىدە ئۇنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى ۋە سەل ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن ناھايىتى تېزلىكتە ئايغىنى ئالماشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىتتىك مېڭىپ، ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بارغاندا يېتىشىۋالدى.

— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە بەكمۇ خۇرسەنمەن، — دېدى كىنەز خانىم، — بىز بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ھەر ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى مېھمانلار بىلەن بىللە بولىمىز.

— بۇ گەپچە بۈگۈن ئىكەن - دە.

— ئەگەر كېلەلەيدىغان بولسىڭىز بىزنى تولىمۇ خۇشال قىلاتتىڭىز، — دېدى كىنەز خانىم سوغۇقراق تەلەپپۇزدا.

ئاپىسىنىڭ بۇنداق سوغۇق مۇئامىلىسى كىتىنى بىئارام قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپىسىنىڭ بۇ قىلىقىنى ياپماقچى بولدى - دە، كەينىگە قايرىلىپ لېۋىنغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە:

— كۆرۈشكۈچە خەير ! — دېدى.

شۇ ئارىلىقتا شىلەپىسىنى قىيسايتىپ كىيگەن، چىرايى پارقىراپ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ئوبلونسكىي غالىب كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىغا ئوخشاش بىر خىل خۇشاللىق بىلەن هايۋاناتلار باغچىسىغا كىرىپ كەلدى. ئەمما، قېينانىسىنى كۆرۈپ ئۆڭى ئۆچۈپ، ئۇنىڭ دوللىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى توغرۇلۇق سورىغان سوئاللىرىغا غەمكىن قىياپەتتە تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ئۇ قېينانىسى بىلەن ئەنە شۇنداق هالەتتە تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مەيدىسىنى كېرىپ قويۇپ لېۋىننى قولتۇقلىۋالدى.

— هازىرلا ماڭىمىزمۇ؟ — سورىدى ئۇ لېۋىندىن، — ھەر ۋاقىت سېنى ئويلاپ يۈرەتتىم. كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى، مېنى ئاجايىپ خۇشال قىلدىڭ، — دېدى ئۇ لېۋىنغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

— يۈر، كەتتۇق ! — دېدى لېۋىن خۇشال تۇۋلاپ. «كۆرۈشكۈچە خەير !» دېگەن سۆز تېخىچە ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كەتمىگەنىدى، شۇ گەپنى قىلغان چاغدىكى كىتىنىڭ تەبەسسۇمغا تويۇنغان چىرايى كۆز ئالدىدا تېخىچە جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— ئەنگلىيە مېھمانخانىسىغىمۇ ياكى ئېرمىتاژ مېھمانخانىسىغىمۇ؟

— ماڭا بەربىر.

— ئەمىسە ئەنگلىيە مېھمانخانىسىغا بارايلى، — دېدى ئوبلونسكىي. ئۇنىڭ ئەنگلىيە مېھمانخانىسىنى تاللىشى بۇ مېھمانخانىغا ئېرمىتاژ مېھمانخانىسىدىكىلەرگە قارىغاندا كۆپرەك قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىدىن ئىدى، شۇنداق ئەھۋالدا ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرسا بولمايتتى، — پەيتونۇڭ بارمۇ؟ بۇ ياخشى بولدى، مەن پەيتونۇمنى قايتۇرۇۋېتەي.

ئىككى ئاغىنە يول بويى گەپ قىلىشماي جىمجىت ماڭدى. لېۋىننىڭ خىيالى كىتىنىڭ چىرايىدىكى بايىقى ئۆزگىرىشنىڭ

سەۋەبىدە ئىدى. گاھ بۇ ئىشقا بولغان ئىشەنچىسى تولۇپ تاشاتتى، گاھ ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ، ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچ قىلالمايتتى. يەنە تۇرۇپلا كىتىنىڭ ئوچۇق چىرايىنى، «كۆرۈشكۈچە خەير !» دېگەن سۆزىنى ئويلاپ، ئۆزىنى باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەكمۇ ھېس قىلاتتى.

ئوبلونسكىي بولسا قانداق تاماقلارنى بۇيرۇتۇشنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتى.

— سەن قالقان بېلىقنى ياخشى كۆرەتتىڭغۇ؟ — سورىدى ئوبلونسكىي مېھمانخانىغا بارغاندىن كېيىن لېۋىندىن.

— نېمە دەيسەن؟ — قايتۇرۇپ سورىدى لېۋىن، — قالقان بېلىقنى دەمسەن؟ شۇنداق، مەن قالقان بېلىقنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن.

# 10

لېۋىن ئوبلونسكىي بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەندە، ئوبلونسكىينىڭ چىرايىدا ۋە پۈتۈن تۇرقىدا ئۆزىنى خۇشاللىقتىن باسالمايۋاتقاندەك ئالاھىدە بىر ئىپادىنى سەزدى. ئوبلونسكىي پەلتوسىنى سالدى ـ دە، شىلەپىسىنى قىڭغىر كىيگىنىچە تاماقخانا تەرەپكە ماڭدى، كېتىۋېتىپ فراك كىيگەن، قوللىرىدا سالفېتكىلارنى تۇتقان ھالدا يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن تاتارلارغا بۇيرۇتمىلارنى بېرىپ تۇردى، ئۇچرىغان تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملاشتى. بۇ يەردىمۇ باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش، ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن خۇشال سالاملىشاتتى. ئۇ ئۇدۇل بۇفېتقا بېرىپ ۋوتكىدىن بىر رومكا ئىچتى، بىر پارچە بېلىق گۆشى يېدى، ئاندىن بۇفېتنىڭ ئارقىسىدىكى تاۋار كۆڭلىكىگە كەشتىلىك تورلار

تۇتقان، يۇزىگە ئارتۇقچە گىرىم قىلىۋالغان، بۇدۇر چاچ فرانسۇز ئايالغا بىرنىمىلەرنى دەپ چاقچاق قىلىۋىدى، ئۇ ئايال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. لېۋىن بېشىغا يالغان چاچ كىيىۋالغان، يۈز ـ كۆزىگە بولۇشىچە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈۋالغان ئۇ ئايالدىن يىرگىنىپ، ھاراقتىن بىر يۇتۇممۇ ئىچمىدى، خۇددى مەينەت بىر يەردە تۇرۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ يېنىدىن دەرھال نېرى كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى كىتى توغرىسىدىكى خىياللار بىلەن تولغانىدى، خۇشاللىق ۋە بەخت كۈلكىسى كۆزلىرىدە چاقناپ تۇراتتى.

— بۇياققا كەلسىلە، جانابىي ئالىيلىرى، بۇ يەردە ھېچكىم سىلەرگە كاشىلا قىلمايدۇ، — دېدى چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان بىر قېرى تاتار ئۇلارغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ. ئۇنىڭ ساغرىسى يوغان بولغاچقا، ئۇستىدىكى فراكىنىڭ كەينى يىرىقى ئېچىلىپ كەتكەنىدى، — جانابىي ئالىيلىرى، مەرھەمەت ! — دېدى ئۇ لېۋىنغا قاراپ. ئۇ ئوبلونسكىيغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ چوڭلۇقىدىن ئۇنىڭ مېھمىنىغىمۇ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ناھايىتى تېزلىك بىلەن مىس شامدان ئاستىدىكى ئۇستەل ئۇستىگە داستىخىنى بار تۇرۇقلۇق يەنە يېڭى، پاكىز داستىخاندىن بىرنى سالدى، دۇخاۋا يوپۇق يېپىلغان ئورۇندۇقلارنى كەينىگە ئازراق تارتىپ قويدى، ئاندىن قولىدا سالفېتكا بىلەن تاماق تىزىملىكى، ئوبلونسكىينىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.

— ئەگەر جانابلىرى لايىق كۆرسە، سەل تۇرۇپ ئالاھىدە خانىمىز بوشايدۇ. ئۇ يەردە كىنەز گولىتسىن بىلەن بىر خانقىز بار، ھازىرلا قايتماقچى. بۈگۈن بىزدە يېڭى ئۇستېرتسا بار.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇستېرتسا بار دېگىن.

ئوبلونسكىي ئويلىنىپ قالدى.

— ئەسلىدىكى پىلانىمىز ئۆزگەرمەيدۇغۇ ـ ھە، لېۋىن، —

ئۇ قولى بىلەن تاماق تىزىملىكىنى كۆرسەتتى، چىرايىدىن سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — ئۇستىرتسا قانداقراق؟ ياخشىسىدىن بولسۇن جۇمۇ.

— فلېنسبۇرگنىڭكى[①]، ئوستېپىندېنىڭ[②] يوق.

— فلېنسبۇرگنىڭ بولسا فلېنسبۇرگنىڭ بولسۇن. يېڭىمۇ؟

— تېخى تۈنۈگۈنلا كەلگەن.

— ئۇنداق بولسا ئاۋۋال فلېنسبۇرگنىڭكىدىن ئېلىپ كېلىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن پىلاننى ئۆزگەرتمەيمىزمۇ، سىزنىڭچە قانداق؟

— ماڭا بەرىبىر، ماڭا ھەممىدىن بەك ياقىدىغىنى كاپوسكا شورپىسى بىلەن بۇغداي شويلىسى. ئەپسۇس، بۇ يەردە ئۇ تاماقلار يوق ـ دە.

— سىز رۇس بۇغداي شويلىسىنى دەمسىز؟ — تاتار بوۋاي ئېڭىشىپ تۇرۇپ خۇددى كىچىك بالىدىن سوراۋاتقاندەك لېۋىنىدىن سورىدى.

— يوق بولسا بولدى. سىزنىڭ بۇيرۇغانلىرىڭىز چوقۇم ياخشى تاماقلار. ئۇزاق كانكى تېپىلىپ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — ئوبلونسكىينىڭ چىرايىدا سەل رەنجىگەندەك ھالەتنى سەزگەن لېۋىن دەررۇ قوشۇپ قويدى، — سەن بۇيرۇتقان تاماقلارنى مېنى ياراتماي قېلىشاتامدىكىن دەپ ئويلاپ قالما، ماڭا قانداقلا تاماق بولسا بولۇۋېرىدۇ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. نېمىلا دېمە، تاماق يېيىش ھاياتتىكى ئەڭ راھەت ئىشلارنىڭ بىرى، — دېدى ئوبلونسكىي، — خوش، ئاغىنە، ئۇنداق بولسا بىزگە يىگىرمە، ياق، يىگىرمە بەك ئاز، ئوتتۇز تال ئۇستىرتسا كەلتۈرگىن، كاپوسكا شورپىسىمۇ بار ...

— گۆشسىز شورپا! — دېدى تاتار بوۋاي ئۇنىڭ بۇيرۇتمىسىنى فرانسۇزچە تەكرارلاپ. لېكىن، ئوبلونسكىي ئۇنىڭ

---

① گېرمانىيىنىڭ بىر شەھىرى.

② بېلگىيىنىڭ بىر شەھىرى.

تاماقلارنىڭ نامىنى قايتا فرانسۇزچە ئاتىشنى خالىمىغاندەك:

— كاپوسكا شورپىسى دەۋاتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ يەنە قالغان بېلىقىدىن ... يەنە قوۋۇرغىمۇ بار. بورداق خوراز گۆشى، يەنە مېۋە كونسېرۋاسىمۇ بولسۇن، — دېدى.

تاتار ئوبلونسكىينىڭ تاماقلارنىڭ ئىسىملىرىنى فرانسۇزچە ئاتاشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇ تاماقلارنىڭ ئىسىملىرىنى قايتا فرانسۇزچە ئاتىمىدى، لېكىن تاماق بۇيرۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىختىيارىدىن سىرت ھالدا ئۇ تاماقلارنى يەنە فرانسۇزچە ئاتاپ چىقتى. ئارقىدىنلا ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن تاماق تىزىملىكىنى قويۇپ قويۇپ، ھاراقلارنىڭ نامى يېزىلغان ئىككىنچى تىزىملىكنى ئوبلونسكىينىڭ ئالدىغا قويدى.

— قانداق ھاراق ئىچىمىز؟

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ، ئازراقتىن شامپان ئىچەيلى، — دېدى لېۋىن.

— نېمە؟ باشتىلا شامپان ئىچىمىزمۇ؟ بوپتۇ، شۇنى ئىچەيلى، سەن ئاق بويۇننى ياخشى كۆرەمسەن؟

— كاشي بلان! — دېدى تاتار بوۋاي ئۇ ھاراقنىڭ ئىسمىنى ئادىتى بويىچە يەنە فرانسۇزچە ئاتاپ.

— ئۇنداق بولسا، سەن ئاۋۋال شامپان بىلەن ئۇستىرتسانى كەلتۈرگىن، قالغىنىنى كېيىن كۆرىمىز.

— خوپ، بېگىم. ھاراققا قانداق ھاراق كەلتۈرەي؟

— نيۇئى ھارىقىنى كەلتۈرسەڭ بولار... ياق، يەنىلا كونا ماركىلىق شابلى ھارىقى تۈزۈكرەك.

— ئوبدان، بېگىم. ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان پىشلاقتىنمۇ كەلتۈرەيمۇ؟

— بولىدۇ، پارما① پىشلىقىدىن كەلتۈر. سەنمۇ بىرەر نەرسە بۇيرۇتامسەن؟

---

① پارما — ئىتالىيىنىڭ بىر شەھىرى.

— ماشا بەربىر، — دېدى لېۋىن كۆلكىدىن ئۆزىنى توختىتالماي.

تاتار بوۋاي فراكىنىڭ ئارقا پېشىنى لەپىلدىتىپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. بەش مىنۇتتىن كېيىن سەدەپ قېپىغا سېلىنغان بىر تەخسە ئۇستىرتسا بىلەن بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ كەلدى.

ئوبلونسكىي كىراخماللانغان سالفېتكىنى بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ، ئاندىن بىر ئۇچىنى جىلىتكىسىنىڭ ياقىسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويدى ۋە قولىنى ئۇستەلگە ئەپلىك قويۇۋېلىپ ئۇستىرتسانى يېيىشكە كىرىشتى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئۇ سەدەپ قۇلۇلىسى ئىچىدىن ئۇستىرتسانى كۈمۈش ۋىلكا بىلەن ئېلىپ ئاغزىغا ئارقا - ئارقىدىن سالغاچ، — بەك ياخشى پىشىپتۇ، — دېدى يەنە بىر قېتىم نەمخۇش كۆزلىرىنى گاھ لېۋىنغا، گاھ تاتارغا تاشلاپ.

لېۋىن بولكا ئىچىگە پىشلاق سېلىپ يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇستىرتسادىنمۇ ئازراق يەپ قويدى. ئۇ ئوبلونسكىينىڭ تاماقنى بېرىلىپ يېيىشكە ھەۋەس قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. ئۇلا ئەمەس، ھەتتا ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ نېپىس رومكىغا ھاراق قۇيۇۋاتقان تاتارمۇ ئۆزىنىڭ ئاق گالىستۇكىنى تۈزەۋېتىپ، زوق بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئوبلونسكىيغا پات - پات قاراپ قويۇۋاتاتتى.

— سەن ئۇستىرتسانى بەكمۇ ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟ راستمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — بىرەر ئىشتىن تەشۋىشىڭ بارمۇ يا، ھە؟

ئۇ لېۋىنىنىڭ خۇشال ئولتۇرۇشىنى خالايتتى، لېكىن ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك ئەمەس، قورۇنۇپ ئولتۇراتتى. ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى بىلەن ئايرىمخانىلاردا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشلىرىدىن، ئۇ خانىلاردىن چىقىۋاتقان چۇقان - سۈرەنلەردىن بىزار بولۇۋاتقاندەك بىر خىل بىئاراملىق ئىچىدە قالغانىدى. برونزا

قاچىلار، ئەينەكلەر، گاز لامپىلار، تاتار كۈتكۈچىلەر، ھەممە ـ ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە غەلىتە كۆرۈنەتتى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ كۆڭلىگە تولۇپ تاشقان گۈزەل تۇيغۇلىرىغا داغ تەگكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— مېنىڭمۇ؟ راست دەيسەن، ئازراق تەشۋىشىم يوقمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنىڭ ھەممە نېمىسى يۈرىكىمنى سىقىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى لېۋىن، — بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ مەن سەھرالىقنى سېنىڭ ئىشخاناڭدا كۆرگەن ھېلىقى ئەپەندىنىڭ ئۇزۇن تىرناقلىرى بىزار قىلغىنىدەك بىزار قىلىۋاتقانلىقىنى سەن تەسەۋۋۇرۇڭغا سىغدۇرالمايسەن ...

— راست، بىچارە گرىنېۋىچنىڭ تىرناقلىرىنىڭ سېنى ھەيران قالدۇرغانلىقىغا مەنمۇ دىققەت قىلغان، — دېدى ئوبلونسكىي كۈلۈپ كېتىپ.

— مەن بۇ ئىشلارغا زادىلا كۆنەلمىدىم، — دېدى لېۋىن، — سەن ئۆزۈڭنى مېنىڭ ئورنۇمغا قويۇپ تۇرۇپ، بىر سەھرالىق ئادەمنىڭ قارىشى بىلەن ئويلاپ باقىن. يېزىدا بىز قوللىرىمىزنى ئەمگەك قىلىشقا ئەپلىك قىلىپ تۇتۇشقا تىرىشىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرناقلىرىمىزنى ئېلىپ تۇرىمىز، بەزىدە يەڭلىرىمىزنى جەينىكىمىزگىچە تۈرۈۋېتىمىز. لېكىن، بۇ يەردە كىشىلەر تىرناقلىرىنى ئەتەي ئۆستۈرۈۋېتىدىكەن، قانچە ئۇزۇن ئۆسسە شۇنچە ياخشى ئىكەن، قوللىرىنى ھېچقانداق ئىشقا سالمايدىغاندەك قىلىپ، يەڭلىرىگە تەخسىدەك يوغان تۈگمىلەر تاقىۋېلىشىدىكەن.

ئوبلونسكىي ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ كۈلۈپ ئولتۇردى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — بۇلار ئۇنىڭ قارا ئىشلارنى قىلمايدىغان، ئەقلىي ئەمگەك قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ...

— ئېھتىمال شۇنداقتۇر. لېكىن، ماڭا غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تاماق يېيىشلىرىمۇ ھەم شۇنداق. بىز

يېزىلىقلار ئىشىمىزغا تېزرەك بېرىش ئۈچۈن تاماقنى ناھايىتى تېز يەيمىز، بۇ يەردە بولسا تاماقنى ناھايىتى ئاستا يەيدىكەنمىز، يەنە تېخى تاماقنىڭ ئالدىدا ئۈستىرتساغا ئوخشاش بىر نېمىلەرنى يەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدىكەنمىز ...

— بۇ توغرا، ئەلۋەتتە، — دېدى ئوبلونسكىي ئادەتتىكىدەكلا گەپ قىلىپ، — مەدەنىيەتنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ: ھەممە نەرسىدىن لەززەت ئېلىشنى بىلىش كېرەك.

— ئەگەر مەدەنىيەتنىڭ مەقسىتى مۇشۇلا بولىدىغان بولسا، مەن ياۋايى ئادەم بولۇپ كېتىشكە رازى.

— سەن ئۇنىڭسىزمۇ ياۋايىغۇ. سىلەر لېۋىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىڭلار ياۋايى.

لېۋىن خورسىنىپ قويدى. ئاكىسى نىكولاي يادىغا كېلىپ نومۇسلاندى ۋە ئازابلاندى، چىرايى تۇرۇلدى. لېكىن، ئوبلونسكىي باشقا بىر ئىش توغرۇلۇق گەپ باشلىغانىدى، دەرھال يەنە دىققىتى شۇ ئىشقا بۆلۈندى.

— خوش، بۈگۈن كەچتە سەن بىزنىڭكىگە، يەنى شېرباتسكىيلارنىڭكىگە بارامسەن؟ — دېدى ئوبلونسكىي ئىچى بوشىغان مۇدۇر - چوقۇر سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ قاپلىرىنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ پىشلاقنى ئالدىغا تارتقاچ، مەنىلىك ئاھاڭدا.

— بارىمەن، چوقۇم بارىمەن، — دېدى لېۋىن جاۋابەن، — گەرچە كىنەز خانىم مېنى ئۆيىگە سۇس تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ بارىمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ يوق گەپنى قىلما، بۇ كىنەز خانىمنىڭ ئادىتى ... قېنى، ئاغىنە، ئەمدى شورپىنى كەلتۈر ! ... ئۇنىڭ مىجەزى شۇ، مۆتىۋەر خانىملاردىن بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، — دېدى ئوبلونسكىي، — مەنمۇ بارىمەن، لېكىن ئاۋۋال گراف بانىنا خانىمنىڭ مۇزىكا يىغىلىشىغا بېرىشىم كېرەك. ئېيتقىنا، سەن ياۋايى بولماي نېمە؟ سېنىڭ ئۆتكەندە موسكۋادىن تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتكىنىڭنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

خۇددى سىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىڭىزنى مەن بىلمىدىغاندەك، شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر سىزنى نەگە كەتتى، دەپ تىنماي مەندىن سوراپ يۈردى. مەن پەقەت سىزنىڭ باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان مۇشۇ بىرلا ئىشىڭىزنى بىلىمەن.

— راست دەيسەن، — دېدى لېۋىن ھاياجان بىلەن ئاستا سۆزلەپ، — ئېيتقىنىڭ توغرا، مەن ئازراق ياۋايى، لېكىن مېنىڭ ياۋايىلىقىم موسكۋادىن كەتكەنلىكىمدە ئەمەس، بەلكى ھازىر يەنە يېنىپ كەلگەنلىكىمدە. مەن ھازىر ...

— پاھ، سەن نېمىدېگەن تەلەيلىك ! — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ.

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسەن؟

— مەن يۈگۈرۈك ئاتنى تۇياق ئىزلىرىدىن، يىگىتنىڭ ئاشىقلىقىنى كۆزلىرىدىن بىلىمەن، — دېدى ئوبلونسكىي دېكلاماتسىيە قىلغاندەك، — سېنىڭ ئىستىقبالىڭ پارلاق !

— سېنىڭچۇ؟ سېنىڭ ھەممە ئىشىڭنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟

— مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپمۇ كەتمىگەندۇ، ئەمما ماڭا قارىغاندا سېنىڭ ئىشلىرىڭ ئالدىڭدا. مەن ھازىر كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىچىگە پېتىپ قالدىم، يا نېرى ئەمەس، يا بېرى ئەمەس.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟

— يامان ئەھۋالدىمەن. ھەي، ئۆزۈم توغرۇلۇق گەپ قىلمايلا قوياي، گەپ قىلساممۇ نەدىن باشلىشىمنى بىلمەيمەن، — دېدى ئوبلونسكىي، — قېنى ئېيتقىنا، موسكۋاغا زادى نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ ... ھەي، بۇياققا كەل ! — دەپ ئۇنلۇك چاقىردى ئۇ تاتارنى.

— سەن دەپ باققىنا، پەرەز قىلالىدىڭمىكىن؟ — دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا جاۋابەن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئوبلونسكىيدىن ئالماي.

— پەرەز قىلالايمەن، ئەمما بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز

ئېچىشتىن قىسىلىپ تۇرىمەن، — دېدى ئوبلونسكىي قۇۋ كۈلۈمسىرىشى بىلەن لېۋىنغا قاراپ.

— خوش، ماڭا نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟ — دېدى لېۋىن سەل تىترىگەن ئاۋازدا. شۇ گەپ بىلەن تەڭ، ئۇ يۈزىنىڭ ھەممە گۆشلىرى تارتىشىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىپ قالدى، — ئۆزۈڭ پەرەز قىلغان ئۇ ئىشقا سەن قانداق قارايسەن؟

ئوبلونسكىي كۆزلىرىنى لېۋىندىن ئالماي تۇرۇپ، ئىستاكاندىكى شابلى ھارىقىنى ئالدىرىماي ئىچىۋەتتى.

— مەنمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي، — مەن دۇنيادا بۇ ئىشتىن ياخشى ئىش يوق دەپ ئويلايمەن. راست يوق، ئۇنىڭدەك ياخشى ئىشنى ھېچقانداق يەردىن تاپالمايسەن.

— يېڭىلىشىپ قېلىۋاتمايدىغانسەن؟ نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ سۆزلەۋاتامسەن؟ — دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرۇپ، — سېنىڭچە، بۇ ئىشتىن ئۈمىد بارمۇ؟

— ئۈمىد بار، نېمىشقا يوق بولسۇن.

— ياق، توختا، سەن راستىنلا بۇ ئىشتىن ئۈمىد بار دەپ ئويلامسەن؟ ياق، سەن راستىنى ئېيت، نېمىنى ئويلىغان بولساڭ شۇنى سۆزلە! ناۋادا، تەكلىپىم رەت قىلىنسىچۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقىمغا ئىشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن ...

— سەن زادى نېمىگە ئاساسەن شۇنداق ئويلايسەن؟ — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ تەشۋىشلىنىپ تۇرغانلىقىغا كۈلۈپ.

— ئارىلاپ ئاشۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالىدىغان بولسا، مەن ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن سەت بىر ئىش بولىدۇ.

— بۇ قىز بالا ئۈچۈن ھېچقانداق سەت ئىش ئەمەس، ھەرقانداق قىز ئالدىغا ئەلچى كەلسە ماختىنىدۇ تېخى.

— باشقا قىزلار ماختانسا ماختىنىدىغاندۇ، ئەمما ئۇ ماختانمايدۇ.

ئوبلونسكىي ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ لېۋىننىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىنى، دۇنيادىكى قىزلارنى ئىككى خىلغا بۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر خىلدىكى قىزلار، كىتىدىن باشقا بارلىق قىزلار بولۇپ، ھەممىسىلا ئىنسانلاردا بولىدىغان بارلىق كەمچىلىكلەر بار ئاددىي قىزلار ئىدى؛ يەنە بىرى، پۈتۈن ئىنسانىيەتتىن يۇقىرى تۇرىدىغان، ھېچقانداق كەمچىلىكى يوق كىتى ئىدى.

— ئالدىرىما، سوئۇستىن ئازراق قۇيغىن، — دېدى ئوبلونسكىي لېۋىننىڭ سوئۇستىنى نېرى ئىتتىرىپ قويۇۋاتقان قولىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ.

لېۋىن ئىتائەتمەنلىك بىلەن تەخسىگە سوئۇستىنى ئازراق قۇيدى، لېكىن ئوبلونسكىينى تاماق يېيىشكە قويمىدى.

— ياق، سەل توختاپ تۇر، — دېدى ئۇ، — سەن چۈشەنگىن، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن ھايات ياكى ئۆلۈم مەسىلىسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىش توغرۇلۇق ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمىدىم ھەم ھېچكىم بىلەن سەن بىلەن سۆزلەشكەندەك بۇنداق ئوچۇق سۆزلىشەلمەيمەن. ئەمەلىيەتتە، ئىككىمىز ھەممە تەرەپتىن ئوخشاشمايمىز: ھەۋەسىمىزمۇ، كۆز قاراشلىرىمىزمۇ، باشقا تەرەپلىرىمىزمۇ ئۆزگىچە. ئەمما، مەن سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى، چۈشىنىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، مەنمۇ سېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا، خۇدا ھەققى، راست گېپىڭنى بىرىنى قالدۇرماي ئېيتقىن.

— مەن ساڭا نېمىنى ئويلىغان بولسام شۇنى دەۋاتىمەن، — دېدى ئوبلونسكىي كۈلۈپ قويۇپ، — لېكىن، ئالدى بىلەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، مېنىڭ خوتۇنۇم بەكمۇ غەلىتە ئايال ... — ئوبلونسكىي ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئويلاپ خورسىنىپ قويدى، بىردەم شۈك بولۇپ قېلىپ، ئاندىن يەنە دېدى، — ئۇنىڭ ئالدىن بىلىش ئىقتىدارى بار، بولۇپمۇ نىكاھ ئىشلىرىدا. مەسىلەن، ئۇ شاخوۋسكايا

بىرىنتىپىلىنغا تېگىدۇ، دېگەندە، ھېچكىم ئۇنىڭ دېگىنىنگە ئىشەنمىگەن، كېيىن دەل شۇنداق بولۇپ چىقتى. بۇ ئىشتا ئۇ سىنى قوللايدۇ.

— قانداق دەيسەن؟

— مۇنداق گەپ. ئۇ ھازىر سىنى ياخشى كۆرگەندىن تاشقىرى، كىتى شۇبھىسىز لېۋىنغا تېگىدۇ، دەپ يۈرۈۋاتىدۇ.

لېۋىننىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇئان چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، ھەتتا تەسىرلىنىپ كېتىپ يىغلاپ تاشلىغىلى ئاز قالدى.

— ئۇ ناھايىتى جايىدا گەپ قىپتۇ، — دەپ توۋلاپ كەتتى لېۋىن، — مەن ساڭا ھەمىشە، خوتۇنۇڭ بەك بەلەن خوتۇن، دەيتتىمغۇ؟ دېگىنىمدەكمىكەن؟ بۇ ئىش توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىشىپ كەتتۇق، ئەمدى بولدى قىلايلى، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بولىدۇ، ئەمما جايىڭدا ئولتۇرغىن.

لېۋىن جايىدا ئولتۇرالمىدى، كاتەكتەك ئۆيدە قاتتىق دەسسەپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئىككى قېتىم مېڭىپ، ياشقا تولغان كۆزىنى ئوبلونسكىينىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىرپىكلىرىنى بىر - ئىككى قېتىم قېقىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بىلىشىڭ كېرەككى، ئوبلونسكىي، — دېدى ئۇ، — بۇ ئادەتتىكى مۇھەببەت ئەمەس. مەن ئىلگىرى بىرلىرىگە ئاشىق بولغان، لېكىن بۇ قېتىمقىسى ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. مەندىكى بۇ خىل ھېسسىيات ئۆزۈمنىڭ ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر بىر تاشقى كۈچنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ھېسسىيات بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. راستىمنى ئېيتسام، ئۆتكەندە موسكۋادىن كېتىپ قېلىشىم ئۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كۆزۈم يەتمىگەنلىكتىن بولغانىدى، بۇ ئالەمدە يوق بەختنىڭ كەينىدىن چېپىپ يۈرگەندەك بولۇپ قالغاندىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچىمدە بىر قەپەس كۆرەش بولۇپ، ئاخىر ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىمنى، بۇ ئىشنى

چوقۇم ھەل قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلدىم ...

— زادى نېمە ئۈچۈن كېتىپ قالغانىدىڭ؟

— بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەيلى، ھازىر ئىچىمدە ئويلىغانلىرىم شۇنچىلىك كۆپ، كۆپ نەرسىلەرنى سەندىن سورىشىم كېرەك تېخى. سېنىڭ بايىقى گېپىڭنىڭ ماڭا بولغان رولىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولغانلىقىنى سەن تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايسەن. مەن شۇنچىلىك بەختلىكمەنكى، بەختتىن ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغۇدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ھەممىنى ئۇنتۇدۇم ... ئاكام نىكولاي مەشەدىكەن، بۇگۇن بىلدىم ... ھەتتا مەن ئۇنىمۇ يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىكەنمەن. ماڭا ئۇمۇ بەختلىكتەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئەمما، بىر ئىش بار، بەكمۇ قورقۇنچلۇق ... سەن تويى قىلغان ئادەم، شۇڭا بۇ خىل ھېسسىياتنى چوقۇم چۈشىنىسەن ... قورقۇنچلۇقى، بىزنىڭ يېشىمىز بىر يەرگە بارغان، ئۆتمۈشىمىز ... مۇھەببەت بىلەن ئەمەس، گۇناھ بىلەن تولغان كىشىلەرمىز ... مانا ئەمدى پاك، گۇناھسىز بىر قىزغا تۇيۇقسىز يېقىنلاشماقچى بولۇۋاتىمىز. بۇ ئىنتايىن نەپرەتلىنەرلىك ئىش، شۇڭا ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا لايىق دەپ ھېس قىلالمايمەن.

— ھەي، سېنىڭ ئۇنچىلا كۆپ گۇناھىڭ يوق.

— بار، — دېدى لېۋىن، — قانداقلا دېمە، بار. «نەپرەت بىلەن ھاياتىمغا تاشلىسام نەزەر، تىترەيمەن، قارغايمەن، تاشىدۇ غەزىپىم ئۆزۈمگە ھەردەم ...» ئەنە شۇنداق ئادەم بىز.

— ئۇنىڭغا نە ئىلاج؟ ئادەم شۇنداق يارىتىلغان تۇرسا، — دېدى ئوبلونسكىي.

— مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم بىردىنبىر ياخشى كۆرىدىغان «مېنى قىلغان ئىشىمغا قاراپ كەچۈرمەي، رەھىمدىللىكىڭ بىلەن كەچۈرگىن» دېگەن دۇئا بىلەن تەسەللى بېرىمەن، پەقەت شۇنىڭدىلا ئۇ مېنى كەچۈرۈشى مۇمكىن.

# 11

لېۋىن رومكىسىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئىككىسى بىردەم جىمجىت ئولتۇرۇشتى.

— مەن ساڭا يەنە بىر گەپنى دەپ قويماقچى، سەن ۋرونسكىينى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى ئوبلونسكىي لېۋىندىن.

— ياق، تونۇمايمەن. بۇنى نېمىگە سوراپ قالدىڭ؟

— هاراقتىن يەنە بىر بوتۇلكا ئەكەل ! — دەپ بۇيرۇدى ئوبلونسكىي تاتارغا. ئۇ تاتار قىلىدىغان ئىشى يوق، ئۇلارغا هاراق قۇيۇپ بەرگەچ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— ۋرونسكىينى بىلىشىمنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار؟

— سەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشۇڭ كېرەك، چۈنكى ئۇ سېنىڭ مۇهەببەتتىكى رەقىبلىرىڭنىڭ بىرى.

— ۋرونسكىي دېگىنىڭ كىم ئۇ؟ — سورىدى لېۋىن. ئۇنىڭ بايا ئوبلونسكىينىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ تۇرغان بالىلارچە خۇشال چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ ئاچچىق ۋە غەزەپكە تولدى.

— ۋرونسكىي گراف كىرىل ئىۋانوۋىچ ۋرونسكىينىڭ ئوغلى، پېتېربۇرگ بەگزادىلىرىنىڭ ئۆرنەكلىرىنىڭ بىرى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تۋېردا هەربىيدە بىللە تۇرغان چېغىمدا تونۇشقان. ئۇ دائىم ئەسكەر ئېلىشقا كېلىپ تۇراتتى، بەكمۇ باي، ئۆزى كېلىشكەن يىگىت، تونۇش - بىلىشلىرىمۇ كۆپ. ئوردىدا ئادىيۇتانت بولغان، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ياخشى ئادەم. ئاق كۆڭۈللا بولۇپ قالماي، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بايقىشىمچە، تەربىيە كۆرگەن هەم ناهايىتى ئەقىللىق، ئىستىقبالى بار يىگىتتەكمۇ كۆرۈنىدۇ.

لېۋىن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ھە راست، ئۇ سەن كەتكەندىن كېيىن بۇ يەرگە كەلگەن. مېنىڭ سېزىشىمچە، ئۇ كىتتىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ ھەم شۇ ...

— كەچۈرگىن، بۇ گېپىڭنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، — دېدى لېۋىن چىرايى تۇتۇلغان، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا. شۇ ئارىدا بىردىنلا ئاكىسى يادىغا كېلىپ، ئۇنى يادىدىن چىقىرىپ قويغىنىنى ئۇچۇن ئۆزىگە قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

— بەك ھاياجانلىنىپ كەتمە، ئۆزۈڭنى بېسىۋال ! — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كۈلگەن ھالدا، — مەن ساڭا بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردىم. ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، ھەر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ نازۇك ئىشتا سېنىڭ تارازاڭ بېسىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

چىرايى ئۆچكەن لېۋىن ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىدى.

— لېكىن، مېنىڭ ساڭا مەسلىھەتىم، بۇ مەسىلىنى پاتىراق ھەل قىلىۋەتكىن، — دېدى ئوبلونسكىي لېۋىننىڭ رومكىسىغا ھاراق قۇيۇپ بېرىۋېتىپ.

— ماڭا بولدى، رەھمەت، ئەمدى ئىچەلمەيمەن، — دېدى لېۋىن رومكىنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، — يەنە ئىچسەم مەست بولۇپ قالىمەن ... خوش، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، قانداقلا ئەھۋالدا بولسۇن، بۇ ئىشنى چاپسانراق بىر تەرەپ قىلىۋەت. بۈگۈن ئاخشام بارما، — دېدى ئوبلونسكىي، — ئەتە ئەتىگەندە بېرىپ تەلىپىڭنى قويغىن.

— سەن ئۇزاقتىن بېرى بىز تەرەپكە ئوۋ ئوۋلىغىلى بارىمەن دەپ يۈرەتتىڭغۇ؟ كېلەر يىلى باھاردا بارغىن، — دېدى لېۋىن.

لېۋىن ئوبلونسكىي بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق

سۆزلەشكىنىگە بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر پېتېربۇرگلىق ئوفىتسېرنىڭ ئۆزى بىلەن رىقابەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپلىرى، يەنە تېخى پەرەزلىرى، مەسلىھەتلىرى ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ھېسسىيات بىلەن تولغان كۆڭلىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويغانىدى.

ئوبلونسكىي مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ لېۋىنىنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— سەن تەرەپكە چوقۇم بارىمەن، — دېدى ئۇ، — ھەي، ئاغىنە، خوتۇن كىشى بارغۇ چاقپەلەكنىڭ ئۆزى، ئەر كىشىنى ئەتراپىدىن كېتەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. مېنىڭ ئەھۋالىمىمۇ چاتاق، بەك چاتاق، ھەممىسى ئايال خەقنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ. سەن ماڭا ئوچۇقىنى ئېيت، — ئۇ سىگارتتىن بىرنى ئېلىپ، بىر قولى بىلەن رومكىنى ئۈستىدىن بېسىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قانداق قىلسام بولىدۇ، ماڭا بىر مەسلىھەت بەر.

— نېمە ئىشىڭ توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىمەن؟

— مۇنداق گەپ، مەسلەن ئېيتايلى، سەن توي قىلدىڭ، خوتۇنۇڭنى ياخشى كۆرىسەن، لېكىن سەن يەنە باشقا بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ ...

— كەچۈرگىن، بۇ گېپىڭدىن مەن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدىم، بۇ گېپىڭ خۇددى ... مەسىلەن دەيلى، مەن ھازىر مەشەدە قورسىقىمنى تويغۇزۇپ چىقىپ، بولكىخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بولكا ئوغرىلىغاندەك چۈشىنىكسىز بىر گەپ بولدى.

ئوبلونسكىينىڭ كۆزلىرى ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك پارقىراپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇنىڭ چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟ بەزىدە سېرىقمايدا قىلىغان بولكىنىڭ پۇرىقى بۇرنۇڭغا شۇنچىلىك مەززىلىك پۇرايدۇكى، ئۆزۈڭنى تۇتالماي قالىسەن.

ئىنساني ھەۋەسىمنى يەڭسەم مەن ئەگەر،
بارىكالللا دەيتتىم، بارىكالللا؛
بۇ نىيىتىمگە يەتمىسەم ئەگەر،
راھەت ـ لەززەت كۆرگىنىم قالا[1]!

ئوبلونسكىي بۇ مىسرالارنى ئېيتىۋېتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، لېۋىنمۇ ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كەتتى.

— بولدى، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، — دېدى ئوبلونسكىي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ساڭا دېسەم، ئۇ ئايال شۇنچىلىك مۇلايىم، ھېسسىياتقا باي ھەم شۇنچىلىك ئوماق، ھەم بىر بىچارە مۇساپىر، بىراۋنى دەپ ھەممىدىن ۋاز كەچكەن. ئەمدى ئىش پۈتۈپ بولغاندا ئۇنى تاشلىۋېتىش كېرەكمۇ؟ ماقۇل، ئۆينى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپمۇ كېتەي، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىسا، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمىسام، ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئازابىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەتمىسەم بولامدۇ؟

— كەچۈرگىن، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەن دۇنيادىكى خوتۇنلارنى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، دەپ ئويلايمەن ... مەن ھەم بۇزۇق، ھەم ئوماق خوتۇنلارنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم، ئۇنداقلارنى يوق دەپمۇ ئويلايمەن. پەشتاختىدا تۇرغان، چېچىنى بۇدۇر قىلىۋالغان، يۈز ـ كۆزىنى بويىۋالغان ئاۋۇ فرانسۇز ئايالنى ئالايلى، ئۇ ئايال كىشى ئەمەس، بەئەينى ئالۋاستىنىڭ ئۆزى، بۇزۇق خوتۇنلار ئەنە ئاشۇنداق بولىدۇ.

— ئۇنداقتا «ئىنجىل»دا دېيىلگەن ھېلىقى ئايالچۇ[2]؟

---

① بۇ ئاۋستىرىيە كومپوزىتورى جون ستراۋسنىڭ مەشھۇر ئوپېراسى «شەپەرەڭ»دىكى ناخشا تېكىستى.

② «ئىنجىل»دىكى يامان يولدىن قايتىپ ياخشى ئايال بولغان مادراد مارىيانى دېمەكچى.

— بولدى، قويساڭچۇ ! ئەگەر ئىيسا پەيغەمبەر كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى بۇزۇپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا گەپ قىلمايلا قويغان بولاتتى. كىشىلەر پۈتۈن «ئىنجىل»دىن ئاشۇنداق سۆزلەرنىڭ پەقەت بىرنەچچىسىنىلا ئېسىدە تۇتۇۋالغان. راستىمنى ئېيتسام، مەن ئويلىغىنىمنى ئەمەس، سەزگىنىمنى دەۋاتىمەن. مەن بۇزۇق خوتۇنلارغا نەپرەتلىنىمەن. سەن ئۆمۈچۈكتىن قورقىسەن، مەن بولسام ئاشۇنداق جىن - شاياتۇنلاردىن قورقىمەن. سەن چوقۇم ئۆمۈچۈكلەرنى تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلمەيسەن، مەنمۇ ئۇنداق ئاياللارنى چۈشەنمەيمەن.

— بۇنداق دېيىش ساڭا ئوڭاي. خۇددى دىككېنسنىڭ رومانىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى سول قولى بىلەن ئېلىپ ئوڭ مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىۋېتىدىغان ھېلىقى ئەپەندىنىڭ قىلىقىغا ئوخشاش، پاكىتنى رەت قىلىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. قېنى ئېيتقىنا، مەن قانداق قىلاي؟ نېمە قىلىشىم كېرەك؟ خوتۇنۇڭ قېرىپ كەتكەن، ئۆزۈڭ ياش، روھىڭ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. كۆزۈڭنى ئېچىپ قارىساڭ، خوتۇنۇڭنى قانچە ئىززەتلىگىنىڭ بىلەنمۇ بەرىبىر يۈرىكىڭدە ئۇنىڭغا مۇھەببەتنىڭ يوقلۇقىنى سېزىسەن. مۇشۇنداق چاغدا بىرىگە ئىشقىڭ چۈشۈپ قالسا تۈگەشكىنىڭ شۇ، تۈگىشىسەن ! — دېدى ئوبلونسكىي ئەلەم بىلەن.

لېۋىن بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنداق، تۈگىشىسەن ! — دېدى ئوبلونسكىي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — لېكىن، ئامال قانچە؟

— شۇنداقتىمۇ بولكا ئوغرىلىماسلىق كېرەك - دە.

ئوبلونسكىي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ۋاھ، ھەقىقىي نەسىھەتچى - دە، سەن ! ئەمما، بىلىشىڭ كېرەككى، ھازىر بىزدە ئىككى خىل ئاياللار مەۋجۇت: بىرى خىلى، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدا، يەنى سېنىڭ ئۆزىگە بولغان

مۇھەببىتىڭدە چىڭ تۇرىدۇ، لېكىن سەن مۇھەببىتىڭنى ئۇنىڭغا بىرەلمەيسەن؛ يەنە بىر خىلى، سىنى دەپ ھەممە نېمىسىدىن كېچىدۇ، سىنىڭدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەن قانداق قىلىسەن؟ قانداق قىلساڭ ياخشى بولىدۇ؟ پاجىئە ئەنە شۇنىڭدا !

— ئەگەر سەن بۇ ئىشقا بولغان مېنىڭ قارىشىمنى بىلمەكچى بولساڭ، مەن ساڭا دەپ بېرەي، مەن بۇ يەردە بىرەر پاجىئەنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: مېنىڭچە، مۇھەببەت... پلاتون ئۆزىنىڭ «زىياپەت» دېگەن ئەسىرىدە ئېيتقان ئىككى خىل ئوخشاشمىغان مۇھەببەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى كىشىلەر ئۇچۇن سىناق تارازىسى، بەزىلەر بۇ خىل مۇھەببەتنى بىلسە، بەزىلەر يەنە بىر خىل مۇھەببەتنى بىلىدۇ، پلاتونچە مۇھەببەتنى چۈشەنمىگەنلەر ئۇچۇن پاجىئەنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ خىل مۇھەببەتتە پاجىئە مەۋجۇت بولمايدۇ. «سىزنىڭ مېنى رازى قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، خەير ـ خوش !» دەپ چىقىپ كېتىۋېرىسەن، پاجىئەيىڭ شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. پلاتونچە مۇھەببەتتە ھېچقانداق پاجىئەنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇنداق مۇھەببەت پاك ۋە ساپ ...

دەل شۇ چاغدا لېۋىنىنىڭ گۇناھلىرى بىلەن بېشىدىن ئۆتكەن ئىچكى كۆرەشلىرى يادىغا كېلىپ، ئويلىمىغان يەردىن مۇنداق قوشۇمچە قىلدى:

— كىم بىلىدۇ، سىنىڭ دېگەنلىرىڭمۇ توغرىدۇ، شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ... لېكىن، بۇنىڭغا كېسىپ بىرنېمە دېيەلمەيمەن، راستىنلا بىرنېمە دېيەلمەيمەن.

— ئەمما، شۇنى بىلگىنكى، — دېدى ئوبلونسكىي، — سەن ھەرقانداق ئىشقا جىددىي قارايدىغان ئادەمسەن، بۇ سىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىڭ ھەم كەمچىلىكىڭ. ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ھەممىلا ئىشقا جىددىي قاراپ كەتسەڭ بولمايدۇ. مەسىلەن

ئالايلى، سەن جامائەت ئىشلىرىنى كۆزۈڭگە ئىلمايسەن، چۈنكى ئۇنىڭ سىنىڭ مەقسىتىڭگە ئۇيغۇن بولۇشىنى، مۇھەببەت بىلەن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ مەڭگۇ بىر- بىرىدىن ئايرىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىسەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق بولۇش مۇمكىن ئەمەس. كىشىلىك ھاياتتىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەر، بارلىق جەلىپكارلىقلار، بارلىق گۈزەللىكلەر يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن تەركىب تاپقان.

لېۋىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن ھېچنېمە دېمەي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ ئولتۇردى. ئۆزىنىڭ خىياللىرى بىلەن بەند بولۇپ، ئوبلونسكىينىڭ گەپلىرىنى تىڭشىمىغانىدى.

ئىككىسى گەرچە دوست بولسىمۇ، بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىۋاتقان، ھاراق ئىچىشىۋاتقان بولسىمۇ، مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ يېقىندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ خىياللىرى بىلەن بەند ئىكەنلىكىنى، بىر - بىرىنىڭ ئىشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈشۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالدى. ئوبلونسكىي تاماقتىن كېيىن ئىككىسىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ تېخىمۇ ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقىنى، تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆپ قېتىم سەزدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇنداق چاغدا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى.

— تاماقنىڭ پۇلىنى ھېسابلىۋەت ! — دېدى ئۇ كۇتكۇچىگە. ئاندىن ياندىكى چوڭ زالغا چىقتى ۋە ئۇ يەردە تونۇش بىر ئاديوتانت بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم بىر ئارتىس ۋە ئۇنىڭ خوجايىنى توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدى. ئوبلونسكىي ئۇ ئاديوتانت بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن خېلىلا يەڭگىللەپ ۋە ئارام ئېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. لېۋىن بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئۇ روھىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە خېلىلا چارچىغانىدى، ئۇ چارچاشلىرىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تاتار ھېسابات تالوننى ئېلىپ كەلدى. جەمئىي يىگىرمە ئالتە رۇبلى

نەچچە كوپېيكا بوپتۇ، تاتارغا بېرىدىغان تاپان ھەققىنى قوشقاندا لېۋىننىڭ تۆلەيدىغىنى ئون تۆت رۇبلى بولىدىكەن. ئەگەر باشقا چاغ بولغان بولسا، بۇ سەھرالىق شۇنچە كۆپ پۇل خەجلىۋەتكىنىگە ھەيران قالغان بولاتتى، لېكىن بۈگۈن پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي دەررۇ تۆلىۋېتىپ، ئۆيگە قايتىپ بېرىپ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇۋېلىش، ئاندىن ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىر تەرەپ بولىدىغان شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

# 12

كىتى شېرباتسكايا بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا كىردى. قىشتا ئۇ تۇنجى قېتىم ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە كىرگەندى. جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ئۇتۇقى ھەر ئىككى ھەدىسىنىڭكىدىنمۇ، ھەتتا كىنەز خانىمىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. موسكۋانىڭ تانسخانىلىرىدا تانسا ئوينايدىغان ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى ياخشى كۆرۈپلا قالماي، تۇنجى قىشنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭغا ئەستايىدىل تەلەپ قويغان ئىككى لايىقمۇ چىقىپ قالدى: ئۇلار لېۋىن، لېۋىن موسكۋادىن كەتكەندىن كېيىن پەيدا بولغان گراف ۋرونسكىي ئىدى.

لېۋىننىڭ قىشنىڭ بېشىدا پەيدا بولۇپ پات - پات كېلىپ تۇرۇشى ۋە كىتىگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ ئاشكارا بىلىنىپ تۇرغانلىقى كىتىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى قېتىم قىزىنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا تالاش - تارتىشنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولدى. كىنەز لېۋىننىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، كىتى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياخشىراق لايىق يوق، دەيتتى. كىنەز خانىم بولسا ئاياللارنىڭ مەسىلىنى چەتنەپ

ئۆتىدىغان ئادىتى بويىچە، كىتى تېخى ياش، لېۋىننىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى تېخى كۆرمىدۇق، كىتىنىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلى يوق، دېگەندەك نۇرغۇن باھانىلەرنى كۆرسىتەتتى، لېكىن ئۇنىماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبنى، يەنى قىزىغا ياخشىراق لايىق كۈتۈۋاتقىنىنى، لېۋىننىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغانلىقىنى، ئۇنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى دېمەيتتى. لېۋىن تۇيۇقسىز موسكۋادىن خوشلاشمايلا كېتىپ قالغاندا، كىنەز خانىم خۇشال بولۇپ، ئېرىگە: «كۆردىڭىزمۇ، مېنىڭ دېگىنىم راستىكەن؟» دېگەندى. كېيىن ۋرونسكىي پەيدا بولغاندا خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، كىتىنىڭ ياخشى لايىقلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئېسىل لايىق تاپالايدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندى.

كىتىنىڭ ئاپىسى ۋرونسكىينى لېۋىنغا زادىلا تەڭلەشتۈرمەيتتى. لېۋىننىڭ كەسكىن ۋە غەلىتە مۇلاھىزىلىرىنى، ئاقسۆڭەكلەر سورۇنلىرىدا سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ قولاشمايدىغانلىقىنى — ئۇ ئۇنى تەكەببۇرلۇقىدىن شۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى — ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئات ـ ئۇلاغ ۋە دېھقانلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغان قوپال سەھرالىقلارچە تۇرمۇش ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئەڭ ياقتۇرمىغىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، شۇنى دەپ يېرىم ئايچە ئۆيگە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپمۇ، توي توغرۇلۇق ئېغىز ئاچسام سەت بولارمىكىن دېگەندەك، ساقلاپ، كۆزىتىپ يۈرۈۋاتقانلىقى ئىدى. ياش بىر قىزنىڭ ئۆيىگە كەلگەن يىگىتنىڭ كېلىش مەقسىتىنى چوقۇم بىلدۈرۈشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. كېيىن ئۇ تۇيۇقسىز خوشلاشمايلا كېتىپ قېلىۋىدى، كىنەز خانىم: «ئۇنىڭ كۆرۈمسىز ئادەم ئىكەنلىكىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، شۇڭا كىتى ئۇنى ياخشى كۆرمىدى» دەپ ئويلىدى.

ۋرونسكىي ھەممە تەرەپتىن كىتتىنىڭ ئاپىسى ئويلىغاندەك پۇلى بار، ئەقىللىق، ئائىلە كېلىپ چىقىشىمۇ ياخشى، ئوردا خىزمىتىدە ئىستىقبالى ئاجايىپ پارلاق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك يىگىت ئىدى، ئۇنىڭدىن ياخشىراق يىگىتنىڭ چىقىشى ئەمدى تەس ئىدى.

ۋرونسكىي تانسلاردا كىتتىنىڭ كۆڭلىگە يېقىشقا تىرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تانسا ئوينايتتى، دائىم ئۆيىگە بېرىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كىتتىگە كۆڭلىنىڭ بارلىقىغا قىل سىغمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ كىتتىنىڭ ئاپىسى قىش بويى غەم ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالمىدى.

ئۇ ئۆزى بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى ھاممىسىنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن ئەرگە تەگكەنىدى. كۈيئوغۇل —— ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۇلارغا بۇرۇنلا مەلۇم ئىدى —— ئۆيگە كەلگەندە قىزنىمۇ كۆرگەن، ئۆزىنىمۇ ئۇلارغا كۆرسەتكەنىدى. ئەلچى بولغان ھاممىسى كېيىن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلىرىگە يەتكۈزگەن. ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە ياخشى تەسىر قالدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر كۈننى بېكىتىپ، شۇ كۈنى كىنەز قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ مەقسىتىنى ئېيتقان، ئۇلار ئۇنىڭ تەلىپىنى شۇ يەردىلا قوبۇل قىلغان، نەتىجىدە ئىشلار شۇنداق ئوڭاي ھەم چاپسان بىر تەرەپ بولغانىدى، بولۇپمۇ كىنەز خانىمغا شۇنداق سېزىلگەنىدى. لېكىن، ئۇ قىزلىرىنى ئەرگە بېرىش ئادەتتىكىدەك ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تۇتۇش قىلغاندا ئۇنداق ئاسان بولمايدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ قىزىغا كەلگەندە چۈشەندى. ئىككى قىزىنى —— دارىيە بىلەن ناتالىيە —— ئەرگە بەرگەندە شۇنچىلىك كۆپ تەشۋىش چەكتى، غەم يېدى، نۇرغۇن پۇل خەجلىدى، ئېرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم جاڭجاللاشتى. ئەمدى نۆۋەت كىچىك قىزىغا كەلگەندە ئۇ يەنە شۇنداق ئەندىشە، غەم ـ قايغۇ ئىچىدە

قېلىۋاتاتتى، ھەتتا ئېرى بىلەنمۇ ئىككى قېتىم قاتتىق جاڭجاللىشىپ قالدى. قېرى كىنەزمۇ جاھاندىكى بارلىق ئاتىلارغا ئوخشاش، ئۆز قىزلىرىنىڭ نام - ئابرويى، پاكلىقىغا كەلگەندە بەكمۇ زىل ئىدى، قىزلىرىنى، بولۇپمۇ ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتىنى باشقىلاردىن ھەددىدىن زىيادە قورۇيتتى، كىنەز خانىم بىلەن، سەن قىزلىرىمىنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى يەرگە ئۇرۇۋاتىسەن، دەپ جاڭجاللىشاتتى. كىنەز خانىم ئىككى قىزىنىڭ توي ئىشىدىلا كىنەزنىڭ بۇ خىل جاڭجاللىرىغا كۆنۈپ قالغانىدى، بۇ قېتىممۇ ئېرىنىڭ قىزى كىتىنىڭ توي ئىشىدا قىلىۋاتقان تەرسالىقىنىڭ ئورۇنلۇق تەرەپلىرىمۇ بار دەپ ئويلايتتى. يېقىندىن بۇيان جەمئىيەتنىڭ تەرتىپ - قائىدىلىرىدىن جىق نەرسىلەر ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايمۇ تۇرالمايتتى، كىتىگە ئوخشاش ياشتىكى قىزلارنىڭ قانداقتۇر بىر جەمئىيەتلەرنى قۇرۇپ، نۇتۇقلارنى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى، ئەرلەر بىلەن ئەركىن مۇئامىلە قىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى، كوچىلاردا ئۆزلىرى يالغۇز پەيتۇنلاردا يۈرىدىغانلىقىنى، نۇرغۇنلىرىنىڭ تىزنى پۈكۈپ تۇرۇپ تەزىم قىلمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەممىدىن يامىنى، ئەر تاللاش ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، دەپ يۈرۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى. ياش قىزلارنىڭ تولىسى، ھەتتا قېرى كىشىلەرمۇ: «ھازىر قىزلارنى ياتلىق قىلىش بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ» دېيىشىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. لېكىن، قىزلارنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى كىنەز خانىم ھازىرغىچە ھېچكىمدىن بىلەلمەي يۈرەتتى. بالىلارنىڭ تەقدىرىنى ئاتا - ئانىلار بىر تەرەپ قىلىشلىرى كېرەك، دەيدىغان فرانسۇزچە قائىدە ئەمدى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھەتتا قارىلىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزلىرى ئىگە بولۇشى كېرەك،

دەيدىغان ئىنگلىزچە ئادەتمۇ رۇسىيىدە قوبۇل قىلىنمىدى، ئوتتۇرىغا ئەلچى قويىدىغان رۇس ئادىتىمۇ قالاق ئادەت دەپ قارىلىپ بارغانسېرى تاشلىنىپ قېلىۋاتاتتى، ھەتتا كىنەز خانىمنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق قارايتتى. قىزلار زادى قانداق يول بىلەن ياتلىق قىلىنىش، ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىنى قانداق چىقىرىش توغرۇلۇق ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيتتى. كىنەز خانىم مەيلى كىم بىلەن بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشسۇن، ھەممىسىلا: «قويۇڭە، ئۇنداق كونا ئۆرپ ـ ئادەتنى، ئەمدى ئۇنى تاشلاش كېرەك. توي قىلىدىغانلار ياشلار، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئەمەس، شۇڭا ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولسۇنچۇ!» دېيىشەتتى. قىزلىرى يوق ئادەملەرگىمۇ بۇنداق دېيىش ئوڭاي، لېكىن كىنەز خانىم قىزلارنىڭ ئەرلەر بىلەن تونۇشۇپ قالسا، ئۆيلىنىشنى خالىمايدىغان ياكى ئەر بولۇشقا لاياقىتى يوق بىرىگە كۆيۈپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، كىشىلەر ھازىرقى ياشلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، دەپ قانچە دېسىمۇ، كىنەز خانىم، بىر كۈنلەردە راست تاپانچىمۇ كىچىك باللارنىڭ ئەڭ ياخشى ئويۇنچۇقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەن گەپنى قوبۇل قىلالمىغاندەك، ئۇ گەپنى زادىلا قوبۇل قىلمىدى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، كىنەز خانىم چوڭ قىزلىرىغا قارىغاندا كىتىنىڭ غېمىنى كۆپرەك يېيىشكە باشلىدى.

ئۇ ۋرونسكىينىڭ قىزى كىتىنى كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈپ يۈرۈشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. قىزىنىڭ ۋرونسكىيغا كۆڭلى بارلىقىنى سېزەتتى ۋە ۋىجدانى بار ئادەمغۇ، ئۇنداق يامان ئويلاردا بولماس، دەپ ئۆزىنى ئۆزى بەزلەپمۇ قوياتتى. لېكىن، ئۇ يەنە ئەركىن مۇئامىلە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ھازىرقى كۈنلەردە قىزلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇشنىڭ ئانچە تەس ئەمەسلىكىنىمۇ، ئەرلەرنىڭ ئۇنداق گۇناھلىق ئىشلارنى قاپتىلىغا ئېلىپ قويمايدىغانلىقىنىمۇ

ئوبدان بىلەتتى. ئۆتكەن ھەپتە كىتتى ۋرونسكىينىڭ ئۆزى بىلەن مازۇركا① ئويناۋېتىپ دېگەن گېپىنى ئاپىسىغا دەپ بەرگەندە، بۇ گەپ كىنەز خانىمنىڭ كۆڭلىنى قىسمەن تىنچىتىپ قويغانىدى، شۇنداقتىمۇ پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇپ كېتەلمىدى. ۋرونسكىي كىتتىگە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى، چوڭ ئىشلاردا ئاپىسى بىلەن مەسلىھەتلەشمەي تۇرۇپ قارار چىقارمايدىغانلىقىنى دەپ كېلىپ: «ھازىر مەن ئاپامنىڭ پېتېربۇرگدىن كېلىشىنى خۇددى ماڭا بەخت ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك كۈتۈۋاتىمەن» دېگەنىدى.

كىتتى بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيلا ئاپىسىغا سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئاپىسى بۇ گەپنى ئانىلىق يولى بىلەن باشقىچە چۈشەندى ۋە ۋرونسكىينىڭ ھەر كۈنى ئاپىسىنىڭ يولىغا قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئاپىسى ئوغلى تاللىغان قىزغا خۇشال بولۇشىمۇ مۇمكىن، دېگەن خىيالنى قىلدى. لېكىن، يەنە ۋرونسكىينىڭ ئاپىسىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئۆيلىنىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماي كېلىۋاتقانلىقىغا ھەيرانمۇ بولدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ توينىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ، قىزىنىڭ گېپى بىلەن ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشتى. مۇشۇ كۈنلەردە كىنەز خانىم ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان چوڭ قىزى دوللىنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن ئېچىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، لېكىن يەنە كىچىك قىزىنىڭ ئىشىنى ئويلىمىسىمۇ بولمايتتى، شۇڭا ھازىر پۈتۈن ئوي ـ خىيالى كىتتىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئۈستىدىكى غەم بىلەن بەند ئىدى. بۈگۈن لېۋىننىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ تەشۋىشىگە يېڭى تەشۋىش قوشتى. چۈنكى، قىزى كىتتى بىر چاغلاردا لېۋىننى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك

① مازۇركا — تانسلارنىڭ بىر تۈرى.

قىلغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بالىلىق قىلىپ ۋرونسكىينى رەت قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. قىسقىسى، ئۇ لېۋىننىڭ كېلىشى بىلەن، پۈتەي دەپ قالغان ئىش خېمىغا يېنىپ كېتىپ، چوڭ بىر مالىمانچىلىق كېلىپ چىقمىغىيىدى، دەپ تەشۋىش قىلاتتى.

— نېمە؟ ئۇنىڭ كەلگىنىگە خېلى بوپتۇمۇ؟ — ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىنەز خانىم لېۋىن توغرۇلۇق سورىدى.

— بۈگۈن كەپتۇ، ئاپا.

— ساڭا بىر گەپنى دەپ قويماقچىمەن، — دەپ سۆز باشلىدى كىنەز خانىم. كىتى ئۇنىڭ جىددىي تۈس ئالغان چىرايىدىن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى.

— ئاپا، — دېدى قىزىرىپ كەتكەن كىتى ئىتتىك ئاپىسىغا قاراپ، — سادىغاڭ كېتەي، ئاپا، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىسىڭىز، مەن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئۇنىڭ ئارزۇسىمۇ ئاپىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئەمما ئاپىسىنىڭ مەقسىتى ئۇنى بىئارام قىلاتتى.

— دېمەكچى بولغىنىم، بىرىگە ئۈمىد باغلىغان ئىكەنسەن ...

— ئاپا، جېنىم ئاپا، خۇدا ھەققى، بۇ توغرىدا گەپ قىلماڭ. بۇ ھەقتە سۆزلەش بەكمۇ قورقۇنچلۇق.

— بوپتۇ، بوپتۇ، — دېدى ئاپىسى قىزىنىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈپ، — پەقەت بىرلا گېپىم بار، قوزام، سەن ھەر قانداق ئىشىڭنى مەندىن يوشۇرماسلىقا ۋەدە بەرگەنىدىڭ، شۇنداق قىلارسەن ـ ھە؟

— يوشۇرمايمەن، ئاپا، مەڭگۈ ھېچنېمىنى سىزدىن يوشۇرمايمەن، — دېدى كىتى قىزىرىپ ۋە ئاپىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، — ئەمما، ھازىر سىزگە ئېيتىدىغان ھېچقانداق گېپىم يوق. مەن ... مەن دېمەكچى، نېمە دېيىشىمنىمۇ

بىلمەيمەن، نىمە دەيمەن ...

«ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يالغان ئىپتىمايدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ» دەپ ئويلىدى ئاپىسى ئۇنىڭ ھاياجانلىنىشى ۋە بەختلىك چىرايىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ. كىنەز خانىم بىچارە قىزىمغا ھازىر كۆڭلىدە ئويلاۋاتقان ئىشلىرى قانچىلىك زور، قانچىلىك ئەھمىيەتلىك كۆرۈنۈۋاتقاندۇ، دەپ ئويلاپ كۈلگەندى.

# 13

كەچلىك تاماق يېيىلىپ تانسا باشلانغىچە بولغان ئارىلىقتا كىتى خۇددى تۇنجى قېتىم جەڭگە قاتناشقان جەڭچىگە ئوخشاش تۇيغۇ ئىچىدە يۈردى، يۈرىكى تىنىماي دۈپۈلدەيتتى، ئوي - پىكرى چېچىلىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭغا ئۇ ئىككىسى بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىدىغان بۈگۈنكى تانسا ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئىككىسىنى توختىماي دەم يالغۇز، دەم بىللە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىغاندا، لېۋىن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتلىرىنى بىر خىل شېرىن تۇيغۇ ئىچىدە تۇرۇپ ئەسلەيتتى. كىچىك چاغلىرىنى، ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسى بىلەن لېۋىننىڭ دوستلۇقىنى ئەسلىگەنلىرىدە، ئۆزى بىلەن لېۋىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇنىڭغا بىر خىل شېئىرىي تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ لېۋىننىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلىغاندا ئىچى بىر خىل تاتلىق سېزىمغا توشۇپ قالاتتى، لېۋىننى خىيالىغا كەلتۈرگەنلىرىدە ئىچ - ئىچىدىن خۇشلۇقى تۇتۇپ كېتەتتى، ۋرونسكىينى ئويلىغاندا بولسا ئۇنداق تۇيغۇلاردا بولمايتتى. گەرچە ئۇ سالاپەتلىك،

ۋەزمەن كۆرۈنسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆرگەندە بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە قالاتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە تۇرغاندا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر كۆز بويامچىلىق باردەك، بۇ كۆز بويامچىلىق ۋرونسكىي تەرەپتىن ئەمەس — ئۇ تولىمۇ سەمىمىي، يېقىشلىق ئادەم ئىدى — ئۆزى تەرەپتىن بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. لېۋىن بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن سېزەتتى، لېكىن يەنە ۋرونسكىي بىلەن بىللە بولۇشنى ئويلىغاندا كۆز ئالدىدا پارلاق، بەختلىك كەلگۈسى نامايان بولاتتى، لېۋىن بىلەن بىللە بولۇشنى ئويلىغاندا بولسا كەلگۈسى خىرە كۆرۈنۈپ قالاتتى.

كىتى مېھمانلىق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۈستۈنكى خانىغا چىقىپ ئەينەككە قارىدى ۋە بۈگۈن ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىر كۈن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى، ئۆزىدە بۈگۈنكى ئىشلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك تولۇق كۈچ، تۇرغۇن كەيپىيات ۋە ئاجايىپ يېقىملىق نازاكەت سەزدى.

سائەت يەتتە يېرىم بولغاندى، كىتى مېھمانخانىغا كىرىشى بىلەنلا، خىزمەتكار: «كونستانتىن دمىترىچ لېۋىن كەلدى!» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. بۇ چاغدا كىنەز خانىم تېخى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ئىدى، كىنەزمۇ كىرمىگەنىدى. «ئۇ كەپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى كىتى ئىچىدە ۋە قانلىرى ئۇرغۇپ، يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى، دەررۇ ئەينەككە قارىۋىدى، چىرايىمۇ سارغىيىپ كېتىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا قورقۇپ كەتتى.

كىتى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن يالغۇز كۆرۈشۈپ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممىدىن بۇرۇن كېلىۋالغانلىقىنى بىلگەنىدى. مانا مۇشۇ چاغدىلا ئۇ مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى، يەنى بۇ مەسىلىنىڭ بىر ئۆزى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى — كىم بىلەن بىللە ياشىسا بەختلىك بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى — مۇشۇ

بىر مىنۇتنىڭ ئىچىدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى رەھىمسىزلىك بىلەن رەنجىتىشى، ئۇ ئادەم رەنجىگەندىمۇ قاتتىق رەنجىشى كېرەككى، مىنى چۆشىنىپ يەتتى ... بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى شۇكى، بۇ يېقىملىق يىگىت ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغان. ئەمدى ئىلاج يوق، كىتى قانداق قىلىشقا مەجبۇر ئىكەن، شۇنداق قىلىشى كېرەك.

«ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئېيتىشىم كېرەكمۇ؟ — دەپ ئويلىدى كىتى، — نېمىمۇ دەرمەن؟ سىزگە مېنىڭ كۆڭلۈم يوق دېيىشىم كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنداق دېسەم يالغان گەپ قىلغان بولىمەن. ئەمىسە نېمە دەيمەن؟ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دېسەمچۇ؟ ياق، ئۇنداقمۇ دېيەلمەيمەن. ياخشىسى، قېچىپ كېتىشىم كېرەك، قېچىپ كېتەي.»

ئۇ بوسۇغىغا يېتىپ بارغاندا ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى. «ياق، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. مېنىڭ قورقىدىغان نېمە ئىشىم بار؟ يا بىرەر يامان ئىش قىلىمسام؟ نېمە بولسا بولمامدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام ئوڭايسىزلىنىپمۇ كەتمىگەندىكىن، راستىمنى ئېيتىمەن. ئەنە، ئۇ كەلدى!» ئۇ ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك ھەم سەل قورۇنۇپ تۇرغان گەۋدىسىنى، يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىدىن ئۆزىگە سۆزلەپ قويدى، خۇددى ماڭا رەھىم قىلىڭ، دەپ يالۋۇرۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا قولىنى بەردى.

— مەن دەل ۋاقتىدا كەلمەي، بەكمۇ بالدۇر كېلىپ قالغاندەك قىلىمەنمۇ نېمە، — دېدى لېۋىن ھېچكىم يوق مېھمانخانىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ. ئۇ ئارزۇسىغا يەتكەنلىكىنى، كۆڭلىدىكىنى دېيىشىگە ھېچكىمنىڭ كاشىلا قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بىردىنلا جىددىيلىشىشكە باشلىدى.

— ياق، ياق، — دېدى كىتى ئۈستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ.

— مېنىڭ مەقسىتىممۇ سىز بىلەن ئوڭچە ئۇچرىشىش ئىدى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ ئاران كېلىۋاتقان غەيرىتىنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇستەلنىڭ يېنىغا بارماي ھەم كىتىنىڭ كۆزلىرىگىمۇ قارىماي تۇرۇپ.

— ئاپام ھازىرلا كىرىدۇ، ئۇ تۈنۈگۈن بەك چارچاپ كەتتى. تۈنۈگۈن ...

كىتى ئاغزى مىدىرلاۋاتقان بىلەن نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەي، يالۋۇرغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان يېقىملىق كۆزلىرىنى لېۋىندىن ئۈزمەي تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى.

لېۋىن ئۇنىڭغا قارىغانىدى، ئۇ شۇئان ۋىلىلدە قىزىرىپ گېپىنى توختىتىۋالدى.

— مەن سىزگە قانچە ۋاقىتقا كەلگىنىمنى بىلمەيدىغىنىمنى دېگەن ... قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىم سىزگە باغلىق ...

كىتىنىڭ بېشى بارغانسېرى ساڭگىلاپ كېتىۋاتاتتى ھەم ئۇنىڭ ئەمدى دەيدىغان گېپىگە قانداق جاۋاب بېرىشىنىمۇ بىلمەيتتى.

— بۇ سىزگە باغلىق، — دېدى ئۇ يەنە، — دېمەكچىمەنكى ... دېمەكچىمەنكى ... مېنىڭ بۇگۈن كېلىشىم ... سىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن ! — دېدى لېۋىن ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزى ئۇقماي دودۇقلاپ تۇرۇپ. لېكىن، ئەڭ دەھشەتلىك سۆزىنى دەۋالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن دەررۇ گېپىنى توختىتىۋېلىپ كىتىگە قاراپ قويدى.

كىتى ئۇنىڭغا قارىماي ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئالاتتى، ئۆزىدە ئاجايىپ بىر خۇشاللىق سېزەتتى، قەلبى ئىچىگە پاتمايۋاتقان بىر خىل بەخت تۇيغۇسىغا توشقانىدى. لېۋىنىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشى ئۆزىدە بۇنداق كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئۇ زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭدىكى بۇ تۇيغۇ پەقەت بىرپەسلا داۋام قىلدى. ئۇ شۇ بىر

دەقىقە ئىچىدە ۋرونسكىينى ئويلاپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ راستچىل، سەمىمىي كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى ۋە ئۇنىڭ مەيۈس چىرايىنى كۆرۈپ، ئالدىراشلىق بىلەن دېدى:

— بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ... مېنى كەچۈرۈڭ ...

بىر مىنۇتنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆزىنى لېۋىنغا شۇنچىلىك يېقىن، ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم دەپ ئويلىغانىدى، ئەمدى ھازىر ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك ياتسىراپ، شۇنچىلىك يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

— بۇ مۇمكىن بولمايدىغانمۇ ئىش ئەمەس ئىدى، — دېدى لېۋىن كىتىگە قارىماي تۇرۇپ.

كىتى ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلىپ، ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

# 14

دەل شۇ چاغدا كىنەز خانىم كىرىپ قالدى. لېۋىن بىلەن كىتىنىڭ ئۆيدە يالغۇز تۇرغانلىقىنى ھەم ئىككىسىنىڭ سەل پاراكەندە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇئان ئۇنىڭ چىرايىدا ئەنسىزلىك پەيدا بولدى. لېۋىن ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى ئېگىپ قويدى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. كىتى گەپمۇ قىلماي، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي جىمجىت تۇراتتى. «خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭغا رازىلىق بەرمەپتۇ» دەپ ئويلىدى كىنەز خانىم. ئۇنىڭ چىرايىدا ھەر پەيشەنبە كۈنى مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان چاغدا كۆرۈلىدىغان خۇشاللىق چاقناپ كەتتى. ئاندىن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ لېۋىندىن يېزىدىكى ھاياتى توغرۇلۇق سوراشتۇرۇشقا باشلىدى. لېۋىن مېھمانلار كەلگەندە بىلىندۇرمەي ئاستا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ

كېلىشىنى ساقلاپ يەنە ئولتۇرۇپ قالدى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن كىتىنىڭ بۇلتۇر قىشتا توي قىلغان دوستى گراف نوردستون خانىم كىرىپ كەلدى.

ئۇ ئورۇق، چىرايى سېرىق، قارا كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، ئاغرىقچان ۋە ئەسەبىي خوتۇن ئىدى، كىتىنى ئەرگە تېگىپ بولغان ئايالىلار قىزلارنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى، ئۆزىنىڭ بەختكە بولغان قارىشى بويىچە كىتىگە يىگىت تاللىشىپ بېرەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ تاللىغىنى ۋرونسكىي ئىدى. بۇ يىل قىشنىڭ بېشىدا ئۇ لېۋىننى دائىم دېگۈدەك كىتىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قېلىپ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغانىدى، ئۇنى كۆرسىلا يېغىرىغا تېگىدىغان گەپلەر بىلەن چاقچاق قىلاتتى.

— مەن ئۇنىڭ ماڭا يوغانچىلىق قىلىپ قاراشلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ يا مېنى نادان دەپ مېنىڭ ئالدىمدا يوغان گەپ قىلىشنى خالىمايدۇ، يا بولمىسا ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇنداق قىياپىتى تولىمۇ كۈلكىلىك. ئۇنىڭ مېنى كۆرگەندە بىزار بولىدىغانلىقى ماڭا بەكرەك ياقىدۇ، — دەيتتى ئۇ لېۋىن توغرىسىدا گەپ قىلىپ.

ئۇنىڭ دېگىنى راست ئىدى، لېۋىن ئۇنى ھەقىقەتەن يامان كۆرەتتى ھەم كۆزگە ئىلمايتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكىنى، شۇ ئەسەبىيلىكىدىن ماختىنىدىغانلىقىنى، بىمەنە، قوپال ئىشلارنىڭ ھەرقانداقىغا بىپەرۋا قارايدىغانلىقىنى ياقتۇرمايتتى.

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆرۈنۈشتە دوستتەك قىلغىنى بىلەن، ئىچىدە بىر - بىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، بىر - بىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدىغان، ھەتتا قارشى تەرەپنىڭ قىلغانلىرىغا رەنجىمەيدىغان قىلىقلىرى گراف نوردستون خانىم بىلەن لېۋىننىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى.

گراف نوردستون خانىم ئۆيگە كىرىپلا لېۋىننىڭ چىشىغا

تېگىشكە باشلىدى.

— ھوي، كونستانتىن دمىترىچ ! بىزنىڭ خاراب بابىلونغا[1] كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ئاۋاق قولىنى لېۋىنغا ئۇزىتىپ، لېۋىن بۇ يىل قىش بېشىدا موسكۋاغا كەلگەندە موسكۋانى بابىلونغا ئوخشاتقانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى، — قانداق، بابىلون تۇزىلىپ قاپتۇمۇ ياكى سىز خارابىلىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ — ئۇ كىتىنگە لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ كەينىدىكى گەپنى قوشۇپ قويدى.

— گراف خانىم، سىزنىڭ مېنىڭ ئۇ گېپىمنى ئۇنتۇماي ھازىرغىچە يادىڭىزدا تۇتۇپ كېلىۋاتقىنىڭىزدىن شەرەپ ھېس قىلىۋاتىمەن ! — دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا جاۋابەن. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، شۇئان كونا ئادىتى بويىچە گراف نوردستون خانىمنى گەپتە چېقىۋېلىشقا ئۆتكەنىدى، — بۇ گېپىڭىزچە، مېنىڭ ئۇ سۆزۈم سىزگە قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك.

— شۇنداق بولمايچۇ ! مەن سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى بىرىنى قويماي يېزىپ ماڭىمەن. ھە، كىتى، سەن بۈگۈن يەنە كانكى تېيىلىشقا باردىڭمۇ؟ ...

گراف خانىم ئەمدى كىتى بىلەن پاراڭلىشىپ كەتتى. لېۋىن شۇ تاپتا چىقىپ كېتىشنى قانچە ئوڭايسىز سەزسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە ئارىلاپ كۆز تاشلاپ قويۇپ، يەنە دەررۇلا كۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان كىتىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشنى ئوڭايسىزلىقتىن ياخشىراق، دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن ئەمدىلا قوزغىلاي دەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن كىنەز خانىم ئۇنىڭدىن:

— سىز موسكۋاغا خېلى ۋاقىت تۇرىدىغانغا كەلدىڭىزمۇ؟ ھازىر ئاپتونومىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش

---

① بابىلون قەدىمىي شەرق دۆلەتلىرىدىن بىرى بولغان بابىلونىيىنىڭ پايتەختى. ئۇ گەپ بۇ يەردە موسكۋا ئاشۇ قەدىمىي شەھەرگە ئوخشاش قالاق، دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان.

بولغاچقا، بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرالمايسىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ياق، كىنەز خانىم، هازىر ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايۋاتىمەن، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — بۇ يەردە يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرىمەن.

«ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى گراف نوردستون خانىم لېۋىننىڭ جىددىي تۇس ئالغان چىرايىغا سەپسېلىپ، — بۈگۈن مەن بىلەن مۇنازىرىلەشىشكە تازا رايى يوقتەك قىلامدۇ نېمە؟ ئۇنىڭ چىشىغا يەنە تېگىپ قويايچۇ. ئۇنى كىتىنىڭ ئالدىدا ئەخمەق قىلىپ ئويناشنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەنغۇ تاڭ، شۇنداق قىلىپ باقايلا.»

— كونستانتىن دمىترىچ، — دېدى ئۇ لېۋىنغا قاراپ، — بىر ئىش بار ئىدى، شۇنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز، — سىزنىڭ بىلمەيدىغان ئىشىڭىز يوق — بىزنىڭ كالوگادىكى يېزىمىزنىڭ دېھقانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى بار - يوقىنى هاراققا تېگىشىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. ئەمدى بىزگە بىر كوپېيكىمۇ ئىجارە هەققى تۆلىمەيۋاتىدۇ. بۇ قانداق گەپ؟ سىز ئەزەلدىن دېھقانلارنىڭ تەرىپىنى قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم.

شۇ ئارىلىقتا مېھمانخانىغا يەنە بىر خانىم كىرىپ كەلدى.

— كەچۈرۈڭ، گراف خانىم، بۇ ئىشتىن مېنىڭ زادىلا خەۋىرىم يوق، شۇڭا سىزگە هېچنېمە دەپ بېرەلمەيمەن، — دېدى لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ، ئۇ خانىم بىلەن بىللە كىرگەن ئوفىتسېرغا لەپپىدە قاراپ قويدى.

«ئۇ چوقۇم ۋرونسكىي» دەپ ئويلىدى لېۋىن. ئۆزىنىڭ بۇ پەرىزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كىتىگە قارىغانىدى، كىتى ۋرونسكىيغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، يەنە دەررۇلا لېۋىنغا قارىدى. لېۋىن ئۇنىڭ ئىختىيارسىز چاقناپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇ چوقۇم ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا دېگىنىگە ئوخشاش. لېكىن، ئۇ زادى قانداق ئادەمدۇ، دەپ ئويلىدى.

توغرا بولامدۇ، بولمامدۇ، ئەمدى لېۋىن كەتمەسلىكى، كىتى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك.

بەزى ئادەملەر بىرەر تەرەپتىن ئامىتى كەلگەن رەقىبلىرىنى ئۇچراتقاندا ئۇنىڭ ھەممە ئارتۇقچىلىقلىرىغا كۆز يۇمۇپ، پەقەت يامان تەرەپلىرىنىلا كۆرىدۇ. بەزىلەر ئۇنداق ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، تەلەيلىك ئاشۇ رەقىبلىرىنىڭ ئۆزىدە يوق ئارتۇقچىلىقلىرىنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلىپ، يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلىنىۋاتقاندەك ئازابلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنىلا ئىزدەيدۇ. لېۋىن كېيىنكى ئادەملەر جۈملىسىدىن ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ۋرونسكىينىڭ ۋۇجۇدىدىن ياخشى تەرەپلىرىنى، كىشىنى ئۆزىگە قارىتالايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى تاپمىقى ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى، بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. ۋرونسكىي ئوتتۇرا بوي، قامالاشقان، ۋەزنى بار، ئىرادىلىك، يېقىشلىق، قارا چاچ، بەدىنى قۇۋۋەتلىك يىگىت ئىدى. چىرايىدىن تارتىپ بەدىنىگىچە، قىسقا قىلىپ ياسىتىۋالغان چېچىدىن، پاكىز قىردۇرۇلغان ساقىلىدىن تارتىپ بەدىنىگە قۇيۇپ قويغاندەك كەلگەن يېڭى مۇندىرىغىچە بولغان پۈتۈن قىياپىتى شۇنچىلىك كېلىشكەن، شۇنچىلىك سىپايە ئىدى. ئۇ كىرىپ كېلىۋاتقان خانىمغا يول بېرىپ، ئاۋۋال كىنەز خانىمنىڭ، ئاندىن كىتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئۇ كىتىگە يېقىنلاشقاندا، چىرايلىق كۆزلىرى بۆلەكچىلا خۇمارلىشىپ ئويناپ كەتتى، بىلىنەر - بىلىنمەس بەختلىك ۋە شادىيانە تەبەسسۇم بىلەن (لېۋىنغا شۇنداق تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى) كىتىگە ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى، ئاندىن يوغان قولىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

ۋرونسكىي ھەممە ئادەمگە سالام بېرىپ، بىر - ئىككى ئېغىزدىن گەپ قىلىپ ئولتۇردى، لېكىن ئۆزىدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان لېۋىنغا بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى.

— مەن ئىككىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى كىنەز خانىم لېۋىننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇياق كونستانتىن دمىترىچ لېۋىن، بۇياق گراف ئالېكسى كىرىللوۋىچ ۋرونسكىي.

ۋرونسكىي ئورنىدىن تۇردى ۋە لېۋىننىڭ كۆزلىرىگە دوستانە قاراپ قويۇپ قولىنى سىقتى.

— بۇ يىل قىشتا سىز بىلەن بىللە تاماق يېيىشنى ئويلاپ تۇراتتىم، — دېدى ۋرونسكىي ئادەتتىكىچە سىپايە ۋە ئوچۇق كۆڭۈل كۈلكىسى بىلەن، — بىراق، سىز تۇيۇقسىز يېزىغا قايتىپ كېتىپسىز.

— كونستانتىن دمىترىچ شەھەرنىمۇ، شەھەرلىك بىزلەرنىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ ھەم يامان كۆرىدۇ، — دېدى گراف نوردستون خانىم سۆز قىستۇرۇپ.

— مېنىڭ سۆزلىرىم سىزگە كۈچلۈك تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، يادىڭىزدا شۇنچىلىك ياخشى ساقلىنىپ قاپتۇ، — دېدى لېۋىن ۋە بۇ گەپنى بايا دەپ بولغانلىقىنى بىردىنلا يادىغا ئېلىپ قىزىرىپ كەتتى.

ۋرونسكىي لېۋىن بىلەن گراف نوردستون خانىمغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— سىز ھەمىشە يېزىدىلا تۇرامسىز؟ — سورىدى ئۇ، — قىشتا ئادەم يېزىدا تۇرسا زېرىكىپ كېتىدۇغۇ دەيمەن؟

— ئەگەر قىلىدىغان ئىش بولسا، ئالدىراش بولسىڭىز زېرىكمەيسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيى بولغاندىكىن زېرىكىش بولمايدۇ ـ دە، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن كەسكىن سۆزلەپ.

— مەن يېزىنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ۋرونسكىي لېۋىننىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەن بولسىمۇ، ھېچنېمە سەزمىگەندەك بولۇپ.

— ئەمما، گراف، — دېدى گراف نوردستون خانىم، — سىز داۋاملىق سەھرادا تۇرۇشقا كۆنمىسىڭىز كېرەك.

— يېزىدا ئۇزاق تۇرمىغاچقا ئۇنى بىلمەيمەن، ئەمما بىر قېتىم ئاجايىپ بىر تويغۇدا بولغانمەن، — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — ئاپام ئىككىمىز نىتستا[1] بىر قىش تۇرغان. ئۇ پۇتىغا چورۇق كىيىدىغان دېھقانلىرى بار رۇس يېزىسى ئىدى، ھېچقانداق يەرنى ئۇ يەرنى سېغىنغاندەك سېغىنىپ باقمىدىم. راستىنى دېسەم، نىتس كۆڭۈلسىز بىر شەھەر، ئۇنىڭدىن باشقا ناپلېسمۇ، سوررېنتومۇ قىسقا ۋاقىت تۇرۇشقا ياخشى جايلار، ئەمما ئۇ جايلاردا يۈرگىنىڭىزدە رۇسىيىنى، بولۇپمۇ رۇسىيىنىڭ يېزىلىرىنى بۆلەكچىلا سېغىنىدىكەنسىز ...

ۋرونسكىي گەپ قىلىۋېتىپ، دوستانە، ۋەزمىن كۆزلىرىنى دەم كىتىگە، دەم لېۋىنغا تاشلايتتى، سۆزلىگەندە قىلچە قورۇنمايتتى.

ۋرونسكىي گراف نوردستون خانىمنىڭ بىر نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى سېزىپ، دەررۇ سۆزىنى توختىتىپ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.

پاراڭ بىر مىنۇتمۇ توختىماي داۋام قىلىۋەرگەچكە، قېرى كىنەز خانىمغا ئالىلبۇرۇن تەييارلىۋالغان ئىككى ئوقىنى — قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان مائارىپ مەسىلىلىرى بىلەن ھەربىي تۈزۈم مەسىلىلىرىنى — ئېيتىشقا زادىلا پۇرسەت بولمىدى، گراف نوردستون خانىمغىمۇ داۋاملىق لېۋىنىنىڭ چىشىغا تېگىشكە توغرا كەلمىدى.

لېۋىن ئومۇمىي پاراڭغا قوشۇلغۇسى بولسىمۇ قوشۇلالماي ئولتۇراتتى. ھەربىر مىنۇتتا ئۆزىگە: «ئەمدى كېتىشىم كېرەك» دەيتتى، ئەمما گويا بىرنېمىنى ساقلاۋاتقاندەك ئورنىدىن قوزغالمايتتى.

گەپ ئۆزى ئايلىنىدىغان ئۈستەللەر بىلەن جىنلار ئۈستىگە كۆچكەندە، ئەرۋاھلارنىڭ كارامەتلىرىگە ئىشىنىدىغان گراف

---

[1] نىتس — فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى مەشھۇر ساياھەت ھەم دەم ئېلىش ئورنى.

نـوردسـتـون خانــم ئۆز كۆزى بـىـلـەن كۆرگـەن مـۆجـىـزىـلـەر توغرىسىدا گەپ باشلىدى.

— گـراف خانىم، خـۇدا ھەققـى، مـېنـى ئـاپـىرىـپ ئـاشـۇ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتسىڭىز. مەن ئۇ غـەلىتـە نـەرسىلـەرنـى كـۆرۈشكـە شـۇنـچىـلـىـك ھـــەۋەس قـىـلـىــمــەن، ئــەمــا كۆرەلمەيۋاتىمەن، — دېدى ۋرونسكىي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، كـېلەر شەنبە سىزنـى باشلاپ بـاراي، — دېـدى گراف نوردستون خانىم جاۋابەن، — سـىـزچۇ؟ كونسـتانتـىـن دمىترىچ، سىز ئىشىنەمسىز؟ — سورىدى ئۇ لېۋىندىن.

— مەندىن سوراپ نېمە قىلىسىز؟ بۇنداق ئىشلارغا مېنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىم ئۆزىڭىزگە مەلۇمغۇ؟

— شۇنداقتىمۇ سىزدىن سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— مېـنـىـڭ پـىـكـرىم شۇكـى، — دېـدى لېۋىــن، — ئـۆزى ئايـلىنـىـدىغان ئۇسـتەللەرنـىـڭ بارلـىـقىغا ئـىـشـىـنـىـش يۇقـىـرى قاتلامدىكى ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ دېھقانـلارچىلـىـكمۇ ئاڭـغا ئىگـە ئەمەسلىكىنى ئـىسپاتـلاپ بېرىدۇ. دېـھقانلار كـۆز تەگدى، تـىـل تـەگـدى، كۆز باغلـىـدى دېگەنـدەك گەپلەرگـە ئـىـشـىـنـىـدۇ، بـىـز بولساق ...

— دېمەك، سىز ئىشەنمەيدىكەنسىز ـ دە؟

— مەن ئۇنداق گەپلەرگە ئىشىنەلمەيمەن، گراف خانىم.

— ئەگەر مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولسامچۇ؟

— سەھرالـىق خوتۇنلارمـۇ جىنلارنـى ئۆز كۆزىـمـىز بىلـەن كۆردۇق دەپ يوق گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سىز مـېنى يالـغان گەپ قـىـلـىـۋاتـىـدۇ دەپ ئويلاپسىز ـ دە؟

گراف نوردستون خانىم كۆڭلى سەل يېرىم بولغاندەك بولۇپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنداق ئـەمەس، ماشا، كـونستـانـتـىن دمـتـىرىچ پـەقـەت ئۆزىنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنىلا دەۋاتىدۇ، — دېدى كىتى لېۋىن

ئۈچۈن قىزىرىپ كېتىپ. لېۋىن بۇنى چۈشىنىپ، تېخىمۇ
چېچىلىپ تۇرۇپ گراف خانىمغا رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ
تۇراتتى، ۋرونسكىي ئوچۇق چىراي ۋە خۇشخۇي تەبەسسۇم بىلەن
گەپكە ئارىلىشىپ، سوغۇقچىلىققا ئايلىنىپ كېتىش خەۋپى
بولۇۋاتقان پاراڭغا ئارىلاشتى.
— سىز ئۇنىڭ پەقەتلا مۇمكىنچىلىكى يوق دەپ
قارامسىز؟ — سورىدى ئۇ، — نېمە ئۈچۈن؟ بىز ئېلېكتىر
قۇۋۋىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، ئەمما ئۇنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىمىزغۇ؟ شۇنداق ئىكەن، نېمە
ئۈچۈن بىزگە هازىرچە مەلۇم بولمىغان نەرسىلەرنىڭ بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس بولىدۇ ...
— كىشىلەر ئېلېكتىر قۇۋۋىتىنى ئەڭ دەسلەپتە بايقىغاندا، —
دېدى لېۋىن ۋرونسكىينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — پەقەت
هادىسىنىڭ ئۆزىنىلا بايقىغان، ئەمما ئۇنىڭ نېمىدىن هاسىل
بولغانلىقى، رولىنىڭ نېمىلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن
ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ
يولى تېپىلدى. ئەرۋاهقا ئىشىنىدىغانلار بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە،
هە دېگەندىلا ئۈستەللەر ئۆزلۈكىدىن خەتلەرنى يېزىپ
كېتەرمىش، ئەرۋاهلار ئاسماندىن چۈشەرمىش دېيىشىپ، ئاندىن
بۇنى تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان بىر خىل قۇدرەتنىڭ كۈچى،
دەپ قاراشتى.
ۋرونسكىي ئادىتى بويىچە لېۋىننىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ
ئاڭلىدى، ئەلپازىدىن ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قالغاندەك
قىلاتتى.
— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئۇ، — لېكىن، ئەرۋاهچىلار: بۇ
كۈچنىڭ قانداق بىر كۈچ ئىكەنلىكىنى بىز تېخى بىلمەيمىز،
ئەمما بۇ كۈچ بار، ئۇ مۇئەييەن بىر شارائىت ئاستىدا ئۆزىنىڭ
رولىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ كۈچنىڭ نېمىدىن
تۈزۈلگەنلىكىنى ئالىملار تېپىشى كېرەك. مەن بۇنى نېمە

ئۇچۇن يېڭى بىر كۈچ دەپ قاراشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە چۈشەنمەيمەن. ئەگەر ئۇ ...

— شۇنىڭ ئۇچۇن مۇمكىن ئەمەسكى، — دېدى لېۋىن ۋرونسكىينىڭ سۆزىنى يەنە بىر قېتىم بۆلۈپ، — ئەگەر سىز دېۋىرقاينى تېرىگە سۈركىسىڭىز ئېلېكتر هادىسىسى يۈز بېرىدۇ، ئەمما ئەرۋاهلارنى چاقىرسىڭىز، چاقىرغان هامان ئالدىڭىزغا كېلىدىغان هادىسە يۈز بەرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەبىئىي هادىسە ئەمەس.

ۋرونسكىي بۇ پاراڭنىڭ بۇ يەردە قىلىشقا تازا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى، تولىمۇ جىددىي تۈس ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغان بولسا كېرەك، لېۋىننىڭ سۆزىگە قارشى چىقىشنى توختىتىپ، گەپنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن خۇشال كۈلۈمسىرەپ خانىملار تەرەپكە بۇرۇلدى.

— گراف خانىم، كېلىڭ، بىز هازىرنىڭ ئۆزىدە سىناپ كۆرەيلى، — دېدى ۋرونسكىي.

لېكىن، لېۋىننىڭ قىلىپ بولالمىغان گەپلىرىنى قىلىپ تۈگىتىۋەتكۈسى بار ئىدى.

— مەن ئويلايمەن، — دېدى لېۋىن سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئەرۋاهچىلارنىڭ ئۆز مۆجىزىلىرىنى يېڭى بىر كۈچ دەپ كۆتۈرۈپ چىقىشلىرى قۇرۇق ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار توغرىدىن توغرا روهنىڭ كۈچى بار دېيىشىپ، بۇ كۈچنى ماددىي تەجرىبىدە سىناپ كۆرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

هەممەيلەن لېۋىننىڭ گېپى قاچان تۈگەيدىكىن دەپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. بۇنى لېۋىننىڭ ئۆزىمۇ سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— سىز ناهايىتى ئۇستا بىر مېدىئوم[1] بولالىغۇدەكسىز، — دېدى گراف نوردستون خانىم، — چۈنكى سىزدە ئالاهىدە بىر روهىي كارامەت بار.

---

① ئەرۋاهچىلارنىڭ قارىشى بويىچە، مېدىئوم ئادەملەر بىلەن ئەرۋاهلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچى.

لېۋىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتى، بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى گەپكە ئاچتى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى.

— كىنەز خانقىز، ئەگەر ئىجازەت بەرسىڭىز، بىز ھازىرلا ئۇستەللەرنى سىناپ باقساق، — دېدى ۋرونسكىي، — كىنەز خانىم، ئىجازەت بېرەمسىز؟

ۋرونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ كىچىكرەك بىر ئۇستەل ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا قارىدى.

كىتىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەڭ ئىزدەشتى، لېۋىننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا كۆزلىرى لېۋىننىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئېچىناتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئازاب تارتىشىغا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىدىن ئېچىناتتى. «ئەگەر مېنى كەچۈرۈش مۇمكىن بولسا كەچۈرۈۋەتسىڭىز، — دەيتتى ئۇنىڭ كۆزلىرى، — مەن ھازىر تولىمۇ بەختلىك.»

«مېنىڭ ھەممىڭلارنى، سىزنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ كۆرەرگە كۆزۈم يوق» دەپ جاۋاب قايتۇراتتى لېۋىننىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە. ئارقىدىن ئۇ شىلەپىسىنى قولىغا ئالدى، لېكىن تەقدىرىگە شۇنداق يېزىلغانىكەن، چىقىپ كېتەلمىدى. ھەممەيلەن ئۇستەلنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغان، لېۋىن چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقان شۇ ئارىلىقتا قېرى كىنەز كىرىپ قالدى. ئۇ خانىملاردىن ئەھۋال سوراپ بولۇپ لېۋىنغا بۇرۇلدى.

— ھوي ! — دېدى خۇشاللىق بىلەن كىنەز، — كەلگىنىڭگە خېلى بولدىمۇ؟ سېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭنى بىلمىگىنىمنى قارا. سىزنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم.

قېرى كىنەز لېۋىننى بەزىدە «سەن»لەيتتى، بەزىدە «سىز»لەيتتى. ئۇ لېۋىننى قۇچاقلاپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتقاندا ۋرونسكىيغا دىققەت قىلمىدى. ۋرونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ،

كىنەزنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇردى.

كىتى بايىقى ئىشتىن كېيىن دادىسىنىڭ بۇنچىلىك قىزغىنلىق كۆرسىتىشى لېۋىننى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يەنە دادىسىنىڭ ۋرونسكىينىڭ سالىمىنى ئېلىك ئالغانلىقىنى ئاخىر كۆردى، لېكىن مۇئامىلىسى سوغۇق ئىدى. ۋرونسكىي قىزغىن، ئەمما گۇمانىي نەزەر بىلەن ئۇنىڭ دادىسىغا قاراپ قويۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە زادى نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى، لېكىن ھېچنېمە بىلەلمىدى. كىتى بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى.

— كىنەز، كونستانتىن دمىترىچنى قويۇپ بەرسىلىچۇ، — دېدى گراف نوردستون خانىم، — بىز بىر نەرسىنى تەجرىبە قىلىپ كۆرمەكچىدۇق.

— قانداق تەجرىبە ئۇ؟ ئۇستەل ئايلاندۇرۇشمۇ؟ خانىملار، ئەپەندىلەر، كەچۈرسىلەر، مېنىڭچە، ئۇنىڭدىن ئۈزۈك ئويۇنى كۆڭۈللۈكرەك بولسا كېرەك، — دېدى قېرى كىنەز بۇ بولمىغۇر ئويۇننى ۋرونسكىي باشلىغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، — ھەر ھالدا ئۈزۈك ئويۇنىنىڭ مەنىسى بار.

ۋرونسكىي ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كىنەزگە ھەيران بولۇپ قارىدى ـ دە، مىيىقىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويۇپ، دەررۇلا گراف نوردستون خانىم بىلەن كېلەر ھەپتە بولىدىغان چوڭ تانسا توغرىسىدا سۆزلىشىپ كەتتى.

— سىزمۇ بارارسىز دەيمەن؟ — دېدى ئۇ كىتىگە قاراپ.

قېرى كىنەز يېنىدىن كېتىشى بىلەنلا، لېۋىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۈگۈن كېچىدىن ئالغان ئەڭ ئاخىرقى تەسىراتى ۋرونسكىينىڭ تانسا توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋاب بەرگەن كىتىنىڭ تەبەسسۇم بىلەن يورۇپ كەتكەن بەختلىك چىرايى بولدى.

# 15

ئولتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن كىتى لېۋىن بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى ئاپىسىغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ لېۋىنغا قاتتىق ئىچىنىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئۆزىگە تەكلىپ قويغىنىغا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال ئىدى ھەم ئۆزىنىڭ ئۇنى رەت قىلىپ توغرا قىلغانلىقىدىن زادىلا شۈبھىلەنمەيتتى. ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ ياتقاندىن كېيىن ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى، كاللىسىدىن بىر كۆرۈنۈش، يەنى لېۋىنىنىڭ دادىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، دەم ئۆزىگە، دەم ۋرونسكىيغا مۇڭلۇق، غەمكىن كۆز تاشلاپ تۇرغان، قوشۇمىسى تۇرۇلگەن چىرايى زادىلا نېرى كەتمەيتتى. كىتى ئۇنىڭغا شۇ دەرىجىدە ئىچىندىكى، ئاخىر كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. لېكىن، يەنە لېۋىننى كىمگە ئالماشتۇرغىنىنى ئەسلەپ، ئۇ ئادەمنىڭ مەردانە ۋە كېلىشكەن تۇرقىنى، ئالىيجانابلىقىنى، خۇشخۇيلۇقىنى، ۋەزمىنلىكىنى، كىشىلەرگە بولغان قىزغىن، مۇلايىم مۇئامىلىسىنى ئاجايىپ يارقىن ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئېسىگە ئالغاندا، كۆڭلى بىر خىل تاتلىق سېزىم بىلەن توشقاندەك بولۇپ، بەخت تەبەسسۇمى بىلەن بېشىنى ياستۇققا قويدى. «ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۇۋۋال بولدى، لېكىن ئىلاجىم قانچە؟ بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك ئەمەس.» ئۇ ئۆزىگە شۇنداق دەيتتى، ئەمما ئىچىدە باشقىچە نىدا قىلاتتى. لېۋىننى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ئۇنىڭدا ئۈمىد پەيدا قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلامدۇ ياكى ئۇنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلامدۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بەختى ئىچ ـ ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاشۇ خىل شۈبھىلىك خىياللار بىلەن

بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ ئۇخلاپ قالغانغا قەدەر ئىچىدە: «خۇدا ساقلىسۇن! خۇدا ساقلىسۇن! خۇدا ساقلىسۇن!» دەپ ياتتى.

دەل شۇ چاغدا، كىنەزنىڭ پەستىكى ئىشخانىسىدا كىتىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئامراق قىزى توغرۇلۇق دائىم بولۇپ تۇرىدىغان تالاش ـ تارتىشلاردىن بىرى يۈز بېرىۋاتاتتى.

— مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، — دېدى تىيىن تېرىسىدىن تىكىلگەن خالىتىغا ئورىلىپ ئولتۇرغان كىنەز قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ، — سەندە غۇرۇر دېگەن نەرسە يوق، قەدىر ـ قىممىتىڭنى بىلمەيسەن. ئەخمىقانە ھەم ئەشەددىي ئۇسۇل ئارقىلىق لايىق تاللاپ قىزىمىزنى شەرمەندە قىلىۋاتىسەن، بالاغا تىقىۋاتىسەن!

— خۇدا ھەققى، كىنەز، ئۇنداق دېمەڭ! مەن زادى نېمە يامان ئىش قىپتىمەن؟ — دېدى كىنەز خانىم يىغلىۋېتىشكە تاس ـ تاس قېلىپ.

كىنەز خانىم قىزى بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن كۆڭلى بۆلەكچىلا كۆتۈرۈلۈپ، ئادىتى بويىچە كىنەزنىڭ يېنىغا كەچلىك خەيرلىشىشكە كىرگەنىدى. گەرچە لېۋىنىنىڭ كىتىگە تەلەپ قويغىنىنى، كىتىنىڭ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى ئېرىگە دېيىشنى ئويلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋرونسكىي بىلەن كىتىنىڭ ئىشى پىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاپىسى كەلگەن ھامان ئىشنى باشلىۋەتسەك بولغۇدەك، دەپ گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىشىغا، كىنەزنىڭ پەركايى ئۇچۇپ ھەممە سەت گەپلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— مەن نېمە قىلدىم دەمسەن؟ نېمە قىلغىنىڭنى مەن ساڭا دەپ بېرەي: بىرىنچى، سەن قىزىمىزغا تەلەپ قويغان يىگىتلەرنى ئۆزۈڭ چىللاپ كەلدىڭ، بۇ ئىش ئەتىلا پۈتۈن موسكۋاغا پۇر كېتىدۇ، بۇ تۇرغان گەپ. ئەگەر ئولتۇرۇش تەشكىللىمەكچى بولساڭ، ئۆزۈڭ تاللىۋالغان يىگىتلەرنىلا، بوگۇنكىدەك قىزىمىزغا تەككىلىپ قويغانلارنىلا چاقىرماي، بايۇەچچىلەرنىڭ

(كىنەز موسكۋانىڭ ياشلىرىنى شۇنداق ئاتايتتى) بىرىنى قويماي ھەممىسىنى چاقىرساڭ، پىئانىنو چالىدىغاندىنمۇ بىرنى چاقىرىپ تانسا ئۆتكۈزۈپ بەرسەڭ ياخشى بولماتتى؟ مەن سەن چاقىرغان ئۇ يىگىتلەردىن بىزار، شۇنچىلىك بىزارمەن! سەن بۇ قىلىقىڭ بىلەن قىزىمىزنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتىپسەن. لېۋىن ئۇلاردىن مىڭ ياخشى. پېتېربۇرگنىڭ ئۇ بەگزادىلىرىنىڭ ھەممىسى خۇددى ماشىنىدا ياساپ چىققاندەك، بىر قېلىپنىڭ كېسەكلىرى، بۇزۇق نېمىلەر. ئۇ نېمىلەرنىڭ ئەجدادى پادىشاھ بولسىمۇ، مېنىڭ قىزىم ئۇنداقلارغا موھتاج ئەمەس.

— مەن زادى نېمە قىپتىمەن؟

— ئويلىغىنىڭنى قىلدىڭ ... — كىنەز غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى.

— بىلىمەن، — دېدى كىنەز خانىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئەگەر سىزنىڭ گېپىڭىزگە قۇلاق سالىدىغان بولساق، قىزىمىزنى مەڭگۈ ئەرگە بېرەلمەيمىز. ئۇنىڭدىن سەھراغا كەتكىنىمىز تۈزۈك.

— سەھراغا كەتسەك تېخىمۇ ياخشى.

— بۇ گېپىڭىزچە، مەن ئۇ يىگىتكە خۇشامەت قىپتىمەنمۇ؟ مەن قىلچە ئۇنداق قىلمىدىم. ئۇ ياخشى يىگىت ئىكەن، كىتىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، كىتىمۇ ئۇنى ...

— شۇنداقمۇ تېخى! ئەگەر كىتى ئۇنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئەمما ئۇ مەن قېرىغا ئوخشاش ئۆيلىنىشنى خالىمايدىغان بىر نېمە بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ ... مەن ئۇنداق ھالەتنى كۆرۈشنى زادىلا خالىمايمەن! ... ۋاي ئەرۋاھچىلار! ۋاي نىتىس! ۋاي تانسا! ... — كىنەز خوتۇنىنى دوراپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرىدە تىز پۈكۈپ تەزىم قىلىشقا باشلىدى، — كۆردۈڭمۇ، كىتىنى ئاخىر ئۆزىمىز ئازابقا پاتۇرۇپ قويىمىز، ئۇنىڭ بېشىنى ئۆزىمىز قاتۇرغىلىۋاتىمىز ...

— نېمىشقا بۇنداق ئويلايسىز؟

— ئويلىمىدىم، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇنداق ئىشلارنى بىز ئەرلەر بىلىپ يېتەلەيمىز، سىلەر ئاياللار بىلمەيسىلەر. بۇ ئىشتا پەقەت بىرلا ئادەم سەمىمىي، ئۇ بولسىمۇ لېۋىن. مەن بىر بۆدۈننى كۆرۈۋاتىمەن، ئۇ ئاشۇ تىلى تاتلىق بەگزادە.
— ھىم، بېشىڭىز قېيىپ قالغاندەك قىلىدۇ سىزنىڭ ...
— سەن مېنىڭ گېپىمنىڭ تېگىگە يەتكەندە كېچىكىسەن، ئۇ چاغدا دوللىنىڭ ئىشىدەك ئىش بولۇپ بولغان بولىدۇ.
— بولدى، بولدى، گەپنى تۈگىتەيلى ! — دېدى كىنەز خانىم دوللىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن كىنەزنى گەپتىن توسۇپ.
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئەتە كۆرۈشەيلى.
شۇنىڭ بىلەن، ئەر - خوتۇن ئىككىسى مەيدىلىرىگە كرېست سىزىپ ھەم سۆيۈشۈپ خوشلاشقان بولدى، ئەمما ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىدىن قايتمىدى.
كىنەز خانىم ئەسلىدە بۈگۈن ئاخشام كىتىنىڭ تەقدىرى ھەل بولدى، ۋرونسكىينىڭ سەمىمىيتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ، دەپ قەتئىي ئىشەنگەنىدى، ئەمما ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پىكىرلىرى چېچىلىپ گاڭگىراپلا قالدى. ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، كىتىگە ئوخشاش ئۇمۇ كەلگۈسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئىچىدە : «خۇدا ساقلىسۇن ! خۇدا ساقلىسۇن ! خۇدا ساقلىسۇن!» دەپ خۇداغا قاتتىق تېۋىندى.

## 16

ۋرونسكىي ھەقىقىي ئائىلىۋى ھاياتنىڭ قانداقلىقىنى زادىلا بىلمەيتتى. ئانىسى ياش ۋاقتىدا ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىدا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن، توي قىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئېرى

ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئاشنا ئويناپ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنى قاتتىق مالىمانچىلىققا سېلىۋەتكەن ئايال ئىدى. ۋرونسكىي دادىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى، كىچىكىدىن مەخسۇس ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى تەربىيىلىنىدىغان ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە تۇرغانىدى.

ۋرونسكىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ چىققاندا ھەممە ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان ياش ئوفىتسېرغا ئايلىنىپ، پېتېربۇرگدىكى باي ئوفىتسېرلارنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرىپ قالغانىدى. گەرچە پېتېربۇرگدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا ئاندا ـ ساندا بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىشقىي ئالاقىلىرىنىڭ كۆپى ئاقسۆڭەكلەر دائىرىسىنىڭ سىرتىدا بولاتتى .

ئۇ پېتېربۇرگدىكى ھەشەمەتلىك، چىرىك تۇرمۇش ئىچىدە بىر مەزگىل يۈرۈپ موسكۋاغا كەلگەندىن كېيىن، ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە مەنسۇپ پاك، گۈزەل ھەم ئۆزىگە مەيلى بار بىر قىز بىلەن يېقىن ئۆتۈشىنىڭ لەززىتىنى تۇنجى قېتىم تېتىپ قالدى. ئۇ كىتى بىلەن يېقىنلاشسا بىرەر يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. تانسلاردا كۆپرەك كىتى بىلەن تانسا ئوينايتتى، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاردا بولاتتى. قىلىشقان پاراڭلىرى ئادەتتە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا سۆزلىنىدىغان قۇرۇق گەپلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇنىڭغا قىزىقارلىق ھەر خىل مەزمۇنلارنى قوشۇپ، كىتىنى نېمىدېگەن قىزىقارلىق ئىشلار بۇ، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرەلەيتتى. كىتىگە باشقىلارنىڭ ئالدىدا دېسە بولمايدىغان گەپلەرنى قىلمىسىمۇ، ئەمما كىتىنىڭ ئۆزىگە بارغانسېرى قىزىقىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى ۋە سەزگەنسېرى خۇشاللىقىدا ئۆزىنى باسالماي قالاتتى ھەم ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشاتتى. ئۇ كىتىگە قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنىڭ

ئالاھىدە بىر نامىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ «ئۆيلەنمەيدۇ، قىزلارنى ئالداپ قولغا چۈشۈرىدۇ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، بۇ قىلىقىنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش شاللاق يىگىتلەر دائىم ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان گۇناھلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بۇنىڭدىن كېلىدىغان لەززەتنى بىرىنچى قېتىم تېتىۋاتقاچقا، يەنە داۋاملىق تېتىۋېرىشنى ئويلايتتى.

ئەگەر ئۇ كىتىنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ شۇ كۈنى كەچتە قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلىغان، چىن نىيىتى بىلەن كىتىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويلىغان، كىتىگە ئۆيلەنمىسە كىتىنىڭ بەختسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا چوقۇم ھەيران قالغان ھەم ئىشەنمىگەن بولاتتى. ئۇ، ئەلۋەتتە، ئۆزىگە، بولۇپمۇ كىتىگە بۇنچىلىك چوڭ خۇشاللىق ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر ئىشنىڭ يامان تەرىپىنىڭمۇ بارلىقىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇم ئۆيلىنىشى كېرەكلىكىگە ئىشەنمەيدۇ ـ دە.

ئۆيلىنىش دېگەن نەرسە ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك بىلىنەتتى. ئۇ ئائىلىۋى تۇرمۇشنى ياخشى كۆرمەيلا قالماي، ئۆزى ئارىلىشىپ يۈرگەن بويتاقلار دائىرىسىنىڭ قارىشى بويىچە ئائىلە قۇرۇشنى، بولۇپمۇ بىر خوتۇننىڭ ئېرى بولۇشنى تولىمۇ بىئەپ، ئادەتلەنگىلى بولمايدىغان ھەم شۇنچىلىك كۈلكىلىك بىر ئىش قاتارىدا كۆرەتتى. لېكىن، ئۇ كىتىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بولغاچقا، شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، كىتى بىلەن بولغان مەخپىي مۇناسىۋىتىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئەمدى بىر ئىش قىلىش كېرەك، دەپ ئويلىدى، لېكىن نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ تاپالمىدى.

«شۇنىسى ئوبدان بولدىكى، — دەپ ئويلىدى ئۇ شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ. ئۇ ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن قايتىپ چىققاندا، پۈتۈن ئاخشام تاماكا

چەكمىگەنلىكى بىلەن ئۆزىنى يېنىك ۋە خۇشۋاخ سېزىپ ۋە كىتىنىڭ مۇھەببىتى قوزغىغان يېڭى بىر شېرىن تۇيغۇغا چۆمۈپ ماڭاتتى، — ئۇمۇ، مەنمۇ بۇ توغرۇلۇق بىرەر گەپ ئاچمىدۇق، ئەمما كۆزلىرىمىز، ھەرىكەتلىرىمىز بىلەن تىلسىز سۆزلىشىپ، بىر - بىرىمىزنى شۇنچىلىك ياخشى چۈشەندۇق. بۈگۈن ئاخشام ئۇ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنى ھەرقانداق چاغدىكىدىن ئوچۇق ئىپادىلىدى، ئىپادىلەشلىرى شۇنچىلىك سۆيۈملۈك، شۇنچىلىك ساددا، شۇنچىلىك ئىشەنچلىك، شۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقاندەك، پاكلىنىشىپ كېتىۋاتقاندەك ئويلاپ قالدىم. مەن شۇنچىلىك قىزغىن ئىكەنمەن، ئارتۇقچىلىقلىرىممۇ نۇرغۇن ئىكەن. ئۇنىڭ ئىشىق ئوتىدا يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدۇغۇ! ئۇنىڭ : ‹مەن ھەقىقەتەن ...› دېگەن گەپنى قىلغان چاغدىكى ھالىتىچۇ تېخى !»

«شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ ! ھېچ گەپ يوق. مەن شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم، ئۇمۇ ھەم شۇنداق.» شۇنىڭدىن كېيىن ۋرونسكىي بۈگۈن ئاخشامنىڭ قالغان ۋاقتىنى قەيەردە ئۆتكۈزسەم بولار دەپ ئويلاشقا باشلىدى.

ئۇ نەلەرگە بارسا بولىدىغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. «كۇلۇبقىمۇ؟ شۇ يەرگە بېرىپ ئىگناتوف بىلەن قارتا ئويناپ، شامپان ئىچىپ كەلسەممىكىن؟ ياق، ئۇ يەرگە بارمايمەن. ‹گۈل بازىرى›غا باراي، ئۇ يەرگە بارسام ئوبلونسكىينى تاپىمەن، بىللە ناخشا ئېيتىمىز، كان - كان ئۇسسۇلى[1] ئوينايمىز. قوي، ئۇنى ئويناپ زېرىككەنمەن. شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، چۈنكى، مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇۋاتقاندىن بېرى ياخشى تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىۋاتىمەن. بولدى، ياتىقىمغا كەتتىم.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىيۇسسو

---

① بىر خىل چاكىنا ئۇسسۇل.

مېھمانخانىسىدىكى ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، كەچلىك تاماق بۇيرۇتۇپ يەپ بولغاندىن كېيىن يېشىنىپ ياتتى ۋە بېشى ياستۇققا تەگكەن ھامان تىنچ ئۇيقۇغا كەتتى.

# 17

ۋرونسكىي ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىردە پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ، ئاپىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن پېتېربۇرگ تۆمۈريول ۋوگزالىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ۋوگزالدا بىرىنچى بولۇپ ئۇچراتقان ئادىمى ئوبلونسكىي بولدى. ئوبلونسكىيمۇ مۇشۇ قېتىملىق پويىزدا كېلىۋاتقان سىڭلىسىنىڭ ئالدىغا چىققانىدى.

— ھە، جانابىي ئالىيلىرى! — دېدى ئۇ ئۇنلۇك سۆزلەپ، — كىمنى كۈتۈۋاتىسەن؟

— ئاپامنىڭ ئالدىغا چىقىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي ئوبلونسكىي ئۇچراتقان باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئىككىسى بىللە ۋوگزال سۇپىسىغا قاراپ ماڭدى، — ئۇ بۈگۈن پېتېربۇرگدىن كەلمەكچى.

— مەن ئاخشام سېنى سائەت ئىككىگىچە ساقلىدىم. شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ يەنە نەگە باردىڭ؟

— ياتىقىمغا كەتتىم، — دېدى ۋرونسكىي جاۋابەن، — راستىمنى دېسەم، ئاخشام شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىدىن خۇشال چىقىپ، ھېچ يەرگە بارغۇم كەلمەي ياتىقىمغا قايتتىم.

— «تامغىسىدىن بايقايمەن ئۇچقۇر تۇلپارنى، كۆزلىرىدىن بىلىمەن ئاشىق يىگىتنى»، — ئوبلونسكىي ئۆتكەندە لېۋىنغا ئوقۇپ بەرگەن بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى ئۇنىڭغىمۇ ئوقۇپ بەردى.

ۋرونسكىي ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى رەت قىلماي كۆلۈپلا قويدى ۋە دەررۇلا گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— خوش، سەن ئۆزۈڭ كىمنىڭ ئالدىغا چىقتىڭ؟ — سورىدى ئۇ.

— مەنمۇ؟ مەن چىرايلىق بىر ئايالنى كۈتۈۋېلىشقا كەلدىم، — دېدى ئوبلونسكىي.

— شۇنداقمۇ تېخى.

*— بۇ گېپىڭ ئالىيجانابلارغا چاكىنىلارنىڭ نەزىرىدە قارىغانلىق!* مەن سىڭلىم ئاننانى كۈتۈۋاتىمەن.

— ھە، كارېنىنانىمۇ؟ — سورىدى ۋرونسكىي.

— سەن ئۇنى تونۇساڭ كېرەك.

— تونۇشۇم مۇمكىن. ۋايتاڭ، تونۇمايمەنغۇ دەيمەن ... راستىمنى دېسەم، ئېسىمدە يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي. ئۇ كارېنىنا دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىسىلا، قانداقتۇر تەكەببۇر، زېرىكەرلىك بىرىنى خىرە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

— مېنىڭ مەشھۇر كۈيئوغلۇم ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچنى-غۇ بىلەرسەن؟ ئۇنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ.

— مەن پەقەت ئۇنىڭ داڭقىنى ھەم چىرايىنىلا بىلىمەن. ئۇنى ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق ھەم ناھايىتى دىندار ئادەم دەپ ئاڭلىغان ... لېكىن، ساڭا ھەقىقىي گېپىمنى دېسەم، ئۇنداق ... *مەن ئۇنداق ئادەملەرگە تازا قىزىقمايمەن*①، — دېدى ۋرونسكىي.

— راست، ئۇ ناھايىتى مەشھۇر شەخس، ئازراق مۇتەئەسسىپرەك، ئەمما ئۆزى ئوبدان ئادەم، — دېدى ئوبلونسكىي، — ئوبدانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ.

— ھە، ئۇنداق بولسا ياخشى ئىكەن، — دېدى ۋرونسكىي كۈلۈپ قويۇپ، — ھوي، سەنمۇ يېتىپ كەلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇرغان ئانىسىنىڭ ئېگىز بويلۇق چاكىرىغا

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچە.

قاراپ، ــ بۇياققا كەل !

ۋرونسكىي ئوبلونسكىيغا ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان يېقىنلىق مىجەزى ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى، كىشى بىلەن دائىم بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.

ــ يەكشەنبە كۈنى ھېلىقى ناخشىچى ئايال چولپاننى تاماققا چاقىرىپ قويساق قانداق دەيسەن؟ ــ دېدى ۋرونسكىي ئوبلونسكىينىڭ قولىنى تۇتۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــ بۇ ياخشى گەپ بولدى، چاقىرىدىغانلارنى مەن تىزىملاپ چىقاي، بىللە ئولتۇرايلى. ھە راست، ئاخشام ئاغىنەم لېۋىن بىلەن تونۇشتۇڭمۇ؟ ــ سورىدى ئوبلونسكىي.

ــ تونۇشىمامدىغان. لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئازراقلا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

ــ ئۇ ياخشى يىگىت، ــ دېدى ئوبلونسكىي، ــ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ــ بىلمىدىم، ــ دېدى ۋرونسكىي جاۋابەن، ــ موسكۋالىقلارنىڭ ھەممىسىلا تۇڭ. ئەلۋەتتە، ھازىر مەن بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان كىشىدىن باشقىلىرى، ــ ئاخىرىدىكى گەپنى قوشۇپ قويدى ئۇ، ــ كىمىرلىك، خۇددى ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك ئادەمگە ھۈرپىيىپلا تۇرىدۇ ...

ــ راست، موسكۋالىقلار شۇنداقراق ... ــ دېدى ئوبلونسكىي خۇشال كۈلۈپ قويۇپ.

ــ پويىزنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئاز قالدىمۇ؟ ــ سورىدى ۋرونسكىي ۋوگزال خىزمەتچىسىدىن.

ــ ئاز قالغانلىقىدىن سىگنال بېرىلدى، ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ خىزمەتچى.

ۋوگزالدىكى تەييارلىق ئىشلىرىنىڭ جىددىيلىشىشى، يۈك توشۇغۇچىلارنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى، ژاندارمىلار بىلەن تۆمۈريول خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋوگزالدا پەيدا بولۇشى،

كىلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا چىققان ئادەملەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقى پويىزنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۈستىگە جۇۋا، پۇتلىرىغا پىيما كىيىشكەن ئىشچىلارنىڭ ئەگرى - بۈگرى رېلىس ئۈستىدىن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى پات - پات كۆرۈنۈپ قالاتتى. يىراقتىن پاراۋوزنىڭ گۈدۈكى بىلەن ئېغىر بىر نەرسىنىڭ گۈپۈلدىگەن ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى.

— ياق! — دېدى ئوبلونسكىي لېۋىننىڭ كىتىگە تەلەپ قويغانلىقىنى ۋرونسكىيغا سۆزلەپ بېرىشكە ئالدىراپ، — سېنىڭ بىزنىڭ لېۋىنگە بەرگەن باھايىڭ مۇۋاپىق بولمىدى. لېۋىن ناھايىتى ئەسەبىي ئادەم، بەزىدە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويىدۇ، ئەمما ئايرىم چاغلاردا ناھايىتى ياخشى، يېقىملىق يىگىت. كۆڭلى ئاق، ساپ دىل، ئالتۇندەك يۈرىكى بار ئادەم. ئاخشامقى ئىش سەۋەبسىز ئەمەس، — ئوبلونسكىي مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. ئۇ تۈنۈگۈنلا ئۆزىنىڭ لېۋىنغا چىن دىلىدىن خەيرخاھلىق قىلغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن. خەيرخاھلىق تۇيغۇسى بۈگۈنمۇ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بۇ خەيرخاھلىق ۋرونسكىيغا يۆتكەلگەنىدى، — ئۇنىڭ تۈنۈگۈن تۇرۇپ خۇشال بولۇشى، تۇرۇپ ئازابلىنىشلىرىنىڭ سەۋەبى بار.

— بۇ قانداق گەپ؟ تۈنۈگۈن ئۇ سېنىڭ قېينسىڭلىڭغا توي قىلىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىلى كەلگەنمىدى يا؟ ...

— ئېھتىمال، — دېدى ئوبلونسكىي، — تۈنۈگۈن مەن شۇنداقراق بىر نەرسىنى سەزگەنىدىم. ئۇ بالدۇر كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەيپى تۆۋەن بولغان بولسا، دېمەك، شۇنداق ئىكەن ... ئۇنىڭ كىتىگە ئاشىق بولۇپ يۈرگىنىگە ئۇزاق بولدى، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېچىنىمەن.

— ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن - دە. ئەمما، كىتى ئۆزىگە تېخىمۇ ياخشى لايىق تېپىشى كېرەككقۇ، — دېدى ۋرونسكىي

كۆكرىكىنى كېرىپ ئۇياق - بۇياققا ماڭغاچ، — لېكىن، مەن لېۋىنى چۈشەنمەيمەن، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئۇ، — شۇنداق، ئادەم بۇنداق ئەھۋالغا قالسا ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابلىنىدۇ، مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن نۇرغۇن ئەرلەر يامان خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ئەۋزەل بىلىپ قالىدۇ. پۇلۇڭ بولسىلا، ئۇنداق جايلاردا ئۇنداق خوتۇنلارنى قولغا چۈشۈرەلمەيدىغان ئىش يوق. بۇ يەرلەردە بولسا كىشىلەر سېنىڭ قەدىر - قىممىتىڭنى تارازىغا سېلىپ كۆرۈپ باقىدۇ. ئەنە، پويىزمۇ كەلدى.

دېگەندەك، يىراقتا پاراۋوزنىڭ گۈدۈكى ئاڭلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي سۇپا دىرىلدەپ كەتتى، پاراۋوزدىن ئېتىلىپ تۇرغان پار سوغۇق ھاۋادا يۇقىرىغا ئۆرلىيەلمەي ئاستا - ئاستا تارقاشقا باشلىدى. پويىزنىڭ ئوتتۇرا چاقىنىڭ رىچاكى ئاستا ھەم رىتىملىق ئايلىنىپ باراتتى. پۇتىدىن بېشىغىچە قېلىن كىيىنگەن ۋە باش - كۆزىنى قىرو باغلاپ كەتكەن پويىز شوپۇرى ئالدىغا سەل ئېگىلگەن ھالدا پويىزنى ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتى. كەينىدىن كۆمۈر بىلەن سۇ تۇرىدىغان ۋاگون، ئۇنىڭ كەينىدىن يۈك - تاق ۋاگونى ئۆتتى، بۇ ۋاگوننىڭ ئىچىدىن بىر ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پويىز بارغانسېرى ئاستىلاپ، سۇپىنىڭ دىرىلدەشلىرى كۈچىيىپ كەتتى. ئاخىرىدا يولۇچىلار ئولتۇرغان ۋاگونلار يېتىپ كېلىپ، يەڭگىل بىر سىلكىنىشتىن كېيىن پويىز توختىدى.

بەقۇۋۋەت بىر پويىز خادىمى پويىز توختار - توختىمايلا پۇشتىكىنى چېلىپ پويىزدىن سەكرەپ چۈشتى. ئالدىراپ تۇرۇۋاتقان يولۇچىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئارقا - ئارقىدىن سەكرەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەددىنى تىك تۇتقان، ئۇياق - بۇياققا جىددىي كۆز تاشلاۋاتقان گۋاردىيە ئوفىتسېرلىرىمۇ، سومكا كۆتۈرۈۋالغان، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان تىنىمسىز تىجارەتچىلەرمۇ، مۇرىسىگە قاپ ئارتىۋالغان

دېھقانلارمۇ بار ئىدى.

ۋرونسكىي ئوبلونسكىينىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ۋاگوندىن چۈشۈۋاتقانلارغا قارايمەن دەپ ئاپىسىنى يادىدىن چىقىرىپ قويدى. كىتى توغرىسىدا ئاڭلىغان بايىقى گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى خۇشاللىقتا چۈمگەندى، ئىختىيارسىز كېرىلىپ، كۆزلىرى چاقناپ، ئۆزىنى غالىب ھېسابلاپ كېتىۋاتاتتى.

— ۋرونسكىي گراف خانىم مۇشۇ ۋاگوندا، — دېدى بايىقى بەقۇۋۋەت پويىز خادىمى ۋرونسكىينىڭ ئالدىغا كېلىپ.

ئۇنىڭ گېپى ۋرونسكىينى خىيالدىن ئويغىتىپ، ئاپىسىنى، ۋاگونغا چىقىپ ئاپىسى بىلەن دەرھال كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېسىگە سالدى. ئۇ ئاپىسىنى چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلمايتتى ھەم ياخشى كۆرۈپمۇ كەتمەيتتى، ئەمما كۆرۈنۈشتە ئاپىسىغا بۆلەكچىلا قىلىپ كېتەتتى، ئۆزىنىڭ ئۇ خىل روھىي ھالىتىنى ھەرگىز ئاغزىدىن چىقارمايتتى. تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئالغان تەربىيىسىدىن ئالغاندا، ئانىنى چەكسىز ھۆرمەتلەشتىن باشقا مۇئامىلىنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغاندەك، ئۇنى ھۆرمەت قىلغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلمايتتى.

## 18

ۋرونسكىي پويىز خادىمىنىڭ كەينىدىن ۋاگونغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، ۋاگوننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىر خانقىزغا يول بېرىش ئۈچۈن توختىدى ۋە ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا توپلىغان مول تەجرىبىسى بويىچە، ئۇ خانقىزنىڭ قىياپىتىگە بىر قاراپلا،

ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ خانقىزدىن كەچۈرۈم سوراپ بولۇپ ۋاگون ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا يەنە بىر قاراپ بېقىشنى بىردىنلا ئويلاپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكى ياكى قەددى ـ قامىتىنىڭ قاملاشقانلىقى، چىرايىدا ئويناپ تۇرغان چىرايلىق جىلۋىسى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئوماق چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىق ۋە مۇلايىم بىر ئىپادە ئەكس ئەتكەنلىكىدىن ئىدى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قارىغاندا، ئۇ خانقىزمۇ قايرىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلىرىنىڭ تېگىدە كۆكۈچ كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆزلىرى ۋرونسكىيغا خۇددى ئۇنى تونۇغاندەك دوستانە ۋە قىزىقىپ قالغاندەك لەپپىدە بىر تاشلىنىپ، ئىتتىك يەنە ۋاگونغا توختاۋسىز كىرىۋاتقان كىشىلەرگە بۇرالدى. بۇ قارىشى بىلەن ئۇ توپ ئىچىدىن بىرىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ۋرونسكىي ئاشۇ قىسقا دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ چىرايىدىن بېسىق تۇرۇۋاتقان بىر ئاچچىقنى سەزگەندەك بولدى. بۇ ئاچچىق ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان قىپقىزىل لەۋلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، ۋۇجۇدىدىن ياشلىقى تېشىپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خىل ھالەت ئۇنىڭ گاھ چاقناپ تۇرغان كۆز نۇرلىرىدا، گاھ لەۋلىرىدىكى تەبەسسۇمدا ئىختىيارسىز ئەكس ئېتىپ قالاتتى. ئۇ كۆزلىرىدىكى ئۇ نۇرنى ئۆچۈرۈشكە ئەتەي ئۇرۇنۇپ باقاتتى، لېكىن ئۇ نۇر ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنماي، بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇمدا ئوخشاشلا چاقناپ تۇراتتى.

ۋرونسكىي ۋاگونغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاپىسى قارا كۆز، بۇدۇر چاچ، ئورۇق قېرى ئايال ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى سەل قىسىپ تۇرۇپ ئوغلىغا قاراپ، نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىن سەل ـ پەل كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئارقىدىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قول سومكىسىنى خىزمەتكار قىزغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن

ئورۇق، ئىنچىكە قولىنى ئوغلىنىڭ سۆيۈپ قويۇشىغا سۇندى، ئارقىدىن ئوغلىنىڭ بېشىنى قولى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

— تېلېگراممىنى ئالدىڭمۇ؟ سالامەتلىكىڭ قانداقراق؟ خۇداغا شۈكۈر!

— قىينالماي ياخشى كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئوغلى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ. دەل شۇ چاغدا سىرتتىن بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، دىققىتى دەررۇ شۇ ياققا بۆلۈندى ۋە شۇئان ئۇنىڭ بايا ئىشىك تۈۋىدە ئۇچرىغان ئايالنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— شۇنداق بولسىمۇ مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە قوشۇلالمايمەن، — دېدى ئۇ خانقىز.

— بۇ پېتېربۇرگچە قاراش، خانقىز.

— بۇ پېتېربۇرگچە قاراش ئەمەس، ئاياللارچە قاراش، — دېدى جاۋابەن ئۇ خانقىز.

— ئەمىسە قوللىرىڭىزنى سۆيۈپ قويۇشۇمغا ئىجازەت قىلغايسىز.

— خەير، ئىۋان پېترووۋىچ. ئاكام كەلدىمىكىن، قاراپ باقسىڭىز، ئەگەر كەلگەن بولسا ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ، بۇ يەرگە كەلسۇن! — دېدى خانقىز ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ. كېيىن ئۇ يەنە ۋاگونغا قايتىپ كىردى.

— خوش، ئاكىڭىزنى تاپتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى گراف خانىم ئۇنىڭدىن.

ۋرونسكىي شۇندىلا ئۇنىڭ كارېنىنا ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— سىزنىڭ ئاكىڭىز مەشەدە، — دېدى ۋرونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ، — كەچۈرۈڭ، بايا سىزنى تونۇماپتىمەن. بىزنىڭ كۆرۈشكەن ۋاقتىمىز تولىمۇ قىسقا بولغان، شۇڭا مەن چوقۇم سىزنىڭ ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىم دەپ ئويلايمەن، — دېدى ۋرونسكىي ئېگىلىپ تۇرۇپ.

— ياق، ياق، — دېدى كارېنىنا، — سىزنى تونۇيمەن، دېسەممۇ بولىدۇ، چۈنكى يولدا كەلگۈچە ئاپىڭىز ماڭا سىز توغرۇلۇق تۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، — ئۇ باسالماي تۇرۇۋاتقان ئاچچىق ئاخىر ئۇنىڭ تەبەسسۇمىدا ئەكس ئېتىشكە باشلىدى، — ئاكامغا نېمە بولدىكىنە، تېخىچە يوققۇ.

— سەن چىقىپ چاقىرىپ كىرگىنە، ئالېكسېي، — دېدى قېرى گراف خانىم.

ۋرونسكىي ۋاگوندىن پەسكە چۈشۈپ:

— ئوبلونسكىي، بۇياققا كەل! — دەپ توۋلىدى.

ئاننا ئاكىسىنىڭ كىرىشىنى كۈتمەي، ئۇنى كۆرۈپلا يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن ۋاگوندىن چۈشتى. ئاكىسى ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ۋرونسكىينى ھەيران قالدۇرۇپ، چاققان ۋە چىرايلىق ھەرىكىتى بىلەن بىر قولىدا ئاكىسىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئالدىغا شۇنچىلىك تېز تارتىپ كەلدى - دە، مەڭزىگە كۈچەپ تۇرۇپ بىرنى سۆيدى. ۋرونسكىي كارېنىناغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپ كەتتى، نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپلا تۇراتتى. شۇ ئارىدا ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى ۋاگوندا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، شۇئان ۋاگونغا كىرىپ كەتتى.

— بەكمۇ يېقىملىق ئايال، شۇنداقمۇ؟ — دېدى گراف خانىم كارېنىنا توغرۇلۇق گەپ قىلىپ، — ئېرى ئۇنى مەن بىلەن بىر ۋاگونغا سېلىپ قويدى، مەن ناھايىتى خۇش بولدۇم. يول بويى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كەلدىم. ئاڭلىسام، سەن *... كۆڭۈلدىكىدەك مۇھەببەت ئىزدەپ يۈرۈپسەن. بەك ياخشى بوپتۇ، قوزام، بەك ياخشى بوپتۇ.*

— سىزنىڭ بۇ گەپنى نېمىگە قارىتىپ دەۋاتقىنىڭىزنى بىلمىدىم، ئاپا! — دەپ سوغۇققىنا جاۋاب بەردى ئوغلى ئاپىسىغا.

ئاننا گراف خانىم بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ۋاگونغا يەنە كىردى.

— مانا، گراف خانىم، سىز ئوغلىڭىز بىلەن كۆرۈشتىڭىز، مەن ئاكام بىلەن كۆرۈشتۈم، — دېدى ئۇ خۇشال سۆزلەپ، — مېنىڭ گەپلىرىم تۈگەپ، قىلىدىغان پارىڭىممۇ قالمىغانىدى.
— ھە، ياق! — دېدى گراف خانىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — سىز بىلەن سەپەرگە چىقسام جاھاننى ئايلانساممۇ زېرىكمىگۈدەكمەن. بەزى ئاياللار شۇنچىلىك يېقىملىقكى، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشسىڭىز كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشماي جىمجىت ئولتۇرۇشمۇ كۆڭۈللۈك. سىز ئەنە شۇنداق ئاياللاردىن ئىكەنسىز. ئوغلىڭىزدىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، بالىدىن ئۆمۈرۋايەت ئايرىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس ئىش.
كارېنىنا قىمىر قىلماي تىككىدە تۇراتتى، كۆزلىرىدە تەبەسسۇم ئوينايتتى.
— ئاننا ئاركادىيېۋنانىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى بار ئىكەن، — دېدى گراف خانىم ئوغلىغا چۈشەندۈرۈپ، — ئوغلىدىن زادىلا ئايرىلىپ باقماپتىكەن، بۇ قېتىم ئۇنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ بولالمايلا قالغان گەپ.
— گراف خانىم ئىككىمىز يولدا كەلگۈچە توختىماي پاراڭلىشىپ كەلدۇق. مەن ئۆز ئوغلۇم توغرۇلۇق، ئۇياق ئۆزىنىڭ ئوغلى توغرۇلۇقلا پاراڭ سېلىشىپتۇق، — دېدى ئاننا. ۋرونسكىيغا تېگىشلىك شېرىن تەبەسسۇم يەنە ئۇنىڭ چىرايىدا پەيدا بولدى.
— ئېھتىمال، مەن توغرۇلۇق بولغان پاراڭلاردىن زېرىكىپمۇ كەتكەنسىز، — دېدى ۋرونسكىي ئانىنىڭ تەبەسسۇم ئارقىلىق ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتىنى دەررۇ قوبۇل قىلىپ. لېكىن، ئاننا گەپنى بۇ تەرىقىدە داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمىدى بولغاي، شۇئان گراف خانىمغا يۈزلىنىپ:
— سىزگە كۆپ تەشەككۈر. تۈنۈگۈنكى كۈننىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قاپتىمەن. خەير، ياخشى قېلىڭ، گراف

خانىم، — دېدى.

— خەير، ئەزىزىم، — دېدى گراف خانىم جاۋابەن، — كېلىڭ، چىرايلىق مەڭزىڭىزگە بىرنى سۆيۈپ قوياي. سىزدىن يوشۇرمايمەن، سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

بۇ گەرچە ئادەتتە كۆپ دېيىلىدىغان گەپ بولسىمۇ، ئەمما ئاننا ئۇنىڭغا راست دەپ ئىشىنىپ قېلىپ خۇشال بولدى ۋە سەل قىزىرىپ، ئازراق ئېڭىشىپ مەڭزىنى گراف خانىمنىڭ لەۋلىرىگە يېقىن تۇتۇپ بەردى. ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، لەۋلىرى بىلەن كۆزلىرى ئارىلىقىدا ئويناپ تۇرغان بايىقى تەبەسسۇمى بىلەن ۋرونسكىيغا ئوڭ قولىنى ئۇزاتتى، ۋرونسكىي ئۆزىگە سۇزۇلغان قولنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ بوش سىقىپ قويدى، ئاننا بولسا يۈرەكلىك هالدا ئۇنىڭ قولىنى چىڭگىدە سىقىپ قويغانىدى، ۋرونسكىي بۇ سىقىشتىن بۆلەكچىلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئاننا ئىتتىك مېڭىپ ۋاگوندىن چۈشۈپ كەتتى. ئاننانىڭ بەدىنى تولۇق، قەدەملىرى يەڭگىل ئىدى، بۇ تۇرقى ئۇنى كۆرگەن هەرقانداق ئادەمنى هەيران قالدۇرماي قالمايتتى.

— نېمىدېگەن يېقىملىق ئايال - هە! — دېدى قېرى گراف خانىم.

ئۇنىڭ ئوغلىمۇ خۇددى شۇنداق ئويدا ئىدى، ئاننانىڭ چىرايلىق گەۋدىسى كۆزدىن يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ قالغان، چىرايىدىكى كۈلكە تېخىچە يوقالمىغانىدى. دېرىزىدىن ئاننانىڭ ئاكىسىنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئاكىسىغا نېمىلەرنى دېگەنلىكى ۋرونسكىي بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى، ئەمما ئۇنىڭغا بۇ ئەلەم قىلغاندەك قىلدى.

— هە، ئاپا، سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ — دەپ يەنە تەكرارلىدى ئۇ.

— ناهايىتى ياخشىمەن. ئالېكساندىر ياخشى چوڭ بولۇۋاتىدۇ،

مارىيا چىرايلىق قىز بولدى، شۇنداق چىرايلىق دېگىنە.

گراف خانىم ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ خۇشاللىنارلىق ئىش بولغان نەۋرىسىنى چوقۇندۇرۇش مۇراسىمى توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ كەتتى. ئۇمۇ شۇ ئىش ئۈچۈن پېتېربۇرگقا ئالاھىدە بېرىپ كەلگەنىدى. ئۇ يەنە پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلىغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتتى.

— ئەنە، لاۋرېنتىيمۇ كەلدى، — دېدى ۋرونسكىي دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ، — خالىسىڭىز ماڭايلى.

گراف خانىم بىللە كەلگەن قېرى چاكىرى كىرىپ ھەممە نەرسىنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇندىلا موماي مېڭىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمدى ماڭايلى، ئادەملەرمۇ خېلى سېلىكتى، — دېدى ۋرونسكىي.

خىزمەتچى قىز قول سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئىتنى يېتىلەپ ماڭدى، چاكار بىلەن ھامال باشقا نەرسىلەرنى كۆتۈردى. ۋرونسكىي ئاپىسىنى قولتۇقلاپ ماڭدى. ئۇلار ئەمدىلا ۋاگوندىن چىقىپ تۇرۇشىغا، چىرايلىرى ئۆڭگەن بىرنەچچە ئادەم تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ يېنىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. رەڭگى ھېچنېمىگىلا ئوخشىمايدىغان خىزمەت شەپكىسى كىيىۋالغان ۋوگزال باشلىقىمۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى، پويىزدىن چۈشكەن ئادەملەرمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

— نېمە؟ ... نېمە؟ ... رېلىسقا ئۆزىنى ئېتىۋاپتۇمۇ؟ ... مېجىلىپ ئۆلۈپتۇمۇ؟ ... — يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئاغزىدا ساپلا مۇشۇ گەپ ئىدى.

ئوبلونسكىيمۇ سىڭلىسىنى قولتۇقلاپ، ئۆڭگى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ كەلدى، ئۇلار خەقلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ۋاگوننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تۇردى.

خانىملارنىڭ ھەممىسى ۋاگونغا كىرىپ كېتىشتى. ۋرونسكىي

بىلەن ئوبلونسكىي نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن خەقلەرنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

يولغا قارايدىغان بىر ئىشچى مەستمۇ ياكى سوغۇقتا يۈز ـ كۆزىنى مەھكەم ئورىۋېلىپ، كەينىگە يانغان پويىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىمۇ، پويىزنىڭ ئاستىدا قېلىپ يانجىلىپ كېتىپتۇ.

ۋرونسكىي بىلەن ئوبلونسكىي قايتىپ كەلگۈچە خېنىملار قېرى خىزمەتچىدىن ۋەقەنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى بىلىپ بولۇشقاندى.

ۋرونسكىي بىلەن ئوبلونسكىي قانغا مىلىنىپ ياتقان جەسەتنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى. ئوبلونسكىيغا بۇ ئىش قاتتىق تەسىر قىلغاچقىمۇ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ يىغلىۋېتىشكە ئاز قېلىۋاتاتتى .

— ۋاي، قانداق دەھشەت ! ئاننا، سېنىڭ بېرىپ كۆرمىگىنىڭ ياخشى بولدى. ۋاي خۇدايىمەي، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ! — دەيتتى ئۇ.

ۋرونسكىي گەپ قىلماي جىم تۇراتتى، چىرايلىق يۈزى جىددىي تۈس ئالغان، ئەمما ئۆزى تەمكىن ئىدى.

— ۋاي، ۋاي، گراف خانىم، سىز كۆرمىدىڭىز، — دېدى ئوبلونسكىي، — ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ كەلدى ... ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ ... ئېرىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئاڭلىساق، جان سانى جىق، ھەممىسى شۇ ئادەمنىڭ تاپاۋىتىگە قاراشلىق ئىكەن. ھەي بىچارىلەرەي !

— ئۇ بىچارە خوتۇنغا ياردەم قىلىشنىڭ ئامالى يوقمىدۇ؟ — دېدى ئاننا ھاياجان ئارىلاش پەس ئاۋاز بىلەن.

ۋرونسكىي ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئىتتىك مېڭىپ ۋاگوندىن چىقىپ كەتتى.

— مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، ئاپا، — دېدى ئۇ ۋاگوندىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ.

ۋرونسكىي بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

ئوبلونسكىي شۇ ئارىلىقتا يېڭى كەلگەن ناخشىچى توغرۇلۇق گراف خانىمغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، گراف خانىم تاقەتسىزلىنىپ، ئىشىكتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى ماڭساق بولىدۇ، — دېدى ۋرونسكىي ۋاگونغا كىرىپلا.

ئۇلار ۋاگوندىن بىللە چىقىشتى. ۋرونسكىي ئاپىسىنى قولتۇقلاپ ئالدىدا، ئوبلونسكىي بىلەن ئاننا كەينىدە ماڭدى. ۋوگزالنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلگەندە، ۋوگزال باشلىقى ۋرونسكىينىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى.

— سىز مېنىڭ ياردەمچىمگە ئىككى يۈز رۇبلى بېرىپسىز، مۇمكىن بولسا بۇ پۇلنى كىمگە ئىنئام قىلغانلىقىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز.

— ئېرى ئۆلگەن ئاشۇ ئايالغا بولمامدۇ، بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ — دېدى ۋرونسكىي ئىككى مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ.

— سىز بەردىڭىزمۇ؟ — ئارقىدا كېلىۋاتقان ئوبلونسكىي ئۈنلۈك سورىدى ئۈنىڭدىن. ئاندىن سىڭلىسىنىڭ قولىنى سىقىپ قويدى، — قانداق ياخشى! قانداق ياخشى! ئەزىمەت يىگىت ـ دە، شۇنداقمۇ؟ خەير، گراف خانىم.

ئۇ سىڭلىسى بىلەن جايىدا توختاپ قېلىپ، ئاننانىڭ خىزمەتكار قىزنى ئىزدىدى.

ئۇلار ۋوگزالدىن چىققاندا ۋرونسكىينىڭ پەيتۇنى كېتىپ بولغانىدى. ۋوگزالدىن چىققان ئادەملەر بايا يۈز بەرگەن ۋەقە توغرۇلۇق توختىماي سۆزلىشەتتى.

— بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپتۇ، — دېدى بىر ئەپەندى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، — چاق بېسىپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ دېيىشىدۇ.

— مەن بۇ ئىشنى باشقىچە ئويلايمەن. مېنىڭچە، بۇ ئەڭ

يېنىك، ئەڭ تېز ئۆلۈم، ھايت ـ ھۇيت دېگۇچە كېتىپ قالىدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— نېمىشقا ئاشۇنداق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چارىلەرنى قوللانمايدىغاندۇ! — دېدى ئۈچىنچى ئادەم.

ئاننا پەيتۇنغا چىقىپ ئولتۇردى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ تىترەپ، ئۆزىنى يىغىدىن زورغا بېسىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

— ئاننا، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بۇ يامان ئالامەت، — دېدى ئاننا جاۋابەن.

— يوق گەپنى قىلما، — دېدى ئوبلونسكىي، — سېنىڭ كەلگىنىڭ ھەممىدىن ئەلا. ساڭا قانچىلىك ئۈمىد باغلاۋاتقىنىمنى بىلمەيسەن تېخى.

— سەن ۋرونسكىي بىلەن بۇرۇندىن تونۇشامتىڭ؟ — سورىدى ئاننا.

— ھەئە. بىلەمسەن، بىز ھەممىمىز ئۇنى كىتى بىلەن توي قىلىسكەن دەيمىز.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئاننا بوش ئاۋاز بىلەن، — قېنى، ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ باققىنا، — ئاننا ئۆزىگە كاشىلا قىلىۋاتقان قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئۆزىدىن ئۇلاقتۇرۇۋەتمەكچى بولغاندەك بېشىنى سىلكىپ قويىدى، — سېنىڭ ئىشلىرىڭ توغرىسىدا سۆزلىشەيلى. مەن سېنىڭ خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپلا يولغا چىقتىم.

— كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى. ھازىر ھەممە ئۈمىدىم سەندە قالدى، — دېدى ئوبلونسكىي.

— ئۇنداق بولسا ئىشلارنىڭ جەريانىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن.

ئوبلونسكىي ئۆزىنىڭ ئىشىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئوبلونسكىي ئاننانى يۆلەپ پەيتۇندىن چۈشۈرۈپ قويۇپ، چوڭقۇر بىر تىنىپ قويىدى ـ دە، ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ قويۇپ ئىدارىسىگە كەتتى.

# 19

ئانىنا ئۆيگە كىرگەندە، دوللى دادىسىنىڭكىگە ئوخشاش قوڭۇر چاچلىق بۇدرۇقىنا كەلگەن ئوغلىنىڭ فرانسۇزچە ساۋاقىنى قانداق تەييارلىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. بالا كىتابنى ئوقۇپ تۇرۇپ، كالتە چاپىنىنىڭ ئارانلا ئىلىنىپ قالغان تۈگمىسىنى بۇراپ ئۈزۈۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى، ئانىسى ئۇنىڭ قولىنى بىرنەچچە قېتىم تۈگمىدىن ئېلىۋەتسىمۇ، ئۇنىڭ بۇدرۇق قولى يەنە تۈگمىگە كېتەتتى. ئاخىر بولماي، ئانىسى تۈگمىنى ئۈزۈۋېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— قولۇڭنى جىم تۇت، گرىشا! — ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ، توقۇشقا باشلىغىنىغا ئۇزاق بولغان ئەدىيالنى قولىغا ئالدى. ئۇ كۆڭلى ئارامىدا بولمىغان چاغلاردا قولىغا ئاشۇ ئەدىيالنى ئېلىپ توقۇشقا باشلايتتى. بۈگۈنمۇ كۆڭلى جايىدا ئەمەس، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئەدىيالنىڭ ئىلمەكلىرىنى ساناشقا باشلىدى. گەرچە ئۇ تۈنۈگۈن خىزمەتكارىغا، ئېرىمگە يەتكۈزۈپ قوي، سىڭلىسى كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، كارىم يوق، دېگەن بولسىمۇ، ئەمما قېينىسىڭلىسىنى كۈتۈۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇپ، ئۇنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ ئولتۇراتتى.

دوللى دەردلەرگە چىدىماي قاتتىق ئازابلىناتتى، يۈرىكى ئەلەمگە توشقانىدى. شۇنداقتىمۇ، قېينىسىڭلىسى ئاننانىڭ پېتېربۇرگدىكى كاتتا بىر ئەربابىنىڭ خوتۇنى، پېتېربۇرگلۇق ئېسىلزادە ئاقسۆڭەك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئېرىنى قورقۇتۇپ قىلغان گېپىدەك ئىش قىلمىغان، يەنى قېينىسىڭلىسىنىڭ ئۆزلىرىگە مېھمان بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. «نېمىلا بولسۇن، ئاننا ھېچقاچان گۇناھلىق

ئىش قىلغىنى يوق، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇنىڭدەك ياخشى ئايالنى كۆرمىگەنمەن، ماڭا شۇنچىلىك ياخشى مۇئامىلە قىلدۇ، — ئۇ پېتېربۇرگدىكى كارپېنلار ئائىلىسىنىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىرى ياخشى بولمىغاچقىمۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئائىلە تۇرمۇشىدا قانداقتۇر بىر خىل ساختىلىق مەۋجۇتتەك ئويلايتتى، — مەن نېمىگە ئاساسەن ئۇنى ياخشى كۆتمەيدىكەنمەن؟ ئۇ كېلىپ كۆڭلۈمنى ياساشقا ئۇرۇنمىسىلا بولدى. ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىش، كەچۈرۈۋېتىش، خرىستىئانچە كەڭ قورساق بولۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى مىڭ قېتىملاپ ئويلاپ چىقتىم، ھەممىسى قۇرۇق گەپلەر ئىكەن.»

كېيىنكى كۈنلەردە دوللى پەقەت بالىلىرى بىلەنلا بىللە بولدى، دەردىنى باشقىلارغا ئېيتىشنى خالىمىدى، يۈرىكىنى دەرد ـ ئەلەم قاپلاپ تۇرغاندا باشقا ئىشلار توغرۇلۇق گەپ قىلىشقا زادىلا رايى بارمايتتى. شۇنداقتىمۇ، بەرىبىر ئاننىغا ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەي بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھەممە گەپنى بىرىنى قويماي ئۇنىڭغا دەپ بېرىمەن، دەپ ئويلىغانلىرىدا بىردىنلا خۇشال بولسا، ئۆزىنىڭ خارلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئاننىغا، ئۇنىڭ سىڭلىسىغا دەپ بېرىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلىدىغان نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئويلىسا ئاچچىقى كېلەتتى.

دوللى توختىماي سائەتكە قاراپ، ئاننىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى مىنۇتسېرى كۈتەتتى. لېكىن، دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋالغا ئوخشاش، شۇنچە كۈتۈپ، ئاخىرىدا مېھمان كېلىپ قوڭغۇراقنى باسقىنىنى ئاڭلىماي قالدى.

ئۇ ئىشكتىن يېنىك دەسسەپ كىرىۋاتقان قەدەمنىڭ ۋە كۆڭلەك ئېتەكلىرىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغدىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاننىنىڭ ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنى كۆرگەندە دوللىنىڭ ئازاب چەككەن چىرايىدا ئىختىيارسىز ئەكس ئەتكەن نەرسە خۇشاللىق ئەمەس، بەلكى ھەيرانلىق بولدى. ئۇ

ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قېيىنسىڭلىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.
— ۋۇي، قايسى چاغلاردا يېتىپ كەلدىڭ؟ — دېدى ئۇ ئانىنى سۆيۈپ تۇرۇپ.
— دوللى، سېنىڭ بىلەن دىدارلاشقىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن.
— مەنمۇ ھەم شۇنداق، — دېدى دوللى زورغا كۈلۈمسىرەپ ۋە ئانىنانىڭ ئىشلاردىن خەۋەردار ياكى ئەمەسلىكىنى چىرايىدىكى ئىپادىدىن بىلىشكە تىرىشىپ. «ئازراق بىلىدىغانمۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئانىنانىڭ چىرايىدىن ھەمدەردلىك ئالامەتنى ئازراق بايقىغاندىن كېيىن، — يۈر، مەن سېنى ھۇجراڭغا باشلاپ كىرەي، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتىش ۋاقتىنى ئىمكان بار كەينىگە سۈرۈشكە تىرىشىپ.
— ۋۇي، بۇ گرىشامۇ؟ توۋا، چوڭلا بولۇپ كېتىپتۇغۇ ! — ئانىنا شۇنداق دەپ، ئارقىدىن گرىشانى سۆيۈپ قويدى، ئەمما كۆزلىرى يەنىلا دوللىدا ئىدى، ماڭماي تۇراتتى، نېمىشقىدۇر قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى، — ياق، ھېچ ياققا بارمايمەن، مەشەدە ئولتۇرايلى.
ئانىنا بېشىدىن ياغلىقى بىلەن شىلەپىسىنى ئالدى، شىلەپىسىنى ئالغۇچە بۇدۇر چاچلىرىغا شىلەپىسىنىڭ بىر يېرى ئىلىنىپ قېلىپ بېشىنى سىلكىۋىدى، بېشىنىڭ كەينىگە تۈرمەكلىنىۋالغان چېچى چۇۋۇلۇپ چۈشتى.
— چىرايىڭ شۇنچىلىك نۇرلۇق، روھىڭ كۆتۈرەڭگۈ تۇرۇپسەن، — دېدى دوللى ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ.
— مەنمۇ؟ ... راستىمۇ؟ — دېدى ئانىنا، — ۋاي خۇدايىم، بۇ تانيەغۇ ! مېنىڭ سېرىيوژامنىڭ قۇردىشى ئەمەسمۇ بۇ، — دېدى ئۇ مېھمانخانىغا يۈگۈرۈپ كىرگەن قىزنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ تۇرۇپ، — نېمىدېگەن چىرايلىق، ئوماق قىز بولغان. بالىلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرەيچۇ مەن.
ئانىنا ھەربىر بالىنىڭ ئىسمىنىلا ئەمەس، تۇغۇلغان يىل، ئايلىرىنى، مىجەز - خۇلقلىرىنى، قانداق كېسەلگە گىرىپتار

بولغانلىقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ دەپ چىققانىدى، دوللى قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتتى.
— بولىدۇ! ئەمىسە بىز ئۇلارنى كۆرۈپ چىقايلى، — دېدى دوللى، — ئەپسۇس، ۋاسە ئۇخلاپ قالغانىدى.
بالىلارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىككىسى مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىشتى، ئاننا پەتنۇسنى قولىغا ئېلىپ بولۇپ يەنە نېرىغا سۈرۈپ قويدى.
— دوللى، — دېدى ئۇ، — ئاكام ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى.
دوللى ئانناغا سوغۇق نەزەردە قاراپ قويۇپ، ئاننانىڭ ئاغزىدىن ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان ياسىما گەپلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى. لېكىن، ئاننا ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىدى.
— دوللى، ئەزىزىم، — دېدى ئۇ، — مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئۇنى ياقلىماقچى ئەمەس، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭنى ياسايمەن دېمەيمەن، ئۇنداق قىلىش ئورۇنسىز. لېكىن، جېنىم يەڭگە، ساڭا ئېچىنىمەن، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئېچىنىمەن.
ئاننانىڭ قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى نۇرلۇق كۆزلىرىگە بىردىنلا ياش كەلدى. ئۇ يەڭگىسىگە تېخىمۇ يېقىن ئولتۇرۇپ، كۈچلۈك كىچىك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. دوللى قوللىرىنى تارتىۋالمىدى، ئەمما چىرايىدىكى سوغۇق قىياپەت ئۆزگەرمىدى.
— كۆڭلۈمنى ياسىغىنىڭ بىكار، شۇ ۋەقەدىن كېيىن ھەممە ئىش تۈگەشتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.
بۇ گەپنى دەپ بولۇپ دوللىنىڭ چىرايى بىردىنلا مۇلايىملىشىپ قالدى. ئاننا دوللىنىڭ جۇدەڭ قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ بىرنى سۆيۈپ قويۇپ:
— بۇ گەپلەرنى قىلما، دوللى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنداق سەت ئىشقا قانداق چارە قوللىنىش كېرەك؟ مۇشۇنى

كۆپرەك ئويلىساڭ بولىدۇ.

— بولدى، بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، — دېدى دوللى، — ئەمدى ئويلايدىغان يېرىمۇ قالمىدى. ھەممىدىن يامان بولۇۋاتقىنى، مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايۋاتقىنىم، باللارنى تاشلاپ چىقىپ كېتەلمەيۋاتقىنىم بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆيۈمنى تۇتۇۋېرەي دېسەم، ئۇنىڭغا رايىم بارمايدۇ. ئۇنى ھازىر كۆرەر كۆزۈم يوق.

— سادىغاڭ كېتەي، دوللى، ئۇ ماڭا ھەممىنى دېدى، شۇنداقتىمۇ مەن سېنىڭ گېپىڭنىمۇ ئاڭلاپ باقماقچى، ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەرگىن.

دوللى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى.

ئاننانىڭ چىرايىدا ھەقىقىي ھېسداشلىق، دوستلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ بىردىنلا سۆزگە ئېغىز ئېچىپ، — گەپنى باشتىن باشلاي. سەن مېنىڭ قانداق توي قىلغانلىقىمنى بىلىسەن. مەن ئاپامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغىنىم بىلەن، تولىمۇ گۆدەك، نادان ھەم ئەخمەق ئىكەنمەن، ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنمەن. كىشىلەر، ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ھاياتى توغرىسىدا خوتۇنلىرىغا سۆزلەپ بېرىدۇ، دېيىشىدۇ، لېكىن ستىۋا ... — ئۇ دەررۇ گېپىنى ئوڭشىۋالدى، — ستېپان ئاركادىيېچ ماڭا ھېچنېمە دەپ بەرمىدى. دېسەم ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ كۈنگە كەلگۈچە ئۇ ئەڭ يېقىن ئۆتكۈۋاتقان بىردىنبىر ئايال دەپ ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم ھەم ئاشۇ خىيال بىلەن سەككىز يىلنى ئۆتكۈزدۈم. مەن ئۇنى ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ دەپ ئويلاش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، دەپ بىلەتتىم. ئويلاپ باققىنا، ئاشۇنداق خىيال بىلەن يۈرۈپ، تۇيۇقسىز بۇنداق رەسۋاچىلىقنى ئاڭلاش ئادەمگە قانچىلىك ... مەن ئۆزۈمنى بەختلىكمەن دەپ ئويلاپ يۈرگەن، بىردىنلا ... — دوللى ئۆزىنى يىغىدىن

توختىتالماي قالدى، — بىر كۇنى ئۆيلىمىغان يەردىن بىر پارچە خەتنى كۆرۈپ قالدىم ... ئۇنىڭ ئاشىنىسىغا، ئىلگىرى بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغان ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىغا يازغان خېتى ئىكەن. راست ئېيتسام، خەتنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ئازابلىنىپ كەتتىم، — ئۇ ئىتتىك قولياغلىقىنى چىقىرىپ يۈزىنى ئېتىۋالدى، — بىر مەزگىل كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرگەن بولسا مەيلى ئىدى، كەچۈرۈشكە بولاتتى، — ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ يەنە سۆزلەپ كەتتى، — لېكىن، چىن كۆڭلى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىپ مېنى ئالداپ يۈرگەنلىكى زادىلا خىيالىمغا كەلمەپتۇ ... يەنە كېلىپ كىم بىلەن دېمەمسەن؟ ... بىر ياقتىن مېنىڭ ئېرىم بولۇپ يۈرۈپ، يەنە بىر ياقتىن ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ يۈرگەن تۇرسا، بۇنىڭغا قانداق چىدايمەن ! سەن مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنمەيسەن ...

— ياق، مەن چۈشىنىمەن ! جېنىم دوللى، چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئاننا ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

— سەن ئۇنى مېنىڭ ئەھۋالىمنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ — دەپ داۋام قىلدى دوللى گېپىنى، — ئازراقمۇ چۈشەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇ بەختلىك، كۆڭلى خۇش.

— ياق، ياق ! — دەپ شۇئان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئاننا، — ئۇمۇ هازىر بەك بىچارە، پۇشايمان قىلىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي يۈرۈپتۇ ...

— ئۇ پۇشايمان قىلىۋېتىپتۇمۇ؟ — دېدى دوللى قېيىنسىڭلىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ.

— ھەئە. مەن ئۇنى بىلىمەن، ئۇنى كۆرۈپ رەھىمىم كېلىپ قالدى. ئىككىلىمىز ئۇنى چۈشىنىمىز. ئۇ ئاق كۆڭۈل، لېكىن ناهايىتى مەغرۇر ئادەم، ئەمما هازىر ئۇنىڭ دىلى بەكمۇ سۇنۇق. ماڭا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغىنى (ئاننا دوللىغا

ھەممىدىن قايسى ئىشنىڭ بەكرەك تەسىر قىلىدىغانلىقىنى سەزگەندى) ... ئۇنى ئىككى ئىش بەكرەك قىيناۋېتىپتۇ: بىرى، باللاردىن قاتتىق ئۇيىلىدىكەن؛ يەنە بىرى، سىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، — ئاننا ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە رەددىيە بەرمەكچى بولۇپ تۇرغان دوللىنى دەرھال گەپتىن توستى، — سىنى ئازابقا سالغىنى، سىنى دەردكە قويغىنى ئۇچۇن ئۆزى ئازابلىنىپ يۈرۈپتۇ. شۇڭا، كەچكىچە دەيدىغىنى: «ياق، ياق، دوللى مىنى كەچۈرمەيدۇ» دىگەن مۇشۇ بىرلا گەپ.

دوللى قېينىسىڭلىسىنىڭ گېپىنى خىيالغا چۆمگەن ھالدا يەرگە قاراپ تۇرۇپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

— راست، ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ ئېغىر، گۇناھ قىلغان ئادەمنىڭ ئازابى گۇناھ قىلمىغان ئادەمنىڭ ئازابىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. بۇ بەختسىزلىكنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلغان گۇناھى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بىلگەنده تېخىمۇ شۇنداق، — دېدى دوللى، — لېكىن، مەن ئۇنى قانداق كەچۈرۈۋېتەلەيمەن؟ ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى باشقا بىر خوتۇن تۇرسا، مەن يەنە قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا خوتۇن بولالايمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىللە ياشاش مەن ئۇچۇن بەكمۇ ئېغىر ئازاب، چۈنكى مەن ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرگەن ـ دە ...

دوللى يەنە بىر قېتىم ئازاب بىلەن يىغلاپ كېتىپ، سۆزىنى قىلالماي قالدى.

ئۇ خۇددى قەستەن قىلىۋاتقاندەك، كۆڭلى سەل يۇمشاي دېگەندە، ئۆزىنى غەزەپكە سالىدىغان يەنە بىر گەپنى باشلايتتى.

— توغرا، ئۇ ئايال ياش ھەم چىرايلىق، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئاننا، مىنىڭ ياشلىقىمنى، مىنىڭ گۈزەللىكىمنى كىمنىڭ نابۇت قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ۋە ئۇنىڭ باللىرى. مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆيۈپ ـ پىشىپ ھەممە نېمەمنى سەرپ قىلىپ تۈگەتتىم. مەن بارلىقىمدىن ئايرىلغاندا، ئۇ يېڭىسىنى تېپىپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ كەتتى. ئۇلار چوقۇم

مەن توغرۇلۇق گەپلەرنى قىلىشتى ياكى تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ، مېنى تىلغا ئېلىپمۇ قويۇشمىدى. سەن بۇنى چۈشىنەمسەن؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە غەزەپ ئۇچقۇنداشقا باشلىدى، — بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ يەنە گەپ توقۇپ ماڭا سۆزلەشكە باشلايدۇ ... ئەمدى مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنەمەنمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. ھەممە نەرسە تۈگىدى، بارلىق خۇشاللىقلىرىم، تارتقان جاپالىرىم، قىلغان ئەمگەكلىرىمنىڭ ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولدى ... شۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟ مەن بايا گىرشاغا كىتاب ئوقۇتتۇم، ئىلگىرى بۇ ئىش ماڭا كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى، ئەمدى ھازىر ئازاب بولدى. مەن تۈگىمەس ئىشلار ئۈچۈن نېمىشقا ئۇنچىلىك جاپا تارتىمەن؟ بالىلارنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ شۇنىسى دەھشەتلىككى، يۈرىكىم ھازىر مۇزلاپ كەتتى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت، ھېسسىيات دېگەن نېمىلەردىن بىرىمۇ قالمىدى، قالغىنى نەپرەت ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلىۋاتقىنى ...

— ئەزىزىم دوللى، مەن ھەممىنى چۈشەندىم، لېكىن ئۆزۈڭنى بۇنچىلا قىينىما. سەن ھازىر قاتتىق ئازاب ۋە دەرد ئىچىدە تۇرۇۋاتقاچقا، نۇرغۇن ئىشلارنى باشقىچە چۈشىنىۋاتىسەن.

دوللى جىم بولۇپ قالدى، ئۇلار شۇ ھالدا ئىككى مىنۇتچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى.

— مەن قانداق قىلاي، ئاننا؟ ئويلاپ كۆر، ماڭا ياردەم بەر. مەن نۇرغۇن ئويلاندىم، لېكىن بىرىمۇ چارە تاپالمىدىم.

ئاننامۇ بىرەر چارە ئويلاپ تاپالمىدى، ئەمما يەڭگىسىنىڭ ھەربىر سۆزىگە، چىرايىدىكى ھەربىر ئىپادىگە ھەمدەردلىك بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— ئېيتىدىغىنىم پەقەت بىرلا، — دېدى ئاننا، — مەن ئۇنىڭ سىڭلىسى، ئۇنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلىمەن. ئۇ ھەممىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ (ئۇ ماڭلىيىنى قولى بىلەن ئىشارەت

قىلىپ قويدى)، باشقىلارغا ئاسانلا قىزىقىپ قالىدۇ، لېكىن يەنە ئاسانلا توۋا قىلىدۇ. هازىر ئۇ قىلغان ئىشىغا ئۆزى ئىشەنمەي هەم ئۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەي، شۇنداق ئىشنىمۇ قىلغاندىمەنمۇ، دەپ ئولتۇرىدۇ.

— ياق، ئۇ بىلىدۇ، ئىلگىرىمۇ بىلگەن! — دوللى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ئەمما، مەن ... سەن مېنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسەن ... بۇ ئىشلارغا چىداپ ئۆتۈش ماڭا ئاسانمۇ؟

— كېيىمگە قۇلاق سالغىن، ئۇ ماڭا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئەھۋالىڭنىڭ بۇ دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم، پەقەت ئۇنىڭ دەردىنىلا، ئائىلەڭلارنىڭ قالايمىقان بولۇپ كەتكىنىنىلا ئۇققان، ئۇنىڭغا ئىچىنغانىدىم. لېكىن، سەن بىلەن پاراڭلاشقىنىمدىن كېيىن، ئۆزۈم خوتۇن كىشى بولغاچقىمۇ، ئۇ قاراشلىرىمدىن ئۆزگەردىم. دەردىڭنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ، ساڭا قانچىلىك ئىچىنىۋاتقىنىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن، دوللى، ئەزىزىم، دەردىڭنىڭ ئېغىرلىقىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىمەن، پەقەت بىرلا نەرسىنى بىلمەي تۇرۇۋاتىمەن: بىلمىگىنىم ... ئۇنىڭغا يەنە قانچىلىك مۇھەببىتىڭنىڭ بارلىقى. ئۇنى كەچۈرگۈچىلىك مۇھەببىتىڭ بارمۇ، يوق، بۇنى بىر ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئەگەر بولسا، ئۇنى كەچۈرۈۋەتكىن، دېمەكچىمەن.

— يوق ! — دېدى دوللى. لېكىن، ئاننا ئۇنىڭ قوللىرىغا يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ سۆزىنى بۆلدى.

— ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنى مەن سەندىن ياخشىراق چۈشىنىمەن، — دېدى ئاننا، — ستىۋاغا ئوخشاش ئەرلەرنىڭ بۇ خىلدىكى ئىشلارغا قانداق قارايدىغانلىقىمۇ ماڭا مەلۇم. سەن ستىۋا ئۇنىڭ بىللە بىللە ئۆزۈڭ توغرۇلۇق گەپ قىلىشقانلىقىنى دېدىڭ، مېنىڭ ئويۇمچە، بۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنداق ئەرلەر ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلغان بىلەن، ئائىلىسى بىلەن بالىلىرىنى يەنىلا مۇقەددەس

بىلىدۇ، ئۆزلىرى ئويناۋاتقان خوتۇنلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇ خوتۇنلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇۋېتىشلىرىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئەرلەر ئائىلىسى بىلەن ئۇ خوتۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر تام سېلىۋەتكەن. مەن بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئىشەنسەڭ، ئەھۋال ئەنە شۇنداق.

— ئۇغۇ شۇ، بىراق ئۇ ئۇنى سۆيگەن ـ دە...

— دوللى، توختا، گېپىمگە قۇلاق سال، ئەزىزىم. ئۆز ۋاقتىدا ستىۋانىڭ ساڭا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇنىڭ مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ سەن توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا قانداق يىغلىغانلىقى هازىرغىچە يادىمدا. سەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۇنچىلىك يۈكسەك ئورۇندا تۇراتتىڭ، ئۇنىڭ مۇھەببىتى شېئىرىي تۈيغۇغا تويۇنغانىدى. مەن يەنە ئۇنىڭ سەن بىلەن بىر ئۆيدە ياشىغانسېرى سېنى شۇنچىلىك قەدىرلىگەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. بىز ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىدە: «دوللى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ياخشى ئايال» دەيدىغانلىقىنى زاڭلىق قىلاتتۇق. سەن ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر پەرىزات بولۇپ كېلىۋاتاتتىڭ، ھازىرغىچە شۇنداق. ئۇ ئۇ ئايالنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرمەيدۇ، بىردەملىك ھېسسىياتقا بېرىلگەن ...

— كېيىن يەنە شۇنداق ئىشنى قىلىسچۇ؟

— مېنىڭچە، ئەمدى قىلمايدۇ.

— ئېيتقىنا، مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولغان بولساڭ ئۇنى كەچۈرەمتىڭ؟

— ئۇنى بىلمەيمەن ھەم ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن ... ياق، كەچۈرەتتىم، — ئاننا شۇنداق ئىش راستتىنلا ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىپ قالسا قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ھەم كۆڭۈل تارازىسىغا سېلىپ كۆرگەندىن كېيىن دەررۇلا قوشۇپ قويدى، — دېيەلەيمەن، دېيەلەيمەن. شۇنداق، كەچۈرىمەن. ئىلگىرىكىدەك بولمىسامۇ، ئەمما يەنىلا كەچۈرەتتىم، خۇددى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك پۈتۈنلەي

كەچۈرەتتىم.

— ھە، ئەلۋەتتە، — دوللى بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم ئويلىغان پىكرىنى ئېيتىۋاتقاندەك سۆزلىدى، — شۇنداق قىلمىغاندا كەچۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ. كەچۈرۈشكە توغرا كەلسە پۈتۈنلەي كەچۈرۈش كېرەك. يۈر، ئەمدى سېنى ھۇجراڭغا ئەكىرىپ قوياي، — دوللى ئاننانى يۇقىرى قەۋەتكە باشلاپ چىقىۋېتىپ قۇچاقلاپ قويدى، — ئەزىز دوستۇم، كەلگىنىڭدىن بەك خۇشال بولدۇم. سەن كېلىپ كۆڭلۈم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

## 20

ئاننا شۇ كۈنى كۈن بويى ئۆيدە، يەنى ئوبلونسكىيلارنىڭ ئۆيدە بولدى، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدى. ئۇنىڭ موسكۋاغا كەلگىنىنى ئاڭلىغان بىرنەچچە تونۇشى شۇ كۈنى كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا قايتىپ كېتىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا چاغدا دوللى ۋە باللار بىلەن بىللە بولدى. ئاكىسىغا باغاقچە ئەۋەتىپ، قانداقلا قىلىپ بولسۇن چۈشلۈك تاماققا كېلىشىنى ئېيتتى. باغاقچىغا: «ئۆيگە كەلگىن، خۇدا رەھىملىك !» دەپ يازغانىدى.

دېگەندەك، ئوبلونسكىي قايتىپ كېلىپ چۈشلۈك تاماقنى ئۆيدە يېدى. تاماق ۋاقتىدا ئادەتتىكى پاراڭلار بولدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا ئىختىيارى پاراڭ قىلىپ ئۇنى «سەن»لەپ گەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۇنى بۇنداق ئاتاپ باقمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوغۇقچىلىق ھازىرمۇ بار ئىدى، ئەمما ئايرىلىمىز، دېگەندەك گەپلەر بولۇنمىدى. ئوبلونسكىي ئەمدى ئۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش ۋە دوللى بىلەن ياخشىلىشىپ قېلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنلا كىتى كەلدى. ئۇ ئاننانى بىلەتتى، ئەمما تونۇمايتتى. پېتېربۇرگ ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدە يۈرگەن، ھەممە ئادەم ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغان بۇ ئېسىلزادە خانىمنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن كىتى ھەدىسىنىڭكىگە كېلىپ ئازراق جىددىيلىشىپ قالدى. لېكىن، كىتى ئانناغا يېقىپ قالدى، بۇنى كىتى دەرھال بايقىدى. ئاننا ئۇنىڭدەك ياش، چىرايلىق قىزلارنى ياخشى كۆرەتتى. كىتى تېخى ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپ بولماي تۇرۇپلا، ئاننانىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا، خۇددى ياش قىزلار توي قىلغان ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارغا ھەۋەس قىلغانغا ئوخشاش ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشقا باشلىدى. ئاننا ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىدىكى ئاياللاردەك ئەمەس ئىدى، سەككىز ياشقا كىرگەن بالىسى بار ئانىغا تېخىمۇ ئوخشىمايتتى. ئەگەر كىتىنى ھەيران قالدۇرغان، ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان جىددىي ۋە مۇڭلۇق قاراشلار ئاننانىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇرمىغان بولسا، ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقى، بەدىنىنىڭ ئەۋرىشىملىكى ۋە گاھ تەبەسسۇمىدا، گاھ كۆز تاشلاشلىرىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان جۇشقۇنلۇقىغا قاراپ ئۇنى يىگىرمە ياشلاردىكى قىز دەپ قېلىش مۇمكىن ئىدى. كىتى ئاننانىڭ ھېچ نەرسىنى يوشۇرمايدىغان ئاددىي ئايال ئىكەنلىكىنى سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھېسسىياتقا باي، شېئىرىي تۇيغۇغا تويۇنغان، چاكىنىلىقلاردىن خالىي، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالىيقانداق بىر دۇنيانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئامالسىز ئىدى.

تاماقتىن كېيىن، دوللى ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتكەندى، ئاننا دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سىگارت چېكىپ ئولتۇرغان ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ستىۋا! — دېدى ئۇ ئاكىسى ئۇچۇن ئۆزىگە خۇشال ھالدا كرېست سىزىپ ۋە ئىشىكنى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، — ئەمدى ماڭغىن، خۇدا ساڭا يار بولسۇن!

ئوبلونسكىي ئۇنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنىپ، سىگارتىنى تاشلاپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئوبلونسكىي كەتكەندىن كېيىن ئاننا ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، بالىلار ئەتراپىغا ئولاشتى. بالىلار بۇ ھاممىسىنى ئاپىسى ياخشى كۆرگەنلىكتىنمۇ ياكى ئۇنىڭدا ئالاھىدە بىر جەلپكارلىقنى سەزگەنمۇ، ئاۋۋال ئىككى چوڭى، ئاندىن ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ئىككى كىچىكى تاماقتىن ئىلگىرىلا بۇ ھاممىسىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ نېرى كېتىشمىگەندى. ئۇلار خۇددى ئويۇن ئويناۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك يېقىن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بەدىنىنى سىلىشاتتى، نازۇك قوللىرىنى ئۆزلىرىگە تارتىشاتتى، سۆيۈپ قويۇشاتتى، ئۈزۈكلىرىنى ئوينىشاتتى، كۆڭلىكىنىڭ قاتلاقلىرىنى تۇتۇپ قويۇشاتتى.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار، بايا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرايلى، — دېدى ئاننا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

شۇنىڭ بىلەن گرىشا كېلىپ بېشىنى ئۇنىڭ قولتۇقىنىڭ ئاستىغا قويۇپ چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇردى، ۋۇجۇدى بەخت ۋە پەخىر تۇيغۇسى بىلەن تولغانىدى.

— شۇنداق قىلىپ تانسا كېچىلىكى قاچان بولىدىكەن؟ — سورىدى ئۇ كىتىدىن.

— كېلەر ھەپتىدە. ئالامەت كاتتا تانسا كېچىلىكى بولغۇدەك. بۇنداق كېچىلىكلەر دائىم شۇنداق كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

— ھە، دائىم كۆڭۈللۈك بولىدۇ دېگىن. ئاشۇنداق كېچىلىكلەرمۇ بولامدۇ زادى؟ — دېدى ئاننا مەسخىرە ئارىلاش مۇلايىم ئاھاڭدا.

— قارىماققا غەلىتىرەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق كېچىلىكلەر بار. نىكىتىنلارنىڭكىدە شۇنداق بولىدۇ، بوبرىشچېفلارنىڭكىدىمۇ ھەم شۇنداق. ئەمما، مېژكوفلارنىڭكىدە ئۇنچىلىك ئەمەس، كۆڭۈلسىز ئۆتىدۇ. سىز بۇنى بايقىمىغانمۇ؟

— ياق، ئەزىزىم، ماڭا ئەمدى ئۇنداق كۆڭۈللۈك كېچىلىكلەر

يوق، — دېدى ئاننا. كىتتى ئاننادىكى ئۆزىگە ئېچىپ كۆرسەتمىگەن پەۋقۇلئاددە دۇنيانى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كۆردى، — مەن پەقەت ئانچە زېرىكىشلىك ئەمەس، كۆڭۈلسىز بولمايدىغان كېچىلىكلەرنىلا بىلىمەن.
— تانسا كېچىلىكىدە سىزنىڭ زېرىكىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟
— نېمىشقا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن؟ — ئاننا ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ سورىدى.
كىتتى ئاننانى ئۆزىنىڭ بۇ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلىدىغاندەك سەزدى.
— چۈنكى، سىز ھەرقاچان ھەممىدىن گۈزەل تۇرىسىز.
ئاننا ناھايىتى ئاسان قىزىراتتى، ھازىرمۇ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا:
— بىرىنچىدىن، ئەزەلدىن ئۇنداق ئەمەسمەن؛ ئىككىنچىدىن، شۇنداق بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار؟ — دەپ جاۋاب بەردى.
— سىز ئۇ تانسا كېچىلىكىگە بارامسىز؟ — دەپ سورىدى كىتتى.
— بارمىسام بولماس دەيمەن. بۇنى ساڭا بېرەي، — ئۇ ئىنچىكە، ئاپئاق بارمىقىدىن ئوڭايلا سۇغۇرۇلىدىغان ئۈزۈكنى ئېلىپ تانيەگە بەردى.
— ئەگەر سىز بارىدىغان بولسىڭىز، مەن بەكمۇ خۇشال بولاتتىم. سىزنى شۇ يەردە كۆرۈشنى شۇنچىلىك خالايمەن.
— ئەگەر سىز مېنى چوقۇم بېرىڭ دېسىڭىز، سىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ چىن دىلىمدىن خالاپ تۇرۇپ بارىمەن ... گرىشا، چېچىمنى تارتمىغىن، ئۇنىڭسىزمۇ چېچىم چۇۋۇلۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ گرىشا ئويناپ چۇۋۇۋەتكەن چاچلىرىنى ئوڭلاپ تۇرۇپ.
— مەن سىزنى تانسا كېچىلىكىگە بىنەپشە رەڭ كۆڭلەك كىيىپ بارىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمەن.
— نېمىشقا بىنەپشە رەڭ كۆڭلەك كىيگۈدەكمەن؟ — كۈلۈپ

سورىدى ئانىنا، — قىينى، باللار، ئەمدى چىقىڭلار. ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ گىيول خانقىز سىلەرنى چاي ئىچسۇن دەپ چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ باللارنى ئۆزىدىن ئايرىش ئۈچۈن تاماقخانىغا ھەيدەپ، — سىزنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن تانسا كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلىۋاتقىنىڭىزنى بىلىۋاتىمەن. سىز بۇ تانسا كېچىلىكىدىن نۇرغۇن نەرسە كۈتۈۋاتىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممە ئادەمنىڭ قاتنىشىشىنى، ھەممە ئادەمنىڭ شۇيەردە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز.

— ۋاي، سىز بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ دەپ بېقىڭا!

— ئوھوي! ھازىر سىزنىڭ تازا يېتىلگەن ۋاقتىڭىز، — دېدى ئانىنا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — سىزنىڭ بۇ دەۋرىڭىز شۋېيتسارىيە تاغلىرىدا بولىدىغان سۈس ھاۋا رەڭ تۇمانغا ئوخشايدۇ، مەن ئۇ تۇماننى كۆرگەن. ئۇ تۇمان باللىق چاغلار تۈگەي دەپ قالغان ئاشۇ بەختلىك دەۋرنىڭ ھەممە نېمىسىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئاشۇ بەختلىك دەۋر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يول بارغانسېرى تارىيىپ بارىدۇ. بۇ يولغا قەدەم باسقاندا ئادەم ھەم خۇشاللىنىدۇ، ھەم تېڭىرقايدۇ. ئۇ يەنىلا پارلاق ھەم گۈزەل بولسىمۇ ... بۇ يولنى بېسىپ ئۆتمىگەن كىم بار؟

كىتى ئۈنچىقماي كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. «بۇ يولنى ئۇ قانداق بېسىپ ئۆتۈۋىدىكىنە؟ ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە بىلگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلىدى ئىچىدە ئۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئېرى ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچنىڭ سوغۇق چىرايىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى ئازراق بىلىمەن، ستىۋا ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. سىزنى تەبرىكلەيمەن. ئۇ ماڭا ناھايىتى ياقتى. ئۇنى مەن ۋوگزالدا كۆردۈم.

— ھە! ئۇ ۋوگزالغا بېرىپتىكەنمۇ؟ — سورىدى كىتى بىردىنلا قىزىرىپ كېتىپ، — ستىۋا سىزگە نېمىلەرنى دېدى؟

— ستىۋا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى، ئاڭلاپ بەكمۇ خۇش بولدۇم. مەن تونۇگۇن ۋرونسكىينىڭ ئاپىسى بىلەن بىر ۋاگوندا ئولتۇرۇپ كەلدىم، — دېدى ئاننا داۋاملىق سۆزلەپ، — ئاپىسى ماڭا ئۇ توغرۇلۇق توختىماي سۆزلىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى ئىكەن. ئانىلار بالىجانلىق بولىدۇ، بۇنى مەن بىلىمەن، لېكىن ...

— ئاپىسى سىزگە نېمە گەپلەرنى قىلىپ بەردى؟

— ۋاي - ۋۇي، جىقلا گەپلەرنى ! مەن ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئامراق ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۆزىمۇ مەرد يىگىتتەك كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، موماينىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھەممە مال - مۈلكىنى ئاكىسىغا بېرىۋەتمەكچى بوپتۇ، كىچىك ۋاقتىدا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن بىر ئايالنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. قىسقىسى، ئۇ بىر قەھرىمان يىگىت ئىكەن، — ئاننا بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ، ئۇنىڭ ۋوگزالدا ھېلىقى ئايالغا ئىككى يۈز رۇبلى بەرگەنلىكىنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېسىگە ئالدى.

لېكىن، ئاننا بۇ ئىككى يۈز رۇبلى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى، بۇنى ئەسلەش نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۇ ۋەقەدە ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىر نەرسە بار‌دەك، ئۇ ۋەقە شۇ چاغدا يۈز بەرمەسلىكى كېرەكتەك تۇيۇلاتتى.

— ئۇ موماي مېنى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىڭ، دەپ كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلدى، — دېدى ئاننا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — مېنىڭمۇ ئۇ مومايىنى يەنە كۆرگۈم بار. ئەتە ئۇنى يوقلاپ بارماقچىمەن. خۇداغا شۈكۈر، ئوبلونسكىي دوللىنىڭ ھۇجرىسىدا خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدى، — ئاننا گەپنى باشقا ياققا بۇراپ بۇ گەپنى قوشۇپ قويدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئاننا كىتىگە نېمىگىدۇر كۆڭلى يېرىمدەك كۆرۈنۈپ قالدى.

— ياق، مەن بىرىنچى بولۇپ كىرىمەن ! ياق، مەن كىرىمەن ! — باللار چايلىرىنى ئىچىشىپ بولۇپ چۇقان سېلىشىپ، ئاننا ھامممىسىنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈرۈشكەندى.

— ھەممىڭلار تەڭ كېلىڭلار! — دېدى ئاننا. ئۇ كۈلگەن پېتى خۇشال چىرقىرىشىۋاتقان بالىلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى قۇچاقلىدى ۋە ئۇلار بىلەن تەڭ ئۆزىنى پولغا ئېتىۋەتتى.

# 21

دوللى ھۇجرىسىدىن چوڭلار چاي ئىچىدىغان چاغدا چىقتى، ئوبلونسكىي چىقمىدى. ئېھتىمال، ئۇ خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

— ئۇستىدە ياتساڭ مۇزلىمىسەنكىن دەيمەن، — دېدى دوللى ئانىغا، — شۇڭا پەستە ياتساڭمىكىن، شۇنىڭدا بىر - بىرىمىزگە يېقىن تۇرىدىكەنمىز.

— ۋاي، مېنىڭ غېمىمنى يېمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى ئاننا ئۇنىڭغا جاۋابەن. ئاندىن ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئەپلىشىپ قالغان - قالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قالدى.

— پەستە ياتساڭ بىر ئاز يورۇقراق، — دېدى يەڭگىسى يەنە.

— ساڭا دېسەم، مەن نەدىلا ياتاي، سۇغۇرغا ئوخشاش راھەتلىنىپ ئۇخلاۋېرىمەن.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى ئوبلونسكىي ئىشخانىسىدىن چىقىپ خوتۇنىغا.

ئوبلونسكىينىڭ ئاۋازىدىنلا كىتى بىلەن ئاننا ئۇلارنىڭ ئەپلىشىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

— ئاننانى پەستىكى ئۆيدە ياتسۇنمىكىن دەيمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن دېرىزىنىڭ پەردىسىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك. ئۇنى ئۆزۈم قىلمىسام باشقىلار قىلالمايدۇ، — دېدى دوللى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ.

«ئۇلار تولۇق ئەپلەشتىمۇ يوق، خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ» دەپ ئويلىدى ئاننا دوللىنىڭ سوغۇق ۋە تۇزلا گەپ قىلغانلىقىغا قاراپ.

— ۋاي، قويساڭچۇ، دوللى، دائىم ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئاۋارىچىلىك تاپىدىكەنسەن، — دېدى ئېرى ئۇنىڭغا، — ئەگەر قوشۇلساڭ، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭىلا قويۇۋەت.

«خۇداغا شۈكۈر، ئۇلار ئەپلىشىپ قاپتۇ» دەپ ئويلىدى يەنە ئاننا.

— مەن سېنىڭ بۇ ئىشلارنى قانداق قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، — دېدى دوللى ئۇنىڭغا جاۋابەن، — سەن ئۇ ئىشنى ماتۋېيغا بۇيرۇيسەن، ماتۋېي قاملاشتۇرالمىسا، ئارقا - ئالدىڭغا قارىماي قېچىپ كېتىسەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ، — دوللى شۇنداق دەپ، ئادىتى بويىچە ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

«ئۇزۇل - كېسىل ئەپلىشىپتۇ، ئۇزۇل - كېسىل! — ئويلىدى ئاننا، — خۇداغا شۈكۈر!» ئاننا بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، كېلىپ دوللىنى سۆيۈپ قويدى.

— چوقۇم ئۇنداق بولمايدۇ، نېمىشقا ماتۋېي ئىككىمىزنى ياراتمايسەن؟ — دېدى ئوبلونسكىي خوتۇنىغا كۈلۈپ قاراپ.

دوللى پۈتۈن بىر ئاخشام ئېرىنىڭ گەپلىرىنى زاڭلىق قىلىپ چىقتى، ئوبلونسكىي ئۇنىڭدىن خاپا بولماي، ئەكسىچە خۇشال بولاتتى. ئەمما، باشقىلارنىڭ كەچۈرۈم ئېلىپلا گۇناھىنى ئۇنتۇپ قالدى دەپ ئويلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، گەپ - سۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ تۇردى.

ئوبلونسكىيلارنىڭ خۇشال - خۇرام، كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشى سائەت توققۇز يېرىم بولغاندا كۆرۈنۈشتىكى ئاددىي بىر ۋەقە تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ كەتتى، نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيتتى. پېتېربۇرگدىكى ھەممەيلەنگە ئورتاق بولغان بىر ئادەم ئۈستىدە گەپ بولغاندا، ئاننا تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ

كەتكەندى.

— مېنىڭ ئالبومىمدا ئۇنىڭ سۈرىتى بار، — دېدى ئۇ ۋە ئانىلارغا خاس پەخىرلىنىش بىلەن قوشۇپ قويدى، — مۇشۇ باھانىدە سېرىيوژامنىڭ سۈرىتىنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قوياي.

سائەت ئون بولاي دەپ قالغانىدى — ھەر كۈنى مۇشۇ چاغدا ئۇ ئوغلى بىلەن خوشلىشاتتى، تانسا كېچىلىكلىرىگە بېرىپ قالسا ئۇنى ئۇخلىتىۋېتىپ ئاندىن ماڭاتتى — ئوغلى يىراقتا قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى ئاشۇ چاغدا قىلىدىغان ئىشىنى قىلالماي قالغاچقا، كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار نېمىلا توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشسا، ئىختىيارسىز بۇدۇر چاچلىق ئوغلى سېرىيوژا كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى، ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆرگۈسى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلەتتى. باھانە تېپىلىشى بىلەنلا ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يەڭگىل ۋە ئىلدام قەدەم تاشلاپ ئوغلىنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ چۈشكىلى ماڭدى. ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىدىغان پەلەمپەي ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلەتتى.

ئۇ مېھمانخانىدىن ئايرىلغان شۇ ئارىلىقتا تالانىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ قالدى.

— بۇ كەمدە كەلگەن كىمدۇر؟ — دېدى دوللى.

— مېنى ئېلىپ كېتىشكە كېلىدىغان ۋاقىت تېخى توشمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىمدۇر بۇنچە كەچتە كەلگەن، — دېدى كىتى.

— چوقۇم بىرى ھۆججەت ئېلىپ كەلدى، — دەپ گەپ قىستۇردى ئوبلونسكىي. ئاننا پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. خىزمەتكار مېھمان كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كىرگەندە، مېھماننىڭ ئۆزىمۇ ئۆيگە كىرىپ چىراغنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ بولغانىدى. ئاننا پەسكە قاراپ، شۇئان ۋرونسكىينى تونۇپ، چۆچۈش ۋە خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن غەلىتە بىر خىل تۇيغۇدىن يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ۋرونسكىي پەلتوسىنى

سالماي ئۆرە تۇرۇپ يانچۇقىدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئالدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ پەلەمپەيىنىڭ يېرىمىغا يېتىپ بارغان ئانىنانى كۆردى ـ دە، چىرايىدا شۇئان ئۇيالغاندەك ۋە چۆچۈگەندەك بىر خىل ھالەت كۆرۈندى. ئانىنا بېشىنى سەل ـ پەل لىڭشىتىپ قويۇپ پەلەمپەيدىن چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن ئوبلونسكىينىڭ مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلغان ئۈنلۈك ئاۋازى ۋە كىرىشكە ئۇنىمىغان ۋرونسكىينىڭ مۇلايىم، بېسىق ۋە پەس ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئانىنا ئالبومنى ئېلىپ چىققاندا ۋرونسكىي كېتىپ بولغانىدى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ موسكۋاغا كەلگەن مەشھۇر ناخشىچى خېنىمنىڭ شەرىپىگە ئەتە ئۇلار بېرىدىغان زىياپەت توغرىسىدا بىلىشكە كەلگەنلىكىنى دەپ بەردى.

— شۇنچە قىلسامۇ ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىمىدى، غەلىتىلا ئادەم ـ دە، ئۇ، — دېدى ئوبلونسكىي يەنە.

كىتى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خىيالىدا، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئۆيگە كىرمىگەنلىكىنى بىر مەنىلا بىلىمەن، دەپ ئويلاۋاتاتتى. «ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە باردى، مېنىڭ يوقلۇقۇمنى كۆرۈپ، چوقۇم مەشەدە دېگەن پەرەز بىلەن بۇ يەرگە كەلدى. ئۆيگە كىرمىگىنى، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇيەردە ئانىنا بار.»

ھەممىسى ھېچنېمە دېيىشمەي بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى، ئاندىن ئانىنانىڭ ئالبومنى كۆرۈشكە باشلىدى.

بىر ئادەمنىڭ سائەت توققۇز يېرىمدا ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇزلىرى كېلىشىپ قويغان زىياپەت توغرۇلۇق پۇختىراق سۆزلىشىۋالماقچى بولغىنى ۋە ئۆيگە كىرمەي كېتىپ قالغىنى ھەيران بولىدىغانمۇ، ئەجەبلىنىدىغانمۇ ئىش ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ھەممەيلەنگە غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئانىنا بەكرەك ھەيران قالدى، بۇ ئىش ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى.

# 22

كىتى بىلەن ئاپىسى ئىككىسى چىراغلار بىلەن يورۇپ كەتكەن، قاتار گۈللەر قويۇلغان، ئىككى تەرەپتە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتكەن قىزىل چاپان كىيگەن خىزمەتكارلار تۇرۇپ كەتكەن پەلەمپەيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تانسا تېخى يېڭىلا باشلانغانىدى. زال ئىچىدىن ھەر خىل ئاۋازلار ھەرە ئۇۋۇسىدىكى ھەرىلەرنىڭ ئاۋازىدەك بىر خىلدا گازىلداپ تۇراتتى. ئىككىسى پەلەمپەينىڭ يېنىدىكى ئالدىغا ھەر خىل گۈللەر تىزىلىپ كەتكەن ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىيىملىرىنى، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقاندا، ئوركېستىر ئىسكىرىپكىلىرىنىڭ دەسلەپكى ۋالىسقا چالغان ئېنىق ۋە يېقىملىق ساداسى ئاڭلاندى. يەنە بىر ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئاق چاچلىرىنى تۈزەپ، ئۆزىدىن ئەتىرنىڭ خۇش پۇرىقىنى چېچىپ تۇرغان ئادەتتىكىدەك كىيىنگەن بىر بوۋاي ئۇلارنى كۆرۈپ دەررۇ يول بەردى. ئېنىقكى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە تونۇش بولمىغان كىتىگە زوقلىنىپ، ئۇنىڭغا كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتى ئىدى. ساقال ـ بۇرۇتسىز، ياقىسى كەڭ پىنجىك كىيىۋالغان بىر ياش ــــ كىنەز شېرباتسكىي «بايۋەچچىلەر» دەپ ئاتايدىغان جەمئىيەت ياشلىرى ــــ ئاق گالىستۇكىنى تۈزەتكەچ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئۇزۇنغا بارماي يەنە قايتىپ كېلىپ كىتىنى كاردىلغا① تەكلىپ قىلدى. بىرىنچى كاردىلغا ۋرونسكىي بىلەن چۈشۈشنى ۋەدىلىشىپ قويغاچقا، كىتى ئۇ يىگىت بىلەن ئىككىنچى كاردىلغا چۈشۈشنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى.

ئىشىك ئالدىدا پەلىيىنى تۈگمىلەپ تۇرغان بىر ئوفىتسېر

① كاردىل ـــ تانسىلارنىڭ بىر تۈرى.

ئۇلارغا يول بەردى ۋە بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ، كىتىنىڭ قىزىلگۇلدەك چىرايىغا زوقلىنىپ قاراپ كەتتى.

كىتىنىڭ كىيىنىشلىرى، تارىنىشلىرى ۋە تانسا كېچىلىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن قىلىدىغان بارلىق تەييارلىقلىرىغا كۆپ ۋاقىت، كۆپ زېھىن، كۆپ ئەمگەك كەتكەندى. ئاخىر ئۇ ئۈچىسىدا نېپىز توردىن تىكىلگەن قىزغۇچ جىلتىكىلىك گۈللىرى مۇرەككەپ كۆڭلىكى، يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن ئەركىن مېڭىپ كىرىپ كەلگەندە، خۇددى ئۇنىڭ تاقىغان زىبۇزىننەتلىرى، تورلار ۋە كۆڭلىكىنىڭ بۇ ھەشەمىتى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇ مۇشۇ نېپىز تور كۆڭلەك ۋە تۆپىسىگە قىزىلگۇل بىلەن ئىككى تال يوپۇرماق قادالغان، چوققىسىغا تۇرمەكلىۋالغان مۇشۇ چاچلىرى بىلەن تۇغۇلغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

زالغا كىرىشىنىڭ ئالدىدا كىنەز خانىم كىتىنىڭ بەلبېغىنىڭ پۇرۇلۇپ قالغان لېنتىسىنى تۈزەپ قويماقچى بولغانىدى، كىتى ئۆزىنى سەل چەتكە تارتتى. چۈنكى، كىتى ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىگە نۇقسانسىز، ئۆزىگە خوپ ياراشقان، تۈزىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايتتى.

بۈگۈن كىتىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك بىر كۈن ئىدى. كۆڭلىكى بەدىنىگە خوپ كەلگەن، مۈرىسىگە ئارتىۋالغان كەشتە تور ئۆز ئورنىدا، ئازراقمۇ چۈشۈپ كەتمىگەن، زىبۇزىننەتلىرى يانجىلمىغان، ساڭگىلاپ قالمىغان، لالە رەڭ ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيى شۇنچىلىك راھەت، پۇتىنى زادىلا قىسمىغان، سارغۇچ كەلگەن قويۇق ياسما چېچى كىچىككىنە بېشىغا ئۆزىنىڭكىدەك خوپ كەلگەنىدى. قولىدىكى چىرايلىق قوللىرىنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇرغان ئۇزۇن پەلىيىنىڭ ئۈچ تال تۈگمىسى بىرىمۇ ئېچىلىپ كەتمەي تۈگمىلەنگەن پېتى قوللىرىغا چىڭ يېپىشىپ تۇراتتى. ئىچىدە سۈرىتى بار مېدالىيونىنىڭ قارا مەخمەل بېغى بويىنىنى ئاجايىپ چىرايلىق

ئوراپ تۇراتتى. بۇ مەخمەل باغ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، كىتى ئۆيدىكى چاغدا ئەينەككە قاراپ بويىنىنى كۆرگەندە، بۇ مەخمەل باغ كۆزلىرىگە نۇقسانسىز ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنگەندى. بۇ زالغا كىرىپ ئەينەككە قاراپمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ياراشقانلىقىدىن ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ قويغانىدى. كىتى ئوچۇق مۈرىلىرى ۋە قوللىرىدىن مەرمەر تاشتەك بىر خىل سالقىنلىق سېزەتتى، ئۆزىمۇ شۇ خىل سەزگۈنى بەك ياخشى كۆرەتتى. گىلاستەك قىپقىزىل لەۋلىرىدە ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى سەزگەن ئاشۇنداق مىنۇتلاردا ئىختىيارسىز تەبەسسۇم پەيدا بولاتتى. كىتى زالغا كىرىپ، تانسىغا تەكلىپ قىلىشنى كۈتۈپ ئولتۇرغان، ھەر خىل تور، لېنتا، زىبۇزىننەتلەرگە ئورالغان خانىم ـ قىزلار توپىغا يېتىپ بارار ـ بارمايلا بىرى ئۇنى ۋالىسقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ باشقا بىرى ئەمەس، ئەڭ مەشھۇر تانسا ماھىرى، تانسا چولپىنى، داڭلىق تانسا مۇئەللىمى، مۇراسىملارنىڭ رىياسەتچىسى، ئۆيلەنگەن، خۇش قامەت يىگىت كورسۇنسكىي ئىدى. ئۇ گراف بانىن خانىم بىلەن بىرىنچى ۋالىسنى ئويناپ بولۇپ، تانسا ئويناۋاتقان بىرنەچچە جۈپ ئوقۇغۇچىسىنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغاندا كىتى كىرىپ كەلدى. ئۇ كىتىنى كۆرۈپلا، تانسا ئوقۇتقۇچىسىغا خاس چىرايلىق قەدەملىرى بىلەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىتىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى ۋە ئۇنىڭ خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سوراپمۇ قويماي بېلىدىن تۇتۇپ مەيدانغا ئېلىپ ماڭدى، كېتىۋېتىپ، كىتىنىڭ يەلپۈگۈچىنى بىرىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپىغا قاراپ ئادەم ئىزدىدى، ئايال ساھىبخانا كۈلۈپ تۇرۇپ يەلپۈگۈچنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى.

— ئۆز ۋاقتىدا كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى، — دېدى كورسۇنسكىي كىتىنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، — كېچىكىپ كېلىش بىر خىل يامان ئادەت.

كىتى سول قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، لالە رەڭ توپلەي

كىيگەن كىچىككىنە پۇتلىرىنى مۇزىكىنىڭ ئۇدارىغا كەلتۈرۈپ، تېپىلغاق تاختاي ئۈستىدە چاققان، يېنىك قەدەملىرى بىلەن پىرقىراشقا باشلىدى.

— سىز بىلەن ۋالىس ئويناش شۇنچىلىك راھەت، — دېدى كورسۇنسكىي ۋالىسنىڭ دەسلەپكى ئاستا يۈرۈشىگە چۈشكەندە، — قانداق ياخشى، قانداق چاققانلىق بۇ، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا تانسا ئوينىغانلىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك دەيدىغان سۆزىنى دەپ.

كىتى كورسۇنسكىينىڭ ماختىغىنىغا كۈلۈپلا قويدى، كۆزلىرى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئۆتۈپ زالدىكىلەرنى كۆزىتىشتە ئىدى. بۇ كىتىنىڭ تانسىغا بىرىنچى قېتىم قاتنىشىشى ئەمەس ئىدى، شۇڭا زالدىكىلەرنىڭ چىرايلىرىغا قارىغاندا كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتمەيتتى. ئۇ يەنە دائىم تانسىدىن قالماي ھەممە ئادەمگە زېرىكەرلىك دەرىجىدە تونۇش بولۇپ كەتكەن قىزلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى، ئىككى خىل قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى، ھەرقانچە ھاياجانلىنىپ كەتسىمۇ ئەتراپىدىكىلەرنى سوغۇق قانلىق بىلەن كۆزىتەلەيتتى. ئۇ زالنىڭ سول تەرىپىدىكى بۇلۇڭدا جەمئىيەتنىڭ گۈزەللىرىنىڭ توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. كورسۇنسكىينىڭ ئايالى بىلەن مۈرىلىرى ھەددىدىن تاشقىرى يالىڭاچ گۈزەل لىدىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ساھىبخانا ئايالمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئۇ گۈزەللىرى نەدە بولسا ھەمىشە شۇ يەردە يۈرىدىغان كىرىۋىنمۇ ياغاق بېشىنى پارقىرىتىپ شۇ يەردە تۇراتتى. ياش يىگىتلەر ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىشقا پېتىنالماي چەتتىن قارىشىپ تۇراتتى. كىتى يەنە ستىۋانىگمۇ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى كۆردى. كېيىن يەنە قارا مەخمەل كۆڭلەك كىيگەن ئاننانىڭ گۈزەل قامىتى بىلەن چىرايلىق بېشىنىمۇ كۆردى، ۋرونسكىيمۇ شۇ يەردە ئىكەن. كىتى ئۇنى لېۋىنىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان كۈندىن بېرى كۆرمىگەنىدى. كىتىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى شۇ زامان ئۇنى تونۇدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىگە سەپسېلىپ

قاراۋاتقانلىقىنىمۇ بايقىدى.
— قانداق، يەنە بىر ئايلىنىمىزمۇ؟ ھېرىپ قالمىغانسىز؟ — دېدى كورسۇنسكىي سەل ھاسىراپ تۇرۇپ.
— ئەمدى بولار، رەھمەت سىزگە.
— سىزنى قەيەرگە ئاپىرىپ قوياي؟
— كارېتىنىنا شۇ يەردە بولسا كېرەك ... شۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇڭ.
— خوپ.
كورسۇنسكىي قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، فرانسۇزچە: *«كەچۈرۈڭلار، خېنىملار، كەچۈرۈڭلار، كەچۈرۈڭلار، خېنىملار، كەچۈرۈڭلار!»* دېگىنىچە كىتىنى زالنىڭ سول بۇرجىكىدىكى توپقا ئۇدۇل ئېلىپ ماڭدى. ئۇ خىلمۇخىل تور ۋە لېنتىلار دېڭىزى ئارىسىدىن ئەپچىل بۇرۇلۇپ، تولغىنىپ ئۆتۈپ، جورىسىنى ھېچكىمنىڭ كىيىملىرىگە تەگكۈزمەي ئېلىپ ماڭاتتى. بەزىدە ئۇنى ئىتتىك ئايلاندۇرغاندا ئېتىكى يەلپۈگۈچتەك يېيىلىپ، نېپىز گۆللۈك يىپەك پايپاق كىيگەن چىرايلىق پاچاقلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى، بۇنداق چاغلاردا كورسۇنسكىينىڭ تىزلىرى كۆرۈنمەي قالاتتى. كورسۇنسكىي ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، ئېچىلىپ قالغان كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى تۈزەشتۈرۈپ، كىتىنى ئانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى. كىتى قىزىرىپ كېتىپ، كورسۇنسكىينىڭ تىزلىرىدىن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى يىغىۋالدى، بېشى سەل قايىغاندەك بولۇپ، ئانىنى ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈرتتى. ئانىنا كىتى ياخشى كۆرگەن بىنەپشە رەڭ كۆڭلىكىنى كىيمەي، ياقىسى كەڭ ئېچىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پىل چىشىدەك ئاپئاق ھەم تولۇق كەلگەن مۈرىسى بىلەن مەيدىسى ھەم يۇمىلاقراق كەلگەن بىلەكلىرى، چىرايلىق قوللىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قارا مەخمەل كۆڭلىكىنى كىيىپ كەلگەنىدى. كۆڭلىكىگە ۋېنېتسىيە تورىدىن

جىيەك تۇتۇلغانىدى، قاپقارا چاچلىرىغا كىچىك بىر بوغۇم بىنەپشە گۈل قىستۇرۇپ قويۇلغانىدى، ئاق تورلار ئارىسىدىكى بەلبېغىنىڭ قارا لېنتىسىغىمۇ ئاشۇنداق گۈل قىستۇرۇقلۇق ئىدى، چاچلىرىنىڭ پاسونى كۆزلەرگە ئانچە چېلىقىپ كەتمەيتتى، كۆزگە چېلىقىدىغىنى قارا بۇدۇر چاچلىرىنىڭ ھەمىشە گەجگىسى بىلەن چېكىلىرىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان قىسقا ـ قىسقا بۇرۇما چاچلىرى ئىدى.

كىتى ھەر قېتىم ئانىنانى كۆرگەندە شۇنچىلىك ئامراقلىقى كېلەتتى، بىنەپشە رەڭ كۆڭلەك كىيگەن قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بۈگۈن ئۇنى قارا مەخمەل كۆڭلەك كىيگەن ھالەتتە كۆرۈپ، ئىلگىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تولۇق جەلپكارلىقىنى ھەقىقىي كۆرۈپ يەتمىگەنىكەنمەن، دەپ ئويلاپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۆزى ئويلاپ باقمىغان مۇكەممەل قىياپىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنىڭ كىيگەن كىيىملىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنداق ھەشەمەتلىك كىيىملەرسىزمۇ شۇنچىلىك جەلپكار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا زىبۇزىننەتلەر بىلەن ئۇستىگە كىيىۋالغان قارا مەخمەل كۆڭلىكىنىڭ ھېچقانداق جەلپكارلىقى يوقلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ كۆڭلىكى پەقەت بىر رامكا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغىنى، ئاددىي، تەبىئىي لاتاپەتلىك، خۇشخۇي ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ئۆزىلا ئىدى.

ئانىنا ھەرقاچانقىدەك قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. كىتى ئۇ تۇرغان توپنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا، ئانىنا بويىنىنى ئۆي ئىگىسى تەرەپكە سەل بۇراپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

— ياق، مەن ئارتۇقچە ئەيىبلەپ كېتەلمەيمەن، — دېدى ئۇ ئۆي ئىگىسىگە قانداقتۇر بىر ئىش توغرۇلۇق جاۋاب بېرىپ. ئۇ مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ داۋاملىق سۆزلەۋەردى. بىر چاغدا كىتىنى كۆرۈپ قېلىپ، خۇددى ھەدىسى سىڭلىسىغا يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن قارىغاندەك قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن

ئەھۋاللاشتى. ئاندىن ئاياللارغا خاس ئادەت بويىچە كىتىنىڭ كىيىملىرىگە بايقاش قىيىن بولغان ئىتتىك نەزىرى بىلەن بىر قۇر قاراپ چىقىپ، كىتى چۈشەنگۈدەك ھالەتتە بېشىنى بوش لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ كىيىملىرى بىلەن زىبۇزىننەتلىرىگە بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدى. ئارقىدىن، — سىز چوڭ زاللاردا بولىدىغان تانسىلارغىمۇ كېلىدىكەنسىز ـ دە، — دەپ قويىدى.

— بۇياق مېنىڭ ئەڭ ياخشى تانسا جورىلىرىمنىڭ بىرى، — دېدى كورسۇنسكىي ئۆزى تونجى كۆرۈۋاتقان ئانىناغا قاراپ، — كىنەز خېنىم بىزنىڭ تانسىلىرىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئاننا ئاركادىيېۋنا، ئىككىمىز بىللە ۋالىس ئوينىساق بولامدۇ؟

— سىلەر تونۇشامسىلەر؟ — سورىدى ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭدىن.

— بىز تونۇمايدىغان كىم بار دەيسىز. خانىمىم ئىككىمىز خۇددى ئاق بۆرىگە ئوخشايمىز، شۇڭا بىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، — دېدى جاۋابەن كورسۇنسكىي، — ۋالىس ئوينايلى، ئاننا ئاركادىيېۋنا.

— ئوينىمىسام بولىدىغان بولسا ئوينىمىسام، — دېدى ئاننا.

— بۈگۈن سىز ئوينىمىسىڭىز پەقەتلا بولمايدۇ، — دېدى كورسۇنسكىي. دەل شۇ چاغدا ۋرونسكىي كېلىپ قالدى.

— ئوينىمىسام پەقەتلا بولمىسا، بوپتۇ، ئوينايلى، — دېدى ئاننا ئۆزىگە كېلىپ سالام قىلىۋاتقان ۋرونسكىيغا ئانچە دىققەت قىلماي، ئاندىن چاققانلىق بىلەن قولىنى كورسۇنسكىينىڭ مۈرىسىگە قويىدى.

ۋرونسكىينىڭ سالىمىغا ئانىنىڭ ئەتەي نەزەر سالمىغانلىقىنى سەزگەن كىتى، ئىچىدە: «ئۇ نېمە ئۈچۈن ۋرونسكىينى كۆرۈپ خاپا بولغاندەك قىلىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى. ۋرونسكىي كىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىرىنچى كاردىلنى بىللە ئوينىماقچى بولغانلىقىنى ئېسىگە سېلىپ، باياتىندىن ئۇنى

كۆرمىگەنلىكى ئۇچۇن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. كىتتى ئاننانىڭ ۋالىسقا شۇنچىلىك يەڭگىل پىرقىراۋاتقانلىقىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغاچ ۋرونسكىينىڭ گېپىگە قۇلاق سالاتتى. كاردىلنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن، كىتتى ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنى ۋالىسقا تارتىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ ئۇنى ۋالىسقا تارتمىدى. كىتتى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇۋىدى، ۋرونسكىي قىزىرىپ كېتىپ، شۇئان ئۇنى ۋالىسقا تارتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭ بېلىنى تۇتۇپ ئەمدىلا بىرنەچچە قەدەم ئېلىشىغا، مۇزىكا ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى. كىتتى ۋرونسكىينىڭ ئۆزىگە تولىمۇ يېقىن تۇرغان يۈزىگە قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەتكە تولغان بۇ قارىشىنىڭ ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگىنىدىن خېلى ۋاقىتلارغىچە، ھەتتا بىرقانچە يىلغىچە نومۇسلىنىپ، يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك بولۇپ يۈردى.


— كەچۈرۈڭ ! كەچۈرۈڭ ! ۋالىس ! ۋالىس ! — دەپ توۋلىدى زالنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرغان كورسۇنسكىي. ئارقىدىنلا تۇغرا كەلگەن بىر قىزنى تانسىغا تارتىپ ئويناپ كەتتى.

# 23

ۋرونسكىي كىتتى بىلەن بىرنەچچە قېتىم ۋالىس ئوينىدى. ۋالىستىن كېيىن كىتتى ئاپىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ نوردستون خېنىم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ۋرونسكىي يەنە كېلىپ ئۇنى بىرىنچى كاردىلغا تارتتى. بىرىنچى كاردىلنى ئويناۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھىم گەپلەر بولۇنمىدى، ئەر - خوتۇن كورسۇنسكىيلار توغرۇلۇق ئاندا - ساندا گەپ قىلىشقان بولدى. ۋرونسكىي ئۇلارنى قىرىق ياشلىق گۆدەك بالىلار، دەپ چاقچاق قىلدى، يەنە كەلگۈسىدىكى جامائەت تىياترخانىلىرى توغرۇلۇق

گەپلەر بولدى. پەقەت بىر قېتىملا ئۇنىڭ، لېۋىن ھازىرمۇ مەشەدىمۇ، دەپ سورىغان، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، دېگەن گېپىلا كىتىنىڭ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغاندەك تەگدى. لېكىن، كىتى كاردىلدىن بەكمۇ ئۈمىد كۈتۈپ كەتمىدى، مازۇركا تانسىسىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى، چۈنكى ئۇ مازۇركا ئوينىغاندا ئىشلار ئايدىڭلىشىدۇ، دەپ ئويلايتتى. كاردىل ئوينىغاندا ۋرونسكىي ئۇنى مازۇركىغا تارتىمەن دېمىگەن، ئۇنداق دېمىگەنلىكىمۇ ئۇنى تەشۋىشلەندۈرمىگەنىدى، چۈنكى ئۇ ئىلگىرىكى تانسىلاردىكىدەك، مازۇركىنى ئۇ شەكسىز مېنىڭ بىلەن ئوينايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مازۇركا باشلانغاندا، باشقىسىغا ۋەدە قىلىپ قويغانمەن، دەپ بەش يىگىتنى ياندۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ قېتىمقى تانسا كېچىلىكى تاكى ئاخىرقى كاردىلغىچە كىتىگە خۇشال كەيپىياتتا، يېقىملىق ئاھاڭلارغا، چىرايلىق ھەرىكەتلەرگە تولغان جەننەت كۆرۈنۈشىگە ئىگە شېرىن چۈشتەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئويناپ تازا ھارغاندىلا تانسىدىن توختاپ ئارام ئېلىۋالاتتى. لېكىن، رەت قىلىپ ياندۇرۇلمىغان بىر بىزارى يىگىت بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كاردىلنى ئويناۋاتقاندا، ۋرونسكىي بىلەن ئانناغا دۈچ كېلىپ قالدى. كىتى تانسا باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاننا بىلەن بىرلىشىپ باقمىغانىدى. بۇقېتىم ئۇ ئاننانى ئۆزى ئويلاپ باقمىغان يېڭى بىر قىياپەتتە كۆردى. ئاننانىڭ چىرايى كىتى بىرەر ئىشتا ئۇتۇق قازانغاندا كۆرۈنىدىغان خۇشاللىقتا ئوخشايدىغان خۇشاللىق بىلەن پارلىنىپ تۇراتتى، ئۆزىنى چاقنىتىپ ھەممە كىشىنى ئۆزىگە قارىتىۋاتقان ئوتنىڭ كەيپىدىن مەست بولۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشتە ئىدى. كىتى بۇنداق ھېسسىياتنى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلگەچكە، ئاننادىمۇ شۇ ھالەتنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاننانىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقنايتتى، بەخت ۋە ھاياجاندىن لەۋلىرىدە تەبەسسۇم، سۆلىتىدە جىلۋە، يۈرۈش - تۇرۇشىدا چاققانلىق ۋە يېنىكلىك ئويناپ تۇراتتى.

«ئۇنى مۇشۇنداق مەستخۇش ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان كىمدۇ؟ — ئۆزىدىن ئۆزى سورىدى ئۇ، — ھەممە ئادەممۇ ياكى بىر ئادەممۇ؟» ئۆزى بىلەن تانسا ئويناۋاتقان يىگىت گېپىنىڭ يېرىمىنى قىلىپ توختاپ قالدى، ئايغىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆلىيالمىدى. كىتى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى بۇ ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بەرمىدى، كورسۇنسكىينىڭ بۇيرۇق ئاھاڭىدىكى جاراڭلىق تۈۋلاشلىرىغا كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغاندەك ھەربىكەتلەردە بولۇپ يۈرۈۋەردى. كورسۇنسكىي كۆپچىلىكنى بىردەم يۇمىلاق دائىرە ھاسىل قىلىشقا، بىردەم بىر رەت بولۇپ تىزىلىشقا توختىماي بۇيرۇپ تۇراتتى. كىتى ئانناغا ئىنچىكە سەپسالاتتى، سەپسالغانسىرى يۈرىكى شۇنچە تارتىشىپ كېتەتتى. «ياق، ئۇنىڭ بۇنچىلىك مەستخۇش بولۇپ كېتىشى كۆپچىلىكنىڭ ئۆزىگە ھەۋەس قىلغىنىدىن ئەمەس، بىر كىشىنىڭ مەپتۇن بولغىنىدىن. ئۇ كىمدۇ؟ ئەجەبا، ئاشۇمىدۇ؟» ۋرونسكىي ئانناغا گەپ قىلسىلا، ئاننانىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق نۇرى چاقناپ، بەخت تەبەسسۇمى گىلاستەك لەۋلىرىدە ئويناپ كېتەتتى. ئاننا ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ، ئاشۇ شادلىق بەلگىلىرىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىمۇ، ئەمما ئۇ بەلگىلەر ئۇنىڭ چىرايىدا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ تۇراتتى. «ئۇ ئۆزىنى قانداقراق تۇتۇۋاتىدىكىن؟» كىتى شۇ خىيال بىلەن كۆزلىرىنى ۋرونسكىيغا تىكتى ۋە شۇئان چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئاننانىڭ چىرايىدا ئېنىق كۆرگەن ئۇ ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ۋرونسكىينىڭ چىرايىدىمۇ ئېنىق كۆرگەندى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى سۆلەتلىك، مۇلايىم، تەبىئىي ۋە خاتىرجەم قىياپىتى قېنى؟ ياق ! ئۇنىڭ ھەر قېتىم ئانناغا گەپ قىلغاندا خۇددى ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىرلا تىزلىنىپ ئولتۇرىدىغاندەك بېشىنى ئېگىپ تۇرۇشلىرىغا قاراڭ ! ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىتائەت بىلەن ھودۇقۇشتىن باشقا ھېچنېمە يوق ! ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەر دائىم: «مېنىڭ سىزنى رەنجىتەي دېگەن



ئويۇم يوق. مەن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرماقچى، ئەمما قانداق قۇتۇلدۇرۇشنى بىلمەيمەن» دەۋاتقاندەك پىلدىرلاپ تۇراتتى.

ئۇلار ئىككىلىسى ئۈچۈن ئورتاق ئادەملەر ئۈستىدە ئەھمىيەتسىز پاراڭلارنى قىلىشاتتى، ئەمما كىتتىگە ھەربىر ئېغىز سۆزى ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك بىلىنەتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇلار راستىنلا، ئىۋان ئىۋانوۋىچنىڭ فرانسۇزچە سۆزلەشلىرى تولىمۇ كۈلكىلىك، بېلېتسكاياغا ياخشىراق بىر جورا تېپىش كېرەك ئىدى، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئەھمىيىتى بار ئىدى. كىتتى نېمىنى ھېس قىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇلارمۇ خۇددى شۇنى ھېس قىلىشاتتى. كىتتىنىڭ كۆڭلىدە پۈتۈن تانسا كېچىلىكى، پۈتۈن دۇنيا تۇمان ئىچىدە قالغاندەك خىرەلىشىپ كېتىۋاتاتتى. پەقەت كۈچلۈك تەلەپ ئىچىدە تۇرۇپ ئالغان تەربىيىسىلا ئۇنىڭ روھىغا تىرەك بولۇپ، ئۇنى قائىدە ـ تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىشقا، يەنى تانسىغا چۈشۈش، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، پاراڭ سېلىش، ھەتتا كۈلۈمسىرەشلەرگە مەجبۇر قىلىپ تۇراتتى. بىراق، مازۇركا باشلىنىش ئالدىدا ئورۇندۇقلار يىغىشتۇرۇلۇپ، بىرنەچچە جۈپ قىز ـ يىگىت ياندىكى كىچىك ئۆيلەردىن چوڭ زالغا چىقىشقا باشلىغان ئاشۇ دەقىقىدە، كىتتىنى ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇنچ چىرمىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى مازۇركىغا تەكلىپ قىلىپ كەلگەن بەش يىگىتنى ياندۇرۇۋەتتى، ئەمدى ئۇنى تەكلىپ قىلىدىغانلار يوق ئىدى، ھەتتا يەنە بىرەرى كېلىپ تەكلىپ قىلىپ قالار، دېگەن ئۈمىدمۇ قالمىغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتى ئىچىدىكى ئورنى شۇنچىلىك چوڭ ئىدىكى، ھېچقانداق ئادەم ھازىرغىچە ئۇنى ھېچكىم تانسىغا تارتماپتۇ، دېگەن خىيالنى قىلمايتتى. ئەمدى ئۇ ئانىسىغا تاۋىم يوق، ئۆيگە قايتىپ كېتەي، دېيىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق دېيىشكە پېتىنالمىدى.

كىتى كىچىك بىر مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ تۆردىكى كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى، كۆڭلىكىنىڭ كۆپۈپ تۇرغان ئېتىكى ئىنچىكە بېلىنى ئوراپ ئەتراپىدا بۇلۇتتەك كۆپۈپ تۇراتتى. ئورۇق، نازۇك بىر قولى كرېسلودىن جانسىز تاشلىنىپ تۇراتتى، يەنە بىر قولىدىكى يەلپۈگۈچ بىلەن قىزىپ كېتىۋاتقان يۈزىنى ئىتتىك ـ ئىتتىك يەلپۈيتتى. پۈتۈن قىياپىتى گۈلگە قونۇپ تۇرغان كېپىنەكنىڭ رەڭلىك قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان قىياپىتىگە ئوخشاپ تۇرسىمۇ، ئەمما يۈرىكى قورقۇنچلۇق ئۈمىدسىزلىنىشتىن توختىماي مۇجۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

«بەلكىم ئۇقۇشماسلىق بولغاندۇ، ئۇنداق ئىشقۇ يوقتۇر.»

ئۇ بايا كۆرگەنلىرىنى يەنە بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى.

— كىتى، نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى گراف نوردستون خانىم گىلەم ئۈستىدە قەدىمىنىڭ ئاۋازىنى چىقارماي بوش دەسسەپ كېلىپ، — مەن بۇ قىلىقىڭنى چۈشەنمىدىم.

كىتىنىڭ تۆۋەن كالپۇكى دىرىلدەپ كېتىپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كىتى، مازۇركا ئوينىمىدىڭمۇ؟

— ياق، ياق، — دېدى كىتى سەل يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن.

— ئۇ مېنىڭ كۆزۈمچە ئاۋۇنى مازۇركىغا تەكلىپ قىلدى، — دېدى گراف نوردستون خانىم «ئۇ» ۋە «ئاۋۇ» دېگەنلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كىتى چۈشىنىدۇ، دېگەن ئوي بىلەن، — ئۇ ئۇنىڭغا سىز نېمىشقا كىنەز شېرباتسكىي خېنىم بىلەن بىللە ئوينىمامسىز، دېدى.

— قويساڭا، ماڭا بەربىر، — دەپ جاۋاب بەردى كىتى ئۇنىڭغا.

كىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيتتى، تۈنۈگۈن ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈش ئېھتىمالى بولغان بىر ئەرنىڭ ئۆزگە قويغان تەلپىنى باشقا بىرىگە

ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈنلا رەت قىلغانلىقىنىمۇ باشقىلار بىلمەيتتى.

گراف نوردستون خانىم ئۆزى بىلەن مازۇركا ئوينىغان كورسۇنسكىينى تېپىپ كىتىنى تانسىغا تەكلىپ قىلىشقا بۇيرۇدى.

كىتى ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى پىرقىراشتا بىللە ئوينىدى. كىتىنىڭ بەختىگە، كورسۇنسكىي پۈتۈن تانسىنى باشقۇرۇۋاتقان بولغاچقا، تانسا ئويناۋېتىپ ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا كۆرسەتمىلەر بېرىپ، كۆپ گەپ قىلالماي، نەتىجىدە كىتى گەپ قىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ۋرونسكىي بىلەن ئاننا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا دېگۈدەك ئولتۇرۇشقانىدى، شۇڭا كىتى ئۇلارنى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن يىراقتىنمۇ، جۈپ بولۇپ قوشۇلىدىغان چاغدا يېقىندىنمۇ كۆرۈپ تۇردى، ئىككىسىنى قانچە كۆپ كۆرگەنسېرى، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىغا شۇنچە ئىشەندى. ئۇ ئىككىسى ئادەم لىق زالدا ئۆزلىرىنى خۇددى يالغۇزدەك، ئەتراپىدا ئادەم يوقتەك ھېس قىلىشاتتى. ۋرونسكىينىڭ ھەرقاچان تەمكىن، تەبىئىي تۇرىدىغان چىرايىدا ئەيىبلىك بولۇپ قالغان چېچەن ئىتنىڭ قىياپىتىگە ئوخشاش ئۆزىنى يوقىتىش، ئىتائەتمەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئاننا كۈلۈمسىرىسە، ۋرونسكىيمۇ كۈلۈمسىرەيتتى، ئاننا ئويلىنىپ قالسا، ئۇنىڭ چىرايىمۇ جىددىي تۈس ئالاتتى. قانداقتۇر بىر غەيرىي تەبىئىي كۈچ كىتىنىڭ كۆزلىرىنى ئانناغا تارتىپ تۇراتتى. ئاننا ئۆزىنىڭ ئاددىي قارا كۆڭلىكىدە ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى: بىلەزۈك سالغان قاردەك ئاپئاق بىلەكلىرى گۈزەل، بىر تىزىق مەرۋايىت ئاسقان تولۇق بويىنى گۈزەل، چۇۋۇلۇپ تۇرغان چاچلىرى، ئىنچىكە، نازۇك قوللىرى گۈزەل، ئەپچىل پۇتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ گۈزەل ۋە يېقىملىق، جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۈزەل چىرايى شۇنچىلىك مەپتۇن قىلارلىق ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ شۇ گۈزەللىكلىرىنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر بىر شەپقەتسىزلىك يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى.

كىتى ئۆنىڭغا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك زوقلىنىۋاتتى ۋە بارغانسېرى كۆچىيىپ كېتىۋاتقان ئەلەم ئوتىدا تېخىمۇ قاتتىقراق ئازابلىناتتى، ئۆزىنى روھىي ياقتىن تۈگىشىپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى، بۇ سېزىم ئۆنىڭ چىرايىغىمۇ چىقىپ كەتكەندى. ۋرونسكىي مازۇركا ئويناۋېتىپ ئۆنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇنى دەررۇ تونۇيالمىدى، ئۇ شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەندى.

— ئاجايىپ ئوبدان تانسا بولدى، — دېدى ۋرونسكىي كىتىگە پەقەت بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇش ئۇچۇنلا.

— شۇنداق! — دەپ جاۋاب بەردى كىتى.

مازۇركا ئوينىلىپ يېرىمىغا كەلگەندە، كۆپچىلىك كورسۇنسكىي ئويلاپ چىققان مۇرەككەپ بىر ھەرىكەتنى قىلدى. ئاننا دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئىككى ئەرنى، يەنە بىر ئايال بىلەن كىتىنى ئالدىغا چاقىردى. كىتى ئۆنىڭ ئالدىغا بېرىپ قورققاندەك ئۆنىڭغا قاراپ قويدى، ئاننامۇ ئۆنىڭغا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قاراپ قويۇپ، قولىنى قىسىپ قويدى، ئاندىن بۇرۇلۇپ يەنە بىر ئايال بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتى.

«راستىنلا ئۆنىڭدا ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل مۇدھىش گۈزەللىكمۇ بار ئىكەن» دېدى كىتى ئىچىدە.

ئاننانىڭ كەچلىك غىزاغا قالغۇسى يوق ئىدى، لېكىن ئۆي ئىگىسى يېلىنىپ تۇرۇۋالدى.

— قويسىڭىزچۇ، ئاننا ئاركادىيېۋنا، — دېدى كورسۇنسكىي گەپكە ئارىلىشىپ ۋە ئاننانىڭ پەلەيسىز قوللىرىنى فراكىنىڭ قولتۇقىغا ئېلىپ، — مەن كاردىلنى يەنە بىر قېتىم كەلتۈرمەكچى، ئۇ چاغدا ئاجايىپ بولىدۇ دەڭا.

ئۇ ئاننانى ئېلىپ قالماقچى بولۇپ ئاستا ئېلىپ ماڭدى. ئۆي ئىگىسى كۈلۈپ جايىدا تۇرۇپ قالدى.

— ياق، مەن قالالمايمەن، — دېدى ئاننا كۈلۈمسىرەپ

تۇرۇپ. گەرچە ئۇ كۈلۈپ گەپ قىلسىمۇ، لېكىن كورسۇنسكىي بىلەن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ جاۋابىدىكى قەتئىي ئاھاڭدىن ئۇنى ئەمدى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

— مەن موسكۋاغا كېلىپ، پەقەت سىلەر ئۆتكۈزگەن مۇشۇ بىر تانسا كېچىلىكىدىلا پېتېربۇرگدا پۈتۈن بىر قىش ئوينىغان تانسىدىنمۇ كۆپ تانسا ئويناپ چىقتىم، — دېدى ئاننا يېنىدا تۇرغان ۋرونسكىيغا بۇرۇلۇپ.

— ئەتە قايتىشىڭىز ئېنىقمۇ! — سورىدى ۋرونسكىي.

— شۇنداق، قايتىمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئاننا ۋرونسكىينىڭ شۇنداق دەپ سوراشقا پېتىنغىنىدىن ھەيران بولۇپ. لېكىن، ئۇنىڭ شۇ گەپنى قىلغان چاغدىكى كۆزلىرى بىلەن جىلمىيىشى ئوتتۇرىسىدىن كۆتۈرۈلگەن، ئىدارە قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر نۇر ۋرونسكىينىڭ ۋۇجۇدىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرگەندەك بولدى.

ئاننا كەچلىك غىزاغا ئولتۇرماي ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە ياندى.

# 24

«راست، مەندە كىشىلەرگە ياقمايدىغان بىر نەرسە بار، — دەپ ئويلاپ ماڭدى لېۋىن شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە پىيادە كېتىۋېتىپ، — مەن ئومۇمەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمايمەن، مېنى ئۇلار تەكەببۇر دېيىشىدۇ. ياق، مەن تەكەببۇر ئەمەس، ئەگەر تەكەببۇر بولغان بولسام بۇگۈنكىدەك كۈنگە قالمايتتىم.» ئارقىدىنلا ئۇ ۋرونسكىينى ئويلاپ قالدى: ئۇ بەختلىك، ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق ھەم سەۋرچان ئادەم ئىكەن، شۇڭا مەن بۈگۈن كەچتە ئۇچرىغان يامان ئەھۋالغا ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن. «كىتىنىڭ ئۇنى تاللىشى

تۇرغان گەپ، ئۇنىڭ تاللىغىنى توغرا. مەن ھېچكىمدىن ئاغرىنمايمەن، ئاغرىنىشقىمۇ ھەققىم يوق، ھەممە ئىشقا ئۆزۈم ئەيىبلىك. ئۇنىڭدىن مەن بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىشقا قانداق ھەققىم بار؟ مەن كىم ئىدىم؟ نېمىگە ھېسابمەن؟ ھېچنېمىگە، ھېچكىمگە كېرىكىم يوق بولمىغۇر ئادەممەن.» ئارقىدىن ئۇ ئاكىسى نىكولاينى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خۇشال ھالدا ئۇ ھەقتە خىيالغا پاتتى: «ئۇنىڭ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە رەزىل، قەبىھ، دېگەن سۆزى راست بولۇپ چىقمىۋاتامدۇغۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا، بىزنىڭ نىكولاي ئاكامغا تۇتقان مۇئامىلىمىز ئادىل بولماي قالغانمۇ، قانداق؟ پروكوفىي ۋەيرانە كىيىملىرىگە، ھاراق ئىچىپ مەست يۈرۈشلىرىگە قاراپلا ئۇنى چۈشكۈنلەشكەن نەپرەتلىك ئادەم، دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، مەن ئۇنى ئۇنداق ئادەم دەپ ئويلىمايمەن، ئۇنىڭ يۈرىكىنى چۈشىنىمەن ھەم ئىككىمىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشايدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلىمەن. بۈگۈن ئۇنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئورنىغا تاماق يېيىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگىنىم نېمىسى؟» لېۋىن يول چىرىغىنىڭ ئاستىغا كېلىپ، خاتىرە دەپتىرىدىن ئاكىسىنىڭ ئادرېسىنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە، شۇئان كىرا پەيتونىغا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە بولغان ئۇزۇن يولدا ئۇ ئاكىسىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئۆزى بىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئەسلىدى: ئاكىسى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ساۋاقداشلىرىنىڭ زاڭلىق قىلىشلىرىغا پەرۋا قىلماي راھىبلاردەك ياشىغان، دىنىي قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ ئىبادەتكە بېرىپ تۇرغان، پەرھىز تۇتقان، ئويۇن ـ تاماشىدىن قالغان، بولۇپمۇ ئاياللارغا يېقىن يولىمىغان. كېيىن بىردىنلا ئۆزگىرىپ، يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ، شۇنىڭدىن باشلاپ ھاراقئا، پاھىشىگە بېرىلىپ كەتكەن. لېۋىن يەنە ئاكىسىنىڭ بىر ئوغۇل بالىنى يېزىدىن ئەكېلىپ بېقىۋېلىپ، بىر كۈنى ئاچچىقىغا پايلىماي

ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىپ مېيىپ قىلىپ قويغانلىقىنى، شۇ تۇپەيلى سوتقا تارتىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. كېيىن نىكولاي يەنە قىماردا بىر ئالدامچىغا پۇل ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئارقىدىن، ئۇ مېنى ئالداپ كەتتى، دەپ ئۇنىڭ ئۇستىدىن سوتقا ئەرز قىلغان (كوزنىشېڤ تۆلىۋەتكەن پۇل شۇ). شۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقىلار بىلەن مۇشتلىشىپ جېدەل چىقارغانلىقى ئۈچۈن بىر كېچە قاماقتا ياتقان. كېيىن يەنە نومۇس قىلماي كوزنىشېڤنىڭ ئۇستىدىن ئاپامنىڭ مىراسىدىن ماڭا تېگىشلىكىنى بەرمىدى، دەپ سوتقا ئەرز قىلغان. يېقىنقى كۈنلەردە غەربىي ئۆلكىگە خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن يېزا باشلىقىنى ئۇرۇپ قويۇپ سوتقا تارتىلغان ... ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرى شۇنچىلىك ئەشەددىي ئىدى. لېكىن، لېۋىن نىكولاينى ئۇنى چۈشەنمەيدىغان، ئۇنىڭ پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرگە ئوخشاش ئۇنداق ئەشەددىي دەپ قارىمايتتى.

نىكولاي خۇدانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، پەرھىز تۇتۇپ، ئىبادەت قىلىپ زاھىتلاردەك ھايات كەچۈرۈۋاتقان، دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋەسلىرىنى بېسىش ئۈچۈن ياردەمگە موھتاج بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىلھام بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە ئۇنى نۇھ[1]، زاھىت دەپ مەسخىرە قىلىشقانىدى، شۇلارنىڭ قاتارىدا لېۋىنمۇ بار ئىدى. كېيىن ئۇ ئۆزگىرىپ يامان يولغا كىرىپ كەتكەندىمۇ ھېچكىم ياردەم بەرمىدى، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ سەسكىنىپ يۈردى.

ئاكىسى نىكولاي تۇرمۇشتا قانچىلىك چۈشكۈنلەشكەن بولسۇن، ئۇنىڭ كۆڭلى، كۆڭلىنىڭ ئەڭ ئىچكى جايلىرى ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارايدىغانلارنىڭكىچىلىك ئەسكى ئەمەسلىكىنى لېۋىن بىلەتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشتا شاللاقلىقىنى،

---

① «تەۋرات . ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ 6 ـ سۈرىسىدە: «نۇھ مەرد ھەم شۇ دەۋردىكى مۇكەممەل ئادەم» دېيىلگەن.

كەم ئەقىللىقلىقىنى ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇ ھەممىشە ياخشى ئادەم بولۇشنى ئويلايتتى. «مەن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدە ئويلىغانلىرىمنى ئېيتىمەن، ئۇنىڭغىمۇ كۆڭلىدىكىنى ئېيتقۇزۇپ، ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، چۈشىنىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرىمەن» دېگەن قارارغا كەلدى لېۋىن. پەيتۇن سائەت ئوندىن ئاشقاندا نىكولاي ياتقان مېھمانخانىغا يېتىپ باردى.

— يۇقىرىدىكى ئون ئىككىنچى، ئون ئۈچىنچى ياتاقلاردا ياتىدۇ، — دېدى ئىشىككە قارايدىغان ئادەم لېۋىنغا.

— ھازىر ياتاقتا بارمىدۇ؟

— بولسا كېرەك.

ئون ئىككىنچى نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئىشىكى يېرىم ئوچۇق بولۇپ، ياتاقنىڭ ئىچىدىن ناچار تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسى گۈپۈلدەپ سىرتقا ئۇرۇپ تۇراتتى، يەنە قانداقتۇر بىر يوچۇن ئاۋازمۇ بار ئىدى. لېۋىن شۇنىڭغا قاراپ ئاكىسىنىڭ ياتاقتا بار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلانغانىدى.

ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندە، يوچۇن ئاۋاز:

— ھەممە گەپ ئىشنىڭ ئورۇنلۇق ۋە ئاڭلىق ئېلىپ بېرىلىشىغا باغلىق، — دېدى.

كونستانتىن لېۋىن ئۆينىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، چاچلىرى قويۇق، بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن چاپان كىيىۋالغان بىر ياش بالا بىلەن ياقىسى، يېڭى يوق ئۇزۇن يۇڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان چوقۇر بىر ئايالنىڭ ساپادا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، ئەمما ئاكىسى كۆرۈنمەيتتى. ئاكىسىنىڭ مۇشۇنداق يوچۇن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، لېۋىننىڭ يۈرىكى قاتتىق مۇجۇلدى. ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ كالىچىنى سېلىۋېتىپ، قىسقا چاپان كىيىۋالغان ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى. ئۇ قانداقتۇر بىر كارخانا توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتاتتى.

— قورۇپ كەتسۇن، شۇ دۆلەتمەن سىنىپلار ! — ئاكىسىنىڭ يۈتەل ئارىلاش چىققان ئاۋازى ئاڭلاندى، — مارىيە، بىزگە تاماق كەلتۈرگىن، ۋىنو بولسا ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق بەرسەڭ بولىدۇ، يوق بولسا سېتىۋېلىپ كەل !

ئۇ ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ تۇسۇقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ لېۋىننى كۆرۈپ قالدى.

— بىر تۆرە كەپتۇ، نىكولاي دمىترىچ، — دېدى ئۇ.

— كىمنى ئىزدەپ كەپتۇ؟ — دېدى نىكولاي ئاچچىقى بىلەن.

— بۇ مەن ! — دېدى لېۋىن يورۇققا چىقىپ.

— كىم ئۇ مەن دېگەن؟ — دېدى نىكولاي بايىقىدىنمۇ بەكرەك ئاچچىقى بىلەن. لېۋىن ئاكىسىنىڭ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتكەچكە بىرنېمىگە پۇتلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى، ئىشىكنىڭ ئالدىغىراق كەلگەندە ئېگىز، ئورۇق، ئازراق دۈمچىيىپ قالغان گەۋدىسىنى، چۆچۈگەن كۆزلىرىنى كۆردى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى لېۋىنغا تونۇش ئىدى، ئەمما قوپاللىقى ۋە كېسەلچان ھالىتى ئۇنى قاتتىق تەئەججۇپكە سالدى.

نىكولاي بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن لېۋىن ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چاغدىكىدىنمۇ بەتتەر جۈدەپ كېتىپتۇ، ئۇستىگە كالتە بىر چاپان كىيىۋاپتۇ، قوللىرى، بەدەن سۆڭەكلىرى بۇرۇنقىدىن يوغىناپ كەتكەندەك كۆرۈندۇ. چېچى شالاڭلىشىپ قاپتۇ، بۇرۇتىمۇ شالاڭ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش كالپۇكىغا چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدىن ئۆزگەرمىگەن كۆزلىرى ھەيرانلىق بىلەن لېۋىنغا تىكىلدى.

— ھوي، كوستىيامۇسەن، — دېدى ئۇ بىردىن ئىنىسىنى تونۇپ ۋە خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ. بىراق، شۇ دەقىقە ئىچىدە ئۇ ساپادا ئولتۇرغان يىگىتكە بىرلا قاراپ، لېۋىنغا شۇنچىلىك تونۇش بولغان قىلىقى بىلەن خۇددى گالستۇك گېلىنى بوغۇۋاتقاندەك بېشى بىلەن بويىنىنى تىترىتىپ قويدى. ئارقىدىنلا جۈدەڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، بايىقىغا

ئوخشىمايدىغان قوپال، ئازابلىق ۋە رەھىمسىز تۇسكە كىرىپ قالدى.

— مەن سىزگىمۇ، سىرگىيې ئىۋانوۋىچقىمۇ سىلەرنى تونۇمايمەن، تونۇشنىمۇ خالىمايمەن، دەپ خەت يازغانىدىمغۇ؟ مېنى يەنە نېمە ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىڭ؟ نېمە ئىشىڭىز بار؟

ئۇ زادىلا لېۋىن ئويلىغاندەك ئەمەس ئىدى. لېۋىن ئۇنى خىيالىغا كەلتۈرگەن چاغدا، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ يامان تەرەپلەرنى، يەنى كىشىلەر بىلەن ياخشى ئۆتمەيدىغان تەرەپلىرىنى يادىغا ئالمىغانىدى. ئەمدى ھازىر ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى، بولۇپمۇ بېشىنى تىترىتىپ تۇرۇپ گەپ قىلىشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— مەن سېنى پەۋقۇلئاددە بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگىنىم يوق، — دېدى ئۇ قورقۇمسىراپ تۇرۇپ، — بىر كۆرۈپ كېتەي دەپلا كەلدىم.

ئىنىسىنىڭ يۈرەكسىزلىكى نىكولاينى ئازراق يۇمشاتقان بولسا كېرەك، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئۇنداق بولسا ئۆيگە كىر، ئولتۇر، تاماق يەمسەن؟ مارىيە، ئۈچ كىشىلىك تاماق كەلتۇر. ياق، توختاپ تۇر، بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى ئۇ قىسقا چاپان كىيىۋالغان يىگىتنى ئىنىسىغا كۆرسىتىپ، — بۇياق كرىتسكىي ئەپەندى بولىدۇ، كىيېۋدا يۈرگەن ۋاقتىمدىكى دوستۇم، مەشھۇر شەخس. ئۇ يامان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان.

كېيىن ئۇ ئادىتى بويىچە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە نەزەر تاشلاپ چىقتى. ئىشىكنىڭ تۇۋىدە سىرتقا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان ئايالنى كۆرگەندە:

— مەن ساڭا توختاپ تۇر دېدىمغۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن ھەممەيلەنگە يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقىپ، لېۋىنغا ئىنتايىن تونۇش بولغان ئېگىز - پەس گەپ قىلىدىغان مىجەزى

بۇيچە ئىنىسىغا كىرىتسكىينىڭ تارىخىنى: كەمبەغەل ستۇدېنتلارغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى بىلەن يەكشەنبىلىك مەكتەپ قۇرىمەن دەپ مەكتەپتىن قوغلانغانلىقىنى، كېيىن خەلق مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كىرىپ ئۇ يەردىنمۇ قوغلانغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە نېمە تۇغرىدىندۇر سوتلانغانلىقىنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى.

— سىز كىيېۋ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغانمۇ؟ — لېۋىن ئۇنىڭ گېپىدىن كېيىن پەيدا بولغان جىمجىتلىقتا چىدىماي كىرىتسكىيدىن سورىدى.

— ھەئە، ئەسلىدە شۇ يەردە ئىدىم، — دېدى كىرىتسكىي تەرىنى تۇرۇپ ئاچچىق بىلەن.

— بۇ ئايال، — دېدى نىكولاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىكى ھەمراھىم بولىدۇ، ئىسمى مارىيە. ئۇنى مەن ھېلىقىلارنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىققان، — بۇ سۆزنى ئېيتقاندا ئۇ بويىنىنى سىلكىپ قويدى، — ئۇنى مەن ياخشى كۆرىمەن ھەم ھۆرمەتلەيمەن. مەن بىلەن ئالاقە قىلىدىغان، — ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قوشۇمىسىنى تۈردى، — ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنى ماڭا ئوخشاش ياخشى كۆرۈشىنى، ھۆرمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنى خوتۇنۇم دېسەممۇ بولىدۇ. ئەمدى سەن كىملەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغىنىڭنى بىلدىڭ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرسام سالاھىيىتىمگە تەسىر يېتىدۇ دەپ ئويلىساڭ، مەرھەمەت، ئىشىك ئەنە ئاۋۇ ياقتا.

ئۇ سوئال نەزىرى بىلەن ھەممەيلەنگە يەنە بىر قېتىم كۆز تاشلاپ چىقتى.

— نېمە ئۈچۈن سالاھىيىتىمگە تەسىر يېتىدۇ، دەپ ئويلىغۇدەكمەن؟ بۇ گېپىڭنى چۈشەنمىدىم.

— ئۇنداق بولسا، مارىيە، ئۇلارغا ئۈچ كىشىلىك تاماق، ۋوتكا، ۋىنو بۇيرۇت ... ياق، توختا ... كېرىكى يوق ... چىقىپ تۇر.

# 25

— كۆردۈڭمۇ، — دېدى نىكولاي قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ۋە سەل سىلكىنىپ قويۇپ، — ئۇنىڭ نېمە دېيىش، نېمە قىلىشنى بىلمەي سەل قىينىلىپ قېلىۋاتقانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، — قارا ... — دېدى ئۇ بىر بۇلۇڭدا ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويۇلغان ئۇزۇن تۆمۈرلەرنى كۆرسىتىپ، — ئۇلارنى كۆردۈڭمۇ؟ بىز قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشىمىزنىڭ بېشى شۇ. بىز ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى قۇرماقچىمىز...

لېۋىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىمىدى، كۆزلىرى ئاكىسىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن كېسەلچان چىرايىدا ئىدى، قارىغانسېرى ئۇنىڭغا ئېچىناتتى، شۇڭا كوپىراتىپ قۇرۇش توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا ئۆزىنى مەجبۇرلىيالمايتتى، بۇ كوپىراتىپنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى نەپرەتلىنىپ قاراشتىن قۇتۇلۇشىنىڭ ئاخىرقى چارىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. نىكولاي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئىشچىلارنى كاپىتالىستلارنىڭ ئېزىۋاتقانلىقىنى بىلىسەن. بىزدىكى ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئەمگىكىنىڭ بارلىق جاپاسىنى تارتىپ قانچە ئىشلىسىمۇ ھايۋانغا ئوخشاش ياشاش تەقدىرلىرىدىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىشلەپ تاپىدىغان قىممەتلىرى بەدىلىگە تۇرمۇش شارائىتلىرى ياخشىلانسا، ئارام ئالىدىغان ۋاقىتلارغا ئېرىشسە، بىلىم ئېلىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولسا تامامەن بولاتتى، لېكىن كاپىتالىستلار ئۇلار ياراتقان پايدىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارغا ھېچنېمە قالدۇرمايۋاتىدۇ. جەمئىيەتمۇ شۇنداق قۇرۇلغانكى، ئۇلار

قانچىلىك كۆپ ئىشلىسە، سودىگەرلەر بىلەن يەر ئىگىلىرى شۇنچە كۆپ پايدا ئېلىشىۋاتىدۇ، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار بولسا مەڭگۈ ئات - كالا ئورنىدا قېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل تۈزۈمنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئىنىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى.

— دېگىنىڭ توغرا، شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، — دېدى لېۋىن ئاكىسىنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان يۈزىدە پەيدا بولغان قىزىللىققا قاراپ تۇرۇپ.

— شۇڭا، بىز سىلىبسارلىق كوپىراتىپى قۇرماقچىمىز. كوپىراتىپنىڭ پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشى، پايدىسى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ھەممىسى ئومۇمنىڭ بولىدۇ.

— كوپىراتىپنى قەيەردە قۇرماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟ — سورىدى لېۋىن.

— قازان ئۆلكىسىنىڭ ۋوزدرېما يېزىسىدا.

— نېمىشقا يېزىدا قۇرىسىلەر؟ يېزىدا ئۇنىڭسىزمۇ ئىش تولا تۇرسا، ئۇنىڭ يېزىدا نېمە كېرىكى بار؟

— چۈنكى، دېھقانلار ھازىرمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش قۇلنىڭ ئورنىدا ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئاشۇنداق قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرماقچىمىز. بۇ گەپ سىرگېي ئىككىڭگە ياقمايدۇ، — دېدى نىكولاي ئۆزىگە قارشى ئېيتىلغان بۇ گەپكە قاتتىق غەزەپلىنىپ.

لېۋىن كۆرۈمسىز، پاسكىنا ئۆي ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، بۇ تىنىق نىكولاينىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى كەلتۈردى.

— مەن سىرگېي ئىككىڭلارنىڭ ئاقسۆڭەكلەرچە قاراشلىرىڭلارنى بىلىمەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەقلىنى ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇدھىشلىكلەرنى ئاقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقانلىقىمۇ ماڭا مەلۇم.

— سىرگېي ئىۋانوۋىچنىڭ گېپىنى قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى لېۋىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىسەن، دېدىڭمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ساڭا سۆزلەپ بېرەي، — نىكولاي سېرگېيېۋىچ ئىۋانوۋىچنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى، — مەن ساڭا بۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرەي ... ئۇنىڭ گېپىنى نېمىشقا قىلىمەن؟ لېكىن ... سەن بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ بىزنىڭ ئۇ ئىشىمىزنى ياقتۇرمىساڭ ... يولۇڭ ئوچۇق، كېتىۋەر! — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ توۋلاپ كەتتى، — يوقال! يوقال!

— مېنىڭ سىلەرنى قىلچە ياقتۇرمايدىغان يېرىم يوق، — دېدى لېۋىن قورقۇمسىراپ تۇرۇپ، — ھەتتا سىلەر بىلەن گەپ تالىشىپمۇ ئولتۇرمايمەن.

شۇ ئارىدا مارىيە قايتىپ كىردى، نىكولاي ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى. مارىيە كېلىپ ئۇنىڭغا بوش ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دېدى.

— ئاغرىقچان بولۇپ كۆپ چېچىلىدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى نىكولاي سەل ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئېغىر نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن سېرگېيې ھەم ئۇنىڭ ماقالىسى توغرۇلۇق گەپ قىلدىڭ. ئۇنىڭ ماقالىلىرى ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلىگەن، يالغان، ئۆزىنى ئۆزى ئالدايدىغان ماقالىلەر. ئادالەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئادالەت توغرىسىدا نېمە يېزىشى مۇمكىن! سىز ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئۇ كرىتسكىيدىن. ئاندىن ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۈستەلدىن ئورۇن چىقىرىش ئۈچۈن، چېچىلىپ ياتقان تاماكىلارنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويدى.

— مەن ئوقۇپ باقمىدىم، — دېدى كرىتسكي بۇ سۆھبەتكە ئارىلاشقۇسى يوقتەك چىرايىنى تۇرگەن ھالدا.

— نېمىشقا؟ — ئەمدى ئۇ كرىتسكىيغا خاپا بولدى.

— ئۇنى ئوقۇيمەن دەپ ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىشنى

خالىمىدىم.

— ئۇنى ئوقۇسىڭىز ۋاقتىڭىزنىڭ ئىسراپ بولىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟ ئۇ ماقالىلەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇر بولغاچقا ئادەم ئوقۇپ چۈشەنمەيدۇ. مەن بۇ مەسىلىگە باشقىچىرەك قاراشتا. ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ماقالىلەرنىڭ ئاجىزلىقلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن.

ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى. كىرىتسكىي ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ شەپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— كەچلىك تاماققا ئولتۇرمامسىز؟ بوپتۇ، خوش ئەمىسە، ئەتە سىلىپسارنى باشلىغاچ كېلىمىز.

كىرىتسكىي چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، نىكولاي كۆلۈمسىرەپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— بۇ ئادەممۇ بوش، — دېدى ئۇ، — مەن بىلىپ تۇرىمەن ...

دەل شۇ چاغدا ئىشىك سىرتىدىن كىرىتسكىينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يەنە قانداق ئىشلار بار؟

نىكولاي دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى. لېۋىن مارىيە بىلەن قېلىپ ئىككىسى ئازراق پاراڭلىشىپ قالدى.

— ئاكام بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقىنىڭىزغا قانچە ئۇزاق بولدى؟ — سورىدى لېۋىن ئۇنىڭدىن.

— بىر يىلدىن ئاشتى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى ئەمەس، ھاراقنى كۆپ ئىچىدۇ، — دېدى مارىيە جاۋاب بېرىپ.

— قانداق ھاراق ئىچىدۇ؟

— ۋوتكا، بۇ ھاراقنىڭ ئادەمگە زىيىنى كۆپ.

— راست كۆپ ئىچەمدۇ؟ — سورىدى لېۋىن يەنە بوش ئاۋازدا.

— ھەئە، — دېدى مارىيە ئىشىككە قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ. دەل شۇ چاغدا نىكولاي سىرتتىن كىرىپ كەلدى.

— ئىككىڭلار نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى نىكولاي قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ ۋە بىر نەرسىدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا قاراپ قويىدى، — نېمە گەپلەرنى قىلىشتىڭلار؟

— ھېچنېمە دېيىشمىدۇق، — دېدى لېۋىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

— ھېچنېمە دېيىشمىگەن بولساڭلار بوپتۇ ئەمىسە. ئاراڭلاردا سۆزلىشىدىغانمۇ ھېچقانداق ئىش يوق، چۈنكى ئۇ بىر چۆرە، سەن بولساڭ تۆرە، — دېدى ئۇ بوينىنى سىلكىپ قويۇپ، — مەن بىلىپ بولدۇم، سەن ھەممىنى چۈشىنىپمۇ، باھالاپمۇ ھەم مېنى تويۇق يولغا كىرىپ قالدى دەپ ئېچىنىپمۇ ئولتۇرىسەن، — دېدى ئۇ يەنە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— نىكولاي دمىترىچ، نىكولاي دمىترىچ! — مارىيە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بوش ئاۋازدا يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى.

— ھە، بولىدۇ، بولىدۇ! ... كەچلىك تاماقنىڭ قانداق بولدى؟ ھە، مانا، تاماقمۇ كېلىپ قالدى، — دېدى ئۇ پەتنۇس كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان خىزمەتكارنى كۆرۈپ، — بۇياققا، بۇياققا ئەكەل، — ئۇ ئاچچىق ئارىلاش شۇ گەپنى قىلدى ـ دە، ۋوتكىدىن بىر رومكا قويۇپ گۈپپىدە ئىچىۋەتتى، — سەنمۇ بىرنى ئىچەمسەن، — دېدى ئۇ شۇئان ئېچىلىپ ئۇكىسىغا، — ھىم، سېرگېي توغرۇلۇق يەتكۈدەك پاراڭلاشتۇق. مەن سېنىڭ كەلگىنىڭگە شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم. قانچە قىلغان بىلەن يات ئەمەسمىز ـ دە. قېنى، ئىچىۋەتكىنە، خوش، ئۆزۈڭنىڭ ھازىر نېمە ئىشلار بىلەن بەند ئىكەنلىكىڭنى سۆزلەپ بەرسەڭچۇ، — ئۇ بىر پارچە بولكىنى قولىغا ئېلىپ مەززە قىلىپ يېگەچ ئۆزىگە يەنە بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەھۋالىڭ قانداق؟

— ئىلگىرىكىگە ئوخشاش يېزىدا ئۆزۈم يالغۇز ئىگىلىكىم بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى لېۋىن ئاكىسىنىڭ

شۈنچىلىك ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىچىۋاتقىنىغا ۋە يەۋاتقىنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ. ئەمما، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتقىنىنى چاندۇرمىدى.

— نېمىشقا ھازىرغىچە ئۆيلەنمەيسەن؟

— يولى بولمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن قىزىرىپ كېتىپ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ مەنغۇ تۇگەشتىم، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ۋەيران قىلدىم. مەن بۇرۇنمۇ ئېيتقان، ھازىرمۇ ئېيتىمەن، ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا لازىم بولغان چاغدا ماڭا تېگىشلىك مىراسىمنى بېرىۋەتكەن بولسا، مېنىڭ ھاياتىم پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بولاتتى.

لېۋىن دەررۇ گەپنى باشقا تېمىغا بۇرىۋەتتى:

— سېنىڭ ۋانيۇشكاڭ مېنىڭ پوكروۋسكويدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنۇمدا ئىشلەۋاتىدۇ، بۇنى بىلەمسەن؟

— قېنى، سۆزلەپ باقىنا، پوكروۋسكويدا ئەھۋال قانداق؟ ئۆيلەر شۇ پېتىچىمۇ؟ قېيىنلار بىلەن بىزنىڭ سىنىپلىرىمىزچۇ؟ فىلىپ باغۋەن ھازىرمۇ ھاياتمۇ؟ شىپاڭ بىلەن ساپا زادىلا يادىمدىن چىقمايدۇ. ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئاسرا، ھېچنېمىنى ئالماشتۇرما، ئىلدامراق ئۆيلىنىۋالغىن. ھەممە نەرسە ئىلگىرىكىدەك بولسۇن، ئەگەر ئالغان خوتۇنۇڭ ياخشى بولسا، شۇ چاغدا سېنى يوقلاپ بارىمەن.

— ھازىر بارساڭمۇ بولىدۇ، — دېدى لېۋىن، — سېنى ياخشى، راھەت تاپقۇدەك ئورۇنلاشتۇرىمەن.

— سېرگېي كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدىغانلا بولسا، يېنىڭغا چوقۇم بارغان بولاتتىم.

— ئۇنى ئۇ يەردە يولۇقتۇرمايسەن، ھازىر مەن ئۇنىڭغا يۆلەنمەيمەن، مۇستەقىل ياشاۋاتىمەن.

— ياخشى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ سەن ئۇ ئىككىمىزنىڭ بىرىمىزنى تاللىشىڭ كېرەك، — دېدى ئۇ ئىنىسىنىڭ كۆزلىرىگە قورقۇمسىراپراق قاراپ. ئۇنىڭ بۇ خىل يۈرەكسىزلىكى لېۋىنغا

تەسىر قىلىپ قالدى.
— ئەگەر سەن بۇ توغرىدا مېنىڭ پىكرىمنى بىلمەكچى بولغان بولساڭ، ئەمىسە مەن ساڭا دەي، ئىككىڭلارنىڭ جېدىلىدە مەن ھېچقايسىڭلارنىڭ تەرىپىنى ئالمايمەن. ھەر ئىككىڭلارنىڭ تۇتقان يولى توغرا ئەمەس. سېنىڭ توغرا ئەمەس تەرەپلىرىڭ بىر ئاز ئاشكارا، ئۇنىڭ بولسا بىرقەدەر يوشۇرۇن.
— بەللى! بۇنى سەن چۈشىنىپ بوپتىكەنسەن - دە؟ — نىكولاي خۇشال توۋلاپ كەتتى.
— ئەمما، سەندىن يوشۇرمايمەن، مەن سېنىڭ پىكىرلىرىڭگە جىددىيرەك قارايمەن، چۈنكى ...
— نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن، ھە؟
لېۋىن نىكولايغا، سەن بەختسىز بولۇپ قالدىڭ، شۇڭا سېنىڭ پىكىرلىرىڭگە ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك، دېگۈسى كەلدى، ئەمما دېيەلمىدى. نىكولاي ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ۋە قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ يەنە ھاراقفا قول سوزدى.
— ئەمدى بولدى، نىكولاي دمىترىچ، — دېدى مارىيە نىكولايېۋنا بۇدۇرۇق قولىنى بوتۇلكىغا سوزۇپ.
— قولۇڭنى تارت! مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! بولمىسا تاياق يەيسەن! — دەپ ۋارقىرىدى نىكولاي.
مارىيە باشقا گەپ قىلماي يېقىملىققىنا كۈلۈپ قويدى، نىكولاي ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئازراق تەسىرلەنگەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن مارىيە بوتۇلكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.
— سەن ئۇنى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى نىكولاي ئىنىسىغا، — نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇ بىزدىن ياخشى چۈشىنىدۇ، بەزى جەھەتلەردە شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل، يېقىملىق، راست ئەمەسمۇ؟
— سىز ئىلگىرى موسكۋاغا كېلىپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى لېۋىن پەقەت كۆپرەك گەپ قىلىش ئۈچۈنلا مارىيەدىن.
— ئۇنى «سىز»لىمىسەڭمۇ بولىدۇ، «سىز»لەشتىن قورقىدۇ.

پاھىشىخانىدىكى چاغدا سوتچى ئۇنى سوراق قىلىپ «سىز»لىگەندىن باشقا، ھېچكىم ئۇنى «سىز»لەپ باقمىغان. يا خۇدا! بۇ جاھاندا بىمەنە ئىشلار نېمىدېگەن كۆپ! — ئۇ بىردىنلا تۇۋلاپ كەتتى، — يېڭى مەھكىمىلەر، كېلىشتۈرگۈچى سودىيەلەر، ئاپتونومىيە ئۇيۇشمىلىرى. ھىم، ھەممىسى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلار.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى مەھكىمىلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشلىرىنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى.

لېۋىن ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، ھەممىلا جامائەت مەھكىمىلىرىنى ئىنكار قىلىشتا ئۆزىنىڭ ئاكىسى بىلەن بىر پىكىردە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ دائىم شۇنداق سۆزلەيدىغانلىقىنى، بۇ گەپلەرنىڭ ئاكىسىنىڭمۇ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى ئازراق خىرە بولۇپ قالدى.

— بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە ئۇ دۇنياغا بارغاندا يېتىپ قالارمىز، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ.

— ئۇ دۇنياغا بارغاندا؟ قوي، مەن ئۇ دۇنيانى ياخشى كۆرمەيمەن، ياخشى كۆرمەيمەن! — دېدى ئۇ چۆچۈپ تۇرغان ئەسەبىي كۆزلىرى بىلەن ئىنىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — مەيلى ئۆزۈڭنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ بولسۇن، رەزىللىكلەر ۋە قالايمىقان نەرسىلەردىن نېرى تۇرۇشتىن ياخشى ئىش يوق. ئەمما، مەن ئۆلۈمدىن قورقىمەن! ئۆلگۈدەك قورقىمەن! — ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى، — سەن بىرئاز ئارام ئالغىن. شامپان ئىچەمسەن ياكى بىرەر يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلىمىزمۇ؟ سىگانلار تەرەپكە بېرىپ كېلەيلىچۇ! راستىمنى دېسەم، سىگانلار بىلەن رۇسلارنىڭ ناخشىلىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

ئۇنىڭ گەپلىرى ئېگىز - پەس ئىدى، بىردە تاغدىن، بىردە باغدىن سۆزلەپ كېتەتتى. لېۋىن مارىيەنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى مىڭ تەستە سىرتقا چىقماسلىققا، يېتىپ ئارام ئېلىشقا

كۆندۈردى. ئۇ مەست بولۇپ كەتكەنىدى.

مارىيە بىر ئىش بولسا لېۋىنغا خەت يازىدىغانغا، نىكولاينى بىر ئامال قىلىپ ئىنىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىشقا كۆندۈرىدىغانغا ماقۇل بولدى.

# 26

لېۋىن موسكۋادىن ئەتىگەن ئايرىلىپ، گۇگۇم مەھەلدە ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. پويىزدا كەلگۈچە ۋاگوندىكى قوشنىلىرى بىلەن سىياسەت، يېڭىدىن بەرپا بولۇۋاتقان تۆمۈريوللار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ماڭدى. يەنە موسكۋادىكىگە ئوخشاش پىكىرلىرى گادىرماچ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى كايىپ، نېمىلەردىندۇر ئۇيىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى قىيناپ ئولتۇرغان چاغلىرىمۇ بولدى. يۇرتىنىڭ ۋوگزالىغا يېتىپ كېلىپ پويىزدىن چۈشكەنىدىن كېيىن، پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغان يەكچەشمە هارۋىكەش ئىگناتنى، ۋوگزالنىڭ غۇۋا چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان، ئۈستىگە يۇڭ ئەديال سېلىنغان چانىسىنى، قۇيرۇقلىرى باغلانغان، خاموت - سايمانلىرىغا تۆگمە ۋە پۆپۈكلەر ئېسىلغان ئاتلىرىنى كۆرگەندە، هارۋىكەش ئىگنات نەرسىلىرىنى چانىغا جايلاشتۇرۇۋېتىپ يېزىدىكى يېڭى خەۋەرلەرنى، هۆددىگەرنىڭ كەلگەنلىكىنى، پاۋا دېگەن كالىسىنىڭ تۇغقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئاندىن كاللىسى بىر ئاز سەگەكلىشىپ، ئۆزىنى ئۆزى كايىشلىرى، ئۇيىلىشلىرى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنىڭدا ئىگناتنى، ئاتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئىگنات ئالغاچ كەلگەن جۇۋىنى كىيىپ چانىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يېزىغا بارغاندا بېرىدىغان بۇيرۇقلىرى ئۈستىدە



ئويلىنىپ، ئىلگىرى مىنىپ يۈرگەن، ھازىر قېرىپ قالغاچقا چانىغا قاتىدىغان بولغان شاش ھەم تېتىك دون ئېتىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، بۇ قېتىم بېشىدىن ئۆتكەن ئۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى پۈتۈنلەي باشقىچە چۈشىنىشكە باشلىدى، ئۆز ھالىتىگە قايتىپ، باشقىچە خىياللاردا بولۇشنى خالىمىدى. بولۇپمۇ ئۇ توي قىلىپ پەۋقۇلئاددە بىر بەختكە ئېرىشىمەن، دېگەن ئارزۇسىدىن كېچىشكە ۋە ھازىرقى تۇرمۇشغا ئېتىبارسىز قارىماسلىققا بەل باغلىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، تۇرمۇش قۇرماقچى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا بىرىلگەن بولمىغۇر ھەۋەسلەرگە ئەمدى ئىنتىلمەسلىكنى ئويلىدى، ئۆزىنىڭ شۇ خىياللارنى قىلىپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىنى ئويلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ يەنە ئاكىسى نىكولاينى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن، داۋاملىق غەمخورلۇق قىلىپ تۇرىمەن، ھەر ۋاقىت نەزىرىمدىن ساقىت قىلمايمەن، مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا چوقۇم ياردەم بېرىمەن، دەپ ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە بەردى، بۇ ھالەتنىڭ ئۇزاققا سوزۇلمايدىغانلىقىغا ئىشەندى. يەنە ئاكىسىنىڭ كوممۇنىزم توغرىسىدىكى بىر قاتار گەپلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ چاغدا ئۇ بۇ گەپلەرگە ئېرەن قىلمىغانىدى، ئەمدى ھازىر ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئىقتىسادىي شارائىتنى ئۆزگەرتىشنى بىمەنىلىك دەپ بىلسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ باياشات ياشاۋاتقانلىقى بىلەن خەلقنىڭ كەمبەغەللىكىنى سېلىشتۇرۇپ، بۇنىڭ ئادالەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى ھەقلىق دەپ بىلىش ئۈچۈن، گەرچە بۇرۇنمۇ دېھقانلار بىلەن بىللە ئىشلىگەن، تۇرمۇشتا ھەشەمەت قوغلاشمىغان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپرەك ئىشلەشكە، ھەشەمەت، ھالاۋەتنى ئازراق قوغلىشىشقا بەل باغلىدى، شۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا ئوڭايدەك تۇيۇلۇپ، يول بويى شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ كەلدى. ئەنە شۇنداق پارلاق يېڭى تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدلىك خىياللار بىلەن مېڭىپ، كەچ سائەت سەككىزدىن

ئۆتكەندە، ئاندىن ئۆيگە يېتىپ كەلدى.

بورۇنقى بالا باققۇچى، ھازىرقى قېرى ئايال غوجىدار ئاگافىيەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان چىراغ يورۇقى ئۆينىڭ ئالدىدىكى بىر پارچە يەرنىڭ قارىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تېخى ياتمىغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئۇ ئويغىتىۋەتكەن كۇزما ئۇيقۇلۇق ۋە يالاڭ ئاياغ پېتى ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، لاسكا دەپ ئاتىلىدىغان ئوۋ ئىتىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قاۋاشقا باشلاپ، كۇزمانى يىقىتىۋېتىشكە تاس قېلىپ يېنىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ لېۋىنغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بېشىنى لېۋىننىڭ تىزلىرىغا سۈركەيتتى، ئەتراپىدا سەكرەپ توختىمايتتى، ئالدى ئىككى پۇتىنى لېۋىننىڭ مەيدىسىگە ئېلىشقا تىرىشاتتى، ئەمما جۈرئەت قىلالمايتتى.

— بېگىم، چاپسانلا قايتىپ كەپتىلىغۇ؟ — دېدى ئاگافىيە.

— ئۆينى سېغىندىم، ئاگافىيە، مېھماندا بولۇش ياخشى ئىكەن، لېكىن يەنىلا ئۆز ئۆيۈڭگە يەتمەيدىكەن، — دېدى لېۋىن كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ.

ئېلىپ كىرىلگەن شامدىن كۇتۇپخانا بىردىنلا يورۇپ، كۇتۇپخانىدىكى تونۇش بۇيۇملار: بۇغا مۈڭگۈزلىرى، كىتابلار تىزىلغان تاختىلار، ئۇزاقتىن بېرى تۈزەپ قويۇشنى كۈتۈپ تۇرغان پېچ ئۈستىدىكى ئەينەك، ئاتىسىنىڭ دائىم ئولتۇرىدىغان يوغان ساپاسى، ئۈستەل، ئۈستەل ئۈستىدە ئوچۇق ياتقان كىتاب، سۇنۇق كۈلدان، ئۆزى بىر نەرسىلەرنى يېزىپ كېلىۋاتقان دەپتەر ... ھەممىسى ئېنىق كۆرۈندى. بۇلارنى كۆرگەندە، يولدا كېلىۋېتىپ ئويلىغان يېڭى ھايات توغرىسىدىكى پىكىرلىرى بىردىنلا شۈبھىلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بۇ ئىزلىرى خۇددى ئۇنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭغا: «بولمايدۇ، سەن بىزنى تاشلاپ كېتەلمەيسەن، ئۆزگىچىمۇ ئادەم بولالمايسەن. ئىلگىرىكىگە ئوخشاش گۇمان ـ شۈبھە ئىچىدىلا ئۆتىسەن، ئۆزۈڭنى كايىغىنىڭ كايىغان، ئىشلارنى ئۆزگەرتىمەن دەپ بىكار

ئاۋارە بولىسەن، چۈشكۈنلەشكىنىڭ چۈشكۈنلەشكەن. قولۇڭغا كەلمەيدىغان بەختنى مەڭگۈ ساقلاپ ئۆتمەكتىن باشقا ئامالىڭ يوق» دېيىشىۋاتقاندەك سىزىلەتتى.

ئۇنىڭ ئۇ نەرسىلىرى ئۇنىڭغا شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئىچكى دۇنياسىدا باشقا بىر ئاۋاز: كونىنى ساقلاپ يېتىۋەرمە، گەپ ئۆزۈڭدە، دەپ نىدا قىلاتتى. لېۋىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تېتىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېغىرلىقى ئوتتۇز ئالتە قاداق كېلىدىغان تۆمۈر گىر تاشلىرىنى قويۇپ قويغان بولۇڭغا كېلىپ، گىر تاشلارنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا سىرتتا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، تاشلارنى دەررۇ ئورنىغا قويۇپ قويدى.

غوجىدار كىرىپ، خۇداغا شۈكۈر، ھەممە ئىشلار جايىدا، لېكىن قارا بۇغداي يېڭى قۇرۇتۇش ماشىنىسىدا ئازراق كۆيۈپ كېتىپتۇ، دەپ خەۋەر قىلدى. بۇ خەۋەرگە لېۋىننىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. قۇرۇتۇش ماشىنىسىنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئىجاد قىلىپ ياساپ چىققانىدى. غوجىدار بۇ ماشىنىغا باشتىن تارتىپ قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدى، شۇڭا ئىچىدە خۇشال بولۇپ، قارا بۇغداينىڭ كۆيۈپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ كىرگەنىدى. لېۋىن قارا بۇغداينىڭ كۆيۈپ قېلىشىنى نۇرغۇن قېتىم تەكىتلىگەن چارىلەر بويىچە ئىش كۆرمىگەنلىكتىن بولغان، دەپ ئويلىدى ۋە قاتتىق ئەلەم قىلغاچقىمۇ، غوجىدارنى ئەيىبلەپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا يەنە بىر خۇش خەۋەرمۇ بار ئىدى: كۆرگەزمىدە يۇقىرى باھادا سېتىۋالغان پاۋا دەيدىغان سورتلۇق كالىسى تۇغقانىدى.

— كۇزما، جۇۋامنى ئەكەل. سەن چىقىپ پەنەر تەييارلا، مەن بېرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەي، — دېدى ئۇ غوجىدارغا.

سورتلۇق كالىلارنىڭ ئېغىلى ئۆينىڭ كەينىدىلا ئىدى. لېۋىن ھويلىدىكى سىرېن گۈلىنىڭ تۈۋىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان قار دۆۋىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئېغىلغا باردى. توڭلاپ قالغان ئىشىك ئېچىلغاندا، ئىسسىق چىلىنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا گۈپپىدە

ئۇرۇلدى. يورۇقتا ئۆگەنمىگەن كالىلار پەنەرنىڭ يورۇقىدىن چۆچۈشۈپ، پۇتلىرى ئاستىدىكى ئوت ـ خەشەكلەرنى قالايمىقان دەسسەشكە باشلىدى. گوللاندىيە سىيىرىنىڭ ئاق ـ قارا ئارىلاشقان كۈچلۈك دۈمبىسى پارقىراپ تۇراتتى، بۇرنىدا چۈلۈكى بار «بۈركۈت» ناملىق بۇقا ئىچكىرى بىر يەردە ياتاتتى. ئۇ ئېغىلغا بىركىملەرنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، لېكىن يەنە تۇرغۇسى كەلمىگەندەك، ئىككى قېتىم پۇشقۇرۇپ قويۇپ قوزغالماي يېتىۋەردى. بېگېموتتا ئوخشايدىغان زور قىزىل پاۋا كىرگەنلەردىن موزىيىنى قىزغانغاندەك، ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ ھەدەپ موزايىنى يالاشقا باشلىدى.

لېۋىن ئايرىم ياسالغان ئېغىلغا كىرىپ قىزىل ـ ئالا موزايىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى، موزاي سەندىرەكلەپ ئىنچىكە پۇتلىرىدا ئاران دەسسەپ تۇراتتى. پاۋا ئەنسىرەپ مۆرەشكە باشلىدى، لېۋىن موزايىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويغاندا ئاندىن تىنچىپ ئېغىر بىر تىنىپ قويدى ـ دە، يىرىك تىلى بىلەن بالىسىنى يەنە يالاشقا باشلىدى. موزاي ئەمچەك ئىزدەپ، ئانىسىنىڭ يېلىنىنى تۈمشۇقى بىلەن تۈرتۈپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىشقا باشلىدى.

— پەنەرنى بۇياققا تۇت، فىدور، بۇياققا كەل! — دېدى لېۋىن موزايىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇپ، — ئانىسىنىڭ ئۆزى، رەڭگى ئاتىسىنى تارتىپتۇ. نېمىدېگەن چىرايلىق، بەدىنى ئۇزۇن ھەم تولۇق. ۋاسىلىي، قانداق چىرايلىق ھە؟ — دېدى ئۇ غوجىدارغا. موزاينىڭ خۇشاللىقىدا قارا بۇغداينىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكى بىلەن كەلگەن ئاچچىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— شۇنداق بولمايچۇ. يەنە بىر ئىش، ھۆددىگەر سېمىيون سىز كېتىپ ئەتىسىلا كەلدى. كونستانتىن دمىترىچ، ئۇنىڭ بىلەن باھا توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قويسىڭىز، — دېدى غوجىدار، — قۇرۇتۇش ماشىنىسىنىڭ ئىشىنى سىزگە مەلۇم قىلىپ بولدۇم.

بۇ ئىش لېۋىننى چوڭ ۋە مۇرەككەپ ئىگىلىكنىڭ ئىچىگە

يەنە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ ئېغىلدىن چىقىپ ئۇدۇل ھېسابات ئۆيىگە كىرىپ، غوجىدار ۋە ھۆددىگەر سېمىيون بىلەن بىر پەس پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ، ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

# 27

بۇ كونىچە يوغان ئۆي ئىدى. لېۋىن بۇ ئۆيدە پۈتۈن ئۆينى ئىگىلەپ ئۆزى يالغۇز يېتىپ ـ قوپاتتى، ئۆي چوڭ بولسىمۇ، ئوتنى ئۆچۈرمەي ياقتۇرۇپ تۇراتتى. بۇنداق قىلىش ئەخمەقلىقتەك، ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك ھەم ئۇنىڭ يېڭى پىلانىغا قارىمۇ قارشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆي لېۋىنغا پۈتۈن بىر دۇنيا بولۇپ كۆرۈنەتتى. بۇ ئاتا ـ ئانىلىرى بۇرۇن شۇ يەردە ھايات كەچۈرگەن، شۇ يەردە ئۆلگەن دۇنيا ئىدى. لېۋىننىڭ خىيالىچە، ئۇلارنىڭ شۇ ئۆيدە ئۆتكەن ھاياتى مۇكەممەل ھايات ئىدى، شۇڭا ئۇمۇ ئۆيلەنگەندىن كېيىن خوتۇنى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ئاشۇنداق مۇكەممەل ھايات ئىچىدە ياشىماقچى ئىدى.

لېۋىن ئاپىسىنى ئازراق بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان تەسىرى مۇقەددەس ئەسلىمە بولۇپ قالغانىدى. تەسەۋۋۇرىدىكى خوتۇنى ئاپىسىغا ئوخشاش ۋاپادار، گۈزەل ھەم غايىلىك ئاياللاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئۇ خوتۇن كىشىگە نىكاھلانماي تۇرۇپ مۇھەببەت باغلاشنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى، ئالدى بىلەن ئويلايدىغىنى ئائىلە، ئاندىن ئۆزى بىلەن ئائىلە قۇرماقچى بولغان ئايال ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ توي قىلىشقا بولغان قاراشلىرى كۆپ ساندىكى ئاغىنىلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ئوخشىمايتتى، ئۇلارنىڭ ئويىچە،

توي قىلىش ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى، لېكىن ئۇچۇن بولسا، ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئۆمۈرلۈك بەختى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەڭ چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. لېكىن، ھازىر ئۇ ئاشۇ ئۆمۈرلۈك چوڭ ئىشنى تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى.

ئۇ ئادەتتە چاي ئىچىپ ئولتۇرىدىغان كىچىك مېھمانخانىغا كىرىپ، قولىغا كىتاب ئېلىپ ياتما ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى. ئاگافىيە ئۇنىڭغا چاي ئەكىرىپ بېرىپ، ئادىتى بويىچە: «بېگىم، مەنمۇ ئولتۇراي» دېدى ــ دە، دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئەجەبلىنەرلىكى، شۇ ئارىدا لېۋىن ئۆز خىياللىرىدىن تېخى ۋاز كەچمىگەنلىكىنى ۋە ئۇلارسىز ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. مەيلى ئۇ كىتى بىلەن ياكى باشقىسى بىلەن بىللە ياشىسۇن، ئۇ خىياللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي قالمايدۇ. لېۋىن كىتاب ئوقۇپ، ئوقۇغانلىرىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى، بەزىدە تىنماي سۆزلەۋاتقان ئاگافىيەنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالاتتى. يەنە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، كاللىسىغا دېھقانچىلىق ئىشلىرى، كەلگۈسىدىكى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشلىرى بىر ــ بىرىگە باغلانماي كېلىپ تۇراتتى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە قانداقتۇر بىر نەرسە جايلىشىپ، رەتلىنىپ ۋە قېلىپقا چۈشۈپ تۇرغاندەكمۇ قىلاتتى.

ئۇ ئاگافىيەنىڭ، پروخور خۇدانى ئۇنتۇپ، ئات سېتىۋېلىش ئۈچۈن بەرگەن پۇلىغىزغا ھاراق سېتىۋېلىپ مەستلا يۈردى، خوتۇننى ئۆلگۈدەك ئۇردى، دېگەن گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىدى. ئۇ ئاڭلىغاچ دەم كىتاب ئوقۇيتتى، دەم كىتابتىكى گەپلەر قوزغىغان بىر قاتار پىكىرلەر ئۈستىدە ئويلىناتتى. بۇ تېيندالنىڭ[1] «ئىيىرگىيە ئىلمى» ناملىق كىتابى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېيندالنى تەجرىبىگە ئۇستىلىقى بىلەن ماختىغانلىقىنى، ئۇنىڭدا

① تېيندال (1820 ــ 1893) ــ ئەنگلىيىلىك فىزىكا ئالىمى.

پەلسەپىلىك قاراشلارنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى تەنقىدلىگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. تۇيۇقسىز، كاللىسىغا يەنە: «ئىككى يىلدىن كېيىن مەندە گوللاندىيە كالىسىدىن ئىككىسى بار بولغان بولىدۇ، پاۋامۇ ئۇنىڭغىچە تىرىك تۇرار. ‹بۇركۇت›تىن يەنە بىر قىز تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا ئۇ ئۇچ ئارزۇلۇقلىرىم قوشۇلسا قانداق ئېسىل ئىش بولاتتى ـ ھە !» دەيدىغان خۇشاللىنارلىق بىر خىيال كېلىپ قالدى. لېۋىن كىتابنى يەنە قولىغا ئالدى.

«توغرا، ئېلېكتىر بىلەن ئېنېرگىيە ئىككىسى بىر نەرسە، ئەمما تەڭلىمىنى چىقىرىش ئۇچۇن بىر سانىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى بىر ساننى قويسا بولۇۋەرمەمدۇ؟ ياق، بولمايدۇ. ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ تەبىئەتتىكى بارلىق كۈچلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەبىئىي سېزىم ئارقىلىقمۇ سېزىلىپ تۇرىدۇ ... بولۇپمۇ پاۋادىن تۇغۇلىدىغان موزاينىڭ قىزىل ـ ئالا سېيىر بولۇپ چىقىشى تېخىمۇ قىزىق ئىش بولىدۇ. ئاشۇ ئۇچىنى پادىغا قوشۇۋەتسەك ... قانداق ياخشى ـ ھە ! خوتۇنۇم ئىككىمىز مېھمانلارنى ئېلىپ پادىنىڭ ئالدىغا چىقاتتۇق... خوتۇنۇم: ‹كونستانتىن ئىككىمىز بۇ غۇنجىنىنى خۇددى بالا باققاندەك بېقىپ ئۆستۇرگەن› دەيدۇ. بىر مېھمان قوپۇپ: ‹بۇنىڭ نېمىسى سىزنى شۇنچە قىزىقتۇرىدۇ؟› دەپ سورىسا، خوتۇنۇم: ‹كونستانتىننى قىزىقتۇرغان ھەرقانداق نەرسە مېنىمۇ قىزىقتۇرىدۇ› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىراق، ئۇ زادى كىم بولىدۇ؟» شۇنىڭ بىلەن ئۇ موسكۋادا يۈز بەرگەن ئىشلارنى يەنە ئويلاشقا باشلىدى... «زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ... ئۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك ئەمەس. ئەمدى ھەممىنى يېڭىدىن باشلاش كېرەك. تۇرمۇش يول قويمايدۇ، ئەھۋال يول قويمايدۇ، دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. تۇرمۇشنى چوقۇم تىرىشىپ ياخشى ئۆتكۈزۈش، بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈش كېرەك...» لېۋىن بېشىنى كۆتۈرۈپ خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. لېۋىننىڭ كەلگىنىدىن

بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتكەن قېرى-ئىت خۇشاللىقىنى تېخى تولۇق ئىپادىلەپ بولالمىغانىدى، شۇڭا ھويلىغا چىقىپ بىر نەچچە قېتىم قاۋاپ قويۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتقىنىچە تالانىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئېلىپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، لېۋىننىڭ ئالدىغا كېلىپ، «ئەركىلەت» دېگەندەك قىلىپ يېلىنىپ غىڭشىپ، بېشىنى ئۇنىڭ قوللىرى ئاستىغا تىقتى.

— ئۇنىڭ پەقەت گەپ قىلالمايدىغانلا يېرى بار، — دېدى ئاگافيە، — ئىتتە ئۇ ... شۇنداقتىمۇ خوجايىنىنىڭ كېلىپ غەمكىن ئولتۇرغىنىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقىنىنى قارىمامدىغان.

— مەن نېمىگە غەمكىن ئىكەنمەن؟

— مېنى ھېچنېمىنى بىلمەي ئولتۇرىدۇ، دەپ ئويلامسىز، بېگىم؟ شۇنچە ياشقا كىرگەن تۇرۇپ ھېچنېمىنى بىلمەسلىكىم مۇمكىنمۇ مېنىڭ؟ مەن كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپلا بەگلىرىمنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغانمەن. ھېچقىسى يوق، غوجام، تەن ساق، كۆڭۈل ھالال بولسىلا بولدى.

لېۋىن ئۇنىڭ خىيالىدىكىنى قانداق بىلىۋالغىنىغا ھەيران قېلىپ، ئاگافيەگە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— قانداق، يەنە چاي دەملەپ ئەكىرىپ بېرەيمۇ؟ — ئاگافيە شۇنداق دەپ، لېۋىننىڭ ئالدىدىكى ئىستاكاننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

لاسكا تېخىچىلا بېشىنى لېۋىننىڭ قوللىرى ئاستىغا تىقىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. لېۋىن بېشىنى سىلاپ قويغاندىن كېيىن لېۋىننىڭ ئايىغى ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتتى. ئەمدى ھەممە نەرسە كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك قىلىپ، ئاغزىنى سەل ئېچىپ بىر ـ ئىككى تەمشىپ قويدى ـ دە، يېپىشقاق كالپۇكلىرى بىلەن قېرى چىشلىرىنى يېپىپ ھوزۇرلىنىپ جىمجىت ياتتى. لېۋىن ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇردى.

«مەنمۇ خۇددى شۇنداق، — دېدى ئۇ ئىچىدە، — مەنمۇ شۇنداق ! ھېچ ۋەقەسى يوق ... ئىشلار ئوڭلىنىپ كېتىدۇ.»

# 28

تانسا كىچىلىكى بولۇپ ئەتىسى سەھەردە، ئاننا شۇ كۈنىلا موسكۋادىن يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئېرىگە تېلېگرامما ئەۋەتتى.

— ياق، كەتمىسەم بولمايدۇ، كېتىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ يەڭگىسىگە نېمە ئۈچۈن پىلانىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، تەلەپپۇزىدىن خۇددى قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرى بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك ئالامەت چىقىپ تۇراتتى، — ياق، بۈگۈن مېڭىپ كەتمىسەم بولمايدۇ.

ئوبلونسكىي چۈشلۈك تاماقنى ئۆيدە يېمىدى، ئەمما سىڭلىسىنى ئۈزىتىپ قويۇش ئۈچۈن سائەت يەتتىدە يېتىپ كېلىمەن، دەپ ۋەدە بەردى.

كىتىمۇ كەلمەي، بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ خەت ئەۋەتتى. دوللى بىلەن ئاننا بالىلار ھەم ئىنگلىز ئوقۇتقۇچى ئايال بىلەن بىللە تاماق يېدى، بالىلار چاپسان ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى ياكى بەكمۇ سەزگۈرلۈكىدىنمۇ ۋە ياكى ئاننانىڭ بۈگۈن ئادەتتىكى كۈنلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەي كارى بولمىغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويناشنى توختىتىپ، ئۇنىڭدىن كۆڭۈللىرى سوۋۇغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ كېتىش - كەتمەسلىكى بىلەن كارى بولمىدى. ئاننا ئەتىگەندىن تارتىپ قايتىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولدى، موسكۋادىكى تونۇشلىرىغا خەت يېزىش، ھېساباتلىرىنى رەتلەش، نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇش ئىشلىرىنى قىلدى. دوللىغا ئاننانىڭ كۆڭلى تىنچ ئەمەستەك، كۆڭۈل ئارامسىزلىقىدا قالغاندەك سېزىلدى. دوللىمۇ ئاشۇ خىل روھىي ھالەتلەرنى بېشىدىن

ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، بۇنىڭ سەۋەبسىز ئەمەسلىكىنى، كۆپىنچە ئۆزىگە بولغان نارازىلىقتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. تاماقتىن كېيىن ئاننا كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، دوللىمۇ كەينىدىن كىردى.

— بۈگۈن غەلىتىلا كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دېدى دوللى ئۇنىڭغا.

— مەنمۇ؟ ساڭا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتىمەنمۇ؟ غەلىتە ئەمەسمەن، ئازراق بىئارام بولۇۋاتىمەن. بۇ خىل ئەھۋال مەندە دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. يىغلىغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ. بۇ بىر يارىماس ئادەت، ئەمما تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئاننا ئىلدام ـ ئىلدام سۆزلەپ، ئۇ قىزىرىپ كېتىپ، نەپىس ئىشلەنگەن قول سومكىسىغا بىر نەرسىسىنى سالغان بولۇپ ئېگىشىپ تۇرۇۋالدى، كۆزلىرى ياشقا تولۇپ بۆلەكچىلا پارقىراپ كېتىۋاتاتتى، — مەن بۇياقتا ماڭىدىغان چاغدا پېتېربۇرگدىن زادىلا ئايرىلغۇم كەلمىۋىدى، ئەمدى بۇ يەردىن كەتكۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

ئۇنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان دوللى:

— سەن بۇ يەرگە كېلىپ ساۋابلىق ئىشتىن بىرنى قىلدىڭ، ئاننا، — دېدى.

ئاننا ئۇنىڭغا ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى.

— ئۇنداق دېمە، دوللى، مەن ھېچنېمە قىلغىنىم يوق، قىلالىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن كېلىشىۋالغاندەك مېنى شۇنچىلىك ئەتىۋارلاپ كېتىشلىرىگە ھەيرانمەن، ئۇلار ئاشۇنداق قىلىپ مېنى يامان ئۆگىتىپ قويىدىغان بولدى. مەن نېمە قىلدىم؟ نېمە قىلالىشىم مۇمكىن؟ سېنىڭ يۈرىكىڭدە مېھىر ـ مۇھەببەت تولۇپ تاشقان، شۇڭا باشقىلارنى كەچۈرەلەيسەن ...

— سەن بولمىغان بولساڭ، نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كېتىشىنى خۇدا بىلەتتى. سەن شۇنچىلىك بەختلىك، ئاننا، — دېدى دوللى، — كۆڭلۈڭ شۇنچىلىك يورۇق، شۇنچىلىك كەڭ.

— ئىنگلىزلار ئېيتقاندەك، ھەركىمنىڭ كۆڭلىدە مەخپىيەتلىكى[1] بولىدۇ.
— سېنىڭدە نېمە مەخپىيەتلىك بولسۇن؟ ھەممە ئىشتا ئوچۇق - ئاشكارا تۇرساڭ!
— بار، — دېدى بىردىنلا ئاننا. كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان يېشى توختىغاندىن كېيىن لەۋلىرىنىڭ چۆرىسىدە مۇغەمبەرلەرچە ۋە مەسخىرىلىك بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى.
— ئۇنداق بولسا، سېنىڭ ئۇ مەخپىيىتىڭ كۈلكىلىك بىر مەخپىيەت، ئازابلىق ئەمەس، — دېدى دوللى كۈلكىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ.
— ياق، ئازابلىق. سەن مېنىڭ نېمىشقا ئەتە ماڭماي، بۈگۈن ماڭىدىغان بولۇپ قالغىنىمنى بىلەمسەن؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى دېگىلى بولمايتتى، ئەمما ساڭا دەپ بېرەي، — دېدى ئاننا بىردىنلا ساپاغا ئۆزىنى تاشلاپ. كۆزلىرى دوللىغا تىكىلدى.
دوللى ئاننانىڭ بوينىدىن ئۆتۈپ قۇلاقلىرىغىچە، ھەتتا قاپقارا بۇدۇر چاچلىرىنىڭ تۈۋلىرىگىچە قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.
— شۇنداق، — دېدى ئاننا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — كىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۈگۈن تاماقتا كەلمىگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ مېنى كۈنلەپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ قويدۇم ... تانسىنىڭ ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئەمەس، ئازاب ئېلىپ كېلىشىگە سەۋەب بولدۇم، بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولدى. لېكىن، راستىمنى ئېيتسام، راستىنى ئېيتسام، ئەيىب مەندە ئەمەس، بولسىمۇ ئازلا بار، — ئۇ «ئازلا بار» دېگەن گەپنى ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن كۈچەيتىپ دېدى.
— بۇ گەپنى سەن ستىۋاغا ئوخشاشلا دېدىڭا! — دېدى دوللى كۈلۈپ كېتىپ.

---

[1] بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچە.

ئاننا بۇ گەپتىن سەل رەنجىپ قالدى.

— ياق، ياق، ياق! مەن ستىۋا ئەمەس، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ئۆزۈمدىن قىلچە گۇمان قىلمىغاچقا، ساڭا شۇنداق دەۋاتىمەن.

لېكىن، شۇ سۆزنى ئېيتقان شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ راست گەپ قىلمىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ ئۆزىدىن گۇمان قىلىپلا قالماي، ۋرونسكىينى ئويلىسىمۇ يۈرىكى سېلىپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا بالدۇر قايتماقچى بولۇپ قالغانىدى.

— ھە راست، ستىۋا ماڭا ۋرونسكىي بىلەن مازۇركا ئوينىغانلىقىڭنى سۆزلەپ بەرگەن. يەنە ئۇ ...

— مەن بۇ ئىشنىڭ بۇنچىلىك كۈلكىلىك ئىشقا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەسلىدە مەن ئۇلارنى تېپىشتۇرۇپ قويماقچى بولۇۋىدىم، نەتىجىدە ئويلىمىغانلا ئىش يۈز بەردى. ئېھتىمال، مەن ئىختىيارىمدىن سىرت...

ئاننا قىزىرىپ كېتىپ گېپىدىن توختاپ قالدى.

— بۇنى ئۇلار دەررۇلا سېزىۋالغان گەپ، — دېدى دوللى.

— ئەگەر ئۇ بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن قاتتىق خىجالەتچىلىكتە قالغان بولاتتىم، — دېدى ئاننا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن بۇ ئىشنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، شۇ چاغدا كىتى ماڭا نەپرەتلەنمەيدىغان بولىدۇ.

— لېكىن، ئاننا، ساڭا راست گەپنى قىلسام، مەن كىتىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىنى ئانچە خالىمايمەن. ئەگەر ۋرونسكىي شۇ بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە ساڭا ئاشىق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ توي ئىشىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكىنىمۇ ياخشى.

— يا پەرۋەردىگار، بۇ بىر ئەخمەقلىق! — دېدى ئاننا. ئۇ دوللىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى بىلىۋالغاندەك دېگەن بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خۇش بولغاندەك ۋىللىدە

قىزاردى، — بۇ گەپچە، مەن بۇ يەردىن ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگەن كىتىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ كېتىدىكەنمەن - دە. ئاھ، ئۇ قانداق يېقىملىق قىز! دوللى، بۇ ئىشلارنى ئۆزۈڭ يولغا سالالايسەن، توغرىمۇ؟

دوللى كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. ئۇ ئانىنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئاجىز تەرىپىنىڭ بارلىقى ئۇنىڭغا قىزىقمۇ تۇيۇلدى.

— دۈشمەن دەمسەن؟ ئۇ مۇمكىن ئەمەس!

— مەن سىلەرنى قانداق ياخشى كۆرسەم، سىلەرنىڭمۇ مېنى شۇنداق ياخشى كۆرۈشۈڭلارنى خالايمەن، ھازىر سىلەرنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى ئانا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — ئۇھ، بۈگۈن مەن تېخىمۇ ئەخمەقلىشىپ كېتىۋاتىمەنمۇ، قانداق؟

ئۇ يۈزىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، ئاندىن كىيىنىشكە باشلىدى.

ئوبلونسكىي ئانا خوشلىشىپ ئىشكتىن چىقىدىغان چاغدا يېتىپ كەلدى. ئۇ چىرايى خۇشخۇي، قىزىرىپ كەتكەن، ئاغزىدىن ھاراق پۇرىقى بىلەن تاماكا پۇراپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى.

ئانىنىڭ كەيپىياتى دوللىغىمۇ تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ئانىنى قۇچاقلاپ، سەل ئېسەدىگەندەك قىلىپ:

— بىلىپ قوي، ئانا، سەن ماڭا ئالەمچە ياخشىلىق قىلدىڭ، بۇ ياخشىلىقىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، سېنى ياخشى كۆرىمەن، مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، سەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم.

— نېمىشقا بۇنداق دەيدىغىنىڭنى بىلەلمىدىم، دوللى، — دېدى يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان ئانا دوللىنى سۆيۈپ تۇرۇپ.

— سەن مېنى بۇرۇنمۇ چۈشىنەتتىڭ، ھازىرمۇ چۈشىنىۋاتىسەن. خەير - خوش، سۆيۈملۈك دوستۇم!

# 29

«ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر، قۇتۇلدۇم! — ئۈچىنچى قوڭغۇراق چېلىنغۇچە ۋاگوننىڭ ئىشىكىنى گەۋدىسى بىلەن توسۇپ تۇرغان ئاكىسى ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقاندا، ئاننانىڭ كاللىسىغا دەسلەپتە كەلگىنى شۇ خىيال بولدى. ئۇ ساپادا ئولتۇرغان ئاننۇشكانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، خىرە يورۇقتا ۋاگوننىڭ ئىچىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى، — خۇداغا شۈكۈر، ئەتە سېرىيوژا بىلەن ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچنى كۆرىدىغان بولدۇم، ئەمدى يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تىنچ، خاتىرجەم ياشايمەن.»

ئاننا بىر كۈنلۈك ھاياجاندىن تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، يولدا راھەت مېڭىش ئۈچۈن ناھايىتى ئەپچىل جايلىشىۋالدى. چىرايلىق قوللىرى بىلەن قىزىل سومكىسىنى ئېچىپ - يېپىپ قويدى، ئىچىدىن كىچىك بىر بەل ياستۇقنى ئېلىپ تىزىغا قويۇۋالدى، پۇتىنى بىر ئەپلىك ئوراپ راھەت ئولتۇرۇۋالدى. ئاۋۇ ئاغرىقچان ئايال ئاللىبۇرۇن يېتىپ ئۇخلاپ قالغانىدى، قالغان ئىككى ئايال ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. يەنە بىر سېمىز موماي پۇتىنى مەھكەم ئوراۋېتىپ، ۋاگوننىڭ پارىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن كايىپ قويۇۋاتاتتى. ئاننا ئۇ ئىككى ئايال بىلەن ئازراق پاراڭلىشىپ قويۇپ، پاراڭنىڭ قىزىقى بولمايدىغانلىقىنى پەملىگەندىن كېيىن ئاننۇشكاغا كىچىك بىر پەنەرنى ئالدۇرۇپ ساپانىڭ ئېگىز تۇتقۇچىغا ئاستۇرۇپ قويدى. ئاندىن سومكىسىنى يەنە ئېچىپ، ئىچىدىن قەغەز كېسىدىغان پىچىقى بىلەن ئىنگلىزچە بىر رومانىنى ئالدى. دەسلەپتە رومان ئوقۇشقا كۆڭلى تارتمىدى. باشتا ۋاگوننىڭ ئىچىدىكى ئۆپۈر - تۆپۈرلەر ۋە يولۇچىلارنىڭ ۋاراڭ -

چۈرۈڭلىرى كاشىلا قىلغانىدى، كېيىن پويىز قوزغىلىپ پاراۋوزنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى دىققىتىنى بۆلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ ۋاگوننىڭ سول تەرەپتىكى دېرىزىسىگە ئۇرۇلۇپ تۇرۇشلىرى، ئاندىن جۇۋىسىغا مەھكەم ئورالغان، بەدىنىنىڭ يۇقىرى قىسمى ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن پويىز خىزمەتچىسىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى، ئۇنىڭدىن باشقا، ۋاگوندىكىلەرنىڭ بۈگۈنكى شىۋىرغاننىڭ قاتتىقلىقى توغرۇلۇق قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرى دىققىتىنى ھېلىدىن - ھېلىغا بۆلۈپ تۇردى. ئۈزۈلۈكسىز چىقىۋاتقان ھەر خىل ئاۋازلار، پويىزنىڭ سىلكىنىشلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان جالاق - جۇلۇقلار، ۋاگون دېرىزىلىرىگە تىنىماي ئۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە ئەينەككە يېپىشىۋالغان قارلار، ئۈستىنى قار باسقان پويىز خىزمەتچىسى، بىردەم ئىسسىپ، بىردەم سوۋۇپ تۇرۇۋاتقان پار، ۋاگون سىرتىدىكى گۇڭگا يورۇقلۇقتا غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى، بايىقىلارنىڭ پاراڭلىرى ھېچ تۈگەي دېمەيتتى. ئاننا ئاخىر كىتابنى ئوقۇشقا باشلىدى، ئوقۇغانسېرى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئاننۇشكا پەلەي كىيىۋالغان يوغان قوللىرىدىكى قىزىل خالتىنى تىزى ئۈستىگە قويۇپ مۈگدەپ ئولتۇراتتى، پەلىيىنىڭ بىر يېرى يىرتىلىپ قالغانىدى. ئاننا كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەي، ئوقۇغانلىرىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ ئوقۇيتتى، ئەمما باشقىلارنىڭ كىتابتىكى تۇرمۇشلىرىنى قوغلىشىپ تۇرۇپ ئوقۇشنى تازا خالاپ كەتمەيتتى. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ قىزىقارلىق بولغاچقا، ھامان باشقىلارنىڭكىنى ئۆزىنىڭكىگە يەتمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى. روماندىكى قەھرىمانىنىڭ ئاغرىقنى قانداق كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭمۇ ئاشۇ ئاغرىقلار ياتقان كېسەلخانىدا بوش دەسسەپ يۈرگۈسى كېلەتتى؛ پارلامېنت ئەزاسىنىڭ نۇتۇق سۆزلىگەنلىكىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭمۇ ئاشۇ ئادەمگە ئوخشاش نۇتۇق سۆزلىگۈسى كېلەتتى؛ مېرى خېنىمنىڭ ئات مىنىپ

ئوۋغا چىقىقانلىقىنى، يەڭگىسىنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قورقۇمسىزلىقى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى ئوقۇغاندا، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق ئىشلارنى قىلغۇسى كېلەتتى. لېكىن، بۇنداق ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئامالى بولمىغاچقا، يەنىلا كىچىككىنە قوللىرى بىلەن يالتىراق پىچىقىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، كىتابىنى ئوقۇش بىلەن بولاتتى.

رومانىنىڭ يەنە بىر قەھرىمانى بولغان ئىنگلىز ئىنگلىزلارغا خاس بەختكە ئېرىشىپ گېرتسوگ ئۇنىۋانىغا ۋە يەر ـ ماكانغا ئىگە بولغاندا، ئاننانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئىگە بولغان ئاشۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ كەلگۈسى كەلدى. لېكىن، يەنە بىردىنلا بۇ خىيالىدىن ئۆزىچە نومۇس قىلىپ قالدى. دېمىسىمۇ نومۇس قىلىشى كېرەك ـ دە. «بۇنىڭ نومۇس قىلغۇدەك نېمىسى بار؟ مەن نېمىدەپ نومۇس قىلغۇدەكمەن؟» ئاننا ئاچچىقى كېلىپ ھەم ھەيران بولۇپ ئۆزىدىن ئۆزى سوراپ قويدى. قولىدا پىچىقى چىڭ تۇتۇقلۇق، ساپانىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتابىنى بىر يېنىغا تاشلاپ قويدى، خىيال كەپتىرى موسكۋادا ئۆتكەن كۈنلەر ئۈستىدە توختىماي ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ يەردە ئۆتكەن كۈنلەر شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك مەنىلىك ئىدى. ئۇ قاتناشقان تانسا، ۋرونسكىي ۋە ئۇنىڭ ھېسسىياتقا باي، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان چىرايى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن بارلىق مىنۇتلىرى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى، چىرايىدا نومۇسلىنىشنىڭ ئەسىرىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، ئەسلەپ ئاخىرىغا كەلگەندە نومۇسلىنىپمۇ قالدى ۋە بۇ ھالەت كۈچىيىشكە باشلىدى. ھەر قېتىم ۋرونسكىي يادىغا يەتكەندە، قانداقتۇر بىر ئىچكى ئاۋاز: «ئىللىق، نېمىدېگەن ئىللىق، خۇددى ئوتنىڭ ئۆزى» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتەتتى. ئاننا ساپادا ئولتۇرغان قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. «ئۇنىڭ نېمە يامان يېرى بار؟ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭغا ئۇدۇل قاراشتىن قورقىدىغان نەرسە بار؟ نېمە بوپتۇ؟ مېنىڭ ئۇ ياش ئوفىتسېر بىلەن ئادەتتىكى

دوستلۇقتىن ئېشىپ كەتكەن ياكى ئېشىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان مۇناسىۋىتىم بارمىدى؟» ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئىچىدە سۆزلەپلا كەتتى، سۆزلەپ بولۇپ كىملەرنىدۇر مەنسىتمىگەندەك سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئارقىدىن كىتابنى يەنە قولىغا ئالدى، لېكىن ئوقۇشقا رايى بارمىدى. قەغەز كېسىدىغان پىچىقى بىلەن دېرىزىدىكى نېپىز قىرونى قىرىپ قويدى، ئاندىن پىچاقنىڭ پارقىراق، مۇزدەك يۈزىنى مەڭزىگە يېقىپ ئولتۇرۇپ، نەدىنىدۇر پەيدا بولغان غەلىتە بىر خۇشاللىقتا چۆمگەندەك بولۇپ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈۋېتىشكە تاس قالدى. نېرۋىلىرى خۇددى چىڭ تارتىلغان مۇزىكىنىڭ تارىلىرىدەك تارتىشىپ تۇراتتى، كۆزلىرى بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتاتتى، قوللىرى بىلەن پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرى نېمىشقىدۇر قىچىشىپ توختىمايتتى، كانىيى سىقىلغاندەك بولۇپ دەم ئالالماي قېلىۋاتاتتى. چىراغنىڭ دىرىلدەپ تۇرغان غۇۋا يورۇقىدا ھەممە نەرسە كۆزلىرىگە ئادەتتىن تاشقىرى روشەن كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى. ھەممە نەرسە گۇمانلىق بىلىنەتتى، ھەتتا پويىز ئالدىغا مېڭىۋاتامدۇ، كەينىگە كېتىۋاتامدۇ ياكى قىمىر قىلماي جايىدا تۇرامدۇ، بىلمەيتتى، يېنىدا ئولتۇرغىنى ئاننۇشكامۇ ياكى باشقا بىرىمۇ، شۇنىمۇ ئايرىۋالالمايۋاتاتتى. «ئاۋۇ ساپانىڭ قول قويىدىغان جايىغا ئارتىپ قويۇلغىنى نېمە نەرسە؟ خۇرۇم پەلتومۇ ياكى ياۋايى ھايۋانمۇ؟ بۇ يەردە ئولتۇرغىنى مەنمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ!» روھىدىكى بۇ چالغىشلاردىن ئۇ قورقۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ خىل ھالەتتە بىر خىل تارتىش كۈچى بار ئىدى، ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ياكى ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى سەگىتمەكچى بولۇپ، پۇتىغا ئورىۋالغان يۇڭ ئەدىيالنى ئېلىۋەتتى، مورىسىگە يېپىنچاقلىۋالغان يېپىنچىنى سېلىۋەتتى. ئازراق سەگىگەندەك بولغاندىن كېيىن، تۈگمىلىرى چۈشۈپ قالغان ئۇزۇن پەلتو

كىيىۋالغان بوۋاينىڭ ئوچاقتا ئوت قالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم ھېس قىلدى. ئۇ ئادەم ۋاگونغا كىرىپ تېرمومېتىرغا قاراپ قويدى، ئۇنىڭ كەينىدىن غۇيۇلداپ سوغۇق شامالمۇ بىللە كىرگەنىدى. لېكىن، ئارقىدىنلا يەنە ھەممە نەرسە ئانىناغا غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى... بويى بەكمۇ ئېگىز ئۇ يېزىلىق بوۋاي ھەدەپ تامدىكى بىرنەرسىنى غاجاۋاتقاندەك، ھېلىقى موماينىڭ پۇتلىرى ئۆزىراپ ۋاگونغا بىر كەلگەندەك، يوغان پۇتلىرى يورۇقلۇقنى توسۇۋالغاچقا ۋاگوننىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك، ئارقىدىنلا خۇددى بىر ئادەم پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتقاندەك، قورقۇنچلۇق بىر چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندەك، ئۇنىڭ كەينىدىن كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ كۆچلۈك بىر ئوت پەيدا بولغاندەك، ئاخىرىدا بۇنىڭ ھەممىسىنى غايەت زور بىر تام پەيدا بولۇپ توسۇۋالغاندەك كۆرۈنۈشلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئانىنا ئۆزىنى قانداقتۇر بىر يەرگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى، لېكىن بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئەكسىچە قىزىقارلىق تۇيۇلاتتى. ئۆزىنى پەلتوسىغا مەھكەم ئورىۋالغان، ئۇستۇبېشىنى قار باسقان بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئانىنا ئورنىدىن تۇرۇپ سەل سەگەكلەشكەندەك بولدى ۋە پويىزنىڭ ۋوگزالغا كىرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلغان ئادەم پويىز خىزمەتچىسى ئىدى. ئانىنا ئانىنۇشكاغا يېپىنچىسى بىلەن يۇڭ ياغلىقىنى ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇپ، ئۇ نەرسىلەرگە ئوبدان ئورىنىۋالغاندىن كېيىن ۋاگوننىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.

— نەگە بارىسىز؟ — سورىدى ئانىنۇشكا.

— بىردەم ساپ ھاۋاغا چىقاي، بۇ يەر بەك ئىسسىپ كەتتى.


ئۇ ۋاگوننىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىغا، شىۋىرغان ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئىشىك تالاشتى، بۇ ئانىناغا بەكمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. ئۇ ئاخىر ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا چىقتى.

شىۋىرغان خۇددى ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندەك، ئۇ چىقىشى بىلەن تەڭ خۇشال ۋىژىلداپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ قاچماقچى بولۇۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ يەنە ئېتىلدى. ئاننا ئىشىك تۇتقۇچىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، پەلتوسىنىڭ شىۋىرغان ئېچىۋەتكەن ئالدىنى يېپىۋالغاندىن كېيىن پەسكە چۈشتى. شىۋىرغان ئىشىك ئالدىدا كۈچلۈك بولغىنى بىلەن، سۇپىغا چۈشكەندىن كېيىن پويىزدا توسۇلۇپ قېلىپ ئاجىزلاپ قالغانىدى. ئاننا قار ئارىلاش سوغۇق ھاۋا بىلەن كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى، ۋاگون يېنىدا تۇرۇپ ۋوگزال سۇپىسى ۋە چىراغلار يورۇتۇپ تۇرغان ۋوگزالغا قاراپ تۇردى.

# 30

ۋوگزالنىڭ دوقمۇشىدىن گۇركىرەپ ئۇرغان بوران ۋاگون چاقلىرىنىڭ ئارا - ئارىسىدىن ئۆتۈپ، تۆۋرۈكلەرگە ئۇرۇلۇپ توختىماي ۋىژىلدايتتى. قار ۋاگونلارنى، تۆۋرۈكلەرنى، ئادەملەرنى، كۆزگە چېلىققان ھەممە نەرسىنى بىر يېقىدىن ئۇرۇپ بارغانسېرى كۆمۈۋاتاتتى. شىۋىرغان بىر پەسكە توختاپ قالغاندەك قىلىپ، يەنە بىردىنلا تېخىمۇ كۈچ بىلەن ئۇراتتىكى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ كىشىلەر خۇشال پاراڭلىشىپ، ئۇياق - بۇياققا چېپىشىپ، ۋوگزال سۇپىسىدىكى تاختايلارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ مېڭىپ يۈرۈشەتتى، دەرۋازا توختىماي ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇراتتى. بىر ئادەم ئاننانىڭ ئالدىدىن ئېڭىشىپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئارقىدىنلا بولقىنىڭ چاققا ئۇرۇلغان زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ھەر خىل ئاۋازلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ غەزەپ بىلەن: «تېلېگراممىنى بۇياققا سۇنۇۋەت !» دەپ

ۋارقىرىغان ئاۋازى بوراننىڭ دەھشەتلىك گۈركىرەشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. «بۇياققا كېلىڭلار ! يىگىرمە سەككىزىنچى !» دەپ ۋارقىراۋاتقان ھەر خىل ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇبدان كىيىنگەن، ئۇستۇۋىشى قارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭ يېنىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاغزىلىرىغا تاماكا چىشلىۋالغان ئىككى ئادەممۇ مىڭىپ ئۆتتى. ئاننا تويۇپ نەپەس ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ھاۋانى سۈمۈرۈپ، ئاندىن قولقېپىدىن بىر قولىنى چىقىرىپ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتماقچى، ۋاگوننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاننىڭ ئارىلىقىدا، تۇيۇقسىز ھەربىي پەلتو كىيگەن بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پەنەرنىڭ يورۇقىنى توسۇپ تۇرۇۋالدى. ئاننا بىر قاراپلا ئۇنىڭ ۋرونسكىي ئىكەنلىكىنى بىلدى. ۋرونسكىي بىر قولىنى شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىگە ئاپىرىپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ: «سىزگە بىرەر نەرسە لازىم ئەمەسمۇ؟ مۇمكىن بولسا خىزمىتىڭىزدە بولسام دېيمەن» دېدى. ئاننا خېلىغىچە ئۈنچىقماي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. گەرچە ۋرونسكىي يورۇققا كەينىنى قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاننا ئۇنىڭ چىرايىدىكى، كۆزلىرىدىكى ئىپادىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، بۇ تۈنۈگۈن ئۆزىگە زوقلىنىپ قاراشلىرى ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىشلىرى بىلەن ئۆزىنى ھاياجانغا سالغان چىرايىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى، ھەتتا بايىلا ئۆزىگە، ۋرونسكىينى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان يۈزلەرچە ياشلارنىڭ بىرى، ئۇنى ئويلاپمۇ قويمايمەن، دەپ ئېيتقانىدى. لېكىن، شۇ تۇرقىدا ئۇنى كۆرۈپلا ئاننانى بىر خىل مەغرۇر خۇشاللىق تۇيغۇسى چىرمىۋالغانىدەك بولدى. ئۇنىڭغا ۋرونسكىيدىن بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەنلىكىنى سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، چۈنكى بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئېنىق ئىدى، سورايدىغانلا بولسا، ئۇ: «سىز نەدە بولسىڭىز، مەنمۇ شۇ يەردە بولغىلى كەلدىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى.



— سىزنىڭمۇ مۇشۇ پويىزدا كېتىۋاتقىنىڭىزنى بىلمەپتىمەن. نېمە ئىش بىلەن كېتىۋاتىسىز؟ — سورىدى ئاننا تۇتقۇچقا سوزغان قولىنى پەسكە چۈشۈرۈپ. ئۇنىڭ يۈزىدە خۇشاللىق ۋە جىلۋە قىن - قىنىغا پاتماي چاقناپ كېتىۋاتاتتى.

— نېمە ئىش بىلەن كېتىۋاتىسىز؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ۋرونسكىي ئاننانىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — راستىمنى دېسەم، سىز قەيەردە بولسىڭىز، مەنمۇ شۇ يەردە بولغىلى كېتىۋاتىمەن.

دەل شۇ پەيتتە بوران خۇددى قاتمۇقات توسالغۇلارنى بۆسۈپ كېتىۋاتقاندەك بىردىنلا كۈچىيىپ، ۋاگونلارنىڭ ئۈستىدىكى قارلارنى ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈشكە، نەدىكىدۇر بىر يەردىكى قاڭالترنى جايىدىن يۇلۇپ ئېلىپ داراڭلىتىشقا باشلىدى. ئالدى تەرەپتە پاراۋوزنىڭ گۇدۇكى مۇڭلۇق ۋە غەمكىن چىرقىراپ كەتتى. دەھشەتلىك شىۋىرغان ئاننىغا ئەمدى ئاجايىپ كۆركەم بىر مەنزىرە بولۇپ كۆرۈندى. ۋرونسكىينىڭ ئاننىغا دېگەن بايىقى گېپى دەل ئاننا خالايدىغان، لېكىن يەنە دىلى قورقىدىغان گەپلەر ئىدى. ئاننا جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى، ئەمما ۋرونسكىي ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىچكى دۇنياسىدا كۈرەش بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى.

— ئەگەر بايىقى سۆزۈم سىزنى خاپا قىلىپ قويغان بولسا مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى ۋرونسكىي بەكمۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن.

ئۇ بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك ئەدەپ ۋە شۇنچىلىك قەتئىيەت بىلەن ئېيتتىكى، ئاننا دەرمەھەل جاۋاب بېرەلمەي خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى.

— سىز كېلىشمىگەن گەپلەرنى قىلدىڭىز. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەگەر ياخشى ئادەم بولسىڭىز ئۇ گەپلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، مەنمۇ ئۇنتۇپ كېتىمەن، — دېدى ئاننا ئاخىرىدا.

— سىزنىڭ ھەر بىر سۆزىڭىزنى، ھەربىر ھەرىكىتىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن، ئۇنتۇپ كېتىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ...

— بولدى، بولدى ! — ئاننا ۋارقىراپ كەتتى ۋە ۋرونسكىي تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىشكە ئۇرۇنسىمۇ ئۇنداق قىلالماي، ئاخىر ۋاگون ئىشىكىنىڭ سوغۇق تۇتقۇچىنى تۇتۇپ لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ ۋاگوننىڭ دالىنىغا كىرىپ كەتتى ۋە شۇ يەردە بىردەم توختاپ، ھازىرلا بولغان ئىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئەمما، شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىكى پاراڭنىڭ ئىككىسىنى قورقۇنچلۇق ھالدا يېقىنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى چۈشەندى، چۈشەنگەندىن كېيىن قورقتى ھەم يەنە ئۆزىنى بەختلىكمۇ ھېس قىلدى. بىرنەچچە سېكۇنت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋاگونىغا كىرىپ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئاخشامدىن بېرى ئۆزىنى قىيناپ تۇرۇۋاتقان روھىي جىددىيچىلىك قايتا ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، تېخىمۇ بەك كۈچىيىپ، قايسىدۇر بىر ئىچكى ئەزاسى بۇ جىددىيچىلىككە چىدىماي يېرىلىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تۈن بويى ئۇخلىيالمىدى. ئەمما، پۈتۈن ئوي - پىكرىنى بەند قىلىپ تۇرغان روھىي جىددىيچىلىكلىرى ۋە شېرىن خىياللىرىدا يېقىمسىزلىق ۋە ئۆزىنى خاپا قىلىدىغان نەرسىلەر يوق ئىدى، ئەكسىچە، خۇشال قىلىدىغان، مەستخۇش قىلىدىغان، كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغاندا تالا ئوبدانلا يورۇپ قالغان، پويىزمۇ پېتېربۇرگقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۆيى، ئېرى، ئوغلى، بۈگۈنكى ۋە كېيىنكى كۈنلەرنىڭ خىلمۇخىل ئىشلىرى شۇئان ئۇنىڭ خىيالىنى چىرمىۋالدى.

پويىز پېتېربۇرگ ۋوگزالىغا يېتىپ كېلىپ توختىدى. ئاننا

پويىزدىن چۈشكەندە بىرىنچى بولۇپ ئېرىنىڭ چىرايىنى كۆردى. «ۋاي خۇدايىم، ئۇنىڭ قۇلاقلىرى نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالغان بولغىيدى؟» ئۇ ئېرىنىڭ سوغۇق ۋە جىددىي چىرايىغا، بولۇپمۇ ئاننانى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، يۇمىلاق شىلەپىسىنىڭ ئىككى گىرۋىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يوغان قۇلاقلىرىغا قاراپ شۇنداق ئويلىدى. ئېرى ئاننانى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى، لەۋلىرىدە ئادەتتىكىگە ئوخشاش مەسخىرە ئارىلاش كۈلكە ئويناپ تۇراتتى، ھارغىن يوغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئاننا ئۇنىڭ جاھىل ۋە ھارغىن كۆزلىرىنى كۆرۈپلا، خۇددى ئۇنى باشقىچە كۆرۈنۈشتە كۆرۈشنى كۈتكەندەك، يۈرىكىنى قانداقتۇر كۆڭۈلسىز بىر تۇيغۇ چىممىدە قىلىپ چاقىقاندەك بولدى. بولۇپمۇ ئېرى بىلەن كۆرۈشكەندە پەيدا بولغان ئۆزىدىن ئۆزى نارازى بولۇش تۇيغۇسىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. بۇ ئۇنىڭدا ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆزىگە تونۇش، ئېرى بىلەن بولغان يالغان مۇئامىلىسىدىن پەيدا بولغان تۇيغۇ ئىدى. ئىلگىرى بۇ خىل ھالەتكە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى، بۈگۈن بولسا ئۇنى تونجى قېتىم ئازاب ئىچىدە ھېس قىلىپ يېتىۋاتاتتى.

— كۆردۈڭمۇ، سېنىڭ ئېرىڭ ھازىرمۇ يېڭى توي قىلغان چاغدىكىدەك يەنە شۇنداق ھېسسىياتقا باي، يولۇڭغا تولا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپ كېتەي دېدى، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي سۆزلەيدىغان ئادىتى بويىچە ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن. باشقا بىرى ئاشۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئادەم چوقۇم ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ كەتكەن بولاتتى.

— سېرىيوژانىڭ تېنى ساقمۇ؟ — سورىدى ئاننا.

— مېنىڭ سېنى قىزغىن كۈتۈۋالغىنىمغا بەرگەن سوۋغاڭ مۇشۇمۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، تېنى ساق ...

# 31

شۇ كۈنى كېچىچە ۋرونسكىي ئۇخلىماي چىقتى. گاھ ئالدىغا قاراپ، گاھ كىرگەن - چىققانلارنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈپ جايىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ۋەزمىن قىياپىتى بىلەن تونۇمايدىغان ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ھاياجانغا سالغان بولسا، ھازىر تېخىمۇ مەغرۇر، تېخىمۇ گىدىيىپ كەتكەندەك، كىشىلەرگە خۇددى بىرەر نەرسىگە قاراۋاتقاندەك قارايتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا رايونلۇق سوتتا ئىشلەيدىغان، نېرۋىسى سەل ئىتتىكرەك بىر ياش ئولتۇراتتى، ئۇ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن سەرەڭگە سوراپ باقتى، پاراڭ قىلىپ باقتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ جانسىز نەرسە ئەمەس، تىرىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنى تۈرتۈپمۇ قويدى، لېكىن ۋرونسكىي ئۇنىڭغا خۇددى كۆيۈۋاتقان چىراغقا قاراۋاتقاندەك قىلچە ئىپادىسىز قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. ئاخىر ئۇ ياش ئۇنىڭ بۇ خىل مۇزغا ئوخشاش ئولتۇرغان قىياپىتى ۋە مۇئامىلىسىگە چىدىماي چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.

ۋرونسكىينىڭ كۆزلىرىگە ھېچكىم ۋە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، ئۆزىنى پادىشاھتەك ئويلاپ ئولتۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاننادا ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى تەسىر قالدۇرغانلىقىغا ــــ بۇنىڭغا ھازىرچە تېخى كۆزى يەتمەيتتى، ــــ ئىشەنگەنلىكىدىن ئەمەس، ئەكسىچە ئاننادا ئاغا يېقىپ قالغاندەك قىلغانلىقىدىن ئۆزىنى بەختلىك چاغلاپ ماختىنىپ ئولتۇرغانلىقىدىن ئىدى.

ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ھەتتا ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۆزىنى مۇشۇ كۈنگىچە

چېچىلىپ، ئىسراپ بولۇپ كېلىۋاتقان زېھنىنى بىر يەرگە
يىغىۋاتقاندەك، شۇ تۇپەيلى روھى ئۇرغۇپ يۈكسەك بىر
مەقسەتنىڭ كەينىگە كىرىۋاتقاندەك ئويلايتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۆزىنى بەختلىك چاغلايتتى. ئۇنىڭ ھازىر بىلىدىغىنى بىرلا
ئىش، يەنى ئۇنىڭغا، سىز نەدە بولسىڭىز، مەن شۇ يەردە
بولىمەن، دېگەن بىرلا ئېغىز سۆزى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ
ھاياتنىڭ پۈتۈن بەختىنى، ھاياتنىڭ بىردىنبىر مەنىسىنى ئۇنى
كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇش، دەپ بىلىدىغانلا بولدى.
بولوگوۋو ۋوگزالىدا سۇ ئىچكىلى پويىزدىن چۈشۈپ ئاننانى
كۆرگەندە، بىرىنچى ئېغىز سۆزىدە ئۆزىنىڭ ئاشۇ خىيالىنى
ئىختىيارسىز ھالدا ئانناغا بىلدۈردى. ئۇ ئاننا ئەمدى مېنىڭ
كۆڭلۈمنى چۈشەندى، شۇ تۇرقىدا شۇ سۆزۈمنى ئويلاپ
مېڭىۋاتىدۇ، دەپ شۇنچىلىك خۇشال بولدى. ۋاگونغا قايتىپ
كىرگەندىن كېيىن، ئاننا بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى ھەر خىل
كۆرۈنۈشلەرنى، ئۇنىڭ دېگەن ھەربىر سۆزىنى توختىماي
ئەسلەپ، ئېھتىمالى بولغان كەلگۈسى ھاياتىنىڭ مەنزىرىلىرىنى
كاللىسىدا توختىماي سىزىپ، بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ كەتتى،
ھاياجاندىن يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالايلا دەپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇ پېتېربۇرگقا يېتىپ بېرىپ ۋاگوندىن چىققاندا كېچىنى
ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى خۇددى مۇزدەك سۇدا
يۇيۇنۇپ چىققاندەك تېتىك ھېس قىلدى. ئاننانىڭ چىقىشىنى
كۈتۈپ ئۆزى چۈشكەن ۋاگوننىڭ يېنىدا توختاپ تۇردى. «ئۇنى
يەنە بىر كۆرۈۋالاي، — دېدى ئۇ ئىچىدە ئىختىيارسىز كۈلۈپ
قويۇپ، — ئۇنىڭ يول مېڭىش قىياپەتلىرىنى، جامالىنى كۆرەي،
ئېھتىمال، ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قېلىشىمۇ، كەينىگە
قايرىلىپ پىسىڭىدە بىر كۈلۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.» لېكىن،
ئۇ ئاننانى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئېرىنى كۆردى، ۋوگزال
باشلىقى ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ھۆرمەت بىلەن باشلاپ
كېلىۋاتاتتى. «ھوي، ئۇنىڭ ئېرىغۇ؟» ۋرونسكىي شۇندىلا

ئېرىنىڭ ئانناغا مەڭگۈ باغلانغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندى. بۇرۇن ئاننانىڭ ئېرى بارلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئاساسەن ئىشەنمەيتتى، ھازىر ئۇنى، ئۇنىڭ بېشىنى، مۈرىلىرىنى، قارا ئىشتان كىيگەن پۇتلىرىنى كۆرگەندە، بولۇپمۇ ئاننا ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا كۆرسەتكەندەك، ئاننانىڭ بىلىكىگە قولىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن چاغدا تولۇق ئىشەندى.

ئۇ كارېنىننىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى پېتېربۇرگلۇقلارغا خاس ھالدا پاكىز قىردۇرغان چىرايىنى، تەكەببۇر ۋە تەمەننا ئارىلىشىپ كەلگەن قىياپىتىنى، يۇمىلاق شىلەپىسى ۋە ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ تۇرىدىغان گەۋدىسىنى كۆرگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدى ھەم ئۆزىدە چاڭقاپ كەتكەن ئادەم بۇلاق بېشىغا بېرىپ، ئىت، قوي ياكى چوشقىنىڭ سۇغا بېشىنى تىقىپ سۇنى بۇلغاۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ يىرگەنگەندەك بىر خىل روھىي ھالەت سەزدى. كارېنىن يول ماڭغاندا پۇتىنى سەل سۆرەپ ھەم ساغرىسىنى چايقاپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ بۇ خىل كۆرۈنۈشىمۇ ۋرونسكىينى خېلىلا سەسكەندۈردى. ئۇ ئۆزىچە ئانناغا مۇھەببەت قويۇشقا پەقەت مەنلا ھەقلىق، دەپ ئويلايتتى. ئاننا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى قىياپىتىدە بولۇپ، پۈتۈن تۇرقى ۋرونسكىينىڭ كۆڭلىنى جانلاندۇرماقتا، ۋۇجۇدىنى بەختكە چۆمدۈرمەكتە، روھىنى ئۇرغۇتماقتا ئىدى. ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندىن يۈگۈرۈپ كەلگەن نېمىس چاكارغا نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتىۋېرىشنى بۇيرۇپ، ئۆزى ئاننانىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ دەسلەپكى كۆرۈشۈشىنى كۆردى، ئاننانىڭ ئېرى بىلەن سەل قورۇنۇپ تۇرۇپ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاشىقلارغا خاس نەزىرى بىلەن سېزىۋالدى ۋە: «ياق، ئۇ ئۇنى ياراتمايدۇ، يارىتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

ئۇ ئانناغا ئارقا تەرىپىدىن يېقىنلاشتى ۋە ئاننانىڭ ئۆزىنىڭ

كېلىشۋاتقانلىقىنى سەزگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. ئاننا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئالدىغا قاراپ ئېرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرىۋەردى.
— ئاخشام ياخشى ئۇخلىيالىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئاننا بىلەن ئۇنىڭ ئېرىگە قاراپ سەل ئېگىلىپ تۇرۇپ. كارېنىن ئۇنى ئۆزىگە سالام بەردى دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن، ۋرونسكىي ئۇچۇن كارېنىننىڭ ئۆزىنى تونۇش - تونۇماسلىقى چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى.
— رەھمەت سىزگە، ياخشى ئۇخلىدىم، — دېدى ئاننا جاۋابەن.
ئۇنىڭ چىرايىدىن چارچىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، ئەمما تۇرۇپ تەبەسسۇمىدا، تۇرۇپ كۆزلىرىدە كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئاچچىق كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغان ئاشۇ بىر قارىشىدا قانداقتۇر بىر نۇر چاقنىغاندەك بولۇپ، يەنە ناھايىتى تېزلا ئۆچۈپ قالدى. ۋرونسكىي ئاشۇ قاراشتىن ئۆزىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر بەخت سەزدى. ئاننا ئېرىنىڭ ۋرونسكىينى تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك، ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى. كارېنىن ۋرونسكىينىڭ كىم ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالالماي، ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەردە قاراپ قويدى. ۋرونسكىينىڭ تەمكىنلىكى، مەغرۇرلۇقى كارېنىننىڭ سوغۇق تەكەببۇرلۇقىغا خۇددى تاشقا ئۇرۇلغان چالغىدەك كېلىپ تەگدى.
— گراف ۋرونسكىي، — دېدى ئاننا ئۇنى تونۇشتۇرۇپ.
— ھە! بىز تونۇشساق كېرەك، — دېدى كارېنىن ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىۋېتىپ بىپەرۋالىق بىلەن. ئارقىدىنلا ئانناغا دېدى، — ئۇ تەرەپكە ئاپىسى بىلەن بىللە بېرىپ، بۇياققا بالىسى بىلەن بىللە كەپسەن - دە، — ئۇ ھەربىر سۆزىنى خۇددى پۇل ساناۋاتقاندەك ئالدىرىماي، ئوچۇق قىلدى، — سىز موسكۋادىن دەم ئېلىپ قايتقان بولسىڭىز كېرەك، — ئۇ ۋرونسكىينىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، چاقچاق ئارىلاش خوتۇنىغا، — قانداق،

موسكۋادىن ئايرىلىدىغان چاغدا خېلى كۆپ ياش تۆككەنسىز؟ ــــ دېدى.

ئۇ خوتۇننىغا شۇ گەپنى قىلىش ئارقىلىق ۋرونسكىيغا، ئەمدى بىزنى ئوڭچە قالدۇرۇڭ، دېمەكچى ئىدى. شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ ۋرونسكىيغا بۇرۇلۇپ، قولىدىكى شىلەپىسىنىڭ گىرۋىكىنى بوش قېقىپ قويدى. لېكىن، ۋرونسكىي كەتمىدى، يەنە تېخى ئاننىاغا قاراپ:

ــــ سىلەرنىڭكىگە زىيارەت قىلىپ بېرىش شەرىپىگە ئىگە بولارمەن دەپ ئويلايمەن، ــــ دېدى.

كارېنىن ھارغىن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

ــــ قارشى ئالىمىز، ــــ دېدى كارېنىن سوغۇقلا جاۋاب بېرىپ، ــــ بىز ھەر دۇشەنبە كۈنى مېھمان قوبۇل قىلىمىز، ــــ ئاندىن ۋرونسكىي بىلەن كارى بولماي، خوتۇنىغا، ــــ ساڭا بولغان كۆيۈمچانلىقىمنى بىلدۇرۇشكە يېرىم سائەت ۋاقتىمنىڭ چىققانلىقى ئالەمچە ئىش بولدى، ــــ دېدى چاقچاق ئاھاڭى بىلەن.

ــــ سىز ماڭا بولغان كۆيۈنۈشلىرىڭىزنى بەكمۇ ئاشۇرۇۋېتىۋاتىسىز، ئۇنداق دېسىڭىز مېنى خىجىل قىلىپ قويىدىكەنسىز، ــــ دېدى ئاننا ئېرىگە ئوخشاش چاقچاق ئارىلاش گەپ قىلىپ، شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇ كەينىدىن كېلىۋاتقان ۋرونسكىينىڭ ئاياغ ئاۋازىغا دىققەت قىلىپ ماڭدى. «كۆيۈنۈشلىرىنى ماڭا نېمىگە دەپ بېرىدىكىنا» ئاننا ئىچىدە شۇنداق ئويلاپ، ئارقىدىنلا ئېرىدىن ئۆزى يوق چاغدا سېرىيوژانىڭ قانداق تۇرغانلىقىنى سوراپ كەتتى.

ــــ شۇنداق ياخشى تۇردى. مارلېتتى ئۇنى بەك گەپ ئاڭلايدۇ دەيدۇ ... رەنجىسەڭمۇ بىر گەپنى دەي ... ئۇ سېنى ئېرىڭ سېغىنغانچىلىك سېغىنغىنى يوق. يەنە بىر گەپ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بىر كۈن ئىلگىرى قايتىپ كەلگىنىڭگە يەنە بىر قېتىم «رەھمەت»، دوستۇم. بىزنىڭ «ساماۋارىمىز»مۇ بەك خۇشال بولىدىغان بولدى(ئۇ مەشھۇر گراف لىدىيە خانىمنى ھەممىلا

ئىشقا ھاياجانلىنىپ يۈرىدىغان مىجەزى ئۈچۈن «ساماۋار» دەپ ئاتايتتى). ئۇ سىنى نەچچە قېتىم سوراپ كەتتى. ئەگەر پىسەنتىڭگە خوپ كەلسە، ساڭا مەسلىھەتىم، بۈگۈن ئۇنىڭ يېنىغا بىرىپ كۆرۈشۈپ كەلسەڭ. ئۇ ھەممىلا نىمىگە تەڭ كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرىدىغان مەزلۇم. ھازىر ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بۇياقتا قېلىپ، ئوبلونسكىي ئەر ـ ئايال ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنىڭ غېمىدە يۈرىدۇ.

گراف لىدىيە خانىم ئاننانىڭ ئېرىنىڭ دوستى بولۇپ، پېتېربۇرگدىكى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ بىر دائىرىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئاننا ئېرىنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ دائىرە ئىچىدىكىلەر بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتەتتى.

— مەن ئۇنىڭغا خەت يازغان.

— شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھەممە ئىشنى تەپسىلىي بىلگۈسى بار. بەك چارچاپ كەتمىگەن بولساڭ بىرىپ كەلگىن، دوستۇم. پەيتۇننى كوندراتىي ھەيدەپ بارسۇن، مەن كومىتېتقا باراي. ئەمدى مەن ئۆزۈم يالغۇز تاماق يېمەيدىغان بولدۇم، — دېدى كارېنىن بايىقىدەك چاقچاق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلماي، — ئىشەنسەڭ، مەن سەن بىلەن بىللە يۈرۈپ شۇنچىلىك ئۆگىنىپ كېتىپتىمەنكى...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنىنىڭ قولىنى ئۇزاق قىسىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى غەلىتە بىر خىل كۈلكىسى بىلەن يۆلەپ پەيتۇنغا چىقىرىپ قويدى.

## *32*

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئاننانىڭ ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ ئوغلى يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ

ۋارقىراشلىرىغا قارىماي پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ: «ئاپا ! ئاپا !» دەپ خۇشال ۋارقىراپ كەتتى ۋە ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بوينىغا ئېسىلىۋالدى.

— مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ، ئاپام دەپ، — دېدى ئۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىغا قاراپ چاقنىلداپ سۆزلەپ، — مەن بىلگەن.

ئوغلىمۇ ئانىدادا خۇددى ئېرىنگە ئوخشاش بىر خىل يامانىراق تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويدى. ئۇ ئوغلىنى هازىرقى هالىتىدىنمۇ ياخشى بىر خىل هالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، ئەمما رېئاللىق يەنىلا رېئاللىق، ئۇنى مۇشۇ هالىتىدە ئويلىماي ئامال يوق ئىدى. ئۇنىڭ هازىرقى تۇرقىمۇ ئوماق ئىدى، ئاچ سېرىق بۇدۇر چاچلىرى، كۆپكۆك كۆزلىرى، ئۇزۇن پايپاق ئىچىدىكى ئۇزۇن، تولۇق پۇتلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئاننا يېنىدا تۇرغان ئوغلىنى ئەركىلەتكەن، باشلىرىنى سىلىغان چاغدا ئۆزىدە بىر خىل جىسمانىي راهەت سېزەتتى؛ ئۇنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان مۇلايىم، مېهرىبان كۆزلىرىنى كۆرگەندە، ساددا سوئاللىرىنى ئاڭلىغاندا روهىي ئاراملىققا ئېرىشكەندەك بولاتتى. ئاننا دوللىنىڭ بالىلىرى ئەۋەتكەن سوۋغاتلارنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىۋېتىپ، موسكۋادا تانيە دەيدىغان بىر قىزنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىلا ياخشى ئوقۇپ قالماي، باشقا بالىلارغىمۇ دەرس ئۆگىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— مەن ئۇنىڭغا يەتمەمدىكەنمەن؟ — دېدى سېريوژا.

— سەن مېنىڭ نەزىرىمدە دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى بالا.

— مەن بۇنى بىلىمەن، — دېدى سېريوژا كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاننا ئالدىدىكى قەهۋەنى ئىچىپ بولار ـ بولمايلا خىزمەتكار كىرىپ، گراف لىدىيە ئىۋانوۋنانىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. لىدىيە ئىۋانوۋنا ئېگىز هەم سېمىز، چىرايى سېرىق، ئويچان كۆزلىرى چىرايلىق ئايال ئىدى. ئاننا ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇ بۈگۈن ئۇنىڭ بەدىنىدىكى هەر خىل كەمچىلىكلىرىنى

خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بولدى.

— خوش، ئەزىزىم، زەيتۇن شېخى[1] ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى لىدىيە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن.

— ھەئە، ئىككىسى يارىشىپ قالدى. ئىشلار بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئېغىر ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئاننا جاۋاب بېرىپ، — ئومۇمەن، مېنىڭ يەڭگەم قەتئىي قارارلىق ئايال.

گراف لىدىيە خانىم گەرچە ھەممە نېمىگە قىزىقىدىغان ئايال بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە يەنە ئۆزى قىزىقىدىغان نەرسىلەرگە قولاق سالمايدىغان ئادىتى بار ئىدى، شۇڭا ئاننانىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىپ كەتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، دۇنيادا قايغۇلۇق ئىشلار بىلەن رەزىللىكلەر تولۇپ يېتىپتۇ. بۈگۈن شۇنچىلىك جاپا تارتتىمكى، نېمىسىنى دەي، — دېدى ئۇ.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئاننا كۈلكىسىنى زورغا بېسىپ.

— ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن دەپ بىكارغا ئاۋارە بولۇپ ھېچ ھالىم قالمىدى، بەزىدە شۇنچىلىك بوشىشىپ كېتىمەن. ھەمشىرىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشلىرى (بۇ مېھىر - مۇھەببەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن قۇرۇلغان دىنىي تەشكىلات) ناھايىتى ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭدىكى بەزى ئەپەندىلەر بىلەن بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش تولىمۇ قىيىن ئىكەن، — دېدى گراف لىدىيە خانىم ئامالسىز قالغاندەك مەسخىرىلىك ئاھاڭدا، — ئۇلار بىر ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، ئارقىدىن ئۇنى بۇرمىلايدۇ، كېيىن ئۇ توغرۇلۇق نومۇسسىزلىق بىلەن غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىزنىڭ ئېرىڭىز، يەنە ئىككى - ئۈچ ئادەملا ئۇ ئىشنىڭ

[1] زەيتۇن شېخى تىنچلىقنىڭ سىمۋولى. بۇ يەردە ئۇ ئوبلونسكىي ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويغانلىقىغا قارىتىپ شۇ گەپنى قىلغان.

ئەھمىيىتىنى تولۇق بىلىشىدۇ، قالغانلار بولسا ئىش بۇزارلار. تۈنۈگۈن پراۋدىنىدىن بىر پارچەت خەت تاپشۇرۇۋالدىم ...

پراۋدىن چەت ئەلدە ياشايدىغان پان سلاۋيان ئىدى، گراف لىدىيە خانىم ئۇنىڭ خېتىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بەردى.

ئاندىن يەنە چېركاۋلارنى بىرلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇۋاتقان سۇيىقەست ۋە باشقا كۆڭۈلسىز ئىشلار توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن بىر جەمئىيەتنىڭ مەجلىسىگە ۋە سلاۋيانلار كومىتېتىنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

«ئۇنىڭ شۇ قىلىقلىرى بۇرۇنمۇ بار ئىدى، ئەجەب بىلمەپتىمەنمەن دېسە، — دېدى ئاننا ئىچىدە ئۆزىگە، — بۈگۈن بىر ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغانمۇيا؟ كۈلكىلىك يېرى، مەقسىتى ھىممەت - شەپقەت كۆرسىتىش، ئۆزى خرىستىئان، ئەمما كۆرگەنلا نېمىگە ئاچچىقى كېلىپ، ھەممىلا يەردە ئۆزىگە دۈشمەن كۆپەيتىپ يۈرىدۇ. يەنە تېخى ئۇلارنى خرىستىئان بىلەن ھىممەت - شەپقەت ئىشلىرىنىڭ دۈشمىنى، دەپ بىلىدىغىنى قىزىق.»

گراف لىدىيە خانىم كەتكەندىن كېيىن ئاننانىڭ يەنە بىر دوستى كەلدى، ئۇ مەلۇم بىر ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى، ئۇمۇ ئانناغا شەھەردىكى خىلمۇخىل يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. سائەت ئۈچ بولغاندا كەچلىك تاماققا كېلىشكە ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ئۇمۇ چىقىپ كەتتى. كارېنىن تېخىچە مىنىستىرلىقتا ئىدى. ئاننا يالغۇز قالغاچقا، كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە ئوغلىنىڭ تامىقىنى بېرىش (ئوغلى دائىم ئۆزى يالغۇز تاماق يەيتتى)، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇش، ئۈستەلدە يىغىلىپ قالغان خەت - چەكلەرنى ئوقۇۋېلىش، ئايرىملىرىغا جاۋاب يېزىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىۋالماقچى بولدى.

يولدا كەلگۈچە ئۆزىدە پەيدا بولغان سەۋەبسىز نومۇسلىنىش ۋە ھاياجانلىنىش تۇيغۇلىرى ئەمدى ھازىر پۈتۈنلەي

بېسىلغانىدى. تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئۆگىنىپ قالغان قېلىپىغا كىرىش بىلەن تەڭ، ئۆزىنى يەنە خاتىرجەم، كۆڭلى پۈتۈن سېزىشكە باشلىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈنكى ھالىتىنى ئەسلەپ ھەيران بولدى. «تۈنۈگۈن زادى نېمە ئىش بولدى؟ ھېچنېمە بولغىنى يوق. ۋرونسكىي بەزى ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلدى شۇ، ئەمما گېپى شۇ يەردىلا قالدى، ئۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋابىمنى بەردىم. بۇ ئىشلارنى ئېرىمگە سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ھەم دېگىلىمۇ بولمايدۇ، دېسەم، كىچىك ئىشنى چوڭايتىۋېتىدۇ.» بىر چاغدا، پېتېربۇرگدا ئېرىگە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر يىگىتنىڭ ئۆزىگە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا تاس قالغانلىقىنى دەپ بەرگەندە، ئېرى جاۋاب بېرىپ، بۇنداق ئىشلارغا ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرى ئىچىدە يۈرگەن ھەرقانداق ئايال ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەن ساڭا تولۇق ئىشىنىمەن، كەلسە ـ كەلمەس گۇمانلار بىلەن سېنى ھەم ئۆزۈمنى چۈكتۈرمەيمەن، دېگەنلىكى ئېسىگە كېلىپ: «دېمەك، ئۇنىڭغا ئۇنداق ئىشلارنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. خۇداغا شۈكۈر، ئېيتقۇچىلىك ئىشمۇ بولغىنى يوق» دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى.

# 33

كارېنىن مىنىسترلىقتىن سائەت تۆتتە قايتىپ كېلىپ، ئادىتى بويىچە ئانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ چىقىشقا ۋاقىت چىقىرالماي، كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ ئۆزىنى ساقلاپ ئولتۇرغانلارنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن كاتىپى ئېلىپ كىرگەن بىرنەچچە ھۆججەتكە قول قويدى. تاماق ۋاقتىدا بىرنەچچە مېھمان

كەلدى (كارىنىنلارنىڭ ئۆيىدە ھەمىشە ئىككى ـ ئۈچ ئادەم تاماقتا بىللە بولاتتى). ئۇلار كارىنىننىڭ ياشىنىپ قالغان نەۋرە ئاچىسى، بىر مەھكىمىنىڭ باشلىقى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى، يەنە بىرى كارىنىننىڭ مىنىستىرلىقدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن يەنە بىر يىگىت ئىدى. ئاننا ئۇلارنى كۈتۈش ئۈچۈن مېھمانخانىغا كىردى. توپتوغرا سائەت بەش بولۇپ، برونزىدىن ياسالغان پېتېر I سائىتى بەشنى ئۇرۇپ بولار ـ بولمايلا، كارىنىن قارلىغاچ قۇيرۇقلۇق فراكىنى كىيگەن، مەيدىسىگە قوش ئوردېن تاقىغان، بويىنىغا ئاق گالستۇك چىگكەن ھالدا مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھەربىر مىنۇت ۋاقتى پائالىيەتلەر بىلەن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، تاماقنى يەپ بولۇپ يەنە چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ھەر كۈنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىتقا قاتتىق رىئايە قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. «ئالدىرىما، ھەم تىنماي ئىشلە» دېگەن سۆز ئۇنىڭ شوئارى بولۇپ قالغاندى. ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپ ھەممەيلەن بىلەن باش لىڭشىتىپ كۆرۈشتى، خوتۇنىغا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە ئىلدام مېڭىپ بېرىپ جايىدا ئولتۇردى.

— خەيرىيەت، تەنھا تۇرمۇشۇم ئاخىرلاشتى. سەن بىلمەيسەن، يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش تولىمۇ كۆڭۈلسىز بولىدىكەن (ئۇ «كۆڭۈلسىز بولىدىكەن» دېگەن گەپنى ئالاھىدە تەكىتلەپ قويدى).

غىزا ئۈستىدە ئۇ خوتۇنى بىلەن موسكۋانىڭ گەپلىرىنى قىلىپ، مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن ئوبلونسكىينىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئادەتتىكى گەپلەر بولۇپ، پېتېربۇرگتىكى ئەمەلدارلار سورۇنلىرىدا بولۇۋاتقان ئىشلار، جەمئىيەتتىكى گەپ ـ سۆزلەر ئىدى. تاماقتىن كېيىن مېھمانلار بىلەن بىللە بولۇپ، ئاندىن خوتۇنىنىڭ قولىنى يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قىسىپ قويۇپ، پەيتۇنغا چۈشۈپ كېڭەشكە كەتتى. بۈگۈن كەچتە ئاننا كىنەز تۋېرسكايا خانىمنىڭ ئۆيىگە

بارمىدى ـــــ كىنەز خانىم ئاننانىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى كەچلىك غىزاغا تەكلىپ قىلغانىدى ـــــ ئۇ يەنە تىياتىرخانىدا بىللە تىياتىر كۆرۈش ئۇچۇن مەخسۇس بىر لوژىمۇ ئېلىپ قويغانىدى، ئۇ يەرگىمۇ بارمىدى. بارمىغىنىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى، ئۇ يەرگە كىيىپ بارىمەن دەپ بۇيرۇتقان كىيىمى پۇتمىگەنىدى. مېھمانلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن كىيىملىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ چىقىپ، بىرىنىمۇ يارىماي، ئاچچىقى كېلىپ ئۆلتۈرۈپ كەتتى. ئۇ كىيىمنى ئەرزانىراق تىكتۈرۈپ كىيىشكە چېۋەر بولغاچقا، موسكۋاغا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ئۈچ قۇر كىيىمنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى خەقلەر بىلمەيدىغان قىلىپ تۈزىتىپ بېرىشكە تىككۈچىگە بېرىپ كەتكەنىدى. دېيىشكىنى بويىچە بۇ كىيىملەر ئۈچ كۈن بۇرۇن پۈتۈپ بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئىككىسىنى تىككۈچى قولىغا ئېلىپمۇ قويماپتۇ، پۈتكىنى ئاننا دېگەندەك بولماپتۇ. تىككۈچى ئايال ئۇنىڭغا، مۇشۇ تۈزەتكىنىم ياخشى بولغان، دەپ شۇنچە دېسىمۇ، ئاننا شۇنچىلىك قىزىق قانلىق قىلدىكى، كېيىن ئويلاپ بۇ قىلغىنىغا ئۇيىلىپمۇ قالدى. ئاچچىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، پۈتۈن كەچ ئوغلى بىلەن بىللە بولدى، ئاخىرىدا ئۇنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇنۇپ قويدى، ئاندىن يوتقىنىنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۈگۈن ھېچ يەرگە بارماي كېچىنى ئۆز ئۆيىدە شۇنچە كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگىنىگە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى. پويىزدا ئۇنىڭغا خېلى مۇھىم سېزىلگەن ئەھۋالنىڭ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدىكى ئادەتتىكى ئەرزىمەس ۋەقەلەر ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىنىمۇ، ئۆزگىدىنىمۇ ئۇيىلارلىق ھېچقانداق ئىش ئۆتمىگەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن چۈشەندى. ئاننا ئېرىنى ساقلىغاچ، تام مەشنىڭ ئالدىدا ئىنگلىزچە بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇردى. سائەت توققۇز يېرىمدا ئېرى ئۇرغان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېرى ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ئاخىر كەلدىڭ ! — دېدى ئاننا ئېرىگە قولىنى سوزۇپ.
ئېرى ئاننانىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇپ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— ھەر تەرەپتىن كۆزىتىپ باقسام، بۇ قېتىمقى سەپىرىڭ خېلى ئوڭۇشلۇق بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ خوتۇنىغا.
— راست، ناھايىتى ئوڭۇشلۇق، ياخشى سەپەر بولدى، — دېدى ئاننا جاۋابىنى بېرىپ. ئارقىدىن گراف ۋرونسكايا خانىم بىلەن بىر ۋاگوندا ئولتۇرۇپ بارغانلىقىنى، موسكۋاغا بارغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى، تۆمۈريولدا يۈز بەرگەن ھېلىقى تاسادىپىي ھادىسىنى يېپيېڭىسىگىچە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشتا ئاكىسىغا، كېيىن دوللىغا قانداق ئىچىنغانلىقلىرىنى سۆزلىدى.
— ئۇ سىنىڭ ئاكاڭ بولسىمۇ ئېيتاي، ئۇنداق ئادەمنى كەچۈرمەسلىك كېرەك، دەپ ئويلايمەن، — دېدى كارېنىن جىددىي تەرزدە.
ئاننا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە كۈلۈپ قويدى. بۇ سۆزنى ئېرىنىڭ ئارىدىكى تۇغقانچىلىق مېنىڭ ئادىل پىكىر قىلىشىمغا توسالغۇ بولالمايدۇ، دېگەن ئوي بىلەن دەۋاتقانلىقىنى ئاننا چۈشەندى. ئۇ ئېرىنىڭ بۇ مىجەزىنى بىلەتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى.
— ھەممە ئىشىنىڭ ياخشىلىق بىلەن تۈگىگىنىگە ھەم ئۆزۈڭنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭگە خۇشالمەن، — دېدى ئېرى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — خوش، مېنىڭ كېڭەشتە قوبۇل قىلىنغان يېڭى نىزامنامەم توغرۇلۇق ئۇ يەردىكىلەر نېمە دېيىشىۋېتىپتۇ؟
بۇ نىزامنامە توغرۇلۇق ئاننا ھېچنېمە ئاڭلىمىغانىدى، شۇڭا ئېرى ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك بولغان ئىشقا كۆڭۈل بەرمىگىنى ئۈچۈن سەل خىجالەت بولۇپ قالدى.
— بۇ يەردە ئۇنىڭغا بولغان ئىنكاس بەكمۇ چوڭ بولدى، — دېدى ئېرى مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ.

ئاننا ئېرىنىڭ شۇ ئىش ئارقىلىق قانداقتۇر بىر قىزىقارلىق ئىشنى ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگۈسى بارلىقىنى سېزىپ، گەپ سوراش ئارقىلىق ئېرىنى شۇ ئىشقا تارتتى. ئېرى ئۇ نىزامىنامىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن ئۆزىگە كۆپ ئالقىش ياغدۇرۇلغانلىقىنى مەغرۇر كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

— مەن بەكمۇ، بەكمۇ خۇشال بولدۇم. بۇ ئەھۋال بىزدە شۇ ئىش توغرۇلۇق ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قەتئىي بىر قاراشنىڭ تىكلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

كارېنىن سېرىقماي سالغان ئىككىنچى ئىستاكان چاي بىلەن بولكىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ كۇتۇپخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

— ھېچ ياققا بارماپسەن، زېرىكىپمۇ قالغانسەن؟ — دېدى ئۇ ئانناغا.

— ھە، ياق، — دېدى ئاننا ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، زالدىن ئېرىنى ئىشخانىسىغا ئۇزىتىپ كېتىۋېتىپ، — ھازىر نېمە كىتاب ئوقۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئېرىدىن.

— گېرتسوگ دې لىېلنىڭ «دوزاخ پوئېزىيىسى» نى يېقىندىلا باشلىدىم، — دېدى كارېنىن جاۋاب بېرىپ، — ئۇ تولىمۇ ئېسىل كىتاب.

ئاننا ئامراق ئادىمىنىڭ ئاجىزلىقلىرىغا كۈلۈمسىرەپ قارايدىغان كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئېرىنى قولتۇقلىۋېلىپ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىشىكىگىچە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ ئېرىنىڭ كېچىدە كىتاب ئوقۇمىسا ئۇخلىمايدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى، ھۆكۈمەت خىزمىتى پۈتۈن ۋاقتىنى ئېلىپ كەتسىمۇ، ئىلىم ساھەسىدىكى بارلىق چوڭ ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ھەقىقىي قىزىقىدىغانلىرىنىڭ سىياسىي، پەلسەپە، دىنىي جەھەتتىكى كىتابلار ئىكەنلىكىنىمۇ، سەنئەتكە دائىر كىتابلار بىلەن خۇشى يوقلۇقىنىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، دۇرۇسراقى،

شۇ سەۋەبلىك، كارېنىن سەنئەت ساھەسىدە يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق چوڭ ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇشنى قولدىن بەرمەيتتى ھەم شۇ ھەقتىكى كىتابلارنى ئوقۇپ تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلەتتى. ئاننا ئۇنىڭ سىياسىي، پەلسەپە، دىنىي مەسىلىلەرگە پات ـ پات ھەر خىل گۇمانىي قاراشلاردا بولىدىغانلىقىنى، ئۇلار ئۇستىدە ئىزدىنىدىغانلىقىنى، ئەمما سەنئەت، پوئېزىيە، بولۇپمۇ مۇزىكا توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇستىدە ئېنىق ۋە كەسكىن قاراشلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ شېكىسپىر، رافائېل، بېتخوۋېنلار توغرىسىدا، يېڭى ئېقىمدىكى پوئېزىيە ۋە مۇزىكىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشنى ياخشى كۆرەتتى ھەم ھەر خىل ئەدەبىي ئېقىملارنى ناھايىتى روشەن ھالدا تۈرلەرگە ئايرىپمۇ چىقالايتتى.

— بوپتۇ، سىنى خۇداغا تاپشۇردۇم، — دېدى ئاننا ئىشكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا. كۇتۇپخانىنىڭ ئىچىدىكى كرېسلونىڭ يېنىغا قالپاقلىق شامدان، چوڭ بىر ئىستاكان سۇ قويۇپ قويۇلغانىدى، — مەن موسكۋاغا خەت يېزىۋېتەي.

كارېنىن ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويدى.

«ھەر ھالدا ئۇ تۈز كۆڭۈل، ئاق كۆڭۈل، خىزمىتىدە نەتىجە يارىتىۋاتقان ياخشى ئادەم، — دېدى ئاننا ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ ئىچىدە، خۇددى ئېرىنى ئەيىبلەۋاتقان، ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەيدۇ دەۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئاقلاۋاتقاندەك قىلىپ، — ئەمما، قۇلىقى نېمانچە يوغان، نېمانچە غەلىتە بولۇپ قالغان بولغىيدى! يېڭىلا چېچىنى ياساتقىنى ئۈچۈن كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتامدۇ يا؟»

سائەت ئون ئىككى بولغاندا ئاننا تېخىچە ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ دوللىغا خەت يېزىۋاتاتتى، زالدا بىرىنىڭ ساپما كەش بىلەن ئېغىر چامداپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. كارېنىن يۇز ـ

قولىنى يۆيۈپ بولۇپ، قولتۇقىدا بىر كىتاب، ئاننانىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى.

— ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولدى، ئەمدى ئۇخلايلى، — دېدى ئۇ غەلىتىلا كۈلۈپ قويۇپ، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئاننا ۋرونسكىينىڭ كارىۋىتىغا قارىغان قارىشىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىچىدە: «ئۇنىڭ ئۇنىڭغا ئاشۇنداق قاراشقا نېمە ھەققى بار؟» دەپ ئويلىدى.

ئاننا يېشىنىپ بولۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭ چىرايىدا موسكۋادىكى چېغىدا كۆزلىرى بىلەن تەبەسسۇملىرىدا چاقناپ تۇرغان ئۇ خىل جىلۋىلىنىشلەرنىڭ بىرىمۇ يوق ئىدى، ئەكسىچە، يۈرىكىدىكى شۇ چاغدا يالقۇنلىنىپ تۇرغان ئوتلار ئۆچكەن ياكى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىگە يوشۇرۇنۇۋالغاندەك ئىدى.

# 34

ۋرونسكىي پېتېربۇرگدىن ئايرىلىدىغان چاغدا مورسكايا كوچىسىدىكى يوغان ئۆيىنى دوستى ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشدىشى پېترىتسكىيگە قاراپ تۇرۇشقا تاپشۇرۇپ قويۇپ كەتكەنىدى.

پېترىتسكىي كېلىپ چىققىشى يۇقىرى ئەمەس، باي بولمىغانلىقى ئۈستىگە يەنە نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن، ھەر كۈنى كەچتە مەستلا يۈرىدىغان، تۈرلۈك كۈلكىلىك ھەم بىمەنە ئىشلار ئۈچۈن پات ـ پات نەزەربەندكە ئېلىنىپ تۇرىدىغان پۈرۈچىك ئىدى، ئەمما ئۇنى يولداشلىرى بىلەن باشلىقلىرى ياخشى كۆرەتتى. ۋرونسكىي سائەت ئون بىردىن ئاشقاندا ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، ئىشىك ئالدىدا تونۇش بىر پەيتۇننىڭ

تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باسقاندىن كېيىن ئىچكىرىدىن ئەرلەرنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىنى، خوتۇن كىشىنىڭ بوش گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى، پېترىتسكىينىڭ: «مۇتتەھەملەردىن بولسا كىرگۈزمەيلى!» دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ كانىۋېيىغا ئۆزىنىڭ كەلگىنىنى توغرۇلۇق ئۇلارغا خەۋەر قىلماسلىقنى تاپىلاپ، ئۆزى ئاستا مېڭىپ ئالدىنقى ئۆيگە كىردى. پېترىتسكىينىڭ ئاشنىسى شىلتون بارون خانىم ئۇچىسىدا گۈلنەپشە رەڭ كۆڭلەك، چاچلىرى سۇس سېرىق، يۈزى قىزىرىپ كەتكەن، پارىژ تەلەپپۇزىدا قارلىغاچتەك چاڭىلداپ سۆزلەپ، يۇتۇن ئۆينى بېشىغا كىيگەنىدى، يۇمىلاق ئۈستەل ئالدىدا تۇرۇپ قەھۋە قاينىتىۋاتاتتى. پېترىتسكىي پەلتو بىلەن، كامېرووۋسكىي خىزمەت ئۈستىدىن كەلگەن بولسا كېرەك، ئاتلىق ئەسكەر كىيىمى بىلەن ئولتۇرۇشاتتى.

— ياشاپ كەت، ۋرونسكىي ! — پېترىتسكىي ئورۇندۇقلارنى تاراقلىتىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — بارون خانىم، خوجايىن كەلدى ! ئۇنىڭغا يېڭىدىن قەھۋە دەملەپ كىرىڭ. سېنى بۈگۈن يېتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلىماپتۇق. ئۆيۈڭنىڭ بۇ يېڭى زىنىنتى كۆڭلۈڭگە ياققان بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئۇ بارون خانىمنى كۆرسىتىپ، — سىلەر تونۇشسىلەرغۇ دەيمەن؟

— تونۇشمايچۇ ! — دېدى ۋرونسكىي بارون خانىمنىڭ كىچىككىنە قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ، — ئەلۋەتتە، بىز كونا دوستلاردىن - دە.

— سىز قايتىپ كەپسىز، ئەمدى مەن ماڭاي، — دېدى بارون خانىم، — ھىم، ئەگەر مەن كاشىلا قىلىپ قالسام، ئۇ چاغدا ھازىرلا كەتكىنىم ياخشى.

— تارتىنماڭ، بارون خانىم، بۇ يەرمۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئوخشاش، — دېدى ۋرونسكىي، — ياخشىمۇسەن، كامېرووۋسكىي، — دېدى ئۇ كامېرووۋسكىينىڭ قولىنى سوغۇقلا

قىسىپ قويۇپ.

— سىز مانا مۇشۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلىشنى پەقەتلا بىلمەيسىز، — دېدى بارون خانىم پېترىتسكىيغا قاراپ.

— ئۇنداق ئەمەس. نېمىشقا بىلمەي؟ قاراپ تۇرۇڭ، تاماقتىن كېيىن مەنمۇ شۇنداق چىرايلىق گەپ قىلمايدىغان بولسام.

— ئۇنداق گەپنى تاماقتىن كېيىن قىلسىڭىز مەنىسى بولمايدۇ. سىز كىرىپ يۈز - كۆزىڭىزنى يۇيۇپ چىقىڭ، ئاڭغىچە قەھۋەنى تەييار قىلىپ تۇراي، — دېدى بارون خانىم قايتا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ. ئۇ يېڭى قەھۋە چۆگۈنىنىڭ ۋىنتىسىنى ئاۋايلاپ بۇراپ قويدى، — پىيېر، قەھۋەنى ئېلىپ بېرىڭا، — ئۇ ئۆزىنىڭ پېترىتسكىي بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى قىلچە يوشۇرماي، ئۇنى ئەركىلەتكەندەك «پىيېر» دەپ ئاتىدى، — قەھۋەدىن يەنە ئازراق قوشمىساق بولمايدۇ.

— ئۇنداق قىلسىڭىز قەھۋەنىڭ تەمىنى بۇزۇپ قويىسىز.

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ. ھە راست، خوتۇنىڭىز قېنى؟ — دېدى بارون خانىم ۋرونسكىيغا ئۇنىڭ خىزمەتدىشى بىلەن قىلىشىۋاتقان گېپىنى بۆلۈپ، — بىز سىزنى ئۇلارنىڭ كۈيئوغۇللۇققا تاللىۋېلىشىغا ئۇزىتىپ قويغان ئەمەسمۇ؟ خوتۇنىڭىزنى ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ياق، بارون خانىم، مەن تۇغۇلغاندا سىگان بولۇپ تۇغۇلغانمەن، ئۆلگەندىمۇ سىگان بولۇپ ئۆلۈپ كېتىمەن.

— شۇنداق قىلغىنىڭىزمۇ ياخشى! شۇنداق قىلغىنىڭىزمۇ ياخشى! ئەكېلىڭ، قولىڭىزنى بېرىڭ.

بارون خانىم ۋرونسكىينىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي، چاقچاق ئارىلاش، يېقىندىن بېرى تۇرمۇشىدا نېمە پىلانلارنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى.

— ئۇ مەن بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشكە پەقەتلا ئۇنىمايۋاتىدۇ. ھەي، قانداق قىلسام بولىدىكىن (ئۇ دېگىنى ئۇنىڭ ئېرى ئىدى)؟ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن سوتلىشاي دەۋاتىمەن. ماڭا مۇشۇ

ھەقتە بىر مەسلىھەت بېرەلەرسىزمۇ؟ كامېروۋسكىي، قەھۋەگە قاراڭ، قايناپ كەتتى، قولۇمنىڭ بوش ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ. ئۆزۈمگە تېگىشلىك مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولمىسام بولمايدۇ، شۇڭا سوتقا ئەرز سۇنماقچىمەن. ئۇ مېنى ئۆزىگە سادىق ئەمەس، دەپ گەپ تېپىپتۇ، جاھاندا مۇنداقمۇ يولسىزلىق بولامدۇ، — دېدى ئۇ نەپرەت بىلەن، — شۇنى باھانە قىلىپ مېنىڭ بايلىقىمنى تارتىۋالماقچى ئۇ.

ۋرونسكىي بۇ چىرايلىق ئايالنىڭ كۆڭۈللۈك گەپلىرىنى ھە دەپ بېرىلىپ ئاڭلىدى، ئارىلاپ گەپ قىستۇرۇپ قويدى، راست ـ يالغاندىن بەزى مەسلىھەتلەرنى بەردى. ئومۇمەن، مۇشۇ خىلدىكى ئاياللار بىلەن سۆزلەشكەندە قانداق قىلىدىغان بولسا، شۇ قېلىپىقا كىرىۋالدى. ئۇ ئۆزى ئارىلىشىدىغان پېتېربۇرگ دۇنياسىدىكى بارلىق ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى خىل تىپقا ئايرىيتتى. بىر خىلى، رەزىل، چاكىنا، ئەخمەق، كۆلكىلىك ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار ھەربىر ئەركەك ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى بىلەنلا ياشىشى، قىز بالا ئىپپەتلىك، خوتۇن كىشى نومۇسلۇق، ئەرلەر ئەرلەرگە خاس ھالدا ئىرادىلىك، تەمكىن، بالىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان، نېنىنى تېپىپ يېيەلەيدىغان، قەرزلىرى بولسا تۆلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، دېگەنگە ئوخشاش ئەخمىقانىلىكلەرنى سۆزلەپ تىنمايتتى. بۇلار كونا زاماننىڭ مۇتەئەسسىپلىرى ئىدى. يەنە بىر خىلى، ھەقىقىي ئىنسانلار بولۇپ، ۋرونسكىي ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى شۇ خىلدىكى ئادەملەر ئىدى. ئۇلار سۆلەتلىك، قاملاشقان، باتۇر، ئۈمىدۋار، ھەرقانداق ھەۋەسكە قىزارماي تۇرۇپ بېشىچىلاپ كىرىپ كېتەلەيدىغان، ھەرقانداق ئىشقا ئويۇندەك مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملەر ئىدى.

ۋرونسكىي موسكۋادىن بۇ يەردىكىگە ئوخشىمايدىغان باشقا بىر دۇنيانىڭ خىلمۇخىل تەسىراتلىرى بىلەن قايتىپ كەلگەن ھەم ئۆزىدە يېڭىچە بىر ئۆزگىرىش سەزگەندەك بولغانىدى.

لېكىن، ئۇزاققا بارمايلا، كۈندە كىيىپ يۈرگەن ساپما كەشىنى
يەنە كىيگەندەك، ئىلگىرىكى كۆڭۈللۈك، يېقىملىق دۇنياسىغا
كىرىپ كەتتى.

قەھۋە بەرىبىر تەييار بولمىدى، قايناپ تېشىپ كېتىپ،
قىممەت باھالىق گىلەم بىلەن بارون خانىمنىڭ كىيىمىنى
بۇلغاپ، ھەممىسىنىڭ پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشلىرىگە سەۋەبچى
بولدى.

— ئەمدى سىزگە خوش، قايتىپ بېرىپ يۈز - كۆزىڭىزنى
يۇيۇڭ، بولمىسا دۇرۇس ئادەملەر ئۆتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن
بولغان تازىلىقنى ياخشى كۆرمەسلىكتەك گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، مەندە
يامان تەسىر قالدۇرۇپ قويىسىز. مېنى ئۇنىڭ بوينىغا پىچاق
سۇرۇۋەتسىكەن دەپ ئويلىمايدىغانسىز؟

— شۇنداق قىلىڭ، ئەمما كىچىككىنە قوللىرىڭىز ئۇنىڭ
كالپۇكىغا يېقىنىراق تۇرسۇن، ئۇ چاغدا ئۇ سىزنىڭ قولىڭىزغا
سۆيىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئىشلار تولۇق ھەل بولىدۇ.

— ئەمىسە بىز فرانسۇز تىياتىرخانىسىدا ئۇچرىشايلى، —
بارون خانىم شۇنداق دەپلا، كۆڭلىكىنى شىلدىرلىتىپ مېڭىپ
ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كامېروۋسكىيمۇ ئورنىدىن تۇرغانىدى، ۋرونسكىي ئۇنىڭ
مېڭىشىنى كۈتمەيلا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ قويۇپ
يۇيۇنىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يۇيۇنۇۋاتقاندا، پېترىتسكىي
ئۆزىنىڭ ۋرونسكىي موسكۋاغا كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى
قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، پۇلى تۈگەپ
كېتىپتۇ، دادىسى پۇلمۇ ئەۋەتمەيمەن، قەرزلىرىڭنىمۇ
تۆلىمەيمەن، دەپتۇ. تىككۈچى بىلەن يەنە بىر ئادەم قەرزلىرىڭنى
قايتۇرمىساڭ قامىتىۋېتىمىز، دەپ تەھدىت ساپتۇ. پولك
كوماندىرىمۇ، بۇنداق يامان ئىشلىرىڭ تۈگىمەيدىغان بولسا
قوشۇندىن چېكىندۈرىمىز، دەپتۇ. بارون خانىممۇ ئاچچىق
تۇرۇپتىن بىزار بولغاندەك بىزار بولۇشقا باشلاپتۇ، ئۇنىڭغا دائىم

پۇل بىرىپ تۇراتتىكەن، ئەمدى بەرمەيدىغان بوپتۇ. شۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا يەنە بىر ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنى باشلاپ كېلىپ ۋرونسكىيغا كۆرسەتمەكچى ئىكەنلىكىنى دېدى. ئۇنىڭ گېپىچە، ئۇ ئايال تىرناقتا توختىغۇدەك شەرقلىق چىرايلىق ئايالمىش. «ساڭا راست گەپنى قىلسام، ئۇ بەئەينى قۇل قىز رېبېكانىڭ[1] ئۆزى» دېدى ئۇ. ئۇ يەنە تونۇغۇن ئۆزىنىڭ بىركوشېف بىلەن جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن دۇئېلغا چىقماقچى بولغانلىقىنى، لېكىن دۇئېلدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇ نىيىتىدىن يانغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. قىسقىسى، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى جايىدا، ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بوپتۇ. پېترىتسكىي ئاغىنىسىنىڭ ئۆز ئەھۋالى توغرۇلۇق تەپسىلىيرەك بىرنەرسىگە ئىگە بولۇشنى خالىمىغاندەك، ھەر خىل قىزىقارلىق ئىشلارنى تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەشكە باشلىدى. ۋرونسكىي ئۈچ يىل تۇرۇپ ئۆزىگە شۇنچىلىك تونۇش بولۇپ كەتكەن ئۆيدە پېترىتسكىينىڭ شۇنچە تونۇش نەرسىلەر توغرىسىدىكى گەپلىرىنى تىڭشاپ، پېتېربۇرگدىكى ئۆگىنىپ قالغان غەمسىز تۇرمۇشقا يەنە قايتىپ كەلگەندەك بولدى.

— ئۇ مۇمكىن ئەمەس ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋرونسكىي قىزىرىپ تۇرىدىغان ساغلام بويىنىغا سۇ قۇيۇلۇپ تۇرغان جۇمەكنىڭ پۇتى ئاستىدىكى باشقۇرىدىغان تەپكىسىنى قويۇۋېتىپ، — مۇمكىن ئەمەس ! — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم لورانىڭ فېرتىنگوفنى تاشلاپ مىلېيېفقا تېگىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، — ئۇ ئۇنداق قىلىدىغانغا شۇنچىلىك ئەخمەق، شۇنچىلىك ئۆز بېشىمچى ئايالمۇ؟ بۇزۇلۇكوفچۇ، ئۇ قانداق؟

① رېبېكا — «تەۋرات . ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دىكى ئىنتايىن گۈزەل بىر قۇل قىز.

ــ ها ـ ها، بۇزۇلۇكوف يەنە بىر كۈلكىلىك ئىشنى قىلدى، ئاجايىپ قىزىق ئىش دېگىنە، ــ دېدى پېتىرىتسكىي چاقچاقلاپ سۆزلەپ، ــ سەنمۇ بىلىسەن، ئۇ تانسىغا ئامىراق، ئۇردا تانسىلىرىنىڭ بىرىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەيدىغان ئەمەسمىدى؟ بىر كۈنى ئۇ بىر تانسىغا يېڭىچە بىر شىلەپە كىيىپ بېرىپتۇ. سەن ئۇنداق شىلەپىلەرنى كۆرگەنمۇ؟ ناھايىتى چىرايلىق ھەم يەڭگىل. ئۇ تانسا زالىغا ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا ... توختاپ تۇر، ئاۋۋال گېپىمگە قۇلاق سال.

ــ ھە، ئاڭلاۋاتىمەن، ــ دېدى ۋرونسكىي يۇمشاق لۆڭگە بىلەن بەدىنىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

ــ دەل شۇ چاغدا، پادىشاھنىڭ ئاكىسىنىڭ خانىمى بىر ئەلچى بىلەن كىرىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇلار يېڭى چىققان شىلەپە توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ مېڭىپتىكەن. خانىمنىڭ ئۇ شىلەپىنى ئۇ ئەلچىگە كۆرسەتكۈسى كېلىپ تۇرغان بولسا كېرەك، بىزنىڭ ئۇ قەدىردانىمىز بېشىدا ئاشۇ شىلەپە، ئۇ يەردە تۇرغاندىكەن (پېتىرىتسكىي ئۇنىڭ شىلەپە كىيىپ تۇرغان قىياپىتىنى دوراپ بەردى)، خانىم ئۇنىڭ بېشىدىكى شىلەپىگە كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن شىلەپىسىنى بېرىپ تۇرۇشنى سورىغانىكەن، ئۇ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. كىشىلەر بۇ قانداق گەپ دېيىشىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىنى قىسىپ، باشلىرى بىلەن شەرەت قىلىپ، شىلەپىسىنى بېرىپ تۇرۇشنى بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن، ئۇ يەنىلا بەرمەي قېتىپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ئويلىساڭ ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرەلەيسەن. ھېلىقى ... ئىسمى نېمىدى ... شۇ بېرىپ ئۇنىڭ بېشىدىن شىلەپىنى ئېلىپ خانىمغا بېرىپتۇ. خانىم كۆرۈپ: «مەن سىزگە دېگەن يېڭىچە شىلەپە دەل مۇشۇ !» دەپتۇ. ئاندىن شىلەپىنى ئۆرۈگەنىكەن، ئىچىدىن توكۇرلاپ بىر نەرسىلەر چۈشۈپتۇ، ئۇ بىر دانە نەشپۈت بىلەن بىر چاڭگال كەمپۈت ئىكەن، ھەممىسىنى قوشسا ئىككى قاداق كېلەرمىكىن دەيمەن ... بىزنىڭ ئۇ قەدىردانىمىز ئۇ

نەرسىلەرنى شىلەپىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋاپتىكەن.

ۋرونسكىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، گەپ باشقا تېمىغا يۆتكىلىپ خېلىدىن كېيىن ئۇ ئىش ئېسىگە كېلىپ، يەنە بىر قېتىم رەتلىك، مۇستەھكەم چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ساغلام كۈلكىسى بىلەن ئۇزاقتىن ئۇزاق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ۋرونسكىي بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، چاكىرىنىڭ ياردىمىدە ھەربىي كىيىمنى كىيىپ ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن پولكقا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردىن يېنىپ ئاكىسى بىلەن بېتسىنىڭ ئالدىغا بارماقچى، ئاندىن يەنە بىرنەچچەيلەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمەكچى بولدى. تەلىيىم بولسا شۇ يەرلەرنىڭ بىرەرىدە كارېنىن خانىمنى ئۇچرىتىپ قالارمەن، دېگەن ئارزۇمۇ ئۇنىڭدا يوق ئەمەس ئىدى. پېتېربۇرگ تۇرمۇشىغا ئۆگىنىپ قالغان ئادىتى بويىچە، ئۇ ئەمدى مۇشۇ چىقىپ كەتكىنىچە يېرىم كېچىدە قايتىپ كېلەتتى.

*Anna Karenina*

# ئىككىنچى قىسىم

# 1

قىشنىڭ ئاخىرلىرىدا، شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىدە كىتتىنىڭ كېسىلىگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش پىلانىنى تۈزۈش، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان سالامەتلىكىنى قانداق قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە دوختۇرلارنىڭ كېڭىشى بولدى. كىتتىنىڭ سالامەتلىكى باھار يېقىنلاشقانسېرى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئائىلە دوختۇرى ئۇنىڭغا بېلىق يېغىنى بۇيرۇپ باقتى، ئارقىدىن تۆمۈر ماددىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈمۈش نىترات بېرىپ باقتى، ئەمما ئۈچىلا دورىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. ئاخىر بولماي، ئۇنىڭغا باش باھاردا چەت ئەلگە چىقىپ داۋالانغاچ ساياھەت قىلىپ كېلىشنى ئېيتتى، يەنە تېخى مەشھۇر بىر دوختۇرنى مەسلىھەتكە چاقىرىپمۇ كەلدى. ئۇ دوختۇر يېشى ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۆزى كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ئۇ كېلىپلا بىمارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، گەپ ئارىلىقىدا، قىز بالىلارنىڭ ئۇياتچانلىقى ياۋايىلىق دەۋرىدىن قالغان بىر خىل روھىي ھالەت، قېرىپ كەتمىگەن ئەرلەرنىڭ قىزلارنىڭ تېنىگە يېقىنلىشىشى تەبىئىي ئەھۋال، دەپ زوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭچە، بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىكەن، ھەر كۈنى ئۇ مۇشۇنداق كېسەل كۆرىدىكەن، شۇڭا بۇ ئىشقا بىرەر يامان نىيەت ئارىلاشقان دەپ ئويلىمايدىكەن ھەم ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىكەن. قىزلارنىڭ ئۇياتچانلىقىنى قەدىمكى زاماننىڭ ياۋايىلىقىدىن قالغان ئادەت دېيىشتىن باشقا، يەنە دوختۇرغا قىلىنغان ھاقارەت دەپمۇ بىلىدىكەن.

ئامال يوق، دوختۇرنىڭ دېگىنىگە ماقۇل دېيىشكە توغرا

كەلدى، چۈنكى دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، بىر خىل كىتابلارنى ئوقۇغان، بىر خىل تېببىي ئىلىمنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، بۇ مەشھۇر دوختۇرنى بەزىلەر ياخشى دوختۇر ئەمەس دېيىشسىمۇ، ئەمما كىنەز خانىمنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىدىكىلەر نېمىشقىدۇر ئۇنى دوختۇرلۇق تېخنىكىسى پەۋقۇلئاددە ياخشى، كىتىنىڭ ھاياتىنى پەقەت ئاشۇ دوختۇرلا قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ، دەپ ئويلاشتى. ئۇ دوختۇر نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتقان كىتىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئاندىن قولىنى پاكىز يۇدى. شۇ ئىشلاردىن كېيىن كىنەز بىلەن مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. كىنەزنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈك ئىدى، يۆتىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قىزىنىڭ كېسىلى توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. كىنەز كۆرگەن ـ بىلگىنى كۆپ، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئۆزى ساغلام ئادەم بولغاچقا، تېببىي بىلىملەرگە ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئائىلە بويىچە كىتىنىڭ ئاغرىقىغا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىر شۇ چوڭقۇر چۈشىنەتتى، شۇڭا دوختۇرنىڭ سېھىرۋازلىقىغا ئىچىدە قاتتىق ئاچچىقى كېلەتتى. دوختۇرنىڭ قىزىنىڭ ئاغرىقى توغرىسىدىكى ۋالاقلاشلىرىنى تىڭشاپ تۇرۇپ، ئىچىدە: «قۇرۇقتىن قۇرۇق گەپ سېتىۋاتقىنىنى قارا بۇنىڭ» دەپ ئويلىدى. دوختۇر بۇ قېرى كىنەزگە بولغان كەمسىتىشلىرىنى زورغا بېسىپ، ئۇنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ شۇنچىلىك تۆۋەنلىكىگە تاقەت قىلىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى، بۇ قېرى بىلەن سۆزلىشىشنىڭ بىكار ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۆينىڭ بېشى كىتىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى شۇنىڭ ئالدىدا كۆرسەتمەكچى بولدى. شۇ ئارىدا، كىنەز خانىم ئائىلە دوختۇرىنى باشلاپ مېھمانخانىغا كىرىپ قالدى. كىنەز بۇ كومېدىيىنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك كۈلكىلىك تۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرمەي دېگەن خىيال بىلەن غىپپىدە چىقىپ كەتتى. كىنەز

خانىم نىمە قىلىشىنى بىلمەي ئۆزىنى يوقىتىپلا قويغانىدى، كىتىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلايتتى.
— دوختۇر، قېنى، بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى سىز ھەل قىلىڭ، — دېدى ئۇ، — قانداقلا گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، — ئۇ ئۇنىڭدىن: «ئۇمىد بارمۇ ـ يوق؟» دەپ سورىماقچى ئىدى، لېكىن كالپۇكلىرى تىترەپ كېتىپ ئۇ گەپنى زادىلا ئاغزىدىن چىقىرالمىدى، — خوش، ئەھۋال قانداق، دوختۇر؟
— سەل تەخىر قىلىپ تۇرسىڭىز، كىنەز خانىم، مەن كەسىپدىشىم بىلەن ئازراق مەسلىھەتلىشىۋالسام، ئاندىن سىزگە قانداق پىكىرگە كەلگىنىمنى ئېيتىمەن.
— ئۇنداقتا بىز چىقىپ تۇرايلىمۇ؟
— مەيلىڭىز.
كىنەز خانىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
دوختۇرلار ئوڭچە قالغاندا، ئائىلە دوختۇرى، مەن ئۇ قىزدا تۇبېركۇليوز يېڭى باشلانغانمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم. بىراق ... شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرلىرىنى قورقۇمسىراپ تۇرۇپ بايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مەشھۇر دوختۇر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى ساقلاپ تۇرمايلا ئۆزىنىڭ يوغان ئالتۇن سائىتىگە قاراپ قويدى.
— خوش، — دېدى ئائىلە دوختۇرى، — بىراق ...
ئائىلە دوختۇرى ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ، گېپىنىڭ كەلگەن يېرىدە توختاپ قالدى.
— بىلىشىڭىز كېرەككى، تۇبېركۇليوزنىڭ دەسلەپكى ھالەتلىرىنى بايقاش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. ئۆپكە تېشىلمىگۈچە ھېچقانداق بەلگە بەرمەيدۇ. ئەمما، شۇنىڭدىن گۇمان قىلىشىمىزمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭ بەزى ئىپادىلىرى شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، ئاسانلا ھاياجانلىنىش دېگەنلەر. بۇ يەردىكى مەسىلە، ئەگەر ئۇ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ

ئوزۇقلۇقىنى قاتتىق كۈچەيتىشتە.

— بىراق، سىزمۇ بىلىسىز، بۇ خىل كېسەللىك نېرۋا ۋە روھىي جەھەتتىكى ئامىللاردىنمۇ بولىدۇ، — دېدى ئائىلە دوختۇرى كۈلگەن بويى قورقمايلا گەپ قىستۇرۇپ.

— ئۇ شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى مەشھۇر دوختۇر يەنە بىر قېتىم سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — يائۇز كۆۋرۈكى پۈتۈپتۇمۇ ياكى يەنىلا ئايلىنىپ ئۆتۈش كېرەكمىكەن؟ — سورىدى ئۇ، — ھە، پۈتكەن دەڭ. ئۇنداق بولسا مەن ئۇ يەرگە يىگىرمە مىنۇت ئىچىدىلا يېتىپ بارغۇدەكمەن. خوش، شۇنداق قىلىپ، بايا بىز، مەسىلە ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتىش ھەم نېرۋىلارنى تىنچلاندۇرۇشتا، دېدۇق. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا ئۇ قىزنى ئىككى ياقلىما داۋالاش زۆرۈر.

— چەت ئەلگە چىقىپ داۋالىنىپ كەلسىچۇ؟ — سورىدى ئائىلە دوختۇرى.

— مەن چەت ئەلگە چىقىپ داۋالىنىشقا قارشى. شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، ئەگەر ئۆپكە تۇبېركۇليوزنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولسا ——— بىز تېخى ئۇنداق دەپ دىئاگنوز قويمىدۇق ——— ئۇ چاغدا چەت ئەلگە چىقىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. مۇھىمى، ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتىش كېرەك. ئەمما، ئۇمۇ مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك، بولمىسا بەدەنگە زىيان قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەشھۇر دوختۇر كىتىنى سودا سۈيى بىلەن داۋالاش توغرىسىدىكى پىلانىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق داۋالاشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى سودا سۈيىنىڭ ھەرقانچە ئىچسىمۇ ئادەمگە زىيان قىلماسلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئائىلە دوختۇرى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھۆرمەت ۋە دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى.

— مەن تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش، بولغان ۋەقەلەر يادىغا كېلىۋېرىدىغان شارائىتتىن نېرىراق تۇرغۇزۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىپ كەلسۇنمىكىن دېگەنىدىم،

ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئانىسىنىڭمۇ شۇنداقراق ئويى بار، — دېدى ئۇ.

— ھە! ئۇنداق بولسا بارسۇن. بىراق، نېمىس مەمەدانلىرى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈپ قويمىسىلا بولاتتى... ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىسىمۇ بولمايدۇ... مەيلى، بارسا بارسۇن.

ئۇ سائىتىگە يەنە قاراپ قويدى.

— ھە! ئەمدى ماڭمىسام بولمايدۇ، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

مەشھۇر دوختۇر كىنەز خانىمغا، كېسەلنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ باقاي (پەقەت ھۆرمەت يۈزىدىنلا)، دېدى.

— نېمە! يەنە تەكشۈرەمسىز؟ — دېدى كىنىنىڭ ئاپىسى چۆچۈپ كېتىپ.

— ھە، ياق، بەزى تەپسىلاتلارنى يەنە بىر بىلىپ باقاي دەيمەن، كىنەز خانىم.

— ئۇنداق بولسا مەرھەمەت.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا ئاپىسى ھەمراھ بولۇپ كىتىنىڭ ئۆيىگە كىردى. كىتى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى. ياداپ كەتكەن، ئۇيالغىنىدىن يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى غەلىتىلا پارقىراپ قالغانىدى. دوختۇر كىرگەندە ئۇ تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى، كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇنىڭغا ئۇلار دەۋاتقان ئاغرىقى ۋە بۇ خىل داۋالاشلار خۇددى چېقىلىپ كەتكەن گۈلدانىنى قاداتقانغا ئوخشاش بەكمۇ بىمەنە، بەكمۇ كۈلكىلىك بىلىنىۋاتاتتى، يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا بېرىۋاتقان كۈمىلاچ ھەم ئۇندەك دورىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە ئەھمىيىتى بار؟ لېكىن، ئۇ ئاپىسىنىڭ دىلىنى رەنجىتەلمەيتتى، بولۇپمۇ ئاپىسى ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك دەپ تۇرغاندا تېخىمۇ ئۇنداق قىلالمايتتى.

— كەچۈرۈڭ، خانقىز، ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرسىڭىز، — دېدى مەشھۇر دوختۇر.

دوختۇر ھىجايغان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ

تومۇرىنى تۇتتى، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بىرمۇنچە گەپلەرنى يەنە سورىدى. كىتتى بىرنەچچە ئېغىزلا جاۋاب بېرىپ قويۇپ، بىردىنلا جۇدۇنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، دوختۇر، بۇنداق قىلىشلىرىڭىزنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ گەپلەرنى سىز مەندىن بىرقانچە قېتىم سوراپ بولغان.

مەشھۇر دوختۇر خاپا بولمىدى.

— بۇمۇ بىر خىل كېسەللىكنىڭ ئالامىتى، — دېدى ئۇ كىتتى نېرى كەتكەندىن كېيىن كىنەز خانىمغا، — ئەمدى مېنىڭ ئىشىم تۈگىدى ...

ئۇ كىنەز خانىمنى تولىمۇ ئەقىللىق ئايال چاغلاپ، ئۇنىڭ ئالدىدا خانقىزنىڭ كېسىلىنى ئىلمىي يول بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىغان سودا سۇيى ئىچۈرۈش يولى بىلەن داۋالاش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، چەت ئەلگە چىقىش - چىقماسلىق مەسىلىسىگە كەلگەندە، گويا قىيىن بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك، بىردەم چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، بىرئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارارىنى ئېلان قىلىپ، چەت ئەلگە بارسا بولىدۇ، ئەمما ئۇ يەردىكى چالا دوختۇرلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسەڭلار مەندىن مەسلىھەت ئېلىڭلار، دېدى.

دوختۇر كەتكەندىن كېيىن خۇددى چوڭ بىر خۇشاللىق يۈز بەرگەندەك، ئاپىسى قىن - قىنىغا پاتماي قىزىنىڭ يېنىغا كىردى. كىتىمۇ ئۆزىنى خۇشال بولغانغا سالدى. يېقىندىن بېرى ئۇ يالغاندىن شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— راست دەۋاتىمەن، ئاپا، مەن ناھايىتى ساغلام. ئەگەر سىز چەت ئەلگە چىقىشنى خالىسىڭىز، بوپتۇ، مەنمۇ چىقاي، — دېدى ئۇ بۇ سەپەرگە بەكمۇ قىزىقىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ. ئاندىن سەپەر تەييارلىقلىرى توغرۇلۇق ئازراق گەپمۇ قىلىپ قويدى.

# 2

دوختۇر كەتكەندىن كېيىن دوللى كەلدى. بۇ بۈگۈن دوختۇر كېلىپ كىتىنىڭ كېسىلىنى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، تېخى يېقىندىلا كۆزى يورۇغىنىغا (قىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنە بىر قىز تۇغقانىدى)، بېشىدىكى غەم - قايغۇسىنىڭ تولىلىقىغا قارىماي، ئېمىۋاتقان بوۋىقى بىلەن ئاغرىپ ياتقان قىزىنى تاشلاپ، كىتىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا قانداق قارار بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

— قانداق بولدى؟ — سورىدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا بېشىدىكى شىلەپىسىنىمۇ ئالماي تۇرۇپ، — ھەممىڭلار خۇشال كۆرۈنىسىلەر، شۇنىڭغا قارىغاندا ياخشى خەۋەر بار بولسا كېرەك، شۇنداقمۇ؟

كۆپچىلىك دوختۇرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى، لېكىن دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق ۋە دوختۇرلۇققا ئائىت نەرسىلەرنى ھەم ئۇزاق سۆزلىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئېسىدە قالغىنى چەت ئەلگە چىقىش قارارىلا ئىدى.

دوللى ئىختىيارسىز چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى. ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز سىڭلىسى چەتكە چىقماقچى بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى بولسا كۆڭۈلسىز كېتىۋاتاتتى، ئوبلونسكىي بىلەن ياخشىلىشىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن تازا رازى ئەمەس ئىدى. ئاننا ئەتكەن يوچۇقلار مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى، شۇ يوچۇقلار ھازىرمۇ ئائىلىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىنى بۇزۇپ تۇرۇۋاتاتتى. يېڭى ئەھۋاللار يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ،

ئوبلونسكىي بۇرۇنقىدەكلا ئۆيدە بولمايتتى، خىراجەتكە دائىم پۇل ئۆكسۈپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا يەنە ۋاپاسىزلىق قىلىپ يۈرەمدىكىن، دېگەن ئوي دوللىنى داۋاملىق قىينايتتى، ئەمما بېشىدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزگەن كۆنداشلىق كۈلپىتىدىن قورقۇپ، ئۇ خىياللارنى كاللىسىغا يېقىن يولاتمايتتى، تېخى يېقىندىلا بېشىدىن كەچۈرگەن كۆچلۈك كۆنداشلىقنىڭ ئازابىنى قايتا تارتىشنى خالىمايتتى. ئېرىنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلمىشلىرىنى سەزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئىش ئۇنىڭغا ئەمدى بىرىنچى قېتىمقىدەك ئۇنچىلىك تەسىر قىلىپ كەتمەيتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇنداق ئىش يەنە بايقىلىپ قالسا، پەقەت ئۇنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئائىلە تۇرمۇشىنىلا بۇزۇۋېتەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئەنە شۇنداق ئالداپ ھەم ئېرىنىڭ شۇ خىل ئاجىزلىقلىرى ئۈچۈن ئۇنى كۆزگە ئىلماي يۈرەتتى، ئەمما تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايدىغىنى يەنىلا ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ چوڭ ئائىلىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرى ئۇنى زادىلا ئارامىدا قويمايتتى. بەزىدە بوۋاقنى تويغۇزالمايتتى، بەزىدە ئىنىكئانا كېتىپ قالاتتى، بەزىدە بالىلىرىنىڭ بىرەي ئاغرىپ قالاتتى.

— بالىلىرىڭ قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئانىسى ئۇنىڭدىن.

— ئۇھ! ئاپا، ئۆزۈڭنىڭ غېمىمۇ يېتىپ ئېشىۋاتىدۇغۇ، مەندىن غەم قىلمىساڭچۇ. لىلى ئاغرىپ قېلىۋىدى، سكارلاتىنا بولۇپ قالدىمىكىن دەپ قورقۇپ جېنىم چىقتى. شۇ ئارىلىقتا كىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقاي دەپ ئالدىراپ كېلىشىم. ئەگەر لىلى شۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغان بولسا — خۇدا كۆرسەتمىسۇن ئۇ كېسەلنى — ئۆيدىن تالاغا چىقماي ئولتۇرغان بولاتتىم.

قېرى كىنەز دوختۇر كەتكەندىن كېيىن ئىشخانىسىدىن چىقتى ۋە دوللىنىڭ سۆيۈپ قويۇشى ئۈچۈن مەڭزىلىرىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭدىن ئىككى ئېغىز ئەھۋال

سورىۋەتكەندىن كېيىن، خوتۇنىدىن:

— قانداق قارارغا كەلدىڭلار؟ چەت ئەلگە چىقىپ كەلمەكچىمۇ؟ سىلەر كەتسەڭلار مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى ئويلاشتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سەن ئۆيدە قالساڭمىكىن دەيمەن، ئالېكساندر، — دېدى خوتۇنى.

— ئىختىيارىڭلار.

— ئاپا، دادام بىز بىلەن بىللە بارسا نېمە بولىدۇ؟ — دېدى كىتى، — بىز بىلەن بىللە بارسا دادامغىمۇ، بىزگىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى.

قېرى كىنەز ئورنىدىن تۇرۇپ قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، كىتى بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى زورلاپ دېگۈدەك دادىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ دادىسىنى ئۆزى توغرۇلۇق ئاز گەپ قىلسىمۇ، مېنى ھەممىسىدىن ياخشى چۈشىنىدۇغۇ، دەپ بىلەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ بالىلارنىڭ كەنجىسى بولغاچقا، دادىسى ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ماڭا بولغان مۇھەببىتى ئۇنى مېنىڭ ئىشلىرىمغا قارىتا شۇنچىلىك سەزگۈرلەشتۈرۈۋەتكەن، دەپ ئويلايتتى كىتى. ھازىر دادىسىنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان مېھرىبان كۆك كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىچىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇرغان دەردىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇۋاتقاندەك بىر خىل ھالەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قىزىرىپ كېتىپ، مېنى سۆيۈپ قويىدۇغۇ، دەپ ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەنىدى، دادىسى سۆيمەي، چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ ياسىما چاچلارمۇ بىر ئەخمەقلىق ـ دە. ئادەمنىڭ قولى ئۆز قىزىنىڭ چېچىغا بارماي، ئۆلۈك ياتقان مومايلارنىڭ چېچىنى سىلىغاندەك بولىدۇ. خوش، دوللى، — دېدى ئۇ دوللىغا قاراپ، — سېنىڭ ھېلىقى بەگزادەڭ نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟

— ھېچ ئىش، دادا، — دەپ جاۋاب بەردى دوللى دادىسىنىڭ

ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، — كۈندە دېگۈدەك ئۆيدە يوق، سايىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ، — دوللى ئىختىيارسىز سوغۇق بىر كۈلۈپ قويدى.

— نېمە، ئورمانىنى سېتىپ كەلگىلى يېزىغا ماڭمىدىمۇ تېخى؟

— ماڭمىدى، تەييارلىقى پۈتمەپتۇمىش.

— ھە، مۇنداق دېگىن! — دېدى كىتىز، — ئۇنداق بولسا مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە بارىدىغان بولدۇم ـ دە؟ سېنىڭ بۇيرۇقۇڭغا بويسۇنىمەن، — دېدى ئۇ ساپادا ئولتۇرۇۋېتىپ خوتۇنىغا، — سەنچۇ، كىتى، — دېدى ئۇ كىچىك قىزىغا قاراپ، — كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن ئەتىگەندە ئورنۇڭدىن تۇرۇپلا: «مەن پۈتۈنلەي ساقايدىم، شۇنچىلىك خۇشالمەن، ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا دادام بىلەن قار كېچىپ دالانى ئايلىنىپ كېلىمىز» دەيسەن، شۇنداقمۇ، ھە؟

دادىسىنىڭ گېپى ناھايىتى ئاددىي گەپتەك قىلغىنى بىلەن، ئۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا كىتى خۇددى گۇناھى ئېچىۋېتىلگەن جىنايەتچىدەك ھودۇقۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى. «دادام ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ، بىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا، ئۆياتقا قالغان بولساڭمۇ ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشىڭ كېرەك، دېمەكچى.» ئۇ ئۆزىدە دادىسىنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋاب بەرگۈدەك جۇرئەت پەيدا قىلالمىدى، ئۇ جۇرئەتنى تاپقۇچە پاڭگىدە يىغلىۋېتىپ، يۈگۈرۈپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— قارا، قىلىۋاتقان چاقچىقىڭىزنى، — دېدى كىنەز خانىم ئېرىنى ئەيىبلەپ، — سىز ھەمىشە ... — شۇ گەپلەر بىلەن ئۇ ئېرىنى بىرمۇنچە ئەيىبلەپ كەتتى.

كىنەز خوتۇنىنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە بىر ئېغىز جاۋاب ياندۇرماي ئولتۇردى، چىرايى بارغانسېرى تۈتۈلۈپ كەتتى.

— بىچارە قىزىمنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم، يۈرىكى پۈچىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. سەن بولساڭ ئۇ ئىشنى ئازراقلا ئەسلىتىدىغان گەپنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىگە پاتىدىغانلىقىنى

چۈشەنمەيسەن. ئادەملەرنىڭ قانداقلىقىنى پەرق قىلالمايمۇ قالىدىكىنە ئادەم، — دېدى كىنەز خانىم. دوللى بىلەن كىنەز ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە قاراپ ۋرونسكىينى دەۋاتقانلىقىنى دەررۇ چۈشەندى، — مەن ئاشۇنداق قارانىيەت، رەزىل ئادەملەرنى جازالايدىغان قانۇننىڭ يوقلۇقىغا ھەيرانمەن.

— بۇنداق گەپنى ئاڭلىغۇمۇ كەلمەيدۇ مېنىڭ، — دېدى كىنەز ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ مېڭىپ. لېكىن، ئىشىكنىڭ تۈۋىگە بارغاندا بىردىنلا توختاپ قالدى، — قانۇن بار، ئانام. سەن ئاغزىمنى ئاچتىڭ، ئەمدى ساڭا دەپ قوياي، بۇنىڭ ھەممىسىگە سەن، پەقەت سەنلا سەۋەبچى، بۇ ئىشنى سەن كەلتۈرۈپ چىقاردىڭ. ئۇنداق ئالدامچىلارنى جازالايدىغان قانۇن بۇرۇندىن بار ئىدى، ھازىرمۇ بار. ئەگەر ئاشۇ بولمىغۇر ئىش بولمىغان بولسا ئىدى، مەن قېرى بولسامۇ ئۇ كۆرەڭ شاللاقنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويغان بولاتتىم. ئەمدى ئاشۇ چالا دوختۇرلارنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنى داۋالىتىۋېلىشىسلا.

كىنەزنىڭ يەنە خېلى گەپلەرنى قىلغۇسى بار ئىدى، لېكىن كىنەز خانىم ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئۇرانىغا قاراپلا، چوڭ ئىشلارغا يولۇققان چاغلىرىدىكى ئادىتى بويىچە دەررۇ پەسكويغا چۈشۈپ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى.

— ئالېكساندر، ئالېكساندر، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ ۋە ئۇنىڭ قېشىغا كېتىۋېتىپ بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

كىنەز خانىمنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ كىنەز جىمىپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بولدى ! بولدى ! ساڭىمۇ ئېغىر، بۇنى مەنمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئىلاج قانچە؟ بۇ ئۇنچىلا زارلاپ كەتكۈدەكمۇ ئىش ئەمەس. خۇدانىڭ ھىممىتى كەڭرى ... خۇداغا مىڭ رەھمەت ... — دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزى بىلمەيتتى. بىر چاغدا كىنەز خانىمنىڭ يېشىنى تۆكۈپ تۇرۇپ

قولىغا سۆيگەنلىكىنى سېزىپ، ئۇمۇ جاۋابەن سۆيۈپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بايا كىتى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەندە، دوللى ئانىلىق ۋە ئائىلە ئاياللىق ئادىتى بويىچە، ئەمدى خوتۇن كىشىنىڭ ئاربىلىشىدىغان پەيتى كەلگەنلىكىنى سېزىپ، شىلەپىسىنى بېشىدىن ئالدى ــ دە، يەڭنى تۈرۈپ، ئىش باشلاشقا روھىي جەھەتتە تەييارلاندى. ئاپىسى دادىسىدىن يامانلىغان چاغدا، ئۇ قىزلىق ئورنىدا تۇرۇپ ئاپىسىغا نەسىھەت قىلغان، كىنەزنىڭ غەزىپى تاشقاندا گەپ قىلماي جىم ئولتۇرغان، ئاپىسى ئۇچۇن ئۇيالغان، دادىسى ئاچچىقى تېز يېنىپ بۇرۇنقى مېھرىبانلىقىغا يانغاندا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھۆرمىتى ئاشقانىدى. ئۇ دادىسى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا، تۇتۇش قىلماقچى بولغان بىرىنچى چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، كىتىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولدى.

ــــ ئاپا، مەن سىزگە بىر ئىشنى خېلى بۇرۇنلا دېيىشنى ئويلىغان. لېۋىننىڭ ئۆتكەندە كىتىگە تەكلىپ قويماقچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتىڭىزمۇ؟ لېۋىن بۇ خىيالىنى ستىۋاغا دېگەنىكەن.

ــــ ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەن گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم ...

ــــ كىتى ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانمىدى؟ ... ئۇ سىزگە بۇ ئىشنى دېمىگەنمۇ؟

ــــ ياق. ئۇنىڭ توغرۇلۇقمۇ، بۇنىڭ توغرۇلۇقمۇ ھېچنېمە دېمىگەن. ئۇ ئارتۇقچە مەغرۇر قىز. لېكىن، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇنىڭدىن ...

ــــ ئۇ شۇنداق. ئۆزىڭىز ئۆيلاپ كۆرۈڭ، ئۇ لېۋىننىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلغان. مېنىڭ خىيالىمچە، ئۇ ئاشۇنى دېمىگەن بولسا لېۋىننى ھەرگىز رەت قىلمايتتى ... كېيىن ئۇ كىتىنى قاتتىق ئالداپ كەتتى.

كىنەز خانىم قىزىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ خىجالەتتە ئىدى، ئۇ

ئىشنى ئويلىسىلا ئاچچىقى كېلىپ بوغۇلۇپلا قالاتتى.

— ھىم، مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەي قالدىم. بۇ زاماندا قىزلار ئۆزىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، ئاپىسىغا ھېچنېمە دېمەيدۇ، ئاخىرىغا كەلگەندە ...

— ئاپا، مەن كىتىنىڭ يېنىغا كىرەي.

— كىرىۋەر، مەن ساڭا كىرمە دەيتتىممۇ؟ — دېدى ئاپىسى.

# 3

دوللى كىتىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپلا — بۇ ھەممە نەرسىسى قىزغۇچ رەڭدىكى چىرايلىق ئىشكاپ تەكچىلىرىگە قەدىمىي ساكسون فارفور قاچىلىرى، قونچاقلار تىزىپ قويۇلغان، كىتىنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرىكى ياش، خۇشچاقچاق، مەڭزىلىرى قىزىرىپ تۇرىدىغان ھالىتىگە ئوخشايدىغان ئۆي ئىدى — بۇلتۇر ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ بۇ ھۇجرىنى قانچىلىك كۆڭۈللۈك، قانچىلىك مېھىرلىرى بىلەن ياسىغانلىقلىرىنى ئەسلىدى. ئىشىككە يېقىن تۇرغان بىر پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، گىلەمنىڭ بىر بۇرجىكىدىن كۆزلىرىنى ئالماي خىيال سۇرۇپ ئولتۇرغان كىتىنى كۆرۈپ، دوللىنىڭ يۈرىكى بىردىنلا توختاپ قالغاندەك بولدى. كىتى ھەدىسىگە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى، چىرايىدىكى سوغۇق ۋە جىددىي قىياپەت قىلچە ئۆزگەرمىدى.

— مەن بۇ ئۆيدىن ئەمدى كەتسەم ئۇزاققىچە كېلەلمەسلىكىم، ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇپ ھېچقاياققا بارالماسلىقىم مۇمكىن، سېنىڭمۇ مېنى يوقلاپ بېرىشىڭ ناتايىن، — دېدى دوللى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — شۇڭا، سېنىڭ بىلەن ئازراق پاراڭلىشىۋالاي دېدىم.

— نېمە توغرۇلۇق؟ — كىتى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ

ئالدىراپ سورىدى.

— نېمە توغرۇلۇق بولاتتى، سېنىڭ دەردىڭ توغرۇلۇق بولمامدۇ.

— مېنىڭ ھېچقانداق دەردىم يوق.

— قويساڭچۇ، كىتى، مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ھەممىنى بىلىمەن. گېپىمگە قۇلاق سال. بۇ ئەرزىمەس بىر ئىشلار ... ئۇنداق ئىش ھەممىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن.

كىتى گەپ قىلمىدى، ئەمما چىرايى تېخىمۇ جىددىي تۈس ئالدى.

— ئۇ سېنىڭ شۇنچىلا ھەسرەت چېكىشىڭگە ئەرزىمەيدۇ، — دېدى دوللى گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ.

— راست دەيسەن، ئەمما ئۇ مېنى كۆزگە ئىلمىدى، — دېدى كىتى تىترىگەن ئاۋازى بىلەن، — ئەمدى ئۇ گەپنى قىلما، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇ گەپنى قىلمىغىن.

— كىم ساڭا ئۇ گەپنى قىلدى؟ ھېچكىم قىلغىنى يوق. ئۇ سېنى بۇرۇنمۇ ياخشى كۆرگەن، ھازىرمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدۇ. بىراق ...

— مەن مۇشۇنداق ئىچ ئاغرىتىشلارغا چىداپ تۇرالمايمەن، — كىتى بىردىنلا ئاچچىقى كېلىپ توۋلاپ كەتتى ۋە قىزىرىپ كېتىپ ھەدىسىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. بارماقلىرى توختىماي تىترەپ، بەلبېغىنىڭ تۈگمىسىنى بىردەم بۇ قولى بىلەن، بىردەم ئۇ قولى بىلەن مىجىپ كېتىۋاتاتتى. دوللى سىڭلىسىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە كۆرۈنگەن نەرسىنى قوللىرى بىلەن مىجىپ كېتىدىغانلىقىنى، ھېچنېمە كۆزىگە كۆرۈنمەي نۇرغۇن ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدىيۇ، لېكىن كېچىكىپ قالدى.

— نېمە، نېمە! سەن مېنى قانداق خىياللاردا بولسۇن دەيسەن؟ — دېدى كىتى ئالدىراپ سۆزلەپ، — سەن مېنى كۆزگە

ئىلمىغان ئادەمنى ياخشى كۆر، ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنىڭنى بەر، دېمەكچىمۇ؟ سەن ھەدەم تۇرۇپ ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىۋاتىسىنا ! سەن ئۆزۈڭنى ... ئۆزۈڭنى ... ماڭا ھېسداشلىق قىلىۋاتىمەن، دەپ ئويلاۋاتامسەن ! ... مەن سېنىڭ ھېسداشلىقىڭغا، ياسىمىلىقلىرىڭغا موھتاج ئەمەس !

— كىتى، بۇ گەپلىرىڭ بەك ئېشىپ كەتتى.

— سەن نېمىشقا مېنى مۇنداق قىينايسەن؟

— مەنمۇ؟ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ... سېنىڭ خاپىلىقلىرىڭنى كۆرۈپ ...

لېكىن، ئاچچىقى ئۆرلەپ تۇرغان كىتى ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىمىدى.

— مېنىڭ غەم قىلىدىغانىمۇ، كۆڭلۈمنى ياسايدىغانىمۇ ئىشىم يوق. مەن شۇنچىلىك تەكەببۇرمەنكى، ماڭا مۇھەببەت قويمىغان كىشىگە ھەرگىز مۇھەببىتىمنى بەرمەيمەن.

— ئۇ شۇنداق، مەنمۇ ئۇنداق ئەمەس دېگىنىم يوق ... مەن پەقەت بىرلا ئىشنى سورىماقچى. ماڭا راستىڭنى ئېيت، — دېدى دوللى كىتىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئېيتقىنا، لېۋىن ساڭا بىرەر نېمە دېگەنمىدى؟

لېۋىننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، كىتىنىڭ ئاخىرقى سەۋر قاچىسى يېرىلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە قولىدىكى تۈگمىسىنى مىجىپ ئولتۇرغان بەلبېغىنى يەرگە ئېتىپ، قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ ئىلدام ـ ئىلدام سۆزلەپ كەتتى:

— نېمە ئۈچۈن لېۋىننىڭ گېپىنى يەنە قىلىسەن؟ سېنىڭ مېنى نېمىشقا مۇنداق قىينايدىغىنىڭنى بىلمىدىم. مەن بۇرۇنمۇ دېگەن، ھازىرمۇ يەنە دەپ قوياي، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگىمەن، ھەرگىزمۇ ... ساڭا ئوخشاش كۆڭلى بۆلۈنۈپ باشقا بىر خوتۇننى ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن ئەرنىڭ قېشىغا قايتىپ بارغىنىڭدەك ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. سېنىڭ بۇ ئىشىڭ ئەقلىمگە سىغمايدۇ، زادىلا سىغمايدۇ. بۇنداق قىلىش سېنىڭ قولۇڭدىن

كەلگەن بىلەن، مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

بۇ گەپلەر ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كىتى ھەدىسىگە قاراپ، ئۇنىڭ بىر ئېغىز گەپ قىلماي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئەسلىدە ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى ئىدى، ھەدىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىشىكنىڭ تۇۋىگە بېرىپ، قولياغلىقى بىلەن يۈزىنى يېپىۋېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئىككى مىنۇتچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. دوللى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ دەردى ئاز ئەمەس ئىدى، ئەمدى كېلىپ سىڭلىسى ئۇ گەپنى قىلىۋىدى، يۈرىكى خۇددى يىڭنە سانجىلغاندەك قاتتىق ئازابقا پاتتى. ئۇ سىڭلىسىنى بۇ دەرىجىدە باغرى قاتتىق دەپ ئويلىمىغاچقا، ئۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. شۇنداق خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت كۆڭلەكنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بېسىق بىر يىغىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئارقىدىنلا بىر قول كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. كىتى ئۇنىڭ ئالدىدا تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇراتتى.

— دوللى ھەدە، مەن شۇنچىلىك … شۇنچىلىك بەختسىزمەن، — دېدى ئۇ خۇددى كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك بەكمۇ بوش ئاۋازدا.

كىتى ياش بىلەن يۇيۇلغان چىرايلىق يۈزىنى دوللىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن يېپىۋالدى.

كۆز ياشلىرى خۇددى ئاپتوموبىل ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاپتول مېيىدەك، ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋەت ماشىنىسىنى ئوڭۇشلۇق ماڭغۇزۇشقا باشلىدى. ئىككىسى بىر پەس يىغلىشىۋالغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئويلاۋاتقان گەپلىرىنى قىلماي، باشقا گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتى، بىر - بىرىنى چۈشىنىشتى. كىتى ئاچچىقىدا دوللىنىڭ ئېرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى

ۋە ئۇنى خورلىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنىڭ بىچارە ھەدىسىنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما ھەدىسىنىڭ ئۆزىنى كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندى. دوللىمۇ بىلمەكچى بولغانلىرىنى تولۇق بىلىۋالدى، ئۆزىنىڭ پەرەزلىرىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى، كىتىنىڭ داۋا تاپالمايۋاتقان دەردىنىڭ نېگىزى لېۋىن تەكلىپ قويسا ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقى، ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقى، ئەمدى ھازىر ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى لېۋىنغا بېرىشكە رازى ئىكەنلىكى، ۋرونسكىيغا نەپرەت بىلەن قارايدىغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. كىتى بۇ ئىشلار توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، پەقەت ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتى ئۈستىدىلا گەپ قىلدى.

— مەن ھازىر ئازراقمۇ قايغۇرمايمەن، — دېدى كىتى ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، — لېكىن كۆزۈمگە ھەممە نەرسە، ئالدى بىلەن ئۆزۈم شۈنچىلىك قەبىھ، يىرگىنچلىك، قوپال كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر مېنىڭ ھەممە نەرسىگە قانچىلىك يامان پىكىرلەردە بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىمنى بىلسەڭ ئەقلىڭگە سىغدۇرالمايسەن.

— قويە، سەندە نېمە يامان خىياللار بولسۇن؟ — دېدى دوللى كۈلۈپ كېتىپ.

— ھازىر ئەڭ قەبىھ، ئەڭ قوپال پىكىرلەردىمەن، بۇنى ساڭا سۆزلەپمۇ بېرەلمەيمەن. بۇ مەندىكى غەم ـ قايغۇمۇ ئەمەس، بىزارلىقمۇ ئەمەس، ئۇلاردىنمۇ يامان نەرسىلەر. مەن ھازىر خۇددى ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يوقىلىپ، پەقەت يىرگىنچلىك نەرسىلەرلا قېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. ساڭا نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار؟ — ئۇ ھەدىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ھەيرانلىقنى قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — دادام بايا ماڭا ... ھېس قىلىشىمچە، ئۇ مېنى چاپسانراق ياتلىق قىلىۋەتسەك، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئاپامنىڭمۇ مېنى تانسلارغا بىللە ئېلىپ بېرىشى ياتلىق قىلىۋېتىپ مەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

ئوخشايدۇ. مەن بۇنى راست شۇنداق، دەپ تۇرۇۋالمايمەن، لېكىن ماڭا شۇنداق تۇيۇلۇپ، بۇ خىيالنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلالمايمەن. ماڭا تەكلىپ قويغۇچىلارنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. ئۇلار ماڭا بېشىمدىن ئايىغىمغىچە قاراۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ. بۇرۇن تانسىلارغا چىرايلىق كىيىنىپ بېرىشنى بىر خىل لەززەتلىك ئىش دەپ بىلەتتىم، ئۆزۈمدىن ئۆزۈم زوقلىنىپ كېتەتتىم. هازىر ئۇنداق ئەمەس، ئەكسىچە ئۇيىلىدىغان، ئۆزۈمنى ئوڭايسىز سېزىدىغان بولۇپ قالدىم. هەي، ئىلاجىم قانچە ! دوختۇر ... هىم...

كىتى ئاخىرقى گېپىنى دېمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ ئىش بولغاندىن بېرى ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىنتايىن سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنى كۆرسىلا كاللىسىغا ئەڭ قوپال، ئەڭ قەبىھ خىياللارنىڭ كېلىۋالىدىغانلىقىنى دېمەكچى ئىدى.

— ئىشقىلىپ، هازىر هەممە نەرسە كۆزۈمگە ئەڭ قوپال، ئەڭ يارىماس بولۇپ كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى باشقىچە داۋام قىلىپ، — مېنىڭ كېسىلىم مانا مۇشۇ. بەلكىم ساقىيىپمۇ قالارمەن ...

— هەرگىز ئۇنداق ئويلاردا بولما ...

— بۇ مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس. پەقەت سېنىڭ ئۆيۈڭدە باللىرىڭنىڭ ئارىسىدا بولسامىلا ئۆزۈمنى خۇشال سېزىمەن.

— شۇنداق قىلساڭ قانداق ياخشى بولاتتى، ئەپسۇس، بارالمايسەن ـ دە.

— ياق، بارىمەن. مەن سكارلاتىنا بىلەن ئاغرىغان، شۇڭا قورقمايمەن. هازىر چىقىپ ئاپامغا دەيمەن.

كىتى دېگىنىنى قىلىپ هەدىسىنىڭكىگە كەتتى. راست دېگەندەك، باللارنىڭ هەممىسى سكارلاتىنا بىلەن ئاغرىغانىدى، كىتى هەدىسىگە ياردەملىشىپ ئۇلارغا سەللىمازا ساقىيىپ كەتكۈچە ئوبدان قارىدى. لېكىن، كىتىنىڭ ئۆزىنىڭ

سالامەتلىكى تېخىچە ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغانىدى، شۇڭا شېرباتسكىيلار پەرھىز كۈنلىرىدە چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى.

## 4

پېتېربۇرگنىڭ يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتى ئاساسەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەر بىر - بىرىنى تونۇيتتى، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىشاتتى. بۇ چوڭ دائىرىنىڭ ئىچىدە يەنە كىچىك دائىرىلەرمۇ بار ئىدى. ئاننا كارېنىنانىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ كىچىك دائىرىنىڭ ھەممىسىدە دوستلىرى بار ئىدى، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ قويۇق ئىدى. ئۇ ئۈچ كىچىك دائىرىنىڭ بىرى، ئېرى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن شەكىللەنگەن دائىرە ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئېرىنىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىدىكى ئادەملەر كۆپرەك بولغاچقا، ئىچىدىكى ئىشلارمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئاننا دەسلەپتە ئۇلارنى چوڭ كۆرگەن ھەم ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدى، ئەمدى ھازىر ئۇنىڭدىكى ئۇ خىل ھېسسىيات بارا - بارا يوقىلىشقا باشلىدى. كىچىك بىر ناھىيىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىنى تولۇق بىلگەنگە ئوخشاش، ئاننامۇ ئۇ دائىرە ئىچىدىكى ئادەملەرنى ياخشى چۈشىنەتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرۈپ، نېمىنى يامان كۆرىدىغانلىقلىرىنى، قانداق غەم - ئەندىشىلىرىنىڭ بارلىقىنى، بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى، كىمنىڭ مەركەزلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ كىمنى قانات ئاستىغا ئالىدىغانلىقىنى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى

قىلىدىغانلىقىنى، كىم بىلەن كىمنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، قانداق مەسىلىلەردە ئىختىلاپ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. لېكىن، گراف لىدىيە خانىمنىڭ توختىماي قىزىقتۇرۇشلىرىغا باقماي، ئەرلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ دائىرىسىگە ئاننا پەقەتلا قىزىقمايتتى، دائىم ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى.

ئاننىغا يېقىن بولغان يەنە بىر دائىرە كارېنىنىنىڭ مەنسىپىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ياردەم بەرگەنلەردىن شەكىللەنگەن دائىرە ئىدى. بۇ دائىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئادىمى گراف لىدىيە خانىم ئىدى. بۇ دائىرىدە قېرى مەنسەپدارلار، ھىممەتلىك دىندار ئايالالار، ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق، شۆھرەتپەرەس ئەرلەر بار ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا بۇ دائىرە ئىچىدىكى بىر ئەقىللىق ئادەم بۇ دائىرىنى «پېتېربۇرگ جەمئىيىتىنىڭ ۋىجدانى» دەپ ئاتىغانىكەن. كارېنىن بۇ دائىرىنى بەكمۇ ئەتىۋارلايتتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل ئادەملەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە ماھىر بولغان ئاننامۇ پېتېربۇرگدىكى ھاياتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مۇشۇ دائىرە ئىچىدىن ئۆزىگە خېلى كۆپ دوستمۇ تاپقانىدى. ھازىر، بولۇپمۇ موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ دائىرە ئۇنىڭ كۆزىگە غەلىتىلا كۆرۈنىدىغان، ئۇنىڭدىن بىزار بولىدىغان، ئۆزىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئادەملەرمۇ ياسالما، قۇۋ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئادەملەردىن زېرىككەنلىكى، ئۆزىنى ئوڭايسىز سەزگەنلىكى ئۈچۈن، گراف لىدىيە خانىمنىڭ ئۆيىگىمۇ ئىمكان بار ئاز بارىدىغان بولۇپ قالدى.

ئاننا بىلەن ئالاقىدار ئۈچىنچى دائىرە «يېرىم يۇقىرى تەبىقە»[1] ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ بىر قولىنى

---

① «يېرىم يۇقىرى تەبىقە» بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئالاقە پائالىيەتلىرىنى دوراپ ئىش قىلىدىغان ئاياللارغا قارىتىلغان.

ئۇردىدىن ئايرىمايدىغان، تانسا، زىياپەتلەر توختىماي بولۇپ تۇرىدىغان، ئالىپتە كىيىملەر كۆز ـ كۆز قىلىنىدىغان ھەقىقىي بىر ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنى ئىدى. ئۇلار ئۆزىچە «يېرىم يۇقىرى تەبىقە»دىكىلەرنى ياراتمايتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا زوق ـ ھەۋەسلىرى ئۇلارنىڭكىگە ئوخشاپلا قالماستىن، باشقا جەھەتلەردىنمۇ سېپى ئۆزىدىن شۇلارنىڭ ئۆزى ئىدى. ئاننا بۇ دائىرە بىلەن تاغىسىنىڭ خوتۇنى كىنەز بېتسى خانىمنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئالاقە ئورنىتىپ قالغانىدى. ئۇ كىنەز خانىمنىڭ يىلىغا بىر يۈز يىگىرمە مىڭ رۇبلىلىق كىرىمى بار ئىدى. كىنەز خانىم ئاننانى بۇ دائىرە ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن ۋە شۇ كۈندىن تارتىپ ياخشى كۆرۈپ قالغان ھەم ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەمما، ئۇ گراف لىدىيە خانىمنىڭ بۇ جەمئىيىتىنى ياراتمايتتى، دائىم مەسخىرە قىلىپ تۇراتتى.

— قېرىپ، سەتلىشىپ كەتكىنىمدە مەنمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلىمەن، — دەيتتى كىنەز بېتسى خانىم، — ئەمما، سىزگە ئوخشاش ياش، چىرايلىق ئايالغا ئۇ مۇناستىرغا بېرىش تېخى بالدۇر.

ئاننا دەسلەپتە بېتسى خانىمنىڭ جەمئىيىتىدىن ئامال بار ئۆزىنى چەتكە تارتىپ يۈردى، چۈنكى ئاننانىڭ ئۇ جەمئىيەتكە تاپشۇرىدىغان پۇلغا چامىسى يەتمەيتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ بىرىنچى جەمئىيەتنى بىرقەدەر ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، ئۇ موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەكسىچە ئەھۋال يۈز بېرىپ، ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتىكى دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، ئاشۇ چوڭ دائىرىگە ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ دائىرىدە ئۇ ۋرونسكىي بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى ۋە بۇ ئۇچرىشىشلاردىن كۆڭلى بىر خىل خۇشاللىققا تولغاندەك بولۇپ قالاتتى. بولۇپمۇ ئۇ ۋرونسكىينى بېتسىنىڭ ئۆيىدە كۆپ ئۇچرىتىپ تۇراتتى، چۈنكى بېتسىنىڭ فامىلىسىمۇ ۋرونسكىي بولۇپ، ئۇ ۋرونسكىينىڭ ئىككى تۇغقان ئاچىسى ئىدى. ئىشقىلىپ،

ۋرونسكىي ئاننانى ئۇچرىتىش مۇمكىن بولغان سورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە باراتتى، ئۆزىنىڭ ئىشقىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئاننا ئۇنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان گەپلەرنى زادىلا قىلمايتتى، لېكىن ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنى ۋاگوندا بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە ئۆزىدە پەيدا بولغان ئاشۇ يالقۇنلۇق قىزغىن تۇيغۇ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا كۆزلىرىدە خۇشاللىق نۇرى پارلاپ، لەۋلىرىنىڭ تەبەسسۇمغا تارتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاننا ئۆزىمۇ سېزىپ تۇراتتى ۋە ئۆزىدىكى خۇشاللىقنىڭ بۇ ئىپادىلىرىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ باسالمايتتى ... ئاننا دەسلەپتە ئۇنىڭ قورقمايلا ئۆزىنىڭ كەينىگە چۈشۈشىدىن خاپا بولغاندەك قىلغانىدى، موسكۋادىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىمۇ بارىدۇ، دەپ ئويلىغان بىر ئولتۇرۇشقا بېرىپ ئۇنى ئۇچراتمىغانىدىن كېيىن كۆڭلى لەسسىدە بولدى ۋە شۇ كۇندىن باشلاپ ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىگە چۈشۈشلىرى ئۆزىنى بىزار قىلمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەكسىچە ھاياتىدىكى ھەممە خۇشاللىقلىرىنىڭ شۇنىڭدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

مەشھۇر ناخشىچى ئىككىنچى ناخشىسىنى ئېيتىپ بولدى. ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەممە ئەزاسى تىياتىرخانىدا لىق ئولتۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى بىرىنچى رەتتە ئولتۇرغان ۋرونسكىي ئىككى تۇغقان ئاچىسىنى كۆرۈپ، دەم ئېلىش ۋاقتىنى كۈتمەيلا ئۇنىڭ لوژىسىغا كەلدى.

— چۈشلۈك تاماققا كەلمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى بېتسى ۋرونسكىيغا، — ئاشىقلارنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە ھەيرانمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، پەقەت ۋرونسكىينىڭ ئۆزىلا ئاڭلىيالايدىغان ئاۋازدا بوش پىچىرلاپ، — ئۇ كەلمىدى، تىياتىر تۈگىگەندە كەلسىڭىز بولىدۇ.

ۋرونسكىي سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويغانىدى، ئۇ

بېشىنى ئېگىپ ئىشارە قىلغاندەك قىلدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭغا كۈلكىسى بىلەن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىزنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى تەكەببۇر قىياپىتىڭىز هازىرغىچە ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ، — دېدى بېتسى كىنەز خانىم سۆزىنى داۋام قىلىپ. ئۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنچىكە كۆز سېلىپ ۋە ئالاهىدە قىزىقىپ كېلىۋاتاتتى، — هازىر ئۇ هالەتلىرىڭىز نەلەرگە كەتتى! ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ بولدىڭىز، ئەزىزىم.

— ئۆزۈمۇ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈشنى خالايمەن، — دېدى ۋرونسكىي ۋەزمىن ۋە مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — راستىنى ئېيتسام، ئەگەر مەندە بىر ئارمان بار دېيىلسە، ئۇنىڭ قولىغا مەهكەم چۈشمىگەنلىكىمگىلا ئارمان قىلىمەن. هازىر مەن سەل ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىۋاتىمەن.

— سىزدە قانداق ئۈمىد بولۇشى مۇمكىن؟ — دېدى بېتسى دوستى ئۈچۈن ئازراق رەنجىگەندەك بولۇپ، — بۇ ئىشلار هەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئايان ... — ئەمما بېتسىنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ئوت ئۇچقۇندىغاندەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىكى ئۈمىدىنىڭ قانداق ئۈمىد ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك قىلدى.

— هېچقانداق ئۈمىدىم يوق، — دېدى ۋرونسكىي تەكشى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەچۈرۈڭ، — ئۇ شۇ گەپ بىلەن تەڭ بېتسىنىڭ قولىدىكى دۇربۇننى ئېلىپ، ئۇنىڭ يالىڭاچ مۈرىسى ئۈستىدىن ئۇدۇلدىكى لوژىلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى، — مەن كۈلكىگە قېلىشىمدىن بەك قورقىمەن.

ۋرونسكىي بىرەر قىزنىڭ ياكى ئېرى يوق بىرەر ئايالنىڭ كەينىگە چۈشكەن ئادەم مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسا، بېتسى ۋە ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ كۈلكىسىگە قالىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئەمما، ئېرى بار ئايالنىڭ

كەينىگە چۈشۈپ، ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىگە ۋە باشقا ھەرقانداق پالاكەتچىلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە قارىماي ئۇ ئايالنى قولغا چۈشۈرگەن بولسا، بۇنداق ئەرلەر كۆلكىگە قېلىش ئەمەس، ئەكسىچە باتۇر ئەركەك سانىلاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلىرىدە شوخ ۋە مەغرۇر بىر كۈلكە كۆرۈنۈپ، دۇربۇننى ئاچىسىغا قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— خوش، ئېيتىڭا، بۈگۈن نېمىشقا تاماققا كەلمىدىڭىز؟ — دېدى بېتسى ۋرونسكىيغا زوقلىنىپ قاراپ.

— بۇنىڭ سەۋەبىنى سىزگە سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك. بىر ئىش بىلەن بەند بولۇپ قالدىم. نېمە ئىشقا دېمەمسىز؟ ئۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى، يۈز قېتىم، مىڭ قېتىم ئويلىسىڭىزمۇ پەرەز قىلالمايسىز. مەن بىرىنىڭ خوتۇنىغا ھاقارەت كەلتۈرگەن كىشى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنى ياراشتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈردۈم. بۇ راست.

— قانداق، ياراشتۇرالىدىڭىزمۇ؟

— ئاساسەن.

— بۇ ئىشنى چوقۇم ماڭا سۆزلەپ بېرىسىز، — دېدى بېتسى ئورنىدىن تۇرغاچ، — ئالدىمىزدىكى دەم ئېلىشتا قېشىمغا كېلىڭ.

— ياق، ھازىر بولمايدۇ، شۇ تۇرقىدا فرانسۇز تىياتىرخانىسىغا بېرىشىم كېرەك.

— ئۇ يەرگە بېرىپ نىلسوننىڭ[1] ناخشىسىنى ئاڭلىماقچىمۇسىز؟ — سورىدى بېتسى ھەيران بولۇپ. ئۇ نىلسوننىڭ ئاۋازىنىڭ ھەرقانداق ناخشىچىنىڭكىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايتتى.

— ئىلاجىم قانچە؟ بايا دېگەن ياراشتۇرۇش ئىشى ئۈچۈن

---

① نىلسون — شۋېتسارىيىنىڭ ناخشا چولپىنى، ئۆز ۋاقتىدا پېتېربۇرگ بىلەن موسكۋادا ئويۇن قويۇپ زىلزىلە پەيدا قىلغان.

بىرەيلەن بىلەن شۇ يەردە ئۇچراشماقچى بولغان.

— ئادەملەرنى ئەپلەشتۇرۇپ قويۇشمۇ ساۋابلىق ئىش، ئۇنداق ئادەم ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، — بېتسى بۇ گەپنى كىمدىندۇر ئاڭلىغانىدى، — ئۇنداق بولسا، قېنى، ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭ، قانداق ئىش ئىدى ئۇ؟

ئۇ شۇ گەپتىن كېيىن جايىدا يەنە ئولتۇردى.

## 5

— بۇ شۇنچىلىك بىمەنە ھەم تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش بولغاچقا، سىزگە سۆزلەپ بەرگۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋرونسكىي كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى بېتسىغا تىكىپ، — ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى دېمەيمەن.

— مەن ئۆزۈم پەرەز قىلىپ بىلىۋالىمەن، بۇنىڭدا تېخىمۇ قىزىق بولىدۇ.

— ئەمىسە قۇلاق سېلىڭ: ئىككى خۇشخۇي يىگىت پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ مېڭىپتۇ ...

— ئۇلار چوقۇم سىلەرنىڭ پولكنىڭ ئوفىتسېرلىرى، شۇنداقمۇ؟

— ئۇلارنى ئوفىتسېر دېگىنىم يوق. ئىككىسى ناشتا قىلىپ چىقىپ كېلىۋاتسا ...

— ھاراقمۇ ئىچكەن، دەپ تولۇق ئېيتىڭ.

— بەلكىم شۇنداقتۇر. ئىككىسى كەيپى چاغ، بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە تاماققا كېتىۋاتقانىكەن. بىر چاغدا كەينىدىن چىرايلىق بىر ئايال ئولتۇرغان بىر پەيتۇن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئايال كەينىگە قايرىلىپ ئۇلارغا قاراپ قويغانىكەن، ئىككىسىگە بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويغاندەك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتلىرىنى بولۇشىغا

چاپتۇرۇپ ئۇ ئايال ئولتۇرغان پەيتۇننىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئۇ گۈزەل نازىنىن ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئىككىسى تاماق يېگىلى كېتىۋاتقان ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پەيتۇندىن چۈشۈپ شۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىككىسى پەقەت ئۇنىڭ يۇزىگە تارتىۋالغان توردىن ئاناردەك لەۋلىرى ۋە كىچىككىنە پۇتلىرىنىلا كۆرۈپ قاپتۇ.

— شۇنچىلىك ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كېتىۋاتقىنىڭىزغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بىرى سىز ئوخشايسىز.

— بايا سىز ماڭا نېمە دېگەن؟ كېيىن ئۇلار دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. دوستى ئۇلارنى ھاراق ۋە ھەر خىل تائاملار بىلەن ئوبدان كۈتۈۋاپتۇ. ئۇنداق سورۇندا ئادەم كۆپرەك ئىچىپ قويىدىغان گەپ، بۇنداق ئىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار تاماق يەۋېتىپ ئۈستۈنكى قەۋەتتە كىم ئولتۇرىدىغانلىقىنى سوراپتىكەن، ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەپتۇ. «ئۈستىدە قىزلار تۇرامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئاغىنىسىنىڭ خىزمەتكارى: «نۇرغۇن قىزلار بىللە تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى ئۆي ئىگىسىنىڭ كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ، ئۆزلىرى زادىلا تونۇمايدىغان بايىقى ئايالغا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈپ ئاجايىپ ھېسسىياتلىق گەپلەر بىلەن بىر پارچە خەت يېزىپتۇ ۋە خەتتە دېيەلمىگەن گەپلەرنى يۇزتۇرا دېيىشمەكچى بولۇپ، خەتنى كۆتۈرۈپ ئۈستىگە چىقىشىپتۇ.

— بۇ يارىماس ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بېرىپ نېمە قىلىسىز - ھە؟

— قوڭغۇراقنى باسقانىكەن، بىر خىزمەتكار قىز چىقىپتۇ. ئۇلار خەتنى ئۇ قىزغا بېرىپتۇ، يەنە تېخى ئۇ ئايالغا كۆيۈپ قېلىپ، ئىشق دەردىدە كاۋاپ بولۇپ كېتىشىۋاتقانلىرىنى، ئۆزى چىقىپ ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمىسە ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆلۈپ بېرىشىدىغانلىقىنى توختىماي سۆزلەپ

كېتىشىپتۇ. ئۇ قىز ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاننىڭ ئارىلىقىدا، تۇيۇقسىز ئۆيدىن سىرتقىلەككە ئوخشاش چېكە ساقىلى بار، ئىككى مەڭزى قىسقۇچپاقىغا ئوخشاش قىزىرىپ تۇرىدىغان بىر ئەپەندى چىقىپ، بۇ ئۆيدە مېنىڭ خوتۇنۇمدىن باشقا ھېچكىم يوق دەپ، ئىككىسىنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

— ئۇنىڭ چېكە ساقىلىنىڭ سىز ئېيتقاندەك سىرتقىلەككە ئوخشايدىغانلىقىنى نەدىن بىلدىڭىز؟

— سىزگە دېدىمغۇ، بايا مەن ئۇلارنى ياراشتۇرغىلى بارغان دەپ.

— خوش، نەتىجىسى قانداق بولدى؟

— بەك قىزىق. ئەسلىدە ئۇ چىرايلىق ئايال تىتۇلەر سوۋېتنىكنىڭ[1] خانىمى ئىكەن. ئۇ ئادەم ئەرز قىلىپ، نەتىجىدە مەن ياراشتۇرغۇچى بولۇپ قالدىم. ياراشتۇرغۇچى بولغاندىمۇ ئاجايىپ ياراشتۇرغۇچى بولدۇم دەڭا. ئىشىنىمەنكى، تاللېرانمۇ[2] مېنىڭ ئالدىمدا يىپ ئېشىپ بېرەلمەيدۇ.

— قىيىنچىلىقلار بولمىدىمۇ؟

— بولمايدىغان ئىش بولامدۇ، بولدى ... ئۇ ئىككىسى: «بۇ ناھايىتى ئەسكى بىر ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، بىزنى كەچۈرسىڭىز، بىزمۇ بەك ئوسال بولدۇق» دېيىشىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۇ چېكە ساقال دەسلەپتە ئازراق يۇمشىغاندەك بولدى، لېكىن يەنە يامان تىللار بىلەن تىلاپ غەزىپىنى بىلدۈرۈپمۇ تۇردى. ئاخىر مەن دىپلوماتىك تالانتىمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭغا: «مەنمۇ ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرمىدىم، زادىلا توغرا ئىش قىلمىغان. بۇ قېتىم ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇقۇشماسلىقمۇ باردەك قىلىدۇ. ئۇلار

① تىتۇلەر سوۋېتنىك — چار رۇسىيە دەۋرىدىكى توققۇزىنچى دەرىجىلىك مەنسەپ.

② تاللېران (1754 — 1838) — فرانسىيىلىك دىپلومات، دىپلوماتىك ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ماھىر، يۈز - خاتىرنى بىلمەيدۇ.

نادان ياشلار، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېڭىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ناشتا قىلىشقان، ئۆزلىرى گاراڭ ھالەتتە ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ھازىر قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە، شۇڭا ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەن بولسىڭىز» دېدىم. ئۇ ئادەم يەنە بىر ئاز يۇمشاپ: «مەن سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە قوشۇلىمەن، گراف، كەچۈرسەم كەچۈرەي. ئەمما، مېنىڭ خوتۇنۇم ... مېنىڭ خوتۇنۇم ساپ دىل ئايال ئىدى، مۇنۇ ئىككى لۇكچەكنىڭ ئۇنى ھاقارەتلىگەنلىكىنى دېمەمسىز» دېدى. بىلەمسىز، ئۇ ئىككى لۇكچەك شۇ چاغدا شۇ يەردە بار ئىدى. مەن يەنە بىرنېمىلەرنى قىلىپ، دىپلوماتلىقىمنى ئىشقا سېلىپ يۈرۈپ جېدەلنى ئەمدىلا بېسىپ تۇراتتىم، ئۇ چېكە ساقال يەنە باشقىدىنلا قايناپ، قىزىرىپ ـ تاتىرىپ، ساقاللىرى دىك تۇرۇپ سۆزلەپلا كەتتى. مەن دىپلوماتلىق ماھارىتىمنى يەنە ئىشقا سالدىم.

— ئۇ بۇ ھېكايىسىنى سىزگىمۇ سۆزلەپ بەرسە بولغۇدەك، — دېدى بېتسى خانىم ئۆزىنىڭ لوژىسىغا كىرىپ كەلگەن بىر خانىمغا، — تولا كۈلۈپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى.

— بوپتۇ، *سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن*، — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىغا شۇ گەپنى قوشۇپ قويۇپ، ۋرونسكىينىڭ سۆيۈپ قويۇشى ئۈچۈن يەلپۈگۈچ تۇتمىغان قولىنى ئۇنىڭغا سۇندى. ئاندىن ئالدىدىكى گاز لامپا يورۇتۇپ تۇرغان، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ تۇرغان جايغا چىققاندا، مۇرىلىرى بىلەن كۆكسىنىڭ ئوچۇق يېرىنى تېخىمۇ ئېچىپ قويۇش ئۈچۈن، تۇرۇلۇپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆڭلىكىنى پەسكە تارتىپ ـ تارتىپ قويدى.

ۋرونسكىي فرانسۇز تىياتىرخانىسىغا كەتتى. ئۇ يەردە ئۇ راستتىنلا بىرمۇ ئويۇننى بوش قويماي كۆرىدىغان پولك كوماندىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈچ كۈندىن بېرى پۇت ـ قولى يەرگە تەگمەي دېگۇدەك ئالدىراش يۈرگەن

ياراشتۇرۇش ئىشى توغرۇلۇق دوكلات بەرمەكچى ئىدى. بۇ ئىشنى قىلغانلار ۋرونسكىي ياخشى كۆرىدىغان پېتىرىتسكىي بىلەن پولكقا تېخى يېقىندىلا يۆتكىلىپ كەلگەن كېدروف ئىسىملىك يېقىملىق، ھەر جەھەتتىن ياخشى خىزمەتدىشى ياش كىنەز ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئىش پولكنىڭ نام ـ ئابرۇيى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئۇ ئىككى ياش ۋرونسكىينىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسىدا ئىدى. توققۇزىنچى دەرىجىلىك ئۇ مەنسەپدار ۋېىندېن پولك كوماندىرىنى ئىزدەپ كېلىپ، سىزنىڭ ئوفىتسېرلىرىڭىز مېنىڭ خوتۇنۇمغا ھاقارەت كەلتۈردى، دەپ ئەرز قىلغانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ياش خوتۇنى (ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا يېرىم يىل بولغانىكەن) ئاپىسى بىلەن چېركاۋدا ئىبادەت قىلىۋېتىپ تۇيۇقسىز بولالماي قاپتۇ. قورسىقىدا بار ئىكەن، چىداپ تۇرالماي، ئۇدۇل كەلگەن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇ ئىككى ئوفىتسېر كەينىگە كىرىۋاپتىكەن، قورقۇپ كېتىپ تېخىمۇ بولالماي قېلىپ دەررۇ ئۆيگە كىرىۋاپتۇ، ئېرى ئۆزى خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپ ئۆيدە ئىكەن، ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، بېرىپ ئىشىكنى ئاچسا، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئىككى مەست ئوفىتسېر تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۇلارنى قاتتىق جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىكەن.

ـــ ياق، نېمە دېسىڭىز دەڭ، ـــ دېگەنىدى پولك كوماندىرى ۋرونسكىينى ئالدىغا چاقىرىپ، ـــ پېترىتسكىي بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىش تېرىمايدىغان ھەپتىسى يوق ئۇنىڭ. ئۇ ئەمەلدارمۇ بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس، ئەرز قىلىپ تېگىشلىك جايغا بارىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ.

ۋرونسكىي ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى، لېكىن بۇنىڭ دۇئېلغا چىققۇدەك ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇ ئەمەلدارنى گەپ بىلەن ئېرىتىپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، ئىشنى ئۆز ئىچىدە بىر تەرەپ

قىلىشقا كۆندۈرۈشتىن باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەنگەنىدى. بۈگۈن پولك كوماندىرىنىڭ چاقىرىشىمۇ شۇ ئىشنىڭ مەسلىھەتى ئۈچۈن ئىدى. پولك كوماندىرى ئۇنىڭ پەزىلەتلىك، ئىش بىجىرىشكە چېۋەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە پولكنىڭ ئىناۋىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۇنى چاقىرتقانىدى. ئۇلار بىر پەس سۆزلىشىپ، پېترىتسكىي بىلەن كېدروفنى ۋرونسكىي بىلەن بىللە بېرىپ ئۇ ئەمەلداردىن ئەپۇ سوراشلىرى كېرەك، دېگەن قارارغا كېلىشتى. ۋرونسكىينىڭ نامى ۋە ئوردا ئادىيوتانتلىق ئۇنۋانىنىڭ ئۇ ئەمەلدارنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغانلىقىنى پولك كوماندىرىمۇ، ۋرونسكىينىڭ ئۆزىمۇ بىلەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ ئىككى ئەۋزەللىكنىڭ رولى خېلىلا بولدى، ئەمما ياراشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋرونسكىي ئېيتقاندەك تېخى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

ۋرونسكىي فرانسۇز تىياتىرخانىسىغا بارغاندىن كېيىن، دەم ئېلىش ئۆيىدە ئولتۇرۇپ پولك كوماندىرىغا ئوڭۇشلۇق، ئوڭۇشسىز بولغان ئىشلىرىنى مەلۇم قىلدى. پولك كوماندىرى ئويلاپ كۆرۈپ، بۇ ئىشنى كارى بولماي تاشلاپ قويۇش قارارىغا كەلدى. لېكىن، يەنە بۇ ئىشقا قىزىقىپ، ۋرونسكىيدىن ئۇ ئەمەلدار بىلەن سۆزلەشكەن چاغدىكى ئىشلارنى تەپسىلىي سورىدى. ۋرونسكىي ئۇ ئەمەلدارنىڭ يۇمشاي دەپ قالغاندا، ئۇ ئىشنىڭ جەريانى يادىغا كېلىپ يەنە قايناپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قىلىدىغان گەپلىرىنى قىلىپ بولۇپ، پېترىتسكىينى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ قۇيرۇقىنى خادا قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، پولك كوماندىرى ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇلار قاملاشمىغان ئىش قىپتۇ، لېكىن يەنە كۈلكىلىكمۇ ئىش. كېدروف ئۇ ئەپەندىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئاچچىقىدىن ياندىغاندەك ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى پولك

كوماندىرى كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە، — بۇگۇنكىلەر قانداق؟ ئاجايىپ ھە ! — دېدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا فرانسۇز ناخشىچى ئايال ھەققىدە سۆز ئېچىپ، — قانچە كۆپ كۆرسەتمۇ ساڭا يېڭى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇنداق ماھارەت پەقەت فرانسۇزلاردىلا بار.

# 6

كىنەز بېتسى خانىم ئويۇننىڭ ئاخىرقى پەردىسىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەيلا ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. گىرىمخانىسىغا كىرىپ تاتىراڭغۇ يۈزىگە ئۇپا سۈركەپ، چېچىنى تاراپ ئۆزىنى بىرقۇر تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، خىزمەتكارىغا مېھمانخانىغا چاي راسلاشنى بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا پەيتۇنلار ئۇنىڭ چوڭ مورسكوي كوچىسىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆيىگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. مېھمانلار يوغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا پەيتۇنلىرىدىن چۈشۈۋاتاتتى. ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى كۆرسۇن دەپ ھەر كۈنى ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ سىرتىدا گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان سېمىز دەرۋازىۋەن دەرۋازىنى ئاستا ئېچىپ مېھمانلارنى ئىچكىرىگە كىرگۈزۈۋەتتى.

چېچىنى تاراپ، ئۆزىنى ياساپ چىققان ئۆي ئىگىسى مېھمانخانىغا يەنە بىر ئىشىكتىن كىرىپ كەلگىنىدە، مېھمانلارمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككىنچى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. مېھمانخانىنىڭ تاملىرى كۈل رەڭدە، يەرگە يۇمشاق گىلەملەر سېلىنغان، شاملارنىڭ نۇرى ئاپئاق داستىخان سېلىنغان ئۈستەل ئۈستىنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۈستەل ئۈستىدە كۈمۈش ساماۋار يالتىراپ، ئاپئاق چاي قاچىلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

ئۆي ئىگىسى ساماۋارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ پەلىيىنى

قولىدىن ئالدى. بىرنەچچە خىزمەتكار ئاۋاز چىقارماي كېلىپ مېھمانلارغا ئورۇندۇقلارنى تارتىپ بەردى. مېھمانلار ئىككى قاتار بولۇپ، بىر قاتىرى ئۆي ئىگىسىنىڭ يېنىدا ساماۋارنى چۆرىدەپ، يەنە بىر قاتىرى باش ئەلچىنىڭ قارا دوخاۋا كۆڭلەك كىيگەن، قاپقارا قارا قاشلىرى ئورغاقسىمان ئېگىلىپ تۇرىدىغان چىرايلىق رەپىقىسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پارىڭى باشتا كۆرۈشۈش، سالاملىشىش، چاي سۇنۇشلار بىلەن بۆلۈنۈپ، خۇددى گەپلىرىنى بىر يەرگە يىغىدىغان ئومۇمىي بىر گەپنى ئىزدىشىۋاتقاندەك بولدى.

— ئارتىسلىقتىن ئالغاندا، ئۇ خېنىم ئاجايىپ ياخشى، ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئىكەن. ئۇ چوقۇم كائولباخنىڭ[1] ئوبراز يارىتىش ماھارىتىدىن ئۆگەنگەن گەپ، — دېدى ئەلچىنىڭ رەپىقىسى تەرەپتە ئولتۇرغان بىر دىپلومات، — ئۇنىڭ سەھنىدە قانداق يىقىلغانلىقىغا دىققەت قىلدىڭلارمىكىن ...

— نىلسون توغرۇلۇق گەپ قىلىشمايلىچۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر يېڭىلىق يوق، — دېدى ئۇستىگە كونا بىر يىپەك كۆڭلەك كىيىۋالغان، قېشىنىڭ تايىنى يوق، يالغان چاچ كىيمىگەن، چاچلىرى سېرىق، قىزىل يۈزلۈك سېمىز بىر ئايال. ئۇ تۇزلا گەپ قىلىدىغان، مىجەزىنىڭ قوپاللىقى بىلەن «قورقۇنچلۇق بالا» دەپ نام ئالغان كىنەز مىيەگكايا خانىم ئىدى. ئۇ ئىككى دائىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گەپلىرىگە تەڭ قوشۇق سېلىپ ئولتۇراتتى، — بۈگۈن مەن ئۈچ ئادەمنىڭ خۇددى كېلىشىۋالغاندەك كائولباخ توغرىسىدا بىر خىل گەپنى قىلىشقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلارغا بۇ گەپنىڭ نېمىسى يېقىپ قالغانلىقىنى بىلمىدىم.

شۇ گەپ بىلەن پاراڭ بۆلۈنۈپ كېتىپ، يەنە بىر يېڭى مەزمۇن تېپىش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

— بىزگە قىزىق ئىشلاردىن پاراڭ قىلىپ بېرىڭ، ئەمما

---

[1] كائولباخ (1804 — 1871) — گېرمانىيىلىك رەسسام.

زەھەرلىك پاراڭلاردىن ئەمەس، — دېدى ئۈششاق گەپلەرگە ئامراق ئەلچىنىڭ خوتۇنى دىپلوماتقا قاراپ. دىپلومات گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى.

— نېمە دېسەم بولار! ئادەتتە زەھەرلىك گەپلەر قىزىق بولاتتى، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بوپتۇ، ئۇرۇنۇپ كۆرەي. ماڭا بىر ماۋزۇ كۆرسىتىپ بېرىڭ، ھەممە گەپ قىلىدىغان گەپنىڭ ماۋزۇسىدا. ماۋزۇ بولسا ماقالە يازماق تەسكە چۈشمەيدۇ. مەن پات - پات ئويلاپ قالىمەن، بۇرۇنقى زاماننىڭ مەشھۇر پاراڭچىلىرى بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇنداق قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى، چۈنكى قىزىق پاراڭلارنىڭ ھەممىسى ھازىر كونىراپ قالدى.

— بۇمۇ بۇرۇن خەقلەر دەپ بولغان گەپ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئەلچىنىڭ خوتۇنى كۈلۈپ كېتىپ.

پاراڭ سىلىق - سىپايىلىك بىلەن باشلانغانىدى، بەك سىپايىلىشىپ كېتىپ ئاخىر ئۈزۈلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پاراڭنى ئەڭ ئىشەنچلىك بولغان مەسخىرىدىن باشلاشقا توغرا كەلدى.

— سىز تۇشكىۋۇچنىڭ لوئى XV كە ئوخشاپ قالىدىغان تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى دىپلومات ئۈستەل يېنىدا تۇرغان سېرىق چاچ چىرايلىق يىگىتكە لەپپىدە قاراپ قويۇپ.

— راست، راست! ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى مۇشۇ مېھمانخانا بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئۇ بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ.

بۇ گەپ ھەممىسىگە ياراپ كەتتى، چۈنكى ئۇ تۇشكىۋۇچ بىلەن خوجايىن خېنىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى كىنايە قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئىشنى بۇ مېھمانخانىدا دېگىلى بولمايتتى.

ساماۋار بىلەن ئۆي ئىگىسىنىڭ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان پاراڭلارمۇ ئوخشاشلا دېيىشمەي تۇرالمايدىغان ماۋزۇلاردىن بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر، تىياتىر ۋە غەيۋەتتىن

نېرىغا ئۆتمەي، يا گەپلەر قولاشماي كېلىۋاتاتتى، ئاخىر غەيۋەتكە كەلگەندە قېلىپىغا چۈشتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، مالتىششېۋامۇ — قىزى ئەمەس، ئۆزى — *قىپقىزىل رەختتە* كىيىم تىككۈزۈپتۇ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، راست شۇنداق بولىدىغان بولسا قىزىق ئىش بولمامدۇ.

— ھەيرانمەن، ئۇنىڭدەك ئەقىللىق ئايالنىڭ — ئۇ راستىنلا ئەقىللىق ئايال ئىدى — نېمە قىلغىنى بۇ؟ ئۇنداق قىلسا خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالمامدۇ.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەر خىل گەپلەر بىلەن بىچارە مالتىششېۋانىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پاراڭ خۇددى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان گۇلخاندەك چارسىلداپ تېخىمۇ ئۇلغايدى.

كىنەز بېتسى خانىمنىڭ كۆڭۈلچەك سېمىز ئېرى باسما رەسىم يىغىشقا ھەۋەس قىلىدىغان ئادەم ئىدى. بۈگۈن خوتۇنىنىڭ مېھمانلىرى بارلىقىنى بىلىپ كۇلۇبقا مېڭىش ئالدىدا مېھمانخانىغا كىردى ۋە يۇمشاق گىلەم ئۈستىدە تىۋىش چىقارماي مېڭىپ كىنەز مىيەگكايا خانىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سىز نىلسوننى ياقتۇرامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىنەز خانىمدىن.

— ۋىيەي، يېنىمغا بىلىندۇرمەي كەلگىنىڭىز نېمىسى؟ تازىمۇ قورقۇتۇۋەتتىڭىزغۇ مېنى، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — ئوپېرا توغرۇلۇق ماڭا گەپ قىلمىسىڭىزا، ئۆزىڭىز مۇزىكىدا ھېچنېمە بىلمەيسىزغۇ. ئەڭ ياخشىسى، مەن سىزگە ماسلىشىپ، سىزنىڭ سىرلىق كۆزلىرىڭىز بىلەن رەسىملىرىڭىز توغرۇلۇق سۆزلىشەي. خوش، يېقىندا سىز كونا ماللار بازىرىدىن قانداق ياخشى نەرسىلەرنى سېتىۋالدىڭىز؟

— ئۇ نەرسىلىرىمنى كۆرۈشنى خالامسىز؟ بىراق، سىز ئۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس ـ دە.

— قىپنى كۆرستىڭ. مەن ھېلىقى ... ئۇلارنى نېمە دەيتتى ... ھە راست، بانكىرلارنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنمەن ... ئۇلارنىڭ تولىمۇ نەپىس سىزىلغان رەسىملىرى بار ئىكەن، بىزگە كۆرسەتتى.

— ھە، شىۋتسىبۇرگلارنىڭكىگە بارغانمىدىڭىز؟ — دېدى ساماۋارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئۆي ئىگىسى ئايال.

— باردۇق، قەدىرلىكىم، ئۇلار ئېرىم ئىككىمىزنى تاماققا چىللاپتىكەن. ئۇ بىزگە شۇ كۈنكى سالاتنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرى ئۈچۈن مىڭ رۇبلى كەتتى، دېدى، — كىنەز مېيەگكايا خانىم باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ كۈچەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇ سالاتنىڭ تەمى بۆلەكچىلا، يايپېشىللا تۇرىدۇ. كېيىن بىزمۇ ئۇلارنى ئۆيگە چاقىردۇق. سەكسەن بەش كوپېيكا خەجلەپ سالات ياسىغانىدىم، ئۇلارغا شۇنداق تېتىپ كەتتى. مەن ئۇنداق مىڭ رۇبلىلىق سالات قىلىشنى بىلمەيمەن.

— تەڭدىشىڭىز يوق ئايال ـ دە، سىز، — دەپ قويدى ئۆي ئىگىسى ئايال.

— راست شۇنداق، — دېدى يەنە بىرەيلەنمۇ.

كىنەز مېيەگكايا خانىمنىڭ گەپلىرى كىشىلەرگە دائىم مۇشۇنداق تەسىر بېرەتتى. بۇنىڭ سىرى شۇنىڭدىكى، ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ھازىرقى گېپىدەك بەكمۇ ئورۇنلۇق گەپلەر بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ سۆزلىگەندە تولىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىگەچكە، ئەتراپىدىكىلەرگە قىزىق گەپ قىلىپ بېرىۋاتقاندەك تەسىر بېرەتتى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى مېيەگكايا خانىمنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغانلىقىنىلا بىلەتتى ھەم شۇ ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىناتتى.

كىنەز مېيەگكايا خانىمنىڭ گەپلىرىنى ھەممەيلەن دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇشاتتى، ھەتتا ئەلچىنىڭ خوتۇنى ئولتۇرغان

تەرەپتىكىلەرمۇ پاراڭلىرىنى توختىتىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشتى. ئۆي ئىگىسى ئايال ئىككى تەرەپتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى باشقا بىر ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈش مەقسىتىدە، ئەلچىنىڭ خوتۇنىغا:

— سىز راستىنلا چاي ئىچمەمسىز؟ بىز تەرەپكە كېلىپ ئولتۇرامسىزيا! — دېدى.

— رەھمەت، بىزنىڭ بۇ يەرمۇ ياخشى، — ئەلچىنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئاندىن باشلىغان گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇنىڭ قىلىۋاتقان گېپى بەكمۇ قىزىقارلىق گەپ ئىدى، ھەممىسى بىر بولۇپ ئەر - خوتۇن كارېنىنلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشىۋاتاتتى.

— ئاننا موسكۋاغا بېرىپ كەلگەندىن بۇيان قەۋەتلا ئۆزگىرىپ كەتتى، ئادەم ھەيران قالغۇدەكلا، — دېدى ئاننانىڭ بىر دوستى.

— ئاساسىي ئۆزگىرىش، ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ۋرونسكىينىڭ سايىسىنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ، — دېدى ئەلچىنىڭ خوتۇنى.

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ گرىمنىڭ بىر چۆچىكىدە، كۆلەڭگىسى يوق، كۆلەڭگىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئادەم يېزىلغان. بۇ ئۇ ئادەمگە قانداقتۇر بىر ئىشى ئۇچۇن بېرىلگەن جازا ئىكەن. مەن بۇنىڭ جازاغا ياتىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. لېكىن، يەنە خوتۇن كىشىگە كۆلەڭگىسىز يۈرۈشمۇ كۆڭۈلسىز بولسا كېرەك.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق كۆلەڭگىسى بار خوتۇننىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، — دېدى ئاننانىڭ دوستى.

— تىلىڭغا تاش، — دېدى كىنەز مىيەگكايا خانىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا، — ئاننا ئاجايىپ ياخشى ئايال. مەن ئۇنىڭ ئېرىنى ياقتۇرمايمەن، ئەمما ئۆزىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن.

— نېمە ئۇچۇن ئۇنىڭ ئېرىنى ياقتۇرمايسىز؟ ئۇ قالتىس ياخشى ئادەم، — دېدى ئەلچىنىڭ خوتۇنى، — مېنىڭ ئېرىم

ئۇنىڭدەك سىياسىيون ياۋروپادا ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ، دەپ ماختايدۇ.

— مېنىڭ ئېرىممۇ ماڭا شۇنداق دېگەن، ئەمما مەن ئۇ گەپكە ئىشەنمەيمەن، — دېدى كىنەز مېيەگكايا خانىم، — ئەگەر ئەرلىرىمىز بىزگە شۇنداق دېمىگەن بولسا، بىز ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئالللىبۇرۇن بىلىپ بولغان بولاتتۇق. مېنىڭچە، كارىنىن ئۇچىغا چىققان گالۋاڭ ئادەم، بۇ گەپنى مەن سىلەرگە شىۋىرلاپ تۇرۇپ دەۋاتىمەن ... بۇنىڭ راستلىقى ئېنىقلىغۇ؟ بۇرۇن كىشىلەر ماڭا ئۇنى ئەقىللىق ئادەم دېيىشكەندە، ئۇنىڭ ئەقىللىق تەرىپىنى تاپالماي ئۆزۈمنى گالۋاڭ ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. ئەمدى مەن ئۇنى گالۋاڭ دەۋاتىمەن —— گەرچە بۇ گەپنى شىۋىرلاپ ئېيتىۋاتساممۇ —— بۇ توغرا گەپ، شۇنداقمۇ؟

— بۈگۈن گەپلىرىڭىز قەۋەتلا زەھەرلىككۇ!

— ئازراقمۇ ئۇنداق ئەمەس. شۇنداق دېمەي ئىلاجىم يوق. ئىككىمىزنىڭ ئىچىدە بىرىمىز گالۋاڭ. ئەمما، سىزمۇ بىلىسىز، دۇنيادا ئۆزىنى گالۋاڭ سانايدىغان ئادەم مۇتلەق يوق.

— دۆلەتكە تويغان ھېچكىم يوق، ئۆز ئەقلىگە ھەركىم توق، — دېدى دىپلومات فرانسۇزلارنىڭ بىر ماقالىنى مىسال كەلتۇرۇپ.

— توغرا، توغرا! — دېدى كىنەز مېيەگكايا خانىم دەررۇلا ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئەمما، مەن سىلەرنىڭ ئانىنانىڭ يامان گېپىنى قىلىشىڭلارغا يول قويمايمەن. ئۇ ياخشى ئايال، تولىمۇ ئوڭلۇق. ئەگەر كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ كەينىگە كىرىۋالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ نېمە چارىسى؟

— مەن ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغىنىم يوق، — دېدى ئانىنانىڭ دوستى ئۆزىنى ئاقلاپ.

— ئەگەر بىزنىڭ كەينىمىزدىن ھېچكىم كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ يۈرمىگەن بولسا، بۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن يامان گېپىنى قىلىپ يۈرۈشكە ھەقلىقمىز، دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ.

كىنەز ميەگكايا خانىم ئاننانىڭ دوستىنىڭ ئەدىپىنى كېلىشتۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ئەلچىنىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە يەنە بىر دائىرىدىكىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇلار پرۇسسىيە پادشاھى توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— سىلەرنىڭ ئۇ تەرەپتە كىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىڭلار؟ — سورىدى بېتسى.

— ئەر - خوتۇن كارېنىنلارنىڭ بولمامدۇ. كىنەز خانىم كارېنىننى بىر قۇر تەرىپلەپ چىقتى، — دەپ جاۋاب بەردى ئەلچىنىڭ خوتۇنى كۈلگەن بويى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

— ئەپسۇس، بىز ئاڭلىماي قاپتىمىز - دە، — دېدى ئۆي ئىگىسى، كۆزى ئىشىكتە، كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاخىر يېتىپ كەپسىز، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ۋرونسكىيغا قاراپ.

ۋرونسكىي بۇ يەردە ئولتۇرغانلار بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھەممەيلەن بىلەن تونۇشاتتى، شۇڭا خۇددى ھېلىلا سىرتقا چىقىپ قايتىپ كىرگەندەك، ناھايىتى ئەركىن، تەبىئىي مېڭىپ كىردى.

— نەدىن كېلىشىڭىز، دەمسىز؟ — دېدى ئۇ ئەلچىنىڭ خوتۇنىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن، — ئىلاجىم قانچە، ئىقرار قىلاي، قىزىقچىلار ئوپېرا تىياتىرخانىسىدىن كېلىشىم. ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى يۈز قېتىملاپ كۆرسىڭىزمۇ زېرىكىش ھېس قىلمايسىز. ئاجايىپ ئىش - دە، بۇ. قايتا - قايتا كۆرۈشىمۇ قاملاشمىغان قىلىق. لېكىن، مەن ناخشىلىق ئوپېرا كۆرسەم ئۇخلاپ قالىمەن، قىزىقچىلارنىڭ ئوپېراسىنى كۆرسەم ئاخىرىغىچە مىت قىلماي ئولتۇرۇپ كۆرىمەن، ماڭا بەك كۆڭۈللۈك بىلىنىدۇ. بۈگۈن ئاخشام ...

ئۇ فرانسۇز ناخشىچىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ، ئۇ ھەقتىكى بەزى قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى، ئەلچىنىڭ خوتۇنى قورقۇۋاتقاندەك قىياپەتتە تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى

بۆلۇۋەتتى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى يەنە سۆزلىمىسىڭىز.

— بولىدۇ، سۆزلىمەي. سۆزلىمىسەممۇ ئۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر.

— ئەگەر ئۇ ئوپېرادەك كۆڭۈللۈك بولغان بولسا ھەممە ئادەم بېرىپ كۆرگەن بولاتتى، — دېدى كىنەز مىيەگكايا خانىم ئۇنىڭ گېپىگە ماسلىشىپ.

# 7

تاشقىرىدىن قەدەم ئاۋازى ئاڭلانغاندا، كىنەز بېتسى خانىم ئاننانىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئىتتىك ۋرونسكىيغا قاراپ قويدى. ۋرونسكىي چىرايىدا غەلىتە بىر ھالەت، ئىشىك تەرەپكە قارىدى ۋە كىرىپ كېلىۋاتقان ئادەمگە ھەم خۇشال، ھەم پۈتۈن دىققىتى بىلەن، يەنە ئازراق جۈرئەتسىزلىك بىلەن نەزىرىنى تاشلاپ ئورنىدىن ئاستا قوپتى. ئاننا مېھمانخانىغا كىرىپ، ئادىتى بويىچە گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدىكى باشقا ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىلدام ۋە يېنىك مېڭىشى بىلەن ئۇدۇل مېڭىپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ قول ئېلىشتى ۋە كۈلكىسى بىلەن ۋرونسكىيغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن دەرھال ئورۇندۇق قويۇپ بەردى.

ئاننا ئۇنىڭغا جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە بىردىنلا قىزىرىپ قوشۇمىسى سەل - پەل تۈرۈلۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، دەررۇ ئۆزىنى ئوڭلىۋېلىپ، ئاندىن قالغان مېھمانلار بىلەن

بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىقتى. ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ، ئۆي ئىگىسىگە:
— شۇ تۇرقىمدا گىراف لىدىيە خانىمنىڭكىدىن كېلىشىم. خېلى بۇرۇنلا مېڭىشقا تەرەددۇتلانغانىدىم، خانىم تۇتۇۋېلىپ زادىلا قويۇپ بەرمىدى. جون ئەپەندىمۇ شۇ يەردە ئىكەن، بەكلا قىزىق ئادەمدەك قىلىدۇ.
— ھە، ھېلىقى مىسسىئونېرمۇ؟
— ھەئە. ھىندىستاندا تۇرغان ۋاقتىدىكى قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى.
ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن توختاپ قالغان گەپلەر، خۇددى شامالنى كۆرۈپ كۆچىيىپ كەتكەن ئوتقا ئوخشاش يەنە ۋاژىلداپ كەتتى.
— جون ئەپەندى! توغرا، جون ئەپەندى. مەن ئۇ ئادەمنى كۆرگەن، ناھايىتى ساغلام ئادەم. ۋلاسىيېۋا بىر چاغدا ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغان.
— ھە راست، كىچىك ۋلاسىيېۋانى توپوفقا ياتلىق بولارمىش، دەپ ئاڭلىدىم، راست گەپمىدۇ؟
— مەن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بەكمۇ قايىل. ئاڭلىغان گەپلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە بولغان ساپ ھېسسىياتلىرى بىلەن توي قىلغانىكەن.
— ساپ ھېسسىياتلىرى بىلەن؟ سىزنىڭ ئىدىيىڭىز يېڭىچە ئىكەن جۇمۇ. ھازىر نەدە ئۇنداق ھېسسىيات بىلەن بولىدىغان ئىش بار؟ — دېدى ئەلچىنىڭ خوتۇنى.
— ئىلاج قانچە؟ كونىراپ كەتكەن بۇ ئەخمىقانە ئادەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋرونسكىي.
— كىم شۇ ئادەتكە رىئايە قىلسا، ئۇنى چوقۇم نەس باسىدۇ. مەن ئەقىل بىلەن قىلىنغان نىكاھلىق تۇرمۇشنى بەختلىك تۇرمۇش دەپ بىلىمەن.
— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن، ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان

بەختلىك نىكاھ ئەسلىدە بېسىلىپ تۇرۇۋاتقان ھەۋەس بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ توزغاقتەك توزۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى ۋرونسكىي.

— بىز ئەقىل - ئىدراك ئۈستىگە قۇرۇلغان نىكاھ دەپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر مەزگىل قۇتراپ، كېيىن ئەقلىگە كەلگەن نىكاھنى دەيمىز. بۇ بىر قېتىم قىزىل چىققان ئادەمگە قايتا قىزىل چىقمىغاندەك بىر ئىش.

— ئۇنداق بولسا ئادەمگە چېچەك سالغاندەك، مۇھەببەتكىمۇ چېچەك سېلىش كېرەكمۇ؟

— مەن ياش ۋاقتىمدا چېركاۋدىكى بىر روھانىينى ياخشى كۆرۈپ قالغان، — دېدى كىنەز مىيەگكايا خانىم، — شۇ ئىشنىڭ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا قانداق رول ئوينىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— ياق، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال خاتالىشىپ، ئاندىن تۈزۈلۈش كېرەك، — دېدى كىنەز بېتسى خانىم.

— توي قىلىپ بولغانلارمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەكمۇ؟

— تۈزۈلۈپ ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى يوق، — بۇ گەپ ئىنگلىزلارنىڭ بىر ماقالى ئىدى.

— توغرا، دەل شۇنداق، — دېدى كىنەز بېتسى خانىم ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇپ، — چوقۇم ئاۋۋال خاتالىشىپ، ئاندىن تۈزۈلۈش كېرەك. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاننادىن. لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم ئويناپ تۇرغان ئاننا ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە جىمجىت قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى.

— مېنىڭچە، — دېدى ئاننا قولىدىن ئېلىۋەتكەن پەلىيىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، — مېنىڭچە ... باش قانچە بولسا، ئەقىلمۇ شۇنچە بولغاندەك، يۈرەك قانچە بولسا، مۇھەببەتنىڭ تۈرلىرىمۇ شۇنچە بولسا كېرەك.

ۋرونسكىي كۆزلىرىنى ئاننادىن ئۈزمەي، ئۇنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى يۈرىكى دۈپۈلدىگەن هالدا كۈتۈپ تۇراتتى. ئاننا شۇ گەپنى دېگەندە، خۇددى خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتۇلغان ئادەمدەك يەڭگىل تىنىپ قويدى.

— موسكۋادىن خەت ئالدىم، — دېدى ئاننا بىردىن ئۇنىڭغا قاراپ، — خەتتە كىتىنى قاتتىق ئاغرىق، دەپ يېزىپتۇ.

— راستمۇ؟ — دېدى ۋرونسكىي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— بۇ خەۋەرگە سىز كۆڭۈل بۆلمەمسىز؟ — دېدى ئاننا ئۇنىڭغا جىددىي تىكىلىپ.

— ئۇنداق ئەمەس، بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىمەن. خەتتە نېمىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى ماڭا دەپ بېرەرسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋرونسكىي.

ئاننا ئورنىدىن تۇرۇپ كىنەز بېتسى خانىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ماڭا بىر پىيالە چاي بەرسىڭىز، — دېدى ئۇ بېتسى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرۇپ.

كىنەز بېتسى خانىم چاي قۇيۇۋاتقاندا، ۋرونسكىي ئاننانىڭ يېنىغا كەلدى.

— خەتتە نېمىلەرنى دەپتۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى ئۇ.

— مەن ئەرلەرنى نومۇسسىزلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ نومۇسسىزلىق توغرىسىدا كۆپ گەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئاننا ۋرونسكىينىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ، — مەن سىزگە خېلىدىن بېرى ئېيتاي دەپ يۈرەتتىم، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا، ئۈستىدە ئالبوملار تۇرغان بۆلۈكچىدىكى ئۈستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— مەن سىزنىڭ بۇ سۆزىڭىزنىڭ مەنىسىنى تازا چۈشەنمىدىم، — دېدى ۋرونسكىي بىر پىيالە چاينى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بېرىۋېتىپ.

ئاننا يېنىدىكى ساپاغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇۋىدى،

ۋرونسكىي دەررۇ كېلىپ ئولتۇردى.

— مېنىڭ سىزگە ئېيتماقچى بولغىنىم، — دېدى ئاننا ۋرونسكىيغا قارىماي ئولتۇرۇپ، — سىز يارىماس ئىش قىلدىڭىز. يارىماس، تولىمۇ يارىماس ئىش.

— سىز مېنى قىلغان يامان ئىشنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ شۇنداق قىلغىنىمغا كىم سەۋەبچى بولغان، بۇنى بىلەمسىز؟

— بۇ گېپىڭىزنى نېمىشقا ماڭا دەيسىز؟ — دېدى ئاننا ۋرونسكىيغا جىددىي تىكىلىپ.

— نېمىشقا ئىكەنلىكىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى دادىل ۋە خۇشاللىق بىلەن ۋرونسكىي. كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۈچىگە تىكىلىكلىك ئىدى.

ئەمدى ۋرونسكىي ئەمەس، ئاننا خىجالەت بولۇپ قالدى.

— بۇ ئىشىڭىز سىزنىڭ رەھىمسىز ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ، — ئاننا ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، كۆزلىرى ۋرونسكىينىڭ ئۇنداق ئەمەس، ھېسسىياتقا باي ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى، شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ۋرونسكىيدىن ئازراق قورقۇپمۇ قالدى.

— بايا سىز دېگەن ئىشتا بىر ئۇقۇشماسلىق بار، مەن ئۇ قىزغا مۇھەببىتىمنى بەرگەن ئەمەس.

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىزنىڭ ئۇنداق يارىماس گەپلەرنى قىلىشىڭىزنى مەنئى قىلىمەن، — دېدى ئاننا بىردىنلا شۈركىنىپ كېتىپ. لېكىن، «مەنئى قىلىمەن» دېگەن سۆز ۋرونسكىينىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىششقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىق بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى دەررۇ سېزىپ قالدى. يەنە تېخى بۇ گەپ ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپمۇ قوياتتى، — مەن بۇ گەپنى سىزگە خېلى بۇرۇنلا دېمەكچى ئىدىم، — دېدى ئاننا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ يەنە. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ

ئوتتەك يېنىپ كېتمۇۋاتاتتى، ــــ سىزنىڭ بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ، شۇ گەپنى قىلىپ قويغىلى ئالاھىدە كەلدىم، ئەمدى بۇ ئىشىڭىزنى توختىتىڭ. مەن ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ باقمىغان، سىز مېنى بىرەر ئىشتا ئەيىبلىكتەك ھېس قىلدۇرۇۋاتىسىز.

ۋرونسكىي ئاننادىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۇنىڭدىكى يېڭى بىر خىل روھىي گۈزەللىكنى كۆرۈپ ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى.

ــــ سىز مېنى نېمە قىل دەيسىز؟ ــــ دېدى ئۇ قىسقا، ئەمما ئەستايىدىل سۆزلەپ.

ــــ موسكۋاغا بېرىپ كىتىدىن ئەپۇ سوراڭ دەيمەن، ــــ دېدى ئاننا جاۋابەن.

ــــ سىز مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىمنى خالىمايسىز.

ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئۇ گەپنى زورغا دەۋاتقانلىقىنى، كۆڭلىدىن چىقىرىپ دېمىگەنلىكىنى سېزىپ بولغانىدى.

ــــ ئەگەر سىز مېنى ئۆزىڭىز دېگەندەك ياخشى كۆرىدىغان بولسىڭىز، ــــ دېدى ئاننا ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ــــ مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىڭ، كۆڭلۈم تىنچىسۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋرونسكىينىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى.

ــــ ئەجەبا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەي يۈرۈۋاتامسىز؟ مېنىڭ كۆڭلۈم تىنچلىق تاپمايدىكەن، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنىمۇ تىنچ قويمايمەن. مېنىڭ بارلىقىم، مېنىڭ مۇھەببىتىم ... شۇنداق ... مەن ئۆزۈمنى سىزدىن ئايرىپ تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، سىز بىلەن مەن بىر جان، بىر تەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمگىمۇ، سىزگىمۇ تىنچلىق بولمايدۇ، بىزگە مەنسۇپ بولىدىغىنى خاپىلىق ھەم بەختسىزلىك ... ياكى بەخت، چەكسىز بەخت! بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق دەپ ئويلامسىز؟ ــــ ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ئۈنسىز دېگۈدەك دېگەن بولسىمۇ، ئاننا ئېنىق ئاڭلاپ تۇردى.

ئاننا خىيالىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئەقلىي كۈچىنى توپلىغانىدى، لېكىن ھېچقانداق گەپنى قىلالماي، مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى ۋرونسكىيغا تىككەن پېتى ئولتۇرۇپ قالدى.

«ھىم، بۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، — دېدى ۋرونسكىي ئىچىدە خۇشال بولۇپ، — بۇ ئىش نەتىجىسىز قالارمۇ، دەپ ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ تۇرغاندا، بىردىنلا يەنە ئۈمىد پەيدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇ مېنى ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھەم بۇنى ئۆزىمۇ ئىقرار قىلغانغۇ؟ !»

— مېنى دېسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئۇنداق گەپلەرنى قىلغۇچى بولماڭ، ياخشى دوستلاردىن بولۇپ ئۆتەيلى، — ئاننا ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، كۆزلىرىدە پۈتۈنلەي باشقىچە بىر مەنە ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئىككىمىزنىڭ دوست بولۇپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەملەردىن بولىمىزمۇ ياكى ئەڭ بەختسىز ئادەملەردىن بولىمىزمۇ، بۇ پۈتۈنلەي سىزنىڭ قارارىڭىزغا باغلىق.

ئاننا بىر نېمە دېمەكچىدى، ۋرونسكىي دەررۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى:

— مەن سىزدىن پەقەت بىرلا نەرسىگە، يەنى مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۈمىد بىلەن ياشايمەنمۇ ياكى ھەسرەت چېكىپمۇ، دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن. ئەگەر ھەر ئىككىلىسىگە بولمايدۇ دېسىڭىز، ھازىرلا گېپىڭىزنى ئىجرا قىلىڭ، شۇ تۇرقىدا يېنىڭىزدىن كېتىمەن. ئەگەر سىزگە كۆرۈنۈپ يۈرسەم بىئارام بولىدىغان بولسىڭىز، سىزگە ئىككىنچى كۆرۈنمەيلا قويىمەن.

— مەن سىزنى ھېچ قاياققا قوغلىماقچى ئەمەسمەن.

— سىزدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدىغانلا بولسا، مەن خاتىرجەم بولىمەن، ئىلاھىم، ھەممە ئىشلار مۇشۇنداق داۋاملاشقاي، — دېدى ئۇ تىترىگەن ئاۋازى بىلەن، — قاراڭ، ئېرىڭىز كەلدى.

دېگەندەك، كارېنىن دەل شۇ چاغدا سالماق ۋە ئېغىر چامداپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەندى.

ئۇ خوتۇنى بىلەن ۋرونسكىيغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئۆي ئىگىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە چاي ئىچكەچ سالماق ۋە جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن گەپ قىلىشقا باشلىدى، ئادىتى بويىچە گەپ ئارىلىقلىرىدا كىملەرنىدۇر ياراتمىغاندەك مەسخىرە ئاستىغا ئالدى.

— جەمئىيىتىڭىزدىكىلەر تولىمۇ جەم بولغان ئوخشىمامدۇ، — دېدى ئۇ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ، — ھەممىسىلا مۇسېسقا① ئوخشاش گۈزەللەر ئىكەن.

بېتسى ئۇنىڭ ئۇنداق مەسخىرە② تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشلىرىدىن بىزار ئىدى، شۇڭا بۇ ئەقىللىق ئايال گەپنى دەررۇلا مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت توغرىسىدىكى جىددىي پاراڭغا بۇرىۋەتتى. كارېنىنمۇ شۇئانلا خۇشال ھالدا گەپكە ئارىلىشىپ، بېتسى يامانلاۋاتقان يېڭى پەرماننى جىددىي ھالەتتە تۇرۇپ ھىمايە قىلىشقا باشلىدى.

ئاننا بىلەن ۋرونسكىي تېخىچە ئاشۇ كىچىك ئۈستەل يېنىدا ئولتۇراتتى.

— ئۇلار ياخشى قىلمايۋاتىدۇ، — دېدى خېنىملاردىن بىرى ئاننا، ۋرونسكىي ۋە ئاننانىڭ ئېرىنى كۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ.

— مەن سىزگە دېگەنغۇ؟ — دېدى ئاننانىڭ دوستى.

بۇ ئاياللارلا ئەمەس، مېھمانخانىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ھەتتا كىنەز ميەگكايا خانىم بىلەن بېتسىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ دائىرىدىن ئايرىلىپ ئايرىم ئولتۇرۇشقان ئۇ ئىككىسىگە، خۇددى ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئىشىغا كاشىلا قىلىۋاتقاندەك پات - پات قاراپ قويىدى. بىرلا كارېنىن ئۇلارغا بىر قېتىممۇ قاراپ

① مۇسېس — يونان ئەپسانىلىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت مۇئەككىلى.
② بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچە.

قويماي، يىغلا باشلانغان پاراڭغا قىزغىن بېرىلىپ ئولتۇراتتى.

كىنەز بېتسى خانىم ئۇلارنىڭ ھەممەيلەندە كۆڭۈلسىز تەسىرات قالدۇرۇۋاتقىنىنى سېزىپ، باشقا بىر ئايالنى كارېنىنىڭ سۆزىنى تىڭشاشقا ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئاننانىڭ يېنىغا باردى.

— مەن ئېرىڭىزنىڭ گەپىنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك قىلىدىغانلىقىغا تولىمۇ قايىل، — دېدى بېتسى، — چۈشەنگىلى بولمايدىغان گەپلەرنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسام شۇئان چۈشىنىمەن.

— بۇ دېگىنىڭىز راست، — دېدى ئاننا بەخت كۈلكىسىدە كۈلۈپ تۇرۇپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بېتسىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆپچىلىك ئولتۇرغان ئۈستەلگە كېلىپ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قوشۇلدى.

كارېنىن يېرىم سائەت ئولتۇرغاندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىللە قايتىپ كېتىشنى ئېيتقانىدى، ئاننا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، ئۆزىنىڭ كەچلىك تاماقتىن كېيىن قايتىدىغانلىقىنى دېدى. كارېنىن ئۇنىڭغا سەل ئېگىلىپ قويۇپ ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەتتى.

ئاننانىڭ پەيتۇنىنى ھەيدەيدىغان ئادەم پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم پەلتو كىيىۋالغان قېرى تاتار ئىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا مۈزلاپ تېپىرلاپ كېتىۋاتقان بوز ئاتنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. چاكار بالا پەيتۇننىڭ ئىشكىنى ئېچىپ ئاننانى ساقلاپ تۇراتتى، دەرۋازىۋەن دەرۋازىنى يوغان ئېچىپ قويۇپ، دەرۋازىنىڭ بىر يېنىدا دۈگدەرەپ تۇراتتى. ئاننا پەلتوسىنىڭ ئىلمىكىگە ئىلىنىپ قالغان يېڭىنىڭ جىيەكىنى ئەپچىل قوللىرى بىلەن بوشىتىۋېتىپ، ئۆزىنى ئۆزىتىپ چىققان ۋرونسكىينىڭ گەپلىرىگە ئىچى - ئىچىدىن ياير اپ تۇرۇپ قۇلاق سېلىپ كېلەتتى.

— سىزمۇ ھېچنېمە دېمىگەن، مەنمۇ سىزدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمىغانمۇ بولايلى، — دېدى ۋرونسكىي، — ئەمما، ماڭا دوستلۇقنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئۆمرۈمدە ماڭا مۇمكىن بولىدىغان بىردىنبىر بەخت سىز ئاڭلاشنى ياخشى كۆرمەيۋاتقان ئاشۇ بىر ئېغىز سۆز ... مۇھەببەت ...

— مۇھەببەت ... — ئاننا بۇ گەپنى ئىختىيارسىز ئالدىرىماي، چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ تەكرارلاپ قويدى ۋە يېڭىنىڭ جىيەكىنى ئىلىنىپ قالغان يەردىن بوشىتىۋالغان شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە بىر ئېغىز گەپنى قوشۇپ قويدى، — بۇ سۆزنى مەن كۆپ تەرەپلىمىلىك مەنىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرمەيمەن. ئۇ گەپ سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاددىي گەپ ئەمەس، — ئاننا شۇ گەپنى دەپ بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، — خەير !

ئاننا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، چاققان ۋە تېتىك قەدەملىرى بىلەن دەرۋازىۋەننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ پەيتۇنغا چىقتى.

ئاننانىڭ قاراشلىرى، قولىنىڭ قولىدا قالغان ھاراراتى ۋرونسكىينىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئوتقا ئوخشاش كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭ قولى تەگكەن ئالىقىنىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئىككى ئاي كەينىدە يۈرۈپ، پەقەت بۈگۈنلا مەقسىتىگە يەتكەنلىكىدىن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىپ، مەغرۇر ھالدا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

## 8

كارېنىن ئەسلىدە خوتۇنى بىلەن ۋرونسكىينىڭ ئايرىم ئۈستەلدە قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندە

غەيرىيلىك ياكى ئەخلاقىيات بىر ئويلارنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەنىدى. كېيىن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرمىغاندەك ئۇلارغا پات ـ پات قاراپ قويۇشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ دۇرۇس ئىش قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە خوتۇنى بىلەن شۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

كارېنىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ھەر قاچانقىدەك كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ ياتما ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن قەغەز كېسىدىغان پىچاقنى بەت ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويغان پاپىزم توغرىسىدىكى كىتابنىڭ دەل شۇ يېرىنى ئېچىپ، ئادىتى بويىچە سائەت بىرگىچە ئوقۇپ ئولتۇردى. نېمىنىدۇر قوغلاۋاتقان ئادەمدەك پات ـ پات بېشىنى چايقاپ، ئالدىغا بۆرتۈپ چىققان ماڭلىيىنى سىلاپ قوياتتى. ئۇ بەلگىلەنگەن سائەت يېتىپ كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇۋېلىپ، ئاندىن يېتىپ ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلدى. ئاننا تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. كارېنىن بىر كىتابنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ يۇقىرىغا چىقتى. بۈگۈن ئاخشام ئۇ كۈندىكىدەك ھۆكۈمەت خىزمەتلىرى ئۈستىدە ئويلانمىدى، كاللىسى خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆڭۈلسىز ئىشلار بىلەن بەند ئىدى. ئادىتى بويىچە دەررۇ كارىۋىتىغا چىقىپ ياتماي، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈردى. كاللىسىغا، يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ ئىشنى چوقۇم ياخشىراق ئويلاپ بېقىشىم كېرەك، دېگەن خىيال كىرىۋالغان بولغاچقا ئۇيقۇسى قاچقانىدى.

كارېنىن دەسلەپتە خوتۇنى بىلەن سۆزلىشىش قارارىغا كەلگەندە، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاددىي ھەم ئاسان تۇيۇلغانىدى. لېكىن، يېڭى پەيدا بولغان بۇ ئىشنى مۇلاھىزە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەس، مۇرەككەپ، قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

كارېنىن گۇمانخور ئادەم ئەمەس ئىدى، گۇمانخورلۇقنى

خوتۇنىغا قىلىنىغان ھاقارەت دەپ بىلەتتى، ئادەم ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا تولۇق ئىشىنىش كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئەمما، نېمە ئۈچۈن ئىشىنىش كېرەكلىكىنى، ياش رەپىقەمگە مەن ئىشەنسەملا مېنى ياخشى كۆرەمدۇ، دېگەننى ئۆزىدىن بىر قېتىممۇ سوراپ باقمىغانىدى. ئۆزى ئىشەنمەسلىكىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەچكە، خوتۇنىغا ئىشىنىپ يۈرۈۋېرەتتى ۋە مەندە خوتۇنۇمغا قارىتا ئىشەنچ بولۇشى كېرەك، دەپ بىلەتتى. لېكىن، ھازىر يەنە بۇرۇنقىدەكلا گۇمانخورلۇق قىلىشنى ئۇيات ئىش، خوتۇنۇمغا ئىشىنىشىم كېرەك، دېگەن ئويدىن ئاينىمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چۈشىنىپ بولمايدىغان ئاللىقانداق مەنتىقىسىز بىر ئىشقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. كارىنىن رېئاللىق ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ، خوتۇنۇم باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خىيالغا كېلىپ قېلىۋاتاتتى، ئۇ بۇ خىل رېئاللىقنى تولىمۇ بىمەنە، چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ئىشتەكمۇ ئويلاۋاتاتتى. كارىنىن ئوردىنىڭ تۈرلۈك تۇرمۇش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورۇندا ئىشلەيتتى، ئەمما ئۆزى ھەر كۈنى تۇرمۇش بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭدا چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتىن خاتىرجەم ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، كۆۋرۈك بىردىنلا چۈشۈپ كېتىپ، چوڭقۇر ھاڭنى ئاندىن كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھالىتىدەك روھىي ھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بۇ چوڭقۇر ھاڭ تۇرمۇشنىڭ ئۆزى، كۆۋرۈك كارىنىن بېسىپ ئۆتكەن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھايات ئىدى. خوتۇنۇم باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خىيال بىرىنچى قېتىم كاللىسىغا كەلگەندە، ئۇ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى.

ئۇ كېيىملىرىنى سالماي، بىرلا لامپا يورۇتۇپ تۇرغان تاماقخانىنىڭ تاختىيىنى بېسىپ ئۆتۈپ مېھمانخانىغا

كىرىپ — چىراغنىڭ يورۇقى ئۇنىڭ يېڭىلا سىزىلىپ تامغا ئېسىپ قويۇلغان رەسىمىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى — مېھمانخانىدىكى يۇمشاق گىلەمنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ يۈردى، بىر ئازدىن كېيىن خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ باقتى. ئۇ ئۆيدە ئىككى تال شام يېقىقلىق بولۇپ، شامنىڭ يورۇقىدا ئانىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ، دوستلىرىنىڭ رەسىملىرى، ئۈستىلى ئۈستىدىكى ئۆزى بىلمىدىغان ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كارىنىن ئۇ ئۆيدىن ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بولۇپ يەنە كەينىگە ياندى. ھەر قېتىم كەينىگە يېنىپ تاماقخانىغا كىرگەندە تاختاي ئۈستىدە بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ ئىشنى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىپ ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىش كېرەك، بۇ ھەقتىكى پىكرىم بىلەن قارارىمنى ئۇنىڭغا ئېيتمىسام بولمايدۇ، — دەپ قويۇپ يەنە كەينىگە ياناتتى، — لېكىن، نېمە دەيمەن؟ قارارىم نېمە؟ — مېھمانخانىغا كىرگەندە ئۆزىدىن ئۆزى سوراپ قوياتتى، لېكىن جاۋاب تاپالمايتتى، — ئۇ زادى قانداق ئىش؟ — كۇتۇپخانىسىغا كىرگەندە ئۆزىدىن يەنە سورىدى، — ھېچقانداق ئىش يوققۇ؟ بىر ئەر كىشى بىلەن ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ شۇ. ئۇنىڭغا نېمە بولاتتى؟ بىر ئايالنىڭ ئۇنداق سورۇنلاردا كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىشىنىڭ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار؟ ئۇنىڭدىن باشقا، گۇمان قىلىشلىرىمچۇ تېخى. بۇ ئۆزۈڭنىمۇ، خوتۇنۇڭنىمۇ يەرگە ئۇرۇش بىلەن باراۋەر ئىش ئەمەسمۇ؟» دېدى ئۇ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ ئۆزىگە ئۆزى يەنە. لېكىن، ھېلىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان بۇ مۇلاھىزىنىڭ ئەمدىلىكتە قىلچىلىك ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى قالمىدى. ئۇ يەنە ھۇجرىسىدىن چىقىپ مېھمانخانىغا ماڭدى. مېھمانخانىغا كىرىشى بىلەنلا قانداقتۇر بىر ئاۋاز: «بۇ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس، باشقىلار ئۇنى بايقىغان بولسا، دېمەك، بۇنىڭدا بىر گەپ بار دېگەن گەپ» دەۋاتقاندەك بولدى. ئۇ

تاماقخانىغا كىرگەندە يەنە ئۆزىگە ئۆزى: «شۇنداق، بۇ ئىشنى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىش، ئۇنى توسۇش كېرەك. ئۆز پىكرىمنىمۇ بىلدۈرۈشۈم زۆرۈر ...» دېدى. لېكىن، مېھمانخانىدىن كەينىگە يانغاندا يەنە ئۆزىدىن ئۆزى: «بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سوراپ قويدى. ئارقىدىنلا يەنە ئۆزىدىن: «نېمە ئىشلار بولۇپ كەتكەندۇ؟» دەپ سوراپ، كەينىدىنلا: «ھېچ ئىش بولمايدۇ» دەپ ئۆزى جاۋاب بەردى ۋە «خوتۇنۇڭدىن گۇمان قىلىش ئۇنىڭغا ھاقارەت كەلتۈرگەن بىلەن باراۋەر» دېگەن گېپىنى ئەسلىدى. لېكىن، مېھمانخانىغا كىرگەندە شۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىغا يەنە ئىشىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئوي - خىياللىرىمۇ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن تېنىگە ئوخشاش توختىماي چۆرگىلەپ تۇراۋاتاتتى، لېكىن ھېچقانداق يېشىملىق تاپالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى سېزىپ ماڭلىيىنى سۈرتۈۋېتىپ، خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇردى.

شۇ ئارىدا ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۈستەلىگە قارىدى، ئۈستەل ئۈستىدە يېشىل تاشتىن ئىشلەنگەن باسۇرغا بىلەن تېخى يېزىپ بولمىغان بىر پارچە خەت تۇراتتى. ئۇلارنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئىدىيىسى يەنە ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاشقا، ئۇنىڭ قانداق پىكىر ۋە ھېسسىياتلاردا يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئانالىز قىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى، ئىدىيىسىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تۇنجى قېتىم تەسەۋۋۇر ئاستىغا ئالدى. ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرمۇشى بولۇشى كېرەكتۇ، دېگەن خىيال كاللىسىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، ئۇنى قاتتىق قورقۇنچ باستى ۋە شۇئان ئۇ خىيالنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ ئۇ قاراشتىن قورققان ھېلىقى چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئۆزى ئىدى. پىكىر ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىدا باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاش كارېنىن ئادەتلەنمىگەن بىر خىل روھىي پائالىيەت ئىدى، بۇ خىل روھىي پائالىيەتنى ئۇ زىيانلىق ۋە

خەۋپلىك خىيالپەرەسلىك دەپ بىلەتتى.

«ئەڭ يامان بولغىنى شۇكى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئۇ ئىشلىرىم ئەمدى بىر نەتىجىگە ئېرىشەي (ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويغان پىلانىنى دېمەكچى) دەپ قالغان، بولۇپمۇ ماڭا خاتىرجەملىك ۋە روھىي قۇۋۋەت تازا لازىم بولۇۋاتقان چاغدا، كۆڭلۈمگە بۇ مەنىسىز ئەندىشىلەر چۈشتى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن ئۇنچىلىك ئاۋارىچىلىكلەرگە، ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدىكى يۈرەكسىز ئادەم ئەمەسقۇ؟»

«مەن ياخشىراق ئويلىنىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىم، ئاندىن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك» دەپ ئۈنلۈك گەپ قىلىپ كەتتى ئۇ.

«ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى، كۆڭلىدە پەيدا بولغان ياكى پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولغان نىيەت - ئىقباللىرى بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. ئۇلار ئۇنىڭ ۋىجدانىغا بېرىپ تاقىلىدىغان، دىن كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ ئىشلار» دېدى ئۇ ئىچىدە ۋە يېڭى بايقىغان مەسىلىنىڭ قانداق خاراكتېرلىك مەسىلە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى خېلىلا يېنىكلىشىپ قالغاندەك سەزدى.

«شۇنداق، — دېدى كارېنىن يەنە ئۆزىگە ئۆزى، — ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى ۋىجدانىغا مەنسۇپ نەرسىلەر، مەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئېنىق، ئائىلە باشلىقىمەن، شۇڭا ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ تۇرۇش مەسئۇلىيىتىم بار، شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا قارىتا قىسمەن مەسئۇلىيەت مېنىڭ ئۈستۈمدە. ئۇنىڭغا ئۆزۈم سېزىپ تۇرۇۋاتقان خەتەرلىك ئەھۋاللارنى دەپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشۇم، ھەتتا لازىم بولغاندا ئۇنىڭغا ھوقۇقۇمنى يۈرگۈزۈشۈم، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى ئېيتىشىم كېرەك.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنى قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىنى كاللىسىغا قاتار تىزىۋالدى. ئۇ ئىشلار ئۈستىدە

ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى دەپ بىلىپ ـ بىلمەي بىرمۇنچە ۋاقىتنى، بىرمۇنچە زېھنىنى سەرپ قىلىۋەتكىنىگە ئەپسۇسلىنىپمۇ قويدى. شۇنداق بولسىمۇ، پات ئارىدا دەيدىغان گەپلىرىنى خۇددى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى تۈزگەنگە ئوخشاش، شەكىل ۋە تەرتىپى بىلەن كاللىسىغا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ يېزىپ تاماملىدى. «مەن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىدا گەپ قىلىشىم كېرەك: بىرىنچى، جامائەت پىكرى بىلەن يۈز ـ ئابرۇينىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈش؛ ئىككىنچى، نىكاھنىڭ ئەھمىيىتىنى دىنىي جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش؛ ئۈچىنچى، ئەگەر زۆرۈر بولسا، ئوغلىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېسىگە سېلىپ قويۇش؛ تۆتىنچى، ئۆزىنىڭمۇ بەختسىزلىككە ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈش.» كارېنىن شۇ ئىشلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن بارماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، ئالىقانلىرىنى پەسكە قارىتىپ سوزغانىدى، بارماقلىرىنىڭ ئۇگىلىرى قاراسلاپ كەتتى.

ئىككى قولىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ تۇرۇپ بارماقلىرىنى قارسىلدىتىشتەك شۇ يامان ئادەت ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ، سوغۇق قانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەتتى، دەل ھازىر ئۇنىڭغا شۇ خىل سوغۇق قانلىق زۆرۈر ئىدى.

ئايال كىشىنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. كارېنىن دەيدىغان گەپلىرىنى تەييارلاپ بولۇپ جايىدا ئۆرە تۇراتتى، قوللىرى يەنە شۇ ھالەتتە، قارسىلدامدۇ ـ يوق، بىلمەيتتى. ھەرھالدا بىر بارمىقىدىن بولسىمۇ قاس چىقتى.

پەلەمپەينى يەڭگىل دەسسەپ چىقىۋاتقان قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ بۇ تىۋىشنى ئاڭلاپ ئاننانىڭ ئۈستىگە چىقىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلدى. گەرچە ئۆز نۇتقىدىن قانائەتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ گەپلەرنى ئوچۇق ئېيتىشتىن يەنىلا قورقۇپ تۇرۇۋاتاتتى...

# 9

ئاننا بېشىنى يەردىن ئالماي، ياغلىقىنىڭ چۇچۇلىسىنى ئوينىغان ھالدا كىرىپ كەلدى، چىرايىدىن نۇر تېمىپ تۇراتتى، بۇ نۇر خۇشاللىق نۇرى ئەمەس، تۇم قاراڭغۇ كېچىدىكى يانغىنىنىڭ مۇدھىش نۇرىغا ئوخشاش نۇر ئىدى. ئۇ ئېرىنى كۆرۈپ، خۇددى تاتلىق چۈشىدىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ۋاي، تېخىچە ياتمىدىڭىزمۇ؟ ھەيران قالارلىق ئىشقۇ بۇ، — ئاننا شۇنداق دېگەچ، بېشىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ تاشلاپ، توختىمايلا ئۇدۇل يۇيۇنىدىغان ئۆي تەرەپكە ماڭدى، — ئەمدى ئۇخلاڭ، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، — دېدى ئۇ يۇيۇنىدىغان ئۆيدە تۇرۇپ.

— ئاننا، ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى.

— ماڭىمۇ؟ — ئاننا ھەيران قېلىپ، ئىشىك ئىشكتىن چىقىپ ئۇنىڭغا قارىدى، — ھە، نېمە گەپ؟ نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچى؟ — ئۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، — گېپىڭىز بولسا قېنى سۆزلەڭ، ئەڭ ياخشىسى، ھازىر ئۇخلىساق ئوبدان بولاتتى.

ئاننا بۇ گېپىنى ئۆزى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ يالغان گەپ قىلىشقا ئۇستىلىقىدىن ھەيران قالدى. گېپى شۇنچىلىك تەبىئىي، خۇددى راستىنلا ئۇيقۇسى كېلىپ تۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك چىققانىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى يالغانچىلىقنىڭ تىكىنى ئۆتمەيدىغان تون كىيىۋالغاندەك، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قانداقتۇر بىر كۈچ ئۆزىگە ياردەم بېرىۋاتقاندەك، يۆلەك بولۇپ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

— ئاننا، مەن سېنى بىر ئىشتا ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى، — دېدى كارېنىن.

— ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى؟ — دېدى ئاننا، — قانداق ئىشتا؟

ئاننا شۇنچىلىك مەغرۇر، شۇنچىلىك خۇشال ھالەتتە ئولتۇرۇپ ئېرىگە قارىدى. ئەگەر باشقا بىر ئادەم بولغان بولسا — ئۇنى ئېرىگە ئوخشاش چۈشىنىدىغان ئادەم بولمىسا — ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋە گېپىنىڭ ئۇرانىدىن قىلچە ياسالمىلىق سەزمىگەن بولاتتى. لېكىن، كارېنىن ئۇنى چۈشىنەتتى، ئۆزى كارىۋاتقا چىقىپ يېتىشتىن بەش مىنۇت كېچىكىپ قالسا ئۇنىڭ دىققىتى قوزغىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭغا يەنە ئانىنانىڭ خۇشاللىقىنىمۇ، خاپىلىقىنىمۇ، خۇشلۇقىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي شۇ ھامان دەپ تۇرىدىغانلىقىمۇ مەلۇم ئىدى. ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇ كارېنىننىڭ كۆڭلىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشىنەي دېمەيۋاتاتتى ھەم ئۆزى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال كارېنىنغا بىرئاز غەيرىي تۇيۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كارېنىن يەنە ئۇنىڭ ئۆزىگە دائىم ئوچۇق تۇرىدىغان كۆڭلىنىڭ ئەمدى مەھكەم يېپىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇنىنىڭ سۆز ئۇرانىغا قاراپ بۇ ئىشىدىن خىجالەت بولماقتا يوق، ئەكسىچە ئوچۇقتىن ئوچۇق: «شۇنداق، يېپىلىپ قالدى، يېپىلىپ قېلىشى كېرەك ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق يېپىق تۇرىدۇ» دەۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتنى ھېس قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن كارېنىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئىشىكىدە قۇلۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئادەمدەك روھىي ھالەت ئىچىدە قالدى. «بەلكىم ئاچقۇچىمۇ تېپىلىپ قالار» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— مەن سېنى، — دېدى كارېنىن پەس ئاۋازدا، — ئېھتىياتسىزلىق ھەم يېنىكلىك قىلىپ جەمئىيەتتە ئۆزۈڭ

توغرىسىدا مىش ـ مىش گەپلەرنىڭ تارقىلىشىغا باھانە تېپىپ بەرمە، دەپ ئاگاھلاندۇرماقچى. سېنىڭ بۈگۈن گراف ۋرونسكىي (ئۇ بۇ ئىسمنى قەتئىي ۋە ۋەزمىن ئاھاڭدا ئېيتتى) بىلەن قىزغىن سۆزلىشىپ ئولتۇرغىنىڭ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئۇ سۆزلەپ تۇرۇپ، خوتۇنىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ھەم ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ پايدىسىز قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنى سەزدى.

ـــ سەن دائىم مۇشۇنداق، ـــ دېدى ئاننا خۇددى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي چۈشەنمىگەندەك، پەقەت ئاخىرىدىكى بىر ئېغىز سۆزنىلا چۈشەنگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ـــ ئىچىم پۇشۇپ جىمىپ قالسام، جىمىپ كەتتىڭ دەيسەن، خۇشال بولسام، خۇشال بولۇپ كەتتىڭ دەيسەن. ئەمدى ئىچىم پۇشماي ئولتۇرسام، بۇمۇ ساڭا ياقمىدىمۇ؟

كارېنىن شۈركىنىپ كېتىپ، قوللىرىنى قارسىلدىتىش ئۈچۈن بارماقلىرىنى يەنە ئېگىشكە باشلىدى.

ـــ بارماقلىرىڭنى قايرىمىساڭچۇ! ئەجەبمۇ خۇشۇم يوق شۇ قىلىقىڭغا! ـــ دېدى ئاننا.

ـــ ئاننا، نېمە بولۇپ كەتتىڭ سەن؟ ـــ دېدى كارېنىن ئۆزىنى زورغا تۇتۇۋېلىپ بوش ئاۋازدا، قوللىرىنى قارسىلدىتىشنىمۇ شۇئان توختاتتى.

ـــ زادى نېمە ئىش؟ ـــ دېدى ئاننا راست ـ يالغان ھەيران بولۇۋاتقان ئاھاڭدا، ـــ سەن مېنى نېمە قىل دېمەكچى؟

كارېنىن جىم تۇرۇپ قېلىپ، قولى بىلەن پېشانىسىنى، كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى ئالدىن تەييارلىغان پىلانى بويىچە ئىش قىلالماي، يەنى خوتۇنىنىڭ جامائەت ئالدىدا يۈزىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالماي، ئەكسىچە خوتۇنىنىڭ ئار ـ نومۇسى توغرىسىدا ئىختىيارسىز ئەنسىرەپ، خىيالىدىكى قانداقتۇر بىر قورغان بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك سەزدى.

— ساڭا دېمەكچى بولغىنىم مۇنداق گەپ، — دېدى كارېنىن تەمكىن ۋە سوغۇق قانلىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ياخشىراق ئاڭلا. مەن ئەزەلدىن گۇمانخورلۇقنى پەسكەشلىك دەپ بىلىپ كەلگەن، شۇڭا ئۆزۈمدە ئۇنداق روھىي ھالەتنىڭ بولۇشىغا مۇتلەق يول قويمايمەن. ئەمما، بەزى ئەدەپ ـ قائىدىلەر بار، ئۇنىڭغا خالىغانچە خىلاپلىق قىلساڭ چوقۇم جازاغا ئۇچرايسەن. بۈگۈن ئاخشام مەن ئەمەس، باشقىلار سېنىڭ ھەرىكىتىڭنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ قالدى. سېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن تەسىرىڭدىن ئاشۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ.

— سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭنى ئازراقمۇ چۈشەنمىدىم، — دېدى ئاننا مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ. «ئۇ ئۆزى ھېچنېمە ئويلىمىغان، ئەتراپىدىكىلەر دىققەت قىلىپ قالغاچقىلا ئەنسىرەپ قالغاندەك قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى ئاننا، — ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، بۈگۈن سېنىڭ تاۋۇڭ يوقمۇ، قانداق؟ — ئۇ شۇ گەپنى دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىۋىدى، كارېنىن ئۇنى توسۇۋالماقچى بولغاندەك، ئىتتىك ئالدىغا ئۆتۈۋالدى.

ئۇنىڭ تەرى شۇنچىلىك سەت تۇتۇلۇپ كەتكەن، ئاننا ئۇنى زادىلا بۇنداق قىياپەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئاننا مېڭىشتىن توختاپ، بېشىنى بىردەم ئارقىغا، بىردەم ئىككى يانغا ئېگىپ، ئەپچىللىك بىلەن چاچ قىسقۇچلىرىنى بېشىدىن ئېلىشقا باشلىدى.

— ماقۇل، سۆزلە، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى ئۇ مەسخىرە تەلەپپۇزىدا خاتىرجەم تۇرۇپ، — مېنىڭمۇ ئاڭلىغۇم بار، زادى نېمە ئىش بولدىكىن بىلىپ باقاي.

ئاننا شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ تەمكىن، تەبىئىي ۋە سۆزلەرنى تاللاپ تۇرۇپ قىلغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

— سېنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشكە ئۆزۈمنى ھەقلىق دەپ ئويلىمايمەن، ئۇنداق

قىلىشىنىڭمۇ پايدىسى يوق، ھەتتا زىيانلىق، — كارىنىن ئىچىدىكى گەپلىرىنى دېيىشكە باشلىدى، — بىز ئۆزىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزىمىز قازىدىغان بولساق، بۇرۇن بايقىمىغان نەرسىلەرنى قېزىپ چىقىرالايمىز. سېنىڭ ھېسسىياتىڭ ئۆزۈڭنىڭ ۋىجدانى بىلەن چېتىشلىق ھەم ئۇ سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭنىمۇ ئۆزۈڭگە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇ مېنىڭ ساڭا ھەم ئۆزۈمگە بولغان مەسئۇلىيىتىمنىڭ ۋە خۇدانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتلىرىمىزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مەسئۇلىيەت. بۇ بىرىكىشنى بۇزۇشنىڭ ئۆزى جىنايەت، ئۇ خىلدىكى جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن ئادەم قاتتىق جازاغا ئۇچرايدۇ.

— مەن گەپلىرىڭنى ئازراقمۇ چۈشىنەلمەيۋاتىمەنغۇ! ئۇھ، خۇدايىمەي، تازىمۇ ئۇيقۇ باستىغۇ مېنى، — ئاننا شۇنداق دېگەچ ئىتتىك - ئىتتىك ھەرىكەت قىلىپ بېشىدىكى قالغان قىسقۇچلارنى ئېلىۋېتىشكە باشلىدى.

— ئاننا، خۇدا ھەققى، ئۇنداق دېمىگىن، — دېدى كارىنىن يۇمشاق سۆزلەپ، — بەلكىم مەن خاتالىشىۋاتقاندىمەن، لېكىن ئىشەنسەڭ، بۇ گەپلەرنى ئۆزۈمنىمۇ، سېنىمۇ ئويلاپ دەۋاتىمەن. مەن سېنىڭ ئېرىڭ، سېنى ياخشى كۆرىمەن.

ئاننانىڭ چىرايى بىردىنلا سولدى، كۆزلىرىدىكى مەسخىرە كۈلكىلىرىمۇ ئۆچتى، چۈنكى كارىنىنىنىڭ «ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزى جېنىغا تەگكەندى. «ئۇ مېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ — ئويلىدى ئۇ، — مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمدۇ؟ ئەگەر باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ‹ياخشى كۆرۈش› دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغان بولسا، ئۇ بۇ گەپنى مەڭگۈ ئاغزىغا ئالماي ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ نېمىنىڭ ياخشى كۆرۈش، نېمىنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى تۇپتىن بىلمەيدۇ...»

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، مەن گەپلىرىڭنى راستتىنلا چۈشەنمەيۋاتىمەن، — دېدى ئاننا، — ئوچۇق ئېيتقىنا، سەن زادى نېمە دېمەكچى؟

— سۆزۈم تۇگىگۈچە ئاڭلاپ تۇرغىن. مەن سىېنى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۆزۈم ئۇچۇنلا سۆزلەۋاتقىنىم يوق، ئاساسەن ئۇغلىمىز بىلەن سىېنى دەپ سۆزلەۋاتىمەن. يەنە بىر قېتىم تەكرارلاي، بەلكىم ئۇ سۆزلىرىم ساڭا ئارتۇقچە ھەم ئورۇنسىز بىلىنىۋاتقاندۇ ياكى بولمىسا ئۇقۇشماسلىقتىن سۆزلەۋاتقاندىمەن. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، مىېنى كەچۈرگىن، ئۇنداق بولماي، ئازراق بولسىمۇ يوللۇق بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ گەپلەرنى ئوبدانراق ئويلىنىپ باققىن، قانداقلا ئويغا كەلگەن بولساڭ ماڭا دېسەڭ بولىدۇ...

كارىنىن ئالدىن تەييارلىنۋالغان سۆزلىرىنى دېمەي، پۈتۈنلەي باشقىچە سۆزلەپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

— مېنىڭ دەيدىغان ھېچقانداق گېپىم يوق ھەم ... — دېدى ئاننا ئالدام ـ ئالدام سۆزلەپ ۋە كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، — راست، ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى، ياتايلىچۇ.

كارىنىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنچىقماي ياتىدىغان ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئاننا ھۇجرىغا كىرگەندە كارىنىن كارىۋىتىغا چىقىپ يېتىپ بولغانىدى. كالپۇكلىرى چىڭ يۇمۇلغان، ئانناغا قاراپمۇ قويمىدى. ئاننا ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا چىقىپ، ماڭا يەنە قاچان گەپ قىلاركىن، دەپ ساقلاپ ياتتى. ئۇ ئۇنىڭ گەپ قىلىشىدىن قورقاتتى ھەم يەنە گەپ قىلىشىنى ئۇمىد قىلاتتى، ئەمما ئۇ زادىلا گەپ قىلمايتتى. ئاننا خېلىغىچە شۇ ھالەتتە ياتتى ۋە بارا ـ بارا ئۇنى ئۇنتۇپ خىيالى باشقا بىرىگە كەتتى. ئۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، ئۇنى خىيالىغا كەلتۈرسىلا يۈرىكى ئويناپ، بىرخىل جىنايى خۇشاللىقىقا پاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى. خورەك يېڭى باشلانغاندىلا كارىنىن ئۆزىنىڭ خورىكىدىن ھەيران قالغاندەك جىمىپ كەتتى. لېكىن، بىر ـ ئىككى قېتىم جىمجىت نەپەسلىنىۋېلىپ، بىردىنلا تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ رىتىملىق خورەكنى باشلىۋەتتى.

«كېچىكتىڭ، كېچىكتىڭ، بەكلا كېچىكتىڭ» دەپ بوش شىۋىرلىدى ئاننا. ئۇ كۆزىنى يۇمماي، قاراڭغۇدا كۆزلىرىنىڭ نۇرلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك خېلىغىچە قىمىر قىلماي ياتتى.

# 10

شۇ كېچىدىن باشلاپ، كارېنىن بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇچۇن بىر خىل يېڭىچە ھايات باشلاندى، ئالاھىدە بىر ئىشمۇ يۈز بەرمىدى. ئاننا بۇرۇنقىدەكلا ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ سورۇنلىرىغا بېرىپ تۇردى، بولۇپمۇ بېتسىنىڭ ئۆيىگە كۆپرەك بارىدىغان، ۋرونسكىي بىلەن ھەممىلا يەردە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدى. كارېنىن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇردى، لېكىن ھېچنېمە قىلالمىدى. بار ئاماللارنى قىلىپ خوتۇنى بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، بۇزۇپ ئۆتكىلى بولمايدىغان توسۇقتىن بىرنى سېلىپ ئۇنى توسۇپ قوياتتى. كۆرۈنۈشتە ئىككىسى بۇرۇنقىغا ئوخشاش كېتىۋاتقاندەك، ئەمما ئىچكى مۇناسىۋەتلىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى. كارېنىن كۈچلۈك بىر سىياسىيون تۇرۇپ، ئۆزىنى بۇ جەھەتتە تولىمۇ ئاجىز سېزەتتى، ئۆزىنى بېشى ئۈستىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۆتكۈر پالتىنىڭ ئاستىدا ياۋاشلىق بىلەن بېشىنى ئېگىپ، پالتىنىڭ زەربىسىنى كۈتۈپ تۇرغان ئۆكۈزگە ئوخشىتاتتى. ھەر قېتىم شۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلاشقاندا، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ باقاي، ياخشى كۆڭۈل، ياخشى مۇئامىلە ۋە چىرايلىق نەسىھەتلەر بىلەن چۈشەندۈرسەم ئۇنى ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇشقا، ھوشىغا كەلتۈرۈشكە ئازراق بولسىمۇ مۇمكىن بولۇپ قالار، دېگەندەك

ئۈمىد ـ ئارزۇلاردا بولاتتى، لېكىن خوتۇنى بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىغاندىلا، خوتۇنىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان رەزىل، ئالدامچى شەيتان ئۇنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، نەتىجىدە سۆزلىگەنلىرى ئۆزى ئويلىغان سۆزلەر بولماي قالاتتى، تەلەپپۇزىمۇ ئەسلىدە ئويلىغاندەك چىقمايتتى، باشقىلارنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك سۆزلەيدىغان ئادىتى بويىچە سۆزلەيتتى. خوتۇنىغا دەيدىغان يۈرىكىدىكى گەپلىرىنى بۇنداق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىسە پەقەتلا بولمايتتى...

# 11

ۋرونسكىينىڭ يۈرىكىدە تويتوغرا بىر يىل ھۆكۈم سۈرگەن بىر ئارزۇ ئىلگىرىكى بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ھەيدەپ چىقارغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئاننا ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ھەم قورقۇنچلۇق، لېكىن يەنە ئادەمنىڭ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدىغان، تەلپۈندۈرىدىغان ئارزۇ ئىدى. ئاخىر بۇ ئارزۇ قاندۇرۇلدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئالدىدا چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، ئېڭىكى تىترەپ تۇرغان ھالدا ئۆرە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى بېسىۋېلىشنى سورايتتى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى بېسىۋېلىشى كېرەكلىكىنى، قانداق قىلغاندا ئۆزىنى بېسىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

— ئاننا! ئاننا! — دەيتتى ئۇ تىترىگەن ئاۋازى بىلەن، — ئاننا، خۇدا ھەققى ...

لېكىن، ۋرونسكىي بۇ گەپلەرنى قانچىلىك ئاۋازلىق سۆزلىسە، ئەسلىدە خۇشخۇي، مەغرۇر ئاننانىڭ بېشى نومۇستىن شۇنچە ساڭگىلاپ كېتەتتى. ئاننانىڭ گەۋدىسى تېخىمۇ پۈكۈلۈپ، ئولتۇرغان سايادىن ۋرونسكىينىڭ پۇتى ئاستىدىكى پولغا

سىيرىلىپ چۈشتى، ئەگەر ۋرونسكىي تۇتۇۋالمىغان بولسا گىلەم ئۈستىگە دۈم چۈشكەن بولاتتى.

— ئاھ خۇدا! مېنى كەچۈرگىن! — دەيتتى ئۇ ۋرونسكىينىڭ قولىنى مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ.

ئاننا ئۆزىنى شۇقەدەر گۇناھكار سېزەتتى، ئۆزىگە پەقەت ئۆزىنى خارلاشتۇرۇپ خۇدادىن كەچۈرۈم سوراشتىن باشقا يولنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتىدا ۋرونسكىيدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى، شۇڭا پەقەت شۇنىڭدىنلا كەچۈرۈم سورايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغىنىدا ئۆزىنىڭ رەسۋا بولغانلىقىنى سېزىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ھاياتىنى ئۆز قولى بىلەن ھالاك قىلغان ئادەمنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ تۇرغان قاتىل نېمىنى ھېس قىلسا، ۋرونسكىيمۇ ئۆزىدە شۇنداق تۇيغۇنى سېزەتتى. ھاياتتىن ئۆزى مەھرۇم قىلغان جەسەت ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئۇ مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرى ئىدى. شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆلەنگەن نومۇسنىڭ شۇ دەھشەتلىك بەدىلىنى ئويلىغاندا، ئاننا ئىختىيارسىز قورقۇنچ ۋە يىرگىنىش ئىچىگە غەرق بولاتتى. ئۇنىڭدىكى روھىي رەسۋالىق نومۇسى ۋرونسكىيغىمۇ تەسىر قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ جەسىتىگە قاراپ تۇرۇش قاتىلغا قانچىلىك دەھشەتلىك تۇيۇلسىمۇ، ئۇ چوقۇم جەسەتنى پارچە - پارچە قىلىپ پارچىلاپ يوشۇرۇش ۋە قاتىللىقتىن تاپقان ھالاۋەتنى كۆرۈش كېرەك - دە.

شۇنىڭ بىلەن قاتىل رەھىمسىزلىك ۋە ئەسەبىيلىك بىلەن جەسەتكە ئېتىلىپ ئۇنى پارچە - پارچە قىلىۋەتكەنگە ئوخشاش، ۋرونسكىيمۇ ئاننانىڭ يۈزىگە، مۈرىلىرىگە توختىماي سۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرغان ئاننا قىمىر قىلماي تۇراتتى. «شۇنداق، بۇ سۆيۈشلەر ئاشۇ ئالەمچە نومۇسنىڭ بەدىلىگە كەلگەن. ئەمدى بۇ قوللار مەڭگۈ ماڭا مەنسۈپ، بۇ

مېنىڭ شېرىكىمنىڭ قوللىرى.» ئاننا ئۇنىڭ قولىنى لەۋلىرىگە يېقىن ئەكېلىپ سۆيۈپ كەتتى. ۋرونسكىي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماقچى بولدى، لېكىن ئاننا بېشىنى تۆۋەن قىلىۋېلىپ چىرايىنى كۆرسەتمىدى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئاخىرىدا ئۆزىنى مەڭ تەستە بېسىۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ۋرونسكىينى نېرى ئىتتىرىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايى بۇرۇنقىدەك چىرايلىق، ئەمما ئېچىنارلىق ئىدى.

— بولار ئىش بولدى، — دېدى ئاننا، — مېنىڭ سەندىن باشقا ھېچنېمەم يوق، بۇنى ئېسىڭدە تۇت ...

— مېنىڭ ھاياتىم بىلەن باراۋەر قىممەتلىك نەرسىنى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس. بۇ بەختنىڭ بىر مىنۇتى ئۇچۇن ...

— نېمە بەخت ئۇ ! — دېدى ئاننا يىرگىنىش ۋە قورقۇنچ ئارىلاش. ئۇنىڭدىكى ئۇ قورقۇنچ ۋرونسكىيغىمۇ يۇققاندەك بولدى، — خۇدا ھەققى، بۇ گەپنى قايتا ئېغىزغا ئالما، ئېغىزغا ئالما !

ئاننا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى ۋرونسكىيدىن چەتكە ئالدى.

— ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلما ! — دېدى ئۇ بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ. ئاندىن چىرايى ۋرونسكىينى ھەيران قالدۇرۇپ، مەيۈس ۋە سوغۇق تۈس ئالغان قىياپەتتە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئاننا يېڭى ھاياتقا قەدەم باسقان شۇ دەملەردىكى خۇشاللىق، ئۇياتلىق ۋە ۋەھىمىلىك ھېسسىياتىنى سۆز بىلەن تەرىپلەپ بېرىشكە ئامالسىز ئىدى ھەم بىرەر يامان تىل بىلەن تەرىپلەپ سېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇ ھەقتە گەپ قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. لېكىن، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ خىل مۇرەككەپ ھېسسىياتنى تەرىپلەشكە سۆز تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ ئىشنىڭ باش ـ ئاخىرىنى ئويلاپ بېقىش ئۇچۇن پىكىرمۇ قىلالمىدى.

ئاخىر ئۆزىگە ئۆزى: «ياق، ھازىر مەن بۇ مەسىلىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىگۈدەكمەن. كۆڭلۈم سەل تىنچىغاندا بىر گەپ بولا» دېدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى پەقەتلا تىنچلىق تاپمىدى.

ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى، ئەمدى نېمە بولىدىغانلىقىنى، نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلىغانلىرىدا، بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ، ئۇ خىل ئويلارنى ئالمان ـ تالمان خىيالىدىن ھەيدەيتتى.

«كېيىنرەك، كېيىنرەك قاراپ باقاي،ــ دەيتتى ئۇ ئۆزىگە،ــ كۆڭلۈم سەل خاتىرجەم بولغاندا بىر گەپ بولار.»

ئەمما، ئۇخلاۋېتىپ، ئۆز پىكىرلىرىگە ئىگە بولالمايدىغان چۈشلىرىدە ئۇ رەسۋاچىلىقى كۆز ئالدىغا روشەن كېلىپ تۇراتتى. بىر چۈشنى ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرەتتى. چۈشىدە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ ئېرىمىش، ھەر ئىككىسى ئۇنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەرمىش. كارېنىن ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن ھازىر شۇنچىلىك بەختلىك !» دەۋاتقانمىش. ۋرونسكىيمۇ شۇ يەردە بارمىش، ئۇمۇ ئۇنىڭ ئېرىمىش. ئاننا بۇ ئىشنىڭ ئىلگىرى مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنگىنىگە ھەيران قېلىپ، ئۇلارغا، ئەسلىدە بۇ ئاسانلا ئىش ئىكەندۇققۇ؟ مانا، ئىككىلىڭلار رازى بولۇپ بەختلىك بولدۇڭلار، دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈۋاتقانمىش. لېكىن، بۇ چۈش قارا باسقاندەك ئۇنى قاتتىق قىيناپ، ئاخىر ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى.

## 12

لېۋىن موسكۋادىن قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە، توي قىلىش تەكلىپىنىڭ رەت قىلىنىپ نومۇسقا قالغانلىقىنى ئويلىسىلا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كېتەتتى، شۇنداق چاغلاردا ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ شۇنداق دەيتتى: «ئىلگىرى مەن فىزىكا دەرسىدىن بىر نومۇر① ئېلىپ سىنىپتا قالغان چاغلىرىمدىمۇ مۇشۇنداق قىزىرىپ، تىترەپ،

① ئىلگىرىكى مەكتەپلەردىكى بەش نومۇرلۇق تۈزۈمنىڭ ئەڭ تۆۋەن نومۇرى.

ئەمدى مەن ئۆمۈربويى تۈگەشتىم، دەپ ئويلىغان. ھەددەم بۇيرۇغان ئىشلارنى بۇزۇپ قويغاندىمۇ، ئۆزۈمنى كارغا كەلمەس بىر نېمە ئىكەنمەن، دەپ كايىپ كەتكەنىدىم. ئەمما، كېيىن قانداق بولدى؟ ئۇ ئىشلارنى بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن ئويلاپ، نېمانچە ئازابلىنىپ كەتكەن بولغىيدىم، دەپ ئۆزۈمگە كۈلگۈم كەلگەن. ھازىرقى بۇ ئىشمۇ شۇ ئىشلارغا ئوخشاش، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كېتىپ، قايتا ئويلىمايدىغان بولىمەن.»

لېكىن، ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپمۇ ئۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى، دەسلەپكى چاغلاردىكىگە ئوخشاش ئېسىگە كەلسىلا ئازابلىنىپ كېتەتتى، توي قىلىدىغان يېشىغا بارغان، ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بولۇشقا ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەن، لېكىن مۇشۇ كەمگىچە توي قىلالماي، قاچان توي قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي يۈرگەن بولغاچقا، بەكمۇ بىئارام بولاتتى. ئۆزىگە ئوخشاش ئادەملەردەك، بۇ ياشقا كەلگەندىمۇ يالغۇز يۈرۈش ئېغىر كېلەتتى. نىكولاي دەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ —— ئۇ تولىمۇ ساددا دېھقان ئىدى، لېۋىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى —— موسكۋاغا بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ ئۇنىڭغا: «نىكولاي، مەن ئۆيلىنىدىغان بولدۇم» دېگەندە، نىكولاي شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان ئىشتەك، جىددىي تەرزدە: «بۇ ئىشنى بالدۇرلا ئويلىشىڭىز كېرەك ئىدى، كونستانتىن دمىترىچ» دەپ دەررۇلا جاۋاب بەرگەنلىكى ھازىرغىچە لېۋىننىڭ ئېسىدە ئىدى. لېكىن، ئەمدى ھازىر ئۆيلىنىش ۋاقتى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەنىدى. ئۆيلىنىدىغان قىزنىڭ ئورنى بۇرۇنلا ئىگىلىنىپ بولغاچقا، ھەرقانداق بىر قىزنى بۇ ئورۇنغا قويۇپ باقسا بىرىمۇ توغرا كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىتىنىڭ ئۆزىنى رەت قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى يادىغا چۈشسىلا نومۇستىن پۇچىلىنىپ كېتەتتى. ئۆزىگە، بۇ ئىشتا مېنىڭ ئەيىبىم يوق، دەپ قانچە قېتىم دېگەن بىلەنمۇ، ئېسىگە كېلىپلا قالسا، شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا ئۇياتلىق خاتىرىلەر

بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى قىزارتاتتى ۋە تىترىتەتتى. ئىلگىرى ئۇنىڭدىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش، ئۆزى يولدىن چىققانلىق دەپ بىلىدىغان، ۋىجدانى ئازابلىنىدىغان ئىشلارمۇ بولغانىدى، ئەمما ئۇ ئىشلىرى ئۇنى ھازىرقى ئەرزىمەس، لېكىن ئۇياتلىق خاتىرىلىرىچىلىك ئازابلىمايتتى. بۇ ئازابتىن قالغان يارىلىرى مەڭگۈ ساقىيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇرۇنقى شۇ ئىشلارغا ئەمدى كىتىنىڭ ئۆزىنى رەت قىلغىنى ۋە ھېلىقى كۈنى كېچىدە ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى قوشۇلغانىدى. ئەمما، ۋاقىت بىلەن ئىش ئۇنىڭغا تەسىرىنى كۆرسەتتى. يېزا ھاياتىنىڭ ئۆششاق، لېكىن ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىمۇ كۆڭۈلسىز خاتىرىلەرنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلدۇرۇپ، كىتىنى ئەسلەشلىرى ھەپتىدىن - ھەپتىگە ئازلاپ ماڭدى. ئەمدى ئۇ كىتىنى توي قىلدى ياكى توي قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، دېگەن خەۋەرنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىدىغان ۋە ئاشۇنداق خەۋەرنىڭ يۈرەك يارىسىنى خۇددى قۇرت يېگەن چىشنى تارتىۋەتكەندەك ئۈزۈل - كېسىل ساقايتىۋېتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

شۇ ئارىدا باھار پەسلى يېتىپ كەلدى، بۇ يىلقى باھار بوران - چاپقۇنىمۇ، ئالدىن بىلىپ بولمايدىغان ئۆزگىرىشلىرىمۇ يوق، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار، ئادەملەر ئورتاق خۇشاللىقتا چۆمگەن، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان شۇنچىلىك يېقىملىق باھار بولدى. بۇ يىلقى باھارنىڭ لېۋىنىغا بولغان ئىلھامى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى كەينىگە تاشلاش، ئۆزىنىڭ بويتاقلىق تۇرمۇشىنى مۇستەقىل ۋە ئىشەنچ بىلەن قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى. يېزىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نۇرغۇن پىلانلارنى قۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلمىغانىدى، پەقەت بىرىنىلا — تۇرمۇشتا پاك ئۆتۈشنىلا — ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. ئىلگىرىكى ئازراق يولدىن چىققانلىقى بىلەن نومۇسقا قالغان ئىشلىرى ۋە

ئۇنىڭ ئۈچۈن تارتقان ئازابلىرى ئەمدى ئىككىنچى تەكرارلانمايتتى، شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە دادىل قارىيالايتتى. 2 ـ ئايدا مارىيەدىن ئاكىسى نىكولاينىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقى، دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە ئۇنىمايۋاتقانلىقى توغرۇلۇق خەت ئالدى ۋە دەررۇ جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇنى موسكۋاغا بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە كۆندۈردى، ئۇنىڭدىن باشقا، چەت ئەلگە چىقىپ ئارىشاڭغا چۈشۈپ داۋالىنىشقىمۇ ماقۇل كەلتۈردى ۋە بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىگۈدەك دەرىجىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يول كىراسى ئۈچۈن پۇلمۇ بېرىپ تۇردى. ئىشلارنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال بولدى. لېۋىن باھاردىكى دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن بەند ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە كىتاب ئوقۇپ تۇرمىسىمۇ بولمايتتى. قىشتا يېزىشقا باشلىغان دېھقانچىلىق توغرىسىدىكى كىتابىدا، ئۇ ئەمگەك كۈچىنىڭمۇ ھاۋا رايى ۋە تۇپراققا ئوخشاشلا مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، دېھقانچىلىق ئىلمىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تۇپراق بىلەن ھاۋا رايىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى شەرت بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ھاۋا رايى، تۇپراق ۋە كەم بولسا بولمايدىغان ئەمگەك كۈچىگە ئاساسەن بېكىتىشى كېرەكلىكىنى تىلغا ئالغانىدى. شۇڭا، يالغۇزلۇقىغا قارىماي، ياكى شۇ يالغۇزلۇقىنىڭ نەتىجىسىدە لېۋىنىنىڭ ھاياتى مول مەزمۇنغا ئىگە ھايات بولدى. مېڭىسىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئاگافيەدىن باشقا بىرەرسىگە ئېيتىپ باقمىغانلىقىدىن ئارىلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالاتتى. فىزىكا، دېھقانچىلىق نەزەرىيىسى، بولۇپمۇ ئاگافيە ياخشى كۆرىدىغان پەلسەپە توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن پات ـ پات مۇلاھىزە قىلىپ تۇراتتى.

ھاۋا تېخىچە دېگەندەك ئىسسىپ كەتمەيۋاتاتتى. پەرھىز ئېيىنىڭ ئاخىرقى ھەپتىلىرىدە كۈن ئوچۇق، ھاۋا سوغۇق

بولدى. كۈندۈزى كۈنگەي جايلار ئېرىپ، كېچىسى سوغۇق نۆلدىن تۆۋەن يەتتە گرادۇسقا چۈشۈپ قالاتتى. يوللاردىن تېخى قار ـ مۇز كەتمىگەن بولغاچقا، هارۋىلار يول يوق يەرلەردىمۇ بەخۇدۇك مېڭىۋېرەتتى. پاسخا بايرىمىدىمۇ ھەممە يەر تېخى قار ئىدى. بايرامنىڭ ئەتىسى تۇيۇقسىز ئىسسىق شامال پەيدا بولۇپ، ئاسماننى قېلىن بۇلۇت قاپلاپ كەتتى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈنگىچە قاتتىق يامغۇر ياغدى. ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى شامال توختاپ، خۇددى تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنىڭ سىرىنى يوشۇرۇۋاتقاندەك، زېمىننى قېلىن تۇمان قاپلاپ كەتتى. تۇمان بىلەن تەڭ مۇزلار تارسىلداپ يېرىلىپ شۇرمەل بولۇپ ئېقىشقا، كۆپۈكلەشكەن لاي تاشقىنلار ئېقىنىنى تېزلىتىشكە باشلىدى. پاسخا بايرىمىنىڭ يەتتىنچى كۈنى گۇگۇمدىن باشلاپ تۇمان تارقىلىپ، بۇلۇتلار خۇددى قوي تېرىلىرىگە ئوخشاش پارچە ـ پارچە پارچىلىنىپ، ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىدى، ھەقىقىي باھار ئەمدى يېتىپ كەلگەنىدى. ئەتىگەندە كۆلۈپ چىققان كۈن سۇلارنىڭ ئۈستىنى قاپلاپ تۇرغان نېپىز مۇزلارنى بىردەمدىلا يۇتۇۋەتتى، ئىللىق ھاۋا ئويغانغان تۇپراقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھورلارنى بوش تىترىتىپ تۇراتتى. بۇلتۇرقى كوكاتلار بىلەن يېڭىدىن بىخ سۈرۈپ چىقىۋاتقان كوكاتلار تەڭ كۆكىرىشكە، مالىنا، قارىقات ۋە يېلىملىق قېيىنلارنىڭ بىخلىرى بۆرتۈپ چىقىشقا باشلىدى. بىر ھەسەل ھەرىسى ئالتۇن رەڭ غۇنچىلار بىلەن تولغان گۈل نوتىلىرى ئىچىدە غۇڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى، كۆزگە كۆرۈنمەي ئۇچۇپ يۈرگەن تورغايلار ئاسمان بوشلۇقىدا ناخشىلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى. سۈيى تارقىلىپ كەتمىگەن، لايقا سۇغا تولغان ئويمانلىقلار، سازلىقلاردا تاجلىق چىپار قۇتانلار خۇددى يىغلاۋاتقاندەك سايرىشىپ يۈرەتتى. تۇرنىلار بىلەن قاقىرلار ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ باھارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىشىۋاتقاندەك تىنماي قاقىلدىشاتتى. تېخى تولۇق يۇڭ تاشلاپ بولمىغان ماللار ئوتلاقلاردا ئۆزىگە خاس

ئاۋازلاردا مۆرەشمەكتە، مەرەشمەكتە ئىدى. مايماق دەسسەپ مېڭىشىۋاتقان قوزىلار يۇڭلىرى قىرقىۋېتىلگەن ئانىلىرىنىڭ ئەتراپىدا قىيغىتىشىپ ئويىنىماقتا، كەپسىز باللار يېڭىلا ئەكچىگەن يوللارغا تاپانلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرمەكتە، كۆل بويىدا كىر يۇيۇۋاتقان خوتۇنلارنىڭ خۇشال پاراڭلىشىۋاتقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇرماقتا، ھويلىلاردا سوقا، تىرنىلارنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان دېھقانلارنىڭ پالتىلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى. ھەقىقىي باھار ئەمدى يېتىپ كەلگەنىدى.

# *13*

لېۋىن بىرىنچى قېتىم جۇۋىسىنى كىيمەي، قىسقا سوكنو چاپىنىنى، پۇتىغا يوغان ئۆتۈكىنى كىيىپ ئېتىزلىقلىرىنى ئارىلاپ كېلىشكە ماڭدى. ئۇ سۈيى كۈننىڭ شولىسىدا پارقىراپ كۆزنى چېقىپ تۇرغان ئېرىقلاردىن ئاتلاپ، گاھ مۇز دەسسەپ، گاھ پاتقاق كېچىپ كېتىۋاتاتتى.

باھار كىشىلەر ئۆز پىلانلىرىنى، مۆلچەرلىرىنى تۈزىدىغان، دېيىشىدىغان پەسىل. لېۋىن دالاغا چىقىپ، باھار كەلگەندە بىخ سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نوتىلىرىنى قايسى تەرەپكە، قانداق ئۆستۈرۈشنى بىلمەي تۇرغان دەرەخكە ئوخشاش، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يەرلىرىدە ئىگىلىكىنى قانداق يولغا قويۇشنى بىلەلمەي ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئەمما، كاللىسىدا ئاجايىپ چىرايلىق پىلانلىرى، مۆلچەرلىرى تولۇپ تۇراتتى. ئۇ ئالدى بىلەن مالخانىغا كەلدى. ھويلىغا ئاپتاپقا چىقىرىپ قويۇلغان سىيىرلار تۈك تاشلاپ سىلىقلىشىپ كەتكەن تېرىلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇشاتتى، خۇددى ئوتلاقنى سېغىنىپ

تۇرۇشقاندەك، ئارىلاپ مۆرىشىپ قوياتتى. لېۋىن ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان سىيىرلىرىغا بىردەم زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن مالچىغا ئۇلارنى موزايلىرىنى قورۇقتا قالدۇرۇپ دالاغا قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. مالچىلار خۇشال بولۇپ، دالاغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. سىيىرلارغا قارايدىغان ئاياللار ئېتەكلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇۋېلىپ، قىشچە ئايتاپ كۆرمىگەن ئاپئاق پۇتلىرىدا پاتقاق كېچىپ، قوللىرىدا تاياق، باھارنى كۆرۈپ سەكرىشىپ كېتىۋاتقان موزايلارنى قورۇق ئىچىگە ھەيدەپ ماڭدى.

لېۋىن بۇ يىل تۇغۇلغان ئالاھىدە سورتلۇق موزايلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى — بالدۇر يېتىلگەن بۇ موزايلار دېھقانلارنىڭ ئادەتتىكى كالىلىرىدەك يوغان ئىدى. پاۋانىڭ ئۈچ ئايلىق بولغان موزىيى بىر ياشلىق توپاقچىلىك كېلەتتى — لېۋىن ئوقۇرنى قورۇققا ئاچىقىپ، موزايلارغا ئوتنى سالاسۇندىن بېرىڭلار، دېدى. لېكىن، قىشچە ئىشلىتىلمىگەن قورۇقنىڭ كۈزدە ياسالغان سالاسۇنلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، لېۋىن دەررۇ ياغاچچىغا ئادەم ئەۋەتتى. ئەسلىدە ياغاچچى پىلان بويىچە دان ئايرىش ماشىنىسىنى ياساپ پۈتتۈرۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۇ ئىشنى قىلماي تىرنىلارنى تۈزەۋاتاتتى. تىرنىلار باھار بايرىمىدىن① ئىلگىرى رېمونت قىلىنىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. لېۋىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولدى. خاپا بولغىنى، شۇنچە يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ ئىشلاردىكى بوشاڭلىقنىڭ تېخىچە ئوڭلانمايۋاتقىنى ئىدى. سۈرۈشتۈرۈپ، قىشتا ئىشلىتىلمەيدىغان سالاسۇنلارنى قوشقا قاتىدىغان ئاتلار تۇرىدىغان ئاتخانىغا تاشلاپ قويۇشقانلىقىنى بىلدى. ئەسلىدە ئۇ سالاسۇنلار موزايلارنى سولايدىغان قورۇق ئۈچۈن ياسالغان بولغاچقا، پۇختا ياسالماي ھەممىسى بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ

---

① باھار بايرىمى پەرھىز ئېيىنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدە بولىدىغان بايرام.

قىشتا ئۈچ ياغاچچىنى ياللىۋېلىپ رېمونت قىلىپ قويۇشنى بۇيرۇغان تىرنىلار بىلەن باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ بىرىمۇ رېمونت قىلىنماي، ھازىر يەرنى تىرنىلايدىغان چاغدا رېمونت قىلىنىۋېتىپتۇ. لېۋىن غوجىدارنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆزىمۇ ماڭدى. ئۇ غوجىدارمۇ تەبىئەتتىكى جىمى جانلىقلارغا ئوخشاش باشقىدىن ياشىرىپ، ئۇستىگە چۆرىسىگە قوي تېرىسىدىن جىيەك تۇتقان جۇۋىسىنى كىيىپ، خامان تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.

— ياغاچچى نېمىشقا دان ئايرىش ماشىنىسىنى ياسىغىلى بارمىدى؟

— تۈنۈگۈن سىزگە يەرنى ئاغدۇرۇشقا باشلايمىز، شۇڭا ئاۋۋال تىرنىلارنى رېمونت قىلدۇرۇۋالايلى، دەپ مەلۇم قىلىۋىدىمغۇ؟

— قىشتا نېمىشقا رېمونت قىلمىغان؟

— سىز ياغاچچىغا نېمە قىلدۇرماقچىدىڭىز؟

— موزايلارنى سولايدىغان قورۇقنىڭ سالاسۇنلىرىنى نەگە قويغان؟

— ئۇلارغا مەن كونا جايىغا قويۇپ قويۇڭلار، دەپ بۇيرۇغان، بۇ خەق بىلەن بىر ئىش قىلغىلى بولىدۇ دەمسىز، — دېدى غوجىدار قولىنى چايقاپ قويۇپ.

— ئۇلار بىلەن بىر ئىش قىلغىلى بولمايدۇ ئەمەس، سىز بىلەن بىر ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى لېۋىن غەزەپ بىلەن، — مەن سىزنى نېمىگە ياللىۋالغان! — دەپ توۋلاپ كەتتى ئۇ. لېكىن، يەنە بۇنداق چېچىلىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى ئويلاپ، قالغان گېپىنى دېمەي توختىۋالدى. سەلدىن كېيىن چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ، — ھىم، قانداق، ئۇرۇق چاچساق بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تۇركىن تەرەپتىكى يەرنى ئەتە ياكى ئۆگۈن تېرىشقا بولىدۇ.

— بېدىنىچۇ؟

— ۋاسىلىي بىلەن مىشكا ئىككىسىنى بېدىنى تېرىشقا

ئەۋەتتىم. يەر تېخى پاتقاق، ئۇرۇق سالالامدۇ - يوق، بىلمەيمەن.
— قانچە مو يەر ئىدى؟
— ئالتە موچە كېلىدۇ.
— نېمىشقا ھەممىسىگە بېدە تېرىۋەتمەيسىز؟
بېدىنىڭ ئۇن ئىككى مو يەرگە چېچىلماي، ئالتە مو يەرگىلا چېچىلىدىغانلىقى لېۋىنىنىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ كەلتۈردى. كىتابتىكى نەزەرىيە ۋە ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى بويىچە بولغاندا، بېدە قانچە بالدۇر تېرىلسا، ھەتتا قار كەتمەي تۇرۇپ تېرىلسا ھوسۇلىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى لېۋىن ئوبدان بىلەتتى. لېكىن، ئۇلار ھازىرغىچە ئۇنىڭغا تۇتۇش قىلماپتۇ.
— ئادەم يوق، بىزدىكى ئادەملەر بىلەن بىر ئىش قىلىش قىيىن. سېمىيون دېگەن ھېلىقى ...
— شۇنداق بولغاندىكىن، قورۇق چۆپىنىڭ ئىشىنى قويۇپ تۇرسىڭىز بولمامتى؟
— مەنمۇ شۇنداق قىلدىم.
— ئەمىسە ئادەملەر نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ؟
— بەش ئادەم كومپوت قىلىۋاتىدۇ (ئارىلاشما ئوغۇت ياساۋاتىدۇ دېمەكچى)①، تۆت ئادەم سۇلۇ يۆتكەۋاتىدۇ. سۇلۇنى بىخسىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارنى شۇ ئىشقا بۇيرۇغانىدىم، كونستانتىن دمىترىچ.
لېۋىن ئۇنىڭ «بىخسىپ قالمىسۇن دەپ» دېگەن گېپىدىن ئۇرۇقلۇققا ئېلىپ قويغان ئەنگلىيە سۇلۇسىنىڭ كاردىن چىققانلىقىنى بىلدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى دېگەن بويىچە ئىش قىلمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.
— مەن سىزگە پەرھىز ئېيىدىن ئىلگىرىلا شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغانغا نوكەشلەرنى قويۇۋېتىڭلار، دەپ ئېيتقانغۇ ... — دەپ ۋارقىراپ كەتتى لېۋىن.

① رۇس تىلىدا «كومپوت» بىلەن «ئارىلاشما ئوغۇت» دېگەن ئىككى سۆز يېقىن بولۇپ، پەقەت بىر ھەرپ بىلەنلا پەرقلىنىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، خوجايىن، ھەممە ئىشلار ۋاقتىدا، جايىدا پۈتىدۇ.

لېۋىن ئاچچىقى بىلەن قولىنى سىلكىپ، سۇلۇنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئامبارغا باردى، ئۇ يەردىن ئاتخانىغا قايتىپ كەلدى. سۇلۇ تېخى بۇزۇلماپتۇ، لېكىن دېھقانلار ئۇنى پەستىكى ئامبارغا چۈشۈرمەي گۈرجەكلەر بىلەن ئۆرۈۋاتقانىكەن. لېۋىن ئۇلارغا قانداق قىلىشنى ئۆگىتىپ، ئىككى دېھقاننى بېدە تېرىشقا ئەۋەتتى، غوجىدارغىمۇ قايتا چېچىلمىدى. شۇ ئەمەسمۇ، ھاۋا مۇشۇنداق ياخشى تۇرسا، خەققە ئارتۇقچە چېچىلىپ نېمە قىلىدۇ.

— ئىگنات! — دەپ چاقىردى ئۇ قۇدۇقنىڭ يېنىدا يەڭلىرىنى تۈرۈۋېتىپ ھارۋا يۇيۇۋاتقان ھارۋىكەشكە، — ئاتنى ئېگەرلىگىن ...

— قايسى ئاتنى، بېگىم؟

— ھىم، كولپىك بولسىمۇ بولىدۇ.

— خوپ، بېگىم.

ئات ئېگەرلىنىپ بولغۇچە لېۋىن يەنە كۆز ئالدىدا ئالدىراپ يۈرگەن غوجىدارنى ياخشىلىشىپ قېلىش مەقسىتىدە ئالدىغا چاقىرىپ، باھاردا قىلىدىغان ئىشلار ۋە ئىگىلىك پىلانلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشتى ۋە ئۇنىڭغا: ئوغۇت بىرىنچى ئوت ئورۇمىغىچە ئېتىزلىققا توشۇپ بولۇنسۇن، يىراقراق يەرلەردىكى ئېتىزلار سوقا بىلەن توختاۋسىز ھەيدىلىپ، ئاختارما قىلىنمىسۇن. ئوتنى تەڭ شېرىك چاپتۇرماي، ئادەم ياللاپ چاپتۇرۇڭلار، دېگەندەك كۆرسەتمىلەرنى بەردى.

غوجىدار ئۇنىڭ گەپلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇردى. ئەمما، چىرايىدىن لېۋىنغا تونۇشلۇق بولغان ھەم دائىم لېۋىننىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئۈمىدسىز، ئىشلارغا ئامالى يوقتەك بىر خىل ھالەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىدىن: ھەممە ئىش سىز دېگەندەك بولىدۇ، لېكىن يەنىلا

خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا قارايدىغان گەپ، دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.

لېۋىننى ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ مۇشۇ قىياپىتىنى كۆرگەندىكىدەك خاپا قىلمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قولىدا ئىشلىگەن غوجىدارلارنىڭ ھەممىسىدىلا مۇشۇنداق ئادەت بار ئىدى، ھەممىسىلا ئۇنىڭ پىلانلىرىغا مۇشۇنداق مۇئامىلىدە بولاتتى، شۇڭا ئۇ ھازىر ئانچىلا خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە داۋاملىق ئۆزى بىلەن تەڭ تۇرىدىغان بۇنداق يامان ئادەت كۈچلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك، دەپ ئويلىدى ھەم بۇ خىل ئادەت كۈچلىرىنى نېمە دەپ ئاتاشنى بىلمەي، «خۇدا نېمە دېسە شۇ» دەپ قويدى.

— سىز تاپشۇرغان ئىشلارنى قىلىپ بولۇشقا ئۈلگۈرۈپ بولالىساق بولاتتىغۇ، كونستانتىن دمىترىچ، — دېدى غوجىدار.

— نېمىشقا ئۈلگۈرەلمەيدىكەنسىز؟

— ئاز دېگەندە يەنە ئون بەشچە ئادەم ياللىمىساق بولمايدۇ، لېكىن ئادەم تاپالمايۋاتىمىز. بۈگۈن بىرنەچچىسى كەلدى، بىر ياز ئىشلەشكە يەتمىش رۇبلى سوراۋاتىدۇ.

لېۋىن جىمىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ بۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانىدى. ئۇلار قانچىلىك تىرىشقان، يۇقىرى ئىش ھەققى بەرگەن بىلەنمۇ، قىرىقتىن ئارتۇق ئادەم ياللىيالمايتتى، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئوتتۇز يەتتە - ئوتتۇز سەككىزچە ئادەم ياللىيالايتتى. شۇڭا، لېۋىن بۇ توسالغۇ بىلەنمۇ كۈرەش قىلماي بولمىدى.

— ئەگەر ئۇلار كېلىشنى خالىمىسا، سۇرى بىلەن چېفىروۋكىغا ئادەم ئەۋەتىڭ. كېلىپ ئىشلەيدىغان ئادەم چىقماي قالمايدۇ.

— ماقۇل، ئەۋەتەي، — دېدى ۋاسىلىي فېدوروۋىچ ئۈمىدسىز بىر كەيپىياتتا، — بىراق شۇ، ئاتلار قېرىپ كەتتى - دە.

— بىرنەچچە ئات سېتىۋالايلى. بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — لېۋىن كۈلۈپ قويۇپ ئاخىرىدىكى گەپنى قوشۇپ قويدى، — سىز

دائىملا پۈت ـ قولىڭىزنى يىغىۋېلىپ دادىل ئىش قىلمايسىز. بۇ يىل مەن سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن، ھەممىنى ئۆز قولۇمغا ئېلىپ ئىشلەيمەن.

— ھازىر سىزنىڭ دەم ئېلىشىڭىز بەكمۇ ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، خوجايىن. سىز ئىشلارنىڭ بېشىدا تۇرۇپ بەرسىڭىزغۇ بىزگىمۇ ئوبدان بولاتتى ...

— ئۇلار قېيىن سايىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بېدە تېرىشىۋاتامدۇ؟ ئۆزۈم بېرىپ كۆرۈپ كېلەي، — دېدى لېۋىن ھارۋىكەش ئېگەرلەپ كەلگەن چاققانغىنا ئاتقا مىنىۋېتىپ.

— سۇدىن ئۆتەلمەيسىز، كونستانتىن دمىترىچ! — دەپ توۋلاپ قالدى ھارۋىكەش.

— شۇنداق بولۇپ قالسا ئورمان ئارىلاپ بارىمەن.

شۇنداق قىلىپ، لېۋىن ئۇزاققىچە مىنىلمىگەن، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىزگىن سىيرىپ ماڭىدىغان شوخ ئېتىنى ئىتتىك يورغىغا سېلىپ قورۇدىن چىقتى ـ دە، دالاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

لېۋىننىڭ كۆڭلى مال قورۇلىرى بىلەن ئاشلىق ئامبارلىرىدا خېلىلا ئېچىلىپ قالغانىدى، دالاغا چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. شوخ ئېتىنىڭ يورغىسىنىڭ رىتىمى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بەدىنىمۇ ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تېخى ئېرىپ بولالماي ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قېلىپ قالغان ۋە قىشچە ماڭغان ئاياغلار بىلەن چىڭدىلىپ كەتكەن قارلارنى بېسىپ، قار ۋە ھاۋانىڭ ئىللىق ساپ پۇرىقىنى سۇمۇرۇپ ئورماندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، قوۋزاقلىرىدا مۇخلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان، بىخلىرى بۆرتۈپ قالغان دەرەخلەرگە تويماي قارايتتى. ئورماندىن چىققاندا، كۆز ئالدىدا بىرمۇ ئالا يەر يوق، بىرمۇ كۆلچەك يوق، پەقەت بەزى سايلاردىلا ئېرىۋاتقان قارنىڭ قالدۇقلىرى بار، كەڭرى دالا تەكشى يېيىلىپ ياتقان يېشىل گىلەمدەك مەنزىرە پەيدا بولدى. لېۋىن بىر دېھقاننىڭ بايتىلى بىلەن قۇلۇنىنىڭ ئوتلاقنى

دەسسەپ ـ چەيلەپ يۇرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ دېھقانغا ئۇلارنى ھەيدىۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئالدىغا ئۇچرىغان يەنە بىر دېھقاندىن: «ھەي ئىپات، يەرگە قاچان ئۇرۇق چاچىمىز؟» دەپ سورىۋىدى، ئىپات جاۋاب بېرىپ: «ئاۋۋال يەرنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەكقۇ، كونىستانتىن دمىترىچ» دېدى. دېھقانىنىڭ بايىتىلى بىلەن قۇلۇنىنىڭ ئوتلاقنى دەسسەپ ـ چەيلەشلىرىگىمۇ، ئىپاتنىڭ كۈلكىلىك جاۋابىغىمۇ لېۋىنىنىڭ ئاچچىقى كەلمىدى، ئالدىغا ماڭغانسېرى كۆڭلى ئېچىلىپ، بىرىدىن بىرى ياخشى ئىگىلىك پىلانلىرى كاللىسىغا كېلىشكە باشلىدى: بۇ دالانىڭ جەنۇب تەرىپىگە يۇتۇنلەي تال تىككۈزۈۋېتىش كېرەك، بۇنىڭدا قار ئۇزاققىچە ئېرىمەي تۇرۇپ قالمايدۇ، شىمال تەرەپنى بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈپ، ئالتە بۆلىكىنى تېرىلغۇ يەر، ئۈچ بۆلىكىنى چارۋا مەيدانى قىلسام، ئەڭ چېتىگە مالخانا سالسام، بىر كۆل كولاتسام، قىغ ئېلىش ئۈچۈن يەنە بىر قوتان سالسام بولغۇدەك. مۇشۇ پىلانىم بويىچە بولغاندا، ئۈچ يۈز مو يەرگە بۇغداي، يۈز مو يەرگە ياڭيۇ، بىر يۈز ئەللىك مو يەرگە بېدە تېرىيالايمەن، بىر پارچىمۇ ئاق يەر قالمايدۇ.

لېۋىن شۇنداق ئويلار بىلەن مايسىلارنى دەسسىۋەتمەي دەپ، ئاتنى ئېھتىيات بىلەن قىر ئارىلىرىدا ماڭغۇزۇپ بېدە تېرىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئۇرۇقلۇق بېدە باسقان ھارۋىنى ئېتىزنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويماي، ئوتتۇرىسىغا توختىتىپ قويۇپتىكەن، ھارۋا بىلەن ئات كۈزلۈك بۇغداينى چەيلەپ قويۇپتۇ. ئىككى ئادەم قىردا ئولتۇرۇپ بىر غاڭزا تاماكىنى بىللە چېكىشىپ تۇرۇپتۇ. ھارۋىدىكى ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرىدىغان توپا ئۇۋۇتۇلماي داڭگال پېتى تۇرۇپتۇ، بەزى يەرلىرى توڭلاپ قاپتۇ. ۋاسىلىي خوجايىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ دەررۇ ھارۋا تەرەپكە ماڭدى، مىشكا بېدە ئۇرۇقىنى يەرگە سېپىشقا باشلىدى. بۇ زادىلا قاملاشمىغان ئىش ئىدى، شۇنداقتىمۇ لېۋىن ئۇلارغا خاپا بولۇپ كەتمىدى، ۋاسىلىي ئالدىغا

كېلىۋىدى، ئاتنى چەتكە ئاچقىپ باغلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، خوجايىن، بۇغداي يەنە ئۆسۈۋېرىدۇ، — دېدى ۋاسىلىي.

— كەچۈر! ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەي، — دېدى لېۋىن، — مەن نېمە دېگەن بولسام شۇ بويىچە قىل.

— ئوبدان، خوجايىن، — دېدى ۋاسىلىي ئاتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئۇرۇقنى قانداق چېچىۋاتقىنىمىزغا قاراڭ، كونستانتىن دمىترىچ، — دېدى ئەمدى خۇشامەتچىلىك بىلەن ئۇ، — شۇنچىلىك جاپا، مېڭىشنىڭ ئۆزى شۇنچىلىك ئېغىر، چورۇققا بىر پاتمان لاي چاپلىشىۋالىدۇ.

— نېمىشقا توپىنى تاسقاپ ئىشلەتمىدىڭلار؟ — دېدى لېۋىن.

— ئۇرۇقنى چاچقۇچە ئۇۋۇپ چېچىۋاتىمىز، — دېدى ۋاسىلىي بىر سىقىم ئۇرۇققا ئازراق توپىنى ئارىلاشتۇرۇپ مىجىپ - مىجىپ قويۇپ.

بۇ ئىشتا ۋاسىلىي ئەيىبلىك ئەمەس ئىدى، توپىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم تاسقاپ ئەكەلمىگەنىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىش ئىدى.

لېۋىن ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى دائىم يامان ئىشنى ياخشى تەرەپكە ئويلاپ تۇرۇپ باساتتى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ مىشكانىڭ پۇتىغا چاپلىشىپ تۇرغان ئېغىر لاينى سۆرەپ يۈرۈپ ئۇرۇق چېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋاسىلىينىڭ قولىدىن ئۇرۇق سەپكۈچنى ئېلىپ بېدە ئۇرۇقىنى ئۆزى چېچىشقا باشلىدى.

— نەگىچە چاچقانىدىڭ؟

ۋاسىلىي پۇتى بىلەن بىر بەلگىنى كۆرسىتىپ بەردى، لېۋىن شۇ كۆرسىتىپ بەرگەن يەردىن باشلاپ ئەستايىدىل چېچىشقا باشلىدى. مېڭىش خۇددى سازلىقتا ماڭغاندەك ئىنتايىن قىيىن ئىدى. لېۋىن بىر قۇرغا ئۇرۇقنى چېچىپ بولغۇچە تەرلەپ كەتتى. ئۇ ئىشتىن توختاپ، ئۇرۇق سەپكۈچنى ۋاسىلىيغا قايتۇرۇپ بەردى.

— خوجايىن، — دېدى ۋاسىلىي، — يازدا مۇشۇ بىر قاتارنىڭ بېدىسى ئۇچۇن مېنى تىللاپ يۈرمىسىلە.
— نېمىشقا دەيسەن؟ — دېدى لېۋىن خۇشال كۈلۈپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا قوللانغان ئۇسۇلىنىڭ رولىنى كۆرۈشكە باشلاۋاتاتتى.
— يازدا كېلىپ قارىسىڭىز، بۆلەكچە ئەھۋالنى كۆرىسىز. سىز مەن بۇلتۇر ئەتىيازدا تېرىغان بېدىنى كۆرگەن بولسىڭىز ھەيران قالاتتىڭىز، بېدىسى خۇددى تانا تارتىپ تۇرۇپ چاچقاندەك چىققان. مەنچۇ، كونستانتىن دمىترىچ، ئىشنى خۇددى ئاتامنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقاندەك تىرىشىپ ئىشلەيمەن، قولنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرمەيمەن، باشقىلارغىمۇ ھەم ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايمەن. شۇنداق ئىشلىسەك خوجايىنىمۇ خۇش بولىدۇ، بىزمۇ خۇش بولىمىز. قاراڭ! — دېدى ۋاسىلىي ئېتىزلىقنى كۆرسىتىپ، — كىشىنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدۇ.
— بۇ يىل باھار ياخشى كەلدى ھە، ۋاسىلىي.
— ئۇنى بىر دېمەڭ. قېرىلارمۇ ئۆمرىدە بۇنداق ياخشى كەلگەن باھارنى كۆرمىگەنىكەن. مېنىڭ قېرى دادامىمۇ يېرىم مو يەرگە بۇغداي تېرىۋاپتۇ. تېرىغىنى بۇغدايمۇ، قارا بۇغدايمۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.
— نېمە، بۇغداي تېرىۋاتقىنىڭلارغا خېلى بولدىمۇ؟
— ئالدىنقى يىلى ئۆزىڭىز ئۆگىتىپ قويغان ئەمەسمۇ؟ ماڭا يەنە ئىككى كۈرە ئۇرۇقلۇق بۇغدايمۇ بەرگەن، ئۇنىڭ چارىكىنى سېتىۋېتىپ، قالغىنىنى تېرىۋىدۇق.
— ھۇي، قارا، داڭگاللارنى ئوبدان ئۇۋاتقىن، — دېدى لېۋىن ئېتى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، — مىشكاغا قاراپ قويغىن. ھوسۇل ياخشى چىقسا، ساڭا مو بېشىغا ئەللىك كوپىيكا بېرىمەن.
— رەھمەت، خوجايىن، ئۇنىڭسىزمۇ بىز سىزدىن رازى.
لېۋىن ئېتىغا مىنىپ، ئۆتكەن يىلى بېدە تېرىغان ھەم يازلىق بۇغداي ئۇچۇن سوقا سېلىپ ھەيدەپ قويغان يەرگە قاراپ ماڭدى.

بۇلتۇرقى بىدە تەكشى ئۆنۈپ چىقىۋېتىپتۇ. بۇلتۇرقى بۇغدايىنىڭ ئورنىغا تېرىلغان بولغاچقا، قېلىپ قالغان بۇغداي غوللىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن چىقىۋاتقان بىدە مايسىلىرى ياپيېشىل بىر تەكشىلىك پەيدا قىلغانىدى. ئاتنىڭ پۇتلىرى پاتقاقتا چوڭقۇر پېتىپ، ھەر قېتىم تارتىپ چىققاندا بىر پاتمان لايىنى بىللە ئېلىپ چىقاتتى. ئات ئاغدۇرۇلغان يەرلەردە ماڭالمايتتى. ئاغدۇرۇلمىغان، توڭى تېخى تولۇق ئېرىپ بولالمىغان يەرلەردىلا ئىتتىك ماڭالايتتى ھەم تۇرالايتتى. يەر ياخشى ئاغدۇرۇلغانىدى، ئىككى كۈندىن كېيىن تىرنا سېلىپ ئۇرۇق چاچسا بولاتتى. ھەممە ئىش جايىدا ھەم كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى. لېۋىن قايتقۇچە سۇ بۇ چاغقىچە تارتىلىپ قالغاندۇ، دەپ ئويلاپ ساي تەرەپ بىلەن ماڭماقچى بولدى. دېگەندەك، سۇ تارتىلىپ قالغانىكەن، سايدىكى ئازراق سۇنى ئاتلىق كېچىپ ئۆتۈپ كەتتى، يەنە تېخى ئۇ يەردىن ئۆتكۈچە ئىككى غازنى ئۇركۈتۈپ ئۇچۇرۇۋەتكەنمۇ بولدى. «لايخورەكنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۆي تەرەپكە ئەگىلىدىغان يەرگە كەلگەندە ئورمان قاراۋۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ لايخورەك توغرىسىدىكى پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ئۇنىڭدىن سوراپ بىلدى.

لېۋىن ئۆيگە ئىلدامراق بېرىپ، چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن كەچلىك ئوۋغا چىقىشقا مىلتىقنى تەييارلاشقا ئالدىراپ، ئاتنىڭ بېشىنى قويۇۋەتتى.

## 14

لېۋىن خۇشال كەيپىياتتا ئۆيگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى

ئاڭلاپ قالدى.

«بۇ چوقۇم ۋوگزالدىن كەلگەن بىرىغۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — هازىر دەل موسكۋانىڭ پويىزى كېلىدىغان چاغ ... ئۇ كىمدۇ؟ ... نىكولاي ئاكامىدۇيا؟ ئۇ ‹ئارىشاڭغا ياكى سىنىڭ يېنىڭغا بېرىشىم مۇمكىن› دېگەن ئەمەسمۇ؟ شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە ئۇ، ئۇ كېلىدىغان بولسا باهاردىكى كۆڭۈللۈك كەيپىياتىمنى بۇزىدۇ ـ دە، دەپ سەل ئەنسىرەپ قالدى. لېكىن، يەنە بىردەمدىلا ئۆزىنىڭ بۇ خىيالىدىن ئۇيىلىپ، قورسىقىنى كەڭ تۇتۇپ، چىن كۆڭلىدىن، كەلگەن ئادەم ئاكام بولسىكەن، دەپ ئويلاپ، خۇشال هالدا ئىپتىنى ئىتتىكلىتىپ تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ۋوگزالنىڭ كىراغا ماڭىدىغان چانىسى بىلەن جوۋا كىيىۋالغان بىر ئەپەندىنى كۆردى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئاكىسى ئەمەس ئىدى. «ئىلاهىم، گېپىمىز بىر يەردىن چىقىدىغان ئادەم بولسىدى» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— هۇي! — لېۋىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇشال ۋارقىرىدى، — ئېسىل مېهماندىن بىرى كەپتۇغۇ! ۋاي، سىزنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم، — ئۇ ئوبلونسكىينى كۆرۈپلا ۋارقىراپ كەتتى.

«مەن چوقۇم ئۇنىڭدىن كىتىنىڭ توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى، قىلمىغان بولسا قاچان قىلىدىغانلىقىنى سوراپ بىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ شۇ ئارىلىقلاردا كىتىنى ئويلاپ.

ئۇ باهارنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىق كۈنلىرىدە كىتىنى ئەسكە ئالغىنىدىن قىلچە ئازابلانمىدى.

— قانداق، مېنى كېلىدۇ دەپ ئويلىمىغان بولغىيدىڭ؟ — دېدى ئوبلونسكىي چانىدىن چۈشۈۋېتىپ. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈستىگە، يۈزىگە، قاشلىرىغا ئازراق پاتقاق چاچراپتۇ، ئەمما روهى كۆتۈرەڭگۈ، ئۆزى خۇشال ئىدى، — بىرىنچىدىن، سىزنى كۆرگىلى، — ئۇ گەپ قىلغاچ لېۋىننى قۇچاقلىدى، ئىككىسى

بىر ـ بىرىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇشتى، ــ ئىككىنچىدىن، ئۇۋ ئۇۋلىغىلى، ئۈچىنچىدىن، يېرگۇشۇۋودىكى ئورمانىنى ساتقىلى كەلدىم.

ــ بەك ياخشى بوپتۇ! قانداق، بۇ يىل باھار ياخشىمۇ؟ چانىدا كەلگىنىڭ نېمىسى؟

ــ پەيتۇن بۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك، كونستانتىن دمىترىچ، ــ دەپ جاۋاب بەردى تونۇش ھارۋىكەش ئۇنىڭ ئورنىدا.

ــ سېنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم، بەكمۇ ! ــ دېدى لېۋىن بالىلارچە خۇشال كۈلۈمسىرەپ.

لېۋىن ئوبلونسكىينى مېھمانخانىسىغا باشلىدى، يۇك ـ تاقلىرىنىمۇ ــــ بىر سەپەر خالتىسى، قاپ ئىچىدىكى ئوۋ مىلتىقى ۋە بىر خالتا سىگارت ــــ بىللە ئېلىپ كىردى. مېھمان يۇيۇنۇپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالغۇچىلىك، يەرلەرنى ئاغدۇرۇش ۋە بېدە چېچىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي دەپ دەپتەرخانىغا ماڭدى. ئائىلىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى ئۈچۈن پاييېتەك بولۇپ كېتىدىغان ئاگافيە ئۆيدىن چىقىپ كېلىۋاتقان لېۋىننى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن قانداق تاماق قىلىشنى سورىدى.

ــ خالىغىنىڭىزنى قىلىڭ، ئەمما ئىلدامراق بولۇڭ ! ــ ئۇ شۇنداق دەپلا غوجىدارنىڭ قېشىغا ماڭدى.

ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئوبلونسكىي يۇيۇنۇپ بولۇپ مۇنچىدىن كۈلۈپ چىقىۋاتقانىدى. ئىككىسى بىللە يۇقىرىقى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى.

ــ ئۇھ، ئاخىر يېنىڭغا كەلدىم، بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشالمەن. ئەمدى سېنىڭ بۇ يەردە قىلىۋاتقان سىرلىق ئىشلىرىڭنى بىلىدىغان بولدۇم. راستىمنى دېسەم، ساڭا تولىمۇ ھەۋەسىم كېلىدۇ، نېمىدېگەن ياخشى ئۆيلەر بۇ ! ھەم يورۇق، ھەم كۆڭۈللۈك. ئىشقىلىپ، ھەممە نېمەڭ ئېسىلدەك قىلىدۇ، ــ دېدى ئوبلونسكىي بىر يىلنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق چىرايلىق باھار، چىرايلىق كۈنلەرنىڭ بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ

قالغانىدەك، — خىزمەتچى ئايالىڭمۇ ئاجايىپ ياخشى خوتۇن ئىكەن، ئالدىغا پەرتۇق تارتقان ئۇبدانراق بىر جۇۋان خىزمەتچى بولغان بولسىغۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن سېنىڭ سوپىلىقىڭغا مۇشۇنداق بولغانمۇ ياخشى.

ئوبلونسكىي نۇرغۇن قىزىقارلىق يېڭى خەۋەرلەرنى، بولۇپمۇ لېۋىننىڭ ئاكىسى كوزنىشېفنىڭ بۇ يىل يازدا يېزىغا لېۋىننى يوقلاپ كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

لېكىن، ئۇ شېرباتسكىيلار توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، پەقەت خوتۇنىنىڭ سالىمىنىلا يەتكۈزدى. لېۋىن ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ، كەلگىنىگە تولىمۇ خۇشال بولغانلىقىنى دېدى. لېۋىن يالغۇز ياشاۋاتقاچقا، ئىچىدە خەققە ئېيتالماي يۈرگەن نۇرغۇن ئوي - خىياللىرى بار ئىدى. ئوبلونسكىينى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا باھارنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىقلىرىنى، ئىگىلىكىنى تىكلىگۈچە تارتقان زىيانلىرى بىلەن پىلانلىرىنى، ئۆزى ئوقۇغان كىتابلىرى توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ۋە مۇلاھىزىلىرىنى، بولۇپمۇ ئۆزى يازغان ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى — گەرچە ئۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى دېھقانچىلىق توغرىسىدىكى ھەممە كونا ئەسەرلەرنى تەنقىد قىلىش ئىكەنلىكىگە ئۆزى ئانچە دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ — ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ بەردى. ھەرقانداق چاغدا ئازراق بېشارەتتىنلا ھەممىنى بىلىۋالالايدىغان يېقىملىق، چىقىشقاق ئوبلونسكىي بۇگۇنمۇ شۇ مىجەزىدە ئىدى. لېۋىن ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىكى ئەدەپلىك ۋە سەممىي بىر خىل ھالەتنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى.

ئاگافيە بىلەن ئاشپەزنىڭ ئەتكەن تاماقلىرى شۇنچىلىك تەملىك، شۇنچىلىك مەززىلىك بولغانىدى، قورسىقى ئېچىپ بولالماي قالغان ئۇ ئىككىسى كەينىدىن كىرىدىغان تاماقلارنى كۈتمەيلا، بولكىغا سىرىقمايىنى سۈركەپ، تۇزلىغان غاز گۆشى، موگۇلارنى بولۇشىغا يېيىشكە باشلىدى. لېۋىن سامىسىنى

ساقلىماي، شورپىنى ئىلىپ كىرىۋېرىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. لېكىن، ئاشپەز ئۆزى ئەڭ ئوخشىتىپ قىلىدىغان سامسىنى ئاۋۋال ئەكىرىپ ئۇلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەكچى ئىدى. ئوبلونسكىي ئىسىل تاماقلارنى يەپ ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، بۇ ئۆينىڭ دورا چىلانغان هاراقلىرىنى، بولكىلىرىنى، بولۇپمۇ سۈرلىگەن غاز گۆشلىرىنى، موگۇلارنى، چاقچاق شورپىسىنىمۇ، ئاق سەنتەڭ قۇيۇلغان توخۇ گۆشلىرىنىمۇ، قرىم ۋىنوسىنىمۇ بىرىنى قويماي تېتىپ باقتى، بۇ يېمەك ـ ئىچمەكلەر ئاجايىپ مەززىلىك، ئاجايىپ تەملىك ئىدى.

— ئوخشاپتۇ، قالتىس ئوخشاپتۇ! — دېدى ئۇ قورداقنى يەپ بولغاندىن كېيىن سىگارتتىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، — مەن بۇ يەرگە كېلىپ خۇددى پاراخوتنىڭ گۇلدۇرلەشلىرى، تىنىماي چايقاشلىرىدىن قۇتۇلۇپ جىمجىت قىرغاققا چىقىپ قالغاندەك بولدۇم. دېمەك، سەن ئەمگەكچىلەر ئامىلىنى تەتقىق قىلىش كېرەك، ئۇ ئىگىلىك ئۇسۇلىنى تاللاشنى تەقەززا قىلىدۇ، دېمەكچى ئىكەنسەن ـ دە. ئەلۋەتتە، مەن بۇ ئىشنىڭ ئەهلى ئەمەس، ئەمما نەزەرىيە ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنىڭ ئىشچىلارغا تەسىرى بار، دەپ قارايمەن.

— ئۇ شۇنداق، ئەمما مېنىڭ گېپىمنىمۇ ئاڭلاپ قوي: مەن سىياسىي ئىقتىساد توغرىسىدا دەۋاتقىنىم يوق، يېزا ئىگىلىك ئىلمى ھەققىدىلا دەۋاتىمەن. يېزا ئىگىلىك ئىلمى ئىجتىمائىي پەن كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، ئۇ يەنە ھەر خىل ھادىسىلەرنى ۋە ئەمگەكچىلەرنى ئىقتىسادىي ئىلىم، ئىرقىي ئىلىم جەھەتلەردىنمۇ كۆزىتىدۇ ...

شۇ ئارىدا ئاگافيە مۇراببا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— ياشاپ كېتىڭ، ئاگافيە، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ سېمىز بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغا سۆيۈپ قويۇپ، — سۈرلىگەن غاز گۆشىڭىز، دورا چىلاپ ياسىغان ھارىقىڭىز ئاجايىپ ئىسىل ئىكەن ... قانداق، كونستانتىن، ئەمدى ماڭايلىمۇ؟ — دېدى

ئۇ لېۋىنغا.

لېۋىن دېرىزىگە قاراپ كۆن ئولتۇراي دەپ قالغانلىقىنى كۆردى.

— ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، ماڭايلى ! — دېدى ئۇ، — كۇزما، هارۋىنى قات ! — ئۇ شۇنداق دەپلا يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

ئوبلونسكىيمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن پەسكە چۈشۈپ، قىممەت باهالىق ئوۋ مىلتىقىنى قېپىدىن چىقىرىپ زاتۋورىنى قايرىپ كۆرۈپ باقتى، ئاندىن ئوق قاچىلاپ تەييار قىلدى. خېلىلا كۆپ هاراق پۇلى چىقىپ قالىدىغانلىقىنى سەزگەن كۇزما ئوبلونسكىينىڭ يېنىدىن بىر قەدەم نېرى كەتمەي، پايپىقىنىمۇ، ئۆتۈكىنىمۇ كىيگۈزۈپ قويدى. ئوبلونسكىيمۇ ئۇنىڭ خىزمىتى كۆڭلىگە ياققاچقا ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەردى.

— كونستانتىن، رەبىنىن دېگەن سودىگەر بۇگۈن مەشەگە كەلمەكچى ئىدى، كېلىپ قالسا ئادەملىرىڭگە دەپ قويساڭ، مېنى ساقلاپ تۇرسۇن ...

— سەن ئورماننى راستتىنلا رەبىنىنگە ساتماقچى بولدۇڭمۇ؟

— هەئە. سەن ئۇنى تونۇمسەن؟

— تونۇمايچۇ. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا «گېپىمىز گەپ» دەپ تۇرۇپ قىلىشقان بىر سودىمىز بار.

ئوبلونسكىي كۈلۈپ كەتتى.

— «گېپىمىز گەپ» دېگەن ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر گېپى.

— شۇنداق. ئۇنىڭ باشقىمۇ ئاجايىپ قىزىق گەپلىرى بار ... ئۇ خوجايىنىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى لېۋىن ئەتراپىدا ئايلىنىپ، دەم غىڭشىپ، دەم ئۆتۈكىنى، دەم مىلتىقىنى يالاپ، پۇراپ يۈرگەن ئىتى لاسكانىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ.

ئىككىسى تالاغا چىققاندا، لەمپىلىك هارۋا ئۇلارنى ساقلاپ

تۇرغانىكەن.

— ئارىلىق يىراق بولمىسىمۇ هارۋا قاتقۇزۇپ قويغانىدىم. يا سىزنىڭ پىيادە ماڭغۇڭىز بارمۇ؟

— ياق. هارۋىدا ماڭايلى، — ئوبلونسكىي شۇ گەپ بىلەن تەڭ هارۋا تەرەپكە مېڭىپ هارۋىغا چىقتى، يولۋاس تېرىسى بىلەن ئىككى تىزىنى مەهكەم ئوراپ، ئاندىن بىر تال سىگارت تۇتاشتۇردى، — سەن نېمىشقا سىگارت چەكمەيسەن. سىگارت دېگەن يالغۇز لەززەتلا ئەمەس، بەلكى يەنە دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان، كۆڭۈلنى شادلاندۇرىدىغان ئاجايىپ ئېسىل نەرسە، هاياتنىڭ لەززىتى مانا مۇشۇنىڭدا. ئاجايىپ شېرىن نېمە جۇمۇ بۇ. مەن مانا مۇشۇنداق ياشىسام دەيمەن.

— شۇنداق ياشىشىڭغا كىم كاشلا قىلىۋاتىدۇ سىزنىڭ؟ — دېدى لېۋىن كۈلۈپ كېتىپ.

— شۇنداقتىمۇ، سەن مەندىنمۇ تەلەيلىك ئادەم، نېمىنى ياخشى كۆرسەڭ ئالدىڭدا بار. ئاتنى ياخشى كۆرسەڭ ئېتىڭ بار، ئىتنى ياخشى كۆرسەڭ ئىتىڭ بار، ئىگىلىكنى ياخشى كۆرسەڭ ئىگىلىكىڭ بار.

— سەن دېگەندەك، نېمىلا دېسەم ئالدىمدا بار، يوق نەرسىلەرگە هەسرەت چېكىپمۇ كەتمەيمەن، — دېدى لېۋىن كىتىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ.

ئوبلونسكىي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، لېكىن گەپ قىلمىدى.

ئوبلونسكىي لېۋىننىڭ شېرباتسكىيلار ئائىلىسى توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالمىسىكەن، دەپ قورقۇپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، ئۇلار توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانىدى، لېۋىن ئۇنىڭ بۇ سەزگۈرلۈكىدىن مىننەتدار بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆزىنى شۇنچىلىك قىيىنىغان هېلىقى ئىشنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلەتتى، لېكىن يەنە ئۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشقا تىلى بارمايتتى.

— خوش، سىنىڭ ئىشلىرىڭ قانداق بولۇپ كەتتى؟ — دەپ سورىدى لېۋىن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئويلىسام ياخشى ئەمەس، دېگەن ئوي بىلەن.

ئوبلونسكىينىڭ كۆزلىرى خۇشال چاقناپ كەتتى.

— ئالدىڭدا غىزا تۇرغاندا ياغلىق توقاچنىڭ خىيالىنى قىلىش سىنىڭ كۆڭلۈڭگە ياقمايدۇ، بۇنى ھەم سەن گۇناھلىق ئىش دەپ بىلىسەن. ئەمما، مەن مۇھەببەتسىز تۇرمۇش ئىچىدە ياشىيالمايمەن، — دېدى ئۇ لېۋىن دېگەن مەسىلىنى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە چۈشىنىپ، — قانداق قىلاي، مەن شۇنداق يارىلىپ قاپتىمەن. راستىمنى دېسەم، بۇ ئىشنىڭ باشقىلارغا ھېچقانچە زىيىنى يوق، ئەمما ئۆزۈڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك لەززەتلىك ...

— يەنە بىرەر يېڭى ئىشىڭ بارمۇ، نېمە؟ — سورىدى لېۋىن.

— بار، ئاغىنە! ساڭا دېسەم، سەن ئوسسىئاننىڭ[①] قەلىمى ئاستىدىكى ئاياللارنىڭ تىپىنى ... پەقەت چۈشۈڭدىلا كۆرەلەيسەن ... ئەمما، ئۇنداقلار رېئال دۇنيادىمۇ بار ... ئۇ خىلدىكى ئاياللار تولىمۇ قورقۇنچلۇق. ساڭا دەپ قوياي، ئايال دېگەن بۇ نەرسىنى سەن قانچىلىك تەتقىق قىلساڭمۇ، ئۇ بەرىبىر يېڭى نەرسە بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا تەتقىق قىلمىغان ياخشى ئوخشايدۇ.

— ياق. بىر ماتېماتىك، لەززەت ھەقىقەتنى تېپىشتا ئەمەس، ئۇنى ئىزدەشتە، دېگەنىكەن.

لېۋىن ئۇنىڭ گەپلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئۆزىنى قانچىلىك زورلىغان بىلەنمۇ، دوستىنىڭ كۆڭلىنى، ھېسسىياتىنى، ئاياللارنى تەتقىق قىلىشنىڭ نېمە لەززىتى بارلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى.

---

① رېۋايەت قىلىنىشىچە، ئوسسىئان 3 ـ ئەسىردە گېر (شوتلاندىيىنىڭ شىمالى بىلەن غەربىدىكى تاغلار)دا ئۆتكەن شائىر بولۇپ، ئۇ ياراتقان ئاياللارنىڭ ئوبرازى تراگېدىيىلىك ھەم سىرلىق ئىكەن.

# 15

قۇش ئۇۋلايدىغان يەر دەرياغا ئانچە يىراق ئەمەس بىر ئاق تېرەكلىكتە ئىدى. ئورمانغا كىرگەندىن كېيىن لېۋىن هارۋىدىن چۈشۈپ، ئوبلونسكىينى باشلاپ قارى ئېرىپ، ئۈستىنى يېڭى چىققان مۇخلار قاپلاپ كەتكەن ئوچۇقچىلىقنىڭ بىر تەرىپىگە ئاپىرىپ قويدى، ئۆزى ئىككىنچى تەرەپتىكى قوش قېيىننىڭ يېنىغا بېرىپ، مىلتىقىنى پەستىكى قۇرۇپ قالغان بىر شاخقا يۆلەپ قويدى ـ دە، چاپىنىنى يېشىۋېتىپ، بەلبېغىنى تۈزەشتۈرۈپ، قوللىرىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن هەرىكەتلەندۈرۈپ قويدى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ يۈرگەن كۆل رەڭ ئىتى لاسكا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ لېۋىننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ زوڭ ئولتۇردى. قۇياش ئورماننىڭ كەينىگە ئاستا ـ ئاستا چۆكۈۋاتاتتى. تېرەكلىكنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە تۇرغان ئاق قېيىنلارنىڭ ئېسىلىپ تۇرغان شاخلىرىدىكى بۆرتۈپ تۇرغان بىخلىرى قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى بىلەن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قارى تېخى تولۇق ئېرىپ بولمىغان قېلىن ئورماندىن كىچىك ـ كىچىك ئېرىق بولۇپ ئېقىۋاتقان سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئوچۇق ئاڭلىنىۋاتاتتى. قۇشلار ۋىچىرلىشىپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دەرەختىن ـ دەرەخكە ئۇچۇپ يۈرەتتى.

ئەتراپ مۇتلەق جىمىپ كەتكەن چاغلاردا، تونۇگ يەرنىڭ ئېرىشى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىدىن قىمىرلىغان بۇلتۇرقى يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

لېۋىن يىگىندەك ئۆسۈپ چىقىۋاتقا يۇمران مايسىلارنىڭ

يېنىدىكى تېرەكنىڭ بىخ سۇرۇپ چىقىۋاتقان يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆزىچىلا مىدىرلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «نېمىدېگەن سىرلىق دۇنيا بۇ! يوپۇرماقلار بىلەن كوكاتلارنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ ھەم قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقىنىنى قارىمامدىغان!» دەپ قويىدى ۋە جايىدا قىمىر قىلماي، يېشىل مۇخ قاپلاپ كەتكەن نەمخۇش يەرلەرگە گاھ قاراپ، گاھ قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ يەنە دەم ئەتراپقا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئىتىغا، دەم تاغ باغرىدىكى دەرەخلىرىنىڭ ئۇچى كۈننىڭ نۇرىدا قىزغۇچ يالتىراپ ۋە ئېدىرغا يېيىلىپ تۇرغان چەكسىز ئورمانغا، دەم ئاسماندىكى ئۈزۈپ كېتىۋاتقان پارچە ـ پارچە ئاپئاق بۇلۇتلارغا، گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى بېسىۋاتقان ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بىر بۇركۇت ئېغىر قاناتلىرىنى ئالدىرىماي قېقىپ، يىراقتىكى ئورماننىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتاتتى، يەنە بىر بۇركۇتمۇ ئوخشاش ھەرىكەت بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشكە قاراپ ئۇچۇۋاتاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئىككىلا بۇركۇت كۆزدىن غايىب بولدى. قۇشلارنىڭ ھەر خىل ئاۋازلاردا سايراشلىرى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. يېقىنلا بىر يەردىن ھۇۋقۇش ھۇۋلىۋىدى، لاسكا چۆچۈگەندەك بولۇپ، ئالدىغا ناھايىتى ئاۋايلاپ بىرنەچچە قەدەم بېسىپ، بېشىنى سىڭايان قىلىپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. دەريا تەرەپتىن كاككۇكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ دەسلەپتە ئادەتتىكى ئاۋازى بىلەن ئىككى قېتىم سايراپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋازى بوغۇلۇپ قېلىپ قالايمىقان سايراشقا باشلىدى.

— ھۇي، كاككۇك سايراۋاتىدۇ، — دېدى ئوبلونسكىي چاتقاللىقتىن چىقىپ.

— ھەئە، مەنمۇ ئاڭلىدىم، — دېدى لېۋىن ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ياقمىغان ئاۋازى بىلەن ئورمان جىمجىتلىقىنى بۇزغۇسى كەلمەي بوش شىۋىرلاپ — ئەمدى ئاز قالدى.

ئوبلونسكىي يەنە چاتقاللىقتا كىرىپ كەتتى. لېۋىن يالىت قىلغان سەرەڭگە ئوتىنى، ئۇنىڭ كەينىدىن قىزارغان تاماكا ئوتى ۋە ئىسسىنىلا كۆردى.

دەل شۇ چاغدا شاراق ـ شۇرۇق قىلىپ، ئوبلونسكىينىڭ مىلتىقىنىڭ زاتۋورىنى قايرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

ـــ بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟ ـــ دەپ سورىدى ئوبلونسكىي تايچاقنىڭ ئويناپ كىشنىگەن ئاۋازىدەك سوزۇلۇپ چىققان بىر ئاۋازغا لېۋىننىڭ دىققىتىنى تارتىپ.

ـــ ھە، سەن بىلمەمسەن؟ بۇ ئەركەك توشقاننىڭ ئاۋازى. گەپ قىلما! قولاق سال! ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ! ـــ دېدى لېۋىن شۇ گەپ بىلەن تەڭ تەپكىنى تارتىپ.

يىراقتىن بىر قۇشنىڭ ئىنچىكە چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىن ئوۋچىلارغا تونۇش بولغان ۋاقىت، يەنى ئىككى سېكۇنت ئۆتمەيلا يەنە ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئاۋاز كەلدى. ئۈچىنچى ئاۋازدىن كېيىن كۇرۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

لېۋىن ئىككى يېنىغا قاراپ، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئاق تېرەكلەرنىڭ ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاۋا رەڭ گۇگۇم ئاسمىنىدا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر قۇشنى كۆردى. ئۇ قۇش ئۇدۇل لېۋىن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، قوپال توقۇلغان رەختنى تارتىپ يىرتقاندا چىقىدىغاندەك كۇرۇلدىغان ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، خۇددى قولاق تۈۋىدە ئاڭلىنىۋاتقاندەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قۇشنىڭ تۇمشۇقى بىلەن بوينى كۆرۈنگەندە، لېۋىن ئۇنى ئەمدىلا قارىغا ئېلىپ تۇراتتى، ئوبلونسكىي تۇرغان چاتقاللىقتىن بىر ئوت يالت قىلىپ قالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ قۇش پەسكە قاراپ ئوقتەك چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، جان ئاچچىقىدا يەنە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندى، يەنە بىر قېتىم ئوت كۆرۈنۈپ، ئوقنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇ قۇش خۇددى ئاسمان بوشلۇقىدا توختاپ قالماقچى بولۇۋاتقاندەك قاناتلىرىنى بىردەم قېقىپ، بىر دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سازلىققا پالاققىدە چۈشتى.

— ئوق تەگمىدىمۇ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئوبلونسكىي مىلتىقتىن چىققان ئىستا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي.

— قارا، ئەنە ئاۋۇ يەردە ! — دېدى لېۋىن لاسكاغا قۇشنىڭ چۈشكەن يېرىنى كۆرسىتىپ. لاسكا بىر قۇلىقىنى كۆتۈرۈپ، يۇڭلۇق قويرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، بۇ خۇشاللىقتىن ئۇزاقراق لەززەتلىنەي دەپ كۈلۈمسىرەپ كېتىۋاتقاندەك ئاستا بېرىپ، ئۆلگەن قۇشنى چىشلەپ خوجايىنغا ئەكېلىپ بەردى، — بارىكاللا ! ئوقۇڭنى تەگكۈزۈپسەن ! مەن بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن ! — دېدى لېۋىن خۇشال توۋلاپ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ لايخورەكنى ئۆزىنىڭ ئېتىپ چۈشۈرەلمىگەنلىكىدىن ئازراق ئەپسۇسلىنىپمۇ قالدى.

— كۆزلەر كاردىن چىقىپتۇ. بۇ ئوق تاسادىپىي تېگىپ قالغان گەپقۇ، — دېدى ئوبلونسكىي مىلتىقىغا ئوق سېلىۋېتىپ، — تىش ... يەنە بىرى كەلدى.

دېگەندەك، كەينى - كەينىدىن چىققان ئۆتكۈر ئاۋازلىق سايراشلار ئاڭلىنىپ، ئىككى لايخورەك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، كۈرۈلدىماي، ئۇدۇل ئوۋچىلارنىڭ بېشى ئۈستىگە ئۇچۇپ كەلدى. ئۇلارغا قارىتىپ تۆت پاي ئوق ئېتىلدى، لېكىن لايخورەكلەر خۇددى قارلىغاچتەك ناھايىتى ئىتتىك بۇرۇلۇپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

......

ئوۋ ناھايىتى ياخشى بولدى. ئوبلونسكىي ئىككىنى ئېتىپ چۈشۈردى. لېۋىنمۇ ئىككىنى ئېتىپ چۈشۈرۈپ بىرىنى تاپالماي قويدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان زۆھرە يۇلتۇز غەرب تەرەپتە يېقىملىق نۇرىنى چېچىپ چاقناپ تۇراتتى؛ شەرقتە ئۆزىدىن قىزىل نۇر چاچرىتىپ تۇرغان ئاركوتۇرۇس يۇلتۇز ئېگىز ئاسماندا پىلدىرلاپ توختىمايتتى. لېۋىن بېشى ئۈستىدىكى يەتتە قاراقچى يولتۇزغا قارىدى، يەنە بىردەمدىلا ئۇ يۇلتۇزنى يوقىتىپ قويدى.

لايخورەكلەر ئەمدى ئۆچمەمدى. لېكىن، لېۋىن دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان زۆھرە يۇلتۇز دەرەخلەرنىڭ ئۆچىدا كۆرۈنگۈچە، يەتتە قاراقچى يۇلتۇز ئۆزىنى تولۇق كۆرسەتكۈچە ساقلاپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئاخىر زۆھرە يۇلتۇز دەرەخلەرنىڭ ئۆچىدا كۆرۈندى، يەتتە قاراقچى يۇلتۇزنىڭمۇ بېشى بىلەن قۇيرۇقى چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدا ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى، لېكىن لېۋىن يەنىلا ساقلاۋاتاتتى.

— ئەمدى قايتساق بولار؟ — دېدى ئوبلونسكىي.

ئورمان جىمىپ كەتكەنىدى، ئۇچۇپ يۈرگەن بىرمۇ قۇش كۆرۈنمەيتتى.

— يەنە ئازراق ساقلايلى، — دېدى لېۋىن.

— ئىختىيارىڭ.

ھازىر ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئون بەش قەدەمچە يىراقتا تۇراتتى.

— ستىۋا! — دېدى تۇيۇقسىز لېۋىن، — قېيىنسىڭلىڭنىڭ ئەرگە تەگكەن - تەگمىگەنلىكىنى ياكى قاچان ئەرگە تېگىدىغانلىقىنى نېمىشقا ماڭا دېمەيسەن؟

لېۋىن ئۆزىنى شۇنچىلىك تەمكىن ۋە بېسىق سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى، ھەرقانداق جاۋاب ئۇنى ھاياجانغا سالالمايتتى. ئەمما، ئوبلونسكىي ئۇنىڭغا ئۇ ھېچقاچان ئويلاپ باقمىغان جاۋابنى بەردى.

— ئۇ ئەرگە تېگىشنى ئويلىمىدى ھەم ئويلاۋاتقىنىمۇ يوق، ھازىر قاتتىق ئاغرىق، دوختۇرلار ئۇنى چەت ئەلگە چىقىپ دەم ئالغاچ داۋالىنىپ كەلسۇن دەپ چىقىرىۋەتتى. ھەممىمىز ئۇنىڭ ھايات قالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمىز.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — لېۋىن توۋلاپ كەتتى، — قاتتىق ئاغرىق دەمسەن؟ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ...

ئىككىسى شۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتقاندا، لاسكا قۇلىقىنى دىڭ

قىلىپ ئاسمانغا ۋە تەنە قىلىۋاتقاندەك ئۇ ئىككىسىگە قاراپ قويدى.

«گەپ قىلىشىۋاتقان ۋاقتىنى قاراڭلار بۇلارنىڭ، — دەپ ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى لاسكا، — قۇش بولسا ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ ... ئەنە، راستتىنلا ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان بولدى ...»

دەل شۇ چاغدا ئۇ ئىككىسى بىر قۇشنىڭ چىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ تەڭلا مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىغا ئالدى، ئىككى تەرەپتىن ئىككى ئوت بىرلا ۋاقىتتا ئۇچقۇنداپ، شۇ دەقىقە ئىچىدە ئىككى پاي ئوقنىڭ ئاۋازى جاھاننى بىر ئالدى. ئارقىدىنلا ئاسماندىكى ئۇ قۇش قاناتلىرىنى يىغىپ، ئىنچىكە نوتىلارنى ئېگىپ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا چۈشتى.

— ۋاھ، بۇ بىر مۆجىزە بولدى! ئىككىمىزنىڭ ئوقى تەڭ تەگدى! — دېدى لېۋىن لاسكانى ئەگەشتۈرۈپ، لايخورەكنى تېپىش ئۈچۈن چاتقاللارنىڭ ئارىسىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ. «بايا قانداق كۆڭۈلسىز گەپ بولۇۋىدى؟ — ئويلاپ قالدى لېۋىن، — ھە راست، كىتى ئاغرىپ قاپتۇ ... ئۇنىڭغا ئەمدى نېمە ئىلاج بولسۇن ... ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ، ئۇ بىچارىگە.»

— ھوي، تېپىپسەن - دە! ئەقىللىق ئىتىم! — دېدى ئۇ لاسكانىڭ ئاغزىدىكى تېنى تېخى ئىسسىق قۇشنى ئېلىپ توشاي دەپ قالغان خالتىسىغا سېلىۋېتىپ. ئاندىن، — ستىۋا، تاپتىم! — دەپ ۋارقىراپ، ئوبلونسكىيغا خەۋەر قىلدى.

## 16

لېۋىن ئۆيگە كېلىۋېتىپ، كىتىنىڭ ئاغرىقى بىلەن شېرباتسكىيلارنىڭ قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىرىنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە سوراپ بىلدى. گەرچە ئىقرار قىلىش

ئۇياتلىق ئىش بولسىمۇ، بۇ خەۋەر ئۇنى تولىمۇ خۇشال قىلغانىدى. ئۇ بۇ ئىشتىن يەنە ئۈمىد بارلىقىدىن خۇشال بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى تارتقان ئازابلارنىڭ بۈگۈن ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغانىدى. ئوبلونسكىي كىتىنىڭ نىمە ئۈچۈن ئاغرىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ۋرونسكىينىڭ ئىسمىنى چىقارغاندا، لېۋىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— مېنىڭ باشقىلارنىڭ سىرىنى بىلىشكە ھېچقانداق ھەققىم يوق ھەم قىلچە قىزىقمايمەن، — دېدى.

لېۋىننىڭ تېخى بايىلا خۇشال كۆرۈنگەن چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ قالدى. ئوبلونسكىي لېۋىننىڭ چىرايىدىكى ئۆزگە مەلۇم بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇنداق تېز ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى.

— سەن ئورمان توغرىسىدىكى ئىشىڭنى رەبىنىن بىلەن سۆزلىشىپ بولغانمۇ؟ — سورىدى لېۋىن.


— ھەئە، سۆزلىشىپ بولغان، باھاسىمۇ يامان ئەمەس بولدى. ئوتتۇز سەككىز مىڭ. سەككىز مىڭنى ھازىر بېرىدىغان، قالغىنىنى ئالتە يىل ئىچىدە بېرىپ بولىدىغان بولدى. بۇ ئىش ئۈچۈن كۆپ ئاۋارە بولدۇم. ئۇنىڭدىن يۇقىرى باھاغا ھېچكىم چىقمىدى.

— دېمەك، سەن ئورمىنىڭنى بىكارغا بېرىۋېتىپسەن ! — دېدى لېۋىن بۇ سودىغا رەسمىي خاپا بولۇپ.

— قانداقلارچە بىكارغا بېرىۋېتىپتىمەن؟ — ئوبلونسكىي شۇ تۇرقىدا لېۋىننىڭ كۆزىگە ھەممىلا نەرسە يامان كۆرۈنىدىغانلىقىنى بىلىپ، مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى.

— چۈنكى، ئورماننىڭ ھەر بىر موسى ئاز دېگەندە بەش يۈز رۇبلىغا يارايدۇ، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— سىلەر سەھرالىق بايلارمۇزە، — دېدى ئوبلونسكىي چاقچاق قىلىپ، — سىلەرنىڭ بىز شەھەرلىكلەرنى



ياقتۇرمايدىغان مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشىڭلار ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدۇ ... ئىش قىلىشقا كەلگەندە خېلى ـ خېلىسىدىن قېلىشمايمىز جۇمۇ بىز. ئىشەنسەڭ، مەن ھەممىنى ئىنچىكە ھېسابلاپ چىقىپ، ئورماننى ياخشى باھادا ساتتىم، دەپ ئويلىدىم. مەن تېخى ئۇنى يېڭىۋاللامدىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇ ئورماندا «ماتېرىيال بولغۇدەك ياغاچ» يوق، — ئوبلونسكىي شۇ ئىشنىڭ ئەھلىلىرى ئىشلىتىدىغان گەپنى قىلىپ لېۋىننىڭ گۇمانلىرىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتاتتى، — يېرىمدىن كۆپرەكى ئوتۇنغا لايىق دەرەخلەر. ھەربىر موسىدىن ئوتتۇز سازىندىن[1] ئوتۇن چىقىدۇ، ھېلىمۇ ئۇ ھەربىر موسىغا ئىككى يۈز رۇبلىدىن بەردى.

لېۋىن ياقتۇرمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. «يالغۇز ئۇنىڭلا ئەمەس، شەھەرلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ شۇنداق ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، — دەپ ئويلىدى لېۋىن، — بىر يىلنىڭ ئىچىدە ئۇلار يېزىغا بىر ـ ئىككى قېتىملا كېلىدۇ، يېزىلىقلارنىڭ گەپلىرىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز گەپنى بىلىۋالسىلا، ھەممىنى بىلىمەن دەپ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ. ‹ياغاچ ماتېرىيالى›، ‹سازىن› دېگەن گەپلەرنى ئاغزىدا دېگىنى بىلەن، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشمەيدۇ.»

— مەن ساڭا مەھكىمىگە يازىدىغان نېمىلىرىڭدىن دەرس بېرەلمەيمەن، — دېدى لېۋىن، — كېرەك بولسا، مەن سەندىن سورايمەن. ئەمما، سەن ئورماننى سېتىش ئىشىدا ئۆزۈڭگە بەكمۇ ئىشىنىپ كېتىۋاتىسەن. بۇ سەن دېگەندەك ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. دەرەخلىرىڭنى ساناپ باقتىڭمۇ؟

— دەرەخلەرنى قانداق سانىغىلى بولىدۇ؟ — ئوبلونسكىي كۈلۈپ كەتتى. ھېلىغىچە ئۇ دوستىنىڭ كۆڭلىدىكى يامان كەيپىياتنى يوقىتىشقا تىرىشىۋاتاتتى، — ئالاھىدە بىر تالانتلىق

① بىر سازىن 2.134 مېترغا تەڭ.

ئادەم بولمىسا، دېڭىز بويىدىكى قۇمنى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ساناپ بولغىلى بولمىغاندەك، ئورماندىكى دەرەخلەرنى ساناپ چىقىش مۇمكىنمۇ ...

— راست دەيسەن، رەبىننىڭ ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەر ساناپ چىقالايدۇ. دەرەخ سېتىۋالىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئىچىدە دەرەخ سانىمايدىغان بىرىمۇ بولمايدۇ. ساڭا ئوخشاش ئاشۇنداق گەپ قىلىدىغانلار ئورمىنىنى بىكارغا بېرىۋېتىدۇ. ھەر يىلى شۇ تەرەپلەرگە بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ تۇرغاچقا، سېنىڭ ئۇ ئورمىنىڭنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ھەر موسى بەش يۈز رۇبلىغا يارايدىغان تۇرسا، ساڭا ئاران ئىككى يۈز رۇبلى بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنىڭغا ئوتتۇز مىڭ رۇبلىنى بىكارغا بېرىۋېتىپسەن، يەنە تېخى پۇلۇڭنى يىللارغا بۆلۈپ بېرىدىكەن.

— سەن خىيالىڭغا كەلگىنىچە چوت سوقۇۋاتىسەن، — دېدى ئوبلونسكىي سەل بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، — ئۇنداق بولسا، نېمىشقا باشقىلار ئۇنىڭدىن يۇقىرى باھاغا ئالمايدۇ؟

— بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ باشقا سودىگەرلەر بىلەن تىلىنى بىر قىلىۋالغان، ئۇلارنىڭ ئاغزىنى مايلاپمۇ بولغان. مەن ئۇ ئادەملەر بىلەن كۆپ مۇئامىلە قىلىشقان، شۇڭا ئۇلارنى چۈشىنىمەن. ئۇلار سودىگەر ئەمەس، ئارىدىن پايدا يەيدىغانلار. ئەگەر ئۇلارغا ئون پىرسەنت ياكى ئون بەش پىرسەنت پايدا كېلىدىغان بولسا بۇ سودىنى قىلىشمايدۇ. ئۇلار بىر رۇبلىلىق نەرسىنى يىگىرمە كوپېيكىدىن سېتىۋالىدۇ.

— قويە بۇ گېپىڭنى ! بۈگۈن سېنىڭ كەيپىڭ ئۈچۈپ تۇرغان كۈن، شۇڭا شۇنداق گەپلەرنى قىلىسەن.

— قىلچە ئۇنداق ئەمەس، — دېدى لېۋىن سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ. ئاڭغىچە ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى.

دەرۋازا ئالدىدا قەلەي بىلەن تېرىدە قاپلانغان، خاموت بېغى چىڭ تارتىلغان سېمىز بىر ئات قوشۇلغان بىر ھارۋا تۇراتتى. ھارۋىدا رەبىننىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيدىغان، قىپقىزىل يۈزى

تىرسىلداپ تۇرغان، بىلىنى چىڭ باغلىۋالغان بىرى ئولتۇراتتى. رەبىنىن كېلىپلا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇ ئىككى ئاغىنىنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئورۇق، ئېگىز، قىسقا بۇرۇت قويۇۋالغان، ئېڭىكىنى پاكىز قىردۇرغان، خىرە كۆزلىرى ئالدىغا پۇلتىيىپ چىقىپ قالغان ئوتتۇز ياشلاردىكى ئادەم ئىدى. ئۇستىگە بىلىدىن خېلىلا چۇشۇرۇپ قاتار تۇگمە قادالغان كۆك رەڭلىك ئۇزۇن چاپان، پۇتىغا بىغىشى غىجىملانغان، قونچى سىلىق چۇشكەن ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، ئۆتۈكىنىڭ ئۇستىگە كالاچ كىيىۋالغانىدى. ئۇ قولياغلىقى بىلەن يۇزىنى تولۇق بىر سۇرتۇۋېتىپ، ئەسلىدىلا تۇز تۇرغان چاپىنىنى پەسكە تارتىپ ـ تارتىپ قويۇپ، چىرايىدا كۇلكە، كىرگەنلەر بىلەن كۆرۇشتى ۋە نېمىنىدۇر تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك، ئالدى بىلەن ئوبلونسكيغا قولىنى ئۇزاتتى.

— ھە، كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكي قولىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ، — ناھايىتى ياخشى بولدى.

— يول ناھايىتى يامان بولسىمۇ، جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىماسلىقىقا جۇرئەت قىلالمىدىم. يول بويى پىيادە مېڭىپ دېگۇدەك كەلسەممۇ، دېگەن ۋاقىتتا يېتىپ كەلدىم. كونستانتىن دمىترىچ، سىزگە سالام، — ئۇ لېۋىنىنىڭ قولىنى تۇتۇشقا بار كۇچى بىلەن ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېۋىن قاپىقىنى ئاچماي، ئۇزىگە سۇنغان قولىنى كۆرمەسكە سېلىپ، خالتىدىن لايخورەكلەرنى ئالغان بولۇپ تۇرۇۋالدى، — ئىككىلىرى ئوۋ ئوۋلىغىلى بېرىپ ئىچ پۇشۇقلىرىنى چىقىرىپ كېلىشكەن ئوخشىمامدىلا؟ بۇ قانداق قۇش؟ — رەبىنىن لايخورەكلەرگە ياراتمىغاندەك قاراۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — تەمى ياخشى بولسا كېرەك، — ئارقىدىنلا خۇددى، مۇشۇ قۇش ئۇچۇن شۇنچىلا ئاۋارە بولۇش ئەرزىيدىغان ئىشمۇ، دەپ شۇبھىلەنگەندەك، بېشىنى چايقاپ قويدى.

— كۇتۇپخانىغا كىرەمسەن؟ — دېدى لېۋىن ئوبلونسكيغا

قاراپ تەرىنى تۇرۇپ تۇرۇپ فرانسۇزچە سۆزلەپ، — كۇتۇپخانىغا كىرىپ سۆزلىشىڭلار.

— بىزگە نە بولسا بولىۋېرىدۇ، — دېدى رەبىنىن ئۆزىنىڭ ھەرقانداق يەردە ھەرقانداق ئادەم بىلەن سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا تەييارلىقىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك. بۇنداق قىلىش باشقا ئادەملەر ئۈچۈن قىيىن بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش ئەمەس ئىدى.

رەبىنىن كۇتۇپخانىغا كىرىپ، ئادىتى بويىچە مۇقەددەس بۈۋى مەريەمنىڭ رەسىمى بارمىكىن دېگەندەك، ئۆينىڭ ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى. رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ قويمىدى. كىتاب ئىشكاپلىرى ۋە كىتابلار تىزىپ قويۇلغان جاۋەنلەرگە قاراپ قويۇپ، يەنە ھېلىقى لايخورەكلەرگە قارىغانغا ئوخشاش، مۇشۇ كىتابلارغىمۇ پۇل بۇزغان بارمۇ دېگەندەك، مەنسىتمەي مىيىقىدا كۈلۈپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

— خوش، پۇلنى ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوبلونسكىي، — قېنى ئولتۇرۇڭ.

— بىز پۇلدىن قاچمايمىز. ئاۋۋال دىدار كۆرۈشۈپ ھەم سۆزلىشىۋالايلى، دەپ كەلدىم.

— نېمىنى سۆزلىشىسىز؟ ئولتۇرسىڭىزچۇ.

— بولىدۇ، — دېدى رەبىنىن ساپادا ئولتۇرۇپ ۋە ساپانىڭ يۆلەنچۈكىگە تەستە يۆلىنىپ، — كىنەز، باھانى يەنە ئازراق چۈشۈرسەك دەيمەن، بەك قىممەت بولۇپ كەتتى. پۇل تەييار، بىر تىيىنمۇ كەم ئەمەس، مەن ئۇنداق قەرز قىلىدىغانلاردىن ئەمەس.

شۇ ئارىدا لېۋىن مىلتىقنى ئىشكاپقا سېلىپ قويۇپ ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، بۇ گەپنى ئاڭلاپلا قەدىمىنى توختاتتى.

— سىز ئورمانلىنى بىكارغا دېگۈدەك ئېلىۋېلىپ، يەنە شۇ گەپنى قىلىۋاتامسىز، — دېدى ئۇ، — ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېچىكىپ كېلىپ قالدى، بولمىسا ئۇنىڭغا باھانى مەن قويۇپ

بىرەتتىم.

رەبىنىڭ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇنچىقماي كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، لىۋىنغا بىشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى.

— كونستانتىن دمىترىچ ناھايىتى پۇختا ئىش قىلىدىغان ئادەم ـ دە، — دېدى ئۇ ئوبلونسكىيغا قاراپ، — ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن بىرنەرسە سېتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ بۇغدىيىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالغانمەن.

— ئۆزۈمنىڭ نەرسىمنى نېمە ئۈچۈن سىزگە بىكارغا بېرىۋېتەكۈدەكمەن؟ يا مەن بۇغدايىنى يەردىن تېرىۋالمىسام ياكى بىر يەردىن ئوغرىلاپ كەلمىسەم.

— كەچۈرۈڭ، ھازىرقى زاماندا بىر نەرسە ئوغرىلاش زادىلا مۇمكىن ئەمەس، زامانىمىزدىكى ھەرقانداق ئىش قانۇن بويىچە يۈرۈشۈۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئوغرىلىق قىلىش مۇمكىنمۇ! بىز ھەرقانداق ئىشنى ۋىجدانىمىز بىلەن قىلىشىمىز لازىمدۇر. ئۇ ئورمانىنىڭ باھاسى تولىمۇ ئۆرە بولۇپ كەتتى، ماڭا ئۇۋال، شۇڭا باھانى ئازراق چۈشۈرسەڭ.

— سوداڭلار پۈتكەنمۇ ـ يوق؟ ئەگەر پۈتكەن بولسا، يەنە سودىلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق، پۈتمىگەن بولسا، ئورماننى ئۆزۈم سېتىۋالىمەن، — دېدى لېۋىن.

رەبىنىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە بىردىنلا ئۆچۈپ، بۈركۈتتەك رەھىمسىز ۋە ئاچ كۆز قىياپەتكە كىرىپ قالدى ھەم شۇئان قورايدەك ئورۇق قوللىرى بىلەن چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى تېز سۆرئەتتە يەشكەندى، ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋەتمىگەن كۆڭلىكى، كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالغان جىلىتكىسىنىڭ مىس تۈگمىلىرى، سائىتىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان زەنجىرى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ يانچۇقىدىن لىق پۇل سېلىنغان ئېغىر تېرە ھەميانىنى چىقاردى.

— مانا پۇلىڭىز، ئورمان ئەمدى مېنىڭ بولدى، — دېدى ئۇ بىر قولىدا مەيدىسىگە ئىتتىك ـ ئىتتىك كرېست سىزىپ، يەنە

بىر قولىدا ھەميانىنى ئوبلونسكىيغا سۇنۇپ، — بۇ پۇلنى ئېلىڭ، ئورمان ئەمدى ماڭا ئۆتتى. كۆردىڭىزمۇ، مەن رەبنىڭ سودىنى ھەرقاچان مۇشۇنداق قىلىمەن، ھەرگىز كۆزى كىچىكلىك قىلمايمەن، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ھەميانىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ يەنە بىر قېتىم.

— مەن بولغان بولسام بۇنچىلىك ئالدىراپ كەتمەيتتىم، — دېدى لېۋىن ئوبلونسكىيغا.

— بولدىلا، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتقاندەك قىلىپ، — ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ، مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ بولغان.

لېۋىن ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كەتتى. رەبنىڭ ئىشىككە قاراپ بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى.

— كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلىغۇ، بۇ ئادەم. تېخى ياش ـ دە. راستىمنى دېسەم، مەن بۇ ئورماننى پۈتۈنلەي نام ـ شۆھرەت ئۈچۈنلا سېتىۋالدىم. كىشىلەر ئوبلونسكىينىڭ ئورمىنىنى سېتىۋالغان ئادەمنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، رەبنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلسۇن ـ دە. پايدا ئالدىممۇ ـ يوق. بۇنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بۇ توغرۇلۇق خۇدانىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن. قېنى، مۇنۇ يەر خېتىگە ئىمزايىڭىزنى قويۇۋېتىڭ ...

بىر سائەتتىن كېيىن بۇ سودىگەر چاپىنىنى كىيىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇۋىسىنى ئارتىپ، يەر خېتىنى يانچۇقىغا سالدى ـ دە، ناھايىتى ھىم ياسالغان ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ يولغا راۋان بولدى.

— بۇ بەگزادىلەرنىڭ ھەممىسى، — دېدى ئۇ غوجىدارىغا، — بىر قېلىپنىڭ كېسەكلىرى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى غوجىدار ئاتنىڭ بوجىسىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ تۇرۇپ جۇۋىسىنىڭ ئالدىنى ئەتكەچ، — بۇ سودىڭىزنى تەبرىكلەيمەن، مىخايىل ئىگناتىۋىچ.

— ھىم، ھىم ...

# 17

ئوبلونسكىي سودىگەر ئالدىن بېرىپ تۇرغان لىق بىر ھەميان پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى. ئۇ ئورمانىنىڭ سودىسى پۈتۈپ، پۇل قولغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوۋدىمۇ يامان ئەمەس ھاسىلاتقا ئېرىشىپ قىن - قىنىغا پاتماي قالغانىدى، شۇڭا لېۋىندىكى يامان كەيپىياتنى كۆتۈرۈۋېتىشنىڭ خىيالىدا ئۈستىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا بۇ بىر كۈننى خۇددى سەھەردە باشلانغان چاغدىكىدەك خۇشال - خۇرام ئۇزىتىپ قويۇش ئارزۇسىدا ئىدى.

لېۋىننىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، بۇ ئوماق مېھمىنىغا ئامالىنىڭ بارىچە قىزغىنلىق كۆرسىتىۋاتقىنىنى بىلەن، ئىچ - ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىقىنى بېسىشقا ئامالسىز ئىدى. كىتىنىڭ توي قىلمىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلا ئۇنى ئازراق خۇشال قىلىپ تۇراتتى.

كىتى ئاغرىپ قالغان، ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى تاشلىۋېتىپ ئاغرىتىپ قويغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن لېۋىنمۇ مەيۈسلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ۋرونسكىي ئۇنى تاشلىغان بولسا، ئۇ لېۋىننى تاشلىغانىدى. مۇشۇ ئىش بىلەنلا ۋرونسكىي لېۋىننى كەمسىتىشكە ھەقلىق دېيىشكىمۇ بولاتتى، شۇڭا ئۇ لېۋىننىڭ دۈشمىنى سانىلاتتى. ئەمما، لېۋىن بۇنچىلا كۆپ ئويلاپ كەتمىدى، پەقەت بەزى ئىشلاردىلا ئۆزىنى ئازراق ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىپ قالدى. ھازىر كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ئۇ ئىشنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈۋاتقىنىدىن ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بەزى ئىشلارنىڭ كۆزىگە سىغمايۋاتقانلىقىدىن ئىدى. ئوبلونسكىينىڭ ئورمىنىنى سېتىۋەتكەن ئەخمەقلىقى،

ئالدىنىپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، مۇشۇنداق بىر سودىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بولغانلىقى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنىتاتتى.

— ھە، توگىدىمۇ، — دېدى ئۇ ئۈستىگە چىقىۋاتقان ئوبلونسكىينى كۆرۈپ، — كەچلىك تاماققا مەيلىڭ قانداق؟

— تاماق يەيلى، تارتىنماي دەۋەردىم. يېزىغا كەلسەم ئىشتىھايىم بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كېتىدۇ. سەن نېمىشقا رەبىنىنى كەچلىك تاماققا تۇتۇۋالمىدىڭ؟

— ئىشىنى قىلسۇنلا ئۇ.

— ئۇنىڭغا نېمىشقا مۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانسەن! — دېدى ئوبلونسكىي، — ھەتتا ئۇنىڭغا قولۇڭنىمۇ بېرىپ قويمىدىڭ. ئۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— مەن غالچىلار بىلەن ئەزەلدىن قول ئېلىشىپ باقمىغان، ئۇنىڭغا قارىغاندا غالچا مىڭ ياخشى.

— پەقەتلا ئۆزگەرمەيدىغان ئادەم ـ دە، سەن. ئۇنداقتا سەن سىنىپىي چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاش مەسىلىسىگە قانداق قارايسەن؟

— كىمنىڭ بۇزغۇسى كەلسە شۇ بۇزىۋەرسۇن، مەن ئۇنداق قىلىشتىن سەسكىنىمەن.

— سەن سېپى ئۆزىدىن جاھىل ئادەم ئىكەنسەن.

— راستىمنى دېسەم، مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان، كونستانتىن دمىترىچ ئىكەنلىكىمنىلا بىلىمەن.

— يەنە كېلىپ، كەيپى ئۇچۇپ تۇرغان كونستانتىن لېۋىن دېگىن.

— شۇنداق، مېنىڭ كەيپىياتىم راستىنلا ياخشى ئەمەس. بۇنىڭ نېمە ئۇچۇنلۇكىنى بىلەمسەن؟ شۇنىڭ ئۇچۇنكى —— گەپنى ئۇدۇل قىلغىنىمنى كەچۈرگىن —— سەن ئىنتايىن ئەخمىقانە بىر سودىنى قىلدىڭ.

ئوبلونسكىي گويا بىگۇناھ ئەيىبلەشكە ۋە مەسخىرىگە ئۇچراۋاتقان ئادەمدەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى.

— بولدىلا ئەمدى، — دېدى ئۇ، — بىر ئادەم بىر نەرسىنى ساتسىلا، كەينىدىن بىرى قوپۇپ: «ۋاي، بۇ نەرسە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇلغا يارايتتى» دەيدىغان ئادەت بار بىزدە، توغرىمۇ؟ ئەمما، ساتقان ۋاقتىڭدا ئالماقچى بولغان ئادەمدىن ئۈستۈن باھا قويىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايدۇ ... سەن ئۇ بىچارە رەبىنىنىڭگە ئۆچ، شۇڭا شۇنداق قىلىسەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇر. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلەمسەن؟ بۇ گەپنى دېسەم، سەن يەنە مېنى مۇتەئەسسىپ ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق گەپلەر بىلەن ئەيىبلەرسەن. قانچە دېمىگىن، ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھەر تەرەپتىن ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرسەم ئىچىم ئاچچىق بولۇپ شۇنچىلىك ئازابلىنىپ كېتىمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، تەبىقىلەرنىڭ چېكى قانچىلىك بۇزۇلۇپ كەتسىمۇ، مەن يەنىلا ئاقسۆڭەكمەن. ۋەيران بولۇش ھەشەمەتكە بېرىلگەنلىكتىن ئەمەس. ھەشەمەتكە بېرىلگەن بولسا ئۇ ئانچە چوڭ ئىش ھېسابلانمايتتى. ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ياشاش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆگەنگەن ئادىتى، پەقەت ئاقسۆڭەكلەرلا ئاشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ھازىر ئەتراپىمىزدىكى دېھقانلار ھەدەپ يەر سېتىۋېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن مەن ھەرگىز بىئارام بولمايمەن. خوجايىنلار ئەمگەك قىلمايدۇ، دېھقانلار بولسا يىل بويى ئەمگەكتىن باش كۆتۈرمەيدۇ، ئۇلار شۇنداق ئىشلەشلىرى بىلەن بىكار تەلەپلەرنى ئارىلىرىدىن سىقىپ چىقىرىدۇ، بۇ بىر مۇقەررەرلىك. مەن دېھقانلار ئۈچۈن خۇشال بولىمەن. ئەمما، ئاقسۆڭەكلەر — ئۇلارنى نېمە دەپ ئاتىشىمنى بىلمەيمەن — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقى، بىلىمسىزلىكى بىلەن ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەن بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن. بىزنىڭ بۇ يەردە ئىجارىچى بىر پولەك بار، ئۇ نىتسادا تۇرىدىغان بىر ئاقسۆڭەك

خانىمنىڭ بىر پارچە ياخشى يېرىنى يېرىم باھادا سېتىۋالدى. شۇ يەردە يەنە بىرەيلەن ئۆزىنىڭ يەرلىرىنى موسىغا بىر رۇبلىدىن گۆرۈگە قويدى، ئەسلىدە ئون رۇبلىدىن قويسا بولاتتى. مانا سەنمۇ بۈگۈن ئۇ ئالدامچىغا ئوتتۇز مىڭ رۇبلىنى سوۋغا قىلىپ ئولتۇردۇڭ.

— سېنىڭچە قانداق قىلسام بولاتتى؟ دەرەخلەرنى بىردىن - بىردىن ساناپ چىقىشىم كېرەكمىدى؟

— چوقۇم ساناپ چىقىشىڭ كېرەك، سەن سانىمىغان بىلەن، رەبىنىن ساناپ چىققان. رەبىنىننىڭ بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش پۇللىرى بىلەن ئوقۇش پۇللىرى بار، ئەمما سېنىڭ بالىلىرىڭنىڭ ئۇنداق پۇلى بولۇشى ناتايىن.

— بولدى، مېنى كەچۈر، دەرەخلەرنى ئۇنداق ساناپ ئولتۇرسام كۆزى كىچىكلىك قىلغان بولامدىمەن. بىزنىڭ ئۆز ئالدىمىزغا ئىشىمىز بار، ئۇلارنىڭمۇ ھەم شۇنداق. ئۇلارمۇ پايدا ئېلىپ جېنىنى باقسۇن - دە. ئىشقىلىپ، بولار ئىش بولۇپ بولدى، ئەمدى سۆزلەپ نېمە قىلايلى. مەن قورۇغان تۇخۇمنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن. ئاگافىيە، بىزگە دورا چىلىغان ھېلىقى ھاراقنى بەرگەن بولسىڭىز.

ئوبلونسكىي ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ئاگافىيە بىلەن چاقچاقلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى بۇنداق ياخشى چۈشلۈك، كەچلىك تاماقلارنى يەپ باقمىغانلىقىنى دېدى.

— مېنى بەكمۇ ماختىۋەتتىڭىز، — دېدى ئاگافىيە، — لېكىن، كونستانتىن دمىترىچ قانداقلا تاماق ئېتىپ بەرسىڭىز، ھەتتا بولكىنىڭ ئۈستىدىكى تېرىسىنى ئەكېلىپ بەرسىڭىزمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلماي، يەپ بولۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

لېۋىن ئېچىلىپ ئولتۇرايچۇ دەپ قانچە تىرىشسىمۇ زادى ئېچىلالمايۋاتاتتى. ئوبلونسكىيدىن بىر گەپنى سورىغۇسى بار تۇرۇپمۇ سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى ھەم نېمە دەپ سوراشنى،

قانداق چاغدا سوراشنى بىلمەيتتى. ئوبلونسكىي تاماقتىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ كىيىملىرىنى سالدى، ئاندىن مۈنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىپ، ياتىدىغان ئۆيىگە كىرىپ كېچىلىك كىيىمىنى كىيىپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. لېۋىن شۇنىڭغىچىمۇ دەيدىغان گېپىنى دېيەلمەي، يوق گەپلەرنى قىلىپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈۋاتاتتى.

— بۇ سوپۇن ئەجەبمۇ چىرايلىقكىنە ! — دېدى ئۇ بىر قاپ ئەتىر سوپۇننى ئېچىپ كۆرۈپ. بۇ ئاگافىيە مېھمانلارغا دەپ ئايرىم قويۇپ قويغان سوپۇن بولۇپ، ئوبلونسكىي تېخى ئىشلەتمىگەنىدى، — قارا، بۇنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت بۇيۇمىغۇ.

— شۇنداق، ھازىر ھەممە نەرسە مۇشۇنداق نەپىس ئىشلىنىدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى ئوبلونسكىي كۆزلىرى نەم، راھەتلىنىپ بىر ئەسنىۋېتىپ، — مەسىلەن، تىياتىرخانىلار مۇشۇنداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇغۇ ... ئا - ئا - ئا — ئۇ يەنە ئەسنىدى، — ھەممە ياقتا ئېلېكتىر يورۇقى ... ئا - ئا - ئا !

— شۇنداق، ھەممە يەردە ئېلېكتىر يورۇقى بار بولۇۋاتىدۇ، — دېدى لېۋىن، — شۇنداق. ھە راست، ۋرونسكىي ھازىر نەدە؟ — ئۇ سوپۇننى قويۇپ قويۇپ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

— ۋرونسكىيمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي ئەسنىكىنى بېسىپ، — پېتېربۇرگدا. سەن كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇمۇ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن موسكۋاغا كېلىپ باقمىدى. كونستانتىن، ساڭا راست گەپنى ئېيتاي، — ئۇ ئىككى جەينىكىنى ئۈستەلگە قويۇپ، بىر قولى بىلەن قىزىرىپ كەتكەن چىرايلىق يۈزىنى يۆلەپ، ئۇيقۇسىراپ تۇرغان مۆلايىم كۆزلىرىنى يۇلتۇزدەك چاقنىتىپ ئولتۇراتتى، — بۇ ئىشلارنى سەن ئۆزۈڭدىن كۆرسەڭ بولىدۇ، سەن رەقىبىڭدىن قورقتۇڭ. شۇ چاغدا مەن ساڭا، كىمنىڭ يېڭىدىغانلىقىغا ھازىر بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ، دېگەن. سەن نېمىشقا كۈچەپ ھەرىكەت قىلمىدىڭ؟ شۇ چاغدىلا مەن ساڭا دېگەن ... — ئۇ ئاغزىنى يوغان

ئاچماي، پەقەت ئېڭكىدىلا يەنە بىر قېتىم ئەسنىۋالدى.

«ئۇ شۇ چاغدا مېنىڭ ئۇنىڭغا تەكلىپ قويغىنىمنى بىلەمدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى لېۋىن ئوبلونسكىيغا قاراپ تۇرۇپ، — ھىم، ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل دىپلوماتىك قۇۋۋلۇق بار.» بىردىنلا ئۇ ئۆزى قىزىرىپ كېتىپ، ئوبلونسكىينىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قالدى.

— ئەگەر شۇ چاغدا كىتىدە بىرەر ئۆزگىرىش بولغان بولسا، بۇ ئۆزگىرىش ۋرونسكىينىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ھەۋەسلىنىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان، — دېدى ئوبلونسكىي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇنىڭدىكى ئۇ خىل ئاقسۆڭەكلەرچە تەكەببۇرلۇق بىلەن كەلگۈسىدە جەمئىيەتتە تۇتىدىغان ئورنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، ئاپىسىنىڭ رولىدىن بولغان.

لېۋىننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. شۇ چاغدا كىتىنىڭ ئۆزىنى رەت قىلىشى بىلەن كۆرگەن ھاقارەتنى خۇددى يېڭى پەيدا بولغان ياردەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى يەنە مۇجۇشقا باشلىغانىدى.

— توختا، توختا! — دېدى ئۇ ئوبلونسكىينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سەن ئاقسۆڭەكلەرچە تەكەببۇرلۇقنى دەپ قالدىڭ. سەندىن سوراپ باقاي، ۋرونسكىيدەك ئادەملەرنىڭ مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىك تەكەببۇرلۇقىدىنمۇ؟ ئۇ قايسى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ؟ سەن ۋرونسكىينى ئاقسۆڭەك دەپ قارايدىكەنسەن، ئەمما مەن ئۇنداق قارىمايمەن. بىر ئادەمنىڭ دادىسى خۇشامەت بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئاپىسىنى ھېچكىم بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەن دېگىلى بولامدۇ ... مېنى كەچۈر، مېنىڭچە، بىزگە ئوخشاش ئادەملەر ئاقسۆڭەك سانىلىمىز. بىزنىڭ ئۈچ - تۆت ئەۋلاد ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دادام بىلەن بوۋامغا ئوخشاش تەربىيە كۆرگەن — ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئەقىل - پاراستى باشقا گەپ — خۇشامەتنى بىلمەيدىغان ھەم ھېچكىمگە

تايانمىغان ئادەملەر. مەن شۇلارغا ئوخشاش نۇرغۇن ئادەملەرنى بىلىمەن. سەن مېنى ئورماندىكى دەرەخلەرنى سانايدىغان پىخسىق دەپ تۇرۇپ، ئوتتۇز مىڭ رۇبلىنى رەبىنىنگە بىكارغا بېرىۋەتتىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، سەن يەرلىرىڭدىن يەر ھەققى، يەنە قانداقتۇر بىرنەرسىلەرنى ئېلىپ تۇرىسەن، مېنىڭ بولسا ئۇنداق كىرىملىرىم يوق. شۇڭا، ئەجدادلىرىم قالدۇرۇپ كەتكەن يەر ـ زېمىننى ھەم ئەمگىكىم بەدىلىگە كەلگەن بايلىقنى تولىمۇ قەدىرلەيمەن ... بىز ئاقسۆڭەك، ئەمما ھوقۇقدارلارنىڭ سەدىقىسى بىلەن ياشايدىغان، يىگىرمە كوپېيكىغا سېتىۋالغىلى بولىدىغان ئاقسۆڭەكلەردىن ئەمەس.

— كىمگە قارىتىپ دەۋاتىسەن بۇ گەپلىرىڭنى؟ مەن سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭغا قوشۇلىمەن، — دېدى ئوبلونسكىي گەرچە لېۋىن دېگەن يىگىرمە كوپېيكىغا سېتىلىپ كېتىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، سەممىيەت ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن. لېۋىننىڭ قىزىشىپ كېتىۋاتقىنى ئۇنىڭغا تولىمۇ ياقاتتى، — سەن كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ سېنىڭ ۋرونسكىي توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىڭنىڭ نۇرغۇنى توغرا بولمىسىمۇ، مەن ئۇ توغرىدا گەپ قىلماقچى ئەمەس. ساڭا بىر ئېغىز راست گېپىمنى ئېيتاي، ئەگەر سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، سەن بىلەن بىللە چوقۇم موسكۋاغا بارغان بولاتتىم ...

— ياق. سېنىڭ خەۋىرىڭدە بارمۇ ـ يوق، بىلمەيمەن، مەن موسكۋاغا بارغاندا ئۇنىڭغا تەكلىپ قويغانمەن، ئەمما ئۇ تەكلىپىمنى رەت قىلغان. كاتېرىنا ئالېكساندروۋنا مەندە ئۇياتلىق ھەم ئازابلىق ئەسلىمىدىن باشقا ھېچنېمە قالدۇرمىغان.

— نېمىشقا؟ مۇشۇمۇ گەپ بولدىمۇ!

— بولدى، بۇ توغرىدا گەپ قىلىشمايلى. ئەگەر مەن ساڭا قوپاللىق قىلىپ قويغان بولسام مېنى كەچۈرگىن، — دېدى لېۋىن ئىچىدىكىلىرىنى تۆكۈپ بولغاندىن كېيىن ئەتىگەندىكى

خۇشخۇي قىياپىتىگە قايتىپ، — ماڭا خاپا بولمىغانسەن ـ ھە، ستىۋا؟ ئوبدان دوستۇم، خاپا بولما، — دېدى ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ ستىۋانىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ.

— ياقەي، ئازراقمۇ خاپا بولغىنىم يوق، خاپا بولغۇدەك گەپمۇ بولمىدىغۇ. ئىچىمىزدىكى گەپلىرىمىزنى دېيىشىۋالغىنىمىزغا خۇشالمەن. ئەتىگەنلىك ئوۋنىڭ پەيزى بارلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن. ئەتە ئەتىگەندە چىقىمىزمۇ؟ مەن ئۆيۈدىن كېچىشكىمۇ تەييار. يۇخادىن چىققۇدەك ئوۋ قىلىۋېتىپ، ئاندىن شۇ يەردىنلا ۋوگزالغا كېتىمەن.

— شۇنداق قىلساڭ تېخىمۇ ياخشى.

# 18

ۋرونسكىينىڭ ۋۇجۇدىنى ھاۋايى ـ ھەۋەس ئوتلىرى چىرماپ تۇرسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشى كۆرۈنۈشتە ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە ھەربىي تۇرمۇش يولى بويىچە كېتىۋاتاتتى، باشقا ئۆزگىرىشلەر يوق ئىدى. پولكنىڭ پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلەپ تۇراتتى. ئۇ پولكنى ياخشى كۆرەتتى، ئەڭ مۇھىمى، پولكتىكىلەرمۇ ئۇنى بىردەك ياخشى كۆرەتتى، ياخشى كۆرۈشتىن تاشقىرى يەنە ھۆرمەتلەيتتى، پۇلى كۆپ، بىلىمى بار، تەربىيە كۆرگەن، قابىلىيەتلىك، ئىستىقبالى بار، شۆھرەت ۋە مەنسەپ يوللىرى ئوچۇق تۇرۇپ، ئۇ ئەۋزەللىكلىرى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، ھەممە جەھەتتە پولك بىلەن يولداشلىرىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى. ۋرونسكىينىڭ ئۆزىمۇ يولداشلىرىنىڭ ئۆزىنى چوڭ كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى

كۆرەتتى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان بۇ خىل يېقىن مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى توغرىسىدىكى ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ يولداشلىرىغا ئېيتمايتتى، ھەتتا زىياپەتلەردە ھاراق ئىچىپ كەيپ بولۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ (ئۇنىڭ بىر قېتىممۇ ھاراق ئىچىپ خۇدىنى بىلمەي قالغان چاغلىرى بولۇپ باقمىغان) ئۆزىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويمايتتى، يەنە تېخى ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىشلىرىدىن گەپ ئاچماقچى بولغان بەزى يەڭگىلتەك ئاغىنىلىرىنىڭ ئاغزىنى شۇ ھامان تۇۋاقلاپمۇ قوياتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئىشقىۋازلىق ئىشلىرى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى كارېنىن خانىم بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ پەرەز قىلىشاتتى. كۆپ سانلىق ياشلار ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىكى ئەڭ نازۇك جايى كارېنىنىڭ مەنسىپىنىڭ يۇقىرىلىقى ئىكەنلىكى بىلەن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشاتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمى ئىچىدە ئېغىزغا چىقىپ قالغانىدى.

ئانىنى كۆرەلمەي يۈرگەن كۆپ سانلىق ياش ئاياللار بەزىلەرنىڭ «ئاننا پاك، گۇناھسىز» دېگەندەك گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ، خەقلەرنىڭ ئارىسىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقىۋاتقىنىغا تولىمۇ خۇشال بولۇشۇۋاتاتتى ۋە ھازىرلا ئاننانىڭ بېشىغا لەنەت ياغدۇرۇپ، ئىچلىرىنى بوشىتىۋېلىشقا تەييار تۇرۇشاتتى، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن «چالما» لارنى تەييارلاپمۇ قويۇشقانىدى. كۆپ ساندىكى مويسىپىتلار بىلەن كاتتا ئەربابلار ھەممە يەردە غۇلغۇلا بولۇۋاتقان بۇ جامائەت غەلۋىسىگە نارازى ئىدى.

ۋرونسكىينىڭ ئاپىسى ئوغلى بىلەن كارېنىنا خانىمنىڭ ئالاقىسى بارلىقىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە خۇشال بولغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئېسىل يىگىتلەرنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈرۈشتە ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتى ئىچىدىكى بىرەر ئايال بىلەن ئالاقىدار

بولۇشتىن ئارتۇق ياخشى پۇرسەت يوق ئىدى. ئۇنىڭ خۇشال بولغانلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، كارېنىنا خانىمنى زىيادە ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئىدى. موسكۋاغا بارغۇچە ئۇ ئاننىغا ئوغلى توغرۇلۇق نۇرغۇن سۆزلەپ بەرگەنىدى. گراف ۋرونسكىي خانىمنىڭ نەزىرىدە ئاننامۇ بارلىق گۈزەل، ئېسىلزادە خانىملاردا بولىدىغان ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە ئىدى. بىراق، يېقىندا ئوغلىنىڭ كارېنىنا بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرۇشى ئۇچۇن كاتتا مەنسەپلەرگە ئېرىشىدىغان يېگى خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ پولكتا قالغانلىقىنى، نۇرغۇن چوڭ ئەربابلارنىڭ ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا نارازى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، پۇقىرىدىكى قاراشلىرىدىن ياندى. ئۇنى خاپا قىلغان يەنە بىر ئىش شۇكى، ئۇنىڭ قولىقىغا يەتكەن گەپلەرگە قارىغاندا، ئوغلى بىلەن كارېنىنانىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزى ئويلىغاندەك ئوغلىغا شەرەپ ۋە ئىستىقبال ئېلىپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىدىغان، ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن كارى يوق ۋېتىرچە[1] تەلۋە ئىشقىۋازلىق ئىدى. ئاشۇ چاغدا ۋرونسكىي موسكۋادىن تۇيۇقسىز كېتىپ قالغاندىن بۇيان گراف خانىم ئۇنى ئىككىنچى كۆرمىگەن ۋە چوڭ ئوغلىنى ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى.

ئاكىسىمۇ ئىنىسىدىن نارازى ئىدى، ئىنىسىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ قانداق مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى، ئالىيجاناب مۇھەببەتمۇ ياكى پەسكەش مۇھەببەتمۇ، قىزغىن مۇھەببەتمۇ ياكى سۇس مۇھەببەتمۇ، باش ـ ئاخىرى بار مۇھەببەتمۇ ياكى قالايمىقان مۇھەببەتمۇ، بۇنى ئۇ تەھلىل قىلىپ باقمىغانىدى (ئۆزىمۇ خوتۇنى، بىر ئوغلى بار تۇرۇپ، بىر ئۇسسۇلچى ئايال بىلەن ئۆي تۇتۇۋالغان بولغاچقا، بۇنداق ئىشلارغا پىسەنت قىلمايتتى). لېكىن، ئىنىسىنىڭ بۇ مۇھەببىتىنىڭ باشقىلار

---

① گيوتېنىڭ «ياش ۋېتىرنىڭ دەردى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىكى پېرسوناژ، مۇھەببەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

ياقتۇرىدىغان مۇھەببەت ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ماقۇل كۆرمىدى.

ۋرونسكىي خىزمەت ۋە ئىپسىلزادىلەر جەمئىيىتىگە ئارىلىشىشتىن باشقا، ئات ئويناشنىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئاتقا ئالاھىدە ھەۋىسى بار ئىدى.

بۇ يىل ئوفىتسېرلارنىڭ ئات بىلەن توسۇقلاردىن سەكرەپ ئۆتۈش بەيگە مۇسابىقىسى بار ئىدى، ۋرونسكىي شۇ بەيگىگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى تىزىملاتتى ۋە نەسلى ساپ ئىنگلىز بايتىلى سېتىۋالدى. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئىشق ئوتىدا پۇچىلىنىپ يۈرۈۋاتقان، شۇ تۇپەيلى بۇ قېتىمقى بەيگىگە قاتناشماسلىققا ئۆزىنى كۆندۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بەيگىگە بولغان قىزىقىشى ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئاخىر قاتنىشىدىغان بولغانىدى ...

ئۇنىڭدىكى بۇ ئىككى ھەۋەس بىر - بىرىگە زىت ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە بەيگە مۇھەببەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ھەرىكەت ۋە بىر خىل ھەۋەس، ئۇنى مۇھەببىتىنىڭ ئارتۇقچە ھاياجانلىنىشلىرىدىن نېرى قىلىپ تۇرۇش، مىجەزىنى تەڭشەپ ۋە مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇش رولىغا ئىگە پائالىيەت ئىدى.

# *19*

بەيگە بولىدىغان كۈنى، ۋرونسكىي غىزالىنىش ئۈچۈن پولك ئاشخانىسىغا ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن بالدۇرراق كىرىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى تاماقتىن قاتتىق چەكلەپ تۇراتتى، يەتمىش بەش كىلوگرام ئەڭ مۇۋاپىق ئۆلچەم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق سەمرىپ كېتىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇن تاماقلىرى بىلەن تاتلىق يېمەكلىكلەردىن ئۆزىنى دائىم چەكلەپ تۇراتتى. ئۇ

ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ھەربىي چاپىنىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى، ئاندىن ئىككى قولىنى ئۇستەلگە قويۇپ، ئۆزى بۇيرۇتقان كالا قوۋۇرغىسىنى ساقلىدى. تاماقنى ساقلىغاچ، ئالدىدىكى تەخسىگە قويۇۋالغان فرانسۇزچە بىر كىتابقا قاراپ ئولتۇردى. كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇشتىن مەقسىتى، كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئوفىتسېرلار بىلەن سۆزلەشمەسلىك، ئۆزىنىڭ ئىشلىرى ئۇستىدە ئارامخۇدا ئويلىنىۋېلىش ئىدى.

ئۇ ئانىنىڭ بەيگىدىن كېيىن ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل بولغانلىقىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئانىنى كۆرمىگىنىگە بۇگۇن ئۈچ كۈن بولغانىدى. ئېرى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ يېڭىلا قايتىپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن بۈگۈن كۆرۈشەلەيدىغان ـ كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى ھەم بۇنى نەدىن سوراپ بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. يېقىندا ئۇنىڭ بىلەن ئىككىسى نەۋرە ئاچىسى بېتسىنىڭ داچىسىدا بىر قېتىم كۆرۈشكەنىدى. ئۇ كارېنىنلارنىڭ داچىسىغا ناھايىتى ئاز باراتتى، بۈگۈن شۇ يەرگە بارماقچى بولۇپ، قانداق يول بىلەن بارسا بولىدىغانلىقى ئۇستىدە ئويلىنىۋاتاتتى.

«بېتسى سىزنى بەيگىگە بارامدىكىن، سوراپ كەلگىن، دەپ ئەۋەتتى دېسەم بولىدۇغۇ. توغرا، شۇنداق دەپ باراي.» ئۇ شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن كىتابتىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئۇنى كۆرگەن چاغدىكى خۇشاللىقتا پاتقان مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، چىرايى ئىختىيارسىز نۇرلىنىپ كەتتى.

— بىزنىڭ ئۆيگە ئادەم ئەۋەتكىن، پەيتۇنغا ئۈچ ئات قېتىپ تەييار قىلىپ تۇرسۇن، — دېدى ئۇ ئالدىغا ھورى چىقىپ تۇرغان بىر تەخسە ئىسسىق قوۋۇرغا قورۇمىسىنى ئېلىپ كەلگەن كۈتكۈچىگە، ئاندىن تەخسىنى ئالدىغا تارتىپ تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى.

ياندىكى بىلىيارتخانىدىن شاركىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە شاقىلداپ ئۇرۇلغان ئاۋازى، كۈلكىلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا

ئىشىكتە ئىككى ئوفىتسېر كۆرۈندى: بىرى، ئاقسۆڭەك ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى تۈگىتىپ يېقىندا پولكقا كەلگەن ياداڭغۇ ياش ئوفىتسېر، يەنە بىرى، قولىغا بىلەزۈك سېلىۋالغان، يۇمۇق كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى ئىششىپ قالغان سېمىز قېرى ئوفىتسېر ئىدى.

ۋرونسكىي ئۇلارغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى ـ دە، كۆرمىگەنگە سېلىپ تامىقىنى يەۋەرگەچ، كىتابقا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— ھە، ئىشقا قۇۋۋەتلىنىپ‌ىرەك باراي دېدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى سېمىز ئوفىتسېر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ.

— شۇنداق! — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي ئاغزىنى سۈرتكەچ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي.

— سەمرىپ كېتىشتىن قورقامسەن؟ — دېدى ئۇ ئوفىتسېر يەنە. شۇ گەپ بىلەن تەڭ ياش ئوفىتسېر ئۇچۇن بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ كەلدى.

— نېمە دېدىڭ؟ — ۋرونسكىي چىرايىنى ئاچچىق ۋە نەپرەت بىلەن پۈرۈشتۈرۈپ، رەتلىك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى.

— سەمرىپ كېتىشتىن قورقامسەن؟

— ھەي كۈتكۈچى، خېرېس① كەلتۈر! — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، كۈتكۈچىنى توۋلاپ. ئاندىن كىتابنى بىر يانغا تارتىپ ئوقۇپ ئولتۇرۇۋەردى.

سېمىز ئوفىتسېر هاراق تىزىملىكىنى ئالدىغا تارتىپ، ياش ئوفىتسېرغا بۇرۇلدى.

— نېمە ئىچىمىز؟ سەن تاللىغىن! — دېدى ئۇ تىزىملىكنى بېرىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ.

— رېين ۋىنوسى ئىچسەكمىكىن، — ياش ئوفىتسېر سەل ـ پەل ئۆسكەن بۇرۇتىنى بارماقلىرى بىلەن تۇتۇشقا

① خېرېس — ۋىنونىڭ بىر تۈرى.

ھەرىكەتلەنگىنىچە ۋرونسكىيغا قورقۇمسىراپراق كۆز قىرىدا قاراپ قويدى. ۋرونسكىينىڭ ئۆزى تەرەپكە بۇرۇلمىغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ياش ئوفىتسېر ئورنىدىن تۇردى.

— بىز بىلىيارتخانىغا چىقايلىچۇ! — دېدى ئۇ.

سېمىز ئوفىتسېر ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى، ئىككىسى ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

دەل شۇ چاغدا، ئاشخانىغا ئېگىز بوي، سۆلەتلىك، ئاتلىق ئەسكەر كاپىتانى ياشۋىن كىرىپ كەلدى. ئۇ يۇقىرىدا ئولتۇرغان ئىككى ئوفىتسېرغا قاراپ بېشىنى تەكەببۇرانە لىڭشىتىپ قويۇپ ۋرونسكىينىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھوي، بۇ يەردە ئىكەنسەنغۇ! — دېدى ئۇ ۋرونسكىينىڭ پاگونىغا قاتتىق بىر ئۇرۇپ قويۇپ ئۇنلۇك ئاۋازدا. ۋرونسكىي ئاچچىقى بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن شۇئان ئۆزىگە خاس مۇلايىم، تەمكىن چىرايىغا ياندى.

— ھە، بۇ ئىشىڭ بولىدۇ، ئالىيوشا، — دېدى كاپىتان ياشۋىن بوم ئاۋازى بىلەن، — تاماقنى يەۋېلىپ، كەينىدىن بىر رومكا كۆتۈرۈۋەتكىن.

— ئەسلىدە تاماق يېگۈم يوق ئىدى.

— قارا، ئاۋۇ قوشماقلارغا، — دېدى ياشۋىن ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئوفىتسېرلارغا كەينىدىن قاراپ قويۇپ، ئاندىن تار ئىشتان بىلەن تېخىمۇ ئۇزۇن كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان پۇتلىرىنى پۇكۇپ ۋرونسكىينىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، — ئاخشام كىراسنېن تىياتىرخانىسىغا نېمىشقا بارمىدىڭ؟ نومۇرلىرى ئاجايىپ ياخشىكەن. ئاخشام نەدە بولدۇڭ؟

— تۋېرسكىيلارنىڭكىگە بېرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي.

— ھە! — دېدى ياشۋىن.

ياشۋىن قىمارۋاز، ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان، تەرتىپ -

قائىدىنى بىلمەيدىغان، دائىم ئەخلاقسىز ئىشلارنى قىلىپلا يۈرىدىغان ئادەم بولۇپ، ۋرونسكىينىڭ پولكتىكى ئەڭ ياخشى ئۆتىدىغان ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ۋرونسكىي ئۇنى ھەرقانچە كۆپ ھاراق ئىچسىمۇ مەست بولمايدىغان، كېچىچە ئۇخلىماي چىقسىمۇ قىلچە ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىغان جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئىرادىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، باشلىقلىرىدىن تارتىپ يولداشلىرىغىچە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ھەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغانلىقى، قىمار ئوينىغاندا ئون مىڭدىن كەم دو تىكمەيدىغانلىقى، ھەرقانچە كۆپ ئىچىۋالغان بولسىمۇ، ئۇستىلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن ئوينايدىغانلىقى، شۇڭا ئىنگلىز كۇلۇبىدا بىرىنچى دەرىجىلىك قىمارۋاز دەپ نام ئالغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋرونسكىي ئۇنى يەنە ئۆزى بىلەن نامى ۋە پۇلىنى دەپ ئەمەس، ئادىمىيلىكىنى دەپ يېقىن ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ چوڭ بىلەتتى ھەم ياخشى كۆرەتتى. ۋرونسكىي پۈتۈن ئاغىنىلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت شۇنىڭغىلا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ياشۇىن كۆرۈنۈشتە ھەرقانداق ھېسسىيات ـ تۇيغۇغا ئەھمىيەتسىز قارايدىغاندەك قىلغان بىلەن، ۋرونسكىينىڭ پۈتۈن ھاياتىنى چىرمىۋالغان كۈچلۈك ھېسسىياتىنى پەقەت شۇلا چۈشىنەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئۆزى ئۇستىدىن چىققان بارلىق سۆز ـ چۆچەكلەرگە نەپرەت بىلەن قارايدىغانلىقىغا، ئۆزىنىڭ تۇيغۇ ـ ھېسسىياتلىرىنى توغرا چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى مۇھەببىتىنىڭ چاقچاق ياكى ئويۇن قاتارىدىكى ئىش ئەمەس، ھەقىقىي ۋە مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىغا ھەم چۈشىنىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى.

ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ باقمىغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ ھەممىنى بىلىدىغانلىقىنى،

تولۇق چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇلارنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىغا خۇش ئىدى.

— ھە راست! — دېدى ياشۇن. ئۇ ۋرونسكىينىڭ ئاخشام بېتسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ كەلدىم، دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندا، چىرايىدا بىر خىل خۇشاللىق ئەكس ئەتكەندەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ يامان بىر ئادىتى بويىچە سول قولى بىلەن بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ ئاغزىغا تىقتى.

— خوش، ئاخشام نېمىش قىلدىڭ؟ ئۇتتۇڭمۇ؟ — سورىدى ۋرونسكىي ئۇنىڭدىن.

— سەككىز مىڭنى ئۇتتۇم، ئۇنىڭ ئۈچ مىڭىنىڭ قولغا كېلىشى ناتايىن.

— ئۇنداق بولسا ماڭا تىككىنىڭنى ئۇتتۇرۇۋەتسەڭمۇ ھېچنېمە بولمىغۇدەك، — دېدى ۋرونسكىي كۈلۈپ كېتىپ. ياشۇن بۇ قېتىمقى بەيگىدە ۋرونسكىي ئۇتىدۇ دەپ نۇرغۇن پۇل بىلەن باغلاشماقچى ئىدى.

— بۇ قېتىم مەن چوقۇم ئۇتۇپ چىقىمەن، پەقەت ماخوتىنلا خەۋپلىك.

شۇنىڭ بىلەن، گەپ بۈگۈن بولىدىغان بەيگىگە بۇرۇلۇپ كەتتى، ۋرونسكىينىڭ خىيالىمۇ پەقەت مۇشۇ بەيگىدىلا ئىدى.

— مەن تاماقنى يەپ بولدۇم، يۈر، چىقايلى! — دېدى ۋرونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ. ياشۇنمۇ ئۇزۇن پۇتلىرىنى تۈزلەپ، گەۋدىسىنى كېرىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ماڭا چۈشلۈك تاماق يېيىشكە تېخى ئەتىگەن، لېكىن ئازراق ھاراق ئىچىۋېلىشىم كېرەك. ھازىرلا كېيىنىڭدىن يېتىشىمەن. ھەي، ھاراق كەلتۈر! — دېدى ئۇ كوماندا بەرگەندە ئەينەكلەرنى دىرىلدىتىۋېتىدىغان قاتتىق ئاۋازى بىلەن، — ياق، كېرەك ئەمەس، — ئۇ شۇئان ۋرونسكىيغا قاراپ توۋلىدى، — ئۆيۈڭگە كەتسەڭ مەنمۇ سەن بىلەن بارىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ۋرونسكىي ئىككىسى بىللە چىقىپ كەتتى.

# 20

ۋرونسكي فىنلاندىيە ئۇسلۇبىدا سىلىنغان، ئوتتۇرىسىنى تاختاي بىلەن توسۇپ ئىككى ئېغىز قىلىنغان كەڭ، پاكىز ياغاچ ئۆيدە تۇراتتى. لاگېردىكى چاغدا پېترىتسكىي ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئۆيدە بىللە يېتىپ قوپاتتى. ۋرونسكىي ياشۋىن بىلەن كىرىپ كەلگەندە پېترىتسكىي تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى.

— تۇر ئورنۇڭدىن، قاچانغىچە ئۇخلايسەن! — دېدى ياشۋىن ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ، چاچلىرى پاخپايغان، تۇمشۇقىنى ياستۇققا بېسىۋېلىپ ئۇخلاۋاتقان پېترىتسكىينىڭ مۈرىسىنى سىلكىپ.

پېترىتسكىي بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كارىۋاتتا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويدى.

— ئاكاڭ كېلىپ كەتتى، — دېدى ئۇ ۋرونسكىيغا، — ئۇ دۆيۈز مېنى ئويغىتىۋېتىپ، ئەتە يەنە كېلىمەن، دەپ چىقىپ كەتتى، — ئۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ ئەديالنى ئۈستىگە تاشلاپ يەنە ياستۇققا بېشىنى قويدى، — ئۇنداق قىلمىساڭچۇ، ياشۋىن، — دېدى ئۇ ئۈستىدىن ئەديالنى تارتىۋەتكەن ياشۋىنغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، — تولا چىشىمغا تەگمە! — ئۇ ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ كۆزىنى ئاچتى، — ياخشىسى، نېمە ئىچىش كېرەكلىكىنى ئېيتقىنا! ئاغزىم شۇنچىلىك لاۋزىكى ...

— ھەممىدىن ياخشىسى ۋوتكا، — دېدى بېسىق ئاۋاز بىلەن ياشۋىن، — تېرېشچېنكو، خوجايىنىڭغا ۋوتكا بىلەن تەرخەمەك ئېلىپ كىر! — ۋارقىرىدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئۆزى ھەۋەس بىلەن تىڭشاۋاتقاندەك قىلىپ.

— ۋوتكا دەمسەن؟ — پېترىتسكىي تەرىنى تۇرۇپ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ سورىدى، — سەنمۇ ئىچەمسەن؟ ئۇنداق بولسا

ھەممىمىز ئىچىمىز. ۋرونسكىي، سەنمۇ ئىچەمسەن؟ — پېترىتسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ يولۇۋاس تېرىسىدىن قىلىنغان ئەدىيالغا ئورىلىۋالدى.

ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ فىرانسۇزچە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى: «بىر زاماندا تۇلىدا ئۆتكەنىكەن بىر پادىشاھ[1]» ... ۋرونسكىي، سەن ئىچەمسەن؟

— نېرى تۇر! — دېدى ۋرونسكىي. ئۇ چاكىرى ئېلىپ كىرگەن پاكىز كىيىملىرىنى كىيىۋالغانىدى.

— بۇنداق كىيىنىپ نەگە بارماقچىسەن؟ — سورىدى ياشۋىن ئۇنىڭدىن، — يەنە تېخى ئۇچ ئاتلىق پەيتونۇڭنىمۇ تەييارلىتىپ قويۇپسەن، — دېدى ئۇ يەنە ئىشىكتىن بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان پەيتوننى كۆرۈپ.

— ئاتخانىغا بارىمەن. ئاندىن ئاتنىڭ ئىشى بىلەن برەنسكىينىڭ ئالدىغا بېرىشىم كېرەك.

ۋرونسكىي راستتىنلا پېتېرگوفتىن ئون چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرىدىغان برەنسكىينىڭ يېنىغا ئاتنىڭ پۇلىنى ئاپىرىپ بەرگىلى بارماقچى ئىدى. لېكىن، يولداشلىرى ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى شۇ جايلا ئەمەسلىكىنى دەررۇ چۈشەندى.

پېترىتسكىي ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى: «ئۇنىڭ قايسى برەنسكىي ئىكەنلىكى بىزگە ئايان!» دەپ تىۋۋلاۋېتىپ، بىر كۆزىنى قىسىپ، كالپۇكىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى ئۇ.

— كېچىكىپ قالما يەنە! — دېدى ياشۋىن شۇ بىر ئېغىز گەپنىلا قىلىپ. ئارقىدىن گەپنى باشقىغا بۇراش ئۈچۈن، — مېنىڭ قارا تورۇقۇم قانداق ئىكەن؟ يۈگۈرۈشى تېزمۇ؟ — دەپ سورىدى دېرىزىدىن ئۆزىنىڭ ۋرونسكىيغا سېتىۋەتكەن ئېتىغا قاراپ تۇرۇپ.

---

① گېوتېنىڭ «فائوست» ناملىق ئەسىرىدىكى بىر مىسرا شېئىر.

— توختاپ تۇر ! — دەپ ۋارقىرىدى پېترىتسكىي ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ۋرونسكىيغا، — ئاكاڭ ساڭا بىر پارچە خەت بىلەن بىر باغاقچە قالدۇرۇپ كەتكەن. توختا، قەيەرگە قويغاندىمەن؟

ۋرونسكىي توختىدى.

— قېنى؟ نەگە قويدۇڭ؟

— نەگە قويغاندىمەن؟ بۇ بىر ئىش بولدىغۇ ئەمدى، — دېدى پېترىتسكىي جىددىي تەرزدە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— چاقچاق قىلماي چاپسان تاپساڭچۇ، — دېدى ۋرونسكىي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ قەغەز بىلەن مەشكە ئوت قالغىنىم يوق، چوقۇم مەشەدە بىر يەردە.

— تولا چاقچاق قىلما دەيمەن ! خەت زادى نەدە؟

— قويغان يېرىمنى راستىنلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە كۆرۈۋېدىممىكىنتاڭ. توختا، توختا ! ئاچچىقىڭنى يامان قىلما ! ئەگەر سەنمۇ تۈنۈگۈن ماڭا ئوخشاش تۆت بوتۇلكا ئىچكەن بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ نەلەردە ئۇخلاپ قالغىنىڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولاتتىڭ. توختا، ئەسلىۋالاي !

پېترىتسكىي ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

— توختا ! مەن شۇ چاغدا مانا مۇشۇنداق ياتاتتىم، ئۇ يېنىمدا ئۆرە تۇراتتى. توغرا، توغرا، توغرا ... خېتىڭ مانا مەيەردىكەن ! — پېترىسكىي خەتنى كارىۋاتنىڭ تەگلىكىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان يېرىدىن چىقىرىپ بەردى. ۋرونسكىي خەت بىلەن ئاكىسى يېزىپ قالدۇرغان باغاقچىنى ئېلىپ ئاۋۋال خەتنى ئوقۇدى. خەت ئاپىسىنىڭ بولۇپ، ئاپىسى ئويلىمىغان يەردىن ئۇنى نىمىشقا مېنى كۆرگىلى كەلمەيسەن، دەپ بىرمۇنچە ئەيىبلىگەن، ئاكىسى باغاقچىغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن

سۆزلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى يازغانىدى. ۋرونسكىي ئىككىلا خەتنىڭ ئاشۇ ئىش ئۈچۈن يېزىلغانلىقىنى چۈشىنىپ: «بۇ ئىش بىلەن ئۆلارنىڭ نېمە ئالاقىسى بارىكىن، يولدا كېتىۋېتىپ تەپسىلىي ئوقۇپ چىقايلا» دەپ ئويلاپ، خەتلەرنى چاپىنىنىڭ تۆگمىلىرى ئارىسىغا پۈكلەپ تىقىپ قويدى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىققاندا ئۇنىڭغا ئىككى ئوفىتسېر ئۇچرىدى. بىرى ئۆلارنىڭ پولكىدىكى، يەنە بىرى باشقا بىر پولكتىكى ئوفىتسېر ئىدى.

ۋرونسكىينىڭ ياتىقى ئوفىتسېرلارنىڭ يىغىلىدىغان جايى ئىدى.

— نەگە بارىسەن؟

— ئىشىم بار، پېتېرگوفقا بارىمەن.

— ئېتىڭنى سارسكويېدىن ئەكېلىپ بېرىشمەكچى ئەمەسمىدى؟

— ئەكەپتۇ، لېكىن ئۆزۈم تېخى كۆرمىدىم.

— ماخوتىننىڭ گلادىئاتورىنى ئاسقاپ قاپتۇ دېيىشىدۇغۇ؟

— بىكار گەپ! ئەمما، شۇ پاتقاقچىلىقتا قانداقمۇ بەيگە قىلغىلى بولار؟ — دېدى يەنە بىر ئوفىتسېر.

— ئوھۇ، مېنىڭ نىجاتكارلىرىم كەپتۇ! — پېترىتسكىي كىرگەن ئوفىتسېرلارنى كۆرۈپ توۋلاپ كەتتى. كانۋىيى پەتنۇستا بىر بوتۇلكا هاراق بىلەن تۇزلانغان تەرخەمەك تۇتۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، — مانا مۇنۇ ياشۇن مېنى ئازراق ئىچسەڭ تۇزىلىسەن، دەۋاتىدۇ.

— ئاخشام بىزنىڭ كۆرگۈلۈكىمىزنى كۆرسەتتىڭىز، — دېدى كىرگەنلەرنىڭ بىرى، — تۈن بويى بىزگە ئۇيقۇ بەرمەي جېدەل قىلىپ چىقتىڭىز.

— ياق، ئۇنداق بولمىدى، ئاخشامقى ئولتۇرۇشىمىز شۇنداق چىرايلىق ئاياغلاشتى، — پېترىتسكىي سۆزلەشكە باشلىدى، — ۋولكوف ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، كۆڭلۈم بەك يېرىم بولۇۋاتىدۇ،

دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا، مۇزىكا ئاڭلا، دەپنە مۇزىكىسىنى چالايلى، دېدىم. ئۇ بۇ مۇزىكىنى ئاڭلاپ بىر چاغدا ئۇخلاپ قاپتۇ.

— ئىچ، ئاۋۋال ئازراق ۋوتكا ئىچىپ، ئاندىن مىنېرال سۇدىن ئىچىۋەتسەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لىموننى جىق يەپ بەر، — ياشۇن خۇددى بالىسىنى دورا ئىچىشكە زورلاۋاتقان ئانىدەك، پېتىربىتسكىينىڭ يېنىدا تۇرۇۋېلىپ ئۇنى ھەدەپ مەجبۇرلايتتى، — شۇنىڭدىن كېيىن ئازراق شامپان ئىچىۋەت، كىچىك بىر بوتۇلكا بولسا بولدى.

— مانا بۇ ياخشى مەسلىھەت. توختا، ۋرونسكىي، ھەممىمىز ئىچىمىز.

— ياق! خەير، جانابلار. بۈگۈن مەن هاراق ئىچمەيمەن.

— ھەي، سەمرىپ كېتىمەن دەپ قورقۇۋاتامسەن؟ بولدى، ئۆزىمىز ئىچىمىز. بىزگە ئازراق مىنېرال سۇ بىلەن لىمون كەلتۈرۈلسۇن!

— ۋرونسكىي! — ۋرونسكىي ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا بىرى كەينىدىن چاقىرىپ قالدى.

— نېمە؟

— چېچىڭنى ئازراق ياستىۋەتكەن بولساڭ، بەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ، بولۇپمۇ بېشىڭنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئازراق تاقىر بولۇپ قالغان يېرىنى.

دېمىسىمۇ، ۋرونسكىينىڭ چېچى ۋاقىتسىز چۈشۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ رەتلىك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ خۇشال كۈلۈپ قويۇپ شەپكىسىنى كىيدى ـ دە، ئىتتىك چىقىپ پەيتۇنغا ئولتۇردى.

— ئاتخانىغا ھەيدە! — دېدى ئۇ. ئارقىدىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇماقچى بولۇپ، يەنە دەررۇلا ئاتنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى دىققىتىم چېچىلىپ كەتمىسۇن دېگەن خىيال بىلەن: «كېيىن كۆرەيلا!...» دەپ ئويلىدى.

# 21

تاختايدىن ياسالغان ۋاقىتلىق ئاتخانا بەيگە مەيدانىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ۋرونسكىينىڭ ئېتى تۈنۈگۈن شۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئېتىنى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغانىدى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئېتىنى ئۆزى مىنىپ كۆرمەي، ئات كۆندۈرگۈچىنىڭ مەشىق قىلدۇرۇپ قويۇشىغا تاپشۇرۇپ قويغان بولغاچقا، ئاتنىڭ قانداق ئات ئىكەنلىكىدىن ئازراقمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ پەيتۇندىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا، ئات باققۇچى بالا ئۇنى يىراقتىن تونۇۋېلىپ دەرھال ئات كۆندۈرگۈچىنى چاقىرىپ چىقتى. ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، كالتە جىلىتكە كىيگەن، ئېڭىكىنىڭ تېگىدە بىر تۇتام ساقىلى بار، يۈزىنىڭ قالغان يېرىنى پاكىز قىردۇرغان، ئورۇق بىر ئىنگلىز ئات ئۆگەتكۈچىلەرگە خاس يۈرۈشى بىلەن ئالچاڭلاپ مېڭىپ ۋرونسكىينىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھە، فرۇ - فرۇ قانداق؟ — دەپ ئىنگلىزچە سورىدى ۋرونسكىي.

— ناھايىتى ياخشى، جانابلىرى، — دېدى ئۇ ئىنگلىز ئاۋۋال ئىنگلىزچە، ئاندىن رۇسچە غاراڭ - غۇرۇڭ سۆزلەپ، — ياخشىسى، ھازىر كىرمەي تۇرۇڭ، — ئۇ شىلەپىسىنى ئازراق كۆتۈرۈپ قويۇپ داۋاملىق سۆزلىدى، — مەن ئاتقا يېڭىلا نوختا سېلىپ قويدۇم، ئات ئۈركۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ھازىرچە كىرمەي تۇرغىنىڭىز ياخشى، بولمىسا تېخىمۇ ئۈركۈپ كېتىدۇ.

— ياق، مەن كىرىمەن، بىر كۆرۈپ چىقاي.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ، — دېدى ئىنگلىز. ئۇ ئاغزىنى شۇ ئاچقانچە ئىككىنچى ئاچماي، قاپىقىنى تۈرگەن پېتى بايىقى

مېڭىشى بىلەن ۋرونسكىينىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

ئۇلار ئاتخانىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك بىر ھويلىغا كىردى. قولىغا سۈپۈرگە ئېلىۋالغان، پاكىز كىيىنگەن ياش نۆۋەتچى بالا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاتخانىغا بىللە كىردى. ئاتخانىدا بەش ئات ئايرىم ـ ئايرىم ئاددىي بۆلۈمچىلەردە باغلاقلىق تۇراتتى. ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ رەقىبى ماخوتىنىنىڭ ھەيۋەتلىك جەرەن ئېتىنىڭمۇ بۈگۈن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلەتتى. ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىنى، بولۇپمۇ ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان ئاشۇ جەرەن ئاتنى بەكمۇ كۆرگۈسى بار ئىدى. لېكىن، بەيگە قائىدىسى بويىچە قارشى تەرەپنىڭ ئېتىنى كۆرۈشلا ئەمەس، ھەتتا ئۇ ھەقتە گەپ سوراشمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇ ئات ھەققىدە ھېچنېمە دېمەي، كارىدورنى بويلاپ ئالدىغا كېتىۋەردى. سول تەرەپتىكى ئىككىنچى بۆلۈمچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھېلىقى يىگىت ئىشىكنى ئاچقاندى، ۋرونسكىي بىر قاراپلا ناھايىتى قاۋۇل، پۇتلىرى ئاپئاق ئۇ جەرەن ئاتنى كۆرۈپ، رەقىبىنىڭ ئېتىنىڭ مۇشۇ ئات ئىكەنلىكىنى شۇئان پەرەز قىلدى ـ دە، خۇددى بىرىنىڭ ئوچۇق تۇرغان كونۋېرت ئىچىدىكى خېتىنى كۆرۈشتىن ھەزەر ئەيلىگەنگە ئوخشاش، ئىتتىك ئالدىغا قاراپ يولىنى داۋام قىلىپ، فرۇ ـ فرۇ تۇرغان بۆلۈمچىگە كىردى.

— ئۇ ئات ماكى ... ماكى ... ئۇنىڭ ئىسمىغا ئەجەب تىلىم كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئېتى، — دېدى ئۇ ئىنگلىز قورايدەك ئورۇق قولى بىلەن بايىقى ئات تۇرغان بۆلۈمچىنى كۆرسىتىپ.

— ماخوتىنىنىڭمۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئەڭ كۈچلۈك رەقىبىم، — دېدى ۋرونسكىي.

— ئەگەر ئۇ ئاتنى سىز مىنىدىغان بولسىڭىز، چوقۇم سىز ئۈچۈن دوغا چىقىپ بېلەت سېتىۋالاتتىم، — دېدى ئۇ ئىنگلىز.

— فرۇ ـ فرۇ بىر ئاز شاش، ئاۋۇ ئات كۈچلۈك، — دېدى

ۋرونسكىي ئۇ ئىنگلىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئات مىنىشكە ئۇستىلىقىنى ماختىغىنىدىن خۇشال بولغاندەك كۈلۈپ قويۇپ.

— توسۇقلاردىن سەكرەپ ئۆتۈش مۇسابىقىسىدە ھەممە گەپ ئات مىنىشكە چېۋەرلىكتە ھەم يۈرەكلىكلىكتە، — دېدى ئىنگلىز.

— ۋرونسكىي يۈرەكلىكلىكتە كەلگەندە ئۆزىدە يېتەرلىك جۈرئەتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى ھەرقانداق يۈرەكلىك ئادەمنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىغىمۇ چوڭقۇر ئىشىنەتتى.

— سىز يەنە مەشىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلامسىز؟

— شۇنداق، — دېدى ئىنگلىز، — بوشراق گەپ قىلىڭ، ئات ئازراق ھاياجانلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، — ئۇ شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇدۇلدىكى ئىشىكى يېپىق تۇرغان ئاتخانىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ يەردىن ئاتنىڭ تۇياقلىرى بىلەن يەرنى چاپچىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئىنگلىز ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. ۋرونسكىي كىچىككىنە پەنجىرىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇرغان خىرە بۆلۈمچىگە كىردى. ئۇ يەردە بېشىغا نوختا سېلىنغان قارا تورۇق بايتال يېڭىلا سېلىپ بەرگەن چۆپنىڭ ئۈستىدە تېپىرلاپ تۇراتتى. ۋرونسكىي خىرە يورۇپ تۇرغان بۆلۈمچىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ، ئامراق ئېتىنىڭ قامىتىگە ئىختىيارسىز يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. فرۇ ـ فرۇ ئوتتۇرا بوي، ئۈستىخىنى كېلىشكەن، يېتەرسىز تەرەپلىرىمۇ يوق ئەمەس ئات ئىدى. جۇغى كىچىكرەك، تۆشى ئالدىغا چىقىپ تۇرغان، كۆكرىكى تار ئىدى، ساغرىسى سەل ساڭگىلاپ تۇراتتى، ئالدى پۇتلىرى، بولۇپمۇ ئارقا پۇتلىرى خېلىلا مايماق، پۇتلىرىنىڭ مۇسكۇللىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، ئەمما بىقىنلىرى ئالاھىدە تولۇق ئىدى، قورساق قىسمى كۆپ مەشىق قىلىنغاچقىمۇ، تارشىدەك چىڭ ئىدى،

كۆزلەرگىمۇ ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئالدىدىن قارىغاندا تېزىنىڭ تۆۋىنى باشمالتاقچىلىك كۆرۈنگىنى بىلەن، ياندىن قارىغاندا ئاجايىپ يوغان ئىدى. قوۋۇرغىلىرىدىن باشقا پۈتۈن گەۋدىسى خۇددى ئىككى بىقىنىدىن قاتتىق قىسىپ تۇرغاندەك شۇنچىلىك ئورۇق كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ «نەسلىنىڭ ساپلىقى» ئىدى. ئىنگلىزلارنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئەڭ «ھالقىلىق» تەرەپ ئىدى. تاۋاردەك نېپىز، پارقىراق تېرىسىنىڭ ئاستىدىكى تارام ـ تارام يېيىلغان تومۇرلىرىنىڭ ئاستىدا بۆرتۈپ تۇرغان مۇسكۇللىرىمۇ سۆڭەككە ئوخشاش قاتتىق كۆرۈنەتتى. ئورۇق بېشى ئۇستىدە پۇلتىيىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى چاقناپ تۇراتتى. بۇرۇن تەرىپى ئالاھىدە ئۇزۇن بولۇپ، كېرىلىپ تۇرغان بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن قانغا تولغان نېپىز بىر پەردىنى بايقىغىلى بولاتتى. پۈتۈن بەدىنىدە، بولۇپمۇ بېشىدا بىر خىل يىمىرىلمەس كۈچ ۋە نازۇك بىر قىياپەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، ئاغزىنىڭ تۇزۇلۇشى سۆزلەشكە يار بەرمەيدىغانلىقى ئۈچۈنلا تىلسىز بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

شۇنداقتىمۇ، ۋرونسكىيغا ئېتىغا قاراپ ھەۋەس قىلىۋاتقان ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئاتمۇ چۈشىنىپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشى بىلەن تەڭ، ئات چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا قانغا تولغان كۆزلىرى بىلەن سىڭارىيان قاراپ كەتتى، ئاندىن قالغانلارغا ئۇدۇلدىن قاراپ، تۇمشۇقىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ قويۇپ، ئاستا ـ ئاستا تۇياقلىرىنى ئارقىغا يۆتكىدى.

— ئۇنىڭ قانچىلىك ھاياجانلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئىنگلىز.

— تاك! سادىغاڭ كېتەي، تاك! — دېدى ۋرونسكىي ئۇنى بەزلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ.

قانچە يېقىنلاشقانسېرى، ئات شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ۋرونسكىي ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ بېشى يېنىغا يېتىپ كەلگەندىلا تىنچلىنىپ، سىلىق، مەيىن تېرىلىرى ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان مۇسكۇللىرى دىرىلدەپ كەتتى. ۋرونسكىي ئاتنىڭ بېجىرىم بويىنىنى سىلاپ، قىرلىق يەلكىسىدىن ئۇ تەرىپىگە چۈشۈپ كەتكەن يالىنى تۈزەپ، شەپەرەڭنىڭ قانىتىدەك كېرىلىپ تۇرغان تۇمشۇقىغا يۈزىنى يېقىن ئەكەلدى. ئات ھاۋانى پۈشۈلداپ ئىچىگە تارتىپ تۇرۇپ سەل تىترىگەندەك بولدى، ئىككى قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ، خۇددى ۋرونسكىينىڭ يېڭىنى چىشلىۋالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ كالپۇكلىرىنى سوزدى. لېكىن، يەنە تۇمشۇقىغا كىيدۈرۈپ قويغان تور ئېسىگە چۈشكەندەك ئۇنى سىلكىپ ـ سىلكىپ قويۇپ، چىرايلىق پۇتلىرىنى يەنە نۆۋەت بىلەن كەينىگە يۆتكەشكە باشلىدى.

— تاك ! جانىۋىرىم، تاك ! — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ قويۇپ. ئاندىن ئاتنىڭ ياخشى ئات ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن خۇشال ھالدا ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى.

ئاتنىڭ خۇشاللىقى ۋرونسكىيغىمۇ ئۆتتى بولغاي، ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن قانلىرى يۈرىكىگە قۇيۇلۇۋاتقاندەك بىر خىل راھەت سېزىمگە چۆمۈپ، ئاتقا ئوخشاش سەكرىگۈسى، ئادەملەرنى چىشلىگۈسى كېلىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭدىكى ئېيتقۇسىز خۇشاللىق، ئېيتقۇسىز رازىمەنلىكنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— ناھايىتى ياخشى، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ ئىنگلىزغا، — ئاتنى سائەت ئالتە يېرىمدا مەيدانغا ئېلىپ بارارسىز.

— بولىدۇ، — دېدى ئىنگلىز، — سىز ھازىر نەگە كېتىۋاتىسىز، *جانابلىرى*، — ئۇ بىردىنلا «جانابلىرى» دېگەن گەپنى ئىنگلىزچە دەپ سالدى. مۇشۇ كۈنگىچە ئۇ ھېچقانداق

ئادەمنى ئىنگلىز تىلى بىلەن بۇنداق ئاتاپ باقمىغانىدى.

ۋرونسكىي ھەيران قېلىپ بېشىنى كۆتۈردى، لېكىن ئەتەي ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىماي، پېشانىسىگە قاراپ تۇردى. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاشۇنداق گەپ سورىغانلىقى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئىنگلىز بۇ سوئالنى قويغاندا، ئۆزىنى خوجايىن كۆرۈپ ئەمەس، بەلكى بەيگىدە ئات مىنگۈچى دەپ قارىغانلىقىنى چۈشىنىپ:

— برەنسكىينىڭ يېنىغا بېرىشىم كېرەك ئىدى. بىر سائەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

«بۈگۈن خېلى كۆپ ئادەم سەندىن مۇشۇ سوئالنى سورىدى» دەپ ئويلاپ قىزىرىپ كەتتى ۋرونسكىي. ئادەتتە ئۇ ئۇنداق ئاسان قىزارمايتتى. ئىنگلىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندەك، بايىقى گېپىگە قوشۇپ:

— ئەڭ مۇھىمى، بەيگىگە چۈشىدىغان ئادەم بەيگىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ۋەزمىن بولۇشى كېرەك. شۇڭا، كەيپىياتىڭىزنى بۇزماڭ، بىرەر نەرسىگە خاپا بولۇپ چېچىلماڭ.

— *ماقۇل !* — ۋرونسكىي ئۇنىڭغا ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىپ پەيتۇنغا سەكرەپ چىقتى - دە، پەيتۇنكەشكە پېتېرگوفقا قاراپ مېڭىشنى بۇيرۇدى.

ئۇزاق ماڭمايلا، ئەتىگەنلا يامغۇرنىڭ شەپىسىنى ئېلىپ كەلگەن بۇلۇت تېخىمۇ تۇرۇلۇپ شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى.

«يامان بولدى - دە !— دەپ ئويلىدى ۋرونسكىي پەيتۇننىڭ ئۈستىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — بۇنىڭسىزمۇ يەر پاتقاق ئىدى، ئەمدى سازلىققا ئايلىنىپ كېتىدىغان بولدى. ئۇ ئۈستى يېپىق پەيتۇننىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاپىسىنىڭ خېتى بىلەن ئاكىسىنىڭ باغاقچىسىنى چىقىرىپ ئوقۇپ چىقتى.

يەنە دېسە يەنە شۇ گەپ. ئاپىسى، ئاكىسى — ھەممىسى، ھەممىسىلا ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىشىغا ئارىلىشىشقا

ھەقلىقمىز، دەپ ئويلىشاتتى. بۇنداق ئاربلىشىش ئەكسىچە ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغايتتى. ئۇ ھېچقاچان ھازىرقىدەك بۇنداق كەيپىياتتا بولۇپ باقمىغانىدى. «ئۇلارنىڭ كارى نېمىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كۆرۈنگەنلا ئادەم ئۆزىنى مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلىشىشقا ھەقلىقمىز بار، دەپ ئويلايدىغاندۇ؟ نېمىشقا ماڭا يېپىشىۋېلىشىدىغاندۇ؟ قارىغاندا، ئۇلار بۇنداق ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمىسە كېرەك. ئەگەر بۇ ئىش يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ئىچىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى شەھۋانىيلىق بولغان بولسا ئۇلار مېنى ئارامىمدا قويغان بولاتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى ئۆزلىرىچە غەيرىي بىر ئىشتەك كۆرۈۋاتىدۇ. بۇ ئۇلار ئويلىغاندەك ئۇنداق ئويۇنىنىڭ ئورنىدىكى ئىش ئەمەس. ئۇ ئايال مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىنمۇ قىممەتلىك، ئۇلار بۇنى چۈشەنمىگەچكە، ئەندىشە ئىچىدە قېلىشقان. بىزنىڭ تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشى، كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىمىز قىلغان ئىشقا ئۆزىمىز ئىگە، ھەرگىز باشقىلاردىن كۆرمەيمىز، — دېدى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ. ‹بىز› دېگەن سۆزنى ئۇ ئاننا بىلەن ئۆزىنى باغلاپ تۇرۇپ دېگەنىدى، — ھەم، ئۇلارنىڭ بىزگە قانداق ياشاشنى ئۆگىتىشكە ھەققى يوق. ئۇلار بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بولمىسا بەختتىن ياكى بەختسىزلىكتىن سۆز ئېچىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيادا ياشىمايدىغانلىقىمىزنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.»

ۋرونسكىي ئۇلارنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ ھەق گەپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى ھەم دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا باشقىلارنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشقىنىغا قاتتىق ئاچچىقى كېلەتتى. ئۇ ئاننا بىلەن بولغان مۇھەببىتىنىڭ خۇشاللىق ياكى خاپىلىق قالدۇرۇپ كېتىدىغان مۇھەببەتلەردىن باشقا، يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىدىكىلەرنىڭ بىردەملىك ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە ئوخشايدىغان مۇھەببەت ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ يەنە

ئۆزى بىلەن ئانىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن ئازابلىق ئىكەنلىكىنىمۇ، ئىسىلزادىلەر ئىچىدىكى ئورنى پەۋقۇلئاددە بولغاچقا، مۇھەببەتلىرىنى يوشۇرۇش، يالغان سۆزلەش ۋە ئالداشلارنىڭمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، ئىشق ئوتىدا پۇچىلىنىپ تۇرۇۋاتقاندا يالغان گەپ قىلىش، باشقىلارنى ئالداش، ھىيلە ئىشلىتىش، دائىم باشقىلارنى ئويلاش ئىنتايىن مۇشكۇل ئىدى.

ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان يالغان سۆزلەش، ئالداشلارغا مەجبۇرلانغان چاغلىرىدىكى خىلمۇخىل ئىشلارنى، بولۇپمۇ ئانىنىڭ بىرنەچچە قېتىم يالغان سۆزلەشكە، ئالداشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئىختىيارسىز نومۇس قىلىپ كەتكەنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ئۇ يەنە ئانىنا بىلەن تېپىشىپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىدە پەيدا بولغان غەلىتە بىر تۇيغۇنىمۇ ئەسكە ئالدى. بۇ بىر خىل يىرگىنىش تۇيغۇسى بولۇپ، كارېنىندىن، ئۆزىدىن ياكى پۈتۈن جەمئىيەتتىن يىرگىنىۋاتامدۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى ۋە بار ئامالى بىلەن بۇخىل روھىي ھالەتنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۆزىنى سەل رۇسلىۋېلىپ، داۋاملىق خىيالغا چۆشۈپ كەتتى.

«شۇنداق، بۇرۇن ئانىنا بەختسىز، ئەمما مەغرۇر ۋە تىنچ ياشاپ كېلىۋاتقان ئايال ئىدى، ئەمدى ھازىر چىرايىدىن بىلىندۇرمەيۋاتقىنى بىلەن، ئىچكى تىنچلىقىنىمۇ، غۇرۇرىنىمۇ ساقلىيالماي قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ئەمدى چەك قويۇش كېرەك.» ۋرونسكىي ئىچىدە ئاشۇنداق قارارغا كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ خىيالىغا، بۇ خىل ساختا ھاياتقا چوقۇم چەك قويۇش كېرەك، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، دېگەن روشەن بىر پىكىر كەلدى. «ئەمدى ئۇمۇ، مەنمۇ ھەممىدىن

ۋاز كېچىپ، ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر يەردە ئۆزىمىزنىڭ قىزغىن، يېڭىچە ھاياتىمىزنى باشلىشىمىز زۆرۈر بولۇپ قالدى» دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى.

## 22

قاتتىق يامغۇر ئۇزاق ئۆتمەيلا توختىدى. ئىچ ئات بوجىسىز ياندىق ئاتلارنى باشلاپ پاتقاقتا پەيتۇننى كۇچەپ سۆرەپ كېتىۋاتقاندا، قۇياش يەنە كۆرۈنۈپ، داچىلارنىڭ ئۆگزىلىرى، كوچىنىڭ ئىككى قانىتىدىكى باغلاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قېرى لىپا دەرەخلىرى يامغۇر سۈيىدىن پارقىراپ كەتتى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن شوخ تامچىلار توختىماي تېمىپ، ئۆگزىلەردىنمۇ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ۋرونسكىي بۇ يامغۇرنىڭ بەيگە مەيدانىنى پاتقاق قىلىۋەتكەنلىكىنى ئويلىمايلا قويدى، ئويلاۋاتقىنى مۇشۇنداق يامغۇرلۇق كۈندە ئاننا بىلەن يالغۇز كۆرۈشمەكچى بولۇۋاتقىنى ئىدى ھەم بۇنىڭدىن شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. ئۇ كارېنىننىڭ ئارىشاڭدىن يېقىندا قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ھازىرچە پېتېربۇرگدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

ئۇ ئاننا بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىش، ئامال بار باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن، كۆۋرۈككە بارماي تۇرۇپلا پەيتۇندىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى. چوڭ دەرۋازىدىن ئەمەس، باغدىن ئۆتۈپ ئارقىدىكى ئىشىكتىن كىرمەكچى ئىدى.

— خوجايىننىڭ قايتىپ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ باغۋەندىن .

— ياق. خېنىم ئۆيدە بار. ئالدى ئىشىكتىن كىرىڭ، خىزمەتكارلار سىزگە ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ، — دېدى باغۋەن جاۋابەن.

— ياق، باغدىن كىرىۋېرەي.

ۋرونسكىي ئاننانىڭ ئۆيدە يالغۇز ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ، ئۇنى ھەيران قالدۇرماقچى ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭغا بۈگۈن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان بولغاچقا، ئاننا ئۇنى بەيگىدىن ئىلگىرى كەلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. ۋرونسكىي قىلىچىنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا ئىككى تەرىپىدە گۈللەر ئېچىلىپ، ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن كۆتۈرمە يول بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ، باغ تەرەپكە قارايدىغان پەلەمپەينىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ يولدا كەلگۈچە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنىڭ ئازابلىق ۋە مۇشكۇل ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئويلاپ كەلگەن ئويلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئوي - خىيالى ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا كۆرۈشىدىغان ئاشۇ مىنۇتلاردا ئىدى، ئۇنى، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىنى تەسەۋۋۇرىدا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە كۆرەتتى. ئۇ پەلەمپەينى ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۈستىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئۆزى دائىم ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدىغان، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئەڭ ئازابلىق بىلىنىدىغان بىر نەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ قالدى، ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس، ئاننانىڭ ئۆزىگە شۈبھە بىلەن يەرنىڭ تېگىدىن قارايدىغان، ئۇنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنىدىغان ئوغلى ئىدى.

ئۇ بالا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىگە باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك كاشىلا قىلاتتى. بالا بار چاغدا ۋرونسكىي ياكى ئاننا بولسۇن، باشقىلارنىڭ ئالدىدا دېيىشكە بولمايدىغان بىرەر گەپنى قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، بالا چۈشەنمەيدىغان يوشۇرۇن گەپلەرنىمۇ قىلالمايتتى، ئىككىسى شۇنداق قىلايلى دەپ مەسلىھەتلىشىۋالمىسىمۇ، تەبىئىي ھالدىلا شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. بالىنى ئالداشنى ھەر ئىككىسى نومۇسلۇق ئىش دەپ بىلەتتى، شۇڭا بالىنىڭ ئالدىدا خۇددى دوستلاردەك پاراڭلىشاتتى. لېكىن، شۇنچىلىك ئېھتىيات قىلىشسىمۇ، ۋرونسكىي بالىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تەئەججۈپ بىلەن

تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى، ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىسىدە غەلىتە، جۇرئەتسىز ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان ئىپادىلەرنى، بىردە قىزغىن، بىردە سوغۇق، بىردە جۇرئەتسىز مۇئامىلىنى بايقاپ تۇراتتى، بەزى قاراشلىرىدا ئاپىسى بىلەن بۇ ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھىم بىر مۇناسىۋەت مەۋجۇتتەك، ئۇنىڭ زادى قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك ئىپادىلەر كۆرۈنۈپ قالاتتى.

راست، ئۇ بالا بۇ خىل مۇناسىۋەتنى چۈشەنمەيتتى، چۈشىنىشكە، بۇ ئادەمگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىشكە تىرىشاتتى، لېكىن ھەرقانداق قىلىپمۇ بىلەلمەيتتى. بالىلىق سەزگۈرلۈكى بىلەن دادىسىنىڭ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ، تەربىيىچىسىنىڭ ۋرونسكىينى ياخشى كۆرمەيلا قالماي، گەرچە ئۇنىڭ توغرۇلۇق بىر ئېغىز گەپ قىلىشمىسىمۇ، ئۇنىڭغا نەپرەت ۋە قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇپ قارىشىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئاپىسىلا ئۇنى ئەڭ يېقىن دوستى قاتارىدا كۆرەتتى.

«بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟ ئۇ زادى كىم؟ ئۇنى قانداق ياخشى كۆرۈش كېرەك؟ بۇنى پەقەتلا بىلەلمىدىمغۇ؟ مەن خاتا ئويلاۋاتىمەنمۇ ياكى دۆتلۈكۈمدىن بىلەلمەيۋاتىمەنمۇ ۋە ياكى مەن ئەسكى بالىمۇ؟» بالا دائىم ئاشۇنداق خىياللاردا بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن بالىنىڭ چىرايىدىن بىلىشكە قىزىقىش، سوئال، بەزىدە دۈشمەنلىك ئىپادىلىرى كەتمەيتتى، ۋرونسكىي ھېس قىلغاندەك ئەيمىنىش، قورۇنۇش ۋە يەنە بىلىپ بولمايدىغان قانداقتۇر بىر خىل ئالامەتلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ بالا يېنىدا بولسىلا، ۋرونسكىي غەلىتە بىر خىل سەسكىنىش ئىچىدە قالاتتى، ئۆزىدىكى بۇ خىل ھالەتنى ئۇ يېقىندىن بېرى پات - پات ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بالا يانلىرىدا بولسىلا، ۋرونسكىي بىلەن ئاننا ئالدىدىكى كومپاستىن تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان پاراخوتنىڭ نىشاندىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ

پاراخوتنى توغرا نىشانغا توغرىلىيالمايۋاتقان، يا تورمۇزلاشقا كۆچى يەتمەيۋاتقان پاراخوت رولچىسىغا ئوخشاپ قېلىپ، بارغانسېرى نىشانلىرىدىن يىراقلاپ كېتەتتى، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قېلىشقانلىرىنى ئېتىراپ قىلمايتتى، چۈنكى ئېتىراپ قىلىش ۋەيران بولۇش بىلەن باراۋەر ئىدى.

بالا ھاياتقا بولغان ساددا قاراشلىرى بىلەن ئۇلارغا ئۆزلىرى بىلىپ تۇرۇپ بىلگۈسى كەلمەيۋاتقان توغرا نىشاندىن قانچىلىك چەتنەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان كومپاس ئىدى.

بۇ قېتىم سېرىيوژا ئۆيدە يوق ئىدى، ئانىسى ئۆزى يالغۇز بالكونغا چىقىپ، ئايلىنىپ كەلگىلى چىقىپ كېتىپ يامغۇردا قالغان ئوغلىنى ساقلاپ تۇراتتى. بىر خىزمەتكار ئەر بىلەن بىر خىزمەتكار ئايالنى بالىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. ئۆزى ئۈستى ئوچۇق بالكوننىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى گۈللەرنىڭ كەينىدە ئولتۇراتتى، ئۈستىدە چۆرىلىرىگە گۈل كەشتىلەنگەن ئاق كۆڭلىكى بار ئىدى. ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرغاچقىمۇ، ۋرونسكىينىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىمىغانىدى. قارا بۇدۇر چاچلىق بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ، ماڭلىيىنى رېشاتكىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان مۇزدەك سۇ سەپكۈچكە قويۇپ، ۋرونسكىيغا شۇنچىلىك تونۇش ئۈزۈكلەر سېلىنغان چىرايلىق قوللىرى بىلەن سۇ سەپكۈچنى يېرىم قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن قامىتى، بېشى، بوينى ۋە قوللىرىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە، ۋرونسكىي خۇددى ئۇلارنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تاڭ قالاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئىككىنچى قېتىم قەدىمىنى ئالغاندا، ئانىسى ئۇنىڭ كەلگىنىنى سېزىپ، سۇ سەپكۈچنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، ئوتتەك يېنىپ كېتىۋاتقان يۈزىنى ئۇنىڭغا بۇرىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ تاۋلىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋرونسكىي فرانسۇزچە سۆزلەپ. ئۇ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارماقچى ئىدى، لېكىن يەنە بىرەرى بولۇپ قالمىسۇن، دېگەن خىيال بىلەن ھەر

قېتىمقىغا ئوخشاش قورقۇپ ۋە ئالاقىزادە بولۇپ بالكوننىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويدى.

— ياق، سالامەتلىكىم ياخشى! — ئاننا ئورنىدىن تۇرۇپ ۋرونسكىينىڭ ئۆزىگە سۇنغان قولىنى مەھكەم قىستى، — مەن سىنى ... كېلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— ۋاي خۇدايىم، قوللىرىڭ نېمانچە سوغۇق، — دېدى ۋرونسكىي.

— مېنى قورقۇتۇۋەتتىڭ، — دېدى ئاننا، — ئۆزۈم يالغۇز سېرىيوژانى ساقلاپ ئولتۇراتتىم. ئۇ سەيلە قىلىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇلار ئۇنى مۇشۇ تەرەپتىن ئېلىپ كېلەتتى.

ئاننا ئۆزىنى بېسىشقا قانچە ئۇرۇنسىمۇ، لەۋلىرى توختىماي تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— ساڭا دەپ قويماي كەلگىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرگىن، سېنى بىر كۆرمەي كۆڭلىنى كەچ قىلىشىم قىيىن بولدى، — دېدى ۋرونسكىي داۋاملىق فرانسۇزچە سۆزلەپ. ئۇ رۇس تىلىدىكى «سىز» بىلەن «سەن» دىن ئامال بار ئۆزىنى قاچۇرۇپ فرانسۇزچە سۆزلەيتتى. چۈنكى، رۇسچىدىكى «سىز» تولىمۇ يىراقلىقنى بىلدۈرەتتى، «سەن» يېقىنلىقنى بىلدۈرگىنى بىلەن، خەتەرلىك ئىدى.

— مۇشۇ ئىشقىمۇ كەچۈر دېيىش كېتەمدۇ؟ ئەكسىچە مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدىڭ!

— ياق، سېنىڭ يا تاۋىڭ يوق، يا خاپىسەن، — دېدى ۋرونسكىي ئاننانىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي ئۇنىڭغا ئېگىشىپ تۇرۇپ، — نېمىنى ئويلاپ ئولتۇراتتىڭ؟

— مەن دائىم بىرلا ئىشنى ئويلايمەن، — دېدى ئاننا كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ راستىنى ئېيتقانىدى. قانداقلا چاغدا بولسۇن، ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى سورىسىڭىز، ئۇ ھامان بىرلا ئىشنى، يەنى ئۆزىنىڭ بەختى بىلەن بەختسىزلىكىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى

ئېيتقان بولاتتى. ۋرونسكىي كېلىشتىن ئىلگىرىمۇ ئۇ، بۇنداق ئىش باشقىلارنىڭ، مەسىلەن، بېتسىنىڭ (ئاننا ئۇنىڭ تۇشكېۋىچ بىلەن ئارىلىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى) بېشىغا كەلسە ھېچ گەپ يوق، مېنىڭ بېشىمغا كەلسە نېمە ئۈچۈن شۇنچىلا ئازابلىنىپ كېتىمەن، دەپ ئويلاپ ئولتۇرغانىدى. بۈگۈن ئۇنى مۇشۇ ئوي بەكرەك قىينىغانىدى. ئۇ ۋرونسكىيدىن بەيگە توغرۇلۇق سورىۋىدى، ۋرونسكىي جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى ۋە ئامالىنىڭ بارىچە ئۇنىڭدىكى ئەندىشىنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ناھايىتى تەمكىن تۇرۇپ، بەيگىدىن ئىلگىرىكى تەييارلىق ئىشلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

«ئۇنىڭغا ئېيتايمۇ ـ ئېيتمايمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئاننا ئۇنىڭ خاتىرجەم، مېھرىبان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، — ئۆزىنىڭ بەيگە ئىشى بىلەن شۇنچە ئالدىراش، شۇنچە كۆڭۈللۈك يۈرۈۋاتقان ئادەمنىڭ ئۇ ئىشنى چۈشىنىپ كېتىشى، ئۇ ئىشنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتىنى بىلىپ كېتىشى ناتايىن.»

— سەن مەن كىرگەن چاغدا نېمە ئويلاپ ئولتۇرغىنىڭنى ماڭا دېمىدىڭ، — دېدى ۋرونسكىي بەيگىنىڭ گەپلىرىنى توختىتىپ، — ئەمدى ئېيتىپ بەرگىن.

ئاننا ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي بېشىنى سەل ئېگىپ تۇردى، قوشۇمىسى تۈرۈلدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ، تال ـ تال ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. بىر تال يوپۇرماقنى تۇتۇۋالغان قوللىرى توختىماي تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ۋرونسكىينىڭ چىرايىدا ئاناننى شۇنچىلىك ئۆزىگە تارتىدىغان ئىتائەتمەنلىك ۋە قۇللارچە ساداقەت ئەكس ئېتىپ قالدى.

— مەن ساڭا بىر ئىش بولغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن. بېشىڭدا چوڭ بىر غەم بار. بۇنى بىلىپ، سېزىپ تۇرۇپ دەردلىرىڭگە ئورتاقلاشمىسام كۆڭلۈم قانداقمۇ ئارام تاپسۇن

مېنىڭ. خۇدا ھەققى، نېمە دەردىڭ بولسا ماڭا ئېيتقىن، — دېدى ۋرونسكىي يەنە يالۋۇرۇپ.

«توغرا دەيدۇ. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەنمىسە، مەن ئۇنى كەچۈرمەيمەن. بولدىلا، ئېيتمايلا قويايلا، ئۇنى سىناشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟» ئۇ شۇنداق ئويلىغاچ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاق تىكىلىپ تۇردى، يوپيۇرماق تۇتقان قوللىرى تىترەپ توختىمايتتى.

— خۇدا ھەققى ! — ۋرونسكىي ئاننىنىڭ قوللىرىنى قويۇۋەتمەي بايىقى سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى.

— ئېيتايمۇ؟

— ئېيتە، ئېيتە، ئېيتە ...

— مەن ھامىلىدار بولۇپ قالدىم، — دېدى ئاننا پەس ئاۋازدا سوزۇپ سۆزلەپ.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئاننىنىڭ قولىدىكى يوپۇرماق تېخىمۇ بەتتەررەك تىترەپ كەتتى، ئەمما كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىردەممۇ نېرى ئەمەس ئىدى، بايىقى سۆزىگە بولغان ئىنكاسىنى كۆزىتەتتى. ۋرونسكىينىڭ چىرايى ئاقىرىپ، بىرنېمە دېمەكچى بولدى، لېكىن دېمىدى، ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. «شۇنداق، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەندى» دەپ ئويلىدى ئاننا ئۇنىڭدىن رازى بولغاندەك قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ.

لېكىن، ئۇ بۇ خەۋەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۇمۇ ئايالىلارغا ئوخشاش چۈشىنىپ يېتىمدۇ، دەپ ئويلاپ خاتالاشقانىدى. شۇ گەپنى ئاڭلاپلا ۋرونسكىي كىمگىدۇر نەپرەتلىنىپ قارايدىغان ئاشۇ خىل سەزگۈسىنىڭ ئون ھەسسىلەپ قوزغالغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزى كۈتكەن بۇرۇلۇش پەيتىنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ ئىشنى ئەمدى ئاننىنىڭ ئېرىدىن يوشۇرۇپ بولمايدىغانلىقىنى، بۇ خىل غەيرىي تەبىئىي ھالەتنى قانداقلا قىلىپ بولسۇن چاپسانراق

تۆگىتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئانىنىڭ ھاياجانلىنىشى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغىمۇ تەسىر قىلدى. ئۇ ئانىغا مېھرى ۋە ئىتائەتمەنلىكى بىلەن نەزىرىنى تاشلاپ تۇرۇپ قولىغا بىرنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ بالكوندا ئاستا مېڭىپ يۈردى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ بىر خىل قەتئىيلىك بىلەن ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىگە سەنمۇ، مەنمۇ ئويۇننىڭ ئورنىدا قارىغىنىمىز يوق. ھازىر بىزنىڭ تەقدىرىمىز بېكىتىلىپ بولدى، شۇڭا چوقۇم ... — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ ئۇياق - بۇيىقىغا قاراپ قويدى، — ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداپ كېلىۋاتقان تۇرمۇشىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

— ئاياغلاشتۇرۇشىمىز كېرەك؟ قانداق ئاياغلاشتۇرىمىز، ئالېكسېي؟ — دېدى ئاننا پەس ئاۋازدا. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى توختىتىۋالغان، چىرايىدا مۇلايىم تەبەسسۇم ئويناشقا باشلىغانىدى.

— ئېرىڭنى تاشلايسەن، ئاندىن ئىككىمىز ھاياتىمىزنى بىر قىلىپ قوشىمىز.

— ھېلىمۇ ھاياتىمىز قوشۇقلۇققۇ، — دېدى ئاننا ئاران ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا.

— ئۇغۇ راست، لېكىن پۈتۈنلەي، تولۇق قوشۇشىمىز كېرەك.

— قانداق قوشىمىز، ئالېكسېي، ماڭا ئۆگەتكىن، قانداق قىلىپ قوشۇش كېرەك؟ — دېدى ئاننا ئەھۋالنىڭ مۇشكۈللۈكىگە ئېچىنىۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە تۇرۇپ، — بۇنداق قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىمۇ بارمۇ؟ مەن ئېرىمنىڭ ئەمرىدە ئەمەستەك گەپ قىلىسەنغۇ؟

— ھەرقانداق قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بار، قەتئىي قارارغا كەلسەكلا يول تېپىلىدۇ، — دېدى ۋرونسكىي، — قانداقلا ئەھۋالدا قالغىن، ھازىرقى ئەھۋالىڭدىن ياخشى بولىدۇ.

سېنىڭ ھازىر يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ، ئېرىڭنىڭ، بالاڭنىڭ ئالدىدىمۇ — ھەممىنىڭ ئالدىدا قاتتىق ئازاب چېكىپ يۈرۈۋاتقىنىڭنى مەن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.

— بىرلا ئېرىمنىڭ ئالدىدا ئۇنداق ئەمەسمەن، — دېدى ئاننا سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، ئۇنى ئويلىمايمەن. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئادەم ئەمەس.

— بۇ سېنىڭ يۈرىكىڭدىكى گەپ ئەمەس، مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب چېكىپمۇ تۇرىسەن.

— ئۇ ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى تېخى بىلمەيدۇ، — ئاننا شۇ گەپنى قىلىپ بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. ئىككى مەڭزى، ماڭلىيى، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ، ئۇيالغىنىدىن كۆزلىرىگە ياش كەلدى، — بولدىلا، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى.

## 23

ۋرونسكىي بىرقانچە قېتىم — بۈگۈنكىدەك قەتئىي بولمىسىمۇ — ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاننا ھەر قېتىم ئۇنىڭغا بايا بەرگەن جاۋابىدەك جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى زادىلا ئۆزىگە يېقىن يولاتمىغانىدى، بۇ خۇددى ئۇنىڭ پىكىرلىرىدە جىددىي قاراشقا تېگىشلىك ھېچقانداق بىر نەرسە يوقتەك چۈشىنىكسىزلا بىر ئىش ئىدى ياكى بۇ ئىش توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالسىلا، ئۇ ھەقىقىي ئاننا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا نامەلۇم، غەلىتە بىر ئايال پەيدا بولۇپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتى. ۋرونسكىي ئۇ ئايالنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇنىڭدىن قورقاتتى، ئۇ ئايال ھەممىلا يەردە ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلاتتى.

شۇنداقتىمۇ ۋرونسكىي بۇگۇن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىش قارارىغا كەلدى.

— ئۇنىڭ بىلىش - بىلمەسلىكى، — دېدى ۋرونسكىي ئادەتتىكى قەتئىي، ۋەزمىن ئاۋازى بىلەن، — ئۇنىڭ بىلىش - بىلمەسلىكى بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز يوق. بىزنىڭ ... سىپىنىڭمۇ بۇنداق كېتىۋېرىشىڭگە بولمايدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقى ئەھۋالدا.

— سىزچە نېمە قىلىش كېرەك؟ — دېدى ئاننا ئازراق مەسخىرە ئاھاڭدا، — ئاننا ئەسلىدە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىغا سەل قاراپ قالامدىكىن، دەپ ئەنسىرىگەنىدى، ئەمدى قانداقتۇر بىر چارە قوللىنىشىمىز كېرەك، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالدى.

— ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئاندىن ئۇنى تاشلاپ كېتىش كېرەك.

— ناھايىتى ياخشى. ماقۇل، مەن شۇنداقمۇ قىلاي، — دېدى ئاننا، — بۇنىڭدىن قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ مەن سىزگە بۇنى سۆزلەپ بېرەي، — ئاننانىڭ بىر مىنۇتنىڭ ئالدىدا مۇلايىم چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىردىنلا قورقۇنچلۇق تۇس ئالدى، — ئۇ نېمە دەيدۇ، بىلەمسىز؟ «ھىم، سىز باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇ ئىپلاس ئىشنى قىلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ (ئاننا ئېرىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ، «ئىپلاس» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ياڭراق ئاۋازدا دېدى) مەن سىزنى بۇرۇنمۇ دىن، قانۇن، ئائىلە جەھەتلەردىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى ياخشى ئويلا، دەپ ئاگاھلاندۇرغان. سىز مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭىز. ئەمدى مەن ئۆز نامىمنى ... — ئۇ (ئوغلۇمنىڭ نامىنى) دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئوغلىنى بۇ چاقچاققا ئارىلاشتۇرغۇسى كەلمىدى — بۇلغىمايمەن» دەيدۇ. يەنە باشقا گەپلەرنىمۇ قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئەمەلدارلىق كىبىرى بىلەن قەتئىي تۇردە، سىزنى قويۇۋېتەلمەيمەن، دەپ كېسىپلا ئېيتىدۇ ھەم مېنى مەيلىمگە

قويۇۋەتمەيدۇ، ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ بۇ سەتچىلىكنى توسۇيدۇ ھەم ئېپىتقانلىرى بويىچە سوغۇق قانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئىش كۆرىدۇ. ئىشلار مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئەمەس، ماشىنا. ئاچچىقى كەلگەندە شۇنچىلىك رەھىمسىز ماشىنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، — ئاننا شۇ گەپلەرنى دېگەچ، كارېنىننىڭ تاشقى قىياپىتىنى، سۆزلىگەن چاغدىكى ھالىتىنى ۋە مىجەز - خۇلقىنى، ۋۇجۇدىدىن تاپقىلى بولىدىغان كەمچىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىغا بىر - بىرلەپ كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ گۇناھى ئۇچۇن ئازراق بولسىمۇ ئۇنى كەچۈرەي دېمىدى.

— بىراق، ئاننا، — دېدى ۋرونسكىي سەممىمىي ۋە مۇلايىم تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — قانداقلا بولسۇن، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا دەپ، ئاندىن ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشىغا قاراپ ئىش قىلىشىمىز كېرەك.

— نېمە، قېچىپ كېتىمىزمۇ؟

— قېچىپ كەتسەك نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مەن داۋاملىق مۇشۇ ھالەتتە كېتىۋەرسەك بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن. بۇ گەپنى مەن ئۆزۈم ئۇچۇن دەۋاتقىنىم يوق — مەن سىزنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن.

— ھەم، قېچىپ كېتىشىمىز كېرەك دېگىن! ئۇ چاغدا مەن سېنىڭ ئاشناڭ بولىدىكەنمەن - دە؟ — ئاننا بۇ گەپنى زەردە بىلەن دېدى.

— ئاننا! — دېدى ۋرونسكىي سەل رەنجىگەندەك تەلەپپۇزدا.

— شۇغۇ، — دېدى ئاننا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — سېنىڭ ئاشناڭ بولۇپ ھەممە نېمەمنى ۋەيران قىلىشىم كېرەك ...

ئاننا «ئۇ چاغدا ئوغلۇمنى ...» دېمەكچىدى، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

ۋرونسكىي ئاننانىڭ ئىرادىلىك ھەم ساپ ۋىجدانلىق ئايال تۇرۇپ نېمىشقا ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدايدىغان بۇ ھالەتكە

چىداپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرمايدىغانلىقىغا ھەرقانداق قىلىپمۇ ئەقلىنى يەتكۈزەلمەيتتى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ ئاغزىدىن چىقىرالمىغان «ئوغلۇم» دېگەن گەپتە ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئاننا ئوغلىنى، ئوغلىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە دادىسىنى تاشلاپ كەتكەن ئاپىسىغا قانداق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى ئويلىغانلىرىدا، ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن قاتتىق قورقۇنچتا قالاتتى ۋە ئۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلىغۇسى كەلمەي، ئادەتتىكى ئاياللارغا ئوخشاش ساختا يەكۈن ۋە ساختا گەپلەر بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، ھەممىنى ئەينەن ساقلاپ قېلىشقا، ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىگە قانداق باھا بېرىدىغانلىقىدەك بۇ قورقۇنچلۇق مەسىلىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى.

— سېنىڭدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سېنىڭدىن سوراپ قالاي، — دېدى ئاننا تۇيۇقسىز ۋرونسكىينىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، غەلىتە بىر خىل مۇلايىم ھەم سەمىمىي تەلەپپۇزدا، — بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا بۇ ئىش توغرۇلۇق زادىلا گەپ قىلمىساڭ.

— بىراق، ئاننا ...

— ئەمدى ئۇ گەپنى قىلما، مېنى ئىختىيارىمغا قوي. ئەھۋالىمنىڭ شەرمەندىلىكىنى، مۇشكۈللۈكىنى بىلىمەن، ئەمما بۇ ئىش سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان ھەل بولمايدۇ. مېنى ئىختىيارىمغا قوي، مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل، مەن بىلەن بۇ ئىش توغرۇلۇق ئىككىنچى سۆزلەشمە، ماڭا ۋەدە بېرەلەمسەن؟ ... ياق، ياق، ماڭا ۋەدە بەر ...

— مەن سېنىڭ ھەرقانداق تەلىپىڭگە ماقۇل دەيمەن، ئەمما كۆڭلۈم تىنچ ئەمەس، بولۇپمۇ سەن بايا ماڭا دېگەن ئىشتىن كېيىن، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ شۇنداق، مېنىڭمۇ ھەم شۇ ...

— مېنىڭمۇ ! — دەپ تەكرارلىدى ئاننا، — راست دەيسەن، مەن بەزىدە ئازابلىنىمەن، ئەمما سەن ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق ماڭا

مەڭگۈ ئېغىز ئاچمىساڭ، ئۇ ئازابلار ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدۇ. سەن شۇ توغرۇلۇق گەپ قىلساڭلا ئۇ ئازاب مېنى يەنە قىينايدۇ.

— مەن بۇ گېپىڭدىن ھېچ نەرسە چۈشەنمىدىم، — دېدى ۋرونسكىي.

— مەن بىلىمەن، — دېدى ئاننا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سەن تۇغما ئاق كۆڭۈل، يالغان گەپ قىلىش ساڭا شۇنچىلىك ئېغىر. سېنىڭ ئۇچۇن مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، مېنى دەپ پۈتۈن ئۆمرۈڭنى نابۇت قىلىۋاتىسەن.

— مەنمۇ ھازىر شۇ توغرۇلۇق ئويلاۋاتاتتىم، — دېدى ۋرونسكىي، — سەن قانداق قىلىپ مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچەلىدىڭ؟ ئەگەر سەن بىر ئەر بەختسىزلىككە ئۇچراپ قالىدىغان بولساڭ، مەن ئۆزۈمنى زادىلا كەچۈرمەيمەن.

— مەن بەختسىزمۇ؟ — دېدى ئاننا ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ۋە ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەتتى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — مەن ھازىر يەيدىغان نەرسىگە ئېرىشكەن ئاچ قورساق ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم. ئۇ ئادەم بەلكىم مۇزلايدىغاندۇ، كىيىملىرى يېلىڭدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن نومۇس قىلىدىغاندۇ، ئەمما ئۇ بەختسىز ئەمەس. مەن بەختسىزمۇ؟ ياق، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بەختلىك ...

ئاننا قايتىپ كەلگەن ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىتتىك بالكونغا بىر قۇر قاراپ چىقتى ـ دە، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ۋرونسكىيغا تونۇش بىر ئوت يېنىپ تۇراتتى. ئاننا ئۈزۈكلەر سېلىنغان چىرايلىق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇزاق قاراپ كەتتى ۋە يۈزىنى يېقىن ئەكېلىپ، تەبەسسۇم ئويناپ تۇرغان لەۋلىرى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، كۆزلىرىگە سۆيۈپ قويدى، ئاندىن ئۇنى ئىتتىرىپ ئۆزىدىن نېرى قىلىپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، ۋرونسكىي ئىتتىك ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— قاچان ! — دېدى ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىلىپ كېتىۋاتقاندەك ئىنتايىن بوش ئاھاڭدا.

— بۈگۈن كېچە سائەت بىردە، — دېدى ئاننامۇ پىچىرلاپ ۋە ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ تۇرۇپ. ئاندىن يېنىك ۋە ئىتتىك قەدەملىرى بىلەن بالىسىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

سېريوژا باغقا چىققاندا يامغۇردا قېلىپ، ئىنىكئانىسى بىلەن بىللە شىپاڭدا يامغۇردىن دالدىلىنىپ ئولتۇراتتى.

— ھىم، خەير، — دېدى ئاننا ۋرونسكىيغا، — بىر ئازدىن كېيىن بەيگە كۆرگىلى بارىمەن. بېتسى كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتمەكچى.

ۋرونسكىي سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى.

# 24

ۋرونسكىي كارېنىنلارنىڭ ئۆيىنىڭ بالكونىدا سائىتىگە قارىغان چاغدا شۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكەن، پۈتۈن پىكىر ـ خىيالى شۇ بىر ئىشقا بەند بولۇپ، سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسىنى كۆرگىنى بىلەن، سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلمىگەنىدى. چوڭ يولغا چىققاندا پاتقاق كېچىپ پەيتۇنى تۇرغان جايغا قاراپ ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭدى. پۈتۈن خىيالى ئانناغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىدە بولغاچقا، ۋاقىتنى قىلچە ئويلاپ باقمىغان، برەنسكىينىڭ ئۆيىگە بىرىشقا ۋاقىت يېتەمدۇ ـ يوق، ئۇمۇ خىيالىغا كەلمىگەنىدى. كاللىسىدا پەقەت — بۇ دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش — نېمىنىڭ كەينىدىن نېمىنى قىلىش كېرەك، دەيدىغان ئاددىيلا بىر ئۇقۇم قالغانىدى. پەيتۇنكەش پەيتۇندىكى ئورنىدا ئولتۇرۇپ قېلىن لىپا دەرىخىنىڭ قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان سايىسىدا ئۇخلاپ قالغانىدى. ۋرونسكىي سېمىز

ئاتلارنىڭ ئۈستىدە ۋىژىلداپ قۇيۇندەك ئايلىنىپ يۈرگەن كۆمۈتىلارغا قارىغاچ، پەيتۇننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئويغاتتى - دە، پەيتۇنغا چۈشۈپ برەنسكىينىڭكىگە ھەيدەشنى بۇيرۇدى. يەتتە چاقىرىمدەك ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئېسىگە كېلىپ سائىتىگە قاراپ، سائەتنىڭ بەش يېرىم بولغانلىقىنى، ئەمدى كېچىكمىدىغانلىقىنى بىلدى.

شۇ كۈنى بىرىنچى بەيگە: ئاتلىق ئەسكەرلەر بەيگىسى، ئوفىتسېرلارنىڭ ئىككى چاقىرىملىق، تۆت چاقىرىملىق بەيگىسى ۋە ۋرونسكىي قاتنىشىدىغان بەيگىلەر بولاتتى. ئۆزى قاتنىشىدىغان بەيگىگە ئۈلگۈرەتتى، ئەمما برەنسكىينىڭكىگە بارىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ بەيگە مەيدانىغا بېرىپ بولغۇچە ئوردىدىكىلەر مەيدانغا كېلىپ بولاتتى، ئۇنىڭدا ياخشى بولمايتتى. بىراق، برەنسكىيگە ئۆيىگە بارىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ قويغان بولغاچقا، بارماي بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيتۇنكەشكە ئاتلارنى ئايىماي چاپتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئۇ برەنسكىينىڭ ئۆيىدە پەقەت بەش مىنۇتلا تۇرۇپ يەنە كەينىگە ياندى. بۇ خىل تېز سۈرئەتتە يول يۈرۈش ئۇنىڭ كۆڭلىگە خېلىلا ئاراملىق ئېلىپ كەلدى، ئاننا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى بارلىق ئازابلىق ئىشلار، ئۇلارنىڭ بايىقى پارىڭىدىن كېيىن يۈرىكىدە قالغان نامەلۇم ھېس - تۇيغۇلار كاللىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ خۇشال ۋە ھاياجان ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئويلاۋاتقىنى بەيگە ۋە بەيگە مەيدانىغا چوقۇم ئۈلگۈرۈپ بارىمەن، دەيدىغان بىرلا خىيال ئىدى. بۈگۈن كېچىدە بىللە بولماقچى بولغان كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىش كاللىسىدىن خۇددى چاقماق چاقاندەك پات - پات يالت قىلىپ ئۆتۈپ قالاتتى.

ئۇ ئۇچرىغان داچىلارنى ۋە پېتېربۇرگدىن بەيگە كۆرگىلى كېتىۋاتقانلارنىڭ پەيتۇنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئارقىدا قالدۇرۇپ

كېتىۋاتاتتى. يول ئۈستىدىكى بەيگە كەيپىياتى قويۇقلاشقانسېرى، ۋرونسكىينىڭ پات ئارىدا بەيگىگە قاتنىشىشتىن پەيدا بولۇۋاتقان قىزغىن كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ياتىقىدا ھېچكىم قالمىغان، ھەممىسى بەيگە مەيدانىغا كەتكەنىدى. دەرۋاز ئالدىدا چاكىرى ئۇنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقاندا، چاكىرى ئۇنىڭغا ئىككىنچى مەيدان بەيگىنىڭ باشلىنىپ كەتكەنلىكىنى، بىر قانچە ئەپەندىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، ئات باقار بالىنىڭ ئاتخانىدىن ئىككى قېتىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى سورۇشتۇرغەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ۋرونسكىي ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي (ئۇ بىر ئىشلارغا ھەرگىز ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ كەتمەيتتى، ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى بىلەتتى ) كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، ئاندىن پەيتۇنكەشكە ئۆزىنى ئاتخانىغا ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئاتخانىغا بېرىپ، شۇ يەردىن بەيگە مەيدانىدا ئادەملەرنىڭ مىغىلداپ كەتكەنلىكىنى، ھەر خىل پەيتۇنلارنى، مېڭىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنى، ئەسكەرلەرنى، شىپاڭلاردا تىقىلىشىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن كىشىلەرنى كۆردى. ئىككىنچى مەيدان بەيگە داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۇ ئاتخانىغا يېقىن قالغاندا قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئاتخانىغا كىرگەندە ماخوتىنىنىڭ ئالا پاچاق جەرەن ئېتىغا يولۇقۇپ قالدى. ئۇ ئاتنىڭ كۆكۈچ قولاقلىرى دىڭ تۇراتتى، ئۈستىگە كۆك ئارىلاش توق سېرىق يوپۇق يېپىلغانىدى. ئۇنى ئۇلار بەيگە مەيدانىغا ئېلىپ كېتىشىۋاتقانىكەن.

— كورد قېنى؟ — دەپ سورىدى ۋرونسكىي ئات باقاردىن .

— ئاتخانىدا، ئات ئېگەرلەۋاتىدۇ.

ئاددىي ئاتخانىدا فرۇ ـ فرۇ ئېگەرلىنىپ قويۇپتۇ، ئەمدى ئۇنى ئېلىپ چىقىشماقچى بولۇپ تۇرۇشقانىكەن.

— مەن كېچىكىپ قالمىغاندىمەن؟

— *ياق! ياق!* — دېدى ئىنگلىز ئاۋۋال ئىنگلىزچە، ئاندىن رۇسچە سۆزلەپ، — بەكمۇ ئالدىراپ كەتمەڭ!

ۋرونسكىي تىترەپ تۇرۇۋاتقان تۇلپارنىڭ چىرايلىق، ئوماق گەۋدىسىگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە ئۇنىڭدىن تەستە كۆزىنى ئۈزۈپ تالاغا ماڭدى. شىپاڭلارنىڭ ئالدىغا ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان تولىمۇ ئوبدان بىر چاغدا يېتىپ باردى. ئىككى چاقىرىملىق بەيگە ئاياغلىشاي دەپ قالغان، ھەممە كۆزلەر ئالدىدا چېپىپ كېلىۋاتقان ئېغىر ئاتلىق قوشۇن ئوفىتسېرى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن چېپىپ كېلىۋاتقان يېنىك ئاتلىق قوشۇن ئوفىتسېرىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئىككىسى پەللىگە قاراپ جېنىنىڭ بارىچە چېپىشىپ كېلىۋاتاتتى. كىشىلەر بەيگە مەيدانىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن ئاخىرقى پەللىگە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ، ھەر ئىككى ئاتلىق قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن كوماندىرلىرى غەلىبە قازىنىش ئالدىدا تۇرغان باشلىقى بىلەن ئاغىنىسىگە تەنتەنە قىلىشىپ بار ئاۋازلىرى بىلەن توۋلىشاتتى. ۋرونسكىي ئاستا مېڭىپ توپنىڭ ئىچىگە كىردى. بەيگىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ قوڭغۇراق چېلىنغاندا، چېمپىيون بولغان ئېگىز بويلۇق ئېغىر ئاتلىق قوشۇن كوماندىرى ئۈستۈۋېشى لاي، ئات ئۈستىدە يېرىم يېتىۋېلىپ، چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن، ھاسىراپ تۇرۇۋاتقان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ ئاستاپ ماڭدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

ئايغىر قەدەملىرىنى زورغا ئاستىلىتىپ، يوغان گەۋدىسىنىڭ تېزلىكىنى پەسەيتتى. ئېغىر ئاتلىق قوشۇن ئوفىتسېرى خۇددى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن يېڭىلا ئويغانغان ئادەمدەك ئەتراپىغا نەزەر سالغاچ تەستە كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتاتتى، دوستلىرى بىلەن تاماشىبىنلار ئۇنى قاتموقات ئورىۋېلىشقانىدى.

ۋرونسكىي شىپاڭلارنىڭ ئالدىدا سىپايىلىك بىلەن مېڭىپ يۈرۈشكەن ۋە پاراڭلىشىپ تۇرغان ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ

ئەزالىرىدىن ئەتەي ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇردى، دىققىتىم بۆلۈنۈپ كەتمىسۇن دېگەن مەقسەت بىلەن، ئاننا، بېتسى ۋە ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارمىدى. لېكىن، تونۇشلىرى ماڭدامدا بىر ئۇچراپ، ئۇنىڭغا بايىقى ئىككى بەيگىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ، ئۇنىڭ نېمە ئۇچۇن كېچىكىپ كەلگەنلىكىنى سوراپ تۇردى.

بەيگىچىلەر مۇكاپاتلىرىنى ئېلىش ئۇچۇن سەھنىگە چاقىرىلىپ ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتى شۇ ياققا بۇرالغان چاغدا، ۋرونسكىينىڭ پولكوۋنىك پاگونى تاقىغان ئاكىسى ئالېكساندىر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئالېكسېيغا ئوخشاش ئېگىز ئەمەس، غوللۇق، ئالېكسېيغا قارىغاندا قاملاشقان، مەڭزىلىرى قىزىل، بۇرنى قىزىرىپ تۇرىدىغان، چىرايى ئوچۇق، مەست چىرايراق ئادەم ئىدى.

— مەن يازغان باغاقچىنى ئالدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ، — سېنى زادىلا تاپقىلى بولمايدۇغۇ.

ئالېكساندىر ۋرونسكىي ئەيش - ئىشرەتكە، ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ئوردىدىكى ئورنى خېلىلا يۇقىرى ئىدى.

شۇ تۇرقىدا ئۇ ئىنىسى ئۇچۇن كۆڭۈلسىز تۇيۇلىدىغان بىر ئىش توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ، ئىككىسىگە تىكىلىدىغان كۆزلەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئويلىدىمۇ قانداق، خۇددى ئۇنىڭ بىلەن ئەھمىيەتسىز بىر ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقاندەك يالغان كۈلۈپ تۇرۇپ پاراڭلاشتى.

— ئالدىم، راستىمنى دېسەم، سېنىڭ نېمىشقا بۇنچىلا غەم يەپ كېتىۋاتقىنىڭنى چۈشەنمىدىم، — دېدى ئالېكسېي.

— بايا قارىسام سەن يوق، دۈشەنبە كۈنى سېنى بىرى پېتېرگوفتا كۆرۈپتۇ، شۇڭا سېنىڭدىن غېمىم تولا.

— بەزى ئىشلارغا مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرنىڭ غەم يەپ كېتىشى ھاجەتسىز بولسا كېرەك. سەن ئەنسىرىگەن ئۇ

ئىش ...
— ھىم، ئەگەر شۇنداقلا ئويلايدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا ھەربىي خىزمەتتە بولما ...
— سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشما، ساڭا دەيدىغىنىم شۇ.
ئالېكسېي ۋرونسكىي قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، بىردىنلا تاتىرىپ، ئۇچلۇق ئېڭىكى تىترەپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال ئۇنىڭدا ناھايىتى كەم بولاتتى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، ئادەتتە ناھايىتى ئاز خاپا بولىدىغان ئادەم ئىدى، ئاچچىقى كېلىپ ئېڭىكى تىترەپلا كېتىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى باسقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئالېكساندىر ۋرونسكىي ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا دەررۇ خۇشال كۈلۈپ قويدى.
— مەن پەقەت ئاپامنىڭ خېتىنى ساڭا يەتكۈزۈپ بەردىم، ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ قويساڭلا بولىدى. بەيگىگە چۈشۈشتىن بۇرۇن كەيپىياتىڭنى بۇزۇۋالما. *ساڭا ئۇتۇق تىلەيمەن*، — ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ فرانسۇزچە شۇ بىر گەپنى قوشۇپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى.
ئاكىسى كەتكەندىن كېيىن يەنە بىرەيلەن كېلىپ ۋرونسكىينىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.
— ئاغىنەڭنىمۇ تونۇمايدىغان بولۇپ كەتتىڭمۇ سەن، دوستۇم! ياخشىمۇ سەن! — دېدى ئوبلونسكىي. ئۇ پېتېربۇرگدىكى تۆرىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ موسكۋادىكىدەكلا ئابرۇيلۇق ئىدى، مەڭزىلىرى قىزىرىپ تۇراتتى، ساقاللىرىنى پاكىز قىردۇرغان، چاچلىرى رەتلىك تارالغان، پارقىراپ تۇراتتى، — مەن تۈنۈگۈن كەلدىم. سېنىڭ مۇسابىقىدە نەتىجە قازانغىنىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدىن خۇشالمەن. بىز يەنە قاچان كۆرۈشىمىز؟
— ئەتە ئاشخانىغا كەلگىن، — دېدى ۋرونسكىي. ئاندىن ئوبلونسكىينىڭ پەلتوسىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئەپۇ سوراپ قويۇپ مەيدانغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. توسۇقتىن سەكرەپ

ئۆتۈش مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغان ئاتلار مەيدانغا ئېلىپ كىرىلىۋاتاتتى.

ئات باقارلار بەيگىگە قاتنىشىپ چىلىق - چىلىق تەرگە پاتقان، دەرماندىن كەتكەن ئاتلارنى يېتىلەپ ئاتخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمدى بەيگىگە چۈشىدىغان، ئۇستىگە يوپۇق يېپىلغان، قورساقلىرى چىڭ تارتىلىپ غايەت زور قۇشلارغا ئوخشاپ قالغان، كۆپىنچىسى ئەنگلىيىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئاتلار كەينى - كەينىدىن مەيدانغا ئېلىپ كىرىلىۋاتاتتى. مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان، سەل ئورۇقراق كەلگەن چىرايلىق فرۇ - فرۇنى ئۇلاغ تەرەپكە يېتىلەپ كېلىشكەنىدى، خۇددى پۇرژىنا ئۇستىدە كېتىۋاتقاندەك، ئۇزۇن، چىرايلىق پۇتلىرىنى ئالدىرىماي يۆتكەپ مېڭىۋاتاتتى. سەل نېرىدا سالپاڭ قۇلاق گلادىئاتورنىڭ ئۇستىدىن يوپۇقىنى ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئاتنىڭ چىرايلىق، ئېگىز گەۋدىسى، كېلىشكەن ئارقا يوتىلىرى، پۇتلىرى بىلەن تۇتاش كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇياقلىرى ۋرونسكىينىڭ دىققىتىنى قوزغاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ يېنىغا باراي دەپ تۇراتتى، يەنە بىر تونۇشى ئالدىنى توسۇۋالدى.

— ھەي، قارا، كارېنىن ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ، — دېدى ئۇنىڭغا ئۇ تونۇشى، — خوتۇنىنى ئىزدەۋاتسا كېرەك، خوتۇنى شىپاڭدا ئولتۇرىدۇ، ئۇنى سەن كۆرمىدىڭمۇ؟

— ياق، كۆرمىدىم، — دېدى ۋرونسكىي جاۋابەن. ئەمما، ئۇ كۆرسەتكەن ئاننا ئولتۇرغان تەرەپكە قارىماي، ئۇدۇل ئېتىغا قاراپ ماڭدى.

ۋرونسكىي ئۆزى تازا ياقتۇرمىغان ئېگەرنى ئىنچىكە كۆرۈپ چىقىشقا ئۈلگۈرمەيلا، بەيگىچىلەرنى سەھنىگە چىقىپ چەك تارتىپ نومۇرنى، تۇرىدىغان يېرىنى بىلىۋېلىشقا چاقىرىپ قالدى. چىرايلىرى سۇرلۈك، بەزىلىرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئون يەتتە نەپەر ئوفىتسېر چەك تارتىش ئۈچۈن تەڭلا كېلىپ سەھنىگە چىقىشتى. ۋرونسكىي يەتتىنچى نومۇرنى

تارتقانىدى. ئارقىدىنلا: «ئاتقا مىنىڭلار!» دېگەن كوماندا ئاۋازى ئاڭلاندى.

ۋرونسكىي ئۆزى بىلەن بىرنەچچە بەيگىچىگە ھەممىنىڭ كۆزى تىكىلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ ئازراق جىددىيلەشكەندەك بولدى، ئەمما ئۇ بۇنداق ئەھۋاللاردا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلگەچكە، ھودۇقماي، ئالدىرىماي ئېتى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كورد بەيگە ئۈچۈن دەپ ئۆزىنىڭ بايراملىق كاستۇمىنى، قاتار تۈگمىلەنگەن سيۇرتۇكىنى كىيىپ، مەڭزىگە تىرىلىپ تۇرىدىغان قاتۇرما ياقىنى تاقاپ، دۈگىلەك قارا شىلەپىسىنى، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكىنى كىيىپ كەلگەنىدى. ھازىر ھەرقاچانقىدەك ئېغىر ـ بېسىق، سىپايە قىياپەتتە ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇپ تۇراتتى. فرۇ ـ فرۇ خۇددى بەزگەك بولۇپ قالغاندەك تېخىچە تىترەپ توختىمايتتى. ئۇ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ۋرونسكىيغا قاراپ قويدى. ۋرونسكىي بارمىقىنى تىقىپ، تارتمىنىڭ بوش ـ چىڭلىقىنى كۆرۈپ باقتى. ئات ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىيا تىكىلدى، ئاغزىنى ئېچىپ قۇلىقىنى دىڭ قىلدى. ئىنگلىز ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنىڭ ئاتنى ئېگەرلىگىنىنى تەكشۈرۈۋاتقىنىغا قاراپ، ئادىتى بويىچە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئاتقا مىنىۋالسىڭىزلا ھاياجىنىڭىز بېسىلىدۇ.

ۋرونسكىي رەقىبلىرىگە ئاخىرقى قېتىم بىر ـ بىردىن قاراپ چىقتى، بەيگىگە چۈشكەندە ئۇلارنى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىككى بەيگىچى ئاتلار قويۇپ بېرىلىدىغان يەرگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ۋرونسكىينىڭ دوستى ھەم رەقىبلىرىنىڭ بىرى بولغان گالتسىن ئۆزىنى مىنگۈزمەيۋاتقان جەرەن ئېتىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. تار ئىشتان كىيگەن، جۈغى كىچىك گۋاردىيە ئاتلىق قوشۇن ئوفىتسېرى ئىنگلىزلارنىڭ مىنىش ئادىتىنى دوراپ، ئاتنىڭ ساغرىسىدا مۈشۈككە ئوخشاش تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن كىنەز كوزوۋلېف گرابوف ئات فېرمىسىدىن سېتىۋالغان نەسىللىك بايتىلىنىڭ

ئۈستىدە ئولتۇراتتى، بىر ئىنگلىز ئاتىنىڭ چولۇۋۇرىنى تۇتۇپ يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ۋرونسكىي بىلەن ئۇنىڭ يولداشلىرى كوزوۋلېفنىڭ نېرۋىسىنىڭ «ئاجىز» لىقىنى، تولىمۇ شۆھرەتپەرەس ئىكەنلىكىنى، ھەممىلا نېمىدىن، ھەتتا ئات مىنىشتىنمۇ قورقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ بەيگىگە قاتناشقانلارنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ بوينى ئۈزۈلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ھەر بىر توسالغۇنىڭ يېنىغا دوختۇر، دوختۇر بەلگىسى قادالغان قۇتقۇزۇش ھارۋىسى، سېستىرالارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاندىن بەيگىگە قاتنىشىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغانىدى، ۋرونسكىي ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتقاندەك سەممىيلىك بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. ۋرونسكىي پەقەت بىرلا ئادەمنى، يەنى ئەڭ يامان رەقىبى گلادىئاتورنى مىنگەن ماخوتىننىلا كۆرمىدى.

— ئالدىراپ كەتمەڭ، — دېدى كورد ۋرونسكىيغا، — بىر نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇن، توسالغۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھەرگىز تىزگىننى تارتماڭ ھەم ئاتنى قامچىلىماڭ، مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ.

— ماقۇل! ماقۇل! — دېدى ۋرونسكىي تىزگىننى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— ئامال بار بەيگىنىڭ ئالدىدا بولۇڭ. ناۋادا كەينىدە قېلىپ قالسىڭىز، ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتقىچە ئىشەنچىڭىزنى يوقاتماڭ.

ئات ئورنىدىن قوزغىلار - قوزغالمايلا، ۋرونسكىي چىشلىق ئۈزەڭگىگە چاققان ھەرىكەتتى بىلەن پۇتىنى قويۇپ، بەقۇۋۋەت بەدىنىنى غىچىرلاپ تۇرىدىغان خۇرۇم قاپلانغان ئېگەرنىڭ ئۈستىگە مەزمۇت قوندۇرۇپ بولدى. ئوڭ پۇتىنى ئۈزەڭگىگە سېلىپ، تىزگىننى ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە بارماقلىرىنىڭ

ئارىسىغا تەڭشەپ كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن كورد قولىنى قويۇۋەتتى. فرۇ ـ فرۇ قايسى پۇتىنى ئاۋۋال تاشلاشنى بىلمەي تۇرغاندەك، ئۇزۇن بوينى بىلەن تىزگىننى تارتىپ، ئۇستىدىكى ئادەمنى يۇمشاق بىلىدە خۇددى پۇرژىنىدەك چايقاپ يۈرۈپ كەتتى. كورد ئۇلارنىڭ كەينىدىن خېلى يەرگىچە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئەگىشىپ ماڭدى. ئات تىزگىن سىيرىپ، خۇددى ئۇستىدىكى ئادەمنى تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئىككى يېنىغا چايقىلىپ ئويناقشىپ كېتىۋاتاتتى. ۋرونسكىي ئاتنى گەپ قىلىپ ۋە قولى بىلەن سىلاپ تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، لېكىن پايدىسى بولمايۋاتاتتى.

ئۇلار بەيگە ئاتلىرى قويۇپ بېرىلىدىغان نۇقتىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بەيگە مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك بىر دەرياغىمۇ ئاز قېلىشتى. ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقانلار خېلى بار ئىدى، ئارقىدا كېلىۋاتقانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ۋرونسكىي تۇيۇقسىز، ئارقا تەرەپتىن بىر ئاتنىڭ پاتقاق كېچىپ چېپىپ كېلىۋاتقان تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى، ئارقىدىنلا سالپاڭ قۇلاق، ئالائىياغ گلادىئاتورغا مىنىۋالغان ماخوتىن يېتىشىپ كەلدى. ئۇ ئۇزۇن چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ۋرونسكىيغا قاراپ كۈلگەن بولسىمۇ، ۋرونسكىي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ۋرونسكىي ماخوتىننى بۇرۇندىن ياخشى كۆرمەيتتى، ھازىرمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك رەقىبى قاتارىدا كۆرۈۋاتاتتى. ماخوتىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك چېپىپ ئۆتۈپ ئېتىنى ئۈركۈتۈۋەتكەندى، ئۇنىڭغا تېخىمۇ غەزىپى كەلدى. فرۇ ـ فرۇ بىردىنلا چېپىشقا ئۇرۇنۇپ، تارتىپ تۇرغان تىزگىننى بوشىتىشقا تىرىشقاندەك بويىنىنى ئىككى يانغا كۈچلۈك چايقاپ، قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىپ، ئۇستىدىكى ئادەمنى لىككاڭلىتىپ سىلكىشتۈرۈشكە باشلىدى. كوردنىڭ پەركايى ئۇچۇپ، شۇئان ۋرونسكىينىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

# 25

بۇ قېتىمقى بەيگىگە ئون يەتتە نەپەر ئوفىتسېر قاتناشتى. بەيگە شىپاڭلارنىڭ ئالدىدىكى تۆت چاقىرىملىق ئېللىپس شەكىللىك چوڭ بەيگە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. مەيدانغا توققۇز توسۇق قۇرۇلغان، ئۇلار دەريا، شىپاڭنىڭ ئالدىغىلا قۇرۇلغان تۆت گەز ئېگىزلىكتىكى بىر مۇستەھكەم توسۇق، بىر قۇرۇق ئۆستەڭ، بىر سۇيى بار ئۆستەڭ، بىر قىيا، بىر «ئىرېلاندىيە توسمىسى» (بۇ ئاتلاپ ئۆتۈش ئەڭ قىيىن بولغان توسالغۇلارنىڭ بىرى. شاخ - شۇمبىلاردىن ياسالغان توسما، توسمىنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنە ئاتنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان سۇيى بار بىر ئېرىق بار. شۇڭا، بۇ يەردىن ئۆتكەندە بىر - بىرىگە ئۇلاش ئىككى توسالغۇدىن ئۆتۈش كېرەك، ئۆتەلمەي قالسا ھاياتقا خەۋپ يېتىدۇ)، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سۇيى بار ئىككى ئۆستەڭ، سۇيى يوق بىر ئۆستەڭ بار ئىدى، بەيگىنىڭ ئاخىرقى پەللىسى شىپاڭنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. بەيگە مەيدانىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، مەيدانغا ئىككى يۈز مېتىر كېلىدىغان يەردىن باشلىناتتى. بىرىنچى توسالغۇ مۇشۇ ئارىلىقتا بولۇپ، توسمىسى بار ئالتە گەز كەڭلىكتىكى بىر ئۆستەڭ ئىدى، بەيگىچىلەر ئۇ يەردىن كېچىپ ياكى سەكرەپ ئاسانلا ئۆتۈپ كېتەلەيتتى.

بەيگىچىلەر ئۈچ قېتىم قاتار تىزىلىپ چېپىشىپ باقتى، لېكىن ھەر قېتىمدا بىرەر - ئىككىسىنىڭ ئېتى ئالدىدا چېپىپ كېتىپ يەنە باشقىدىن تىزىلىشقا توغرا كەلدى. تەجرىبىلىك رېپىرى پولكوۋنىك سېستىرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، تۆتىنچى قېتىم تىزىلدۇرۇپ: «چېپىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغاندا، ئاندىن قائىدىلىك بولدى.

بەيگىچىلەر توپى قاتار تىزىلىپ تۇرغاندا، ھەممە كۆزلەر، ھەممە دۇربۇنلار ھەر خىل كىيىنگەن ئۇ ئادەملەرگە تىكىلىپ تۇراتتى.

ھەممە ئادەمنىڭ قىياسىدىكى بىر مەزگىللىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، تۆت تەرەپتىن: «قويۇۋەتتى ! باشلاندى !» دېيىشكەن چۇقانلار كۆتۈرۈلدى.

تاماشىبىنلار بەيگىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن، بەزىلىرى تۆت ـ بەشتىن بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزلىرى يالغۇز ئۇياق ـ بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى. بەيگىچىلەر توپى ھە دېگەندىلا سوزۇلۇشقا باشلاپ، ئىككىلەپ، ئۈچلەپ، بىرلەپ دېگەندەك دەرياغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. تاماشىچىلارغا ئۇلار خۇددى بىر توپ بولۇپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بەيگىچىلەر ئۈچۈن بىرنەچچە سېكۇنتلۇق پەرقنىڭمۇ ئەھمىيىتى چوڭ ئىدى.

قېنى ھەددىدىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەن فرۇ ـ فرۇ قوزغالغاندا بىر قەدەم كېچىكىپ قېلىپ، بىرنەچچە ئاتنىڭ كەينىدە قالغانىدى، ۋرونسكىي تىزگىننى كۈچەپ سىلكىپ بەرگەنىدى، ناھايىتى تېزلا بىرنەچچە ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىلا ئات قالغانىدى. ماخوتىننىڭ ساغرىسىنى تەكشى ئوينىتىپ چېپىپ كېتىۋاتقان جەرەن ئېتى ۋرونسكىينىڭ ئالدىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكىسى نە ئۆلۈك ئەمەس، نە تىرىك ئەمەس كوزوۋلېفنى ئېلىپ چېپىپ كېتىۋاتقان دىئاننا ئىدى.

ۋرونسكىي دەسلەپكى مىنۇتلاردا ئۆزىنىمۇ، ئېتىنىمۇ باشقۇرالماي قالدى، بىرىنچى توسۇق — دەرياغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئېتىنى تېخى تولۇق باشقۇرۇپ بولالمىغانىدى.

گلادىئاتور بىلەن دىئاننا دەرياغا بىللە يېتىپ كېلىپ، بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك لىپ قىلىپ دەريا ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ

نېرىقى قىرغاققا چۈشتى. فرۇ - فرۇمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك يۇگۇرۇپ كېلىپ دەريادىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سەزگەن شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە بىردىنلا ئېتىنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا تېپىرلاپ تۇرغان كوزووۋلېۋ بىلەن دىئانانى كۆرۈپ قالدى (كوزووۋلېۋ ئېتى سەكرىگەندىن كېيىن تىزگىنىنى قويۇۋەتكەنىكەن، ئات ئۇنىڭ بىلەن بىللە موللاق ئېتىپ كېتىپتۇ). ۋرونسكىي بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بەيگىدىن كېيىن بىلدى. ئۇ فرۇ - فرۇنىڭ پۇتلىرى چۈشىدىغان يەرنىڭ دىئانانىڭ پۇتلىرى ياكى بېشى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلغانىدى، ئەمما فرۇ - فرۇ خۇددى يۇقىرىدىن سەكرەپ چۈشۈۋاتقان مۈشۈككە ئوخشاش سەكرەپ ئۆتۈۋاتقاندا پۇتلىرى بىلەن بېلىنى تېخىمۇ ئالدىغا سوزۇپ، دىئانانىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئالدىغا قاراپ داۋاملىق چېپىپ كەتتى.

«ئۇھ، مېنىڭ ئەزىزىم!» دېدى ۋرونسكىي ئىچىدە.

ۋرونسكىي دەريادىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاتنى تولۇق باشقۇرالايدىغان بولۇپ، ماخوتىننىڭ كەينىدىنلا چوڭ توسۇقتىن ئۆتۈپ كەتسەم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يۈز ئەللىك مېتىر ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىمەن ، دەپ نىيەت قىلىپ ماڭدى.

چوڭ توسۇق دەل پادىشاھ شىپاڭنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ماخوتىن «ئالۋاستى» (چوڭ توسۇقنىڭ ئىسمى شۇنداق) غا يېقىن كېلىپ قالغاندا، پادىشاھمۇ، ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ، باشقا بارلىق تاماشىبىنلارمۇ ئۇ ئىككىسىگە تىكىلىپ قېلىشقانىدى. ۋرونسكىي ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى، ئەمما كۆزلىرىگە ئېتىنىڭ قۇلاقلىرى بىلەن بېشىدىن، ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەر يۈزىدىن ۋە ئالدىدا تېز ھەم بىر خىل سۈرئەتتە چېپىپ كېتىۋاتقان گلادىئاتورنىڭ ئاپئاق پۇتلىرى

بىلەن ساغرىسىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى، قۇلاقلىرىغىمۇ ھېچقانداق ئاۋاز كىرمەيتتى. گلادىئاتور ھېچنېمىگە ئىلىنماي، كالتە قۇيرۇقىنى بىرلا سىلكىپ لىككىدە سەكرەپ ئۆتۈپ ۋرونسكىينىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى.

— ياشاپ كەت! — دەپ توۋلاپ كەتتى بىرەيلەن.

دەل شۇ پەيتتە توسالغۇنىڭ تاختايلىرى ۋرونسكىينىڭ كۆز ئالدىدا يالت قىلىپ قالدى، ئاستىدىكى ئېتى چېپىشنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، سوزۇلۇپ كېلىپ توسۇقتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. تاختايلار ئارقىدا قالدى، نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ تاق قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلاندى. ئالدىدا كېتىۋاتقان گلادىئاتورغا قاراپ قىزىپ كەتكەن ئات توسالغۇدىن بالدۇرراق سەكرىۋېتىپ ئارقا پۇتىنى ئۇنىڭغا ئۇرۇۋالغانىكەن. ئەمما، ئاتنىڭ چېپىشى ئۆزگەرمىدى، پەقەت ۋرونسكىينىڭ يۈزىگە پاتقاق چاچراپ كەتتى. ئۇ گلادىئاتور بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىلىقىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يەنە گلادىئاتورنىڭ ساغرىسىنى، كالتە قۇيرۇقىنى ۋە ئۆزىگە يېقىنلا ئارىلىقتا ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان ئاق تۇياقلىرىنى كۆرۈپ كېتىۋاتاتتى.

ۋرونسكىي ماخوتىندىن ئەمدى ئۆزۈپ كېتىمەن، دەپ تۇرغان شۇ دەقىقە ئىچىدە، فرۇ ـ فرۇ خۇددى ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق مەدەت كۈتمەيلا سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئەڭ ئەپلىك تەرەپتىن، يەنى ئارغامچا تارتىلغان تەرەپتىن ماخوتىنغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ماخوتىن بولسا ئارغامچا تارتىلغان ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپنى بەرمەي كېتىۋاتاتتى. ۋرونسكىي چەتتىن ئايلىنىپ ئۆتەيچۇ دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، فرۇ ـ فرۇ قەدىمىنى ئۆزگەرتىپ دەل ۋرونسكىي ئويلىغان تەرەپتىن چەتنەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. فرۇ ـ فرۇنىڭ تەردىن قارىيىشقا باشلىغان يوتىسى گلادىئاتورنىڭ ساغرىسى بىلەن قاتارلىشىپ قېلىپ، ئىككىسى بىر ئاز يەرگىچە يانمۇ يان چېپىشتى. لېكىن، توسۇققا يېقىنلاشقاندا، ۋرونسكىي

كۆپ ئايلىنىپ كەتمەي دەپ ئويلاپ، تىزگىنىنى تارتىپ، يانباغىرنىڭ دەل ئۆزىدە ماخوتىندىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ماخوتىنىنىڭ لاي چاچرىغان يۈز - كۆزىنى چالا - پۇچۇق كۆرۈپ قالدى، ماخوتىن تېخى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆلۈپ قويغاندەكمۇ قىلغانىدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، گلادىئاتورنىڭ بىر خىلدا تاراسلاپ كېلىۋاتقان ئاياغلىرىنىڭ ئاۋازىنى، كۈچلۈك تىنىقلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى.

ۋرونسكىي ئالدىدىكى ئىككى توسۇقتىن —— ئېرىق بىلەن تاختاي توسۇقتىن — ئوڭايلا ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن گلادىئاتورنىڭ تىنىقى بىلەن تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ۋرونسكىي ئاخىر بولماي ئاتقا بىر قامچا سېلىۋىدى، ئۇنى خۇشال قىلىپ، ئاتنىڭ تېزلىكى بىردىنلا ئېشىپ، گلادىئاتورنىڭ تۇياق ئاۋازى بايىقىدەك خېلىلا ئارقىدا قالدى.

ۋرونسكىي بەيگىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئىدى، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇ ئىدى، كوردىنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىمۇ شۇنداق ئىدى. غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئەمدى ئىشەنچىسى كامىل بولۇپ، بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى، بۇ خۇشاللىقى ۋە فرۇ - فرۇغا بولغان ئامراقلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىگە قاراپ باققۇسى كەلدى، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدى، ئۆزىنى تەمكىن، تىنچ تۇتۇشقا تىرىشتى، ئاتنىڭ گلادىئاتورغا ئوخشاش (ئۇ شۇنداق ئويلاپ قالغانىدى) ئاخىرقى كۈچىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قايتا قامچا تەگكۈزمىدى. ئاخىرقى ۋە ئەڭ قىيىن بىر توسالغۇغا يېتىپ كەلگەنىدى، ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلا بولسا چېمپىيون بولاتتى. ئۇ ئەمدى «ئىرلاندىيە توسمىسى»غا قاراپ كېتىۋاتاتتى. فرۇ - فرۇ ئىككىسى ئۇ «توسما»نى يىراقتىن كۆردى. شۇ قىسقا ئارىلىقتا ئۇنىمۇ، ئاتنىمۇ بىردىن شۈبهە باسقاندەك بولدى. ئاتنىڭ

قۇلاقلىرىنىڭ تىكىلىشىپ قالغانلىقىدىن ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ۋرونسكىي قامچىسىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ، يەنە دەررۇلا ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى سېزىپ، ئات قانداق قىلىشنى بىلىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئات تېزلىكىنى ئاشۇرۇپ، ۋرونسكىي ئارزۇ قىلغاندەك، يەردىن لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ سىلىق ئۇچۇپ، سالماق كۈچ بىلەن ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە بېرىپ چۈشتى، ئاندىن يەنە ھېچقانچە كۈچىمەيلا بايىقى سۈرئىتى، بايىقى قەدەملىرى بىلەن داۋاملىق چېپىپ كەتتى.

— يارايسەن، ۋرونسكىي! — ۋرونسكىي كىشىلەرنىڭ تەنتەنىلىرىنى ئوچۇق ئاڭلىدى، ئۇلار توسۇقنىڭ يان تەرىپىدە تۇرغان پولكتىكى سەپداشلىرى بىلەن يولداشلىرى ئىدى، ياشۋىننىڭ ئاۋازى بەكرەك چىڭ ئىدى، ۋرونسكىي ئۇنى كۆرمىدى.

«ئاھ، ئەزىزىم! — ئۇ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئاۋازغا قۇلاق سالغاچ فرۇ - فرۇنى ئويلاپ قالدى، — ئۇمۇ توسۇقتىن سەكرەپ ئۆتتى!» دەپ ئويلىدى ئۇ كەينىدىن كېلىۋاتقان گلادىئاتورنىڭ تۇياقلىرىنىڭ گۈرسۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ. كەڭلىكى تۆت گەز كېلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۆستەڭ قالغانىدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭغا قارىماي، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى چېپىشقا قاراپ بىر تارتىپ، بىر قويۇپ بېرىپ، ئۆزىمۇ ئاتنىڭ چېپىشى بىلەن تەڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئاتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا بىلىنىپ تۇراتتى؛ بوينىلا ئەمەس، يوتىلىرىمۇ، يالىلىرىمۇ، باش - كۆز، قۇلاقلىرىمۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن، تىنىقلىرىمۇ قىسقا ھەم جىددىيلىشىشكە باشلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يۈز ئەللىك مېتىر ئارىلىقتا چېپىپ بارالايدىغان كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ۋرونسكىي ئاتنىڭ تېزلىكى ئېشىپ، ھەرىكىتى

چاققانلاشقانسېرى ئۆزىنى يەرگە چاپلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى، مۇشۇنىڭغا قاراپ ئاتنىڭ سۈرئىتىنى قانچىلىك ئىتتىكلەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئات ئۆستەڭنى پەسەنتىگە ئالمىغاندەك قۇشتەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا ۋرونسكىينىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئاتنىڭ رىتىمىغا ماسلىشالماي قالغىنىنى سېزىپ، نېمە بولغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، ئېگەرگە لوككىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە شۇ ھەرىكىتى بىلەن كەچۈرگۈسىز چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۇ ئات ئۈستىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگەرگىنى بىلەن ئەڭ قورقۇنچلۇق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى شۇ بىر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىلىپ بولغانىدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئاق تۇياقلىق جەرەن ئاتنىڭ يېنىدىن قۇيۇندەك چېپىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ماخوتىن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ۋرونسكىينىڭ بىر پۇتى يەرگە تەگكەن شۇ مىنۇت ئىچىدە ئاتمۇ ئۇنىڭ پۇتى ئۈستىگە يىقىلدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ پۇتىنى چاققانلىق بىلەن تارتىۋالدى، ئارقىدىنلا ئات يىقىلىپ يەردە سۇنايلىنىپ ياتتى ۋە قاتتىق ئازابلىنىۋاتقاندەك تىنىقى ئىتتىكلەشكە باشلىدى. ئات تەر قۇيۇلۇپ تۇرغان بويىنىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن قوپۇپ كېتىشكە تىرىشاتتى، لېكىن قوپالمايتتى، خۇددى ئوق تەگكەن قۇشتەك ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا تىنىمسىز تېپىرلايتتى. ۋرونسكىينىڭ قاملاشمىغان بىر ھەرىكىتى بىلەن ئاتنىڭ بېلى سۇنۇپ كەتكەنىدى، بۇنى ئۇ خېلى كۇنلەردىن كېيىن بىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خېلىلا ئىلگىرىلەپ كەتكەن ماخوتىندا ئىدى، ئۆزى مىدىر قىلماي، پاتقاقلىق يەردە ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك سەنتۈرۈلۈپ تۇراتتى، فرۇ ـ فرۇ ئازاب بىلەن ئېغىر تىنىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بويىنىنى سىڭارىيان قىلىپ، چىرايلىق بىر كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ياتاتتى. ۋرونسكىي تېخىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي،

بىر قولىدا تىزگىن، جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئات تېخىچە خۇددى سۇدىن يېڭىلا ئايرىلغان بېلىقتا ئوخشاش تېپىرلاپ ياتاتتى، ئېگەرنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان تەرىپى يەرگە سۈركىلىپ تىنماي غىچىرلايتتى. ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى ھەدەپ كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە تىرىشاتتى، لېكىن ئارقا گەۋدىسىنى كۆتۈرۈشكە كۈچى يەتمەي، پۇتون بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، ئالدى گەۋدىسى گۇپ قىلىپ يەرگە يىقىلاتتى. چىرايى تاتىرىپ، ئېچىكى تىترەپ كېتىۋاتقان ۋرونسكىي ئاتنىڭ قورسىقىغا بىرنى تېپىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ھەدەپ تىزگىنىنى تارتاتتى. لېكىن، ئات قىمىر قىلماي، تۇمشۇقىنى پاتقاققا تىقىپ سوزايلىنىپ ياتاتتى، خۇددى گەپ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتقان بىر جۈپ كۆزى خوجايىنىغا تىكىلىپ قالغاندى.

«ۋاي، ۋاي، ۋاي! — ۋرونسكىي ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىۋېلىپ ئىڭراشقا باشلىدى، — مەن نېمە قىلدىم؟ — ۋارقىراپ كەتتى ئۇ، — بەيگىدىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتىم، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم! يۈزۈم چۈشتى! چىرايلىق ئېتىمنى ئۆزۈم ۋەيران قىلدىم! ۋاي خۇدايىم، مەن نېمە ئىش قىلدىم!»

تاماشىبىنلار بىلەن دوختۇر ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى، پولكتىكى ئوفىتسېرلار يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ ھېچقانداق يېرى يارىلانمىغان، ئەمما كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىدى. ئاتنىڭ بېلى سۇنغان بولغاچقا، ئېتىۋېتىش قارار قىلىندى. ۋرونسكىي ھېچقانداق سوئالغا جاۋاب بەرمەيتتى، ھېچكىمگىمۇ گەپ قىلمايتتى. يەرگە چۈشۈپ كەتكەن شەپكىسىنىمۇ ئالماي، كەينىگە بۇرۇلۇپلا بەيگە مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى. نەگە بېرىشىنى بىلمەيتتى، ئۆزىنى ئىنتايىن بەختسىز سېزەتتى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئەڭ ئازابلىق، ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان بەختسىزلىك ئىدى.

ياشۇن ئۇنىڭ شەپكىسىنى ئېلىپ كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ ياتقىغا ئاپىرىپ قويدى. ۋرونسكىي يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئېسىگە كەلدى. ئەمما، بۇ قېتىمقى بەيگىدە يۈز بەرگەن بۇ ھادىسە ئۇنى بىر ئۆمۈر قىيىنايدىغان ئەڭ ئازابلىق، ئەڭ قايغۇلۇق ئەسلىمىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەھكەم ئورناپ كەتتى.

# 26

كارېنىنىنىڭ خوتۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سىرتتىن قارىغاندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوقتەك ئىدى. بىرلا ئۆزگىرىش، ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. يىلدىكىگە ئوخشاش، باھار كېلىشى بىلەن تەڭ چەت ئەلگە ئارشاڭغا چۈشكىلى بېرىپ، يىلمۇيىل ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان قىشلىق خىزمەتلەر تۈپەيلىدىن، يامانلىشىۋاتقان سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 7 ـ ئاي كىرگەندە قايتىپ كېلىپ تېخىمۇ بېرىلىپ ئىشلەپ كېتەتتى. خوتۇنى يىلدىكىدەك تومۇزدا داچىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۆزى پېتېربۇرگدا قالاتتى.

ئۇلار كىنەز بېتسى خانىمنىڭ ئۆيىدىكى ئاشۇ كەچلىك ئولتۇرۇشتىن كېيىن بىر قېتىم پاراڭلاشقاندىن بېرى كارېنىن ئانناغا ئۆزىنىڭ گۇمان ۋە رەشكلىرى توغرۇلۇق زادىلا گەپ قىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ باشقىلارنى دوراپ سۆزلەيدىغان تەلەپپۇزى ئەمدى ھازىر ئانناغا بولغان مۇناسىۋىتىگە تازا باب كېلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان مۇئامىلىسى ئىلگىرىكىدىن خېلىلا سوغۇق ئىدى، ئاشۇ كۈنى ئانناننىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى خالاپ كەتمىگەنلىكى كۆڭلىگە كەلگەندەك، ئۇنىڭدىن ئازراق رازى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ قالسىلا ئازراق ئاچچىق ئارىلاشتۇرۇپ گەپ قىلاتتى. «سەن

كۆڭلۈڭدىكىنى ماڭا ئېيتمايۋاتىسەن، — دېگەندەك قىلاتتى ئۇ ئىچىدە خوتۇنىغا، — بۇ ئۆزۈڭگە زىيان. ئەمدى سەن ماڭا يالۋۇرساڭمۇ، مەنمۇ ساڭا ئىچىمدىكىنى دېمەيمەن، بۇنىڭ زىيىنىنى شۇ چاغدا بىلىسەن! — ئۇ كۆڭلىدە بىر ئادەم ئۆيىگە ئوت كەتسە ئوتنى ئۆزى يالغۇز ئۆچۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، يەنە، — قېنى، كۆيۈپ باق! ئۇزۇل - كېسىل كۆيۈپ كەتمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي!» دېدى ئۆزىگە ئۆزى.

ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئىشلەيدىغان قابىلىيەتلىك بىر ئادەمنىڭ خوتۇنىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەسلىكى تولىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن يامان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئائىلىگە بولغان مۇھەببىتىنى تېشىغا چىقارماي ئىچىگە سولاپ يۇرگەنلىكىدىن ئىدى. ئەسلىدە ئۇ ئىشلارغا ئىنچىكە قارايدىغان ئاتا ئىدى، بۇ يىل قىشنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا ئوغلىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەتتا ئوغلىغىمۇ خوتۇنىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان، گەپ قىلغاندا مەسخىرە ئارىلاش: «ھەي، يىگىت!» دەيدىغان بولۇۋالدى.

كارىنىن كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالسىلا، بۇ يىل خىزمەتلىرىم تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، دەپ قوياتتى. لېكىن، بۇ يىل ئۆزىگە ئۆزى نۇرغۇن ئىشلارنى مەجبۇرىي ئارتىۋالغانلىقىنى، بۇنى خوتۇنى بىلەن ئائىلىسىگە بولغان ھېسسىياتىنى ئۇلارغا كۆرسەتمەسلىكىنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى قىلىۋالغانلىقىنى ئويلاپ باقمايتتى، بۇنداق ھالەت داۋاملىشىۋەرسە تېخىمۇ يامان بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئەگەر بىرەرى كارىنىندىن خوتۇنىنىڭ ھازىرقى ئىشلىرىغا قانداق قاراشتا بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپ قالسا، ئاق كۆڭۈل، ياۋاش بۇ ئادەم ھېچنېمە دەپ جاۋاب بېرەلمەسلىكى، ھەتتا سوئال سورىغان ئۇ ئادەمگە قاتتىق ئاچچىقلىنىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، بىرەر ئادەم ئۇنىڭدىن خوتۇنى توغرۇلۇق سوراپ قالسا،

ئۇنىڭ چىرايىدا مەغرۇر ۋە جىددىي بىر ھالەت پەيدا بولاتتى. كارېنىن خوتۇنىنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ھېسسىياتى توغرۇلۇق ئويلاشنى زادىلا خالىمايتتى ھەم بۇرۇنمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى.

كارېنىننىڭ خۇسۇسىي داچىسى پېتېرگوفتا ئىدى. گراف لىدىيە خانىم ھەر يىلى يازدا شۇ يەرگە بېرىپ ئانناغا قوشنا داچىدا تۇرۇپ كېلەتتى، ئىككىسى چىقىش - كىرىش قىلىپ تۇراتتى. بۇ يىل ئۇ پېتېرگوفتا بولمىدى، بېرىپ قالسىمۇ ئاننانىڭ ئۆيىگە كىرىپ باقمىدى، يەنە تېخى كارېنىنغا ئاننانى كىنەز بېتسى خانىمغا يېقىنلاشتۇرماسلىق توغرۇلۇق بېشارەتمۇ بېرىپ قويدى. لېكىن، كارېنىن خوتۇنىدىن گۇمان قىلمايدىغانلىقىنى دەپ، ئۇنى خوتۇنى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقۇزمىغان، شۇنىڭدىن بېرى گراف لىدىيە خانىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنىدى. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خوتۇنىغا باشقىچە قاراپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى ھەم كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە خوتۇنىنىڭ نېمە ئۈچۈن بېتسىنىڭ تۇرار جايى بىلەن ۋرونسكىينىڭ گازارمىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان پادىشاھ كەنتىگە كۆچۈپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلىشنىمۇ خالىمايتتى ھەم بىلمەيتتى، بۇ توغرۇلۇق ئويلاشقا ئۆزىنى مەجبۇرلىمايتتى ھەم مەجبۇرلاپمۇ باقمىغانىدى. ئەمما، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ــــ گەرچە ئۆزى ئېقرار قىلمىسىمۇ ۋە ھېچقانداق ئىسپاتى ھەم گۇمانى بولمىسىمۇ ــــ ئۆزىنىڭ يۈمشاق باشلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇراتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى بەكمۇ بەختسىز ھېس قىلاتتى.

خوتۇنى بىلەن بەختلىك ئۆتكەن سەككىز يىل ئىچىدە ئۇ باشقىلارنىڭ ۋاپاسىز خوتۇنلىرىغا، ئالدانغان ئەرلەرگە قاراپ: «قانداق چىداپ ئۆتۈۋاتقاندۇ؟ بۇ نومۇسلۇق ئەھۋالنى نېمىشقا بىر تەرەپ قىلىشمايدىغاندۇ؟» دەپ، ئۆزىگە ئۆزى تالاي قېتىم دېگەنىدى. ئەمدى ھازىر بۇ پالاكەت ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، بۇ

ئەھۋالنى قانداق ھەل قىلىشنى ئويلاش بوياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنى بىلگۈسىمۇ كەلمەيۋاتاتتى، چۈنكى بۇ پاكىت تولىمۇ قورقۇنچلۇق، تولىمۇ يۈز كېتىدىغان پاكىت ئىدى.

كارېنىن چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داچىغا ئىككى قېتىم كېلىپ، بىر قېتىمدا چۈشلۈك تاماق يەپ كەتتى، يەنە بىر قېتىمدا مېھمانلار بىلەن بىللە گۈگۈم مەھەلىنى تاماشا قىلىپ بولۇپ قايتتى، ئۇزاق يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادىتى بويىچە بىر قېتىممۇ قونۇپ باقمىدى.

بەيگە بولغان كۈنى كارېنىن ئىنتايىن ئالدىراش ئىدى. شۇنداقتىمۇ، شۇ بىر كۈنلۈك ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا داچىغا خوتۇنىنى كۆرگىلى بارماقچى، ئاندىن خوتۇنىنى ئېلىپ شۇ يەردىن ئۇدۇل بەيگە مەيدانىغا كەتمەكچى بولدى. ئوردىدىكى ھەربىي، مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بەيگە كۆرگىلى باراتتى، شۇڭا ئۇمۇ چوقۇم بېرىشى كېرەك ئىدى. خوتۇنىنىڭ يېنىغا ئەدەپ يۈزىدىن ھەپتىدە بىر قېتىم بېرىپ تۇرۇشنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ئايغا ئون بەش بولۇپ، تۇرمۇش پۇلىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان كۈن بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ بۈگۈن داچىغا بارمىسا بولمايتتى.

ئۇ ھەرقانداق چاغدا ئۆزىنىڭ گەپ ـ سۆز، ئوي ـ خىياللىرىنى كونترول قىلالايدىغان تۈغما قابىلىيىتى بويىچە خوتۇنىنىڭ تۇرمۇش پۇلىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن باشقا ھېچقانداق ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلانماسلىق قارارىغا كېلىپ قويغانىدى.

كارېنىن بۈگۈن ئەتىگەن ناھايىتى ئالدىراش ئۆتتى. گراف لىدىيە خانىم جۇڭگوغا بېرىپ كەلگەن پېتېربۇرگلۇق مەشھۇر بىر ساياھەتچى يازغان بىر كىتابنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان ھەم شۇ ساياھەتچىنى قوبۇل قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ ئىككىلىك خەتمۇ يازغان، خېتىدە، ھەر جەھەتتىن قارىغاندىمۇ،

ئۇ ئادەم تولىمۇ قىزىقارلىق ھەم كېرەكلىك ئادەم، دەپ ئەسكەرتىپمۇ قويغانىدى. كارېنىن ئاخشام ئۇ كىتابنى ئوقۇپ بولالماي، قالغىنىنى بوگۇن ئەتىگەن ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئەرز ـ دادلىرىنى ئېيتقۇچىلار كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كارېنىنىنىڭ كۇندىلىك ئىشلار دەپ ئاتايدىغان دوكلات ئاڭلاش، قوبۇل قىلىش، خىزمەتكە تەيىنلەش، خىزمەتتىن قالدۇرۇش، مۇكاپات، پېنسىيە پۇللىرى، ئىش ھەققى، ئۇياق ـ بۇياققا خەت ـ ئالاقىلەرنى يېزىش دېگەندەك توگىمەس ئىشلىرى باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئالدى. ئۇ ئىشلاردىن كېيىن خۇسۇسىي ئىشلىرى باشلىنىپ، دوختۇر بىلەن ئىش باشقۇرغۇچى كىرىپ كەلدى. ئىش باشقۇرغۇچى كۆپ ۋاقتىنى ئالمىدى، ئۇنىڭغا لازىملىق پۇلنىلا بەردى، ئىقتىساد ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىپ، بۇ يىل ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، سىرتقا چىقىشلار كۆپ بولۇپ كەتكەچكە، خىراجەتنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، كىرىمنىڭ چىقىمنى قاپلىيالمايۋاتقانلىقىنى دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. لېكىن، كارېنىنىنىڭ كونا ئۇلپىتى، پېتېربۇرگلىق مەشھۇر دوختۇر ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئېلىپ كەتتى. كارېنىن ئۇنى بوگۇن كېلىپ قالار دەپ ئويلىمىغاچقا، ئۇنىڭ بىردىنلا كىرىپ كەلگىنىگە ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ناھايىتى تەپسىلىي سورۇشتۇرۇپ، كۆكرىكىنى تىڭشاپ، قولى بىلەن توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ، جىگىرىنى سىلاپ، بېسىپ كۆرۇۋاتقىنىغا تېخىمۇ ھەيران بولدى. كارېنىن دوستى لىدىيەنىڭ ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ، دوختۇرغا، بېرىپ ئۇياقنى بىر تەكشۇرۇپ باقسىڭىز، دېگەنلىكىنى بىلمەيتتى. لىدىيە دوختۇرغا: «ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىز بولسۇن، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ياخشىراق تەكشۇرۇپ بېقىڭ !» دېگەنىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى رۇسىيە

ئۇچۇن تەكشۈرۈپ چىقىمەن، گىراف خانىم، — دەپ جاۋاب بەرگەندى دوختۇر.

— ئۇ بىر باھاسىز ئادەم! — دېگەندى گراف لىدىيە خانىم.

دوختۇر كارېنىنىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدىن تازا رازى بولمىدى. ئۇنىڭ جىگىرى يوغىناپ قاپتۇ، ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدىكەن، ئارىشاڭغا چۈشۈپ داۋالىنىشلارنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭغا جىسمانىي ھەرىكەتلەرنى كۆپ قىلىپ بېرىش، روھىي جەھەتتە جىددىيلەشمەسلىك، خاپا بولىدىغان ئىشلارنى ئويلىماسلىق توغرىسىدا بىرمۇنچە مەسلىھەتلەرنى بەردى. ئۇنىڭ بەرگەن مەسلىھەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەم نەپەس ئالمىسا بولمىغانغا ئوخشاش ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلار ئىدى. دوختۇر ئۇنىڭ كۆڭلىگە، ساقايتقىلى بولمايدىغان يامان كېسەلگە دۇچار بولغان ئوخشايمەن، دەيدىغان كۆڭۈلسىز بىر خىيالنى سېلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

دوختۇر كارېنىنىنىڭ قېشىدىن چىقىۋېتىپ، پەلەمپەيدە ئۇنىڭ يېقىن دوستى سلىيۇدىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سلىيۇدىن كارېنىنىنىڭ كاتىپى، دوختۇرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ساۋاقدىشى ئىدى. دوختۇر ئىككىسى ناھايىتى ئاز ئۇچراشسىمۇ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشىدىغان ياخشى دوستلاردىن ئىدى. شۇڭا، دوختۇر كارېنىنىنىڭ كېسىلىگە بولغان قاراشلىرىنى ئۇنىڭغا ئوچۇق دېدى، باشقا ئادەم بولغان بولسا ھەرگىز دېمىگەن بولاتتى.

— ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ ياخشى قىپسىز، مەن بەك خۇشال بولدۇم، — دېدى سلىيۇدىن، — ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس. مېنىڭچە ... ھىم، ئەھۋالى قانداقراق؟

— سىزگە دېسەم، — دېدى دوختۇر سلىيۇدىنغا گەپ قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن قولىنى ئاشۇرۇپ

ھارۋىكەشكە ھارۋىنى ئېلىپ كەل، دەپ شەرەت قىلىپ تۇرۇپ، — مۇنداق گەپ، — دوختۇر ئاپئاق قولى بىلەن پەلەينىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان بىر بارمىقىنى تېشىغا تارتىپ تۈزلەپ قويدى، — بىر تال سىمنى كۈچ بىلەن تارتىپ ئۈزۈۋەتمەك ناھايىتى قىيىن، ئەمما تارتىپ چېكىگە يەتكەندە بارمىقىڭىز بىلەن بىرنى چېكىپ قويسىڭىزلا ئۈزۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ھايات سىمىنى تارتىپ چېكىگە يەتكۈزۈپ قويغان، ئۇنىڭدىن باشقا بېسىممۇ بار، يەنە كېلىپ بۇ بېسىم ئىنتايىن ئېغىر، — دوختۇر گېپىنى خۇلاسىلەپ، قاشلىرىنى مەنىلىك كۆتۈرۈپ قويدى، — بەيگىگە بارامسىز؟ — دوختۇر پەلەمپەيدىن چۈشۈپ پەيتون تەرەپكە كېتىۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — شۇنداق، شۇنداق، بۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدى دوختۇر سىلىۋۇدىنىڭ دېگەن بىر ئېغىز گېپىنى تولۇق ئاڭلىماي قارىسىغىلا جاۋاب بېرىپ.

كارېنىنىڭ شۇنچە كۆپ ۋاقتىنى ئالغان دوختۇر كەتكەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا مەشھۇر ساياھەتچى يېتىپ كەلدى، كارېنىن ئۇ ئادەمنىڭ يازغان كىتابىنى ئوقۇپ چىقىپ بۇ جەھەتتىكى بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە ناھايىتى ياخشى سۆھبەتتە بولدى. ساياھەتچى ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە مەسىلىلەرگە قاراشلىرىنىڭ ئەتراپلىقلىقىغا ھەيران قالدى.

پېتېربۇرگقا بىر ئىش بىلەن كەلگەن ئۆلكە باشلىقىمۇ ساياھەتچى بىلەن تەڭ كەلگەنىدى، كارېنىن ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم سۆزلىشىشى كېرەك ئىدى. ئۆلكە باشلىقى كەتكەندىن كېيىن، كارېنىن كاتىپى بىلەن قالغان ئىشلارنى تۈگىتىپ، مۇقىم بىر ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەت قىلغىلى يەنە بىر كاتتا ئەربابنىڭ ئالدىغا كەتتى. ئۇ يەردىن سائەت بەشتە يەيدىغان تاماققا ئۈلگۈرۈپ

قايتىپ كەلدى. كاتىپ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى داچىغا، ئۇ يەردىن بەيگىگە بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى.

كارېنىن ھازىر ئۆزى ئىقرار قىلمىسىمۇ، ئەمما خوتۇنى بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇچىنچى بىر ئادەمنىڭ بىللە بولۇشىنى خالايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

# 27

ئاننا ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ ئەينەكى ئالدىدا ئاننۇشكانىڭ ياردىمى بىلەن كۆڭلىكىگە ئاخىرقى بانتىكىنى تاقاۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت دەرۋازىنىڭ ئالدىدا پەيتۇننىڭ ئېغىر چاقىنىڭ يەردىكى تاشلارنى شىرىقلىتىپ باسقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئاننا: «بېتسىنىڭ كېلىشىگە خېلى بار ئىدىغۇ!» دەپ ئويلاپ، دېرىزىدىن پەسكە قاراپ بىر پەيتۇننى، پەيتۇندىن چىقىۋاتقان قارا شىلەپىنى، شىلەپىنىڭ ئاستىدىكى ئۆزىگە تونۇشلۇق يوغان قۇلاقلارنى كۆردى. «ۋاي خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش! قونغىلى كەلگەنمىدۇ؟» ئاننا شۇئان بۇ ئىشنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قىلچە ئىككىلەنمەي، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ خۇشال ھالدا پەسكە چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە كۆڭلىدە يالغان ئېيتىش، ئالداش روھىيتىنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ئۆزىمۇ ھەيران قېلىۋاتقان گەپلەرنى قىلىپ كەتتى.

— ۋاي، كەلگىنىڭ بەك ياخشى بولدى! — دېدى ئۇ ئېرىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ. ئۇ يەنە سلىيۇدىنىدىنمۇ خۇددى يېقىن كىشىسىدەك ئەھۋال سوراپ كەتتى، — بۈگۈن قونغىلى

كەلگەنسەن ھەرقاچان، — بۇ ئۇنىڭ ئالداش ھۈنىرىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بەرگەن بىرىنچى يالغان سۆزى بولدى، — ھەممىمىز بىللە بارىدىغان بولدۇق. ئەپسۇس، بېتسى بىلەن دېيىشىپ قويۇپتىكەنمەن، ئۇ ھازىرلا كېلىپ مېنى پەيتۇنى بىلەن ئېلىپ ماڭماقچى ئىدى.

بېتسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ كارېنىنىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

— ھوي، ئۇنداق بولسا سىلەر بىر جۈپ قوشماقلارنى ئايرىۋەتكۈدەكمەن - دە، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزى بىلەن، — بوپتۇ، مەن مىخايىل ۋاسىلىيېۋىچ بىلەن بىللە ماڭاي. دوختۇرمۇ ماڭا كۆپرەك يول مېڭىپ بېرىڭ، دېگەن. ئۆزۈمنى ئارىشاڭدا مېڭىپ يۈرگەندەك ئويلاپ پىيادە باراي.

— ئالدىراپمۇ كەتمە، — دېدى ئاننا، — چاي ئىچىپ ماڭماسسىلەر؟ — ئاننا شۇئان قوڭغۇراق بەردى.

— چاي كەلتۈرۈڭلار ! يەنە بىر گەپ، سېرىيوژاغا ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ كەلدى، دەپ قويۇڭلار ! ... خوش، ساقلىقىڭىز قانداق؟ مىخايىل ۋاسىلىيېۋىچ، سىز بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان، قاراڭ، بالكونىمىز قانداق ياخشى - ھە ! — ئاننا بىرلا ۋاقىتتا ئۇ ئىككىسىگە تەڭ گەپ قىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاننا ئاددىي ۋە تەبىئىي گەپ قىلاتتى، ئەمما گەپلىرى كۆپ ھەم بەكمۇ تېز ئىدى، بۇنى ئۆزىمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مىخايىل ۋاسىلىيېۋىچنىڭ ئۆزىگە دەممۇدەم قاراپ قويۇشلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلىۋاتاتتى.

مىخايىل ۋاسىلىيېۋىچ شۇ ھامان بالكونغا چىقتى.

ئاننا ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— چىرايىڭ ئانچە ياخشى ئەمەس ! — دېدى ئۇ.

— شۇنداق، — دېدى كارېنىن، — بۈگۈن دوختۇر كېلىپ

تـوپتـوغـرا بـىر سـائـەت ۋاقـتـىمـنـى ئالـدى. ئۇنـى مـېـنـىـڭ سـالامـەتلـىـكـىمـنـى تولـىمـۇ مۇهـىم بـىلـىدىـغان هـېلـىقى دوستـۇم ئەۋەتكەن بولسا كېرەك...

— خوش، دوختۇر نېمە دېدى؟

ئاننا ئۇنـىڭ سالامـەتـلىك ئەهـۋالـىنى سـورۇشتۇرۇپ بولـۇپ، ياخشـى ئارام ئال، مـېـنـىڭ قـېـشـىـمـغـا كـېلـىـپ تۇر، دېگـەنـدەك گەپلەرنى قىلدى.

ئۇ بۇ گـەپلەرنى تولىمۇ قىزغىن، ئىتتىك - ئىـتتىك دېـدى، كـۆزلـىرىدە باشقىچىلا بىر خـىل نۇر چاقـناپ تۇراتتـى. كـارېنـىـن ئۇنىڭ بۇ هالـەتلـىرىگە دىققەت قـىلـمىدى، گـەپلـىرىـنـىڭ پەقـەت ئەسلـي مەنىسىگىلا قۇلاق سېلىپ ئولتـۇردى، جاۋابلـىـرىمۇ يەنـە شۇنـداق مەسخـىـرە تەلەپپـۇزىدىراق بولـىـسىمۇ، ئـاددىيلا بـولـدى. ئىككىسىنىڭ پـارىڭىدا بـاشتىن - ئـاخىرغىچە هېچقانداق بىـر ئالاهـىدىلىك بولمىدى. لېكىن، ئاننا كـېيىن شۇ قېتىمقى قىسقا كۆرۈشۈشنى ئېسىگە ئالسىلا نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

سېريوژانى ئايال ئوقۇتقۇچىسى باشلاپ كىردى.

— هە، يىگىت ! بويۇڭ ئۆسۈپـتۇمۇ نېـمە؟ راستـىـنلا چوڭـلا يىگىت بولۇپ كېتىپسەن. ياخشىمۇ سەن، يىگىت !

كارېنـىن قورقۇپ كېتىۋاتقان سېريوژاغا قولىنى ئۇزاتتى.

سېريوژا بۇرۇن دادىسىنى كۆرسە قورقـاتتى، كـېـيـىن دادىسـى ئۆزىنى «يىگىت» دەپ چاقىرىدىغان، ۋرونسكىينىڭ دوستى ياكـى دۈشمـىنى ئىكەنلىكىنى بىلـەلمەي گاڭگىراپ يۈرىـدىغان بولـۇپ قالغـاندىن كـېـيـىن دادىـسـىدىن ئـۆزىـنى قاچـۇرىـدىغان بـولـۇپ قالغانىدى. ئۇ خۇددى ئۆزىگە هىمات ئىزدىگەندەك ئاپىسىغا قاراپ قويدى. پەقەت ئاپىسى بىلـەن بىللە بولسىلا ئۇنـىڭ كۆڭلى خـۇش بولاتتى. شۇ ئارىدا كـارېنـىن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىغا گـەپ قىلغـاچ سېريوژانىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويغانىدى، سېريوژا قورۇنـۇپ،

ھەتتا يىغلىۋېتەي دەپ قالدى، بۇنى ئاننا سەزدى.

ئوغلى ئۆيگە كىرگەن چاغدىلا ئاننا قىزىرىپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ قورقۇپ، قورۇنۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كارېنىننىڭ ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى قولىنى ئېلىۋېتىپ ئوغلىنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن بالكونغا ئاچىقىپ قويۇپ يەنە دەررۇلا قايتىپ كىردى.

ــ ۋاقىتمۇ بولۇپ قاپتۇ، ــ دېدى ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ــ بېتسى نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ ...

ــ شۇ ئەمەسمۇ، ــ دېدى كارېنىن ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە ئادىتى بويىچە بارماقلىرىنى كىرىشتۇرۇپ قاس چىقىرىپ قويۇپ، ــ مەن ساڭا يەنە پۇل ئېلىپ كەلدىم، بۇلبۇلمۇ قورسىقىغا بىرنېمە يەپ تۇرمىسا سايرىيالمىغانغا ئوخشاش، ساڭىمۇ پۇل لازىم ـ دە.

ــ ياق، لازىمى يوق ... ھە، لازىم، لازىم! ــ دېدى ئۇ كارېنىنغا تىكىلىپ قارىيالماي قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپ، ــ بەيگىدىن كېيىن بۇ يەرگە كىرىپ ئۆتەرسەن دەيمەن.

ــ ئەلۋەتتە، ــ دېدى كارېنىن جاۋابەن، ــ ھىم، پېتېرگوفنىڭ گۈزىلى گراف بېتسى خانىم كەلدى، ــ دېدى ئۇ دېرىزىدىن ئادەم ئولتۇرىدىغان يېرى ھەيران قالغۇدەك ئېگىز، ئاتلارنىڭ ھەممە جابدۇقلىرى خۇرۇمدىن قىلىنغان ئاجايىپ نەپىس ئىنگلىز پەيتونىنى كۆرۈپ، ــ نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك! نېمىدېگەن چىرايلىق! قېنى ئەمىسە، بىزمۇ ماڭايلى.

گراف بېتسى خانىم پەيتوندىن چۈشمىدى، پۇتىغا قىسقا قونچلۇق ئۆتۈك، بېشىغا قارا شلەپە كىيگەن، ئۇستىگە قىسقا يېپىنچا يېپىنغان چاكىرى چۈشۈپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

ــ مەن كەتتىم، خوش! ــ ئاننا ئوغلىنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن كارېنىنغا قولىنى بەردى، ــ ئالاھىدە كەلگىنىڭ ئۈچۈن

ساڭا كۆپ رەھمەت .

كارېنىن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى.

— بولىدۇ، كۆرۈشكۈچە خوش! قايتقۇچە چاي ئىچىپ كەتسەڭ مېنى تېخىمۇ خۇش قىلىسەن! — دېدى ئاننا ۋە چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ خۇشال چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئېرى كۆزىدىن نېرى بولۇشى بىلەنلا، ئۇنىڭ كالپۇكى تەگكەن قولىغا قاراپ ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كەتتى.

# 28

كارېنىن بەيگە مەيدانىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاننا بېتسى بىلەن بىللە ئېسىلزادىلەر ئولتۇرىدىغان شىپاڭغا كېلىپ جايلىشىپ بولغانىدى. ئاننا ئېرىنى يىراقتىن كۆردى. ئىككى ئادەم — ئېرى بىلەن ئاشىنىسى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىككى مەركەز ئىدى، ھېچقانداق سەزگۈسىزلا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئېرىنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ مېڭىۋاتقانلىقىغا ئىختىيارسىز دىققەت قىلىپ قالدى. ئۇ دەم خۇشامەت قىلىپ باش ئەگكەنلەرگە تەكەببۇرلۇق بىلەن باش لىڭشىتىپ، دەم تەڭتۇشلىرى بىلەن دوستانە سالاملىشىپ، دەم قۇلاقلىرىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان يۇمىلاق شلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئۆزىگە كۆز تاشلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ كېلەتتى. ئاننا ئۇنىڭ ئاشۇنداق ھەر خىل مۇئامىلىلىرىنى ياخشى بىلگەچكە، ئىچىدە ئۇنىڭدىن يىرگىنەتتى. «تۇرغان - پۈتكىنى شۆھرەتپەرەسلىك، يۇقىرىغا يامىشىش، يۈرىكىدە شۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق، — دەپ ئويلىدى ئاننا، — ئىدىيىسى ئىلغار، مەرىپەتپەرۋەر، دىندار

دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ شوتىلىرى، خالاس.»

ئاننا ئۇنىڭ ئاياللار ئولتۇرغان شىپاڭغا قاراپ (ئۇنىڭ كۆزى ئاننا ئولتۇرغان تەرەپتە ئىدى، لېكىن سان ـ ساناقسىز تاۋار ـ دۇردۇنلار، پەرلەر، كۇنلۇكلەر، گۇللەر ئارىسىدىن خوتۇنىنى تاپالمايتتى) ئۆزىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ! — دەپ قىچقاردى ئۇنى گراف بېتسى خانىم، — ئايالىڭىزنى تاپالمايۋاتامسىز نېمە، مانا مەيەردە ئولتۇرىدۇ.

كارېنىن سوغۇق ھىجىيىپ قويدى.


— بۇ يەردىكى ھەشەمەت كۆزلەرنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىكەن، — دېدى ئۇ ئۇلار تەرەپكە كېتىۋېتىپ. ئۇ تېخى يېڭىلا كۆرۈشكەن خوتۇنىنى قايتا كۆرگەن ئەرلەرنىڭ ئادىتى بويىچە خوتۇنىغا قاراپ كۇلۇپ قويۇپ، ئاندىن گراف خانىم بىلەن باشقا تونۇشلىرىغا سالام بېرىپ، ھەممىسىگە ئۆزىگە تېگىشلىك ھۆرمىتىنى بىلدۇرۇپ ئۆتتى: ئاياللارغا چاقچاق قىلىپ قويدى، ئەرلەر بىلەن سالاملىشىپ چىقتى، پەستە، شىپاڭنىڭ يېنىدا كارېنىن ھۆرمىتىنى قىلىدىغان، بىلىملىكلىكى ۋە تەربىيە كۆرگەنلىكى بىلەن نامى چىققان گېنېرال ئاديوتانت تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

ئىككى بەيگە ئوتتۇرىسىدا ئازراق دەم ئېلىش ۋاقتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پارىڭى ھېچقانداق دەخلىگە ئۇچرىمىدى. گېنېرال بەيگىگە قارشى گەپ قىلغانىدى، كارېنىن ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلماي بەيگىنى ئاقلىدى. ئاننا ئۇنىڭ ئىنچىكە، تەكشى ئاھاڭدىكى سۆزلىرىنىڭ بىرىنى قويماي ئاڭلاپ تۇردى، ھەربىر ئېغىز سۆزى ئۇنىڭغا يالغاندەك ئاڭلىنىپ، خۇددى قۇلىقىغا پىلىك تىقىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

توسالغۇلاردىن ئۆتىدىغان تۆت چاقىرىملىق بەيگە باشلانغاندا،

ئاننا ئالدىغا ئېڭىشىپ، ۋرونسكىيغا، ئۇنىڭ ئاتنىڭ قېشىغا قانداق مېڭىپ كەلگەنلىكىگە، ئاتنى قانداق مىنگەنلىكىگە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئېرىنىڭ توختىماي كوتۇلداۋاتقان يېقىمسىز ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ تۇراتتى. ئۇ ۋرونسكىيدىن ئەنسىرەپ بىئارام بولۇۋاتقىنىنى ئاز دەپ، ئېرىنىڭ ئىنچىكە ئاۋازدا سۆزلەۋاتقان، قۇلاقلىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئاھاڭدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى.

«مەن خاراب بولغان، يامان خوتۇنمەن، — دەپ ئويلايتتى ئاننا، — ئەمما، يالغان گەپ قىلىشنى يامان كۆرىمەن، يالغانچىلىقنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. ئۇ (ئېرىنى دېمەكچى) يالغانچىلىق قىلمىسا ياشىيالمايدۇ. يالغانچىلىق ئۇنىڭ ئادىتى، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە يالغانچىلىق قىلىدۇ. ئاشۇنداق كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلغان ئادەمدىمۇ ۋىجدان دېگەن نەرسە بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇ مېنى، ۋرونسكىينى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، مەن ئۇنى ھۆرمەت قىلغان بولاتتىم. لېكىن، ئۇنداق قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا لازىمى يالغانچىلىق، يۈز - ئابرۇي.» ئاننا ئۆزىگە ئۆزى ئاشۇنداق سۆزلەپ ئولتۇردى. ئۇنىڭدا ئېرىگە قارىتا ھېچقانداق تەلەپ يوق ئىدى، ئېرىنى مۇنداق - مۇنداق ئادەم بولسىكەن، دەپ ئۈمىدمۇ قىلمايتتى. ئاننا كارېنىننىڭ شۇ تۇرقىدا ئۆزىنى غەزەپلەندۈرۈۋاتقان ھەددىدىن زىيادە سۆزمەنلىكىنىڭ ئىچكى ۋەھىمە ۋە تەشۋىشلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. خۇددى يىقىلىپ چۈشۈپ بىر يېرىنى زەخىملەندۈرۈۋالغان كىچىك بالا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاغرىقنى بېسىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ، سەكرەپ يۈرگەنگە ئوخشاش، كارېنىنغا خوتۇنى توغرىسىدىكى ئويلىرىنى بېسىش ئۈچۈن ئەقلىي ھەرىكەت لازىم بولۇپ قالغانىدى. ئاننا ياكى ۋرونسكىي بار مەيدانلاردا، ياكى ۋرونسكىينىڭ ئىسمى دائىم تىلغا ئېلىنىپ



تۇرىدىغان سورۇنلاردا بۇ ئوي ـ خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۆلۈپ تۇراتتى. خۇددى سەكرەپ ئويناش كىچىك بالىغا ئادەت بولغاندەك، كارېنىنغىمۇ ئەقىللىق، يېقىملىق گەپلەرنى قىلىش شۇ كۈنلەردە ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

— ھەربىيلەرنىڭ، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بەيگىلىرى خەتەرلىك، — دېدى ئۇ، — ئەمما بۇ بەيگىلەر بولۇپ تۇرمىسىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي تارىخىدا ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ تۆھپىسى ئۇلارنى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇنى ئۇلارنىڭ ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ئات ۋە ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاپ كەلگەنلىكىدىن دېيىشكە بولىدۇ. مېنىڭچە، ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، ئەمما بىز كۆپىنچە چاغلاردا ئەڭ يۈزە قاراپ قالىمىز.

— بۇ ھادىسىلەر يۈزە ھادىسىلەر ئەمەس، — دېدى گراف بېتسى خانىم گەپكە ئارىلىشىپ، — ئاڭلىسام، بىر ئوفىتسېر ئىككى قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋاپتۇغۇ.

كارېنىن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپلا قويدى، باشقا ئىپادىدە بولمىدى.

— گراف خانىم، — دېدى كارېنىن، — بۇنى يۈزە ئەمەس، ئىچكى ھادىسە دەيمۇ قويايلى، ئەمما مەسىلە يەنە ئۇنىڭدىمۇ ئەمەس، — ئۇ بۇرۇلۇپ، بايا ئۆزى بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلاشقان گېنېرالغا يەنە گەپ قىلدى، — شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭكى، بەيگىگە قاتناشقان ھەربىيلەر مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى قىلىدىغانلار. يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ھەرقانداق كەسىپنىڭ يامان تەرىپىمۇ بولىدۇ. بەيگە ئەسلىدە ھەربىيلەرگە خاس پائالىيەت. مۇشتلىشىش بىلەن ئىسپانىيىنىڭ بۇقا بىلەن ئېلىشىشقا ئوخشايدىغان غەيرىي ھەرىكەتلەر بولسا ياۋايىلىقنىڭ ئىپادىلىرى، تەنھەرىكەت بولسا مەدەنىيلىكنىڭ نىشانى.

— قويۇڭ، مەن بەيگىگە ئىككىنچى كەلمەيمەن، ئادەمنى ئۆلگۈدەك جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى گراف بېتسى

خانىم، — سەنچۇ، ئاننا؟

— جىددىيلەشتۈرۈشىغۇ جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ، لېكىن ئادەم يەنىلا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالمايدۇ، — دېدى ئىككىنچى بىر ئايال، — ئەگەر مەن رىملىق ئايال بولغان بولسام، بىرمۇ مۇشتلىشىشنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي كۆرگەن بولاتتىم.

ئاننا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، قولىدىكى دۇربۇن بىلەن بىرلا يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

دەل شۇ چاغدا ئېگىز بويلۇق بىر گېنېرال ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. كارېنىن ئۇنى كۆرۈپ شۇئان گېپىنى توختاتتى-دە، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئېگىلىپ سالام بەردى.

— سىز بەيگىگە قاتناشمامسىز! — دېدى گېنېرال ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.

— بەيگە ماڭا ئېغىر كېلىپ قالار، — دەپ جاۋاب بەردى كارېنىن تولىمۇ ئىززەت بىلەن.

ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن گېنېرال ئەقىللىق ئادەمدىن ئەقىللىق جاۋاب ئالغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى ۋە بۇ جاۋابىنىڭ چاقچاق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك گەپلەرنى قىلىپ قويدى.

— بۇ ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى بار، — دېدى كارېنىن بايىقى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ بولسىمۇ ئارتىسلار بىلەن تاماشىبىنلار. تاماشىبىنلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىشلارنى ياخشى كۆرۈش مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ پولاتتەك پاكىتى، ئەمما ...

— گراف خانىم، ئىككىمىز بەسلىشەيلى، — تۆۋەن تەرەپتىن ئوبلونسكىينىڭ بېتسىغا گەپ قىلىۋاتقىنى ئاڭلاندى، — سىز كىمگە تىكىسىز؟

— ئاننا ئىككىمىز كىنەز كوزوۋلېفقا تىكىمىز، — دېدى بېتسى جاۋاب بېرىپ.

— مەن ۋرونسكىيغا تىكىمەن، بىر جۈپ پەلەي.

— بولىدۇ.
— قانداق چىرايلىق، شۇنداقمۇ؟
كارېنىن يېنىدىكىلەر پاراڭلىشىۋاتقاندا جىم بولۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ گەپلىرى تۈگىشى بىلەنلا يەنە سۆزلەپ كەتتى.
— مەن بۇنىڭغا قوشۇلىمەن، ئەمما باتۇرانە بەيگە ...
كارېنىن ئەمدى گېپىنى باشلىغۇدى، بەيگە باشلىنىپ قېلىپ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. ھەممە ئادەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ دەريا تەرەپكە قاراشتى. كارېنىن بەيگىگە قىزىقمايدىغان بولغاچقا، بەيگىچىلەرگە قارىماي، ئولتۇرغان تاماشىبىنلارغا ھارغىن كۆزلىرى بىلەن پەرىشان ھالدا بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ئاننىغا كەلگەندە توختاپ قالدى.
ئاننىنىڭ چىرايى ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن ھەم جىددىي ئىدى، بىرلا ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمگە قارىمايتتى. تىترىگەن قوللىرى بىلەن يەلپۈگۈچىنى مىجىپ، تىنىقىنى چىقارماي ئولتۇراتتى. كارېنىن ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نەزىرىنى دەررۇ باشقىلارغا يۆتكىدى.
«مۇنۇ ئايالمۇ، باشقا ئاياللارمۇ ئوخشاشلا جىددىيلىشىپ ئولتۇرۇپتۇغۇ؟ بۇ تەبىئىي ئەھۋال ئەمەسمۇ؟» دېدى كارېنىن ئۆزىگە ئۆزى. ئۇ ئاننىغا قارىماي دەيتتى، لېكىن كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭدىكى روشەن ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قىلىپ ئولتۇرمايچۇ، دەپ ئويلايتتى، لېكىن يەنە ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزى كۆرۈشنى خالىمىغان ھالەتكە قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ قالاتتى.
كوزوۋلېف دەريا بويىغا كەلگەندە بىرىنچى بولۇپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھەممە ئادەمنى قاتتىق جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئەمما، كارېنىن ئاننىنىڭ تاتارغان مەغرۇر چىرايىدىن ئۇ دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ تېخى ئاتتىن يىقىلمىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولدى. ماخوتىن بىلەن ۋرونسكىي توسالغۇدىن

سەكرەپ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا چىپىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئوفىتسېر ئاتتىن باشچىلاپ يىقىلىپ هوشىدىن كېتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قېتىم قورقۇنچ ئارىلاش كۈچلۈك چۇقان كۆتۈرۈلگەندە، كارېنىن ئاننانىڭ هېچ ئىشنى كۆرمىگەندەك، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ نېمىگە تولغىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەندەك ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاناغا تېخىمۇ بەك قادىلىپ تۇردى. ئاننانىڭ پۈتۈن دىققىتى چېپىپ كېلىۋاتقان ۋرونسكىيدا ئىدى، شۇ ئارىدا ئۇ ئېرىنىڭ ئۆزىگە سوغۇق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كۆرۈپ قالدى.

ئاننا قايرىلىپ، سوئال نەزىرى بىلەن ئېرىگە قاراپ قويدى ۋە شۇئان قوشۇمىسى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تۈرۈلۈپ، يەنە ئىتتىك ئالدىغا قارىدى.

ئاننا: «هىم، قارىسا قاراۋەرمەمدۇ !» دېگەندەك قىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىككىنچى قارىمىدى.

بەيگە تولىمۇ ئوڭۇشسىز ئۆتۈپ، ئون يەتتە ئادەمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاتلىرىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلاندى. بەيگە ئاخىرلىشاي دېگەندە ئادەملەر تېخىمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ پادىشاهنىڭ نارازى بولغىنى بۇ جىددىيچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

# 29

تاماشىبىنلار كىمدۇر بىرىنىڭ: «ئەمدى ئادەم بىلەن شىرنىڭ ئېلىشىشىلا قالدى !» دېگەن سۆزىنى ئۇنلۇك تۇۋلاپ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكەندە، هەممىلا ئادەم ۋەهىمە ئىچىدە قېلىپ، ۋرونسكىي يىقىلغاندا ئاننانىڭ قورقۇپ تۇۋلاپ كەتكەنلىكىگە هېچكىم

دىققەت قىلماي قالدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا ئاننا چىرايى ئۆزگىرىپ باشقا بىر ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ قالدى، خۇددى تۇتۇلۇپ قالغان قۇشقا ئوخشاش تىپىرلاپ كەتتى، دەم ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى، دەم بېتسىغا بىرنېمىلەرنى دەيتتى.

— ماڭايلىچۇ، ماڭايلىچۇ، — دېدى ئۇ بېتسىغا.

لېكىن، بېتسى ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن بىر گېنېرال بىلەن ئالدىغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى.

كارېنىن ئاننانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەدەپ بىلەن ئۇنىڭغا بىلىكىنى سۇندى.

— ئەگەر خالىساڭ بىز قايتىپ كېتەيلى ! — دېدى كارېنىن ئانناغا فرانسۇزچە سۆزلەپ. لېكىن، ئاننا گېنېرالنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان بولغاچقا، ئېرىگە دىققەت قىلماي قالدى.

— ئاڭلىسام، ئۇنىڭ پۇتىمۇ سۇنغانمىش، — دېدى گېنېرال، — بۇ بىر ئېچىنىشلىق ئىش بوپتۇ.

ئاننا ئېرىگە جاۋاب بەرمەي، دۇربۇننى كۆزىگە تۇتۇپ ۋرونسكىي يىقىلغان يەرگە قارىدى، بىراق ئارىلىق يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەر ئولىشىۋالغان بولغاچقا، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئۇ دۇربۇننى قويۇپ ماڭاي دەپ تۇرغاننىڭ ئارىلىقىدا، بىر ئوفىتسېر ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ پادشاھقا بىرنېمىلەرنى دوكلات قىلىشقا باشلىدى. ئاننا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ ئالدىغا ئازراق ئېڭىشتى.

— ستىۋا ! ستىۋا ! — دەپ چاقىردى ئۇ ئاكىسىنى. ئاكىسى ئۇنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقىنىنى ئاڭلىمىغانىدى، ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدى.

— ئەگەر ماڭغۇڭ بولسا، قولۇمنى ساڭا يەنە بىر قېتىم بېرەي، — دېدى كارېنىن ئاننانىڭ قولىنى قولى بىلەن تۇرتۇپ تۇرۇپ.

ئاننا يىرگەنگەندەك ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، چىرايىغا

قارىماي تۇرۇپ:

— ياق، ياق، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مەن كەتمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمدى ئاننا ۋرونسكىي يىقىلغان يەردىن بىر ئوفىتسېرنىڭ بەيگە مەيدانىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ شىپاڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. بېتسى ئۇنىڭغا قولياغلىقىنى پۇلاڭلىتىپ شەرەت قىلدى.

ئوفىتسېر ئادەمنىڭ ھېچنېمە بولمىغانلىقىنى، ئاتنىڭ ئومۇرتقىسى سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى دەپ كەلدى.

ئاننا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەررۇ جايىدا ئولتۇرۇپ يۈزىنى يەلپۈگۈچ بىلەن يېپىۋالدى. كارېنىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى، ياش تۆكۈپلا قالماي، ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى، ئۆكسۈگەنلىرىدە كۆكرىكىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى، ھەتتا ئاننانى ئۆزىنى بېسىۋالغۇچە ئۆزىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ تۇردى.


— مەن ساڭا ئۈچىنچى قېتىم قولۇمنى سۇنۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە. ئاننا ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلمەي قاراپ قالدى. گراف بېتسى خانىم ئۇنى بۇ تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇردى.

— ياق، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، ئاننانى ئۆزۈم ئەكەلدىم، ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى بېتسى.

— كەچۈرۈڭ، گراف خانىم! — دېدى كارېنىن ئەدەپ بىلەن، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىگە جىددىي تىكىلىپ تۇرۇپ، — سېزىشىمچە، ئاننانىڭ تاۋى يوق، شۇڭا ئۆزۈم ئېلىپ كېتىشىم كېرەك.

ئاننا قورققاندەك كەينىگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئېرىنىڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزدى.

— مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئەھۋالىنى بىلگەندىن



كېيىن ساڭا خەۋىرىنى بېرىمەن، — دېدى بېتسى ئانناغا بوش پىچىرلاپ.

شىپاڭدىن چىقىۋاتقاندا، كارېنىن ئۇچرىغان كىشىلەر بىلەن ئەھۋاللىشىپ ماڭدى. ئاننامۇ ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ سالىمىغا سالام ياندۇرۇپ ماڭدى، ئەمما خىيالى بىر يەردە ئەمەس، خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئېرىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ كېتىۋاتاتتى.

«ئۇ ئۆلۈپ كەتمىگەندۇ؟ راستىمدۇ؟ ئۇ قېشىمغا بارارمۇ؟ بۈگۈن ئۇنى كۆرەرمەنمۇ؟» ئاننا شۇ خىياللار بىلەن بەند ئىدى.

ئۇ كارېنىننىڭ پەيتۇنىغا ئۈن - تىنسىز چىقىپ ئولتۇردى، پەيتۇنلار توشۇپ كەتكەن يەردىن يەنە ئۈن - تىنسىز ئايرىلدى. بۇنى كارېنىن سېزىپ ئولتۇراتتى، ئەمما خوتۇنىنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى ئويلاشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى پەقەت كۆرۈنۈشتىكىلا ئىشلار ئىدى. خوتۇنىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا شۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىپ قويۇشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپمۇ ئويلاۋاتاتتى. لېكىن، مۇشۇ ئىشنىلا دەپ، باشقا ئىشلارنى دېمەسلىك ئۇنىڭغا ئېغىر ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، بۇ قىلىقلىرىڭ ئەدەپ - قائىدىگە سىغمايدىغان ئىشلار، دېمەكچى بولۇپ، گەپكە ئېغىز ئاچقاندىن كېيىن دېگىنى باشقىلا بىر گەپ بولدى.

— قىزىق ئىش، ئۇ ئىشلارنىڭ دەھشەتلىكلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە شۇنى كۆرۈشكە هېرىسمەن ئىكەنمىز، — دېدى ئۇ، — مەن بىر نەرسىگە دىققەت قىلىپ قالدىم ...

— نېمىگە؟ مەن چۈشەنمىدىمغۇ، — دېدى ئاننا مەنسىتمەسلىك بىلەن.

كارېنىننىڭ بىردىنلا ئاچچىقى تۇتۇپ، ئۆزى دېمەكچى بولغان گەپنى دېدى.

— سىزگە دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى ئۇ گېپىنى باشلاپ.

«ئەمدى گەپنى ئاچىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى ئاننا يۈرىكى سەل جىغىلداپ.

— سىزگە دېمەكچى بولغىنىم، سىزنىڭ بۈگۈنكى قىلىقلىرىڭىز چەكتىن ئېشىپ كەتتى، — دېدى كارېنىن فرانسۇزچە سۆزلەپ.

— قايسى ئىشىم چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ؟ — ئاننا ئىتتىك ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، كۆزلىرىگە قادالغان پېتى ئۇنلۇك سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭدا ھازىر نېمىنىدۇر يوشۇرۇپ تۇرىدىغان بۇرۇنقى خۇشال چىرايى يوق، قاپاقلىرى تۈرۈلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ خىل ھالىتى ئۇنىڭ ئىچىدىكى قورقۇنچنى بېسىپ كېتەلمەيۋاتاتتى.

— گەپكە دىققەت قىل! — دېدى ئۇ پەيتۇنكەشنىڭ كەينىدىكى ئوچۇق تۇرغان پەنجىرىنى كۆرسىتىپ، ئاندىن ئورنىدىن قوزغىلىپ پەنجىرىنى يېپىۋەتتى.

— سىز مېنىڭ قايسى ئىشىمنىڭ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆردىڭىز؟ — سورىدى ئاننا.

— بايا بىر بەيگىچى ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەندە، سىز ئۆزىڭىزنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىڭىز ھەم بۇ ھالىتىڭىزنى يوشۇرۇپمۇ قالالمىدىڭىز.

كارېنىن ئۇنى تېنىۋالىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئاننا ئۇنداق قىلمىدى، ئالدىغا قارىغان پېتى جىمجىت ئولتۇردى.

— مەن سىزگە ئېسىلزادىلەرنىڭ ئىچىدە يۈرگەندە، گەپ تاپار زەھەرخەندىلەر ئۈستىڭىزدىن يامان گەپلەرنى تاپماسلىقى ئۈچۈن گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكىتىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، دەپ كۆپ قېتىم ئېيتقان. بىر چاغلاردا يەنە ئىچكى ھېسسىيات توغرىسىدىمۇ گەپ قىلغان، ئۇ ھەقتە ئەمدى گەپ قىلمايمەن. دېيدىغىنىم، ئاشكارىلىنىپ چىقىۋاتقان ھەرىكەتلىرىڭىز ئۈستىدە بولىدۇ. بۈگۈن سىز ئەدەپ ـ ئەخلاق سىزىقىدىن چىقىپ كەتتىڭىز. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنىڭ تەكرارلانماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاننانىڭ قۇلىقىغا ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ يېرىمىمۇ كىرمىدى،

ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئولتۇراتتى، ئەمما كۆڭلىدە، ۋرونسكىينىڭ تىرىك قالغىنى راستىمدۇ، دېگەن بىرلا ئوي كېزەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، پەقەت ئېتىنىڭ بىلىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىنىلا دېيىشتى. ئۇلارنىڭ دېگىنى شۇلىمىدۇ؟ كارېنىن گېپىنى تۈگەتكەندە، ئاننا ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەتتە يالغان كۈلۈمسىرەپ قويدى، جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانىدى. كارېنىن دەسلەپتە ناھايىتى دادىل سۆزلىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئۆزى ئېنىق چۈشەنگەندە، ئاننادىكى قورقۇنچ ئۇنىڭغا يېپىشتى. ئاننانىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويۇشى ئۇنىڭدا غەلىتە بىر خىل سېزىم پەيدا قىلىپ قويغانىدى.

«ئۇ مېنىڭ گۇمانخورلۇقۇمنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. توغرا، ئۇ يەنە ئۆتكەنكىدەك ماڭا، بۇ گۇمانلىرىڭنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق، بەكمۇ كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن، دېيىشى مۇمكىن.»

ئەمدى ئىشلار ئېنىق بولۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. كارېنىن ئاننانىڭ ئۆتكەنكىگە ئوخشاش، گۇمانلىرىڭ بەكمۇ كۈلكىلىك، ئاساسى يوق، دەپ جاۋاب بېرىشىنى بەكمۇ خالايتتى. ئۇ بىلگەن پاكىتلار بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى، شۇڭا ھەرقانداق ئىشقا ئىشىنىشنى خالايتتى. لېكىن، شۇ تۇرقىدا ئاننانىڭ چىرايىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قورقۇنچ بىلەن قايغۇ ئۇنى ئالداش خىيالىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— بەلكىم مەن خاتالاشقاندىمەن، — دېدى كارېنىن، — ئەگەر شۇنداق بولسا مېنى كەچۈرۈشىڭىزنى سورايمەن.

— ياق، سىز خاتالاشمىدىڭىز، — دېدى ئاننا ھېچنېمە بىلەن ھېسابلاشماي، ئېرىنىڭ سۆرۈن چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — سىز خاتالاشمىدىڭىز. مەن راست قورقۇپ كەتتىم، ئۆزۈمنى

تۇتالماي قالدىم. سىز گەپ قىلىۋاتىسىز، ئەمما خىيالىم ئۇنىڭدا. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ خۇشتارىمەن. سىزنى كۆرسەم چىداپ تۇرالمايدىغان، قورقىدىغان، نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالدىم ... ئەمدى مېنى نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ.

ئاننا شۇ گەپنى قىلىپلا، پەيتۇننىڭ بىر بۇلۇڭغا ئۆزىنى تاشلاپ يۈزىنى ئېتىۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. كارېنىن مىدىر - سىدىر قىلماي ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. چىرايى ئۆلۈك ئادەمنىڭ چىرايىدەك بىردىنلا قېتىپ قېلىپ، بەكمۇ سۈرلۈك تۇس ئالدى، بۇ خىل هالەت تاكى داچىغا يېتىپ بارغۇچە ئۆزگەرمىدى. داچىغا ئاز قالغاندا، ئۇ شۇ هالىتى بىلەن ئاننا تەرەپكە بۇرۇلدى.

— بولىدۇ! مەن نام - ئابرۇيۇمنى ساقلاپ قالىدىغان بىرەر چارە تاپقۇچە هەم ئۇنى سىزگە بىلدۈرۈشتىن ئىلگىرى، — دېدى ئۇ، ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى، — سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم، ئاشكارا سورۇنلاردا ئابرۇيىڭىزنى ساقلاپ يۈرسىڭىز.

پەيتۇندىن ئۇ ئاۋۋال چۈشۈپ، ئاندىن ئاننانى يۆلەپ چۈشۈرۈپ قويدى. خىزمەتكارلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، ئاننانىڭ قولىنى سىقىپ قويۇپ، يەنە پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ پېتېربۇرگقا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، گىراف بېتسى خانىمنىڭ خىزمەتكارى ئانناغا بىر پارچە خەت ئېلىپ كەلدى. خەتتە:

«مەن ئالېكسېينىڭ تۇرالغۇسىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراتقانىدىم، ئۇ ماڭا، سالامەتلىكىم ياخشى، هېچ يېرىم يارىلانمىدى، ئەمما كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم، دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ» دېيىلگەنىدى.

«دېمەك، ئۇ كېلىدىكەن، — دەپ ئويلىدى ئاننا، — ئۇنىڭغا هەممىنى ئېيتىپ ياخشى قىپتىكەنمەن، ئىچىم يورۇپ قالدى.»

ئۇ سائەتكە قارىدى، يەنە ئۈچ سائەت بار ئىكەن. ئۆتكەندە بىللە بولغان چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ، ھاياجاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدى قىزىپ كەتتى.

«ئاھ خۇدا، قانداق بەختلىكمەن ـ ھە ! بۇ ئىش قورقۇنچلۇق، ئەمما مەن ئۇنىڭ چىرايىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلاردىكى بەخت تۇيغۇسىنى ياخشى كۆرىمەن ... ئېرىم ھىم ... ئاھ، خۇداغا مىڭ رەھمەت، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىشلار ئەمدى تۈگىدى.

# 30

شېرباتسكىيلار كەلگەن كىچىكرەك نېمىس ئارىشىگىدىمۇ ئادەملەر توپلىشىپ تۇرىدىغان بارلىق يەرلەرگە ئوخشاش، ئۆز خىللىرى بويىچە بىرنەچچە دائىرە پەيدا بولغانىدى. ئۇ يەردە جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ مۇئەييەن بىر ئورنى بولاتتى، خۇددى قاتتىق سوغۇقتا ئېقىپ چۈشكەن بىر تامچە سۇ مۇز بولۇپ قېتىپ قالغانغا ئوخشاش، ئۇ ئادەملەرمۇ ئۆز ئورۇنلىرىغا، ئۆز دائىرىلىرىگە مەھكەم ئورۇنلىشىپ شۇ يەردە قېتىپ قېلىشاتتى.

*كىنەز شېرباتسكىي، كىنەز خانىم ۋە ئۇلارنىڭ قىزى*[1] ئىجارىگە ئالغان ئۆيلىرى، نام ـ ئابرۇيى ۋە ئارىلاشقان ئادەملىرىگە قاراپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر دائىرىگە مەنسۇپ بولۇپ قالدى.

بۇ يىل ئارىشاڭغا ھەقىقىي بىر نېمىس كىنەز خانىمى كەلگەن بولۇپ، شۇ كەلگەندىن كېيىن ئۇ خىل دائىرىلەر ناھايىتى تېز شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. كىنەز شېرباتسكىي خانىم قىزىنى

[1] بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى نېمىسچە.

نېمىس كىنەز خانىم بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە شۇنچىلىك ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۈنمۇ ئاخىر يېتىپ كېلىپ، ئەتىسىلا كىتى ئۇ كىنەز خانىم بىلەن كۆرۈشتى. شۇ كۈنى ئۇ پارىژدا تىكتۈرگەن *بەكمۇ ئاددىي*، ئەمما چىرايلىق يازلىق كۆڭلىكىدە ئىدى، نېمىس كىنەز خانىمغا چىرايلىق نازاكىتى بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى.

نېمىس كىنەز خانىم: «بۇ ئوماق ساھىبجامالنىڭ قايتىدىن ئەتىرگۈلدەك ئېچىلىپ كېتىشىنى تىلەيمەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن شېرباتسكىيلار ئائىلىسىگە مۇقىم بىر ھايات يولى ئېچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشاش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شېرباتسكىي يەنە ئەنگلىيىلىك مەلۇم بىر ئېسىلزادە خېنىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن، يەنە بىر نېمىس گراف خانىم ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى ئۇرۇشتا يارىلانغان ئوغلى بىلەن، يەنە بىر شۋېيتسارىيىلىك ئالىم بىلەن، كانۇت ئاكا ـ سىڭىللار بىلەن تونۇشتى. شۇنداقتىمۇ، شېرباتسكىيلار بىلەن ئەڭ قويۇق ئارىلىشىپ تۇرىدىغانلار يەنىلا موسكۋالىق خانىم تىششېۋا بىلەن ئۇنىڭ قىزى (ئۇ قىزمۇ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ خىيالچان بولۇپ قالغاچقىمۇ، كىتى ئۇ قىزنى ياخشى كۆرمەيتتى) ۋە موسكۋالىق بىر پولكوۋنىك ئىدى. كىتى ئۇ پولكوۋنىكنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا بىلەتتى، پولكوۋنىك دائىم ھەربىي كىيىم كىيىپ، پاگونلىرىنى تاقاپ، بوينىغا خىلمۇخىل رەڭلىك گالستۇكلارنى تاقاپ يۈرەتتى، يۇمۇق كۆز، قىياپىتى كۈلكىلىك ئادەم ئىدى، يېپىشقاقلىقى ئادەمنى ئاسانلا بىزار قىلىپ قوياتتى. بۇ يەردىكى تۇرمۇش قېلىپىغا چۈشكەندىن كېيىن كىتى زېرىكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىنەز كارلىسبادقا كېتىپ، كىتى ئانىسى بىلەن يالغۇز قالغانىدى. ئۇ تونۇشقان ئادەملىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىرمۇ يېڭى نەرسە بايقىمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ قىزىقمىدى. ئەڭ كۆپ قىزىققىنى كۆزىتىش ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېر، مىجەزلىرى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىشلا بولدى. كىتى ئاق كۆڭۈل قىز

ئىدى، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ زادىلا تونۇشمايدىغان كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى ئىزدەيتتى، ئۇلارنىڭ سالاھىيەتلىرىنى، مۇناسىۋەتلىرىنى، قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلاتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇ ئادەملەر تولىمۇ ئالىيجاناب ئىدى، بۇنى ئۇ ھەم ئۆزىنىڭ كۆزىتىشلىرى ئارقىلىق دەلىللەيتتى.

كىتى شۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسىيىلىك بىر قىزغا ئەڭ قىزىقتى. ئۇ قىز ئارىشاڭغا شتال ئىسىملىك كېسەلچان بىر ئايال بىلەن بىللە كەلگەنىدى. شتال خانىم يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئايال بولۇپ، كېسىلى ئىنتايىن ئېغىر ئىكەن، ئۆزى ماڭالمايدىكەن، پەقەت ھاۋا ياخشى، كۈن چىققان كۈنلىرىلا قول ھارۋىغا ئولتۇرۇپ ئارىشاڭدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. لېكىن، شتال خانىم ھېچقانداق رۇسىيىلىك بىلەن ئالاقە قىلمايتتى. كىنەز شېرباتسكىي خانىم ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماسلىقىنى كېسەللىكىدىن دېگەندىن كۆرە، تەكەببۇرلۇقىدىن دېگەن تۈزۈك، دەپ ئويلايتتى. كىتى رۇسىيىلىك ئۇ قىزنىڭ شتال خانىمنىڭ خىزمىتىنى قىلغاندىن سىرت، باشقا ئېغىر كېسەللەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى — ئارىشاڭدا بۇنداق ئادەملەر خېلى كۆپ — ئۇلارغا ئايانماي ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايقاپ يۈرەتتى. كىتىنىڭ كۆزىتىشىچە، ئۇ قىز شتال خانىمنىڭ ئۆز قىزىمۇ ئەمەس، خىزمەتكارىمۇ ئەمەس ئىدى. شتال خانىم ئۇنى ۋارېنكا دەپ چاقىراتتى، باشقىلار «ۋارېنكا خانقىز» دەپ ئاتايتتى. كىتى بۇ قىزنىڭ شتال خانىم ۋە ئۆزى تونۇمايدىغان ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىپ يۈرۈپ تەبىئىي ھالدىلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. كىتىمۇ ئۇ قىزنىڭ قاراشلىرىدىن ئۆزىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

ۋارېنكا ياشلىقى ئۆتۈپ كەتكەن قىز ئىدى، ئادەمنىڭ كۆزىگە پەقەتلا ياشلىق ۋاقتى بولۇپ باقمىغاندەك كۆرۈنەتتى: بىر قارىسىڭىز ئون توققۇز ياشلارغا كىرگەندەك، يەنە بىر قارىسىڭىز

ئۆتتۈز ياشلاردا باردەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى ئازراق كېسەل چىراي كۆرۈنگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سەت دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئەگەر بەكلا ئورۇق بولمىغان، بېشى ئۆزىنىڭ بويىغا نىسبەتەن يوغانراق كۆرۈنىدىغان بولمىسىلا، چىرايلىق قىزلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالالايدىغان قىز ئىدى. ئۇ كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇ يىگىتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايتتى. ئۇنى بەرگىلىرى ئېچىلمايلا قورۇلۇپ قالغان، پۈرىقىنى يوقاتقان چىرايلىق گۈلگە ئوخشاتقىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭدا كىتتىگە ئوخشاش تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچ، بېسىپ تۇرمىسا ھەممىنى كۆيدۈرەرلىك قىزغىن ھارارەت، ئۆزىنىڭ يېقىملىقلىقى ۋە گۈزەللىكىگە بولغان چوڭقۇر تۇيغۇ كەمچىل بولغاچقا، يىگىتلەرنى ئۆزىگە قارىتالمايتتى.

ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئالدىراشلا يۈرگەچكە، باشقا ئىشلارغا چولىسى تەگمەيتتى، پۈتۈنلەي كىتتىنىڭ ئەكسى ئىدى، ئەنە شۇ ئوخشىماسلىقى بىلەن كىتتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە قىزىقتۇراتتى. كىتتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۆزى قىينىلىپ يۈرۈپ ئىزدەۋاتقان نەرسىنى، يەنى كىتتى ئىنتايىن نەپرەتلىنىدىغان ئەر ـ ئاياللىق چاكىنا مۇناسىۋەت تۇرمۇشىنىڭ قىزىقتۇرۇشلىرى ۋە ھايات قىممىتىدىن ھالقىپ كېتىدىغان نەرسىنى تاپالايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇ خىل مۇناسىۋەت خېرىدار كۈتۈپ تۇرغان مالنىڭ شەرمەندە كۆرگەزمىسىگە ئوخشايتتى. كىتتى ئۆزىنىڭ تونۇشمايدىغان بۇ دوستىنى كۆزەتكەنسېرى، ئۇنىڭ ئۆزى خىيالەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ يۈرگەن مۇكەممەل ئادەم ئىكەنلىكىگە شۇنچە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

ئىككى قىز كۈندە بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالاتتى. ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا كىتتىنىڭ كۆزلىرى: «سىز كىم؟ نېمە قىلىدىغان قىز سىز؟ سىز مېنىڭ غايەمدىكى مۇكەممەل ئادەم، راست ئەمەسمۇ؟ لېكىن، سىز مېنى ھەرگىز مەن بىلەن

تونۇشۇشقا خۇشتار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. سىزگە پەقەت ھەۋىسىملا كېلىدۇ، سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دەۋاتقاندەك، ئۇ تونۇمايدىغان ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرىمۇ: «مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سىز تولىمۇ يېقىملىق قىز ئىكەنسىز. ئەگەر مېنىڭ ۋاقتىم بولغان بولسا سىز بىلەن پاراڭلىشىپ، سىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەن بولاتتىم» دەپ جاۋاب بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. كىتى ئۇنىڭ قاچانلا بولسا ئالدىراشلا يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتى: گاھ بىر رۇس بالىنى ئارىشاڭدىن ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتى؛ گاھ تېرىكىپ تۇرغان ئاغرىقنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى؛ گاھ كىملەرگىدۇر پېچىنە سېتىۋېلىپ، قەھۋە دەملەپ بېرەتتى.

شېرباتسكىيلار بۇ يەرگە كېلىپ كۆپ ئۆتمىگەن كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئارىشاڭدا يەنە ئىككى ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى، كىشىلەر ئۇ ئىككىسىگە ياقتۇرمىغاندەك نەزەردە قاراپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ بىرى، ئىككى قولى ئالاھىدە ئۇزۇن، دۈمچەكرەك كەلگەن، ئېگىز بوي، ئۈستىگە بويىغا زادىلا ماس كەلمىگەن قىسقا پەلتو كىيىۋالغان، كۆزلىرى تۇغما قارا، سادداھەم قورقۇنچلۇق ئادەم؛ يەنە بىرى، كىيىملىرى ئاددىي، ئۆزىگە زادىلا ماس كەلمىگەن، چىرايى يېقىملىقراق چوقۇر ئايال ئىدى. كىتى ئۇلارنىڭ رۇسلار ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇپ، ئىككىسىنىڭ رومانتىك مۇھەببەت تارىخىنى كاللىسىدا قۇراشتۇرۇشقا باشلىدى. كىنەز خانىم *مېھمانلارنى تىزىملايدىغان تىزىملىكنى*① ئاختۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ نىكولاي لېۋىن، مارىيە نىكولايېۋنا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، كىتىگە نىكولاي دېگەننىڭ ناھايىتى ئەسكى ئادەم ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىۋىدى، كىتىنىڭ ئۇلار ئۈستىدە قىلغان تەسەۋۋۇرلىرى شۇئان بىتچىت بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇلاردىن بىزار بولۇپ

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى نېمىسچە.

كېتىشى ئاپىسى ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ كونستانتىن لېۋىننىڭ ئاكىسى بولۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئىدى. نىكولاينىڭ تىنماي بېشىنى لىكىلدىتىپ تۇرىدىغان ئادىتى بار ئىدى، ئۇنى كۆرۈپ كىتىنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچلۈكى كەلدى.

كىتى ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قالغانلىقىنى، ئۇ كۆزلەردە نەپرەت ۋە مەسخىرە ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى.

## *31*

بىر كۈنى ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئەتىگەندىلا يامغۇر توختىماي يېغىشقا باشلىدى. كۈنلۈك كۆتۈرۈشۈۋالغان كېسەللەر كارىدورغا توپلىشىۋالغانىدى.

كىتى، ئاپىسى ۋە فرانكفۇرتتىن سېتىۋالغان ياۋروپاچە كاستۇمىنى كىيىپ كېرىلىپ كەتكەن پولكوۋنىك ئۈچى كارىدوردا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇلار كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدە مېڭىپ يۈرگەن نىكولايدىن ئامال بار ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، كارىدورنىڭ چېتىدە ماڭاتتى. ئۇستىگە قېنىق رەڭلىك كۆڭلەك، بېشىغا قارا شىلەپە كىيىۋالغان ۋارېنكامۇ فرانسىيىلىك بىر قارىغۇ ئايالنى يېتىلەپ كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا مېڭىپ يۈرەتتى، ھەر قېتىم كىتى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا دوستانە نەزەردە قاراپ قوياتتى.

— ئاپا، مەن ئۇ قىز بىلەن پاراڭلاشسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى كىتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزى تونۇشمايدىغان ئاشۇ دوستىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئارىشاڭ تەرەپكە قاراپ ماڭغىنىنى

كۆرۈپ، شۇ يەردە ئۇچرىشىپ پاراڭلاشساقمۇ بولىدۇغۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

— بوپتۇ، ئۇ قىز بىلەن تونۇشقۇڭ كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىنى مەن بېرىپ بىلىپ باقاي، — دېدى ئاپىسى جاۋاب بېرىپ، — سەن ئۇنىڭدا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان نېمە ئالاھىدىلىكنى سەزدىڭ؟ ئۇ چوقۇم مەخسۇس كېسەللەرنى كۆتىدىغان قىز. ئەگەر خالىساڭ، مەن ئاۋۋال شتال خانىم بىلەن تونۇشاي. مەن ئۇنىڭ يەڭگىسىنى تونۇيمەن، — دېدى كىنەز خانىم يەنە بېشىنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ تۇرۇپ.

كىتى ئاپىسىنىڭ شتال خانىمنىڭ تونۇشۇشنى خالىماي، ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈرگەنلىكىدىن رەنجىگەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالمىدى.

— ئۇ شۇنچىلىك ياخشى، شۇنچىلىك يېقىملىق قىز ئىكەن، — دېدى كىتى ۋارېنكانىڭ فرانسۇز ئايالغا ئىستاكاننى سۇنۇپ بېرىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ، — قارىغىنا، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى قانداق ئاددىي، قانداق يېقىملىق.

— سېنىڭ نادانلىقىڭ مېنىڭ كۆلگۈمنى كەلتۈرىدۇ، — دېدى كىنەز خانىم، — ياخشىسى، ئارقىمىزغا قايتايلى، — دېدى ئۇ يەنە نىكولاي لېۋىن بىلەن خوتۇنى ۋە نېمىس دوختور ئۇچىنىڭ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ. نىكولاي لېۋىن دوختۇرغا نېمە توغرىسىدىدۇر ئاچچىقى بىلەن سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى.

كىنەز خانىم قىزى بىلەن ئەمدىلا كەينىگە قايرىلىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئۇنلۇك سۆزلىشىشلىرى ۋارقىرىشىشقا ئۆزگىرىپ كەتتى. نىكولاي لېۋىن توختاپ دوختۇرغا ۋارقىرىغانىدى، دوختۇرمۇ ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىراپ سۆزلىدى. شۇئان ئادەملەر ئولاشتى. كىنەز خانىم قىزىنى باشلاپ ئىتتىك كېتىپ قالدى، پولكوۋنىك نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ

بېقىش ئۈچۈن توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىپ كەتتى.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن پولكوۋنىك ئۇلارغا يېتىشىۋالدى.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش بوپتۇ! — دەپ سورىدى كىنەز خانىم.

— شەرمەندىچىلىك! — دېدى پولكوۋنىك جاۋاب بېرىپ، — چەت ئەللەردە رۇسلارنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن. ئاۋۇ ئېگىز بوي ئەپەندى مېنى توغرا داۋالىمىدىڭ، دەپ دوختۇر بىلەن سوقۇشۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا نۇرغۇن قوپال گەپلەرنى قىلدى، ئەيىبلىدى، يەنە تېخى ھاسىسى بىلەن ئۇنى ئۇرماقچىمۇ بولدى. نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ!

— نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش قىلغان! — دېدى كىنەز خانىم، — ئاخىرى قانداق بولدى؟

— ھېلىمۇ ياخشى، ھېلىقى ... موگۇ شىلەپىلىك ئايال كېلىپ ئۇلارنى ئايرىپ قويدى، رۇسىيىلىك ئايال بولسا كېرەك، — دېدى پولكوۋنىك.

— ۋارېنكا خانقىزدۇ ھەرقاچان؟ — دېدى كىتتى خۇشال كۈلۈپ.

— شۇ، شۇ، شۇ قىز بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنى باستى، ئاندىن ئۇ ئەپەندىنى قولتۇقلاپ ئۇ يەردىن ئېلىپ كەتتى.

— ئاپا، كۆردۈڭمۇ، — دېدى كىتتى ئاپىسىغا، — سەن تېخىچىلا ئۇ قىزغا نېمە ئۈچۈن ھەۋەس قىلىدىغانلىقىمنى بىلمەي يۈرىسەن.

كىتتى ئەتىسىدىن باشلاپ تونۇشمايدىغان ئۇ دوستىنى يەنە كۆزىتىپ، ئۇنىڭ نىكولاي لېۋىن بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىغىمۇ باشقا ئاسرىلىدىغانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ قىز ئۆزلۈكىدىن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشاتتى، ھېچقانداق چەت ئەل تىلى بىلمەيدىغان ئۇ ئايالغا تەرجىمانمۇ بولۇپ بېرەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن كىتى ئاپىسىغا ۋارېنكا بىلەن تونۇشىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدىغان بولدى. كىنەز خانىمنىڭ تولىمۇ تەكەببۇر شتال خانىم بىلەن تونۇشقۇسى كەلمىسىمۇ، بىرىنچى قەدەمنى ئۆزى بېسىپ، ۋارېنكانىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇردى. سورۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشنىڭ پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئالدى بىلەن ئۆزى بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشماقچى بولدى.

كىنەز خانىم قىزى ئارىشاڭغا كەتكەندە، ۋارېنكا بولكىچىنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغنى پايلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— كەچۈرۈڭ، سىز بىلەن تونۇشۇپ قويغۇم كېلىپ ئالدىڭىزغا كەلدىم، — دېدى كىنەز خانىم مەغرۇر كۈلۈپ قويۇپ، — مېنىڭ قىزىم سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. سىز بەلكىم مېنى تونۇمايسىز. مەن ...

— بۇ خىل ھېسسىيات ھەممىمىزگە ئورتاق، كىنەز خانىم، — دېدى ۋارېنكا ئىتتىكلا جاۋاب بېرىپ.

— تۇنۇگۈن سىز ئۇ بىچارە ۋەتەندىشىمىزغا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭىز، — دېدى كىنەز خانىم.

— ئېسىمدە يوققۇ! ھېچقانداق ئىش قىلمىغان بولسام كېرەك، — دېدى ۋارېنكا ھەيران قالغاندەك قىلىپ.

— قانداق ھېچ ئىش قىلمىغان بولىسىز؟ لېۋىننى چوڭ بىر خاپىلىقتىن ساقلاپ قالدىڭىزغۇ؟

— ھە راست ... مېنى ئۇنىڭ ئايال ھەمراھى چاقىرىپ ئاپارغان، بېرىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ يۇرۇپ ئاچچىقىنى باستىم. ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن، دوختۇردىن كۆڭلى قاپتۇ. مەن ئاشۇنداق ئاغرىقلارغا تولا قاراپ ئۆگىنىپ قالغان.

— شۇنداق ئوخشايسىز. ئاڭلىسام، سىزنى شتال خانىم بىلەن ... شتال خانىم سىزنىڭ ھاممىڭىزغۇ دەيمەن؟ سىلەر

مېنتوندا[1] بىللە تۇرغان. مەن ئۇياقنىڭ يەڭگىسىنى تونۇيمەن.
— ياق، ئۇياق مېنىڭ هاممام ئەمەس. ئۇنى مەن ئاپا دەيمەن، ئەمما بىزنىڭ هېچقانداق تۇغقاندارچىلىقىمىز يوق. مېنى ئۇياق بېقىۋالغان، — دەپ جاۋاب بەردى ۋارېنكا قىزىرىپ كېتىپ.
ئۇ شۇنچىلىك ئاددىي ۋە ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب بەرگەندى، چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان سەممىيلىكى ۋە ئوچۇقلۇقى بىلەن ئۇ كىنەز خانىمغا تېخىمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. كىنەز خانىم شۇندىلا قىزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ قىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندى.
— خوش، لېۋىن دېگەن كىشى كېيىن قانداق بولدى؟ — سورىدى كىنەز خانىم.
— ئۇ ئادەم قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ.
شۇ ئارىلىقتا ئارىشاڭدىن قايتقان كىتى كېلىپ قالدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆزىنىڭ تېخى تونۇشمىغان دوستى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.
— هۇي، كىتى، سېنىڭ بۇ خانقىز بىلەن بەكمۇ تونۇشقۇڭ بار ئىدى ...
— ۋارېنكا! — دېدى ۋارېنكا كۈلۈپ كېتىپ، — هەممەيلەن مېنى شۇنداق ئاتايدۇ.
كىتى خۇشاللىقىدا ۋىلىلدە قىزىرىپ كەتتى ۋە خېلىغىچە بۇ يېڭى دوستىنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي چىڭ تۇتۇپ تۇردى. ۋارېنكا ئۇنىڭ قولىنى سىقىشلىرىغا جاۋابەن هېچقانداق هەرىكەت قىلماي، ئۇنىڭ قوللىرى ئارىسىدىكى قوللىرىنى جىمجىت تۇتۇپ تۇردى. قوللىرى ئۇنىڭغا جاۋابەن هېچقانداق هەرىكەتتە بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدا بىر خىل تىنچلىق، خۇشاللىق ۋە ئازراق تەمكىن كۈلكە ئويناپ تۇراتتى، كۈلگەندە ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى.

---

[1] فرانسىيىدىكى مەشھۇر بىر ساناتورىيە.

— مەنمۇ خېلىدىن بېرى سىز بىلەن تونۇشۇشنى ئويلاپ يۈرەتتىم، — دېدى ئۇ.

— لېكىن، سىز بەكمۇ ئالدىراش ...

— ھە، ياق، مەن ھەرگىز ئالدىراش ئەمەس، — دېدى ۋارېنكا جاۋابەن. لېكىن، ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا يېڭى تونۇشلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، چۈنكى بىر رۇس ئاغرىق كىشىنىڭ ئىككى كىچىك قىزى ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

— ۋارېنكا، ئاپام سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ ! — دېدى ئۇلار چۇرقىرىشىپ.

ۋارېنكا ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدىن كەتتى.

## 32

كىنەز خانىم ۋارېنكانىڭ ئۆتمۈشىنى، شتال خانىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ھەم شتال خانىمنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى.

شتال خانىم ئاغرىقچان، ئەمما تولىمۇ خۇشخۇي ئايال ئىدى. بەزىلەر ئۇنى ئېرىنى ئازابقا سالغان ئايال، دېسە، بەزىلەر، ئەخلاقى بۇزۇق ئېرى بۇ ئايالنى كۆپ قىيناپتىكەن، دېيىشەتتى. ئۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي تۇنجى بالىسىنى تۇغۇپتۇ، بىراق بالىسى تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ قاپتۇ. شتال خانىمنىڭ كۆڭلىنىڭ تولىمۇ نازۇك ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىمۇ ئۆلۈپ كەتمىسۇن دەپ قورقۇپ، ساراي ئاشپىزىنىڭ پېتېربۇرگدىكى بىر ئۆيدە شۇ كۈنى تۇغۇلغان بالىسىنى شتال خانىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بالىسىنىڭ ئورنىغا قويۇپ قويۇشۇپتۇ، ئۇ بالا دەل

ۋارىنكا ئىكەن. شتال خانىم ۋارىنكانىڭ ئۆزىنىڭ قىزى ئەمەسلىكىنى كېيىنرەك بىلىپتۇ ھەم ھېچقانداق بولماي ئۇنى داۋاملىق بېقىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋارىنكانىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ئۇزاقتا بارماي تۇگەپ كەتكەنىكەن.

شتال خانىم جەنۇبىي ياۋروپادا ئون يىلدىن ئارتۇق ئاغرىپ، كارىۋاتتىن چۈشمەي يېتىپتۇ. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ساخاۋەت ئىشلىرى ھەم دىنغا بولغان ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولغان ئايالمىش. يەنە بەزىلەر ئۇنى ئالىيجاناب ئايال، پۈتۈن ئۆمرىدە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئۆتكەن، دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ كاتولىك دىنىدىمۇ، ئىيسا دىنىدىمۇ ياكى پراۋوسلاۋىيە دىنىدىمۇ، قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئەمما، بىر نەرسىدە، يەنى ئۇنىڭ ھەممە چېركاۋلار ۋە مەزھەپلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ئەربابلىرى بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلىقىدا شۈبھە يوق ئىكەن.

ۋارىنكا ئۇنىڭ بىلەن چەت ئەلدە ئۇزاق ۋاقىت بىللە تۇرۇپتۇ. شتال خانىمنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ۋارىنكا خانقىزنى تونۇيدىكەن ھەم ئۇنى شۇنداق دەپ ئاتىشىدىكەن.

كىنەز خانىم بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىزىنى ۋارىنكا بىلەن ئارىلىشىپ يۈرسە ئابرۇيىغا تەسىر يەتمەيدىكەن، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋارىنكا پەزىلەتلىك، تەربىيە كۆرگەن، فرانسۇزچە، ئىنگلىزچە تىللارنى سۇدەك بىلىدىغان ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە قىز ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شتال خانىمنىڭ، ئاغرىق بولغانلىقىدىن كىنەز خانىم بىلەن تونۇشالماي قالدىم، دېگەن ئارمىنىنى يەتكۈزگەنلىكى كىنەز خانىمغا ئالاھىدە ياخشى تەسىر بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇ قىزغا بولغان قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

كىتى ۋارىنكا بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتى ھەم ھەر كۈنى ئۇنىڭ يېڭى بىر ئالاھىدىلىكىنى بايقاپ تۇرۇۋاتاتتى.

كىنەز خانىم كىتىدىن ئۇنىڭ ناخشىنى چىرايلىق ئېيتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كەچتە ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى.

— كىتى پىئانىنو چالالايدۇ. ياخشى بولمىسىمۇ بىر پىئانىنويىمىز بار، سىز چوقۇم بىزنى خۇشال قىلالايسىز، — دېدى كىنەز خانىم ياسالما كۈلكىسى بىلەن. كىتى ئاپىسىنىڭ بۇ كۈلكىسىنى تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇ ۋارېنكانىڭ ناخشا ئېيتىشنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. لېكىن، كەچتە يەنىلا ناخشا نوتىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. كىنەز خانىم مارىيە يېۆگېنيېۋنا بىلەن قىزىنى، پولكوۋنىكنى چاقىرىپ قويغانىدى.

ۋارېنكا بۇ يەردە يوچۇن كىشىلەرنىڭ بارلىقىغا پىسەنت قىلماي، دەررۇلا پىئانىنونىڭ يېنىغا كەلدى. ناخشىنى پىئانىنونى چېلىپ تۇرۇپ ئېيتالمىسىمۇ، باشقىلار تەڭكەش قىلىپ بەرسە ناھايىتى چىرايلىق ئېيتاتتى. كىتى پىئانىنونى ياخشى چالاتتى، ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ چېلىپ بەردى.

— ئاجايىپ تالانتىڭىز بار ئىكەن، — دېدى كىنەز خانىم ۋارېنكا ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ماختاپ.

مارىيە يېۆگېنيېۋنا بىلەن قىزىمۇ رەھمەت ئېيتىپ ئۇنى ماختاپ كەتتى.

— قاراڭ، — دېدى پولكوۋنىك دېرىزىنىڭ سىرتىغا قاراپ، — ناخشىڭىزنى قانچىلىك ئادەم كېلىپ ئاڭلاۋاتىدۇ!

دېگەندەك، دېرىزىنىڭ سىرتىغا خېلى نۇرغۇن ئادەم يىغىلىۋالغانىدى.

— سىلەرنىڭ خۇش بولغىنىڭلارغا مەنمۇ خۇشال بولدۇم، — دېدى ۋارېنكا ئاددىيلا جاۋاب بېرىپ.

كىتى دوستىغا پەخىرلىنىپ قاراپ قويىدى. ئۇ ۋارېنكانىڭ سەنئەتتىكى تالانتىغىمۇ، ئاۋازىغىمۇ، چىرايىغىمۇ قايىل بولغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ ۋارېنكانىڭ ناخشىنى ياخشى

ئېيتىدىغانلىقىدىن قىلچە ماختىنىش يوق، ماختاشلارغىمۇ پەرۋا قىلماي تۇرغان ھالىتىگە ھەممىدىن بەكرەك قايىل بولدى. ئۇ خۇددى: «يەنە ئېيتىمەنمۇ؟» دەپ سوراۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

«ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، — دەپ ئويلىدى كىتى، — ئاشۇنداق ناخشا ئېيتالىغىنىم ئۈچۈن قانچىلىك پەخىرلىنەر ئىدىم، خۇشاللىقتا بېشىم ئاسمانغا تاقاشماسمىدى! لېكىن، ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئويلىغىنى ئاپامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماي ئۇنى خۇش قىلىپ قويۇشلا. ئۇ نېمىلەرنى ئويلايدىغاندۇ؟ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايدىغان، مۇستەقىل ياشايدىغان بۇ كۈچنى نەدىن ئالىدىغاندۇ؟ شۇ سىرنى بىلسەم، ئۇنىڭدىن ئۆگەنسەم قانداق ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلىدى كىتى ئۇنىڭ ئاشۇ تىنچ، ۋەزمىن چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ. كىنەز خانىم ۋارېنكادىن يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىشنى سورىۋىدى، ۋارېنكا ئىككىنچى ناخشىنىمۇ پىئانىنونىڭ يېنىدا تىك تۇرۇپ، بۇغداي ئۆڭ، ئورۇق بىر قولىنى رىتىمغا كەلتۈرۈپ پىئانىنوغا بوش ئۇرۇپ تۇرۇپ، شۇنچىلىك چىرايلىق، مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئېيتىپ بەردى.

بۇ قېتىمقىسى ئىتالىيە ناخشىسى ئىدى. كىتى پاۋۇزنى چېلىپ بولۇپ ۋارېنكاغا قاراپ قويدى.

— بۇ ناخشىنى ئېيتمايلى، — دېدى ۋارېنكا قىزىرىپ كېتىپ.

كىتى ھەيران بولۇپ، سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— بوپتۇ، باشقىسىنى ئېيتىڭ! — دېدى كىتى ئۇ ناخشىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ دەررۇلا.

— ياق، — دېدى ۋارېنكا كىتى ئۆرۈۋاتقان نوتىنى بېسىۋېلىپ، كۈلگەن پېتى، — ياق، مۇشۇ ناخشىنى

ئېيتىۋېرەيلى، — ئۇ بۇ ناخشىنىمۇ تەمكىن تۇرۇپ چىرايلىق ئاۋازى بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى.

ئۇ بۇ ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئېيتىپ، چاي ئىچىشكە چىقىپ كېتىشتى. كىتى ۋارېنكا بىلەن بىللە يان تەرەپتىكى كىچىك بىر باغقا كىرىپ ئولتۇرۇشتى.

— بايىقى ناخشا بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى ئېسىڭىزگە سالسا كېرەك، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى كىتى، — ئۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ماڭا دەپ بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — كەينىدىنلا كىتى بۇ گەپنى قوشۇپ قويدى، — ھەئە ياكى ياقلا دېسىڭىز بولىدى.

— ئېيتىپ بەرسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ۋارېنكا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ۋە قارشى تەرەپتىن جاۋاب كۈتمەيلا سۆزلەپ كەتتى، — ئۇ ئىشنى ئويلىساملا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. مەن بۇرۇن بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، كېيىن بۇ ناخشىنى شۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەنىدىم.

كىتى تەسىرلىنىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، يوغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئاپىسى ئىككىمىزنىڭ بىللە بولۇشىنى خالىمايتتى. كېيىن ئۇ باشقا بىرى بىلەن توي قىلىپ كەتتى. ئۇ بىزدىن ئانچە يىراق ئەمەس بىر يەردە تۇرىدۇ، بەزىدە ئۇنى كۆرۈپمۇ قالىمەن. سىز مېنىڭمۇ شۇنداق مۇھەببەت تارىخىمنىڭ بولغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز؟ — ئۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا چىرايلىق يۈزىدە بىر ئوت يالت قىلىپ چاقنىغاندەك بولدى. كىتى بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ يۈزىدىمۇ شۇنداق بىر ئوتنىڭ چاقناپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

— نېمىشقا ئويلىماي؟ ئەگەر مەن ئەر كىشى بولغان بولسام، سىزنى كۆرگەندە، سىزدىن باشقا ھېچقانداق قىزنى ياخشى

كۆرمىگەن بولاتتىم. ئۇ يىگىتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاپىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ سىزنى مۇشۇنداق بەختسىزلىككە دۇچار قىلغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن. ئۇ يىگىت مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن.

— ياق، ئۇ ياخشى ئادەم، مەنمۇ بەختسىز ئەمەس، ئىنتايىن بەختلىك. ھىم، ئەمدى ناخشا ئېيتمىساق بولارمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دەپلا ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

— سىز بەكمۇ ياخشى ئىكەنسىز؟ — دېدى كىتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ئۇنى بىرنى سۆيۈپ قويدى، — مەن سىزنىڭ ئازراق يېرىڭىزنى بولسىمۇ دورىيالىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى.

— سىز نېمىشقا باشقىلارغا ئوخشاش بولۇشنى ئويلايسىز؟ ئۆزىڭىزمۇ شۇنداق ياخشى قىز ئىكەنسىزغۇ؟ — دېدى ۋارېنكا يېقىملىق ۋە ھارغىن كۈلۈپ قويۇپ.

— ياق، ئازراقمۇ ياخشى ئەمەسمەن. قېنى ئېيتىڭچۇ ... توختاپ تۇرۇڭ، بىز ئاۋۋال بىر يەرنى تېپىپ ئولتۇرايلى، — كىتى شۇنداق دەپ، ئۇنى بايا ئۆزى ئولتۇرغان ئۆزۈن ئورۇندۇققا باشلىدى، — ئۇ ئادەمنىڭ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى قەدىرلىمىگەنلىكىنى، سىز بىللە بولۇشنى خالىمىغانلىقىنى ئويلىغىنىڭىزدا ... خورلانغاندەك بولمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇ قەدىرلىمىدى ئەمەس، ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، لېكىن ئۇ ئاپىسىغا ۋاپادار يىگىت ئىدى ...

— ھىم، ئەگەر ئۇ ئاپىسىنىڭ خاھىشى بىلەن ئەمەس، ئۆزى شۇنداق قىلغان بولسىچۇ؟...

كىتى بۇ گەپ بىلەن ئۆزىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقان چىرايى ئىچىدىكى سىرلىرىنى ئاللىبۇرۇن

ئاشكارىلاپ بولغانىدى.

— ئۇ چاغدا ئۇ يامان ئىش قىلغان بولاتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇنچىلا ئىچىنمىغان بولاتتىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋارېنكا، گەپ ئەمدى ئۆزى توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى كىتتى ئۈستىدە كېتىۋاتقىنىنى چۈشىنىپ.

— ئەمىسە خورلانغىنىڭىزچۇ؟ — دېدى كىتتى، — خورلانغاننى ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ، ھەرگىز ئۇنتۇپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئاخىرقى تانسىدا مۇزىكا توختىغاندا ئۆزىنىڭ ۋرونسكىيغا تىكىلىپ قارىغان چاغدىكى ئاشۇ بىر كۆرۈنۈشنى يادىغا ئېلىپ.

— شۇمۇ خورلانغانلىق بولامدۇ؟ سىز يا يامان ئىش قىلمىسىڭىز؟

— يامان ئىشتىنمۇ بەتتەر ئىش! ئۇياتلىق ئىش - دە، ئۇ!

ۋارېنكا بېشىنى چايقاپ، بىر قولىنى كىتتىنىڭ قولى ئۈستىگە قويدى.

— ئۇ ئىشنىڭ نېمىسى ئۇيات! — دېدى ۋارېنكا، — سىزگە بىپەرۋا قارىغان ئادەمگە سىزنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ ئېيتمايدىغانسىز؟

— ئەلۋەتتە ئېيتمايمەن. مەن ئۇنىڭغا ئۇ گەپنى زادىلا دەپ باقمىغان، ئەمما ئۇ بىلەتتى. توغرا، توغرا، ئادەم بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىدىن، ھەرىكەتلىرىدىن بىلىۋالالايدۇ، مەن يۈز يىل ياشىساممۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى شۇ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن.

— زادى نېمە ئىش بولغان؟ پەقەتلا چۈشەنمىدىمغۇ؟ مەسىلە، سىزنىڭ ھازىرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈش - كۆرمەسلىكىڭىزدە، — دېدى ۋارېنكا گەپنى ئوچۇقلا قىلىپ.

— مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن ھەم ئۆزۈمنىمۇ كەچۈرمەيمەن.

— بۇ يەنە نېمە ئۈچۈن؟

— يۈزۈم چۈشتى، خورلاندىم.
— ئەگەر ھەممە ئادەم سىزگە ئوخشاش مۇشۇنداق نازۇك بولىدىغان بولسا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى ۋارېنكا، — بۇنداق ئىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن بىرمۇ قىز يوق. بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتسىز ئىشلار.
— ئۇنداق بولسا ئەھمىيەتلىكى قانداق بولىدۇ؟ — كىتى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى.
— ئەھمىيەتلىك ئىشلار كۆپ، — دېدى ۋارېنكا كۈلۈپ كېتىپ.
— زادى قانداق ئىش ئەھمىيەتلىك؟
— ئۇنىڭدىن ئەھمىيەتلىك نۇرغۇن ئىشلار بار، — دېدى ۋارېنكا جاۋابەن نېمە دېيىشىنى بىلمەي. شۇ ئارىدا دېرىزە سىرتىدىن كىنەز خانىمنىڭ ئاۋازى كەلدى.
— كىتى، ھاۋا سوۋۇپ قالدى، يا روملىنى ئۈستۈڭگە يېپىۋال، يا ئۆيگە كىرىپ كەت!
— خوش، مەن كەتتىم، — دېدى ۋارېنكا ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن يەنە بېرتې خانىمنىڭ يېنىغا كىرىشىم كېرەك، ئۇ مېنى يېنىمغا كىرىپ كېتىڭ، دېگەن.

كىتى ۋارېنكانىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇردى، كۆزلىرىدىن: «زادى قانداق ئىش ئەھمىيەتلىك؟ سىز قانداق قىلىپ مۇشۇنداق تەمكىن تۇرالايسىز؟ ئەگەر بىلسىڭىز ماڭا سۆزلەپ بەرسىڭىز!» دەۋاتقاندەك بىر خىل قىزىقىش ۋە يېلىنىش چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ۋارېنكا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەيتتى، بىلىدىغىنى بۈگۈن كەچتە بېرتې خانىمنىڭ يېنىغا كىرىپ چىقىش، ئاندىن سائەت ئون ئىككىدىن ئىلگىرى ئۆيىگە بېرىپ ئاپىسىغا چاي دەملەپ بېرىشلا ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ نوتىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاندىن ئۇ يەردىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ ماڭماقچى بولدى.

— مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي، — دېدى پولكوۋنىك.

— بۇ گەپنى ياخشى دېدىڭىز، كەچ كىرىپ كەتتى، يالغۇز ماڭسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ — دېدى كىنەز خانىم ئۇنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ، — ئەڭ بولمىغاندا پاراشانى بولسىمۇ قوشۇپ قوياي.

ۋارېنكانىڭ ئاپىرىپ قويايلى، دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندا كۇلۇۋېتىشكە تاس قالغانلىقىنى كىتى بايقاپ قالدى.

— ياق، ھەرقانداق چاغدا يالغۇز مېڭىۋېرىمەن، ھېچقانداق ئىش چىقىپ باقمىغان، — دېدى ئۇ شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ. ئاندىن كىتىنى سۆيۈپ قويدى، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ نېمىلىكى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، نوتىلارنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ نېمە ئىشنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان غۇرۇرى ۋە تەمكىنلىكىگە قانداق بىر كۆچنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئېلىپ، ياز كېچىسىنىڭ غۇۋا قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

# 33

كىتى شتال خانىم بىلەن تونۇشتى. شتال خانىم بىلەن تونۇشقانلىقى ھەم ۋارېنكا بىلەن دوست بولۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭغا زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئازاب ئىچىدە يۈرگەن چاغلىرىدا تەسەللىمۇ بولدى، ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇقى ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېپيېڭى بىر دۇنيا قۇچاق ئاچقاندەك بولدى. بۇ ئۇ ئىلگىرى كۆرگەنلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئالىيجاناب ۋە گۈزەل دۇنيا ئىدى، ئۇنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سوغۇق قانلىق

بىلەن كۆزەتكىلى بولاتتى. ھازىر كىتىنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرغىچە كاللىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەلمەيۋاتقان ئەسلىدىكى تۇرمۇشىدىن باشقا يەنە بىر خىل روھىي تۇرمۇشمۇ پەيدا بولۇپ قالغانىدى. بۇ تۇرمۇشقا دىن يېتەكچى ئىدى. ئەمما، بۇ خىل دىنىنىڭ كىتىگە كىچىكىدىن تارتىپ تونۇشلۇق بولغان دىن بىلەن، تۇل خوتۇنلار ساناتورىيىسىدە (ئۇ يەردە دائىم تونۇش كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى) ئۆتكۈزۈلىدىغان توۋا - ئىستىغپارلار ۋە ئىبادەتلەر جەريانىدا پوپلار بىلەن كېچە - كېچىلەپ سىلاۋيانچە «ئىنجىل»نى بىللە يادلىغان چاغلاردا ئىپادىلىنىدىغان دىن بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى يوق ئىدى، ئالىيجاناب، سىرلىق، گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارغا تويۇنغان بىر خىل دىن ئىدى. بۇنداق دىنغا ئېتىقاد قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى قىزغىن سۆيۈش كېرەك ئىدى.

بۇنىڭ ھەممىسىنى كىتى ئاڭلىغان سۆزلىرى ئارقىلىق ھېس قىلغان ئەمەس. شتال خانىم كىتى بىلەن خۇددى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىزى بىلەن پاراڭلاشقاندەك پاراڭلىشاتتى، ئۇنىڭ پاراڭلىرىدىن كىتى ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى. شتال خانىم بىر قېتىم ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە پەقەت ئېتىقاد ۋە مۇھەببەتتىنلا تەسەللى تاپالايدىغانلىقىنى، ئىيسانىڭ ئىنسانلارغا بولغان غەمخورلۇقىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن، شۇ سۆزىدىن كېيىنلا گەپنى باشقا مەزمۇنغا يۆتكىۋەتكەنىدى. شۇ قېتىمقى سۆھبەت قىسقا بولغان بولسىمۇ، ئەمما كىتى ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىدىن، ھەر بىر ھەرىكىتىدىن، جەننەت پەرىشتىلىرىگە خاس (كىتى ئۇنى ئاشۇنداق سۈرەتلەيتتى) ھەربىر بېقىشىدىن، بولۇپمۇ پۈتكۈل ھاياتىدىن (بۇنى ئۇ ۋارېنكادىن ئاڭلىغانىدى)، ئىشقىلىپ، ھەممە تەرىپىدىن ئۆزى ئىلگىرى زادىلا بىلمەيدىغان «مۇھىم ئىشلار»نى بىلىپ يەتكەنىدى.

شۇنداقتىمۇ، شتال خانىم قانچىلىك پەزىلەتلىك، قانچىلىك

ئالىيجاناب، پۈتكۈل هاياتى قانچىلىك تەسىرىي كۆچكە ئىگە، گەپ - سۆزلىرى قانچىلىك لاتاپەتلىك بولسىمۇ، كىتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چۈشىنىپ بولمايدىغان بەزى ئىشلارنىمۇ بايقىغاندەك بولدى. مەسىلەن، شتال خانىم ئائىلىسى توغرۇلۇق گەپ چىقىپ قالسىلا مەنىستىمىگەندەك بىر كۈلكە بىلەن كۈلۈپ قوياتتى، بۇ قىلىقى خىرىستىئان دىنىنىڭ مېھرىبانلىق روھىغا پەقەتلا مۇۋاپىق كەلمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، كىتى يەنە ئۇنىڭ كاتولىك دىنىنىڭ روھانىيسى بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا يۈزىنى لامپىنىڭ قالپىقىنىڭ دالدىسىغا ئېلىۋالىدىغانلىقىنى، چىرايىدا غەلىتە بىر كۈلكە پەيدا بولىدىغانلىقىنىمۇ بايقاپ قالدى. كىتى بۇ ئىككى ئىشقا ھەيران قېلىپ، كۆڭلىدە شتال خانىمغا قارىتا سوئال پەيدا بولۇپ قالدى. ۋارېنكا بولسا قېرىنداشلىرى، يېقىن - يورۇقلىرى يوق تىكەندەك يالغۇز، ئارتۇقچە تەلىپى يوق قىز ئىدى، ھېچقانداق ئادەمگە ئاداۋەت ساقلىمايتتى، ئۆتكەن ئىشلىرىغا ئازراق پۇشايمىنىلا بار ئىدى، شۇڭا كىتىنىڭ كۆڭلىگە مۇكەممەل بىر ئادەم سۈپىتىدە مەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئادەم ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان، باشقىلارنى قىزغىن سۆيىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە خاتىرجەملىك، بەخت - سائادەت تاپالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى ھەم ئۆزىمۇ ئاشۇنداق بىر ئادەم بولۇشنى ئويلىدى. ئەمدى كىتى «ئەڭ مۇھىم ئىش»نىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ماختاشلارغا بېرىلمەي، ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئېچىلغان يېڭىچە ھاياتقا شۇئانلا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قىزىقىپ قالدى. شتال خانىم بىلەن باشقىلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى توغرىسىدا ۋارېنكانىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە قاراپ كەلگۈسى ھاياتىنىڭ پىلانلىرىنىمۇ تۈزۈپ چىقتى. ۋارېنكا كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەن شتال خانىمنىڭ جىيەنى ئالىنەگە ئوخشاش، كىتىمۇ بارغانلا يېرىدە جاپا چېكىۋاتقان ئادەملەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىدىغان، «ئىنجىل»

تارقىتىپ بېرىدىغان، كىيسەللەرگە، جىنايەتچىلەرگە، ئۆلۈم ئالدىدا ياتقانلارغا «ئىنجىل» ئوقۇپ بېرىدىغان بولدى. ئالىنەگە ئوخشاش جىنايەتچىلەرگە «ئىنجىل» ئوقۇپ بېرىش ئويى كىتىنى تولىمۇ زوقلاندۇردى. ئەمما، بۇنىڭ ھەممىسى كىتىنىڭ مەخپىي ئويلىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە نە ئاپىسىغا، نە ۋارېنكاغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانىدى.

كىتى ئۆزىنىڭ بۇ پىلانلىرىنى كەڭ تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەللەر ۋە جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر تويلاشقان بۇ ئارىشاڭدا ۋارېنكاغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭى غايىسىگە يېتىشنىڭ پۇرسەتلىرى تولۇپ ياتاتتى.

كىنەز خانىم دەسلەپتە كىتىنىڭ شتال خانىمنىڭ، بولۇپمۇ ۋارېنكانىڭ «ئوتتەك قىزغىنلىقى»نىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچراۋاتقانلىقىنى سەزگەن، ئۇلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىنىلا دوراپ قالماي، مېڭىش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆز ۋە كۆز ئۇچۇرۇشلىرىنىمۇ دوراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. كېيىن ئۇ يەنە قىزىدا شۇ زوقلىنىشلاردىن باشقا، قانداقتۇر بىر جىددىي روھىي ئۆزگىرىشلەرنىڭمۇ بولۇۋاتقىنىنى سەزدى.

كىتى ھەر كۈنى ئاخشىمى شتال خانىم بەرگەن فرانسۇزچە «ئىنجىل»نى ئوقۇيدىغان بولۇپ قالدى، ئىلگىرى ئۇنىڭدا ئۇنداق ئەھۋال يوق ئىدى. كىنەز خانىم يەنە كىتىنىڭ ئاقسۆڭەكلەردىن بولغان تونۇش ـ بىلىشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ۋارېنكانىڭ ھىمايىسىدىكى كېسەللەر بىلەن، بولۇپمۇ پېتروف ئىسىملىك كېسەل رەسسامنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ شۇلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى. كىتى شۇ ئائىلىنىڭ شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇشنى شەرەپ بىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى جايىدا بولغاچقا، كىنەز خانىم ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ھەرگىز قارشىلىق بىلدۈرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە

پېتروفنىڭ خوتۇنى ياخشى ئايال ئىدى، گېرمانىيىلىك گراف خانىمۇ كىتىنىڭ ئىشلىرىغا دىققەت قىلىپ، ئۇنى رەھىم ـ شەپقەت پەرىشتىسى، دەپ ئاتاپ ماختىغانىدى. ئەگەر چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەيدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ياخشى ئىشلار ئىدى. كىنەز خانىم قىزىنىڭ بەزىدە ئازراق چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، فرانسۇزچە: «*ھەرقانداق ئىش لايىقىدا بولۇشى كېرەك*» دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپمۇ قويدى. لېكىن، كىتى ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى، ئەمما كۆڭلىدە، خرىستىئان دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندا چەكتىن ئېشىپ كەتتى، دېگەن گەپ بولمايدۇ. خرىستىئان تەلىماتىدا، بىرى ئوڭ مەڭزىڭگە ئۇرسا، ئۇنىڭغا يەنە سول مەڭزىڭنى تۇتۇپ بەر؛ ئەگەر بىرەرى ئىچ كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇۋالماقچى بولسا، ئۇنىڭغا يەنە سىرتقى كىيىملىرىڭنىمۇ قوشۇپ بەر، دېيىلگەن تۇرسا، مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىمنىڭ نېمىسى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. كىنەز خانىم ئەنە شۇنداق ئارتۇقچە ئىشلارنى ياقتۇرمايتتى، بولۇپمۇ كىتىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئاپىسىغا پەقەتلا دېمەيدىغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ خاپا قىلاتتى. دېمىسىمۇ، كىتى ئۆزىدىكى يېڭى ئىدىيە، يېڭى ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئاپىسىدىن يوشۇراتتى. بۇ يوشۇرۇش ئاپىسىنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقىدىن ئەمەس، پەقەتلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاپىسى بولغانلىقىدىنلا ئىدى. شۇڭا، باشقىلارغا دېسە دەيتتىكى، ئاپىسىغا دېيىشنى خالىمايتتى.

— ئاننا پاۋلوۋنا ئۇزاق بولدى، بىزنىڭكىگە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ — دېدى بىر كۈنى كىنەز خانىم پېتروفنىڭ خوتۇنى توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ، — ئۆيگە تەكلىپ قىلسام سەل خاپا بولغاندەك قىلىۋاتىدۇ.

— مەن بۇنى سەزمەپتىمەن، ئاپا، — دېدى كىتى قىزىرىپ كېتىپ.

— ئۇلارنىڭكىگە بارمىغىنىڭغا خېلى بولدىمۇ؟

— ئەتە بىز تاغقا سەيلىگە چىقماقچىدۇق، — دېدى كىتى جاۋابەن.

— بوپتۇ، بېرىپ كېلىڭلار، — دېدى كىنەز خانىم قىزىنىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا تىكىلىپ ۋە نېمىگە خىجالەت بولۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە تىرىشىپ.

شۇ كۈنى ۋارېنكا چۈشلۈك تاماققا كېلىپ، ئاننا پاۋلوۋنانىڭ ئەتە تاغقا چىقىشتىن يالتىيىپ قالغانلىقىنى دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كىتى يەنە قىزىرىپ كەتتى، بۇنى كىنەز خانىم سېزىپ قالدى.

— كىتى، پېتروفلار بىلەن سېنىڭ ئاراڭدا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندۇ! — دەپ سورىدى كىنەز خانىم ئۆيدە ئىككىسى يالغۇز قالغاندا كىتىدىن، — نېمىشقا پېتروف خانىم باللىرىنىمۇ ئەۋەتمەيدىغان، ئۆزىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى؟

كىتى ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئىش بولمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئاننا پاۋلوۋنانىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆزىدىن خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى دېدى. كىتىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست ئىدى، ئاننا پاۋلوۋنانىڭ نېمە ئىش بىلەن ئۆزىگە مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى، ئەمما ئازراق پەرەز قىلالايتتى، پەرەز قىلغانلىرىنى ئاپىسىغا ئېيتالمايتتى، ئۆزىمۇ جەزملەشتۈرەلمەيتتى. ئۇنداق ئىشنى تولۇق بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئېغىزدىن چىقىرىشقا بولمايتتى، ناۋادا ئوتتۇرىدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالسا بەكمۇ يامان ھەم ئۇياتلىق ئىش بولاتتى.

كىتى ئۇ ئائىلە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تولۇق ئەسلەپ چىقتى: ئىككىسى كۆرۈشكەن چاغلاردا ئاننا پاۋلوۋنانىڭ مۇلايىم، يۇمىلاق يۈزىدە پەيدا بولىدىغان ساددا خۇشاللىقنى، كېسەلنىڭ ئىشى توغرۇلۇق قىلىشقان مەخپىي پاراڭلىرىنى، ئۇنى دوختۇر چەكلىگەن ئىشلاردىن قاچۇرۇپ قانداق سەيلىگە ئاچىققانلىرىنى، ئۆزىنى «مېنىڭ كىتىيىم» دەپ ئاتايدىغان كىچىك ئوغلىنىڭ

ئۆزىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزى يېنىدا بولمىسا ئۇخلىغىلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى ئەسلەپ چىقتى. بۇ ئىشلار قانداق ياخشى بولۇۋىدى ـ ھە ! كىتى ئارقىدىنلا يەنە ئۇستىگە بېغىر رەڭ كاستۇم كىيگەن ئۇزۇن بويۇن پېتروفنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى، شالاڭ بۇدۇر چاچلىرىنى، دەسلەپتە كىتىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىغان، قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەن كۆزلىرىنى، ئۆزىنى كىتىنىڭ ئالدىدا جانلىق، تېتىك كۆرسىتىشكە تىرىشقان ئازابلىق كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىدى. كىتى باشتا ھەممە سىل كېسەللەردىن يىرگەنگەندەك پېتروفتىنمۇ يىرگەنمەسلىككە ئۆزىنى مەجبۇرلاپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە مۇۋاپىق گەپلەرنى تاللاشقا قانچىلىك تىرىشقانلىرىنىمۇ يادىغا ئالدى. پېتروفنىڭ ئۆزىگە تارتىنىپ تۇرۇپ مېھرى بىلەن نەزەر سالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ ئۆزىنى ناقۇلاي سەزگەنلىكىنى، كېيىن ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى ئويلىغاندا غەلىتە تۇيغۇلاردا بولغانلىقىنى ئويلىدى. بۇ ئىشلار قانداق ياخشى بولغان ـ ھە ! بۇلارنىڭ ھەممىسى باشتىكى ئىشلار. ھازىرچۇ؟ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئىشلار تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاننا پاۋلوۋنا ئۇنى ياسىما ئىلتىپات بىلەن كۈتىۋالدىغان، كىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېرى ئىككىسىنى تىنماي كۆزىتىدىغان بولۇۋالدى.

پېتروف كىتى كەلسە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتەتتى، پاۋلوۋنانىڭ ئۆزىگە سوغۇق مۇناسىۋەت قىلىشى شۇنىڭدىنمۇ؟

«توغرا، ــ دېدى كىتى ئەسلەپ، ــ ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ئاننا پاۋلوۋنا ماڭا: ‹قاراڭ، ئۇنىڭ سىزنى كۈتكىنى كۈتكەن، شۇنچىلىك دەرمانسىزلىنىپ كېتىۋاتسىمۇ سىز كەلمىگۈچە قەھۋە ئىچمەيدۇ› دېگەن چاغدا، ھالىتىدە قىلچە تەبىئىيلىك يوق، ئەسلىدىكى ئۆزىگە زادىلا ئوخشىماي قالغان.»

«ئاشۇ كۈنى پېتروفقا ئەدىيال ئەكېلىپ بەرگىنىمدىمۇ ئاننا

پاۋلوۋنانىڭ كۆڭلى بىر خىل بولۇپ قالغان بولغىيدى. بۇ بىر ئادەتتىكى ئىش ئىدى. لېكىن، پېتروفنىڭ ئەدىيالنى قولىغا ئېلىۋاتقان چاغدىكى ئوڭايسىزلىنىۋاتقان ھالىتى، توختىماي رەھمەت ئېيتىپ كېتىشلىرى مېنىمۇ خىجالەت قىلىپ قويغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ مېنىڭ رەسىممنى شۇنچىلىك ئوخشىتىپ سىزىپ بەرگىنىچۇ تېخى. گەپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ ھەم ئۇيالغاندەك بولۇپ قاراشلىرىدا. راست، راست، دەل شۇنداق، — كىتى بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى يەنە سۆزلەپ كەتتى، — ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك! ئۇ بەك بىچارە ئادەم!

بۇ خىل گۇمان ئۇنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا بولغان قىزىقىشىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى.

# 34

كىنەز شېرباتسكي كارلسبادقا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە بادىن بىلەن كىسسىنگېندىكى[1] رۇس ئاغىنىلىرىنىڭكىگە بېرىپ — ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، رۇسىيە ھاۋاسىغا قېنىۋېلىش ئۈچۈن بارغان — خوتۇنى بىلەن قىزىنىڭ ئالدىغا ئارىشاڭدا داۋالىنىش مەزگىلى ئاياغلىشىش ئالدىدا قايتىپ كەلدى.

كىنەز بىلەن كىنەز خانىمنىڭ چەت ئەل ھاياتىغا بولغان قاراشلىرى پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى ئىدى. كىنەز خانىمنىڭ كۆزىگە چەت ئەلنىڭ ھەممە نەرسىسى گۈزەل كۆرۈنەتتى. رۇسىيىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى شۇنچىلىك ياخشى بولسىمۇ، چەت ئەلدە ياۋروپا ئاياللىرىغا ئوخشاش بولۇشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ ئەسلىدىلا ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، تېپىك رۇس ئاقسۆڭەكلىرىدىن

[1] بادىن بىلەن كىسسىنگېن گېرمانىيىنىڭ ئارىشاڭ ساناتورىيىلىرى.

ئىدى، ئوخشىمىسىمۇ ئوخشايمەن دەپ ئۇلارنى دوراپ باقاتتى، دورىغانسېرى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى. كىنەز ئۇنىڭ ئەكسىچە، چەت ئەلنىڭ ھەممە نەرسىسى كۆزىگە يامان كۆرۈنەتتى، ياۋروپادا ياشاشتىن بىزار ئىدى، ھەممە يەردە، ھەممىلا ئىشتا رۇس ئادەت ـ قائىدىلىرىنى تاشلىمايتتى، ياۋروپالىققا ئوخشاپ قالماسلىققا تىرىشاتتى.

كىنەز ئازراق يادىغان، ئىككى مەڭزىنىڭ گۆشلىرى ئازراق ساڭگىلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن روھى ئۈستۈن ئىدى. ئۇ كىتىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تولۇق ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدى. كىتىنىڭ شتال خانىم ۋە ۋارېنكا بىلەن چىقىشىپ قالغانلىقى، كىنەز خانىمنىڭ كىتىدە قانداقتۇر بىر ئۆزگىرىشنى سېزىپ يۈرۈۋاتىمەن، دەپ ئېيتقان گەپلىرى كىنەزنى شۈبھىگە ھەم قورقۇنچقا سېلىپ قويدى، قىزىمنى باشقا بىرلىرى ئالداپ، مەندىن ئايرىپ، مېنىڭ قولۇم يەتمەيدىغان بىر يەرلەرگە ئېلىپ كېتەرمۇ، دېگەن ئەندىشە يۈرىكىنى مۈجۈشقا باشلىدى. لېكىن، بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرلەر ئەسلىدىن ئۇنىڭدا بار بولغان، بۇ قېتىم كارلسباد ئارىشىڭغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن خۇشخۇيلۇق ۋە ئۇمىدۋارلىق دېڭىزىغا تېزلا غەرق بولۇپ كەتتى.

قايتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى، كىنەز ئۇزۇن پەلتوسىنى كىيىپ، رۇسلارغا خاس قورۇق باسقان مەڭزىلىرىنىڭ ئېسىلىپ تۇرغان گۆشلىرى قاتۇرۇلغان ياقىسىغا تىرەلگەن ھالدا، قىزىنى ئېلىپ خۇشخۇي كەيپىيات بىلەن ئارىشاڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بۈگۈن ئەتىگەن ھاۋا ئوچۇق ئىدى، قاتار كەتكەن پاكىز باغلىق ھويلىلارنىڭ، مەڭزىلىرى قىزىل، بىلەكلىرى ئاپتاپتا تاۋلىنىپ كەتكەن، پىۋىغا قېنىشىۋالغان خىزمەتكار نېمىس ئاياللارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ۋە چاقناپ تۇرغان قۇياش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بۆلەكچىلا كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئارىشاڭغا يېقىنلاشقانسېرى كېسەللەر شۇنچە كۆپ ئۇچراپ

تۇردى، گېرمانىيىنىڭ تەرتىپلىك ھاياتى ئىچىدىكى بۇ كۆرۈنۈش بەكمۇ ئېچىنارلىق ئىدى. بۇ كۈچلۈك قارىمۇقارشىلىق ھازىر كىتىنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. پارلاپ تۇرغان قۇياش، يۇمران ئوت ـ چۆپلەر، لەرزان مۇزىكا سادالىرى، كىتىگە تونۇش كىشىلەرنىڭ تەبىئىي قىياپەتلىرى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يېقىملىق كۆرۈنەتتى. كىتى ئۇلارنىڭ سالامەتلىكلىرىنىڭ يامان تەرەپكە ئەمەس، ياخشى تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، ئىيۇن ئېيىنىڭ سەھىرىدىكى ئوچۇق ئاسمان، ساپ ھاۋا، مۇزىكانتلار چېلىۋاتقان ۋالىس مۇزىكىسىنىڭ لەرزان مۇڭى، بولۇپمۇ ساغلام نېمىس خىزمەتكار ئاياللىرىنىڭ قىياپەتلىرى ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن، غەمكىن مېڭىپ يۈرگەن بۇ تىرىك مۇردىلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، كىنەزنىڭ كۆزلىرىگە غەلىتە ۋە بىر ـ بىرىگە پەقەتلا ماس كەلمىگەن ھالەتتە كۆرۈنۈپ كەتتى.

كىنەز ئامراق قىزىنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقاندا، ئۆزىدە بىر خىل پەخىر تۇيغۇسى سەزگەندەك، خۇددى ياشلىق چاغلىرىغا قايتىپ كەلگەندەك بىر خىل ھالەتتە بولغانىدى، لېكىن ئۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن، مەزمۇت دەسسەپ كېتىۋاتقان قەدەملىرى، ساغلام بەدىنى ئۈچۈن سەل قورۇنۇپ ھەم ئىزا تارتىپ قېلىۋاتقاندەكمۇ، ئۆزىنى خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ كېتىۋاتقاندەكمۇ ئويلاپ قالدى.

— ماڭا يېڭى دوستلىرىڭنى تونۇشتۇرۇپ قويمامسەن، — دېدى كىنەز قىزىنىڭ ئۆزىنى قولتۇقلىۋالغان قولىنى قىسىپ قويۇپ، — سېنىڭ كېسىلىڭنى ساقايتقىنى ئۈچۈن بۇ سۆرۈن سودىن ئارىشىڭنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن. لېكىن، بۇ يېرىڭلار ئازراق زېرىكىشلىك ئىكەن. ئۇ كىم؟

كىتى ئۇنىڭغا ئالدىغا ئۇچرىغان تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى. ئىككىسى

باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، بىر ئايالنى يېتىلەپ يۈرگەن بىرت خانىم ئۇچراپ قالدى. كىنەز فرانسىيىلىك بۇ قارىغۇ ئايالنىڭ كىتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىرايىدا شۇئان ئامراقلىق ھالەت پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ئايال شۇئان فرانسۇزلارغا خاس خۇش مۇئامىلە بىلەن كىنەزگە گەپ قىلىپ، ئاجايىپ ياخشى قىزىڭىز بار ئىكەن، دېدى ۋە كىتىنى كۆزىچىلا، گۆھەردەك، مەرۋايىتتەك قىز، شەپقەت پەرىشتىسى، دەپ كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ كەتتى.

— ھە، بۇ گەپچە مېنىڭ قىزىم ئىككىنچى پەرىشتە ئىكەن-دە! — دېدى كىنەز كۈلۈپ كېتىپ، — قىزىم ۋارېنكا خانقىزنى بىرىنچى پەرىشتە دېگەن.

— ۋارېنكا خانقىز ھەقىقەتەن پەرىشتىنىڭ ئۆزى، — ئۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، — دېدى بىرت خانىم ئۇنىڭ گېپىگە ماسلىشىپ.

ئۇلار ئەينەكلىك كارىدوردا ۋارېنكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ۋارېنكا قولىدا چىرايلىق بىر قىزىل سومكا، ئۇلارغا قاراپ ئىتتىك كېلىۋاتاتتى.

— قاراڭ، دادام قايتىپ كەلدى، — دېدى كىتى ئۇنىڭغا.

ۋارېنكا ھەممە ئىشنى ئاددىي قىلىدىغان ئادىتى بويىچە باش ئېگىپ سالاملىشىش ۋە تىزىنى ئازراق پۈكۈشنىڭ ئارىلىقىدا ئوتتۇرىچە ئاددىي ۋە تەبىئىي بىر ھەرىكەتنى قىلىپ، ئاندىن كىنەز بىلەن خۇددى باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندەك ئەركىن سۆزلىشىپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە، مەن سىزنى بىلىمەن، بىلگەندىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىمەن، — دېدى كىنەز ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ. كىتى دادىسىنىڭ دوستىنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى، — سىز ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭىز؟

— ئاپام مۇشۇ يەردە ئىدى، — دېدى ۋارېنكا كىتىگە قاراپ، — ئۇ كېچىچە ئۇخلىماي چىقتى. دوختۇر ئۇنىڭغا سىرتلارنى ئايلىنىپ كىرىڭ، دەپ مەسلىھەت بەرگەن. شۇ تۇرقىدا مەن ئۇنىڭغا يىڭنە ئىشلىرىنى ئەكېتىپ بارىمەن.

— دېمەك، بىرىنچى نومۇرلۇق پەرىشتە مۇشۇ قىز ئىكەن ـ دە، — دېدى كىنەز ۋارېنكا خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن.

كىتى دادىسىنىڭ ۋارېنكانى زاڭلىق قىلىپ كۆلمەكچى بولۇپ، ئۆزىگە يېقىپ قالغانلىقىدىن ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالماي تۇرغانلىقىنى سەزدى.

— ئەمدى مەن سېنىڭ دوستلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى كۆرىدىغان بولدۇم، — دېدى كىنەز يەنە، — ئەگەر مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىسا، شتال بىلەنمۇ كۆرۈشىمەن.

— سەن ئۇنى تونۇمسەن، دادا؟ — كىتى شتال خانىمنى تىلغا ئالغاندا كىنەزنىڭ كۆزلىرىدە مەسخىرە ئوتلىرىنىڭ ئۇچقۇنداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەندىشە ئىچىدە سورىدى.

— مەن ئۇنىڭ ئېرى بىلەن تونۇشىمەن، ئۆزى بىلەنمۇ ئازراق تونۇش. ئۇ ساداقەتمەنلەر سېپىگە كىرىشتىن ئىلگىرى تونۇشاتتۇق.

— دادا، ساداقەتمەنلەر سېپى دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى كىتى شتال خانىمدىكى ئۆزى شۇنچە چوڭ كۆرگەن نەرسىنىڭ نامى بارلىقىغا ھەيران قېلىپ.

— مەنمۇ تازا ئېنىق بىلمەيمەن. بىلىدىغىنىم، ئۇنداقلار قانداقلىكى بەختسىزلىككە ئۇچرىسا خۇداغا شۈكۈر ئېيتىدۇ، شتال خانىممۇ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندە شۇنداق قىلغان. بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش ـ دە. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ناچار ئىدى.

— ئاۋۇ نېمە ئادەم؟ چىرايى تولىمۇ ئېچىنارلىققۇ؟ — كىنەز ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئوتتۇرا بويلۇق، ئۇستىگە بىغىر رەڭ پەلتو كىيگەن، ئورۇق پۇتلىرىدا غەلىتىلا پۈكۈلۈپ، پۈرلىشىپ كەتكەن ئاق ئىشتان بار ئادەمنى كۆرۈپ كىتىدىن سورىدى.

ئۇ ئادەم بېشىدىكى چېخ شىلەپىسىنى ئازراق كۆتۈرۈپ قويۇۋىدى، شالاڭ بۇدۇر چاچلىرى ۋە شىلەپە بېسىپ قىزارتىۋەتكەن كەڭ پېشانىسى كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى پېتروف، رەسسام، — دېدى كىتى قىزىرىپ كېتىپ، — ئاۋۇ ئايال ئۇنىڭ خوتۇنى، — دەپ قوشۇپ

قويدى ئۇ ئاننا پاۋلوۋنانى كۆرسىتىپ. ئۇلار يېقىن كېلىپ قالغاندا ئاننا ئەتەي بالىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن بولۇپ نېرى كەتكەنىدى.

— ھەي، نېمىدېگەن بىچارە بۇ ئادەم، ئەمما ئىسسىق چىراي ئىكەن، — دېدى كىنەز، — نېمىشقا يېنىغا بارمايسەن؟ ساڭا دەيدىغان گەپلىرى بار بولغىيدى.

— بولىدۇ، بارايلى، — دېدى كىتى جىددىي بۇرۇلۇپ، — بۈگۈن ساقلىقىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ پېتروفتىن.

پېتروف ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىنەزگە سەل قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى.

— بۇ مېنىڭ قىزىم، — دېدى كىنەز، — مۇمكىن بولسا تونۇشۇپ قالساق.

رەسسام بېشىنى ئېگىپ، پارقىراپ تۇرغان ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويدى.

— بىز سىزنى تونۇگۈن كېلىدۇ، دەپ مەشەدە كۈتكەنىدۇق، خانقىز، — دېدى ئۇ كىتىگە.

شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا ئۇ ئازراق سەندىرەكلەپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۆزىنى خۇددى ئەتەي شۇنداق قىلغاندەك قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، تىرىشىپ، ئۇ ھەرىكەتنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

— مەن كەلمەكچىدىم، لېكىن ۋارېنكا كېلىپ، ئاننا پاۋلوۋنا، بىز بارالمايدىغان بولدۇق، دەپ بىرىدىن گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ دېگەچكە بارمىدىم.

— بىز قانداق بارمايدىكەنمىز؟ — دېدى پېتروف قىزىرىپ ۋە شۇ ھامان يۆتىلىپ كېتىپ. ئاندىن ئۇ ئۇياق - بۇياققا قاراپ خوتۇنىنى ئىزدىدى، — ئاننا! ئاننا! — ئۇ شۇنداق دەپ ۋارقىرىغاندا، ئاپئاق ھەم ئىنچىكە بويىنىدىكى تومۇرلىرى ئارغامچىدەك كۆپۈپ چىقتى.

ئاننا پاۋلوۋنا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بىز بارمايمىز دەپ كىنەز خانقىزنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتكىنىڭ نېمىسى؟ — ئۇ ئاۋازى بوغۇلۇپ، غەزەپ بىلەن خوتۇنىدىن بوش ئاۋازدا سورىدى.

— ياخشىمۇسىز، كىنەز خانقىز! — دېدى ئانىنا پاۋلوۋنا ئىلگىرىكى مۇئامىلىسىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ياسىما كۈلۈمسىرەش بىلەن، — سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا تولىمۇ خۇشالمەن، — دېدى ئۇ يەنە كىنەزگە قاراپ، — سىزنى ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈۋاتاتتۇق، كىنەز.

— بىز بارمايمىز دەپ كىنەز خانقىزغا ئادەم ئەۋەتكىنىڭ راستمۇ؟ — دېدى رەسسام ئاۋازى بوغۇلۇپ قېلىپ ۋە سۆزىگە ئويلىغان تونىنى بېرەلمىگىنىگە بايىقىدىنمۇ بەتتەررەك ئاچچىقى كېلىپ.

— ۋاي خۇدايىمەي، مەن بارالمايدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، — دېدى ئانىنا پاۋلوۋنا خىجالەت بولغاندەك قىلىپ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، قاچان ... — پېتروف يۇتىلىپ كېتىپ قولىنى سىلكىپ قويىدى.

كىنەز شىلەپىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، قىزىنى ئېلىپ كەتتى.

— ۋاي، ۋاي، ۋاي! — دېدى كىنەز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ۋاي بىچارىلەر!

— راست، دادا، — دېدى كىتى، — ئۇلارنىڭ ئۈچ بالىسى بار، خىزمەتكارىمۇ يوق، خىراجەتكە پۇلىمۇ قالمىغان. ئېرىگە رەسساملار ئاكادېمىيىسىدىن ئازراق پۇل بېرىپ تۇرىدىكەن، — كىتى بۇ گەپلەرنى دادىسىغا ھاياجانلىنىپ ۋە ئانىنانىڭ مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقىنىغا بولغان شۈبھىلىرىنى زورغا بېسىپ تۇرۇپ قىلدى.

— ئۇياق شتال خانىم بولىدۇ، — دېدى كىتى بىر قول ھارۋىسىنى كۆرسىتىپ. ھارۋىدا ئىككى يېنىغا ياستۇقلار قويۇلغان، كۈل رەڭ ۋە ھاۋا رەڭ بىرخىل رەختلەرگە ئورالغان قانداقتۇر بىر نەرسە كۈنلۈكنىڭ سايىسىدا ياتاتتى.

بۇ شتال خانىم ئىدى، ھارۋىنىڭ كەينىدە ئۇنى دائىم ھارۋىدا

ئېلىپ يۈرىدىغان چىرايى غەمكىن، ئۆزى بەقۇۋۋەت بىر نېمىس خىزمەتكار تۇراتتى. يېنىدا شۋېيتسارىيىلىك سېرىق چاچ بىر گرافمۇ بار ئىدى، كىتى ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلەتتى. ھارۋىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرنەچچە كېسەل خۇددى غەلىتە بىر نەرسىنى كۆرگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ ــ قاراپ قوياتتى.

كىنەز شتال خانىمنىڭ ئالدىغا باردى. كىتى شۇ ئان دادىسىنىڭ كۆزلىرىدە ئۆزىنى ئالاقزادە قىلىدىغان بىر خىل مەسخىرە ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. كىنەز شتال خانىمنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ناھايىتى ئاز ئادەم سۆزلەيدىغان تولىمۇ تەكەللۇپلۇق فرانسۇز تىلىدا ئاجايىپ ئىززەت ۋە سىپايىلىك بىلەن گەپ باشلىدى.

ــ مەن ئۆزۈمنىڭ يادىڭىزدا بار ــ يوقلۇقۇمنى بىلمەيمەن، ئەمما قىزىمغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىڭىزغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى سىزنىڭ ئېسىڭىزگە سېلىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم.

ــ كىنەز ئالېكساندر شېرباتسكىي، ــ دېدى شتال خانىم ھاۋا رەڭ كۆزلىرىنى كىنەزگە تىكىپ. كىتى ئۇنىڭ شۇ قارىشىدىن كۆڭلىنىڭ ئازراق خىرە بولغانلىقىنى سەزدى، ــ سىزنىڭ كەلگىنىڭىزگە تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم، قىزىڭىزغا بەك ئامراق بولۇپ قالدىم.

ــ سالامەتلىكىڭىز ھازىرمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟

ــ شۇنداق، بۇ ئەھۋالىمغا كۆنۈپمۇ قالدىم، ــ شتال خانىم شۇ گېپىدىن كېيىن شۋېيتسارىيىلىك گرافنى كىنەزگە تونۇشتۇردى.

ــ چىرايىڭىزدا كۆپ ئۆزگىرىش يوق، ــ دېدى كىنەز ئۇنىڭغا، ــ سىزنى قايتا كۆرۈش بەختىگە ئېرىشمىگىنىمگە ئون ـ ئون بىر يىلچە بولۇپ قاپتۇ.

ــ شۇ ئەمەسمۇ. كۆلپەتنى بەرگەن خۇدا شۇ كۆلپەتنى كۆتۈرىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتنىمۇ تەڭ بېرىدىكەن. مەن دائىم، بۇ ھايات نېمىگە شۇنچە سوزۇلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن ... بۇ

تەرەپنى ئوراپ قوي ! — دېدى ئۇ پۇتىنى ئەدىيال بىلەن ياخشى ئورىمىغىنى ئۈچۈن ۋاربىنكاغا ئاچچىقى كېلىپ.

— تېخىمۇ كۆپ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، — دېدى كۆزلىرىدە مەسخىرە كۈلكىسى ئويناپ تۇرغان كىنەز.

— بۇ ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم بىز ئەمەس، — دېدى شتال خانىم كىنەزنىڭ چىرايىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشنى سېزىپ، — دېمەك، بۇ كىتابنى سىز ماڭا ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ، قەدىرلىك گراف؟ سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، — دېدى ئۇ شۆپىتسارىيىلىك گرافقا قاراپ.

— ھۇي ! — دېدى كىنەز يېنىدا تۇرغان موسكۋالىق پولكوۋنىكنى كۆرۈپ. ئاندىن شتال خانىمغا قاراپ ئېگىلىپ قويۇپ، شۇئان قىزى بىلەن موسكۋالىق پولكوۋنىكنى باشلاپ مېڭىپ كەتتى.

— بىزنىڭ بۇ ئاقسۆڭەكلىرىمىزنى كۆردىڭىزمۇ، كىنەز! — دېدى موسكۋالىق پولكوۋنىك مەسخىرە قىلغاندەك بىر خىل تەرزدە. ئۇ شتال خانىمغا ئۆزى بىلەن سالام - سەھەت قىلىشمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقى بار ئىدى.

— ئۇ يەنە شۇ ھالىتى بىلەن ئىكەن، — دېدى كىنەز.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن ئاغرىپ قېلىشتىن ئىلگىرى تونۇشامتىڭىز ياكى ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىنمۇ، كىنەز؟

— ئاغرىپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن.

— ئاڭلىسام، ئورنىدىن تۇرمىغىنىغا ئون يىل بوپتۇمىش.

— پۇتلىرى بەكمۇ كالتە، شۇڭا ئورنىدىن تۇرمايدۇ، بەدىنىمۇ بەك سەت ...

— دادا، ئۇنچىلىكمۇ ئەمەستۇ، — دېدى كىتى بىردىنلا.

— ئۇششاق گەپچىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ، قوزام. سېنىڭ ھېلىقى ۋاربىنكاڭنىڭ جېنىغا ۋاي، — دەپ قويدى كىنەز سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ھەي، بۇ كېسەل خانىملارمىزە !

— ھە، ياق، دادا، — دېدى كىتى ھاياجانلىنىپ كېتىپ، —

ۋارېنكا ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغانىكەن. كىمدىنلا بولسا سوراپ باق، ئالېنى بىلەن ئۇنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى كىنەز قىزىنىڭ قولىنى جەينىكى بىلەن قىسىپ قويۇپ، — لېكىن، ياخشى ئىش قىلغان ئادەمنى كىمدىنلا سورىساڭ بىلمەيدىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

كىتى ئۈنچىقمىدى. ئۇ ئېيتىدىغان گەپ تاپالمىغىنى ئۈچۈن ئەمەس، كۆڭلىدىكى مەخپىيىتىنى دادىسىغىمۇ ئېيتقۇسى كەلمىگەنلىكىدىن ئۈنچىقمىغانىدى. لېكىن، غەلىتە يېرى، كىتى دادامنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايمەن، يۈرىكىمدىكى مۇقەددەس سىرلىرىمغا ئاياغ باستۇرمايمەن، دەپ شۇنچە قىلسىمۇ، بىر ئايدىن بېرى كۆڭلىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان شتال خانىمنىڭ مۇقەددەس ئوبرازىدىن شۇ بىر كۈن ئىچىدە خۇددى ياغاچقا ئادەمدەك كىيىم كىيگۈزۈپ قويۇپ، ئارقىدىن ئۇ كىيىملەرنى سالدۇرۇۋەتسە ئەسلىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك، ھېچنېمە قالمىدى، قالغىنى پەقەت بەدىنى ئىنتايىن سەت بولغانلىقتىن، ئۇزاق يىلغىچە ئورنىدىن قوپماي ھارۋىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ياۋاش ۋارېنكانى ئەديالنى مەھكەم ئورىمىدىڭ، تۇزۇك ئىش قىلمىدىڭ، دەپ قىيناۋاتقان كالتە پۇتلۇق ئايالنىڭ ئاشۇ تۇرقىلا بولدى، ھەرقانچە تىرىشىپمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىكى بۇرۇنقى ئوبرازىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى.

## 35

كىنەزنىڭ كەيپىياتىدىكى خۇشاللىق ئۆيدىكىلەرگە، دوستلىرىغا، ھەتتا ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى نېمىسقىمۇ تەسىر قىلىشقا باشلىغانىدى.

كىنەز كىتى بىلەن بىللە ئارشاڭغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، پولكوۋنىك بىلەن مارىيە يېۋگېنىېۋنا، ۋارېنكا ئۈچىنى قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن خىزمەتكارلار ئۇستەلنى باغدىكى كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۆي ئىگىسى بىلەن خىزمەتكارلار ئۇنىڭ خۇشخۇي مىجەزىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاجايىپ جانلىنىپ كېتىشكەندى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇستۇنكى قەۋەتتە تۇرىدىغان ھامىبۇرگلۇق كېسەل دوختۇر كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىغا توپلانغان ساغلام رۇس كىشىلىرىنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئولتۇرۇشقىنىغا دېرىزىدىن ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇردى. دېرىلدەپ تۇرغان يوپۇرماقلارنىڭ دۇپدۇگىلەك سايىسىغا قويۇلغان ئۇستەل ئۈستىگە ئاپئاق داستىخان سېلىنغان، داستىخان ئۈستىگە قەھۋە چۆگۈنلىرى، بولكا، سېرىقماي، ئىرىمچىك، ھەر خىل قۇشلارنىڭ سوۋۇتۇلغان گۆشلىرى تىزىۋېتىلگەندى. بىنەپشە رەڭ لېنتىلار تاقالغان شىلەپە كىيىۋالغان كىنەز خانىم ئۇستەلنىڭ بىر بېشىدا ئولتۇرۇۋېلىپ مېھمانلارغا قەھۋە قۇيۇپ بېرىپ، يېمەكلىكلەرنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇستەلنىڭ يەنە بىر بېشىدا ئولتۇرغان قېرى كىنەز ئالدىدىكى نەرسىلەردىن توختىماي يەپ تۇراتتى ھەم كۈلكە ـ چاقچاقنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئۇ يەنە بارغان يېرىدىن سېتىۋېلىپ كەلگەن ئويما ساندۇقچىلارنى، ئويۇنچۇقلارنى، قەغەز كېسىدىغان خىلمۇ خىل پىچاقلارنى يېنىغا قويۇپ قويۇپ، ھەممەيلەنگە، جۈملىدىن خىزمەتكار ئايال لىسخېن بىلەن ئۆي ئىگىسىگىمۇ سوۋغات قىلىپ بەردى. ئۆي ئىگىسىگىمۇ چالا نېمىس تىلىدا چاقچاقلارنى قىلىپ، قىزىم كىتىنىڭ كېسىلىنى ئارشاڭ ئەمەس، سىزنىڭ ئاجايىپ مەززىلىك غىزالىرىڭىز، بولۇپمۇ قارىئۆرۈك سېلىپ قىلغان شورپىڭىز ساقايتتى، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. كىنەز خانىم ئېرىنىڭ رۇسلارغا خاس ئادەتلىرى ئۈستىدىن كۈلگىنى بىلەن، بۈگۈن شۇنچىلىك خۇشال ۋە

كۆڭۈللۈك ئۆلتۈردى. ئارىشاڭغا كەلگەندىن بۇيان پەقەتلا بۇنداق بولۇپ باقمىغانىدى. پولكوۋنىك كىنەزنىڭ قىزىق گەپلىرىگە ھەرقاچانقىدەك كۈلۈپ ئولتۇراتتى، ئەمما ئۆزى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان ياۋروپا مەسىلىسىدە كىنەز خانىمنىڭ قاراشلىرىنى بەكرەك قوللايتتى. ئاق كۆڭۈل مارىيە يېۋگېنېۋنا كىنەزنىڭ كۈلكىلىك گەپلىرىگە كۈلۈپ تىلىقىپ قىلىۋاتاتتى، ھەتتا ۋارېنكامۇ كىنەزنىڭ چاقچاقلىرىغا ھەيران قېلىپ، باشقىلارنىڭ كۈلكىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن سۇس كۈلۈپ قويۇۋاتاتتى، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ھالەتنى كىتى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

بۇ يەردىكى قىزغىن كەيپىيات بىلەن كىتىنىڭ كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى، ئەمما كۆڭلىدىكى غەشلىكنى زادىلا نېرى قىلالمىدى. دادىسى ئۇنىڭ دوستلىرىغا ۋە ياخشى كۆرگەن تۇرمۇشىغا قارىتا قىزىقلا بىر قاراشتا بولدى، بۇمۇ كىتى ئۈچۈن جاۋاب بېرىش قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ مەسىلىگە پېتروفنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقانلىقى كېلىپ قوشۇلغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئۆزگىرىشنىڭ بۈگۈنكى ئىپادىسى تولىمۇ ئېنىق ھەم كۆڭۈلسىز بولدى. ھەممەيلەن خۇشال ئولتۇرغاندا ئۆزىنىڭ ئېچىلالمايۋاتقانلىقى ئۇنى تېخىمۇ ئازابلاۋاتاتتى، كۆڭلى خۇددى كىچىك چاغلىرىدا دادىسى جازالاپ ئۆيىگە سولاپ قويغانلىرىدا، تالادا ھەدىلىرىنىڭ خۇشال تۇۋلىشىپ ئويناۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغاندىكىدەك شۇنچىلىك يېرىم ئىدى.

— بۇ نەرسىلەرنى نېمىگە شۇنچە كۆپ سېتىۋالدىڭ؟ — دېدى كىنەز خانىم ئېرىگە قەھۋە سۇنۇپ بېرىۋېتىپ كۈلكە بىلەن.

— ھەر قېتىم ئايلىنىپ كەلگىلى سىرتقا چىقىپ دۇكانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنلىرىمدە، دۇكاندارلار نېمىسچە: *«بېگىم، تەقسىر، جانابلىرى»* دەپ چۇرقىرىشىپ، نەرسىلىرىدىن

ئازراق ئېلىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنۈپ كېتىشەتتى. «جانابلىرى» دېگەن سۆز قۇلىقىمغا چىرايلىق ئاڭلىنىپ كېتىپ، ئىختىيارسىز يانچۇقۇمنى كولاپ ئون تالېرنىڭ[①] بېشىغا سۇ قۇيۇپ قايتاتتىم.

— ئەسلىدە بۇ نەرسىلەرنى ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن سېتىۋاپتىكەنسەن ـ دە، — دېدى كىنەز خانىم.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق ـ دە. ئۇنداق يەردە تۇرۇش تولىمۇ زېرىكىشلىك، كۆڭلىرىڭنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيسەن.

— نېمىشقا زېرىكىشلىك بولىدۇ، كىنەز؟ گېرمانىيىدە ھازىر ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغان نەرسىلەر شۇنچىلىك كۆپ تۇرسا؟ — دېدى مارىيە يېۋگېنىېۋنا.

— راست، ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان نەرسىلەر ئىنتايىن كۆپ، بۇنى بىلىمەن، مەسىلەن، قارىئۆرۈك سېلىنغان شورپا، پۇرچاق سېلىپ قىلىنغان كولباسا دېگەندەك.

— ياق، كىنەز، نېمە دېسىڭىز دەڭ، ئۇلارنىڭ تۇزۇملىرى ئادەمنى قىزىقتۇرىدۇ، — دېدى پولكوۋنىك.

— قىزىقتۇدەك نېمىسى بار ئۇ تۇزۇملەرنىڭ، ھەممىسىلا خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇپ چىققان تەڭگە پۇللارغا ئوخشايدۇ. ئادەملىرى شۇنچىلىك كۆرەڭ، دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋېلىشقاندەك قىلىشىپ كېتىدۇ. ھىم، مېنىڭ كۆرەڭلىگۈدەك نېمەم بار؟ مەن ھېچكىمنى بويسۇندۇرمىدىم، ئۆتۈكۈمنى ئۆزۈم سېلىشقا مەجبۇرمەن، يەنە تېخى ئۇنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم ئاچىقىپ قويىمەن. ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا كىيىملىرىمنى كىيىپ ئاشخانىغا بېرىپ، ئىچىش شۇنچىلىك قىيىن چايدىن ئىچىپ كېلىمەن. ئۆزۈڭنىڭ ئۆيى پۈتۈنلەي باشقا گەپ: ئورنۇڭدىن ئالدىرىماي تۇرىسەن ـ دە، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا كايىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزۈڭنى رۇسلاپ، شۇ

① گېرمانىيىنىڭ كۈمۈش پۇلى.

بىر كۈندە قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى كاللاڭدا بىر قۇر ئويلىنىۋالىسەن، ئالدىراش يوق.

— ۋاقىت پۇل دېمەكتۇر، سىز بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز، — دېدى پولكوۋنىك.

— ۋاقىت دېگەن نېمە ئۇ ! بەزىدە سەن يېرىم رۇبلى ئۈچۈن يېرىم ئاي ۋاقتىڭنى قۇربان قىلىۋېتىسەن، بەزىدە بولسا ھەرقانچە كۆپ پۇل خەجلەپمۇ يېرىم سائەت ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرەلمەيسەن. شۇنداقمۇ، كىتى ! سەن نېمىگە بۇنداق روھسىز ئولتۇرىسەن؟ نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە.

— سىز نەگە بارىسىز؟ يەنە بىردەم ئولتۇرمامسىز؟ — دېدى كىنەز ۋارېنكاغا.

— قايتمىسام بولمايدۇ، — دېدى ۋارېنكا زورغا كۈلۈپ قويۇپ.

ۋارېنكا دەررۇ كۈلكىسىنى يىغىۋېلىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن شىلەپىسىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆي تەرەپكە ماڭدى. كىتىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭغا ۋارېنكامۇ ئۆزگىرىپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى، لېكىن بۇ يامان ئۆزگىرىش ئەمەس، پەقەتلا بۇرۇن ئۆزى ئويلىغاندەك ئەمەس ئىدى شۇ.

— ئۇھ، بۇنداق كۈلۈپ باقمىغىنىمغا ئۇزاق بوپتىكەن، — دېدى ۋارېنكا كۈنلۈكى بىلەن سومكىسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، — دادىڭىز تولىمۇ ئېسىل ئادەم ئىكەن.

كىتى ئۈنچىقمىدى.

— بىز يەنە قاچان كۆرۈشىمىز؟ — سورىدى ۋارېنكا.

— ئاپام پېتروفلارنى يوقلاپ كەلمەكچى، سىز بارمامسىز؟ — دېدى كىتى ۋارېنكانى سىناپ باقماقچى بولۇپ.

— بارىمەن، — دېدى ۋارېنكا جاۋابەن، — ئۇلار قايتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، بېرىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى

يىغىشتۇرۇشۇپ بېرىشكە ماقۇل دەپ قويغانىدىم.
— ئۇنداق بولسا مەنمۇ بىللە باراي.
— ياق، سىز بېرىپ نېمە قىلىسىز؟
— بارسام نېمىشقا بولمايدۇ؟ نېمىشقا؟ نېمىشقا؟ — كىتى ۋارېنكانىڭ كۆڭلۈكىنى تۇتۇۋېلىپ ماڭغۇزمىدى، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىۋاتاتتى، — ياق، توختاپ تۇرۇڭ! مەن بارسام نېمىشقا بولمايدۇ؟
— بارسىڭىز بولىدۇ، لېكىن دادىڭىز يېڭى كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بارسىڭىز ئۇلار قورۇنۇپ قېلىشى مۇمكىن.
— ياق، ئۇنداق ئەمەس! ئېيتىڭا، سىز نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئۇلارنىڭكىگە پات - پات بېرىپ تۇرۇشۇمنى خالىمايسىز؟ خالىمايدىغانلىقىڭىز راستقۇ؟ نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟
— مەن سىزگە ئۇنداق دەپ باقمىدىم، — دېدى ۋارېنكا كەسكىن تەلەپپۇزدا.
— ياق! ماڭا ئۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرىسىز!
— ھەممىنى ئېيتىمەنمۇ؟ — سورىدى ۋارېنكا.
— ھەممىنى ئېيتىڭ! ھەممىنى ئېيتىڭ! — دېدى كىتى ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا.
— ئېيتقۇدەك ئالاھىدە ئىشمۇ يوق، مىخائىل ئالېكسېيۋىچ (رەسسامنى دېمەكچى) خېلى بۇرۇنلا قايتىپ كەتمەكچى بوپتىكەن، ئەمدى ھازىر ئۇ نىيىتىدىن يېنىپ قاپتۇ، — دېدى ۋارېنكا كۈلۈمسىرەپ.
— داۋاملاشتۇرۇڭ! داۋاملاشتۇرۇڭ! — دەپ ۋارېنكانى ئالدىراتتى كىتى ئۇنىڭغا غەمكىن تىكىلىپ تۇرۇپ.
— نېمىشقىكىنتاڭ، ئاننا پاۋلوۋنا كىتى قالىدىغان بولغاچقا كەتكۈسى كەلمەي قېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە سەۋەب بولالمايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ جېدىلى سىزنىڭ سەۋەبىڭىز بىلەن بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. بىلىسىزغۇ، بۇ كېسەللەر شۇنچىلىك تېرىككەك.

كىتى بارغانسېرى قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ۋارېنكا ئۇنىڭ ئېتىلىپ كېتەي دەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ھەدەپ كۆڭلىنى ياسايتتى. كىتى يا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشنى، يا ئۆزىگە قىلىنغان ئۇۋالچىلىق ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشنى بىلمەي بىر خىلدا تۇراتتى.

— شۇڭا، سىزنىڭ ئۇلارنىڭكىگە بارمىغىنىڭىز ياخشىكەن ... سىز بۇنى چۈشىنىڭ ھەم بەكمۇ خاپا بولۇپ كەتمەڭ ...

— ئۆزۈمنىڭ شورى ! ئۆزۈمنىڭ شورى ! — دېدى كىتى ئىلدام ـ ئىلدام سۆزلەپ. ئۇ ۋارېنكانىڭ قولىدىن كۆنلۈكنى يۇلۇپ ئېلىپ، دوستىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇردى.

ۋارېنكا دوستىنىڭ بالىلارچە ئاچچىقىغا قاراپ كۈلگۈسى كەلدى، لېكىن ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— قانداقلارچە سىزنىڭ شورىڭىز بولسۇن؟ مەن چۈشەنمىدىمغۇ؟ — دېدى ۋارېنكا.

— شۇنداق، ئۆزۈمنىڭ شورى ! چۈنكى، ھەممە ئىش يالغان، ياسىما ئىكەن، يۈرەكتىن قايناپ چىقمايدىكەن. باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن كارىم بولماسلىقى كېرەك ئىكەنغۇ؟ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ جېدىلىنىڭ سەۋەبچىسى مەن بولۇپ قاپتىمەن، خۇددى باشقىلار بۇيرۇمىغان ئەخمىقانە ئىشلارنى ئۆزۈمچە قىلىپ كەتكەندەك. شۇڭا، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يالغان ! يالغان ! يالغان ! ...

— ئۇنداق بولسا ئۇ ياسىمىلىقنى نېمە ئۈچۈن قىلدىڭىز؟ — سورىدى ۋارېنكا پەس ئاۋازدا.

— ۋاي، قانداق ئەخمەقلىق، قانداق سەت ئىش بۇ ! ماڭا پۈتۈنلەي ھاجەتسىز ئىدىغۇ ... ھەممە نەرسە يالغان، ياسىما ! — ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ كۈنلۈكنى بىردە ئاچاتتى، بىردە ياپاتتى.

— ئەمىسە ئۇ ئىشلارنى نېمە مەقسەتتە قىلغانىدىڭىز؟
— باشقىلارغا، ئۆزۈمگە، خۇداغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، باشقىلارنى ئالداش ئۈچۈن! ياق، ئۇنداق ئىشلارنى بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قىلمايمەن، ئەخمەقلىقتە ئۇچىغا چىقسامۇ يالغان سۆزلىمەيمەن، كىشىلەرنى ئالدىمايمەن.
— زادى كىم كىمنى ئالدىدى؟ — دېدى ۋارېنكا ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا، — بۇ گېپىڭىز بىلەن خۇددى ...
كىتى ئۆزىنى باسالماي قاتتىق چېچىلىپ كېتىۋاتاتتى، ۋارېنكانىڭ گېپىنى قىلىۋېلىشىغىمۇ يول قويمىدى.
— مەن سىزنى دېمىدىم، ھەرگىز سىزنى دېمىدىم. توغرا، توغرا، سىز كامالەتكە يەتكەن ئادەم، مەن بولسام بىر كالۋا، بۇنىڭغا نە چارە؟ ئەگەر مەن كالۋا بولمىغان بولسام بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولاتتى. قانداق ئادەم بولغان بولسام شۇ پېتىم بىلەن تۇرۇۋېرەي، ئەمما ياسىمىلىق قىلىشنى خالىمايمەن. ئاننا پاۋلوۋنا بىلەن نېمە ئىشىم؟ قانداق ياشىسا شۇنداق ياشاۋەرمەمدۇ؟ مەنمۇ قانداق ياشاشنى خالىسام شۇنداق ياشاۋەرمەمدىمەن. مەن ماھىيىتىمنى ئۆزگەرتەلمەيدىكەنمەن ... ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى توغرا بولماپتۇ، توغرا بولماپتۇ ! ...
— نېمە ئىشلار توغرا بولماپتۇ؟ — سورىدى ۋارېنكا ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي.
— ھەممە ئىشلار توغرا بولمىغان. مەن پەقەت ۋىجدانىمغا تايىنىپ ياشايمەن، سىز بولسىڭىز قائىدە - قانۇن بويىچە ياشايسىز. مەن سىزنى كۆڭلۈمگە ياققانلىقىڭىز ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئەمما سىز مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش، ئىشلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن.
— بۇ گېپىڭىز ئادىل گەپ بولمىدى، — دېدى ۋارېنكا.
— مەن باشقىلار توغرۇلۇق ئەمەس، ئۆزۈم توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتىمەن.
— كىتى ! — شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئۇنى تۇۋلىغان

ئاۋازى ئاڭلاندى، — بۇ ياققا كېلىپ مارجىنىڭنى داداڭغا كۆرسىتىپ قوي.

كىتى دوستى بىلەن ياخشىلىشىپ قالماي تۇرۇپلا، مەغرۇر قىياپەت بىلەن ئۇستەل ئۇستىدىكى مارجان سالغان قۇتىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ قىزىرىپ كېتىپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى دادىسى بىلەن ئاپىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن.

— ھېچنېمە بولمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى كىتى، — مەن ھازىرلا كېلىمەن.

ئۇ شۇ گەپنى دېگەچ يەنە كەينىگە ياندى.

«ئۇ تېخى كەتمىدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭغا يەنە نېمە گەپلەرنى دېسەم بولار؟ ۋاي خۇدايىم! مەن نېمە ئىش قىلدىم؟ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېدىم؟ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن خاپا بولىمەن؟ ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېيىشىم كېرەك؟» كىتى شۇ خىياللار بىلەن ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى.

ۋارېنكا شىلەپىسىنى بېشىغا كىيىپ، قولىدا كۈنلۈك، ئۈستەل يېنىدا كىتى سۇندۇرۇۋەتكەن پرۇژىنىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ۋارېنكا، مېنى كەچۈرۈڭ، مېنى كەچۈرۈڭ! — كىتى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بوش شىۋىرلىدى، — بايا نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. مەن ...

— مېنىڭ سىزنى زادىلا رەنجىتكۈم يوق، — دېدى ۋارېنكا كۈلكە ئارىلاش.

كىتى ۋارېنكا بىلەن ياخشىلىشىپ قالدى. دادىسى قايتىپ كەلگەندىن بېرى كىتىگە ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزى ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كەچمىدى،

ئەمما ئارزۇيۇمدىكىدەك ياشايمەن دېيىشنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئالداش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە ئۇيقۇسىدىن بىردىنلا ئويغىنىپ كەتكەندەك، ياسالمىلىقسىز، يالغانچىلىقسىز ئۆز غايىسىنىڭ پەللىسىگە يېتىشنىڭ ئىنتايىن قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۆزى ياشاۋاتقان بۇ دۇنيانىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت، كېسەللىك ۋە ئۆلۈم بىلەن تولغانلىقىنى، ئادەمنى شۇنچىلىك ئەلەمگە سالىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيانى سۆيۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئۇنى ھەقىقەتەن ئازابقا پاتۇرغانىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ چاپسانراق رۇسىيىگە قايتىپ كېتىشنى، يېرگوشوۋوغا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىدىغان بولدى. ھەدىسىدىن كەلگەن خەتتىن ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ شۇ يەرگە كەتكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ ۋارېنكاغا بولغان مۇھەببىتى سۇسلاشمىغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇنى رۇسىيىگە بېرىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

— رۇسىيىگە سىز توي قىلغاندا بارىمەن، — دېدى ۋارېنكا.

— مەن مەڭگۈ توي قىلمايمەن.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ سىلەر تەرەپكە مەڭگۈ بارمايمەن.

— بوپتۇ، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ئەرگە تېگەي. سىز ماڭا بەرگەن بۇ ۋەدىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ، — دېدى كىتى.

دوختۇرنىڭ ئېيتقىنىنى توغرا چىقىپ، كىتى سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ رۇسىيىگە قايتتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەك غەمسىز، خۇشخۇي ئەمەس، ئەمما كەيپىياتى تۇرغۇنلىشىپ قالغان، موسكۋادىكى چاغدا بېشىدىن ئۆتكەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

*Anna Karenina*

# ئۈچىنچى قىسىم

# 1

سېرگېي ئىۋانوۋىچ كوزنىشېۋ ئۇزاق ۋاقىتلىق ئەقلىي ئەمگەكتىن چارچاپ ئارام ئالماقچى بولۇپ، يىلدىكىدەك چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەي، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يېزىدىكى ئىنىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەڭ ياخشى تۇرمۇش يېزا تۇرمۇشى ئىدى، شۇڭلاشقا شۇ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى سۈرگىلى ئىنىسىنىڭكىگە كەلگەنىدى. لېۋىن بۇ يىل يازدا ئاكىسى نىكولاينىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، چوڭ ئاكىسىنىڭ كەلگىنىگە تولىمۇ خۇشال بولدى. لېكىن، لېۋىن كوزنىشېفنى قاتتىق ھۆرمەت قىلسىمۇ، يېزىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇش ئۇنىڭغا بىرئاز قولايسىز ئىدى. ئاكىسىنىڭ يېزىغا بولغان قاراشلىرى لېۋىنغا غەلىتە تۇيۇلۇپ، ئۇنى ئازراق خاپىمۇ قىلىپ قويۇۋاتاتتى. لېۋىن ئۈچۈن يېزا ھايات ماكانى، خۇشاللىق، ئازاب ۋە ئەمگەك مەيدانى بولسا، كوزنىشېف ئۈچۈن ئەمگەكتىن كېيىن ئارام ئالىدىغان، شەھەرنىڭ شاۋقۇنلىرى، ناچار ھاۋالىرىدىن نېرى تۇرىدىغان ئارامگاھ ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ شۇنداق رولى بارلىقىغا ئىشىنەتتى ھەم ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىشنى ئويلايتتى. لېۋىنغا يېزا كىشىگە ھەر تەرەپتىن مەنپەئەت بېرىدىغان ئەمگەك ماكانى بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈنەتتى؛ كوزنىشېفقا بولسا يېزا ھېچ ئىش قىلماي بىكار يۈرگىلى بولىدىغان جاي بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە بىلىنەتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، كوزنىشېفنىڭ پۇقرالارغا بولغان مۇئامىلىسىمۇ لېۋىننىڭ سەل ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى. كوزنىشېف پۇقرالارنى چۈشىنىمەن ھەم ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن دەپ، دېھقانلار بىلەن پات ـ پات پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئۇلار

بىلەن پاراڭلىشىشقا ماھىر ئىدى، ياسالمىلىق قىلمايتتى، تەبىئىي مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار بىلەن ھەر قېتىم پاراڭلاشقاندا ئۇلارغا پايدىلىق يەكۈنلەرنى چىقىراتتى ۋە شۇ ئىشلىرى بىلەن ئۇلارنى تولۇق چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى. لېۋىن يۇقىرىلارغا ئاكىسىدەك مۇئامىلە قىلىشنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇلارنى ئەمگەككە ئورتاق قاتنىشىدىغان ئاساسلىق شېرىكلەر، دەپ قارايتتى. گەرچە ئۇ دېھقانلارنى ھۆرمەتلىسىمۇ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىدەك كۆرسىمۇ ـــ ئۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ كۆپرەكىنى دېھقان ئىنىكئانىلىرىنىڭ سۈتىنى ئەمگەنلىكىدىن دەپ بىلەتتى ـــ ئۇلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلغانلىرىدا ئۇلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە، مۇلايىملىقىغا، ئادىللىقىغا قايىل بولسىمۇ، لېكىن ئورتاق ئىشلاردا ئۇلارنىڭ باشقا خىسلەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ بىغەملىكى، سۆرەلمىلىكى، مەست يۈرۈشلىرى ۋە يالغانچىلىقلىرى ئۇچۇن غەزىپى كېلەتتى. ئەگەر بىرەرى لېۋىندىن، سەن يۇقىرىلارنى ياخشى كۆرەمسەن، دەپ سوراپ قالسا، ئۇ چوقۇم نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلگەن بولاتتى. ئۇ يۇقىرىلارنى باشقا ھەرقانداق ئادەمگە ئوخشاش ھەم ياخشى كۆرەتتى، ھەم ياخشى كۆرمەيتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەمگە بولغان ياخشى كۆرۈشى ياخشى كۆرمەسلىكىنى بېسىپ كېتەتتى، يۇقىرىلارغىمۇ ھەم شۇنداق ئىدى، ئەمما يۇقىرىلارغا ئالاھىدە شەخسلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە ياشايتتى، پايدا ـ زىيانلىرىلا ئوخشاش بولۇپ قالماي، بەلكى ئۆزىنىمۇ ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسىمەن، دەپ ئويلايتتى، ئۇلار بىلەن پەرقىم بار، دېگەننى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى ھەم ئۆزىنى ئۇلارغا سېلىشتۇرمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، خوجايىن ھەم كېلىشتۈرگۈچى، بولۇپمۇ مەسلىھەتچىلىك ئورنىدا بولغاچقىمۇ

(دېھقانلار ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالغىلى قىرىق چاقىرىم[①] يىراقلىقتىن ئالاھىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشەتتى)، دېھقانلار بىلەن ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇقرالارغا قارىتا مۇقىم بىر قارىشى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭدىن، پۇقرالارنى چۈشىنەمسەن، دەپ سورىسىڭىز، خۇددى پۇقرالارنى ياخشى كۆرەمسەن ـ كۆرمەمسەن، دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن قىينالغاندەك قىينىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنى پۇقرالارنى چۈشىنىدۇ دېيىش بارلىق ئادەملەرنى چۈشىنىدۇ، دېگەنگە باراۋەر ئىدى. ئۇ دائىم ھەر خىل ئادەملەرنى كۆزىتىپ، بايقاپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېھقانلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇ ئادەملەر ئاق كۆڭۈل، قىزىقارلىق ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۈزلۈكسىز بايقاپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇلارغا بولغان قاراشلىرىمۇ ئۆزگىرىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى قاراشلارمۇ تىكلىنىپ تۇراتتى. كوزنىشېۋ ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى، ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان تۇرمۇشنى يېزا تۇرمۇشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، يېزا تۇرمۇشىنى ئۇلۇغلايتتى ھەم ماختايتتى. ئوخشاشلا ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئاشۇ سىنىپقا مەنسۇپ ئادەملەرنى پۇقرالار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىككىسىدىن پۇقرالارنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇلارنى باشقىلارغا تۇپتىن ئوخشىمايدۇ، دەپ قارايتتى. پىكىر يوللىرى ئىنتايىن ئېنىق كاللىسىدا پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا قارىتا مۇقىم بىر قاراش تىكلىنىپ بولغانىدى. بۇ خىل قاراشنىڭ بىر قىسمى تۇرمۇشتىن كەلگەن بولسا، يېرىمىدىن كۆپى باشقا خىل تۇرمۇش بىلەن سېلىشتۇرۇشتىن كەلگەنىدى، پۇقرالارغا بولغان قارىشى ۋە ھېسداشلىقى ئەزەلدىن ئۆزگىرىپ باقمىدى.

① بۇ كىتابتا دېيىلگەن «چاقىرىم»لارنىڭ بىر چاقىرىمى 1.06 كىلومېتىرغا تەڭ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى پۇقرالار مەسىلىسىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالغان چاغلاردا كوزنىشېۋ ھامان ئۇستۇنلۇكتە تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكى، مىجەز ـ خۇلقلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قىزىقىشلىرىغا قارىتا مۇقىم قاراشقا ئىگە ئىدى، لېۋىننىڭ بولسا ئۇنداق مۇقىم قاراشلىرى يوق ئىدى، شۇڭا ئىككىسى مۇنازىرىلىشىپ قالغانلىرىدا لېۋىننىڭ زىددىيەتلىك گەپ ـ سۆزلىرى كۆپ بولۇپ قالاتتى.

كوزنىشېفنىڭ نەزىرىدە ئىنىسى كۆڭلى ياخشى، ۋىجدانلىق ياش ئىدى (فرانسۇزچە دېگىنىگە ئوخشاش)، كاللىسى سەزگۈر بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ھېسسىياتىغا بېرىلىپ كېتەتتى، شۇڭا گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ئارقا ـ ئالدى زىددىيەتلىك بولۇپ قالاتتى. كوزنىشېۋ بەزى چاغلاردا ئاكىلىق ئورنى بىلەن قورسىقىنى كەڭ تۇتۇپ ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ قوياتتى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەر ئۇستىدە مۇنازىرىلىشىپ قالغانلىرىدا ئۇنى ئاسانلا يېڭىۋالىدىغىنى ئۇچۇن، بۇنداق مۇنازىرىدىن لەززەت ئالالمايتتى.

لېۋىن ئاكىسىنى ناھايىتى ئەقىللىق، بىلىملىك ھەم ئالىيجاناب، ئومۇمنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشتە ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە، دەپ بىلەتتى. لېكىن، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ۋە ئاكىسىنى چوڭقۇر چۇشەنگەنسېرى ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئويلايدىغان، ئۆزىدە ئاساسەن يوق دەپ بىلىدىغان ھۆكۈمەت مەنپەئىتى ئۇچۇن ئىشلەيدىغان ئاشۇ خىل قابىلىيەتنى، بەلكىم ئۇ بىر ئالاھىدىلىك ئەمەستۇ، ئەكسىچە نېمىدۇر بىر نېمىنىڭ كەملىكىدىن، يەنى ئاق كۆڭۈللۈك، ھەققانىيەتچانلىق، ئالىيجاناب ئارزۇ ۋە ئىستەكلەرنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، بەلكى جانلىقلىقنىڭ، ۋىجدان دېگەندەك نەرسىنىڭ، ئادەمنى سانسىزلىغان ھايات يوللىرى ئىچىدىن بىرىنى تاللىۋېلىپ، شۇنىڭ ئۇچۇن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىپ تۇرىدىغان غەيرەت ـ شىجائەتنىڭ كەملىكىدىندۇ، دەپ پىكىر قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئاكىسىغا بولغان چۇشەنچىسى

چوڭقۇرلاشقانسېرى، ئاكىسى ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى، ئەقلىي جەھەتتىلا بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولىدۇ، دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ئىشلارنى ئەستايىدىل ئىشلەيدىغانلىقىنى شۇنچە چۈشىنىشكە باشلاۋاتاتتى. لېۋىنىنىڭ بۇ خىل قاراشلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە يەنە ئاكىسىنىڭ ئومۇمىي پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن روھىنىڭ ئۆلمەسلىك مەسىلىلىرىگە شاھماتقا ياكى ماھىرلىق بىلەن كەشىپ قىلىنغان يېڭى ماشىنىغا كۆڭۈل بۆلگەنچىلىك كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، يازدا دېھقانچىلىق بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەندە، ئىشلىرىنى تۈگىتىۋېلىشقا يازنىڭ ئۇزاق كۈنلىرىمۇ ئازلىق قىلىۋاتقان چاغدا ئاكىسىنىڭ كېلىپ يېتىۋالغانلىقى لېۋىنىنى تولىمۇ بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئاكىسى يېزىۋاتقان نەرسىلىرىنى نوختىتىپ قويۇپ دەم ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەقلىي پائالىيەتكە بەكمۇ ئۆگىنىپ كەتكەن بولغاچقا، كاللىسىغا كەلگەن پىكىرلەرنى قىسقا، چىرايلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىشنىمۇ، ئۇنى ئاڭلايدىغان ئادەم بولۇشىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى دائىم ھەم بېرىلىپ ئاڭلاپ بېرىدىغان ئادىمى ئىنىسى ئىدى، شۇڭا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قانچىلىك يېقىن بولسۇن، لېۋىن ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئىشىغا كېتىشنى ئۆزىگە بىئەپ كۆرەتتى. كوزنىشىپ ئوتلۇقتا ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىشنى، كۈندە كۆيۈپ، ئېزىلىپ يېتىپ پاراڭ سېلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

— دېسەم ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئىنىسىغا، — ئوكرائىنچە مۇشۇ ئېرىنچەكلىكتىن شۇنچىلىك راھەتلىنىمەن. كاللاڭ تىنچلىنىپ قالىدۇ، بىرمۇ خىيال كەلمەيدۇ.

لېۋىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ گەپلىرىنى ئاڭلاشتىن شۇنچىلىك زېرىكەتتى، تىتىلدايتتى. تىتىلداشلىرىدىكى سەۋەب، ئۇ بولمىسا دېھقانلار قىغنى تېرىلمايدىغان يەرلەرگە ئاپىرىپ تۆكۈۋېتىشى، قاراپ تۇرمىسا توغرا كەلگەن يەرگە چېچىۋېتىشى، يەنە تېخى يېڭىچە سوقىلارنى ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ساپانلىرىمىز ياخشى، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىپ، سوقىلارنىڭ چىشلىرىنى چىگىتماي، بوشاپ چۇشۇپ قالسا كارى بولماي يۈرۈشلىرى مۇمكىن ئىدى، بۇنى لېۋىن ناھايىتى ياخشى بىلەتتى.

— قويساڭچۇ، بۇنداق ئىسسىقتا يۈگۈرۈپ يۈرەمسەن، — دەيتتى كوزنىشېف ئۇنىڭغا.

— ياق، مەن دەپتەرخانىغا بېرىپ كېلەي ! — لېۋىن شۇنداق دەپلا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىزلىققا قاراپ يۈگۈرەيتتى.

## 2

ئىيۇن ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قېرى خىزمەتكار ئاگافىيە ئۆزى يېڭىلا تۇزلىغان موگۇنى يەر ئاستى ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقاندا، تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىپ قولىنىڭ بېغىشىنى چىقىرىۋالدى. يەرلىك دوختۇر، تېببىي ئىنستىتۇتنى يېڭىلا پۈتكۈزگەن سۆزمەن بىر ياش بالا كېلىپ تەكشۈرۈپ، قولى چىقىپ كەتمەپتۇ، دەپ دورا سۈركەپ تېڭىپ قويدى. ئۇلار ئۇنى چۈشلۈك تاماققا تۇتۇپ قالدى. ئۇ ياش دوختۇر ئەلگە مەشھۇر كوزنىشېف بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ دۇنيادىكى ئىشلاردىن تولۇق خەۋىرى بارلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، بۇ يەردە بولۇنۇۋاتقان پىتنە گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى

كوزنىشېفقا سۆزلەپ بەردى، يەنە تېخى يەرلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئۇستىدىن ياخشى ئىش قىلمىدى، دەپ شىكايەتمۇ قىلدى. كوزنىشېف ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى، ئارىلاپ ئۇنى - بۇنى سوراپمۇ تۇردى. يېڭى بىر تىڭشىغۇچىغا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كەتتىمۇ، قانداق، ناھايىتى سەۋىيىلىك ھەم دەل جايىدا ئېيتىلغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇ ياشنىڭ قاتتىق ئېتىبارىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئېلىپ بېرىلغان قىزغىن سۆھبەتتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان، بىر ئىنىسىغىلا تونۇشلۇق خۇشخۇي ھالىتىگە كەلدى. دوختۇر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن قارماقلىرىنى ئېلىپ دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى كەتتى. كوزنىشېف بېلىق تۇتۇشقا ھەۋەس قىلاتتى، يەنە تېخى مۇشۇ مەنىسىز ھەۋەسى ئۈچۈن پەخىرلىنىپمۇ قوياتتى.

ھەيدىلىۋاتقان ئېتىز بىلەن ماللىرى ئوتلاۋاتقان ئوتلاققا بارماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان لېۋىن ئاكىسىنى ھارۋىسىغا سېلىپ دەريا بويىغا ئاپىرىپ قويدى.

بۇ يازنىڭ يىغىم ۋاقتى بىلەن تېرىم ۋاقتى بىرلا ۋاقىتقا توغرا كەلگەن كۈنلەر ئىدى. بۇ يىلنىڭ ھوسۇلى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كېلەر يىلنىڭ تېرىمىغا تەييارلىق قىلىنىۋاتاتتى. چۆپ چاپىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالغانىدى. قارا بۇغداي تۇتاش باشاق ئېلىپ تېخى دان تۇتمىغانىدى، شامالدا باشلىرىنى چايقاپ يېنىك دولقۇنلىنىپ تۇراتتى، ئارا - ئارىسىدا سېرىق ئوتلار كۆرۈنۈپ تۇرغان سۇلۇ ۋاقچە تېرىلغان زىرائەتلەر ئارىسىدا كۆكىرىپ كۆرۈنەتتى. چىلگە بۇغداي قويۇق ئۆسۈپ يەرنىڭ يۈزىنى يېپىپ كەتكەن، مال دەسسەپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن ئاختارما يەرلەرنىڭ يېرىمى ھەيدىلىپ بولغانىدى، ئېتىزلارغا تۆكۈلگەن دۆۋە - دۆۋە قىغىنىڭ پۇرىقى گۈگۈم مەھەلدە خۇش پۇراق ئوتلارنىڭ پۇراقلىرىغا قوشۇلۇپ بۇرۇنغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سازلىقلاردىكى، دەريا بويلىرىدىكى پىچانلار دېڭىزدەك

تۈتاش قانات يېيىپ ياتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدىكى ئوتلارمۇ قارا غوللىرىنى كەڭ يېيىپ، ئورۇۋېلىشنى ساقلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ يىلدا بىر كېلىدىغان جىددىي يىغىم پەسلىنىڭ ئالدىدىكى قىسقا مۇددەتلىك ئارام ئېلىۋېلىش مەزگىلى ئىدى. كۈندۈزى ئىسسىق، هاۋا ئوچۇق ئىدى، كېچە قىسقا، شەبنەم چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ يىلقى هوسۇلدىن ئۈمىد چوڭ ئىدى.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئوتلاق تەرەپكە بېرىشلىرى ئۈچۈن ئورماندىن ئۆتەتتى. كوزنىشېۋ دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقتا چۆمۈلگەن ئورماننىڭ چىرايلىق مەنزىرىسىنى تويماي تاماشا قىلىپ ماڭاتتى. ئۇ دەم قارامتۇل كۆرۈنگەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە كونا سېرىق يوپۇرماقلىرى كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان، چېچەك چىقارغىلى تۇرغان قېرى لىپا دەرىخىنى، دەم بۇ يىل تىككەن كۆچەتلەرنىڭ پارقىراپ تۇرغان يۇمران تاللىرىنى ئىنىسىغا كۆرسىتىپ كېلەتتى. لېۋىن تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى توغرۇلۇق سۆزلەشنىمۇ، ئاكىسىنىڭ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ماختاپ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايتتى، ئارتۇقچە گەپ تەبىئەت گۈزەللىكىنى بۇزىدۇ، دەپ بىلەتتى. ئاكىسىنىڭ گەپلىرىگە هە دەپ قويغىنى بىلەن، خىيالى باشقا يەردە ئىدى. ئورماندىن چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى تۆپىلىكتىكى ئاختارما يەرنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىگە مەركەزلەشتى. ئاختارمىنىڭ بەزى يەرلىرىنى ئوت ـ چۆپ بېسىپ كېتىپ، ئۇ ئوت ـ چۆپلەر سارغىيىشقا باشلىغان، بەزى يەرلىرى دەسسىلىپ يول بولۇپ كەتكەن، بەزى جايلىرىدا قاتار قىلىپ توپا دۆۋىلەپ قويۇلغان، بەزى يەرلىرى هەيدەپ قويۇلغانىدى. ئېتىزلىقلاردا هارۋىلار قاتار كېتىۋاتاتتى. لېۋىن هارۋىلارنى ساناپ چىقىپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ئاساسەن توشۇلۇپ بولغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئىچىدە خۇشال

بولدى. ئوتلاقتا كەلگەندىن كېيىن خىيالى ئوت ئورۇشقا يۆتكەلدى، ئۇ ئۆزىمۇ ئوت ئورۇشقا ئالاھىدە قىزىقاتتى. ئوتلاقتا كېلىپلا لېۋىن ھارۋىنى توختاتتى.

قېلىن ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدىن شەبنەم تېخى كەتمىگەنىدى. كوزنىشېق پەسكە چۈشسە ئايىغىنىڭ شەبنەمدە ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئىنىسىدىن ھارۋىنى توختاتماي، دەريا بويىدىكى تاللىقتا ھەيدەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېۋىن ئوت - چۆپلەرنىڭ دەسسىلىپ كېتىشىگە ئىچى ئاغرىسىمۇ، ئامالسىز ھارۋىنى ئوتلاق ئۈستىدىن ھەيدەپ ماڭدى. ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار ھارۋىنىڭ چاقلىرىغا، ئاتنىڭ پۇتلىرىغا يۇمشاق تېگىپ، چاقلارنىڭ گۇگۇسۇنلىرىگە، شادىلىرىغا ئۇرۇقلىرىنى يېپىشتۇرۇپ باراتتى.

ئاكىسى دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قارماقلىرىنى ئوڭلاشقا باشلىدى. لېۋىن ئاتنى ھارۋىدىن چىقىرىپ دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، يېشىل، كۆل رەڭ ئوت - چۆپ دېڭىزى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. سۇ يىغىلىپ قالغان ئويمان جايلارنىڭ يىپەكتەك يۇمران ئوت - چۆپلىرى ئادەمنىڭ بېلىگە كېلەتتى.

لېۋىن ئوتلاقنى كېسىپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىققاندا، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان، بىر كۆزى ئىششىپ كەتكەن بىر بوۋاينى ئۇچراتتى.

— ھە؟ بىر ساندۇق ھەرە تۇتۇۋالدىڭمۇ نېمە، فومىچ؟ — دەپ سورىدى لېۋىن.

— نەدىن تۇتۇۋالىمەن دەيسىز، كونستانتىن دمىترىچ! ئۆزۈمنىڭكىنى ساقلاپ قالالىسام چوڭ گەپ دەڭا. بۇ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم قېچىشى ... خەيرىيەت، باللار بېرىپ تۇتۇپ كېلىشتى. ئۇلار شۇ چاغدا سىزنىڭ ئېتىڭىزنى ھەيدەۋېتىپتىكەن، ئاتلارنى قوشتىن چىقىرىۋېلىپلا قوغلاپ يېتىشىۋاپتۇ.

— ھەي، فومىچ، ئېيتقىنا، چوڭ چېپىقىغا ھازىر چۈشۈشىمىز كېرەكمۇ ياكى بىرنەچچە كۈندىن كېيىنمۇ؟

— يەنە قاچانغىچە كۈتەتتىڭىز! بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە سېپىنت پېتېر بايرىمىغىچە كۈتۈش كېرەك، ئەمما سىز باشقىلاردىن بالدۇرراق چېپىشقا چۈشمىسىڭىز بولمايدۇ، يەنە كۈتۈشىڭىز ھاجەتسىز. خۇداغا شۈكۈر، بۇ يىل ئوت ـ چۆپ ياخشى، قىشچە ئۇلاغلىرىڭىزغا بەخۇدۇك يېتىدۇ.

— ھاۋا رايى قانداقراق بولار؟

— ئۇ خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، شۇنداقتىمۇ ئاساسەن ياخشى بولار دەپ ئويلايمەن.

لېۋىن ئاكىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. كوزنىشېف بىرمۇ بېلىق تۇتالمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ زېرىكمەي كەيپى چاغ ئولتۇراتتى. لېۋىن دوختۇر بىلەن قىلىشقان پارىڭىدىن ھۇزۇرلىنىپ كەتكەن ئاكىسىنىڭ ئۆزى بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. لېكىن، ئۇ ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ بېرىپ، ئەتە چۆپ چاپىدىغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالدىراپ تۇرغاچقا، ئاكىسى بىلەن پاراڭلىشىشقا ھەپىسلىسى يوق ئىدى.

— بولدى، ئەمدى ماڭايلى، — دېدى ئۇ.

— نېمىگە ئالدىرايسەن! يەنە بىردەم ئولتۇرايلى. قارا، ئۈستۈڭنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكىنىنى. مەن بېلىق تۇتالمىغان بولسامۇ يەنىلا خۇشالمەن. بېلىق تۇتۇش بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ياخشى يېرى تەبىئەتكە يېقىنلىشىسەن. قارا، بۇ سۇنىڭ رەڭگىگە، نېمىدېگەن چىرايلىق، — دېدى كوزنىشېف، — بۇ ياپيېشىل قىرغاق بىر تېپىشماقنى ئېسىمگە سالدى. ئۇنىڭ نېمە تېپىشماق ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ چۆپ سۇغا: بىزنىڭ چايقىلىپ تۇرغىنىمىز تۇرغان، دەيدىكەن.

— مەن بۇ تېپىشماقنى بىلمەيدىكەنمەن، — دەپ مەيۈس جاۋاب بەردى لېۋىن.

# 3

— بىلەمسەن، مەن سەن توغرۇلۇق ئويلاپ ئولتۇراتتىم، — دېدى كوزنىشىڧ، — ئۇ دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، ناھىيەڭلارنىڭ ئەھۋالى چاتاق ئىكەن. ئۇ خېلى ئەقىل - ھوشى بار يىگىتتەك قىلىدۇ. مەن ساڭا بۇرۇنمۇ دېگەن، ھازىرمۇ دەيمەن، يىغىنغا بارمىساڭ، ئاپتونومىيە كومىتېتىنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارىڭ بولمىسا بولمايدۇ. ئەگەر دۇرۇس ئادەملىرىمىز بۇ ئىشلاردىن باش تارتسا، ئىشلار تېخىمۇ بۇزۇلىدۇ. بىز پۇلنى تۆلەۋاتىمىز، پۇل ئىش ھەققىگە سەرپ قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، نە مەكتەپ، نە دوختۇر، نە تۇغۇت ئانا، نە دورىخانا يوق، ئومۇمەن ھېچنېمە يوق.

— مەن سىناپ باقتىم، — دېدى لېۋىن خۇشياقمىغاندەك بوش سۆزلەپ، — قولۇمدىن كەلمىدى. شۇنداق تۇرسا ئامالىم قانچە !

— نېمىشقا قولۇڭدىن كەلمەيدۇ؟ راستىمنى دېسەم، بۇ ئىشىڭنى چۈشەنمەيۋاتىمەن. كۆڭۈل بۆلمەمدىكىن، ئىقتىدارى يەتمەمدىكىن دېسەم، ھېچقايسىسى ئەمەس. ياكى ھۇرۇنلۇقۇڭدىنمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، سىناپ باقتىم، قارىسام، قولۇمدىن كەلمەيدىغاندەك، — دېدى لېۋىن.

ئۇ ئاكىسىنىڭ گەپلىرىگە تازا دىققەت قىلىپ كەتمىدى، كۆزلىرى دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئېتىزلىقتا قارىيىپ كۆرۈنگەن بىر نەرسىدە ئىدى، ئۇنىڭ ئات ياكى ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتقان غوجىدار ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدى.

— نېمىشقا قولۇڭدىن كەلمەيدۇ؟ ئۇرۇنۇپ بېقىپ، ئويلىغىنىڭدەك بولمىسا روھىڭنى چۈشۈرۈۋەتسەڭ بولامدۇ؟

ئۆزۈڭگە شۇنچىلىكمۇ ئىشەنچىڭ يوقمۇ؟
— ئىشەنچ توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتىسەن، — لېۋىنغا ئاكىسىنىڭ بۇ گېپى ئازراق تەسىر قىلدى، — مەن ئۇنى چۈشەنمەيمەن. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چېغىمدا ماڭا، ئىنتېگرال ھېسابىنى باشقىلار بىلىدۇيۇ، سەن نېمىشقا بىلمەيسەن، دېسە، مەن ئىشەنچىمنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالاتتىم. لېكىن، بۇ ئىشقا كەلگەندە، ئۇنى قىلىش ئۈچۈن مەلۇم قابىلىيەت بولۇش شەرت، ئالدى بىلەن شۇ ئىشنىڭ مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش كېرەك.
— نېمە؟ ئەجەبا، بۇ ئىش مۇھىم ئەمەسمۇ؟ — دېدى كوزنىشېۋ. ئىنىسىنىڭ ئۆزى مۇھىم دەپ بىلىۋاتقان ئىشقا سەل قاراۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىگە قۇلاق سالمىغانلىقى ئۇنى خاپا قىلىپ قويدى.
— مەن ئۇنى مۇھىم دەپ قارىمايمەن ھەم ئۇنىڭغا قىزىقمايمەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا ئۇنىڭغا مېنىڭ نېمە ئامالىم؟ ... — دېدى لېۋىن جاۋاب بېرىپ. ئۇ يىراقتىن كۆرۈنگەن قارا نەرسىنىڭ ئاتلىق كېلىۋاتقان غوجىدار ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئېنىق كۆردى. ئۇ چوقۇم دېھقانلارنى قويۇۋەتتى، شۇ تۇرقىدا ئۇلار سوقىلارنى ئاتتىن چىقىرىشىۋاتىدۇ. «يەرنى تولۇق ھەيدەپ بولغانمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.
— گېپىمگە قۇلاق سال، — ئاكىسىنىڭ ئەقىللىق ۋە چىرايلىق يۈزىدە نارازىلىق ئالامىتى كۆرۈندى، — ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ، ئومۇمىي ئېقىمغا ئەگىشىپ كەتمىسەڭمۇ، ئەمما ساپ دىل بولۇپ، يالغانچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولساڭ، بۇ ياخشى ئىش. مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن. لېكىن، قىلىۋاتقان گەپلىرىڭدە ھېچقانداق مەنە بولمىسا، ئۇ گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ بولىدۇ. ئۆزۈڭ خەلقنى ياخشى كۆرىمەن دەپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مۇھىم ئەمەس دەپ بىلىسەن، يەنە

تېخى چوقۇم شۇنداق دەيسەن ...

«مەن ھېچقاچان چوقۇم شۇنداق دېگەن گەپ قىلمىغانغۇ؟» دەپ ئويلىدى لېۋىن ئىچىدە.

— ... سەن ئۇلارنىڭ ياردەمسىز قالسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ نادان خوتۇنلار بالىلىرىنى قىيناپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، پۇقرالار جاھالەتكە پېتىپ قېلىۋاتىدۇ، يېزىلاردىكى كاتىپلار قارام بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، سەن بولساڭ ئۇلارغا ياردەم بەرگۈدەك كۈچۈڭ بار تۇرۇقلۇق ياردەم بەرمەيۋاتىسەن، چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى مۇھىم دەپ بىلمەيسەن.

شۇنىڭدىن كېيىن كوزنىشېف ئىنىسىنىڭ بۇنداق بولۇپ قېلىشىنى ئىككىنىڭ بىرى: «ياكى ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىڭغا ئەقلىڭى يەتكۈزەلمەيسەن، ياكى خاتىرجەملىكىڭنى بۇزۇشنى، كىبىرىڭنى تاشلاشنى خالىمايسەن. مەنمۇ سېنىڭ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا ياتىدىغانلىقىڭنى بىلەلمىدىم» دېدى.

لېۋىن ياكى تەسلىم بولۇش، ياكى كۆپچىلىكنىڭ ئىشىغا قىزغىنلىقىنىڭ يوقلۇقىنى بوينىغا ئېلىشتىن باشقا ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىنى سېزەتتى ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولاتتى ۋە ئازابلىناتتى.

— ئىككىلىسى بار، — دېدى لېۋىن قەتئىيلىك بىلەن، — ئەمما ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى كۆرەلمەيۋاتىمەن ...

— نېمە؟ پۇلنى مۇۋاپىق باشقۇرۇپ، كىشىلەرگە تېببىي جەھەتتە ياردەم بېرىش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭچە، مۇمكىن ئەمەس ... بىزنىڭ بۇ ناھىيىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى تۆت مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. قارلار ئېرىپ، يوللار پاتقاق بولۇپ كېتىدۇ، شىۋىرغانمۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش چاغلىرىمۇ بار، مۇشۇنداق شارائىتتا ناھىيىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە تېببىي ياردەم يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ دورىلىرىغا مۇتلەق

ئىشەنمەيمەن.

— توختا، بۇ گېپىڭ ئادىل بولمىدى ... مەن ساڭا مىڭلاپ مىسال كەلتۈرۈپ بېرەلەيمەن ... ئۇنداق بولسا مەكتەپلەرچۇ؟

— مەكتەپنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

— بۇ نەچە گەپ؟ مائارىپنىڭ رولىدىنمۇ گۇمانلىنامسەن؟ بىلىم ساڭا ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەن بولسا، باشقىلارغىمۇ ئاشۇنداق ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

لېۋىن ئاكىسىنىڭ ئۆزىنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئازار يېگەندەك بولۇپ قالدى ھەم خاپا بولدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئومۇمنىڭ ئىشىغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ كەتتى.

— ئېھتىمال، سەن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىشلاردۇ. لېكىن، مەن نېمە ئۈچۈن بىر قېتىممۇ ھاجىتىم چۈشمىگەن تېببىي پونكىتلار، كەلگۈسىدە مەن بالىلىرىمنى، دېھقانلارمۇ بالىلىرىنى ئاپىرىپ بېرىشنى خالىمايدىغان ئۇنداق مەكتەپلەر ئۈچۈن باش قاتۇرغۇدەكمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالىلارنى ئۇ مەكتەپلەرگە ئاپىرىپ ئوقۇتۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارلىقىغا مەن ئىشەنمەيمەن.

ئويلاپ باقمىغان بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان كوزنىشېف داڭقېتىپ قالدى، لېكىن يەنە ئىتتىكلا ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى تاپتى.

ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، قارماقنى سۇدىن تارتىۋېلىپ يەنە تاشلىدى، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئىنىسىغا:

— توختا، گېپىمگە قۇلاق سال ... ئالدى بىلەن دەيدىغىنىم، تېببىي پونكىتلار بىزگە كېرەك. بىز چاقىرتىپ كەلگەن دوختۇرنىڭ ئاگافيەنىڭ قولىنى تېڭىپ قويغانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭغۇ؟

— ئۇنىڭ قولى تۈز بولمايدىغان بولۇپ قاپتىكەن شۇ.

— ئۇ تېخى نامەلۇم ... ئۇنىڭدىن باشقا، خەت ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان دېھقانلار بىلەن ئىشچىلار ساناقلىق لازىم، ئۇلار تېخىمۇ ياخشى قىممەت يارىتالايدۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، كىمدىنلا بولسا سوراپ باق، — دېدى لېۋىن كەسكىن جاۋاب بېرىپ، — ساۋاتلىق ئىشچىلار تېخىمۇ يامان، ئۇلار يول ياساشنى بىلمەيدۇ، سالغان كۆۋرۈكنى ئارقىدىنلا ئوغرىلاپ ھېچنېمىسىنى قويمايدۇ.

— مەسىلە بۇنىڭدا ئەمەس، — دېدى كوزنىشېف قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. ئۇ زىددىيەتلىك گەپ قىلىدىغان، مۇنازىرىلىشىۋاتقان چاغلاردا قاراشلىرىنى تولا ئۆزگەرتىپ، ئادەمنى گەپلىرىگە قاياقتىن جاۋاب بېرىشنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويىدىغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرمەيتتى، — سەندىن شۇنى سوراپ باقاي، سەن بىلىمنىڭ خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ئىقرارمۇ؟

— ئىقرار، — دېدى لېۋىن خۇشياقمىغاندەك تەلەپپۇزدا. لېكىن، دەررۇلا بۇ گېپىنىڭ يۈرىكىدىكى گەپ ئەمەسلىكىنى ئويلاپ قالدى. ئەگەر ئۇ بۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بايا دېگەن گەپلىرى پۈت تىرەپ تۇرالمايتتى. ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە قانداق باھا بېرىشىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما مەنتىقىي جەھەتتىن ئۆزىگە بىر باھا بېرىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى، ئۇ ئەنە شۇ باھانى ساقلاپ تۇردى.

ئەمەلىيەتتە، ئاكىسىنىڭ باھاسى لېۋىن ئويلىغاندىن خېلىلا ئاددىي بولدى.

— ئەگەر سەن بىلىمنىڭ پايدىلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساڭ، — دېدى كوزنىشېف، — ئۇ چاغدا سەن دۇرۇس نىيەتلىك ئادەم بولغان بولسەن ھەم ئۇ ئىشلارنى قوللىماي، قىزغىن سۆيمەي ۋە شۇ ئىشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلمەي قالمايسەن.

— لېكىن، مەن ئۇ ئىشلارنىڭ ياخشى ئىشلار ئىكەنلىكىنى

ئېتىراپ قىلغىنىم يوق، — دېدى لېۋىن قىزىرىپ كېتىپ.

— نېمە؟ سەن تېخى بايىلا ئىقرار قىلغاندىڭغۇ ...

— مەن ئۇنى ياخشى ھەم مۇمكىن بولىدىغان ئىش دەپ ئىقرار قىلمىدىم.

— سەن ئۇنىڭغا كۆچ چىقارماي تۇرۇپ ئۇنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەنمەيسەن.

— بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، — دېدى لېۋىن ئاخىرىدا، لېكىن كۆڭلىدە پۈتۈنلەي ئۇنداق ئويلىمىدى، — شۇنداق بولسا بولسۇن. ئەمما، بۇ ئىشقا نېمە ئۈچۈن مېنىڭلا كۆڭۈل بۆلۈشۈم كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئىككىمىز بۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدۇق، ئەمدى سەن ماڭا بۇنى پەلسەپە نۇقتىسىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بەرگىن، — دېدى لېۋىن.

— مەن بۇنىڭ پەلسەپە بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدى كوزنىشېف. بۇ گەپ لېۋىنغا، سېنىڭ پەلسەپىدىن گەپ ئېچىشقا سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ، دېگەندەك تۇيۇلۇپ خېلىلا ئاچچىقى كەلدى.

— مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، ئاكا، — لېۋىن ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى، — مەن بىزنىڭ بارلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى شەخسىي بەختتە دەپ قارايمەن. مەن بىر ئاقسۆڭەك، يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىدا مېنىڭ بايلىقىمنى ئاشۇرۇشقا ياردىمى تېگىدىغان ھېچقانداق نەرسىنى كۆرمىدىم. يوللار ياسالمىدى، ياسىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئاتلىرىم مېنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ يەنىلا شۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردا كېتىۋاتىدۇ. دوختۇر بىلەن تېببىي پونكىتلارغا مېنىڭ ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. ماڭا مەكتەپ كېرەك ئەمەس — بۇ گېپىمنى مەن ساڭا دېگەن — مەكتەپنىڭ زىيىنى باركى، پايدىسى يوق. مېنىڭ قارىشىمچە، يەرلىك ئاپتونومىيە

ئورگانلىرى خەقنىڭ ئۇستىدىكى يوكىنى كۆپەيتىپ، ھەر بىر مو يەرگە ئون سەككىز كوپىيكا ئالىدۇ، يەنە تېخى شەھەرگە پەيتۇن بىلەن بېرىش، شەھەرنىڭ چۇسا قايناپ تۇرىدىغان ياتاقلىرىدا يېتىش، ھەر خىل يارىماس گەپلەرنى ئاڭلاش كېرەك. ئۇنىڭدا يا مېنى رىغبەتلەندۇرۇپ تۇرىدىغان شەخسىي مەنپەئىتىممۇ يوق.

— گېپىمنى ئاڭلا، — دېدى كوزنىشېڧ كۇلۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بىز دېھقانلارنى ئازاد قىلغان چاغلاردىمۇ شەخسىي مەنپەئەتلىرىمىز بىزنى رىغبەتلەندۇرمىگەن، شۇنداقتىمۇ بىز ئۇ خىزمەتنى قىلىۋەرگەن.

— ياق، — دېدى لېۋىن تېخىمۇ قىزىشىپ، — دېھقانلارنى ئازاد قىلىش باشقا ئىش، ئۇنىڭدا شەخسىي مەنپەئەت بار ئىدى، ئۆزىمىزنىڭمۇ، باشقا بارلىق ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭمۇ بويىنىدىكى شۇ بويۇنتۇرۇقنى ئېلىپ تاشلىغۇمىز كەلگەن. لېكىن، مەن يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغىنىم ئۈچۈن، ئۆزۈم تۇرمايدىغان شەھەرگە كوچا سۇپۇرىدىغانلاردىن قانچىنى ئېلىش، شەھەرنىڭ يوندى يوللىرىغا قانچىلىك تۇرۇبا تارتىش كېرەك، دېگەندەك مۇزاكىرىلەرگە قاتنىشىشىم، زاسېداتىل بولۇپ، گۆش ئوغرىلىغان دېھقاننى سوتلىغان سوتتىكى ئاقلىغۇچى بىلەن قارىلىغۇچىنىڭ، باش سوتچىنىڭ توگىمەس سوراق - سوئاللىرىنى، باش سوتچى: «قارىلانغۇچى ئەپەندى، تۇزلىغان گۆشنى ئوغرىلىغىنىڭىزغا ئىقرارمۇسىز؟» دەپ سورىسا، ئاليوشكا دېگەن قېرى دېھقاننىڭ ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ: «نېمە دېدىڭىز؟» دەپ سورىغانلىرىنى ئالتە سائەت ئولتۇرۇپ ئاڭلىشىم كېرەك.

لېۋىن ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ، باش سوتچى بىلەن قېرى دېھقان ئاليوشكانىڭ قىياپەتلىرىنى دوراپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىچە، ھەممە گەپنى جايىغا كەلتۈرۈپ دېگەندى.

كوزنىشېڧ مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— خوش، بۇ گەپلىرىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسەن؟

— شۇنى دېمەكچىمەنكى، مېنىڭ ... مېنىڭ مەنپەئەتىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق ھوقۇقنى ھەرقانداق چاغدا بار كۈچۈم بىلەن ھىمايە قىلىمەن. ئۆز ۋاقتىدا ژاندارمىلار مەكتىپىمىزگە كېلىپ بىزنىڭ خەتلىرىمىزنى ئاختۇرۇپ تېپىپ ئوقۇغان چاغدا، مەن ھوقۇقىمىزنى بار كۈچۈم بىلەن قوغدىغان، بىلىم ئېلىش ھوقۇقۇمنى ھىمايە قىلغان، ئەركىنلىك ھوقۇقۇمدىن بەھرىلەنگەنىدىم. مەن بالىلىرىمغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمغا ۋە مېنىڭ تەقدىرىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىمەن، ئۆزۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ مۇزاكىرىلىرىگە قاتنىشىشنى خالايمەن. ئەمما، يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىنىڭ قىرىق مىڭ رۇبلى پۇلنى نېمىلەرگە تەقسىم قىلىش ياكى ئالىيوشكا ساراڭنى سوتلاش دېگەنلەرنى پەقەتلا بىلمەيمەن ھەم ئۇنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالمايمەن.

لېۋىن خۇددى بۇزۇلۇپ كەتكەن تۇغاندىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇدەك توختىماي سۆزلەيتتى، كوزنىشېف كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— سېنى ئەتە سوتقا تارتىدۇ دەيلى، ئۇ چاغدا سېنى كونا جىنايى ئىشلار سوتىدا سوتلىسا، سەن شۇنىڭغا ماقۇل دەمسەن؟

— مەن سوتلانمايمەن، ئادەم ئۆلتۈرگىنىم يوق. شۇڭا، مېنى سوتلاشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، مېنىڭ جاۋابىم شۇ، — ئۇ دېيىلىۋاتقان گەپكە ئالاقىسى يوق باشقا گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتى، — بىزنىڭ يەرلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىمىز 1 ـ مارت[1] بايرىمىدا تىككەن قېيىن كۆچەتلەرگە ئوخشايدۇ، ئۇنى بىز ياۋروپانىڭ شۇ يەرلىك قېيىنلىرىغا ئوخشىتىمىز دەپ

① ئېيسا تىرىلگەننىڭ ئەللىكىنچى كۈنى، ئۇ كۈن كۆچەت تىكىشكە ئەڭ مۇۋاپىق.

تىكىمىز. مېنىڭ ئۇ كۆچەتلەرگە سۇمۇ قويغۇم كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئەي بولۇشىغىمۇ ئىشەنمەيمەن.

كوزنىشېف ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆھبىتىگە قېيىن كۆچەتلىرىنىڭ قانداق ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەي، ئەمما ئىنىسىنىڭ بۇ گەپنى قىلىشتىكى مەقسىتىنى شۇئان چۈشىنىپ ئىككى مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— كەچۈرگىن، بۇنداق پاراڭلاشساق پارىڭىمىزدىن مەڭگۈ يەكۈن چىقىرالمايمىز، — دېدى ئۇ ئىنىسىنى تەنقىد قىلىپ.

لېۋىنمۇ ئۆزىنىڭ ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداق تۇرۇپمۇ يەنە ئۆزىنىڭ بۇ يېتەرسىزلىكىنى ئاقلايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— مەن ئويلايمەن، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋام قىلىپ، — خۇسۇسىي مەنپەئەت ئاساسى بولمىغان ھەرقانداق پائالىيەت ئۇزاق داۋاملىشالمايدۇ، بۇ ئەڭ ئاددىي بىر پەلسەپىۋىلىك ھەقىقەت، — ئۇ «پەلسەپىۋىلىك» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش پەلسەپىدىن ئېغىز ئاچالايدىغانلىقىنى پۇرىتىپ ئۆتتى.

كوزنىشېف يەنە بىر قېتىم مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. «ئۇنىڭمۇ ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پەلسەپىسى بار ئىكەن - دە» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— پەلسەپە توغرىسىدا سەن كۆپ گەپ قىلما، — دېدى ئۇ، — ئەسىرلەردىن بۇيان پەلسەپىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شەخسنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدىكى زۆرۈر بولغان ئالاقىنى تېپىش بولۇپ كەلگەن. بىز بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلى، مەن سېنىڭ كەلتۈرگەن مىسالىڭنى تۈزەتمەكچى. قېيىن دەرىخىنى تىكمەيدۇ، ئۆستۈرىدۇ، تېرىيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئىنچىكە پەرۋىش قىلىش كېرەك. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تۈزۈمىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇغاندا ھەم ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ ئىستىقبالى ۋە تارىختا

ئورنى بولىدۇ.

كوزنىشېف لېۋىننى ئۇ بىلمەيدىغان پەلسەپە بىلەن تارىخ دائىرىسىگە باشلاپ كىردى ۋە ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىدىكى خىلمۇ خىل خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

— سېنىڭ ئومۇمنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭغا كەلسەك، سەندىكى ئۇ خىل ھالەت رۇسلارنىڭ ھورۇنلۇقى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مىجەزىدىن كەلگەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ سېنىڭ ۋاقىتلىق ئاداشقانلىقىڭ، ئۇزاققا بارماي بۇ سەۋەنلىكىڭنى تۈزىتىۋالىسەن.

لېۋىن جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپتىن يېڭىلگەنلىكىنى بىلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاكام مېنىڭ گەپلىرىمنى چۈشەنمىدى، دەپ ئويلىدى. بۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ دېيەلمىگەنلىكىدىنمۇ ياكى ئاكىسىنىڭ چۈشىنىشنى خالىمىغانلىقىدىنمۇ ۋە ياكى ئۇنى چۈشىنىشكە ئامالسىزلىقىدىنمۇ، لېۋىن بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئويلاشنىمۇ، ئاكىسىغا رەددىيە بېرىشنىمۇ ئويلىماي، بۇ يەردىكى گەپلەرگە پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولغان ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشى ئۈستىدە خىيالغا كەتتى.

كوزنىشېف ئاخىرقى قارمىقىنى يىغىۋالدى ۋە ئاتنى باغلاقتىن يېشىپ ئىككىسى بىللە ئۆيگە قايتتى.

## 4

ئاكىسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، لېۋىننىڭ خىيالىنى بەند قىلىۋالغان نەرسە، بۇلتۇر چۆپ چاپقىلى چىقىپ، بىر ئىش توغرۇلۇق غوجىدارغا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ئادەتلەنگەن ئۇسۇلى بويىچە بىر دېھقاننىڭ

قولىدىن چالغىنى ئېلىپ چۆپ چېپىپ كەتكەنلىكى ئىدى.

ئۇ چۆپ چېپىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، بىرنەچچە قېتىم چۆپ چاپقىلىمۇ چىققان، ئۆينىڭ ئالدىدىكى شۇنچە چوڭ يەرنىڭ چۆپىنى بىر ئۆزى چېپىپ تۈگەتكەنىدى، بۇ يىلمۇ باھار كەلگەندە، دېھقانلار بىلەن بىرنەچچە كۈن چۆپ چېپىشنى پىلانلاپ قويغانىدى. ئاكىسى كەلگەندىن كېيىن چۆپ چاپقىلى چىقايمۇ، چىقمايمۇ، دەپ كۆپ ئويلاندى. ئاكىسىنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويۇشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى ھەم ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى مۇشۇ ئىش بىلەن مەسخىرە قىلىشىدىنىمۇ ئەنسىرەيتتى. لېكىن، ئوتلاقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، نۇرغۇن ئادەمنىڭ چۆپ چېپىۋاتقان كۆرۈنۈشى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، چۆپ چېپىشقا بېرىشنى قارار قىلغاندەكمۇ بولدى. ئاكىسى بىلەن ئاشۇ كۈنى قىلىشقان جىددىي سۆھبەتتىن كېيىن، يەنىلا چۆپ چاپقىلى چىققىنىم ياخشى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

«ماڭا جىسمانىي ئەمگەك زۆرۈر، بولمىسا يەنە كۆرۈنگەنلا ئىشقا چېچىلىپ قالىمەن.» ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئاخىر چۆپ چېپىشقا چىقىش قارارىغا كەلدى.

لېۋىن گۇگۇم مەھەلدە دەپتەرخانىغا كېلىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى، قوشنا كەنتلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ چۆپ چاپقىلى كېلىدىغانلارنى تاپتۇرۇپ، ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ ياخشى كارىنوف يىچانلىقىدىكى چۆپنى چېپىپ تۈگەتمەكچى بولدى.

ــ مېنىڭ چالغامنى تىتقا ئەۋەتىپ بېرىڭ، چىڭداپ ئەتە ئالغاچ كەلسۇن. مەنمۇ چۆپ چاپقىلى چىقىپ قېلىشىم مۇمكىن، ــ دېدى لېۋىن ئەتەي پەرۋا قىلمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

غوجىدار كۈلۈپ كېتىپ، ئاندىن:

ــ بولىدۇ، ــ دېدى.

كەچتە چاي ئىچىۋېتىپ لېۋىن بۇ ئىشنى ئاكىسىغا دېدى.

ــ ھاۋامۇ ئەمدى تۇراقلىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ، ــ دېدى

ئۇ، — ئەتە مەن چوڭ چاپقىلى چىقماقچى.
— مەنمۇ ئاشۇنداق ئەمگەكنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى كوزنىشېۋ.
— مەن سەندىن ئۆتە ياخشى كۆرىمەن، بەزىدە دېھقانلار بىلەن بىللە چوڭ چاپىمەن. ئەتىمۇ كەچكىچە ئۇلار بىلەن بىللە چوڭ چاپماقچى.
كوزنىشېۋ ئىنىسىنى كۆتۈرۈپ، ھەيران قېلىشقاندەك ئىنىسىغا قاراپ قويدى.
— بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ دېھقانلارغا ئوخشاش بىر كۈن كەچكىچە چوڭ چاپماقچىمۇ سەن؟
— ھەئە، بۇ ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئىش دېگىنە.
— ھەرىكەتنى دېسەڭ، بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھەرىكەت يوق. ئەمما، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىشىڭ ناتايىن، — دېدى كوزنىشېۋ جىددىي تەرزدە.
— مەن سىناپ باققان. دەسلەپتە چارچايسەن، كېيىن ئۆگىنىپمۇ قالىسەن. ئۇلارنىڭ كەينىدە قالمىسام كېرەك دەپ ئويلايمەن ...
— ھە، مۇنداق دېگىن، دەپ باقە، سېنىڭ بۇ ئىشىڭغا دېھقانلار قانداق قارار؟ ئۇلار بەلكىم خوجايىنىمىزنىڭ بۇ غەلىتە ئىشىغا كۈلۈشلىرى مۇمكىن.
— ياق، مېنىڭچە، ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇ ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم جاپالىق ئىش، ئۇلارنىڭ ئۇنى ئويلاشقا ۋاقتىمۇ بولمايدۇ.
— ئۇلار بىلەن تاماقنى قانداق بىللە يېيەلەيسەن؟ فىرانسىيىنىڭ ۋىنوسى بىلەن قورۇلغان كۈركە گۆشىنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ بەرمەيدىغاندۇ؟
— ئۇنىڭدا گەپ يوق، ئارىلىقتا ئارام ئالغان چاغلاردا ئۆيگە بېرىپ كەلسەم بولىدۇ.
ئەتىسى سەھەردە لېۋىن باشقا كۈنلەردىكىدىن بالدۇر ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىمەن دەپ

ئازراق كېچىكىپ قالدى. چۆپ چېپىقىغا كەلگەندە، چالغىچىلار ئىككىنچى سولغا چۈشۈپ بولغانىكەن.

ئۇ دۆڭدە تۇرۇپ، پەستە يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوت - چۆپلەرنى، ئورۇلۇپ بولغان سولدىن چۈشكەن چۆپلەرنىڭ خۇددى تىزىپ قويغاندەك يەردە بىر تەكشى ياتقانلىقىنى، ئۇ يەر - بۇيەرگە تاشلاپ قويۇلغان كىيىملەرنى كۆردى. بۇ كىيىملەرنى چالغىچىلار بىرىنچى سولدىن چىقىپ بولغاندا سېلىپ تاشلاشقانىدى.

ئىتى ئۇلارغا يېقىنلاشقاندا، لېۋىن قاتار تۇرۇپ چۆپ چېپىۋاتقان چالغىچىلارنى ئېنىق كۆردى. ئۇلارنىڭ چالغا چېپىۋاتقان ھالەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى، بەزىلىرى قىسقا چاپان كىيىۋالغان، بەزىلىرى كۆڭلەكچان ئىدى. ساناپ چىقىۋىدى، جەمئىي قىرىق ئىككى ئادەم ئىكەن.

ئۇلار ئىگىز - پەس يەرنىڭ چۆپلىرىنى ئاستا مېڭىشلىرى بىلەن چاپماقتا ئىدى، ئىلگىرى ئۇ يەر كونا تۇغاننىڭ ئورنى ئىدى. لېۋىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچەيلەننى تونۇدى، يېرمىل بوۋايمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغان، ئېڭىشىپ تۇرۇپ چالغا چاپاتتى؛ بۇرۇن لېۋىننىڭ ھارۋىسىنى ھەيدىگەن يىگىت ۋاسكامۇ شۇ يەردە ئىدى، چالغىنى ئاجايىپ كۈچ ۋە سالماق بىلەن چېپىپ كېتىۋاتاتتى. لېۋىننىڭ چالغا چېپىشتىكى ئۇستازى، ياداڭغۇ دېھقان تىتمۇ بار ئىدى، ئۇ خۇددى چالغىنى ئويناۋاتقاندەك، قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ كەڭ سولىنى ئېلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى.

لېۋىن ئاتتىن چۈشتى - دە، ئىتنى يول بويىغا باغلاپ قويۇپ تىتنىڭ ئالدىغا كەلدى، تىت چاتقالنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويغان چالغىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

— چىڭداپ قويدۇم، خوجايىن، ئۇستىرىدەك بولۇپ كەتتى. چۆپكە تېگەر - تەگمەي قىرقىپ تاشلايدۇ، — دېدى ئۇ بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ.

لېۋىن چالغىنى قولىغا ئېلىپ سىناپ باقتى. سوللىرىنى ئايىغىغا يەتكۈزگەن، تەرلەپ كەتكەن خۇشخۇي چالغىچىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خۇشال كۈلۈشۈپ يول بويىغا چىقىشىپ خوجايىن بىلەن كۆرۈشتى. ھەممىسىلا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، ئەمما بىرىمۇ سۆز قىلمايتتى. كوسا، يۈزىنى قورۇق باسقان، قوي تېرىسىدىن كالتە جۇۋا كىيىۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر بوۋاي لېۋىنغا گەپ قىلغاندا، ئاندىن قالغانلار گەپ قىلىشقا باشلىدى.

— بېگىم، ھوشيار تۇرۇڭ، بەلنى باغلىغان بولغاندىكىن، ئەمدى ئارقىدا قالسىڭىز بولمايدۇ، — لېۋىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان باشقا چالغىچىلارنىڭ كۈلكىلىرىنى ئاران بېسىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى.

— ئارقىدا قالماسلىققا تىرىشىمەن، — دېدى تىتىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ چېپىشنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان لېۋىن.

— سەگەك بولۇڭ! — دېدى يەنە ئۇ بوۋاي.

— تىت يول ئاچقاندىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن لېۋىن سول ئالدى. يول بويىدىكى چۆپ پاكار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاقتىن بېرى چۆپ چاپمىغاچقا ھەم ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغاچقا، لېۋىن جىددىيلىشىپ كېتىپ، شۇنچە كۈچەپ چاپسىمۇ ياخشى چاپالمىدى. كەينىدىكىلەرنىڭ كۇسۇرلاشلىرى قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

— چالغا ياخشى ساپلانماپتۇ، تۇتقۇچى يۇقىرىدىراق بولۇپ قاپتۇ. بېلىنىڭ ئېگىلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمەمسەن، — دېدى بىرى.

— كۈچىنى چالغىنىڭ جۈلدۈسىغا كۆپرەك بەرسە بولاتتى، — دېدى ئىككىنچىسى.

— ھېچقىسى يوق، مەيلى، كۆپرەك چاپسا كۆنۈكۈپ قالىدۇ، — دېدى بايىقى بوۋاي يەنە، — قاراڭلار، خېلى ئوبدان چېپىۋاتىدۇ ... سولنى سەل كەڭ ئېلىۋالدى، ئۇنىڭدا ئاسان چارچاپ قالىدۇ ... خوجايىن ئۆزى ئۈچۈن چېپىۋاتىدۇ - دە. سەل

چالا قېلىۋاتىدۇ! ئەگەر بىز مۇشۇنداق چاپقان بولساق ھارغۇچە تىل ئاڭلايتتۇق.

ئەمدى چۆپلەر يۇمشاق ئىدى. لېۋىن ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى، لېكىن جاۋاب بەرمەي، مۇمكىنقەدەر ئوبدانراق چېپىشقا تىرىشىپ، تىتىنىڭ كەينىدىن سولىنى ئېلىپ مېڭىۋەردى. ئۇلار يۈز قەدەمچە يەرگە بېرىپ قالدى، تىت توختاي دېمەيتتى، داۋاملىق چېپىپ كېتىۋاتاتتى، قىلچە چارچىغاندەك ئەمەس. لېكىن، لېۋىن بەرداشلىق بېرەلمەي قالمىسام بولاتتى، دېگەن ئەندىشە ئىچىدە كېتىۋاتاتتى، بەكمۇ چارچاپ كەتكەنىدى.

لېۋىن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ چالغا تاشلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تىتقا ئەمدى بىرئاز توختايلى، دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا تىت ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندەك ئۆزىلا توختاپ، يەردىن بىر تۇتام ئوتنى يۇلۇۋېلىپ چالغىسىنى سۈرتتى، ئاندىن بىلەشكە باشلىدى. لېۋىن قەددىنى رۇسلاپ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ كەينىگە قايرىلىپ قارىدى. كەينىدىن سول تارتىپ كېلىۋاتقان دېھقانمۇ ھارغان بولسا كېرەك، لېۋىنغا يېقىن بارماي، جايىدا توختاپ چالغىسىنى بىلەشكە باشلىدى. تىت ئۆزىنىڭ چالغىسىنى بىلەپ بولۇپ لېۋىننىڭ چالغىسىنىمۇ بىلەپ بەردى، ئاندىن ئىككىسى يەنە سول تارتىپ ماڭدى.

ئىككىنچى چېپىشتىمۇ شۇنداق بولدى. تىت كەينى ـ كەينىدىن غۇلاچ تاشلاپ، ھارماي ۋە توختىماي كېتىۋەردى. لېۋىنمۇ ئارقىدا قالماسلىققا تىرىشىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي چېپىپ ماڭدى. لېكىن، بارغانسېرى ھېرىپ كېتىۋاتاتتى. ماغدۇرى قالماي، ئەمدى قانداق قىلارمەن، دەپ تۇرغاندا، تىت يەنە توختاپ چالغىسىنى بىلەشكە باشلىدى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق چېپىپ مېڭىپ بىرىنچى سولنى ئايىغىغا يەتكۈزدى. بۇ ئۇزۇن سول لېۋىنغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. سولنىڭ ئايىغىغا چىققاندا تىت چالغىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، قايتا سول

باشلاش ئۈچۈن، چاپقان سولدىكى ئايغىنىڭ ئىزى بىلەن ئارقىسىغا ئاستا ماڭغاندا، لىۋىنىمۇ ئۆزى چاپقان سول بىلەن ئارقىسىغا قايتتى. گەرچە ئۇنىڭ يۈزىدىن، بۇرنىنىڭ ئۈستىدىن خۇددى يامغۇر سۈيىدەك تەر قۇيۇلۇپ تۇرسىمۇ، سۇغا چۈشۈپ چىققاندەك پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كەيپى چاغ، خۇشال ئىدى، بولۇپمۇ ئەمدى بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلىكىدىن خۇشال ئىدى.

ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى بۇزغان نەرسە چاپقان سولنىڭ قىڭغىر - سىڭغىر چىقىپ قالغانلىقى بولدى. «ئەمدى غۇلاچنى كەڭ ئېلىۋەتمەي، گەۋدىنىڭ سالمىقى بىلەن چېپىپ باقاي» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىتتىنىڭ تۈپتۈز چىققان سولى بىلەن ئۆزىنىڭ قىڭغىر - قىيسىق ياتقان سولىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ. لىۋىنىنىڭ سېزىمىچە، دەسلەپكى سولغا چۈشكەندە تىت خوجايىنىنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك تولىمۇ ئىتتىك ماڭغاندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سولمۇ ئۇزۇن ئىدى. كېيىنكى بىر نەچچە سولدا ئوڭداق بولمىدى، كۈچمۇ ئاز كەتتى، شۇڭداقتىمۇ لىۋىن دېھقانلارنىڭ كەينىدە قالماسلىق ئۈچۈن قاتتىق كۈچىدى.

ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى، ئارزۇمۇ قىلمايتتى، پەقەت دېھقانلارنىڭ كەينىدە قالمىسام، چۆپنى ياخشى چاپسامال دەيتتى، قۇلىقىغا چالغىلارنىڭ شارت - شارت قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، كۆزلىرىگە ئالدىدا ئۇزاپ كېتىۋاتقان تىتنىڭ تىك گەۋدىسى، ئوقيا شەكلىدە چېپىلىپ كېتىۋاتقان سول، چالغىنىڭ زەربىسى بىلەن ئاستا ئىرغاڭلاپ يىقىلىۋاتقان ئوت ۋە گۈللەر، ئارام ئالغىلى بولىدىغان بىردىنبىر جاي — سولنىڭ بېشى كۆرۈنەتتى.

بىر چاغدا تەرلەپ ۋە ئىسسىپ كېتىۋاتقان مۇرىسىگە تۇيۇقسىز بىر سالقىنلىق چۈشكەندەك بولدى، بۇ سالقىنلىقنىڭ نەدىن، قانداق كەلگەنلىكىنى بىلمىدى. چالغىسىنى بىلەۋاتقاندا

ئاسمانغا قاراپ، پەسلەپ كېلىۋاتقان قاپقارا بۇلۇتنى كۆردى، ئارقىدىنلا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى تاشلاپ قويغان چاپانلىرىنى ئېلىپ كېيىشكە ماڭدى، بەزىلىرى لېۋىنغا ئوخشاش سالقىنلىقتىن ھۇزۇرلىنىپ مۇرىلىرىنى قورۇپ جايىدىن مىدىرلىمىدى.

ئۇلار نۇرغۇن سول تارتىشقانىدى، بەزى سوللار ئۇزۇن، بەزى سوللار قىسقا، بەزى سوللارنىڭ چۆپى ياخشى، بەزىلىرىنىڭ ناچار ئىدى. لېۋىن سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، ھازىر كەچمۇ، ئەتىگەنمۇ بىلمەيتتى، ئەمگەك ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان، ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەنىدى، بەزىدە ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر خىل يېنىكلىك، ئازادىلىك بېرەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ ئېلىپ ماڭغان سول تىتىنىڭكىگە ئوخشاش تەكشى، چىرايلىق چىقاتتى. لېكىن، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، تېخىمۇ ياخشى چاپايچۇ دەپ ئويلىسا، شۇئان ئۆزىدە قاتتىق كۈچەش پەيدا بولۇپ، چاپقان سولى ناچار چىقاتتى.

لېۋىن سولنىڭ بېشىغا چىقىپ بولۇپ يەنە بىر سولغا چۈشمەكچى بولۇپ تۇراتتى، تىت توختاپ قېلىپ، ئېگىز بوي بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ قولىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى، ئاندىن ئىككىسى تەڭلا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈنگە قارىدى. «ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟ نېمىشقا يېڭى سولغا چۈشمەيدۇ؟» دەپ ئويلىدى لېۋىن. ئەمما، توختىماي چۆپ چېپىۋاتقانغا تۆت سائەت بولغانلىقى، ناشتا قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ كەلگەنلىكى ئېسىگە كەلمىدى.

— ناشتا قىلايلى، خوجايىن، — دېدى بوۋاي.

— ھە، ۋاقتى بولدىمۇ؟ ئەمىسە شۇنداق قىلايلى.

لېۋىن چالغىنى تىتقا بېرىپ، بولكىلىرىنى يېيىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى قويۇپ قويغان يەرگە كېتىۋاتقان دېھقانلار بىلەن بىللە چۆپ چېپىلىپ بولغان، بايا ياغقان يامغۇردا ئازراق ھۆل

بولۇپ كەتكەن ئېگىز بىلەن مېڭىپ ئېتى بار تەرەپكە يول ئالدى. كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ھاۋا رايىنى خاتا مۆلچەرلەپ، نەتىجىدە چاپقان چۆپلەرنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىدى.

— چۆپلەر كېرەكتىن چىقىدىغان بولدى - دە، — دېدى ئۇ.

— ھېچقىسى يوق، خوجايىن، يامغۇردا چۆپ چاپ، ئوچۇق كۈندە يىغىۋال، دېگەن گەپ بار، — دېدى بوۋاي.

لېۋىن ئېتىغا مىنىپ قەھۋە ئىچكىلى ئۆيىگە كەتتى.

كوزنىشېۋ يېڭىلا ئورنىدىن تۇرغانىدى، كىيىملىرىنى كىيىپ تاماقخانىغا چىققۇچە، لېۋىن قەھۋەسىنى ئىچىپ بولۇپ يەنە چۆپ چاپقىلى كەتتى.

# 5

ناشتىدىن كېيىن لېۋىن ئىلگىرىكى ئورنىدا تۇرماي، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىغا تەكلىپ قىلغان چاقچاقچى بىر بوۋاي بىلەن تېخى بۇلتۇر كۈزدىلا توي قىلغان، بۇ گۈن تۇنجى قېتىم چۆپ چېپىشقا چىققان ياش بىر دېھقانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇردى.

بوۋاي گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، قىيسىق پۇتلىرىنى تەكشى ۋە كەڭ تاشلاپ كېتىۋاتاتتى، چالغا تۇتقان قوللىرى خۇددى يول مېڭىپ كېتىۋاتقاندەك تولىمۇ ئىختىيارى ھەركەتلىنەتتى، چالغىسى ئوتقا شۇنچىلىك يېنىك چۇشەتتى، خۇددى ئۇ ئاپتوماتىك چالغىغا ئوخشاش، ئۆتكۈر تىغى تەگكەن يۇمران ئوتلار بىردەمدىلا دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كېتەتتى.

لېۋىننىڭ كەينىدىن ياش يىگىت مىشكا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان يېقىملىق يۈزى چالغىنىڭ كۈچلۈك ھەرىكىتى بىلەن تەڭ لىپىلداپ تۇراتتى، چاچلىرىغا چۆپلەر چاپلىشىپ قالغانىدى. كىملا ئۇنىڭغا قاراپ قويسا، ئۇمۇ ئۇنىڭغا

كۆلۈپ قارايتتى، قاراشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئەمگەكتە چارچايدىغانلىقىغا ئۆلسىمۇ ئىقرار بولمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

لېۋىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئىسسىقتا چۆپ چاپسا ئانچە كۈچ كەتمەيدىغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇرسا سالقىنلىق ھېس قىلاتتى. دۈمبىسى، بېشى، يالىڭاچ بىلەكلىرى ئۈستىدىن قىزدۇرۇپ تۇرغان قۇياش ئۇنىڭغا ئەمگەك جاسارىتى ۋە غەيرەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ بارغانسېرى ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان مەستخۇش ھالەتكە كېلىشكە باشلىدى. چۆپنى خۇددى چالغىنىڭ ئۆزى ئورۇپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. بۇ نېمىدېگەن بەختلىك مىنۇتلار ــ ھە ! ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلغىنى، ئۇلار سولىنىڭ بېشىدىكى دەريا بويىغا چىققاندا، بوۋاي چالغىنىڭ يۈزىنى ھۆل ئوت بىلەن سۈرتۈۋېتىپ دەريانىڭ سۈزۈك سۈيىدە چايقىۋەتكەندىن كېيىن بىلەينى سېلىپ قويىدىغان قۇتىدا ئازراق سۇ ئېلىپ لېۋىنغا تۇتقىنى بولدى.

ــــ قېنى، مېنىڭ كوۋاسىمنى ئىچىپ كۆرۈڭ ! قانداق، تەمى بولامدىكەن؟ ــــ دېدى ئۇ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

لېۋىن لەش پۈراپ تۇرغان، بىلەي ھەم تۆمۈر قۇتىنىڭ دات تەمى بار بۇنداق سۇنى ئەزەلدىن ئىچىپ باقمىغانىدى. ئۇ بوۋاي بەرگەن سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قولىدا چالغىغا تايىنىپ راھەتلىنىپ ئاستا ماڭدى، يۈزىدىن ئېقىۋاتقان تەرنى سۈرتۈۋېتىپ چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى. كۆزلىرى قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان چالغىچىلار بىلەن ئورمان ۋە دالانىڭ چىرايلىق مەنزىرىسىدە ئىدى.

لېۋىن قانچە ئۇزاق چاپقانسېرى، ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان روھىي ھالەت ئىچىگە شۇنچە چوڭقۇر پاتاتتى، خۇددى چالغىنى چۆپكە سىلىۋاتقىنى ئۆزىنىڭ قوللىرى ئەمەس، بەلكى چالغىنىڭ ئۆزى ھاياتىي كۈچكە، تەپەككۇرغا ئىگىدەك، ئۆزى

ھەرىكەتلىنىۋەلەيدىغاندەك، گويا سېھىرلىنىپ قېلىپ، خىيالىدا ھېچقانداق ئوي يوق، چۆپلەرنى ئۆزىچىلا شۇنچىلىك پاكىز، چىرايلىق ئورۇپ كېتىۋاتقاندەك ئويلايتتى.

دۆمبەلچەكلەردىكى چۆپكە ياكى چالغىنىڭ كۆچى يەتمەيدىغان چاتقاللارغا دۈچ كېلىپ ئۇلارنى قانداق ئورۇش ئۈستىدە ئويلىنىشقا توغرا كەلگەندىلا، ئۇ خىل ئاڭسىز ئىلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولاتتى ۋە شۇندىلا ئەمگەكنىڭ قانچىلىك كۆچ كېتىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. بوۋاي بۇنداق يەرلەرنى ئوڭايلا چېپىۋېتەتتى. دۆمبەلچەكلەر ئۇچراپ قالسا شۇ ھامان بەدەن ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭدىكى چۆپلەرنىڭ بەزىلىرىنى چالغىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن، بەزىلىرىنى ئۇچى بىلەن ئورۇۋېتەتتى، ئاۋۋال دۆمبەلچەكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تېگەتتى. چېپىپ كېتىۋېتىپ، ئالدىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ ماڭاتتى، ئوكسال ئۇچراپ قالسا ئۇنى ئورۇۋېلىپ ئاغزىغا سېلىپ يەۋېتەتتى ياكى لېۋىنغا بېرەتتى. يەنە تۇرۇپلا ئۇچرىغان دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى كېسىۋېتەتتى. بەزىدە بۆدۈنىنىڭ ئۇۋىسىنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئانا بۆدۈنىنىڭ چالغىسى ئاستىدىن ئۇچۇپ چىققانلىقىغا قاراپ قالاتتى. يەنە تۇرۇپلا ئالدىدىن ۋىشىلداپ ئۆتۈپ قالغان يىلاننى چالغىسىغا ئىلىۋېلىپ لېۋىنغا كۆرسىتەتتى، ئاندىن يىراققا تاشلىۋېتەتتى.

لېۋىن ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان ياش يىگىت ئۈچۈنمۇ ھەرىكەت ھالىتىنى بۇنداق ئۆزگەرتىپ تۇرۇش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئۇلار پەقەت قىلىۋاتقان ئاشۇ بىر جىددىي ھەرىكىتىنى توختىماي تەكرارلاپ تۇرۇشنىلا بىلەتتى، ئۇنداق جىددىي ھالەتتە تۇرۇپ ئۇ بوۋايدەك ھەرىكەتلەرنى قىلىش، ئالدىدىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىپ مېڭىش قولىدىن كەلمەيتتى.

لېۋىن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا زادىلا دىققەت قىلمىدى. ئەگەر بىرى ئۇنىڭدىن، چۆپ چېپىۋاتقىنىمىزغا قانچىلىك بولغاندۇ، دەپ سوراپ قالسا، ئۇ چوقۇم، يېرىم سائەت



بولغاندۇ، دەپ جاۋاب بېرەتتى، ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغان بولاتتى. ئۇلار ئالغان سولىدىن چىقىپ كەينىگە يانغاندا، بوۋاي لىۋىنىغا تەرەپ ــ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئۈششاق بالىلارنى كۆرسەتتى، ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا بولكا سالغان تۇگۈنلىرى، كوۋاس قۇيۇلۇپ ئاغزىلىرى مەھكەم بېكىتىلگەن چۆگۈنلىرى بار ئىدى، بويلىرى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئوت ــ چۆپلەرنىڭ ئىچى بىلەن يولنى بويلاپ چالغىچىلارغا قاراپ كېلىشىۋاتاتتى.

ـــ قاراڭ، بۇ چېكەتكىلەرنىڭ يېيىلىپ كېلىۋاتقىنىنى، ـــ دېدى ئۇ بالىلارنى كۆرسىتىپ. ئارقىدىن ئالىقىنىنى پېشانىسىگە قويۇپ كۈنگە قارىدى.

يەنە ئىككى سول چىقارغاندىن كېيىن بوۋاي توختىدى.

ـــ قېنى، خوجايىن، ئەمدى تاماق يەيلى، ـــ دېدى ئۇ كېسىپلا. شۇندىلا چالغىچىلار چۆپى چېپىپ بولۇنغان ئېگىز بىلەن مېڭىپ، دەريا بويىدىكى كىيىملىرىنى تاشلاپ قويغان يەرگە قاراپ يول ئالدى، تاماق ئېلىپ كەلگەن بالىلار ئۇلارنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇراتتى. دېھقانلارنىڭ يىراقتىكىلىرى ھارۋىلارنىڭ سايىسىغا، يېقىندىكىلىرى ئۈستىگە ئوت تاشلانغان سۆگەتنىڭ تۈۋىگە كېلىپ جايلاشتى.

لېۋىنمۇ ئۆيىگە كەتكۈسى كەلمەي، ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

دېھقانلار ئەمدى خوجايىنىنىڭ ئالدىدا قورۇنمايدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. ئۇلار تاماق يېيىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى: بەزىلىرى يۈز ــ كۆزىنى يۇيۇۋاتاتتى، ياش يىگىتلەر دەريادا سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتى، بەزىلىرى دەم ئالىدىغان ئورۇنلىرىنى ھازىرلاۋاتاتتى، بەزىلىرى بولكا خالتىلىرىنى يېشىۋاتاتتى، كوۋاس قۇيۇلغان چۆگۈنلەرنىڭ ئاغزىلىرىنى ئېچىۋاتاتتى. بوۋاي بولكىنى ئوشتۇپ قاچىسىغا سېلىپ قوشۇقنىڭ سېپى بىلەن بېسىپ ــ بېسىپ قويدى، ئۈستىگە بىلەي سالغان قۇتىدىكى

سۇدىن ئازراق قۇيۇپ، ئاندىن يەنە ئازراق بولكا ئۇشتۇپ سالدى، ئازراق تۇز سەپتى. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن شەرققە قاراپ چوقۇنۇشقا باشلىدى.

— خوش، خوجايىن، مېنىڭ بۇ توغراتمامغا ئېغىز تېگىپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ قاچىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ.

ئۇنىڭ بۇ توغراتمىسى شۇنچىلىك لەززەتلىك ئىدى، لېۋىن ئۇنى تېتىپ كۆرۈپ، ئۆيىگە بېرىپ تاماق يېيىشتىن يالتىيىپ قالدى. لېۋىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاچ تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بوۋاي قىزىقىدىغان ئىشلىرىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى ۋە سۆزلىشىش جەريانىدا ئاكىسىغا قارىغاندا بۇ بوۋاي بىلەن ياخشى سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى ۋە ئۇنى كۆڭلىگە يېقىن تۇتقانلىقىدىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى. تاماقتىن كېيىن بوۋاي يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ چوقۇنۇۋالغاندىن كېيىن، بېشىنىڭ ئاستىغا چۆپ سېلىپ ياتقانىدى، لېۋىنمۇ شۇنداق قىلدى. تەرلەپ كەتكەن يۈزىگە، بەدىنىگە ئاپتاپتا ئۇچۇپ يۈرۈشكەن چىۋىنلار بىلەن ئۇششاق كۈمۈتىلار قونۇۋېلىپ بىئارام قىلسىمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇخلاپ كەتتى، كۈن دەرەخنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭغا چۈشۈشكە باشلىغاندىلا ئويغاندى. بوۋاي خېلى بۇرۇنلا ئويغىنىپ كەتكەن، ياش يىگىتلەرنىڭ چالغىلىرىنى چىڭداۋاتقانىكەن.

لېۋىن ئۆپچۆرىسىگە نەزەر تاشلاپ، ئۆزى تۇرغان يەرنى تونۇمايلا قالدى، ئەتراپ شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى: شۇنچە كەڭ يەرنىڭ چۆپى چېپىلىپ بولغان، قىيپاش چۈشكەن كەچكى قۇياشنىڭ نۇرىدا ئورۇلۇپ يەردە ياتقان پۇراقلىق ئوت - چۆپلەر بۆلەكچىلا بىر قىياپەت ئېلىپ پارقىراپ تۇرغان، دەريا بويىدىكى چۆرىسىدىكى ئوت - چۆپلەر ئورۇۋېلىنغان ئۇششاق دەرەخلەرمۇ، ئىلگىرى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ھازىر ئەگمىلىرى سىمابتەك پارقىراپ تۇرغان دەريا سۈيىمۇ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مېڭىپ يۈرگەن ئادەملەرمۇ، ئوتلاقنىڭ تېخى چېپىلمىغان،

تامدەك تىك تۇرغان قىسمىمۇ، چۆپى ئۇرۇلۇپ يالىڭاچ بولۇپ قالغان ئېگىزنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ يۈرۈشكەن قارچىغىلارمۇ — ھەممىلا نەرسە ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. لېكىن ئۇيقۇسى تولۇق ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، قانچىلىك يەرنىڭ چۆپى چېپىلىپ بولدى، يەنە قانچىلىك يەر قالدى، ھەممىسىنى تەخمىنەن مۆلچەرلەپ چىقتى.

قىرىق ئىككى ئادەمنىڭ بۈگۈن قىلغان ئىشى ناھايىتى كۆپ ئىدى. قۇللۇق تۈزۈم دەۋرىدە بۇنچىلىك يەرنىڭ چۆپىنى ئوتتۇز ئادەم ئىككى كۈن چاپاتتى. ھازىر ھەممىسى چېپىلىپ بولغان، پەقەت قىسقا سوللۇق بۇلۇڭلارلا قالغانىدى. لېكىن بۇ بىر كۈندە قانچە كۆپ چېپىلسا شۇنچە ياخشى ئىدى، دەپ ئويلاپ، كۈننىڭ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقىنىغا بەكمۇ ئېچىنىدى. ئۇ قىلچە ھارغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭغا قانچە كۆپ، قانچە ئىلدام ئىشلىسە شۇنچە ياخشى ئىدى.

— بۈگۈن ماشىن تۆپىلىكنىمۇ چېپىۋەتسەك، سېنىڭچە قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ بوۋايدىن.

— خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا قارايلى. كۈن ئولتۇراي دەپ قالدى. يىگىتلەرگە ئازراقتىن ۋوتكا بەرسىڭىز قانداقكىن.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كۆپچىلىك يەنە بىر قېتىم ئولتۇرۇپ دەم ئېلىشتى. شۇ چاغدا بوۋاي ئۇلارغا: «ماشىن تۆپىلىكنىڭ چۆپىنى چېپىۋەتسەك ۋوتكا ئىچىدىكەنمىز!» دەپ جاكارلىدى.

— ھۇي، چېپىۋەتسەك چېپىۋەتتۇق، ماڭايلى. تىت، غەيرەت قىلايلى! كەچكىچە قانغۇچە ۋوتكا ئىچىمىز! — ھەممە چالغىچىلار بىردەك شۇنداق دېيىشىپ، بولكىلىرىنى تولۇق يەپ بولمايلا يەنە ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.

— بۇرادەرلەر، غەيرەت قىلايلى! — دېدى تىت بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن سولغا قاراپ يۈگۈرگەندەك ماڭدى.

— ماڭايلى! ماڭايلى! — دەپ توۋلىدى بوۋاي ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئىتتىك ماڭغاچ، — دىققەت قىل، مەن سەندىن ئېشىپ كەتمەي يەنە.

ياشلارمۇ، قېرىلارمۇ بىر - بىرىدىن قېلىشماي چېپىشاتتى، قانچە ئىتتىك چاپسىمۇ ئوت - چۆپلەرنى بېھۇدە بۇزۇۋەتمەيتتى، سوللارمۇ شۇنچىلىك تەكشى، پاكىز چىقىۋاتاتتى. چېپىلماي قالغان بىر بۆلۈك بەش مىنۇتتىلا چېپىلىپ بولدى. ئاخىرىدا قالغان بىرنەچچە چالغىچى سوللىرىنى ئايىغىغا يەتكۈزۈۋاتقاندا، ئالدىنقىلار چاپانلىرىنى مۈرىلىرىگە تاشلاپ يولدىن ئۆتۈپ ماشكىن تۆپىلىكىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار بىلەي سالغان قۇتىلىرىنى داراڭلىتىپ ماشكىن تۆپىلىكىنىڭ دەرەخلىك غولىغا يېتىپ كەلگەندە، كۈن دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ بولغانىدى. غولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوت - چۆپلەر شۇنچىلىك يۇمران ئىدى، يوپۇرماقلىرى كەڭ، پارقىراپ تۇراتتى، ئېگىزلىكى بەلدىن ئاشاتتى.

كۆپچىلىك بويىغا چۈشىمىزمۇ، ئېنىگىمۇ، دەپ قىسقىلا كېڭەشىۋالغاندىن كېيىن، يېرىمىلىن بىرىنچى بولۇپ سول ئالدى. ئۇ ئېگىز بوي، ئۆڭى قارا، گەۋدىلىك، چالغا چېپىشتا داڭقى بار دېھقان ئىدى. ئۇ سولنىڭ بېشىغا كېلىپ كەينىگە بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن چېپىشنى باشلىۋەتتى. قالغانلار ئۇنىڭغا قاتارلىشىپ مېڭىپ، تۆپىلىكنىڭ باغرىدىن تاپىنىغىچە، كېيىن يەنە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ ئورماننىڭ چېتىگىچە چېپىپ ماڭدى. كۈن ئورماننىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ شەبنەم چۈشۈشكە باشلىدى. چالغىچىلار پەقەت تۆپىلىككە چىققاندىلا كۈننى كۆرىدىغان بولدى. تۇمان قاپلىۋالغان ئويمان جايلار ۋە تۆپىلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەردە ئۇلار كۈن كۆرمەي، شەبنەم چۈشۈپ ھۆل بولۇپ كەتكەن چۆپلەرنى چېپىشاتتى. ئىش قايناپ كەتكەنىدى.

چالغىلارنىڭ يېقىملىق شارتىلداشلىرى بىلەن يىقىلىۋاتقان

خۇش پۇراق ئوتلار ئېگىز - ئېگىز قاتارلارنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. قىسقا سوللاردا تىقىلىشىپ قالغان چالغىچىلارنىڭ دەم بىلەي سىلىنىۋالغان قۇتىلىرى داراڭشىپ كېتەتتى، دەم چالغىلىرى بىر - بىرىگە تېگىشىپ جاراق - جۇرۇق قىلىپ قالاتتى، دەم چالغىلىرىنى بىلەشكەنلىرىدە بىلەيلەرنىڭ غىرت - غىرتلىرى ئەتراپنى بىر ئالاتتى، دەم بەس - بەس بىلەن چېپىشىۋاتقان چالغىچىلارنىڭ خۇشال كۈلكە - چاقچاقلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

لېۋىن بايىقىدەكلا ياش يىگىت بىلەن بوۋاينىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتاتتى. قوي تېرىسىدىن قىسقا جۇۋا كىيىۋالغان بوۋاي ھازىرمۇ شۇنداق خۇش چاقچاق، كۆتۈرەڭگۈ، ھەرىكىتى چاققان ئىدى. چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا كۆپۈپ كەتكەن قېيىن موگۈلىرى ئۇچراپ قالسا بىرىنى قويماي قىرقىپ تاشلايتتى، لېكىن يەردىن چىققان موگۈلارنى كۆرگەندە ئېگىشىپ ئۈزۈپ قوينىغا سېلىۋالاتتى ۋە: «مومايغا يەنە بىر سوۋغا بار بولدى» دەپ قوياتتى.

نازۇك ھۆل چۆپلەرنى چېپىش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى، قىيىنى غولىنىڭ ئېگىز - پەس يەرلىرىدە چىقىپ - چۈشۈپ يۈرۈپ چېپىش ئىدى. لېكىن، بۇنىڭدىن بوۋاي قىينالمايتتى، سولنى ئىلگىرىكىدەكلا كەڭ ئېلىپ، چورۇق كىيگەن پۇتلىرىنى چاققان ھەم دادىل ئېلىپ تىك يەرلەردىن بەخۇدۇك چىقىپ كېتىۋېرەتتى، چالغىنىڭ چۆپكە ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ پۇتۇن بەدىنى، كۆڭلىكى، پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئىشتىنى توختىماي سىلكىنىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ بىر تال چۆپ، بىرتال موگۈنى چالا قويمايتتى، چالغىچىلارغا، لېۋىنغا ئارىلاپ چاقچاقمۇ قىلىپ قوياتتى. لېۋىن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋېتىپ، قۇرۇق قول چىقىشمۇ تەس بولغان بۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چالغا چېپىپ چىقىپ بولغۇچە يىقىلىپ چۈشمىسەم بولاتتى، دەپ ئويلايتتى. ئەمما، ئۇ ئاخىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگىمۇ چىقىپ

ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يەتتى ۋە قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچ ئۆزىگە مەدەت بېرىۋاتقاندەك ئويلاپ قالدى.

# 6

دېھقانلار ماشكىن تۆپىلىكىنىڭ چۆپىنى چېپىپ، ئاخىرقى سوللارنى ئايىغىغا يەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن چاپانلىرىنى كىيىپ خۇشال هالدا ئۆيلىرىگە قايتىشتى. لېۋىن ئېتىغا مىنىپ، ئۇلار بىلەن قىيمىغان هالدا خوشلىشىپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. تۆپىلىككە چىققاندا پەسكە قارىدى، پەستە نېپىز تۇمان ئۆرلۈپ يۇرەتتى، دېھقانلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى، پەقەت خۇش چاقچاق، قوپال ئاۋازلىرى، قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان چالغىلارنىڭ تاراڭلاشلىرىلا ئاڭلىناتتى.

لېۋىن تەرلەپ، چاچلىرى ئالدىغا چۈشۈپ پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالغانىدى، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن دۈمبىسى بىلەن مەيدىسىمۇ تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئۇ خۇشال هالدا ئاكىسىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كەلدى. كوزنىشېۋ چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ، مۇز سېلىنغان لىمون سۈيى ئىچكەچ، يېڭىلا پوچتىدىن كەلگەن گېزىت بىلەن ژۇرنالنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

— يوغان بىر پارچە يەرنىڭ چۆپىنى پۈتۈنلەي چېپىپ بولدۇق. شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك چېپىق بولدى دېگىنە. بۈگۈن سېنىڭ كۈنۈڭ قانداقراق ئۆتتى؟ — لېۋىن تۈنۈگۈنكى كۆڭۈلسىز سۆھبەتنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە بولۇپ كەتتىڭ سەن؟ — كوزنىشېۋ ئىنىسىغا نارازى بولغاندەك قاراپ قويدى، — هۇي، ئىشىك،

ئىشىكنى ياپقىن، — توۋلاپ كەتتى ئۇ، — ئاز دېگەندە ئون چىۋىننى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ كىردىڭ.

كوزنىشېف چىۋىندىن شۇنچىلىك بىزار ئىدى، چىۋىن كىرىۋالمىسۇن دەپ ئىشىك - دېرىزىلەرنى مەھكەم يېپىپ ئولتۇراتتى، پەقەت قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئاچاتتى.

— ئەزبىرايى، بىر چىۋىننىمۇ كىرمىدى، كىرىپ قالغان بولسا ئۆزۈم تۇتۇۋالىمەن. چۆپ چېپىشنىڭ قانچىلىك كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى سەن بىلمەيسەن - دە. بۈگۈن ۋاقتىڭ قانداقراق ئۆتتى؟

— ياخشى ئۆتتى. سەن راستىنىلا كۈن بويى چۆپ چاپقانسەنمۇ؟ قورسىقىڭمۇ راسا ئاچقاندۇ. كۆزما ساڭا ھەممە نېمىنى تەييار قىلىپ قويدى.

— ياق، ھېچنېمە يېگۈم يوق، شۇ يەردە تاماق يەۋالدىم، چىقىپ يۇيۇنۇۋالاي.

— بوپتۇ، شۇنداق قىل. سەلدىن كېيىن قېشىڭغا كىرىمەن، — دېدى ئۇ ئىنىسىغا قاراپ بېشىنى چايقاپ قويۇپ، — چاپسان بولمامسەن! — بۇ گەپنى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى. ئاندىن گېزىت - ژۇرناللارنى يىغىشتۇرۇپ سىرتقا چىقىشقا ھازىرلاندى. ئۇنىڭ بىردىنلا خۇشلۇقى تۇتۇپ قېلىپ ئىنىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالغانىدى، — بايا يامغۇر ياغقان چاغدا نەدە ئىدىڭ؟

— ئۇمۇ يامغۇر بولامدۇ؟ ئازراق تامچىلاپ قويدى شۇ. مەن ھازىرلا كىرىمەن. قارىغاندا، بۈگۈن ۋاقتىڭ ئوبدان ئۆتكەن ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟ ياخشى بوپتۇ، — لېۋىن شۇنداق دەپلا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغىلى چىقىپ كەتتى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن ئاكا - ئىنى ئىككىسى تاماقخانىدا يەنە ئۇچراشتى. لېۋىننىڭ قورسىقى ئاچمىغان، كۆزمانى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈنلا تاماققا ئولتۇرغانىدى، لېكىن يېيىشكە باشلىغاندا تاماق بەكمۇ تېتىپ كەتتى. كوزنىشېف ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— ھە راست، سىنىڭ بىر پارچە خېتىڭ بار، — دېدى ئۇ، — كۇزما، سەن پەستىكى ئۆيگە كىرىپ خەتنى ئېلىپ چىققىن. ئىشىكنى يېپىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالما.

خەت ئوبلونسكىيدىن كەلگەنىدى. لېۋىن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. ئوبلونسكىي خەتنى پېتېربۇرگدا تۇرۇپ يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «دوللىدىن خەت ئالدىم، ئۇ يېرگۇشوۋودا ئىدى، ئىشلىرى ئەپلەشمەيۋاتقان ئوخشايدۇ. سەن بېرىپ ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ ياردەم قىلىپ تۇرساڭ، بۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ. ئۇ سېنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ. ئۆزى يالغۇز قالدى، ئۇ بىچارە. قېيناناملار تېخىچە چەت ئەلدە» دېيىلگەنىدى.

— ھە، بەك ياخشى بولدى، مەن چوقۇم ئۇلارنى كۆرۈپ كېلىشىم كېرەك، — دېدى لېۋىن، — بولمىسا ئىككىمىز بىللە بېرىپ كېلەيلى. ئۇ تولىمۇ ئوبدان ئايال. راست ئەمەسمۇ؟

— ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرى يىراقمۇ؟

— ئوتتۇز چاقىرىمچە كېلىدۇ، ياق، قىرىق چاقىرىم كېلەر، يولمۇ ناھايىتى ياخشى.

— ياخشى گەپ ئىكەن! — دېدى كوزنىشېۋ كۈلۈمسىرىگەن پېتى.

ئىنىسىنىڭ بۇ ھالىتى ئۇنىمۇ خۇشال قىلغانىدى.

— پاھ، نېمىدېگەن ئىشتىھا، سېنىڭدىكى! — دېدى ئۇ ئىنىسىنىڭ تەخسىگە ئېگىلىپ تۇرغان، كۈنده كۆيگەن يۈزى بىلەن بوينىغا قاراپ.

— قانداق ياخشى. ئەمگەكنىڭ ھەرقانداق ئەخمەقلىقنى داۋالاشقا قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىگە سەن ئىشەنمەيسەن ھەرقاچان، مەن مېدىتسىنانى *ئەمگەك بىلەن داۋالاش*① دېگەن يېڭى ئاتالغۇ بىلەن بېيىتماقچىمەن.

— ساڭا بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ لازىمى يوق.

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى نېمىسچە.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما نېرۋىسىدا چاتاق بار ئادەملەرگە لازىم.

— راست، بۇنى سىناپ كۆرۈش كېرەك. مەن ئوتلاقتا بىرىپ قىلىۋاتقان ئىشىڭنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولغانىدىم، لېكىن كۈن بەك ئىسسىپ كەتكەچكە ئورماندىن نېرىغا ئۆتەلمىدىم. ئۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئورماننى ئارىلاپ مېڭىپ كەنتكە باردىم. ئۇ يەردە سىزنىڭ ئىنكئاناڭنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن دېھقانلارنىڭ ساڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدىم. بايقىشىمچە، ئۇلار سىزنىڭ بۇ ئىشىڭنى ياقتۇرمايدىكەن. ئىنكئاناڭ: «بۇ بېگىم قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى» دېدى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، ئۆزلىرى «خوجايىنىنىڭ ئىشى» دەپ ئاتىغان پائالىيەتلەرگە قارىتا قەتئىي بەلگىلىمىلىرى بار ئوخشايدۇ. ئۇلار خوجايىنىنىڭ ئۆزلىرى بەلگىلىگەن بەلگىلىمىدىن ھالقىپ كېتىشىگە يول قويمايدىكەن.

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ. ئەمما، مەن شۇنچىلىك لەززەت ئالدىمكى، بۇنداق لەززەتنى ئۆمرۈمدە ئېلىپ باققان ئەمەسمەن. بۇ ئىشنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق، — دېدى لېۋىن ئاكىسىغا جاۋاب بېرىپ، — ئۇ ئىشىم ئۇلارغا ياقمىسا، ئەمىسە قانداق قىلىشىم كېرەك؟ لېكىن، ھېچ ۋەقەسى يوق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— قانداقلا بولسۇن، — دېدى كوزنىشېف سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بۈگۈنكى كۈنۈڭدىن بەكلا رازى ئىكەنسەن.

— تولىمۇ رازىمەن. ناھايىتى يوغان بىر پارچە يەرنىڭ چۆپىنى چېپىپ تۈگەتتۇق. مەن يەنە ئۇ يەردە ئاجايىپ ياخشى بىر بوۋاي بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، شۇنچىلىك ياخشى ئادەم ئىكەن، ھەيران قالىسەن.

— ئۇنداقتا، بۈگۈنكى بىر كۈنۈڭ تولىمۇ مەنىلىك ئۆتتۈپتۇ سىزنىڭ، مېنىڭمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بىرىنچى بولۇپ مەن ئىككى شاھمات مەسىلىسىنى يەشتىم، بىرى ئاجايىپ قىزىقارلىق،

پېشكا بىلەن باشلىنىدۇ، بۇنى ساڭا سەل تۇرۇپ كۆرسىتىمەن. كېيىن مەن يەنە ئىككىمىزنىڭ تۇنۇگۈنكى پارىڭىمىزنى ئويلىدىم.

— نېمە؟ تۇنۇگۈنكى پاراڭنى دەمسەن؟ — دېدى لېۋىن تاماقتىن كېيىنكى راھەتلەنگەن قىياپىتى بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ. ئۇ تۇنۇگۈن نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىقىنى زادىلا يادىغا كەلتۈرەلمىدى.

— تۇنۇگۈن سېنىڭ دېگەنلىرىڭ قىسمەن توغرا ئىكەن. ئىككىمىزنىڭ گەپلىرىدىكى پەرق: سەن شەخسىي مەنپەئەتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، دەپ قارايدىكەنسەن، مەن بولسام، مەلۇم بىلىمگە ئىگە ئادەم ئومۇمنىڭ بەخت - سائادىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، دەيدىكەنمەن. سېنىڭ دېگەنلىرىڭمۇ ئورۇنلۇق بولۇشى مۇمكىن. ماددىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىغا تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سەن *تولىمۇ ئاسان ھاياجانلىنىسەن* — خۇددى فرانسۇزلار ئېيتقاندەك — قېنىڭ قىزىق، قىلىمەن دېگەن ئىشىڭنى قىلىسەن. بىر ئىشنى قىلساڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بېرىلىپ قىلىدىكەنسەن، بولمىسا قىلمايلا قويىدىكەنسەن.

لېۋىن ئاكىسىنىڭ گەپلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى ھەم چۈشىنىشنىمۇ خالىمىدى. شۇڭلاشقىمۇ، مەندىن بىرەر مەسىلىنى سوراپ قالمىسا بولاتتى، دەپ قورقۇپ ئولتۇردى، سوراپ قالىدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىمىغانلىقىنى ئاكىسى بىلىپ قالاتتى.

— ئەھۋال ئەنە شۇنداق، ئۇكام، — دېدى كوزنىشېف ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە! ئۇنىڭ نېمىسى بار دەيسەن. مەن گېپىمدە چىڭمۇ تۇرىۋالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن بالىلارغا خاس ئوياتچانلىق بىلەن. ئارقىدىنلا: «مەن ئۇنىڭ بىلەن

نېمە توغرۇلۇق تالاشقان بولغىيدىم؟ ئەلۋەتتە، مېنىڭمۇ، ئۇنىڭمۇ توغرا، ئەمدى مەن دەپتەرخانىغا بېرىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىشىم كېرەك» دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە راسا بىر كېرىلىۋېلىپ، ئاندىن ئاكىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

كوزنىشېفمۇ كۈلۈمسىرىدى.

— ئايلىنىپ كەلگۈڭ بولسا، يۈر، بىللە ئايلىنىپ كېلەيلى، — دېدى كوزنىشېف خۇشخۇي، تېتىك ئىنىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، — دەپتەرخانىغا بارساڭ مەنمۇ بىللە باراي.

— ھە راست! — لېۋىن بىردىن توۋلاپ كەتتى، كوزنىشېف ئۇنىڭغا چۆچۈپ قارىدى.

— نېمە بولدى؟ نېمە بولدۇڭ؟

— ئاگافيەنىڭ قولى قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ — دېدى لېۋىن بېشىغا ئۇرۇپ، — ئۇنى ئېسىمدىن چىقىرىپلا قويۇپتىمەن.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدى.

— شۇنداق بولسىمۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ چىقاي، كىيىملىرىڭنى كىيىپ بولغۇچە كېلىمەن.

ئۇ ئۆتۈكنىڭ ئۆكچىسىنى شاقىلداقتەك شاقىلدىتىپ پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى.

## 7

ئوبلونسكىي مۇھىم بىر خىزمەت بىلەن پېتېربۇرگقا كەلگەنىدى. بۇ ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولمىغان ئادەملەر چۈشەنمەيدىغان، ئەمەلدارلار سورۇنلىرىدىكى ئادەملەر ئۈچۈن ئەڭ ئاددىي ھېسابلىنىدىغان خىزمەت ئىدى، ئەمما بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىمىسا ھۆكۈمەت ئورنىدا تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى،

مىنىستىرلىقتىمۇ ئورنى بولمايتتى. ئوبلونسكىي بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش بىلەن بىللە، ئۆيىدە بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى يانچۇقىغا سېلىپ، پېتېربۇرگنىڭ بەيگە مەيدانلىرىدا، داچىلىرىدا كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈۋېلىشقىمۇ تەييارلىق قىلىپ ماڭغانىدى. دەل شۇ چاغدا دوللى خىراجەتنى تېجەش مەقسىتىدە بالىلارنى ئېلىپ يېزىدا تۇرۇپ كەلمەكچى بولۇپ قالدى. ئۇ يېرگۇشوۋو كەنتىگە ماڭغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ تويىغا بېرىلگەن يەر ـ زېمىنلىرى بار ئىدى، ئۇ يەر ـ زېمىنلار ئوبلونسكىي ئەتىيازدا بېرىپ سېتىۋېتىپ كەلگەن ئورمان ئەتراپىدا بولۇپ، لېۋىن تۇرۇۋاتقان پوكروۋسك دېگەن يەرگە ئوتتۇز چاقىرىم كېلەتتى.

يېرگۇشوۋودىكى تولىمۇ چوڭ سېلىنغان كونا ئۆيلەر ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەن، كىنەز يان ئۆيلەرنى باشقىدىن ياساپ كېڭەيتكۈزگەنىدى. ئۇ ئۆيلەر يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا، يەنى دوللى بالا ۋاقىتلىرىدا كەڭرى، ئازادە ئۆيلەر ئىدى، باشقا يان ئۆيلەرگە ئوخشاش يولنىڭ بويىغا كەلتۈرۈپ سېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كۈنگەي ئەمەس ئىدى. ھازىر ئۇ ئۆيلەر كونىرىغانىدى. ئوبلونسكىي ئەتىيازدا ئورماننى ساتقىلى ماڭغاندا دوللى ئۇنىڭغا بېرىپ ئۇ ئۆيلەرنى كۆرۈپ كېلىشنى، ئۆيگە قاراۋاتقان غوجىدارغا زۆرۈر بولغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىپ قويۇشنى تاپىلاشنى ئېيتقانىدى. ئوبلونسكىي كۆڭلى بۆلۈنگەن بارلىق ئەرلەرگە ئوخشاش، خوتۇنىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ راھەت ئۆتۈشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇ يەرگە بېرىپ ئۆيلەرنى كۆرگەن، ئۆزى زۆرۈر دەپ قارىغان بەزى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بارلىق ئۆي سايمانلىرىنى كىرېتون بىلەن قاپلاتقۇزۇش، پەردىلەرنى ئاسقۇزۇش، باغنى تازىلاتقۇزۇش، كۆلگە كۆۋرۈك ياساتقۇزۇش ۋە گۈللەرنى تىككۈزۈش كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، دوللىنى كېيىنكى كۈنلەردە تولىمۇ خاپا قىلدى.

ئوبلونسكىي كۆيۈمچان ئاتا، ۋاپادار ئەر بولۇشقا بار

ئىمكانىيىتى بىلەن تىرىشقاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئاشۇنداق ئورنىنى زادىلا يادىدا تۇتالمايتتى، يالغۇز ياشاشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە شۇ خىل تۇرمۇشقا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ موسكۋاغا قايتىپ كەلگەندە ناھايىتى مەغرۇر ھالدا خوتۇنىغا، ھەممە ئىشلارنى تەخ قىلىپ قويدۇم، ئۆيلەر رېمونت قىلىندى، خۇددى رىۋايەتلەردىكىدەك ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتتى، دەپ جاكارلىدى ۋە خوتۇنىنى ئۇ يەرگە تېزرەك كۆچۈپ بېرىشقا ئالدىراتتى. ئوبلونسكىينىڭ قارىشىچە، خوتۇنىنىڭ يېزىغا كۆچۈپ بېرىشىنىڭ پايدىسى كۆپ ئىدى: بالىلارنىڭ سالامەتلىكى ياخشىلىناتتى، خىراجەت تېجىلىپ قالاتتى، ئۆزى تېخىمۇ ئەركىنلىككە چىقاتتى. دوللىمۇ يېزىغا بېرىپ يازنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىنىڭ بالىلار ئۈچۈن پايدىسى بار، دەپ ئويلايتتى، بولۇپمۇ قىزىل چىقاندىن بېرى سالامەتلىكى ياخشى بولماي كېلىۋاتقان قىزى ئۈچۈن ياخشى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئازراق ۋاقىت بولسىمۇ ئۆزىنى دائىم قىيناپ كېلىۋاتقان خىلمۇخىل خورلۇقلاردىن نېرىراق تۇراتتى، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ياغاچچى، بېلىقچى، موزدۇز دېگەنلەرنىڭ قەرز سۈيلەشلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. يەنە بىر تەرىپى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يېزىنى ياخشى كۆرەتتى، يەنە تېخى كىچىكىدە كەتتىنىمۇ ئاپىرىۋالماقچى بولدى. كىتتى يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋەتەنگە قايتاتتى، دوختۇر ئۇنىڭغا سۇدا داۋالىنىشنى بۇيرۇغانىدى. كىتتى ئارىشاڭدا تۇرۇپ يازغان خېتىدە، يازنى بالىلىق چاغلىرىمىزنى ئەسكە سالىدىغان يېرگۈشوۋودا بىللە ئۆتكۈزۈشنىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش بولماس، دېگەنىدى.

دەسلەپكى كۈنلەردە يېزا تۇرمۇشى دوللىغا تولىمۇ جاپالىق بىلىندى. بالا چاغلىرىدا تۇرغاچقا، يېزا شەھەردىكى بارلىق كۆڭۈلسىز ئىشلاردىن خالىي، تۇرمۇشى شەھەردىكىدەك باياشات ئەمەس، غورىگىلدەك (دوللى بۇنىڭغا ئانچە قىلىپ كەتمەيتتى) بولسىمۇ، ئەرزانچىلىق ھەم قۇلايلىق، ھەممە نەرسە بار، ھەممە

نەرسە ئەرزان، ھەممە نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ، بالىلارغىمۇ ياخشى، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ھازىر بۇ يەرگە ئۆينىڭ بېشى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن ئىشلارنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزى ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆردى.

ئۇلار كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كېچىدە دالان بىلەن بالىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، ئامالسىز بالىلارنىڭ كارىۋاتلىرىنى مېھمانخانا ئۆيگە ئېلىپ كىرىشتى. تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ئايال تاپماق قىيىنغا چۈشتى. كالا ساغىدىغان ئايالنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، توققۇز سېيىرنىڭ بىرنەچچىسى بوغاز، بەزىلىرى يېڭىلا موزايلىغان، بەزىلىرى قېرىپ قالغان، قالغانلىرىنىڭ سۈتى ئاز ئىدى. سېرىقمايمۇ يوق، ھەتتا بالىلارغىمۇ سۈت يېتىشمەيتتى. تۇخۇممۇ يوق، مېكىيانمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئاخىر بولماي، قېرىپ قالغان بىر خورازنى سويۇپ، سۇدا، ياغدا پىشۇرۇپ يېيىشتى. ئۆي تازىلايدىغان ئايالنىمۇ تاپقىلى بولمىدى، ھەممىلا ئادەم ياڭيۇ قازغىلى كېتىشكەنىدى. بىر ئات تەپكەك بولۇپ قاپتىكەن، ھارۋا قېتىپ سىرتقىمۇ چىقىشالمىدى. دەريا بويى ئۇلاغلار چەيلەپ رەسۋا قىلىۋەتكەن ۋە يول تەرىپى ئېچىلىپ قالغان بولغاچقا، سۇغا چۈشۈپ يۇيۇنۇۋېلىشقىمۇ بولمايتتى. پىيادە مېڭىپ ئايلىنىپ كەلگۈدەكمۇ يەر يوق ئىدى.ماللار قوتاندىن چىقىپ ھەممە يەردە پىتىراپ يۈرەتتى. قورقۇنچلۇق بىر بۇقا خۇددى ئادەمنى ئۈسىدىغاندەك ھۆركىرەپ يۈرەتتى. كىيىم ئاسىدىغان ئىشكاپمۇ يوق ئىدى، بارلىرىنىڭ ئىشىكلىرى ھىم يېپىلمايتتى، ئالدىدىن ئادەم ئۆتسىلا ئېچىلىپ كېتەتتى. چۆگۈن، تۇڭلارمۇ يوق، كىرخانىدا كىر يۇيىدىغان قازانمۇ، كىيىملەرگە دەزمال سالىدىغان تاختايمۇ يوق ئىدى.

بىرنەچچە كۈنگىچە دوللى خاتىرجەم تۇرۇش، ئارام ئېلىش ئورنىغا، بۇ دەھشەتلىك پالاكەتلەرگە يولۇقۇپ كۆپ تەشۋىش چەكتى، كۆپ تىرىشتى، لېكىن ھېچنېمىگە كۈچى يەتمەي،

كۆزلىرىگە تىنماي كېلىپ تۇرۇۋاتقان ياشلىرىنى زورغا تۇتۇپ يۈردى. بۇ يەرنىڭ غوجىدارى ئەسلىدە دەرۋازىغا قارايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ مۇلايىم ھەم قاملاشقان ئادەم بولغاچقىمۇ، ئوبلونسكىينىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قېلىپ دەرۋازىۋەنلىكتىن غوجىدارلىققا ئۆستۈرۈپ قويغانىدى. لېكىن، ئۇ دوللىنىڭ دەردىگە دەرمان بولمىدى، ھە دېسىلا: «ئامالىم بولمىدى، بۇلار مانا مۇشۇنداق يارىماس خەق !» دەپ تۇراتتى، ھېچقانداق ياردەم بەرمەيتتى.

بۇ ئەھۋالنى ئوڭشلاشقا ئامال يوقتەك ئىدى. لېكىن، باشقا بارلىق ئائىلىلەرگە ئوخشاش، ئوبلونسكىيلارنىڭ ئائىلىسىدىمۇ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان، ئەمما ناھايىتى كېرەكلىك ۋە پايدىلىق بىر ئادەم چىقىپ قالدى. ئۇ ماترىيونا ئىدى. ئۇ خانىمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ھەممە ئىش ئورنىغا چۈشىدۇ (بۇ ئۇنىڭ دائىم دەيدىغان گېپى بولۇپ، بۇ گەپنى ئۇنىڭدىن ماتۋېي ئۆگىنىۋالغانىدى)، ياخشىلانمايدىغان ئىش يوق، دېدى ۋە ئىشلارنى ئالدىرىماي، تەمكىنلىك بىلەن باشلاپ كەتتى.

ماترىيونا دەررۇ غوجىدارنىڭ خوتۇنى بىلەن يېقىنلىشىپ، بىرىنچى كۈنىلا غوجىدار ئۆچى ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ھەر خىل ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇزاققا بارمايلا ئاشۇ ئاكاتسىيە دەرىخى ماترىيونانىڭ كۇلۇبىغا ئايلاندى. كۇلۇب ئەزالىرى غوجىدارنىڭ خوتۇنى، كەنت باشلىقى، ئىش بېجىرگۈچى ۋە ماترىيونادىن تەركىب تاپقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىيىنچىلىقلار ئاستا ـ ئاستا ئازىيىشقا باشلىدى، بىر ھەپتىدىن كېيىن قىيىنچىلىقلار تۈگەپ، ئىشلار ئورنىغا چۈشتى: ئۆگزە رېمونت قىلىندى؛ ئاشپەز تېپىلدى (ئۇ كەنت باشلىقىنىڭ تۇغقىنى ئىدى)؛ توخۇلار سېتىۋېلىندى؛ سىيىرلار سۈت بېرىدىغان بولدى؛ باغنىڭ قاشالىرى ياسالدى؛ ياغاچچى كىر سىقىدىغان ئەسۋاب ياساپ بەردى؛ ئىشكاپلارغا ئىلمەكلەر بېكىتىلىپ، ئىشىكلىرى ئېچىلىپ كەتمەيدىغان بولدى؛ يەنە

قوپال رەخت بىلەن قاپلانغا دەزمال سېلىش تاختىسىمۇ بار بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن قىزلارنىڭ خانىسىدىن دەزمال ھىدى كەتمەيدىغان بولدى.

— سىز دائىم ئامالىنىڭ يوقلۇقىنىلا دەيتتىڭىز، ئەمدى قاراڭ! — دېدى ماتريونا دەزمال تاختىسىنى كۆرسىتىپ.

ئۇلار ھەتتا ئۇلارغا ئەتراپىنى قورۇق ئوت - چۆپلەر بىلەن توسۇپ يۇيۇنىدىغان جايمۇ ياساپ بەردى. بىرىنچى بولۇپ ئۇ يەردە لىلى يۇيۇندى. دوللىنىڭ بىر قىسىم ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، تولۇق خاتىرجەم بولۇپ كېتەلمىسىمۇ، ھەرھالدا راھەت يېزا تۇرمۇشىغا ئېرىشتى. دوللى ئالتە بالا بىلەن خاتىرجەم بولالمايتتى، بالىلارنىڭ بىرى ئاغرىپ قالسا، ئىككىنچىسىمۇ ئاغرىپ قېلىشقا تەييارلا تۇراتتى، ئۈچىنچىسىگە ئوزۇقلۇق يېتىشمىسە، تۆتىنچىسى تۇيۇقسىز تېرىككەك، ئاچچىقى يامان بولۇپ قالاتتى، بىردەم بولسىمۇ ئارام ئالىدىغان ۋاقىتلىرى ئاز ئىدى. لېكىن، شۇ ئاۋارىچىلىك، شۇ تەشۋىشلەر دوللى ئۈچۈن بىردىنبىر بەخت ئىدى. ئەگەر شۇ ئىشلار بولمىغان بولسا، ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئېرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئويلاپ ئولتۇرغان بولاتتى. گەرچە بالىلىرىم ئاغرىپ قالمىسىدى دەپ ئەنسىرەپ يۈرىدىغان، بالىلىرىمۇ بىرى ساقايسا، بىرى تەرسالىشىپ، ئانا بولغۇچىغا تۈگىمەس ئازاب - ئەندىشىلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بالىلىرى ئېلىپ كېلىدىغان ئازراق خۇشاللىقمۇ شۇ ئازاب - ئەندىشىلىرىنى باسىدىغان مەلھەم بولۇپ قالدى. بۇ خۇشاللىقلار شۇنچىلىك كىچىك ئىدىكى، قۇم ئارىسىدىكى كېپەك ئالتۇنغا ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنمەيتتى. دوللى خاپىلىق تارتقان چاغلاردا دەردىنى، قۇمنىلا كۆرەتتى؛ كۆڭۈللۈك چاغلىرىدا بولسا خۇشاللىقنى، ئالتۇننى كۆرەتتى.

ئەمدى ئۇ يېزىدا كۆڭۈلسىز تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتقاندا بۇ

خۇشاللىقنى پات ـ پات ھېس قىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە بالىلىرىغا قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتەتتى. مەن توغرا قىلمايۋاتىمەن، مەن ئانىسىغۇ دەپ ئۇلارنى بەكلا قانىتىم ئاستىغا ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، دېگەنگە ئۆزىنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى، لېكىن ئۇنداق قىلمايتتى، ئۇنىڭغا ئامالسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئالتە بالىسى بىر ـ بىرىدىن ئوماق ئىدى، چىرايلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما تېپىلماس ياخشى بالىلاردىن ئىدى، دوللى ئۇلار بىلەن بەختلىك ئىدى، ئۇلاردىن پەخىرلىنەتتى.

# 8

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاساسەن ئىزىغا چۈشۈپ قالدى. دوللى ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىدا تارتقان دەردلىرى توغرۇلۇق شىكايەت قىلىپ يازغان خېتىگە ياندۇرغان جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئوبلونسكىي خېتىدە ئۆزىنىڭ ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلىمىغانلىقىدىن ئەپۇ سورىغان، پۇرسەت بولغاندا ئۇلارنى كۆرگىلى بارىدىغانلىقىنى دېگەنىدى. لېكىن، بۇ پۇرسەت زادىلا كەلمىگەچكە، دوللى 6 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە يېزىدا ئۆزى يالغۇز ياشىدى.

دوللى سېيىنت پېتىر بايرىمىنىڭ ئالدىدىكى يەكشەنبىدە ھەممە بالىسىنى چېركاۋغا مۇقەددەس غىزاغا ئېغىز تەگكۈزگىلى ئېلىپ باردى. سىڭلىسى، ئاپىسى ۋە دوستلىرى بىلەن پەلسەپە توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىرىدا، ئۇنىڭ دىن توغرىسىدىكى ئەركىن پىكىرلىرى ئۇلارنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ دىنغا قارىتا ئۆز ئالدىغا غەلىتە قاراشلىرى بار ئىدى، دىنني ئەقىدىلەرگە ناھايىتى

ئاز كۆڭۈل بۆلەتتى، ئەمما ئائىلىدە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى، ھەرگىز رەسمىيەت ئۈچۈنلا قىلمايتتى. بالىلىرىنىڭ چىركاۋغا ئىبادەتكە بېرىپ باقمىغىنىغا بىر يىلدەك بولۇپ قالغان، بۇ ئىش ئۇنى تەشۋىشكە سېلىپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇ ماترىيونانىڭ ماقۇللىشى ۋە قوللىشى بىلەن بۇ يىل ياز شۇ ئىشنى قىلماقچى بولدى.

دوللى باللىرىنى قانداق كىيىندۈرۈشنى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئويلاپ قويغانىدى. شۇڭا، بالىلارنىڭ كۆڭلەكلىرى تىكىلىپ، بەزىلىرى ئۆزگەرتىلىپ، پاكىز يۇيۇپ قويۇلدى، تىكىشلىرى ۋە پۇرمىلىرى قويۇۋېتىلدى، تۈگمىلەر قادىلىپ، لېنتىلار تەييارلاندى. قىزى تانەگە ئىنگلىز ئايال ئۆزگەرتىپ تىكىپ بەرگەن بىر كۆڭلەك دوللىنى خېلىلا خاپا قىلدى. ئۇ ئايال بۇ كۆڭلەكنى ئۆزگەرتكەندە خاتا ئۆلچەپ قويۇپ، مۈرىسىنى تۆپىگە تارتىۋەتكەن، نەتىجىدە كۆڭلەك پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى. تانە كىيىپ بېقىۋىدى، مۈرىسى تارتىشىپ پەقەتلا ياراشمىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ماترىيونانىڭ قولىدىن تىككۈچىلىك كېلىدىكەن، مۈرىسىگە ئۇلاق سېلىپ، يەنە بىر يەرلىرىنى سۆكۈپ باشقىدىن تىكىپ يۈرۈپ كىيگىلى بولىدىغان قىلدى. كۆڭلەكمۇ تۈزەلدى، ئەمما دوللى ئىنگلىز ئايال بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممە نەرسە تەل بولدى. سائەت توققۇز بولمايلا ــــ سائەت توققۇز بولغاندا ئۇلار مۇقەددەس غىزاغا ئېغىز تېگەتتى ــــ بالىلار چىرايلىق كىيىنىشىپ، خۇشال ھالدا پەيتۇننىڭ يېنىدا ئاپىسىنى ساقلاپ تۇرۇشتى.

پەيتۇنغا ماترىيونانىڭ يۈزى بىلەن شاش قارا ئاتنىڭ ئورنىغا غوجىدارنىڭ جەدە ئېتى قېتىلدى. ئۆزىنى چىرايلىق ياساشنىڭ غېمى بىلەن كېچىكىپ قالغان، نېپىز ئاق دۇردۇندىن تىكىلگەن كۆڭلىكىنى كىيگەن دوللى ئاخىر ئۆيدىن چىقىپ پەيتۇنغا ئولتۇردى.

دوللى هاياجان ۋە ھەۋەس بىلەن تارانغان ھەم كىيىنگەنىدى. ئىلگىرى ئۇ چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنسەم دەپ، ئۆزى ئۇچۇنلا ياسىناتتى، كېيىن يېشىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ياسىنىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى قېرىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، بۇ قېتىم يەنە ئىلگىرىكىدەك زوق ۋە ھاياجان بىلەن ياساندى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنى ئويلاپ، چىرايلىق كۆرۈنەيچۇ دېگەن نىيەت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوماق باللىرىنىڭ ئاپىسى بولغىنى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئائىلىمىزدىن ئالىدىغان ئومۇمىي تەسىراتىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويماي، دېگەن نىيەت بىلەن ياسانغانىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئەينەككە قارىۋېتىپ ئۆزىنىڭ ئومۇمىي تۇرقىدىن رازى بولدى. ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى، ئىلگىرىكى چاغلاردا تانسىلارغا بارغاندىكىدەك ئۈنچىلىك گۈزەل بولمىسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى يېشىغا مۇناسىپ چىرايلىق ئىدى.

چېركاۋدا دېھقانلار، ئۆي خىزمەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا ئادەم يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ دوللى ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن باللىرىغا ھەۋەسلىنىپ قارىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى. باللار رەتلىك كىيىنىپ كەلگەنلىكىدىنلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ قالماي، ئۆزلىرىنى تولىمۇ ئەدەپلىك تۇتقانلىقىدىنمۇ ناھايىتى ئوماق ئىدى. راست، ئاليۇشا ئانچە ئوبدان تۇرغىنى يوق، ھەدەپ كەينىگە قايرىلىپ كالتە چاپىنىنىڭ ئارقا تەرىپىنى كۆرگۈسى كېلىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاجايىپ ئوماق كۆرۈنەتتى. تانە ئۆزىنى چوڭ كىشىلەرگە ئوخشاش تۇتۇپ ئۇكىلىرىغا غەمخورلۇق قىلاتتى. باللارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولغان لىلى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ساددىلارچە ھەيران بولۇپ قاراشلىرى بىلەن ئوماق ئىدى. ئۇ مۇقەددەس غىزادىن تېگىشلىكىنى ئېلىپ بولۇپ، ئىنگلىزچە: *«يەنە ئازراق بەرسىڭىز»* دېگەندە، ھەممەيلەن ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، باللار خۇددى قانداقتۇر بىر تەنتەنىلىك ئىش قىلغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ ماڭدى.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ھەممە ئىشلار جايىدا كېتىۋاتاتتى، ناشتىدا گىرىشا ئىسقىرتىشقا باشلاپ، ئىنگلىز ئايالنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلىماي، نەتىجىدە ناشتىدا قاتتىما بەرمەسلىك جازاسى بىلەن جازالاندى. ئەگەر دوللى شۇ يەردە بولغان بولسا، بۇگۈنكىدەك خۇشاللىق كۈندە ئۇنى ھەرگىز جازالىمىغان بولاتتى، لېكىن بۇگۈن ئۇ ناشتىدا باللار بىللە ئەمەس ئىدى، كېيىن ئاڭلاپ باشقا گەپ قىلمىدى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازاغا قوشۇلدى. چۈنكى، ئۇ ئىنگلىز ئايالنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىمىسا بولمايتتى.

گىرىشا يىغلاپ تۇرۇپ، نىكولىنكامۇ ئىسقىرتقانىدى، ئۇنى جازالىمىدى، دەپ ۋايسىدى. ئۇنىڭ يىغلىشى ھەرگىزمۇ قاتتىما يېيەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس —— ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى —— بەلكى ئۆزىگە ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلىنغىنىدىن ئىدى. بۇ ئىش ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. دوللى چىدىماي، ئىنگلىز ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئويلاپ، ئۇنى ئىزدەپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا تەسىرلىك بىر كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلى شۇنچىلىك يايراپ كەتتىكى، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئۇ گۇناھكارنى ئۆزىلا كەچۈرۈۋەتتى.

گۇناھكار مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا ئولتۇراتتى، تانيە قولىدا تەخسە، يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇ ئىنگلىز ئايالدىن، قونچىقىمغا قاتتىما يېگۈزەتتىم، ياتقىمدا يېگۈزەيمۇ، دېگەن باھانە بىلەن رۇخسەت ئېلىپ، قاتتىمىنى ئاچىقىپ ئىنىسىغا يېگۈزۈۋاتاتتى. گىرىشا ئۆزىگە بېرىلگەن جازانىڭ ئادىل بولمىغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىگەچ، ھەدىسى ئاچىققان قاتتىمىنى يەۋاتاتتى ھەم ئېسەدەپ تۇرۇپ: «سەنمۇ يېگىن، ئىككىمىز تەڭ يەيلى ... ئالە، سەنمۇ يە» دەۋاتاتتى.

تانيەمۇ ئاۋۋال گىرشاغا ئىچى ئاغرىپ، كېيىن ئۆزىنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى بىلىپ، ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئالغانىدى، لېكىن ياق دېمەي ئۆزىنىڭ ئۇلۇشىنىمۇ يەۋاتاتتى.

ئۇلار ئاپىسىنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى بىلىپ كۈلۈشتى. ئاغزىلىرىدا لىق قاتلىما، ھەدەپ كۈلۈپ تۇرغان لەۋلىرىنى سۇرتۇپ تۇراتتى، نۇرلۇق يۈزلىرى ياش ۋە مۇراببا بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى.

— ۋاي خۇدايىم! ئاپئاق يېڭى كۆڭلىكىڭ نېمە بولۇپ كەتكەن سېنىڭ! تانيە! گىرشا! — ئاپىسى تانيەنىڭ كۆڭلىكىنى بۇلغىنىپ كەتمىسۇن دەپ تۇۋلاپ كەتكىنى بىلەن، كۆزلىرىدە ياش، چىرايىدا بەخت كۈلكىسى پارلاپ تۇراتتى.

باللار يېڭى كۆڭلەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، قىزلار قىسقا كوپتىلىرىنى، ئوغۇللار كونا چاپانلىرىنى كىيىشىۋالدى. ئاندىن پەيتۇننى تەييار قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈپ — غوجىدار ئۇلارنىڭ پەيتۇنغا يەنە ئۆزىنىڭ جەدە ئېتىنى قوشىدىغان بولغانلىقىدىن نارازى بولدى — موگۇ تېرىپ كېلىشكە، سۇغا چۆمۈلۈشكە بارىدىغان بولۇشتى. باللارنىڭ ئۆيلىرى خۇشال چۇقان ـ سۈرەنگە تولدى، بۇ خۇشاللىق پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ يولغا چىققۇچە بېسىلمىدى.

ئۇلار لىق بىر سېۋەت موگۇ تېرىشتى، لىلى ھەتتا قېيىن موگۇسىنى تېپىۋالدى. بۇرۇن گىرىشا خانقىز ئۇ موگۇنى تېپىپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قوياتتى، بۇگۇن ئۇ ئۆزى يوغان بىر قېيىن موگۇسىنى تاپقانىدى، ھەممىسى: «لىلى قېيىن موگۇسى تېپىپتۇ!» دەپ خۇشال تۇۋلىشىپ كەتتى.

كېيىن ئۇلار دەريا بويىغا كېلىپ پەيتۇندىن چۈشۈپلا چۆمۈلگىلى سۇغا چۈشۈپ كەتتى. پەيتۇنكەش تېرىنتى قۇيرۇقى بىلەن تىنماي پاشا ـ چىۋىنلارنى قورۇپ تۇرغان ئاتنى قېيىن دەرىخىگە باغلاپ قويۇپ، ئۆزى ئوتنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ

تاماكا چىكىپ ياتتى، دەريا تەرەپتىن بالىلارنىڭ خۇشال ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

بالىلارغا كۆز - قۇلاق بولۇش، بەخۋاشلىقلىرىغا چەك قويۇپ تۇرۇش بەكمۇ جاپالىق ئىدى، ھەربىر بالىنىڭ سىلىنۇەتكەن پايپاقلىرىنى، ئىشتانلىرىنى، ئاياغلىرىنى ئەستە تۇتۇش، يەنە ئۇلارغا ئۇ نەرسىلەرنى بىر - بىردىن كىيگۈزۈش، ئاياغلىرىنىڭ بوغقۇچلىرىنى چىگىش، چاپانلىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېتىشمۇ شۇنچىلىك ئاۋارىچىلىك ئىدى. لېكىن، دوللىنىڭ ئۆزىمۇ سۇغا چۆمۈلۈشكە ئامراق بولغاچقا، سۇغا چۆمۈلۈشنىڭ بالىلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن پايدىسى بار دەپ بىلگەچكە، ئۇ جاپالار، ئۇ ئاۋارىچىلىكلەر كۆزىگە كۆرۈنمەي، بالىلار بىلەن بىللە سۇغا چۆمۈلۈشنىمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولماس، دەپ ئويلىدى. ئۇلارنىڭ بۇدۇرۇق پۇتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇ پۇتلارغا ئۇزۇن پايپاقلارنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە بەدەنلىرىنى باغرىغا بېسىش، ئاندىن سۇغا قويۇپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەندىكىپ، خۇشال بولۇپ چىرقىراشقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش، سۇدا تولا ئويناپ ھاسىرىشىپ كېتىۋاتقان بۇ كىچىك پەرىشتىلەرگە قاراپ تۇرۇش، چاقناپ تۇرغان، ھېسابسىز شادلىققا پاتقان كۆزلىرىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈش دوللى ئۈچۈن ئېيتقۇسىز بىر بەخت ۋە خۇشاللىق ئىدى.

بالىلارنىڭ يېرىمى كىيىملىرىنى كىيىشىپ بولدى. شۇ ئارىلىقتا، دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغىپ يۈرگەن، چىرايلىق كىيىنىشكەن بىرنەچچە دېھقان ئايال ئۇلار سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان يەرگە كېلىپ تارتىنىپ قاراپ تۇرۇشتى. ماترىيونا ئۇلارنىڭ بىرىنى چاقىرىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن چوڭ لۆڭگە بىلەن كىيىملەرنى سىقىپ ئاپتاپقا يېيىپ قويۇشقا بۇيرۇدى، دوللى قالغان ئاياللار بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى. ئۇ ئاياللار ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي ئاغزىلىرىنى ئېتىپ كۈلۈشەتتى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلار جۈرئەتلىنىپ پاراڭغا چۈشۈپ

كەتتى ۋە باللارغا چىن دىلىدىن زوقلانغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. دوللى ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالدى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق سىز، قىزچاق، ئاقلىقىڭىز خۇددى پاختىنىڭ ئۆزىلىغۇ، — دېدى بىر ئايال تانيەگە ئىچى كۆيۈپ ۋە بېشىنى چايقاپ، — بىراق، بەكمۇ ئورۇق ئىكەنسىز.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى دوللى، — بۇ قىزىم بىر قېتىم قاتتىق ئاغرىغان.

— ھۇي، ئۇلار سېنىمۇ چۈمۈلدۈردىمۇ؟ — دېدى يەنە بىرى بوۋاققا قاراپ.

— ياق، ئۇ چۈمۈلمىدى، ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان تۇرسا، — دەپ جاۋاب بەردى دوللى مەغرۇر تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ؟

— سېنىڭ باللىرىڭ بارمۇ؟

— تۆت بالام بار ئىدى، ھازىر ئىككىسى قالدى، بىر قىز، بىر ئوغۇل، قىزىمنى يېڭىلا ئەمچەكتىن ئايرىدىم.

— قىزىڭ نەچچىگە كىرگەن؟

— ئىككى ياشقا.

— نېمىشقا ئۇنداق ئۇزاق ئەمدۈردۈڭ؟

— بىزنىڭ ئادىتىمىز شۇنداق، ئۈچ پەرھىز ئېيىغىچە ئەمگۈزىمىز...

ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق تۇغدۇڭ، بوۋىقىڭ كېسەل بولۇپ باققانمۇ، ئېرىڭ نەدە، پات ـ پات كېلىپ تۇرامدۇ، دېگەندەك دوللى قىزىقىدىغان پاراڭلار باشلىنىپ كەتتى.

دوللىنىڭ بۇ ئاياللاردىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالدى، چۈنكى ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئىدى، قىزىقىدىغانلىرىمۇ ئۇلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. بۇ دېھقان ئاياللار ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ بالىسىنىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسىنىڭ چىرايلىق، ئوماقلىقىغا ھەۋەس قىلىشىپ قالغانىدى، بۇنى دوللى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى ھەم ئۇلارنىڭ بۇ

ھالەتلىرىگە قاراپ كۆلگۈسىمۇ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئايالىلارمۇ كۈلۈشەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرى ئىنگلىز ئايالىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى، چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ بىر قىسىم كۈلكىلىرىنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كىيىملىرىنى تولىمۇ ئاستا كىيەتتى. بىر دېھقان ئايال ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ، ئۇ ئۇچىنچى كۆڭلىكىنى كىيىۋاتقاندا ئۆزىنى تۇتالماي: «ھەي، ئۇستى ـ ئۇستىگە قاتلاپ كىيىۋاتىدۇ، كىيىۋاتىدۇ، كىيىپ تۈگىتەلمەيۋاتىدۇ» دېگەنىدى، ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

# 9

بېشىغا ياغلىق سېلىۋالغان دوللى يېڭىلا چۆمۈلۈپ چىققان، چاچلىرى ھۆل باللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ پەيتۇندا ئۆيگە كېتىۋاتقاندا، پەيتۇنكەش:

— بىر بېگىم كېلىۋاتىدۇ، پوكروۋسكىينىڭ خوجايىنىمىكىن، — دېدى.

دوللى ئالدىغا سىنچىلاپ قاراپ لېۋىنىنىڭ تونۇش گەۋدىسىنى كۆردى. لېۋىن سۇر شىلەپە، سۇر پەلتو كىيىۋالغانىدى، ئۇلار ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. دوللى بۇرۇندىن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، بۈگۈن ئۇنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك چاغلاردا كەلگەنلىكى ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلدى. ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقىنى لېۋىندەك ياخشى چۈشىنىدىغان ئادەمنى دۇنيادا يوق دېسىمۇ بولاتتى.

لېۋىن ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىپ كېلىۋاتقان كەلگۈسىدىكى ئائىلە تۇرمۇشى كۆز ئالدىغا كەلگەندەك بولدى.

— خۇددى چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغان مېكىيانغا ئوخشاپ قاپسىز، داريە ئالېكساندروۋنا.

— ۋاي، كەلگىنىڭىزگە تولىمۇ خۇشال بولدۇم، — دېدى دوللى ئۇنىڭغا قولىنى بېرىۋېتىپ.

— خۇشال بولدۇم دەيسىزيۇ، لېكىن مەن كەلدىم دەپ خەۋەر بېرىپمۇ قويماپسىز. ئۆيدە ئاكام بار ئىدى. سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى ستىۋادىن كەلگەن خەتتىن بىلدىم.

— ستىۋا سىزگە خەت يېزىپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى دوللى ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، ئۇ خېتىدە سىزنى مەشەگە كۆچۈپ كەلدى، ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشىڭگە ماقۇل بولۇپ قالار، دەپتۇ، — دېدى لېۋىن. لېكىن، شۇ گەپنى دەپ قويۇپ خىجالەت بولۇپ قالدى بولغاي، لىپا دەرىخىنىڭ يۇمران نوتىسىدىن سۇندۇرۇپ ئاغزىغا سېلىۋېلىپ، پەيتۇننىڭ يېنىدا زوۋان سۇرمەي جىمجىت ماڭدى. ئۇ ئېرى قىلىدىغان ئىشلارنى باشقا بىر ئادەم كېلىپ قىلىپ بەرسە دوللى قوبۇل قىلالماسكىن، دېگەن پەرەز بىلەن خىجىل بولۇپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ، دوللى ئوبلونسكىينىڭ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى يات بىر ئادەمگە قىلدۇرغىنىنى ئېغىر ئالاتتى، شۇڭا دەررۇلا لېۋىننىڭ بۇنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلدى. لېۋىن ئادەمنىڭ ئىنچىكە ھېسسىياتلىرىنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىدىغان بولغاچقا، دوللى ئۇنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى.

— ئەلۋەتتە، مەن بۇنى چۈشىنىمەن، — دېدى لېۋىن، — سىزنىڭمۇ مېنى كۆرگۈڭىز كەپتىكەن، مەنمۇ سىزنى كۆرگىنىمدىن ئالاھىدە خۇش بولدۇم. ئەلۋەتتە، سىز شەھەردە ئۆسكەن ئايال بولغىنىڭىز ئۈچۈن بۇ يەرلەر كۆزىڭىزگە تولىمۇ قالاق، مەدەنىيەتسىز كۆرۈنۈشى مۇمكىن. قانداقلا نەرسىگە ھاجىتىڭىز چۈشسە مەن خىزمىتىڭىزگە تەييار.

— ياق، ياق، — دېدى دوللى، — دەسلەپتە ئىشلار

قۇلايسىزدەك تۇيۇلۇۋىدى، مېنىڭ بۇ كونا خىزمەتكارىمنىڭ ياردىمى بىلەن ھازىر ياخشى بولۇپ كەتتى، ئۇبدان جايلىشىۋالدۇق، — دېدى ئۇ ماترىيونانى كۆرسىتىپ. ماترىيونا ئۇلارنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق گەپ قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ لېۋىنغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويىدى. ئۇ لېۋىننى تونۇيتتى ھەم ئۇنىڭ كىتى خانىقىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك لايىقى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى، ئۇلارنىڭ تويىنىڭ روياپقا چىقىشىنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

— پەيتۇنغا چىقىۋېلىڭ، ئازراق قىستالساقلا پېتىپ كېتىسىز، — دېدى ئۇ لېۋىنغا.

— ياق، پىيادە ماڭاي. بالىلار، كىم مېنىڭ بىللە ئاتقا تەڭلىشىپ يۈگۈرەلەيدۇ؟

بالىلار لېۋىننى ئانچە ياخشى بىلمەيتتى ھەم قاچان كۆرگەنلىرىنىمۇ ئەسلىرىدە يوق ئىدى، لېكىن ئۇنى كۆرۈپ قورۇنۇپ ياكى بىزارلىق ھېس قىلىپ باقمىدى. بالىلارمۇ ياسالما ئادەملەرنى كۆرگەندە ئۇلارغا قارىتا غەلىتە ھېسسىياتلاردا بولىدۇ ھەم بىئارام بولىدۇ. مۇغەمبەرلىك ھەرقانداق سورۇندا ئەڭ تەجرىبىلىك چوڭ ئادەملەرنىمۇ ئالداپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ھەرقانچە نىقابلانسىمۇ، ئەقلى گال دېيىلگەن بالىلارمۇ ئۇنىڭغا ئالدانمايدۇ. لېۋىننىڭ بىرمۇنچە كەمچىلىكلىرى بولسىمۇ، ئۇ خىل مۇغەمبەرلىك، ياسالمىلىق ئۇنىڭدا يوق ئىدى، شۇڭا بالىلار ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئاپىسى ئۇنىڭغا قانداق ھېسسىياتتا قارىغان بولسا، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ھېسسىياتتا قارىدى. لېۋىننىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ، بالىلارنىڭ چوڭلىرىدىن ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىغا سەكرەپ چۈشۈپ، مومىسى، گىيول خانىقىز ياكى ئاپىسى بىلەن قانداق يۈگۈرۈشكەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەنمۇ شۇنداق ئەركىن يۈگۈرۈشتى. لىلىمۇ چۈشمەن دەپ تۇرۇۋالغانىدى، ئاپىسى ئۇنىمۇ پەيتۇندىن ئېلىپ لېۋىننىڭ قولىغا بەردى، لېۋىن

ئۇنى بويىنىغا مىندۈرۈۋېلىپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

— قورقماڭ! قورقماڭ، دارىيە ئالېكساندروۋنا! — دېدى لېۋىن كۈلۈپ تۇرۇپ دوللىغا، — مەن يىقىلىپ چۈشمەيمەن، ئۇنىمۇ يىقىتىۋەتمەيمەن.

لېۋىننىڭ ئەپچىل، كۈچلۈك، ئېھتىياتچان ۋە ناھايىتى جىددىي ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئانىنىڭ كۆڭلى ئوبدانلا تەسكىن تېپىپ، ئۇنىڭغا قاراپ خۇشال بولدى ھەم ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللىغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.

لېۋىن باللار ھەم دىتىغا ياقىدىغان دوللى بىلەن يېزىدا بىللە بولغىنى ئۈچۈن ئىختىيارسىز رەۋىشتە باللارچە خۇشاللىققا پاتقاندى، دوللى ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتتى. لېۋىن باللار بىلەن تەڭ يۈگۈرەيتتى، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ باللارغا بەدەن چېنىقتۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتەتتى، يەنە ئىنگلىزچە چالا - پۇچۇق سۆزلەپ گىيول خانىمىزنى كۈلدۈرەتتى، دوللىغا ئۆزىنىڭ يېزىدىكى ئەھۋاللىرىنىمۇ سۆزلەپ ماڭاتتى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن دوللى بالكوندا لېۋىن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كىتىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ كىتى مەشەگە كېلىپ يازچە مېنىڭ قېشىمدا تۇرىدۇ.

— راستمۇ؟ — لېۋىن قىزىرىپ كېتىپ، دەررۇ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتمەكچى بولدى، — ئەمىسە سىزگە ئىككى سىيىر ئەۋەتىپ بەرسەم بولامدۇ؟ ئەگەر سىز ھەق تۆلىمىسەم پەقەتلا بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، ئايدا بەش رۇبلى بېرىپ قويسىڭىز بولىدۇ، خىجالەت بولۇپ قالمىسىڭىزلا.

— ياق، رەھمەت سىزگە، ھەممە ئىشلىرىمىز جايىدا.

— ئەمىسە سىزنىڭ سىيىرلىرىڭىزنى كۆرۈپ باقاي. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، سىيىرلارغا بوغۇزنى قانداق

تەڭشەپ بېرىشنى دەپ بېرەي. ھەممە گەپ سىيىرلارنى ياخشى بېقىشتا.

لېۋىن كىتىنىڭ گېپىدىن باشقا گەپلەرنى قىلىش ئۈچۈنلا دوللىغا سىيىر بېقىشنىڭ يوللىرىنى، بىر سىيىرنىڭ يەم – خەشەكلەرنى سۈتكە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان ماشىنا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كەتتى.

ئۇ ئاغزىدا شۇ گەپلەرنى قىلغىنى بىلەن، كۆڭلىدە كىتى توغرۇلۇق تەپسىلىي پاراڭلارنى ئاڭلاشنى شۇنچىلىك خالايتتى، بىر تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭ توغرۇلۇق گەپلەرنى ئاڭلاشتىن قورقاتتى. قورقىدىغىنى، شۇنچە قىيىنىلىپ ئاران باسقان كۆڭۈل تىنچلىقىنىڭ يەنە بۇزۇلۇپ كېتىشى ئىدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئۇ ئىشلاردا كىم ماڭا قارىشىپ بېرىدۇ دەيسىز؟ — دېدى دوللى سەل روھسىزلىنىپ.

ئۇ ماترىيونانىڭ ياردىمى بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى ئاران مۇشۇنچىلىك ئورۇنلاشتۇرۇۋالغانىدى، ئىككىنچىلەپ يەنە جاپا تارتىشنى، بەزى ئىشلارنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ لېۋىن دەۋاتقان دېھقانچىلىق بىلىملىرىگە ئىشەنمەيتتى، سىيىر سۈت ئىشلەپ چىقىرىدىغان ماشىنا، دېگەن گەپتىنمۇ گۇمانلىناتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل نەزەرىيىلەر دېھقانچىلىققا زىيانلىق ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بارلىق ئىشلار تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، ماترىيونا دېگەندەك، ئالا سىيىر بىلەن ئاق قورساق سىيىرغا كۆپرەك ئوت – چۆپ تاشلاپ بەرسە، ۋاقتىدا سۇ بېرىپ تۇرسا، ئاشپەز ئاشخانىدىن چىققان يۇندىنى كىرچى خوتۇننىڭ كالىسىغا ئاپىرىپ بەرمىسىلا بولاتتى. ئۇنىڭدىن قىلىنغان يەملەر بىلەن ئوت – چۆپلەر توغرىسىدا لېۋىن دېگەن نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم ئاڭلىسا چۈشەنمەيدىغان قۇرۇق گەپلەر، ئەڭ مۇھىمى كىتى توغرىسىدا پاراڭلىشىش، دەپ ئويلىدى دوللى ئاخىرىدا يەنە.

# 10

— كىتى ماڭا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدىنىڭ يالغۇزلۇق ۋە كۆڭۈل تىنچلىقى ئىكەنلىكىنى دەپتۇ، — دېدى دوللى بىردەم جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىپ ئاندىن.

— سالامەتلىكى ياخشى بولۇپ قاپتۇمۇ؟ — سورىدى لېۋىن سەل ھاياجان بىلەن.

— خۇداغا شۈكۈر، پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭدا مەيدە ئاغرىقى بار دېگەن گەپكە پەقەتلا ئىشەنمىگەن.

— بەك ياخشى بوپتۇ، بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشالمەن! — دېدى لېۋىن. ئۇ گەپ قىلىۋاتقان ھەم يەر تېگىدىن ئۆزىگە قاراپ قويۇۋاتقان چاغلىرىدا دوللى ئۇنىڭ چىرايىدا ئامالسىزلىقتىن پەيدا بولغان بىر خىل بىچارىلىكنى كۆرگەندەك بولدى.

— ماڭا قاراڭ، كونستانتىن دمىترىچ، — دېدى دوللى چىرايىدىكى مېھرىبانلىق ھەم ئازراق مەسخىرە چىقىپ تۇرغان كۈلكىسى بىلەن، — سىز نېمىشقا كىتىدىن رەنجىپ يۈرىسىز؟

— مەنمۇ؟ مەن رەنجىمىدىم، — دېدى لېۋىن.

— ياق، رەنجىدىڭىز. رەنجىمىگەن بولسىڭىز نېمىشقا موسكۋاغا بارغاندا بىزنىڭ ئۆيگە بارمىدىڭىز؟ ئۇلارنىڭكىگىمۇ بارماپسىزغۇ؟

— داريە ئالېكساندروۋنا، — دېدى لېۋىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپ، — سىزدەك مۇشۇنداق ياخشى نىيەتلىك خانىمنىڭ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمىگەنلىكىگە ھەيرانمەن. سىز بىلىدىڭىز، بىلىپ تۇرۇپ ماڭا ئازراقمۇ ھېسداشلىق قىلمىدىڭىز...

— مەن نېمىنى بىلىدىكەنمەن؟

— مېنىڭ ئۇنىڭغا تەكلىپ قويغىنىمنى، ئۇنىڭ تەكلىپىمنى رەت قىلغانلىقىنى قانداقلا بولسۇن بىلەرسىز؟ — دېدى لېۋىن. ئۇنىڭ تېخى بايىلا كىتىگە بولغان قىزغىن ھېسسىياتىنىڭ ئورنىنى ھاقارەتلەنگەنلىك ۋە نەپرەت ئىگىلىدى.

— نېمىشقا مېنى ئۇ ئىشنى بىلىدۇ دەپ ئويلايسىز؟

— چۈنكى، ئۇ ئىشنى ھەممىسى بىلىدۇ - دە.

— بۇنىڭدا سىز خاتالاشتىڭىز. بۇ ئىشنى مەن راستتىنلا بىلمەيمەن، ئەمما ئازراق پەرەز قىلغان.

— ئۇنداق بولسا مانا ئەمدى بىلدىڭىز.

— مەن ئۇنىڭ ئازابلىق بىر ئىشقا يولۇققانلىقىنىلا بىلەتتىم، ئەمما ئۇ ماڭا ئۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماسلىقنى دېگەن. كىتى ئۇ ئىشنى ماڭا دېمىگەندىكىن، باشقىلارغىمۇ دېمىدى دېگەن گەپ. سىلەرگە زادى نېمە بولغان؟ ماڭا سۆزلەپ بېرىڭچۇ.

— نېمە بولغىنىنى مەن سىزگە دېگەن.

— ئۇ قاچانقى ئىش؟

— ئاخىرقى قېتىم ئۆيۈڭلەرگە بارغان چاغدىكى ئىش.

— مەن سىزگە راست گەپنى قىلاي، — دېدى دوللى، — مېنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك، شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىيدۇ. سىز پەقەت غۇرۇرىڭىزنىڭ يەرگە ئۇرۇلغىنىدىنلا ئازابلىنىسىز...

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — دېدى لېۋىن، — لېكىن ...

دوللى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— لېكىن، ئۇ بەكمۇ بىچارە! ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولىدۇ. ھازىر مەن سىزنى چۈشەندىم.

— داريه ئالېكساندروۋنا، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن قايتاي. داريه ئالېكساندروۋنا، سالامەت بولۇڭ!

— ياق، توختاڭ! — دېدى دوللى لېۋىننىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تۇتۇۋېلىپ، — توختاڭ، ئولتۇرۇڭ!

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشمايلى، — دېدى لېۋىن ئورنىدا قايتا ئولتۇرۇۋېتىپ. ئۇ كۆمۈلۈپ كەتكەندەك قىلغان ئۆمىدلىرىنىڭ يۈرىكىدە يەنە قوزغىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئەگەر مەن سىزنى ئىلگىرى ياخشى كۆرمىگەن بولسام، — دېدى دوللى كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، — ئىلگىرىمۇ سىزنى ھازىرقىدەك چۈشەنمىگەن بولسام ...

ئاللىبۇرۇن يوقاپ كەتكەن ئۇ تۇيغۇ يەنە باش كۆتۈرۈپ لېۋىننىڭ يۈرىكىنى باشقىدىن ئىلكىگە ئېلىشقا باشلىدى.

— شۇنداق، مەن ئەمدى ھەممىنى بىلدىم، — دېدى دوللى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — سىز ئاياللارنى چۈشەنمەيسىز. سىلەر ئەرلەر ئەركىن ئادەملەر، خالىغان قىزلارنى تاللاپ ئالالايسىلەر ھەم كىمنى ياخشى كۆرىدىغىنىڭلار كۆڭلۈڭلەرگە ئېنىق. ئەمما، ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزلار سىلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلار نومۇسچان، مەڭگۈ سىلەرنىڭ كۆزۈڭلەرگە قاراپ ئۆتىدۇ، قانداقلا گەپ قىلساڭلار ئىشەنمەسلىككە ئامالى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قانداق گەپ قىلىشلىرىنىمۇ بىلمەيدۇ.

— كۆڭلىدە ئېنىق بىر ئوي بولمىغاندا شۇنداق ...

— ياق، كۆڭلىدە ئوي بار. ئەمما، بىلىشىڭىز كېرەككى، سىلەر ئەرلەر بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالساڭلار ئۇنىڭ ئۆيىگە بارالايسىلەر، ئۇنىڭغا يېقىنلىشالايسىلەر، ئۇنى كۆزىتەلەيسىلەر، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ سىلەرگە لايىق كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەلەيسىلەر. ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىڭلار ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا توي قىلىشنى ئېيتالايسىلەر ...

— پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس.

— ئىشقىلىپ، مۇھەببىتىڭلار پىشىپ يېتىلگەندە ياكى ئىككىنىڭ بىرىنى تاللىۋالغىنىڭلاردىن كېيىن توي قىلىش تەكلىپىنى بېرىسىلەر. لېكىن، قىز بالىدىن ھېچكىم ئۇ

تەرىپىنى سوراپ قويمايدۇ. ئۇنى ئۆزى تاللىسۇن دېسىمۇ، ئۇنىڭ تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتى يوق، پەقەت، قوشۇلىمەن ياكى قوشۇلمايمەنلا دېيەلەيدۇ.

«ياق، ئۇ ۋرونسكىي ئىككىمىزنىڭ بىرىنى تاللىۋالغانغۇ» دەپ ئويلىدى لېۋىن ئىچىدە. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان ئۈمىد يەنە ئۆلۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازاب بىلەن مۇجۇشقا باشلىدى.

— دارىيە ئالېكساندرووۋنا، — دېدى ئۇ، — كىيىم ۋە باشقا نەرسىلەرنى سىز دېگەندەك تاللاپ ئالغىلى بولىدۇ، لېكىن مۇھەببەتنى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. تاللىۋاپتۇ، بوپتۇ ... يەنە تاللايمەن دېسە بولمايدۇ.

— ئاھ غۇرۇررا، غۇرۇر ! — دېدى دوللى خۇددى غۇرۇر ئاياللار بىلىدىغان باشقا تۇيغۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغاندەك بىر خىل مەنسىتمەسلىك بىلەن، — سىز كىتىگە تەكلىپ قويغان چاغلىرىڭىزدا ئۇ سىزگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئەھۋالدا ئىدى، ئىككىلىنىپ تۇراتتى، ۋرونسكىي ئىككىڭلاردىن قايسىڭلارغا ماقۇل دېيىشنى بىلمەي قالغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ۋرونسكىي بىلەن ھەر كۈنى بىللە بولدى، سىز بولسىڭىز ئۇزاقتىچە كۆرۈنمەي قويدىڭىز. ئەگەر ئۇنىڭ يېشى چوڭراق بولغان بولسا ياكى ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام ئىككىلىنىش دېگەن مەۋجۇت بولمايتتى. مەن ۋرونسكىيدىن بۇرۇندىن تارتىپلا بىزار ئىدىم. ئاقىۋەت مانا مۇشۇنداق بولدى.

لېۋىن كىتىنىڭ شۇ چاغدا بەرگەن جاۋابىنى ئەسلىدى. ئۇ: «ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس ...» دېگەنىدى.

— دارىيە ئالېكساندورۋنا، — دېدى لېۋىن سوغۇق تەلەپپۇزدا، — مەن سىزنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىڭىزنى قەدىرلەيمەن، ئەمما سىزدە بىر ئۇقۇشماسلىق بار. مەيلى مېنىڭ قىلغىنىم توغرا ياكى خاتا بولسۇن، سىز يامان كۆرگەن غۇرۇرۇم مېنى كاتىرىنا ئالېكساندرووۋنانى ئويلىمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ

قويدى. ھەقىقىي گېپىمنى دېسەم، بۇ ئەمدى مۇمكىن ئەمەس.

— سىزگە بىر ئېغىز گېپىمنى دەۋالاي: بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۇ مېنىڭ ئۆز سىڭلىم، مەن ئۇنى بالىلىرىمنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىمەن. ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن گەپنى دېمەي، دەيدىغىنىم، ئۇنىڭ شۇ چاغدا سىزنى رەت قىلغانلىقى ھېچنېمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

— بىلمىدىم، — دېدى لېۋىن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كېتىپ، — سىز مۇشۇ گەپلىرىڭىز بىلەن مېنىڭ يۈرىكىمنى قانچىلىك ئازابقا پاتۇرغانلىقىڭىزنى بىلمەيسىز. بۇ خۇددى بالىڭىزدىن بىرى ئۆلۈپ قالسا، بىر ئادەم كېلىپ سىزگە، بالىڭىز ئەجەبمۇ ئوبدان بالا ئىدى، ياشىسا بولماسمىدى، ئالدىڭىزدا ئويناپ يۈرسە قانچىلىك خۇشال بولار ئىدىڭىز، دېگەنگە ئوخشاشلا گەپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆلۈپ بولغان، ئۆلۈپ بولغان ...

— نېمىدېگەن كۈلكىلىك ئادەم سىز، — دېدى دوللى لېۋىننىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقىنى بىلەن كارى يوق، سوغۇق كۈلۈپ، — راست، مەن ھازىر بارغانسېرى چۈشىنىۋاتىمەن، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ ئويچان ئولتۇرۇپ، — بۇ گەپچە، كىتى كەلگەندە بىزنىڭكىگە كەلمەيدىكەنسىز ـ دە؟

— شۇنداق، كەلمەيمەن. ئەلۋەتتە، بۇ مېنىڭ كاتېرىنا ئالېكساندروۋنادىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرىمەن دېگىنىم ئەمەس، مۇمكىنقەدەر ئۇياقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيمەن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلماسلىققا تىرىشىمەن.

— سىز راستتىنلا كۈلكىلىك ئادەم ئىكەنسىز، — دوللى ئۇنىڭ چىرايىغا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ بۇ گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى، — *بوپتۇ، بىز بۇ توغرۇلۇق پەقەتلا پاراڭلاشمىغان بولايلى. تانيە، نېمىگە كىردىڭ؟* — دېدى دوللى ئۆيگە كىرىپ كەلگەن قىزىغا فرانسۇزچە سۆزلەپ.

— ئاپا، مېنىڭ گۈرجىكىم نەدە؟

— مەن ساڭا فرانسۇزچە سۆزلىدىم، سەنمۇ فرانسۇزچە سۆزلىشىڭ كېرەك.

قىزى فرانسۇزچە سۆزلىمەكچىدى، لېكىن گۇرجەكنى فرانسۇز تىلىدا نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەلمەي يەنە ئۆزىنىڭ تىلىدا سۆزلەپ قويدى. ئاپىسى دەپ بەرگەندىن كېيىن تانىيە قايتىلاپ فرانسۇزچە سورىدى. بۇ ئىش لېۋىنىنىڭ كۆڭلىگە تازا يېقىپ كەتمىدى.

مۇشۇ ئىش بىلەن دوللىنىڭ ئائىلىسى ۋە بىرنەچچە بالىسى لېۋىنىنىڭ كۆزىگە ئىلگىرىكىدەك ئۇنداق يېقىملىق كۆرۈنمەي قالدى.

«ئۇ نېمە ئۇچۇن بالىلىرى بىلەن فرانسۇزچە سۆزلىشىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، — نېمىدېگەن غەيرىي، ساختا قىلىق بۇ. بالىلارمۇ بۇنى ھېس قىلغاندەك قىلىدۇ. بالىلارغا فرانسۇز تىلىنى ئۆگەتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئاددىي تىلىنى ئۇنتۇلدۇرغۇزماقچىمۇ؟» ئۇ بۇ ئىشنى دوللىنىڭ نۇرغۇن قېتىم ئويلاپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ تىلىنى قۇربان قىلىپ، بالىلىرىنى مۇشۇ تىل بىلەن تەربىيىلەشنى توغرا تاپقانلىقىنى بىلمەيتتى.

— نەگە باراتتىڭىز، ئولتۇرۇڭ.

لېۋىن كەتمەي چايغا ئولتۇرۇپ قالدى. لېكىن، بۇرۇنقى قىزغىنلىقى يوقاپ، خاتىرجەم ئولتۇرالمايۋاتاتتى.

چايدىن كېيىن لېۋىن سىرتقا چىقىپ پەيتۇننى قوشۇشنى بۇيرۇپ قويۇپ قايتىپ كىردى. قارىسا، دوللى چىراي تۇتۇق، كۆزلىرى ياش ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ سىرتقا چىقىپ كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا بىر ئىش يۈز بېرىپ، دوللىنىڭ بۈگۈنكى خۇشاللىقى، بالىلىرىدىن پەخىرلىنىشلىرى پۈتۈنلەي يوق بوپتۇ. ئەسلىدە گرىشا بىلەن تانيە توپ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغانىكەن. دوللى بالىلار ئۆيىدىن چىقىۋاتقان قىيا - چىيانى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرسە، تانيە گرىشانىڭ چېچىدىن تۇتۇۋالغان، گرىشا ئاچچىقىدا چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن، ھەدەپ تانيەنى مۇشتلاۋېتىپتۇ. بۇ

ئەھۋالنى كۆرۈپ دوللىنىڭ يۈركى قاتتىق مۇجۇلدى، پۈتۈن ھاياتىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندەك بولدى. ئۆزى ماختىنىپ يۈرگەن باللىرى ئەسلىدە تولىمۇ ئادەتتىكىدەك، ھەتتا قوپال، تەربىيە كۆرمىگەن، يىرتقۇچتەك ۋەھشىي ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغان يامان باللار ئىكەن.

ئۇنىڭ باشقا ئىشلارنى سۆزلەشكە ۋە ئويلاشقا پەقەتلا ھەپىسلىسى يوق ئىدى، لېۋىنغا ئۆزىنىڭ بۇ بەختسىزلىكىنى تېخىمۇ سۆزلەپ بېرەلمەيتتى.

لېۋىن ئۇنىڭ خاپا چىرايىنى كۆرۈپ، بۇ ئىش ھېچقانداق بىر يامانلىقنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، باللارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشىدۇ، يەنە ياخشىلىشىپ قالىدۇ، بۇنىڭغا بۇنچىلا خاپا بولۇپ كەتمەڭ، دەپ نەسىھەت قىلدى. ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئىچىدە: «مەن ياسالمىلىق قىلىپ باللىرىمغا فرانسۇزچە سۆزلىمەيمەن. باللارنى ئەركىلىتىپ ھەم ئۇلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرلىرىنى بۇزۇپ قويمىسىلا، ئۇلار ئەدەپلىك چوڭ بولىدۇ. كەلگۈسىدە باللىرىم بولغاندا مەن شۇنداق قىلىمەن» دەپ ئويلىدى.

لېۋىن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى، دوللىمۇ ئۇنى تۇتۇپ قالمىدى.

# 11

7 ــ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھەدىسىنىڭ پوكروۋسكقا يېگىرمە چاقىرىم كېلىدىغان يەردىكى زېمىنى بار يېزىنىڭ يېزا باشلىقى ئىشلارنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقى ھەم چۆپ چېپىش ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق لېۋىنغا ھېساب بەرگىلى كەلدى. ھەدىسىنىڭ يېرىدىن كېلىدىغان دارامەت ئاساسەن سۇلۇق

ئوتلاقلاردىن كىرەتتى. ئىلگىرىكى يىللاردا بىر مو يەرنىڭ چۆپىنى دېھقانلارغا يىگىرمە رۇبلىدىن سېتىپ بېرەتتى. بۇ يەرلەرنى لېۋىن باشقۇرىدىغان بولغاندىن كېيىن چېپىلغان چۆپلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بۇ چۆپلەرنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، ھەر بىر مو يەرنىڭ چۆپىنىڭ باھاسىنى يىگىرمە بەش رۇبلىغا ئۆستۈرگەنىدى. لېكىن، دېھقانلار بۇ باھاغا كۆنمىدى. لېۋىن ئۇلارنى باشقا خېرىدارلارنى ياندۇرۇۋېتەكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئۇ يەرگە ئۆزى بارغان ۋە چۆپنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى ئادەم ياللاپ چاپقۇزغان، بىر قىسمىنى ئورتاقلىققا بېرىشنى قارار قىلغانىدى. بۇ يېڭى قارارغا شۇ يەرلىك دېھقانلار بار كۈچى بىلەن قارشى چىقتى، لېكىن لېۋىن قاراردىن يانمىدى، نەتىجىدە شۇ يىلى كىرگەن كىرىم ئۆتكەن يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى. ئالدىنقى يىلى، بۇلتۇر دېھقانلار يەنە قارشى چىقتى، ئەمما چۆپ چېپىقى ئوڭشۇشلۇق داۋاملىشىۋەردى. بۇ يىل چۆپ ئۈچتە بىر بويىچە چېپىلدى. يېزا باشلىقى شۇ ئەھۋالنى ھەم چۆپنىڭ چېپىلىپ بولغانلىقىنى مەلۇم قىلغىلى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، يامغۇر يېغىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دېھقانلارنىڭ كۆز ئالدىدا چۆپى چېپىلىدىغان يەرلەرنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ، ئۆزى خوجايىن ئۈچۈن ئون بىر دۆۋە چۆپ چېپىپ قويۇپتۇ. لېۋىن ئۇنىڭدىن چوڭ ئوتلاقتىن قانچىلىك چۆپ ئورۇلغانلىقىنى سورىۋىدى، خوجايىندىن رۇخسەتسىز ئۆز ئالدىغا چۆپلەرنى بۆلۈپ بېرىۋەتكەن يېزا باشلىقى دۇدۇقلاپ قالدى. لېۋىن باشقا بىر دېھقاننىڭ گېپىدىن بۇ يىلقى تەقسىماتتا مەسىلە بارلىقىنى بايقاپ، ئۇ يەرگە ئۆزى بېرىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى.

لېۋىن ئۇ يېزىغا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا يېتىپ باردى. ئۇ ئېتىنى ئاكىسىنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ ئۆيىگە — ئۇنىڭ ئېرى لېۋىننىڭ ئاكام ئاغىنىسى — قويۇپ قويۇپ، بۇ يىلقى

چىپىقىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى شۇ بوۋايدىن ئۇقۇپ بېقىش مەقسىتىدە ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان يەرگە قاراپ ماڭدى. پارمىنچ ئىسىملىك گەپدان، ئىسسىق چىراي، قاملاشقان بۇ بوۋاي لېۋىننى خۇشال كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىگىلىكىنى ئۆزىگە كۆرسىتىپ چىقتى ۋە ئۆزى بېقىۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرىنى، ھەرىلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈپ بېقىۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. لېكىن، لېۋىن چۆپ چېپىقى توغرۇلۇق گەپ سورىغاندا مۇجمەل جاۋاب بەردى، بەزى سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيلا قويدى. بۇ ئەھۋال لېۋىننىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوتلاققا بېرىپ، قۇرۇتۇلغان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ دۆۋىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. ھەر بىر دۆۋە ئوت ـ چۆپ ئەللىك ھارۋا چىقمايتتى. دېھقانلارنىڭ قۇۋلۇقلىرىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن، لېۋىن شۇئان چۆپ توشۇيدىغان ھارۋىنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپ، بىر دۆۋە چۆپنى ھارۋىغا باستۇرۇپ ئېغىلغا توشۇتقۇزدى. نەتىجىدە، بىر دۆۋە چۆپ ئوتتۇز ئىككى ھارۋا چىقتى. يېزا باشلىقى، چۆپ باشتا كۆپمە ئىدى، دۆۋىلىگەندە چىڭدىلىپ كېتىپتۇ، خۇدا بار، ھالاللىق بىلەن بۆلۈنگەن، دەپ قەسەم ئىچسىمۇ، لېۋىن، چۆپنى مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز بۆلۈپسىلەر، شۇڭا ھەر بىر دۆۋىنى ئەللىك ھارۋا ھېسابىدا قوبۇل قىلمايمەن، دەپ ئۆزىنىڭ گېپىدە قاتتىق تۇرۇۋالدى. ئۇزاق تالاش ـ تارتىشتىن كېيىن ئون بىر دۆۋە چۆپنى دېھقانلار ئەللىك ھارۋا ھېسابىدا ئۆزلىرىگە ئالىدىغان، خوجايىنىنىڭ ئۈلۈشىنى باشقىدىن دۆۋە قىلىپ بېرىدىغان بولۇشتى. بۇ سۆھبەت ۋە چۆپ تەقسىماتى چۈشتىن كېيىنكىچە داۋاملاشتى. ئاخىرقى چۆپ بۆلۈنۈپ بولغاندا لېۋىن قالغان ئىشلارنى نازارەت قىلىشقا غوجدارنى قويۇپ قويۇپ، ئۆزى تېرەك شېخى بىلەن بەلگە سېلىپ قويۇلغان چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەن كەڭ ئوتلاقنى تاماشا قىلىپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ ئالدىدىكى سازلىقنىڭ كەينىدىكى دەريا قولتۇقىدا

ئالىچىپار كېيىنىشۋالغان بىر توپ دېھقان ئاياللار كولكە ـ چاقچاقلىرىنى ياڭرىتىپ قاتار مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ؛ ئېگىزدا يېيىلىپ ياتقان خوش پۇراق ئوت ـ چۆپلەر تېزلىك بىلەن يىغىشتۇرۇلۇپ بىر يەرگە دۆۋىلەنمەكتە؛ دېھقانلار ئارىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ، ئاياللار يىغىپ كېلىۋاتقان ئۇ ئوت ـ چۆپلەرنى رەتلىك بېسىپ قاتار ئوت ـ چۆپ دۆۋىلىرىنى پەيدا قىلماقتا؛ سول تەرەپتىكى ئېگىزدا يوغان چاقلىق هارۋىلارغا بۇرۇن دۆۋىلەپ قويۇلغان قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەر بېسىلىپ ئېغىللارغا توشۇلۇپ، ئۇ دۆۋىلەر بىر ـ بىرلەپ يوقالماقتا؛ هارۋىلارغا بېسىلغان ئوت ـ چۆپنىڭ كۆپلۈكىدىن هەتتا ئاتلارنىڭ ساغرىسىمۇ كۆرۈنمەي قالغان.

— تازا چۆپ چاپىدىغان ياخشى هاۋا بولدى، چۆپلەرمۇ شۇنداق ياخشى قۇرۇپتۇ، — دېدى لېۋىننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرغان بوۋاي، — چۆپ ئەمەس، بەئەينى چاينىڭ ئۆزى. خۇددى ئۆردەك چۈجىلىرىگە چېچىپ بېرىدىغان دانىغا ئوخشايدۇ، — ئۇ يەنە هارۋىلارغا بېسىلىۋاتقان بىر دۆۋە چۆپنى كۆرسىتىپ، — چۈشتىن كېيىن ئۇ دۆۋىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىنى توشۇپ بولۇشتى، — دەپ قويدى.

— بۇ ئاخىرقى هارۋىمۇ؟ — دەپ ئۇنىڭدىن سورىدى ئۇ هارۋىنىڭ ئارغامچىسىنى چىڭىتىۋاتقان بىر يىگىتتىن.

— شۇنداق، ئاخىرقى هارۋا، — دېدى ئۇ يىگىتمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ. ئۇ ئاتنىڭ بوجىسىنى تارتىپ، هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان مەڭزىلىرى قىزىل، ياش بىر دېھقان ئايالغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ـ دە، هارۋىسىنى هەيدەپ مېڭىپ كەتتى.

— ئۇ كىم؟ سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ؟ — سورىدى لېۋىن.

— شۇنداق، مېنىڭ ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي يېقىملىق كۈلۈپ قويۇپ.

— قانداق ياخشى يىگىت ـ هە!

— ھەرھالدا يامان ئەمەس بالا.
— توي قىلدىمۇ؟
— توي قىلغىنىغا ئىككى يىل بولدى.
— بالىسى بارمۇ؟
— بالا نېمە ئىش قىلسۇن. بىر يىلغىچە ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ئىزا تارتىپ يۈردى، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي، — قاراڭ، ئۇ چۆپلەرگە، چايغا ئوخشاش پۇراقلىق، — دېدى بوۋاي گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىش مەقسىتىدە.

لېۋىن ئىۋان پارمېنوف بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنىغا قاراپ قالدى. ئۇلار يېقىنىلا يەردە ھارۋىغا چۆپ بېسىۋاتاتتى. پارمېنوف ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى چۆپنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، چىرايلىق خوتۇنى باشتا قۇچاقلاپ، كېيىن ئارا بىلەن چاقىقان ـ چاققان تاشلاپ بېرىۋاتقان قۇچاق ـ قۇچاق چۆپنى ئېلىپ تەكشىلەپ دەسسەۋاتاتتى. ياش جۇۋان كۆڭۈللۈك، چاققان ئىشلەيتتى. چىڭدىلىپ كەتكەن چۆپ ئارىغا سانجىغان زامان ئىلىنمايتتى، شۇڭا ئاۋۋال چۆپنى چۇۋۇۋېتىپ، ئاندىن ئارىنى سانجىيتتى ۋە ئارىنى ئىتتىك تۇرۇپ تېز ھەرىكەت بىلەن گەۋدىسىنىڭ بارلىق كۈچىنى ئارىغا بېرەتتى ـ دە، قىزىل بەلۋاغ باغلانغان بېلىنى ئېگىپ لىككىدە كۆتۈرۈۋېلىپ قەددىنى رۇسلايتتى ۋە ئاق كوپتىسىنىڭ ئىچىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تولغان كۆكسىنى تىك تۇتۇپ، ئەپلىك قوللىرى بىلەن مەھكەم تۇتۇۋالغان ئارىدىكى چۆپنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، پەستىن چۆپ بىلەن ئېگىزلەپ كەتكەن ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ئاتاتتى. خوتۇنىنى بىر مىنۇتمۇ ئىشلەتكۈزمەسلىكنى ئويلايدىغان ئىۋان ئۇ ئاتقان چۆپنى چېچىلىپ يەنە پەسكە چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تولىمۇ ئەپچىللىك بىلەن تولۇق تۇتۇۋېلىپ ھارۋىغا تەكشى باساتتى. ئاخىرقى بىر قۇچاق چۆپنى تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن خوتۇنى بويىنىغا چۈشۈپ قالغان چۆپلەرنى قېقىۋېتىپ، كۈندە كۆيمىگەن ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان قىزىل ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ

قويدى ـ دە، چۆپنى باغلاش ئۈچۈن ئىرى تاشلاپ بەرگەن ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ هارۋىنىڭ ئاستىغا كىردى. ئىۋان ئۇنىڭغا ئارغامچىنى قانداق باغلاشنى ئۆگىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قىلغان بىر گېپىگە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. هەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدا تېخى يېڭىلا ئويغانغان كۈچلۈك، ياش مۇهەببەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

## 12

هارۋىغا بېسىلغان چۆپ باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىۋان هارۋىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ سېمىز ئېتىنىڭ بوجىسىنى قولىغا ئالدى. خوتۇنى ئارىنى هارۋىنىڭ ئۈستىگە چۆرۈۋېتىپ، توپلىشىپ تۇرغان بىر توپ ئاياللارنىڭ قېشىغا قاراپ دادىل قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئىۋان هارۋىنى چوڭ يولغا هەيدەپ چىقىپ، چۆپ بېسىلغان هارۋىلارنىڭ قاتارىغا قېتىلىپ ئېغىل تەرەپكە كەتتى. ئاياللار ئارىلىرىنى مۈرىلىرىگە تاشلاپ، رەڭمۇرەڭ كۆڭلەكلىرىنى لەپىلدىتىپ، خۇش چاقچاق، جاراڭلىق ئاۋازلاردا سۆزلىشىپ هارۋىلارنىڭ كەينىدىن كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى قوپال، ياۋا ئاۋازى بىلەن ناخشا باشلاپ بەردى. ناخشا قايتۇرمىسىغا كەلگەندە، قىرىق ـ ئەللىكچە هەر خىل قوپال، ئىنچىكە، ياڭراق ئاۋازلار بىردەك قايتۇرمىسىنى ئېيتىپ، ئاخىرىدا يەنە باشتىن باشلاپ ئېيتىشقا باشلىدى.

ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئاياللار لېۋىنغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا خۇددى خۇشاللىق بۇلۇتلىرى گۈركىرەپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ بۇلۇت بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى، ئۇنى ئورىۋېلىۋاتاتتى، ئۇ ياتقان چۆپ دۆۋىسى، باشقا دۆۋىلەر، هارۋىلار، پۈتۈن ئوتلاق، يىراقتىكى دالالار ——

ھەممە نەرسە بۇ توۋلاشلار، ئىسقىرتىشلار، غەلىتە، قوپال ۋە خۇشال ناخشا سادالىرىنىڭ كۆچى بىلەن تەۋرەنمەكتە، دولقۇنلانماقتا ئىدى. بۇ ساغلام ئويۇن ـ كۆلكىگە لېۋىنىڭمۇ ھەۋىسى كېلىپ، بۇ ھايات خۇشاللىقىغا ئۆزىنىڭمۇ قوشۇلغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ھېچنېمە قىلالمايتتى، چۆپنىڭ ئۈستىدە يېتىپ كۆرۈشتىن، ئاڭلاشتىن باشقىسى قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشىپ كېتىۋاتقان دېھقانلارنىڭ قارىسى يىتكەندە، يالغۇزلۇقنىڭ، روھىي بىكارچىلىقنىڭ ۋە بۇ ئالەمدىكى ئىشلارغا نەپرەت بىلەن قاراشنىڭ ئاچچىق ئوتى لېۋىنىڭ يۈرىكىنى قاماللىۋالدى.

لېۋىن بىلەن چۆپ توغرىسىدا قاتتىق دېيىشىپ قالغان، ئۆزى ئۇلارنى رەنجىتكەن، ياكى ئۇلار ئۇنى ئالدىماقچى بولغان بەزى دېھقانلار شۇ تۇرقىدا لېۋىنغا خۇشخۇيلۇق بىلەن باشلىرىنى ئېگىپ ئۆتۈپ كېتىشىۋاتاتتى، چىرايىدىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتى يوقتەك، پۇشايمان قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنى ئالدىماقچى بولۇشقانلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقاندەك ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشال ئەمگەك قاينىمى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئىنسانلارغا قۇياشنى خۇدا بەرگەن، كۈچ ـ قۇۋۋەتنىمۇ خۇدا بەرگەن. قۇياش بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئەمگەككە بېغىشلانغان، ئەمگەك شۇلارنىڭ ئىنسانلارغا بېغىشلىغان سوۋغىسى. لېكىن، ئەمگەك كىم ئۈچۈن قىلىنىدۇ؟ ئەمگەك قانداق مېۋىلەرنى پەيدا قىلىدۇ؟ بۇ ئەرزىمەس ۋە ئەھمىيەتسىز ئويلار.


لېۋىن مۇشۇ خىل ھاياتقا قىزىقاتتى، شۇ خىل ھايات ئىچىدە ياشاۋاتقان ئادەملەرگە ھەۋەس قىلاتتى. بۈگۈن ئىۋان پارمېنوفنىڭ ياش خوتۇنىنىڭ ئىشلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇنچىلىك مەنىسىز، قۇرۇق، غەيرىي تەبىئىي ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھاياتىمنى مانا مۇشۇ خىل ئەمگەكچان، ساپ ۋە گۈزەل ئومۇمىي ھاياتقا ئايلاندۇرۇش پۈتۈنلەي ئۆزۈمگە باغلىق ئىكەنغۇ، دېگەن

ئوي لېۋىنىڭ خىيالىغا بىرىنچى قېتىم كەلدى.

يېنىدا ئولتۇرغان بوۋاي ئاللىقاچان ئۆيىگە كەتكەن، پۈتۈن ئادەم تارقاپ بولغان، ئۆيى يېقىنلار ئۆيلىرىگە، ئۆيى يىراقلار كەچلىك تاماقلىرىنى مۇشۇ يەردە يەپ، مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىشقا تەييارلىق قىلىشقا كېتىشكەنىدى. كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە چېلىقمىغان لېۋىن دۆۋىنىڭ ئۈستىدە ئەتراپىغا قاراپ، ئويلاپ، تىڭشاپ يېتىۋەردى. ئوتلاقتا قونۇشقا قالغان ئادەملەرنى يازنىڭ بۇ قىسقا كېچىسىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، دېسىمۇ بولاتتى. باشتا كەچكى غىزاغا ئولتۇرۇشقان ئۇ ئادەملەرنىڭ قىزغىن پاراڭلىرى، كېيىن ناخشا ۋە كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ئاڭلاندى.

ئۇزاققا سوزۇلغان بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىن ئۇلارغا خۇشاللىقتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قالمىغاندەك ئىدى. سۇبھى مەھەلدىلا ئەتراپ جىمىپ كەتتى، سازلىقتىكى تىنماي كوركىراپ تۇرغان پاقىلار بىلەن تاڭ ئالدىدا كۆتۈرۈلگەن تۇمان ئىچىدىكى ئوتلاقتا تۇرغان ئاتلارنىڭ پۇرقىراشلىرىلا ئاڭلىناتتى. لېۋىن كۆزىنى ئېچىپ دۆۋىنىڭ ئۈستىدىن ئاستا تۇردى ۋە يۇلتۇزلارغا قاراپ تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلدى.

«ھەي، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك! قانداق قىلسام بولىدۇ؟» دېدى لېۋىن ئۆزىگە ئۆزى، يازنىڭ بۇ قىسقا كېچىسىدە پەيدا بولغان ئوي ـ خىياللىرى ئىچىدىن ئۆزىنى تارتىۋېلىشنى ئويلاپ. ئۇ ئۈچ جەھەتتىن ئويلىغانىدى: بىرىنچىسى، ئىلگىرىكى ھاياتىدىن، ھېچنېمىگە پايدىسى يوق بىلىملەردىن، مەلۇماتىدىن ۋاز كېچىش ئىدى. بۇ خىل ۋاز كېچىش ئۇنى خۇشال قىلاتتى، يەڭگىللىتەتتى. ئىككىنچىسى، ھازىر ئۆزى تەلپۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ھايات ئىدى. ئۇ بۇ خىل ھاياتنىڭ ئاددىي، پاك ۋە ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھايات ئىكەنلىكىگە ھەم بۇ خىل ھايات ئىچىدىن ئۆزىدە كەمچىل بولۇۋاتقان قانائەتچانلىقنى، خاتىرجەملىكنى ۋە ئالىيجاناب خىسلەتنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.



ئۇچىنچىسى، قانداق قىلىپ هازىرقى هاياتنى يېڭى هاياتقا ئۆزگەرتىش ئىدى. بۇ پىكىرلەرنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدا ئېنىق ئەمەس ئىدى. «خوتۇن ئېلىشىم كېرەكمۇ؟ بىرەر يەردىن خىزمەت تېپىپ ئىشلەيمۇ؟ توغرا، خىزمەت تېپىپ ئىشلىمىسەم زادى بولمامدۇ؟ پوكرووۋسكىنى تاشلاپ كەتسەمچۇ؟ ياكى دېھقان قىزىغا ئۆيلەنسەممىكىن؟ زادى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — ئۇ ئۆزىدىن ئۆزى سورايتتى، لېكىن سورىغانلىرىغا جاۋاب تاپالمايتتى، — بولىدىلا، تۇن بويى ئۇخلىمىغاچقا، كاللام تازا روشەن ئەمەس، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى يەنە، — كېيىنچە بىر گەپ بولار. ئەمما، بىر نەرسە ئېنىق، مېنىڭ تەقدىرىم ئاخشام بەلگىلىنىپ بولدى. مېنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ئۈستىدىكى بۇرۇنقى خىياللىرىمنىڭ هەممىسى بىمەنە، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خىياللار ئىكەن. ئەسلىدە بۇنىڭ هەممىسى شۇنچىلىك ئاددىي، شۇنچىلىك گۈزەل ئىشلار ئىكەن ...»

«قانداق گۈزەل! — دېدى ئۇ ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن غەلىتە قولۇلە قاپلىرىغا ئوخشايدىغان توپ ـ توپ بۇلۇتلارغا قاراپ، — بۇ گۈزەل كېچىدە هەممە نەرسە شۇنچىلىك يارقىن. بۇ قۇلۇلە قاپلىرى قاچان پەيدا بولىدىكىنە؟ بايا ئاسمانغا قارىسام يوق تۇرغان، پەقەت ئىككىلا ئاق بۇلۇت تۇراتتى. شۇنداق، مېنىڭ هاياتقا بولغان قاراشلىرىممۇ ئاشۇنداق تۇيدۇرماي ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ.»

لېۋىن ئوتلاقتىن چىقىپ، چوڭ يول بىلەن مەھەللە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شامال چىقىپ هاۋا سۈرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. تاڭ ئالدىدىكى يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان بىردەملىك تاڭ قاراڭغۇلۇقى پەيدا بولدى.

لېۋىن سوغۇقتىن تىترەپ، كۆزلىرى ئالدىدا ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. «بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟ بىرى كېلىۋاتىدۇ.» ئۇ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى، قىرىق چامدام نېرىدا ئۈستىگە لىق يۈك ـ تاق بېسىلغان، تۆت ئات قوشۇلغان

بىر پەيتۇن ئوت ـ چۆپ بىسىپ كەتكەن چوڭ يولدا ئۇدۇل قاراپ كېلىۋاتاتتى. پەيتۇنكەش ھەدەپ ئىككى يانغا سۆرەپ كېتىۋاتقان ئىككى يانداق ئاتنى بوجا بىلەن قاتتىق باشقۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆرەپ كېتىشى بىلەن پەيتۇننىڭ يولدىن چىقىپ كەتمەسلىكىنى كونترول قىلىپ كېلىۋاتقاچقا، چاقلار يولنىڭ سىلىق قىسمىدىن تايماي كېتىۋاتاتتى.

لېۋىن ئاتلارغا قاراپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ كىملىكىنى ئويلىماي، كىرا پەيتۇنىغا ئادەتتىكىدەكلا قاراپ قويدى.

پەيتۇننىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر موماي مۈگدەپ ئولتۇراتتى. دېرىزىنىڭ تۆۋىدە ئۇيقۇسىدىن يېڭىلا ئويغانغاندەك كۆرۈنگەن بىر قىز ئاپئاق باشىنكىنىڭ لېنتىسىنى ئويناپ ئولتۇراتتى، چىرايىدىن نۇر تېمىپ تۇراتتى، لېۋىنغا ناتونۇش مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە ئوي ـ خىياللار ئىچىدە ئۇزۇپ يۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قىز لېۋىننى كۆرمەي، شەرق ئاسمىنىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان تاڭ نۇرىدىن كۆزلىرىنى ئالماي ئولتۇرۇپتۇ.

ئۇ مەنزىرە كۆزدىن ئاستا ـ ئاستا يوقاۋاتقان شۇ بىر ئارىلىقتا، قىزنىڭ تەلپۈنۈپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرى لېۋىنغا توغرىلىنىپ قالدى. ئۇ ئۇنى تونۇدى، تونۇپ ۋۇجۇدى ھەيران قالارلىق بىر خۇشاللىققا چۆلغاندى، چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ، تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى.

لېۋىن خاتالاشمىغان، بۇنداق كۆزلەر دۇنيادا بىرلا. دۇنيادا ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بارلىق يورۇقلۇقىنى ۋە ئەھمىيىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلالايدىغان بىرلا ئادەم بار، ئۇ ئادەم پەقەت كىتىلا. ئۇ ئۇنىڭ بايا پويىزدىن چۈشۈپ يېرگۇشوۋوغا قاراپ ماڭغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كېچىچە ئۇخلاتماي ھاياجانغا سېلىپ چىققان ھەممە نەرسە، قارار قىلغان

ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىر يولىلا كاللىسىدىن يوقالدى، دېھقان قىزىغا ئۆيلەنسەممىكىن، دېگەن خىيالىنى ئەسلەپ بىردىن شۈركىنىپ كەتتى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى شۇ دەرىجىدە ئازابلاپ كەلگەن ھايات سىرىنى ئاچالايدىغان ئاچقۇچ پەقەت باشقا يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقان ئاشۇ پەيتۇندا، ئۇ كېتىۋاتقان تەرەپتە ئىدى.

كىتى سىرتقا قايتا قارىمىدى. پەيتۇنىنىڭ پۈرژىنىسىنىڭ غىرسىلدىغان ئاۋازى يوقىلىپ، قوڭغۇراقنىڭ بوش جىرىڭلاشلىرىلا ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى پەيتۇنىنىڭ مەھەللە ئىچىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمدى ئەتراپتا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇۋاتقىنى كەڭرى دالا بىلەن ئالدىدىكى مەھەللە، ئۇ ئۆزى، ھېچقانداق ھاياتلىق يوق چوڭ يولدا تەنھا كېتىۋاتقىنىمۇ ئۆزى ئىدى.

ئۇ بايا كۆرگەن قولۇلىسىمان بۇلۇتلارنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈش مەقسىتىدە ئاسمانغا تىكىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۈگۈن كېچىدىكى بارلىق خىياللىرى، ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى ئاشۇ بۇلۇتلار ئىدى، ئەمدى ئۇ بۇلۇتلارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى، كۆز يەتمەس ئاسمان بوشلۇقىدا سىرلىق ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى. قولۇلىسىمان بۇلۇتلار يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا پەيدا بولغان گىلەمگە ئوخشايدىغان پارچە - پارچە بۇلۇتلار ئاسماننىڭ يېرىمىنى قاپلاپ تۇراتتى. ھاۋا ھاۋا رەڭ تۇستە نۇرلىنىشقا باشلىدى، ئەمما بۇ چاغدىكى ئۆزگىرىۋاتقان ئاسمانمۇ لېۋىنىنىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەن قاراشلىرىغا ئوخشاشلا مۇلايىم، ئوخشاشلا سوغۇق تەرزدە تۇرۇپ جاۋاب بېرىۋاتاتتى.

«ياق، — دېدى لېۋىن ئۆزىگە ئۆزى، — ئاددىي ۋە ئەمگەك قاينىغان بۇ ھايات قانچە گۈزەل بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا قايتىپ بارالمايمەن، مەن كىتىنى سۆيىمەن !»

# 13

كارېنىننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن باشقا ھېچكىم تولىمۇ سوغۇق قان ۋە ئىدراكلىق بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان بىر ئاجىزلىقىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ بالىلار بىلەن ئاياللارنىڭ كۆز يېشىغا جىمجىت قاراپ تۇرالمايتتى، كۆزدىن ئاققان ياشنى كۆرسىلا ئۆزىنى يوقىتىپ، پىكىر قىلىشتىن پۈتۈنلەي قالاتتى. ئۇنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بىلەن كاتىپى بۇنى بىلگەچكە، ئەرز ـ داد ئېيتىپ كەلگەن ئاياللارنى، ئەگەر ئىشىڭىزنى بۇزۇپ قويماي دېسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا ھەرگىز يىغلىماڭ، «ئۇ سىزنىڭ يىغلىغىنىڭىزنى كۆرسە ئاچچىقى كېلىپ گېپىڭىزنى ئاڭلىمايلا قويىدۇ» دەپ تاپىلاپ تۇراتتى. بۇ راست گەپ ئىدى، بۇنداق چاغلاردا كارېنىننىڭ كەيپى ئۇچۇپ تۇيۇقسىز خاپا بولۇپ كېتەتتى ۋە شۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە: «بۇ ئىشقا مېنىڭ ئامالىم يوق، قايتىپ كېتىڭ !» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى.

ئاننا بەيگە مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ۋرونسكىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوچۇق ئېيتىپ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يېپىپ يىغلاپ كەتكەندە، كارېنىن قاتتىق غەزىپى كەلگەن بولسىمۇ، ئاننانىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ھالەتنى سېزىپ ۋە بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا قاتتىق چېچىلىشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى، مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى ھەم ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى، چىرايى ئۆلۈك ئادەمنىڭ چىرايىدەك ھېچقانداق ئىپادىسىز قېتىپلا قالغانىدى. ئاننا ئۇنى ھېچقاچان بۇنداق ئەھۋالدا كۆرۈپ

باقمىغاچقا، ھەيران بولۇپ ئۆنىڭغا قاراپلا قالدى.

ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، كارىنىڭ ئانىسى يۆلەپ پەيتۇندىن چۈشۈرۈپ قويدى، ئۆرلەپ تۇرغان ھېسسىياتىنى زورغا بېسىپ، ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئەدەپ بىلەن خوشلاشتى ۋە ئىشنى كەينىگە تارتىپ تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش چارىسى بويىچە، ئۆزىنىڭ قارارىنى ئەتە ئېيتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. كارىنىڭ گۇمان قىلغان ئەڭ يامان ئويلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغان خوتۇنىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق ئۆرتىۋەتكەنىدى. خوتۇنىنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ ئۆزىدە ئىچ ئاغرىتقاندەك تۇيغۇنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ ئۆرتەشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. لېكىن، پەيتۇندا ئۆزى يالغۇز كېتىۋاتقاندا، كارىنىڭ يۈرىكىنىڭ شۇ ئۆرتىنىشىدىنمۇ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنى شۇنچە قىيىنغان گۇمان ۋە كۈنداشلىقلاردىنمۇ پۈتۈنلەي قۇتۇلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەم ئۆزىگە ھەيران قالدى، ھەم خۇشال بولدى.

ھازىر ئۇ ئۆزىدە ئۇزاق ۋاقىت چىش ئاغرىقىنىڭ ئازابىنى تارتقان ئادەمگە ئوخشاش بىر تۇيغۇ ھېس قىلاتتى. ئاغزى ئىچىدىن باشتىنمۇ يوغان بىر نەرسىنى جاننى قاقشىتىپ تۇرۇپ يۇلدۇرۇۋەتكەن بۇ ئادەم پۈتۈن تۇرمۇشىغا دەخلى يەتكۈزگەن، پۈتۈن دىققىتىنى بۇزۇپ كېلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئەمدى يوقالغانلىقىنى، يەنە ياشاش، چىشىدىن باشقا نەرسىلەر توغرۇلۇقمۇ ئويلاش، كۆڭۈل بۆلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى بىردىن ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ غەلىتە ۋە قورقۇنچلۇق يۈرەك ئاغرىقى ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئەمدى ئۇ ئىلگىرىكىدەك ياشايتتى، خوتۇنىدىن باشقا ئىشلار توغرۇلۇقمۇ ئويلايتتى.

«ئۇ نومۇسنى بىلمەيدىغان، ۋىجدانى يوق، دىنىي ئېتىقادىمۇ يوق، بۇزۇلغان خوتۇن. بۇنى مەن بۇرۇنلا بىلگەن، ھېس قىلغان، پەقەت ئۇنى ئاياپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئالداپلا يۈرگەن» دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى. ئۇ راستىنلا خوتۇنىنىڭ بۇ تەرىپىنى بىلەتتى. ئۇ

ئىككىسىنىڭ بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىنى كۆز ئالدىدىن تەپسىلىي ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئىلگىرى مەسىلە ئەمەس دەپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئەمدى ئويلاپ قارىسا، ھەممىلا ئىشتىن ئۇنىڭ بۇزۇق ئاياللىقى چىقىپ قېلىۋاتاتتى. «ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىنىم خاتا بولغان. لېكىن، بۇنى ئۆزۈمدىن كۆرسەم بولمايدۇ ھەم ئۆزۈمنى ئەيىبلەپمۇ كەتمەيمەن. مەندىن سەۋەنلىك ئۆتمىدى، ئۇنىڭدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇ ئىشى بىلەن كارىم يوق، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇ ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس.»

ئۇ ئەمدى ئاننا بىلەن ئوغلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق كۈنلەرگە قېلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان بولدى، خوتۇنىنىڭ ئىشى بىلەن ئوغلىدىنمۇ كۆڭلى قېلىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغان ئىشى خوتۇنىنىڭ بۇزۇلغانلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ شەنىگە تەگكەن داغنى قانداق قىلىپ ئەڭ ئەپلىك، ئەڭ ئاسان ھەم ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن يۇيۇپ تاشلاپ، ھاياتىنىڭ پائال، ھالال ھەم پايدىلىق يولى بىلەن داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىش ئىدى.

«پەسكەش بىر خوتۇنىنىڭ گۇناھى بىلەن ئۆزۈمنى نابۇت قىلالمايمەن. ئۇ مېنى دۇچار قىلغان ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تېپىشىم كېرەك. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كەتمىسەم زادى بولمايدۇ، — ئۇنىڭ بارغانسېرى قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى، — بۇنداق ئىشقا ئۇچرىغانلارنىڭ بىرىنچىسى مەن ئەمەس، ئاخىرقىسىمۇ مەن ئەمەس، — كارېنىن تارىختا ئۆتكەنلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ھەممە ئادەمنىڭ يادىدىن چىقمىغان مېنېلائوسنىڭ «گۈزەل ھېلېن»① ىدىن باشلاپ

---

① «گۈزەل ھېلېن» گېرمانىيە كومپوزىتورى ئوففېنباخنىڭ (1819 — 1880) مەشھۇر ئوپېراسى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا موسكۋا، پېتېربۇرگلاردا كەڭ ئوينالغان. ھېلېن يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى گۈزەل ئايال، سپارتا پادىشاھى مېنېلائوسنىڭ خوتۇنى، مېنېلائوس سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، تروينىڭ شاھزادىسى پارىس بىلەن قېچىپ كەتكەن.

ھازىرقى يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە قىلىۋاتقان ۋاپاسىزلىقلىرىنىڭ بىرنەچچە مىسالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، — دارىيالوف، كولتاۋسكىي، كىنەز كاربانوف، گراف پاسكودىن، درام ... ھە، درامىمۇ بار ... ئۆزى شۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەم ... سېمېنوف، چاگىن، سىگونىن، — كارېنىن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېسىگە ئالدى، — ئۇلارنى كىشىلەر شۇنچىلىك يامان كۆرۈپ *مەسخىرە ئاستىغا ئالدى*، ئەمما مەن ئەزەلدىن ئۇنداق قىلمىدىم، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىندىم، — دېدى كارېنىن ئەزەلدىن ئۇلارغا ئېچىنىپ باقمىغان، خوتۇنلىرى ۋاپاسىزلىق قىلغان ئەرلەر كۆپەيگەنسېرى شۇنچە گىدىيىپ يۈرگەن بولسىمۇ، — بۇ ھەركىمنىڭ بېشىغا چۈشۈشى مۇمكىن بولغان بەختسىزلىك، مانا، مېنىڭ بېشىمغىمۇ چۈشتىغۇ. گەپ، يۈز كەتمىگەن ئەھۋالدا قانداق قىلىپ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشتە.» شۇ خىياللاردىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنىڭ قانداق چارىلەرنى كۆرگەنلىكىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەشكە باشلىدى.

دارىيالوف دۇئېلغا چىققان ...

كارېنىن ياش ۋاقىتلىرىدا دۇئېلغا بەك كۆڭۈل بۆلەتتى، چۈنكى ئۇ تۇغما قورقۇنچاق ئادەم بولۇپ، قورقۇنچاقلىقىنى ئۆزىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىگە تاپانچىنىڭ تەڭلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىسا قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتەتتى، ئۆمرىدە ھەرقانداق قورالنى تۇتۇپمۇ باقمىغانىدى. شۇ خىل ۋەھىمە ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپلا دۇئېل توغرۇلۇق ئويلاشقا، خەۋپ ـ خەتەرگە ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدىغان شۇ كۆرۈنۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىپ كەلگەنىدى. كېيىن ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، جەمئىيەتتە مۇئەييەن بىر ئورۇنغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ئۇ خىل ھالەت يوقاپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئادەت كۈچى تولىمۇ جاھىل ئىكەن، شۇ قورقۇنچاقلىقىم يەنە باش كۆتۈرۈپ قالمىسىدى، دەپ ئەنسىرەپ

يۈرگەن كۈنلىرىدە دۈئېل يەنە ئېسىگە كېلىپ قېلىپ، گەرچە ھازىر ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئادەم بىلەن دۈئېلغا چىقمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە شۇ توغرۇلۇق چوڭقۇر خىيالغا پاتتى.

«بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز شۇنچىلىك ياۋايىكى (ئەنگلىيىگە سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ)، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز (كارېنىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىگە بەكمۇ جىددىي قارايتتى) دۈئېلغا ياخشىلىقتا تارتىپ تۇرۇپ باھا بېرىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ مەسىلەن، مەن دۈئېلغا چىققانمۇ بولاي، — كارېنىن دۈئېلغا چىقىش بېكىتىلگەندىن كېيىنكى كېچىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە تەڭلىنىپ تۇرغان تاپانچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىردىنلا شۈركىنىپ كېتىپ، بۇنداق ئىشنى ئۆزىنىڭ قىلمايدىغانلىقىنى ئويلىدى، — ناۋادا مەن دۈئېلغا چىقىپ قالسام، ئۇلار ماڭا قانداق قارىغا ئېلىشنى، قانداق تۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن تەپكىنى باسىمەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى، — نەتىجىدە ئۇ ئۆلىدۇ، — كارېنىن بۇ بولمىغۇر خىيالنى ئۆزىدىن نېرى قىلماقچى بولغاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى، — بۇزۇق خوتۇنۇم بىلەن بالامغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ نېمە مەنىسى بار؟ شۇنىڭدىن كېيىن يەنە خوتۇنۇمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلىشىم كېرەك. لېكىن، ئۆزۈم ئۆلسەم ياكى يارىدار بولسامچۇ؟ مەن بىر گۇناھسىز ئادەم تۇرسام، ئۇ چاغدا ئۇلار ئۈچۈن قۇربانلىق بولمامدىمەن؟ بۇنداق بولىدىغان بولسا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە بىمەنىلىك بولامدۇ؟ شۇنىڭدىن قارىغاندا، مەن ئۇنى دۈئېلغا چاقىرسام مۇۋاپىق بولمايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن دوستلىرىمنىڭ مېنىڭ دۈئېلغا چىقىشىمغا مۇتلەق قوشۇلمايدىغانلىقىنى، رۇسىيە ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان بىر

ئادەمنىڭ ھاياتىنى خەۋپتە قالدۇرمايدىغانلىقىنى بىلمەمدىمەن؟ بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەسمۇ؟ بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، بۇ ئىشى ئۆزىگە ھېچقانداق خەتەر ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇنداق يول بىلەن ئۆزىنىڭ شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقچى، دېگەن ئاتاقتا قالىمەن. بۇ دۇرۇس ئىش ئەمەس، ساختا، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان ئىش. دۇئېلنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، ھېچكىم مېنىڭ دۇئېلغا چىقىشىمنى ياقلىمايدۇ. مېنىڭ مەقسىتىم نام ـ شۆھرىتىمنى، خىزمىتىمنى داۋاملىق ئوڭۇشلۇق ئىشلەپ كېتىشىم ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نام ـ شۆھرىتىمنى ساقلاپ قېلىش.» كارېنىن بۇرۇنمۇ خىزمەتنى ھەممىدىن مۇھىم بىلەتتى، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق بىلىدىغان بولدى.

نۇرغۇن ئويلىنىشلاردىن كېيىن، كارېنىن دۇئېلغا چىقىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئېسىگە كەلگەن خوتۇنى تەرەپتىن ئالدانغان بەزى ئەرلەرنىڭ تۇتقان يولىنى توغرا كۆرۈپ، ئاننا بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشنى ئويلىدى. ئۇ ئاجراشقانلاردىن ئۆزىگە مەلۇم بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ، تەھلىل قىلىپ چىقىپ (ئۆزىگە تونۇش بولغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىچىدە ئاجرىشىشلار كۆپ ئىدى)، ئۆزى ئويلىغاندەك ئاجراشقانلاردىن بىرىنىمۇ تاپالمىدى. بۇ ئاجرىشىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەر ۋاپاسىز خوتۇنىنى يا بىرىگە بېرىۋەتكەن، يا بىرىگە سېتىۋەتكەن. قارشى تەرەپ گۇناھلىق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قايتا توي قىلالماي، يېڭى ئېرى بىلەن يۈزىنى قېلىن قىلىپ قانۇنسىز ياشىغان. كارېنىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، گۇناھكار خوتۇنىنى تالاق قىلىۋېتەلەيدىغان قانۇنلۇق ئاجرىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇرەككەپ تۇرمۇش مۇھىتىنىڭمۇ قانۇن تەلەپ قىلىدىغان خوتۇنىنىڭ رەسۋاچىلىقلىرىغا ئىسپات بېرەلمەيدىغانلىقىنى،

شۇنداق ئىسپات بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ياشاۋاتقان تۇرمۇش مۇھىتى ئۇ ئىسپاتنى ئېلىپ چىقىشقا يول قويمايدىغانلىقىنى، ئېلىپ چىقىدىغانلا بولسا جەمئىيەتتە خوتۇنغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى.

ئاجرىشىش سوتتا شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا رەسۋالىشىشقا بېرىپ، دۈشمەنلەرنىڭ تۆھمەتلىرىگە، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى چۆكۈرۈشلىرىگە باھانە بولۇپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىشنى تىنچ يول بىلەن تىنچ بىر تەرەپ قىلىش ئىدى، ئەمما بۇ ئارزۇغا ئاجرىشىش يولى بىلەن يەتكىلى بولمايتتى. ئەگەر ئاجرىشىپ كەتسە ياكى ئاجرىشىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا خوتۇنى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ئاشنىسى بىلەن بىرلىشىپ كېتەتتى. شۇڭا، كارېنىن ھازىر خوتۇنغا نەپرەت بىلەن بىپەرۋا قاراپ يۈرۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، خوتۇنغا قارىتا بىر خىل ھېسسىياتتا ئىدى، يەنى ئۇنىڭ ۋرونسكىي بىلەن توسالغۇسىز قوشۇلۇپ كېتىشىنى، قىلغان گۇناھىنىڭ ئۇنىڭغا پايدىلىق بولۇپ چىقىشىنى خالىماسلىق ھېسسىياتىدا ئىدى. بۇ خىيال كارېنىننىڭ شۇنچىلىك ئوغىسىنى قايناتتىكى، شۇ ئەھۋالنى خىيالىغا كەلتۈرۈۋېتىپ، يۈرىكى قاتتىق مۇجۇلغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، قايتا ئولتۇرغاندا ئورنىنى يۆتكەپ، ئاندىن تەرىنى تېخىمۇ تۇرۇپ، سوغۇقتىن ياغاچتەك قېتىپ كەتكەن ئورۇق پۇتلىرىنى ئەدىيال بىلەن تېخىمۇ مەھكەم ئورىدى.

«ئاجرىشمەن دېمەي، كارىبانوف، پاسكودىن ۋە مۇلايىم درامغا ئوخشاش ئايرىم تۇرسامىمۇ بولمامدۇ، — ئۇ تىنچلىنىپ يەنە خىيالغا پاتتى، لېكىن بۇ چارىمۇ ئۇنى رەسۋالىشىشقا ئېلىپ باراتتى. تېخىمۇ يامان يېرى، بۇ ئۇسۇلمۇ رەسمىي ئاجراشقانغا ئوخشاش خوتۇنىنى ۋرونسكىينىڭ قوينىغا تاشلاپ بېرەتتى، — ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! بولمايدۇ! — ئۇ ئەدىيالنى پۇتىغا تېخىمۇ مەھكەم ئوراۋېتىپ ئۈنلۈك توۋلاپ كەتتى، — مەن

بەختسىز بولمايمەن، ئۇ ئىككىسىنىمۇ بەختلىك قىلمايمەن.»

ئۇنى بۇ ئىشلارنى بىلمىگەن چاغلاردا قىيناپ كەلگەن رەشك ئوتى خوتۇنى راست گېپىنى ئېيتقاندىن كېيىن، خۇددى ئاغرىق چىشىنى تارتىۋېتىپ ئاغرىق پەسلەپ قالغاندەك، ۋۇجۇدىدىن كۆتىرۈلۈپ كەتتى. ئەمما، بۇ تۇيغۇنىڭ ئورنىنى باشقا بىر تۇيغۇ — ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەيلا قالماي، يەنە تېخى جازالاش كېرەك، دېگەن تۇيغۇ ئىگىلىدى. گەرچە ئۇ بۇ خىيالنىڭ كاللىسىغا كەلگەنلىكىنى ئىقرار قىلمىسىمۇ، لېكىن ئىچىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۆزىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغانلىقى، ئابرۇيىنى بۇلغىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېتىپ قويۇشنى ئويلىمايمۇ قويمايتتى. كارېنىن دۇئېل، ئاجرىشىش، ئايرىم تۇرۇش دېگەندەك چارىلەرنى قايتا تەھلىل قىلىشقا باشلاپ، يەنە ئۇلارنى بىر — بىرلەپ رەت قىلدى. ئۇ ھازىر بىرلا چارىگە ئىشىنىپ قالغانىدى، ئۇ بولسىمۇ يۈز بەرگەن ئىشلارنى يوشۇرۇش، ھەر خىل چارىلەرنى قوللىنىپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئىدى. لېكىن، يەنىلا ئۇنى جازالاپ، مۇشۇ چارە بىلەن يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇش كېرەك. «مەن ئۇنىڭغا، سېنىڭ كاساپىتىڭ بىلەن ئائىلىمىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ كۆلپەتنى تەپسىلىي ئويلاپ چىقتىم، ھەرقانداق چارە ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن ئائىلىنىڭ *ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشتىن*① زىيانلىق ئىكەن. مەن ئائىلىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا رازىمەن، ئەمما شەرت، مېنىڭ قارارىمغا قاتتىق ئەمەل قىلىشىڭ، يەنى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىڭنى توختىتىشىڭ كېرەك، دېگەن قارارىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك.» شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن كارېنىننىڭ خىيالىغا شۇ قارارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر خىيال كەلدى. «پەقەت مۇشۇ قارار بويىچە ئىش قىلىنسا دىنغا مۇۋاپىق ئىش قىلغان بولىمەن، — دېدى ئىچىدە ئۇ

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى لاتىنچە.

ئۆزىگە، — مۇشۇ قارار قوبۇل قىلىنسىلا جىنايەت ئۆتكۈزگەن خوتۇنۇمنى تاشلىۋەتكەن بولمايمەن، يەنە تېخى ئۇنىڭغا ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن بولىمەن، ھەتتا — بۇ ئىش ماڭا قانچىلىك ئېغىر كەلسىمۇ — بىر قىسىم كۈچۈمنى سەرپ قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تۈزىتىۋالغان، ساقلاپ قالغان بولىمەن.» گەرچە ئۇ خوتۇنىغا ئەخلاقىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى، تۈزىتىۋالىمەن دېگەن شۇ ئورۇنۇشىدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۆزى شۇ ئېغىر مىنۇتلارنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان چاغلاردا دىندىن ئۆزىگە تايانچ تېپىشنى بىرەر قېتىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ قارارى دىنىنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىپ قېلىپ، دىن تەرىپىدىن ماقۇللىنىشى ئۇنى بولەكچىلا خۇش قىلىۋەتتى، كۆڭلىمۇ قىسمەن تىنچلىنىپ قالدى. ھاياتىدىكى مۇشۇنداق بىر ھالقىلىق مۇھىم بىر پەيتتە ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۇنى قىلىۋاتقان ئىشى دىنىي قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ — دىنغا سوغۇق، پەرۋاسىز قاراپ كېلىۋاتقان ئادەم مۇشۇنداق چاغلاردا دىنىنىڭ بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ چىقاتتى — دەپ ئەيىبلىيەلمەيدىغانلىقىدىن ئۇ تېخىمۇ خۇشال ئىدى. كارېنىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئۈستىدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئويلىنىپ، خوتۇنى بىلەن بولغان بۇرۇنقى تۇرمۇشىنى نېمىشقا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىغا زادىلا ئەقلىنى يەتكۈزەلمىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ خوتۇنىغا بولغان بۇرۇنقى ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا يەنە ھېچقانداق سەۋەبمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، كۆرسىتىپ بېرىشىمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس. خوتۇنى ۋاپاسىز، يامان خوتۇن، لېكىن ئۇنى دەپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى مالىمانلاشتۇرۇۋېتىشكە، ئازاب تارتىپ يۈرۈۋېرىشكە بولمايدۇ. «ھە، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىمىز

كونا ئىزىغا چۈشۈپمۇ قالىدۇ، — ئويلىدى كارېنىن ئىچىدە، — ئىزىغا چۈشكەندىمۇ، مەن تۇرمۇشۇمدا بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى قايتا ھېس قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىزىغا چۈشىدۇ. ئۇنىڭغا خوپ بولدى، مەندىن سەۋەنلىك ئۆتمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئازاب چېكىشىمگە بولمايدۇ.

# 14

پەيتۇن پېتېربۇرگقا ئاز قالغاندا، كارېنىن ئۇ قارارىنى مۇقىملاشتۇرۇپلا قالماي، ئاننىغا يازىدىغان خېتىنىمۇ كاللىسىدا پىشۇرۇپ بولغانىدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان مىنىستىرلىقتىن كەلگەن خەت - چەكلەرگە، ھۆججەتلەرگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرۈتۈۋېتىپ، ئادەملىرىگە ئۇلارنى كۇتۇپخانىسىغا ئەكىرىپ بېرىشنى تاپشۇردى.

— ئاتنى پەيتۇندىن چىقىرىۋەتسۇن، ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايمەن، — دېدى ئۇ كاتىپىنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋابەن. ئۇ «ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايمەن» دېگەن گەپنى ئالاھىدە تەكىتلەپ قويدى، لېكىن تەلەپپۇزىدىن كەيپىياتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

كارېنىن كۇتۇپخانىسىدا ئۇ تامدىن بۇ تامغا ئىككى قېتىم مېڭىۋېتىپ، ئاندىن خىزمەتكارى ئالتە دانە شام يېقىپ قويغان ئۈستەل يېنىغا كېلىپ توختىدى، قوللىرىدىن قاس چىقىرىۋېلىپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەز - قەلەملەرنى رەتلەپ قويدى. جەينەكلىرىنى ئۈستەلگە قويۇپ، بېشىنى سەل سىڭارىيان قىلىپ ئازراق ئويغا پاتتى، ئاندىن قولىغا قەلەمنى ئېلىپ توختىماي يېزىپ كەتتى. ئۇ ئاننىغا ھېچنېمە دەپ ئاتىماي فرانسۇزچە يېزىۋاتاتتى، چۈنكى

فرانسۇز تىلىدىكى «سىز» ئالمىشى كىشىگە رۇس تىلىدىكىدەك ھۆرمەت ھەم سەل ئارىلىق باردەك تەسىر بەرمەيتتى.

*بىز ئاخىرقى قېتىم پاراڭلاشقان ۋاقتىمىزدا، سىزگە شۇ چاغدا دېيىشكەن مەسىلىلەر توغرۇلۇق قانداق قارارغا كەلگەنلىكىمنى خەت ئارقىلىق ئېيتىمەن، دېگەنىدىم. پۈتۈن ئەھۋاللارنى ئىنچىكە ئويلانغاندىن كېيىن شۇ ۋەدىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مەقسىتىدە سىزگە بۇ خەتنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. مېنىڭ كەلگەن قارارىم مۇنداق: سىزنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلمىقلىرىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن قوشۇلغان ئۆمۈر ئالاقىمىزنى بۇزۇشقا ھەققىم يوق، دەپ ھېسابلايمەن. ئائىلە ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى، جاھىللىقى ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتسە بولمايدۇ، تۇرمۇشىمىز ئىلگىرىكىدەك داۋاملىشىشى كېرەك، بۇ ماڭىمۇ، سىزگىمۇ، ئوغلىمىزغىمۇ زۆرۈر. مەن سىزنى مېنى مۇشۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان ئىش ئۈچۈن پۇشايمان قىلدى ھەم پۇشايمان قىلىۋاتىدۇ، ھەم ئارىمىزدىكى جاڭجالنىڭ سەۋەبىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىز ئۈچۈن ماڭا ياردەم بېرىدۇ، دەپ قاتتىق ئىشىنىمەن. ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئۆزىڭىز ھەم ئوغلىڭىزنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىڭىزلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ. بۇ ئىشلار توغرۇلۇق يۈزتۈرا سۆزلەشسەك دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ياز ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتىدۇ، مۇمكىن بولسا پېتېربۇرگقا تېزرەك قايتىپ كېلەرسىز، ئىككى ھەپتىدىن قالماڭ. سىزنىڭ قايتىپ كېلىشىڭىز ئۈچۈن ھەممە تەييارلىقلارنى قىلىپ قويىدۇم. مەن تاپشۇرغان ئىشلارنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ بېجىرىشىڭىزنى سورايمەن.*

*ئا. كارېنىن*

*ئەسكەرتىش: خىراجىتىڭىزگە كېرەكلىك پۇل كونۋېرتنىڭ ئىچىدە.*

ئۇ خەتنى ئۈستىدىن بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىپ، يازغانلىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇ خەتنىڭ ئىچىگە پۇل سېلىپ



قويغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى. خەتتە قاتتىق سۆزلەر، تەنە، ئەيىبلەش سۆزلىرى يوق ئىدى، ئاددىيمۇ يېزىلىپ قالمىغانىدى. مۇھىمى، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئالتۇن كۆۋرۈك سېلىپ بەرگەنىدى. ئۇ خەتنى قاتلاپ، دەستىسى پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان قەغەز كېسىدىغان پىچىقى بىلەن ئۈستىدىن بېسىپ تۈزلەپ، پۇل بىلەن بىللە كونۋېرتقا سالدى، ئاندىن نەپىس قەغەز ـ قەلەملەرنى ئىشلەتكەندە خۇشال بولىدىغان ئادىتى بويىچە قوڭغۇراقنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك جىرىڭلاتتى.

— بۇ خەتنى خەت توشۇغۇچىغا بەر، ئەتە داچىغا ئاپىرىپ ئاننا ئاركادىيېۋناغا يەتكۈزۈپ بەرسۇن! — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئوبدان، تەقسىر. چېيىڭىزنى كۇتۇپخانىڭىزغا ئەكىرىپ بېرەيمۇ؟

كارېنىن چاينى كۇتۇپخانىسىغا كىرگۈزۈپ بېرىشنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، بىر قولىدا بايىقى ئېغىر پىچاقنى ئويناپ ماڭغاچ كرېسلونىڭ يېنىغا كەلدى. كرېسلونىڭ يېنىغا لامپا قويۇپ قويۇلغانىدى، مىسىرنىڭ قەدىمىي يېزىقى توغرىسىدا يېزىلغان فرانسۇزچە كىتابمۇ شۇ يەردە ئىدى. كرېسلونىڭ كەينىدىكى تامدا مەشھۇر رەسسام سىزغان ئاننانىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن چىرايلىق رامكا ئىچىدىكى رەسىمى ئېسىقلىق تۇراتتى. كارېنىن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، ئاننانىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق كۆزلىرى خۇددى ئۇلار ئاخىرقى قېتىم پاراڭلاشقان چاغدىكىگە ئوخشاش مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تەكەببۇرانە قاراپ تۇراتتى. رەسىم تولىمۇ چىرايلىق سىزىلغانىدى. رەسسام كېلىشتۈرۈپ سىزغان بېشى ئۈستىدىكى لېنتىسى، قاپقارا چاچلىرى، چىرايلىق ئاپئاق قوللىرى، نامىسىز بارمىقىدىكى ئۈزۈكى، مەغرۇر قاراپ تۇرۇشلىرى كارېنىنغا ياقمىدى بولغاي، بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بەدىنىگە تىترەك ئولاشقاندەك بولۇپ دەررۇ كرېسلوغا ئولتۇرۇۋېلىپ

كىتابنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئۇ كىتاب ئوقۇماقچى ئىدى، لېكىن ھەرقانداق قىلىپمۇ مىسىرنىڭ قەدىمىي يېزىقىغا بولغان ئەسلىدىكى كۈچلۈك قىزىقىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى، كۆزلىرى كىتابتا، كۆڭلى باشقا ئىشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى خوتۇنى ئەمەس، يېقىندا يۈز بەرگەن، ئۇ ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇرەككەپ بىر دېلو ئىدى، ئۆزىنى بۇ دېلونى ھەرقانداق چاغدىكىدىن چوڭقۇر چۈشەندىم دەپ ئويلايتتى ھەم قىلچە كۆپتۈرمەي، كۆڭلىدە ئۇ ئىشنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىدىغان ياخشى بىر چارىنى ئويلاپ قويغانلىقىنى ئېيتاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىشنى، شۇ غەلىبىسى بىلەن دۆلەتكە زور بىر تۆھپە قوشۇشنى ئويلايتتى. خىزمەتكار چاينى ئەكىرىپ ئۈستىلگە قويۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كارېنىن ئورنىدىن تۇرۇپ يېزىق ئۈستىلىگە بېرىپ ئولتۇردى، ھۆججەت سومكىسىنى ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، بىلىنەر - بىلىنمەس مەغرۇر كۈلۈپ قويدى، ئاندىن قولىغا قېرىنداش ئېلىپ، ئاشۇ مۇرەككەپ دېلو توغرىسىدا يېزىلغان دوكلاتنى پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقتى. كارېنىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ھەم بالداقمۇ بالداق كۆتۈرۈلۈۋاتقان بيۇروكرات بولغاچقا، ئىنتايىن شۆھرەتپەرەس ئىدى، ئۆزىنى تۈتۈشنى بىلەتتى، ئادىل ئىش قىلىشقا تىرىشاتتى ھەم ئىرادىلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، رەسمىيەتچىلىكنى، قەغەز ئۈستىدە ئىش كۆرۈشنى يامان كۆرەتتى. ئەھۋاللار ئەينەن ئىگىلەنگەن ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا بىۋاسىتە ئېرىشىشنى، ئامال بار خىراجەتنى تېجەشنى قاتتىق تەكىتلەيتتى. دەل شۇ كۈنلەردە مەشھۇر «2 - ئىيۇن كومىتېتى» زارايسك ئۆلكىسىدىكى ئېتىزلىقلارنى سۇغىرىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۆلكە كارېنىننىڭ مىنىستىرلىقىغا قارايتتى، ئۇ يەرلەرنىڭ سۇغىرىش خىزمەتلىرى ئىسراپچىلىق ۋە

قەغەزبازلىقنىڭ گەۋدىلىك مىساللىرىدىن بىرى ئىدى، كارېنىن ئۇ ئەھۋاللارنىڭ راستلىقىنى بىلەتتى. زارايىسكتىكى دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىش خىزمىتى كارېنىنىنىڭ ئالدىدىكى مىنىستىرنىڭمۇ ئالدىدىكى مىنىستىر تەسىس قىلغان ئىش ئىدى. بۇ ئىشقا نۇرغۇن خىراجەت كەتكەن ھەم ھازىرمۇ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ھېچقانداق ئۇنۇمى يوق ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولۇشى ناتايىن ئىدى. كارېنىن مەنسەپكە ئولتۇرۇپلا بۇ مەسىلىنى سەزگەن ھەم ئۇنى ھەل قىلىشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، مەنسەپكە تېخى يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن بولغاچقا، ئورنۇم تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىش نۇرغۇن ئادەمنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىكەن، دەپ ئويلاپ، ھازىرچە تۇرۇپ تۇراي، دەپ يالتىيىپ قالغانىدى. كېيىن باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا نۇرغۇن ئىشلارغا ئوخشاش بۇ ئىشنىڭمۇ سورىقى بولمىدى (نۇرغۇن ئائىلە، بولۇپمۇ ياخشى تەربىيە كۆرگەن، مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئائىلە مۇشۇ ئىشقا تايىنىپ ياشايتتى. بۇ ئائىلىنىڭ ھەممە قىزلىرى سىملىق چالغۇلارنى چالالايتتى. كارېنىن بۇ ئائىلىنى بىلەتتى ۋە چوڭ قىزىنىڭ تويىدا ۋەكىل ئاتا بولۇپ بەرگەنىدى). كېيىن بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان بىر مىنىستىرلىق كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلدى. كارېنىن بۇ مەسىلىدە بىرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىنمىدى، دەپ ئويلىدى، چۈنكى ھەممە مىنىستىرلىقلاردا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، ھۆكۈمەتچىلىك ئادىتى بويىچە پەقەت ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانلا يېرى بار ئىدى. باشقىلار ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلغانىكەن، ئۇنىڭغا جىددىي قارىماي بولمايتتى، شۇڭا كارېنىن زارايىسكنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە مەخسۇس بىر كومىتېت تەشكىللەشنى ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلدى. كارېنىن ئۆزلىرى

ئۇستىدىن ئەرز قىلغان ئۇ ئەپەندىلەرگە ھەرگىز بوش كەلمەيتتى، شۇڭا ئۇمۇ رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى. رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى «2 ـ ئىيۇن كومىتېتى» تاسادىپىي ئوتتۇرىغا قويۇپ قالغان چاغدا كارېنىن ئاكتىپ قوللىغانىدى، چۈنكى ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى داۋاملىشىپ كېتىۋەرسە بولمايتتى. كومىتېت يىغىنىدا بىرنەچچە مىنىستىرلىق بۇ مەسىلە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلغان، كارېنىن بىلەن قارشىلىشىپ قالغان ئۇ مىنىستىرلىق ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئۇ مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىگە زىيانلىق، ئەگەر يامان ئىشلار بار دېيىلسە، ئۇ ئىشلار كارېنىننىڭ مىنىستىرلىقىنىڭ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش قىلمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمدى كارېنىن شۇ گەپلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئويلاشتى: بىرىنچى، رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى شۇ جايدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېڭىدىن بىر كومىتېت تەشكىللەش؛ ئىككىنچى، ئەگەر ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى راستتىنلا كومىتېت ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردا دېيىلگەندەك بولسا، باشقا بىر كومىتېت قۇرۇلۇپ، (ئا) سىياسىي جەھەتتە، (ب) مەمۇرىي جەھەتتە، (س) ئىقتىسادىي جەھەتتە، (د) ئىرقىي جەھەتتە، (س) ماددىي بۇيۇملار جەھەتتە، (ش) دىنىي جەھەتلەردە ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋاللىرىغا سەۋەب بولغان ئىشلارنى تەتقىق قىلىش؛ ئۈچىنچى، ئۆزلىرى بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇ مىنىستىرلىقنىڭ ئۇ مىللەتلەرنىڭ ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقىنى سوراپ بىلىش؛ تۆتىنچى، يەنى ئاخىرقى تەلەپ،

مەزكۇر مىنىستىرلىق كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان 1863 ـ يىلى 5 ـ دېكابىر، 1864 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇندىكى 17015 ـ، 18308 ـ نومۇرلۇق مەلۇماتلارغا خىلاپلىق ئىش قىلغان ... ئاساسىي ۋە تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 18 ـ، 36 ـ ماددىسىنىڭ ئەسكەرتمىسى بويىچە ئىش كۆرمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلسۇن. كارېنىن شۇ پىكىرلىرىنىڭ تېزىسىنى تۈزۈپ بولۇپ، مەغرۇر ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى. خىزمەتكار كىرگەندە ئۇنىڭ قولىغا بىر باغاقچىنى تۇتقۇزۇپ، ئىشخانا مۇدىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى دېدى. ئۇ ئۇنىڭغا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تاپقۇزماقچى ئىدى. ئۇ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىچىدە ئازراق مېڭىپ، بىردىنلا يەنە ھېلىقى رەسىمگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇ ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەندەك، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئاندىن قەدىمىي مىسىر يېزىقى توغرۇلۇق يېزىلغان كىتابنى ۋاراقلاپ، ئۆزىدە بۇ كىتابقا يەنە قىزىقىش قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، سائەت ئون بىرگىچە ئۇ كىتابنى كۆردى، سائەت ئون بىردە كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى. ئورنىدا ياتقاندا خىيالى يەنە خوتۇنى بىلەن بولغان جېدەلگە كېتىپ، ئۇ ئىش ئەسلىدە ئويلىغاندەك ئۇنچىلىكمۇ يامان ئىش ئەمەس ئوخشايدۇغۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

# *15*

ۋرونسكىي ئانناغا بۇنداق يۈرۈۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ سىرىنى ئېرىگە ئېيتىش كېرەكلىكىنى قانچە قېتىملاپ ئېيتقان بولسىمۇ، ئاننا ئۇنىڭ گېپىگە جاھىللىق بىلەن قارشى چىققاندى، ئەمما كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىنىڭ ساختا ھەم

نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى، ھازىرقى ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلاتتى. ئاخىر ئۇ ئېرى بىلەن بەيگە مەيدانىدىن بىللە قايتىپ كېلىۋېتىپ، بايىقى ھاياجىنىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ سىرىنى ئېرىگە ئاشكارىلىۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇ بىئارام بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچىدە يەنىلا خۇشال بولدى. ئېرى ئۇنى تاشلاپ پېتېربۇرگقا كەتكەندىن كېيىن، ئاننا بۇ ئىشنىڭ ئاخىر ئاشكارىلانغانلىقىدىن، ساختىلىق ۋە ئالداشلارنىڭ ئەمدى مەۋجۇت ئەمەسلىكىدىن قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇنىڭ ئورنى مەڭگۈگە ئايدىڭلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى يېڭى ئورنى بەلكىم تولىمۇ ياماندۇ، ئەمما ئۇ ئاشكارىلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، يالغان گەپلەر، ئالداشلار ئەمدى مەۋجۇت بولمايتتى. ئۇ ئىشنى ئېرىگە ئېيتىپ ئۆزىگىمۇ، ئېرىگىمۇ ئازاب ئېلىپ كەلگەن بىلەن، ئەھۋالنىڭ ئايدىڭلىشىپ كېتىشى ئازاب پەيدا قىلغان ئۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كېتەلەيتتى. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇ ۋرونسكىي بىلەن كۆرۈشكەندە ئېرى بىلەن بولغان گەپلەرنى، گەرچە ئۆزىنىڭ ئورنى مۇقىملاشقان، ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىش زۆرۈرلۈكى بولغان بولسىمۇ زادىلا ئېيتمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغانغاندا، بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگىنى ئېرىگە ئېيتقان ئاشۇ سۆزلىرى بولدى. ئۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ، ئۇ گەپلەرنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىققانلىقىنى، نېمىشقا شۇنداق قوپال، غەلىتە گەپلەرنى قىلغانلىقىنى چۈشىنەلمەي كارىۋىتىدا بىردەم يېتىپ كەتتى، ئۇ گەپلەرنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. لېكىن، دەيدىغان گەپ دېيىلىپ بولغان، كارىنىنمۇ ھېچنېمە دېمەي كېتىپ قالغانىدى. «مەن ۋرونسكىي بىلەن كۆرۈشكەندىمۇ بۇ ئىشنى دېمىدىم. ئۇ چىقىپ كېتىۋاتقاندا چاقىرىۋېلىپ دەيمۇ دېدىم، لېكىن يەنە ئۇ

نىيىتىمدىن يېنىپ، ئۇ كەلگەندە دېمەي، ئەمدى دېسەم قانداق بولار، دەپ ئوڭايسىزلانغانىدىم. نېمىشقا ئۇنىڭغا دەيمەن دەپ تۇرۇپ دېيەلمىدىم ـ ھە؟» بۇ سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب نومۇس ئوتىنىڭ ئۇنىڭ يۈزىگە تەپكەن قىزىللىقى بولدى. ئۇ ئۆزىنى توسۇپ تۇرغان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى، ئۆزىنىڭ نومۇس قىلغانلىقىنى چۈشىنەتتى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ ئىشى ئېنىق بولۇپ بولغاندەك تۇيۇلۇۋىدى، بۈگۈن تۇيۇقسىز ئۇ ئېنىقلىق يوقاپ، ئامالسىز قېلىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى ۋە بىردىنلا پەيدا بولغان نومۇسلىنىشتىن ئۆزىنى ۋەھىمە ئىچىدە قالغاندەك سەزدى. ئۇ ئېرىنىڭ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىنى ئويلىسىلا كاللىسىغا قورقۇنچلۇق خىياللار كىرىۋېلىپ، خۇددى غوجىدار ئۇنى ھازىرلا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغاندەك، جاھاندىكى ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ رەسۋاچىلىقىنى بىلىپ كەتكەندەك ئويلاپ كېتەتتى. تۇرۇپلا ئۆزىدىن ئۆزى، ناۋادا قوغلاپ چىقىرىلسام نەگە بېرىشىم كېرەك، دەپ سوراپ قوياتتى، ئەمما جاۋاب تاپالمايتتى.

ۋرونسكىينى خىيالىغا كەلتۈرگەندە، ئۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيۋاتقاندەك، ماڭا يۈك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا، ئەمدى مېنى ئەمرىڭگە ئال، دېيەلمەيدىغاندەك بىلىنىپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا قارىتا دۈشمەنلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ يەنە ئۆزى ئېرىگە دېگەن، كاللىسىدا ئويلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بارلىق ئادەملەرگە دېگەندەك، ھەممە ئادەم ئاڭلاپ كەتكەندەكمۇ سېزىۋاتاتتى. ئۇ يەنە ئۆيدىكىلەرنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى، خىزمەتكارنى چاقىرىشقا، ھەتتا پەسكە چۈشۈپ ئوغلى ۋە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

خىزمەتكارى ئىشىكنىڭ ئالدىدا خېلىدىن بېرى تىڭشاپ تۇرۇپ ئاخىر ئۆيگە كىردى. ئاننا ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، قورقۇپ كېتىۋاتقاندەك قىزىرىپ كەتتى.

خىزمەتكار قۇلىقىمغا قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ كىرىپتىمەن، دەپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۇ كۆڭلەك بىلەن خەت ئېلىپ كىرگەنىدى. خەتنى بېتسى ئەۋەتىپتۇ. بېتسى خېتىدە، بۈگۈن ئەتىگەن لىزا مېركالوۋا ۋە بارون شتولس خانىم ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ مۇخلىسلىرى كالۇژسكىي ۋە قېرى ستريموف بىلەن بىللە ئۇنىڭكىگە كېلىپ كروكېت (توقماق توپ) ئوينىماقچى بولغانلىقىنى ئانىنىڭ ئېسىگە سېلىپ، ئاخىرىنى: «كەلمەي قويماڭ، ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقلىرىنى بىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ كېلىپ كېتىڭ. سىزنى كۈتىمەن» دەپ تۈگەتكەنىدى.

ئاننا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— ھېچ ئىش يوق، ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، — دېدى ئۇ پەرداز ئۈستىلىدىكى ئەتىر شېشىلىرى بىلەن تارغاقلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئاننۇشكاغا، — چىقىپ كېتىۋەر، كىيىملىرىمنى كىيىپ بولۇپ مەنمۇ چىقىمەن. ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، ھېچنېمە.

ئاننۇشكا چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئاننا كىيىملىرىنى كىيمەي، بېشىمۇ، قوللىرىمۇ پەسكە ساڭگىلىغان ھالدا ئاللىقانداق بىرنېمىنى ئىشارە قىلماقچى، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك ئولتۇرۇپ كەتتى. تۇرۇپلا تىترەپ كېتەتتى، ئارقىدىن يەنە قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالاتتى. «يا خۇدا ! يا خۇدا !» دېگەن بىر گەپنى توختىماي تەكرارلايتتى. «يا» دېگەن، «خۇدا» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق مەنىسى يوق ئىدى. ئۆزى تەربىيە ئالغان دىندىن ھېچقاچان شۈبھىلەنمىسىمۇ، ئۆز ئەھۋالىغا دىندىن ياردەم ئىزدەش كارېنىندىن ياردەم ئىزدىگەن بىلەن ئوخشاش ئىش ئىدى، لېكىن ئۇ بۇنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ پەقەت ئۆز ھاياتىنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتىنى تەشكىل قىلغان نەرسىدىن ۋاز كەچكەن چاغدىلا، پەقەت شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىلا دىندىن ياردەم تىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى

بۇرۇنلا بىلەتتى. ئۇ يالغۇز ئازابلىنىپلا قالماي، ئەزەلدىن ئۆزىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى روھىي ھالىتىدىن بەكرەك قورقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئادەم چارچاپ كەتكەندە كۆزىگە نەرسىلەر قوش كۆرۈنگەندەك، ئۇنىڭ كۆزلىرىگىمۇ شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. بەزىدە ئۆزىنىڭ نېمىدىن شۇنداق قورقىدىغانلىقىنى، نېمىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، قورقۇۋاتقىنى بىلەن ئۈمىد قىلىۋاتقىنىنىڭ ئاللىبۇرۇن بولۇپ بولغان ئىش ياكى ئەمدى بولىدىغان ئىشلىقىمۇ، ئۈمىد قىلىدىغىنى زادى قانداق ئىشلىقىمۇ ئۆزىگە مەلۇم ئەمەس ئىدى.

«ھوي، مەن نېمە قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئىككى چېكىسىگە ئاغرىق كىرىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى. ئېسىگە كەلگەندە ئىككى قولىنىڭ ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ تۇرغانلىقىنى، ئۇۋۇلىغاندىمۇ بېسىپ تۇرۇپ ئۇۋۇلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى.

— قەھۋە تەييار بولدى، مۇئەللىم بىلەن سېريوژا سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئاننۇشكا ئانىنانىڭ يەنە بايىقىدەك ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ.

— سېريوژا! سېريوژاغا نېمە بولدى؟ — ئورنىدىن تۇرغاندىن بېرى سېريوژانى بىرىنچى قېتىم ئېسىگە ئالغان ئاننا خۇشال سورىدى.

— خاتا ئىش قىلىپ قويغاندەك تۇرامدۇ نېمە، — دەپ جاۋاب بەردى ئاننۇشكا كۈلۈپ كېتىپ.

— قانداق خاتا ئىش قىپتۇ؟

— يان ئۆيگە شاپتۇل قويۇپ قويۇپتىكەنسىز، شۇ شاپتۇللاردىن بىرنى يەۋالغان ئوخشايدۇ.

ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئاننا بىردىنلا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندەك بولۇپ قالدى ۋە ئوغلى ئۈچۈن ياشاۋاتقان ئانىلىق سۆيپتى بىلەن كېيىنكى يىللاردا ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ مەسئۇلىيەتنى تولىمۇ

ئاشۇرۇپ ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ تۇرۇپ ئۆتىگەنىدى. ئۇ يەنە ھازىرقىدەك قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە كارېنىن بىلەن ۋرونسكىيدىن باشقا يەنە بىر تايانچىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن ھېس قىلىشقا باشلىدى، بۇ تايانچ ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. مەيلى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسۇن، ئوغلىنى ھەرگىز تاشلىمايتتى، ئېرى ئۇنى ھەرقانچە ھاقارەتلىسىمۇ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتسىمۇ، ۋرونسكىي ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇپ بۇرۇنقى ساياق ھالىتىگە قايتسىمۇ (ئۇ يەنە ۋرونسكىينى نەپرەت ۋە ئاچچىقى بىلەن ئەسلىدى)، ئوغلىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيتتى. ئۇنىڭ ھاياتتا مەقسىتى بار ئىدى، شۇڭا چوقۇم ھەرىكەت قىلىشى، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزى بىلەن ئوغلىنى ساقلاپ قېلىشى، ئۇنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماسلىقى كېرەك. باشقىلار ئوغلىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ كەتمەستە تېز، بەكمۇ تېز ھەرىكەت قىلمىسا بولمايدۇ. ئاننا، بول، ئوغلۇڭنى باشقا ياققا ئېلىپ كەت! بۇ سېنىڭ ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك بىردىنبىر ئىشىڭ! چوقۇم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بۇ خىل ئازابتىن قۇتۇل! ئوغلى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى، ھازىرلا ئوغلىنى قانداقتۇر بىر يەرگە ئېلىپ كېتىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئازراق ئاراملىققا ئېرىشتى.

ئاننا ئىلدام كىيىنىپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپلا مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى. قەھۋە، سېرىيوژا ۋە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى كۈندىكىدەك ئۇنى شۇ ئۆيدە ساقلاپ تۇراتتى. بېشىدىن ئايىغىچە ئاپئاق كىيىنگەن سېرىيوژا ئەينەك يېنىدىكى ئۈستەلگە ئېڭىشىپ، ئانىغا تونۇش بولغان دادىسىنىڭ مىجەزىگە ئوخشاش، جىددىي رەۋىشتە قولىدىكى گۈللەرنى بىرنېمىلەر قىلىۋاتاتتى.

ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ چىرايى تولىمۇ جىددىي ئىدى. سېرىيوژا ئاپىسىنى كۆرۈپ ھەرقاچانقىدەك: «ئاپا!» دەپ

چىرقىراپ كەتتى، ئارقىدىنلا، قولۇمدىكى گۈلنى قويۇپ تۇرۇپ ئاۋۋال بىرىپ ئاپامنى سۆيۈپ قويايمۇ ياكى گۈلچەمبىرىكىمنى ياساپ بولۇپ گۈل ئېلىپ ئالدىغا بارايمۇ، دەۋاتقاندەك سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

مۇئەللىم ئانىنا بىلەن ئەھۋاللىشىپ بولۇپ، ئاندىن سىرىيوژانىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۇزاق ۋە تولۇق سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى ئانىنانىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، خىيالى مۇئەللىمنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىشىم كېرەكمۇ ـ يوق، دېگەن ئوي بىلەن بەند ئىدى. «ياق، ئۇنى ئېلىپ كەتمەيمەن، — ئۇ ئاخىرقى قارارغا كەلدى، — ئوغلۇمنىلا ئېلىپ كېتىمەن.»

— بۇ ئىشىڭ بولماپتۇ، ئوغلۇم ! — دېدى ئانىنا. ئۇ ئوغلىغا مۇرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇزاق قاراپ كەتتى — ئۇنىڭ قارىشى جىددىي ئەمەس، قورقۇش ئارىلاش ئىدى، ئوغلى ئۇنىڭغا قاراپ ھەم ھەيران بولدى، ھەم خۇشال بولدى، ئاندىن تىنماي سۆيدى، — ئۇنى ماڭا قالدۇرۇپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ قاراپ قالغان مۇئەللىمگە يۈزلىنىپ، ئاندىن ئوغلىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي قەھۋە ئۇستىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئاپا ! مەن ... مەن ... ئۇنداق ... — ئوغلى سۆزلەۋېتىپ، شاپتۇلنىڭ ئىشى ئۇچۇن ئۆزىنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى ئاپىسىنىڭ چىرايىدىن بىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمىدى.

— سىرىيوژا، — دېدى ئۇ ئوغلىغا مۇئەللىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — ئۇ قىلىقىڭ بولماپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلما، بولامدۇ؟ مېنى ياخشى كۆرەمسەن؟

ئانىنا كۆزلىرىگە ياش كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. «ئۇنى قانداقمۇ ياخشى كۆرمەسلىكىم مۇمكىن؟ — دېدى ئۇ ئىچىدە ئوغلىنىڭ ھەم قورقۇپ، ھەم خۇشال بولۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — بۇمۇ دادىسىغا قوشۇلۇپ مېنى

ئازابلارمۇ؟ ماڭا ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتماسمۇ؟» ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن مەڭزىلىرىنى بويلاپ ياش ئېقىشقا باشلىغانىدى، يېشىنى يوشۇرۇش ئۇچۇن ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كېتىپ، بالكونغا قاراپ يۈگۈرگەندەك ماڭدى.

بىرنەچچە كۈن قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ هاۋا ئېچىلىپ كەتكەن، ئەمما سوغۇق ئىدى. پارلاپ تۇرغان كۈننىڭ نۇرى يامغۇردا يۇيۇلۇپ قالغان يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ يەرگە سېپىلىپ تۇراتتى.

سوغۇق هەم قورقۇنچتىن ئانىنا تىترەپ كېتىۋاتاتتى. سىرتنىڭ ساپ هاۋاسىدا تۇرغاندا بۇ خىل روهىي هالەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتاتتى.

— ماڭ، مارىيېتانىڭ قېشىغا كىرىپ كەت! — دېدى ئانىنا كەينىدىن ئەگىشىپ چىققان سېرىيوژاغا. ئاندىن بالكوندىكى پاخالدىن توقۇلغان پالازدا مېڭىپ يۈردى. «ئەجەبا، ئۇلار مېنى كەچۈرمەسمۇ؟ بۇ ئىشنى ئامالىنىڭ يوقىدىن قىلغانلىقىمنى چۈشەنمەسمۇ؟» دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

ئۇ مېڭىشتىن توختاپ، شامال بىلەن تەڭ لىڭشىپ تۇرغان تېرەكنىڭ شاخلىرىغا، يامغۇردا پاكىز يۇيۇلغان، كۈننىڭ نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان يوپۇرماقلارغا قارىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كەچۈرمەيدىغانلىقىنى، هەممە نەرسىنىڭ، هەممە ئادەمنىڭ مۇشۇ دەرەخكە ئوخشاش ئۆزىگە ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتمايدىغانلىقىنى بىلەتتى هەم كۆڭلىدە ئىككى خىل خاراكتېرنىڭ تەڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلاتتى ... «بولدى، ئەمدى ئويلىماي، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، — مېڭىشقا تەييارلىق قىلاي. قەيەرگە بارىمەن؟ قاچان ماڭىمەن؟ كىمنى ئېلىپ كېتىمەن؟ توغرا، موسكۋاغا كېتەي، كېچىلىك پويىزدا ماڭسام بولىدۇ. ئانۇشكا بىلەن سېرىيوژانىلا ئېلىپ كېتىمەن، ئەڭ كېرەكلىك نەرسىلەردىن ئازراق ئېلىۋالسام بولىدى. ئەمما، ئۇ ئىككىسىگە خەت قالدۇرۇپ قوياي.

ئۇ ئىلدام مېڭىپ ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىردى ـ دە، ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئېرىگە خەت يېزىشقا باشلىدى.

*بۇ ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكە ئامالسىز قېلىپ ئوغلۇمنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدۇم. مەن قانۇننى چۈشەنمەيمەن، شۇڭا ئوغلىمىزنىڭ ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچىمەن، چۈنكى مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن، كەڭ قورساقلىق قىلىپ ئۇنى ماڭا قالدۇرۇشىڭىزنى سورايمەن.*

ئاننا خەتنى بىر يولىلا يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئېرىدە ئۇنداق كەڭ قورساقلىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق يازغانلىقىغا سەل ئۆكۈندى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا نېمە دەپ يازسا خېتىنى تەسىرلىك ئاياغلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يېزىشتىن توختاپ قالدى.

«گۇناھىم ۋە پۇشايمىنىم توغرۇلۇق گەپ قىلىشنى خالىمايمەن، چۈنكى ...»

ئۇ پىكىرلىرى بىر ـ بىرىگە باغلانماي يەنە توختاپ قالدى. «ياق، ــ دېدى ئۇ يەنە ئۆزىگە ئۆزى، ــ باشقا ھېچنېمە يازماي.» ئۇ بۇ خېتىنى يىرتىۋېتىپ باشقىدىن يەنە يازدى. بۇ قېتىم «كەڭ قورساقلىق قىلىپ» دېگەن گەپنى يازمىدى. خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن كونۋېرتقا سېلىپ ئاغزىنى چاپلىدى.

ئىككىنچى خەتنى ۋرونسكىيغا يېزىشى كېرەك ئىدى. «مەن ئېرىمگە ھەممىنى ئېيتتىم» دەپ يازدى ئۇ. شۇ گەپتىن كېيىن ھېچنېمە يازالماي ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇنداق يازسا قوپال ھەم خوتۇن كىشىگە ياراشمايدىغان گەپلەر چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. «ئەمىسە ئۇنىڭغا نېمە دەپ يېزىشىم كېرەك؟» سورىدى ئۇ ئۆزىدىن. شۇ گەپ بىلەن تەڭ نومۇستىن شەلپەردەك قىزىرىپ

كەتتى. ۋرونسكىينىڭ تەمكىن تۇرقى كۆز ئالدىغا كېلىپ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، بىر جۈملە يېزىپ قويغان قەغەزنى يىرتىپ - يىرتىۋەتتى. «ھېچنېمە يازمايمەن» دېدى ئۇ ئىچىدە. ئاندىن قەغەزلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۈستىگە چىقتى - دە، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن خىزمەتكارىغا بۈگۈن موسكۋاغا ماڭىدىغانلىقىنى جاكارلاپ قويۇپ، يولنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى.

## 16

دەرۋازىۋەن، باغۋەن ۋە خىزمەتكارلار بىرنەچچە ئۆينىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇۋاتاتتى، كىيىم ئىشكاپلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئارغامچا ئېلىپ كېلىشكە بازارغا ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتتى. يەردە گېزىتلەر چېچىلىپ ياتاتتى. ئىككى چوڭ چامادان، بىرنەچچە يۈك - تاق خالتىسى ۋە تاسما بىلەن مەھكەم تېڭىلغان يۇڭ ئەدىياللار كارىدورغا ئاچىقىپ قويۇلدى. ئىشىك ئالدىدا ئۆزىنىڭ پەيتونى بىلەن ئىككى كىرا پەيتون تەخ بولۇپ تۇراتتى. ئاننا نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىچكى تەشۋىشلىرىنى ۋاقىتىنچە ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇ ئارىدا ئاننۇشكا بىر پەيتۇننىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ كىردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاننا دېرىزىدىن كارېنىننىڭ خەت توشۇغۇچىسىنىڭ پەلەمپەيدە ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى بېسىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— چىقىپ قاراپ باق، نېمىگە كەلدىكىن، — دېدى ئۇ كىرىسلودا ئىككى قولىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالغا تەمكىن تاقابىل تۇرىدىغاندەك ئەلپازدا ئولتۇرۇپ.

خىزمەتكار كارىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ ئەۋەتكەن خەتنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— خەت تۇشۇغۇچىغا جاۋاب ئېلىپ كېلىش بۇيرۇلغانىكەن، — دېدى خىزمەتكار.

— بولىدۇ، — دېدى ئاننا.

ئۇ خىزمەتكار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خەتنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن قاتلانمىغان بىر ۋاراق قەغەز پۇل چىقتى. ئاننا خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى: «سىزنىڭ قايتىپ كېلىشىڭىز ئۈچۈن ھەممە تەييارلىقلارنى قىلىپ قويدۇم ... مەن تاپشۇرغان ئىشلارنى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ بېجىرىشىڭىزنى سورايمەن.» ئاننا خەتنى باشتىن ـ ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى، ئۇياق ـ بۇيېقىغا ئۆرۈپ قاراپ يەنە باشتىن باشلاپ بىر قېتىم ئوقۇدى. ئوقۇپ بولغاندا پۈتۈن بەدىنى مۇزدەك بولۇپ، بېشىغا كۈتۈلمىگەن بىر ئاپەت چۈشكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئاننا ئەتىگەندە ئېرىگە ھېلىقى گەپلەرنى ئېيتقىنىغا پۇشايمان قىلىپ، شۇ گەپلەرنى دېمىگەن بولۇپ چىقسام قانداق ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىدى ۋە ئۇ خېتىدە ئۇ گەپلەرنىڭ دېيىلمىگەن بولۇپ چىقىشىنى خۇدادىن تىلىدى، شۇنىڭدا ئۇ خاتىرجەم بولاتتى. لېكىن، بۇ خەت ئاننا تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى.

«ئۇنىڭ توغرا! ئۇنىڭ توغرا! — دېدى ئۇ ئىچىدە، — ئەلۋەتتە، ھەرقاچان ئۇنىڭ گېپى ھەق. ئۇ خىرىستىئان، كەڭ قورساق، تۇفى! ئەكسىچە مۇناپىق، نومۇسسىز ئادەم ئۇ! بۇنى مەندىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بىلمەيدۇ، بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، يا مەن بىرەرىگە ئېيتالمايمەن. ئۇلار ئۇنى دىندار، ئالىيجاناب، ئەقىللىق ئادەم، دەپ تەرىپلىشىدۇ، ئەمما مەن بىلگەننى، مەن كۆرگەننى بىلمەيدۇ ھەم كۆرمەيدۇ. سەككىز يىلدىن بېرى مېنىڭ ھاياتىمنى، ۋۇجۇدۇمدىكى جانلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بوغۇپ كەلگەنلىكىنى، مېنىڭ

مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا ئىنتىزار ئايال ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ مېنى ھەممە ۋاقىت خورلايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا ھېچ ئىش قىلمىغاندەك گىدىيىپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەجەبا، مەن پۈتۈن ئىمكانىيىتىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئىزدەنمىدىممۇ؟ ئۇنى ئامال بار ياخشى كۆرۈشكە تىرىشمىدىممۇ؟ ئۇنى داۋاملىق ياخشى كۆرۈشكە ئىمكانىيىتىم قالمىغاندا ئوغلىمىزنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرمىدىممۇ؟ لېكىن، كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۆزۈمنى داۋاملىق ئالداپ ئۆتسەم بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم. مەن تىرىك ئادەممەن، گۇناھىم يوق، خۇدا مېنى مۇشۇنداق ياراتقانىكەن، دېمەك، ماڭىمۇ مۇھەببەت كېرەك، ماڭىمۇ تۇرمۇش كېرەك. ھازىرچۇ؟ ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياكى ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا بۇنىڭ ھەممىسىگە چىدايتتىم. ھەممىنى كەچۈرۈۋېتەتتىم. لېكىن، ئۇنداق بولمىدى، ئۇ ...»

«مەن نېمىشقا ئۇنىڭ بۇنداق قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىم؟ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى نومۇسسىز ماھىيىتىدىن كەلگەن. قاچانلا بولسا ئۇنىڭ توغرا، ئەكسىچە، دەپسەندە قىلىنىۋاتقان مەن تېخىمۇ دەھشەتلىك، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق دەپسەندە قىلىنىۋاتىمەن ...» ئاننا خەتتىكى گەپلەرنى يەنە ئەسلىدى: «ئۆزىڭىز ھەم ئوغلىڭىزنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىڭلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭ.» «بۇ ئۇنىڭ ماڭا ئوغلۇمنى تارتىۋالىمەن، دەپ تەھدىت سالغىنى، — دەپ ئويلىدى ئاننا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەخمەق قانۇنىمۇ ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ماقۇل دېيىشى مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇ گەپنى قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەمدىمەن؟ ئۇ ھەتتا مېنىڭ ئوغلۇمنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىمغا ئىشەنمەيدۇ ياكى (ئەسلىدىمۇ مېنىڭ شۇ ھېسسىياتىمنى مەسخىرە قىلاتتى) مېنىڭ شۇ ھېسسىياتىمغا

پەرۋاسىز قارايدۇ. لېكىن، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمنى تاشلاپ كېتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىدۇ. مەن ئوغلۇمنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ قويالمايمەن، ئوغلۇم بولمىسا، ياخشى كۆرگەن ئادىمىم بىلەن بىللە بولغان تەقدىردىمۇ تۇرمۇشۇم تۇرمۇش بولمايدۇ، بۇنى ئۇمۇ بىلىدۇ. ئوغلۇمنى تاشلاپ كەتسەم، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام، ئەڭ رەسۋا، ئەڭ يامان خوتۇنغا ئايلىنىپ قالىمەن، بۇنى ئۇ چۈشىنىدۇ، مېنىڭ شۇنداق قىلىشقا قۇدرىتىمنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.»

«تۇرمۇشىمىز ئىلگىرىكىدەك داۋملىشىشى كېرەك.» ئاننا خەتتىكى ئاشۇ گەپنى ئېسىگە ئالدى. «ئۇ تۇرمۇش مېنى يەتكۈچە ئازابقا سالغاندى، هازىر تېخىمۇ دەهشەتلىك تۈس ئېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولار؟ بۇنىڭ هەممىسىنى ئۇ ئېنىق بىلىدۇ، مېنىڭ جېنىمنى ساقلاپ قېلىش هەم مۇهەببەت ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىمنىمۇ، مۇشۇنداق ياشاپ كېتىۋەرسەك يالغان سۆزلەش، ئالداشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ مېنى داۋاملىق قىيناۋاتىدۇ. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، ئۇنىڭ يالغانچىلىقلار ئىچىدە ياخشى ياشايدىغانلىقىنى، خۇددى بېلىق سۇنى كۆرسە ياشىرىپ كېتىدىغاندەك ياشىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ياق، مەن ئۇنىڭ بۇنداق ياشىرىپ كېتىشىگە يول قويالمايمەن، ئۇنىڭ مېنىڭ پۇت - قولۇمنى چىرمىۋالماقچى بولغان ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق تورىدىن بۆسۈپ چىقىشىم كېرەك، نېمە بولسا بولسۇن، هەرقانداق نەرسە يالغانچىلىق، ئالدامچىلىقتىن ياخشىراق.»

«لېكىن، ئۇنىڭ ئۇ تورىدىن قانداق بۆسۈپ چىقىش كېرەك؟ يا خۇدا! يا پەرۋەردىگارا! دۇنيادا مەندەك بەختسىز ئايالمۇ بارمىدۇ ...»

«بۆسۈپ چىقىشىم كېرەك! بۆسۈپ چىقىمەن!» ئۇ كۆز ياشلىرىنى زورغا بېسىپ، شۇنداق دەپ توۋلىغان پېتى ئورنىدىن

تۇرۇپ كەتتى، يېزىق ئۇستىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ يەنە بىر پارچە خەت يېزىشنى ئويلىدى. لېكىن، ئۇ تور ھەرقانچە ساختا ۋە نومۇسسىز بولسىمۇ، ئۆزىدە ئۇنى بۆسۈپ چىقالىغۇدەك كۈچ، ھازىرقى ھالىتىدىن قۇتۇلالىغۇدەك قۇدرەتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇ يېزىق ئۇستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى، لېكىن خەت يازمىدى، ئىككى جەينىكىنى ئۇستەلگە قويۇپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. ئېسەدەشنىڭ قاتتىقلىقىدىن پۈتۈن بەدىنى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ كېتىۋاتاتتى، بەئەينى كىچىك بالىدەك يىغلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىيالىنىڭ مۇشۇ خەتتىن كېيىن بەربات بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا يىغلايتتى. تەسەۋۋۇرىدا ئەمدىكى ھەممە ئىشلار بۇرۇنقىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولاتتى. ئۇ ئۆزى بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئورنى تېخى بۇگۈن ئەتىگەندىلا شۇنچىلىك يارىماس كۆرۈنۈۋاتاتتى، مانا ئەمدى قىممەتلىك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ، ئۇنى ئېرىنى، بالىسىنى تاشلاپ ئاشىنىسى بىلەن بىللە بولىدىغان ئاشۇ خىل ئەڭ نومۇسسىز ئورۇنغا تېگىشكىلى بولمايۋاتاتتى، ھەرقانچە تىرىشسىمۇ ئۆزىنى ئىرادىلىك ئادەمگە ئايلاندۇرالمايۋاتاتتى. ئەمدى ئۇ مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەي، شۇ كۈندىن باشلاپ ھەممە ۋاقىت ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنىڭ خەلقئالەمگە يېيىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپلا ئۆتىدىغان، ئۆزى بىلەن بىللە ئۆتۈشى مۇمكىن بولمىغان نامەلۇم بىر ساياق بىلەن ئىپلاس مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئېرىنى ئالدىغان خوتۇن، دېگەن يامان ئاتاق بىلەن خەقلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ياشايدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ دەل مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى، ئاقىۋىتىنىڭ زادى قانداق بولۇپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇددى خاتا ئەيىبلەنگەن كىچىك

بالىدەك توختىماي تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

ئۇ خىزمەتكارنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ شۇئان ئۆزىگە كەلدى ـ دە، ئىتتىكلا خەت يېزىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

ــ خەت توشۇغۇچى جاۋابىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ــ دېدى خىزمەتكار.

ــ جاۋاب دەمسەن؟ بولىدۇ، ــ دېدى ئاننا، ــ سەل تۇرۇپ قوڭغۇراق بېرىمەن.

«نېمە يېزىشىم كېرەك؟ ــ ئويلىدى ئۇ، ــ يالغۇز ئۆزۈم نېمە قارارغا كېلەلەيمەن؟ مەن نېمىنى بىلەتتىم؟ ماڭا نېمە كېرەك؟ ياخشى كۆرىدىغىنىم نېمە؟ ــ ئۇ كۆڭلىدە يەنە قوش خاراكتېر پەيدا بولۇۋاتقاندەك سېزىم ئىچىدە قالدى، ئۇ بۇ خىل سېزىمدىن قورقاتتى، شۇڭا ئۆزى توغرىسىدىكى خىيالدىن كۆڭلىنى بۇ ئىشقا باھانە بولىدىغان، ھە دېگەندىلا خىيالىغا كەلگەن نەرسىگە يىپىشتى، ــ ئالېكسېينى (كۆڭلىدە ۋرونسكىينى شۇنداق ئاتىدى) تېپىشىم كېرەك، مېنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىمنى پەقەت شۇلا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بېتسىنىڭ ئۆيىگە باراي، ئۇنى بەلكىم شۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە تونۇگۇن ۋرونسكىيغا بېتسىنىڭكىگە ئەمدى بارمايمەن، دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ. ۋرونسكىيمۇ، ئۇنداق بولسا مەنمۇ بارمايمەن، دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئېرىگە: «خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئا» دەپ يازدى ـ دە، قوڭغۇراق ئۇرۇپ چاكىرىغا بېرىۋەتتى.

ــ ماڭمايدىغان بولدۇق، ــ دېدى ئاننا ئۆيگە كىرگەن ئاننۇشكاغا.

ــ پۈتۈنلەي ماڭمايمىزمۇ؟

ــ ياق، نەرسىلەرنى ئەتىگىچە يەشمەڭلار، پەيتونمۇ ھېچ يەرگە بارمىسۇن. مەن كىنەز خانىمنىڭكىگە بېرىپ كېلىمەن.

ــ قانداق كۆڭلەكلەرنى تەييارلاپ قويىمەن؟

# 17

كىنەز بېتسى خانىم ئاننانى تەكلىپ قىلغان كروكېت ئويۇنىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئىككى ئېسىلزادە خانىم بىلەن ئۇلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇ ئىككى خانىم پېتېربۇرگدىكى مەشھۇر بىر ئالاقە چەمبىرىكىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن ئىدى. بۇ ئالاقە چەمبىرىكى باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە غەلىتە ئىسىملارنى قويۇۋالغىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى دوراپ ئۆزلىرىنى *«دۇنيادىكى يەتتە مۆجىزە»* ① دەپ ئاتىشىۋالغانىدى. ئۇلار ھەقىقىي يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئادەملىرى ئىدى، ئەمما ئاننا ئارىلىشىۋاتقان دائىرە بىلەن دائىم دۈشمەنلىشىپ تۇراتتى. لىزا مېركالوۋانىڭ ئېتىقادچىسى بولغان قېرى ستېرېموف پېتېربۇرگدىكى تەسىرى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇپ، كارېنىنىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى دۈشمىنى ئىدى. ئاننا ئەسلىدە مۇشۇ سەۋەبلەرنى ئويلاپ بۇ يەرگە كەلمەسلىكنى ئويلىغانىدى. لېكىن، كىنەز بېتسى خانىمنىڭ خېتىدىكى ئىما ئاننانىڭ شۇ ئويىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاننا ئۇ يەردە ۋرونسكىينى ئۇچرىتارمەنمىكىن، دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدى.

ئاننا كىنەز بېتسى خانىمنىڭ ئۆيىگە باشقا مېھمانلاردىن بۇرۇن كەلدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىۋاتقاندا، ۋرونسكىينىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭكىگە ئوخشايدىغان چېكە ساقىلىنى چىرايلىق تارىۋالغان خىزمەتكارىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېگۈدەك

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچە.

كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىكتە توختاپ بېشىدىن شەپكىسىنى ئېلىپ ئاناغا يول بەردى. ئاننا ئۇنى تونۇدى ۋە شۇندىلا ۋرونسكىينىڭ تونۇگۇن ئۆزىگە بېتسىنىڭكىگە ئۆزىنىڭمۇ بارمايدىغانلىقىنى دېگەنلىكى يادىغا كەلدى. ئۇ شۇنى دەپ قويغىلى خەت ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئاننا كارىدوردا پەلتوسىنى سېلىۋاتقاندا، ۋرونسكىينىڭ خىزمەتكارىنىڭ: «كىنەز خانىمنىڭ خېتى» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۆي خىزمەتكارى خەتنى ئېلىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

ئاننانىڭ ئۇنىڭدىن خوجايىنىنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى بەكمۇ سورىغۇسى كەلدى، بىر تۇرۇپ يەنە قايتىپ كېتىپ ئۇنىڭدىن خەت بەرمەكچىمۇ ياكى بېرىپ ئۇنى ئۆزى تاپماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئىككىلا چارە ئاقمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئىچكىرىگە قوڭغۇراق بېرىپ بىلدۈرۈپ بولغان، كىنەز بېتسى خانىمنىڭ ئەر خىزمەتكارى ئوچۇق ئىشىكنىڭ يېنىدا ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلىپ يانچە تۇرۇپ بولغانىدى.

— كىنەز خانىم باغدا، كەلگەنلىكىڭىزنى ھازىرلا خەۋەر قىلىمىز. باغقا مەرھەمەت قىلامسىزيا؟ — دېدى يەنە بىر خىزمەتچى باشقا بىر ئۆيدە ئۇنىڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ.

ئاننا ھازىرمۇ ئۆيدىكى چاغدىكىدەك خاتىرجەمسىز ئىدى، ھەتتا ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ھالەتنى ئۇ چاغدىكىدىنمۇ ئېغىر دېيىشكە بولاتتى. ئۇ بۇ يەردە ھېچقانداق ئىش قىلالمايتتى، ۋرونسكىي بىلەنمۇ كۆرۈشەلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە، پەقەتلا ئېقى كېلىشمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇگۈن ئۇ ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ كىيىنگەن، يالغۇزمۇ ئەمەس، ئەتراپىدا ئۆزىگە تونۇش بىكارچى ئادەملەر بار ئىدى، شۇڭا ئۆيدە تۇرغانغا قارىغاندا ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتەلەيتتى، ئىشلار توغرۇلۇق ھازىرچە باش قاتۇرمىسىمۇ بولاتتى، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا كېتىۋېرەتتى. بېتسى خانىم

بۈگۈن ئاننانى ھەيران قالدۇرۇپ، ناھايىتى نەپىس تىكىلگەن ئاپئاق كۆڭلەك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئادەتتىكىگە ئوخشاش كۈلۈپ چىقتى. ئۇ تۇشكېۋىچ ۋە يەنە بىر تۇغقىنىنىڭ قىزى بىلەن بىللە چىققانىدى. ئۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى باشقا ئۆلكىدە تۇراتتى، قىزنىڭ يازنى ئەلگە مەشھۇر بېتسى كىنەز خانىمنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ مەمنۇن بولۇشقانىدى.

ئاننانىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىچىلىكنى بېتسى خانىم شۇئان سېزىۋالدى.

— بۈگۈن ياخشى ئۇخلىيالمىدىم، — دېدى ئاننا ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان، ۋرونسكىينىڭ خېتىنى ئېلىپ كېلىۋاتسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلغان خىزمەتكاردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

— كېلىپ مېنى ناھايىتى خۇشال قىلدىڭىز، — دېدى بېتسى، — چارچاپ قاپتىكەنمەن، ئۇلار كەلگۈچە بىر چىنە چاي ئىچىۋالاي دەپ ئەمدىلا ئولتۇرۇپ تۇراتتىم. سىز، — دېدى ئۇ يەنە تۇشكېۋىچقا قاراپ، — ماشا بىلەن چىملىرى يېڭى قىرقىلغان كروكېت مەيدانىغا بېرىپ تۇرساڭلار. ئىككىمىز چاي ئىچكەچ *ئوبدان بىر پاراڭلىشىۋالايلى*①، بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئانناغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئىنگلىزچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ. ئۇ ئاننانىڭ كۈنلۈك تۇتۇۋالغان قولىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇردى.

— بولىدۇ، — دېدى ئاننا، — ئەمما، مەن سىزنىڭكىدە ئۇزاق ئولتۇرالمايمەن، ۋرېدې مومايىنىڭ قېشىغا بېرىشىم كېرەك. بارىمەن دەپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم ۋەدە بېرىپ كەتكەنىدىم، — يالغان گەپ قىلىش ئۇنىڭ تەبىئىيىتىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى، لېكىن ئالاقە سورۇنلىرىدا يالغان سۆزلەش ئادەتتىكى ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچە.

ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى بىر سېكۇنتنىڭ ئالدىدا خىيالىغا كەلمىگەن ئىشنى نېمە ئۈچۈن دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. بۇ گەپنى پەقەت ۋرونسكىي كەلمەيدىغان بولغاندىكىن، بۇ يەردىن بىر ئامال قىلىپ چىقىپ كېتىپ ۋرونسكىينى تاپاي دېگەن مەقسەتتىلا دېگەنىدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، دەل قېرى ۋرېدېنىڭ گېپىنى قىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسە بولمايدىغان ئىشى يوق ئىدى ـ دە. ئەمما، ۋرونسكىي بىلەن كۆرۈشۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەپچىل چارە يوق ئىدى.

— ياق، نېمە دېسىڭىز دەڭ، سىزنى قويۇپ بەرمەيمەن، — دېدى بېتسى ئۇنىڭغا جاۋابەن. ئۇ ئاننانىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى، — راستىمنى دېسەم، ئەگەر سىزنى ياخشى كۆرمىگەن بولسام چوقۇم خاپا بولۇپ كېتەتتىم. سىز مېنىڭ دوستلىرىم بىلەن بىللە بولسىڭىز ئابرۇيىڭىزغا نۇقسان يېتىدىغاندەك قىلىۋاتىسىز. چاينى ئاۋۇ كىچىك ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ خىزمەتكارىغا. ئاندىن ۋرونسكىي ئەۋەتكەن خەتنى ئوقۇپ چىقتى، — ئالېكسىي بىزنى ئالدىغىلى تۇرۇپتۇ، — دېدى ئۇ فرانسۇزچە سۆزلەپ، — خېتىدە كېلەلمەيدىغانلىقىنى دەپتۇ، — ئۇ خۇددى ۋرونسكىي ئاننا ئۈچۈن بىللە كىروكېت ئويناشتىن باشقا ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقتەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى.

ئاننا بېتسىنى ھەممە ئىشنى بىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ۋرونسكىي توغرۇلۇق قىلغان بۇ گېپىگە قاراپ ھېچقانداق ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى.

— ھە ! — دېدى ئاننا سوغۇققىلا، خۇددى بۇ ئىشقا قىزىقمىغاندەك قىلىپ. ئارقىدىن، — سىزنىڭ دوستلىرىڭىز مېنىڭ ئابرۇيۇمغا قانداق نۇقسان يەتكۈزسۇن؟ — بۇنداق سۆز

ئوينىتىپ تۇرۇپ سىر يوشۇرۇش باشقا ئايالىلارغا ئوخشاش ئانىناغىمۇ خوپ كېلىەتتى. ئۇنى سىر يوشۇرۇش زۆرۈرىيىتى ئەمەس، يوشۇرۇشتىكى مەقسىتىمۇ ئەمەس، بەلكى سىر يوشۇرۇشنىڭ ئۆزى بەكرەك جەلىپ قىلاتتى.

— مەن پاپادىنمۇ ئارتۇق كاتولىك بولالمايمەن، — دېدى ئۇ، — ستريېموف بىلەن لىزا مېركالوۋا ئالاقە سورۇنلىرىنىڭ گۈللىرى، ھەممىلا يەردە قارشى ئېلىنىپ تۇرىدۇ. مەنچۇ؟ — ئۇ «مەنچۇ» دېگەن گەپنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن دېدى، — مەن ئەزەلدىن ئۆزگەرمەس جاھىللاردىن ئەمەسمەن، راستىنلا ۋاقتىم يوق ئىدى.

— ياق، بەلكىم ستريېموف بىلەن ئۇچراشقۇڭىز كەلمەيۋاتقاندۇ؟ كارېنىن ئىككىسى كومىتېتتا ئېلىشسا ئېلىشىۋەرسۇن، ئۇنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق. ئەمما، ئۇ ئالاقە سورۇنلىرىدا مەن بىلىدىغان ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە كروكېت ئويناشقا شۇنچىلىك زوقمەن. سەل تۇرۇپ كۆرۈپمۇ قالىسىز، ئۆزى قېرى ئادەم تۇرۇپ لىزاغا شۇنچىلىك ئاشىق. بۇ كۈلكىلىك ئىش، ئەمما ئۇ مۇشۇنداق كۈلكىلىك ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشتا تەدبىرلىك. ئۆزى بەكلا قىزىق ئادەم. سافو شتولسنى بىلەمسىز؟ ئۇ يېڭىلىق تەرەپدارى، يەنە كېلىپ ئاجايىپ يېڭىلىق تەرەپدارى دەڭا.

بېتسى تىنماي سۆزلەيتتى. ئاننا ئۇنىڭ زېرەك كۆزلىرىنىڭ چاقناپ تۇرۇشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئاز-تولا خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۇچۇن بەزى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئىككىسى ياندىكى كىچىك مېھمانخانىدا ئولتۇرۇشقانىدى.

— مەن ئالېكسىيغا جاۋاب يازىمەن، — بېتسى شۇنداق دەپلا ئۇستەلگە يۆتكىلىپ بىر ۋاراق قەغەزگە بىرنېمىلەرنى يازدى، ئاندىن لىپاپىغا سالدى، — مەن ئۇنى چۈشلۈك تاماققا ئۇلگۈرۈپ كەل، بۇ يەردە بىرنەچچە خانىم بار، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ

ئـولتۇرۇپ بـىرىشكـە ئـەر كـىشىدىـن بىرى كەم بـولـۇۋاتـىدۇ، دېدىم. دەڭا، شۇ گـېـپىم ئـۇنـى قايىـل قـىلالارمۇ؟ كـەچۈرۈڭ، بىردەملىككە سىزدىن ئـايرىلـىدىغان بولـدۇم. خەتنىـڭ ئاغزىنـى چاپلاپ بىرىدىن ماڭدۇرۇۋېتەرسىز، ـــ دېدى ئۇ ئىشىككە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ـــ مېنىڭ يەنە ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىشلىرىم بار ئىدى.

ئاننا قىلچە ئىككىلـەنمـەي، قـولىدا بـېتىسـنـىڭ خېـتـى، ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، خەتنى ئوقۇماستىنلا خەتنىـڭ ئاخىرىغا: «سىز بىـلەن چوقۇم كـۆرۈشۈشۈم كېـرەك. ۋرېدېنىـڭ بېغىغا كېلىڭ، سائەت ئالتىدە شۇ يەردە بولىمەن» دەپ يازدى. ئۇ خەتنىڭ ئاغزىنى ئەمدىلا چاپلاپ تۇراتتى، ئاڭغىچە بېتسى كىرىپ كـەلدى، بېتـسىنـىـڭ ئالدىـدىـلا خەتنـى خـىزمەتـكـارغا بېـرىـپ ئەۋەتىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

خىزمەتكار چاينى سالقىن بىر كىچىك مېھمانخانىغا ئەكىرىپ بەردى. بېتسى ئېيتقانـدەك، ئىككىسى مېـھمانلار كـەلگۈچە شـۇ يەردە كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئېيـتىـپ ئولـتـۇرۇشتى. ئـۇلار كېلىـش ئـالدىدا تـۇرغـان مېھـمـانلار تـوغـرۇلـۇقـمـۇ، لـىـزا مېـركـالـوۋا توغرۇلۇقمۇ پاراڭلاشتى.

ـــ ئۇياق تـولىمۇ يـېقىـمـلىق ئايـال، ئۇنى بۇرۇنـدىن ياخشـى كۆرەتتىم، ـــ دېدى ئاننا.

ـــ ئۇنى ياخشى كۆرگىنىڭىز توغرا، ئۇمۇ سىزنى دېسە ئۆلۈپ بېرىدۇ. تۈنـۈگۈن بەيگىدىن كېيىن مېـنىڭ قېشىمغـا كېلىـپ سىزنى كۆرەلمىگىنىگە كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى دەپ بەرگەن. ئۇ سىزنى رېۋايەتتىكى گۈزەلـلەرگە ئوخشايدىغـان ئايال، ئەگـەر ئەر كىشى بولۇپ قالغان بولسام، ئۇنى دەپ ئەقىل ـ ھوشۇمدىـن ئايرىلغان بولاتتىم، دېگەنىدى، ستريموف ئۇنىڭغا، سىز ھېلىمـۇ ئۇنى دەپ ئەقىل ـ ھوشىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىسىز، دېدى.

ـــ ماڭا بىر نەرسىنى ئېيتىپ بېرىڭا، مەن ھېچ چۈشىنەلمەي يـۈرۈۋاتىمەن، ـــ دېـدى ئاننا بـىردەم جىمىـپ كېتـىپ. ئۇنىـڭ

تەلەپپۇزىدىن بىلمەكچى بولۇۋاتقان نەرسىنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىش ئەمەس، ئۆزى ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — ئۇنىڭ مىشكا دەپ ئاتىلىدىغان كىنەز كالۇژسكىي بىلەن مۇناسىۋىتى قانداق؟ مەن ئۇلارنى ناھايىتى ئاز ئۇچرىتىمەن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق مۇناسىۋەت؟

بېتسى كۈلۈمسىرەپ، ئانناغا دىققەت بىلەن تىكىلدى.

— يېڭىچە مۇناسىۋەت، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ئۇلار ئاشۇنداق يېڭىچە مۇناسىۋەتنى تاللىۋالغان. ئۇلار ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدۇ، نېمىنى ئويلىسا شۇنى قىلىدۇ. يېڭى مۇناسىۋەت دېگەن مۇشۇ.

— ھە، ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ كالۇژسكىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىچۇ؟

بېتسى تۇيۇقسىز قاقاقلاپ خۇشال كۈلۈپ كەتتى، بۇنداق كۈلكە ئۇنىڭدا ناھايىتى كەم بولاتتى.

— سىز كىنەز مياگكايا خانىمنىڭ دائىرىسىگە قول سېلىپ قويۇۋاتىسىز. بۇ بالىلارچە سوئال بولدى، — بېتسى كۈلكىسىنى يىغىۋالاي دېسىمۇ يىغىۋالمايۋاتاتتى، ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي بايىقىدىكىدىنمۇ قاتتىقراق كۈلۈپ كەتتى، بۇ كۈلكىسى كەم ئادەملەرنىڭ كۈلۈشى ئىدى، — سىز بۇ سوئالنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىشىڭىز كېرەك ئىدى، — دېدى ئۇ يەنە كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— كۈلسىڭىز كۈلىۋېرىڭ، — دېدى ئاننامۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ، — لېكىن، مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم، ئېرى نېمە قىلىدىغان ئادەمدۇ، شۇنىڭغا ھەيرانمەن.

— ئېرىنى دەمسىز؟ لىزا مېركالوۋانىڭ ئېرى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەدىيالىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن. ئىچكى ئەھۋالى قانداق، ئۇنى ھېچكىمنىڭ بىلگۈسى يوق. سىزمۇ بىلىسىز، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر تارىنىش، پەرداز قىلىش

دىگەندەك ئىشلارغا ئانچە دىققەت قىلمىدىمۇ، بۇ خىل ئىشلارغىمۇ ھەم شۇنداق.

— رولانداكى خانىمنىڭ تەبرىكلەش مەرىكىسىگە سىز بارامسىز؟ — سورىدى ئاننا گەپنى باشقا تېمىغا يۆتكەش مەقسىتىدە.

— بارغۇم يوق، — دېدى بېتسى جاۋاب بېرىپ. ئۇ دوستىغا قارىماي ئولتۇرۇپ سۈزۈك پىيالىگە خۇش پۇراق چايدىن سالدى، ئاندىن چىنىنى ئاننانىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ كۈمۈش مۇشتەككە سېلىپ تۇتاشتۇردى.

— سىزمۇ بىلىسىز، مەن ھازىرقى مەرتىۋەم بىلەن بەختلىكمەن، — دېدى بېتسى كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، — مەن سىزنى چۈشىنىمەن، لىزانىمۇ ھەم. لىزا ياخشى - يامانني پەرق قىلالمايدىغان كىچىك بالىغا ئوخشاش سادىدا ئايال، ياش ۋاقتىدىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ساددىلىقى يەنە ئۆزىگە يارىشىدۇ. بەلكىم ئۇ بەزى ئىشلارنى قەستەن چۈشەنمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدىغاندۇ، — بېتسى مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى، — لېكىن قانداقلا بولسۇن، شۇ قىلىقلىرى ئۆزىگە خوپ كېلىدۇ. بىلەمسىز، ئوخشاش بىر ئىشقا پاجىئەلىك نەزەر بىلەن قارىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئازابلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالىسىز. ئۇنداق ئىشقا ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەستەك خۇشال نەزەر بىلەن قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئېھتىمال، سىز ئىشلارغا پاجىئەلىك نەزەر بىلەن قارايدىغانسىز.

— مەن باشقىلارنىمۇ ئۆزۈمنى چۈشەنگەندەك چۈشەنسەم دەيمەن، — دېدى ئاننا جىددىي ۋە ئويچان قىياپەتتە، — مەن باشقىلاردىن يامانمۇ، ياخشىمۇ؟ مەن ئويلايمەن، يامان.

— سىز يەنىلا كىچىك بالىلارغا ئوخشايدىكەنسىز، بەكلا ئوخشايدىكەنسىز! — دېدى بېتسى كۈلۈپ كېتىپ، — ئەنە، ئۇلارمۇ كەلدى.

# 18

ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئەر كىشىلەرنىڭ ئاۋازى، ئارقىدىنلا ئايال كىشىنىڭ گەپ قىلغىنى، گەپتىن كېيىن كۈلگىنى ئاڭلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي كۈتكەن مېھمانلار: سافو شتولس بىلەن ۋاسكا ئىسىملىك ساغلام، مەڭزىلىرى قىزىل بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قېنى چىقىپ تۇرغان موزاي گۆشى بىلەن موگۇ ۋە بۇرگون ۋىنوسىنىڭ ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىشۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ۋاسكا ئىككى خانىمغا ئېگىلىپ سالام بېرىشۋېتىپ ئۇلارغا لەپپىدە قاراپ قويدى، بۇ قاراش تولىمۇ قىسقا بولدى. ئاندىن سافونىڭ كەينىدىن مېھمانخانىغا كىرىپ، خۇددى ئۇنىڭغا باغلاپ قويۇلغاندەك ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي مېڭىپ يۈردى. كۆزلىرى خۇددى ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك ئۇنىڭغا قادىلىپلا تۇراتتى. سافو شتولس چاچلىرى سېرىق، كۆزلىرى قارا ئايال ئىدى، ئېگىز پاشىنىلىق توپلەي كىيگەن ئاياغلىرى بىلەن ئەپچىل دەسسەپ كىرىپ، ئۇ ئىككى خانىم بىلەن ئەرلەرگە ئوخشاش قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

ئاننا بۇ يېڭى چولپاننى ئالاقە سورۇنلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا كۆرمىگەنىدى، شۇڭا ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە، ئارتۇقچە مودا قوغلىشىپ كىيىۋالغان كىيىملىرىگە ۋە دادىل ھەرىكەتلىرىگە ھەيران قالدى. يۇمشاق سېرىق چاچلىرىنى (بەزىلىرى يالغان، بەزىلىرى راست) پوتەيدەك قىلىپ ئېگىز تۇرمەكلىۋالغانىكەن، ئۇنىڭ يوغانلىقى ئالدى خېلىلا ئوچۇق كۆڭلىكىدىن يېرىم چىقىپ تۇرغان كۆكسى بىلەن تەڭ دېگۈدەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتى تولىمۇ چاققان ئىدى، ھەر بىر قەدەم باسقاندا يۇمىلاق كەلگەن تىزلىرى بىلەن پاچىقىنىڭ ھالىتى چايقىلىپ تۇرغان كۆڭلىكى تېگىدىن بىلىنىپ، ئادەمدە، ئۇنىڭ لەپەڭشىپ تۇرغان

كەڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدىكى ئالدى ئوچۇق، تۆۋەن تەرىپى بىلەن دۈمبىسى مەھكەم ئورىۋېلىنغان نازۇك بەدىنىنىڭ چوڭلۇقى زادى قانچىلىكتۇ، دەيدىغان سوئال پەيدا قىلاتتى.
بېتسى ئۇنى دەررۇ ئانىغا تونۇشتۇردى.
— دېسەم ئىشەنمەيسىز، بىز كېلىۋېتىپ ئىككى ئەسكەرنى باستۇرۇۋېتىشكە تاس قالدۇق، — سافو كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ تۇرۇپ ئۇ ۋەقەنى سۆزلەپ كەتتى. كۆڭلىكىنىڭ بىر ياقىدا چۇشۇپ كېتىۋاتقان ئېتىكىنى پات ـ پات ئوڭلاپ قوياتتى، — ۋاسكا ئىككىمىز پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كەلدۇق ... سىلەر ئۇنى تونۇمايسىلەر، — ئۇ ئۇنىڭ فامىلىسىنى دەپ ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمىنى بۇ ناتونۇش ئاياللارنىڭ ئالدىدا دېگىنى ئۇچۇن خىجىل بولدىمۇ، بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، ئارقىدىن قاقاقلاپ كۈلدى.
ۋاسكا ئانىغا ئېگىلىپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭغا گەپ قىلماي، سافوغا:
— بىز ئالدىدا كەپتۇق، سىز ئۇتتۇردىڭىز، قېنى، پۇلنى چىقىرىڭ، — دېدى.
سافو تېخىمۇ ئېچىلىپ كەتتى.
— ھەرقانچە بولسىمۇ ھازىر بەرمەسمەن ! — دېدى ئۇ.
— بوپتۇ، ئەمما بەرىبىر كېيىن ئالماي قويمايمەن.
— ماقۇل، ماقۇل، ھىم، — ئۇ تۇيۇقسىز ئۆي ئىگىسىگە قاراپ دېدى، — ئېسىم قۇرۇسۇن ... پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن ... مەن سىزگە مېھمان ئېلىپ كەلدىم، بۇياق شۇ.
سافو باشلاپ كېلىپ، باشلاپ كەلگىنىنى ئۇنتۇپ قالغان بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمان ياش بولغىنى بىلەن، شۇنچىلىك ئەتىۋارلىق مېھمان ئىدىكى، ئۇ ئىككى خانىم ئىختىيارسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنى كۈتۈۋالدى.
بۇ سافونىڭ يېڭى ئېتىقادچىسى بولۇپ، ئۇمۇ ۋاسكاغا ئوخشاش سافونىڭ كەينىدىن قالماي مېڭىپ يۈرەتتى.
بىرئازدىن كېيىن ستىرېموف بىلەن كالۇژسكىي ۋە لىزا

مېركالوۋامۇ كىرىپ كەلدى. لىزا مېركالوۋا شەرقلىقلەرگە خاس چىرايىدىن ئېرىنچەكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، باشقىلار ئېيتقاندەك، ‹كۆزلىرى تەسۋىرلەپ بولمايدىغان دەرىجىدە چىرايلىق، ئۆزى جۇدەڭ، قارا چاچلىق ئايال ئىدى، قېنىق رەڭلىك كىيىمىمۇ (ئاننا ئۇنىڭغا دەررۇ دىققەت قىلغان ھەم ھەۋەسلىنىپ قالغانىدى) چىرايلىق جامالىغا شۇنچىلىك يارىشىپ تۇراتتى. سافو قانچىلىك بەستلىك ھەم كېلىشكەن بولسا، ئۇمۇ شۇنچىلىك نازۇك ۋە يېقىملىق ئىدى.

ئاننانىڭ گۈزەللىككە بېرىدىغان تەبىرى بويىچە، لىزا كىشىنى بەكرەك ئۆزىگە تارتاتتى. بېتسى ئۇنى ئانناغا ئىش ئۇقمايدىغان بالىلارنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالىدىغان ئايال، دەپ تونۇشتۇرغانىدى، لېكىن ئاننا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئەمەلىيەتتە، لىزا بىغەم، ئەركىرەك ھەم كىم نېمە دېسە ھە دەيدىغانراق ئايال ئىدى، تۇرقى سافونىڭكىگە ئوخشاپراق كېتەتتى. ئۇنىڭمۇ ئىككى ئېتىقادچىسى بار بولۇپ، بىرى قېرى، بىرى ياش ئىدى، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلمايتتى ھەم ئۇنى كۆزلىرى بىلەن يەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقىلاردىن ئايرىمراق بىر ئالاھىدىلىك بار ئىدى، بۇ ئالاھىدىلىك خۇددى ئەينەك قاچىلارنىڭ ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان بىرلىيانتتەك ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. بۇ جۇلا ئۇنىڭ چىرايلىق، تەسۋىرلەپ بولمايدىغان جادۇ كۆزلىرىدە پارلاپ تۇراتتى. قارامتۇل دائىرە ئىچىدىكى ئۇ كۆزلەرنىڭ ھارغىن ۋە قىزغىن نەزەرلىرىدىكى سەمىمىيلىك، بىغۇبارلىق ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى. بۇ كۆزلەرگە قانداقلا ئادەم تىكىلسۇن، ئۇ ئادەمنى ئۇنى تولۇق چۈشىنىدىغاندەك، ئۇنى ياخشى كۆرمەي تۇرالمايدىغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرمەي قالمايتتى. ئاننانى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشال تەبەسسۇم چاقناپ كەتتى.

— ئوھوي، سىزنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم، —

دېدى ئۇ ئانىنىڭ يېنىغا كېلىپ، — تۇنۇگۈن بەيگە مەيدانىدا يېنىڭىزغا باراي دەپ تۇرسام كېتىپ قالدىڭىز. سىزنى شۇنچىلىك كۆرگۈم كەلگەنىدى. تۇنۇگۈنكى كۆرۈنۈش ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بولدى، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ ئانىغا خۇددى ئۇنىڭ پۈتۈن روھىي دۇنياسىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— راست دەيسىز، مەن بەيگىنى ئادەمنى ئۇنچىلىك ھاياجانغا سالارلىق ئىش دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدى ئانىنا قىزىرىپ كېتىپ.

شۇ ئارىدا ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ باغقا قاراپ ماڭدى.

— مەن چىقمايمەن، — دېدى لىزا ئانىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — سىزمۇ چىقماسىز؟ كىروكېت ئويناشنىڭ نېمە قىزىقى بار!

— ياق، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

— ھە، سىز ئۇ ئويۇندىن قانداق قىلىپ زېرىكمەيدىغانسىز؟ خەقلەر سىزنى ناھايىتى جۇشقۇن، ياشاشنى بىلىدۇ، دېيىشىدۇ. ئەمما، مەن ئۇنداق ئەمەس، ھەممە نەرسە ماڭا كۆڭۈلسىز.

— سىز قانداق بولۇپ كۆڭۈلسىز ياشايسىز؟ سىلەر پېتېربۇرگلۇقلار ئەڭ خۇشال ئادەملەر تۇرساڭلار، — دېدى ئانىنا.

— بەلكىم بىزدىنمۇ ئۆتە كۆڭۈلسىز ياشايدىغان ئادەملەرمۇ باردۇ، ئەمما بىز، بولۇپمۇ مەن ئۇنچىلىك خۇشال ياشىمايمەن، ھەممە نەرسە ماڭا ھەددىدىن زىيادە زېرىكەرلىك بىلىنىدۇ.

سافو تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىككى ياش بىلەن بىللە باغقا چىقىپ كەتتى، بېتسى بىلەن سترېموف چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— نېمە، زېرىكتىڭىزمۇ؟ — دېدى بېتسى، — سافو تۇنۇگۈن سىلەرنىڭكىدە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئولتۇرغانلىقىنى دەيدۇغۇ؟

— ۋاي، شۇنچىلىك ئىچىم پۇشتىكى، — دېدى لىزا مېركالوۋا، — بەيگىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆيگە كېلىشتى. يەنە قارىسىڭىز يەنە شۇ ئادەملەر، شۇ چىرايلار،

ھەممىسى ساپادىن قوپماي ئولتۇرۇشقان، ئۇنداق ئولتۇرۇشنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟ ھىم، ئېيتىڭا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرسا سىز زېرىكمەمسىز؟ — ئۇ يەنە ئانناغا قاراپ دېدى، — سىزگە قارىسامىلا، مەيلى بەختلىك بولۇڭ ياكى بەختسىز، ھەممە ۋاقىتتىلا ھېچنېمىدىن زېرىكمەيدىغاندەك كۆرۈنىسىز، قانداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى ماڭا ئۆگىتىپ قويۇڭا.

— ھېچنېمە قىلمايمەن، — دېدى ئاننا ئۇنىڭ بۇ ئەزمە سوئاللىرىدىن قىزىرىپ كېتىپ.

— مانا مۇشۇ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، — دېدى سترېموف گەپكە ئارىلىشىپ.

سترېموف ئەللىككە بېرىپ قالغان، چېچى چالا ئاقارغان، خېلى تىمەن، تولىمۇ سەت، لېكىن ئەقىللىق، ئىرادىلىك ئادەم ئىدى. لىزا مېركالوۋا ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ جىيەن قىزى ئىدى، بوش ۋاقىتلىرىنى شۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ كارېنىننىڭ رەقىبى بولسىمۇ، لېكىن ئەقىللىق ۋە ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە خاس ئادەم بولغاچقا، بۇگۈن ئاننا كارېنىنا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.

— «ھېچنېمە قىلمايمەن»، — دېدى ئۇ ئاننانىڭ شۇ گېپىنى تۇتۇۋېلىپ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەڭ ياخشى چارە ئەنە شۇ. مەن سىزگە خېلىدىن بېرى دەپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئەمدى لىزا مېركالوۋاغا قاراپ، — زېرىكمەيمەن دەپ تۇرۇڭ، زېرىكىدىغىنىڭىزنى ئويلىماڭ. بۇ ئۇيقۇسىزلىقتىن قورققان ئادەمنىڭ ئۇخلىيالماسلىقىدىن قورقماسلىقى كېرەكتەكلا بىر ئىش. ئاننا ئاركادىيېۋنا بايا سىزگە دەل شۇ گەپنى دېدى.

— ئەگەر شۇنداقلا دېگەن بولسام ئاجايىپ خۇشال بولغان بولاتتىم، چۈنكى بۇ ئاقىلانە گەپ بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ھەقىقەت، — دېدى ئاننا كۈلۈپ كېتىپ.

— ياق، سىز ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن زېرىكىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

— ئۇيقۇنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەش كېرەك، كۆڭۈلنى

خۇشال تۇتۇش ئۇچۇنمۇ ھەم شۇنداق.
— مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم ھېچكىمگە كېرەك بولمىسا، ئۇنداق ئىشنى قىلىپ نېمە قىلىمەن؟ ئۆزۈمنى ئەتەي بىر ئىش قىلىۋاتقاندەك كۆرسىتەلمەيمەن ھەم ئۇنداق قىلىشنىمۇ خالىمايمەن.
— سىزگە زادىلا ئامال يوق ئىكەن، — دېدى ستىرېموف ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ، ئاندىن ئانىغا گەپ قىلىپ كەتتى.
ئۇ ئانىنى كەم ئۇچرىتىدىغان بولغاچقا، تاينى يوق تەكەللۇپ گەپلەردىن باشقا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. ئەمما، شۇنداق گەپلەرنى قىلغاندا ئادەم — مەسىلەن، ئۇنىڭ پېتېربۇرگقا قاچان قايتىپ كېتىدىغانلىقى، گراف لىدىيە خانىمنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقى دېگەندەك گەپلەر — ئۇنىڭ ئانىنىڭ كۆڭلىگە يېقىشنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئىززەتلەۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالاتتى.
شۇ ئارىدا تۇشكېۋىچ كىرىپ، ھەممەيلەننىڭ ئۇلارنىڭ باغقا چىقىپ كروكېت ئويىنىشنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى جاكارلىدى.
— ياق، كەتمەڭ، — دېدى لىزا مېركالوۋا ئانىنىڭ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ستىرېموفمۇ قوشۇلدى.
— بۇ يەردىن كېتىپ ۋرېدې مومايىڭىزغا بارسىڭىز، — دېدى ستىرېموف، — پۇتۇنلەي تەتۈر ئىش قىلغان بولىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ قېشىغا بارسىڭىز ئۇنىڭ غەيۋىتىگە گەپ تېپىپ بېرىسىز شۇ. بۇ يەردە بولسىڭىز، غەيۋەتكە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئەڭ ياخشى تۇيغۇلاردا بولىسىز.
ئانا سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئەقىللىق ئادەمنىڭ يېقىملىق گەپلىرى، لىزا مېركالوۋانىڭ ئانىغا بولغان ياخشى كۆڭلى، ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئۆزى ئادەتلەنگەن بۇ خىل كەيپىياتى — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلگە شۇنچىلىك يېنىكلىك بېرەتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئۇ ئىش بولسا شۇنچىلىك قىيىن، شۇنچىلىك ئاۋارىچىلىك بولغاچقا، ئانا شۇنى ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدى:

ۋرونسكىيغا چۈشەندۈرىدىغان ئۇ ئېغىر ئىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ قېلىپ قالامدۇ يا؟ لېكىن، ئۇ ئىش ئۈستىدە بۈگۈن بىر قارارغا كېلىۋەتمەي ئۆيگە قايتىپ بارسا قانداق ئىش بولىدىغانلىقىنى، بىشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان ئۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئاخىر ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

# 19

ۋرونسكىي كۆرۈنۈشتە ئالاقە سورۇنلىرىنىڭ يەڭگىلتەك بەگزادىلىرىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىشنى تولىمۇ ئىدىتلىق قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ياش ۋاقتىدا قورال ـ ياراغ تەييارلاش مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پۇلى توگەپ كېتىپ بىرىدىن قەرز سورىغاندا، ئۇ ئادەم بەرگىلى ئۇنىماي قاتتىق ئىزاغا قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى ئاشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويمىغانىدى.

ئۇ تۇرمۇشنى دائىم سەرەمجان ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەھۋالغا قاراپ يىلدا بەش قېتىم ئۆزى يالغۇز ئۆيگە سولىنىۋېلىپ ئىقتىسادىنى تەرتىپكە سېلىپ چىقاتتى، بۇنى ھېساباتنى بوغۇش ياكى ھېساب ـ كىتاب قىلىش، دەپ ئاتىۋالغانىدى.

بەيگىنىڭ ئەتىسى ۋرونسكىي ناھايىتى ۋاقچە ئويغاندى ۋە ساقىلىنىمۇ ئالماي ھەم يۇيۇنمايلا كىيىملىرىنى كىيىپ، پۇللىرىنى، قەرز ھۆججەتلىرىنى، خەت ـ چەكلىرىنى ئۈستەل ئۈستىگە يېيىپ ئىش باشلاپ كەتتى. پېترىتسكىي ئويغىنىپ، ئاغىنىسىنىڭ ئۈستەلدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ۋرونسكىينىڭ بۇنداق چاغدا سەپرالىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا كاشىلا قىلماي دەپ، كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

خۇسۇسىي ئىشلىرىنىڭ مۇرەككەپ باش قېتىنچىلىقىغا قالغان ھەرقانداق ئادەم پەقەت بىر ئۆزىنىلا ھەل قىلىش قىيىن دەپ قارايدىغان ئاشۇنداق ئىشلارغا ئۇچرايدىغاندەك ئويلايدۇ، باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنىڭمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمايدۇ. ۋرونسكىيمۇ شۇنداق ئويلايتتى، ھەرقانداق ئادەم ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق قىيىن ئىشلارغا ئۇچرايدىغان بولسا چوقۇم باش ـ كۆزىنى تاپالماي يامان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، دەپ ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ قوياتتى. ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۈگۈن ئۇ ھېساباتىنى ئېنىقلاپ، ئىقتىسادىنىڭ قايسى ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدى.

ئۇنىڭ بۈگۈن قىلماقچى بولغان ھەم قىلىش ئاسان بولغان بىرىنچى ئىشى پۇلىنىڭ ھېسابىنى قىلىش بولدى. ئالدى بىلەن بېرىدىغان قەرزلىرىنى ئۇششاق يېزىق بىلەن سالام خەت قەغىزىگە يېزىپ چىقتى. ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى، باشقىلارغا تۆلەيدىغان قەرزى ئون يەتتە مىڭ رۇبلىدىن ئېشىپراق چىقتى، ھېسابلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۈستىدىكى پارچىسىنى قەغەزگە يازمىدى. يېنىدا بار پۇلى بىلەن بانكىدىكىسىنى قوشقاندا ئاران بىر مىڭ سەككىز يۈز رۇبلى چىقتى، يېڭى يىلدىن ئىلگىرى باشقا يەردىن كىرىدىغان كىرىمى يوق ئىدى. ۋرونسكىي قەرزلىرىنى باشقىدىن ھېسابلاپ چىقىپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ يازدى. بىرىنچى تۈرى دەررۇ قايتۇرىدىغان ياكى تەييارلاپ قويۇپ قەرز ئىگىلىرى سۈيلەپ كەلگەندىلا بېرىۋېتىدىغان پۇل ئىدى. بۇ خىلدىكى قەرز تۆت مىڭ رۇبلىغا باراتتى، ئۇنىڭ بىر مىڭ بەش يۈزى ئات سېتىۋالغاندا ئالغان، ئىككى مىڭ بەش يۈزى كۆز بويامچىلىق بىلەن ئوينىغان قىمارۋازغا ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئۇتتۇرۇپ قويغان ياش بۇرادىرى ۋېنېۋسكىي ئۈچۈن ئۈستىگە ئېلىپ تۇرغان كېپىللىك پۇلى ئىدى. ۋرونسكىي بۇ پۇلنى نەق مەيداندىلا بەرمەكچى بولغاندا (ئۇ چاغدا يېنىدا نەق پۇل بار

ئىدى)، ۋېنېۋسكىي بىلەن ياشۋىن ئىككىسى قىمار ئوينىمىغان ۋرونسكىيغا تۆلەتكۈزمەي ئۆزىمىز تۆلەيمىز، دەپ تۇرۇۋېلىپ، نەتىجىدە ۋرونسكىي پەقەت ئاغزىدىلا كېپىل بولۇپ، ئۇنى ئۇ پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ يامان ئىشقا ئارىلاشمىغان، پەقەت كېپىل بولۇپ قالغانلا يېرى بار ئىدى، شۇڭا ئاشۇ ئىككى مىڭ بەش يۈز رۇبلىنى ئۇ ئالدامچى قىمارۋازغا بېرىۋەتمىسە بولمايتتى، مۇشۇ پۇلنى قوشقاندا، ئالدى بىلەن قايتۇرىدىغان قەرزى تۆت مىڭ رۇبلى چىقتى. ئىككىنچى تۈردىكىسى قايتۇرۇشقا ئالدىرىمىسىمۇ بولىدىغان قەرزلەر ئىدى، ھەممىسىنى قوشقاندا سەككىز مىڭ رۇبلىغا باراتتى. ئاساسلىقى، بەيگە مەيدانىدىكى ئاتخانىنىڭ ئىجارە ھەققى، ئارپا، قۇرۇق ئوت ـ چۆپ ساتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ، ئات ئۆگىتىدىغان ئىنگلىزنىڭ، ئاتنىڭ جابدۇقلىرىنى ساتىدىغان سودىگەرنىڭ پۇللىرى ئىدى، بۇنىڭغا ئىككى مىڭ رۇبلى بولسا ئۇلارنى رازى قىلغىلى بولاتتى. ئەڭ ئاخىرقى قىسمى ماگىزىنىنىڭ، مېھمانخانىنىڭ ۋە ماشىنىچىنىڭ پۇللىرى ئىدى، بۇلارغا ئالدىراپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭغا چىددىي كېرەك بولىدىغىنى ئالتە مىڭ رۇبلى بولۇپ، ھازىر يېنىدا بارى بىر مىڭ سەككىز يۈز رۇبلى ئىدى. ۋرونسكىيغا ئوخشاش يىلدا يۈز مىڭ رۇبلى كىرىمى بار دەپ قارىلىدىغان ئادەم ئۈچۈن بۇنچىلىك قەرزنى قايتۇرۇش چوڭ ئىشمۇ ئەمەس ئىدى، لېكىن بۇ يەردىكى گەپ، ئۇنىڭ ئۇنچىلىك كىرىمى يوق ئىدى. دادىسىدىن قالغان يىلىغا ئىككى يۈز مىڭ رۇبلىلىق ساپ دارامەت بېرىدىغان چوڭ زېمىنى ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ بولۇپ، تېخى بۆلۈنمىگەنىدى. ئاكىسى ھېچقانداق بايلىقى يوق بىر دېكابىرستنىڭ قىزى ۋارە چېركاۋاغا قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرۇپ ئۆيلەنگەنىدى. نەتىجىدە، ۋرونسكىي دادىسىدىن قالغان مىراسنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك كىرىمىنىڭ ھەممىسىنى ئاكىسىغا ئۆتۈنۈۋەتكەن، ئۆزىگە پەقەت يىلىغا يىگىرمە بەش مىڭ رۇبلىلا

ئىلىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا ئاكىسىغا، ئۆيلەنگۈچە بۇ پۇل ماڭا يېتىدۇ، بەلكىم مەڭگۈ ئۆيلەنمەسمەن، دېگەنىدى ... ئاكىسى شۇ چاغدا ئەڭ داڭلىق بىر پولكنىڭ كوماندىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى ئۆيلەنگەن بولغاچقا، ئىنىسىنىڭ بۇ سوۋغىتىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئاپىسىنىڭمۇ نۇرغۇن يەر - زېمىنى بار ئىدى، يۇقىرىدا دېيىلگەن يىگىرمە بەش مىڭ رۇبلىدىن باشقا، ئۇمۇ ئۇنىڭغا يىلدا يىگىرمە مىڭ رۇبلى بېرىپ تۇراتتى، ۋرونسكىي بۇ پۇللارنى بىر تىيىنىنى قالدۇرماي خەجلەپ تۈگىتىۋېتەتتى. يېقىندا ئاپىسى ئۇنىڭ ئاننا بىلەن بىنورمال مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ۋە موسكۋادىن كېتىپ قالغانلىقى توغرۇلۇق تەرگىشىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا پۇل ئەۋەتمەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن يىلدا قىرىق بەش مىڭ رۇبلى خەجلەپ ئۆگىنىپ قالغان ۋرونسكىي يىگىرمە بەش مىڭ رۇبلى بىلەنلا قېلىپ بەكمۇ ئېغىر كۈنگە قالغانىدى. ئەمدى ئۇ ئاپىسىدىن پۇل سورىيالمايتتى. تۈنۈگۈن ئۇ ئاپىسىدىن كەلگەن خەتنى كۆرۈپ بەكمۇ خاپا بولدى. ئاپىسى خېتىدە، ئەگەر ئۇ يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان ئىشنى قىلمىسىلا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بۇ جەمئىيەت بىلەن قوشۇن ئىچىدە نەتىجە قازىنىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى پۇراتقانىدى. ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى پۇل بىلەن سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تېگىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ يا ئۆز ۋاقتىدا ئاكىسىغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالالمايتتى. گەرچە ئاننا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن چاتاق چىقىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، شۇ چاغدا ئاكىسىغا تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن ۋەدە بېرىپ قويغانلىقىنى، ئۇنداق قىلمىغان بولسا ئۇ يۈز مىڭ رۇبلى ئۆيلەنمىگەن چاغدا ئۆزىگە كەڭتاشا يېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ سەممىي، يېقىملىق يەڭگىسىنى، ئۇنىڭ ھەممىلا يەردە

ئۆزىنىڭ مەردلىكىنى ماختاپ قىلغان ياخشى گەپلىرىنى ئويلىسىلا، بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالسا ئايال كىشىنى قاتتىق ئۇرغان، ئوغرىلىق قىلغان ياكى يالغان گەپ قىلغاندەك بولۇپ نومۇسقا قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاخىر ئۇ بىر چارىنى، يەنى بىرەر جازانىخوردىن ئون مىڭ رۇبلى قەرز ئېلىپ تۇرۇشنى (بۇ قىيىن ئەمەس ئىدى)، تېجەشلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنى، بىرنەچچە بەيگە ئېتىنى سېتىۋېتىشنى قارار قىلدى. بۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئاتلىرىنى ئۆزىگە سېتىپ بېرىشنى دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىۋاتقان رولانداكىغا خەت ئەۋەتتى، ئاندىن يەنە ئەنگلىيىلىك ئات ئۆگەتكۈچى بىلەن جازانىخورنى چاقىرتتى ۋە ھەممە پۇلىنى ھېسابات دەپتىرىگە قاراپ تەقسىم قىلىپ چىقتى. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاپىسىغا سوغۇق تەلەپپۇز بىلەن كەسكىن خەت يېزىۋەتتى. ئاخىرىدا ئانىسىدىن كەلگەن ئۈچ پارچە خەتنى باشقىدىن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن كۆيدۈرۈۋېتىپ، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى ئويلاپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى.

## *20*

ۋرونسكىينى ھاياتىدا ئالاھىدە بەختلىك قىلىپ تۇرغان نەرسە ئۆز ئالدىغا تىكلىۋالغان نېمىنى قىلسا بولىدىغان، نېمىنى قىلسا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى تۇرمۇش مىزانى ئىدى. بۇ مىزان ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىلەر گەرچە چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما شۈبھىسىز ئىدى، ۋرونسكىي ئۇ مىزان دائىرىسىدىن زادىلا چىقىپ كەتمەيتتى، قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشقا قىلچە ئىككىلەنمەيتتى. بۇ مىزاندا بۇنداق نەرسىلەر ئېنىق بەلگىلەنگەنىدى: مۇتتەھەم قىمارۋازنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىشكە

بولىدۇ، ماشىنىچىنىڭ پۇلىنى بەرمىسىمۇ بولىدۇ؛ ئەرلەرگە يالغان سۆزلەشكە بولمايدۇ، ئاياللارغا بولىدۇ؛ باشقىلارنى ئالداشقا بولمايدۇ، ئېرىنى ئالداشقا بولىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ھاقارىتىنى كەچۈرۈشكە بولمايدۇ، باشقىلارنى ھاقارەتلەشكە بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر بەلكىم توغرا ھەم مۇۋاپىق گەپلەر ئەمەستۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى. ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ مۇشۇ مىزان بويىچە ئىش قىلىۋاتقىنىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەغرۇر يۈرەلەيتتى. لېكىن، ئۇ يېقىندا ئاننا بىلەن تونۇشۇپ قالغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ بۇ مىزانىنىڭ ھەممىلا ئىشقا مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى، كەلگۈسى بىر كۆڭۈلدە يېتەكچى پىكىرنى تاپالماي قىيىنچىلىقلارغا، شۇبھىلەرگە يولۇقۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ قالدى.

ئاننا ۋە ئۇنىڭ ئېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭغا ئاددىي ۋە ئېنىق ئىدى، ھەرىكەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مىزانىدا بۇ خىل مۇناسىۋەت توغرۇلۇق ئېنىق بەلگىلىمە بار ئىدى.

ئاننا دۇرۇس ئايال بولۇپ، پۈتۈن مۇھەببىتىنى ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكەنىدى، ۋرونسكىيمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى قانۇنلۇق خوتۇنىغا ئوخشاش، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپرەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا مۇناسىپ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇنى سۆز ياكى دارىتما گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەشكە ياكى ئايال كىشى ئېرىشىشكە تېگىشلىك ھۆرمەتنى ئازراقلا بىلدۈرۈپ قويۇشقا كاللىسىنى ئېلىۋەتىسىمۇ كۆنمەيتتى.

ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان قاراشلىرىمۇ ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشىنى باشقىلار بىلىشى، بىلمىسىمۇ گۇمان قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ھېچكىم ئاغزىدىن چىقارماسلىقى كېرەك ئىدى، چىقىرىپلا قويسا، ئۇ بىر ئامال قىلىپ تىلى ئۇزۇن ئۇ ئادەمنىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرالايتتى ۋە ئۇ ئادەمنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئۇ ئايالنىڭ كۆككە سورۇلغان ئابرۇيىنى ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇر

قىلالايتتى.

ئۇنىڭ ئانىنانىڭ ئېرىگە بولغان مۇئامىلىسى تېخىمۇ روشەن ئىدى، ئاننا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان سائەتتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئانناغا بولغان ھوقۇقىنى دەخلىسىز، دەپ بىلگەنىدى. ئانىنانىڭ ئېرى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئارتۇقچە بىر بىزارى ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى شۇبھىسىزكى ئىنتايىن ئېچىنارلىق، لېكىن ئىلاج قانچە؟ ئۇنىڭ پەقەت بىرلا ھوقۇقى بار، دۇئېلغا چىقىشى كېرەك ئىدى، ۋرونسكىي بولسا دەسلەپكى ئاشۇ بىر دەقىقىدىلا بۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى.

بىراق، يېقىندا ئاننا بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقىلارغا ئېيتىپ بولمايدىغان يېڭىچە بىر مۇناسىۋەت پەيدا بولۇپ قالغانىدى، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايتتى، ۋرونسكىي بۇنىڭدىن قورقۇپ قېلىۋاتاتتى. تۈنۈگۈن ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇ خەۋەرنىڭ ۋە ئانىنانىڭ ئۆزىدىن تەلەپ قىلىۋاتقىنىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان مىزانىنىڭ دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلگەن ۋە ئاننا ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى جاكارلىغان ھامان ئۆزىگە ئۆزى سىگنال بېرىپ، ئۇنى ئېرىدىن ئاجرىشىشقا دەۋەت قىلغانىدى. لېكىن، ھازىر ئويلاپ باقسا، ئۇنداق قىلىشقا زادىلا بولمايدىكەن. ئۇ ئەمدى ئويلاپ قورقۇشقا، ئۇنداق قىلسام بولماسمىكىن، دەپ ئەنسىرەشكە باشلىدى.

ئۇنى ئېرىدىن ئاجراشتۇرۇۋالسا ئۆزى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىشى كېرەك ئىدى. مېنىڭدە شۇنىڭغا تەييارلىق بارمۇ؟ پۇلۇم بولمىسا ئۇنى قانداق باقىمەن؟ ئۇنىڭ ئامالىنى قىلغان تەقدىردىمۇ ... ھازىر ھەربىيلىكتە تۇرسام، ئۇنى نەگە ئېلىپ بارىمەن؟ ئۇ چاغدا ئاغزىمدىن چىققان گەپكە ئىگە بولۇپ شۇنداق قىلىشىم، يەنى پۇل تەييارلىشىم، ھەربىيلىكتىن چېكىنىشىم

كىرەك.

ئۇ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى، ھەربىردىن چىكىنىش - چېكىنمەسلىك مەسىلىسى ئۇنى پۈتۈن ھاياتىنىڭ يوشۇرۇن، ئەمما ئاساسىي مەقسىتى بولۇپ كەلگەن، بىر ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان بىر مەسىلىگە باشلاپ قويىدى.

ئۇ بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا شۆھرەتكە ئىنتىلەتتى. ئۆزىدە بۇنداق ئىنتىلىشنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئارزۇ ئۇنىڭدا شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدى، مانا ئەمدى شۇ ھەۋىسى مۇھەببىتى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالاقە سورۇنلىرى ۋە ھەربىي ساھەدىكى دەسلەپكى قەدەملىرى خېلى ئوڭۇشلۇق بولغانىدى، لېكىن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئەخمىقانە بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۆز كۈچۈم بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيمەن، دېگەن مەقسەت بىلەن باشقىلار كۆرسەتكەن خىزمەتنى رەت قىلغان، بۇ ئارقىلىق ئابرۇيۇمنى تېخىمۇ ئاشۇرىمەن، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئۇ ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ ئامالسىز ئۆزىنى ھەقىقىي ئەركەكتەك تۇتۇپ، خۇددى ھېچكىمدىن رەنجىمىگەندەك، كۆڭلى يېرىم بولمىغاندەك روھىي ھالەت بىلەن، مەن شۇنداق ياخشى ياشاۋاتىمەن، ھېچكىم مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئارىلاشمىسۇن، دەپ ئۆزىنى خۇشال تۇتقاندەك قىلىپ يۈرۈۋەردى. ئەمما، بۇلتۇر موسكۋاغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن سەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان، ھېچقانداق ئادەمگە تايانمايمەن دەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئانچىمۇ ۋاي دەپ كەتكۈدەك ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنى ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان تۈز كۆڭۈل بالا، دەپ بىلىدىغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كارېنىنا خانىم بىلەن بولغان ئىشى پۈتۈن

شەھەرگە يۈز كېتىپ ئازراق داڭقى ئاشقاندەك بولۇپ، شۆھرەتپەرەسلىكىگە ئازراق بولسىمۇ مەلھەم بولغانىدى، لېكىن بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئاڭلىغان بىر ئىش ئۇنىڭ ئۇ خىل روھىي ھالىتىنى يەنە قوزغاپ قويدى. بىر يىلدا تۇغۇلغان، بىللە ئوقۇغان، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بالا ۋاقتىدىكى ئاغىنىسى ھەم دۆلەت مۇداپىئە مەكتىپىدە بىللە ئوقۇپ، بىللە پۈتكۈزگەن، ئوقۇشتا، تەنتەربىيىدە، شۆھرەتپەرەسلىكتە بەسلىشىپ يۈرگەن ساۋاقدىشى ھەم رەقىبى سىرپۇخوۋسكوي يېقىندىلا ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىككى ھەربىي دەرىجە ۋە ئوردېن ئېلىپ گېنېراللىق ئۇنۋان بىلەن قايتىپ كەلگەنىدى.

ئۇ پېتېربۇرگقا كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنى سەھەردە كۆتۈرۈلگەن نۇرلۇق چولپانغا ئوخشىتىپ قىزغىن غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. ئۇ ۋرونسكىي بىلەن ھەم ساۋاقداش، ھەم قۇرداش ئىدى، مانا بۈگۈن گېنېرال بولۇپ كېتىپتۇ. كىم بىلىدۇ، ئەتە - ئۆگۈن سىياسىي ۋەزىيەتنى ئۇيان - بۇيان قىلالايدىغان مۇھىم ئەربابقا ئايلىنىپ كېتەمدۇ تېخى. ۋرونسكىيچۇ؟ ئۇ گەرچە ھېچكىمگە بويسۇنمايدىغان، مۇستەقىل ياشايدىغان، ئابرۇيىمۇ بار، گۈزەللىكتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر نازىنىننىڭ مۇھەببىتىگە نائىل ئادەم بولسىمۇ، ئەمما تېخىچە ئەركىن يۈرىدىغان ئاتلىق ئەسكەر مايورى. «ئەلۋەتتە، سىرپۇخوۋسكويغا ھەۋەس قىلمايمەن، ھەۋەس قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى مېنى سەگىتىپ قويدى، پۇرسەت كەلسىلا ماڭا ئوخشاش ئادەملەرمۇ تېز كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ دەرىجىسى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەگەر مەن ھەربىيلىكتىن چېكىنىدىغان بولسام ئىستىقبالىمنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن، ھەربىيلىكتە قالسام ھېچ نەرسىدىن مەھرۇم بولمايمەن. ئاننا ھازىرقى ھالىتىمنى ئۆزگەرتىشىمنى خالىمايدىغانلىقىنى دېگەن. ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل تۇرۇپ،

سىرپۇخوۋسكويغا ھەۋەسلىنىپ يۈرسەم بولمايدۇ.» ئۇ بۆرۆتىنى تولغاپ قويۇپ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە مىڭىپ يۈردى، كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ خاتىرجەم ھەم خۇشال ئىدى. ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ قىلىدىغان ئىشىنى ئېنىق بېكىتىۋالغاندىن كېيىن مۇشۇنداق ھالەتتە بولاتتى. پۇللىرىنىڭ ھېسابىنى چىقىرىۋالغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش، ھازىرمۇ ھەممە ئىشلىرى ئېنىق، روشەن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ساقىلىنى ئېلىپ، سوغۇق سۇدا يۇيۇنۇۋېلىپ، ئاندىن كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقتى.

# 21

— مەن سېنى ئالغىلى كەلدىم، — دېدى پېترىتسكىي، — يېرىم كۈن ھەپىلىشىپمۇ تېخىچە تۈگىتەلمىدىڭمۇ؟

— تۈگەتتىم، — دېدى ۋرونسكىي كۆزلىرىدە كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە خۇددى يېرىم كۈن ئولتۇرۇپ تەرتىپىگە سېلىۋالغان ئىشلىرىنى ھەرقانداق بىر ئارتۇقچە ئىتتىك ھەرىكىتىم بۇزۇۋېتەمسۇن، دەپ قورققاندەك بۆرۈتىنى ئاستا سىلاپ قويدى.

— سەن ھەر قېتىم شۇ ئىشىڭدىن كېيىن خۇددى مۇنچىدىن چىققاندەك بولۇپ قالىسەن، — دېدى پېترىتسكىي يەنە، — شۇ تۇرقىدا مەن گرىتسكىينىڭ (ئۇلار پولك كوماندىرىنى شۇنداق دېيىشەتتى) يېنىدىن كېلىشىم، ھەممىسى سېنى شۇ يەردە ساقلاۋاتىدۇ.

ۋرونسكىي ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى، كۆزلىرى ئۇنىڭدا، باشقا بىر ئىشنى ئويلاۋاتاتتى.

— ھۇي، بۇ مۇزىكىنى شۇ چېلىۋاتامدۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان بوم كاناي ئۇنىڭغە، پولكا ۋە ۋالىسلارنىڭ

تونۇش ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىۋېتىپ، — ئۇلار نېمىنى تەبرىكلىشىۋاتىدۇ؟
— سېرپۇخوۋسكوي كەلگەن.
— ھەي! — دېدى ۋرونسكىي، — ئەجەب مەن ئۇقماپتىمەنغۇ.
ئۇنىڭ كۆزلىرى كۇلكىدىن تېخىمۇ چاقناپ كەتتى.
ۋرونسكىي مۇھەببىتىمدىن بەختلىكمەن، دەپ ئۆزىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى مۇھەببىتى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا رازى بولغان ۋە ئۆزىگە شۇنى مەقسەت قىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقىمۇ، سېرپۇخوۋسكويغا ئىچى تارلىق قىلمىدى ھەم ئۇنى پولكقا كەلگەن تۇرۇقلۇق كۆرۈشكىلى ئالدىمغا كەلمەپتۇ، دەپ خاپىمۇ بولمىدى. سېرپۇخوۋسكوي ياخشى ئۆتكەن ئاغىنىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە تەبىئىي ھالدا خۇشال بولدى.
— بۇ خەۋەر مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدى.
پولك كوماندىرى ديومىن پومېشچىكنىڭ يوغان بىر ئۆيىدە تۇراتتى. ھازىر ھەممىسى پەستىكى بالكونغا يىغىلىشقانىدى. ۋرونسكىينىڭ بىرىنچى بولۇپ كۆزىگە چۈشكىنى ھويلىدىكى يوغان ھاراق تۈڭىنىڭ يېنىدا تۇرغان، ھەربىي فورما كىيگەن ناخشىچىلار بىلەن ئوفىتسېرلار ئوراپ تۇرغان پولك كوماندىرىنىڭ ساغلام، خۇش چاقچاق گەۋدىسى بولدى. پولك كوماندىرى بالكوننىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا چىقىۋېلىپ ياندا تۇرغان ئەسكەرلەرگە نېمىنىدۇر بۇيرۇپ قولىنى سىلكىۋاتاتتى، ئاۋازى ئوففېنباخنىڭ كاردىل ئۇسسۇل مۇزىكىسىغا چېلىۋاتقان مۇزىكانتلارنىڭ مۇزىكا ئاۋازلىرىنى بېسىپ كەتكەنىدى. بىرنەچچە جەڭچى، پولك لاۋازىمەتچىسى ۋە بىرنەچچە ئۇنتېر ئوفىتسېر ۋرونسكىي بىلەن بىللە بالكوننىڭ يېنىغا كەلدى. كوماندىر ئۈستەلگە بېرىپ بىر رومكا ھاراقنى قولىغا ئالدى ـ دە، يەنە جايىغا قايتىپ كېلىپ: «ئىلگىرىكى يولدىشىمىز، قەھرىمان گېنېرال، كىنەز سېرپۇخوۋسكوينىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچەيلى، ھۇررا !» دەپ قەدەھ كۆتۈردى.

پولك كوماندىرىنىڭ كەينىدىنلا سېرپۇخوۋسكوي رومكىنى قولىغا ئېلىپ كۆلۈپ تۇرۇپ قەدەھ سۆزى قىلدى.

— سەن تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىپسەنغۇ، — بونداىرىنكو، — دېدى ئۇ يېنىدا ئۆرە تۇرغان پولك لاۋازىمەتچىسىگە قاراپ. بونداىرىنكو ئىككىنچى قېتىم ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە قالغانىدى، يېشى چوڭ بولسىمۇ، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، خۇددى ياش بالىلاردەك تۇراتتى.

ۋرونسكىينىڭ سېرپۇخوۋسكوينى كۆرمىگىنىگە ئۈچ يىل بولغانىدى. سېرپۇخوۋسكوي چېكە چاچلىرىنى قويۇۋەتكەن بولغاچقا، سەل قېرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ئومۇمىي تۇرقى شۇ يىللاردىكىدەكلا ئىدى. چىرايى، سالاپىتىدىن كۆرە، قامىتىدىكى يېقىملىقلىق، ئالىيجانابلىق ۋە ھەيران قالارلىق خۇش پېئىللىق شۇ پېتى ئىدى. ۋرونسكىي بايقىغان ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىرلا ئۆزگىرىش، ئابرۇي قازانغان ۋە شۇ ئابرۇيى بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن ئادەملەرنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان تەمكىنلىك ۋە ئىشەنچتىن پارلاپ تۇرغان نۇر ئىدى. ۋرونسكىي بۇ خىل نۇرنى بەكمۇ بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى سېرپۇخوۋسكوينىڭ چىرايىدا دەررۇ بايقىيالىدى.

سېرپۇخوۋسكوي پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا ۋرونسكىينى كۆرۈپ قېلىپ خۇشال كۈلگەنىدى، ئۇ نۇر تېخىمۇ پارلىنىپ كەتتى. ئۇ ۋرونسكىيغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، يىراقتىن رومكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سالام بەردى، ئارقىدىنلا پولك لاۋازىمەتچىسى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قويمىسا بولمايدىغاندەك، ئۇنىڭغىمۇ شۇ ھەرىكەتنى قىلدى. پولك لاۋازىمەتچىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەك بولۇپ بويۇنلىرىنى سوزۇپ، كالپۇكلىرىنى ئۈچلاپ تەييار بولۇپ تۇرغانىدى.

— ئەنە، ئۇمۇ كەپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى پولك كوماندىرى، — ياشۇن ماڭا سېنى كەيپى تازا ياخشى ئەمەس، دېگەن.

سىرپوخوۋسكوي پولك لاۋازىمەتچىسىنىڭ پۇرۇلۇپ تۇرغان ئاغزىغا بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، ئارقىدىن قولياغلىقى بىلەن كالپۇكلىرىنى سۇرتۇۋېتىپ ۋرونسكىينىڭ يېنىغا كەلدى.

— كۆرۈشكىنىمىزگە تولىمۇ خۇشالمەن، — دېدى ئۇ ۋرونسكىينىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ بىر چەتكە تارتىپ.

— ئۇنى سىز كۈتۈڭ، — دېدى پولك كوماندىرى ۋرونسكىينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ياشۋىنغا توۋلاپ. ئاندىن جەڭچىلەر تۇرغان تەرەپكە كەتتى.

— تۈنۈگۈن نېمىشقا بەيگىگە بارمىدىڭ؟ مەن سەن بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشىمەنغۇ دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ۋرونسكىي سىرپوخوۋسكوينى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ.

— بېرىشىم باردىم، ئەمما كېچىكىپ قاپتىمەن، ئىسىت دەپ قالدىم، — دېدى سىرپوخوۋسكوي جاۋاب بېرىپ. ئارقىدىن مۇھاپىزەتچىسىگە بۇرۇلدى، — مېنىڭ ئورنۇمدا ھەممەيلەنگە تەڭ بۆلۈپ بېرىڭ.

ئۇ شۇنداق دەپلا قىزىرىپ كەتتى ۋە ئالدىراپ ھەميىنىنى ئېلىپ ئىچىدىن يۈز رۇبلىلىق پۇلدىن ئۈچنى چىقاردى.

— ۋرونسكىي! ئازراق بىر نەرسە يەمسەن ياكى ئىچەمسەن؟ — دەپ سورىدى ياشۋىن، — ھەي، گرافقا يەيدىغانغا ئازراق بىر نەرسە كەلتۈرۈڭلار! ئاۋۋال مۇنۇنى ئىچىۋالغىن.

پولك كوماندىرىنىڭ ئۆيىدىكى زىياپەت ئۇزاق داۋاملاشتى.

ئۇلار ناھايىتى كۆپ ئىچىشتى. سىرپوخوۋسكوينى كۆتۈرۈۋېلىپ چايقاشتى، ئاسمانغا ئېتىشتى، ئارقىدىن پولك كوماندىرىنىمۇ شۇنداق قىلىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن پولك كوماندىرى بىلەن سىرپوخوۋسكوي ناخشىچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. بىر چاغدا پولك كوماندىرى چارچاپ قېلىپ، ھويلىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، رۇسىيىنىڭ پرۇسسىيىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمدا يامانلىقىنى ياشۋىنغا سۆزلەپ كەتتى.

زىياپەت بىر پەسكە توختاپ قالدى. سىرپوخوۋسكوي قولىنى يۇماقچى بولۇپ يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ ۋرونسكىينىڭمۇ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ فورمىسىنى سېلىۋېتىپ، جۇمەكنىڭ تېگىگە بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ بوينى بىلەن بېشىنى سوغۇق سۇدا يۇيۇۋاتقانىكەن. ۋرونسكىي بېشىنى يۇيۇپ بولۇپ چىقىپ سىرپوخوۋسكوينىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىككىسى ساپادا ئولتۇرۇپ ئىككىلىسى قىزىقىدىغان ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشتى.

— مەن سېنىڭ خەۋىرىڭنى خوتۇنۇمدىن دائىم ئاڭلاپ تۇردۇم، — دېدى سىرپوخوۋسكوي، — سەن ئۇنىڭ بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىدىكەنسەن، ئاڭلاپ خۇش بولدۇم.

— سېنىڭ خوتۇنۇڭ ۋارە بىلەن دوست، پېتېربۇرگدا كۆرسەم خۇشال بولىدىغان ئاياللار پەقەت شۇ ئىككىسىلا، — دېدى ۋرونسكىي كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ پاراڭنىڭ قانداق تېمىغا يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كۈلگەنىدى.

— پەقەت شۇ ئىككىسىلىمۇ؟ — سورىدى سىرپوخوۋسكوي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلىپ تۇردۇم، يالغۇز خوتۇنۇڭ ئارقىلىقلا ئەمەس، — دېدى ۋرونسكىي ئۆزىگە بېرىلىۋاتقان بېشارەتنى جىددىي چىرايى بىلەن بېسىشقا تىرىشىپ، — سېنىڭ نەتىجىلىرىڭگە بەكمۇ خۇش بولدۇم، ئەمما قىلچە ئەجەبلەنمىدىم، ئەكسىچە تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىڭنى ئۈمىد قىلدىم.

سىرپوخوۋسكوي كۈلۈپ قويدى. ئۇ ۋرونسكىينىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىدىن خۇشال بولدى ۋە بۇ خۇشاللىقنى ئىچىدە بىلىشنى ھاجەتسىز دەپ ئويلاپ، دېدى:

— راستىمنى ئېيتسام، ئەكسىچە، نەتىجەمنى ئۈنچىلىك كۆپ ئەمەستۇ، دەپ ئويلىغانمەن. بۇ گېپىڭنى ئاڭلاپ خۇشال بولدۇم،

بەكمۇ خۇشال بولدۇم. مەن شۆھرەت قازىنىشنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم، بۇنىڭغا ئىقرارمەن.

— ئەگەر سەن شۇ نەتىجىلەرنى قازانمىغان بولساڭ، ئۇنىڭغا ئىقرار بولماسلىقىڭمۇ مۇمكىن ئىدى، — دېدى ۋرونسكىي.

— ئۇمۇ ناتايىن، — دېدى سېرپۇخوۋسكوي يەنە كۈلۈپ كېتىپ، — مەن، ئۇنداق نەتىجە بولمىغان بولسا ياشاشقا ئامالسىز قالاتتىم، دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن كۆڭۈلسىز ئىش بولاتتى. ئەلۋەتتە، يېڭىلىشىۋاتقان بولۇشۇممۇ مۇمكىن، ئەمما تاللىۋالغان ئۇ كەسپىم ساھەسىدە ئازراق قابىلىيىتىم بار دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قولۇمغا قانداقلا ھوقۇق چۈشسۇن، ئۇ ھوقۇقنى مەن بىلىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشكەندىن ياخشى، دەپ بىلىدىغان تەرىپىممۇ بار، — دېدى سېرپۇخوۋسكوي تولىمۇ مەغرۇر قىياپەتتە، — شۇڭا ماڭا تەگكەن ھوقۇق قانچە چوڭ بولسا شۇنچە خۇشال بولىمەن.

— سەن ئۈچۈن شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما باشقىلارغا ناتايىن. مەندىمۇ دەسلەپتە شۇنداق خىياللار بولغان، ئەمما ھازىر ئويلاپ باقسام، يالغۇز شۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشاش ئەرزىمەيدىغان ئىش ئىكەن، — دېدى ۋرونسكىي.

— توغرا! توغرا! — دېدى سېرپۇخوۋسكوي كۈلۈپ كېتىپ، — بايا مەن سەن ھەققىدە، سېنىڭ يېڭى خىزمەتنى رەت قىلغانلىقىڭ توغرىسىدا گەپ باشلىۋىدىم ... ئەلۋەتتە، مەن سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى ماقۇل كۆردۇم، لېكىن ھەر نەرسىنىڭ ئۆز يولى بار. سېنىڭ ئويلىغىنىڭ، قىلغىنىڭمۇ توغرا، ئەمما ئۇسۇلۇڭ توغرا بولمىغان.

— بولار ئىش بولۇپ بولدى، ئەمدى دېگەننىڭ پايدىسى يوق. ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلمايدىغان ئادەممەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئىشلىرىممۇ جايىدا كېتىۋاتىدۇ.

— ئىشلىرىڭنىڭ جايىدا كېتىۋاتقىنى راستتۇ، ئەمما بۇ ۋاقىتلىق، سەن بۇنىڭغا قانائەت قىلمايسەن. بۇ گەپنى مەن

سىنىڭ ئاكاڭغا قىلمايمەن. ئۇ قولىقى يۇمشاق ياخشى بالا، خۇددى بۇ يەرنىڭ ئىگىسىگە ئوخشاش. ئەنە ئۇ كەلدى! — ئۇ «ھۇررا!» سادالىرىغا قولاق سالغاچ گەپ قىلىۋاتاتتى، — ئۇ ھازىر ناھايىتى خۇشال، ئەمما سەن ئۇنىڭدەك قانائەتچان ئەمەس.

— مەن ھازىرقى ئورنۇمغا قانائەت قىلىدىغانلىقىمنى دېمىدىم.

— گەپ ئۇنىڭدىلا ئەمەس، ساڭا ئوخشاش ئادەملەر كېرەك.

— كىمگە كېرەك؟

— كىمگە كېرەك بولاتتى، جەمئىيەتكە. رۇسىيە تالانت ئىگىلىرىگە موھتاج، بىر سىياسىي پارتىيىگە موھتاج، بولمىسا ھەممە نېمە تۈگىشىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ رۇسىيە كوممۇنىزمچىلىرىغا قارشى بېرتېنېفنىڭ پارتىيىسىنى دېمەكچىمۇ؟

— ياق! — دېدى سېرپۇخوۋسكوي ئۇنىڭ ئۆزىنى بولمىغۇر خىياللاردا بولۇۋاتىسەن دەپ گۇمان قىلغانلىقىغا خاپا بولۇپ. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى، — *بۇ قۇرۇق گەپلەر.* بۇنداق قۇرۇق گەپلەردىن ئادەم مەڭگۈ نېرى بولالمايدۇ. بۇ يەردە كوممۇنىزمچىلارنىڭ گېپى بولغىنى يوققۇ. ئەمما، سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەر دائىم زىيىنى بار خەۋپلىك پارتىيىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىۋېرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەن ئادىتى. ھازىر بىزگە سەن بىلەن ماڭا ئوخشاش مۇستەقىل ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن كۈچلۈك بىر سىياسىي پارتىيە كېرەك.

— نېمىگە شۇنداق كېرەك؟ — ۋرونسكىي شۇنداق سوئال قويۇپ، ئارقىدىن قولىدا ھوقۇقى بار بىرقانچە ئادەمنى ساناپ چىقتى، — نېمىشقا بۇ ئادەملەر مۇستەقىل ئادەملەر ھېسابلانمايدۇ؟

— چۈنكى، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بايلىقى، ئېسىلزادە نەسەبنامىسى يوق، بىزگە ئوخشاش تۇغۇلۇپلا قۇياشقا يېقىنلىشالىغان ئەمەس، شۇڭا پۇلغا ياكى مەرتىۋىگە ئاسانلا

سېتىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش نەزەرىيىنى ئويلاپ چىقىشلىرى كېرەك. ئۇلار بىر خىل ئىدىيىنى، بىر خىل نەزەرىيىنى، ھەتتا ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمەيدىغان بىر خىل زىيانلىق نەزەرىيىنى تەرغىب قىلىشىدۇ، مەقسىتى ئەمەلگە، پۇلغا ئېرىشىش، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مەقسەتلىرى *پەقەت شۇنچىلىككلا*. مەن ئۇلاردىن كەم تۇرىدىغان ھېچقانداق يېرىمنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇلارغا يەتمەسمەن، ئۇلاردىن ئەخمەقتۇرمەن. ئەمما، بىزنىڭ بىر تەرىپىمىز ئۇلاردىن ئارتۇق، يەنى بىز ئاسان سېتىلىپ كەتمەيمىز، بۇنداق ئادەملەر ھازىر ھەرقانداق نەرسىدىنمۇ بەكرەك كېرەك.

ۋرونسكىي ئۇنىڭ گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى سېرپۇخوۋسكوينىڭ گەپلىرى ئەمەس، ئومۇمىي ئىشلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى ئىدى. ۋرونسكىينىڭ خىزمىتى پەقەت ئاتلىق ئەسكەرلەر روتىسىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن تۇرسا، سېرپۇخوۋسكوي ھوقۇقدارلار بىلەن كۆرەش قىلىشنى ئويلاپ يۈرۈپتۇ، يەنە تېخى ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن نەپرىتىنىڭ روشەنلىكىچۇ تېخى. ۋرونسكىي سېرپۇخوۋسكوينىڭ پىكىر قىلىشتىكى، مەسىلىلەرنى چۈشىنىشتىكى گەۋدىلىك قابىلىيىتى، ئەقىللىقلىقى ۋە ناتىقلىقىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دائىرە ئىچىدە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدى ۋە ئۆزىگە ئۇيات بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىگە ئىچى ئاچچىق بولدى.

— بۇ جەھەتتە مەندە مۇھىم بىر نەرسە كەم، — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭغا جاۋابەن، — مەنسەپكە بەكمۇ قىزىقىپ كەتمەيمەن. بۇرۇن قىزىقاتتىم، لېكىن ھازىر ۋاقتى ئۆتتى.

— مېنى كەچۈرگىن، بۇ سېنىڭ راست گېپىڭ ئەمەس، — دېدى سېرپۇخوۋسكوي كۈلۈپ كېتىپ.

— ياق، راست دەۋاتىمەن ... ھازىر شۇنداق بولۇپ

قالدىم، — ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ سەمىمىي گەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاخىرىدىكى گەپنى قوشۇپ قويدى.

— شۇنداق، ھازىرقىسى راست بولسا، بۇ باشقا گەپ. لېكىن، سەن دېگەن ھازىر مەڭگۈلۈك ئەمەس - دە.

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ، — دېدى جاۋابەن ۋرونسكىي.

— سەن ئېھتىمال دەيسەن، — دېدى سېرپۇخوۋسكوي ۋرونسكىينىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن شۇبھىسىز دەيمەن. سېنىڭ بىلەن كۆرۈشەي دېگىنىممۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى. سەن توغرا ئىش قىپسەن، بۇنى مەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، ئەمما جاھىللىق قىلما. مەن سەندىن ماڭا ئازراق *ھەرىكەت ئەركىنلىكى* بېرىشىڭنى سورايمەن. مەن سېنىڭ غەمخورۇڭ بولاي دەۋاتقىنىم يوق ... ئەمما، غەمخورۇڭ بولسام نېمە بوپتۇ؟ سەنمۇ ماڭا شۇنچىلىك كۆپ غەمخورلۇق قىلغانغۇ! بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق، — ئۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئاياللارغا ئوخشاش يېقىملىق كۈلۈپ قويدى، — سەن ماڭا *ھەرىكەت ئەركىنلىكى* بەرگىن - دە، پولكتىن چىقىپ كەت، مەن سېنى ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي ئۆستۈرىمەن.

— لېكىن، شۇنى چۈشەنگىنكى، — دېدى ۋرونسكىي، — ماڭا ھېچقانداق نەرسە كېرەك ئەمەس، مۇشۇ ھالىتىمنى ساقلاپ قالسام بولدى.

سېرپۇخوۋسكوي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ۋرونسكىيغا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ دېدى:

— سەن مۇشۇ ھالىتىمنى ساقلاپ قالسام بولدى دەۋاتىسەن، لېكىن مەن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ بولدۇم. گېپىمگە قۇلاق سال، ئىككىمىزنىڭ يېشى تەڭ، بەلكىم سەن ماڭا قارىغاندا كۆپرەك ئاياللار بىلەن تونۇشىدىغانسەن، — سېرپۇخوۋسكوينىڭ كۈلۈشلىرى بىلەن قىياپىتى ۋرونسكىيغا، نازۇك جايىڭغا ئاۋايلاپ، ئېھتىيات بىلەن تېگىمەن، بۇنىڭدىن

قورقـۇپ كەتمە، دېگەننى بىلدۈرۈپ تۇراتتى، ـــ مەن ئـۆيلەنگـەن ئادەممەن، ماڭا ئىشـەنسەڭ، كىـمدۇر بىرى ئـېيتقـاندەك، ياخشـى كۆرگەن خوتـۇنۇڭنى چۈشەنسەڭ، ئـۆزۈڭ تونۇشـىدىغان مـىـڭ خوتۇننى چۈشەنگەندەك بولـىسەن.

ـــ مانا هازىر چىقىمـىـز ! ـــ دېدى ۋرونسكـىي ئىشـىكتىـن بېشـىنى تىـقىپ ئـۆزلـىرىنـى پولك كومـانـدىرىنىـڭ ئۆيـىگـە چاقىرىۋاتقان ئوفىتسېرغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

ئەمدى ۋرونسكىينىڭ سېرپۇخوۋسكوينىـڭ يەنە نېـمىلەرنـى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغۇسى كېلىۋاتاتتى.

ـــ ساڭا ئېيتماقچى بولغـان گېپىـم مانا شۇ. خـوتۇن كىشـى ئەرلەرنىڭ ئىشلىرىغا توسالغۇلۇق قىلىدىغان ئەڭ چوڭ توسالغۇ. بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالساڭ، بىر ئىشنى باشقا چىقارمىقىڭ تـەس بولـىدۇ. تـوسالغـۇدىـن خالـىي بـولۇش ھەم بـىـر ئايالـنـى ئىختىيارلىقىڭ بىلەن داۋاملىق ياخشى كۆرۈشنىـڭ پەقەت بىـرلا چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش. ئـويۇمدىكـى نـەرسىلەرنـى ساڭا قانـداق چۈشەنـدۈرسـەم بولار؟ ـــ دېدى بـىـر نەرسىلەرنى مىسالغا ئېلىپ تۇرۇپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان سېرپۇخوۋسكوي، ـــ توختـا، توختا ! تاپتىم، بۇ خۇددى دۈمبەڭگە بوپا ئـارتىۋالغـاندەك ئىش. ئـىككى قـولۇڭنى بـوش قويۇپ بـىـر ئىشلارنى قىلاي دېسەڭ، ئۇنىڭ بىردىنبىـر چارىسى قـولۇڭدىكـى بوپاڭنى دۈمبەڭگە ئارتىۋېلىش، توي قىلىش دېگەن شۇ. مەن توي قىلىپ ئاشۇنداق تەسىراتقا ئىگە بولدۇم، ئىككى قولۇم بىردىنـلا بـوشاپ قالدى. ئـەگەر توي قىـلماي تۇرۇپ ئـۇ بوپىنـى قولۇڭغا ئېلىـۋالساڭ، قولـلىرىڭنى مەڭگۇ بوشىتـالماي، ھېـچ ئىشـنـى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسەن. مازانكوف بىلەن كىرۇپـوفقا قاراپ بـاق، ئۇلار ئايالـلارنى دەپ ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلدى.

ـــ ئۇلارنىـڭ ئـۆزى شـۇنـداق خـوتـۇنـلار تـۇرسـا، ـــ دېـدى ۋرونسكىي ئۇ ئىككىسى ئارىلاشقان فرانسۇز ئايال بىلەن ئارتىـس ئايالنى ئېسىگە ئېلىپ.

— ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى قانچە مۇستەھكەم بولسا ئەھۋال شۇنچە يامان بولىدۇ. بۇ دۇمبەڭگە بوپا ئارتىۋالغاننى ئاز دەپ، باشقىلارنىڭ بوپىسىنىمۇ ئارتىۋالغانغا ئوخشاش ئىش.

— سەن مۇھەببەت توغرۇلۇق زادىلا پاراڭ قىلمايتتىڭ، — دېدى ۋرونسكىي بوش ئاۋازدا. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭدا، خىيالى ئاننادا ئىدى.

— ئېھتىمال. ئەمما، سەن مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت. يەنە بىر گەپ، ئاياللار ماددىي نەرسىلەرگە ئەرلەرگە قارىغاندا بەكرەك بېرىلىدۇ. بىز مۇھەببەتنى تولىمۇ ئۇلۇغ بىلىمىز، ئاياللار بولسا بۇ ئىشقا كەلگەندە سەل ئەمەلىيرەك.

— مانا هازىر! هازىرلا چىقىمىز! — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرگەن چاكىرىغا. لېكىن، چاكار ئۇلارنى چاقىرىپ ئەمەس، ۋرونسكىيغا خەت ئېلىپ كىرگەنىدى.

— بېتسى كىنەز خانىمنىڭ سىزگە ئەۋەتكەن خېتى ئىكەن، چاكىرى ئېلىپ كەپتۇ!

ۋرونسكىي خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى.

— بېشىم ئاززاق ئاغرىۋاتىدۇ، قايتىپ كەتسەممىكىن، — دېدى ئۇ سېرپۇخوۋسكويغا.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، خوش! سەن ماڭا *ھەرىكەت ئەركىنلىكى* بېرەرسەنمۇ؟

— بۇ توغرۇلۇق كېيىن پاراڭلىشايلى. سېنى پېتېربۇرگدىن ئىزدەيمەن.

# 22

سائەت بەشتىن ئاشقانىدى، ئۇ يەرگە تېزرەك يېتىپ بېرىش ھەم ھەممە ئادەم تونۇيدىغان ئاتلىرىنى ئىشلەتمەسلىك ئۈچۈن،

ۋرونسكىي ياشۋىنىنىڭ كىراغا سالغان پەيتۇنىغا ئولتۇرۇپ، پەتۇنكەشكە پەيتۇننى ئىمكان بار تېز ھەيدەشكە بۇيرۇدى. تۆت ئورۇنلۇق بۇ كىرا پەيتۇنىنىڭ ئىچى كەڭ ئىدى، ۋرونسكىي بىر بۇلۇڭدا ئىككى پۇتىنى ئالدىدىكى ئورۇنغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكتى.

ھېساباتىنى ئېنىقلىۋالغانلىقى، سېرپۇخوۋسكوينىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن دوستلۇقى ۋە ئۆزىنى سەن بىزگە كېرەكلىك تالانتلىق ئادەم، دەپ ماختىغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى، كۆز ئالدىدىكى ئۇچرىشىش توغرىسىدىكى غۇۋا خىياللار قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ خۇشاللىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرماقتا ئىدى. بۇ تۇيغۇنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىر پۇتىنى چۈشۈرۈپ يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ، تۈنۈگۈن ئاتتىن يىقىلغاندا زەخىم يېگەن پاچىقىنى ئىككى قولى بىلەن بىردەم بوش سىقىپ ھەم سىلاپ قويدى، ئاندىن ئۆزىنى ئارقىسىغا تاشلاپ بىرنەچچە قېتىم يېنىك تىندى.

«ياخشى ! ناھايىتى ياخشى !» دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ. ئىلگىرىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىنىگە ھەۋەس قىلاتتى، لېكىن ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ بەدىنىنى ھېچقاچان ھازىرقىدەك ياخشى كۆرۈپ باققان ئەمەس ئىدى. كۈچلۈك پۇتىدىكى بۇ يەڭگىل ئاغرىق، چوڭقۇر نەپەس ئالغانلىرىدا كۆكرەك بۇلجۇڭ گۆشلىرىنىڭ تارتىشىشلىرى ئۇنى خۇشال قىلاتتى. ئازراق سالقىن تارتىپ قالغان ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ مۇشۇ كۈنلىرىدە ئاننانىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىنى ئويلىسا ئۆزىدە باشقىچە بىر جانلىنىش سېزەتتى، ھەتتا بايىلا يۇيۇپ چىققان يۈزى بىلەن بوينىمۇ سالقىنلاپ قېلىۋاتقاندەك بولاتتى. بۇرۇتىنى مايلىغان مايىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى دالانىڭ ساپ ھاۋاسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ راھەتلەندۈرۈۋاتاتتى. ئۇ پەيتۇنىنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ھەممە نەرسە، سالقىن، ساپ

ھاۋادىن كېلىۋاتقان ھەر خىل خۇش پۇراقلار پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاجىز نۇرى ئاستىدا ئۆزىگە ئوخشاش ساغلام، خۇشال ۋە روھلۇق بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. قۇياشنىڭ ئاشۇ ئاداققى ئاجىز نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان ئۆگزىلەر، قورشام تاملار، ئۆيلەرنىڭ دوقمۇشلىرىنىڭ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان شەكىللىرى، ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان پىيادىلەر، پەيتۇنلار، جىمجىت تۇرغان ياپيېشىل دەرەخلەر، ئوت ـ چۆپلەر، رەتلىك چۆنەك تارتىپ تېرىۋېتىلگەن ياڭيۇلار، ئۆيلەر، دەل ـ دەرەخلەر، چاتقاللار، ياڭيۇ چۆنەكلىرىدىن قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان كۆلەڭگىلەر يېڭىلا سىزىلىپ تېخى پارقىراتما بېرىلمىگەن مەنزىرە رەسىمىگە ئوخشاش ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

— تېز ھەيدە! تېز ھەيدە! — دەپ ۋارقىرىدى ۋرونسكىي بېشىنى دېرىزىدىن چىقىرىپ پەيتۇنكەشكە. ئارقىدىن يانچۇقىدىن ئۈچ رۇبلىنى ئېلىپ، كەينىگە قايرىلغان پەيتۇنكەشنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. پەيتۇنكەش پەيتۇن چىرىغىنىڭ يېنىدىن نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك قىلىپ، ئاندىن قامچىسىنى كۆچەپ قارسىلداتقانىدى، ئاتلار تۈز يولدا ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

«ماڭا مۇشۇ بەختتىن باشقا ھېچ نەرسە، ھېچ نەرسە لازىم ئەمەس، — دەپ ئويلىدى ۋرونسكىي دېرىزىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستىخاندىن ياسىغان قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ۋە ئاننانىڭ يېقىندا كۆرگەن قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ كېتىۋاتىمەن. ھە مانا، ۋرېدېنىڭ ئوردا داچىسىنىڭ بېغىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ نەدىدۇ؟ قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ مېنى نېمىشقا بۇ يەردە كۆرۈشۈشكە چاقىرغاندۇ؟ نېمىشقا بېتسىنىڭ خېتىگە ئۇ گەپنى يېزىپ قويغاندۇ؟» بۇ ئىشلارنى ئۇ ئەمدى ئويلاۋاتاتتى ھەم داۋاملىق ئويلاشقا ۋاقىت يار بەرمەيتتى. پەيتۇن دەرەخلىك يولغا يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، ئۇ پەيتۇننى توختىتىشنى بۇيرۇدى

ۋە پەيتۇن تولۇق توختاپ بولمايلا ئىشكنى ئىچىپ پەسكە سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆيلەرگە تۇتىشىدىغان دەرەخلىك يولغا قاراپ ئىتتىك ماڭدى. بۇ يەردە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەتراپىغا تىنماي قاراپ مېڭىپ، ئوڭ تەرەپتە تۇرغان ئاننانى كۆرۈپ قالدى. ئاننا يۈزىنى نېپىز تور بىلەن يېپىۋالغان بولسىمۇ، ۋرونسكىي ئۇنى ئۆزىگە خاس مېڭىشىدىن، مۈرىلىرىنىڭ ئازراق ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرۇشىدىن، بېشىنى تىك تۇتۇشىدىن تونۇۋالغانىدى. ئۇنى كۆرۈپ ۋرونسكىينىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇددى توك ئۆتكەندەك قىزىپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئېلاستىكلىقى كۈچلۈك پۇتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، ئۆپكىسىنىڭ ھاۋانى تىنماي سۈمۈرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم خۇشاللىق بىلەن ھېس قىلدى، ھاياجاندىن لەۋلىرى جىمىرلاپ كەتتى.

ئاننا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قوللىرىنى مەھكەم سىقتى.

— سېنى چاقىرتقىنىمغا رەنجىمىگەنسەن. سەن بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالغان، — دېدى ئۇ.

ئاننانىڭ نېپىز تور ياغلىقىنىڭ تېگىدىن لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرغان جىددىي چىرايىنى كۆرۈپ ۋرونسكىينىڭ كەيپىياتى بىردىنلا ئۆزگەردى.

— مەنمۇ؟ مەن رەنجىمىدىمەن! بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ؟ نەگە بارماقچىسەن؟

— ھازىرچە بۇنى سورىماي تۇر، — دېدى ئاننا جاۋابەن قوللىرىنى ۋرونسكىينىڭ قوللىرى ئۈستىگە قويۇپ، — يۈر، ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم بار.

ۋرونسكىي بىر ئىش بولغانلىقىنى، بۇ ئۇچرىشىشنىڭ خۇشاللىق ئۇچرىشىش ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ، سەل تەمتىرەپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭدىكى جىددىي كەيپىيات ئۇنىڭغىمۇ بىلىپ ـ بىلمەيلا يۇقۇۋاتقاندەك بولدى.

— نېمە بولدى؟ زادى نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاننانى قولتۇقلىۋېلىپ. ئۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆڭلىدىكى ئىشنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تىرىشىۋاتاتتى.

ئاننا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۇچۇن ئۇنچىقماي بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، ئاندىن بىردىنلا مېڭىشتىن توختىدى.

— تۈنۈگۈن ساڭا ئېيتمىۋىدىم، — دەپ گېپىنى باشلىدى ئۇ ئىلدام - ئىلدام ئېغىر نەپەس ئېلىپ تۇرۇپ، — مەن ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ھەممە گەپنى دېدىم ... ئۇنىڭغا ئەمدى خوتۇن بولالمايدىغانلىقىمنىمۇ ئېيتتىم ... ئىشقىلىپ، ھەممە گەپنى دېدىم.

ۋرونسكىي خۇددى ئۇنىڭ ئازابىنى يەڭگىللەتمەكچى بولغاندەك، گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ ئۇنىڭغا سىڭارىيان ئېڭىشىپ ماڭدى. گەپنىڭ يېرىمى دېيىلىپ بولغاندا، بىردىنلا بەدىنىنى تۈزلەپ مەغرۇر ۋە جىددىي چىرايىغا كىردى.

— توغرا، توغرا، بۇ قىلغىنىڭ توغرا بوپتۇ، مىڭ مەرتەم ياخشى بوپتۇ. ئۇ گەپلەرنى دېيىشنىڭ ساڭا قانچىلىك قىيىنغا چۈشكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى ئۇ.

لېكىن، ئاننا ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماي، چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە سەپسېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانچە سەپسېلىپمۇ، ئۇنىڭ خىيالىغا بىرىنچى بولۇپ كەلگەن، ئەمدى دۇئېلغا چىقىشتىن ساقلانغىلى بولمىغۇدەك، دېگەن ئويىنى بىلەلمىدى. چۈنكى، ئاننانىڭ كاللىسىغا ئەزەلدىن دۇئېل دېگەن نەرسە كىرىپ باقمىغانىدى، شۇڭا ۋرونسكىينىڭ چىرايىدىكى شۇ بىر دەقىقە ئىچىدىكى جىددىي ھالەتنى باشقا مەنىگە ئۆرۈدى.

ئاننا ئېرىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشنىڭ ئۆزگەرمەي ئىلگىرىكىدەك بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە قۇدرىتىنىڭ يەتمەيدىغانلىقىنى، ئوغلىنى تاشلاپ ئاشنىسى بىلەن بىللە بولالمايدىغانلىقىنى كۆڭلىدە بىلگەن، بېتىسىنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەندە بولغاندىمۇ بۇ

ئويىنى تېخىمۇ چىگىتقانىدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئىككىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىنى، ئۆزىنى ساقلاپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر ۋرونسكىي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىزغىن، كەسكىن ۋە قىلچە ئىككىلەنمەي، ئۇنىڭغا: «ھەممىنى تاشلاپ مەن بىلەن كەت !» دەيدىغانلا بولسا، ئۇ ئوغلىنى تاشلاپ ئۇنىڭ بىلەن كەتكەن بولاتتى. لېكىن، بۇ خەۋەر ئۇنىڭدا ئۆزى ئويلىغاندىكىدەك ئۇنداق تەسىر قوزغىماي، نەتىجىدە، ئۇ ئۆزىنى خورلانغاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

— مەن ئازراقمۇ ئازابلانمىدىم، بۇ ئىش مۇقەررەر شۇنداق بولاتتى، — دېدى ئاننا زەردە بىلەن، — بۇنى سەنمۇ كۆرۈپ باق ... — ئۇ پەلىيى ئىچىدىن ئېرىنىڭ خېتىنى چىقاردى.

— بىلىۋاتىمەن، بىلىۋاتىمەن، — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. لېكىن، ئۇ خەتنى ئوقۇماي، ھەدەپ ئاننانىڭ كۆڭلىنى ياساشقا باشلىدى، — مېنىڭ بىرلا ئارزۇيۇم، بىرلا تىلىكىم بار، ئۇ بولسىمۇ ھازىرقى ئەھۋال ئىچىدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىش، سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن ھاياتىمنى بېغىشلاش.

— ماڭا بۇ گەپنى قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى ئۇ، — ئەجەبا، مەن سېنىڭ شۇنداق قىلالايدىغىنىڭدىن گۇمانلىنىمەنمۇ؟ ئەگەر گۇمان قىلغان بولسام ...

— كېلىۋاتقانلار كىملەر؟ — دېدى ۋرونسكىي ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىككى ئايالنى كۆرسىتىپ، — بىزنى تونۇيدىغانلار بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئاننانى يان تەرەپتىكى تار بىر يولغا باشلاپ كەتتى.

— ھىم، ماڭا بەرىبىر، — دېدى ئاننا. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ يۈزىدىكى تورنىڭ تېگىدىن غەزەپلىك كۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى، — گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، ئۇ جەھەتتە گۇمانىم

يوق. لېكىن، ئۇ خېتىدە نېمىلەرنى دەپتۇ، كۆرۈپ باق! — ئۇ يەنە مېڭىشتىن توختاپ قالدى.

ئاننىنىڭ ئېرى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان دەسلەپكى مىنۇتتىكىدەك، ۋرونسكىي ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئۇ ئەر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئويلىغاچ خەتنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇۋېتىپ، ھامان بىر كۈنى ئۆزىنى دۇئېلغا چاقىرغان ئۇقتۇرۇشنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، دۇئېل مەيدانىنى، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق سوغۇق قان، مەغرۇر قىياپەتتە تۇرۇپ ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىۋېتىپ، ئاندىن ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئۇ ئەرنىڭ تاپانچىسىغا يۈزلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كەتتى. شۇ ئارىلىقلاردا سېرپۇخوۋسكوينىڭ ئۆزىگە دېگەن گەپلىرى، بۈگۈن ئەتىگەندە ئۆزى ئويلىغان ئەڭ ياخشىسى ئىسكەنجىگە چۈشۈپ قالما، دېگەن ئويى چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىغا كېلىپ قالدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئويىنى ئانناغا دېگىلى بولمايتتى.

ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانناغا قارىغانىدى، ئاننا ئۇنىڭ چىرايىدىن كەسكىن بىر ئىپادىنى كۆرمەي، شۇئان ئۇنىڭ بۇ ئىشلار ئۇستىدە ئاللىبۇرۇن ئويلاپ قويغانلىقىنى بىلدى. ئاننا ئۇنىڭ ئۆزىگە نېمىلا دېسۇن، ھەقىقىي ئويىنى دېمەيدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇنىڭغا قاراپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى بىلدى. ئۇ بۇنداق بولارىنى زادىلا كۈتمىگەنىدى.

— كۆردۈڭمۇ، قانداق ئادەم ئىكەن ئۇ، — ئاننىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — ئۇ ...

— مېنى كەچۈر، مۇشۇنداق بولغىنىغا مەن خۇشال، — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — خۇدا ھەققىدە گېپىمنى ئاڭلاپ بول، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۇ، گېپىمنى چۈشەندۈرۈشكە پۇرسەت بەر، دېگەندەك ئانناغا قاراپ قويۇپ، —

مەن ئەھۋالنىڭ ئۇ ئويلىغاندەك بولمايدىغانلىقىغا، ئۇ ئويلىغاندەك بۇرۇنقى ھالەتنى ساقلاپ قالمايدىغانلىقىغا خۇشالمەن.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ — دېدى ئاننا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ. بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ ۋرونسكىينىڭ گەپلىرىنى داۋاملىق ئاڭلىغۇسى يوقلۇقى، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىنىپ بولغاندەك ئويلاپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ۋرونسكىي ئەسلىدە ساقلانغىلى بولمايدىغان دۇئېلىغا چىققاندىلا بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىشىشىنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۇنى ئاغزىدىن چىقارماي باشقا گەپنى قىلدى.

— بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ. مەن سېنىڭ ئۇنىڭدىن ھازىرلا ئايرىلىشىڭنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، — ئۇ سەل قىسىلىپ قالغاندەك بولۇپ قىزىرىپ كەتتى، — بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەتە ... — ئۇ ئەمدىلا ئويىدىكىنى ئېيتماقچى بولغانىدى، ئاننا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئوغلۇمنى قانداق قىلىمەن؟ — دەپ توۋلاپ كەتتى ئۇ، — ئۇنىڭ خەتتە نېمە دېگەنلىكىنى كۆردۇڭمۇ؟ ئۇ ئۇنى ئېلىپ قالماقچى، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن ھەم ئۇنداق قىلىشنىمۇ خالىمايمەن.

— لېكىن، خۇدا ھەققى، ئېيتقىنا، زادى قانداق قىلماقچىسەن؟ بالاڭنى قويۇپ قويامسەن ياكى داۋاملىق شۇ خورلۇق ئىچىدە ئۆتەمسەن؟

— كىم ئۇنداق خورلۇقتا قاپتۇ؟

— ھەممىمىز، بولۇپمۇ سەن.

— بۇنى سەن خورلۇق دەپ بىلەمسەن ... ئۇ گەپنى قىلما. ئۇ گەپنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچقانداق مەنىسى يوق، — دېدى ئۇ تىترەپ كېتىپ. ئۇنىڭ ئەمدى ۋرونسكىينىڭ يالغان گەپلىرىنى ئاڭلىغۇسى يوق ئىدى، كۆڭلىدە پەقەت ئۇنىڭ مۇھەببىتىلا

قالغانىدى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، — بىلىپ قويغىنكى، مەن سېنى ياخشى كۆرگەن كۈندىن باشلاپ ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى. مېنىڭ بار ـ يوقۇم پەقەت سېنىڭ مۇھەببىتىڭلا. شۇلا بولسا مەن ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ ئالىيجاناب، ئەڭ ئىرادىلىك ئادەم دەپ بىلىمەن، مەن ئۈچۈن خورلىنىش دەيدىغان نەرسە بولمايدۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم بىلەن پەخىرلىنىمەن، چۈنكى ... مېنىڭ پەخىرلىنىدىغىنىم ... مېنىڭ پەخىرلىنىدىغىنىم ... — ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە نېمىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ئېيتالمىدى، مېڭىشتىن توختاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ۋرونسكىيمۇ گېلىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك، بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم يىغلىغۇسى كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىگە شۇنداق تەسىرلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىيتتى، لېكىن ياردەم بېرىشكە ئامالسىز ئىدى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە سەۋەبچى بولغانلىقىنى، خاتا ئىش قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى.

— ئەجەبا، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتەلمەسسەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كۈچسىز بىر خىل ئاۋازدا. ئاننا بېشىنى چايقىدى، جاۋاب بەرمىدى، — ئوغلۇڭنى ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەمسەن؟

— ئۇ مۇمكىن، ئەمما بۇنى قارار قىلىدىغان ئادەم يەنە شۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشىم كېرەك، — دېدى ئاننا سوغۇق تەلەپپۇزدا. ئۇ ھەممىدە بۇرۇنقى ھالەتنى ساقلاپ قالىمەنمۇ نېمە، دەپ كۆڭلى تۇيغان بۇ تۇيغۇنلۇقنىڭ ئۆزىنى ئالدىمىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— سەيشەنبە كۈنى پېتېربۇرگقا بارىمەن، ھەممە ئىش شۇ يەردە بىر تەرەپ بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئاننا، — بولدى، ئەمدى بۇ توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشمايلى.

ئاننا ۋرېدېنىڭ بېغىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشنى بۇيرۇپ

قايتـۇرۇۋەتكەن پەيـتۇن كەلگـەندى. ئـانـنا ۋرونسـكـىي بـىلـەن خوشلـىشـىپ ئۆيـگە قايتـىپ كـەتتى.

# 23

دۈشـەنبە كۈنـى «2 ـ ئـىيۇن كـومـىتـېتى» نـىڭ ئـادەتتىـكـى يىغىنى ئېچىلدى. كارېنىن يىغىن زالىغا كىرىپ، ئادىتى بويىچە رەئىس ۋە باشقا ھەيئـەتلەر بىـلەن بىر ـ بىرلەپ سالامـلىشىپ چىقتى، ئاندىن ئۆزىگە تەييارلاپ قويۇلغان ھۆججەتلەرنى قولىغا ئېلىپ جايىغا بېرىپ ئولتـۇردى. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە لازىملىق ماتېرىيالـلار بىلەن تـەييارلىغان باياناتىنىڭ تېزىسى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭغا ئۇ ماتېرىياللارمۇ كېرەك ئەمەس ئىدى، ھەممە ئىشلار ئېسىدە ئېنىق، يادلىۋېلىشىمۇ ھاجەتسىز ئىدى، ۋاقتى كېلىپ، رەقىبلىرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىپەرۋا ئولتۇرۇشقانلىرىدا بىر سۆزلەپ كەتسە، ئاۋۋال تەييارلىۋالغىنىدىنمۇ بەكرەك ياخشى سۆزلىۋېتەتتى، بۇنى ئۆزىمۇ بىلەتتى. سۆزلەيدىغان سۆزىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ھەر بىر جۈملىسى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بالىلارچە سەبىي قىياپەتكە كىرىۋالاتتى، تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق ئۇزۇن قوللىرىغا قاراپ ۋە ئاشۇ ئۇزۇن قوللىرى بىلەن ئالدىدا تۇرغان ئاق قەغەزنىڭ چۆرىسىنى تولىمۇ مۇلايىم قىياپەتتە سىلاپ ئولتۇراتتى، بۇ قىياپىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ بـوراندەك سۆزلەپ، كـومىتېت ئەزالىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىگە قوناق بەرمەي سۆزلەپ كېتىدىغان، ھەتتا بىر ـ بىرىنى تىللىشىپ كېتىدىغان، رەئىسنى ئورنىدىن تۇرۇپ تەرتىپ ساقلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىنى

خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. دوكلات تۈگىگەندىن كېيىن كارىنىن ئىنچىكە ۋە بېسىق ئاۋازى بىلەن رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسى توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ بەزى مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى شۇئان ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى. كارىنىن بوش يۆتىلىپ قويدى ـ دە، ئۆزىنىڭ رەقىبىگە قارىماي، سۆز سۆزلىگەن چېغىدىكى ئادىتى بويىچە ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئادەمنى قاراپ تۇرۇپ، ــــ كومىتېتتا ئەزەلدىن سۆزلەپ باقمايدىغان بىر بوۋاي ــــ سۆزلەيدىغان نىشانىغا تاللىۋېلىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىگەندە رەقىبى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى. بۇ كومىتېتنىڭ يەنە بىر ھەيئەتى ستىرېموفمۇ غەزىپى كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن يىغىن مەيدانىدا قاتتىق داۋالغۇش پەيدا بولدى. ئاخىرىدا كارىنىن غەلىبە قىلىپ، ئۇنىڭ تەكلىپلىرى قوبۇل قىلىندى، يېڭىدىن ئۈچ كومىتېت تەسىس قىلىندى. ئەتىسى پېتېربۇرگنىڭ مەلۇم يەرلىرىدە بۇ يىغىن توغرۇلۇق نۇرغۇن غۇلغۇلىلار بولدى. كارىنىننىڭ ئۇتۇقى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

ئەتىسى، سەيشەنبە كۈنى كارىنىن سەھەردە ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ تۈنۈگۈنكى غەلىبىسىنى تولىمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەپ چىقتى. ئىشخانا مۇدىرى ياخشىچاق بولۇش مەقسىتىدە، كومىتېتنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئۆزى ئاڭلىغان مەسىلىلەرنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلغاندا، كارىنىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغىنى بىلەن، ئىختىيارسىز كەلگەن كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالمىدى.

ئۇ ئىشخانا مۇدىرى بىلەن ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈننىڭ سەيشەنبە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، بۈگۈن ئاننا پېتېربۇرگقا قايتىپ كەلمەكچى ئىدى. خىزمەتكار كىرىپ ئاننانىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا

ھالىڭ ـ تالىڭ قالدى ھەم كۆڭلى سەل خىرە بولدى.
ئاننا پېتېربۇرگقا بۇگۈن ئەتىگەندىلا كەلگەنىدى. ئاننانىڭ تېلېگراممىسى بويىچە پەيتۇن ئەۋەتكەن بولغاندىن كېيىن، كارېنىننىڭ ئۇنىڭ كېلىشىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئاننا ئۆيگە كەلگەندە كارېنىن چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالمىدى. خىزمەتكار چىقىپ ئانناغا كارېنىننىڭ تېخى تالاغا چىقمىغانلىقىنى، ئىشخانا مۇدىرى بىلەن ھۇجرىسىدا ئىشلار توغرۇلۇق سۆھبەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى دېدى. ئاننا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېرىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشنى بۇيرۇپ قويۇپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە بىرئازدىن كېيىن يېنىمغا كىرىدۇغۇ، دەپ ئويلاپ نەرسىلىرىنى يەشكەچ تۇردى. لېكىن، بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى، كارېنىن كىرمىدى. ئاننا ئۆي ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى باھانە قىلىپ تاماقخانىغا كىرىپ، ئۇنى ئاۋازىمنى ئاڭلىسا كىرىپ قالار، دېگەن ئوي بىلەن ئەتەي ئۈنلۈك گەپ قىلىپ باقتى، لېكىن كارېنىن يەنىلا كۆرۈنمىدى، ئۇنىڭ ئىشخانا مۇدىرىنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى، ئەمدى ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ ئىدارىسىگە ماڭاتتى. ئاننا ئۇ چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئىككىسىنىڭ ئەمدىكى مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ئالدىرايتتى.
ئاننا زالدىن ئۆتۈپ، قەتئىي نىيەت بىلەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئىشخانىغا كىرگەندە كارېنىن خىزمەت كىيىملىرىنى كىيىپ مېڭىشقا تەييار بولۇپ بولغانىدى، ئەمما كۆزلىرى ئالدى تەرەپتە، ئۇستەلگە جەينىكىنى قويۇپ جىمجىت ئولتۇراتتى، ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلگەن ئاننانى كۆرمىگەنىدى، بىرىنچى بولۇپ ئاننا ئۇنى شۇ قىياپەتتە كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلدى.
ئۇ ئاننانى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدىيۇ، لېكىن نىيىتىدىن يېنىپ بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، ئۇنىڭدىكى

بۇنداق ھالەتنى ئاننا پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، كۆزلىرىگە قارىماي، پېشانىسى بىلەن چاچلىرىغا قاراپ تۇرۇپ قوللىرىنى تۇتتى ـ دە، ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ــ كەلگىنىڭىزدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم، ــ دېدى ئۇ ئاننانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ. ئۇ يەنە نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ گېلىنى قىرىپ قويدى، گەپ قىلىشقا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇندى، لېكىن گەپ قىلالمىدى. ئەسلىدە ئاننا بۇ قېتىم كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا ئاچچىق گەپلەرنى قىلماقچى، ئۇنى ئەيىبلەپ كەتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇمۇ گەپنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئازراق ئىچى ئاغرىپمۇ قالدى، ئىككىسى خېلىغىچە جىمجىت تۇرۇپ قېلىشتى.

ــ سېرىيوژا ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى كارېنىن، لېكىن ئاننانىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە سۆزلەپ كەتتى، ــ بۈگۈن مەن چۈشلۈك تاماقتا كېلەلمەيمەن، ئەمدى مەن ماڭاي.

ــ مەن موسكۋاغا بارماقچى، ــ دېدى ئاننا.

ــ ياق، قايتىپ كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، ناھايىتى ياخشى، ــ دېدى كارېنىن، ئارقىدىن يەنە جىمىپ كەتتى.

ئاننا ئۇنىڭ گەپ قىلىشقا جۈرئىتىنىڭ يەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گەپكە ئۆزى ئېغىز ئاچتى.

ــ ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، ــ دېدى ئاننا ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ چاچلىرىغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئالماي، ــ مەن بىر گۇناھكار ئايال، يامان ئايال، لېكىن يەنە بۇرۇنقىدەك، سىزگە ئاشۇ كۈنى ئېيتقاندەك ئايالمەن. بۈگۈن مەن سىزگە شۇ كۈنى سىزگە دېگەنلىرىمدىن يانمايدىغانلىقىمنى دەپ قويغىلى كەلدىم.

ــ مەن سىزدىن ئۇنى سورىغىنىم يوق، ــ دېدى كارېنىن بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك ۋە نەپرەت بىلەن تىكىلىپ، ــ مەن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى پەرەز

قىلغان، — غەزەپ ۋە ئاچچىقنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن كۈچى بىر يەرگە يىغىلغاندەك بولدى، — لېكىن، ئۆتكەندە سىزگە دېگەن ھەم خەتتە يازغانمەن، — دېدى ئۇ كەسكىن ئاۋازدا، — ھازىر يەنە تەكرارلاپ قوياي، سىزنىڭ ئۇ تەرەپلىرىڭىزنى بىلىشكە موھتاج ئەمەسمەن ھەم ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئولتۇرمايمەن. ھەممە خوتۇن بۇنداق *خۇش خەۋەرلەرنى* سىزگە ئوخشاش بۇنچىلىك ۋاپادارلىق بىلەن ئەرلىرىگە ئالدىراپ ـ سالدىراپ دېمەيدۇ، — ئۇ «خۇش خەۋەر» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى، — جەمئىيەتتىكىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىشتىن، مېنىڭ نامىم بۇلغىنىشتىن ئىلگىرى بۇ ئىشلىرىڭىزنى سۈرۈشتۈرمەسلىكنى ئويلىغانمەن. شۇڭا، سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، مۇناسىۋىتىمىز ئىلگىرى قانداق بولغان بولسا ھازىرمۇ شۇنداق بولسۇن. پەقەت سىز ئۆزىڭىز ئۆزىڭىزنى شەرمەندە قىلغان چاغدىلا، مەن نامىشەرىپىمنى قوغداش ئۈچۈن چارە قوللىنىمەن.

— لېكىن، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئەمدى ئىلگىرىكىدەك بولمايدۇ، — دېدى ئاننا جۈرئەتسىز ئاۋازدا ۋە ئېرىگە قورققاندەك قاراپ تۇرۇپ.

ئاننا ئۇنىڭ يەنە شۇ خاتىرجەم، تەمكىن تۇرقىنى كۆرگەن، بالىلارنىڭكىدەك ئىنچىكە ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتى ئىچ ئاغرىتىشلىرىنى بېسىپ چۈشتى ھەم ئازراق قورقۇپمۇ قالدى. لېكىن، قانداقلا بولسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمدىكى ئورنىنى ئېنىقلىۋېلىشى شەرت ئىدى.

— ئەمدى مەن سىزگە داۋاملىق خوتۇن بولالمايمەن، مەن ...

ئاننا ئەمدىلا گېپىنى باشلىۋىدى، كارېنىن زەھەرلىك سوغۇق كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

— سىز تاللىۋالغان ئۇ خىل تۇرمۇش سىزنىڭ ئىدىيىڭىزگە خېلىلا تەسىر كۆرسىتىپتۇ. مەن سىزنى ھەم ھۆرمەتلەيمەن، ھەم سىزدىن نەپرەتلىنىمەن ... ھۆرمەت قىلىدىغىنىم سىزنىڭ

ئۆتمۇشىڭىز، نەپرەتلىنىدىغىنىم ھازىرىڭىز، سىزنىڭ مېنىڭ سۆزلىرىمگە بولغان چۈشەنچىڭىز مەن ئويلىغاندىن بەكمۇ يىراق ئىكەن.

ئاننا يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ بېشىنى تۆۋەن قىلدى.

— سىز مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان ئادەم تۇرۇپ، — كارېنىن ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — ۋاپاسىزلىقىڭىزنى ئېرىڭىزگە ئوچۇق ئېيتىپ، خۇددى ئېرىگە ۋاپادار بولۇش يۈز كېتىدىغان ئىشتەك، يەنە بۇنى ھېچقانچە يامان ئىش ئەمەستەك ئويلىغىنىڭىزغا ھەيران قالدىم.

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، سىز مېنى نېمە قىل دەيسىز؟

— ئۇ ئادەمنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن، سىزنىڭ قىلىقلىرىڭىز جەمئىيەتتە، چاكارلارنىڭ ئارىسىدا ئۇششاق گەپلەرنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى ئۇچراشماڭ، دېمەكچىمەن ... بۇ تەلەپلىرىم بەكمۇ ئېشىپ كەتمىگەندۇ؟ شۇ چاغدا سىز دىيانەتلىك خوتۇنلۇق ھوقۇقىڭىزدىن بەھرىمەن بولالايسىز، قائىدە - يوسونلۇق ھەم بۇرچىڭىزنى ئورۇنلىغان بولىسىز. مېنىڭ سىزگە دەيدىغانلىرىم مۇشۇ. مەن ماڭدىم، چۈشلۈك تاماققا كەلمەيمەن.

# 24

لېۋىننىڭ چۆپ ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن كېچىسى بىكار ئۆتمىگەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىدىن زېرىكىشكە باشلىغان، ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھوسۇلدىن ئۈمىد چوڭ بولغىنىغا قارىماي، بۇ يىل ئۇچرىغان شۇنچە كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلار، دېھقانلار بىلەن كۆپ قېتىم جاڭجاللىشىپ

قىلىشلار ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان، ھەتتا بىرەر قېتىم بولسىمۇ بولۇپ باقمىغان ئىشلار ئىدى. ئۇ ئوڭۇشسىزلىق ۋە جاڭجاللارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇ ھازىر تولۇق چۈشەندى. ئىش ئۈستىدە سەزگەن راھەتى، شۇنىڭ نەتىجىسىدە دېھقانلار بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشلىرىغا ھەۋەس قىلىشى، شۇ تۇرمۇشقا كۆچۈشنى ئويلاشلىرىنىڭ — ئۇنىڭ شۇ كېچىسى بۇنداق ئويغا كېلىپ قېلىشى خام خىيال ئەمەس، بەلكى پىلانىغا ئايلانغان، بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەپسىلىي پىلانلىرىنىمۇ ئويلىشىپ قويغان — ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان دېھقانچىلىقىغا بولغان قاراشلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، ئەسلىدىكى قىزغىنلىقىنى سوۋۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەمگەكچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى سوغۇقچىلىقلارنى كۆرمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پاۋاغا ئوخشاش بىر قورۇ نەسىللىك كالىلىرى، پۈتۈنلەي تېرىلىپ بولغان مۇنبەت ئېتىزلىرى، چۆرىسىگە كۆچەتلەر تىكىلگەن تۈپتۈز تېرىلغۇ يەرلىرى، قىغ چېچىپ چوڭقۇر ھەيدىۋېتىلگەن توقسان مو يېرى دېگەندەك نەرسىلەر ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ ياخشى ئەۋزەللىكلەر ئىدى. ئەگەر بۇ ئىشلارنى ئۆزى ياكى ئۆزىگە تىلەكداشلىق قىلىدىغانلار بىلەن بىرلىشىپ ئىشلەيدىغان بولسا كارامەت ياخشى بولاتتى. لېكىن، ھازىر ئۇ (ئۇ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ھەققىدە بىر كىتاب يېزىۋاتاتتى. ئۇنىڭدا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسلىق ئامىل ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا نۇرغۇن ياردەملەرنى بەرگەنلىكى يېزىلغانىدى) شۇغۇللىنىۋاتقان دېھقانچىلىق ئىشى ئەمگەكچىلەر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ھەم دەھشەتلىك كۈرەشنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. بۇ كۈرەشتە بىر تەرەپ، يەنى لېۋىن تەرەپ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ جاي ـ جايىدا، تەرتىپلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپ بولغان

دېھقانلار ئۆز مەيلىچە ئىش قىلاتتى. ئۇ بۇ كۈرەشتە يەنە ئۆزى تەرەپنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قارشى تەرەپنىڭ زادىلا كۈچمەيۋاتقانلىقىنى، ئۆزىگە قىلچە تەلەپ قويمايۋاتقانلىقىنى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى تەگمەيۋاتقانلىقىنى، ئەڭ ياخشى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئەڭ ياخشى ئۇلاغلار بىلەن يەرلەرنىڭ كېرەكتىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەڭ يامان بولۇۋاتقىنى، شۇ ئىشقا سەرپ قىلىنىۋاتقان كۈچنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقىنى ئىدى. بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا شۇنچىلا كۈچەشتىكى مەقسەتنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايۋاتقىنىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلىۋاتاتتى. ھەقىقەتتىن ئالغاندا، ئۇلار زادى نېمە ئۈستىدە كۈرەش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇ بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇۋاتسا (ئۇ شۇنداق قىلمىسا بولمايتتى، ئازراقلا ئۆزىنى قويۇۋەتسە يالىلاپ ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئىش ھەققىنى بېرەلمەيتتى)، ئۇلار ئالدىرىماي، ئۆزلىرى ئۆگەنگەن ئادەتلىرى بويىچە ئۆزىنى قىينىماي ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ مەنپەئىتىنى دېسە، ئۇلار ئۇنىڭغا قانچە كۆپ، قانچە كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ بەرسە، ئورۇق چاچىدىغان، دان ئايرىيدىغان ماشىنىلارنى ئاسرىسا، ئۆزىنىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى چۈشەنسە ياخشى بولاتتى، لېكىن دېھقانلار ئۇنداق قىلمايتتى ھەم ئۇنداقمۇ ئويلىمايتتى، ئىشلارنىڭ ئېغىر بولماسلىقىنى، كۆڭۈللۈك بولۇشىنى، كۆپرەك ئارام ئېلىشنى، ئەڭ مۇھىمى، غەمسىز، ئەندىشىسىز ياشاشنى، كاللا ئىشلەتمەسلىكنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ يىل يازدا لېۋىن بۇنداق ئەھۋالنى ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىپ تۇردى. بېدىلىكنىڭ ئوت ۋە ئەمەن بېسىپ كەتكەن بۆلەكلىرىنى تاللىۋېلىپ، شۇلارنى ئوت ئورنىدا چېپىۋېتىڭلار، دەپ بۇيرۇسا، ئۇلار تاللىماي، ئورۇقلۇققا ئېلىپ قويغان يەرنىڭ ئەڭ ياخشى بېدىسىنى غوجىدار چېپىۋېتىڭلار، دېدى دەپ چېپىۋەتكەن، يەنە تېخى ئۇنىڭ

كۆڭلىنى ياساپ، بۇ يەرنىڭ چۆپى ئالامەت ياخشى چىقىدۇ، دېيىشكەنىدى. ئۇلار شۇ يەرنىڭ چۆپىنى چېپىش ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىشقانىدى، بۇنى لىۋېن چۈشىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئوتلارنى ئاغدۇرۇشقا چۆپ ئاغدۇرىدىغان ماشىنىنى ئەۋەتسە، ئۇنى باشقۇرۇپ ئولتۇرغان دېھقان ئۇنىڭ زور قاناتلىرىنىڭ ئايلىنىشلىرىدىن زېرىكىپ، ئەستايىدىل باشقۇرماي، بىرنەچچە قۇرنىڭ چۆپىنى ئاغدۇرار ـ ئاغدۇرمايلا ئۇنى سۇندۇرۇۋەتتى. يەنە تېخى: «خوجايىن، غەم قىلماڭ، خوتۇنلار هازىرلا يېتىپ كېلىپ چۆپلەرنى بىردەمدىلا ئاغدۇرۇۋېتىدۇ» دەپ قويدى. يەر هەيدەۋاتقان دېھقانلار هەيدەپ باشقا چىققاندا سوقىنى كۆتۈرۈۋەتمەي شۇ پېتى ئاتلارنى كەينىگە ياندۇرغانلىقى ئۈچۈن سوقىغا كۈچ كېلىپ بىرنەچچە سوقا يەردە سۇنۇپ ياتاتتى. بۇنىڭدا ئۇلار ئاتلارنى چارچىتاتتى هەم يەرنى بۇزاتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە لىۋېنغا «ئەنسىرىمەڭ، خوجايىن» دېيىشەتتى. ئاتلارنىڭ كېچىدە بوغدايلىققا كىرىپ كېتىشىمۇ ئۇلارنىڭ كېچىدە كۆزەتچىلىكتە تۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقىدىن بولۇۋاتاتتى. ئاخىر ئۇلار لىۋېننىڭ دېگىنى بويىچە كېچىدە نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىكتە تۇرىدىغان بولدى. نۆۋەت ۋانكاغا كەلگەندە، كۈندۈزى كەچكىچە ئىشلەپ چارچاپ كەتكەچكە، ئەڭ ياخشى موزايدىن ئۈچىنى يېڭى ئورۇلغان بېدىلىككە قويۇپ بېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، يا ئۇلارنى سۇغىرىپ قويماپتۇ. نەتىجىدە، موزايلار بېدىنى راسا يەپ قورسىقى ئىششىپ ئۆلۈپ قالدى. ۋانكا پۇشايمان قىلىپ: «خوجايىن، مېنى قانداق جازالىسىڭىز رازىمەن» دەپ ئىششىپ ئولتۇردى. يەنە تېخى ئۇلار موزايلارنىڭ بېدىنى كۆپ يەۋېتىپ قورسىقى كۆپۈپ ئۆلۈپ قالغانلىقىغا ئىشەنمىدى، ئارقىدىن يەنە بىر قوشنىسىنىڭ ئۈچ ئاي ئىچىدە بىر يۈز يىگىرمە مېلىنىڭ قىرىلىپ كەتكەنلىكىنى دېيىشىپ، لىۋېننىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەرمەكچى بولۇشتى. ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ هادىسىلەر كىمدۇر بىرىنىڭ

لېۋىنغا ياكى ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆچمەنلىكى بولغانلىقىدىن ئەمەس، ئۇلار ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، خوجايىنىمىز كىبىرى يوق ياخشى ئادەم، دەپ تەرىپلىشىدۇ (بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسى)، پەقەت يەڭگىل ئىشلارنى قىلىشنى، ئۆزىنى ئۇپراتماسلىقنى ئويلىغانلىقى، ھەممىگە پەرۋاسىز قارىغانلىقى ئۇچۇنلا شۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەنىدى. ئۇلار ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلمەي، ئۇنى چۈشەنمەيلا قالماي، يەنە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئادىل مەنپەئەتلىرى بىلەن قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇۋالغانىدى. لېۋىن ئۆز ئىگىلىكىدىن ئۆزىنىڭ نارازى ئىكەنلىكىنى كۆپتىن بېرى ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتى، قولۋىقىنىڭ تېشىلىپ ئۇنىڭغا سۇ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، لېكىن نەرىنىڭ تېشىلىپ قالغانلىقىنى ئىزدىمەيتتى. بەلكىم قەستەن ئۆزىنى ئالداش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغاندۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالداشقا ھالى قالمىغانىدى. ئۆزى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان دېھقانچىلىقىغا قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇنىڭدىن بىزارمۇ بولۇۋاتاتتى. ئىگىلىكى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىشقا كۆڭلى تارتماي قېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىتى ھازىر ئۇنىڭغا ئوتتۇز چاقىرىم كېلىدىغان يەردە تۇرۇۋاتاتتى، لېۋىننىڭ ئۇنى كۆرگۈسى كېلەتتى، لېكىن كۆرۈشكە ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ قايتىدىغان چاغدا دوللى ئۇنىڭغا يەنە كېلىشنى، كېلىپ ئۇنىڭغا توي قىلىشنى ئېيتىشنى ئېيتقان ھەم بۇ قېتىم سىڭلىسىنىڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى پۇراتقانىدى. لېۋىن كىتىنى ئىككىنچى قېتىم يەنە كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئۆچمىگەنلىكىنى بىلدى. لېكىن، ئۇ ئوبلونسكىينىڭ ئۆيىگە كىتى بولغانلىقى ئۈچۈن قايتا بارالمايتتى. ئۇ كىتىگە تەكلىپ بەرگەندە ئۇنىڭ رەت قىلغانلىقى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا

ئۆتۈپ بولمايدىغان هالغ پەيدا قىلىپ قويغانىدى. «كۆڭلى خالىغان ئادەمگە خوتۇن بولالمىغان ئادەمگە، مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇڭ، دەپ تەلەپ قويالمايمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى. بۇ خىيال ئۇنىڭ كىتىگە بولغان كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ ھەم دۈشمەن قىلىۋەتكەنىدى، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاچچىق تۈيغۇسىز سۆزلىشەلمەيمەن، ئۇنىڭغا غەزەپسىز قارىيالمايمەن، ئۇ چاغدا ئۇ مېنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەررەك يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇ تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، داريە ئالېكساندروۋنا ماڭا ھېلىقى گەپنى دېگەن تۇرسا، مەن يەنە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قانداق بارىمەن؟ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ماڭا شۇ گەپنى دېگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانغا سالالايمەنمۇ؟ ئۇنىڭ يېنىغا بارسام كەڭ قورساقلىقىمنى، ئۇنى كەچۈرگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ قىلغىنىنى كۆڭلۈمگە ئالمىغانلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارغان بولىمەن، ئۇنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈچى ۋە مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلغۇچى ئادەمنىڭ رولىنى ئالغىلى بارىمەن ... ئاھ، دوللى ماڭا شۇ گەپنى نېمىشقىمۇ دېگەندۇ؟ ... ئۇنى تۇيۇقسىز ئۇ يەردە كۆرۈپ قالغاندەك بولسام ھەممە ئىش تەبىئىي داۋاملىشىپ كېتەتتى ئەمەسمۇ ! ئەمدى ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس !

دوللى لېۋىنغا كىتى ئۈچۈن ئايالچە ئېگەردىن بىرنى سوراپ خەت ئەۋەتىپتۇ. «سىزدە ئايالچە ئېگەردىن بار دەپ ئاڭلىدىم، — دەپ يېزىپتۇ ئۇ خەتكە، — شۇ ئېگەرنى ئۆزىڭىز ئېلىپ كېلەرسىز.»

بۇ خەتكە لېۋىنىنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى. ئەقىللىق، خۇش مۇئامىلە ئايال تۇرۇپ سىڭلىسىنى شۇنچىلىكمۇ چۈشۈرگەن بارمۇ؟ ئۇ ئولتۇرۇپ ئون قېتىم خەت يېزىپ، ھەممىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاخىر ئېگەرنى بىرىدىن خەتسىز ئەۋەتتى. بارىمەن دەپ بارغىلى بولمايتتى، چۈنكى بارالمايتتى، ئىشىم چىقىپ قالدى ياكى باشقا بىر يەرگە بارىدىغان بولۇپ قېلىپ

بارالمايدىغان بولدۇم، دەپ يازسا تېخىمۇ قاملاشمايتتى. ئېگەرنى خەتسىز ئەۋەتىۋەتكىنىنى ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويدۇم، دەپ ئويلىدى ئەتىسى ئۆزىنى جاق تويغۇزۇۋاتقان دېھقانچىلىقنىڭ ئىشلىرىنى غوجىدارىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، يىراق سۇرۇۋسكىي ناھىيىسىدە تۇرىدىغان دوستى سۋىيەژسكىينىڭكىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ يەرلىرىگە يېقىن بىر يەردە لايخورەك كۆپ بولىدىغان چوڭ سازلىقلار بار ئىدى. دوستى ئۇنىڭغا يېقىندا خەت يېزىپ، ئۇزاقتىن بۇيان بارىمەن دەپ بەرگەن ۋەدىلىرىڭنى ئەمەلدە كۆرسەتمەمسەن، دېگەنىدى، سۋىيەژسكىينىڭ لايخورەك كۆپ بولىدىغان سازلىقلىرى ئۇنى خېلىدىن بېرى ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن دېھقانچىلىق بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بارالمايۋاتاتتى. ئەمدى شۇ يەرگە بېرىشنى ئويلاپ، شېرباتسكىيلاردىن، بولۇپمۇ دېھقانچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۇ يەرگە ئوۋ ئوۋلىغىلى بارىدىغىنىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى. كۆڭلى پاراكەندە چاغلاردا ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ھېسابلىناتتى.

# 25

سۇرۇۋسكىي ناھىيىسىگە نە تۆمۈريول، نە پوچتا يولى بولمىغاچقا، لېۋىن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كەتتى.

يېرىم يولغا بارغاندا ئۇ ئاتلىرىغا بوغۇز بېرىۋېلىش ئۈچۈن ھاللىق بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئىككى چېكىسىدىكى كەڭ قويۇۋالغان چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بىر بوۋاي چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى ۋە ئۆزى بىر يانغا ئۆتۈپ تۇرۇپ پەيتۇننى ھويلىسىغا كىرگۈزدى، ئاندىن پەيتۇنكەشكە پەيتۇننى لاپاسنىڭ ئاستىغا توختىتىپ قويۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى لېۋىننى باشلاپ

ئۆيگە كىرىپ كەتتى. يېڭى ھويلا ئازادە، پاكىز ئىدى، كۆيۈپ كەتكەن بىرنەچچە ياغاچ ساپان بىر بۇلۇڭدا ياتاتتى، رەتلىك كىيىنگەن، يالاڭ پۇتىغا كالاچ كىيگەن ياش بىر ئايال يېڭى سېلىنغان دالان ئۆينىڭ پولىنى ئېڭىشىپ تۇرۇپ سۈرتۈۋاتاتتى، ئۇ لېۋىننىڭ كەينىدىن كىرىۋاتقان ئوۋ ئىتىنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قورقىنىدىن توۋلاپ كەتتى. كېيىن بۇ ئىتنىڭ ئادەم چىشلىمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قورقۇپ كەتكىنىگە كۈلۈپ قويدى ۋە يالىڭاچ بىلىكى بىلەن مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئاندىن يەنە ئېڭىشىپ چىرايلىق يۈزىنى يوشۇرۇپ پول سۈرتۈش بىلەن بولۇپ كەتتى.

— ساماۋار قويايمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بوپتۇ، سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق.

مېھمانخانا بەكمۇ ئازادە، ئىچىدە گوللاندىيە پاسونىدا سېلىنغان تام مەش، مۇقەددەس بۇۋى مەريەم رەسمى ئاستىدا گۈل نەقىشلەنگەن ئۈستەل، ئۇزۇن بىر ئورۇندۇق، يالغۇز كىشلىك ئىككى ئورۇندۇق، تالادىن كىرگەن جايدا قاچا - قومۇچ تىزىپ قويۇلغان جاۋەن قويۇقلۇق ئىدى. دېرىزىنىڭ قاپقاقلىرى ئېتىلگەن، ئۆينىڭ ئىچى پاكىز، بىرمۇ چىۋىن يوق ئىدى. لېۋىن يولدا كەلگۈچە پاسكىنا سۇلارنى كېچىپ كەلگەن ئىتى لاسكانىڭ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ تاختاينى مەينەت قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىشىكنىڭ تۈۋىگە مەجبۇرىي ياتقۇزۇپ قويدى. لېۋىن مېھمانخانىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن ئارقا ھويلىغا چىقتى. كالاچ كىيىۋالغان بايىقى چىرايلىق ئايال ئەپكەشكە ئېسىۋالغان بوش چېلەكلەرنى پۇلاڭلىتىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئەكېلىش ئۈچۈن لېۋىننىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

— چاپسان بول! — دەپ خۇشال ۋارقىرىدى بوۋاي ئۇنىڭغا. ئاندىن لېۋىننىڭ يېنىغا كەلدى، — بېگىم، سىز



سۈيەژسكىنىڭكىگە كېتىپ بارامسىز؟ ئۇ بىگىممۇ بىزنىڭكىگە پات ـ پات كېلىپ تۇرىدۇ، ــ ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى سالاسۇنغا يۆلىنىپ تۇرۇپ لىۋىن بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ سۈيەژسكىي بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، دەرۋازا «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، ئىشتىن قايتقان ئىشلەمچىلەر سوقا ۋە تىرنىلارنى ئاتقا سۆرىتىپ هويلىغا كىرىپ كەلدى، ئاتلار سېمىز، قاۋۇل ئىدى، تۆكلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئىشلەپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئۇستىگە گۈللۈك كۆڭلەك، بېشىغا شىلەپە كىيىۋالغان ئىككى يىگىت مۇشۇ ئۆينىڭ باللىرى، قالغان بىر ياش، بىر قېرى ئىككىسى ياللىنىۋالغان ئادەملەردەك قىلاتتى، ئۇستىدە ماتا كۆڭلەك بار ئىدى. بوۋاي پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئاتلارنى ئۆز قولى بىلەن قوشتىن، تىرنىدىن چىقاردى.

ــ ئۇلار نېمە تېرىۋاتىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى لىۋىن.

ــ ياڭيۇ. ئازراق يەرنى ئىجارىگە ئالغان، شۇ يەرگە تېرىپ قويىدۇق. فېدوت، ئاختا ئاتنى ئوقۇرغا باغلاپ قوي، ئەمدى باشقا ئاتنى قوشىمىز.

ــ دادا، مەن دېگەن سوقا چىشىنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ ــ بەقۇۋۋەت كەلگەن يىگىت دادىسىدىن سورىدى. ئېنىقكى، ئۇ بوۋاينىڭ ئوغلى ئىدى.

ــ ئەنە، دالاندا تۇرىدۇ، ــ بوۋاي ئاتتىن يېشىۋالغان بوجىلارنى ئوراپ يەرگە تاشلاپ قويدى، ــ ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولغۇچە بۇلارنى تۇزەپ قوي.

سۇغا كەتكەن چىرايلىق جۇۋان لىق ئىككى چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ دالانغا كىرىپ كەتتى. نەدىندۇر بىر توپ ئاياللار كېلىپ قالدى، ئىچىدە چىرايلىقلىرىمۇ سەتلىرىمۇ، ئوتتۇرا ياشلىقلىرىمۇ، قېرىلىرىمۇ بار ئىدى، بەزىلىرى بالا يېتىلىۋالغان، بەزىلىرىنىڭ بالىسى يوق ئىدى.

ساماۋارنىڭ ئوتى تۇتىشىپ گۇرۇلدەشكە باشلىدى.

ئىشلەمچىلەر ئاتلارنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ تاماقتا ئولتۇردى. لېۋىن پەيتۇندىن يەيدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىپ، بوۋاينى بىللە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

— خوش قېنى، بىز بايىلا ئىچىۋالدۇق، — قېرى دېھقان شۇنداق دەپ تۇرۇپمۇ يەنە لېۋىننىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، — بوپتۇ، سىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالىدىن ئىچەيلى.

لېۋىن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ بوۋاينىڭ ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىپ بولدى. ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ بىر پومېشچىك ئايالدىن بىر يۈز يىگىرمە مو يەرنى ئىجارىگە ئاپتىكەن، بۇلتۇر ئۇ يەرلەرنى سېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەرگە يېقىنلا يەردىكى يەنە بىر پومېشچىكتىن ئۈچ يۈز مو يەر سېتىۋاپتۇ. ئاز قىسىم ناچار يەرلىرىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىۋېتىپ، ئىككى دېھقاننى ياللىۋېلىپ ئۆيدىكىلىرى بىلەن قىرىق مو يەرنى ئۆزى تېرىپتۇ. بوۋاي ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس، دەپ قاقشاپ قويدى. ئەمما، لېۋىن بوۋاينىڭ قاقشاشلىرىنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە دېھقانچىلىقىنىڭ ناھايىتى ئوبدان كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەگەر ئەھۋالى ئۆزى قاقشىغاندەك بولسا ھەربىر مورى بىر يۈز ئەللىك روبلىدىن يەر سېتىۋالمىغان، ئۈچ ئوغلى بىلەن بىر جىيەن ئوغلىغا خوتۇن ئېلىپ بېرەلمىگەن، ئۆيگە ئىككى قېتىم ئوت كەتكەندە ئۆيلىرىنى قايتىدىن بىر - بىرىدىن چىرايلىق قىلىپ سالالمىغان بولاتتى. بوۋاي ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، چىرايىدىن پاراۋان تۇرمۇشى، ئوغۇللىرى، جىيەنى، كېلىنلىرى، ئاتلىرى، كالىلىرى، بولۇپمۇ ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتقان دېھقانچىلىقى بىلەن ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. لېۋىن بوۋاينىڭ گەپلىرىدىن يەنە ئۇنىڭ بىر قاتار يېڭى ئۇسۇللارنى قوللانغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ياڭيۇنى نۇرغۇن تېرىپتۇ، لېۋىن

كېتىۋېتىپ كۆرگەن چىچەكلەپ كەتكەن ياڭيۇلار مۇشۇ بوۋاينىڭ ئىكەن. لېۋىننىڭ ياڭيۇلىرى بولسا ئەمدىلا چېچەكلەشكە باشلىغانىدى. ئۇ ياڭيۇلۇقنى پومپىشىچكىتىن ئارىيەت ئالغان يېڭى چىققان سوقا بىلەن ھەيدەيدىكەن. بوۋاي يەنە بۇغدايمۇ تېرىيدىكەن. لېۋىن ئۇنىڭ قارا بۇغدايىنى ئوتىغاندا يۇلۇنۇپ كەتكەنلىرىنى ئاتلارغا بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ھەيران قالدى. لېۋىن ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقلىرىدا دەسسىلىپ كېتىۋاتقان بۇنداق قارا بۇغدايلارنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن، ئۇنى يىغىۋېلىشقا كۆپ ئۇرۇنۇپمۇ يىغىۋالالمىغانىدى. بۇ قېرى دېھقان بۇنى قىلالاپتۇ. لېۋىن بۇنى ئاڭلاپ بۇ دېھقانغا ئاپىرىن ئوقۇپ كەتتى.

— خوتۇنلار نېمە ئىش قىلىدۇ دەيسىز؟ ئۇلار يۇلۇۋېتىلگەن قارا بۇغدايىنى كۆتۈرۈپ يولغا ئاچىقىپ قويىدۇ، ھارۋا كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كېتىدۇ.

— بىز يەر ئىگىلىرىنىڭ ئىشلەمچىلەرگە زادىلا ئامالىمىز بولمايۋاتىدۇ، — دېدى لېۋىن بوۋايغا چاي سۇنۇۋېتىپ.

— رەھمەت، — دېدى بوۋاي پىيالىنى قولىغا ئېلىپ. قەنتكە تەكلىپ قىلغاندا ئۇ ئۆزى چىشلەپ قويغان قەنتنى كۆرسىتىپ قايتا ئالمىدى، — ئىشلەمچىلەر بىلەن بىر ئىش قىلغىلى بولىدۇ دەمسىز؟ — دېدى ئۇ، — ئۇلار سىزنى ۋەيران قىلىۋەتسەملا دەيدۇ. سۋىيەژسكىينى ئالايلى، ئۇنىڭ يەرلىرىنىڭ قانداق يەرلەر ئىكەنلىكىنى بىز بىلىمىز، قاپقارا مۇنبەت يەرلەر، لېكىن ئۇ يەرلىرىدىن تۈزۈك ھوسۇل ئالالمايدۇ، ھەممىسى ئوبدان قارىمىغانلىقىنىڭ كاساپىتى.

— سەنمۇ ئىشلەمچىلەرنى ياللاپ ئىشلىتىۋېتىپسەنغۇ؟

— بىز دېگەن دېھقان، ھەممە ئىشقا ئۆزىمىز قول سالىمىز، ئىشلەمچىلەر ياخشى ئىشلىمىسە كەتكۈزۈۋېتىپ ئۆزىمىز ئىشلەيمىز.

— دادا، فىنوگېنغا ئـازراق قاراماي كېـرەك ئىكەن، — دېـدى كالاچ كىيىۋالغان ياش جۇۋان ئۆيگە كىرىپ.

— مۇشۇنداق گـەپلەر، بـېـگىم، — دېـدى بـوۋاي ئورنـىدىـن تۇرۇپمـۇ چوقۇنۇپ قـويۇپ. ئاندىـن لېۋىنـغا رەھمـەت ئېيتىـپ چىقىپ كەتتى.

لېۋىن پەيتۇنكەشنى چاقىرغىلى يان ئۆيگە كىرىپ، ئۇ يـەردە تامـاق يەپ ئولتـۇرغان بىر تـوپ ئەرلەرنى كـۆردى، ئاياللار ئـۆرە تۇرۇپ ئۇلارغا خىزمەت قىلىشىۋاتاتتى. بوۋاينىڭ بـەقۇۋۋەت ئوغلـى تاماق يەۋېتىپ ئۇلارغا قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى، قـالغانلار ئـۇنىڭ گەپلىرىگـە قاقاقـلاپ كـۈلۈشەتتـى، بولۇپمـۇ تەخسىلەرگـە شورپا قـويـۇپ بېرىـۋاتـقان ھېلىقى يـاش جـۇۋان ھەممىدىن بەك كۈلەتتى.

بۇ دېھقانىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى لېۋىندا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، بۇنىڭغا كالاچ كىيىۋالغان ياش جۇۋاننىڭ ئۆز چىرايىمۇ سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭدىكى بۇ تەسىرات ئۇنتۇغۇسىز تەسىرات بولۇپ، لېۋىن ئۇنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. دېھقاننىڭ ئۆيىدىن سۋىيەژسكىينىڭ ئۆيىگە بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسە ئۆزىنى ئالاھىدە تارتىپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇ دېھقاننىڭ ئائىلىسىنى ئويلاپ ماڭدى.

# 26

سۋىيەژسكىي شۇ ناھىيىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ رەھبىرى، لېۋىندىن بەش ياش چوڭ، ئۆيلەنگىنىگە خېلى بولغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىر قېينىسىڭلىسى بار بولۇپ، لېۋىن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، سۋىيەژسكىي بىلەن خوتۇنى ئىككىسىنىڭ ئۇ قىزنى

ئۆزىگە ياتلىق قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلەتتى. تويى قىلمىغان بارلىق يىگىتلەرگە ئوخشاش، ئۇ ئۆزىمۇ ئۇ قىزغا ئازراق قىزىقاتتى، بۇنى ھېچكىمگە دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە بىلىپ يۈرەتتى. ئۆزىنىڭ ئۆيلەنگۈسى بولسىمۇ، ئۇ چىرايلىق قىزنىڭ ھەر تەرەپتىن تەلىپىگە لايىق خوتۇن بولالايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى، كىتىنى ياخشى كۆرمىگەن ھالەتتىمۇ، ئاسمانغا چىقماقتىنمۇ تەستەك ئويلايتتى. بۇ خىيال ھەرقاچان ئۇنىڭ سۆيەژسكىينىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېلىش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ تۇراتتى.

لېۋىن سۆيەژسكىينىڭ ئۆزىنى ئوۋغا تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندا بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ ئىشنى ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ، سۆيەژسكىينىڭ بۇ ياخشى نىيىتىنى باشقىچە چۈشەنسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاخىر بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۇ قىزغا كۆڭلىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش خىيالىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. سۆيەژسكىينىڭ ئائىلىسى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشايدىغان ئائىلىلەردىن ئىدى، سۆيەژسكىينىڭ ئۆزىمۇ يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر پائالىيەتچان ئەربابلىرىدىن بولۇپ، لېۋىن ئۇ ئادەمگە بەكمۇ قىزىقاتتى.

سۆيەژسكىي يەنە لېۋىن ھازىرغىچە چۈشىنىپ بولالمايۋاتقان ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ نەزەرىيىلىرى ئاڭلىماققا تولىمۇ ئورۇنلۇقتەك ئاڭلىناتتى، ئەمما ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس ئىدى. تۇرمۇشىمۇ قاتمال، بىر خىلدا ئۆتەتتى، ئېغىزدا سۆزلىگەنلىرىگە پۈتۈنلەي ماس كەلمەيتتى، سۇ بىلەن ياغدەك بىر - بىرىگە يۇقۇشمايتتى. سۆيەژسكىي ھەددىدىن زىيادە لىبېرال ئادەم ئىدى، ئاقسۆڭەكلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇلارنىڭ

كۆپچىلىكىنى يوشۇرۇن قۇلدارلار، قورقۇنچاقلىقىدىنلا ئۆز خاھىشلىرىنى ئاشكارا بىلدۈرمەي يۈرۈشىدۇ، دەپ بىلەتتى. رۇسىيىنى تۈركىيىگە ئوخشاش زاۋال تاپقان دۆلەت، رۇسىيە ھۆكۈمىتىنى ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان ھۆكۈمەت، ئەستايىدىل تەنقىد قىلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، دەپ سۆكۈپ تۇراتتى. ئەمما، يەنە شۇ ھۆكۈمەت ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، يەنە تېخى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ نەمۇنىلىك رەھبىرى ئىدى، سىرتلارغا چىقسا چۆرىسىگە قىزىل جىيەك تۇتۇلغان كاكارلىق دۇگىلەك شىلەپىسىنى كىيمەي چىقمايتتى. چەت ئەلنىڭ تۇرمۇشىنى ئادەمدەك ياشايدىغان ھەقىقىي تۇرمۇش دەپ بىلگەچكە، پۇرسەت بولسىلا چەت ئەلگە چىقىپ كېتەتتى. ئەمما، رۇسىيىدە ئىگىلىكىنى مۇرەككەپ ئىلغار تېخنىكا بىلەن باشقۇراتتى، رۇسىيىدە يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارغا دىققەت قىلاتتى ۋە ئۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇراتتى. رۇسىيە دېھقانلىرىنى مايمۇندىن ئادەمگە ئۆزگىرىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان خەق، دەپ قارايتتى، ئەمما يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىدا ھېچكىم دېھقانلار بىلەن ئۇنىڭدەك قول ئېلىشىپ قىزغىن كۆرۈشمەيتتى، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئۇنىڭدەك بېرىلىپ ئاڭلىمايتتى. ئۇ ئەۋلىيالارغا ئىشەنمەيتتى، جىنغا ئىشەنمەيتتى، ئىشقىلىپ، ھەممىلا نېمىگە ئىشەنمەيتتى. ئەمما، روھانىيلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلەتتى، كەنتىنىڭ چېركاۋىنى ساقلاپ قېلىشقا جېنىنىڭ بارىچە تىرىشاتتى.

ئۇ ئاياللار مەسىلىسىدە ھەددىدىن ئارتۇق رادىكال بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلاتتى، بولۇپمۇ ئاياللاردا ئەمگەك ھوقۇقى بولۇشى كېرەك، دېگەننى بەكرەك تەكىتلەيتتى. بالىسى بولمىسىمۇ خوتۇنى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى، ئۇلارنىڭ تۇمۇشىغا ھەۋەس قىلمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. خوتۇنىغا يارىتىپ بەرگەن شارائىتىنىڭ ياخشىلىقىدىن خوتۇنى ئېرى بىلەن ئۆتىدىغان تۇرمۇشنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك،

تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى ئويلىمايتتى، قىلمايتتى ھەم قىلالمايتتى.

ئەگەر لېۋىندا كىشىلەرنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرىدىغان ئالاھىدىلىك بولمىغان بولسا، ئۇ سۋىيەژسكىينىڭ مىجەزىنى چۈشىنىشتە ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمىغان، ئۇنى «ئەخمەق ياكى يارىماس ئادەم» دەپلا گەپنى تۈگەتكەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنى «ئەخمەق ئادەم» دېيەلمەيتتى، چۈنكى سۋىيەژسكىي ئەقىللىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە تەربىيە كۆرگەن، چېقىشقاق ئادەم ئىدى، بىلمەيدىغان نەرسىسى يوق ئىدى، ئەمما بىلىدىغانلىرىنى ئامال بولمىغاندا ئاشكارىلىمىسا، ئادەتتە زادىلا ئاشكارىلىمايتتى. لېۋىن ئۇنى «يارىماس ئادەم» دەپ تېخىمۇ ئېيتالمايتتى، چۈنكى سۋىيەژسكىي كۆڭلى تۈز، ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق، خىزمەتتە ئاكتىپ، قىزغىن ئادەم ئىدى، ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن ئۇنى ماختىمايدىغىنى يوق ئىدى، ئەزەلدىن يامان ئىش قىلىپ باقمىغانىدى، يامان ئىشنىمۇ قىلالمايتتى.

لېۋىن ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشىپ باقتى، لېكىن چۈشىنىپ بولالمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۇنىڭغا ئاچقىلى بولمايدىغان سىردەك بىلىنەتتى.

سۋىيەژسكىي بىلەن لېۋىن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى، شۇڭا لېۋىن ئۇنى ھەر جەھەتتىن سىناپ باقماقچى، ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتقا بولغان قاراشلىرىنى بىلىپ باقماقچى بولاتتى. لېكىن، بۇ ئۇرۇنۇشلىرى ھەرقاچان نەتىجىسىز قالاتتى. لېۋىن ھەر قېتىم سۋىيەژسكىينىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ باقماقچى بولغانلىرىدا، ئۇنىڭ سەل ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىدىن قورققاندەك بىر خىل ھالەتنىڭ ئەكس ئېتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىگە جاۋاب بېرىشنى رەت قىلغاندەك گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتەتتى.

لېۋىن ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىدىن كۆڭلى قېلىۋاتقان بىر چاغدا سۋىيەژسكىينىڭ ئائىلىسىگە كېتىۋاتقىنىدىن تولىمۇ خۇشال

ئىدى. ھەممە ئىشلىرى كۆڭلىدىكىدەك كېتىۋاتقان بۇ بەختلىك ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئائىلىسى ئۇنى خۇشال قىلغاندىن باشقا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن رازى بولمايۋاتقان مۇشۇنداق كۇنلەردە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ شۇنچىلىك ئوچۇق ـ يورۇق، ئىشەنچلىك ۋە خۇشال ـ خۇرام كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىشمۇ لېۋىنىڭ ئىستەكلىرىنىڭ بىرى ئىدى.
ئۇنىڭدىن باشقا، لېۋىن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ئۇلارغا قوشنا بىر نەچچە پومېشچىكنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇلار بىلەن يەردىن ئالىدىغان ھوسۇلغا، ئىشلەمچىلەرگە ئائىت بىرمۇنچە مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشقۇسى بار ئىدى. ئۇ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ھازىر ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشنىڭ ئازراق بىمەنىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ قارىشىدا بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىش ئىدى. «بۇ مەسىلىلەر قۇللۇق تۈزۈم مەزگىلىدە ئانچە مۇھىم ئەمەس بولغىيدى، ئەنگلىيىدىغۇ مەسىلە ئەمەس، ئىككى دۆلەتنىڭ شارائىتى ئوخشىمىغاچقا، ئوخشاشمىغان تۈزۈملەر بېكىتىلگەندۇ. ئەمما، ھازىر، بولۇپمۇ بىزنىڭ رۇسىيىدە ھەممە نەرسە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، ھەممە ئىشلار يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلاۋاتىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا قائىدە ـ تۈزۈملەرنى قانداق بېكىتىش مەسىلىسى ئالدىمىزدا تۇرغان ئەڭ چوڭ مەسىلە» دەپ ئويلايتتى لېۋىن.
ئوۋ لېۋىن ئويلىغاندەك ئوبدان بولمىدى. سازلىقلار قۇرۇپ كېتىپ لايخورەكلەر قالماپتۇ. كۈن بويى يۈرۈپ ئۈچ تاللا لايخورەك ئاتالىدى. لېكىن، ھەر قېتىم ئوۋدىن ئىشتىھاسى ئېچىلغان، كەيپى چاغ قايتىپ كېلەتتى، كۈچلۈك جىسمانىي ھەرىكەتلەر كۆپ بولغاچقا، روھلۇق، تېتىك بولۇپ قالاتتى. ئوۋ ئوۋلاۋاتقان چاغلىرىدا ئاساسەن ھېچنېمە ئويلىمايتتى، ئەمما ئارىلاپ، ئىختىيارىدىن سىرت ھالدا ئاشۇ قېرى دېھقاننىڭ ئائىلىسىنى ئېسىگە ئېلىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدا قالدۇرغان تەسىراتى ئۇنىڭدىن ھەممە ئىشتا ئېھتىيات قىلىشتىن باشقا،

ئۆزىگە ئالاقىدار بولغان قانداقتۇر بىر ئىشنى ھەل قىلىۋېلىشنى تەقەززا قىلىپ تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قالاتتى.

كەچلىك چاي ۋاقتىدا ئىككى پومېشچىك ئۆز ئىگىلىكىگە ھامىيلىق قىلىدىغان بىر ئىشنىڭ مەسلىھەتى ئۈچۈن كىرىپ كەلدى. ئۇزاققا بارماي ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا لېۋىن قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭ باشلىنىپ كەتتى.

لېۋىن چاي ئۈستىلىنىڭ ئايال ساھىبخانىغا يېقىنراق يەردە ئولتۇرغان بولغاچقا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئايال ساھىبخانا يۈزىدىكى زىنىخلىرى ياراشقان، چىرايىدا تەبەسسۇم ئويناپ تۇرىدىغان دۈگىلەك يۈزلۈك، سۈس سېرىق چاچلىق پاكار ئايال ئىدى. لېۋىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق سۇيىەژسكىينىڭ ئۆزى قىزىقىپ تۇرغان ئەڭ چوڭ سىرىنى بىلمەكچى بولغانىدى، لېكىن بەكمۇ قورۇنۇپ قېلىپ، دەيدىغان گېپىنى تاپالماي تەمتىرەپ قالدى. بۇنداق بولۇشى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ياقىسى بەكمۇ تۆۋەن ئېلىنغان كۆڭلەك كىيىۋالغان سىڭلىسى ئولتۇراتتى، كۆڭلىكىنىڭ شۇ يېرىدىن ئاپئاق كۆكسى يېرىم كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېۋىن ئۇنىڭ ئۆزىنى دەپ مۇشۇنداق كۆڭلەك كىيىۋالغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ كۆكسى بەكمۇ ئاق ئىدى، بەدىنىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئاشۇ ئوچۇق يېرى لېۋىننى ھودۇقتۇرۇپ ئەركىن پىكىر قىلىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ كۆڭلەكنىڭ مەخسۇس ئۆزىنى دەپ شۇنداق تىكتۈرۈلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئولتۇردى. بەلكىم ئۇنىڭ ئۇ تەسەۋۋۇرى خاتادۇ، ئەمما ئۇنىڭغا شۇنداق تەسىر بەرگەنىدى. لېۋىن ئۇنىڭ ئوچۇق يېرىگە قاراشنى ئۆزى ئۈچۈن ياخشى ئىش ئەمەس دەپ ئويلاپ، ھەدەپ ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇراتتى ۋە ئۇنىڭ شۇنداق كۆڭلەك كىيىشىنى ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك ئويلاپمۇ قالاتتى، ئۆزىنى خۇددى باشقىلارنى ئالداۋاتقاندەك ئويلاپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچىمۇ بولاتتى، ئەمما

چۈشەندۈرۈشكە ھەرقانداق قىلىپمۇ تىلى بارمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزىرىپ، بوزىرىپ، ئامال قىلالماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قورۇنۇش سۆيۈمچانلىقى ئەمەس بەلكى سېزىمچانلىقىنىڭ قېپىنىسىڭلىسىغىمۇ تەسىر قىلغاندەك قىلاتتى. ئەمما، ئايال ساھىبخانا دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى، تېخى مەقسەتلىك ھالدا سىڭلىسىنى گەپكە قوشۇلۇشقا مەجبۇرلايتتى.

— سىز ماڭا، ئېرىڭىز رۇسىيىنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىگە قىزىقمايدىغان ئوخشىمامدۇ، دەپ قالدىڭىز، — دېدى ئايال ساھىبخانا باشلانغان پاراڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ چەت ئەللەرگە چىقىشقا ئامراق. ئەمما، چەت ئەللەردە بۇ يەردىكىدەك ئەركىن - ئازادە يۈرەلمەيدۇ. رۇسىيىدە ئۇنداق ئەمەس، ھەممىلا يەردە ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بولغاچقا، شۇنچىلىك ئازادىلىك ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى تولىمۇ كۆپ، ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ، بۇ ئۇنىڭ تۇغما مىجەزى. ھە راست، سىز تېخى بىزنىڭ مەكتەپكە بېرىپ باقمىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— باردىم ... ھېلىقى يۆرگىمەچ ئوت بىلەن ئورالغان بىناغۇ؟

— شۇنداق، ئۇ بىزنىڭ ناستە قىلىنىۋاتقان ئىش، — دېدى ئۇ سىڭلىسىنى كۆرسىتىپ.

— سىز بالىلارنى ئۆزىڭىز ئوقۇتامسىز؟ — دەپ سورىدى لېۋىن بار ئامالى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆكسىدىن قاچۇرۇپ. لېكىن، نەگىلا قارىسۇن، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ بولالمايۋاتاتتى.

— شۇنداق، ئۆزۈم ئوقۇتۇپ كېلىۋاتىمەن، يەنە بىر ئايال ئوقۇتقۇچىمىزمۇ بار، يەنە تەنتەربىيە دەرسىنىمۇ كىرگۈزدۇق.

— ياق، رەھمەت، چاي بولدى، — دېدى لېۋىن چاي قۇيماقچى بولۇۋاتقان خىزمەتكارغا. ئۇ ئۇلار بىلەن داۋاملىق بىللە ئولتۇرۇۋېرىشكە جۈرئىتى يەتمەي، ھۆرمەتسىزلىك بولسىمۇ،

ئامالسىز قىزىرىپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۇ تەرەپتە پاراڭ قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، — ئۇ بۇ بىر ئېغىز گەپنى قىلىپ قويۇپ ئۇستەلنىڭ ئۇ تەرىپىگە كەتتى. سۋىيەژسكىي بىلەن ئىككى پومېشچىك قىزغىن پاراڭدا ئىدى. سۋىيەژسكىي قىيپاش ئولتۇرۇپ بىر قولى بىلەن ئالدىدىكى ئىستاكاننى پىرقىرىتىپ، يەنە بىر قولى بىلەن بۇرۇتىنى خۇددى ئۇنى پۇراۋاتقاندەك بۇرنى ئاستىغا تارتىپ ئەكېلىپ، يەنە قويۇۋېتىپ ئولتۇراتتى. بىر جۈپ قاپقارا كۆزلىرى بۇرۇتى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن، ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قېلىۋاتقان بىر پومېشچىكتا ئىدى، تۇرقىدىن ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قېلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ پومېشچىك توختىماي دېھقانلاردىن ئاغرىناتتى. لېۋىن سۋىيەژسكىينى ئۇنىڭ بۇنداق ئاغرىنىشلىرىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلىدۇ، گەپكە ئېغىز ئاچىدىغانلا بولسا ئۇنىڭ گەپلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، پەقەت ئۇنىڭ كۈلكىلىك گەپلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋەردى. سالاھىيىتى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇنداق جاۋاب بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئاق بۇرۇتلۇق ئۇ پومېشچىكنىڭ جاھىل قولدارلاردىن ئىكەنلىكى، يېزىدا ئۇزاق ياشىغان، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا تولىمۇ ھەۋەس قىلىدىغان ئادەملىكى گەپلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، غەلىتىلا تىكىلگەن بۇرۇنقى مېھمانلىق كىيىمى، ئەقىللىق ھەم ئازراق غەمكىن كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى، رۇسچىنى سىلىق، راۋان سۆزلەشلىرى، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن چىرايلىق يوغان قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ سۆزلەشلىرى ۋە قولىغا تاقىۋالغان ئەڭ بۇرۇنقى توي ئۈزۈكىدىنمۇ لېۋىن ئۇنىڭ ئاشۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى كۆرگەندەك بولدى.

# 27

— ئەگەر ئۇزاق يىللىق ئەجرىم سىڭگەن ئىگىلىكىمنى ... ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆككەن تەرلىرىمنى دېمىگەن بولسام، يەرلىرىمنى ئاللىبۇرۇن تاشلىۋەتكەن ياكى سېتىۋېتىپ، نىكولاي ئىۋانوۋىچقا ئوخشاش ... فرانسىيىنىڭ ئوپېراسىنى كۆرگىلى فرانسىيىگە كەتكەن بولاتتىم، — ئۇ پومېشچىكنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن ئەقىللىق يۈزىدە خۇشال كۈلكە ئويناپ تۇرۇۋاتاتتى.

— لېكىن، سىز ئۇنى ھازىرغىچە تاشلىمىدىڭىز، — دېدى نىكولاي ئىۋانوۋىچ سىۋىيەژسكىي، — شۇنىڭدىن مەلۇم، ئىگىلىكىڭىزنىڭ يەنىلا سىزگە پايدىسى تېگىۋاتقان گەپ.

— پايدىسى پەقەت بىرلا، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدە تۇرىسىز، ئۆزىڭىزنىڭ تامىقىنى يەيسىز، باشقىلارنىڭ قولىغا قارىمايسىز، يەنە بىر تەرىپى، ئۇ دېھقانلارنى بىر كۈنلەردە ئەقلىنى تېپىپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن ياشايسىز. لېكىن، دەپ كەلسەم سىزمۇ ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، بۇ خەق ئىچكۈۋازلىق، بۇزۇقچىلىقنىلا بىلىدۇ. ھەممە نەرسىنى بۆلۈشۈپ بولدى، نە ئېتى، نە كالىسى قالمىدى، ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قېلىشىۋاتىدۇ. ئەمما، سىز ئۇلارنى ھەق بېرىپ ئىشلەتسىڭىز تۈزۈك ئىشلىگىلى ئۇنىمايدۇ، ئىشنى بۇزىدۇ، يەنە تېخى كېلىشتۈرگۈچى سوتچىغا ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىدۇ.

— ئۇ ئەرز قىلسا سىزمۇ قىلامسىز! — دېدى سىۋىيەژسكىي.

— مەن ئەرز قىلىمەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. ئەرز قىلىپلا قويسىڭىز، ئۈستىڭىزدىن ھەر خىل گەپلەر چىقىشقا باشلايدۇ، مۇنداق ئەھۋالدا كىم ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ؟

يەم ـ خەشەك مەيدانىدىكىلەر ئۇلارغا ئالدىن ھەق بېرىپ تۇرۇپتىكەن، ئۇلار پۇلنى ئېلىپلا قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى كېلىشتۇرگۇچى سوتچى نېمە قىلالىدى؟ قويۇپ بەردى شۇ. پەقەت يېزىلىق سوت مەھكىمىسى بىلەن يېزا باشلىقىلا ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيدۇ. يېزا باشلىقى كونا قائىدە بويىچە ئۇلارنى راسا قامچىلايدۇ. ئۇلارنى ئاشۇنداق ئەدەپلەپ تۇرمايدىغان بولسا، بىز يەرلىرىمىزنى تاشلاپ دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە كەتسەك بولىدۇ شۇ.

بۇ پومېشچىك بۇ گەپلىرى بىلەن سۆيەژىسكىينى مەسخىرە قىلماقچى ئەمەس ئىدى، ئەمما سۆيەژىسكىي ئۇنىڭ گەپلىرىگە تېرىكمەي بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— ئەمما، بىز ئىگىلىكىمىزنى باشقۇرۇشتا ئۇنداق ئۇسۇل قوللانساق بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەنمۇ، لېۋىنمۇ، يەنە بىرىمۇ ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك.

ئۇ يەنە بىر پومېشچىكنى كۆرسىتىپ دېدى:

— مانا، مىخايىل پېتروۋىچمۇ ئىگىلىكىنى بىر ئوبدان باشقۇرۇپ كېتىۋاتامدۇ. ئۇنىڭدىن ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى سوراپ كۆرۈڭچۇ. ئىگىلىكىمىزنى ئاشۇنداق ئۇسۇل بىلەن باشقۇرساق مۇۋاپىق بولامدۇ؟ — بۇ گەپنى قىلغان پومېشچىك «مۇۋاپىق بولامدۇ» دېگەن گەپنى ئەتەي ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن دېدى.

— مېنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلۇم تولىمۇ ئاددىي، — دېدى مىخايىل پېتروۋىچ، — خۇداغا شۈكۈر، كۈزلۈك سېلىقنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگۈچە پۇلنى تەييار قىلىۋالىمەن. دېھقانلار كېلىپ: «ۋاي قانداق قىلاي، خوجايىن، بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالسىڭىز» دېيىشىدۇ. قارىساڭ، ھەممىسى قوشناڭ، قاراپ تۇرالمايسەن ـ دە. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىپ تۇرىمەن ھەم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە:

«ئېسىڭلاردا بولسۇن، باللىرىم. مەن سىلەرگە ياردىمىمنى بەردىم، سىلەرمۇ مېنىڭ ھاجىتىم چۈشكەندە ياردىمىڭلارنى ئايىماسسىلەر. ئەتە ـ ئۆگۈن سۇلۇ تېرىيدىغان، چۆپ چاپىدىغان، ئورما ئورۇيدىغان ئىشلار بولۇپ قالىدۇ» دەپ قويىمەن، تۇتۇن بېشىغا كېلىدىغان ئەمگەك كۈننى بەلگىلەپمۇ بېرىمەن. راست، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغانلىرى بار، بۇ پاكىت.

لېۋىن مۇشۇنداق پاتىرىئارخاللىق ئۇسۇللارنىڭ ھېلىمۇ بارلىقىنى كۆپتىن بېرى بىلگەچكە، سۋىيەژسكىي ئىككىسى دەررۇ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى ۋە شۇئان مىخايىل پېتروۋىچنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ، بايىقى ئاق بۇرۇتلۇق پومېشچىكتىن سورىدى:

ـــ سىزچە قانداق قىلسا بولىدۇ؟ ھازىر ئىگىلىكنى قانداق باشقۇرۇش كېرەك؟

ـــ مىخايىل پېتروۋىچتەك قىلىش، يا ئورتاقلىشىش، يا يەرنى ئۇلارغا ئىجارىگە بېرىش كېرەك. بۇمۇ بولىدىغان چارە، ئەمما بۇنىڭدا رۇسىيىنىڭ ئومۇمىي بايلىقى ۋەيران بولىدۇ، ئەگەر يېرىمنى قۇللارغا تېرىتىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا توققۇز ھەسسە كۆپ ھوسۇل ئالالايمەن، ئەگەر يەرنى ئورتاق تېرىيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئالىغان ھوسۇلنىڭ ئۈچ ھەسسىسىلا بىزگە تېگىدۇ. دېمەك، بىز قۇللارنى ئازاد قىلىپ رۇسىيىنى ۋەيران قىلدۇق.

سۋىيەژسكىي كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى لېۋىنغا تىكتى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا ئازراق مەسخىرىمۇ ئارىلاشقانىدى. لېكىن، لېۋىنغا ئۇ پومېشچىكنىڭ گەپلىرى زادىلا كۈلكىلىك تۇيۇلمىدى. ئۇنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىشى سۋىيەژسكىينىڭكىدىن كۆپ ئارتۇق ئىدى. ئۇ پومېشچىك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، قۇللارنى ئازاد قىلىشنىڭ نېمە ئۈچۈن رۇسىيىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاۋاتاتتى. لېۋىنغا ئۇنىڭ گەپلىرى رەت قىلغىلى بولمايدىغان، توغرا ۋە يېڭى بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى،

چۈنكى ئۇ پومېشچىكنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدىكى تېپىلغۇسىز گەپلەر ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىيال بىكارچىلىقتىن ئۇنى - بۇنى ئويلاپ كېلىپ قالغان ئەمەس، شۇنداق مۇھىتتا ياشاۋاتقانلىقى، سىرت بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن يېزىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەم ھەممە جەھەتلەردىن ئويلانغانلىقىدىن كەلگەن خىيال ئىدى.

— گەپ شۇنىڭدىكى، ھەممە ئىسلاھات مەجبۇرلاش يوللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى، — دېدى ئۇ پومېشچىك ئۆزىنىڭمۇ بۇ جەھەتلەردە بىلىمى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك، — سىز ئىمپېراتور پېتېرنىڭ، ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنانىڭ، پادىشاھ ئالېكساندىرنىڭ ئىسلاھاتلىرىغا ياكى ياۋروپانىڭ ئىسلاھاتلىرىغا قاراپ باقسىڭىزلا بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرەلەيسىز. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىلگىرىلىگەنلىكىدە گەپ يوق. ياڭيۇنى ئالساق، ئۇنىمۇ دۆلىتىمىزدە مەجبۇرىي تېرىتقان. ئىلگىرى ساپانمۇ ئىشلىتىلمەيتتى. ساپان بىزگە فېئوداللىق دەۋردە سىرتتىن كىرگەن بولسا كېرەك، ئۇمۇ مەجبۇرىي ئىشلىتىلگەن. بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، بىز پومېشچىكلار قۇللارنى ئازاد قىلىشتىن ئىلگىرى ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياخشىلاپ، قۇرۇتۇش ماشىنىسى، دان ئايرىش ماشىنىسى، ئوغۇت ماشىنىسى ۋە باشقا خىلمۇخىل دېھقانچىلىققا ئائىت ماشىنىلارنى مەجبۇرىي ئومۇملاشتۇردۇق. دېھقانلار دەسلەپتە قارشى چىقتى، كېيىن بىزدىن ئۆگىنىشكە باشلىدى. قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنغاندىن كېيىن بىزنىڭ ھوقۇقلىرىمىز تارتىۋېلىندى، نەتىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان يېزا ئىگىلىكىمىز يەنە بىر قېتىم ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ مەسىلىگە مەن شۇنداق قارايمەن.

— نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولىدۇ؟ ئىگىلىكىڭىزگە پايدىلىق بولسا نېمىشقا ئادەم ياللاپ ئىشىڭىزنى قىلىۋەرمەيسىز؟ — دېدى سۋىيەژسكىي.

— هازىر بىزدە ئۇنداق ھوقۇق يوق ! ئېيتىڭا، مەن كىمگە تايىنىپ ئىشلەيمەن؟

— توغرا، ئەمگەك كۈچى دېھقانچىلىقنىڭ ئاساسىي ئامىلى ـ دە، — دېدى لېۋىن.

— ئىشلەمچىلەرگە تايىنىسىز.

— ئىشلەمچىلەر ياخشى ئىشلىمەيدۇ، ياخشى سايمانلارنى ئىشلىتىشنى خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى بىرلا ئىش، ئۇ بولسىمۇ هاراق ئىچىش. ئۆلگۈدەك ئىچىپ، قولىغا تۇتقۇزغان ياخشى نەرسىلەرنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئاتلارنى كۆپ سۇغىرىۋېتىپ ئاغرىتىپ قويىدۇ. ئاتلارنىڭ بىر ئوبدان جابدۇقلىرىنى بۇزۇپ، ئۈزۈپ تاشلاپ قويىدۇ، هارۋىنىڭ چاقلىرىنى هاراققا تېگىشىۋېتىدۇ، دان ئايرىش ماشىنىلىرىغا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ماشىنىنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلار كۆڭلىگە ياقمىغان نەرسىلەرنىڭ هەممىسىدىن بىزار، شۇڭا پۇتكۇل يېزا ئىگىلىكى ئارقىغا كېتىۋاتىدۇ. يەرلەر قاراقسىز قېلىپ قوراي بېسىپ كەتتى ياكى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلىپ، بىر مىليونلۇق هوسۇل ئالىدىغان يەرلەردىن بىرنەچچە يۈز مىڭلىقلا هوسۇل ئېلىنىدىغان بولۇپ قالدى. دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى ئازلاپ كەتتى. ئەگەر بۇرۇنقى يولىمىز بىلەن ماڭغان بولساق هەرگىز ئۇنداق بولمايتتى...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى قۇللارنى ئازاد قىلىش پىلانلىرىنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ئىشلەنسە يۇقىرىدا ئۆزى دېگەن ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولارمىش.

لېۋىن ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىگە بەكمۇ قىزىقىپ كەتمىدى، ئەمما ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ دەسلەپكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— دېھقانچىلىقىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئارقىغا كېتىۋاتقىنى راست، ئەمما ئىشلەمچىلەر بىلەن بولغان هازىرقى

مۇناسىۋىتىمىز بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ كەتمىكىمىز قىيىن، بۇ ئېنىق پاكىت، — دېدى ئۇ سۋىيەژسكىينىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارشىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە.

— مەن بۇ قارىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن، — دېدى سۋىيەژسكىي ئۇنىڭ سۆزىگە جىددىي رەۋىشتە رەددىيە بېرىپ، — مەن مەسىلىنى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئىگىلىكىمىزنى باشقۇرۇشقا ماھىر ئەمەسلىكىمىزدىنلا ئىزدەيمەن. بىزنىڭ قۇللۇق دەۋردىكى دېھقانچىلىقىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە بەكمۇ تۆۋەن ئىدى، نە ماشىنىلىرىمىز، نە ياخشى ئۇلاغلىرىمىز، نە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىمىز يوق، ھېسابات قىلىشنىمۇ بىلمەيتتۇق.

— ئىتالىيىچە تەربىيىلەنگەن بوغالتىرلىرىمىز بار ئىدىغۇ، — دېدى ھېلىقى پومېشچىك زاڭلىق قىلغاندەك قىلىپ، — قانداقلا ھېسابلىسا، ھېسابلىغان نەرسىلىرى بىلەن بىزنى ۋەيران قىلاتتى، بىزگە پايدا يوق ئىدى.

— نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىزنى ۋەيران قىلىۋەتتى دەيسىز؟ كونا دان ئايرىش ماشىنىسى ياكى سىلەرنىڭ رۇسىيىچە ياغ تارتىش ماشىناڭلارنى ئۇلار قانداق ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ؟ مېنىڭ پار ماشىنامنى ھېچكىم ئۇنداق قىلىۋېتەلمىدىغۇ؟ رۇس ئاتلىرى قانداق؟ ئۇلارنىڭ تۇياقلىرى ئاجىز، قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ تارتىمىغۇچە ماڭمىغان. ئەنە ئاشۇنداق ئاتلار سىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، گوللاندىيە ئاتلىرى ياكى باشقا نەسلى داڭلىق ئاتلار ئۇنداق ئەمەس، سەۋەب مانا مۇشۇلا. بىز چوقۇم يېزا ئىگىلىكىمىزنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

— شۇنداق قىلىشقا شارائىت بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، نىكولاي ئىۋانوۋىچ. سىزدە ئۇ شارائىت بار، مەندە يوق. مەن بىر بالامنى ئۇنىۋېرسىتېتتا، قالغان بالىلىرىمنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتىمەن، شۇڭا گوللاندىيە ئاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا

كۆچۆم يەتمەيدۇ.

— بانكىدىن قەرز ئالسىڭىز بولىدۇ.

— قېلىپ قالغان نەرسىلىرىڭنى كىمئارتۇق قىلىپ سېتىۋەت، دېمەكچىمۇ سىز؟ ئۇنداق قىلالمايمەن، مەسلىھەتىڭىزگە رەھمەت.

— دېھقانچىلىقنىڭ سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش زۆرۈر ۋە تامامەن مۇمكىن، دېگەن گەپكە ئىشەنمەيمەن، — دېدى لېۋىن، — بۇ ئىشنى قىلىشقا پۇلۇم بار، ئەمما قىلچە چارەم يوق. بانكىنىڭ كىملەرگە پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. مېنىڭ دېھقانچىلىققا سالغان سەرمايەمنىڭ ھەممىسىدە زىيان كۆرۈلدى، ئۇلاغ ئالسامۇ زىيان تارتتىم، ماشىنا ئالسامۇ زىيان تارتتىم.

— بۇ ناھايىتى توغرا گەپ، — دېدى ئاق بۇرۇتلۇق پومېشچىك خۇشاللىقىدا كۈلۈپ كېتىپ.

— بۇنداق ئەھۋالدىكى ئادەم بىر مەن ئەمەس، — دېدى لېۋىن سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئىگىلىكىنى مۇۋاپىق باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان پومېشچىكلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممىسى زىيان تارتىۋاتىدۇ. سىز دەپ بېقىڭچۇ، سىزنىڭ ئىگىلىكىڭىزدە پايدا بارمۇ؟ — دېدى لېۋىن. شۇ ئارىلىقتا، ئۇ سۆيىەژسكىينىڭ كۆزلىرىدە يەنە ھېلىقىدەك قورقۇنچقا چۈشۈپ قېلىۋاتقاندەك ھالەتنى كۆرۈپ قالدى. ھەر قېتىم ئۇ ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مەلۇم بىر يوشۇرۇن جايغا ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى بولغاندا ئۇنىڭدا ئاشۇنداق ئالامەتنى سېزەتتى.

لېۋىن ئۇنىڭغا بۇ سوئالنى قويۇپ توغرا قىلمىغانىدى. ئايال خوجايىن بايا ئۇنىڭ بىلەن چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا ئۆزلىرىنىڭ موسكۋادىن گېرمانىيىلىك بىر بوغالتىرنى بەش يۈز رۇبلىلىق ئىش ھەققى بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ بارلىق ھېساباتىنى ئېنىقلاتقانلىقىنى، نەتىجىدە ئۈچ مىڭ

رۇبلىدىن كۆپرەك زىيان چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. زىيان قانچىلىك، نەق سانىنى ئۇمۇ بىلمەيتتى، ئۇ گېرمانىيىلىك چارەك تىيىنغىچە ئىنچىكە ھېسابلاپ چىققانىكەن.

لېۋىن سۋىيەژسكىينىڭ ئىگىلىكىنىڭ زادى قانچىلىك پايدا بېرىدىغان ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا، ھېلىقى پومېشچىك خۇددى ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ ئالىدىغان پايدىسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلىدىغان ئادەمدەك ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كەتتى.

— ئېھتىمال، پايدىمۇ يوقتۇ، — دېدى سۋىيەژسكىي لېۋىننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، — شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ مېنىڭ يامان خوجايىن ئىكەنلىكىمنى ياكى پۇلنى يەر ئىجارىسىنى ئۆستۈرۈشكىلا سەرپ قىلىۋاتقىنىمنى بىلدۈرىدۇ.

— ھە، يەر ئىجارىسى! — دېدى لېۋىن چۆچۈپ كېتىپ، — يەرنى ئىجارىگە بېرىش ياۋروپادا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ يەرلەردە ئەمگەك كۈچىنى قانچە كۆپ سالسىڭىز يەر شۇنچە ياخشىلىنىپ بارىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇنداق ئەمەس، ئەمگەك كۈچىنى قانچىلىك سالسىڭىز، يەر شۇنچە ئوساللىشىپ، تېرىغانسېرى شۇنچە كۈچسىزلىنىپ كېتىدۇ، شۇڭا بىزدە يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

— نېمىشقا يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمىسۇن؟ ئۇ دېگەن قانۇن!

— بىز شۇ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلىۋاتىمىز. يەرنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ بىز ئۈچۈن پايدىسى يوق، ئەكسىچە ئۇ ئىشنى بۇزىدۇ. ياق، قېنى ئېيتىڭچۇ، يەرنى ئىجارىگە بېرىش نەزەرىيىسى دېگەن نېمە گەپ ...

— ئازراقتىن قېتىق ئىچەمسىلەر؟ ماشا، بىزگە قېتىق ياكى مالىنا كەلتۈرگىنە، — دېدى سۋىيەژسكىي خوتۇنىغا، — بۇ يىل مالىنا بەكمۇ كېچىكىپ پىشتى.

لېۋىن گەپ ئەمدى باشلاندى دەپ ئولتۇراتتى، سۋىيەژسكىي

كەيپى چاغ ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ نېرى كەتتى، بۇ ئۇنىڭ گەپنى مەشەدە توختىتايلى، دېگىنى ئىدى.
لېۋىن سۆھبەتدىشىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۇ پومېشچىك بىلەن پاراڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، قىيىنچىلىقلىرىمىز-نىڭ ھەممىسى ئىشلەمچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئادەت-لىرىنى بىلمىگىنىمىزدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ، دېگەننى ئىس-پاتلاشقا جېنىنىڭ بارىچە كۆچىدى. لېكىن، ئۇ پومېشچىك يال-غۇز ياشاپ، يالغۇز پىكىر قىلىدىغان ئادەملەرگە ئوخشاش، باش-قىلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى چۈشىنىشكە ماھىر ئەمەس، جا-ھىل، ئۆز سۆز ئادەم ئىدى. ئۇ رۇسىيە دېھقانلىرىنىڭ ھەممىسى ھۆرۈن چوشقىلار، چوشقىغا ئوخشاش ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنى ئۇنداق تۇرمۇشتىن ئايرىش ئۈچۈن بىزدە ھوقۇق بولۇشى كېرەك، ئەمما بىزدە ئۇ ھوقۇق يوق. بىزدە يەنە كالتەك بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن بىز بەكمۇ ئەركىنلىشىپ كېتىپ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئىشلىتىپ كەلگەن ئۇ كالتەكلىرىمىزنىڭ ئورنى-نى تۇيۇقسىز ئادۋوكاتلار بىلەن تۈرمىلەر ئالدى. تۈرمىدە ئۇلار بۇ يارىماس سېسىق دېھقانلارنىڭ قورسىقىغا ناھايىتى ئوخشىغان شورپىلارنى بېرىشمەكتە، ئۇلارنىڭ نەپەسلىنىدىغان ھاۋاسىنىمۇ كۇب لىتىر بىلەن ئۆلچەشمەكتە، دەپ ۋايساپلا كەتتى.
— سىز نېمە ئۈچۈن، — دېدى لېۋىن سۆھبەتنى بار ئىمكانىيىتى بىلەن ئەسلىدىكى مەسىلىگە يۆتكەش مەقسىتىدە، — ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى ئەمگەكچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ تۇرۇپ ئۆستۈرۈشنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشەنمەيسىز؟
— رۇسىيە دېھقانلىرى بىلەن ئۇ مەقسەتكە مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدۇ! بىزدە ھوقۇق يوق! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ پومېشچىك.
— ئەمىسە يېڭى شارائىتلارنى قانداق تېپىش كېرەك؟ — سۇيېزسكىي قېتىقىنى ئىچىۋېلىپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆھبەتكە

يەنە قاتنىشىپ كەتتى، — ئەمگەكچىلەر بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلەر ئېنىق ھەم ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن، — دېدى ئۇ، — ئىپتىدائىي جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي كېيىنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن يوقالدى، قۇللۇق تۈزۈم گۇمران بولدى، پەقەت ئەركىن ئەمگەكلا قالدى. ئۇنىڭ شەكلىمۇ مۇقىم، ئۆزگەرمەيدۇ، شۇ بويىچە ئىشلىمەي مۇمكىن ئەمەس. ياللانما دېھقان، كۈنلۈكچى، ئورتاقچى دېھقانلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

— لېكىن، ياۋروپالىقلار بۇ شەكىلنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

— ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۇچۇن يېڭىلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ، ئۇلار ئاخىر يېڭىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقىدۇ.

— مېنىڭ دېگىنىممۇ دەل مۇشۇ، — دېدى لېۋىن، — نېمە ئۇچۇن ئۇنى بىزمۇ تەتقىق قىلىپ چىقمايمىز؟

— بۇمۇ بىزنىڭ تۆمۈريولنى باشقىدىن تەتقىق قىلىپ ياسىغىنىمىزغا ئوخشايدۇ. تۆمۈريول بۇرۇن كەشىپ قىلىنغان تەييار نەرسە ئىدى.

— ئەگەر ئۇلارنىڭ ياساپ چىققىنى بىزگە ماس كەلمىسە، دېگەندەك بولمىسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى لېۋىن.

لېۋىن سۋىيەژسكىينىڭ كۆزلىرىدە يەنە ھېلىقىدەك قورقۇۋاتقاندەك ھالەتنى بايقاپ قالدى.

— ئۇ چاغدا بىز ھېچكىمنى نەزىرىمىزگە ئىلمايمىز، ياۋروپالىقلار تەتقىق قىلىۋاتقان نەرسىلەرنى بىز ئاللىبۇرۇن ياساپ بولغان بولىمىز. بۇنداق رىۋايەتلەرنى مەن كۆپ ئاڭلىغان. كەچۈرۈڭ، سىز ياۋروپادا ئەمگەكچىلەرنى تەشكىللەش مەسىلىسىدە قانداق ئىشلارنىڭ قىلىنغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— ياق! ئەمما، بەكمۇ بىلگۈم بار.

— بۇ مەسىلىنى ھازىر ياۋروپادا ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەملەر

تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. شۇلتسې دېلىچې ھەرىكىتى[1] ... ئۇنىڭدىن باشقا، لاسسالنىڭ[2] ئىشچىلار مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلىرى ... مىلگائۇزىن[3] شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەر ... بۇلارنى بەلكىم سىزمۇ بىلىدىغانسىز؟

— ئازراق بىلىمەن، ئەمما تولۇق ئەمەس.

— ياق، كەمتەرلىك قىلماڭ، بۇ مەسىلىلەرنى مېنىڭدىن ئاز بىلمەيدىغىنىڭىز تۇرغان گەپ. مەن ئىجتىمائىي پەن پروفېسسورى ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بۇ مەسىلىگە بەكمۇ قىزىقىمەن، ئەگەر سىزمۇ قىزىقىدىغان بولسىڭىز تەتقىق قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ.

— ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى يەكۇنى نېمە بولغان؟

— كەچۈرۈڭ ...

ئىككى پومېشچىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. سۋىيەژسكىي ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى بولۇۋاتقان يامان ئادىتى بار لېۋىننى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويۇشقا چىقىپ كەتتى.

# 28

شۇ كۈنى ئاخشام لېۋىننىڭ ئاياللار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بەكمۇ ئىچى پۇشتى. ھازىر ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىدىن نارازى بولۇۋاتقانلار يالغۇز ئۆزىلا ئەمەسلىكىنى، پۈتۈن رۇسىيىدە ئورتاق ئەھۋال ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ھەممىلا يەردە ئەمگەكچىلەر

---

[1] شۇلتسې دېلىچې (1803 — 1883) — گېرمانىيىلىك بۇرژۇئا ئىقتىسادشۇناس، ھەمكارلىشىش ھەرىكىتىنىڭ ئىجادچىسى.

[2] لاسسال (1825 — 1864) — گېرمانىيىلىك پەلسەپە ئالىمى، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر داھىيسى.

[3] فرانسىيىنىڭ يارساس ئۆلكىسىدىكى بىر شەھەر.

ئەمگەككە يولدا كېلىۋېتىپ ئۇچراتقان ئاشۇ قېرى دېھقاندەك مۇئامىلە قىلىدىغانلا بولسا، ئۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قۇرۇق ئارزۇلا بولۇپ قالماي، بەلكى چوقۇم ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. بۇ خىياللار ئۇنى ھاياجانغا سالدى، بارغانسېرى ئۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا، ئۇنى چوقۇم ھەل قىلىش كېرەكلىكىگە كۆزى يېتىشكە باشلىدى.

لېۋىن ئاياللار بىلەن خوشلاشقاندا، ئەتە بىر كۈن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىللە خانلىق ئورماندىكى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن ئاشۇ ئاجايىپ جاينى ئاتلىق بېرىپ كۆرۈپ كېلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى سۋىيەژسكىيدىن ئۆزى تونۇشتۇرغان ئەمگەككە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە كىتابنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇپ چىقىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىردى. كۇتۇپخانا تولىمۇ چوڭ، تۆت تامىنىڭ ھەممىسى كىتاب جاۋەنلىرى بىلەن تولغان، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا يوغان بىر يېزىق ئۈستىلى بىلەن يەنە بىر يۇمىلاق ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەل ئۈستىدە يوغان بىر لامپا، لامپىنىڭ ئەتراپىغا ھەر خىل يېزىقتىكى ئەڭ يېڭى گېزىت - ژۇرناللار يېيىپ قويۇلغان، يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ھۆججەت ئىشكاپىدىن بىرى تىكلەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر تارتمىسىغا ئالتۇن رەڭ خەت بىلەن تۈر ئايرىملىرى يېزىپ قويۇلغانىدى.

سۋىيەژسكىي ياتما ئورۇندۇقىدا كىتاب ئوقۇپ ياتاتتى.

— نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ يۇمىلاق ئۈستەل ئۈستىدىكى گېزىت - ژۇرناللارنى ئاختۇرۇۋاتقان لېۋىندىن.

— قاراڭ، ئاشۇنىڭدا تولىمۇ قىزىق بىر ماقالە بار، — دېدى سۋىيەژسكىي لېۋىننىڭ قولىدىكى ژۇرنالنى كۆرۈپ، — پولشانى بۆلۈشۈۋېلىشنىڭ ئاساسلىق باش جىنايەتچىسى فرىدرىخ ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئۇ يەنە قىزىقىپ سۆزلەپ، — ئەسلىدە ...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تولىمۇ مۇھىم ھەم بايا تىلغا ئېلىپ

باقمىغان بۇ يېڭى مەسىلىنى ئۆزىگە خاس ئادىتى بويىچە قىسقا ۋە ئېنىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. لېۋىننىڭ ھازىر ئەڭ كۆپ ئويلايدىغىنى دېھقانچىلىقنىڭ ئىشلىرى ئىدى، لېكىن سۋىيەژسكىينىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئىچىدە ئۆزىدىن ئۆزى: «بۇ ئادەم زادى نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن پولشانى بۆلۈشۈۋېلىشقا شۇنچىلىك قىزىقىدۇ؟» دەپ سوراپ قويدى. سۋىيەژسكىي سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن لېۋىن ئۇنىڭدىن: «ئۇنىڭ نېمىسى قىزىق؟» دەپ سورىغانىدى. سۋىيەژسكىي جاۋاب بەرمىدى. لېۋىننىڭ قىزىقىدىغىنى «ئەسلىدە قانداق بولغان» لىقى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۇنى چۈشەندۈرمىدى. ئۇنىڭغا نېمىشقا قىزىقىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

— مەن بايىقى ئاچچىقى يامان پومېشچىكقا قىزىقىپ قالدىم، — دېدى لېۋىن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ، — بەكمۇ ئەقىللىق، بىلىدىغان نەرسىلىرى كۆپ ئادەم ئىكەن.

— ئۇنى قويسىڭىزچۇ ! ئۇ قۇللۇق تۈزۈمنى يوشۇرۇن قوللاپ كېلىۋاتقان جاھىل ئۇنسۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق، — دېدى سۋىيەژسكىي.

— ئۇلارنىڭ باشلامچىسى سىز ئەمەسمۇ ...

— ئۇ شۇنداق، لېكىن مەن ئۇلارنى باشقا ياققا باشلايمەن، — دېدى سۋىيەژسكىي كۈلۈپ كېتىپ.

— مەن ئۇنىڭ بەزى قاراشلىرىغا قىزىقىپ قالدىم، — دېدى لېۋىن، — ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ توغرا. ئۇ ئىگىلىكىمىزنى ئومۇمىي ئەھۋالغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ باشقۇرۇپ ماڭمىز دېگەن گەپ ئاقمايدۇ، جىمجىت ئولتۇرغان ئاشۇ پومېشچىكقا ئوخشاش يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىش ياكى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن باشقۇرۇش كېرەك، دېدى. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساق بۇنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟

— ئەلۋەتتە، ئۆزىمىزدىن كۆرىمىز - دە. يەنە بىرى،

ئىشىمىز ئاقمايدۇ، دېگەن بىكار گەپ. ۋاسىلچىكوفنىڭ ئىگىلىكى ئېقىۋاتىدۇغۇ.
— زاۋۇتلىرى ...
— مەن سىزنىڭ نېمىگە ھەيران قېلىۋاتقىنىڭىزنى چۈشەنمىدىم. دېھقانلارنىڭ ماددىي ۋە روھىي جەھەتتىكى سەۋىيىسى تېخى ئىنتايىن تۆۋەن، ھازىرغىچە ئۆزلىرىگە تونۇش بولمىغان نەرسىلەرگە قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىگىلىكنى مۇۋاپىق باشقۇرۇش دېگىنىڭىز ياۋروپادا ئاقىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ دېھقانلىرى ئوقۇغان ئادەملەر. شۇڭا، بىزمۇ دېھقانلىرىمىزنى چوقۇم بىلىملىك قىلىشىمىز كېرەك، گەپ شۇنىڭدا.
— ئۇلارنى قانداق بىلىملىك قىلىپ بولغىلى بولىدۇ؟
— ئۇلارنى بىلىمگە ئىگە قىلىدىغان ئۈچ نەرسە بار: بىرى مەكتەپ، يەنە بىرىمۇ مەكتەپ، ئۈچىنچىسىمۇ مەكتەپ.
— لېكىن، بايا ئۆزىڭىز ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى دېدىڭىز، بۇنداق ئەھۋالدا مەكتەپنى ...
— سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز كېسەل كىشىگە مەسلىھەت بەرگەن ئادەم بىلەن كېسەل ئادەمنىڭ قىزىق گەپلىرىنى يادىمغا سالدى. بىرى كېسەل بىرىگە: «سۈرگە دورىسى ئىچىپ بېقىڭ !» دېسە، كېسەل ئادەم: «ئىچىپ باقتىم، تېخىمۇ بەتتەر قىلىۋەتتى» دەپتۇ. «زۇلۇك قويۇپ باقسىڭىز بولىدۇ» دېسە، «قويۇپ باقتىم، تېخىمۇ بەتتەر قىلىۋەتتى» دەپتۇ. «ئۇنداق بولسا خۇداغا تېۋىنىشىڭىزلا قاپتۇ» دېسە، «ئۇنىمۇ قىلىپ باقتىم، تېخىمۇ بەتتەر قىلىۋەتتى» دېگۈدەك. ئىككىمىزنىڭ پارىڭىمىز دەل شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. مەن سىياسىي ـ ئىقتىسادتىن گەپ قىلسام، سىز تېخىمۇ بەتتەر بولۇپ كەتتى، دەۋاتىسىز، مەن مەكتەپنىڭ گېپىنى قىلسام سىز يەنە تېخىمۇ بەتتەر بولىدۇ، دېگەندەك گەپ قىلىۋاتىسىز.
— مەكتەپنىڭ زادى نېمىگە پايدىسى بار؟
— مەكتەپ دېھقانلارنىڭ باشقا ئېھتىياجىنى قامدايدۇ.
— ھىم، مەن بۇنى ھېچقانداق قىلىپمۇ چۈشىنەلمىدىم، —

دېدى لېۋىن ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، — مەكتەپ قانداق قىلىپ دېھقانلارنىڭ ماددىي شارائىتلىرىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرەلەيدۇ؟ سىز مەكتەپ بىلەن بىلىم ئۇلارنىڭ باشقا ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ، دەيسىز. مانا بۇنىڭدا ئىشلار تېخىمۇ بەتتەر بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئۇ يول بىلەن قاندۇرۇپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. قوشۇش، ئېلىش ئەمەللىرى بىلەن دىنىي ئەقىدىلەردىن سوئال - جاۋابلار ئۇلارنىڭ ماددىي ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرەلەرمۇ؟ مەن بۇنى مەڭگۈ چۈشىنەلمىگۈدەكمەن. ئالدىنقى كۈنى كەچتە مەن ئەمچەكتىكى بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن نەگە بېرىپ كېلىۋاتىسەن، دەپ سورىسام، ئۇ: «بالامغا يىغا ئالۋاستىسى چاپلىشىپتىكەن، داخاننىڭ قېشىغا ئاپىرىپ ئوقۇتۇپ كەلدىم» دېدى. مەن يەنە: «داخان يىغلاڭغۇ بالاڭنى قانداق ساقايتتى؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «بالىنى توخۇ كاتىكىگە سولاپ قويۇپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇدى» دەپ جاۋاب بەردى.

— ئەنە، ئۇ سوئالىڭىزغا ئۆزىڭىز جاۋاب بەردىڭىز. ئۇ خوتۇننىڭ ئەڭگىمىزى ئېشىپ كەتكەن بالىسىنى توخۇ كاتىكىگە سولاپ تۇرۇپ داۋالايدىغان يەرگە ئاپارماسلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىش كېرەككى ... — دېدى سۋىيەژسكىي خۇشال كۈلۈپ كېتىپ.

— ياق، ياق، — دېدى لېۋىن روھى چۈشۈپ، — مەن بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلىنى دېھقانلارنى مەكتەپ ئارقىلىق داۋالاشقا تەمسىل قىلماقچىدىم. دېھقانلار بىلىمسىز ھەم كەمبەغەل، بىز بۇنى ئاشۇ خوتۇن بالىسىغا يىغا ئالۋاستىسى چاپلاشقانلىقىنى بىلگەندەك ناھايىتى ئېنىق بىلىمىز. چۈنكى، ئۇ بالا تىنماي يىغلىغان - دە. مەكتەپنىڭ دېھقانلارنىڭ نادانلىقى بىلەن كەمبەغەللىكىنى قانداق داۋالايدىغانلىقىغا كەلسەك، مەن بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم، خۇددى توخۇ كاتىكىنىڭ يىغلاڭغۇلۇقنى

قانداق داۋالايدىغانلىقىنى بىلمىگەنگە ئوخشاش. پەقەت كەمبەغەللىكنى يىلتىزىدىن داۋالاش كېرەك.

— ھە، بۇ جەھەتتە سىز كەم دېگەندە ئۆزىڭىز يامان كۆرىدىغان سپېنسېرغا① ئوخشاپ قالدىڭىز. ئۇمۇ بىلىمنى خەت ئوقۇش ۋە ساناق ساناشنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى مول پاراۋانلىقنىڭ، قولاي تۇرمۇشنىڭ، پاكلىقنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ ...

— بەللى، سپېنسېر بىلەن بىر پىكىردە ئىكەنلىكىمدىن خۇشال ئەمەسمەن ياكى ئەكسىچە ناھايىتى خاپىمەن. ئەمەلىيەتتە، مەن بۇنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. مەكتەپنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. پەقەت دېھقانلارنى باي قىلالايدىغان، كۆپرەك بوش ۋاقىت بېرەلەيدىغان ئىقتىسادىي ئەسلىھەلەرلا شۇنداق نەتىجە پەيدا قىلالايدۇ، شۇ چاغدا مەكتەپمۇ بار بولىدۇ.

— ھازىر پۈتۈن ياۋروپادا مەجبۇرىي ئوقۇتۇش يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ.

— ئۆزىڭىز قانداق بولۇپ بۇ مەسىلىدە سپېنسېر بىلەن بىر پىكىردە بولۇپ قالدىڭىز؟ — سورىدى لېۋىن.

بۇ سوئال بىلەن تەڭ سۋىيەژسكىينىڭ كۆزلىرىدە يەنە ھېلىقىدەك قورقۇنچ ئەكس ئېتىپ قالدى. ئارقىدىنلا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يىغلاڭغۇلۇقنى داۋالاش ئۇسۇلى تولىمۇ قىزىق ئىكەن. ئۇنىڭ يىغىسىنى سىز ئۆز قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

لېۋىن بۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇشى بىلەن پىكىر قىلىشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەنمەكنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. ئۇ پىكىرلىرىنىڭ نېمە نەتىجە ھاسىل قىلىدىغانلىقىغا قىلچە پىسەنت قىلمايتتى، ئىختىيارىي

---

① خېربېرت سپېنسېر (1820 — 1903) — ئەنگلىيىلىك مېتافىزىك، ئىجتىمائىي پەن ئالىمى.

سۆزلەۋېرەتتى، مۇلاھىزىلىرى خالتا كوچىغا كىرىپ قالغۇدەك بولسىلا خاپا بولۇپمۇ قالاتتى، ئەمما بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى زادىلا خالىمايتتى ھەم ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، گەپنى باشقا قىزىق ئىشلار ئۈستىگە يۆتكەپ كېتەتتى.

يولدا كېتىۋېتىپ ھېلىقى قېرى دېھقاندىن ئالغان تەسىراتى — ئۇ تەسىرات بۈگۈن ئالغان تەسىراتى ۋە بۈگۈنكى ئوي - پىكىرلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى — بۈگۈن بۇ يەردە ئالغان تەسىراتى بىلەن قوشۇلۇپ لېۋىننى بۆلەكچىلا ھاياجانغا سالغانىدى. يېقىملىق سۋىيەژسكىينىڭ نۇرغۇن پىكىرلىرى جەمئىيەتكە ماسلىشىشنى تەقەززا قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، لېۋىن بىلمەيدىغان ھايات مىزانلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇ سانسىزلىغان ئاما بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ، ئۆزىگە يات ئىدىيىسى بىلەن جامائەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىكەن، ھەممىدىن نارازى ئۇ پومېشچىكنىڭ ھاياتتىن بېزىپ تۇرۇپ قىلغان گەپلىرى ناھايىتى توغرا، ئەمما ئۇنىڭ پۈتكۈل سىنىپتىن، رۇسىيىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر سىنىپتىن ئاغرىنىشلىرى توغرا ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، لېۋىن ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تازا رازى بولمىدى، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئەھۋاللارنى تۈزىتىشنى غۇۋاراق ئۈمىد قىلىپ ئولتۇردى. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ لېۋىندا بىر خىل بىئاراملىق ۋە ئۇ مەسىلىلەر پات ئارىدا ھەل بولۇپ قالار، دېگەن بىر خىل ئۈمىد پەيدا بولدى.

لېۋىن ئۆزىگە ئايرىم تەييارلاپ قويۇلغان ئۆيدىكى ئازراقلا مىدىرلاپ كەتسە لۆمشىپ كېتىدىغان سىم كارىۋات ئۈستىدە خېلىغىچە ئۇخلىيالماي كۆزى ئوچۇق ياتتى. سۋىيەژسكىي كۆپ ئاقىلانە گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇ گەپلەرنىڭ بىرىمۇ ئۇنى قىزىقتۇرالمىدى. پەقەت ئاشۇ پومېشچىكنىڭ گەپلىرىلا ئويلاپ بېقىشقا ئەرزىگۇدەك گەپلەر ئىكەن، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا

بىرىدىغان جاۋابلىرىنى كاللىسىدا تۈزىتىپمۇ باقتى.

«توغرا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دەيمەن: «سىز بىزنىڭ ئىگىلىكىمىزنىڭ ئىلگىرىلىمەسلىكى دېھقانلارنىڭ ئۆزگەرتىشلەرگە نەپرەت بىلەن قارىغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇلارنى شۇنىڭغا مەجبۇرلىشىمىز كېرەك، دېدىڭىز. شۇنداق ئۆزگەرتىشلەر بولمىغانلىقتىن ئىگىلىكىمىز پۈتۈنلەي راۋاجلانمىغان بولسىدى، ئۇ چاغدا سىزنىڭ پىكرىڭىز توغرا بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭسىزمۇ ئىگىلىكىمىز ئالغا مېڭىۋاتىدۇ. ئەگەر ئىشلەمچىلىرىمىز مەن يولدا كېتىۋېتىپ كۆرگەن ئاشۇ دېھقاندەك ئىشلەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىگىلىكىمىز تېخىمۇ ئالغا باساتتى. بىز ھەممىمىز يېزا ئىگىلىكىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن رازى ئەمەس، بۇ بىزنىڭ ئەمەس، ئىشلەمچىلەرنىڭ خاتالىقىدىن شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بىز ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ قانداقلىقى بىلەن كارىمىز بولماي، ئۆزىمىزنىڭ، ياۋروپانىڭ ئۇسۇلى بويىچە جان ـ جەھلىمىز بىلەن ئىشلەۋاتىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمگەك كۈچلىرى دەپ ئويلىمايلى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە (رۇسىيە دېھقانلىرى) ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلمىساق ھەم دېھقانچىلىق ئىشلىرىمىزنى شۇنىڭغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرمىساق بولمايدۇ. مەسىلەن، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىشىم مۇمكىن: ئەگەر سىز ئىگىلىكىڭىزنى ئاشۇ قېرى دېھقانغا ئوخشاش باشقۇرالايدىغان، ئىشلەمچىلەرنى ئالغان ھوسۇلغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلالىسىڭىز ھەم ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان ئۆزگەرتىش چارىلىرىنى تاپالىسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز يېرىڭىزنى نابۇت قىلمايسىز، ھوسۇلنى بىر ياكى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ ئالالايسىز، يەردىن چىققان ھاسىلاتنى تەڭ بۆلۈپ ئەمگەك قىلغۇچىغا يېرىمىنى بېرەلەيسىز. نەتىجىدە، سىزگە قالىدىغىنى كۆپ بولىدۇ، قارشى تەرەپمۇ كۆپ ئالىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن

باشقۇرۇش دائىرىڭىزنى تارايتىشىڭىز، ئىشلەمچىلەرنى دېھقانچىلىقنىڭ كېرىمىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىشىڭىز كېرەك. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇرەككەپ بىر مەسىلە، ئەمما قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس.» بۇ ئويلىرى لېۋىننى كۆچلۈك ھاياجانغا سالدى. يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي، ئۆزىنىڭ بۇ پىلانلىرىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەپسىلىي ئويلاپ چىقتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئەتە كەتكۈسى يوق ئىدى، ئەمدى ھازىر قايتىپ كېتىشنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۆيەرزسكىينىڭ مەيدىسى ئوچۇق كۆڭلەك كىيىۋالغان قېينىسىڭلىسى ئۇنىڭدا ئەسكى ئىش قىلىپ قويۇپ ئۇياتقا ۋە پۇشايمانغا قالغان ئادەمدەك بىر خىل سېزىم پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ئاساسلىقى ئۇ دەرھال قايتىپ كېتىپ، كۈزلۈك بۇغداي تېرىمىدىن ئىلگىرى دېھقانلارغا ئۆزىنىڭ پىلانىنى دەپ، يېڭى ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىقنى باشلاشقا ئالدىرىغان، ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قەتئىي ئۆزگەرتىش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى.

# 29

لېۋىن ئۆزىنىڭ پىلانىنى يۈرگۈزۈشتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتى. تىرىشقانغا لايىق نەتىجە كۆرۈلمىسىمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بېرىلدى ھەم ئۇنى يولغا قويسا ئەرزىيدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئاساسلىق قىيىنچىلىقى شۇ ئىدىكى، ئىگىلىك يۈرۈشۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئەمدى ئۇنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى، يۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا پۈتۈن ئىگىلىكنى قايتا رەتكە سېلىش كېرەك ئىدى.

ئۇ قايتىپ كەلگەن كۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى غوجىدارغا سۆزلەپ بەرگەنىدى، غوجىدار ئۇنىڭ مۇشۇ كەمگىچە بىز تولىمۇ بىمەنە، پايدىسىز ئىشلارنى قىلىپ كەپتىمىز، دېگەن گېپىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلۇپ، مەن بۇ گەپنى سىزگە كۆپ قېتىم دېگەن، لېكىن سىز ئاڭلىمىدىڭىز، دېدى. لېۋىنىنىڭ دېھقانچىلىقنىڭ ھەممە تۈرىنى دېھقانلارغا ئورتاققا بېرىش پىكرىنى ئاڭلاپ غوجىدارنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى، ئۇ پىكىرگە قارىتا ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمەي، ئەتە ئېشىپ قالغان قارا بۇغداي باغلىرىنى توشۇپ بولۇپ يەرنى ئاغدۇرۇۋەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى دېدى. لېۋىن ئۇنىڭغا قاراپ، ھازىر ئۇ پىلانىم توغرۇلۇق سۆزلىشىشنىڭ ۋاقتى ئەمەس ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

لېۋىن ئۆزىنىڭ يەرلىرىنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىشنى ئويلىغانلىقى ھەققىدە دېھقانلار بىلەن سۆزلەشكەندىمۇ ئوخشاشلا قىيىنچىلىققا يولۇقتى. ئۇلار شۇ كۈنىڭ ئېتىز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئۇنىڭ يېڭى پىلانىنىڭ ئۆزلىرىگە قانچىلىك پايدا ـ زىيىنىنىڭ بارلىقىنى ئويلاشقا ۋاقتى يوق ئىدى.

كاللىسى ئاددىي مالچى ئىۋان لېۋىنىنىڭ مال قورۇسىنىڭ پايدىسىغا شېرىك بولۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا تولۇق قوشۇلدى. لېكىن، لېۋىن بۇ ئىشنىڭ كەلگۈسىدىكى پايدىسىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرگەندە، ئىۋاننىڭ چىرايىدا ئەنسىزلىك ۋە ئەپسۇسلىنىش پەيدا بولۇپ، ئاڭلاۋېرىشكە رەۋىتى قالماي، ئۆزىنىڭ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىشلىرىنى قىلىشقا باشلىدى: تۇرۇپ ئېغىلدىن ئارىغا سانجىپ چۆپ ئاچىقاتتى، تۇرۇپ سۇ ئالغىلى ماڭاتتى، تۇرۇپ ئېغىلدىكى قىغنى دۆۋىلەيتتى.

يەنە بىر قىيىنچىلىق، دېھقانلارنىڭ خوجايىنىنىڭ بىزنى تالان ـ تاراج قىلىشتىنمۇ باشقا مەقسەتلىرى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ ئۆزگە ئىشەنمەسلىكى ئىدى. ئۇلار لېۋىننى

ئۆزلىرىگە ھەرقانچە سۆزلىگەن بىلەنمۇ ھەقىقىي مەقسىتىنى بىزگە ئېيتمايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ نۇرغۇن چىرايلىق گەپلەرنى قىلغىنى بىلەن، ھەقىقىي مەقسەتلىرىنى لېۋىندىن يوشۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەممە نېمىدىن ئاغرىنىدىغان ھېلىقى پومېشچىك توغرا دەپتىكەن، دېھقانلار ھەرقانداق بىر ئىشتا توختام تۈزۈشسە، ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ تەۋرەنمەيدىغىنى، ھەرقانداق بىر يېڭىچە تىرىقچىلىق ئۇسۇلىنى، يېڭى سايمانلار ئىشلىتىشنى خالىمايدىكەن ھەم ئۇلارنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلاشقىمۇ بولمايدىكەن. يېڭىچە تىرىقچىلىق قىلىشنىڭ بۇرۇنقىسىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى، يېڭىچە سوقا بىلەن يەر ئاغدۇرسا تېز ھەم ئەپچىل بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە بوي بەرمەي، ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئىشلىتىشنى رەت قىلىدىكەن. لېۋىن بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ بۇ مىجەزىنى ئوبدانلا چۈشىنىپ قالدى. لېكىن، بۇنداق كېتىۋەرسە تىرىقچىلىق سەۋىيىسى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كېتەتتى. ئۆزىگە پايدىسى بارلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئۆزگەرتىش ئۇسۇللىرىنى قوللانماسلىقتا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئاخىر ئۇ ئاشۇ قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، كۆز كەلگەندە ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە ئىش قىلىپ مەقسىتىگە يەتكەنمۇ بولدى، ھېچبولمىغاندا ئۆزى شۇنداق قىلالىدىم دەپ ئويلىغان بولدى.

لېۋىن دەسلەپتە پۈتۈن ئىگىلىكىنى يېڭى شەرتلەر بويىچە دېھقانلارغا، ياللانما دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىۋەتتى، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇنداق قىلىپ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، پۈتۈن ئىگىلىكىنى مال قورۇسى، باغ، كۆكتاتلىق، ئوتلاق، ئېتىزلىقلارغا بۆلۈپ ئايرىم - ئايرىم باشقۇرماقچى بولدى. لېۋىننىڭ ئويىچە، كاللىسى ئاددىي مالچى ئىۋان ئۇنىڭ پىلانىنى باشقىلاردىن ياخشىراق چۈشەنگەندى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ئاساس قىلىپ بىر كوپېراتسىيە قۇرۇپ مال قورۇسىنى كۆتۈرۈۋالدى. يىراق بىر يەردىكى تاشلىنىپ

قالغىنىغا سەككىز يىل بولغان تېرىلغۇ يەر ئەقىلللىق ياغاچچى رېزۇنوفنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى ھەمكارلىق شەرتلىرى بويىچە ئالتە دېھقاننىڭ تېرىشىغا بېرىلدى. شۇرايېف ئىسمىلىك يەنە بىر دېھقان شۇ يەرلەر بىلەن كۆكتاتلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈۋالدى. قالغان يەرلەر يەنە شۇ كونا ئۇسۇل بويىچە تېرىلىدىغانغا قالدى. ئەمما، يېڭىچە باشقۇرۇش بويىچە بەرپا قىلىنغان بۇ ئۈچ گۇرۇپپا لېۋىننىڭ غەيرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

لېكىن، مال قورۇسىنىڭ ئەھۋالى تازا ياخشىلىنىپ كېتەلمىدى. ئۇۋان ئېغىلنى ئىسسىق تۇتۇشقا ۋە يېڭى سېرىقماي چىقىرىشقا قاتتىق قارشى بولۇپ، مال سوغۇق جايدا تۇرسا يەمنى ئاز يەيدۇ، خام قايماق سېرىقمايدىن ياخشى، دەپ تۇرۇۋالدى، يەنە تېخى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئىش ھەققى تەلەپ قىلدى، ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈۋالغان ئىشىدىن ئالىدىغان پايدىسىنى ئىش ھەققى دەپ قارىمىدى، پايدىنىڭ يېرىمىدىن كىرىدىغان كىرىمگە قىلچە قىزىقمىدى.

رېزۇنوفنىڭ كوپېراتسىيىسى ئۆلگۈرەلمىدۇق، دېگەن باھانە بىلەن زىرائەت تېرىلىدىغان يەرنى ئىككى قېتىم ئاغدۇرۇش توغرىسىدا دېيىشكەن شەرتنى ئورۇندىمىدى. نەتىجىدە، بۇ كوپېراتسىيىنىڭ دېھقانلىرى تېرىقچىلىقنى يېڭى شەرتلەر بويىچە ئورۇندايمىز دەپ ۋەدىلەشكەن بولسىمۇ، ئۇ يەرلەرنى ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئومۇمىي يەر دەپ ئويلىماي، ئورتاقچىلىققا بېرىلگەن يەر دەپ بىلىپ قېلىپ، رېزۇنوف بىلەن بىللە بېرىپ لېۋىنغا: «بىزدىن بۇ يەرلەرنىڭ ئىجارىسىنىلا ئالغان بولسىڭىز، شۇ چاغدا سىزنىڭمۇ قۇلىقىڭىز تىنچىيتتى، بىزمۇ ئەركىنرەك بولاتتۇق» دېيىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ھەر خىل باھانىلەرنى تېپىپ، توختامدا دېيىشكەن ئېغىلىلارنى، لاپاسلارنى ياسىماي قىشقىچە سوزەپ كەلدى.

شۇرايېف ئۆزى كۆتۈرۈۋالغان كۆكتاتلىقلارنى دېھقانلارغا

بۆلۈپ ئىجارىگە بېرىۋەتمەكچىدى، لېكىن توختامدىكى شەرتلەرنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ ئۇنداق قىلمىدى. قارىغاندا، ئەتەي خاتا چۈشىنىۋالغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، لېۋىن دېھقانلار بىلەن سۆزلىشىپ بۇ ئىشنىڭ پايدىسىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمايۋاتقانلىقىنى، ئۇ نېمىلا دېسۇن، بىز سېنىڭ قاپقىنىڭغا چۈشمەيمىز، دېگەندەك ئىپادىدە بولۇۋاتقانلىقىنى پات ـ پات سېزىپ قالاتتى. بۇنى ئۇ دېھقانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق رېزۇنوف بىلەن سۆزلەشكەندە تېخىمۇ ئېنىق سېزەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئويناپ تۇرغان كۈلۈمسىرەشتىن لېۋىننى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، باشقىلارنى ئالدىسىڭىز ئالداپ كېتەلەرسىز، ئەمما مەن رېزۇنوفنى ھەرگىز ئالداپ كېتەلمەيسىز، دەۋاتقاندەك بىرخىل ئىپادىنى كۆرەتتى.

لېكىن، ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، لېۋىن پىلانىمىنىڭ توغرىلىقىدا گەپ يوق، ھېساباتنى توغرا قىلىپ، ئويلىغانلىرىمنى قەتئىي قىلدۇرىدىغانلا بولسام، ئۇلارغا بۇ چارىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئاخىر بىلدۈرىمەن، شۇ چاغدا ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئاشۇ ئىشلار، ئىگىلىكنىڭ قولىدا قالغان قىسمىنىڭ ئىشلىرى ۋە كۇتۇپخانىسىدا ئولتۇرۇپ قىلىدىغان يېزىقچىلىق ئۇنىڭ پۈتۈن بىر ياز ۋاقتىنى ئالدى، بىر قېتىممۇ ئوۋغا چىقىپ باقمىدى. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، دوللى ئېگەرنى قايتۇرۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن ئادەمدىن ئوبلونسكىي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ موسكۋاغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، شۇندىلا ئۆزىنىڭ دوللىغا بىر پارچە بولسىمۇ خەت يېزىپ قويماي، ئويلىسا خىجىل بولۇپ قىزارغۇدەك ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىنى چۈشەندى ۋە بۇ قىلىقىم بىلەن قازاننى چېقىۋەتكەندەك ئىش قىلدىم، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قايسى يۈزۈم بىلەن بارارمەن، دەپ ئويلىدى. سۋىيەژسكىي بىلەنمۇ خوشلاشمايلا قايتىپ كېتىپ ئۇنىڭغىمۇ

ئاشۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلغانىدى، ئەمدى ئۇلارنىڭكىگىمۇ بارالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەرىبىر ئىدى، پۈتۈن دىققىتى ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشنىڭ يېڭى پىلانى ئۈستىدە ئىدى، ھاياتىدا ھېچقانداق ئىش ئۇنى بۇ دەرىجىدە ئۆزىگە تارتىپ باقمىغانىدى. ئۇ سۋىيەژسكىيدىن ئارىيەت ئېلىپ كەلگەن كىتابلارنى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىدە يوق ماتېرىياللارنى كۆچۈرۈۋالدى، شۇ مەسىلىگە دائىر سىياسىي ـ ئىقتىساد ۋە سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى كىتابلارنىمۇ كۆرۈپ باقتى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارغا دائىر ھېچقانداق نەرسە تاپالمىدى. سىياسىي ـ ئىقتىسادقا دائىر كىتابلاردىن، مەسىلەن، مىللېنىڭ[1] ئەسەرلىرىدىن ئۆزى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشنى ئارزۇ قىلغانىدى، ئۇمۇ بولمىدى، ئۇ كىتابلاردىن پەقەت ياۋروپا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەھۋاللىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ چىقىرىلغان قانۇنلارنىلا تاپتى. رۇسىيىگە زادىلا توغرا كەلمەيدىغان ئاشۇ قانۇنلارنىڭ قانداق بولۇپ ئومۇمىي قانۇن بولۇپ قالغىنىغا زادىلا ئەقلىنى يەتكۈزەلمىدى. سوتسىيالىزمغا دائىر كىتابلاردىمۇ شۇ ئەھۋال ئىدى، ھەممىسىلا ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا قىزىقىپ ئوقۇغان، ئەمەلدە قوللىنىپ بولمايدىغان خام خىياللار ياكى ياۋروپا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ياخشىلاشنىڭ چارىلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭمۇ رۇسىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى. سىياسىي ـ ئىقتىساد كىتابلىرىدا، ياۋروپا بايلىقىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئومۇمىيلىققا ئىگە، دېيىلگەن بولسا، سوتسىيالىزم كىتابلىرىدا، بايلىق ئاشۇ قانۇنىيەت بويىچە

[1] مىللې (1773 ــ 1836) ــ ئەنگلىيىلىك چاكىنا ئىقتىسادشۇناس، «سىياسىي ـ ئىقتىسادتىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابنى يازغان.

تەرەققىي قىلدۇرۇلغان بولسا ئاخىرىدا مۇقەررەر ھالاك بولىدۇ، دېيىلگەنىدى. ھەر ئىككى قاراشتىكى كىتابلاردا لېۋىنغا، بارلىق رۇس دېھقانلىرى ۋە رۇس يەر ئىگىلىرىگە مىليونلىغان قۇللار بىلەن مىليونلىغان مو يەرلەرنى قانداق تېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇنۇمىنى قانداق ئۆستۈرىمىز، ئۇمۇمىي پاراۋانلىقنى قانداق ئاشۇرىمىز، دېگەن مەسىلىلەردە قانائەتلىنەرلىك بىرمۇ جاۋاب بېرىلمىگەنىدى.

لېۋىن يېقىندىن قولىغا ئالغان بۇ ئىشنى ئاخىرىغا چىقىرىشنى ئويلاپ، شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتى، ھەتتا ئۆزى ئۇچرىغان بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن، كۈزدە چەت ئەلگە چىقىپ شۇ جايلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلمەكچىمۇ بولدى. شۇنداق چاغلارمۇ بولاتتىكى، سۆھبەتدىشىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئېيتاي دەپ بولغۇچە، قارشى تەرەپ بىردىنلا: «كائۇفمان، جونس، ديۇبۇئا، مىچېللار بۇ ھەقتە نېمىلەرنى دېگەن؟ سىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانمۇ؟ ئوقۇمىغان بولسىڭىز ئوقۇپ چىقىڭ! ئۇلار بۇ مەسىلىلەرنى ئاللىبۇرۇن تەتقىق قىلىپ بولغان» دەپ قوپاتتى.

ھازىر ئۇ كائۇفمان بىلەن مىچېلنىڭ ئۆزىگە ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزىگە كېرەك نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، رۇسىيىنىڭ ئاجايىپ ئېسىل يەرلىرى، ئېسىل ئەمگەكچىلىرى بارلىقىنى، يولدا ئۇچراتقان دېھقاننىڭكىگە ئوخشاش ئايرىم جايلاردا ئەمگەكچىلەر بىلەن يەرنىڭ مول بايلىق يارىتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن نۇرغۇن جايلاردا ياۋروپانىڭ ئۇسۇلى بويىچە مەبلەغ سېلىنغانلىقى بىلەن مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى دېھقانلار ئۆزلىرىگە خاس ئادەتلىرى بىلەن تېرىقچىلىق قىلغاندىلا يەرگە ياخشى ئىشلەيتتى. بۇ خىل قارشىلىشىش تاسادىپىي ئەمەس،

بەلكى مەڭگۈلۈك، خەلقنىڭ روھى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشىنەتتى. ئۇ رۇسىيە خەلقىنىڭ رۇسىيىنىڭ كەڭرى كەتكەن بوز يەرلىرىنى تاكى ئىچىلىپ تۈگىگۈچە ئاڭلىق ھالدا ئىچىپ تىرىلغۇ يەرلەرگە ئايلاندۇرۇش بۇرچى بار، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ، بۇ ئۇسۇللار ئادەتتىكى ئادەملەر ئويلىغاندەك ئۇنداق يامان ئۇسۇللار ئەمەس، دەپ ئويلىدى. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ كىتابىدا نەزەرىيە جەھەتتىن، ئۆز ئىگىلىكىدە ئەمەلىي جەھەتتىن ئىسپاتلىماقچى ئىدى.

# 30

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، كوپىراتسىيىگە ئىجارىگە بېرىلگەن يەرگە سېلىنىدىغان قوتانلارنىڭ ياغاچلىرى توشۇپ كېلىندى، سېرىقمايلار سېتىلىپ پايدا بۆلۈپ بېرىلدى. دېھقانچىلىق ئىشلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتاتتى، لېۋىنمۇ شۇنداق ئويلايتتى. يېزىۋاتقان كىتابىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ چىقىش ۋە كىتابنى تېزرەك يېزىپ تاماملاش ئۈچۈن —— لېۋىن خىيالىچە، يالغۇز سىياسىي ـ ئىقتىساد جەھەتتىن ئىنقىلاب قوزغاپ قالماي، كونا پەننىمۇ ئۈزۈل ـ كېسىل پاچاقلاپ تاشلاپ، دېھقانلار بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە يېڭى ئىلمىي ئاساس تىكلىمەكچى ئىدى —— چوقۇم چەت ئەلگە چىقىپ، مۇشۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىق پاكىتلارنى تاپماقچى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى ئىدى. ئۇ ئاخىر بۇغداينى سېتىپ ئازراق پۇل جۇغلىۋالغاندىن كېيىن ماڭماقچى بولغاندا، ئۇدا بىرنەچچە كۈن يامغۇر يېغىپ كېتىپ، زىرائەتلەر

بىلەن ياڭيۇنى يىغىۋالغىلى بولمىدى، باشقا ئىشلارمۇ توختاپ قالدى، ھەتتا تەييار بۇغداينى بازارغا ئاپىرىپ سېتىشقىمۇ مۇمكىن بولمىدى. يوللار پاتقاق، مېڭىشمۇ تەس ئىدى، ئىككى تۇگمەننى كەلكۈن ئېلىپ كەتتى، ھاۋا بارغانسېرى يامان بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئاخىر كۈن چىقتى. لېۋىن ئەمدى ماڭسا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يولغا چىقىشقا ھازىرلاندى. بۇغداينى ھارۋىلارغا بېسىپ ئاشلىق سودىگىرىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ئادەم بۇيرۇدى ۋە غوجىدارغا بېرىپ سودىگەردىن پۇلنى ئەكېلىشۋېلىشنى تاپشۇردى. ئۆزى ئاتقا مىنىپ، مېڭىشتىن ئىلگىرى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ھەممە يەرنى ئايلىنىپ كېلىشكە ماڭدى.

لېۋىن ھەممە ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ، خۇرۇم پەلتوسىدىن ئېقىۋاتقان يامغۇر سۈيى بويىنىغا، ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا قۇيۇلۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، كەيپى چاغ، روھى ئۇستۈن ھالدا كەچكە يېقىن ئۆيىگە قايتتى. كەچتە ھاۋا يەنە بۇزۇلۇپ قار چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇزاققا قالماي شىۋىرغانغا ئايلىنىپ كەتتى. شىۋىرغان سوغۇقتىن شۈمشىيىپ، يامغۇردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن بايتالغا شۇنداق كۈچلۈك ئۇرۇلاتتىكى، بايتال ئۇدۇل ماڭالماي يېنىچە مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، باشلىق كىيىۋالغان لېۋىن ئۆزىنى راھەت سېزەتتى، ئەتراپىغا شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك نەزەر تاشلاپ، دەم يولدىكى چاق ئىزلىرىدا ئېقىۋاتقان لاي سۇغا، دەم يالىڭاچ پۇتاقلاردا ئېسىلىپ تۇرغان يامغۇر تامچىلىرىغا، دەم كۆۋرۈك تاختايلىرىدا ئېرىمەي ئاقىرىپ تۇرغان قارغا، دەم قارىياغاچنىڭ يالىڭاچ غولى ئەتراپىغا تۈگۈلۈپ قالغان، تېخى سولمىغان يوپۇرماقلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئەتراپىدىكى تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئازراق خۇنۇكلەشكەن بولسىمۇ، لېۋىن يەنىلا ئۆزىنى شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ھېس قىلاتتى. ئۇ يىراقىراق يېزىلاردىكى دېھقانلار بىلەن قىلغان پاراڭلىرىدىن ئۇلارنىڭ يېڭى

مۇناسىۋەتكە ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى سېزىشكە باشلىغانىدى. ئۇ كىيىملىرىنى قۇرۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆيلەرگە قارايدىغان بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېڭى پىلانىنى قوللايدىغانلىقىنى، كوپېراتسىيىگە كىرىشنى ئۆزلۈكىدىن تەلەپ قىلىپ ئۇلاغ سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى بىلدى.

«قەتئىي ئېغىشماي تىرىشىپ ئىشلىسىلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىكەن، — دەپ ئويلىدى لېۋىن، — تىرىشىپ ئىشلىگەنىنىڭ ئەھمىيىتى بار. بۇ يالغۇز مەن بىر ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس، ئومۇمىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا پايدىلىق خىزمەت. پۈتكۈل يېزا ئىگىلىكىنىڭ، ئاساسلىقى دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش كېرەك. كەمبەغەللىكنىڭ ئورنىنى ئومۇمىي بايلىق، پاراۋانلىق ئىگىلىسۇن، دۈشمەنلىكنىڭ ئورنىنى ئىناقلىق، بىرلىك ئىگىلىسۇن. قىسقىسى، بۇ ئىشلار قان تۆكۈلمەيدىغان، ئاۋۋال بىزنىڭ ناھىيىمىزدە باشلىنىپ، پۈتۈن ئۆلكىنى، رۇسىيىنى، پۈتۈن دۇنيانى قاپلايدىغان بۈيۈك ئىنقىلابقا ئايلىنىدۇ، چۈنكى ھەققانىي پىكىر سەمەرىلىك بولماي قالمايدۇ. شۇنداق، بۇ ھارماي كۈرەش قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەقسەتتۇر. مەن لېۋىنىنىڭ قارا گالستۇك باغلاپ تانسىغا بېرىشىم، كىتىنىنىڭ توي قىلىش تەكلىپىمنى رەت قىلغانلىقى، شۇ ئىش بىلەن بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالغانلىقلىرىم بىز ئىشلىرىمنىڭ ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس. فرانكلىنمۇ① ئۆزىنى دەسلەپتە ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ئادەم دەپ ئويلاپ ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ھېچ گەپ يوق. ئۇنىڭمۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان ئاگافىيەسى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

لېۋىن مانا مۇشۇنداق خىياللار بىلەن قاش قارايغان مەھەلدە

---

① فرانكلىن (1706 — 1790) — ئامېرىكىلىق بۇرژۇئا دېموكراتىزمچى، ئالىم.

ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

ئاشلىق سودىگىرىنىڭ ئالدىغا كەتكەن غوجىدار بۇغداي ساتقان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ كەپتۇ. قورۇغا قارايدىغان ئادەم بىلەن توختام تۈزۈلۈپتۇ. غوجىدار يولدا كېلىۋېتىپ ئېتىزلىقلاردا قالغان بۇغدايلارنىڭ تېخى توشۇلۇپ بولمىغانلىقىنى، جەمئىي بىر يۈز ئاتمىش دۆۋە كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ھېچ گەپ ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلاپتۇ.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن لېۋىن ئادىتى بويىچە كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ياتما ئورۇندۇقتا يېتىپ تۇرۇپ ئوقۇغاچ، يېزىۋاتقان كىتابىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ قېتىمقى چەت ئەل سەپىرى ئۈستىدە ئويلاندى. بۈگۈن ئۇ ئۆز ئىشىنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتىنى تولۇق كۆرۈپ يەتكەندى، ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلەيدىغان گەپلەر ئابزاسمۇ ئابزاس كاللىسىغا قۇيۇلۇپ تۇرۇۋاتاتتى. «ئۇلارنى خاتىرىلىۋېلىش كېرەك، ئۇلار ئەسىرىمنىڭ كىرىش سۆزى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بۇرۇن زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلاپتىكەنمەن.» ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستىلىگە قاراپ ماڭدى، ئايىغى ئاستىدا ياتقان لاسكامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كېرىلىۋېتىپ، بىر ياققا بارىمىزمۇ، دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. لېۋىن ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئويلىغانلىرىنى يازاي دەپ بولغۇچە، ئىش بېشىدىكى بىرنەچچە دېھقان كېلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا دالانغا چىقتى.

ئەتىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارقىدىن بىرنەچچە دېھقاننى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، لېۋىن كۇتۇپخانىسىغا قايتىپ كىرىپ ئۈستىلىدە ئولتۇردى. لاسكا ئۈستەلنىڭ ئاستىغا كىرىپ ياتتى، ئاگافيە ئادىتى بويىچە بىر چەتتە پايپاق توقۇپ ئولتۇردى.

ئۇ يازىدىغىنىنى بىردەم يازغاندىن كېيىن، بىردىنلا كىتىنى

ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن چاغدىكى كۆرۈنۈشنى ئېنىق كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كۇتۇپخانىنىڭ ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى.

— ئۆيدە زېرىكىپ ئولتۇرۇۋېرەمسىز؟ — دېدى ئاگافىيە ئۇنىڭغا، — بەربىر ماڭىسىز، شۇنداق بولغاندىكىن ئارىشاڭغا بېرىپ كەلسىڭىز بولمامدۇ.

— ئارىشاڭغا ئۆگۈنلۈككە بارماقچىمەن، ئاگافىيە. شۇنىڭغىچە قىلىدىغان ئىشلىرىمنى قىلىۋالاي.

— ھىم، يەنە نېمە ئىشىڭىز بولاتتى سىزنىڭ؟ دېھقانلارغا بەرگەن مۇكاپاتلىرىڭىزنى ئاز كۆرۈۋاتامسىزيا؟ ئۇلار سىزنى: «خوجايىنىمىز پادىشاھدىن ئىنئام ئېلىپ تۇرىدىكەن» دېيىشىۋېتىپتۇ. ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ غېمىنى يەپ نېمە كەپتۇ سىزگە.

— ئۇلارنىڭ غېمىنى يەۋاتقىنىم يوق، ئۆزۈم ئۇچۇن ئىش قىلىۋاتىمەن.

ئاگافىيە لېۋىننىڭ ئىگىلىك پىلانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلەتتى. لېۋىن ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئەڭ ئىنچىكە جايلىرىغىچە قالدۇرماي ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپ تۇراتتى بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم ئىشلاردا تالاش - تارتىش قىلىپمۇ قالاتتى ۋە ئۇنىڭ بەزى پىكىرلىرىگە زىنھار قوشۇلمايتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ لېۋىننىڭ دېگەنلىرىنى پۈتۈنلەي باشقىچە چۈشەندى.

— ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ روھىيىتىڭىز ئۈستىدە ئويلىنىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئاگافىيە چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ، — پارفېن دېنىسچىنى ئالايلى، ئۇ ساۋاتسىز ئادەم ئىدى، ئەمما بۇ دۇنيادىن پاك كەتتى. ھەركىم ئۆلسە شۇنداق ئۆلسە خۇداغا شۈكۈر دېسە بولىدۇ، — دېدى ئۇ يېقىندا ئۆلۈپ كەتكەن ئەر خىزمەتچى ھەققىدە سۆزلەپ، — ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇقەددەس تاماقلار تارتىلدى، جەسىتى مۇقەددەس ماي بىلەن مايلاندى.

— مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئۇ ئىش ئەمەس، — دېدى لېۋىن، — مەن بۇ ئىشلارنى ئۆزۈمنىڭ پايدام ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن دەۋاتىمەن. ئەگەر دېھقانلار ياخشى ئىشلىسە پايدىسى ماڭا بولىدۇ.

— ھەي، سىز نېمىلا قىلىڭ، ئۇ خەق ھورۇن بولسا، نېمىلا ئىش قىلسا قولىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويۇپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ. كۆڭلى ياخشى بولسا ياخشى ئىشلەيدۇ، ياخشى بولمىسا نېمىلا دېگىنىڭىز بىلەن بىكار.

— ھەي، ئۆزىڭىز، ئىۋان ماللارغا ئىلگىرىكىدىن ئوبدان قاراۋاتىدۇ، دېدىڭىزغۇ؟

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغىنىم بىرلا گەپ، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن. گېپىنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇ گەپنى ئىختىيارىچە ئەمەس، خېلى ئويلىنىپ ئاندىن دەۋاتقاندەك ئىدى، — سىز ئەمدى ئۆيلىنىشىڭىز كېرەك، راست دەۋاتىمەن.

ئۆزى تېخى ھېلىلا ئويلىغان ئىشنىڭ ئاگافيەنىڭ ئاغزىدىن چىققىشى لېۋىننىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ قويدى. ئۇ ئاگافيەنىڭ بۇ گېپىگە جاۋاب بەرمەي، قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە يەنە خىيالغا كەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئاگافيەنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن چىقىۋاتقان سۇس ئاۋازدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق، جىمجىت ئىدى. لېۋىننىڭ خىيالى يەنە ئويلاشقا تېگىشلىك بولمىغان خىياللارغا كېتىپ، سەل ئېچىلغان قوشۇمىسى يەنە تۈرۈلۈپ كەتتى.

سائەت توققۇزدا قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن پەيتۇننىڭ پاتقاق يولدا غىچىرلاپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەنە، سىزگە مېھمان كەلدى، ئەمدى زېرىكمەيدىغان بولدىڭىز! — ئاگافيە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە ماڭغانىدى، لېۋىن ئۇنىڭدىن بۇرۇن بېرىپ بولدى. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىدا ئىلگىرىلەش بولماي، كىملا بولسۇن، بىرى كەلگەن بولسىكەن، دەپ ئولتۇرغانىدى.

# 31

لېۋىن يوگوروپ پەلەمپەينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئالدىنقى خانىدىن تونۇش بىرىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، لېكىن پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا چىقىۋاتقان قەدەم ئاۋازى بىلەن ئۇ ئاۋازنىڭ كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، خاتا ئاڭلىمىغاندىمەن، دەپ ئويلاپ قالدى. ئارقىدىنلا ئورۇق، ئېگىز بىر گەۋدە كۆرۈنۈپ، ئۆزىنىڭ ئوينىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى بىلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئوينىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىنى، پەلتوسىنى سېلىۋېتىپ يۆتىلىپ كېلىۋاتقان ئېگىز بوي ئادەمنىڭ ئاكىسى نىكولاي بولۇپ قالماسلىقىنى ئارزۇ قىلدى.

لېۋىن ئاكىسىنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرسا بىئارام بولاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۆزىنىڭ ئۇ خىياللىرى ۋە ئاگافيە ئېسىگە سالغان ئۇ ئىشنىڭ تەسىرى بىلەن كاللىسى ئېلىشىپ تۇرغان چاغدا ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. خۇشخۇي، ساغلام بىر مېھمان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسام كۆڭلۈم ئېچىلسا دەپ تۇرغاندا، ئۇ مېھماننىڭ ئاكىسى بولۇپ قالغانلىقىمۇ ئۇنىڭ روھىغا تەسىر قىلغانىدى. ئاكىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلارنى تولۇق چۈشىنەتتى، كۆڭلىنىڭ پىنھان يەرلىرىدىكى سىرلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىپ ئۇنى ئۆزىگە ئېيتقۇزۇشقا مەجبۇرلايتتى، لېۋىننىڭ ئەڭ خالىمايدىغىنى دەل مۇشۇ ئىدى.

لېۋىن شۇ يارىماس خىياللىرى ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆزى كايىغاچ پەلەمپەيدىن يوگوروپ چۈشۈپ ئالدىنقى خانىغا چىقتى، ئاكىسىنى كۆرگەندە بايا كۆڭلىنى خىرە قىلغان تۇيغۇلار بىردىنلا يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل ئېچىنىش ئىگىلىدى.

ئاكىسىنىڭ جۇدەك ۋە كېسەل ھالىتى بۇرۇن ئۇنى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان بولسا، ھازىرقىسى ئۇ چاغدىكىدىنمۇ بەتتەررەك بولۇپ، تېخىمۇ جۇدەپ، تېخىمۇ سارغىيىپ كەتكەنىدى، ئۇستىخانلىرىنى پەقەت تېرىسىلا تۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

نىكولاي ئىنچىكە بويىنىنى ئاران مىدىرلىتىپ بويىندىن شارپىسىنى ئېلىۋاتقاندا ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويدى. لېۋىن ئۇنىڭ بۇ ئاددىي ۋە بىچارىلەرچە كۈلكىسىنى كۆرۈپ، بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك، يىغا تۇتۇۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

— مانا، سېنىڭ ئالدىڭغا كەلدىم، — دېدى نىكولاي بېسىق ئاۋازى بىلەن لېۋىندىن كۆزىنى بىر سېكۇنتمۇ ئالماي، — خېلىدىن بېرى كېلىمەن دەپ يۈرەتتىم، ساقلىقىم بولماي كەتتى. ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، — ئۇ ئورۇق، يوغان قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ قويدى.

— ھە، ھە! — دەپ قويدى لېۋىن. ئاكىسى بىلەن سۆيۈشكەندە ئۇنىڭ تېرىلىرىنىڭ قۇرۇشۇپ كەتكەنلىكىنى لەۋلىرى ئارقىلىق سەزگەندە ۋە غەلىتە نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يېقىن تۇرۇپ كۆرگەندە، لېۋىندىكى قورقۇنچ تېخىمۇ كۈچەيدى.

بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى لېۋىن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېخى بۆلۈنمىگەن يەرنى سېتىپ ئىككى مىڭ رۇبلى تەييارلاپ قويغانلىقىنى دېگەنىدى.

نىكولاي ئۆزىنىڭ شۇ پۇلنى ئالاي دەپ، بولۇپمۇ تۇغۇلغان يۇرتىنى كۆرۈپ، قەدىمكى زاماندىكى باتۇرلارغا ئوخشاش تۇپراققا قولىنى تەگكۈزۈپ، ئەمدىكى ئىشلىرى ئۈچۈن قۇۋۋەت توپلاي، دەپ كەلگەنلىكىنى دېدى. ئۇ تېخىمۇ مۈكچىيىپ، ئېگىز گەۋدىسىنىڭ ئورۇقلاپ كىچىككىنە بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، بۇرۇنقىدەك تېتىك، قەدەملىرى خېلى چەبدەس ئىدى. لېۋىن ئۇنى كۇتۇپخانىسىغا باشلىدى.

ئاكىسى ئاززاق تىترەك ئارىلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن (بۇرۇن ئۇ بۇنداق ئەمەس ئىدى) كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، شالاڭ چاچلىرىنى تاراپ بولۇپ، كۈلگەن بويى ئۈستىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇنىڭ كەيپىياتى جۇشقۇن ئىدى، لېۋىن كىچىك چاغلىرىدا ئۇنى دائىم ئاشۇنداق ھالەتتە كۆرەتتى. ئۇ كوزنىشېفنى قىلچە ئاغرىنماي تىلغا ئالدى، ئاگافيەنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى ۋە بىرنەچچە قېرى خىزمەتكارنى سورىدى، پارفېن دېنىسىچنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى قاتتىق تەسىر قىلىپ، چىرايىدا بىر خىل قورقۇنچ كۆرۈنۈپ قالدى، لېكىن يەنە تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ئۆزىمۇ قېرىپ قالغان، — دەپ قويۇپ گەپنى دەررۇ باشقىغا ئۆزگەرتىۋەتتى ئۇ، — مەن يېنىڭدا بىر - ئىككى ئاي تۇرۇپ، ئاندىن موسكۋاغا كېتىمەن. سەندىن يوشۇرمايمەن، ھېلىقى مەگكوف ماڭا خىزمەت تېپىپ بېرىدىغان بولدى، ئىشلەي دەۋاتىمەن. ئەمدى تۇرمۇشۇمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — ساڭا يەنە بىر ئىشنىمۇ دەپ بېرەي، ھېلىقى خوتۇندىن ئايرىلىپ كەتتىم.

— مارىيە نىكولايېۋنادىنمۇ؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلدىڭ؟

— ھەي، ئۇ بىر يارىماس خوتۇن. ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەردى، — دېدى ئۇ، لېكىن ئۇنىڭ قانداق ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىپ بەرگەنلىكىنى دېمىدى. دېگەنلىرى چايىنى سۇس دەملەيدۇ، ماڭا مەن خۇددى كېسەل ئادەمدەك قارىدى، دېگەندەك گەپلەر ئىدى، — ئەمدى مەن تۇرمۇشۇمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتمەكچىمەن. باشقىلارغا ئوخشاش مەنمۇ كۆپ نادانلىقلارنى قىلدىم. بايلىق دېگەنمۇ مەززىسىز بىر نېمىكەن، ئۇنى ئويلاپمۇ قويمايمەن، تېنىم ساق بولسىلا بولدى. خۇداغا شۈكۈر، ھازىر تۈزىلىپ قالدىم.

لېۋىن ئاكىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىر نەرسە دېگۈسى كەلدى، لېكىن نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى. نىكولايمۇ ئۇنىڭ بۇ

ھالىتىنى سەزگەن بولسا كېرەك، گەپنى ئىنىسىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىغا يۆتكىۋەتتى. لېۋىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى سورىغىنىدىن خۇشال بولدى، چۈنكى ئۇ بۇ توغرۇلۇق سۆزلىسە گېپىنى ياساپ ئاۋارە بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاكىسىغا ئۆزىنىڭ پىلانلىرى ۋە ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

ئاكىسى قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى، ئەمما چىرايىدىن قىزىقمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك يېقىن ئىدى، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشەتتى، ھەتتا ئەڭ كىچىك ھەرىكەت ۋە ئاۋازلىرى ئارقىلىقمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ھەرقانداق تىل بىلەن ئىپادىلىگەندىنمۇ ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى.

شۇ تۇرقىدا ئۇ ئىككىسىدىكى بىرلا خىيال ــــ نىكولاينىڭ كېسىلى ۋە ئۆلۈمگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ــــ ھەممىنى بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما ھېچقايسىسى ئۇ خىيالنى تىلىغا چىقىرالمايتتى. شۇڭا، يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرۇۋاتقان شۇ خىيالدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ھەر ئىككىسى يالغان گەپلەرنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. كەچنىڭ ئاخىرلىشىپ، ئۇخلاش ۋاقتىنىڭ بولغانلىقىغا لېۋىن ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى. قانداقلا مېھمان كەلسۇن، قانداقلىكى رەسمىي ئۇچرىشىشلاردا بولسۇن، ھېچقايسىسىدا ئادەملەرگە ھازىرقىدەك ساختا مۇئامىلىدە بولمىغان، بۇنداق قورۇنۇپمۇ قالمىغانىدى. ئۇ شۇ قىلىقلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپمۇ قالدى، ئەمما پۇشايمان قىلغانسېرى ئۆزىنى تېخىمۇ تەبىئىي تۇتالمىدى. ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مېھرىبان ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ يىغلىغۇسى كېلىپ تۇرسىمۇ، ئاكىسىنىڭ ئەمدى قانداق ھايات كەچۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا قىلىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر ئىدى، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ماسلىشىپ بەرمىسىمۇ بولمايتتى.

بىرلا ئۆيگە ئوت قالانغان، قالغان ئۆيلەر سوغۇق بولغاچقا،

لېۋىن ئاكىسىغا ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئورۇن راسلاپ بەردى، ئىككى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىنى بىرلا تاختاي تام ئايرىپ تۇراتتى.

ئاكىسى ياتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. باشقا كېسەللەرگە ئوخشاش تولا ئۆرۈلەتتى، تۇرۇپ يۆتىلىپ كېتەتتى، ئارىلاپ يۆتىلىشكىمۇ كۈچى يەتمەي بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. تۇرۇپلا دەم ئالالماي قېلىپ: «يا خۇدا !» دەپ قوياتتى. يەنە تۇرۇپلا خەپرۇك كەلمەي گېلىغا قاپلىشىپ قېلىپ، ئاچچىقىدا: «ۋاي شەيتان !» دەپ تىللاپمۇ كېتەتتى. لېۋىن ئاكىسىنىڭ شۇ ئىشلىرىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى، كاللىسىغا نۇرغۇن خىياللار كىرىۋالاتتى، ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ ئەڭ يامىنى ئۆلۈم ئىدى.

پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى بولغان ئۆلۈم ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىرىنچى قېتىم كېلىۋېلىپ زادىلا نېرى كەتمەيۋاتاتتى. ئۇيقۇ ئارىلاش ئىڭراپ، ئادىتى بويىچە دەم خۇدانى، دەم شەيتاننى تىللاپ ياتقان ئاكىسىنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن ئۆلۈم ئىلگىرى تولىمۇ يىراقتا كۆرۈنىدىغان بولسا، ھازىر كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى. ئۆلۈم ئوخشاشلا ئۇنىڭ بېشىدىمۇ بار، ئۇنى ئۇ ھېس قىلالايدۇ. بۈگۈن، ئەتە ياكى ئوتتۇز يىلدىن كېيىن كېلەمدۇ، بەربىر ئەمەسمۇ؟ لېكىن، ئاشۇ مۇقەررەر ئۆلۈمنىڭ ئۆزى قانداق گەپ، بۇنى ئۇ بىلمەيتتى، بىلەلمەيتتىلا ئەمەس، ئۇنى ئويلاپمۇ باقمىغان، ئويلاشقا ئۆزىدە جۈرئەتمۇ، كۈچمۇ تاپالمىغانىدى.

«ئىشلەيمەن، بىر ئىشلارنى قىلىمەن دەپ تىنىماي پايپېتەك بولۇپ يۈرۈمەنيۇ، بىر كۈنلەردە ئۇ نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى قېلىپ، ئۇ دۇنياغا كېتىدىغانلىقىمنى ئويلىمايمەن.»

لېۋىن قاراڭغۇدا كارىۋىتىدا ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ مۈكچىيىپ ئولتۇرغان پېتى دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ خىيالغا بېرىلىپ كېتىۋاتاتتى، خىيال قىلغانسېرى، شۇنداق بولۇشنىڭ

شۇبھىسىزلىكى، ئۆزىنىڭ بىر مۇقەررەرلىكنى، يەنى ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە ھەممە نەرسە يوق بولىدىكەن، تاپقان ـ تەرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىكەن، ئۇنىڭغا ئىنسانىنىڭ كۈچىمۇ يەتمەيدىكەن. شۇنداق، بۇ قورقۇنچلۇق مۇقەررەرلىك ھەم پاكىت ئىكەن.

«لېكىن، مەن ھازىر تىرىكمەن، تىرىك ۋاقتىمدا نېمىلەرنى قىلىشىم كېرەك، نېمە ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك؟» دېدى ئۇ قاتتىق مەيۈسلىنىپ، ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تال شام ياندۇرۇپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئەينەكتىن چىرايىنى، چاچلىرىنى كۆردى. مانا، چاچلارمۇ ئاقىرىشقا باشلاپتۇ. ئاغزىنى ئېچىپ چىشلىرىغا قاراپ باقتى، چىشلىرىمۇ بۇزۇلۇشقا قاراپ مېڭىپتۇ. قوللىرىنىڭ بۆلجۈڭ گۆشلىرىگە قاراپ بېقىپ سەل خاتىرجەم بولغاندەك قىلدى، ھەرھالدا قوللىرىدا كۈچ يېتەرلىك ئىكەن. شۇ تۇرقىدا بۇزۇلغان ئۆپكىسى بىلەن تەستە نەپەس ئېلىپ ياتقان نىكولاي ئاكىسىمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇنداق بەقۇۋۋەت ئىدى. لېۋىن بىردىنلا كىچىك ۋاقتىدا ئىككىسىنىڭ بىللە ياتىدىغانلىقىنى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى فېدور ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىگىلا بىر ـ بىرىگە ياستۇق ئېتىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى، كۈلگەندىمۇ شۇنداق كۈلۈشەتتىكى، ھايات بەختىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان كۈچىنى ھەتتا فېدوردىن ئەيمىنىشلىرىمۇ توختىتالمايتتى. «مانا ھازىر ئۇ مەيدە ئۇستىخانلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالەتتە يېتىپتۇ ... مەنچۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىدە قايسى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن ...»

— ئۆھۇ، ئۆھۇ ! ھەي شەيتانەي ! ھۇي، ئۇخلىماي نېمىگە مېڭىپ يۈرىسەن؟ — دېدى ئاكىسى.

— بىلمەيمەن، ئۇيقۇم قېچىپ قالدى.

— مەن ياخشى ئۇخلاپتىمەن، تەرلىمەپتىمەن، دومبەمنى تۇتۇپ باقە، تەر يوقمۇ؟

لېۋىن ئاكىسىنىڭ دومبىسىنى تۇتۇپ باقتى، راست تەرلىمەپتۇ. ئاندىن تاختاي تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ شامنى ئۆچۈردى، ئەمما يەنە خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى. قانداق ياشاش كېرەك، دېگەن مەسىلە ئەمدىلا ئايدىڭلىشىپ تۇراتتى، ھەل قىلىپ بولمايدىغان يېڭى مەسىلە — ئۆلۈم يەنە كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى.

«ھەي، ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ، باھارغىمۇ بارماسلىقى مۇمكىن. ئۇنى قانداق قىلسام قۇتۇلدۇرۇپ قالارمەن؟ ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىم كېرەك؟ بۇ جەھەتتە مەن نېمىنى بىلىمەن؟ بېشىمىزدا شۇنداق ئىشنىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارا !»

# 32

لېۋىن ئارتۇقچە يول قويۇش ۋە كۆڭۈلچەكلىكنىڭ ئادەمنى ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى، ئۇزاقىقا بارمايلا ئۇنىڭ بىھۇدە تەلەپ قويۇشلارغا ئايلىنىپ ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاكىسى دەل ئاشۇنداق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مۆمىنلىكى بىر كۈنگە پايلىماي، ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپلا چېچىلىدىغان بولۇپ، ئىنىسىنى قىيناشقا، مەقسەتلىك ھالدا چىشىغا تېگىشكە باشلىدى.

لېۋىن باشتا ئۆزىنى ئەيىبلىك سەزدى، لېكىن ئەمدى بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز ئىدى. ئەگەر ھەر ئىككىسى باشتىلا ئۆزلىرىنى ھېچنېمىنى بىلمىگەنگە سېلىۋېلىشنى قويۇپ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دېيىشكەن بولسا، بىر - بىرىگە بولغان غۇم تۈگەپ، لېۋىن: «سەن ئۆلۈپ كېتىسەن ! سەن ئۆلۈپ

كېتىدىغان بولدۇڭ! سەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايسەن!» دەپ، نىكولايمۇ: «ئۆلىدىغىنىمنى بىلىمەن، ئەمما قورقمەن، بەكلا قورقىمەن!» دەپ كۆڭلىدىكىنى دېيەلىگەن بولاتتى. ئەنە شۇنداق كۆڭۈلدىكىنى دېيىشەلىگەندىلا باشقا گەپلەرگە ئورۇن بولمايتتى. مانا ئەمدى ئاكىسىدا بۇ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، لېۋىن پۈتۈن ئۆمرىدە نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇنۇپ بېقىپ كۆڭلى زادىلا تارتمىغان، باشقا ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭسىز ياشاش مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى ئىشلىتىپ باقماقچى بولۇپ، ئاخىر ئۆزىگە زادىلا خوپ كەلمەيدىغان گەپلەرنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى، دېمىسە، ئاكىسىنىڭ ئۆزىنىڭ يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ قاتتىق چېچىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى.

ئۈچىنچى كۈنى نىكولاي لېۋىننى ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنى ئەيىبلەپلا قالماي، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى قەستەن كوممۇنىزم بىلەن باغلاپ سۆزلىدى.

— سەن باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپسەن، يەنە تېخى بۇرمىلاپسەن، ئىشلىتىشكە بولمايدىغان يەرلەرگە تەتبىقلاپ ئىشلەتمەكچى بولۇۋېتىپسەن.

— مەن ساڭا بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق، دەپ ئېيتتىمغۇ. ئۇلار خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، كاپىتال ۋە مىراسخورلۇقنىڭ توغرىلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. مەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئىنكار قىلمايمەن، پەقەت ئەمگەكنىلا تەڭشىمەكچىمەن.

— مەسىلە بۇ يەردە ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاندىن ئۇنىڭ يارايدىغان يەرلىرىنى چىقىرىۋېتىپسەن. سەن يەنە تېخى باشقىلارنى بۇ نەرسەڭنىڭ يېڭى نەرسە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى.

— مېنىڭ ئويلىغانلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق يوق ...

— ئۇلار تەرەپتە، — دېدى نىكولاي كىنايە بىلەن كۈلۈمسىرەپ ۋە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — ئۇلار تەرەپتە ھەر ھالدا بىر يېقىملىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا، گېئومېتىرىيىلىك بىر گۈزەللىك — ئېنىقلىق ۋە شۈبھىسىزلىك بار. بەلكىم بۇ خىيالپەرەسلىكتۇ. ئەگەر ئۆتمۈشنىڭ نەرسىلىرىنى بىر يولىلا ئىنكار قىلىدىغان، مۇلۇكچىلىك بىلەن ئائىلىنى يوقىتا چىقىرىدىغان بولساڭ، شۇ چاغدا ئەمگەكنى تەڭشىسەك بولىدۇ. لېكىن، سەندىچۇ؟ سەندە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق ...

— سەن نېمىشقا ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىسەن، مەن ئەزەلدىن كوممۇنىزمچى ئەمەس.

— مەنمۇ دەسلەپتە شۇنداق ئىدىم، كېيىن ئۇنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى بىلدىم. ئەمما، ئۇ خرىستىئان دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا ئوخشاش بولىدىغان مەسلەك.

— مەن پەقەت ئەمگەك كۈچلىرىگە تەبىئەتشۇناسلىق ئىلمى بويىچە قاراش كېرەك، يەنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، دەپ ئويلايمەن ...

— بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمگەك كۈچلىرى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا چوقۇم ئۆزىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇللىرىنى تېپىۋالىدۇ. دەسلەپتە قۇللار، كېيىن يالالنىملار ھەممىلا يەردە بولغان، مانا ئەمدى ھازىر ئورتاقچى، ئىجارىگە بېرىشلەر چىقتى، يالالنىملارمۇ پەيدا بولدى، شۇنداق ئەھۋالدا سەن يەنە نېمىنى ئىزدەيسەن؟

لېۋىن بۇ گەپلەرگە قاتتىق خاپا بولدى. ئۇ ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىنىڭ راست بولۇپ قېلىشىنى چىن كۆڭلىدىن خالىمايتتى ھەم كوممۇنىزم بىلەن ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۈزۈملەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرماقچىمۇ بولۇۋاتاتتى. لېكىن، ئاكىسىنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا بۇ مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ.

— مەن ئۆزۈم ھەم ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان ئەمگەك ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن. ئۇلارنى تەشكىللەپ ... — لېۋىن ئاكىسىنىڭ گەپلىرىگە ئاچچىقى بىلەن جاۋاب بېرىۋاتاتتى.

— سەن ھېچكىمنى تەشكىللىمەكچى ئەمەس، ئىزچىل كېلىۋاتقان ئادىتىڭ بويىچە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە تىكلىمەكچى، يالغۇز دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپلا قالماي، يەنە قانداقتۇر بىر غايىلىرىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمەن، دېمەكچى.

— بوپتۇ، شۇنداقلا ئويلىغان بولساڭ، ئەمىسە مېنىڭ ئىشلىرىمغا تولا ئارىلىشىۋالما! — دېدى لېۋىن. ئۇ بىردىنلا ئاكىسىنىڭ سول مەڭزىنىڭ گۆشلىرىنىڭ لىپىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— سەندە بۇرۇنمۇ ئېتىقاد دېگەن نەرسە يوق ئىدى، ھازىرمۇ يوق ئىكەن، ئۆزۈڭنىڭ مەنمەنلىكىڭ بويىچە قاپسەن.

— ھىم، بۇ گەپنى ياخشى دېدىڭ، ئەمدى مېنى تىنچ قوي.

— تىنچ قويۇپ كېلىۋاتىمەنغۇ! ماڭا مۇشۇنداق دەيدىغىنىڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم، نېمىشقىمۇ قېشىڭغا كەلگەندىمەن.

شۇ گەپتىن كېيىن لېۋىن ئاكىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا قانچە ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ، ئاكىسى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىدى، بىزنىڭ يەنىلا ئايرىلىپ تۇرغىنىمىز ياخشى ئىكەن، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇندىلا لېۋىن ئاكىسىنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشقا چىداشلىق بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى.

لېۋىن ئاكىسىنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، كۆڭلۈڭنى رەنجىتكەن بولسام مېنى كەچۈرۈۋەتكىن، دېگەن بولسىمۇ، نىكولاي ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى.

— نېمىدېگەن ئالىي ھىممەتلىك سەن، — دېدى نىكولاي بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويۇپ، — ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ

قىلىۋاتقان ئىشىڭنى توغرا دېيىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولساڭ، ئەمىسە مەنمۇ سېنى شۇ ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزەي. ئەمما، سېنىڭ دېگەنلىرىڭ توغرا بولغان تەقدىردىمۇ مەن كېتىمەن.

تەييارلىقى پۈتۈپ ماڭىدىغان چاغدا، نىكولاي ئىنىسىنى سۆيۈپ قويۇپ، بىردىنلا ئۇنىڭغا غەلىتە بىر نەزەردە قاراپ قويدى.

— ھەرقانداق ئەھۋالدا ماڭا ئاداۋەت ساقلىمىغىن، كونستانتىن، — دېدى ئۇ تىترىگەن ئاۋازى بىلەن.

بۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېيىلگەن بىردىنبىر كۆڭۈللىرىدىكى سۆزلىرى ئىدى. لېۋىن ئۇنىڭ بۇ گەپ ئارقىلىق: «سەن مېنىڭ سالامەتلىكىمنىڭ ئىنتايىن ناچارلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈڭ ھەم بىلدىڭ، بەلكىم ئىككىمىز ئەمدى كۆرۈشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن» دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە شۇ ئوي بىلەن تەڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ، ئاكىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدى، ئەمما بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

ئاكىسى كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى لېۋىن چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. ۋوگزالدا كىتىنىڭ ئىككى تۇغقان ئاكىسى شېرباتسكىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ غەمكىن قىياپىتىنى كۆرۈپ شېرباتسكىي ھەيران قالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى شېرباتسكىي ئۇنىڭدىن.

— ھېچنېمە! دۇنيادا خۇشاللىق ئىشلار تولىمۇ ئاز بولىدىكەن.

— قانداق ئاز بولىدىكەن؟ نەدىكى بىر ميۇلۇزغا[1] بارغاندىن كۆرە، مەن بىلەن پارىژغا بارغىنا، دۇنيانىڭ خۇشاللىقىنى شۇ يەردە كۆرىسەن.

— ياق، بارمايمەن. مەن تۈگەشتىم، پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن.

---

① ميۇلۇز — فرانسىيىنىڭ شەرقىدىكى بىر شەھەر.

— ھە، مۇنداق دېگىنە، — دېدى شېرباتسكىي كۈلۈپ كېتىپ، — سېنىڭ ئەكسىڭچە، مەن ھاياتنى ئەمدىلا باشلاي دەپ تۇرىمەن.

— تېخى يېقىندىلا مەنمۇ شۇنداق ئويلىۋىدىم، لېكىن ھازىر پات يېقىندا ئۆلۈپ كېتىدىغىنىمنى بىلىپ قالدىم.

لېۋىن ھەقىقەتەن يېقىندا ئويلاپ يۈرگەن ئويىنى دېگەنىدى. ئۇ ھەممىلا يەردە ئۆلۈمنى ۋە ئۆلۈمنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى، ئەمما يېڭى باشلىغان ئىشلىرى ئۇنى بارغانسېرى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا يەنە ئەجەل يېتىپ كەلگۈچە ياشاپ تۇرۇشنى ئويلايتتى. كۆز ئالدىدىكى ھەممە نەرسە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغاندەك بولاتتى، لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشلىرى ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر ماياك ئىدى، ئاخىر ئۇ شۇ ماياكقا مەھكەم ئېسىلدى.

Anna Karenina

# تۆتىنچى قىسىم

# 1

ئەر ـ خوتۇن كارېنىنلار تېخىچە بىر ئۆيدە تۇرىۋاتاتتى، ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇراتتى، لېكىن بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي يات كىشىلەردەك ئىدى. كارېنىن ئۆيدىكى خىزمەتكارلارنى ئۈششاق گەپ قىلىپ يۈرۈشمىسۇن دەپ، ئۆز ئالدىغا بىر بەلگىلىمە تۈزۈۋالغانىدى ۋە شۇ بەلگىلىمىسى بويىچە ھەر كۈنى خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى، ئەمما ئۆيدە تاماق يېمەيتتى. ۋرونسكىي كارېنىننىڭ ئۆيىگە كەلمىگەن بىلەن، ئاننا بىلەن باشقا يەرلەردە كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنى كارېنىن بىلىپ تۇراتتى.

ئۈچىلىسى ئۈچۈن بۇنداق ياشاش بىر ئازاب ئىدى. ئەگەر ئۇلار بۇ ئەھۋالنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا، ئۆزلىرى تارتىۋاتقان بۇ ئازابنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇنداق تۇرمۇشقا بىر كۈنمۇ چىدىمىغان بولاتتى. كارېنىن خوتۇنىنىڭ بۇ ئىشقى ھەۋىسىنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشقا ئوخشاش ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇسلىشىپ ئاخىر يوقاپ كېتىشىنى، كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشنى ئەسلىرىدىن چىقىرىۋېتىشىنى، نام ـ ئابرۇيىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاننا بولسا بۇ ئەھۋالغا ــــ بۇ ئىشنى ئۇ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولغاچقا، ئۇ ئىككىسىدىنمۇ بەكرەك ئازابلىناتتى ــــ بۇ ئىشنىڭ ئۇزاققا قالماي چوقۇم بىر تەرەپ بولۇشىغا ۋە ئۇنىڭدىن نەتىجە كۆرۈلۈشىگە بولغان ئۈمىدىدىن باشقا، قەتئىي ئىشەنچى بىلەن بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى قانداق چارە بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى، ئەمما ھەل

قىلىش چارىسىنىڭ ئۇزاققا قالماي تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ۋرونسكىي بولسا ئىختىيارىدىن سىرت ھالدا ئانىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، بۇ مۇشكۇلچىلىكنى بىردىنلا ھەل قىلىۋېتەلەيدىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان ئاللىقانداق بىر چارىنىڭ تېپىلىپ قېلىشىنى كۈتۈپ يۈرەتتى.

قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ھەپتىنى ۋرونسكىي ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ پېتېربۇرگقا كەلگەن بىر چەت ئەللىك شاھزادىگە ھەمراھ بولۇپ پېتېربۇرگنىڭ مەشھۇر جايلىرىنى كۆرسىتىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇۋالغانىدى. ۋرونسكىي ناھايىتى سۆلەتلىك، گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا، شاھزادىگە ئوخشاش ئادەملەر بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۇلار ئۇنى شاھزادىنى كۈتۈۋېلىشقا تەيىنلىگەنىدى. بۇ خىزمەت ئۇنىڭغا تولىمۇ مۇشكۇل تۇيۇلدى. شاھزادە دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندا كىشىلەر ئۇنىڭدىن روسىيىگە بېرىپ نىمىلەرنى كۆردۈڭ، دەپ سورايدىغان بولغاچقا، مەشھۇر جايلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي كۆرۈشكە ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، روسىيىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەر خىل ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرىدىن قانغۇچە بەھرىلىنىپ كېتىشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا ۋرونسكىي ئۇنىڭغا ئىككى تەرەپتىن تەڭ خىزمەت قىلمىسا بولمايتتى. ئىككىسى ھەر كۈنى ئەتىگەندە پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ مەشھۇر جايلارنى كۆرۈپ كېلىشكە باراتتى، كەچتە روسلارغا خاس ئويۇن ـ تاماشىنىڭ ئىچىگە بېشىچىلاپ كىرىپ كېتەتتى. شاھزادە ناھايىتى بەقۇۋۋەت ئادەم ئىدى، شاھزادىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك ساغلام ئادەم كەم تېپىلاتتى. تەنھەرىكەت ۋە كۈتۈنۈشنىڭ باشقا يوللىرى ئارقىلىق ئۆزىگە شۇنچىلىك كۈچ توپلىغانىكى، ھەددىدىن زىيادە ئويناپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، چىرايى يەنىلا گوللاندىيە تەرخەمەكىگە ئوخشاش پارقىراپ تۇراتتى. شاھزادە نۇرغۇن دۆلەتلەرگە بېرىپ، زامانىۋى

قاتناشنىڭ تەرەققىياتى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە ئالاھىدە قولايلىق يارىتىپ بېرىپتۇ، دېگەن تونۇشقا كەلگەنىدى. ئۇ ئىسپانىيىگە بېرىپ ئۇ يەرنىڭ كەچلىك ئويۇنلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپتۇ، يەنە تېخى ماندالىن چالىدىغان ئىسپان قىزى بىلەن چىقىشىپ قاپتۇ؛ شۋېتسارىيىگە بارغاندا بۆكەن ئۆلتۈرۈپتۇ؛ ئەنگلىيىگە بارغاندا قىزىل فراك كىيىپ توسۇقتىن ئات سەكرىتىپتۇ، يەنە تېخى بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئىككى يۈز قىرغاۋۇل ئاتماقچى بوپتۇ؛ تۈركىيىگە بارغاندا ھەرەمگە كىرىپتۇ؛ ھىندىستانغا بارغاندا پىلغا مىنىپتۇ. مانا ئەمدى رۇسىيىگە كېلىپ، رۇسلارغا خاس ھەر خىل ئويۇن - تاماشىلاردىن ھۇزۇرلانماقچى بوپتۇ.

ۋرونسكىي ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچىسىمۇ بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ھەر خىل ئادەملەر شاھزادىگە سۇنغان رۇسچە ئويۇن - تاماشىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقىشمۇ ئىنتايىن باش قاتىدىغان ئىش ئىدى. شاھزادە ئويىنىمىغان بەيگە قىلىش، رۇسلارنىڭ چەلپەك يېيىش، ئېيىق ئوۋلاش، ئۈچ ئاتلىق ھارۋىدا ئولتۇرۇپ سەيلە قىلىش، سىگانلار بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى ئويناش، ئۇنىڭدىن باشقا، رۇسلارنىڭ يېگەن تامىقىنىڭ چىنە - تاۋاقلىرىنى سۇندۇرۇپ ئويناش ئويۇنلىرىنىڭ بىرىمۇ قالمىدى. شاھزادە رۇسلارنىڭ ھەر خىل ئادەت ئويۇنلىرىنى تېزلا ئۆگىنىۋېلىپ، پەتنۇستا ئېلىپ كەلگەن لىق چىنە - قاچىلارنى ئۆز قولى بىلەن سۇندۇراتتى، سىگان قىزلىرىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋالاتتى، يەنە تېخى ئۇلاردىن، يەنە قانداق ئويۇنلار بار، رۇسلارنىڭ ئادەت ئويۇنلىرى مۇشۇنچىلىكلىمۇ، دەپ سورايتتى.

شاھزادىگە ھەممە رۇس ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرى ئىچىدىن كۆڭلىگە كۆپرەك ياققىنى فرانسۇز ئايال ئارتىس، بالېت ئارتىسى ۋە ئاق بەلۋاغلىق شامپان بولدى. ۋرونسكىي بۇ شاھزادىگە ئوخشاش ئادەملەر بىلەن خېلى ئارىلىشىپ باققانىدى، بۇ قېتىم

ئۆزى ئۆزگىرىپ قالدىمۇ ياكى بۇ شاھزادە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەك يېقىن بولۇپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ، بۇ بىر ھەپتىنى ئۇ ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزدى. بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇ ئۆزىنى خۇددى ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ساراڭغا قاراشقا ئەۋەتىلگەندەك سېزىپ يۈردى، ئۇنىڭدىن قورقتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈۋېرىپ ئۆزۈممۇ روھىي جەھەتتىن بىنورمال بولۇپ قالامدىمكىن، دەپ ئەنسىرىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ھاقارەتكە ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاشنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. ۋرونسكىي شاھزادىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغان بەزى ئادەملەرگە قاراپ ھەيران قالاتتى، شاھزادىمۇ ئۇنداق ئادەملەرنى پەس كۆرەتتى. شاھزادىنىڭ بىرنەچچە قېتىم رۇس ئاياللىرىغا باھا بېرىپ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ ۋرونسكىي قاتتىق قىزىرىپ كەتتى. ۋرونسكىيغا ئېغىر كەلگىنى، ئۆز ئەكسىنى شاھزادىدىن كۆرگىنى بولدى. ئۇ ئۇ ئەينەكتە كۆرگەن نەرسىسى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنمەنلىكىنى قاندۇرالمىدى. شاھزادە ئىنتايىن ئەخمەق، ئىنتايىن ئۆزۈمچىل، ئىنتايىن ساغلام، ئىنتايىن پاكىز، رەتلىك ئادەم ئىدى. راست، ئۇ تۆرىلەرگە خاس ئادەم، بۇنى ۋرونسكىيمۇ ئىنكار قىلمايتتى. شاھزادە ئۆزىدىن يۇقىرى ئادەملەرگە ئېغىر - بېسىق، يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى، خۇشامەت قىلمايتتى؛ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئادەملەرگە ئوچۇق كۆڭۈل، باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى، ئۆزىدىن تۆۋەن ئادەملەرنى كەمسىتمەيتتى، ئۇلارغا كەڭ قورساقلىق قىلاتتى. ۋرونسكىيمۇ شۇنداق ئىدى، يەنە تېخى بۇ خاراكتېرىنى ياخشى پەزىلەت دەپ بىلەتتى. ئەمما، ئورنى شاھزادىدىن تۆۋەن تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئادەملەرگە قىلىدىغاندەك مۇئامىلىسى غەزىپىنى كەلتۈرەتتى.

«ھەي ئەخمەق، مەن ئاشۇلارغا ئوخشايمەنمۇ؟» دەپ ئويلاپ قالاتتى ۋرونسكىي بەزىدە.

يەتتىنچى كۈنى، شاھزادە موسكۋاغا بارماقچى بولۇپ ۋرونسكىي بىلەن خوشلاشتى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ تەشەككۈرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدىن ۋە كۆڭۈلگە ياقمىغان ئۇ ئەينەكتىن قۇتۇلغىنىغا شۇنچىلىك خۇشال بولدى. شۇ كېچە ئۇلار تون بويى رۇس باتۇرلۇقىنى كۆرسەتمىدىغان ئېيىق ئوۋلاشقا چىقىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ۋوگزالدا ئايرىلىشتى.

## 2

ۋرونسكىي ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئانىنىڭ ئۆزىگە يازغان خېتىنى كۆردى. ئانىنا خېتىدە: «تاۋىم يوق، يۈرىكىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، يا تالا ـ تۈزگە چىقالمايمەن. سىز بىلەن كۆرۈشمىسەم چىداپ تۇرالمايمەن. بۈگۈن كەچتە كېلىڭ. ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ سائەت يەتتىدە مەجلىسكە كېتىپ، سائەت ئون بىلەن قايتىپ كېلىدۇ» دەپ يازغانىدى.

ئاننانىڭ ئېرىنىڭ چەكلىگىنىگە قارىماي ئۆزى بىلەن ئۇ يەردە ئۇچراشماقچى بولغانلىقى ۋرونسكىينى ئويلاندۇرۇپ قويدى ھەم ھەيران قالدۇردى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۇنىڭكىگە بېرىش قارارىغا كەلدى.

ۋرونسكىي بۇ يىل قىشتا پولكوۋنىكلىقتا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئايرىم بىر ئۆيدە يالغۇز تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ چۈشلۈك تاماقتىنى يەپ بولۇپ ساپاغا كېلىپ ياتتى. بەش مىنۇت ئۆتمەي ـ يوق، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان كۆرگەن خىلمۇخىل رەزىللىكلەر، ئاننانىڭ چىرايى ۋە ئېيىق ئوۋلىغىلى چىققاندا مۇھىم رول ئوينىغان ئاشۇ دېھقاننىڭ تۇرقى خىيالىغا كىرىۋېلىپ كاللىسى ئېلىشىپلا كەتتى. شۇنداق گادىرماچ

خىياللار بىلەن يېتىپ بىر چاغدا ئۇخلاپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە چۆچۈپ ئويغىنىپ، بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقاندەك تىترەپ كەتتى ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپ ئىتتىك بېرىپ شامنى يېقىۋەتتى: «بۇ نېمە ئىش؟ بۇ نېمە ئىش؟ چۈشۈمدە قانداق قورقۇنچلۇق نەرسىنى كۆردۈم مەن؟ ھە، ھە راست، بىز ئۇۋغا بىللە ئېلىپ بارغان ھېلىقى ساقىلى چىگىشلىشىپ كەتكەن، مەينەت، بويى پاكار سەھرالىق ئېڭىشىپ بىر ئىش قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز فرانسۇزچە غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ كەتتى. توغرا، چۈشۈمگە كىرگىنى شۇ ئادەم، — ۋرونسكىي ئۆزىدىن ئۆزى سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — نېمىشقا ئۇ شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق؟» ئۇ ئاشۇ دېھقاننى ۋە ئۇنىڭ فرانسۇزچە غەلىتىلا گەپلەرنى قىلغانلىقىنى ئېنىق ئېسىگە ئالغاندا ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى ۋە ۋۇجۇدىغا بىر خىل ۋەھىمە ئولاشتى.

«قانداق بىمەنىلىك ـ ھە، بۇ!» ۋرونسكىي شۇ خىيال بىلەن تەڭ سائىتىگە قارىدى.

سائەت سەككىز يېرىم بولغانىدى. ئۇ خىزمەتكارىغا قوڭغۇراق بېرىپ قويۇپ ئالدىراپ كىيىندى ـ دە، بايا كۆرگەن چۈشىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقتى، كاللىسىدا كېچىكىپ قالمىسام بولاتتى، دېگەن بىرلا خىيال ھۆكۈم سۈرەتتى. چانىغا ئولتۇرۇپ ئاننانىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سائىتىگە يەنە بىر قاراپ توققۇزغا ئون بەش مىنۇت قالغانلىقىنى بىلدى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئات قوشۇلغان ئېگىز ھەم تارراق كەلگەن بىر پەيتۇن تۇراتتى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئاننانىڭ پەيتۇنى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. «ئۇ مېنىڭ قېشىمغا بارماقچىمىدۇ؟ — ئويلىدى ئۇ، — شۇنداق قىلغان بولسا بەكمۇ ئوبدان بولاتتى. مېنىڭ بۇ ئۆيگە پەقەتلا كىرگۈم يوق. بوپتۇلا، كەپتىمەن، ئەمدى قايتىپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق.» ئۇ كىچىكىدىن ئادەتلەنگەن ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدىغان مىجەزى بويىچە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چانىدىن چۈشۈپ دەرۋازىغا قاراپ

ماڭدى. دەل شۇ چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ، پەيتۇنغا سالىدىغان يۇڭ
ئەدىيال كۆتۇرۇۋالغان دەرۋازىۋەن پەيتۇننى چاقىرىپ قالدى.
ۋرونسكىي ئادەتتە بىر ئىشلارغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى،
ئەمما بۇگۇن دەرۋازىۋەننىڭ ئۆزىنى كۆرۇپ داڭقېتىپ
قالغانلىقىنى بايقىدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي
ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ ئۆيدىن چىقىپ كېلىۋاتقان
كارېنىن بىلەن ئۇسۇشۇپ كەتكىلى تاس قالدى. گاز لامپىنىڭ
يورۇقى ئۇنىڭ قارا شىلەپىسىنىڭ تېگىدىكى قېنى قاچقان،
جۇدەپ كەتكەن يۇزى بىلەن پەلتوسىنىڭ قۇندۇز ياقىسىدىن
پارقىراپ كۆرۇنگەن ئاق گالىستۇكىغا چۇشۇپ تۇراتتى.
كارېنىننىڭ قوزغالماس، نۇرسىز كۆزلىرى ۋرونسكىيغا مىختەك
قادىلىپ قالدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام بەردى،
كارېنىن لېۋىنى چىشلەپ قويۇپ، بىر قولىنى شىلەپىسىنىڭ
گىرۋىكىگىچە ئاپىرىپ ئىتتىك ئۆتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا
قاراپ قويماي پەيتۇنغا چۇشكەنلىكىنى، پەيتۇندا ئەدىيال بىلەن
دۇربۇننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن كۆرۇنمەي قالغانلىقىنى
ۋرونسكىي كۆرۇپ تۇردى. ۋرونسكىي دالان ئۆيگە كىرىپ كەلدى،
قوشۇمىسى تۇرۇلگەن، كۆزلىرىدىن غەزەپ چاچراپ تۇراتتى.

«تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى ـ دە، — دەپ ئويلىدى
ئۇ، — ئەگەر بۇ ئادەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قارشىلىق
بىلدۇرگەن، ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى قوغداپ قالغان بولسا
ماڭىمۇ ياخشى بولاتتى، ئۆزۇمنى ئازراق بولسىمۇ بىلدۇرۇپ
قوياتتىم. لېكىن، ئۇ شۇنچىلىك قورقۇنچاق، شۇنچىلىك
ئۇياتسىز ئادەم ئىكەن ... مېنى ئالدامچىغا ئايلاندۇرۇپ
قويۇۋاتىدۇ، مېنىڭ زادىلا ئالدامچى بولغۇم يوق.»

ئاننا بىلەن ۋرېدېنىڭ بېغىدا ئۇچراشقاندىن بېرى
ۋرونسكىينىڭ ئىدىيىسىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى.
ئاننا ئۆزىنى پۇتۇنلەي دېگۇدەك ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاشلىۋەتكەن،
ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۇ بىر تەرەپ قىلىدۇ، دەپ كۇتۇپ

تۇرغانىدى، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماقۇل دەيتتى. ۋرونسكىيمۇ ئاننانىڭ بوشاڭلىقىغا ئىختىيارسىز تەسلىم بولۇپ كەتكەن، بۇرۇنقىدەك، مۇناسىۋەتسىمىز ئەمدى ئاياغلاشىمىدۇ، دەپ ئويلىمايدىغان بولغانىدى. خىزمەت كۆرسىتىپ مەنسەپ تۇتۇش پىلانىمۇ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، تەقدىرنى بەلگىلەيدىغان مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىدىنمۇ چىكىنىپ چىقىپ، باشقا بىر چەمبىرەك ئىچىگە — مۇھەببەت چەمبىرىكى ئىچىگە كىرىپ كەتتى، بۇ چەمبىرەك ئۇ ئىككىسىنى بارغانسېرى بىر - بىرىگە مەھكەم باغلىۋەتتى.

ۋرونسكىي دالان ئۆيگە كىرىپلا ئاننانىڭ ئۇزاپ كېتىۋاتقان قەدەم تاۋۇشىنى ئاڭلىدى ۋە شۇندىلا ئاننانىڭ بايا مەشەدە تۇرۇپ سىرتتىكى ئىشلارغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، ئۇ كىرىپ كەلگەندىن كېيىن مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— بەس! — دەپ توۋلاپ كەتتى ئاننا ئۇنى كۆرۈپلا، شۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى، — ئەگەر مۇنداق ئەھۋال يەنە داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن ئىشنىڭ سادىر بولۇشى تېزلىشىدۇ، تېخىمۇ تېزلىشىپ كېتىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن، ئەزىزىم.

— نېمە بولدۇڭ؟ بىر سائەت ئۆتتى، ئىككى سائەت ئۆتتى، سېنى كۈتتۇم، يولۇڭغا قاراپ كۆزلىرىم تېشىلدى. ياق، مەن ئەمدى چىداپ تۇرالمايمەن! ... سەن بىلەن ئۇرۇشمايمەن ... تەرگەشمەيمەن. سەن چوقۇم ۋاقتىدا كېلىشىنىڭ ئامالىنى قىلالمىدىڭ. ياق، مەن ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيمەن.

ئاننا ئىككى قولىنى ۋرونسكىينىڭ يەلكىسىگە قويۇپ، قىزغىن ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتى ھەم سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاق قاراپ كەتتى. بۇ قاراشلىرىدا ئۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشمىغان چاغلاردىكى زىيىنىنى تولدۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا تەسەۋۋۇرىدىكى ۋرونسكىي (جاھاندا تەڭدىشى

يوق سۆباتلىق يىگىت) بىلەن رېئاللىقتىكى ۋرونسكىينى يۇغۇرۇپ بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋالغۇسى كېلىپ كېتەتتى.

# 3

— ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاننا ئىككىسى لامپا ئاستىدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرغاندا، — ئۇ سىنىڭ كىچىككىنە قالغىنىڭغا بىرىلگەن جازا.

— كۆردۈم. بۇ نېمە بولغىنى؟ ئۇ مەجلىسكە كېتىشى كېرەك ئىدىغۇ؟

— كەتكەن، قايتىپ كەلدى، بۇدا يەنە بىر يەرگە ماڭدى. ھېچ گەپ يوق. بۇ گەپلەرنى قويايلى. ئۆزۈڭ نەلەردە يۈردۈڭ؟ يەنە شۇ شاھزادە بىلەن بىللە بولدۇڭمۇ؟

ئاننا ۋرونسكىينىڭ تۇرمۇشىنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ۋرونسكىي بىر كېچە ئۇخلىماي چىقىپ سەھەردە ئۇخلاپ قاپتىمەن، دېمەكچى بولىۋىدى، لېكىن ئاننانىڭ ھاياجانلىنىپ تۇرغان بەختلىك چىرايىنى كۆرۈپ ئىزا تارتقاندەك بولۇپ، شاھزادە كەتكەن، شۇڭا ئىشلاردىن يۇقىرىغا مەلۇمات بېرىشىم كېرەك بولدى، دەپ قويدى.

— ئىشلىرىڭ ئەمدى تۈگىگەندۇ؟ ئۇ راست كەتتىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، ئاخىر تۈگىدى. بۇنداق ئىشلاردىن مېنىڭ قانچىلىك بىزار بولىدىغىنىمنى دېسەم، سەن ئىشەنمەيسەن ھەرقاچان.

— نېمىگە بىزار بولاتتىڭ؟ سىلەر ياشلار شۇنداق تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاننا قاپىقىنى سىلىپ. ئاندىن ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويغان توقۇۋاتقان نەرسىسىنى قولىغا ئېلىپ، ۋرونسكىيغا قاراپمۇ قويماي توقۇپ ئولتۇردى.

— مەن ئاللىبۇرۇن ئۇ خىل تۇرمۇشتىن ئايرىلغانمەن، — دېدى ۋرونسكىي ئاننانىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقىنىغا ھەيران بولۇپ ھەم ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە تىرىشىپ، — راستىمنى دېسەم، — ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلدى، — بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە مەن ئۇ خىل تۇرمۇشنى ئەينەكتە كۆرگەندەك ئېنىق كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك سەسكەندىم.

ئاننا ئىشىنى قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى، ئەمما توقۇماي، ۋرونسكىيغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ غەلىتە ۋە سوغۇق نەزەردە قاراپ قويۇۋاتاتتى.

— بۈگۈن ئەتىگەن لىزا قېشىمغا كېلىپ كەتتى. ئۇلار لىدىيە ئىۋانوۋنادىن قورقماي مېنى كۆرۈپ كېلىشكە جۈرئەت قىپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئاننا، — ئۇ سىلەرنىڭ ئافېنا كېچىلىكىڭلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى، ھەيران قالدىم، نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق ئۇ.

— مەنمۇ ساڭا شۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتىم ...

ئاننا ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈزمىدى.

— سەن تونۇيدىغان ھېلىقى تېرېزامۇ بارمۇ؟

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچى ...

— سىلەر ئەرلەر شۇنچىلىك نومۇسسىز! سىلەر ئاياللارنىڭ ئۇنداق ئىشلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەمسىلەر، — دېدى ئۇ بارغانسېرى ئاچچىقى كېلىپ. بۇ گېپى ئۇنىڭ نېمىگە ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى، — بولۇپمۇ سېنىڭ تۇرمۇشۇڭنىڭ قانداق كېتىۋاتقىنىنى بىلىشكە ئامالسىز بىر ئايالنىڭ. مەن ھازىر سېنىڭ نېمەڭنى بىلىمەن؟ بۇرۇنقى تۇرمۇشۇڭدىن نېمىنى بىلىمەن؟ — دېدى ئۇ، — پەقەت ئۆزۈڭ سۆزلەپ بەرگەنلەرنىلا بىلىمەن. يەنە كېلىپ، ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرىڭنىڭ راست-يالغانلىقىمۇ ماڭا قاراڭغۇ ...

— ئاننا، سەن ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسەن، ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ ساڭا مەن، سەندىن يوشۇرىدىغان ھېچنېمەم يوق، دېمىگەنمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ئاننا رەشكى خىياللىرىنى كاللىسىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشىپ، — لېكىن، سەن مېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىمنى بىلمەيسەن! مەن ساڭا ئىشىنىمەن، ساڭا ئىشىنىمەن ... ھە، سەن نېمە دېمەكچىدىڭ؟

ۋرونسكىي نېمە دېمەكچى بولغىنىنى دەررۇ ئېسىگە ئالالمىدى. يېقىندىن بېرى ئاننادىكى رەشك ئوتى بارغانسېرى كۆچىيىپ كېتىۋاتاتتى، بۇ ئەھۋال ۋرونسكىينى چۆچۈتەتتى ۋە يوشۇرۇشقا قانچە تىرىشسىمۇ، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشى ئۆزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ نەرسە ئانناغا بولغان كۆڭلىنى سوۋۇتۇپ باراتتى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەخت ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە سۆزلەپ تۇرسىمۇ، ئاننا ھاياتىنىڭ ھەممە راھەتلىرىدىن مۇھەببەتنى ئەۋزەل كۆرگەن ئاياللارغا ئوخشاش ئۇنىڭغا پۈتۈن مۇھەببىتىنى بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ۋرونسكىي موسكۋادىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن چاغدىكى بەختتىن خېلىلا يىراقتا قېلىۋاتاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى بەختكە ئېرىشمىدىم دەپ ئويلىغىنى بىلەن، بەختى ئالدىدا ئىدى. ھازىر بولسا ئەڭ بەختلىك كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەندەك ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. ئاننا ھازىر ئۇ دەسلەپتە كۆرگەندىكىدەك ئۇنچىلىك گۈزەل ئەمەس ئىدى، چىرايىدىن ئۇنى سەتلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ئاچچىق ۋە ئەلەم زادىلا نېرى كەتمەيتتى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزۈلگىنىگە خېلى بولغان گۈلگە ئوخشاش سولىشىپ كەتكەنلىكىنى، بۇرۇنقى گۈزەللىكىنىڭ تۆگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۇنى ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن ئۈزۈۋالغانىدى، بۈگۈن يەنە شۇ گۈزەللىك ئۈچۈن ئۇنى نابۇت قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇھەببىتى

شۇنچىلىك كۈچلۈك، ئۇنى ئۇ زور كۈچ بىلەن ئاران بېسىپ تۇرالايتتى، ئەمدى ھازىر ئۇ مۇھەببەتتىن ھېچقانچە قالمىغانىدى، ئەمما شۇنى دەپ ئۇنىڭ بىلەن بولغان بۇ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتەلمەيتتى.

— ھە راست، ئۇ شاھزادە توغرۇلۇق ماڭا نېمىلەرنى دەپ بەرمەكچىدىڭ؟ مەن ئۇ شەيتاننى قوغلىۋەتتىم، قوغلىۋەتتىم! — دېدى ئۇ يەنە. ئۇ ئىككىسى رەشكنى شەيتان دەپ ئاتىشاتتى، — بايا سەن ئۇ شاھزادە توغرۇلۇق گەپ باشلىۋىدىڭغۇ؟ ئۇنىڭدىن نېمىشقا شۇنچە بىزار بولۇپ كەتتىڭ؟

— ئۇ مېنى جاق تويغۇزدى، — دېدى ۋرونسكىي ئۈزۈلۈپ كەتكەن پىكىرلىرىنى ئۇلاشقا تىرىشىپ، — ئۇ ئۇنداق ئارىلاشقانسېرى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان يېقىملىق ئادەملەردىن ئەمەس ئىكەن. ئۇنى ياخشى بورداپ كۆرگەزمىگە قويۇپ قويغان ئالتۇن مېدال ئالغان ھايۋانغا ئوخشىتىپ تەرىپلىسەڭمۇ بولىدۇ، ئاشۇنداق ھايۋاننىڭ نەق ئۆزى، — ئۇ ئازراق ئاچچىق ئارىلاشقان ياخشىلىشىپ قېلىش تەلەپپۇزىدا گەپ قىلدى.

— قويساڭچۇ، ئۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئاننا ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، — ھەر ھالدا ئۇ كۆپنى كۆرگەن، تەربىيە كۆرگەن ئادەمدۇ؟

— ئۇ پۈتۈنلەي باشقىچە، ئاشۇلار ئۆزىگە خاس تەربىيە بىلەن تەربىيىلىنگەن ئادەم ئىكەن. ئۇلار ھايۋانىي لەززەتتىن باشقا ھەممە نەرسىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغان تەربىيىدە چوڭ بولغان ئوخشايدۇ.

— سىلەر ھەممىڭلار ئاشۇنداق ھايۋانىي لەززەتكە ئامراققۇ؟ — دېدى ئاننا. ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئۆزىدىن قاچۇرۇپ تۇرغان كۆزلىرىدىن يەنە ئاشۇ غەمكىنلىكنى كۆرگەندەك بولدى.

— سەن نېمىگە ئۇنى شۇنچە ئاقلاپ كېتىسەن؟ — دېدى ۋورنسكىي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنى ئاقلىغىنىم يوق، ئۇنى ئاقلاپ نېمە ئىدى ئۇ. مېنىڭ

دېمەكچى بولغىنىم، ئۇنداق تاماشىلارنى ياخشى كۆرمىگەن بولساڭ رەت قىلساڭ بولماتتى؟ دېمەك، يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەن تېرېزانى سەنمۇ ياخشى كۆردۈڭ ـ دە ...

— ئەنە، شەيتان يەنە كەلدى ! — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئۇستەلگە قويۇۋالغان بىر قولىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ سۆيۈپ تۇرۇپ.

— راستىقۇ ! لېكىن، مەن چىدىمىدىم. سېنىڭ يولۇڭغا قانچىلىك تەقەززا بولغىنىمنى سەن بىلمەيسەن. مېنىڭ رەشكىم ئۇنچىلىك كۈچلۈك بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن، راست، مەن رەشك قىلمايمەن. سەن مۇشۇ يەردە، مېنىڭ يېنىمدا بولساڭ مەن ساڭا ئىشىنىمەن، ئۆزۈڭ يالغۇز باشقا يەرلەردە، مەن چۈشەنمەيدىغان باشقا ئىشلاردا بولۇپ يۈرگىنىڭدە ...

ئاننا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، توقۇۋاتقان ئىشىدىن ئاخىر ئىلمەكنى چىقىرىۋالدى ـ دە، لامپىنىڭ يورۇقىدا پارقىراپ تۇرغان ئاپئاق يۇڭ يىپنىڭ ئىلمىلىرىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلىپ چىقىرىپ يەنە توقۇپ كەتتى. كەشتىلىك كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن چىقىپ تۇرغان قولىنىڭ نازۇك پەنجىسى ئەسەبىيلىك بىلەن تېز ـ تېز ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ھە، قانداق بولدى؟ ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچنى نەدە ئۇچراتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىردىنلا غەيرىي تەبىئىي ھالدا.

— دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— ئۇ ساڭا قاراپ ئېگىلىپ قويمىدىمۇ؟

ئاننا قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ جىددىي ھالەتتە تۇرغانىدى، ۋرونسكىي ئۇنىڭ چىرايلىق تۇرقىدىن كارېنىنىڭ سالام ئورنىدا ئۆزىگە قاراپ بېشىنى ئەگكەن چاغدىكى قىياپىتىنىڭ دەل ئۆزىنى كۆرگەندەك بولۇپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئاننا بولسا كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان چىرايلىق ھەم خۇشال كۈلكىسى بىلەن قاتتىق كۈلۈپ

كەتتى. بۇ كۈلكىسى ئۇنىڭ كىشىنى ئەقلى ـ ھوشىدىن ئايرىۋىدىغان گۈزەللىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

— مەن بىر ئىشقا زادىلا ئەقلىمنى يەتكۈزەلمەيۋاتىمەن، سەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئېنىق ئېيتقاندىن كېيىن، سەن بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشى ياكى مېنى دۇئېلغا چاقىرىشى كېرەك ئىدىغۇ ... بىلمىدىم، ئۇ بۇ ئەھۋالغا قانداق چىداۋاتىدىكىن؟ بولمىسا قاتتىق ئازابلىنىپ يۈرۈۋاتقىنى چىرايىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇمۇ؟ — دېدى ئاننا كۈلۈپ، — ئۇنىڭ ھازىر كۆڭلى توق.

— ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتقان بولسا، ئەمىسە بىز نېمىگە بۇنداق ئازابلىنىپ يۈرىمىز؟

— پەقەت شۇلا ئازاب چەكمەيدۇ. ئۇنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ساختىپەزلىكىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ... ئازراقلا ۋىجدانى بار ئادەم بولسا، مەن بىللە بىللە تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق تۇرمۇشقا ماقۇل دەمدۇ؟ ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇنىڭدا ھېسسىيات، ۋىجدان دېگەن نەرسە يوق، ئازراق بولسىمۇ بار بولغان بولسا، مەندەك گۇناھكار خوتۇن بىلەن بىر ئۆيدە تۇراتتىمۇ؟ ماڭا پاراڭ قىلاتتىمۇ؟ مېنى «سۆيۈملۈكۈم» دەپ ئاتايتتىمۇ؟

ئاننا ئىختىيارسىز: «ئاننا، ئاننا، سۆيۈملۈكۈم ئاننا!» دەپ ئۇنى يەنە دورىدى.

— ئۇ ئەركەك ئەمەس، ئادەممۇ ئەمەس، جانسىز بىر ياغاچ! ئۇنى مەندىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، ماڭا ئوخشاش بۇنداق خوتۇننى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلىۋەتكەن بولاتتىم. ئۇنىڭغا ئوخشاش: «ئاننا، سۆيۈملۈكۈم ئاننا!» دېگەن گەپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ئاغزىمدىن چىقمايتتى. ئۇ ئادەم ئەمەس، مەنسەپ ماشىنىسى، خالاس. مېنىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىمنىمۇ،

مەن ئۈچۈن يات ۋە ئوشۇقچە ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ ... بولدىلا، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى ...

— بۇ گېپىڭ ئادىل گەپ بولمىدى، ئادىل گەپ بولمىدى، ئەزىزىم، — دېدى ۋرونسكىي ئاننانىڭ كۆڭلىنى ياساشقا تىرىشىپ، — بولدى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى. ئېيتقىنا، يېقىندىن بېرى نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ ئەھۋالىڭ قانداق؟ كېسىلىڭ قانداق كېسەل ئىكەن؟ دوختۇر نېمە دېدى؟

ئاننا ئۇنىڭغا بىر نېمىدىن خۇشالدەك نەزەردە تىكىلدى، ئېرىنىڭ يەنە بىر كۇلكىلىك ئىشى ئېسىگە كەلگەندەك، ئۇنى سۆزلەپ بېرىش پۇرسىتىنى كۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

ۋرونسكىي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سېزىشىمچە، سەن كېسەل ئەمەس، مىجەزىڭنىڭ بولماسلىقى ھامىلىدارلىقىڭدىن بولسا كېرەك. يەڭگىيدىغان ۋاقتىڭ قاچان؟

ئاننانىڭ كۆزلىرىدىكى مەسخىرە ئوتلىرى ئۆچۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ۋرونسكىيغا مەلۇم بولمىغان قانداقتۇر بىر نەرسىنى بىلىپ قالغانلىقتىن پەيدا بولغان بىلىنەر - بىلىنمەس بىر غەمكىن كۇلۇمسىرەش پەيدا بولدى.

— ئاز قالدى، ئاز قالدى ! سەن بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بەكمۇ ئازابلىق، ئۇنى چوقۇم تۈگىتىش كېرەك، دېگەنىدىڭ. بۇ ئەھۋالنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى سەن بىلمەيسەن. سېنى ئەركىن سۆيۈشكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشتىن يانمايتتىم. مەن رەشك ئوتىدا پۇچىلىنىشنى ھەم سېنىمۇ ئازابلاشنى زادىلا خالىمايمەن ... بۇ ئەھۋال ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ ھەم بىز ئويلىغاندەكمۇ تېز بولمايدۇ.

ئاننا بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرگەندە ئۆزىگە ئۆزى شۇنچىلىك بىچارە كۆرۈنۈپ كەتتىكى، كۆزلىرىدە ياش مۆلدۈرلەپ، گېپىنى داۋام قىلالماي قالدى. ئۇ قولىنى ۋرونسكىينىڭ يېڭى ئۈستىگە قويدى،

بارماقلىرىدىكى بىرلىيانت ئۈزۈكى بىلەن قولىنىڭ ئاپئاق سۆزۈك تېرىسى چىراغ يورۇقىدا پارقىراپ تۇراتتى.

— بۇ گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، — دېدى ۋرونسكىي، ئەمما كۆڭلىدە چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— قاچان دەپ سوراۋاتامسەن؟ ئاز قالدى. مەن ئۇنىڭغا يېتەلمەيمەن. سۆزۈمنى بۆلمە، — دېدى ئۇ ئىتتىككىلا، — بۇنى مەن بىلىمەن، ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن. مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمغا خۇشالمەن. شۇ چاغدا سەن بىلەن مەن ھەممىدىن قۇتۇلىمىز.

ئاننانىڭ كۆزلىرىدىن تومتىماي ياش قۇيۇلدى. ۋرونسكىي كۆڭلىدىكى سەۋەبسىز، ئەمما بېسىش مۇمكىن بولمايۋاتقان ھاياجىنىنى زورغا بېسىپ تۇرۇپ، ئېڭىشىپ ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى.

— يەنىلا شۇنداق بولغىنى ياخشى، — دېدى ئاننا ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، — بىزگە پەقەت شۇ بىر يوللا قالدى، شۇ بىر يوللا قالدى.

ۋرونسكىي ھوشىنى يىغىپ بېشىنى كۆتۈردى.

— نېمىدېگەن بىمەنە گەپ بۇ! نېمىشقا بۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىسەن؟

— ياق، بۇ راست گەپ.

— نېمە، نېمە راست؟

— مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، شۇنداق بىر چۈش كۆردۈم.

— چۈش كۆردۈم؟ — سورىدى ۋرونسكىي ۋە دەررۇلا ئۆزى چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى دېھقان يادىغا كەلدى.

— شۇنداق، بۇرۇنلا ئاشۇنداق چۈش كۆرگەنمەن، — دېدى ئاننا، — چۈشۈمدە ھۇجرامغا بىرنېمىنى ئىزدەپمۇ، بىرنېمە ئالغىلىمۇ يۈگۈرۈپ كىرىدىم. چۈش دېگەنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ، — ئاننانىڭ كۆزلىرى قورققىنىدىن چەكچىيىپلا قالدى، — قارىسام ھۇجرامدا، ھۇجرامنىڭ بىر

بۇلۇڭىدا بىر نەرسە تۇرۇپتۇ.

— قويساڭچۇ، بۇ بىمەنە گېپىڭنى ! بۇنىڭغا قانداق ئىشىنىش مۇمكىن ...

ئاننا ئۇنىڭغا گېپىنى بۆلگۈزمىدى، دەۋاتقان گېپىنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭ ئىدى.

— ئۇ نەرسە بىردىن مەن تەرەپكە بۇرۇلدى، قارىسام، ساقىلى پاخپىيىپ كەتكەن، بويى پاكار، چىرايى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق بىر دېھقان. قېچىپ چىقىپ كېتەي دەپ تۇراتتىم، شۇ ئارىدا ئۇ ئېڭىشىپ بىر خالتىنىڭ ئىچىگە ئىككى قولىنى تىقىپ نېمىنىدۇر ئاختۇرۇشقا باشلىدى ...

ئاننا ئۇ دېھقاننىڭ خالتىنى قانداق ئاختۇرغانلىقىنى ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتىپ بەردى، چىرايىدا ۋەھىمە قايناپتتى. ئۇنىڭ چۈشىنى ئويلاپ ۋرونسكىينىمۇ قورقۇنچ باستى.

— ئۇ خالتىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، فرانسۇزچە: *«تۆمۈرنى بازغانلاپ تۇزلىشۋېتىشىم، سۇندۇرۇۋېتىشىم، يانجىۋېتىشىم كېرەك ...»* دەپ ئىتتىك - ئىتتىك سۆزلەۋاتىدۇ. شۇنچىلىك قورقتۇم، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەي دېدىم، ئاخىر تەستە ئويغىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ... لېكىن، ئويغۇمدا ئەمەس، چۈشۈمدە ئويغىنىپ كېتىپتىمەن. ئۆزۈمدىن ئۆزۈم، بۇ نېمە ئىش، دەپ سورىغۇدەكمەن. كورنېيى ماڭا: «ئۆلۈپ كەتكۈدەكسىز، خانىم، تۇغۇتىڭىزدا ئۆلۈپ كەتكۈدەكسىز...» دېگۈدەك. كېيىن راست ئويغىنىپ كەتتىم.

— نېمىدېگەن بولمىغۇر، بىمەنە گەپلەر بۇ ! — دېدى ۋرونسكىي، لېكىن ئۆزى دېگەن گەپكە ئۆزىنى ئازراقمۇ قايىل قىلالمىدى.

— بولدى، بۇ گەپنى قويايلى. قوڭغۇراق ئۇرغىن، ئۇلارغا چاي بۇيرۇي، توختاپ تۇر، مەن ئۇزاق ئولتۇرماي ...

ئۇ گېپىنى قىلىپ بولماي بىردىنلا توختاپ قالدى. ئاننانىڭ چىرايى بىر پەستىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن، قورقۇنچ ۋە

ئەنسىرەشنىڭ ئورنىنى تىنچ، جىددىي ۋە بەختىيار تىڭشاش ئىگىللىگەنىدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئەسلىدە ئاننا قورسىقىدىكى يېڭى ھايات ئىگىسىنىڭ ھەرىكىتىنى تىڭشاۋاتاتتى.

# 4

كارېنىن دەرۋازا ئالدىدا ۋرونسكىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندىن كېيىن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كۆرۈشكە نىيەت قىلىپ قويغان ئىتالىيە ئوپېراسىنى كۆرگىلى كېتىۋەردى. ئۇ يەردە ئىككى پەردە تۈگىگۈچە ئولتۇرۇپ، كۆرۈشۈشكە تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشتى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ كىيىم ئاسقۇغا دىققەت بىلەن قاراپ چىقىپ، ھەربىي پەلتونىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئەمما، ئادىتىگە قارشى ھالدا كارىۋىتىغا چىقىپ ياتماي، كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ يېرىم كېچە سائەت ئۇچكىچە كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈردى. خوتۇنىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلىمىغانلىقى، ئۆيدە ئاشنىسىنى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا ئۆزى قويغان بىردىنبىر شەرتنى ئورۇندىمىغانلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىپ، ئۇنىڭغا زادىلا ئاراملىق بەرمەيۋاتاتتى. خوتۇنى ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىمىغانىكەن، ئەمدى ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىپ، ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقىنى بويىچە بالىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىش كېرەك. ئۇ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن شۇنداق قىلىمەن دېگەنىكەن، ئۇ قىيىنچىلىقلارغا قارىماي جەزمەن قىلىشى كېرەك. گراف لىدىيە خانىمۇ مۇشۇ يولنىڭ بۇ قىيىن



ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر ئەڭ ياخشى چارىسى ئىكەنلىكىدىن ئۇنىڭغا بېشارەت بەرگەنىدى. يېقىندىن بېرى نىكاھتىن ئاجرىشىشنىڭ رەسمىيەتلىرى بەكمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ كارېنىنىنىڭ ئۇنىڭدىكى ئۇ قېيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ تۇراتتى. بىراق، بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ، دېگەندەك، رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، زاراي ئۆلكىسىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ سۇ مەسىلىسى كارېنىنغا نۇرغۇن قېيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇھ دېگۈدەك ھالىنى قويمىغانىدى.

ئۇ كېچىچە ئۇخلىماي چىقىپ، غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى، تاڭ ئاتقاندا چېكىگە يېتىپ، ئالمان ـ تالمان كىيىملىرىنى كىيدى ـ دە، خۇددى غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن لىق توشقان چىنىنى چايقىۋەتمەسەم ئىدىم، دەپ قورقۇپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك، يەنە خوتۇنۇم بىلەن سۆزلىشىشكە لازىم بولىدىغان كۈچۈم خوراپ كەتمىسۇن، دەپ قورقۇۋاتقاندەك، ئانىنىڭ ئويغانغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى.

ئېرىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىمەن، دەپ ئويلايدىغان ئاننا ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن شۇ دەقىقىدىكى ئەلپازىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. كارېنىنىنىڭ قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلگەن، كۆزلىرى غەزەپ بىلەن ئالدىغا تىكىلگەن، كالپۇكلىرى نەپرەت بىلەن مەھكەم يۇمۇلغانىدى، مېڭىشلىرىدىن، ھەرىكەتلىرىدىن، ئاۋازىدىن خوتۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل قەتئىيلىك، كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھۇجرىغا كىرىپ خوتۇنى بىلەن سالاملىشىپمۇ قويماي، ئۇدۇل ئاننانىڭ يېزىق ئۈستىلىگە بېرىپ ئاچقۇچنى ئېلىپ تارتمىنى ئاچتى.

— سىزگە نېمە كېرەك؟ — ئاننا بىردىنلا توۋلاپ كەتتى.

— ئاشنىڭىزنىڭ سىزگە يازغان خەتلىرى كېرەك، — دەپ

جاۋاب بەردى ئۇ.

— ئۇ يەردە ئەمەس، — دېدى ئاننا تارتىنىپ يېپىپ. كارېنىن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئۆزىنىڭ پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدى ـ دە، قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئاشۇ خەت ـ چەكلەر بار دەپ ئويلىغان نەپىس قۇتىنى قولىغا ئېلىۋالدى، ئاننا قۇتىغا ئېسىلغانىدى، ئۇنى نېرى ئىتتىرىۋەتتى.

— ئولتۇرۇڭ، سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار، — دېدى ئۇ قۇتىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ. ئۇ قۇتىنى تولىمۇ مەھكەم قىستۇرۇۋالغاچقا، بىر يەلكىسى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

ئاننا ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ھەم ئەيمىنىپ جىمجىت قاراپ ئولتۇردى.

— مەن سىزگە ئويىنىشىڭىزنى ئۆيگە چاقىرتىپ كېلىشىڭىزگە بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلغان.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشۈم زۆرۈر بولۇپ قالغان، چۈنكى ...

ئاننا نېمە دېيىشنى بىلمەي توختاپ قالدى.

— مەن ئايال كىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيەتتىن ئويىنىشى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەكچى ئەمەس.

— مېنىڭ ئويلىغىنىم، مەن پەقەت ... — دېدى ئاننا قىزىرىپ كېتىپ. كارېنىنىڭ بۇ قوپاللىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، غەيرىتىگە تېخىمۇ غەيرەت قوشقاندەك بولدى، — سىز مېنى ئۆزىڭىزنىڭ خاھىشى بويىچە شۇنچىلىك قاتتىق خورلاۋاتقىنىڭىزنى سەزمەيۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ.

— ۋىجدانلىق ئەر كىشى بىلەن ۋىجدانلىق ئايال كىشىگە خورلانغانلىق ھەققىدە گەپ قىلسا بولىدۇ. لېكىن، ئوغرىغا سەن ئوغرى، دېيىش ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى *جەزم قىلغانلىق*، خالاس.

— سىزنىڭ ماھىيىتىڭىزدىكى بۇ شەپقەتسىزلىكنى بۇرۇن پەقەتلا بىلمەپتىكەنمەن.

— ئەر كىشى ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا ئەركىنلىك بىلەن ھىماتنى يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلاش شەرتى بىلەن بېرىدۇ، شۇنداق ئىكەن، بۇنى شەپقەتسىزلىك دەپ ئاتاشقا بولامدۇ؟

— بىلىسىگىز، بۇ شەپقەتسىزلىكتىنمۇ يامان ئىش، رەزىللىك! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئاننا ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— ياق! — دېدى كارېنىن ئادەتتىكىدىنمۇ ئىنچىكىرەك چىققان چىرقىراق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، ئارقىدىنلا يوغان قوللىرى بىلەن ئاننانىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى مەھكەم سىققانىدى، بىلەزۈكى پېتىپ بېغىشى قىزىرىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئاننانى مەجبۇرىي ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، — رەزىللىكمۇ؟ ئەگەر سىز بۇ سۆزنى ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئەمىسە سىزگە شۇنى دەپ قوياي، ئېرىنىڭ نېنىنى يەپ تۇرۇپ ئېرى بىلەن بالىسىنى تاشلاپ كەتمەكچى بولغان ئادەمنى رەزىل دېسە بولىدۇ.

ئاننانىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئاخشام ئاشىقىغا، مېنىڭ ئېرىم سەن، ئۆزۈمنىڭ ئېرى ئوشۇقچە، دېگىنىنى دېيىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، ئېرىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا ئىكەنلىكىنى سېزىپ، بوش ئاۋازدا:

— سىز ھەرقانداق قىلىپمۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنىڭ قانچىلىك يامان ئىكەنلىكىنى ئۆزۈمدەك چۈشەنمەيسىز. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ گەپلەرنى دېيىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

— دېيىشمىنىڭ ھاجىتى يوقمۇ؟ ھاجىتى يوقمۇ؟ — كارېنىن غەزەپ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدۇردى، — بىلىپ قويۇڭ، يۈز ـ ئابرۇيىڭىزنى ساقلاش توغرىسىدا قىلغان گەپلىرىمگە، ئارزۇلىرىمغا ھۆرمەت قىلمىدىڭىز، شۇڭا مەن بۇ ئەھۋالنى تېزلىكتە تۈگىتىش ئۈچۈن تېگىشلىك چارە قوللانماقچى.

— ئۇنىڭسىزمۇ تۈگەيدىغىنىغا ئاز قالغان، ئاز قالغان، —

دېدى ئاننا ۋە تىلىگەن ئۆلۈمگە يېقىن قالغانلىقىنى ئويلاپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

— بۇ ئەھۋال ئوينىشىڭىز ئىككىڭلار ئويلىغاندىنمۇ تېز تۈگەيدۇ! سىلەرگە لازىمى ھايۋانىي ھەۋەسىڭلارنى قاندۇرۇش ...

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، يىقىلغان ئادەمنى ئۇستىلەپ يەنە تېپىش نامەردلىكلا بولۇپ قالماي، يەنە ئەخلاقسىزلىق!

— شۇنداق، سىز پەقەت ئۆزىڭىزنىلا ئويلايسىز، ئېرىڭىز بولغان ئادەمنىڭ ھەسرەتلىرى بىلەن كارىڭىز يوق. ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ پۈتۈنلەي خاراب بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئاسا ... ئادا ... ئاساپ چەككىنى خىيالىڭىزغا كىرىپ چىقمايدۇ.

كارېنىن ئىتتىك سۆزلىگىنىدىن كېكەچلەپ كېتىپ، «ئازاب» دېگەن سۆزنى زادىلا توغرا دېيەلمەي «ئاساپ» دەۋەتكەنىدى، ئاننانىڭ كۈلگۈسى كېلىپ كەتتى، لېكىن بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈشىنىڭ ئۇياتلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا ئىچىنىپ، ئىچى ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن كۆڭلىمۇ يېرىم بولدى. لېكىن، ئۇ نېمە دېيىشى، نېمە قىلالىشى مۇمكىن؟ ئۇ زۇۋان سۈرمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. كارېنىنمۇ بىر ھازاغىچە جىمىپ كېتىپ، كېيىن چىرقىراقلىقى سەل پەسەيگەن سوغۇق ئاۋازى بىلەن يەنە سۆزلەپ كەتتى، سۆزلەۋېتىپ ئانچە مۇھىم بولمىغان بەزى سۆزلەرنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ قويدى.

— مەن سىزگە شۇ نەرسىنى ئېيتىپ قويماقچى ...

ئاننا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى: «ياق، ماڭا شۇنداق تۇيۇلغان بولسا كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۇنىڭ ‹ئاساپ› دېگەن سۆزنى قىلغان چاغدىكى چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — ياق، كۆزلىرى قېتىپ قالغاندەك، چىرايىدا تەكەببۇرلۇق، ئۆزىگە تەمەننا

قويغاندەك ھالەت ھۆكۈم سۈرىدىغان ئادەمدە ھېسسىيات دېگەن نېمە بولامدۇ؟»

— مەن ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيمەن ! — دېدى ئاننا بوش ئاۋازدا.

— سىزگە ئېيتىپ قويماقچى بولغىنىم، ئەتە مەن موسكۋاغا بارىمەن، بۇ ئۆيگە ئەمدى قايتىپ كەلمەيمەن. ئاجرىشىش قارارىمنى ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بېرىشنى تاپشۇرغان ئادۋوكاتتىن ئۇققۇڭ. ئوغلۇم ھەدەمنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ، — دېدى كارېنىن ئوغلى توغرۇلۇق گەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاران ئېسىگە ئېلىپ.

— سىز مېنىڭ يۈرىكىمگە تېخىمۇ كۆپ ئازابلارنى سېلىش ئۈچۈن سېرىيوژانى مەندىن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىسىز، — دېدى ئاننا ئېرىگە تۇرۇلگەن قاپاقلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدە قاراپ، — سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەيسىز ... سېرىيوژانى قالدۇرۇپ قويۇڭ.

— راست دەيسىز، مېنىڭ سىزگە بولغان نەپرىتىم ئۇنىڭغىمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمنى يوقىتىپمۇ قويدۇم، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى ئېلىپ كېتىمەن. خەير !

ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا چىقىپ كەتمەكچى بولغانىدى، بۇ قېتىم ئاننا ئۇنى توسۇۋالدى.

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، سېرىيوژانى قالدۇرۇپ كېتىڭ، — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم شىۋىرلاپ دېگۈدەك سۆزلەپ، — مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق. ئىشىمىز بىر تەرەپ بولغۇچە ... مەن ... مەن پات ئارىدا يەڭگىيمەن، شۇنىڭغىچە بولسىمۇ يېنىمدا تۇرسۇن.

كارېنىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بوينىلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپ، ئاننانىڭ قوللىرى ئارىسىدىن قولىنى تارتىۋېلىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى.

# 5

كارىنىن پېتېربۇرگدىكى مەشھۇر ئادۋوكاتنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىرىپ ئۇ يەردە ئۈچ ئايال، ئۈچ ئەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۈچ ئايالنىڭ بىرى موماي، بىرى ياش ئايال، يەنە بىرى سودىگەر خوتۇن؛ ئۈچ ئەرنىڭ بىرى قولىغا ئۈزۈك سېلىۋالغان نېمىس بانكىر، بىرى ساقاللىق سودىگەر، ئۈچىنچىسى مۇلكىي ئەمەلدارلىق چاپان كىيىۋالغان، بويىنىغا كرېست ئېسىۋالغان ئاچچىقى يامان ئەمەلدار ئىدى، ئۇلارنىڭ ساقلاپ ئولتۇرغىنىغا خېلى بولغاندەك قىلاتتى. ئادۋوكاتنىڭ ئىككى ياردەمچىسى ئۈستەلدە خەت يېزىشىپ ئولتۇراتتى، قومۇش قەلەملىرىدىن غىرىسلاپ ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. ئۈستەل ئۈستىدىكى يېزىق قوراللىرى تولىمۇ نەپىس ئىدى. كارىنىن ئەزەلدىن يېزىق قوراللىرىغا ئىشقىۋاز ئادەم بولغاچقا، ئىختىيارسىز ئۇ نەرسىلەرگە قاراپ قالدى. بىر ياردەمچى ئورنىدىن قوپۇپمۇ قويماي، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق ھالدا ئاچچىقى بىلەن كارىنىندىن:

— سىز نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ ئادۋوكات بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار.

— ئادۋوكاتنىڭ ھازىر ئىشى بار، — دەپ جىددىي جاۋاب بەردى ياردەمچى قولىدىكى قەلىمى بىلەن ئولتۇرغانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئاندىن يېزىۋاتقان نەرسىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى.

— ئۇياق ئازراق ۋاقىت چىقىرالماسمۇ؟ — دەپ سورىدى كارىنىن.

— ئۇياقنىڭ بوش ۋاقتى يوق، قاچانلا بولسا ئالدىراش. ئازراق ساقلاپ تۇرۇڭ.

— ئۇنداق بولسا ئېغىر كۆرمەي ئۇ كىشىگە كارتوچكامنى كىرگۈزۈپ بەرسىڭىز، — دېدى كارېنىن ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ مەقسەتلىك ھالدا.

ياردەمچى كارتوچكىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىسمىغا ئانچە قىزىقمىغان قىياپەتتە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

كارېنىن ئوچۇق سوتقا پرىنسىپ جەھەتتە قوشۇلاتتى، ئەمما ئەمەلدارلار قاتلىمىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى بىلگەچكە، چەت ئەللەرنىڭ ئوچۇق سوتلىرىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى شۇ بويىچە روسىيىگە كۆچۈرۈپ كېلىشلەرنى ئانچە ياقىلاپ كەتمەيتتى، ھەزرىتى ئالىيلىرى تەستىقلىغان ھەرقانداق بەلگىلىمىلەر يول قويغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنى ئەيىبلەپمۇ تۇراتتى. پۈتۈن ھاياتى ئەمەلدارلىق بىلەن ئۆتكەن بولغاچقا، بىرەر ئىشقا قوشۇلمىسا، شۇ ئىشنىڭ خاتا بولۇشى ۋە ئۇنى تۈزىتىش مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ۋە يۇمشىتىپ تۇرۇپ قوشۇلمايتتى. ئۇ يەنە يېڭى سوت مەھكىمىلىرى بەلگىلىگەن ئادۋوكاتلارنىڭ ئاقلاش تۈزۈمىگە قوشۇلمايتتى، ئەمما ئادۋوكاتلار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ باقمىغاچقا، ئۇ تۈزۈمنى پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىنلا ياقىلىمايتتى. بۈگۈن ئادۋوكاتنىڭ قوبۇلخانىسىدا ئالغان كۆڭۈلسىز تەسىراتى ئۇنىڭدىكى بۇ خىل كەيپىياتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

— ئۇ ھازىرلا چىقىدىغان بولدى، — دېدى ياردەمچى ئىچكىرىدىن چىقىپ.

دېگەندەك، ئىككى مىنۇت ئۆتمەيلا، باياتىندىن ئادۋوكات بىلەن بىر ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغان قېرى قانۇنشۇناس بىلەن ئادۋوكاتنىڭ ئۆزى ئىشىكتە پەيدا بولدى.

ئادۋوكات بويى پاكار، ياغاق باش، قوڭۇر ساقال، دوقا ماڭلاي، قاشلىرى سۇس، غوللۇق، يىگىتلەردەك چىرايلىق كىيىنگەن، گالستۇكىدىن تارتىپ قوش زەنجىرلىك سائىتى ۋە لاك بېرىلگەن

ئالاھىدە ئۆتۈكىگىچە دىققەت قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىدى، چىرايىدىن ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇراتتى ھەم يەنە قاراپايىمراقمۇ كۆرۈنەتتى، كىيىملىرى چىرايلىق، ئەمما ئۆزىگە ياراشمىغاندەك ئىدى.

— مەرھەمەت ! — دېدى ئۇ كارىپنىڭغا ئىشىكنى كۆرسىتىپ، ئاندىن تەرى ئۆچكەن ھالدا كارىپنىڭنى ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى.

— ئولتۇرۇڭ ! — دېدى ئۇ ئۇستى ھۆججەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئۇستەل يېنىدىكى ساپانى كارىپنىڭغا كۆرسىتىپ. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئاپئاق تۈك بېسىپ كەتكەن بىر قولىنى يەنە بىر قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ بېشىنى سىڭارىيان قىلىپ ئولتۇردى. شۇ ئارىلىقتا ئۇستەل ئۈستىدىن بىر كۇمۇتا ئۇچۇپ ئۆتكەندى، ئادۋوكات كۈتۈلمىگەن بىر چاققانلىق بىلەن ئىككى ئالىقىنىنى ئېچىپ كۇمۇتىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن دەسلەپكى قىياپىتىگە يېنىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— مەن ئىشىم توغرۇلۇق سۆزلەشتىن ئىلگىرى، — دېدى كارىپنىڭ ئادۋوكاتنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيران بولغان نەزەردە قاراپ تۇرۇپ، — سىزگە بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ قويماقچىمەن: مېنىڭ سىزگە دېمەكچى بولغان ئىشىمنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلىشىڭىز كېرەك.

ئادۋوكاتنىڭ قوڭۇر بۇرۇتى بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىشىدىن ئىككى تەرەپكە سەل - پەل ئايرىلىپ قالدى.

— ئەگەر مەن باشقىلارنىڭ ماڭا ئىشىنىپ دېگەن سىرلىرىنى ساقلىيالمىغان بولسام، ئادۋوكات سانالمىغان بولاتتىم. لېكىن، سىز مېنى باشقا ...

كارىپنىڭ ئادۋوكاتنىڭ چىرايىغا لەپپىدە بىر قاراپ، ئۇنىڭ ئەقىللىق كۆك كۆزلىرىنىڭ خۇددى ھەممە ئىشنى بىلىدىغاندەك كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— سىز مېنىڭ ئىسمىمنى بىلەمسىز؟ — سورىدى كارىپنىڭ سۆزىنى داۋام قىلىپ.

— سىزنى رۇسىيىدە ھەممە ئادەم بىلىدۇ، — ئادۋوكات بايىقى ھەربىكتى بىلەن يەنە بىر كۆمۈتىنى تۈتۈۋالدى، — سىزنىڭ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىڭىزنىمۇ بىلىدۇ، مەنمۇ ھەم بىلىمەن.

كارېنىن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ ئۆزىگە غەيرەت بەردى. قەتئىي ئىرادىگە كەلگەندىن كېيىن، قورۇنماي، دودۇقلىماي، ئايرىم سۆزلەرنى كۆچلۈك تەلەپپۇزدا قىلىپ، چىرقىراق ئاۋازى بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى.

— مەن ئالدانغان بەختسىز بىر ئادەممەن، — دەپ گەپنى باشلىدى كارېنىن، — خوتۇنۇم بىلەن قانۇن بويىچە ئالاقەمنى ئۈزمەكچىمەن، يەنى ئاجراشماقچىمەن. ئەمما، ئوغلۇم ئاپىسىغا قالمايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئادۋوكاتنىڭ كۆك كۆزلىرى كۈلۈۋەتمەسلىككە تىرىشىمۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايۋاتقان خۇشاللىقتىن لىپىلداپ كېتىۋاتتى. كارېنىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆڭۈلدىكىدەك نەپكە ئېرىشكەن ئادەمنىڭ خۇشاللىقىدىن باشقا، يەنە غەلىبە تەنتەنىسىنى، ئاننانىڭ كۆزلىرىدە پات - پات كۆرۈپ قالىدىغان ئىچى قارىلىقتىن چاقناپ كېتىدىغان بىر خىل نۇرنى كۆرگەندەك بولدى.

— سىز مېنى خوتۇنۇم بىلەن ئاجرىشىشىمغا ياردەم بېرىشىڭ دېمەكچىمۇ؟

— توغرا، دەل شۇنداق. ئەمما، ئالدىن دەپ قوياي، بۇ ئىشتا مەن سىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىڭىزنى ئېلىشىم مۇمكىن. بۈگۈن پەقەت سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈنلا كەلدىم. مەن خوتۇنۇم بىلەن ئاجرىشىمەن، قانداق شەكىل بىلەن ئاجرىشىشنىڭ ماڭا پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويسىڭىز. ئەگەر سىز دېگەن شەكىل مېنىڭ تەلىپىمگە ئۇيغۇن كەلمىسە، ئۇ چاغدا قانۇنىي يول بىلەن ئاجرىشىشتىن ۋاز كېچىشىممۇ مۇمكىن.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئادۋوكات، — قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى سىز بەلگىلەيسىز.

ئادۋوكات ئۆزىنى باسالماي قېلىۋاتقان خۇشاللىقىنىڭ خېرىدارىنى خاپا قىلىپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، نەزىرىنى دەررۇ كارىنىنىڭ پۇتىغا يۆتكىدى. شۇ ئارىدا يەنە بىر كۇمۇتا ئۇچۇپ كەلگەندى، ئادۋوكات كارىنىغا بولغان ھۆرمىتى يۈزىدىن ئۇنى بايقىمىدەك شاپىلاقلاپ تۇتۇۋالماي، قولىنى پۇلاڭلىتىپ قوغلىۋەتتى.

— گەرچە قانۇننىڭ بۇ خىل دېلوغا ئائىت ماددىلىرىدىن بىر - ئىككىنى بىلسەممۇ، — دېدى كارىنىن سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بۇنداق دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كونكرېت رەسمىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— سىز مېنى ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھەر خىل يوللىرىدىن ئازراق سۆزلەپ بەرسىڭىز دېمەكچىمۇ؟ — دېدى ئادۋوكات بېشىنى يەردىن ئالماي سۆزلىشىۋاتقان خېرىدارىنىڭ ئاھاڭى بويىچە مەغرۇر سۆزلەپ.

ئۇ كارىنىنىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ سۆزىنى تەستىقلىغانلىقىنى كۆرۈپ، گېپىنى داۋام قىلدى. گەپ قىلىۋېتىپ، ئارىلاپ كارىنىنىڭ ئېسىلىپ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ قوياتتى.

— دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى بويىچە، — دېدى ئۇ ئۇ قانۇنلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى چىرايىدا ئازراق ئىپادىلەپ تۇرۇپ، — نىكاھتىن ئاجرىشىش تۆۋەندىكىدەك شارائىتلاردا مۇمكىن بولىدۇ ... توختاپ تۇر! — دېدى ئۇ شۇ ئارىلىقتا ئىشىكتىن بېشىنى تىققان ياردەمچىسىگە قاراپ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن يەنە ئورنىدا ئولتۇردى، — ئۇ شەرتلەر: ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىرىدە جىسمانىي جەھەتتە كەمچىللىكى بولسا، ئايرىلىپ بەش يىلغىچە ئەر - دېرىكى بولمىسا، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ تۇك باسقان

قولىنىڭ چىمەلتىكىنى ئېگىپ قويدى، — ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تالاغا قاراپ قالغان بولسا (ئۇ بۇ سۆزنى ئۇرغۇلۇق ئېيتتى)، ئىنچىكىرەك ئېيتقاندا (ئۇ قىسقا، قوپال چىمەلتىكىنى يەنە بىر قېتىم ئېگىپ قويدى)، ئەر ياكى خوتۇننىڭ جىسمانىي كەمچىلىكى بولسا، ئەر ياكى خوتۇن ئويناش تۇتقان بولسا، — ئۇ بەش بارمىقىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېگىپ، ئارقىدىن ئۇلارنى يەنە تۈزلەشكە باشلىدى، — بۇلارنىڭ ھەممىسى نەزەرىيە جەھەتتىكى گەپلەر. لېكىن، جانابىڭىزنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشنىڭ ئەمەلىي يوللىرىنى بىلگۈڭىز باردەك قىلىدۇ. شۇڭا، ئىلگىرىكىلەرنىڭ مىسالى بويىچە ئاجرىشىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تەرەپلىرىنى سۆزلەپ بەرسەم ئارتۇق كەتمەس. مەن ئويلايمەن، ھەر ئىككىڭلاردا جىسمانىي جەھەتتە مەسىلە يوق، دېرەكسىز يوقاپ كېتىشمۇ مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

كارېنىن ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ ئىشلار مۇنداق: ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئاشنا ئوينىغان، ئاشنا ئوينىغانلىقىنى ھەر ئىككى تەرەپ ئېتىراپ قىلغان ياكى ئېتىراپ قىلمىغان، جىنايى پاكىتلارنى ئۆزلۈكىدىن ئىقرار قىلمىغان بولسا. شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، كېيىنكى ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، — ئادۋوكات خۇددى خېرىدارىغا ھەر خىل تاپانچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، تاللىۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان تاپانچا سودىگىرىگە ئوخشاش، كارېنىنغا قاراپ جىمجىت تۇرۇپ قالدى. كارېنىندىن جاۋاب چىقمىغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭچە، ئەڭ ئاددىي، ئەڭ مۇۋاپىقى، ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپتىن بىر تەرەپنىڭ تالاغا قارىغانلىقىنى ئەر ـ خوتۇن تەڭ ئېتىراپ قىلغانلىقى. ئەگەر قاراپايىم ئادەم بىلەن مۇشۇنداق ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشكەن بولسام، ئۇنىڭغا بۇ تەرىپىنى ئېيتمىغان بولاتتىم. لېكىن، ھەر ئىككىمىزگە بۇ ئىشلار چۈشىنىشلىك بولغاچقا، سىزگە دەۋاتىمەن.

كارىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپىنىڭ تەڭ ئېتىراپ قىلىشى مۇۋاپىقمۇ — يوق، بىلەلمەي بىردىنلا جىددىيلىشىپ قالدى، كۆزلىرىدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قىلىۋاتقاندەك بىر خىل گاڭگىراش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئادۋوكات ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ دەررۇ چۈشەندۈردى:

— بۇنداق ئەھۋالدا ئەر - خوتۇننىڭ بىللە تۇرالمايدىغانلىقى ئېنىق، بۇ پاكىت. ئەگەر ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ شۇنىڭغا ئىقرار بولسا، قالغان تەپسىلاتلار بىلەن رەسمىيەتلەرنىڭ كارى چاغلىق. بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ ئوڭاي ئۇسۇل.

كارىنىن ئەمدى ياخشى چۈشەندى، لېكىن دىنىي چەكلىمىلەر تۇپەيلىدىن بۇ ئۇسۇلنى قوللانغىلى بولمايتتى.

— ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇ يول بىلەن ئىشنى پۈتتۈرگىلى بولمايدۇ، — دېدى كارىنىن، — مېنىڭ قولۇمدا بىرمۇنچە خەتلەر بار، ئۇ خەتلەرنى تاپشۇرۇشنى خالىمايمەن، تاپشۇرىدىغانلا بولسام جىنايى پاكىت بولالايدۇ.

ئادۋوكات خەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئاۋازدا ئېچىنىش ۋە كەمسىتىش ئارىلاش سۆزلەپ كەتتى.

— شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇن، — دېدى ئۇ سۆزلەشكە باشلاپ، — بۇ خىلدىكى ئىشلارنى دىنىي جەمئىيەتلەر ھەل قىلىدۇ. بىزنىڭ روھانىيلىرىمىز، پوپلىرىمىز بۇنداق ئىشلارنى تېپىۋالىدىغان بولسا ئاخىرىغا چىقارماي قويمايدۇ، — دېدى ئۇ بۇنداق ئىشلارغا ئۆزىنىڭمۇ پوپلارغا ئوخشاش قىزىقىدىغانلىقىنى كۆلۈمسىرەشلىرىدە ئىپادىلەپ، — خەت قىسمەن پاكىت بولالىشى مۇمكىن، ئەمما قانۇن بىۋاسىتە پاكىتنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتەلەيدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ ئىشنى ئىشىنىپ ماڭا تاپشۇرغانىكەنسىز، بۇنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى تاللاشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاسىتە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان گەپ.

— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ... — كارپىنىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە ئادۋوكات ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۆھبىتىنى بۆلۈۋەتكەن ياردەمچىسىگە گەپ قىلدى.

— ئۇ ئايالغا دەپ قويۇڭ، بىزنىڭ بۇ يەر مال ساتىدىغان دۇكان ئەمەس، — ئۇ دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپ كارپىنىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كۈمۈتىدىن يەنە بىرنى تۇتتى. «ياز كەلگەندە دېرىزىگە ياخشى پەردىدىن ئاسمىسام» دەپ ئويلىدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— خوش، بايا سىز بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدىڭىز ...

— مەن سىزگە قارارىمنى خەت ئارقىلىق مەلۇم قىلماقچى، — كارپىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەلگە تايىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، — بايا دېگەن گەپلىرىڭىزدىن ئاجرىشىش مۇمكىن ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. قېنى، شەرتىڭىزنى دەڭ!

— ئەگەر سىز ماڭا تولۇق ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكى بېرىدىغانلا بولسىڭىز، ئۇنى ئورۇنداش تامامەن مۇمكىن، — دېدى ئادۋوكات ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ، — خەۋىرىڭىزنى قاچان ئالىمەن؟ — ئادۋوكات گەپ قىلغاچ كارپىننى ئۇزىتىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن لاك سۈركەلگەن ئۆتۈكى ئوخشاشلا پارقىراپ تۇراتتى.

— بىر ھەپتىدىن كېيىن. بۇ ئىشنى قوبۇل قىلامسىز - قىلمامسىز، قوبۇل قىلىسىڭىز، قانداق شەرت بىلەن قوبۇل قىلىسىز، شۇنى ماڭا ئېغىر كۆرمەي تېزرەك بىلدۈرۈپ قويسىڭىز.

— ناھايىتى ئوبدان.

ئادۋوكات ئىززەت بىلەن باش ئېگىپ ئۇنى ئىشىكتىن

ئۆزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز قېلىپ، كۆڭلى پۈتمەس شادلىققا چۆمدى، خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ، ئۆزى بىلەن باھا تالىشىپ ئارامىنى قويمىغان ئۇ خېنىمغا باھادا ئازراق يول قويدى، كۇمۇتىمۇ تۇتماي، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئۆي جابدۇقلىرىنى قىمىشتىن ئىلگىرى سىگونىنىڭكىگە ئوخشاش دۇخاۋا بىلەن قاپلاتقۇزۇش قارارىغا كەلدى.

# 6

كارېنىن 17 ـ ئاۋغۇستتىكى كومىتېت يىغىنىدا شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەنىدى، لېكىن بۇ غەلىبىنىڭ نەتىجىسى كېيىن ئۇنىڭ بېشىغا كالتەك بولۇپ تەگدى. رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان يېڭى كومىتېت كارېنىننىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن ناھايىتى تېزلىكتە تەشكىللىنىپ كۆزلىگەن ئورۇنغا قاراپ ماڭدى. ئۈچ ئايدىن كېيىن تەكشۈرۈشتىن دوكلاتمۇ تەييارلاشتى. ئۇ مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، ئېتنوگرافىك، ماددىي ۋە دىنىي جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرى تولۇق تەكشۈرۈلگەن، دوكلاتتا ھەممە سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ناھايىتى ياخشى بايان قىلىنغانىدى ۋە بۇ جاۋابلار شەك ـ شۈبھىسىز ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ھەرقاچان خاتاغا يول قويىدىغان ئىنسان پىكرىنىڭ مەھسۇلى بولماي، بەلكى ھۆكۈمەت تەرەپ پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. جاۋابلارنىڭ ھەممىسى رەسمىي مەلۇماتلار، ئۆلكە باشلىقلىرى بىلەن روھانىيلارنىڭ، ھاكىملارنىڭ، ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى بويىچە يېزىلغانىدى. ھاكىملار بىلەن ئەدلىيە ئورۇنلىرى ئۆزلىرى بەرگەن

مەلۇماتلارنى يېزا باشلىقلىرى، شۇ يەرنىڭ مىسسىئونېرلىرىدىن ئالغان بولغاچقا، بۇ جاۋابلارنىڭ ھەممىسى توغرا ئىدى. نېمە ئۈچۈن يەردىن ئېلىنغان ھوسۇلنىڭ كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، يەرلىك ئاھالىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆز ئېتىقادلىرىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەر ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ياردىمى بولمايدىغان بولسا مەڭگۈ ھەل بولمايتتى. بۈگۈن شۇ مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان ۋە ئۇلارغا توغرا جاۋابلار بېرىلگەندى. بۇ جاۋابلار كارېنىننىڭ پىكىرلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. لېكىن، ئالدىنقى يىغىندا قاتتىق زەربە يېگەن سترېموف ئۇ كومىتېتنىڭ مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن كارېنىن ئويلاپمۇ باقمىغان بىر تەدبىرنى قوللىنىپ، بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ تۇيۇقسىز كارېنىن تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تۇرلۇك چارىلەرنى قوللاپلا قالماي، بەلكى شۇ روھقا ئاساسەن تېخىمۇ كەسكىن تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە كارېنىننىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھەددىدىن ئاشقان بۇ تەدبىرلەرنى ماقۇللىتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سترېموفنىڭ تاكتىكىسى ئاشكارىلىنىپ قالدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تەدبىرلەر تولىمۇ بىمەنە بولۇپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن جامائەت ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىۋەتتى، ئەقىللىق ئېسىلزادە خېنىملار بىلەن گېزىتلەر بىردەك ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشتى، ئۇ تەدبىرگە ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان تەشەببۇسچى كارېنىنغا غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنى ياغدۇرۇشتى. سترېموف بولسا، كارېنىننىڭ پىلانىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىپتىمەن، بۇ ئىشلارغا ئۆزۈممۇ ھەيران ھەم غەزەپلىنىۋاتىمەن، دەپ مەسئۇلىيەتنى كارېنىنغا ئىتتىرىپ قويدى. بۇ ئەھۋال كارېنىنغا قاتتىق زەربە بولدى. كارېنىن سالامەتلىكىنىڭ ناچارلاپ كېتىۋاتقىنىغا، ئائىلىسىدىن كېلىۋاتقان زەربىگە قارىماي ئۇلارغا باش ئەگمىدى. كومىتېت پارچىلىنىپ كەتتى، سترېموف باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئەزالار كارېنىن باشچىلىقىدىكى

تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكىلەرنىڭ دوكلاتىغا ئىشىنىپ كېتىپتىمىز، دېگەن باھانە بىلەن ئۆز خاتالىقلىرىنى ئاقلاپ، ئۇ مەلۇماتلاردا ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈشكەن، ئۇ مەلۇماتلار ئىچىدە ھېچنېمە يوق قۇرۇق قەغەزلەر، خالاس، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى. كارېنىن ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى ھۆكۈمەت مەلۇماتىغا تۇتقان بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن مۇئامىلىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، تەكشۈرۈش كومىتېتى تەمىنلىگەن ئۇ ماتېرىياللارنى داۋاملىق قوللىدى، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە ۋە جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. ئادەملەر گەرچە بۇ ئىشقا قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مىللەتلەر ھالاك بولۇۋاتامدۇ ياكى گۈللىنىۋاتامدۇ، بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مۇشۇ ئىش ھەم خوتۇنىنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن كەمسىتىلىشكە ئۇچراۋاتقان كارېنىنىنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ خەتەرلىك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. كارېنىن ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە مۇھىم بىر قارارغا كېلىپ، ئۇ يەرگە ئۆزۈم بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىمەن، دەپ كومىتېتتىن رۇخسەت سورىدى، ئۇنىڭ بۇ قارارى كومىتېتتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن يىراق ئۆلكىگە قاراپ يولغا چىقتى.

كارېنىنىنىڭ بۇ سەپىرى، بولۇپمۇ بارىدىغان جايىغىچە دەپ ئون ئىككى ئاتقا ھېسابلاپ بېرىلگەن يول پۇلىنى يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى قايتۇرۇۋەتكەنلىكى كىشىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلدى.

— مەن ئۇنى بۇ ئىشتا ئەركەكتەك ئىش قىلدى، دەپ ئويلايمەن، — دېدى بېتسى كىنەز مياگكايا خانىم بىلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، — ھازىر ھەممىلا يەردە تۆمۈريول بار تۇرسا، پوچتا ئاتلىرى ئۈچۈن پۇل بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

لېكىن، كىنەز مياگكايا خانىم بۇ گەپكە قوشۇلمىدى، ھەتتا

بىتسىنىڭ ئۇ گېپى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.
— سىزنىڭ مىليونلاپ پۇلىڭىز بولغاچقا شۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلالايسىز، — دېدى كىنەز مياگكايا خانىم، — مېنى دېسىڭىز، پۇرسەت بولسا ئېرىم بىلەن يازدا تەكشۈرۈشكە بىللە بارسام دەيمەن. سەپەر ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق ھەم كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. ئۇ پۇل مېنىڭ قولۇمغا چۈشىدىغان بولسا بىر پەيتۇن سېتىۋالاتتىم، يەنە پەيتۇنكەشتىن بىرنى ياللىۋالاتتىم.
كارېنىن يىراق ئۆلكىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، موسكۋاغا كەلگەندە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قالدى.
موسكۋاغا يېتىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى ئۇ باش ۋالىينى زىيارەت قىلىپ باردى. ئۇ ھەرقاچان پەيتۇن ۋە كىرا ھارۋىلىرى تىقىلىپ كېتىدىغان «گېزىتخانا» ناملىق كوچىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدا كېتىۋاتقاندا، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بار ئاۋازى بىلەن تۈۋلاۋاتقان خۇشال بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز كەينىگە قايرىلىپ، پىيادىلەر يولىنىڭ قايرىلىدىغان دوقمۇشىدا تۇرغان ئوبلونسكىينى كۆرۈپ قالدى. ياش، خۇشخۇي، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ئوبلونسكىي ئۈستىگە مودىلىق كالتە پەلتو، بېشىغا سىڭاريان قىلىپ مودىلىق شلەپە كىيىۋالغانىدى. كۈلۈپ تۇرغان قىپقىزىل لەۋلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ پەيتۇننى توختاشنى تەلەپ قىلىپ ھەدەپ تۈۋلايتتى، بىر قولى بىلەن دوقمۇشتا توختاپ تۇرغان پەيتۇننىڭ دېرىزىسىنى تۇتۇۋالغانىدى. دېرىزىدىن دۇخاۋا شلەپە كىيگەن بىر ئايال بىلەن ئىككى بالىنىڭ بېشى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئايال مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ كارېنىنغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى. ئۇلار دوللى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى ئىدى.
كارېنىننىڭ موسكۋادا ھېچكىم بىلەن ئۇچراشقۇسى يوق ئىدى، بولۇپمۇ خوتۇنىنىڭ ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى زادىلا خالىمايتتى. شۇڭا، شلەپىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ مېڭىپ

كەتمەكچى بولغاندا، ئوبلونسكىي پەيتونكەشنى ۋارقىراپ توختىتىۋېلىپ، قار كېچىپ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— كەلگىنىڭنى نېمىشقا ماڭا خەۋەر قىلىپ قويمايسەن؟ كەلگىنىڭگە ئۇزاق بولدىمۇ؟ تۈنۈگۈن دىيۇسسودىكى بىر مېھمانخانىنىڭ تاختىسىدا «كارېنىن» دېگەن ئىسىمنى كۆرۈپ قالغانىدىم، سەن ئىكەنلىكىڭنى زادىلا ئويلىماپتىمەن، — ئوبلونسكىي بېشىنى دېرىزىدىن تىقىپ خۇشال سۆزلەپ كەتتى، — بولمىسا ئىچىگە كىرىپ سېنى تاپاتتىم - دە. سېنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم، — ئۇ پۇتلىرىدىكى قارنى قېقىۋېتىش ئۈچۈن پۇتىنى پۇتىغا ئۇرۇپ قويدى، — كەلگىنىڭنى بىزگە خەۋەر قىلىپ قويماي يۈزۈڭ قانداق چىدىدى سېنىڭ.

— ۋاقتىم يوق، بەكمۇ ئالدىراشمەن، — دېدى كارېنىن سوغۇققىنا جاۋاب بېرىپ.

— يۈر، خوتۇنۇمنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇنىڭ سېنى شۇنداق كۆرگۈسى بار.

كارېنىن سوغۇقتىن قورقىدىغان پۇتلىرىنى ئورىۋالغان يوڭ ئەدىيالنى قايرىۋېتىپ پەيتونىدىن چۈشتى - دە، قار كېچىپ دوللىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ۋىيەي، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، بىزدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، — دېدى دوللى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. سىزنى كۆرگىنىمگە خۇشالمەن، — دېدى ئۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىنىگە تازا خۇش بولۇپ كەتمىگەندەك قىلىپ، — سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟

— مېنىڭ ئەزىزىم ئاننا قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟

كارېنىن بىر نېمىلەرنى دەپ گۇدۇڭلاپ قويۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئوبلونسكىي ئالدىنى توسۇۋالدى.

— توختا، ئەتە مۇنداق قىلىمىز. دوللى، ئۇنى سەن چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىل! كوزنىشېۋ بىلەن پېستسوفنى چاقىرتىپ

كېلىپ، ئۇنىڭغا موسكۋانىڭ زىيالىيلىرىنى كۆرسىتىپ قويايلى.

— توغرا! سىز چوقۇم ئۆيىمىزگە كېلىڭ، — دېدى دوللى، — سىزگە توغرا كەلسە، سائەت بەش - ئالتىلەردە كۈتەيلى. خوش، مېنىڭ ئەزىزىم ئاننا قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ شۇنچە ئۇزاق ...

— ئۇ ناھايىتى ياخشى تۇردى، — دېدى كارېنىن قاپىقى چۈشۈپ، غودۇڭشۇۋاتقاندەك بىر ئاۋازدا، — سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا پەيتۇنغا قاراڭ ماڭدى.

— كېلەمسىز؟ — دەپ توۋلىدى دوللى.

كارېنىن جاۋابەن بىر نېمىلەرنى دېدى، لېكىن مېڭىپ تۇرغان ھارۋىلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرىدا دوللى ھېچ نەرسە ئاڭلىيالمىدى.

— ئەتە سەن بىلەن كۆرۈشكىلى يېنىڭغا بارىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ كەينىدىن.

كارېنىن پەيتۇنغا چىقىپ، خەقمۇ مېنى كۆرمىسۇن، مەنمۇ خەقنى كۆرمەي دەپ، پەيتۇنىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قىستىلىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— غەلىتە ئادەم - دە، — دېدى ئوبلونسكىي خوتۇنىغا، ئارقىدىن سائىتىگە قاراپ قويۇپ. ئاندىن خوتۇنى بىلەن بالىلىرىنى ئەركىلەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر ھەرىكەتنى قىلىپ قويۇپ، پىيادىلەر يولى بىلەن چىڭ - چىڭ دەسسەپ مېڭىپ كەتتى.

— ستىۋا! ستىۋا! — دەپ توۋلىدى دوللى قىزىرىپ كېتىپ.

ئوبلونسكىي قايرىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— گرىشا بىلەن تانىيەگە پەلتو ئېلىپ بەرمەكچى ئەمەسمىدىم؟ ئازراق پۇل بەرمەمسىز.

— ھېچ گەپ يوق، مېنىڭ ھېسابىمغا يازغۇزۇپ قويۇپ ئېلىۋەرسەڭ بولىدۇ، — ئۇ شۇ گەپنى قىلغاچ پەيتۇندا

كېتمۇاتقان بىر تونۇشىغا بېشىنى خۇشال لىڭشىتىپ قويۇپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

# 7

ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى. ئوبلونسكىي تىياتىرخانىنىڭ بالېت رەپىتىس قىلىنىۋاتقان يېرىگە كىرىپ، تونۇگۇن چىرايلىق ئۇسسۇلچى خېنىم ماشا چىبىسوۋاغا ۋەدە قىلغان مارجاننى ئۇنىڭغا بەردى. يەنە تېخى تىياتىرخانىنىڭ كۈندۈزىمۇ قاراڭغۇ تۇرىدىغان يېرىگە ئۆتۈپ، سوۋغاتتىن خۇشال بولۇپ كەتكەن ئۇ خېنىمنىڭ چىرايلىق مەڭزىگە سۆيۈپمۇ قويدى. ئۇ يەنە ئويۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش توغرۇلۇقمۇ كېلىشىۋېلىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئويۇن باشلانغاندا كېلەلمەيدىغانلىقىنى، ئاخىرقى پەردە تۈگەشتىن ئىلگىرى كېلىپ ئۇنى تاماققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى دەپ قويدى. ئوبلونسكىي ئۇ يەردىن چىقىپ ريەد كوچىسىغا بېرىپ، چۈشلۈك تاماققا بېلىق، بامبۇك نوتىسى سېتىۋالدى، ئاندىن سائەت ئون ئىككى بولغاندا ديۇسسودىكى مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدى. تەلىيىگە، كۆرۈشىدىغان ئۈچ ئادىمىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مېھمانخانىدا ئىكەن. ئۇلار يېڭىلا چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن لېۋىن، موسكۋانى تەپتىش قىلىۋاتقان يېڭى باشلىق، ئۆيگە تاماققا ئېلىپ كېلىشى زۆرۈر بولغان كۈيئوغلى كارېنىن ئىدى.

ئوبلونسكىي يەپ ـ ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى كۆرىدىغىنى مېھمان چاقىرىش ئىدى، مېھمانغا قانداق ئادەملەرنى چاقىرىش، مېھمانىنىڭ ئالدىغا قانداق غىزالارنى قويۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. بۈگۈنكى زىياپەتنىڭ تاماقلىرىدىن ئۇ تولىمۇ مەمنۇن ئىدى: ئوكۇن بېلىقى، بامبۇك

نوتىسى، ناھايىتى تەملىك پىشۇرۇلىدىغان ئادەتتىكى كالا گۆشى قوۋۇرغىسى ۋە ھەر خىل ئېسىل ۋىنولارنى تەييارلىغانىدى. مېھمانلاردىن كىتى بىلەن لېۋىنىمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئىككىسى مەقسەتلىك چاقىرىلىپ قالغان بولمىسۇن ئۈچۈن، كىتىنىڭ ئىككى تۇغقان ھەدىسى بىلەن ئىنىسى كىچىك شېرباتسكىينىمۇ چاقىرىپ قويۇشتى. ئاساسلىق مېھمانلار كوزنىشېف بىلەن كارېنىن ئىدى. كوزنىشېف موسكۋالىق پەيلاسوپ، كارېنىن بولسا پېتېربۇرگلۇق سىياسىيون ئىدى. ئۇ ئىككىسىدىن باشقا يەنە ئەللىك ياشلاردا بولسىمۇ ياش يىگىتلەردەك كۆرۈنىدىغان مەشھۇر قىزىقچى، ھەزىلكەش، ئۆزى لىبېرال، پاراڭچى، مۇزىكىشۇناس، تارىخچى، خۇشخۇي پېستسوفنىمۇ چاقىرىدىغان بولدى. ئۇ كوزنىشېف بىلەن كارېنىنغا «تەم تەڭشىگۈچ» ياكى «قوشۇمچە قورۇما» بولۇپ ئولتۇرۇپ بېرەتتى.

ئورمان ساتقان پۇلنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولغان، ئۇ پۇل تېخى خەجلەپ بولۇنمىغانىدى. يېقىندىن بېرى دوللى بەكمۇ ئوڭلۇق بولۇپ كېتىۋاتاتتى، بۇ قېتىمقى زىياپەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئۇ ئوبلونسكىي رازى بولغۇدەك ئورۇنلاشتۇرغانىدى، شۇڭا ئوبلونسكىينىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئەمما، ئىككى ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئازراق خىرە قىلىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىشلار ئۇنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئىچكى خۇشاللىقلىرى دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىشلارنىڭ بىرى، تۈنۈگۈن كارېنىن بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالغاندا كارېنىننىڭ ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقى ئىدى. ئوبلونسكىي كارېنىننىڭ چىرايىدا كۆرۈنگەن ئۇ خىل ھادىسىنى، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ موسكۋاغا كەلگەنلىكىنى خەۋەرمۇ قىلىپ قويمىغانلىقىنى ئاننا بىلەن ۋرونسكىي توغرۇلۇق ئاڭلىغان مىش - مىش گەپلەرگە باغلاپ قاراپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىش بولغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلغان بىرىنچى ئىش ئىدى. ئىككىنچى ئىش، يېڭى كەلگەن باشلىقنىڭ ئىشى ئىدى. ئۇ ئادەم يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ھەممە باشلىقلارغا ئوخشاش تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئادەم ئىدى: ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ئورنىدىن تۇرغاندىن تارتىپ كەچكىچە ئۆكۈزدەك ئىشلەيتتى، قول ئاستىدىكىلەردىنمۇ شۇنداق ئىشلەشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئېيىققا ئوخشاش قوپاللىقى بىلەنمۇ نامى چىقىپ قالغانىدى، مەسىلىلەرگە قاراشلىرىمۇ ئىلگىرىكى باشلىقنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى، ئوبلونسكىينىڭكى بىلەن تېخىمۇ شۇنداق، تامامەن ئەكسىچە ئىدى. تۈنۈگۈن ئۇ ئىشقا خىزمەت كىيىمىنى كىيىپ بارغانىدى، يېڭى باشلىق ئۇنى خۇش مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ بىلەن كونا دوستلاردەك ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوبلونسكىي ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا خىزمەت كىيىمى بىلەن يەنە بىر قېتىم كىرىپ چىقىشنى ئويلاپ قالدى. بۇ قېتىم ئۆتكەن قېتىمقىدەك ئۇنداق قىزغىن بولۇپ كەتمەسلىكىمۇ مۇمكىن، دەپمۇ ئويلىدى ئۇ. لېكىن، يەنە ئۆزىنىڭ تەبىئىي تۇيغۇسى بىلەن ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ: «ھەممىمىز ئوخشاش ئادەمغۇ، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا بىر - بىرىمىزگە ئاچچىقلىنىمىز، بىر - بىرىمىز بىلەن تالىشىمىز؟» دەپ ئويلاپ، شۇنداق خىياللار بىلەن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى.

— ياخشىمۇ سەن، ۋاسىلىي، — دېدى ئۇ شىلەپىسىنى سىڭارىيان كىيگەن پېتى كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۆزىگە تونۇش بىر خىزمەتچىگە، — ئىككى چېكەڭگە ساقال قويۇۋاپسەنغۇ؟ ! لېۋىن يەتتىنچى ئۆيدە تۇرامدۇ؟ مېنى ئۇنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىرگىنچۇ. يەنە بىر ئىش، گراف ئانىچكىنىدىن (ئۇنىڭ يېڭى باشلىقى) سوراپ باقساڭ، مېھمان قوبۇل قىلامدىكىن.

— خوپ، بېگىم! — خىزمەتكار كۆلگەن پېتى ئېگىشىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — بىز تەرەپكە كەلمىگىنىڭىزگە خېلى كۈنلەر بولدى.

— تۇنۇگۈن كەلدىم، لېكىن باشقا ئىشىكتىن كىردىم. يەتتىنچى نومۇرلۇق ئۆي مۇشۇمۇ؟

ئوبلونسكىي كىرگەندە، لېۋىن تۆھرلىق بىر دېھقان بىلەن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ يېڭى ئېيىق تېرىسىنى گەز بىلەن ئۆلچەۋاتاتتى.

— ھوي، ئۇنى سىلەر ئېتىۋالدىڭلارمۇ؟ — دەپ ئۇنىلۇك توۋلاپ كەتتى ئوبلونسكىي، — ياخشى نەرسە! چىشى ئېيىقمۇ نېمە؟ ياخشىمۇسەن، ئارخىپ!

ئۇ دېھقاننىڭ قولىنى سىقىپ قويۇپ، پەلتوسى بىلەن شلەپىسىنى سالمايلا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— پەلتويۇڭنى سېلىۋەتمەمسەن. بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرغىن، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭ شلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ.

— ياق، ۋاقتىم يوق، پەقەت بىر سېكۇنتلا ئولتۇرالايمەن، — ئۇ باشتا پەلتوسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ، كېيىن سېلىۋەتتى. ئاندىن لېۋىن بىلەن ئوۋ ئوۋلاش ھەم باشقا كۆڭۈلدىكى سۆزلىرىنى دېيىشىپ توپتوغرا بىر سائەت ئولتۇردى.

— قېنى، گېرمانىيىدە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ، نەلەرگە باردىڭ، سۆزلەپ بەرمەمسەن؟ — دېدى ئوبلونسكىي ئۇ دېھقان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن.

— گېرمانىيە، پرۇسسىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيە دېگەندەك يەرلەرگە باردىم، ئەمما پايتەختلىرىگە بارمىدىم، سانائەت شەھەرلىرىنى ئارىلاپ چىقتىم، نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى كۆردۈم. ئۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ كەلگىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن.

— ھە، سېنىڭ ئىشچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئوي - پىكىرلىرىڭدىن مېنىڭ ئاز - تولا خەۋىرىم بار.

— ئۇنداق دېسەڭ خاتا بولىدۇ، چۈنكى رۇسىيىدە ئىشچىلار مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، رۇسىيىدىكى مەسىلە، دېھقانلارنىڭ يەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى. ئۇلاردىمۇ بۇ مەسىلە بار ئىكەن، ئەمما ئۇ شۇ مەسىلىدىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىش مەسىلىسى ئىكەن، بىزدە بولسا ...

ئوبلونسكىي ئۇنىڭ گەپلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى.

— توغرا، توغرا! — دېدى ئۇ، — سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ئېھتىمال توغرىدۇ. سېنىڭ روھىڭنىڭ بۇنچىلىك كۆتۈرەڭگۈلۈكىدىن خۇشالمەن. ئېيىقمۇ ئوۋلايدىكەنسەن، ئىشنىمۇ قىلىدىكەنسەن، روھىڭنىمۇ ئۈستۈن تۇتالايدىكەنسەن. شېرباتسكىي ماڭا — ئۇ سېنى كۆرۈپتىكەن — سېنىڭ غەمكىن يۈرگىنىڭنى، ئۆلۈمنىڭلا گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىڭنى سۆزلەپ بەرگەن ...

— ئۇنىڭغا نە چارە؟ هازىرمۇ ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلايمەن، — دېدى لېۋىن، — ئۆلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگىنى راست. ھەممە نەرسە شۇنچىلىك مەنىسىز. ساڭا راست گېپىمنى دېسەم، مەن ئوي - پىكىرلىرىمنىمۇ، ئىشلىرىمنىمۇ ناھايىتى قەدىرلەيمەن. لېكىن، سەنمۇ ئويلاپ باق، بىزنىڭ بۇ يەر شارىمۇ نېمىگە ھېساب؟ كائىناتتا ئۈنۈپ قالغان كىچىككىنە بىر موگۇغۇ؟ ئەمما، بىز ئۆزىمىزنى ئاجايىپ چوڭ چاغلاپ، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىمىز دەپ ئويلاپ كېتىمىز. ئۇ ئىشلار دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىچىلىككىلا ئىشلارغۇ.

— قويساڭچۇ، بۇرادەر، بۇ گەپلىرىڭ كونا گەپلەر.

— كونا بولسا كونىدۇر، ئەمما بىلىشىڭ كېرەككى، ھەممىنى كۆرۈپ يەتكىنىڭدە، ئۇ نەرسىلەر ساڭا قىلچە مەنىسى يوق نەرسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۈگۈن - ئەتە ئۆلىدىغىنىڭنى، ھەممە نېمىڭنىڭ قالىدىغانلىقىنى چۈشەنگىنىڭدىمۇ شۇنداق بولىسەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ

بىلىمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ مەنىسىز بىر نەرسە، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىنىڭ بىلەنمۇ بەربىر، خۇددى ئېيىقنى ئېتىۋېلىش ئۇچۇن قورشىۋالغىنىمىزغا ئوخشاش. شۇڭلاشقا، مەيلى ئېيىق ئوۋلايلى، مەيلى باشقا بىر ئىش قىلايلى، ئۇلارنى پەقەت ئۆلۈمنى ئويلىماي، كۆن ئۆتكۈزۈش ئۇچۇنلا قىلىدىكەنمىز.

ئوبلونسكىي لېۋىننىڭ گەپلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ دىلكەشلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ناھايىتى ياخشى سۆزلىدىڭ. ئەمدى مېنىڭ گېپىمنى توغرا تاپقاندەك قىلىسەن. مېنى تۇرمۇشتا لەززەت ئىزدەيسەن، دەپ كايىغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟

«بولمىغىن ئەي نەسىھەتچى، مۇنچە قاتتىق ! ...»

— ياق، تۇرمۇشتىمۇ ئاجايىپ گۈزەل نەرسىلەر بار ... — لېۋىن سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — ئەپسۇس، ئۇ نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، بىلىدىغىنىم ئۇزاققا بارماي ئۆلۈپ كېتىدىغىنىم.

— نېمىشقا «ئۇزاققا بارماي» دەيسەن؟

— بىلەمسەن، ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلىساڭ ھاياتنىڭ قىزىقى قالمايدىكەن، ئەمما كۆڭلۈڭ خاتىرجەم بولىدىكەن.

— دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھاياتنىڭ ئاخىرقى دەملىرى يېقىنلاشقانسېرى، ئۇ شۇنچە تاتلىق بولۇپ كېتىدۇ. بولىدۇ، ئەمدى مەن چىقاي، — ئوبلونسكىي بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن قوپتى.

— يەنە ئازراق ئولتۇرساڭچۇ، — دېدى لېۋىن ئۇنى قويۇپ بەرمەي، — بىز يەنە قاچان كۆرۈشىمىز؟ مەن ئەتە قايتىمەن.

— بەللى، مەنمۇ قىزىق ـ دە، سېنى ئۆيگە چاقىرىپ ئالاھىدە كەلگىنىم نېمە بولدى ... بۈگۈن چوقۇم بىزنىڭ ئۆيگە تاماققا بارىسەن، سېنىڭ ئاكاڭ بىلەن مېنىڭ سىڭلىمنىڭ ئېرىمۇ كېلىدۇ.

— ئۇ مەشەدىمۇ؟ — دېدى لېۋىن. ئۇنىڭ كىتىنىڭ خەۋىرىنى بىلگۈسى كېلەتتى، ئۇنى قىشنىڭ بېشىدا پېتېربۇرگدىكى دىپلوماتقا تەگكەن ھەدىسىنىڭكىگە كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغان، قايتىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇنى سورىغۇسى كەلمىدى. «قايتىپ كەلدىمۇ ـ كەلمىدىمۇ، مېنىڭ نېمە ئىشىم» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— بارىسەن، ھە؟

— ئەلۋەتتە، بارىمەن.

— سائەت بەشتە بارغىن، مېھمانلىق كىيىمىڭنى كىيىپ بارارسەن.

ئوبلونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ، يېڭى كەلگەن باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىش ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇيغۇسى ئۇنى ئالدىمىغانىدى. تۇرقى قورقۇنچلۇق ئۇ ئادەم ئەسلىدە يېقىملىق، خۇشخۇي ئادەم ئىكەن. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ بىلەن چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەپ، يەنە بىرمۇنچە پاراڭلىشىپ، سائەت ئۈچ بولغاندا كارېنىن ياتقان ياتاققا كىرىپ كەلدى.

# 8

كارېنىن ئەتىگەنلىك ئىبادەتنى قىلىپ بولۇپ چېركاۋدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېچ يەرگە بارماي ياتاقتا بولدى. ئەتىگەندە ئۇ ئىككى ئىشنى پۈتتۈرۈشى، يەنى پېتېربۇرگقا كېتىۋېتىپ موسكۋاغا چۈشكەن رۇسلاردىن باشقا مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈشى ۋە ئۇلارغا كۆرسەتمىلەر بېرىشى؛ يەنە بىرى، ئادۋوكاتقا ۋەدە قىلغان خەتنى يېزىۋېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ۋەكىللەر كارېنىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن چاقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇچرايدىغان ئاۋارىچىلىكلەر، ھەتتا

خەتەرلەر نۇرغۇن ئىدى. شۇڭا، كارېنىن ئۇلار بىلەن موسكۋادا كۆرۈشىدىغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رولى ۋە ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيتتى، نامراتلىقىمىز ۋە باشقا ئەمەلىي ئەھۋاللىرىمىزنى ئېيتىپ، ھۆكۈمەتتىن ياردەم ئالساقلا بولدى، دەپ ئويلىشاتتى. بەزى ئەرزلىرى بىلەن تەلەپلىرىنىڭ ئەكسىچە دۈشمەن تەرەپنى قۇۋۋەتلەپ، نەتىجىدە بارلىق ئىشنى شامالغا ئۇچۇرۇۋېتىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. كارېنىن ئۇلار بىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپ، ئۇلارغا ئورتاق بىر بەلگىلىمە بەلگىلەپ بەردى. ئۇلارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن پېتېربۇرگدىكى ئادەملىرىگە خەت يازدى. بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئاساسلىق ياردەمچىسى گراف لىدىيە خانىم ئىدى، ۋەكىللەرنىڭ ئىشىدا ئۇ مۇتەخەسسىس ئىدى، ۋەكىللەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق ئىدى. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كارېنىن ئادۋوكاتقا خەت يېزىپ، بۇ دېلونى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا قىلچە ئىككىلەنمەي ئىجازەت بەردى ھەم بۇ خېتىگە ۋرونسكىينىڭ ئاننىغا يازغان ئۈچ پارچە خېتىنىمۇ قوشۇپ سېلىۋەتتى. بۇ خەتلەر ئاننىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ھېلىقى قۇتىدىن چىققان خەتلەر ئىدى.

كارېنىن قايتىپ كەلمەسلىك خىيالى بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئادۋوكاتنىڭ قېشىغا يەنە بېرىپ، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدى. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بۇ مەسىلىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈۋالغاندىن بېرى، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى تېخىمۇ پۇختا ئويلىغان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى.

كارېنىن ئوبلونسكىينىڭ جاراڭلىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغدا، ئادۋوكاتقا يازغان خېتىنىڭ ئاغزىنى يەملەۋاتاتتى.

ئوبلونسكىي سىرتتا تۇرۇپ كارېنىنىنىڭ خىزمەتكارى بىلەن، مېنىڭ كەلگىنىمنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىل، دەپ تىركىشىۋاتاتتى.

«كېرەك يوق، — دەپ ئويلىدى كارېنىن، — بۇمۇ بىر ھېساپتا ياخشى بولدى، مۇشۇ پۇرسەتتە سىڭلىسىنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۇنىڭكىگە نېمىشقا بارمىغىنىمنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.»

— ئۇنى كىرگۈزۈۋەت! — دەپ توۋلىدى ئۇ قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سومكىسىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئىشىككە قاراپ.

— ئەنە، ياتاقتا ئىكەنغۇ؟ سەن ماڭا يالغان ئېيتىپسەن، — ئوبلونسكىينىڭ ئۆزىنى ياتاققا كىرگۈزمەيۋاتقان خىزمەتكارغا توۋلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاندىن پەلتوسىنى سالغاچ ياتاققا كىرىپ كەلدى، — سېنى تاپقىنىمغا تولىمۇ خۇشالمەن. مېنىڭ ئارزۇيۇم ... — ئوبلونسكىي توختىماي سۆزلەپ كەتتى.

— مەن ئۆيۈڭگە بارالمايمەن، — دېدى كارېنىن ئۆرە تۇرغان پېتى سوغۇق سۆزلەپ، مېھمانىنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلماي.

كارېنىن خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ ئاكىسىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەتمەسلىكىنىڭ لازىملىقىنى ئويلاپ ئاشۇنداق سوغۇق مۇئامىلىدە بولغان، ئەمما ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ تۇرغان قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىگە بۇنداق دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

ئوبلونسكىينىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى يوغىناپ كەتتى.

— *نېمىشقا بارمايسەن؟ بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟* — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ فرانسۇزچە، — ياق، سەن بارىمەن دەپ ۋەدە قىلغان، ھەممىمىز سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈۋاتىمىز.

— ساڭا دەپ قوياي، ئارىمىزدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۆيۈڭگە بارالمايمەن.

— نېمە؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ نېمە ئۈچۈن؟ — ئارقا - ئارقىدىن سوراپ كەتتى ئوبلونسكىي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن سىزنىڭ سىڭلىڭ، يەنى خوتۇنۇم بىلەن ئاجرىشىدىغان بولۇۋاتىمەن، مەن ...

كارىنىنىڭ سۆزى تۇگىمەي تۇرۇپلا، ئوبلونسكىي ئىختىيارسىز تولاپ كەتتى ۋە ئۆرە تۇرالماي ئىتتىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋالدى.

— ياق، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، بۇ گېپىڭ بولمىدى ! — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنلۇك سۆزلەپ. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى.

— راست شۇنداق.

— مېنى كەچۈرگىن، ھەرقانداق ... ھەرقانداق قىلىپمۇ بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن...

كارىنىن ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك تەسىرى بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشنى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرسۇن، قېيىناكىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە ئىلگىرىكىدەك ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىدى.

— شۇنداق، مەن ئامالىنىڭ يوقىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلدىم، — دېدى ئۇ.

— مەن بىر ئېغىزلا گەپ قىلاي، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ. مەن سىزنىڭ دۇرۇس نىيەتلىك مەشھۇر ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن — مېنى كەچۈرگىن، مەن ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلەمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن — ئاننانىڭمۇ ۋاپادار، ياخشى ئايال ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم. شۇڭا، كەچۈرگىن، ئۇ ئىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەيمەن. ئوتتۇرىدا چوقۇم بىر ئۇقۇشماسلىق بار.

— دېگىنىڭدەك، ئۇقۇشماسلىق بولغان بولسا ياخشى بولاتتى ...

— كەچۈرگىن، مەن چۈشەندىم، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ

سۆزىنى بۆلۈپ، — بىراق، ئەلۋەتتە ... بىر ئېغىز گەپ، ئالدىراپ كەتمىگىن، مەيلى قانداقلا ئىش يۈز بەرگەن بولسۇن، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئالدىراپ كەتمە!

— ئالدىرىغىنىم يوق، — دېدى كارېنىن سوغۇق تەلەپپۇزدا، — بۇ ئىشنى بىركىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بولمايدۇ، بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم.

— تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولۇۋېتىپتۇ، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ئەگەر مەن بولسام ئالېكسېيي ئالېكساندروۋىچ، بىر ئىشنى چوقۇم قىلغان بولاتتىم. سەنمۇ شۇ ئىشنى قىلغىن، — دېدى ئۇ، — پەرىزىمچە، تېخى رەسمىي سوتقا چۈشمىگەن ئوخشايسىلەر، شۇڭا ئەرز سۇنۇشتىن ئىلگىرى مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىپ باققىن. ئۇ ئاناني ئۆزىنىڭ سىڭلىسىدەك ياخشى كۆرىدۇ، سېنىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇ ئاجايىپ ئېسىل ئايال، خۇدانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر پاراڭلىشىپ باق، مۇشۇ بىر قېتىم مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ قويغىن، سېنىڭدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

كارېنىن ئويلىنىپ قالدى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلمەي، خەيرخاھلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇردى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارارسەنمۇ؟

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن، شۇ سەۋەبتىن سىلەرنىڭ ئۆيگە بارمىغانمەن. ئەمدى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزدە ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن.

— بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ مەن ھېچ چۈشەنمىدىم. كەچۈرگىن، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمىزدىن باشقا مەن سېنى دوستۇمدەك كۆرۈپ كېلىۋاتاتتىم، سەندىمۇ ھەم شۇنداق ھېسسىيات بار ئىدى ... ئۇنىڭدىن تاشقىرى، سېنى چىن دىلىمدىن ھۆرمەت قىلاتتىم، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — ئەگەر سېنىڭ ئەڭ يامان

تەخمىنلىرىڭ توغرا چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ چاغدا مەن ئىككىلىنىشلارنى مەڭگۈ قارىلىمايمەن ھەم شۇ سەۋەبلىك بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز چوقۇم ئۆزگىرىشى كېرەك دەپمۇ ئويلىمايمەن. شۇڭا، سەن ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ بېرىپ خوتۇنۇم بىلەن كۆرۈشۈپ قوي.

— بىزنىڭ بۇ ئىشقا بولغان قارىشىمىز ئوخشاشمايدىكەن، — دېدى كارېنىن يەنە شۇنداق سوغۇق تەلەپپۇزدا، — بولدىلا، بۇ گەپنى قويايلىچۇ.

— ياق، سەن زادى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭكىگە بارمايسەن؟ نېمىشقا بۈگۈن تاماقتا بىرىشنى خالىمايسەن؟ شۇ تۇرقىدا خوتۇنۇم سېنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، ئۇنداق قىلماي بارغىن. ئاساسلىقى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كۆر، ئۇ تولىمۇ ئېسىل خوتۇن، خۇدا ھەققىدە سەندىن يېلىنىپ ئۆتۈنىمەن.

— ئۆيىڭىزگە بېرىشىمنى شۇنچىلىك خالىغان بولسىڭىز، بوپتۇ، باراي، — دېدى كارېنىن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ.

كارېنىن گەپنى باشقا مەزمۇنغا يۆتكەش مەقسىتىدە، ئوبلونسكىينىڭ ھەر ئىككىلىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان، يېشى ئانچە چوڭ ئەمەس، ئەمما بىردىنلا شۇنداق چوڭ خىزمەتكە تەيىنلەنگەن يېڭى باشلىقى ھەققىدە سورىدى.

كارېنىن گراف ئانىچكىننى ياخشى كۆرمەيتتى، ئىككىسىنىڭ پىكرى پەقەتلا بىر يەردىن چىقمايتتى، بۈگۈن ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىنى، ئەتىۋارلىنىشتىن قېلىپ قېلىۋاتقان ئادەمنىڭ خىزمەتتە قەدەممۇ قەدەم ئۆسۈۋاتقان ئادەمگە بولغان نەپرىتىنى زادىلا باسالماي قېلىۋاتاتتى. بۇ خىل روھىي ھالەتنى مەنسەپ سورۇنلىرىدا يۈرگەن ئادەملەر ئاسان چۈشىنىدۇ.

— ھە، سەن ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدى كارېنىن زەردە بىلەن مەسخىرە قىلىپ.

— ئەلۋەتتە، ئۇ تۇنۇگۈن ئىدارىمىزگە كەلدى. كەسپىنى ئوبدان بىلىدىغان، ئۆزى ئىشچان ئادەمدەك قىلىدۇ.

— ھە، ئۇ ئىشچانلىقنى نەگە ئىشلىتىدۇ، بىلەمسەن؟ — دېدى كارىنىن، — خىزمەتكە ئىشلىتەمدۇ ياكى باشقىلار ئاللىبۇرۇن قىلىپ قويغان ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكىمۇ؟ دۆلىتىمىزنىڭ بەختسىزلىكى قەغەز ئۇستىدىكى مەمۇرىيەتچىلىكتە، ئۇ ئادەم ئەنە شۇنداق قەغەز مەمۇرىيەتچىلىكنىڭ مۇناسىپ ۋەكىلى.

— راستىمنى ئېيتسام، مەن ئۇنىڭ نېمىسىنى يامان دېيىشنى، قانداق ئېقىمدىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، پەقەت قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم دەپلا بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئوبلونسكىي، — مەن بايىلا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقتىم، ھەقىقەتەن ئېسىل ئادەم. ئىككىمىز بىللە ناشتا قىلدۇق، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاپېلسىن سېلىپ تەييارلايدىغان ۋىنونى قانداق ياسايدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويدۇم، ئۇنى ئىچسەڭ سالقىنلاپ قالغاندەك بولىسەن. مەن ئۇنىڭ مۇشۇنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم، ئەمما ئۇ ئۇ خىل ۋىنونى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەن.

ئوبلونسكىي سائىتىگە قاراپ قويدى.

— ھوي، سائەت تۆتتىن ئېشىپ كېتىپتۇغۇ، مېنىڭ يەنە دولگوۋۇشىننىڭكىگە بېرىشىم بار. ئەمىسە گەپ شۇنداق، تاماققا چوقۇم بارىسەن. ئەگەر بارمىساڭ خوتۇنۇم ئىككىمىزنى قاتتىق رەنجىتىسەن.

كارىنىن قېيناكىسىنى بايىقىغا ئوخشىمايدىغان مۇئامىلە بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

— ۋەدە بەردىم، دېمەك، بارىمەن، — دېدى ئۇ غەمكىن قىياپەتتە.

— ئىشەنسەڭ، سېنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن، بارغىنىڭغا پۇشايمان قىلمايدىغىنىڭغىمۇ ئىشىنىمەن، — دېدى ئوبلونسكىي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئۇ پەلتوسىنى كىيگەچ ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ

خىزمەتكارنىڭ بېشىغا بوش ئۇرۇپ قويدى ـ دە، كۈلگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

— سائەت بەشتە چىرايلىق كىيىنىپ بارارسەن! — ئۇ ياتاقتا يەنە قايتىپ كىرىپ، شۇ گەپنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

# 9

ئۆي ئىگىسى قايتىپ كەلگەندە سائەت بەشتىن ئېشىپ، بەزى مېھمانلار كېلىپ بولغانىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ كېلىپ قالغان كوزنىشېۋ ۋە پېستسوف بىللە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككىسى ئوبلونسكىي دېگەندەك موسكۋا زىيالىيلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولۇپ، مىجەز ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشاتتى، ئەمما ھەممە مەسىلىلەردە دېگۈدەك كۆز قاراشلىرى قارىمۇ قارشى ئىدى، ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايتتى. ئۇلار قاراشلىرى قارىمۇقارشى ئىككى ئېقىمغا مەنسۇپ ئادەملەر ئەمەس (ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئىككىسىنى بىر پىكىردىكى ئادەملەر دەپ قارايدۇ)، بىر لاگېرنىڭ ئادەملىرى ئىدى، پەقەت ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قاراشلىرى بولغانلىقى ئۈچۈنلا چىقىشالمايتتى. دۇنيادا يېرىم مەۋھۇم گەپلەردە كېلىشەلمەسلىكتىن ئارتۇق قىيىن ئىش بولماس، شۇڭا ئۇلار ئەزەلدىن پىكىردە بىرلىككە كېلىپ باقمىغانلا بولۇپ قالماي، يەنە تېخى بىر ـ بىرىنىڭ تۈزىتىشلىرى مۇمكىن بولمايدىغان نەزەرىيىلىرىنى خاپا بولۇشماي مەسخىرە قىلىشىپمۇ قوياتتى.

ئوبلونسكىي ئۇلارنى كۆرگەندە، ئىككىسى ھاۋا رايى توغرۇلۇق سۆزلەشكەچ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقانىكەن. ئوبلونسكىينىڭ

قېيناتىسى قېرى گراف، ياش شېرباتسكىي، تۇرۋۆتسىن، كىتتى ۋە كارېنىنلار ئالىبۇرۇن كېلىپ بولۇشقان، مېھمانخانىدا ئولتۇرۇشقانىكەن.

ئوبلونسكىي ئۆزى بولمىغاچقا، كەيپىياتنىڭ سۇسلۇقىنى ھېس قىلىپ قالدى. مېھمانلىق سۇر يىپەك كۆڭلەك كىيىۋالغان دوللى سەل خاپا چىراي ئولتۇراتتى، باللار تاماقنى ئۆز ئۆيلىرىدە يەيمىز دەپ تۇرۇۋالغان، ئېرى تېخى كەلمىگەن، مېھمانلارنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قالغان بولغاچقا شۇنداق ئولتۇرغان بولسا كېرەك. ھەممىسى جىم ـ جىم «خۇددى مېھمانغا كەلگەن پوپ قىزلىرىدەك» (قېرى كىنەز شۇنداق دەيتتى) ئولتۇرۇشاتتى، بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەنلىكلىرىنىمۇ بىلىشمەيتتى، سوغۇق كەيپىياتنى تۈزەش ئۈچۈن ئاندا ـ مۇندا گەپلەرنى قىلىشىپ قوياتتى. ئۆزىنى تەبىئىي تۇتۇپ ئولتۇرالمايۋاتقان مۇلايىم تۇرۋۆتسىن ئوبلونسكىينى كۆرۈپلا جانلىنىپ: «بەللى، بۇرادەر، مېنى بىلىملىك ئادەملەرنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈڭ نەگە كەتتىڭ؟ بۇنداق يەردە ئولتۇرغىنىمدىن رەڭگارەڭ دۇنياغا[①] بېرىپ بىر قەدەھ ھاراق ئىچكىنىم ياخشى ئەمەسمۇ» دەۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. قېرى كىنەز جىمجىت ئولتۇراتتى، پارقىراپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىدە پات ـ پات كارېنىنغا يېنىچە قاراپ قوياتتى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ قىممەتلىك بىلىق گۆشىگە مېھمان چاقىرغانغا ئوخشاش ئارزۇلاپ چاقىرىلغان بۇ دۆلەت ئەربابىنى ناھايىتى قىزىق بىر ئوخشىتىش بىلەن سۈرەتلەپ بەرمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئولتۇرغانلىقىنى چۈشەندى. پات ـ پات ئىشىككە قاراپ قويۇۋاتقان كىتتى لېۋىن كىرگەندە قىزىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەتەي بىمالال تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ياش شېرباتسكىي كارېنىن بىلەن رەسمىي تونۇشمىغاچقا، ئۇنىڭغا

---

① موسكۋادىكى پارىژچە كېچىلىك بەزمىخانىنىڭ نامى.

قىلچە ئەھمىيەت بەرمىگەندەك قىياپەتتە ئىدى. كارېنىن پېتېربۇرگلۇقلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئېسىلزادە خېنىملار بىلەن تاماقتا بىللە بولغاندا كىيىدىغان قارلىغاچ قۇيرۇقلۇق مۇراسىم كىيىمى كىيىۋالغان، ئاق گالستۇك تاقىۋالغانىدى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ بۇ يەرگە ۋەدە قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، شۇڭا بۇ ئادەملەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇش ئۇنىڭغا ئازاب بولۇۋاتقانلىقىنى چىرايىغا قاراپلا بىلىۋالدى. ئەمەلىيەتتە، مېھمانخاندىكى بۇ سوغۇقچىلىقنىڭ ئاساسلىق گۇناھكارى دەل شۇ ئىدى.

ئوبلونسكىي مېھمانخانىغا ئۇلاردىن ئەپۇ سورىغاچ، ئۆزىنى بىر كىنەزنىڭ — ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ ھەرقانداق يەرگە كېچىكىپ بېرىشىنى شۇ كىنەزگە دۆڭگەپ قوياتتى — تۇتۇۋالغانلىقىنى سۆزلەپلا كىرىپلا مېھمانلارنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇردى، كارېنىن بىلەن كوزنىشېفنى بىر يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ، پولشانى رۇسلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇنازىرىگە سېلىپ قويدى. ئۇلار شۇئان پېستسوف بىلەن بىللە بۇ مەسىلە توغرىسىدا قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەنە تۇرۇۋېتىشنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، قۇلىقىغا قانداقتۇر بىر كۈلكىلىك گەپنى قىلدى، ئاندىن ئۇنى خوتۇنى بىلەن قېرى كىنەزنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۈگۈن نېمانچە چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، دەپ چاقچاق قىلدى، ئارقىدىن شېرباتسكىينى كارېنىنغا تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مېھمانلارنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆي ئىچى قىزغىن كەيپىياتقا ، كۈلكە - چاقچاققا تولدى، بىر لېۋىنلا يوق ئىدى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، چۈنكى ئوبلونسكىي ئاشخانىغا كىرىپ، قىزىل ۋىنو بىلەن ئاق ۋىنونىڭ لېۋېدىن[1] ئەمەس، دېپرېدىن[2] ئېلىپ

---

① ② موسكۋادىكى مەشھۇر رېستورانلار.

كېلىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەررۇ لېۋىگە بېرىپ يېڭىدىن ۋىنو ئەكېلىشكە خىزمەتكارىنى ئەۋەتتى، ئاندىن ئۆزى مېھمانخانىغا قايتىپ كىردى. كىرىۋېتىپ لېۋىن بىلەن ئىشىك تۈۋىدە ئۇچرىشىپ قالدى.

— كېچىكىپ قالمىغاندىمەن؟ — دېدى لېۋىن.

— كېچىكمەيدىغان ۋاقتىڭىزمۇ بارمۇ سىزنىڭ! — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنى قولتۇقلىۋېلىپ.

— مېھمانلار كۆپمۇ؟ كىملەر بار؟ — دەپ سورىدى لېۋىن ئىختىيارسىز قىزىرىپ ۋە قولاقچىسىدىكى قارنى قېقىۋېتىپ.

— ھەممىسى ئۆز ئادەملەر، كىتىمۇ بار. يۈر، مەن سېنى كارېنىن بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياي.

ئوبلونسكىي لىبېراللىق ئىدىيىسى كۈچلۈك ئادەم بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ كارېنىن بىلەن تونۇشۇشنى شەرەپ بىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەچكە، ھەممە ئاغىنىلىرىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ شەرەپتىن بەھرىمەن قىلىپ تۇراتتى. لېكىن، لېۋىننىڭ شۇ تۇرقىدا كارېنىن بىلەن تونۇشقۇسى يوق ئىدى. ۋرونسكىي بىلەن تونۇشقان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئاخشامدىن باشلاپ كىتىنى ھېلىقى چاغدا چوڭ يولدا غىل - پال كۆرۈپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۈگۈن ئۇنى مۇشۇ يەردە كۆرىدىغانلىقىنى يۈرىكى سېزىپ، ئۆزىنىڭ پىكىر - خىياللىرىنىڭ شۇنىڭ تۈپەيلى بوغۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى بارلىق كۈچى بىلەن ئويلىماسلىققا تىرىشىۋاتاتتى. ھازىر ئوبلونسكىيدىن ئۇنىڭ راست مەشەدىلىكىنى ئاڭلاپ، نېمىشقىدۇر يۈرىكى بىر خىل قورقۇنچ ۋە خۇشاللىققا توشقاندەك، نەپىسى يېتىشمەيۋاتقاندەك بولۇپ قالدى، ئوبلونسكىيغا نېمە دېيىشىنىمۇ بىلەلمىدى.

«ئۇ ھازىر قانداق بولۇپ قالدىكىن؟ قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئىلگىرىكىدەكمۇ ياكى پەيتۇندا كۆرگىنىمدىكىدەكمىدۇ؟ ئەگەر دوللىنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىشىم

كېرەك؟ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟» ئۇ تىنماي ئويلاپ كېتىۋاتاتتى.

— بوپتۇ، شۇنداق قىلغىن، كارېنىن بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوي، — ئۇ بۇ گەپنى ناھايىتى تەستە ئاغزىدىن چىقىرىپ، ئاندىن غەيرىتىگە كېلىپ مېھمانخانىغا كىردى ۋە كىرىپلا كىتىنى كۆردى.

كىتى ئىلگىرىكىدەكمۇ ئەمەس، پەيتۇندا كۆرگەندىكىدەكمۇ ئەمەس، پۈتۈنلەي باشقىچە قىياپەتتە ئولتۇرۇپتۇ.

كىتى شۇ تۇرقىدىكى ھودۇققان، قورۇنغان، ئۇيالغان ھالىتىدە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇمۇ لېۋىننى مېھمانخانىغا كىرگەن زامانلا كۆردى. ئۇنى كۈتۈپ تۇرغاچقىمۇ، ئۇنى كۆرۈپلا خۇشال بولدى، خۇشاللىقىدىن يۈرەك سوقۇشى شۇنچىلىك ئىتتىكلەپ كەتتى، لېۋىن ئۆي ئىگىسى ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ كەينىگە يەنە بىر قېتىم قايرىلغان شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە، ئۆزىگىمۇ، لېۋىنغىمۇ ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان دوللىغىمۇ ئۆزىنى باسالماي ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ ياغاچتەك قېتىپ ئولتۇراتتى، پەقەت لەۋلىرىلا بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى ۋە شۇ روھىي ھالەت ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغىمۇ كېلىشىنى كۈتەتتى. لېۋىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ قويغاندىن كېيىن، سۆزسىز تۇرۇپ ئۇنىڭغا قولىنى بەردى. ئەگەر ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ تۇرمىغان، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋاتقان چاغدىكى تەبەسسۇمى تېخىمۇ يارقىن كۆرۈنگەن بولاتتى.

— كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزاق بوپتۇ، — دېدى كىتى مۇزدەك قولى بىلەن لېۋىننىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ.

— سىز مېنى كۆرمىگەن بىلەن، مەن سىزنى كۆرۈپ تۇردۇم، — دېدى لېۋىن بەختلىك تەبەسسۇمى بىلەن.

— قاچان؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى كىتى.
— پەيتۇن بىلەن يېرگوشووۋغا كېتىۋاتقىنىڭىزدا، — دېدى لېۋىن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان بەختتىن نەپەس ئالالماي دېگۇدەك قېلىپ. «ھەممە يېرى ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان بۇ ئاجايىپ نازىنىن توغرىسىدا قانداق بولۇپ گۇناھلىق خىياللاردا بولغان بولغىيدىم! توغرا، دوللى راست گەپ قىلغانىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ كىتىگە قىلغان گېپىدىن كېيىنلا.
ئوبلونسكىي ئۇنى قولتۇقلاپ كارېنىنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتتى.
— مەن ئىككىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دەپ، ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىنى ئاتاپ چىقتى ئۇ.
— سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرگىنىمدىن خۇشالمەن، — دېدى كارېنىن قولىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ سوغۇق ئاھاڭدا.
— ئىككىڭلار ئەسلىدە تونۇشىدىكەنسىلەر - دە؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئوبلونسكىي.
— بىز بىر ۋاگوندا ئۈچ سائەت بىللە بولغان، — دېدى لېۋىن كۈلۈمسىرەپ، — لېكىن، ۋاگوندىن چۈشكەندە خۇددى نىقابلىق تانسىدىن چىققاندەك گاڭگىراپلا قالغاندۇق، بولۇپمۇ مەن شۇنداق بولغان.
— ئەسلىدە مۇنداق گەپ ئىكەن - دە، قېنى مەرھەمەت! — ئوبلونسكىي مېھمانلارنى تاماقخانىغا باشلىدى.
ئەركەكلەر تاماقخانىغا كىرىپ ئۇستەلگە كېلىشتى. ئۇستەلدە ئالتە خىل ۋوتكا، ئالتە خىل سىر، سېلىيوتكا بېلىق، تۇرلۇك كونسېرۋالار ۋە فرانسۇز بولكىلىرىنى سېلىپ قويغان چوڭ - چوڭ تەخسىلەر تىزىلىپ كەتكەنىدى.
ئەرلەر ئۇستەل ئۇستىدىكى خۇش پۇراق ۋوتكىلار ۋە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى چۆرىدەپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. كوزنىشېۋ، كارېنىن ۋە پېستسوف ئۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان پولشانى رۇسلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇنازىرە زىياپەتنىڭ باشلىنىشىنى

كۇتۇش ئارىلىقىدا توختاپ قالغانىدى.

ئەڭ مەۋھۇم ۋە جىددىي تالىشىشلارنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۈيۈقسىز قىزىق بىر گەپنى چىقىرىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن سۆھبەتداشلارنىڭ كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇستا كوزنىشېۋ بۇگۇنمۇ شۇنداق قىلدى.

كارېنىن پولشانى رۇسلاشتۇرۇش رۇسىيە كومىتېتىنىڭ ئالىي تەدبىرلەرنى قوللىنىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

پېستسوف ئۆزىنىڭ بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۆزىگە قوشۇۋېتەلەيدۇ، دېگەن پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

كوزنىشېۋ ھەر ئىككىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، ئەمما شەرت قويۇپ تۇرۇپ قوشۇلدى. مېھمانخانىدىن چىقىۋاتقاندا، بۇ مۇنازىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— دېمەك، رۇسلاردىن باشقا مىللەتلەرنى رۇسلاشتۇرۇشنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ رۇسلار بالىنى كۆپ تېپىشى كېرەك. ئىنىم ئىككىمىز بۇ جەھەتتە بولماي قالدۇق. سىلەر توي قىلغان ئەپەندىلەر، بولۇپمۇ سىز ستېپان ئاركادىيېۋىچ، بۇ جەھەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىككىلارنى كۆرسىتىۋاتىسىلەر، بالىڭىز نەچچە سىزنىڭ؟ — دېدى ئۇ ئۆي ئىگىسىگە ئىسسىق چىراي بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ ۋە بىر رومكىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ.

بۇ گەپكە ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى، بولۇپمۇ ئوبلونسكىي تولىمۇ خۇشال بولدى.

— توغرا، ئەڭ ياخشى چارە شۇ! — دېدى ئۇ ئاغزىغا سالغان سىرنى چايناپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىگە سۇنۇلغان رومكىغا ئەڭ ياخشى ۋوتكىدىن قۇيۇپ بەردى. بايىقى گەپلەر چاقچاق ئارىلاپ كېتىپ توختاپ قالدى.

— مۇشۇ سىز يامان ئەمەس ئىكەن، ئازراق يەپ باقامسىز؟ — دېدى ئۆي ئىگىسى، — سەن يەنە گىمناستىكا ئويناپ تۇرۇۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ لېۋىنىدىن ئۇنىڭ موسكۇللىرىنى سول قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ. لېۋىن كۈلۈپ قويۇپ بىلىكىنى ئېگىۋىدى، تاشتەك بولۇپ كەتكەن مۇسكۇلى چاپىنىنىڭ سىرتىدىن ئوبلونسكىينىڭ قولىغا خۇددى يۇمىلاق قاتتىق سىردەك ئۇرۇلدى.

— مۇسكۇللىرىڭ نېمىدېگەن قاتتىق سېنىڭ! بەئەينى سامسوننىڭ[1] ئۆزى بوپسەن.

— مېنىڭچە، ئېيىق ئوۋلاش ئۈچۈن ئادەم ناھايىتى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك، — دېدى ئوۋ ئوۋلاش ھەققىدە بىلىمى تولىمۇ ئاز كارېنىن ئۆمۈچۈك تورىدەك تولىمۇ نېپىز بولكىغا سىر سۈركەپ تۇرۇپ.

لېۋىن ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنداق ئەمەس، ئېيىقنى كىچىك باللارمۇ ئېتىۋالالايدۇ، — دېدى ئۇ دوللى بىلەن بىللە ئۇستەلنىڭ يېنىغا كەلگەن بىر ئايال مېھمانغا ئېگىلىپ قويۇپ يول بەرگەچ.

— سىزنى بىر ئېيىقنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، راستىمۇ؟ — دېدى كىتى لىغىلداپ تۇرغان بىر تال موگۇغا ھەدەپ ئارىسىنى سانجىپ تۇرۇپ. لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ موگۇنى سانجىۋالمىدى، ئاپئاق قوللىرى چىقىپ تۇرغان كەشتىلىك يېڭى قولىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن تەڭ مىدىرلاپ توختىمايۋاتاتتى، — سىلەر تەرەپتە راستىنلا ئېيىق بارمۇ؟ — ئۇ چىرايلىق بېشىنى لېۋىن تەرەپكە ئېگىپ كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

كىتىنىڭ بۇ گېپىدە ھېچقانچە ئۆزگىچىلىك يوق ئىدى، ئەمما لېۋىن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاۋازى، لەۋلىرى، كۆزلىرى ۋە

---

[1] سامسون — ئىسرائىلىيىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى پالۋىنى.

قوللىرىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدە سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز مەزمۇنلار يوشۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كەچۈرۈم سوراۋاتقان ئۆتۈنۈشمۇ، لېۋىنغا بولغان ئىشەنچمۇ، مېھرىبانلىقمۇ، نومۇسلىنىش ئارىلاشقان چوڭقۇر مېھرمۇ، ۋەدىمۇ، ئۈمىدمۇ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمۇ — لېۋىن ئىشەنمەي تۇرالمايدىغان ھەم بەختتىن نەپەسى سىقىلىدىغان مۇھەببەتمۇ بار ئىدى.

— ياق، تۋېر ئوبلاستىغا بېرىپ ئېتىپ كەلدۇق. يېنىشىمىزدا سىزنىڭ قېيناكىڭىز، ياق، قېيناكىڭىزنىڭ كۈيئوغلى بىلەن پويىزدا ئۇچرىشىپ قالدىم، — دېدى لېۋىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بەكمۇ قىزىق ئۇچرىشىش بولدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كېچە ئۇخلىمىغانلىقىنى، قوي تېرىسىدە تىكىلگەن جۇۋىنى كىيىپ كارېنىن بار ۋاگونغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— پويىز خىزمەتچىسى بىر تەمسىلدە[1] دېيىلگەندەك، ئۇستۇمدىكى كىيىملەرگە قاراپلا مېنى ۋاگوندىن چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋىدى، مەن دەبدەبىلىك گەپلەرنى قىلىپ ئۆزۈمنىڭ بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىمنى كۆرسەتتىم ... سىزمۇ دەسلەپتە ئۇستۇمدىكى جۇۋامغا قاراپ مېنى ئايرىمخانىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇندىڭىز، — ئۇ كارېنىننىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئۇدۇل ئۇنىڭغا قاراپ سۆزلەۋەردى، — كېيىن مەن ئۇچۇن ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويدىڭىز، شۇ گېپىڭىزگە ناھايىتى مىننەتدارمەن.

— ئومۇمەن ئالغاندا، يولۇچىلارنىڭ ۋاگوندا ئورۇن تاللاش ھوقۇقى بەكمۇ ئېنىقسىز، — دېدى كارېنىن قولياغلىقى بىلەن بارماقلىرىنىڭ ئۇچىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— سىزنىڭ مېنى كۆرۈپ سەل ئىككىلىنىپ قالغىنىڭىزنى

---

① رۇس تەمسىلى: «ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى».

كۆرۈپ، — دېدى لېۋىن ساددا كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ، — جۇۋامنى كۆرۈپ پەيدا بولغان ئۇقۇشماسلىقنى ياپاي دېگەن مەقسەتتە دەررۇ سىلىق - سىپايە گەپلەرنى باشلىۋەتتىم.

ئۆي ئىگىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان كوزنىشېڧ ئىنىسىغا قىيا بېقىپ، ئۇنىڭ پارىڭىغىمۇ قۇلاق سېلىۋاتاتتى ... «بۇگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ جەڭدە غەلىبە قىلغاندەك بەكلا خۇشالغۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. لېۋىننىڭ بۇگۈن ئۆزىدە قانات پەيدا بولۇپ قالغاندەك ھېسسىياتتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاكىسى بىلمەيتتى. ئۇ كىتىنىڭ ئۆزىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى، گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىغا خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا پۈتۈن ئوي - پىكرى كىتىدىلا ئىدى، بۇ ئۆيدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادا — شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ قىممىتى يۈز ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى — ئۇنىڭ بىلەن كىتىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۆزىنى ھاۋاسى شالاڭ، ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرىدىغان ئېگىز چوققىغا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى، شۇ ھېسسىياتى بىلەن كارېنىنلارنى، ئوبلونسكىيلارنى ۋە پۈتۈن دۇنيانى ئۆزى تۇرۇۋاتقان چوققىدىن تولىمۇ يىراق بولغان تاغنىڭ باغرىدا تۇرغاندەك ئويلايتتى.

ئوبلونسكىي لېۋىن بىلەن كىتى ئىككىسىگە قاراپمۇ قويماي، خۇددى ھېچقانداق نىيىتى يوقتەك ھەم باشقا بوش ئورۇن قالمىغاندەك ئىككىسىنى بىر يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— بوپتۇ، مەشەدىلا ئولتۇرغىنا، — دېدى ئۇ لېۋىنغا.

ئوبلونسكىينىڭ زىياپىتى خۇددى ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان چىنە - قاچىلىرىغا ئوخشاش تولىمۇ چىرايلىق ئۆتتى. مارى - لۇئىز شورپىسى، ئاغزىغا سالسا ئېرىپ تۇرىدىغان ئويماقتەك سامسىلار نامى خالىس ئىدى. ئاق گالستۇك تاقىغان ئىككى ئەر چاكار بىلەن ماتۇۋېي چەبدەسلىك بىلەن تائاملارنى، ۋىنولارنى توشۇپ تۇراتتى. زىياپەتنىڭ يېمەك - ئىچمىكى شۇنچىلىك مول

ئىدى، باشقا تەرەپلىرىمۇ ھەم شۇنداق ياخشى بولدى. ئومۇمىي پاراڭلارمۇ، خۇسۇسىي پاراڭلارمۇ بولۇپ تۇردى، بىردەممۇ توختاپ باقمىدى، زىياپەت ئاخىرلاشقانغا قەدەر كەيپىيات زادىلا سۇسلاشمىدى. مېھمانلار تاماق ئۈستىلىدىن ئايرىلغان چاغدىمۇ گەپلىرى تۈگىمىگەنىدى، كارېنىن چېغىدىمۇ شۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتتى.

# 10

پېستسوفنىڭ مۇنازىرىنى ئاخىرىغا چىقارمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان مىجەزى بار ئىدى، شۇڭا كوزنىشېفنىڭ بەزى گەپلىرىگە تازا قوشۇلماي، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى خاتاغا چىقىرىپ قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى.

— مەسىلە رۇس ئاھالىسىنى زىچلاشتۇرۇش بىلەنلا ھەل بولمايدۇ، — دېدى ئۇ شورپا ئىچكەچ كارېنىنغا، — بۇ مەسىلىنى بىرنەچچە بەلگىلىمە بىلەن ھەل قىلىپ كېتىش قىيىن، نېگىزلىك مەسىلىلەر بىلەن باغلاپ تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

— مېنىڭچە، — دېدى كارېنىن ئالدىرىماي، سەل ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن سۆزلەپ، — ئىككىسى بىر گەپ. مېنىڭ پىكرىمچە، باشقا مىللەتلەرگە پەقەت مەدەنىيەتتە بىرقەدەر يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەتلارلا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

— لېكىن، گەپ شۇنىڭدىكى، — دېدى پېستسوف ئەرلەرنىڭ تۆۋەن بوم ئاۋازى بىلەن گەپ قىستۇرۇپ. ئۇ خۇددى پۈتۈن گېپىنى دەۋالمىسا بولمايدىغاندەك ناھايىتى ئىتتىك گەپ قىلاتتى، — مەدەنىيەتتە بىرقەدەر يۇقىرى دېگەن قانداق گەپ؟ ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار، نېمىسلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى ئەڭ

مەدەنىيەتلىك؟ كىمنى ئۆزىگە قوشۇۋېتەلەيدۇ؟ بىز رېيىن رايونىنىڭ فرانسۇزلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما ئۇ يەردىكى نېمىسلارنىڭمۇ مەدەنىيەتتە ئۇلارنىڭ كەينىدە ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى ئۇ ئاخىرىغا كەلگەندە ۋارقىراپ سۆزلەپ، — بۇ يەردە باشقا بىر قانۇنىيەت بار.

— مېنىڭچە، ھەقىقىي مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەرنىڭلا تەسىر كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ، — دېدى كارېنىن قېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈپ قويۇپ.

— ئۇنداق بولسا ھەقىقىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆلچىمى زادى نېمە؟ — سورىدى پېستسوف.

— ئۇنىڭ ئۆلچىمىنىڭ نېمىلىكىنى كۆپچىلىك بىلىدۇ دەپ ئويلايمەن، — دېدى كارېنىن.

— ئۇنى سىز ھەممە ئادەم بىلىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ — دېدى كوزنىشېف سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ، — ھەقىقىي مەدەنىيەتنىڭ ھازىر ئېتىراپ قىلىنىۋاتقىنى پەقەت ساپ كلاسسىك مەدەنىيەتلا. ھازىر ئىككى تەرەپ بۇ مەسىلىدە قاتتىق تالاش - تارتىش قىلىۋاتىسىلەر، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

— سىز ئۆزىڭىز كلاسسىكلار تەرەپدارى، سېرگېي ئىۋانوۋىچ. قىزىلدىن ئاررزاق ئىچىپ قويامسىز؟ — دېدى ئوبلونسكىي.

— مەن ئۇ خىل ياكى بۇ خىل مەدەنىيەت ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچى ئەمەس، — دېدى كوزنىشېف خۇددى بالىلارغا سۆزلەۋاتقاندەك مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ ۋە رومكىنى ئوبلونسكىيغا سۇنۇپ تۇرۇپ، — پەقەت ھەر ئىككى تەرەپ كۈچلۈك دەلىللەرگە ئىگە دېگەن گەپنىلا قىلماقچى، — ئەمدى ئۇ كارېنىنغا قاراپ سۆزلىدى، — مەن ئۆگەنگەن بىلىمىم جەھەتتىن كلاسسىكلار تەرەپكە تەئەللۇق، ئەمما بۈگۈنكى بۇ مۇنازىرىدە مېنىڭ ئورنۇم يوق، كلاسسىك پەنلەرنىڭ ھازىرقى زامان پەنلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئېنىق دەلىللىرىممۇ ھەم يوق.

— ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭمۇ ئوخشاشلا ئادەم تەربىيىلەشتە رولى بار، — دېدى پېستسوف ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، — ئاسترونومىيىنى، بوتانىكانى ياكى بىر قاتار قانۇنىيەتلەرگە ئىگە زوئولوگىيىنى ئالسىڭىزمۇ شۇنداق.

— بۇ پىكىرگە پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كېتەلمەيمەن، — دېدى كارېنىن، — تىل تەتقىقاتىنىڭ روھىي تەرەققىياتقا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەخلاققا يۈكسەك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. يامان بولۇۋاتقىنى، ھازىر زامانىمىزنىڭ ئەڭ ناچار نەرسىلىرىدىن تەركىب تاپقان ساختا تەلىماتلار ئىجتىمائىي پەن مۇنبەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

كوزنىشېف بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتى، پېستسوفنىڭ بوم ئاۋازى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. پېستسوف كارېنىننىڭ بۇ قارىشىنىڭ ناتوغرىلىقىنى جان - جەھلى بىلەن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. كوزنىشېف ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشنىڭ پۇرسىتىنى يېڭىپ چىقىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

— لېكىن، — دېدى ئاخىر سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن كوزنىشېف كۈلۈپ تۇرۇپ كارېنىنغا، — شۇنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەسكى، ئەگەر قەدىمىي پەنلەر سىز ئېيتقاندەك ئالاھىدىلىكلەرگە، ئەخلاقىي تەسىرگە ئىگە بولمىغان، يەنىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، ساختىلىقلارغا قارشى تۇرۇشتا رولى بولمىغان بولسا، ھەر خىل پەننىڭ ياخشى - يامان تەرەپلىرىگە ئۇزۇل - كېسىل باھا بەرمىكىمىز قىيىن بولاتتى، قايسى پەننى تاللىۋېلىش مەسىلىسىنىمۇ تېزدىن ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلمىقىمىزمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى.

— ئۇنىڭدا گەپ يوق.

— ئەگەر كلاسسىك پەنلەرنىڭ ساختىلىقلارغا قارشى

تۇرىدىغان ئاشۇ خىل رولى بولمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىز ئىككى تەرەپنىڭ پايدا - زىيانلىرى ئۈستىدە نۇرغۇن كاللا قاتۇرۇپ كەتكەن بولاتتۇق، — دېدى كوزنىشېف سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ، — ئىككىلا تەرەپنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىگە شەرت ھازىرلاپمۇ بېرەتتۇق. بىز بۈگۈن قەدىمىي پەنلەردىن ئىبارەت بۇ ئۇنۇملۇك دورىنىڭ ساختىلىقلارغا قارشى تۇرۇشتىكى ئۇنۇمىنى كۆرگەنىكەنمىز، ئۇنى قورقماي بىزنىڭ كېسەل ئادەملىرىمىزگە بېرىشىمىز كېرەك ... ناۋادا ئۇنۇمى كۆرۈلمەي قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم سىرلىق گەپ قىلىپ.

كوزنىشېف دورىنىڭ گېپىنى قىلغاندا ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى، بولۇپمۇ قاچان بىر كۈلكىلىك گەپ چىقاركىن دەپ قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان تۇروۋتسىن ئاخىر شۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىدىن بەك قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

ئوبلونسكىي پېستسوفنى چاقىرىپ خاتا قىلمىغانىدى، ئۇ بار سورۇندا قىزىق گەپلەر بولۇنماي قالمايتتى ھەم سورۇن زادىلا سوۋۇپ قالمايتتى. كوزنىشېف گېپىنى چاقچاق بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا، پېستسوف دەررۇلا يېڭى بىر گەپنى قوزغىدى.

— ھۆكۈمەتنىڭ ئاشۇنداق مەقسىتى بار، دېگەن گەپكە مەن قوشۇلمايمەن، — دېدى ئۇ، — ھۆكۈمەت جامائەت پىكرىنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدا تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۆزى قوللانغان چارىنىڭ تەسىرىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. مەسىلەن ئالساق، خوتۇن - قىزلارنى ئوقۇتۇش زىيانلىق ئىش ئىدى، لېكىن ھۆكۈمەت خوتۇن - قىزلار مەكتەپلىرىنى، خوتۇن - قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى ئاچتى.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ گەپ خوتۇن - قىزلارنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىگە كۆچتى.

كارېنىن ئۆزىنىڭ قارىشىنى بايان قىلىپ، خوتۇن -

قىزلارنى ئوقۇتۇش ئۇلارنى ئازاد قىلىش مەسىلىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى ئادەملەر خوتۇن ـ قىزلارنى ئوقۇتۇش زىيانلىق، دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى، دېدى.

— مەن بۇ ئىككى مەسىلىنى بىر ـ بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن، — دېدى پېستسوف، — بۇ بىر يامان خاراكتېرلىك ئايلىنىش. ئاياللاردا بىلىم كەمچىل بولغاچقا ئۇلارنىڭ هوقۇقلىرى تارتىۋېلىنىۋاتىدۇ، ئۇلاردا هوقۇق يوق، شۇڭا بىلىمسىز قېلىۋاتىدۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاياللارنىڭ ئاسارەتتە قېلىشلىرى بەكمۇ چوڭ كۆلەملىك هەم ۋاقتى شۇنچىلىك ئۇزاق، يەنە تېخى بىز ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا شۇنچە چوڭقۇر هاڭنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغىلى ئۇنىمايمىز.

— سىز دەۋاتقان ئۇ هوقۇق، — دېدى كوزنىشېف ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — زاسېداتېللارنىڭ، يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ، مەسلىھەتچىلەر كېڭەشمىسى ئەزالىرىنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ هوقۇقىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، شۇنداق.

— ئاياللارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئاشۇ ئورۇنلاردا ئايرىم ۋەزىپىلەردە بولسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇنى سىز دېگەندەك «هوقۇق» دەپ چۈشەنسەك بولمايدۇ، «خىزمەت» دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق بولىدۇ، كىشىلەرمۇ بۇ گەپنى قوبۇل قىلالايدۇ. زاسېداتېل بولسىمۇ، يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولسىمۇ، پوچتا ئىدارىسىدە ئىشلىسىمۇ هەممىسى ئوخشاشلا خىزمەت هېسابلىنىدۇ. شۇڭا، سۆزنى مۇۋاپىق، ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئاياللار خىزمەت ئىشلىسۇن، دەيلى، شۇنداق دېسەك پۈتۈنلەي قانۇنلۇق گەپ قىلغان بولىمىز. ئۇلار بىز ئەرلەرنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئورتاق ئەمگەك قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇ خىل

ئارزۇسىغا ئەلۋەتتە ھېسداشلىق قىلىمىز.
— پۇتۇنلەي توغرا، — دېدى كارېنىن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، — گەپ، ئۇلار شۇ خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ - يوق، بۇ بىر مەسىلە.
— ئەگەر ئۇلار ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولسىلا چوقۇم ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، — دېدى ئوبلونسكىي گەپ قىستۇرۇپ، — ئۇنى ئۆزىمىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزغۇ ...
— ھېلىقى قانداق ماقال ئىدى؟ — خېلىدىن بېرى ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان قېرى كىنەز مۇغەمبەرلىك بىلەن كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ قويدى، — ھە، ئېسىمگە كەلدى، ئاياللارنىڭ ئالدىدا دەۋېرەي: «ئايال كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن ...①
— نېگىر قۇللار ئازاد قىلىنمىغان چاغلاردا كىشىلەر ئۇلارنى شۇنداق ئاتاپ كەلگەن، — دېدى پېستسوف ئاچچىقى بىلەن.
— مەن بىر ئىشقا ھەيران، — دېدى كوزنىشېف، — ئاياللار يېڭى مەجبۇرىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان بولغۇنىكى كۆنىدە ئەرلەرنىڭ ئۇ مەجبۇرىيەتتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتقىنى ئېچىنىشلىق ئىش ئەمەسمۇ.
— مەجبۇرىيەت ھوقۇقتىن ھېچقاچان ئايرىلىپ باقىغان ئەمەس، ئاياللارنىڭ ئىنتىلىۋاتقىنى ئەنە شۇ ھوقۇق، پۇل ۋە شۆھرەت، — دېدى پېستسوف.
— مەن ئىنىكئانا بولۇشنى شۇنچە ئويلىسامىمۇ، خەق مېنى ئىشلەتمەي، باشقىلارنى ئىشلەتسە، مەن ئۇنىڭغا خاپا بولىمەن، سىلەرنىڭ دەۋاتقىنىڭلار مۇشۇنداق گەپ، — دېدى قېرى كىنەز.
بۇ گەپكە تۇرۇۋاتقانلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كوزنىشېف بۇ گەپنىڭ ئۆزىنىڭ ئېسىگە كەلمىگىنىگە قاتتىق ئۆكۈندى، كارېنىنمۇ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

① رۇس خەلق ماقالى: «ئايال كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا.»

— لېكىن، ئەر كىشى بالا ئېمىتەلمەيدۇ - دە، — دېدى پېستسوف، — خوتۇن كىشى بولسا ...

— ياق، بىر ئىنگلىز كېمىدە تۇرۇپ بالىسىنى ئۆزى ئېمىتكەنمىش، — دېدى قېرى كىنەز قىزلىرىنىڭ ئالدىدا شۇ ئەدەپسىز گەپنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتماي.

— ئۇنداق ئىنگلىزلار قانچە كۆپ بولسا، ئەمەل تۇتۇپ ئىشلەيدىغان ئىنگلىز ئاياللار شۇنچە كۆپ بولىدۇ، — دېدى كوزنىشېف.

— ئۇ شۇنداق، لېكىن ئائىلىسى يوق قىزلار قانداق قىلىدۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي ھەر ۋاقىت ئويلاپ تۇرىدىغان چىبىسوۋانى ئېسىگە ئېلىپ. ئۇ پېستسوفقا ھېسداشلىق قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى قوللايتتى.

— ئەگەر سىز ئۇ قىزلارنىڭ تارىخىنى ئوبدان بىلىپ چىقسىڭىز، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دەل ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى —— ئۆزىنىڭ ياكى ھەمشىرىلىرىنىڭ ئائىلىسىنى —— تاشلاپ چىققان قىزلار ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. ئۇلار ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلسا تامامەن بولىدۇغۇ، — دوللى ئوبلونسكىي دەۋاتقان قىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بىلىۋالغاندەك، تۇيۇقسىز ئاچچىقى بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— ئەمما، بىز بىر پرىنسىپنى، بىر غايىنى ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى پېستسوف بوم ئاۋازى بىلەن ئۆكتە قوپۇپ، — ئاياللار مۇستەقىل ياشاش ۋە مەلۇماتلىق بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى ئويلايدۇ. ئەگەر ئۇ خىل ھوقۇقتا ئىگە بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ رايى قايتىدۇ، يۈرىكى ئېزىلىدۇ.

— ئەگەر ئۇلار مېنى ئىنىكئانىلىققا ئالمىسا، مېنىڭمۇ رايىم قايتىدۇ، يۈرىكىم ئېزىلىدۇ، — دېدى قېرى كىنەز يەنە. ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قاتتىق كۈلۈپ كەتكەن تۇرووتسىن قولىدىكى بامبۇك نوتىسىنى مۇراببا قاچىسىغا چۈشۈرۈۋەتتى.

# 11

كىتى بىلەن لېۋىنىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە بولغان تەسىرى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، لېۋىن شۇ مەسىلىگە بولغان ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقماقچى بولغانىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى مۇھىم دەپ بىلەتتى، ئەمما بۈگۈن ئۇ توغرۇلۇق گەپ بولغاندا، خۇددى ئۇ گەپلەرنى چۈشىدە ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇپ، تازا قىزىقىپ كەتمىدى، ھەتتا ھېچكىم بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇلارنىڭ قىزىشىپ مۇنازىرە قىلىشىپ كېتىشىۋاتقىنىغا ھەيران قالدى. ئۇلار يەنە ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەلۇماتلىق بولۇشلىرى توغرۇلۇقمۇ پاراڭلارنى قىلىشتى. كىتى ئىلگىرى بۇ ئىشقا تولىمۇ قىزىقاتتى. چەت ئەلدىكى ۋاقتىدا دوست بولۇپ قالغان ۋارېنكانى، ئۇنىڭ باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ ياشاۋاتقان مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ئېسىگە ئېلىپ قالغانلىرىدا بۇ مەسىلە كاللىسىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى. ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنىمۇ نۇرغۇن ئويلىغان، توي قىلمىسا ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ پەرەز قىلغان ۋە بۇ ھەقتە ھەدىسى بىلەنمۇ كۆپ دېيىشىپ قالغان، كېيىن ھەتتا بۇ ئىشقا قىلچە قىزىقمايدىغانمۇ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھازىر لېۋىن بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، بۇ ئادەتتىكى پاراڭلىشىش ئەمەس، بەلكى بىر خىل سىرلىق ئالاقىلىشىش ئىدى. بۇ ئالاقە ئۇلارنى بارغانسېرى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇۋاتاتتى ھەم ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان نامەلۇم بىر دۇنيا ئىچىگە ئېلىپ كىرگەنسېرى ئۇلارنى ھەيرانلىقتا سېلىۋاتاتتى ۋە خۇشال قىلىۋاتاتتى.

دەسلەپتە كىتى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى پەيتۇندا قانداق كۆرگەنلىكىنى سورىدى. لېۋىن چۆپ چېپىشتىن يېنىپ چوڭ يول بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ سەھەر ۋاقتى ئىدى. سىزنىڭ ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان ۋاقتىڭىز ئىكەن، ئاپكىز پەيتۇننىڭ بولۇڭىغا تىقىلىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئاجايىپ چىرايلىق سەھەر ئىدى. مەن، بۇنچە ئەتىگەندە تۆت ئاتلىق پەيتۇندا كېتىۋاتقان كىمدۇ، دەپ ئويلاپ ماڭدىم. ئۇ تۆت ئات قوشۇلغان، ئاجايىپ كۆركەم، قوڭغۇراقلىرى جىرىڭلىشىپ تۇرىدىغان پەيتۇن ئىكەن. پەيتۇن يېنىمدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتكەندە سىزنى غىل - پاللا كۆرۈپ قالدىم: دېرىزىنىڭ يېنىدا باشىڭىزنىڭ بوغقۇچىنى خىيال بىلەن ئويناپ ئولتۇرۇپسىز، — دېدى لېۋىن كۈلۈمسىرەپ، — شۇ چاغدا نېمىنى ئويلاپ ئولتۇرغىنىڭىزنى بەكمۇ بىلگۈم بار ئىدى. قانداق بىر مۇھىم ئىشنى ئويلاپ ئولتۇرغان بولغىيدىڭىز - ھە؟

«ئۇ كۈنى چاچلىرىم چۇۋۇلۇپ ياخشىيىپ كەتكەن بولغىيمىدى؟» دەپ ئويلىدى كىتى. ئەمما، لېۋىن شۇ چاغدىكى ئۆچرىشىشنى تەسۋىرلەپ بېرىۋاتقاندا چىرايىدا ئويناپ تۇرغان خۇشال كۈلكىنى كۆرۈپ، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇرغانلىقىنى بىلدى ۋە ھۇپپىدە قىزىرىپ خۇشال كۈلۈپ قويدى.

— مېنىڭ زادىلا ئېسىمدە يوق.

— تۇروۋتسىن قانداق خۇشال كۈلىدۇ - ھە! — دېدى لېۋىن ئۇنىڭ كۈلكىدىن ياشاڭغىراپ كېتىدىغان كۆزلىرى بىلەن سىلىكىنىپ كېتىدىغان بەدىنىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇنى سىز بۇرۇندىن بىلەمتىڭىز؟ — سورىدى كىتى.

— ئۇنى كىم بىلمەيدۇ.

— سىز ئۇنى يامان ئادەم دەپ ئويلايسىزغۇ دەيمەن؟

— يامان ئادەم ئەمەس، چاكىنا ئادەم.

— ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ. مەن ئۇنى ياخشى چۈشىنىمەن، — دېدى كىتى، — مەنمۇ بۇرۇن ئۇنى سىزدەك ئويلاپ كۆزگە ئىلمايتتىم. ئەمەلىيەتتە ئۇ تولىمۇ سۆيۈملۈك، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، يۈرىكى ئالتۇندەك ئادەم ئىكەن.

— ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۇنداقلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— ئۇ ئىككىمىز يېقىن دوستلاردىن، ئۇنى ياخشى چۈشىنىمەن. بۇلتۇر قىشتا، سىز ... سىز بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، — دېدى كىتى ئۆزىنى سەل ئەيىبلىك سەزگەندەك قىلىپ، لېكىن يەنە ئىشەنچ بىلەن كۈلۈپ قويدى، — دوللىنىڭ بالىلىرىغا قىزىل چىقىپ قىلىپ ئۇ ئۇنى كۆرگىلى بېرىپتىكەن. سىز ئۇنىڭ دوللى ئۈچۈن قانچىلىك قايغۇرغانلىقىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلمەيسىز، — دېدى كىتى بۇ گەپنى بوش ئاۋازدا دەپ، — شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەتمەي ئۇنىڭ بالىلىرىغا قارىشىپ بەردى. ئۇنىڭكىدە ئۈچ ھەپتە تۇرۇپ، بالىلارغا خۇددى بالا باققۇچىدەك ئاجايىپ ياخشى قارىدى.

— بالىلىرىڭغا قىزىل چىقىپ قالغاندا تۇرۇۋېتىسىنىڭ ساڭا قانداق قاراشقانلىقىنى كونستانتىن دمىترىچقا سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن، — دېدى كىتى ھەدىسىگە ئازراق ئېڭىشىپ تۇرۇپ.

— راست، ئۇ ئاجايىپ ياخشى ئادەم، — دېدى دوللى ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرۇۋاتقان تۇرۇۋېتىسىنىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ. لېۋىن تۇرۇۋېتىسىنىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بۇرۇن نېمىشقا سەزمىگەنلىكىگە ھەيران قالدى.

— شورۇم قۇرۇسۇن مېنىڭ! بۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەر توغرىسىدا ھەرگىز يامان خىياللاردا بولمايمەن، — لېۋىن شۇ مىنۇتتا كاللىسىغا كەلگەن خىيالنى راستى بىلەن خۇشال تۇرۇپ دېدى.

# 12

ئايالLارنىڭ هوقۇقى توغرۇلۇق گەپ بولغاندا، خانىملارنىڭ ئالدىدا نىكاھتىكى تەڭسىزلىك ھەققىدە سۆزلەش قولايسىز بولدى. پېستسوف تاماق ئۈستىدە شۇ مەسىلىلەرنى سۆزلەشكە بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئوبلونسكىي بىلەن كوزنىشېۋ ئېھتىيات قىلىپ ئۇ گەپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇردى.

تاماق يېيىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندا، ئايالLار نېرى كەتتى، پېستسوف ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ، كارېنىن بىلەن بىللە ماڭغاچ، بۇ خىل تەڭسىزلىكنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى تەڭسىزلىك ئەر بىلەن ئايالنىڭ قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىنى قانۇن بىلەن جامائەتنىڭ باراۋەر جازالىماسلىقىدا ئىدى.

ئوبلونسكىي ئىتتىك كارېنىننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تاماكا تۇتتى.

— ياق، چەكمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى كارېنىن تەمكىن تۇرۇپ، ئارقىدىن ئۆزىنى ئەتەي بۇنداق گەپلەردىن قورقمايدىغاندەك تۇتۇپ، سوغۇق كۈلكىسى بىلەن پېستسوفقا قاراپ قويۇپ ئۇنىڭغا جاۋابەن گەپ قىلدى، — مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنداق قاراشنىڭ ئاساسىي نېگىزى شۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىدە، — ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، شۇ ئارىدا تۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قالدى.

— سىلەر پرەچنىكوفنىڭ ئىشىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — سورىدى تۇرۇۋېتىپ كۆپچىلىكتىن. ئۇ شامپان ئىچىپ ئازراق

قىزىقۇالغان، ئارىدىكى جىمجىتچىلىقنى بۇزۇپ تاشلاشنىڭ پۇرسىتىنى خىيالىدىن بىرى ساقلاپ كېلىۋاتقانىدى، — ۋاسە پرەچىنكوف، — ئۇ قىپقىزىل لەۋلىرى ئۇستىدىكى سەمىمىي كۈلكىسى بىلەن ئاساسلىق مېھمان كارىنىنىغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — بۈگۈن مەن بىرىدىن ئۇنى كۆنتسكىي بىلەن تۆۋەردا دۇئېلغا چىقىپ ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم.

نە ئاغرىسا شۇ يەر ئاسان زەربە يەيدىغان ئىش بار، شۇنىڭغا ئوخشاش، بۈگۈن ھەربىر مىنۇتتا بولۇنغان گەپلەرنىڭ ھەممىسى كارىنىنىڭ نەق شۇنداق ئاغرىۋاتقان يېرىگە تېگىپ تۇرۇۋاتاتتى، بۇنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئوبلونسكىي ئۇنى تارتىپ بىر چەتكە ئەكەتمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن كارىنىن تۇرۇۋتسىنىڭ ئۇ گېپىگە قىزىقىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— پرەچىنكوف نېمە ئۈچۈن دۇئېلغا چىقىپتۇ؟

— خوتۇنى ئۈچۈن بولمامدۇ. ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىپ، ئاخىر ئۇنى ئېتىپ تاشلاپتۇ.

— ھە! — دەپ قويدى كارىنىن سوغۇقلا، ئاندىن قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويۇپ مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى.

— سىزنىڭ كەلگىنىڭىزگە تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم، — دېدى مېھمانخانىنىڭ دالىنىدا ئۇچراپ قالغان دوللى ئۇنىڭغا قاراپ قورقۇمسىراپراق كۈلۈپ قويۇپ، — سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلىچۇ.

كارىنىن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاشلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ دوللىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، چىرايىدىكىسى ياسىما كۈلكە ئىدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — مەنمۇ سىزدىن كەچۈرۈم سوراپ قايتاي دەپ تۇراتتىم، ئەتە يولغا چىقماقچىمەن.

دوللى ئاننانىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە قاتتىق ئىشىنەتتى، شۇڭلاشقىمۇ ئۆزىنىڭ ياخشى دوستىنى ھالاك قىلماقچى

بولۇۋاتقان بۇ رەھىمسىز، تاش يۈرەك ئادەمگە بولغان نەپرىتى تېشىپ، چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى.

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دادىل قادىلىپ تۇرۇپ، — مەن سىزدىن ئانىنىڭ ئەھۋالىنى سورىسام ماڭا جاۋاب بەرمىدىڭىز. ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟

— ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولسا كېرەك، داريە ئالېكساندروۋنا، — دېدى كارېنىن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، كەچۈرىسىز، مېنىڭ ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان ھەققىم يوق ... ئەمما مەن ئاننانى بىر تۇغقان سىڭلىمدەك ياخشى كۆرىمەن، ھۆرمەتلەيمەن. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاراڭلاردا نېمە بولغىنىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز. ئۇ قايسى تەرەپتىن توغرا قىلمىدى؟

كارېنىن چىرايىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يۇمدى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— مېنىڭ ئانىنا ئاركادىيېۋنا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى نېمە ئۈچۈن ئۆزگەرتمەكچى بولغىنىمنى ئېرىڭىز چوقۇم سىزگە دېدى دەپ ئويلايمەن، — دېدى كارېنىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىماي، ئەمما ئىككىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شېرباتسكىيغا نارازى بولغاندەك نەزەردە قاراپ قويۇپ.

— مەن ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن، زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى دوللى چىڭ تۇگۇۋالغان قاتما قوللىرىنى مەيدىسى ئۈستىدە كۈچەپ پۇلاڭلىتىپ. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە بىر قولىنى كارېنىنىنىڭ چاپىنىنىڭ يېڭى ئۈستىگە قويۇپ، — بۇ يەر بەك ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىكەن، باشقا ياققا يۆتكىلەيلى، — دېدى.

دوللىنىڭ ھاياجىنى تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، كارېنىن گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن بالىلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ سۆزسىز ماڭدى. ئىككىسى قېرىنداش ئۈچلىغۇچ بىلەن خېلى يەرلىرى تىلىنىپ كەتكەن كلېيونكا سېلىنغان

ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى.

— مەن ئۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن، زادىلا ئىشەنمەيمەن، — دېدى دوللى كارېنىنىڭ ئۆزىدىن قاچۇرۇۋاتقان كۆزلىرىنى ئۆزىگە قارىتىشقا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇپ.

— پاكىتقا ئىشەنمىسەڭ بولمايدۇ، داريە ئالېكساندروۋنا، — دېدى كارېنىن «پاكىتقا» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن دەپ.

— ئۇ نېمە ئىش قىلدى؟ — سورىدى دوللى، — ئۇ زادى نېمە ئىش قىلدى؟

— ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ۋاز كەچتى، ئۆزىنىڭ ئېرىنى ئالدىدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشى شۇ، — دېدى كارېنىن جاۋاب بېرىپ.

— ياق، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس! ياق، مېنى كەچۈرۈڭ، سىز خاتالاشتىڭىز، — دېدى دوللى كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ئىككى قولى بىلەن چېكىسىنى چىڭ بېسىۋالغان ھالدا.

كارېنىن ئۆزىنىڭ قارارىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويۇش ھەم ئۇ قارارنى تېخىمۇ چىڭىتىش مەقسىتىدە پەقەت لەۋلىرى ئۇستىدىلا سوغۇق بىر جىلمىيىپ قويدى. دوللىنىڭ ئاننانى ئاقلاپ ئېيتقان ئۇ قىزغىن سۆزلىرى ئۇنى قىلچە ئېرىتەلمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولۇپ، ھاياجىنىنى باسالماي سۆزلەپ كەتتى.

— خوتۇنى ئېرىگە شۇنداق ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتسا، ئېرىم بىلەن سەككىز يىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ ۋە ئۇنىڭدىن بالا تۇغۇپ خاتا قىلغانمەن، تۇرمۇشۇمنى باشقىدىن باشلىماقچىمەن دېسە، مەن يەنە نېمىدە خاتالىشىمەن؟ — دېدى كارېنىن دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ غەزەپ بىلەن.

— مەن ئاننا بىلەن سىز دەۋاتقان رەزىللىكنى زادىلا بىر - بىرىگە باغلاپ قارىيالمايۋاتىمەن، ئۇنداق ئىشنىڭ بولغىنىغا

ئىشەنگۈممۇ كەلمەيدۇ.

— دارىيە ئالېكساندروۋنا، — دېدى كارېنىن بۇ قېتىم دوللىنىڭ ھاياجانلىنىپ تۇرغان مۇلايىم چىرايىغا دەل تىكىلىپ تۇرۇپ. ئەمدى ئۇنىڭ گەپ خالتىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كەتكەنىدى، — مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ گۇمانلىق بىر ئىش بولۇپ قېلىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. ئىلگىرى گۇمان قىلىپ يۈرگەنلىرىمدىمۇ ئازابلانغان، ئەمما ئۇ چاغدىكى ئازاب ھازىرقىدەك بۇنچىلىك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، ئۆزۈم گۇماندا يۈرسەممۇ ئۈمىدىمنى ئۈزمىگەنىدىم. لېكىن، ھازىر ئۇ ئۈمىدلىرىمدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. مەن ھازىر ھەممىدىن گۇمانلىنىمەن، ھەممىدىن گۇمانلىنىمەن. ئوغلۇمغىمۇ نەپرەت بىلەن قارايمەن، بەزىدە ھەتتا ئۇنىڭ مېنىڭ ئوغلۇم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمۇ قالىمەن. مەن نېمىدېگەن بەختسىز ئادەم.

ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى دوللىغا دەپ ئولتۇرۇشى ھاجەتسىز ئىدى، ئۇ دوللىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىغان چاغدىلا دوللى بۇنى چۈشىنىپ بولغانىدى. ئەمدى دوللىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، دوستىنىڭ پاكلىقىغا بولغان ئىشەنچىمۇ تەۋرەپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىشلار بۇ! سىز راستىنلا ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىش قارارىغا كەلدىڭىزمۇ؟

— ئەڭ ئاخىرقى چارىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئامالىم يوق.

— ئامالىم يوق! ئامالىم يوق! — دوللىنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى، — ياق، ياق، ئامال يوق ئەمەس! — دېدى ئۇ.

— بۇ ئازاب باشقا ئازابلارغا ئوخشىمايدىكەن. باشقا ئازابلار، مەسىلەن، جورىڭىز ئۆلۈپ كەتسە، قېرىنداشلىرىڭىز ئۆلۈپ كەتسە، كىرىستىنى دۈمبىڭىزگە تېڭىۋېلىپ، ئۇ ئازابقا جىمجىت چىداپ تۇرسىڭىز ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئەمما، بۇنداق ئازابقا دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەدبىر قوللانمىسىڭىز بولمايدىكەن، — دېدى كارېنىن خۇددى مۇشۇ گەپ بىلەن

دوللىنىڭ ئەمدى نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇۋاتقاندەك، — بۇ شەرمەندىچىلىكتىن چوقۇم قۇتۇلۇشىڭىز كېرەك ئىكەن، چۈنكى ئۈچ ئادەمنىڭ بىللە ياشىشى مۇمكىن ئەمەس - دە.

— مەن بۇنى بىلمەن، ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن، — دېدى دوللى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ. ئۇ بىردەم جىمىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى، ئائىلىدىكى دەردىنى ئويلاپ كەتتى. بىر چاغدا بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئۇنىڭغا يېلىنىۋاتقان بىر ھالەتكە كەلدى، — سەۋر قىلىڭ! سىز خرىستىئانسىز. ئۇنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ! ئۇنى تاشلىۋەتسىڭىز، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟

— مەن بۇنىمۇ ئويلىدىم، دارىيە ئالېكساندروۋنا، نۇرغۇن ئويلىدىم، — دېدى كارېنىن. ئۇنىڭ يۈزىدە بىردىنلا چالپاق - چالپاق قىزىللىق پەيدا بولدى، ئالاڭلاپ تۇرغان كۆزلىرى دوللىغا قادىلىپ قالدى. دوللى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچى ئاغرىپ كەتتى، — مەن ئۆزۈمنىڭ خورلۇققا ئۇچرىغىنىمنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ مۇناسىۋىتىمىزنى ئەينەن ساقلاپ قالماقچى بولدۇم، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېڭىدىن ئادەم بولۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردىم، ئامال بار قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشتىم. ئىشقىلىپ، قىلىدىغانلىكى ئىشنى قىلدىم. ئاخىر نېمە بولدى؟ ئۇ يۈز - ئابرۇيىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قويغان ئەڭ ئاددىي تەلىپىمنىمۇ ئورۇندىمىدى، — دېدى كارېنىن غەزىپى تېشىپ، — ئۆزىنى ھالاك قىلىشنى خالىمىغان ئادەملەرنىلا قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدىكەن، ئەمما، ماھىيەتتىن بۇزۇلغان، چۈشكۈنلەشكەن، ھالاك بولغانلىقىنى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغانلىق دەپ بىلىدىغان ئادەملەرگە ئامال يوق ئىكەن.

— نېمىلا قىلسىڭىز قىلىڭ، ئەمما ئاجراشماڭ، — دېدى دوللى.

— نېمىلا قىلىسىڭىز قىلىڭ، دەپ نېمىنى دېمەكچىسىز؟

— ياق، بۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش. ئۇ ھېچكىمنىڭ خوتۇنى بولالماي، ئاخىر بېرىپ ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ.

— بۇنىڭغا ئىلاجىم يوق، — دېدى كارېنىن مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ، قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويۇپ. ئۇ خوتۇنىنىڭ يېقىندا قىلغان ئىشلىرىنى ئويلاپ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، دوللى بىلەن يېڭى پاراڭلاشقان چاغدىكى رەھىمسىز ھالىتىگە ياندى، — سىزنىڭ ماڭا ھېسداشلىق قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. ئەمدى مەن قايتاي، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ياق، توختاڭ ! ئۇنى ھەرگىز خاراب قىلماڭ. توختاپ تۇرۇڭ، سىزگە مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىدىنمۇ سۆزلەپ بېرەي. مەن توي قىلغاندىن كېيىن ئېرىم مېنى ئالداپ يۈردى، ئاچچىق ۋە رەشك ئازابىدا ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ بېشىمنى ئېلىپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم ... لېكىن، كېيىن ئەقلىمنى يىغىۋالدىم، ئەقلىمنى يىغىۋېلىشىمغا كىم ياردەم بەردى، بىلەمسىز؟ ئاننا ! ئاننا مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ھازىر مەن بۇرۇنقىدەك ياشاپ كېلىۋاتىمەن، باللىرىم ياخشى چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئېرىممۇ ئائىلىنى ئويلايدىغان بولدى، ئۆزىنىڭ ناتوغرا ئىش قىلغانلىقىنى تونۇدى، بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، خېلى ئەدەپلىك، پاك يۈرۈۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ تۇرمۇشۇممۇ رەتكە چۈشۈپ قالدى ... مەن ئۇنى كەچۈرۈۋەتتىم، سىزمۇ ئاننانى كەچۈرۈۋېتىڭ !

كارېنىن ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى، ئەمما ئۇ گەپلەرنىڭ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن رولى بولمايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئاجرىشىش قارارىغا كەلگەن كۈنى پەيدا بولغان غەزەپ ئوتى يەنە لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى قانداقتۇر بىر نەرسىنى يەلكىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتمەكچى بولغاندەك بىر سىلكىنىۋېتىپ، ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن شۇنداق دېدى:

— ئۇنى كەچۈرۈۋېتەلمەيمەن، كەچۈرۈۋېتىشنىمۇ

خالىمايمەن، ئۇنداق قىلىشىممۇ ھەم مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇ خوتۇن مېنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پاتقاق ئىچىگە تاشلاپ پېتىقلىۋەتتى. مەن ئۇنچىلىك رەھىمسىزمۇ ئەمەس ئىدىم، ھېچقانداق ئادەمگە ئاداۋەتمۇ ساقلاپ باقمىغان. ئەمما، ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىمدىن نەپرەتلىنىدىم، شۇڭا ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان شۇملۇقلىرىنى ئويلىسام نەپرىتىم ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدۇ، ــ ئۇ ئەلىمگە چىدىماي كۆزىگە ياش ئېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

ــ ئۆزۈڭدىن نەپرەتلەنگەنلەرنى ياخشى كۆر ... ــ دوللى قورقۇمسىراپ، بۇ گەپنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرەلمىدى.

كارېنىن سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇ بۇ گەپنى بۇرۇنمۇ ئاڭلىغان، ئەمما ئۇ گەپ ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە مۇۋاپىق كەلمەيتتى.

ــ سىزدىن نەپرەتلەنگەنلەرنى ياخشى كۆرۈشكە بولىدۇ، ئەمما ئۆزىڭىز نەپرەتلەنگەنلەرنى ياخشى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. كەچۈرۈڭ، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، ھەر كىمنىڭ دەردى ئۆزىگە يېتەرلىك! ــ كارېنىن ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، ئازراق روھلانغاندەك بولدى ـ دە، دوللى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## 13

ھەممەيلەن ئۇستەلدىن ئايرىلغاندا لېۋىننىڭ كىتىنىڭ كەينىدىن مېھمانخانىغا كىرگۈسى بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ كەينىگە كىرىۋالغاندەك بولۇپ قالماي، بۇنداق قىلىشىمنى ئۇمۇ ياخشى كۆرمەسلىكى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ

قېلىپ، ئەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كىتىنى كۆرۈپ تۇرمىسىمۇ، كىتىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، مېھمانخانىنىڭ قەيىرىدە ئولتۇرغانلىقىنى سەزگۈسى بىلەن سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى.

لېۋىن ئۇنىڭغا ئادەملەرنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرۈش، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسىنى ناھايىتى ئوڭايلا ئىشقا ئاشۇرۇۋاتاتتى. پاراڭ دېھقانلارنىڭ كەنت كوپېراتىپىغا يۆتكەلگەندە، پېستسوف كەنت كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا پەۋقۇلئاددە پرىنسىپلىرى بار، ئۇنى بىز «ئومۇمىي خور پرىنسىپى» دەپ ئاتايمىز، دېگەنىدى، لېۋىن ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلمىدى، ئاكىسىنىڭ پىكىرلىرىگىمۇ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئاكىسى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلا بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ دېھقانلارنىڭ كەنت كوپېراتىپلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېتىراپمۇ قىلمايدىغانلىقىنى، ئىنكارمۇ قىلمايدىغانلىقىنى دېگەنىدى. لېۋىن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ، بار ئىمكانىيىتى بىلەن ئۇلارغا ئۇ كوپېراتىپلارنى چۈشەندۈردى، ئىككى تەرەپنىڭ قاراشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دېگەن گەپلىرىگىمۇ، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگىمۇ ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى، پەقەت ھەممىمىز خۇشال، كۆڭۈللۈك ئولتۇرساق، دېگەننىلا ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى بىرلا ئادەم ئىدى. ئۇ ئادەم دەسلەپتە مېھمانخانىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىدى، كېيىن مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى يېنىغا يۆتكەلدى. لېۋىن كەينىگە قايرىلىپ قارىمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى، چىرايىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان تەبەسسۇمنى ھېس قىلىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. لېۋىن ئاخىر چىدىماي كەينىگە قايرىلىپ، ئۇنىڭ ئىنىسى بىلەن بىللە ئىشىك تۈۋىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.


— مەن تېخى سىزنى پىئانىنو چالغىلى چىقىپ كەتسە

كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى ئۇ كىتىنىڭ يېنىغا بېرىپ، — بىزنىڭ يېزىدا كەم نەرسە مۇزىكا.

— ياق، ئىنىم ئىككىمىز سىزنىڭ كەلگىنىڭىزگە رەھمەت ئېيتىپ ئالدىڭىزغا كىردۇق، — دېدى كىتى، ئارقىدىن خۇددى لېۋىننى مۇكاپاتلىغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى، — نېمىگە بۇنچىلا تالىشىپ كېتىدىغانسىلەر؟ ھېچكىم ھېچكىمگە قايىل بولمايدىكەن.

— راست ئېيتىسىز، شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى لېۋىن، — قارشى تەرەپنىڭ نېمىنى ئىسپاتلىماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەندە مۇنازىرە تېخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ.

لېۋىن ئەقىللىق ئادەملەر مۇنازىرىلىشىپ قالغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ جىق كۈچەپ، نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ، ئاجايىپ ئەپچىل لوگىكىلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرى تالىشىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ مۇنازىرىنىڭ بېشىدىلا ئۆزلىرىگە مەلۇم بولۇپ بولغان مەسىلىلەر ئىكەنلىكىنى بايقايدىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ ھەرقايسىسى قارشى تەرەپتىن يېڭىلىپ قالغان بولماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالغانىدى. ئۇ يەنە، بەزىدە ئادەملەرنىڭ مۇنازىرىلىشىۋېتىپ، قارشى تەرەپ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى تۇيۇقسىز ئۆزىمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، دەررۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق پاكىتنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنىمۇ ھېس قىلغانىدى. بەزىدە تېخى ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر تەرەپ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى ئاخىر ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن چىن دىلىدىن تەسۋىرلەپ بەرسە، ئىككىنچى تەرەپ دەررۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ قالىدىغان، قايتا تالاش ـ تارتىش قىلمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ كىتىگە دېمەكچى بولغانلىرى مۇشۇ گەپلەر ئىدى.



كىتى ئۇنىڭ ئۇ گېپىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلىپ قوشۇمىسىنى تۈرگەن، لېكىن لېۋىن چۈشەندۈرۈشنى باشلار ـ باشلىمايلا چۈشىنىپ بولغانىدى.

ـــ مەن چۈشەندىم، ئادەم ئۆزىنىڭ نېمىنى تالىشىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. شۇ چاغدا ...

ئۇ راستىنلا چۈشەنگەن ھەم لېۋىن ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. لېۋىن ئاڭلاپ خۇشال كۈلۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭ پېستسوف ھەم ئاكىسى بىلەن قىلىشقان، ئايىغى چىقماي ئۇزاققا سوزۇلغان مۇنازىرىنى ھەم لېۋىنىنىڭ مۇرەككەپ ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئاددىي، ئىخچام تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىنىدىن ھەيران قالدى.

شېرباتسكىي ئۇلارنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ كەتتى، كىتى راسلاپ قويۇلغان قارتا ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۈستەلنىڭ يېشىل سوكنا يۇزىگە بور بىلەن قاتار قىلىپ چەمبەر سىزىشقا باشلىدى.

ئەرلەر تاماق ئۈستىلىدە قىلىشقان پاراڭنىڭ داۋامىنى يەنە باشلاپ، ئاياللارنىڭ ئازادلىقى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىلىرى ھەققىدە گەپكە چۈشۈپ كەتتى. دوللى توي قىلمىغان قىزلار ئۆيدە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ئولتۇرۇشى كېرەك، دېگەنىدى، لېۋىن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قوشۇلدى. ئۇ ھەرقانداق ئائىلىدە ياردەمچى ئايال كىشىدىن بىرى بولمىسا بولمايدۇ، ئۇ ئائىلە مەيلى كەمبەغەل ياكى باي بولسۇن، ئايال خىزمەتكاردىن بىرنى ياللىشى كېرەك، ئۇ خىزمەتكار ياللانغان ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقاندىن بولسىمۇ مەيلى، دېگەن قاراشتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قوشۇلاتتى.

ـــ ياق، ـــ دېدى كىتى قىزىرىپ كېتىپ ھەم سەممىيەت چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا دادىل تىكىپ تۇرۇپ، ـــ قىز بالا توي قىلىپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا بارغان دەسلەپكى كۈنلەردە خورلۇق تارتماي قالمايدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزى ...

لېۋىن ئۇنىڭ نېمىگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ئۇ، — شۇنداق، ھە، ھە، ھە! دېگىنىڭىز توغرا، توغرا دەيسىز.
لېۋىن كىتىنىڭ يۈرىكىدىكى قىزلاردا بولىدىغان قورقۇنچ ۋە خورلۇق ھېس قىلىشىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرۈپ، پېستسوفنىڭ تاماق ۋاقتىدا ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكى توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قورقۇنچ بىلەن خورلۇقنى ھېس قىلغان ھامانلا ئۆزىنىڭ دەلىل كەلتۈرۈپ سۆزلەۋاتقان سۆزىنى توختاتتى.
ئارىنى جىمجىتلىق باستى. كىتى تېخىچىلا بور بىلەن ئۈستەلگە بىر نېمىلەرنى سىزىپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرى تىپتىنىچ چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى روھىي ھالىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان لېۋىن بارغانسېرى قويۇق بەخت تۇيغۇسى ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى.
— ۋاي - ۋۇي! ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى سىزىپ بوپتىمەنغۇ! — دېدى ئۇ قولىدىكى بورنى تاشلاپ قويۇپ، ئاندىن خۇددى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغاندەك قىمىرلاپ قويدى.
«ئۇ چىقىپ كەتسە مەن قانداق يالغۇز ئولتۇرالايمەن» دېدى لېۋىن بورنى قولىغا ئېلىپ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە.
— توختاڭا، — دېدى ئۇ ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ، — مەن ئۇزاقتىن بېرى سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچى بولۇپ يۈرەتتىم.
لېۋىن ئۇنىڭ ئازراق قورقۇپ ھەم تەقەززالىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى.
— قېنى سوراڭ!
— قاراڭ! — دېدى لېۋىن، ئاندىن ئۆزى دېمەكچى بولغان گەپتىكى ئون تۆت سۆزنىڭ باش ھەرپلىرىنى يېزىپ چىقتى: ئۇ م ب م ئە د م ق د ي ش چ ئۆ ق. بۇ ھەپلەر: «ئۆتكەندە ماڭا (بۇ

مۇمكىن ئەمەس، دېگىنىڭىزنى مەڭگۈلۈككە قارىتىپ دېگەنمۇ ياكى شۇ چاغنىڭ ئۆزىگە قارىتىپمۇ؟» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. كىتىنىڭ بۇ مۇرەككەپ جۈملىنى چۈشىنىش ـ چۈشەنمەسلىكىگە لېۋىن بىر نېمە دېيەلمەيتتى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىرى خۇددى ئۇنىڭ مۇشۇ بىر جۈملە گەپنى چۈشىنىش ـ چۈشىنەلمەسلىكىگە باغلىق بولۇپ قالغاندەك، كىتىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن سەپسېلىپ ئولتۇردى.

كىتى ئۇنىڭغا جىددىي تەرزدە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، بىر قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرغان پېتى ھەرپلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى، ئارىلاپ: «قانداق، تاپتىممۇ؟» دەپ سوراۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپمۇ قوياتتى.

— مەن بىلدىم، — دېدى كىتى قىزىرىپ كېتىپ.

— مۇنۇ نېمە سۆز؟ — دەپ سورىدى لېۋىن «مەڭگۈ» دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرپىنى كۆرسىتىپ.

— بۇ ھەرپ «مەڭگۈ» دېگەن سۆزنى بىلدۈرىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئەمما بۇ كۆڭۈلدىكى سۆز ئەمەس.

لېۋىن ئۇستەل ئۈستىگە يېزىلغان گەپلەرنى ئىتتىك ئۆچۈرۈۋېتىپ بورنى كىتىگە بەردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كىتى ئۇستەل ئۈستىگە: ش چ ب ج ب ئى ي ئى دېگەن سەككىز ھەرپنى يازدى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كارېنىن بىلەن قىلىشقان گەپلەردىن دىلى رەنجىگەن دوللى بىردىنلا يېنىكلىشىپ، ئۇ كۆڭۈلسىز گەپلەرنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇ كىتىنىڭ قولىدا بور، ئىزا تارتقان ۋە بەختلىك تەبەسسۇمى بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ لېۋىنغا قاراۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرى چاقناپ، دەم ئۇستەلگە، دەم كىتىگە تىكىلىپ تۇرغان لېۋىننىڭ كېلىشكەن قامىتىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. لېۋىن كىتىنىڭ يازغان ھەرپلىرىنىڭ مەنىسىنى

دەررو چۆشەندى. ئۇ: «شۇ چاغدا باشقىچە جاۋاب بېرىشكە ئىلاجىم يوق ئىدى» دېگەن گەپ ئىدى.

لېۋىن كىتىگە سوئال نەزىرى بىلەن قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى.

— پەقەت « شۇ چاغ» دىلىمۇ؟

— شۇنداق ! — دېدى كىتى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە ... ئەمىسە هازىرچۇ؟ — سورىدى لېۋىن.

— مانا بۇنى ئوقۇڭ ! تىلىمىكمىنى ئېيتتىم، شۇنداق بولۇشىنى شۇنچىلىك تىلەيتتىم، — ئارقىدىنلا ئۇ: س ب ئى ئۇ ك ھ ك س دېگەن سەككىز ھەرپىنى يازدى. بۇ: «سىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىزنى ھەم كەچۈرۈۋېتىشىڭىزنى سورايمەن» دېگەن گەپ ئىدى.

لېۋىن جىددىيچىلىكتە تىترەپ كېتىۋاتقان قولىدىكى بورنى چىڭ سىقىۋېتىپ سۇندۇرۇپ قويدى، قولىدا قالغان پارچىسى بىلەن: «ئۇنتۇيدىغانمۇ، كەچۈرىدىغانمۇ ئىش يوق، مەن سىزنى ھازىرغىچە ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن» دېگەن گەپنىڭ باش ھەرپلىرىنى يېزىپ چىقتى.

كىتى ئۇنىڭغا كىرپىك قاقماي كۈلگەن پېتى قاراپ تۇراتتى.

— چۈشەندىم، — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ دېگۈدەك.

لېۋىن ئولتۇرۇپ، يەنە ئۇزۇن بىر جۈملە سۆز يازدى. كىتى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى، ئەمما «شۇنداقمۇ» دەپ سورىمايلا، بورنى قولىغا ئېلىپ، يەنە بايىقىدەك ھەرپلەرنى يېزىپ جاۋاب بەردى.

لېۋىن ئۇنىڭ يازغىنىنى خېلىغىچە چۈشىنەلمەي، پات - پات ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. بەختتىن خۇدىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ يازغان بۇ ھەرپلىرىنىڭ نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ تاپالمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بەختكە تويۇنۇپ تۇرغان جەلپكار كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىزدەۋاتقان نەرسىسىنىڭ جاۋابىنى

بىلىۋېلىپ، جاۋابەن ئۈچ ھەرپنى يېزىۋىدى، كىتى ئۇنىڭ ھەرپلەرنى يېزىۋاتقان قولىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپلا، ھەرپلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ مەنىسىنى چۈشەندى ـ دە، شۇئانلا «توغرا» دەپ جاۋاب يازدى.

— سىلەر خەت ئويۇنى ئويناۋاتامسىلەر نېمە؟ — دېدى قېرى كىنەز ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، — تىياتىرغا كېچىكىپ قالمايلى دېسەڭلار، ھازىرلا ماڭغىنىمىز تۈزۈك.

لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىتىنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ باردى.

ئىككىسىنىڭ خەت ئويۇنىدا ھەممە گەپلەر — كىتىنىڭ لېۋىننى ياخشى كۆرىدىغىنىمۇ، ئەتە ئەتىگەندە لېۋىننىڭ كېلىدىغانلىقىنى دادىسى بىلەن ئاپىسىغا ئېيتماقچى بولغىنىمۇ دېيىلگەنىدى.

# 14

كىتى كېتىپ لېۋىن ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ ئەمدى ئولتۇرالماي قېلىۋاتاتتى، ئەتىكى كۈنىنىڭ چاپسانراق يېتىپ كېلىشىگە تەقەززا بولۇۋاتاتتى. ئەتە ئۇنى يەنە كۆرەلەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە بىللە بولالايتتى، كىتىسىز ئۆتكۈزىدىغان ئەمدىكى ئون سائەتتىن خۇددى ئۆلۈمدىن قورققاندەك قورقۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئۆزى يالغۇز قالماي، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىرەرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى سۆھبەتداش بولالايتتى، لېكىن ئۇ سىرتقا چىقماقچى، ئۆزى دېگەن كەچلىك ئولتۇرۇشقا بارماقچى، ياق، بالېتقا بارماقچى بولۇپ چىقىپ كەتتى. لېۋىن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، قىلغان ياخشىلىقىنى مەڭگۈ

ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئارانلا ئۈلگۈردى. ئوبلونسكىينىڭ ئۆزىگە قاراپ قويۇشى ۋە كۈلۈمسىرىشى، يۈرىكىگنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— قانداق، ئۆلىدىغان ۋاقتىڭ كەلمەپتۇمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي ھاياجان بىلەن لېۋىنىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

— يا ... ياق ! — دېدى لېۋىن.

دوللى ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا خۇددى ئۇنى تەبرىكلىگەندەك قىلىپ:

— كىتى بىلەن قايتا ئۇچراشقىنىڭىزدىن شۇنچىلىك سۆيۈندۈم. كونا دوستلۇقنى ئەتىۋارلاش كېرەك، — دېدى.

دوللىنىڭ بۇ گېپى لېۋىنىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. دوللى لېۋىنىنىڭ كىتىگە بولغان ھېسسىياتىنىڭ قانچىلىك يۈكسەكلىكىنى چۈشەنمەيتتى، چۈشەنمىگەندىكىن ئۇ گەپنى ئېغىزغا ئالماسلىقى كېرەك ئىدى.

لېۋىن قايتماقچى بولۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. لېكىن، يالغۇز قېلىشنى خالىماي ئاكىسىنى تۇتۇۋالدى.

— سەن نەگە بارىسەن؟

— مەجلىسكە.

— مەن بىللە بارسام بولامدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدۇ؟ بىللە بارايلى، — دېدى كوزنىشېۋ بوش كۈلۈپ قويۇپ، — بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟

— ماڭىمۇ؟ ماڭا بەخت قۇشى قوندى، — دېدى لېۋىن ئىككىسى ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان پەيتونىنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىۋېتىپ، — سەن ھېچقانداق بولمىدىڭمۇ؟ مەن ئىسسىپ ئۆلەيلا دېدىم. مەن بۈگۈن شۇنچىلىك بەختلىكمەن. سەن نېمىشقا ھازىرغىچە ئۆيلەنمەيسەن؟

كوزنىشېۋ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مەن بەكمۇ خۇرسەن بولدۇم، ئۇ ناھايىتى ياخشى قىز دەك ...

— ئۇنداق دېمە ! ئۇنداق دېمە ! ئۇنداق دېمە ! — لېۋىن توۋلاپ كەتتى ۋە ئاكىسىنىڭ خۇرۇم پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى ئىككى قولى بىلەن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، يۈزىنى قوللىرى ئۇستىگە قويۇۋالدى. «ياخشى قىز دەك كۆرۈنىدۇ» دېگەن بۇ سۆز كىتىنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئورنىغا زادىلا ماس كەلمەيدىغان تولىمۇ ئاددىي سۆز ئىدى.

كوزنىشېف ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خۇشال كۈلۈپ كەتتى، بۇ ئۇنىڭدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىدى.

— نېمىلا دېگىن، بۇ ئىشىڭ مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدى.

— بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەتە پاراڭلىشايلى، ئەتە پاراڭلىشايلى. بۈگۈن ماڭا باشقا ھېچنېمە دېمە، ھېچنېمە دېمە ! گەپ قىلمىغىن، — دېدى ئۇ ئاكىسىنىڭ پەلتوسىنىڭ ياقىسىغا يۈزىنى تېخىمۇ بەكرەك يېقىپ، — مەن سېنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن ! قانداق، مەن مەجلىسلەرغا قاتناشسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ.

— بۈگۈن نېمە توغرۇلۇق مۇزاكىرىلىشىسىلەر؟ — دېدى لېۋىن تېخىچە كۈلكىسىنى باسالماي.

ئۇلار يىغىن زالىغا كىرىپ كەلدى. لېۋىن كاتىپنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر ھۆججەتنى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئوقۇپ بېرىۋاتقىنىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كۆرۈنۈشىدىن ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، چىقىشقاق ئادەمدەك قىلاتتى، بۇنى ئۇنىڭ قولىدىكى ھۆججەتنى قورۇنۇپ، ھودۇقۇپ تۇرۇپ ئوقۇۋاتقىنىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئارقىدىنلا مۇنازىرە باشلاندى. ئۇلار قانداقتۇر بىر ئىشقا پۇل ئاجرىتىش، مەلۇم بىر يەردىكى سۇ تۇرۇبىلىرى ئۇسكۈنىلىرى ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى. كوزنىشېف مەغرۇر ئولتۇرۇپ نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى، گەپلىرىدە ھەدەپ ئىككى ئەزاغا كىنايە قىلاتتى. ئالدىدىكى قەغەزگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ

ئولتۇرغان يەنە بىر ئەزا باشتا قورقۇمسىراپ ئولتۇرۇپ، كېيىن ناھايىتى ئاچچىق گەپلەر بىلەن دوستانە تۇرۇپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرىپ چىقتى. ئارقىدىن سۇيېژسكىي (ئۇمۇ شۇ يەردە ئىدى) چىرايلىق ھەم كېلىشتۈرۈپ سۆزلىدى. لېۋىن ئۇلارنىڭ مۇنازىرىلىرىدىن ئاجرىتىلغان پۇل، سۇ تۇرۇبىلىرى ئۇسكۇنىلىرى توغرۇلۇق بىرمۇ گەپنى ئاڭلىمىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە راست ئاچچىقلانمايتتى، ھەممىسى ئوخشاشلا يېقىشلىق، مۇناسىۋەتلىرىمۇ ناھايىتى ياخشى، دوستانە، كەيپىياتلىرى ئۇستۈن ئىدى. ئەڭ ئوبدان بولغىنى، لېۋىن بۈگۈن بۇ يەردىكى ھەربىر ئادەمنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەن، بۇرۇن كۆزگە چېلىقمىغان ئەڭ كىچىك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چۆككەن، ھەممىسىنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلگەندى. ئۇ ئادەملەرمۇ بۈگۈن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلغان چاغدىكى — ھەتتا ئۇ تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭمۇ — مۇئامىلىلىرىدىن، ئۇنىڭغا سەممىي ۋە دوستانە قاراشلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

— قانداق، ساڭا ياقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى كوزنىشېف ئۇنىڭدىن.

— ناھايىتى ياقتى. سىلەرنىڭ مەجلىسىڭلارنى بۇنچىلىك قىزىقارلىق بولىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئاجايىپ ياخشى بولدى! نېمىدېگەن ئېسىل ئېچىلغان.

سۇيېژسكىي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى ئۆيىگە بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلدى. لېۋىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ نېمىسىدىن نارازى بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى، ئەسلەپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ ئەقىللىق، ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنغۇ.

— بولىدۇ! — دېدى لېۋىن. ئارقىدىن ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قېيىنسىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۆزىنىڭ غەلىتە

تەپەككۇرى بويىچە سۋىيەژسكىينىڭ قېينىسىڭلىسىنى ئۆزىنىڭ توي ئىشى بىلەن باغلاپ، بېشىمغا قونغان بەختنى سۆزلەپ بېرىشكە سۋىيەژسكىينىڭ خوتۇنى بىلەن قېينىسىڭلىسىدىن ئۆزگە مۇۋاپىق ئادەم يوق، دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭكىگە بېرىشقا ماقۇل دېگىنىدىن بەكمۇ خۇش بولدى.

سۋىيەژسكىي ئۇنىڭ يېزىدىكى ئەھۋاللىرىنى سوراپ، ئۆتكەنكىگە ئوخشاش، ياۋروپادا يوق نەرسىلەرنىڭ رۇسىيەدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن گەپنى قىلغانىدى، لېۋىن بۇ گەپكە ئۇ چاغدىكىدەك خاپا بولۇپ كەتمىدى، ئەكسىچە سۋىيەژسكىيمۇ توغرا دەيدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىگىلىكىنى قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىگىلىككە چىقىرىۋەتتى. ئۇ يەنە سۋىيەژسكىينىڭ ئۆزىنىڭ توغرا پىكىرلىرىنى ئەتەي سۆزلىمەيدىغانلىقىنى، كىشىلەرگە سەممىمىي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، چىقىشقاق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئىككى ئايالمۇ ناھايىتى خۇشخۇي ئاياللار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشلىرىنى بىلىدىغاندەك، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغاندەك، پەقەت ھۆرمەت يۈزىدىنلا ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھەر خىل ئىشلار ئۈستىدە بىر سائەت، ئىككى سائەت، ئۈچ سائەت پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، ھەربىر گەپنىڭ ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشىنى ئۇلارغا پۈرىتىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن شۇنچىلىك زېرىككەنلىكىنى، ئۇيقۇلىرى كېلىپ ئولتۇرالماي قېلىشىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا سەزمىدى. بۇ ئاغىنىسىنىڭ كەيپىنىڭ بۈگۈن بىرئاز غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەن سۋىيەژسكىي ئەسنىگەن پېتى ئۇنى ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. كېچە سائەت بىردىن ئاشقانىدى. لېۋىن مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى ۋە قالغان ئون سائەتنى ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئويلاپ بىرئاز قورققاندەك بولدى. چاي قايىنىتىدىغان ئادەم تېخى

ئۆخلىمىغانىكەن، ئۇنىڭغا شام يېقىپ بېرىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا لېۋىن ئۇنى توختىتىۋالدى. ئۇنىڭ ئىسمى يېگور ئىدى. لېكىن، بۇرۇن ئۆزى دىققەت قىلمىغان بۇ ئادەم ناھايىتى ئەقىللىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنغۇ؟

— قانداق، يېگور، ئۇيقۇسىزلىق يامانمۇ؟

— ئامال قانچە؟ خىزمىتىمىز شۇنداق. بېگىملەرنىڭ ئۆيلىرىدە ئىشلار يەڭگىلرەك، ئەمما بۇ يەردە كىرىم ياخشى.

يېگورنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئوغلى، تىككۈچىلىك قىلىدىغان بىر قىزى بار ئىكەن، قىزىنى ئېگەر ـ توقۇم ياسايدىغان دۇكاننىڭ بىر خىزمەتچىسىگە ياتلىق قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ.

لېۋىن مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى يېگورغا سۆزلەپ بېرىپ، نىكاھنىڭ ئاساسلىق شەرتى مۇھەببەت، مۇھەببەت كىشىنى بەختلىك قىلىدۇ، چۈنكى مۇھەببەت ئادەملەرنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئالغان بولىدۇ، دېگەندەك بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى.

يېگور خۇددى تولۇق چۈشىنىۋاتقاندەك لېۋىننىڭ گەپلىرىنى دىققىتىنى يىغىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ گەپلىرىنى قۇۋۋەتلەپ گەپ قىلغاندا، لېۋىن ئويلاپ باقمىغان گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ياخشى تۆرىلەرنىڭ قولىدا ئىشلىگەندە كۆڭلى شۇنچىلىك خۇش بولىدىكەن. ھازىرقى خوجايىنى فرانسۇز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ رازى ئىكەن.

«نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ئادەم بۇ !» دەپ ئويلىدى لېۋىن.

— ئەي يېگور، ئۆز ۋاقتىدا سەن خوتۇنۇڭ بىلەن توي قىلغاندا خوتۇنۇڭنى ياخشى كۆرگەنمىدىڭ؟

— ياخشى كۆرمەيچۇ، — دېدى يېگور جاۋاب بېرىپ.

لېۋىن ئۇنىڭ بۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىپ كەتتى.

— مېنىڭ تۇرمۇشۇممۇ ئاجايىپ ئۆتكەن، بالا چاغلىرىمدىن

تارتىپلا ... — خۇددى ئەسنەك يۇقتۇرغانغا ئوخشاش، لېۋىنىڭ كۆڭلىنىڭ خۇشلۇقى ئۇنىڭغىمۇ يۇقۇپ، بىردىنلا كۆزلىرى چاقناپ سۆزلەپلا كەتتى.

شۇ ئارىلىقتا قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ يىگور چىقىپ كەتتى، ياتاقتا لېۋىن يالغۇز قالدى. ئۇ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا تۈزۈك تاماق يېمىگەن، بايا سۋىيەژسكىيلارنىڭكىدە يا چېيىنە - پىرەنىك، يا تاماق يېگىلى ئۇنىمىغانىدى، ئۆزىنىڭمۇ تاماق يېگۈسى يوق ئىدى. ئاخشام ئۇخلىمىغان، ھازىرمۇ ئۇخلىغۇسى يوق ئىدى، ئۆينىڭ ئىچى سالقىن بولسىمۇ، پۈتۈن بەدىنى قىزىپ تۇراتتى. ئۇ دېرىزىنىڭ ئىككى كۆزنىكىنى يوغان ئېچىۋېتىپ ئۈدۈلدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. قار باسقان ئۆگزىنىڭ نېرىسىدا نەقىشلەنگەن زەنجىرلىك كرېست، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدە «ۋوزىنچى» ناملىق يۇلتۇزلار تۈركۈمى بىلەن «كاپېللا» ناملىق يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئۈچ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ تۇراتتى. لېۋىن ھېلى كرېستقا، ھېلى يۇلتۇزلارغا قاراپ، دېرىزىدىن كىرىۋاتقان سالقىن ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، خىيالىدا پەيدا بولۇۋاتقان ئوبرازلار بىلەن خاتىرىلەرنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئولتۇراتتى. سائەت ئۈچ بولغاندا كارىدوردا بىرىنىڭ ماڭغان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ باقتى. ئەسلىدە ئۇ لېۋىن تونۇيدىغان قىمارۋاز مەسكىن ئىكەن، كەچلىك كۇلۇبتىن قايتقان ئوخشايدۇ. ئۇ قاپىقى چۈشۈپ كەتكەن، روھى چۈشكۈن ئىدى، توختىماي يۆتىلەتتى. «بەختسىز بىچارە !» دەپ ئويلىدى لېۋىن ۋە ئۇ ئادەمگە ئىچى ئاغرىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈسى كەلدى، لېكىن ئۈستى يېلىڭ بولغاچقا، ئۇ نىيىتىدىن يېنىپ، ياتاققا كىرىپ جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزى ئۈچۈن ئەھمىيىتى چوڭ بولغان چىرايلىق كرېستقا، ئاستا - ئاستا ئۆرلەۋاتقان نۇرلۇق سارغۇچ يۇلتۇزلارغا قارىدى. سائەت

ئالتىدىن ئاشقاندا، پول سۇرتۇۋاتقان ئاۋاز بىلەن چىركاۋ قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. لىۋىن سەل مۈزلىغاندەك بولۇپ دېرىزىنىڭ كۆزنەكلىرىنى يېپىۋەتتى، ئاندىن يۈزىنى يۇيۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

# 15

كوچىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. لىۋىن شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئېتىك، ھەممە يەر جىمجىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە مېھمانخانىغا قايتىپ ياتىقىغا كىردى. قەھۋە بۇيرۇپ ئىچتى. قەھۋە دەملەپ كىرگىنى يېگور ئەمەس، باشقا بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىردەم بولسىمۇ پاراڭلىشىپ ئولتۇراي دەپ تۇرۇشىغا، بىرى قوڭغۇراق بېرىپ چىقىپ كەتتى. لىۋىن قەھۋەنىڭ ھەممىسىنى ئىچىۋەتمەكچى بولۇپ ئاغزىغا بىر پارچە بولكا سېلىۋىدى، ئاغزى ئۇ بولكىنى قانداق قىلىشنى بىلمىگەندەك مىدىرمۇ قىلماي قويمىدى. لىۋىن ئاخىر ئاغزىدىكى بولكىنى ياندۇرۇۋېتىپ كىيىملىرىنى كىيدى ـ دە، يەنە تالاغا چىقىپ كەتتى. شېرباتسكىيلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئىككىنچى قېتىم بارغاندا سائەت توققۇزدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇلار ئەمدىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان، ئاشپەز بازارغا كۆكتاتقا ماڭغانىدى. لىۋىنغا يەنە ئىككى سائەتچە ساقلاشقا توغرا كېلەتتى.

لىۋىن شۇ كېچە، شۇ سەھەرنى ئۇخلىماي گاراڭ ھالەتتە ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ماددىي تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، تۈنۈگۈن بىر كۈن تاماق يېمىگەن، ئىككى كېچە ئۇخلىمىغان، سوغۇق ئۆيدە بىرنەچچە سائەتكىچە يالاڭ ئولتۇرۇپ چىققانىدى. شۇنداقلىقىغا قارىماي ئۆزىنى تېتىك، ساغلام، خۇددى

ھېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك يەڭگىل سېزەتتى، ھەرىكەتلىرىگىمۇ ھېچقانچە كۈچەپ كەتمەيتتى، ھەرقانداق ئېغىر ئىشنىمۇ قىلىپ كېتەلەيدىغاندەك ئويلايتتى، ئەگەر زۆرۈر بولسا ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشكىمۇ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىنى قوزغىۋېتىشكىمۇ كۆزى يېتەتتى. ئۇ قالغان ۋاقتىنى تىنماي سائەتكە قاراش، ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتۈش بىلەن كوچىدا ئۆتكۈزدى.

ئۇ شۇ چاغدا كۆرگەنلىرىنى كېيىن ھېچقانداق يەردە كۆرمىدى. بولۇپمۇ مەكتەپكە كېتىۋاتقان ئىككى ئوغۇل بالا، ئۆگزىلەردىن پىيادىلەر يولىغا ئۇچۇپ چۈشكەن كۆك كەپتەرلەر، قانداقتۇر بىر كۆرۈنمەس قول تەرىپىدىن دېرىزە تەكچىلىرىگە تىزىپ قويۇلغان ئۇششاق دۇگىلەك بولكىلار ئۇنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالغانىدى. ئۇ بولكىلار، كەپتەرلەر ۋە ئىككى ئوغۇل بالا بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى ئىدى. بىر ئوغۇل بالا كەپتەرلەرنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ لېۋىنغا كۈلۈپ قاراپ قويدى. كەپتەرلەر قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ پىررىدە قىلدى ـ دە، ھاۋادا تەۋرىنىپ تۇرغان قار ئۇچقۇنلىرىنى ئارىلاپ، كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇرۇپ ئۇچۇپ كەتتى. دېرىزىدىن ئىسسىق بولكىنىڭ ھىدى كېلىپ، يەنە بىرمۇنچە ئۇششاق بولكىلار تىزىلىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەنىدى. بۇ ئىشلار قوشۇلۇپ ئاجايىپ بىر چىرايلىق مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى، لېۋىن كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى، خۇشاللىقىدا كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ گېزىتخانا كوچىسى بىلەن كىسلوۋكا كوچىسىنى ئۇزاق ئايلىنىپ، ئاندىن يەنە مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى ـ دە، سائىتىنى ئالدىغا قويۇپ، سائەتنىڭ ئون ئىككى بولۇشىنى ساقلاپ ئولتۇردى. ياندىكى ئۆيدە بىرلىرىنىڭ ماشىنىلار، ئالدامچىلىقلار توغرىسىدا قىلىشىۋاتقان پاراڭلىرى، ئورنىدىن يېڭى قوپقان بىرسىنىڭ يۆتەلگىنى ئاڭلاندى. ئۇلار سائەتنىڭ ئاللىقاچان ئون ئىككىگە ئاز قالغانلىقىنى

بىلىشمەيتتى. سائەت ئون ئىككىمۇ بولدى. لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقتى. كىراكەشلەر خۇددى ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى بىلىپ تۇرۇشقاندەك، ھەممىسى خۇشال ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا گۇررىدە كېلىپ ئولىشىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ چانىلىرىغا تارتىشقا باشلىدى. لېۋىن قالغان كىراكەشلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، كېلەر قېتىم كەلگەندە ئۇلارنىڭ چانىلىرىغا ئولتۇرۇشقا ۋەدە قىلىپ بىر چانىغا ئولتۇردى ـ دە، كىراكەشكە شېرباتسكىيلارنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. قىزىرىپ تۇرغان ساغلام بويىنىغا ئاق كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى چاپىنىدىن چىقىرىپ مەھكەم تۇگمىلىۋالغان چانچى بەكمۇ يېقىملىق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چانىسى شۇنچىلىك ئېگىز ھەم شۇنچىلىك راھەت ئىدىكى، شۇنىڭدىن كېيىن لېۋىن بۇنداق چانىغا بىر قېتىممۇ ئولتۇرۇپ باقمىدى. ئېتىمۇ ياخشى ئات ئىدى، ئىتتىك چېپىپ كېتىۋاتسىمۇ، خۇددى ئورنىدىن قوزغالماي تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. چانچى شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىنى بىلىدىكەن، لېۋىنغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئىككى قولىنى ئېگىپ يۇملاق بىر چەمبەر ھاسىل قىلىپ، ئاندىن «تىررر» دەپ چانىسىنى دەرۋازا ئالدىدا توختاتتى. شېرباتسكىيلارنىڭ دەرۋازىۋىنى ئىشلاردىن خەۋەردار بولسا كېرەك، خەۋىرىنىڭ بارلىقى كۆزلىرىدىكى كۈلكە بىلەن گەپ قىلىۋاتقان چاغدىكى چىراي ئۆزگىرىشلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— كەلمىگىنىڭىزگە ئۇزاق بولغان، كونسانتىن دمىترىيچ! — دېدى ئۇ.

ئۇ ئىشلاردىن خەۋەردارلا ئەمەس، خۇشاللىقىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىۋاتقاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. لېۋىن ئۇنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن يېقىملىق كۆزلىرىگە قاراپ، ئۆز بەختىگە يەنە قانداقتۇر بىر يېڭى مەزمۇن قوشۇلغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتىمۇ؟
— مەرھەمەت! مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويسىلىمۇ بولىدۇ، — لېۋىن كەينىگە بۇرۇلۇپ شىلەپىسىنى ئېلىۋالماقچى بولغاندا، ئۇ بوۋاي شۇ گەپنى قىلدى. ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ قېلىشىدىمۇ گەپ بار ئىدى.
— كىمگە خەۋەر قىلىمەنكىن؟ — دەپ سورىدى چاكار.
ئۇ يېڭى كەلگەن ياش چاكار بولۇپ، بەگزادىلەردەك كىيىنىۋالغانىدى، ئەمما يېقىشلىق ئىدى. ئۇنىڭمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى باردەك قىلاتتى.
— كىنەز خانىم ... كىنەز ... كىنەز خانقىز، — دەپ كەتتى لېۋىن دۇدۇقلاپ.
ئۇنىڭ دەسلەپ كۆرگەن ئادىمى لىنون خانقىز بولدى. ئۇ بۇدۇر چاچلىرىمۇ، يۈزىمۇ پارقىراپ تۇرغان قىياپەتتە مېھمانخانىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى. لېۋىن ئۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا پاراڭلىشىپ تۇراتتى، بىردىنلا ئىشىكنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆڭلەكنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، لىنون خانقىز شۇ ھامان كۆزدىن غايىب بولدى. لېۋىن بەختىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك، ئىچى - ئىچىدىن چىقىۋاتقان خۇشاللىقتىن ئېسەنگىرەپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا لىنون خانقىز غىل - پال كۆرۈنۈپ باشقا بىر ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا بىرىنىڭ ناھايىتى ئىتتىك مېڭىپ كىرىۋاتقان يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، لېۋىنىنىڭ بەختى، ھاياتى، شۇنچە ئۇزاق ئارزۇ قىلىپ كەلگەن نەرسىسى ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇ ئۆزى كېلىۋاتمايتتى، ئۇنى قانداقتۇر بىر مەۋھۇم كۈچ ئىتتىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.
لېۋىن قەلبىنى چۇلغىۋالغان مۇھەببەت خۇشاللىقىنى كىتىنىڭ سەممىيەت پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىدە كۆردى. ئۇ كۆزلەر بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭدىن چېچىلىپ تۇرغان مۇھەببەتنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدىن لېۋىن كۆزلىرىنى ئاچالماي

قالدى. كىتى دەل لېۋىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن قوللىرىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

كىتى قىلىشى مۇمكىن بولغان ھەممە ئىشنى قىلىپ، يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن ۋە ئۇيىلىپ ھەم خۇشال بولۇپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانىدى. لېۋىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، سۆيۈشنى كۈتۈپ تۇرغان لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى مەھكەم باستى.

كىتىمۇ كېچىچە ئۇخلىمىغان، ئەتىگەندىن بېرى ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنىڭ ئىشىغا سۆزسىز رازى بولۇپ، قىزىنىڭ بەختىدىن ئۆزلىرىنى بەختلىك سېزىشكەنىدى. كىتى ئۇنى كۈتكەن، ئۆزىنىڭ ھەم ئۇنىڭ بەختىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا جاكارلاشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز كۆرۈشۈشنى ئويلىغان، لېكىن يەنە ئۇنداق كۆرۈشۈشتىن قورقۇپ ۋە ئۇيىلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى، گەپ قىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، لىنون خانقىزنىڭ كېتىشىنى ساقلاپ تۇرغانىدى. لىنون خانقىز كەتكەن ھامان ھېچنېمىنى ئويلىماي، قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ بايا قىلغان ئىشلارنى قىلدى.

— يۈرۈڭ، ئاپامنىڭ يېنىغا كىرەيلى، — دېدى كىتى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ. لېۋىن خېلىغىچە گەپ قىلالمىدى، گەپ قىلالمىغىنى يۈرىكىدىكى يۈكسەك ھېسسىياتنى گەپ بىلەن بۇزۇپ قويۇشتىن قورقانلىقىدىن ئەمەس، گەپ قىلىشقا تەمشەلگەندىلا ھاياجاندىن يىغلىغۇسى كېلىپ، گېلىنىڭ بوغۇلۇپ قالىدىغانلىقىدىن ئىدى. ئۇ كىتىنىڭ قولىنى لەۋلىرىگە يېقىن ئەكېلىپ سۆيۈپ قويدى.

— بۇ راستمۇ؟ — دېدى ئاخىر لېۋىن بوغۇلۇپ چىقىۋاتقان ئاۋازى بىلەن، — سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرگىنىڭنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

كىتى ئۇنىڭ ئۆزىنى «سەن»لىگىنىگە ۋە ئۆزىگە

قورقۇمسىراپىراق قاراپ قويۇۋاتقانلىقىغا قاراپ بىردىنلا پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.
— راست! — دېدى كىتى گەپنى سوزۇپ ۋە مەنىلىك قىلىپ، — مەن شۇنچىلىك بەختلىك!
كىتى ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي مېھمانخانىغا يېتىلەپ كىردى. كىنەز خانىم ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپلا نەپەسى جىددىيلىشىپ بىردىنلا يىغلاپ كەتتى، ئارقىدىن يەنە كۈلۈپ، لېۋىن ئويلاپ باقمىغان بىر تەرزدە ئىككىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دىگۇدەك كەلدى ۋە لېۋىننىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرۇپ پېشانىسىگە، مەڭزىلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى. لېۋىننىڭ مەڭزىلىرى ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتتى.
— مانا، ئاخىر خاتىرجەم بولدۇق. مەن بەكمۇ خۇشال. كىتىنى ياخشى كۆرگىن. مەن بەك خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن ... كىتى!
— ناھايىتى چاپسانلا تېپىشىۋاپسىلەرغۇ، — دېدى قېرى كىنەز پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىپ. لېكىن، لېۋىن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا گەپ قىلاي دەۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭمۇ ياشقا تولغانلىقىنى كۆردى، — مۇشۇنداق بولۇشىنى مەن ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم، — دېدى ئۇ لېۋىننى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتىپ، — مېنىڭ بۇ شەيتان قىزىم ئويلىمايلا ...
— دادا! — دەپ توۋلاپ كەتتى كىتى دادىسىنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ.
— ماقۇل، ماقۇل، دېمەيمەن! — دېدى ئۇ، — مەن بەكمۇ ... بەكمۇ ... خۇشال ... ھەي! مەن تازىمۇ گاللىۋاڭ ئادەم - دە ...
كىنەز كىتىنى قۇچاقلاپ مەڭزىلىرىگە، قوللىرىغا، يەنە مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ، بەدىنىگە كىرېست سىزىپ كەتتى.
كىتىنىڭ دادىسىنى قويۇۋەتمەي خېلىغىچە ئۇنىڭ سېمىز

قوللىرىغا سۆيۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، لېۋىنىڭ كۆڭلىدە ئىلگىرى ئۆزى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدىغان بۇ قېرى كىنەزگە قايتا بىر خىل ئامراقلىق پەيدا بولدى.

## 16

كىنەز خانىم ساپادا كۈلۈمسىرەپ جىمجىت ئولتۇراتتى، كىنەز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. كىتى دادىسىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى ساپانىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى، ھېچكىم ھېچنېمە دېمەيتتى.

بىر چاغدا كىنەز خانىم ئۆزىنىڭ ئويلىغان، ھېس قىلغانلىرىنى مەسىلە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرى ھە دېگەندىلا ئولتۇرغانلارغا غەلىتە تۇيۇلدى ھەم ئۇلارنى بىئارام قىلىپ قويدى.

— ئىشلار قاچان بولسۇن؟ توي ۋاقتىنى بېكىتىش، باغاق تارقىتىش كېرەكقۇ؟ توينى قاچان قىلىمىز؟ سەن بىر نېمە دېگىنچۇ، ئالېكساندىر؟

— ئۇنىڭدىن سورا، — دېدى قېرى كىنەز لېۋىننى كۆرسىتىپ، — بۇ ئىشتا ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب.

— قاچان دەمسىز؟ — دېدى لېۋىن قىزىرىپ كېتىپ، — ئەتە، مېنىڭدىن سورىسىڭىز، بۈگۈن چاي ئىچكۈزۈپ، ئەتە توينى قىلساق دەيمەن.

— يوق گەپنى قىلمىغىنا، قوزام!

— ئەمىسە بىر ھەپتىدىن كېيىن بولسۇن.

— ساراڭ بوپتۇمۇ نېمە بۇ.

— ياق، بۇنىڭ نېمىسى بار؟

— ۋاي، خۇدايىمەي، — دېدى كىنەز خانىم لېۋىننىڭ

ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىدىن خۇشال بولۇپ كۈلگەن پېتى، — قىز مېلىچۇ؟

«يەنە نېمە قىز مېلىدۇ؟ — قورقۇپراق ئويلاپ قالدى لېۋىن، — قىز مېلى، چاي ئىچكۈزۈش دېگەنلەر مېنىڭ بەختىمگە زىيان كەلتۈرەرمۇ؟ چوقۇم ئۇنداق بولمايدۇ، — ئۇ كىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن كەيپىنىڭ ئۇچمىغانلىقىنى كۆرۈپ، — قارىغاندا، ئۇ قىلمىسا بولمايدىغان ئىش ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى.

— مەن ھېچنېمە بىلمەيمەن، پەقەت ئويلىغىنىمنىلا ئېيتتىم، — دېدى ئۇ كەچۈرۈم سوراپ.

— ئۇنداق بولسا مەسلىھەتلىشەيلى. چاي ئىچكۈزۈش، باغاق تارقىتىش دېگەنلەرنى ھازىر قىلساقمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولسۇن.

كىنەز خانىم ئېرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، كىنەز ئۇنى قويۇپ بەرمەي، خۇددى ياش ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك چىڭ قۇچاقلاپ ئۇزاق سۆيۈپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا بۇ قېرىلار خۇددى ئەقلىدىن ئازغاندەك، بۇ توي ئۆزلىرىنىڭمۇ ياكى قىزىنىڭمۇ، بىلەلمەي قېلىشىۋاتاتتى. كىنەز بىلەن كىنەز خانىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، لېۋىن سۆيگۈنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالغان، گەپ قىلالايدىغان بولغانىدى، كىتىگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى. لېكىن، گەپ قىلغاندا پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك گەپ قىلمىدى.

— مەن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يۈرگەن، ئۈمىدلەنمىگەن، ئەمما پېشانەمگە مۇشۇنداق يېزىلغانلىقىغا ئىشەنگەن.

— مەنچۇ؟ — دېدى كىتى، — ئاشۇ چاغدىمۇ ... — ئۇ گېپىدىن توختاپ قېلىپ، سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن لېۋىنغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — بېشىمغا قونغان بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن ئاشۇ چاغدىمۇ مەن

ئىشەنچىمنى يوقاتمىغان. بىر سىزنىلا ياخشى كۆرەتتىم، لېكىن شەيتان مېنى ئازدۇرۇپ كەتتى. ئېيتماقچى بولغىنىم، شۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەرسىزمۇ؟

— بەلكىم، شۇ ئىشنىڭ بولغىنى ياخشى بولغاندۇ. مېنىڭمۇ سىزنىڭ كەچۈرۈشىڭىزگە تېگىشلىك نۇرغۇن تەرەپلىرىم بار، ئۇلارنى سىزگە ئېيتىشىم كېرەك ...

ئۇ كىتىكە ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرمەكچى بولغىنى مۇنداق ئىككى ئىش، يەنى ئۆزىنىڭ پاك ئەمەسلىكى، دىنسىزلىقى ئىدى. ئۇلارنى دېيىش مۇشكۈل بولسىمۇ، ئاخىر دېيىشنى لايىق تاپقاندى.

— ياق، هازىر ئەمەس، كېيىن دەيمەن، — دېدى لېۋىن.

— بوپتۇ، كېيىن دەپ بېرىڭ، چوقۇم دەپ بېرىسىز جۇمۇ، مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. مەن ھەممىنى بىلىشىم كېرەك. ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق.

لېۋىن بىر ئېغىز قوشۇپ قويدى:

— ئەمىسە كېلىشتۇق، مەن قانداقلا ئادەم بولاي، مېنى قوبۇل قىلىسىز، تاشلىۋەتمەيسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق.

شۇ ئارىلىقتا لىنون خانقىز كىرىپ قېلىپ ئىككىسىنىڭ پارىڭىنى بۆلۈۋەتتى. ھەرىكەتلىرى ياسىما بولسىمۇ، سەمىمىي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىسىنى تەبرىكلىدى. ئۇ چىقىپ كەتمەي تۇرۇپلا خىزمەتكارلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرىپ ئۇنى مۇبارەكلەشتى. كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ خۇشال پاتىپاراقچىلىقلار باشلىنىپ كەتتى. لېۋىن توينىڭ ئەتىسىگىچە شۇ پاتىپاراقچىلىقتىن نېرى بولالمىدى. ئۇ خىجالەت بولۇپ ھەم بۇ قالايمىقانچىلىقتىن زېرىكىپ يۈرسىمۇ، بەخت تۇيغۇسى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئۆرلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىدىن تەلەپ

قىلىنىۋاتقان ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىپ تۇراتتى، ئەمما كونكرېت نېمە ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلاتتى. قىلغانسېرى بەخت ئىچىگە شۇنچە شۇڭغۇيتتى. ئۇ مېنىڭ تويۇم باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئادەتتىكى توي شەرتلىرى بىلەن توي قىلسام مېنىڭ بۇ ئالاھىدە بەختىمگە زىيان يېتىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئوخشاشلا بەختى ئۇلغىيىپ ماڭدى، ئۇلغايغانسېرى پەۋقۇلئاددە تۇس ئېلىپ، ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بەختكە ئايلاندى.

— ئەمدى بىز كەمپۈت يېيىشىمىز كېرەك، — لىنون خانقىز شۇنداق دېۋىدى، لېۋىن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كەمپۈت ئالغىلى كەتتى.

— ئاھ، مەن بۈگۈن تولىمۇ خۇشال، — دېدى سۋىيەژسكىي، — سىزگە مەسلىھەتىم، دەرھال فومىنىنىڭكىگە بېرىپ گۈل ئەكېلىڭ!

— گۈل كېرەكمىدى؟ — لېۋىن يەنە پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ گۈلگە ماڭدى.

ئاكىسى ئۇنىڭغا، بىر يەردىن ئازراق پۇل قەرز ئال، يەنە نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ، سوۋغاتلارنى ئېلىشىڭ كېرەك ... — دېدى.

— يەنە سوۋغاتمۇ ئالىمەنمۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئۇ فولدنىڭ ئۇنچە - مەرۋايىت دۇكىنىغا ماڭدى. لېۋىن ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانلىقىنى، ھەممىسىنىڭ ئۆزىنى نەچچە كۈندىن بېرى ئۇچراشقان ئادەملەرگە ئوخشاش قىزغىن تەبرىكلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قىزىق يېرى، ئۇنى ئاشۇ ئادەملەرلا ياخشى كۆرۈپ قالماي، ئىلگىرى ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراپ كەلگەن سوغۇق تەلەت ئادەملەرمۇ ئۇنى ماختىشىۋاتاتتى، ھەممىلا ئىشتا ئۇنىڭ رايىغا

بىقىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىۋاتاتتى، دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەم ئىكەنلىكىگە ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ئىشىنىۋاتاتتى، بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغان خوتۇنىنىڭ ھەر تەرەپتىن كامالەتكە يەتكەن قىز ئىكەنلىكىدىن ئىدى. كىتىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق تۇيغۇدا ئىدى. گراف نوردستون خانىم تېخىمۇ ياخشى لايىق چىقىشىنى ئارزۇ قىلىۋىدىم، دېگەن ئويىنى ئازراقلا پۇرىتىپ قويۇۋىدى، كىتى قاتتىق خاپا بولۇپ، دۇنيادا لېۋىندەك ياخشى ئادەم تېپىلمايدۇ، دېدى. نەتىجىدە، گراف نوردستون خانىم ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولۇپ، كىتى بار يەردە لېۋىنغا كۈلۈپ قارايدىغان بولدى.

لېۋىننىڭ كىتىگە ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى دەپ بېرىش توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسى ئۇنىڭغا خېلى ئازابلارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ قېرى كىنەز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنىڭ قوشۇلۇشىنى ئالغاندىن كېيىن، كۈندىلىك خاتىرىسىنى كىتىگە بەردى. ئۇ بۇ كۈندىلىك خاتىرىنى كەلگۈسىدە توي قىلغاندا خوتۇنىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن يېزىپ ماڭغانىدى. ئۇنى ئىككى ئىش قىينايتتى، بىرى، كىچىك ۋاقتىدىلا بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى، يەنە بىرى، دىنسىزلىقى ئىدى. ئۇنىڭ دىنغا ئىشەنمەسلىكى كىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. كىتى دىنغا ئىشىنەتتى، دىنىي ئەقىدىلەردىن زادىلا گۇمان قىلمايتتى. شۇنداقتىمۇ، لېۋىننىڭ دىنغا شەكلەن ئىشەنمەسلىكى ئۇنىڭغا ئۇنچە تەسىر قىلىپ كەتمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزغىن مۇھەببىتى ئارقىلىق لېۋىننىڭ قەلبىنى تولۇق چۈشىنىشىنى، شۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە زۆرۈر بولغان نەرسىنى ئىزدەپ تېپىشنى ئويلايتتى. تاپقان نەرسىسى ئۇنىڭ راستىنلا دىنسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر ئىدى. لېكىن، كۈندىلىك خاتىرىدىن بىلگەن بىر ئىش ئۇنى ئازابتىن تارام - تارام ياش تۆكۈشكە مەجبۇر قىلدى.

لېۋىن كۈندىلىك خاتىرىنى ئۇنىڭغا بەرگەندە ئىچكى

كۆرەشسىز بەرمىگەن، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر سىر ساقلانماسلىقى كېرەك، دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن بەرگەن، ئەمما ئۇ ئىشنىڭ كىتىگە قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھېسابقا ئالمىغانىدى. تىياتىرغا بېرىش ئالدىدا ئۇلارنىڭكىگە كېلىپ كىتىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئۆزى پەيدا قىلغان، ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان دەردتىن يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى، بىچارە ۋە ئوماق چىرايىنى كۆرگەن چاغدىلا، ئۆزىنىڭ شەرمەندە ئۆتمۈشى بىلەن كىتىنىڭ دۇردانە پاكلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر ھاڭنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ شۇ قىلغىنىغا قاتتىق ئۆكۈندى ۋە چۆچۈدى.

— ئېلىڭ، مۇنۇ مۇدھىش دەپتىرىڭىزنى مەندىن نېرى قىلىڭ، — دېدى كىتى ئۇستەل ئۈستىدە ياتقان دەپتەرلەرنى نېرى ئىتتىرىپ، — بۇلارنى ماڭا نېمىگە بەردىڭىز ! ... ياق، بۇمۇ ئوبدان بولدى، — ئۇ لېۋىننىڭ خىجالەتكە پاتقان ھالدا تۇرغان بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈپ شۇ گەپنى قوشۇپ قويدى، — نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، نېمىدېگەن مۇدھىش ئىش ئۇ !

لېۋىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى، نېمە دېيىشىنىمۇ ھەم بىلمەيتتى.

— مېنى كەچۈرمەسسىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئارانلا گەپ قىلىپ.

— ياق، كەچۈردۈم، لېكىن بەكمۇ دەھشەتلىك !

لېۋىننىڭ بەختى بەكمۇ بۈيۈك ئىدى، لېكىن ئىقرار ئۇنىڭ بەختىگە قىلچە زىيان كەلتۈرمەيلا قالماي، يەنە تېخى ئۇنىڭغا يېڭىچە بىر خىل تۈس بەردى، كىتى ئۇنى كەچۈرۈۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ لېۋىن ئۇنى يەتكىلى بولمايدىغان يۈكسەكلىكتە، ئۆزىنى ئەخلاقىي جەھەتتە ئۇنىڭدىن تولىمۇ پەس ئورۇندا تۇرغاندەك ئويلايدىغان، ئۆزى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان بەختىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان بولدى.

# 17

كارىنىن تاماق ۋاقتىدا ۋە تاماقتىن كېيىن بولغان پاراڭلارنى ئىختىيارسىز ئەسلىگەچ ئۆزىنىڭ سۆرۈن ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. دوللىنىڭ ئۇنىڭغا ئانىنى كەچۈرۈۋېتىش توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىش ـ كەلمەسلىكى چوڭ مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. لېكىن، بۇ مەسىلىگە كارىنىن ئاللىبۇرۇن ئىنكار جاۋابىنى بېرىپ بولغانىدى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ گەپلىرى ئىچىدە كارىنىنغا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغىنى ئەخمەق، ئەمما ئاق كۆڭۈل تۇرووۋتسىنىنىڭ: «ئۇ ئۇنى دۇئېلغا چاقىرىپ ھەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدى» دېگەن گېپى ئىدى. قالغانلار ئاغزىدا دېمىسىمۇ، كۆڭۈللىرىدە ئۇنىڭ ئۇ گېپىگە قوشۇلۇشقانىدى.

«ئومۇمەن، بۇ ئىش پۈتۈپ بولدى، ئۇنىڭ توغرىسىدا قايتا ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى كارىنىن ئۆز ـ ئۆزىگە. ئەمدى ئۇ كۆز ئالدىدىكى سەپەر ۋە تەكشۈرۈش ئىشى ئۈستىدە ئويلانمىسا بولمايتتى. ئۇ ياتاققا كىرىپلا، كەينىدىن كىرىپ كەلگەن ئىشىكباقاردىن خىزمەتكارىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ يېڭىلا سىرتقا چىقىپ كەتكەن، دەپ جاۋاب بەردى. كارىنىن چاي كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپ قويۇپ ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى ۋە سەپەر يېتەكچىسى ناملىق كىتابچىنى قولىغا ئېلىپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئويلاندى.

— سىزگە ئىككى تېلېگرامما كەپتۇ، — دېدى قايتىپ كەلگەن خىزمەتچىسى ياتاققا كىرىپ كېلىۋېتىپ، — مېنى

كەچۈرۈڭ، بېگىم، بىر ئىش بىلەن چىقىپ كېتىۋىدىم.

كارېنىن تېلېگراممىلارنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ ئوقۇدى. بىرىنچى تېلېگرامما ئۇ ئۇزاقتىن بېرى تەمە قىلىپ كېلىۋاتقان ئورۇنغا ستىرېموفنىڭ تەيىنلەنگەنلىكى توغرىسىدا ئىدى. كارېنىن شۇئان قىزىرىپ كېتىپ تېلېگراممىنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى. *«خۇدا كىمنى خاراب قىلىمەن دېسە شۇنى ئەقلىدىن ئايرىيدۇ.»* ① كارېنىن لاتىنچە بۇ تەمسىلنى يادىغا ئالدى. بۇ يەردىكى «كىمنى» دېگەن سۆزنى ئۇ مۇشۇ خىزمەتكە تەيىنلەش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئادەمگە قارىتىپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئورۇنغا تەيىنلىنەلمىگىنى ھەم باشقىلارنىڭ ئۆزىگە سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قۇرۇق گەپ قىلىشنىلا بىلىدىغان ستىرېموفدەك ئادەمنىڭ ئۇ ئورۇنغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشمىگىنى ئۈچۈن ئاچچىقى كېلەتتى. ئۇلار بۇ تەيىنلەشنىڭ ئۆزلىرىنى قانچىلىك خاراب قىلىدىغانلىقىنى، ئابرۇيىنى قانچىلىك تۆكىدىغانلىقىنى نېمىشقا بىلمىدى؟

«بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشتۇ؟» ئۇ ئىككىنچى تېلېگراممىنى ئېچىۋېتىپ ئۆز ـ ئۆزىگە ئاچچىقى بىلەن سۆزلەپ قويدى. بۇ تېلېگرامما ئۇنىڭ خوتۇنىدىن كەلگەنىدى. بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە كۆك قېرىنداش بىلەن يېزىلغان «ئاننا» دېگەن خەت چېلىقتى. «مەن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك قىلىمەن، ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ يېتىپ كەلگىن. سەندىن كەچۈرۈم ئېلىپ ئۆلسەم كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيمەن.» كارېنىن تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولۇپ سوغۇق بىر كۈلدى ـ دە، بىر چەتكە تاشلاپ قويدى. باشتا ئۇ بۇ تېلېگراممىدىكى گەپلەرنى شۈبھىسىز يالغان، مېنى ئالداۋاتىدۇ، دەپ بىلدى.

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى لاتىنچە.

«ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئالدامچىلىق كېلىدۇ. بەلكىم يەڭگىيدىغاندۇ ياكى تولغىقى تۇتۇپ قېينىلىۋاتقاندۇ. لېكىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ مېنى چاقىرىشتىكى مەقسىتى نېمە؟ تۇغۇلغان بوۋاقنى ماڭا قانۇنىي بالا قىلدۇرۇۋېلىپ مېنىڭ نامىمنى بۇلغىماقچىمۇ ياكى ئاجرىششىمغا توسقۇنلۇق قىلماقچىمۇ؟ — ئۇ ئىچىدە توختىماي ئويلاپ كېتىۋاتاتتى، — بىراق، تېلېگراممىدا ئېنىق قىلىپ، ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك قىلىمەن دەپتۇغۇ ... — ئۇ تېلېگراممىنى قولىغا ئېلىپ باشقىدىن ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىكى گەپلەرگە بىردىنلا دىققەت قىلىپ قالدى، — ناۋادا راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك ! — يەنە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ كەتتى ئۇ، — ئەگەر ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا گۇناھلىرىغا توۋا قىلماقچى بولغان بولسا، مەن ئۇنى مېنى ئالداۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ يېنىغا بارمىسام، ئۇ چاغدا قانداق ئەھۋال بولىدۇ؟ مەن شەپقەتسىزلىك قىلغان بولۇپ قېلىپ خەقلەرنىڭ گېپىگە قالمامدىمەن؟ ئۆزۈم ياقتىن ئالغاندىمۇ بارماسلىقىم ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق بولمامدۇ؟»

— پېتر، پەيتۇن چاقىر، مەن پېتېربۇرگقا بارىمەن، — دېدى ئۇ چاكىرىغا.

كارېنىن پېتېربۇرگقا بېرىپ خوتۇنىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى. ئەگەر كېسەللىكى يالغان بولسا، گەپ - سۆز قىلماي قايتىپ كېتىدىغان، راست سەكراتتا ياتقان، ئۆزى بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان بولسا، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدىغان، ناۋادا ئۇلگۇرەلمەي قالسا ئەرلىك بۇرچى بويىچە ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولۇپ، پېتېربۇرگقا قاراپ يولغا چىقتى.

پېتېربۇرگقا بارغاندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى يول بويى ئويلاپمۇ قويمىدى.

بىر كېچە پويىزدا ئولتۇرۇپ ھاردۇق يەتكەن كارېنىن پېتېربۇرگنىڭ تاڭ سەھەردىكى بىرمۇ ئادەم يوق تۇمانلىق نىۋا

كوچىسىدا پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، كۆزلىرى ئالدىغا تىكىلگەن، ئۆزىنى نېمە ئىشلارنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ ئويلىمىغىنىمۇ توغرا ئىدى، ئويلايدىغانلا بولسا، بىر خىيالغا، يەنى ئۇ ئۆلۈپ كەتسە ھەممە دەردتىن بىراقلا قۇتۇلاتتىم، دېگەن خىيالغا ئەسىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بولكىخانىلار، ئىشىكلىرى تاقاق دۇكانلار، كېچىلىك كىرا پەيتۇنلىرى، پىيادىلەر يولىنى سۈپۈرۈۋاتقان ئىشچىلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ تۇراتتى. كارېنىن شۇ خىياللاردىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن، پۈتۈن دىققىتىنى كوچىدا كۆرگەن شۇ نەرسىلەرگە بېرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايتتى، لېكىن كاللىسىغا كىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن شۇ كۆرۈنۈشنى ئامال بار خىيالىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ئولتۇرغان پەيتۇن دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ يەردە بىر كىرا پەيتۇنى بىلەن بىر ئائىلە پەيتۇنىنىڭ تۇرغانلىقى يىراقتىن كۆزىگە چېلىقتى. پەيتۇنكەشلەر پەيتۇن ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇراتتى. كارېنىن ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ موسكۋادىكى چاغدا ئويلاپ قويغان: «ئەگەر بۇ بىر ئالدامچىلىق بولسا، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن بىرلا قارايمەن ـ دە، ئارقامغا قارىماي چىقىپ كېتىمەن؛ راست بولسا، ئۆرپ ـ ئادەت ھەم قائىدە بويىچە ئىش قىلىمەن» دېگەن قارارىنى كاللىسىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈۋالدى. ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قوڭغۇراقنى بېسىپ بولغۇچە، ئىشىككە قارايدىغان خىزمەتكار ئىشىكنى ئېچىپ بولدى. خىزمەتكار پېترو (يەنە بىر ئىسمى كاپىتونىچ) پۇتىدا كالاچ، كونا مېھمانلىق چاپىنىنى كىيىۋالغان، گالستۇك تاقىمىغان ھالەتتە ئىدى.

— خانىم قانداقراق؟

— تۈنۈگۈن سالامەت يەڭگىۋالدى.

كارېنىن تۇرۇپلا قالدى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. مۇشۇ

ئەھۋالىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىغانلىقىنى بىلدى.

— سالامەتلىكى قانداق؟

كورنىيې ئەتىگەندىلا تارتىۋالىدىغان پەرتۇقى بىلەن پەلەمپەيدىن يۇگۈرۈپ چۈشتى.

— ئەھۋالى بەكمۇ يامان، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — تۈنۈگۈن دوختۇرلار كېلىپ دىئاگنوز قويۇشتى، دوختۇر ھازىرمۇ بار.

— نەرسىلىرىمنى ئېلىپ كىر! — دېدى كارېنىن. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەر ھالدا ئۆلۈشىدىن ئۈمىد بار ئىكەن، دېگەن ئوي بىلەن يېنىك بىر تىنىپ قويۇپ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى.

كىيىم ئاسقۇدا ھەربىي پەلتودىن بىرى ئېسىقلىق تۇراتتى. كارېنىن ئۇ پەلتونى كۆرۈپ:

— كىم بار؟ — دەپ سورىدى.

— دوختۇر، تۇغۇت ئانىسى، يەنە گراف ۋرونسكىي بار.

كارېنىن ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. مېھمانخانىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، بېشىغا گۈلنەپشە رەڭ باشىنىڭ كىيىۋالغان تۇغۇت ئانىسى ئاننىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەلدى.

— خۇداغا شۈكۈر، قايتىپ كەپسىز، سىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي سورىغىنى سورىغان، — دېدى ئۇ.

— چاپسان مۇز ئەكېلىڭلار! — ھۇجرىدىن دوختۇرنىڭ بۇيرۇق قىلىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

كارېنىن ئاننىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئاننىنىڭ ئۈستىلى يېنىدىكى ئورۇندۇقتا يۈزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋېلىپ يىغلاپ ئولتۇرغان ۋرونسكىينى كۆردى. ۋرونسكىي دوختۇرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ كارېنىننى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى كۆرۈپلا تەمتىرەپ كېتىپ يەنە ئولتۇرۇۋالدى، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر

تاپالماي قىلىۋاتاتتى. كېيىن ئۆزىنى سەل تۈزىۋېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، دوختۇر ئۈمىد يوق، دەيدۇ. مەن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا، نېمە قىلىمەن دېسىڭىز مەيلى، ئەمما مۇشۇ يەردە بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلسىڭىز ... نېمە دېسىڭىز مەن تەييار، مەن ...

كارېنىن ۋرونسكىينىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولۇپ — باشقىلارنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا شۇنداق بولاتتى — دەررۇ ئارقىسىغا قارىۋالدى ۋە ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا ئىچكىرىگە ماڭدى. ئۇ يەردىن ئاننىنىڭ خۇشال، ئازراق ئاچچىق ئارىلاش دانىمۇ دانە سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. كارېنىن ھۇجرىغا كىرىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى، ئاننا ئۇنىڭ تەرەپكە قاراپ ياتاتتى، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، يېڭى ئىچىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق قولى بىلەن ھەدەپ ئۇستىدىكى ئەدىيالنىڭ بىر ئۇچىنى مىجىقلاپ توختىمايتتى، چىرايىدىن ساغلاملىقى، كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىقى چىقىپ تۇراتتى، گەپلىرى تېز، ياڭراق، تەلەپپۇزى ئوچۇق ھەم شۇنچىلىك ھاياجان ئىدى.

— چۈنكى، ئالېكسېي، مەن ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچنى دەۋاتىمەن (ھەر ئىككىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاشلا ئالېكسېي ئىدى. قارالڭ، قانداق غەلىتە تەقدىر بۇ؟) ! ئالېكسېي كۆڭلۈمنى قايتۇرمايدۇ، مەن ئۆتمۈشۈمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيمەن، ئۇ مېنى كەچۈرۈۋېتىدۇ ... ئۇ نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ؟ ئۇ تولىمۇ ياخشى ئادەم، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزى بىلمەيدۇ. ۋايىيەي ! ۋاي خۇدايىم ! ئىچىم بەكمۇ تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ ! ماڭا ئازراق سۇ بېرىڭلار ! قىزىمغا بۇنداق مۇئامىلە قىلسام بولمايدۇ ! ماقۇل، ئۇنى ئىنىكئانىسىغا بېرىۋېتەيلى. بولىدۇ، مەن قوشۇلىمەن، شۇنداق قىلغان ياخشى. ئۇ

كېلىپ كۆرسە ئۇنىڭغا ئەلەم قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇنى بېرىۋەتكەن تۈزۈك.

— ئاننا ئاركادىيېۋنا، ئۇ كەلدى، قاراڭ، ئۇ كەلدى ! — دېدى تۇغۇت ئانىسى ئاننانىڭ دىققىتىنى كارېنىنغا قارىتىشقا تىرىشىپ.

— ۋاي، بىكار گەپ ! — ئاننا ئېرىنى كۆرمەي داۋاملىق سۆزلەۋەردى، — ئۇنى ماڭا بېرىڭلار ! قىزىمنى ماڭا بېرىڭلار ! ئۇ تېخى كەلمىدى. سىز ئۇنى چۈشەنمىگەچكە كەلمەيدۇ دەۋاتىسىز. ئۇنى پەقەت بىر مەنلا چۈشىنىمەن، شۇڭا قاتتىق بىئارام بولىمەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى، راست دەۋاتىمەن، سېرىيوژانىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىيالمايمەن ... سېرىيوژاغا تاماق بەردىڭلارمۇ؟ مەن سىلەرنىڭ ئۇنى ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، ئۇ بولغان بولسا ئۇنتۇمايتتى. سېرىيوژانى بۇلۇڭدىكى ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويۇڭلار، مارىئېتتى ئۇنىڭ يېنىدا ياتسۇن.

ئاننا بىردىنلا تۈگۈلۈپ جىم بولۇپ قالدى، خۇددى بىرى ئۆزىنى ئۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئۆزىنى قوغداپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى ۋە شۇ ئارىلىقتا ئېرىنى كۆرۈپ قالدى.

— ياق، ياق ! — دېدى ئۇ يەنە، — مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن، ئۆلۈمدىن قورقىمەن. ئالېكسېي، يېقىنراق كەلگىن، مەن ئالدىراپ تۇرۇۋاتىمەن، ۋاقتىم كۆپ قالمىدى، هازىرلا يەنە قىزىيمەن، ئاندىن خۇدۇمنى بىلمەي يېتىپ كېتىمەن. هازىر بىلىپ يېتىۋاتىمەن، هەممىنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

كارېنىننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى ئازابلىق تۈس ئالدى، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن هېچنېمە دېيەلمىدى. ئېڭىكى بوش تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ئۆزىنى

ئاران ـ ئاران بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئارىلاپ ئانىناغا ئۇمىدسىز نەزەردە قاراپ قوياتتى. ھەربىر قارىغىنىدا، ئۆزگە تىكىلگەن كۆزلىرىدە ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل مېھرىبانلىقنى، زىيادە خۇشاللىقنى كۆرگەندەك بولاتتى.
— توختا، سەن بىلمەيسەن ... توختاڭلار، توختاڭلار ... — ئۇ خۇددى پۈتۈن دىققىتىنى يىغماقچى بولغاندەك گەپتىن يەنە توختاپ قالدى، — توغرا، — دېدى ئۇ يەنە، — توغرا، توغرا، توغرا، دېمەكچى بولغىنىم دەل شۇ ئىدى. مېنى غەلىتە بولۇپ قاپسەن دەپ ئويلىما، مەن يەنىلا ئىلگىرىكىدەكلا ... لېكىن، ماڭا چاپلىشىپ تۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئايال بار، مەن ئۇنىڭدىن قورقىمەن، چۈنكى ئۇ ئاشۇ ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆچمەن. ئەمما، ئەسلىدىكى ئاشۇ ئايالنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن، ئۇ ئايال مەن ئەمەس، ھازىرقى مەن ھەقىقىي مەن، تۈگەل ئۆزۈم. مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلىمەن، ئىشەنمىسەڭ ئۇنىڭدىن سوراپ باق. ئۆزۈم سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن، قوللىرىم، پۇتلىرىم، بارماقلىرىم شۇنچىلىك ئېغىر، بارماقلىرىمنىڭ يوغىناپ كەتكىنىگە قاراپ باق، لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى ئۇزاققا بارمايدۇ ... مېنىڭ پەقەت بىرلا تەلىپىم بار: مېنى كەچۈرۈۋەتسەڭ، پۈتۈنلەي كەچۈرۈۋەتكىن، مەن يامان خوتۇنمەن، لېكىن ئىنىكئانام دېدى، شېھىت ئەۋلىيا ئانا — ئىسمى نېمىدى ئۇنىڭ — مېنىڭدىنمۇ يامان ئىكەن. مەن رىمغا كېتىمەن، ئۇ يەر قاقاس بىر چۆللۈك، ئۇ يەردە ھېچكىم ماڭا كاشىلا قىلمايدۇ، پەقەت سېرىيوژا بىلەن قىزىمنىلا ئېلىۋالىمەن ... ياق، سەن مېنى كەچۈرمەيسەن! مەن بىلىمەن، بۇنداق ئىشنى كەچۈرۈپ بولمايدۇ! ياق، ياق، كەتكىن. سەن تولىمۇ ياخشى ئادەم! — ئاننا ئوتتەك قىزىپ تۇرغان بىر قولىدا كارېنىنى تۇتۇۋېلىپ يەنە بىر قولىدا ئۇنى ئىتتىرەتتى.

كارىنىنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى بۇزۇلۇپ، ئاخىر ئۆزىنى تۇتالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇ بىردىنلا بۇ كۆڭلى بۇزۇلۇشنىڭ روھىي جەھەتتىكى خۇشاللىقتىن بولۇۋاتقان بىر خىل روھىي ھالەت ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرخىل بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئىتائەت قىلىپ كەلگەن خرىستىئان ئەقىدىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىدىن دۈشمىنىنى كەچۈرۈش ۋە ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ ۋۇجۇدى دۈشمىنىنى كەچۈرۈش ۋە ياخشى كۆرۈشنىڭ خۇشاللىقى بىلەن لەرزىگە كېلىشكە باشلاپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى ئۇنىڭ بىلىكى ئۈستىگە قويدى، ئانىنىڭ ئوتتەك كۆيۈپ تۇرغان بىلىكىنىڭ ھارارىتى ئۇنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنى باسالماي، خۇددى كىچىك بالىدەك ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى، ئانىنا ئۇنىڭ يېرىم ياغاق بېشىنى قۇچاقلاپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە مەغرۇر بىر قىياپەتتە ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئۇ كەپتۇ، مەن بىلدىم ! ئەمدى مېنى كەچۈرۈۋەتكىن، ھەممە ئىشىمنى كەچۈرگىن ... ئۇلار يەنە كەلدى. ئۇلار نېمىشقا كېتىشمەيدۇ؟ مۇنۇ جۇۋىلارنى ئۈستۈمدىن ئېلىۋېتىڭلار.

دوختۇر ئۇنىڭ قولىنى ئاۋايلاپ تۈزلەپ، بېشىنى ياستۇققا ياتقۇزۇپ، ئاندىن ئەديالنى ئۈستىگە يېپىپ قويدى. ئانىنا ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، نۇرلۇق كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە ئۇڭدىسىغا جىمجىت ياتتى.

— ئېسىڭدە بولسۇن، مەن سەندىن مېنى كەچۈرۈۋېتىشىڭنىلا تىلىدىم، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسەڭ كېرەك ئەمەس ... ئۇ نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدۇ؟ — ئارقىدىنلا ئۇ تاشقىرىقى ئۆيدە ئولتۇرغان ۋرونسكىيغا دېدى، — بۇ يەرگە كىر ! بۇ يەرگە كىر !

ئۇنىڭغا قولۇڭنى بەرگىن!

ۋرونسكىي كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاننانى كۆرۈپلا قوللىرى بىلەن يۈزىنى يەنە يېپىۋالدى.

— يۈزۈڭنى ئاچ، ئۇنىڭغا قارا! ئۇ ئەۋلىيادەك ئادەم، — دېدى ئاننا، — يۈزۈڭنى ئاچ! — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن يەنە، — ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىۋەت، ئۇنى بىر كۆرەي!

كارېنىن ئۇنىڭ قوللىرىنى تارتىپ يۈزىنى ئاچتى، ۋرونسكىينىڭ چىرايى ئازاب ۋە نومۇستىن شۇنچىلىك سەتلىشىپ كەتكەنىدى.

— ئۇنىڭغا قولۇڭنى بەر! ئۇنى كەچۈر!

كارېنىن ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى.

— خۇداغا شۈكۈر! خۇداغا شۈكۈر! — دېدى ئاننا، — ئەمدى ئىشلار تەلتۆكۈس بولدى. پۇتۇمنى ئازراق تارتىپ تۈزلەپ قويۇڭلار. بەللى، تازا ئوبدان بولدى. ئۇ گۈلنى تازا ياخشى سىزالماپتۇ، زادىلا كاككۇككۈلگە ئوخشىماپتۇ، — دېدى ئۇ تامغا چاپلانغان گۈللۈك قەغەزنى كۆرسىتىپ، — يا خۇدا! يا خۇدا! بۇ ئىشلار قاچان تۈگەيدۇ؟ ماڭا مورفىندىن بېرىڭ، دوختۇر! مورفىندىن ئازراق بېرىڭ! ۋاي خۇدايىم! يا رەببىم!

ئاننا كارىۋاتتا تولغىنىپ كېتىۋاتاتتى.

دوختۇرلار بۇ ئاغرىقنى تۇغۇتتىن كېيىنكى يۇقۇملۇق كېسەل، بۇنىڭ بىلەن ئاغرىغان ئادەمنىڭ توقسان توققۇز پىرسەنتى ئۆلۈپ كېتىدۇ، دېيىشتى. ئاننا كۈن بويى قىزىتمىسى ئۆرلەپ، جۆيلۈپ، ھوشسىزلىنىپ ياتتى. يېرىم كېچىگە بارغاندا سېزىمى يوقاپ، تومۇرى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

جان ئۈزۈش ئېھتىمالى ھەربىر مىنۇتتا مەۋجۇت ئىدى.

ۋرونسكىي ئۆيگە قايتىپ كەتكەندى، تاڭ سەھەردە ئاننانىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە كەلگەندە، كارېنىن ئۇنىڭ بىلەن دالان ئۆيدە كۆرۈشتى.

— سىز مۇشۇ يەردە بولۇڭ، ئۇ سىزنى سوراپ قېلىشى مۇمكىن، — كارېنىن شۇنداق دەپ، ۋرونسكىينى خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى.

ئاننا سەھەردە يەنە شۇنداق ھاياجانلىنىشقا باشلاپ، ئاخشامقىدەك قالايمىقان سۆزلەپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ھوشسىز يېتىپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنداق بولدى. بۇ كۈنى دوختۇر ئازراق ئۈمىد بارلىقىنى دېدى. شۇ كۈنى كارېنىن ۋرونسكىي ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى يېپىپلا ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ، — مېنىڭ سىزگە دەيدىغان باشقا گېپىم يوق. مەن ھازىر ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدىم، پەقەت مېنى كەچۈرۈشىڭىزنىلا سورايمەن. سىزگە قانچىلىك ئېغىر بولسا، ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.

ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، كارېنىن ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىشىڭىزنى سورايمەن، شۇنداق قىلىشىڭىز ھەم زۆرۈر. مەن سىزگە مېنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ئوي - پىكىرلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچىمەن. سىزمۇ بىلىسىز، مەن ئاننا بىلەن ئاجرىشىش قارارىغا كېلىپ بولدۇم، ھەتتا بەزى رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكىمۇ باشلىدىم. سىزدىن يوشۇرمايمەن، دەسلەپتە نېمە قىلىشىمنى بىلمەي بەكمۇ ئازابلانغان، سىز بىلەن

ئۇنىڭدىن ئۆچمۇ ئالماقچى بولغانىدىم. تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بۇياقتا ماڭغاندا مۇشۇنداق ئويدا ماڭغان، تېخىمۇ ئېنىقراق دېسەم، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەنىدىم. لېكىن ... — كارېنىن ئويلىغىنىمنى دەيمۇ، دېمەيمۇ دېگەندەك، بىردەم جىمجىت تۇرۇۋالدى، — كېلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشنى لايىق تاپتىم. شۇ كەچۈرۈش بەختى ماڭا مەسئۇلىيىتىمنى تونۇتۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى كەچۈرۈۋەتتىم، خەق بۇ مەغزىمنى كاچاتلىسا، ئۇ مەغزىمنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولدۇم، چاپىنىمنى سالدۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئىچ كىيىملىرىنىمۇ سېلىپ بەرمەكچى بولدۇم، خۇدادىن ۋۇجۇدۇمدىن پەقەت ئۇنى كەچۈرۈۋېتىش بەختىنى تارتىۋالماسلىقنىلا تىلىدىم، — ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى ياشقا تولغان، ۋەزمىن قاراشلىرى ۋرونسكىينى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى، — مەن مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدىمەن. سىز مېنى پاتقاققا تاشلاپ دەسسەپ چەيلىۋەتسىڭىزمۇ، باشقىلار مەندىن كۈلۈشسىمۇ ئۇنى تاشلىۋەتمەيمەن، سىزنى ئەيىبلەيدىغان گەپلەرنىمۇ قىلمايمەن، — ئۇ توختىماي سۆزلەۋەردى، — مېنىڭ ۋەزىپەم ناھايىتى ئېنىق، مەن ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە بولۇشۇم كېرەك. ئەگەر ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا، مەن سىزگە خەۋەر قىلىمەن. ئەمما، ھازىر سىزنىڭ كېتىپ تۇرغىنىڭىز ياخشىمىكىن دەپ ئويلايمەن.

كارېنىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ۋرونسكىيمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، گەۋدىسىنى تىك تۇتالماي، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. ئۇ كارېنىننىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى چۈشىنەلمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش دۇنيا قاراشقا ئىگە ئادەملەرنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس بىر خىل ئالىيجاناب ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

# 18

ۋرونسكىي كارىنىن بىلەن پاراڭلىشىپ بولۇپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا چىققاندا، ئۆزىنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنى، ئەمدى نەگە بارىدىغانلىقىنى ناھايىتى تەستە ئېسىگە ئېلىپ قاتتىق نومۇسلاندى، خورلاندى، جىنايىتىنى يۇيۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەمدەك ھاقارەت ئىچىدە قالدى. ئۇ ئۆزىنى مۇشۇ كۈنگىچە شۇنچىلىك ئوڭايلىق بىلەن مەغرۇر بېسىپ كەلگەن يولدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىلگەندەك ئويلاپ قالدى. ھاياتنىڭ شۇنچىلىك مۇستەھكەم كۆرۈنگەن ئادەت ۋە مىزانلىرى بىردىن ئىشقا يارىمايدىغان ساختا نەرسىلەر بولۇپ چىقىۋاتاتتى. شۇ كۈنگىچە بىچارە بىر بەندە بولۇپ كۆرۈنگەن، بەختىگە بىر كۈلكىلىك نەرسە تاسادىپىي ھالدا توسالغۇ بولغان ئالدانغان ئېرىنى ئانىنا ئۆزى تۇيۇقسىز مەيدانغا ئاچىقىپ، ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان شۇنچىلىك بىر يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈۋەتتىكى، ئۇ ئەر شۇ يۇكسەكلىككە چىقىۋالغاندىن كېيىن، زەھەرخەندە، ساختىپەز، كۈلكىلىك ئادەم بولماي، ئەكسىچە كۆڭلى كەڭ، ئاددىي، ئالىيجاناب ئادەملەر قاتارىغا ئۆتۈۋالغاندى. ۋرونسكىي بۇنى ھېس قىلماي تۇرالمىدى. ئەمدى ئىككىسىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ، ۋرونسكىي ئۇنى ئالىيجاناب، ئۆزىنى پەسكەش، ئۇنى ھەقلىق، ئۆزىنى ناھەق دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئانىنانىڭ ئېرى نۇرغۇن ئازابلارنى تارتقان بولسىمۇ، ناھايىتى كەڭ قورساق، ئۆزى بولسا ئالدامچى، نەزىرى پەس، يارىماس ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۆزى ئەزەلدىن نەزىرىگە ئالماي كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ نەزىرى پەس ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئازابىنىڭ ئاز بىر

قىسىم سەۋەبى ئىدى. ئۇنى ئەڭ كۈچلۈك ئازابقا سېلىۋاتقىنى، يېقىندىن بېرى سوۋۇپ قالغاندەك بولۇۋاتقان ئانىغا بولغان ئىشقىنىڭ ئۇنىڭدىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئانىنىڭ كۆڭلىنى مۇشۇ قېتىم ئاغرىتىپ ياتقاندا ئۇزۇل - كېسىل چۈشەندى. بۇرۇن ئۇ ئۇنى ئۇنچىلىكمۇ ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى، بۈگۈن ئۇنى چۈشىنىپ ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنى مەڭگۈ يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەقەت شەرمەندە بىر خاتىرە قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتى. ھەممىدىن يامان بولغىنى، كارېنىن ئۇنىڭ يۈزىنى يېپىۋالغان قوللىرىنى يۈزىدىن ئايرىپ قويغاندا، چىرايىنىڭ كۈلكىلىك ھەم شەرمەندە تۈسكە كىرىپ قالغانلىقى بولدى. ئۇ كارېنىننىڭ ئىشىكى ئالدىدا نېرۋىسى ئاداشقان ئادەمدەك نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرغاندا، ئىشىكباقار:

سىزگە پەيتۇن كېرەكمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ ھەئە، پەيتۇن كېرەك.

ئۈچ كېچە كۆز يۇممىغان ۋرونسكىي ئۆيىگە كېلىپ، يېشىنمەيلا، قولىغا بېشىنى قويۇپ ساپاغا دۈم چۈشۈپ ياتتى. بېشى شۇنچىلىك ئېغىر ئىدى. ئەسلىمىلەر، خاتىرىلەر ۋە خىلمۇ خىل غەلىتە ئوي - خىياللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇنى زادىلا ئارامىدا قويمايۋاتاتتى: دەم كېسەلگە بېرىمەن دەپ قوشۇققا كۆپ قۇيۇۋەتكەن دورا، دەم تۇغۇت ئانىسىنىڭ ئاپئاق قوللىرى، دەم كارېنىننىڭ كارىۋاتنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان غەلىتە كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. «ئۇخلا! تولا ئويلىما!» دەيتتى ئۇ خۇددى ئۇخلىغۇسى كەلسىلا ئۇخلاپ قالىدىغان ساغلام ئادەملەرگە ئوخشاش ئىشەنچ بىلەن ئۆز - ئۆزىگە. دېگەندەك، ئۇ خىياللىرى چالغىشقا باشلاپ، بېشى ئېغىرلىشىپ ئۇيقۇ دېڭىزىغا چۆكۈشكە

باشلىدى. بىر چاغدا ھاياتنىڭ گۈڭگا دولقۇنلىرى بېشى ئىچىدە قاتتىق بىر چايقىلىپ، خۇددى پۈتۈن بەدىنىگە كۈچلۈك بىر توك ئېقىمى ئۆتكەندەك بولدى ـ دە، قاتتىق بىر چۆچۈش بىلەن تەڭ ساپادىن چۈشۈپ كېتىپ، ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. كۆزلىرى ئاررافمۇ ئۇخلاپ باقمىغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى. بىر مىنۇتنىڭ ئالدىدىكى بېشىنىڭ ئېغىرلىشىپ، بەدىنىنىڭ بوشاپ تۇرۇۋاتقانلىقى بىردىن يوقاپ كەتتى.

ئۇ كارېنىنىنىڭ: «سىز مېنى پاتقاققا تاشلاپ دەسسەپ چەيلىۋەتسىڭىزمۇ مەيلى» دېگەن گېپىنى يەنە ئاڭلاۋاتقاندەك، ئىككى مەڭزى چوغدەك قىزىپ كېتىۋاتقان ئانىنىڭ چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، كارېنىنغا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى قايتا كۆرۈۋاتقاندەك، كارېنىن كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى يۈزىدىن ئېلىۋەتكەن چاغدىكى كۈلكىلىك قىياپىتىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەندەك بولدى. ئۇ يەنە ساپاغا چىقىپ، بايىقىدەك پۈتلىرىنى ئۈزۈن سوزۇپ يېتىپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

«ئەمدى ئۇخلاي! ئۇخلاي!» ئۇ بۇ گەپنى كۆپ قېتىم قايتىلىدى، لېكىن كۆزىنى يۇمغاندا، ئانىنىڭ بەيگىنىڭ ھارپا كۈنى كېچىدە كۆرگەن جامالى كۆزلىرىگە تېخىمۇ يارقىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

«ئۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەيدۇ! مەڭگۈ كەلمەيدۇ! ئانا ئۇنى خاتىرىسىدىن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن. قانداق قىلسام ياخشىلىشىپ قالارمىز؟ قانداق قىلىشىم كېرەك؟» ۋرونسكىي ئىختىيارسىز ئۇنىنى تېشىغا چىقىرىپ ئۇ سۆزلەرنى تەكرارلاپ كەتتى. ئۇنىڭ سېزىشىچە، بىر سۆزنى تەكرارلاپ تۇرسا كاللىسىغا توشۇپ كەتكەن خىلمۇخىل ئوبرازلار ۋە خاتىرىلەر ۋاقىتلىق بولسىمۇ كاللىسىدىن نېرى بولاتتى. لېكىن، ئۇنداق بولمىدى، ئۇ يول بىلەن ئۇ خىياللارنى توسۇپ قالالمىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن

ئەڭ گۈزەل چاغلار ۋە يېگىلا ئۇچرىغان ھاقارەتلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇچقاندەك كاللىسىغا كىرىپ كېلىشكە باشلىدى. «ئۇنىڭ قوللىرىنى يۇزىدىن ئېلىۋېتىڭ!» بۇ ئانىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ قولىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ چىرايىدىكى ئۇياتقاندەك كۈلكىلىك ھالەتنى سەزگەندەكمۇ بولدى.

ئۇخلاشتىن قىلچە ئۈمىد بولمىسىمۇ، ئۇ ئۇخلاپ كەتسەم بولاتتى، دېگەن ئوي بىلەن تېخىچە ساپادا ياتاتتى. كاللىسىغا يەنە باشقا ئادەملەرنىڭ قىياپەتلىرى كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، خىيالىغا كەلگەن بىر كىشىنىڭ ئايرىم گەپلىرىنى بوش ئاۋازدا تىنماي تەكرارلايتتى. بىر چاغدا ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، مەجنۇن ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك غەلىتە بىر ئاۋاز بىلەن تەكرارلانغان: «قەدرىگە يەتمىدىڭ، ھالاۋەتنى بىلمىدىڭ! قەدرىگە يەتمىدىڭ، ھالاۋەتنى بىلمىدىڭ!» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدى.

«بۇ نېمە گەپ؟ ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ، — بەلكىم شۇنداقتۇ. ئادەملەر نېمىگە ساراڭ بولۇپ، نېمىگە ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ؟» ئۇ ئۆزى گەپ قىلىپ، ئۆزى جاۋاب بېرىپ يېتىپ، بىردىنلا بېشىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاكىسىنىڭ خوتۇنى ۋاره كەشتىلەپ تىكىپ بەرگەن ياستۇقنى كۆرۈپ قالدى. ياستۇقنىڭ پۆپۈكىنى سىلاپ يېتىپ ۋارەنى، ئۇنى ئاخىرقى قېتىم قاچان كۆرگەنلىكىنى يادىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. لېكىن، بۇنداق مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى ئويلاشمۇ بىر ئازابلىق ئىش ئىدى. «ياق، ئۇخلىشىم كېرەك!» ئۇ ياستۇقنى يېقىن ئەكېلىپ بېشىنى ئۇنىڭ ئىچىگە تىقتى، ئەمما كۆزىنى يۇمۇش ئۈچۈن غەيرەت كېرەك ئىدى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، يەنە ئولتۇردى. «مەن تۈگەشتىم! — دېدى ئۆزىگە ئۆزى، — قانداق قىلىشنى ئوبدان ئويلىشىم كېرەك. يەنە نېمە قالدى؟» خىيال كەيتىرى ئانىغا بولغان مۇھەببىتىدىن باشقا،

تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى.

«مەنسەپمۇ؟ سىرپۇخوۋسكويمۇ؟ جەمئىيەتمۇ؟ ئوردىمۇ؟» خىيالى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئەستايىدىل توختاپ باقمىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ئىنتايىن مۇھىم نەرسىلەر ئىدى، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ قىلچە قىممىتى قالماپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستىدىكى چاپىنىنى سېلىۋەتتى، بەلۋېغىنى يېشىۋەتتى، تېخىمۇ ئەركىنرەك نەپەسلىنىش ئۈچۈن كۆڭلىكىنىمۇ يېشىۋېتىپ، تۈكلۈك مەيدىسىنى ئېچىپ ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈردى. «ئادەم مۇشۇنداق ئەھۋالدا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ، — تېخىمۇ كۆپ نومۇسقا قالماي دەپ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ ...» ئۇ بۇ گەپنى بوش ئاھاڭدا قوشۇپ قويدى.

ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى، ئاندىن كۆزلىرى داردايغان، چىشلىرىنى مەھكەم چىشلىگەن ھالدا ئۈستەلگە كېلىپ تاپانچىنى قولىغا ئالدى ۋە كۆزىدىن بىر ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئوقدىنىنى كۆچەپ بىر پىرقىراتتى ـ دە، خىيالغا كەتتى. قولىدا تاپانچا، جىددىي پىكىر قىلىۋاتقان قىياپەتتە بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئىككى مىنۇتچە قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. «ئەلۋەتتە!» دېدى ئۆزىگە ئۆزى خۇددى پىكىرلىرىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان مەنتىقىي ۋە يارقىن مۇلاھىزىلىرى شۈبھىسىز بىر خۇلاسىگە ئېلىپ كەلگەندەك. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆزى قاتتىق ئىشەنگەن بۇ «ئەلۋەتتە»سى شۇ بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ئۆزى ئونلاپ قېتىم ئەسلىگەن ۋە تەسەۋۋۇر قىلغان ئىشلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم قايتىلىنىشى ئىدى، خالاس. يەنە شۇ مەڭگۈلۈك ئايرىلغان بەختىنىڭ خاتىرىلىرى، يەنە شۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىدا ھەممە نەرسىنىڭ بىمەنە بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقى، يەنە شۇ ئۆزىنىڭ يەرگە ئۇرۇلغانلىقى خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى، بۇ تەسەۋۋۇر ۋە ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ تەكرارلىنىشىمۇ يەنە شۇ تەرتىپ

بىلەن ئىدى.

ئاشۇ بىمەنە خاتىرىلىرى بىلەن ئوي ـ خىياللىرى ئۆچىنچى قېتىم ئايلىنىپ كەلگەندە، ئۇ «ئەلۋەتتە»نى يەنە تەكرارلاپ، تاپانچىنى خۇددى ئالقىنىغا ئېلىپ مىجىۋېتىدىغاندەك قاتتىق بىر سىقىپ سول كۆكسىگە تىرىدى ـ دە، تەپكىنى باستى. لېكىن، ئۇ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، كۆكسىگە قاتتىق تىرىلىپ تۇرغان تاپانچا تەپكىنىڭ بېسىلىشى بىلەن پەيدا بولغان زەربىسىدە ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. قولىدىكى تاپانچا چۈشۈپ كېتىپ ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇۋىدى، قاتتىق سەنتۈرۈلۈپ كەتكەچكىمۇ، ئۆزىنى كونترول قىلالماي يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا ـــ ئۈستەلنىڭ ئەگمە پۇتلىرىغا، قەغەز سالىدىغان سېۋەتكە، يولۋاس تېرىسىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىنىمۇ تونۇماي قېلىۋاتاتتى. مېھمانخانىدىن گۇس ـ گۇس دەسسەپ ئىلدام كىرىپ كېلىۋاتقان خىزمەتكارنىڭ قەدەم تاۋۇشى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆچىنىپ تۇرۇپ ئېسىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ پولدا ئولتۇرغانلىقىنى، يولۋاس تېرىسى بىلەن قولىدىكى قاننى كۆرۈپ ئۆزىنى تاپانچا بىلەن ئاتقانلىقىنى بىلدى.

«ئەخمەق ! بايا ئوقنى تەگكۈزەلمەپتىمەنسەن ـ دە !» دېدى ئۇ تاپانچىنى تېپىش ئۈچۈن قولى بىلەن پولنى سىلاشتۇرۇۋېتىپ. ئۇ تاپانچىنىڭ يېنىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرمەي، يىراقنى ئىزدەۋاتاتتى، ئىزدەپ تاپالماي، ھالسىزلىنىپ كېتىپ، ئۆزىنى تۇتالماي يەنە يىقىلدى، قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى.

ئۆزىنىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرىگە نېرۋام ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ دائىم قاقشاپ بېرىدىغان چېكە ساقاللىق ياسانچۇق خىزمەتكارى خوجايىنىنىڭ پولدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، ۋرونسكىينى قاننىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ، ياردەمگە ئادەم چاقىرىشقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىر

سائەتتىن كېيىن ئاكىسىنىڭ خوتۇنى ۋارە يېتىپ كېلىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئادەم چاپقۇزۇپ دوختۇردىن ئۈچنى تاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار كىرىپلا ئۇنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئالدى، ۋارە ئۇنىڭغا قاراش ئۈچۈن يېنىدا قالدى.

## 19

كارېنىنىڭ خاتالىقى خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن توۋا قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى، ئەمما خوتۇنىنىڭ ئۆلمەي قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانلىقىدا كۆرۈلگەنىدى. ئۇ موسكۋادىن قايتىپ كېلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن شۇ خاتالىقىنىڭ دەردىنى تارتىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ خاتالىقتا يول قويۇشى يالغۇز ئاشۇ ئېھتىمالنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانلىقىدىلا ئەمەس، يەنە شۇ كۈنى خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى ئۆزىنىڭ چۈشەنمىگەنلىكىدىنمۇ ئىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا تۇرغاندا ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئىچ ئاغرىتىشنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ھېسسىياتنى ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ تارتىۋاتقان ئازابى ئېلىپ كەلگەنىدى، ئىلگىرى ئۇ ئۇ خىل ھېسسىياتنى زىيانلىق كەمچىللىك دەپ بىلىپ، ئىقرار قىلىشتىن نومۇس قىلاتتى. خوتۇنغا قىلغان رەھىمدىللىكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ توۋا قىلغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇنى كەچۈرۈشتىن ئالغان خۇشاللىقى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە مۇشۇ كۈنگىچە ھېچقاچان ھېس قىلىپ كۆرمىگەن روھىي ئاراملىقمۇ

بەرگەنىدى. ئۇ يەنە پۈتۈن ھەسرەتلىرىنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ئەمدى روھىي خۇشاللىقلىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ، ئۆزى قارىلاپ، يامانلاپ، ئۆچەكشىپ يۈرگەن چاغلاردا ھەل قىلىپ بولمايدىغاندەك كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ كىشىلەرنى ۋە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى كەچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ھەممە ئىشلارنىڭ ئايدىڭلىشىپ، ناھايىتى ئاسانلا بىر تەرەپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇ خوتۇنىنى كەچۈردى، چەككەن ئازابى ۋە توۋا قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى، ۋرونسكىينىمۇ كەچۈردى. بولۇپمۇ ئەلەمگە چىدىماي قىلغان ئىشى قۇلىقىغا يەتكەندە ئۇنىڭغىمۇ رەھمى كەلدى. ئوغلىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىگىنى ئۈچۈن ئۆزىگە كايىدى. يېڭى تۇغۇلغان قىزغا بولغان ھېسسىياتى تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا رەھىمدىللىك قىلىپلا قالماي، يەنە ئامراقمۇ بولۇپ قالدى. دەسلەپتە دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان بۇ ئاجىز جان ئىگىسىگە ئىچى ئاغرىپ غەمخورلۇق قىلغان، ئۆزىنىڭ قىزى بولمىسىمۇ، ئانىسى ئاغرىپ ياتقاندا ئۇنى كارى بولماي تاشلىۋەتمىگەنىدى. ئەگەر ئۇنىڭ غەمخورلۇقى بولمىغان بولسا، ئۇ بوۋاق ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ قالغان بولاتتى. ئۇ قىزنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقىنىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئۇ ياتقان ئۆيگە كۈندە نەچچە قېتىم كىرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالاتتى، نەتىجىدە بوۋاقنىڭ ئۇنىڭدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىككئانىسى بىلەن باققۇچىسى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا ئۆگىنىپمۇ قالدى. بەزىدە ئۇ ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭ سېرىق تۈكلىرى چۈشۈپ بولمىغان، تېرىلىرى بوش، پەرەڭدەك قىپقىزىل كىچىككىنە يۈزىگە، قورۇلۇپ تۇرغان پېشانىسىگە، چىڭ تۇرۇۋالغان قوللىرىنىڭ كەينى بىلەن كۆزلىرىنى، بۇرنىنى ئۇۋۇلاشلىرىغا يېرىم سائەتتەك قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بۇنداق

چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ تىنچ ۋە خاتىرجەم سېزەتتى، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدا ھېچقانداق غەيرىيلىك ياكى تۇزەتمىسە بولمايدىغان سەۋەنلىك تاپالمايتتى.

لېكىن، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بۇ خىل مەمنۇن، تىنچ كەيپىياتنى مەڭگۇ مۇشۇ ھالەتتە ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. روھىي دۇنياسىنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئاق كۆڭۈل روھىي كۈچتىن باشقا، شۇ كۈچ بىلەن تەڭ دېگۈدەك قۇدرەتكە ئىگە قوپال، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بىر كۈچنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ، بۇ كۈچنىڭ ئۇنىڭ خاتىرجەم، ئارامىدا ياشىشىغا يول قويمايدىغانلىقىنىمۇ ئۇ ھېس قىلىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە ھەممەيلەننىڭ ئۆزىگە ھەيران بولۇپ، سوئال نەزىرى بىلەن قارىشىۋاتقانلىقىنىمۇ، ئۆزىنى چۈشەنمەي، بىرەر ئىش قىلسا بولاتتى، دېگەن ئارزۇدا يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنىمۇ سېزەتتى. بولۇپمۇ خوتۇنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بوشلۇقى ۋە سۇنئىيلىكىمۇ ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى.

ئۆلۈمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقى بىلەن پەيدا بولغان كۆڭۈلنى كەڭ تۇتۇش ھېسسىياتى سۇسلاشقاندىن كېيىن، كارېنىن ئاننىنىڭ ئۆزىدىن ئەيمىنىپ، ئۆزىنى كۆرگەندە ئازابلىنىپ، كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالماي تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇنىڭغا نېمىدۇر بىرنېمە دېگۈسى باردەكمۇ قىلاتتى، لېكىن دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، ھازىرقى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئېرىدىن نېمىنىدۇر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەكمۇ كۆرۈنەتتى.

ئاننىنىڭ يېگى تۇغۇلغان، ئۇمۇ ئاننا دەپ ئاتالغان قىزى فېۋرالنىڭ ئاخىرىدا ئاغرىپ قالدى. كارېنىن ئەتىگەندە بوۋاق ياتقان ئۆيگە كىرىپ دوختۇر چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى مىنىستىرلىققا كەتتى. ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندە سائەت ئۈچتىن ئاشقانىدى. ئۇ دالان

ئۆيگە كىرىپ، ئۇستىگە چۆرىلىرىگە سېرىق جىيەك تۇتۇلغان قىسقا چاپان، بېشىغا ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا كىيگەن چىرايلىق بىر چاكارنى كۆردى، قولىدا ئاياللارنىڭ يەڭسىز ئاق جۇۋىسى تۇراتتى.

— كىم كەلدى ! — دەپ سورىدى كارېنىن.

— كىنەز بېتسى خانىم، — دەپ جاۋاب بەردى خىزمەتكار. كارېنىن ئۇنىڭ چىرايىدىن كۇلۇۋاتقاندەك بىر ھالەتنى كۆردى.

كارېنىن بۇنداق ئېغىر كۇنلەردە ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىدىكى تونۇشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئۆزى بىلەن خوتۇنى ئىككىسىگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ يۇرۇۋاتاتتى. تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ زورغا يوشۇرۇپ يۇرۇشكەن خۇشاللىقلىرىنى ئۇ ئۆتكەن قېتىم ئادۋوكاتنىڭ چىرايىدا كۆرگەن بولسا، بۇگۇن بۇ چاكارنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان مەغرۇر بېقىشلىرىدىن كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى توي قىلىشىۋاتقاندەك بۆلەكچىلا خۇشال ئىدى، ئۇنىڭدىن خوتۇنىنىڭ سالامەتلىكىنى سورىشىپ تۇراتتى.

كىنەز بېتسى خانىمنىڭ كېلىشى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى ئېسىگە سالغانلىقى ھەم ئادەتتە ئۇنىڭدىن بىزار ئىكەنلىكى بىلەن كارېنىن بىردىنلا تۇتۇلۇپ، ئۇدۇل بوۋاق ياتقان ئۆيگە ماڭدى. تاشقىرىقى خانىدا سېرىيوژا ئۇستەلگە يېتىۋېلىپ، پۇتىنى ئورۇندۇققا قويۇپ، بىر نەرسىنىڭ رەسىمىنى سىزغاچ خۇشال سۆزلەپ ئولتۇراتتى. ئىنگلىز ئايال مۇئەللىم ئانىنا ئاغرىق ياتقان كۇنلەردە فرانسۇز مۇئەللىمىنىڭ ئورنىدا سېرىيوژاغا قاراۋاتاتتى. ئۇ كارېنىن كىرگەندە تور توقۇپ ئولتۇراتتى، كارېنىننى كۆرۈپلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تىزىنى يېرىم ئېگىپ سالام بەردى ۋە سېرىيوژانى تۇرتۇپ قويدى.

كارېنىن ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، ئايال

مۇئەللىمنىڭ ئانىنانىڭ سالامەتلىكىنى سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى، ئارقىدىن *بوۋاقنىڭ*[1] كېسىلىگە دوختۇرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سورىدى.

— دوختۇر بالىنىڭ كېسىلى خەتەرلىك ئەمەس، كۆپرەك يۆيۈندۈرۈپ تۇرۇڭلار، دېدى بېگىم.

— لېكىن، بالىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىقى يوق ئوخشايدۇغۇ، — دېدى كارېنىن يان ئۆيدىن چىقىۋاتقان بوۋاقنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ.

— بالىنىڭ ئىنىكئانىسىنى يارامسىزمىكىن دەپ ئويلايمەن، تەقسىر، — دېدى ئىنگلىز ئايال مۇئەللىم كېسىپلا.

— نېمىشقا ئۇنداق ئويلايسىز؟ — دەپ سورىدى كارېنىن جايىدا توختاپ.

— گراف پولى خانىمنىڭمۇ شۇنداق بولغان، تەقسىر. ئۇلار بالا يىغلىسا ئاغرىپ قاپتۇ دەپ داۋالاۋېرىپتۇ، كېيىن قارىسا، بالىنىڭ قورسىقى ئېچىپ يىغلاپتىكەن، ئىنىكئانىسىنىڭ سۈتى يوق ئىكەن، تەقسىر.

كارېنىن بىرنەچچە سېكۇنت ئويلىنىپ قېلىپ، ئاندىن ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. بوۋاق ئىنىكئانىنىڭ قولىدا تېپىرلاپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى، چىڭقىلىپ كەتكەن ئەمچەكنى ئاغزىغا سالسىمۇ ئەممەي، ئىنىكئانا بىلەن بالا باققۇچىنىڭ بەزلەشلىرىگە پەرۋا قىلماي توختىماي يىغلاۋاتاتتى.

— ياخشى بولاي دېمىدىمۇ؟ — سورىدى كارېنىن.

— بەكمۇ خەقىشلىك قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بالا باققۇچى ئايال شىۋىرلاپ دېگۈدەك.

— ئېدۋارد خانقىز ئىنىكئانىسىنىڭ سۈتى يەتمەيدىغاندۇ ھەرقاچان، دەۋاتىدۇ، — دېدى كارېنىن.

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەيمەن، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ.

---

[1] بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچە.

— نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمايسىز؟

— كىمگە ئېيتىمەن؟ ئاننا ئاركادىيېۋنا ئاغرىق ياتسا، — دېدى بالا باققۇچى نارازى بولغاندەك قىلىپ.

بالا باققۇچى شۇ ئۆيدىكى كونا خىزمەتكار ئىدى، كارېنىن ئۇنىڭ شۇ بىر ئېغىز ئاددىي گېپىدىن ئۆزىگە دارىتمىلاۋاتقانلىقىنى سەزدى.

بوۋاق چىڭقىلىپ، خىرقىراپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى. بالا باققۇچى قولىنى سىلكىپ قويۇپ، ئىنىكئانىنىڭ يېنىغا باردى ـ دە، بوۋاقنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ بەزلەشكە باشلىدى.

— دوختۇر چاقىرتىپ ئىنىكئانىنى تەكشۈرۈتۈپ باقايلى، — دېدى كارېنىن.

ساغلام، رەتلىك كىيىنگەن ئىنىكئانا مېنى بۇلار ھەيدىۋەتمىگىيدى، دەپ قورققاندەك، چىقىرىپ قويغان تولغان كۆكسىنى كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ قويدى ۋە سۈتى يېتىشمەيۋاتامدىكىن دەپ گۇمان قىلغانلىرىغا مىيىقىدا كۈلۈپمۇ قويدى. كارېنىن ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدىنمۇ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىر ئالامەتنى سەزدى.

— بىچارە بالا، — دېدى بالا باققۇچى بالىنى بەزلىگەچ ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ.

كارېنىن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، چىرايىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، كۆزلىرى مېڭىپ يۈرگەن بالا باققۇچىدا ئىدى.

بوۋاقنىڭ يىغىسى پەسلىگەندىن كېيىن، بالا باققۇچى ئۇنى رېشاتكىلىرى ئېگىز كىچىك كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، ياستۇقىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ نېرى كەتتى. كارېنىن شۇندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، تەستە پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ بالىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە جىمجىت تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ كەتتى. تۇيۇقسىز، ئۇنىڭدا

چېچى بىلەن ماڭلىيىنىڭ تېرىسىنى مىدىرلىتىپ بىر كۈلكە پەيدا بولۇپ، يەنە يۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاستا چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئاشخانىغا چىقىپ قوڭغۇراق بېرىپ، خىزمەتكارغا دوختۇر چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. خوتۇنىنىڭ بوۋاق بىلەن كارى بولمىغاچقا، كارىۋىنىنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ تۇراتتى، شۇ ئاچچىقىدا خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرمىگەن، كىنەز بېتسى خانىم بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىشنىمۇ خالىمىغانىدى. لېكىن، يەنە خوتۇنىنى كۈندە يېنىمغا كىرىۋالىدىغان ئادەم ئەمدى نېمىشقا كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى، دەپ ھەيران قالمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. يۇمشاق گىلەم سېلىنغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ ئاڭلاشنى خالىمايدىغان بەزى گەپلەر قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

— ئەگەر ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا سىزنىڭمۇ، ئېرىڭىزنىڭمۇ نېمىشقا ئۇنى رەت قىلغىنىڭلارنى چۈشەنگەن بولاتتىم. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئىشتا ئېرىڭىز كەڭ قورساق بولۇشى كېرەك.

— مەن ئۇنى دەپ ئەمەس، ئۆزۈمنى دەپ ئۇنىمايۋاتىمەن. بولدى، بۇ گەپنى قىلىشمايلىلا، — دېدى ئاننا ئاچچىقى كەلگەندەك قىلىپ.

— بولىدۇ. لېكىن، سىزنى دەپ ئۆزىنى ئېتىۋالغان ئادەم بىلەن خوشلىشىپ قويماسلىقىڭىزغا بولمايدىغاندۇ ...

— شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا خوش دېيىشنى خالىمايمەن.

كارىنىن چۆچۈگەن، ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېس قىلغان بىر ھالەتتە توختاپ قالدى ۋە كەينىگە يانماقچى بولۇۋېتىپ، بۇنداق قىلسام سەت بولمىسۇن، دەپ ئويلىدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ قىسقا بىر يۆتىلىپ قويۇپ ھۇجرىغا كىردى. ئۇنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى توختاپ قالدى.

ئۇستىگە سۇر خالات كىيىۋالغان، قىسقا قىلىپ

كەستۈرۈۋەتكەن قاپقارا چاچلىرى يۇمىلاق بېشىنى بىر ئالغان ئانىنا سايادا ئولتۇراتتى، ئېرىنى كۆرۈپلا چىرايىدىكى تېتىكلىك بىردىنلا يوقاپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ بېتىسىگە ئەنسىز قىياپەتتە قاراپ قويدى. ئەڭ يېڭى مودا بويىچە تىكىلگەن شىلەپىسىنى بېشىغا لامپىنىڭ قالپىقىدەك چوقچايتىپ قوندۇرۇۋالغان، ئۈستىگە بىر تەرىپىنىڭ گۈلى بەلنىڭ ئۈستىدە، يەنە بىر تەرىپىنىڭ گۈلى ئارقا يانغا چۈشكەن كۆكۈچ كۆڭلەك كىيىۋالغان بېتىسى ئۆزىنىڭ ئېگىز، ياپىلاق گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ ئانىنانىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ كارىنىنى بېشىنى سەل ئەگكەن ۋە مەسخىرىلىك كۈلگەن قىياپەتتە بىلەن قارشى ئالدى.

— ھوي! — دېدى ئۇ ھەيران قالغاندەك قىلىپ، — ئۆيدە ئىكەنلىكىڭىزدىن خۇشالمەن. ھازىر سىز ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭىز. ئانىنا ئاغرىپ قالغاندىن بۇيان سىزنى بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقماپتىمەن. سىزنىڭ ئانىناغا غەمخورلۇق قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىڭىزنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ئاجايىپ ئېسىل ئەردە سىز، — دېدى ئۇ ئوچۇق چىراي بىلەن خۇددى كارىنىنى خوتۇنىغا قىلغان غەمخورلۇقلىرى ئۈچۈن كەڭ قورساقلىق ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلىپ. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى مەنىلىك گەپلەر ئىدى.

كارىنىن ئۇنىڭغا قاراپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى، ئاندىن خوتۇنىنىڭ قولىنى سۆيۈپ، سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىدى.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلىمەن، — دېدى ئانىنا ئېرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— لېكىن، چىرايىڭىزدىن يەنە قىزىۋاتقاندەك كۆرۈنىسىزغۇ، — دېدى ئۇ «قىزىۋاتقاندەك كۆرۈنىسىزغۇ» دېگەن سۆزنى بېسىپراق ئېيتىپ.

— ئىككىمىز پاراڭ بىلەن ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قالدۇق، —

دېدى بېتسى، ــ ئۇنى مەن كۆپرەك گەپكە تۇتۇپ قالدىم، بەلكىم شۇنىڭدىندۇ. ئۇنداق بولسا مەن ماڭاي.

بېتسى ئورنىدىن تۇرغاندا، ئاننا بىردىنلا قىزىرىپ كېتىپ، ئىتتىك ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

ــ ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ. مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ... ياق، سىزگە دەيدىغان، ــ دېدى ئۇ كارېنىنغا قاراپ. شۇئان ئۇنىڭ بويىنى، پېشانىسى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، ــ سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمايمەن ھەم يوشۇرۇشنىمۇ خالىمايمەن، ــ دېدى ئۇ يەنە.

كارېنىن بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سىلىپ تۇردى.

ــ بېتسىنىڭ دېيىشىچە، گراف ۋرونسكىي تاشكەنتكە مېڭىشتىن ئىلگىرى كېلىپ بىز بىلەن خوشلىشىۋېلىشنى ئېيتىپتۇ، ــ ئاننا ئېرىگە قارىماي، سۆزلەش قانچە قىيىن بولسىمۇ، ھەممە گەپنى چاپسانراق دەۋېتىشكە ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى، ــ مەن كىنەز بېتسى خانىمغا ئۇنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

ــ ئەزىزىم، بۇ ئىش ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچقا باغلىق، دېدىڭىزغۇ؟ ــ دەپ ئۇنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ قويدى بېتسى.

ــ ياق، مەن ئۇنى قوبۇل قىلالمايمەن، بۇنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ... ــ ئۇ بىردىنلا گېپىنى توختىتىۋېلىپ، سوئال نەزىرىدە ئېرىگە قاراپ قويدى (كارېنىن ئۇنىڭغا قارىماي ئولتۇراتتى)، ــ قىسقىسى، مەن ئۇنىڭ بىلەن ...

كارېنىن ئالدىغا ئازراق سىلجىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولدى.

ئاننا ئۇنىڭ ئۆزىگە سۇنۇلغان تەرلەپ كەتكەن، تومۇرلىرى كۆپچۈپ تۇرغان قوللىرىدىن قولىنى قاچۇرماقچى بولۇۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى ۋە شۇئانلا ئۆزىنى ئۇنداق قىلماسلىققا قاتتىق

مەجبۇرلاپ ئۇنىڭغا قولىنى بەردى.
— ماڭا شۇنچىلىك ئىشەنگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت. لېكىن ... — دېدى ئۇ. ئارقىدىنلا ئۆزى ئوڭايلا ھەل قىلالايدىغان ئىشقا بېتسىنىڭ ئالدىدا بىر نېمە دېيەلمەي تۇرۇپ قالغىنىغا ئاچچىقى كەلدى ھەم خىجالەت بولدى. چۈنكى، ئۇ ئۇنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى ۋە كەچۈرۈشلىرىنى ئەركىن سۆزلەشكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان زورلۇق كۈچنىڭ سىمۋولى دەپ بىلەتتى.
— خوش، ئاپئىقىم، — بېتسى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاننانى بىرنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن ئىشىككە قاراپ ماڭدى. كارېنىن ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى.
— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، مەن سىزنىڭ ھەقىقىي كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، — دېدى بېتسى دالان ئۆيگە چىققاندىن كېيىن كارېنىننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — مەن يات ئادەممەن، ئەمما ئاننانى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، سىزنىمۇ شۇنچىلىك ھۆرمەت قىلىمەن، شۇڭا يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ سىزگە بىر مەسلىھەت بەرمەكچى، مۇمكىن بولسا ئۇنى قوبۇل قىلىپ قويۇڭ. ئالېكسېي ۋرونسكىي تۈز كۆڭۈل ئادەم، يېقىندا تاشكەنتكە كەتمەكچى.
— سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىزغا، مەسلىھەتىڭىزگە رەھمەت، كىنەز خانىم. خوتۇنۇمنىڭ بىركىمنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقى ئۆزىگە باغلىق ئىش.
ئۇ بۇ گەپنى ئادىتى بويىچە قېشىنى ئۈچۈرۈپ تۇرۇپ سالماق بىلەن دېدى. لېكىن، يەنە بۇ ھەقتە قانداقلا گەپ قىلسۇن، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمايدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا بىلىپ يەتتى ۋە بۇنى شۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن بېتسىنىڭ چىرايىدا كۆرۈلگەن زەھەرلىك ھېجىيىشتىن بىلىپ يەتتى.

# 20

كارىنىڭ دالاندا بىتسى بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ خوتۇنىنىڭ يېنىغا كىردى. ئاننا كارىۋاتتا ياتقانىدى، ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ بايىقى قىياپەتتە ئولتۇرۇپ كارىنىنىغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى. كارىنىن قاراپلا ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى بىلدى.

— ماڭا شۇنچىلىك ئىشەنگىنىڭگە رەھمەت، — ئۇ بايا بىتسىنىڭ ئالدىدا فرانسۇزچە سۆزلىگەن بۇ سۆزىنى ئەمدى رۇسچە قىلىپ قىسقىچە تەكرارلىدى ـ دە، كېلىپ ئاننانىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئانناغا يېقىنچىلىق قىلىپ رۇسچە «سەن» لەپ گەپ قىلغاندا ئانناننىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى، — سىنىڭ قارارىڭغىمۇ رەھمەت. مەنمۇ گراف ۋرونسكىينى كېتىدىغان بولغاندىكىن، بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلىغان، بىراق ...

— مەنمۇ شۇنداق دېدىمغۇ، ئۇنى يەنە تەكرارلاشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ — ئاننا بىردىنلا ئاچچىقىنى باسالماي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — قىلچە ھاجىتى يوق. «ھىم، راست ھاجىتى يوق، — دەپ ئويلىدى ئاننا ئىچىدە، — بىر ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئايالنى دەپ ئۆزىنى ھالاك قىلماقچى ۋە ئاللىقاچان خاراب قىلغان بولسا، ئۇ ئايالمۇ ئۇنىڭسىز ياشىيالمىسا، بۇگۈن ئۇ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشماقچى بولۇۋاتسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولماسمىش.» ئاننا ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ كۆزلىرىنى پەسكە، ئېرىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن قوللىرىغا تىكتى. كارىنىن بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغانىدى.

— بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەمدى گەپ قىلىشمايلى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئاننا تەمكىن ئولتۇرۇپ.

— بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى سىنىڭ ئىختىيارىڭغا قويدۇم. مەن شۇنىڭغا خۇشال بولدۇمكى ... — كارېنىن يەنە شۇ توغرۇلۇق گەپ قىلدى.

— سىز ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنىنىڭ بىر يەردىن چىققىنىغا خۇشال بولدىڭىز، — ئاننا ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تېزلا چۇشۇردى. كارېنىننىڭ ئەزمىلىك بىلەن سۆزلىشى ئاننانىڭ جېنىغا تەگكەن ھەم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى شۇئان پەرەز قىلىپ بولغانىدى.

— شۇنداق، — دېدى كارېنىن كېسىپلا، — كىنەز بېتسى خانىمنىڭ باشقىلارنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ئائىلە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز. بولۇپمۇ ئۇ ...

— باشقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن ئۇششاق گەپلەرنى قىلىشىدۇ، مەن ئۇ گەپلەرنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئاننا ئىتتىك گەپ قىلىپ، — ئۇ مېنى چىن كۆڭلىدىن ئاسرايدۇ.

كارېنىن باشقا گەپ قىلماي چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى. ئاننا خالىتىنىڭ بوغقۇچىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ ئېرىگە چىرايىغا قارىسا يىرگەنگۈسى كېلىدىغان بىر خىل ھېسسىيات بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ شۇ خىل ھېسسىياتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئۆزىدىن زادىلا نېرى قىلالمىدى. ئۇ ھازىر يەنە شۇنداق تۇيغۇدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىرلا نەرسىدىن، يەنى ئېرىنىڭ بۇ يەردە يەنە ئولتۇرۇۋېرىشىدىن قۇتۇلۇشنى خالايتتى.

— بايا مەن دوختۇر چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم، — دېدى كارېنىن.

— مەن ساق تۇرسام، دوختۇرغا ئادەم ئەۋەتىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— سىزگە ئەمەس، بوۋاققا، ئۇ يىغلاپ توختىمايۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئىنىكئانىسىنىڭ سۈتى يېتىشمەيۋېتىپتۇ.

— دەسلەپتىلا ئۆزۈم ئېمىتەي دەپ شۇنچە دېسەم نېمىشقا ئۇنىمىغان؟ بوۋاق دېگەن شۇ. ئۇلار ھامان (كارېنىن «ئۇلار ھامان» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى) ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، — ئۇ قوڭغۇراق بېرىپ، خىزمەتكارغا بوۋاقنى ئەكىرىپ بېرىشنى بۇيرۇدى، — ئۆزۈم ئېمىتەي دېسەم ئۇنىماي، ئەمدى ماڭا كايىغىلى تۇرۇپتۇ.

— كايىۋاتقىنىم يوق ...

— ياق، كايىۋاتىسىز! يا خۇدا، نېمىشقا ئۆلۈپ كەتمىدىم مەن! — ئاننا ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى، — كەچۈرگىن، ساڭا چېچىلىپ خاتا قىلدىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، — ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ ...

«ياق، بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ» دېدى كارېنىن قەتئىيلىك بىلەن ئىچىدە. ئاندىن ئىتتىك مېڭىپ خوتۇنىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالدا قېلىشى، خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە نەپرەت بىلەن قاراشلىرى ۋە ئۇ خىل سىرلىق زوراۋانلىق — ئۇ زوراۋانلىق ئۇنىڭ خاھىشىغا قارشى ھالدا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى باشقۇرماقچى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرماقچى، ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولاتتى — ھېچقاچان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۇگۈنكىدەك روشەن كېلىپ باقمىغانىدى. ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن خوتۇنىنىڭ ئۆزىدىن بىر نەرسىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغىنىنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدە روھىي خاتىرجەملىكىنى، پۈتۈن ئۆمرىدە يېتىشتۈرگەن غەزەپ ۋە نەپرىتىنى بۇزىدىغان بىرخىل تۇيغۇ ئۆسۈپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاننا ۋرونسكىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزسە ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلايتتى، ناۋادا ئۇلار

ئۇنداق قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، دەپ قالسا، ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىغا ماقۇلمۇ دەيتتى، ئىككى بالا خار بولۇپ قالمىسىلا، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالمىسىلا، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولمىسىلا بولاتتى. بۇ ھەرقانچە سەت ئىش بولسىمۇ، ئاجرىشىپ كەتكەندىن ياخشى ئىدى، ئاجرىشىپ كېتىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا ئاننا ماڭارغا يول تاپالماي شەرمەندە بولۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ھەممە نېمىسىدىن مەھرۇم بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك ئاجىز سېزەتتى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزى مۇۋاپىق دەپ ئويلىغان ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويمايتتى، مۇۋاپىق بولمىسىمۇ ئۇنى ئۆزلىرىگە ياققان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلايتتى.

# *21*

بېتسى زالدىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپلا ئىشىكتىن كىرىۋاتقان ئوبلونسكىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ يېلىسېيېفنىڭكىدىن كېلىشى ئىدى. ئۇنىڭكىگە يېڭى ئوسترىتسى بېلىقلىرى كەپتۇ دەپ بارغانىكەن.

— ھوي، كىنەز خانىم، بۇ ئاجايىپ بىر ياخشى ئۇچرىشىش بولدى — ھە! — دېدى ئۇ، — مەن سىز تەرەپكە بېرىپ كەلدىم.

— بۇ ئۇچرىشىشمىز بىر مىنۇتلا، چۈنكى مەن بىر ياققا ماڭغان، — دېدى بېتسى پەلىيىنى كىيگەچ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— پەلىيىڭىزنى كىيمەي تۇرۇڭ، كىنەز خانىم، قولىڭىزغا بىرنى سۆيۈپ قوياي، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كونا ئادەتلەر ئىچىدە قولغا سۆيۈشتىن باشقا ھېچنېمىگە بۇنچىلىك قىزىقمايمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ، ئارقىدىن بېتسىنىڭ قولىغا

سۆيۈپ قويدى، — ئەمدى بىز قاچان كۆرۈشىمىز؟
— كۆرۈشۈشكە لايىق ئەمەس سىز، — دېدى بېتسى جاۋابەن كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ياق، مەن ئەڭ لايىق ئادەممەن، چۈنكى ھازىر مەن قانائەتچان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭلا ئەمەس، باشقىلارنىڭمۇ ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشلىرىغا ياردەم بېرىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ مەنىلىك گەپ قىلىپ.
— مانا، بۇ ئىشىڭىزغا خۇشالمەن! — دېدى بېتسى ئۇنىڭ ئۇ گېپىگە جاۋابەن. ئۇ ئوبلونسكىينىڭ ئۇ گەپنى ئاننانىڭ ئىشىغا قارىتىپ دەۋاتقانلىقىنى دەررۇ چۈشەندى. ئاندىن ئىككىسى زالغا كىرىپ بىر بۇلۇڭدا ئۆرە تۇرۇپ پاراڭلاشتى، — ئۇ ئاننانى بەك قىيناپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى بېتسى بوش ئاۋازدا، — ئۇنداق قىلسا بولمايتتى، پەقەتلا بولمايتتى ...
— شۇنداق ئويلىغىنىڭىزغا خۇشالمەن، — دېدى ئوبلونسكىي ئېچىنغان، غەمكىن ۋە جىددىي قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ، — مەن پېتېربۇرگقا شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم.
— شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ، — دېدى بېتسى، — بۇ بىر چىداپ بولمايدىغان ئەھۋال. ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئېرى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئايالالارنىڭ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاننا ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىشى كېرەك: يا ئۇ مەردلىك قىلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتسۇن، يا ئاننا ئېرىدىن ئاجراشسۇن. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاننا تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرىپ كېتىدۇ.
— شۇنداق، شۇنداق ... دەل شۇ گەپ ... — دېدى ئوبلونسكىي چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، — مەن باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس، دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم. ئۇلار مېنىڭ مەنسىپىمنى ئۆستۈرۈشتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كېلىپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشىممۇ بار ئىدى، لېكىن ئەڭ مۇھىم مەقسىتىم

مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش.
— خۇدا سىزگە رەھمەت قىلسۇن ! — دېدى بېتسى.
ئوبلونسكىي كىنەز بېتسى خانىمنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، پەلىيىنىڭ ئۈستىدىن قولىنىڭ تومۇرى كۆرۈنۈپ تۇرغان يېرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ ئەدەپسىز بىر چاقچاقنى قىلغۇدى، بېتسى يا ئاچچىقى كېلىشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئوبلونسكىي سىڭلىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.
ئوبلونسكىي بايىلا تېخى ناھايىتى خۇشال، كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، سىڭلىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئىچى سىيرىلىپ سىڭلىسىغا ئوخشاشلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئاننادىن سالامەتلىك ئەھۋالىنى، ئەتىگەنلىكىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى سورىدى.
— يامان، يامان، ياماندىنمۇ يامان. كۈندۈزلۈكۈمۇ، ئەتىگەنلىكىمۇ، ئۆتمۈشۈممۇ، كەلگۈسۈممۇ ئوخشاشلا، — دېدى ئاننا.
— تۇرقۇڭدىن غەم - قايغۇنىڭ ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىسەن. ئۇنداق قىلما، كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇت، ھاياتقا توغرا قارا. ئۇنداق قىلىشنىڭ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ ...
— مەن ئاياللارنى بىرەر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قالسا ئۇنىڭ يامان قىلىقلىرىنىمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى ئاننا تۇيۇقسىز گەپكە ئېغىز ئېچىپ، — لېكىن، مەن ئۇنىڭ ئەخلاقىغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىيالمايمەن. ئىشەنسەڭ، ئۇنىڭ تەلەتىنى كۆرسەملا شۈركۈنۈپ كېتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈشۈم مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن شۇنچىلىك بەختسىز ئايال ئىكەنمەن. دائىم، دۇنيادا مېنىڭدەك بەختسىز ئايال يوقتۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ بۈگۈنكىدەك

مۇشۇنداق مۇدھىش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. دېسەم سەنمۇ ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، مەن ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان دۇرۇس ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرىنىقىغىمۇ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىدىن نەپرەتلىنىمەن. مېنىڭ ماڭارغا باشقا يولۇم قالمىدى، پەقەت ...

ئۇ «ئۆلۈم» دېمەكچى ئىدى، ئوبلونسكىي ئۇنى گەپ قىلدۇرمىدى.

ــ ساقلىقىڭ بولمىغاچقا ئاسان چېچىلىدىغان بولۇپ قاپسەن، ــ دېدى ئۇ، ــ راست گەپنى قىلسام، گەپتە بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭ، ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىكمۇ چوڭ ئىش يوق.

ئوبلونسكىي كۈلۈمسىرەپ قويدى. باشقا ئادەم بولغان بولسا، مۇشۇنداق چوڭ ئىشقا يولۇققاندا ھەرگىز كۈلمىگەن بولاتتى (بۇنداق چاغدا كۈلۈش قوپاللىق ھەم ھۆرمەتسىزلىك ئىدى). لېكىن، ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدە چەكسىز ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئاياللارغا خاس مېھرىبانلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغاچقا، ئۇ خىل كۈلۈمسىرەش كىشىنى خاپا قىلمايدۇلا ئەمەس، ئەكسىچە كىشىگە سەمىمىيلىك ۋە تەسەللى بېرەتتى، خۇددى ئۆرۈك مېغىزىنىڭ يېغىغا ئوخشاش كۆڭۈلنى يۇمشىتاتتى، باساتتى، سەۋر قىلدۇراتتى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى ئانىنادا شۇئان ئاشۇنداق تەسىر قوزغىدى.

ــ ياق، ستىۋا، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن تۈگەشتىم! تۈگەشتىم! تۈگەشكەندىنمۇ بەتتەر بولدۇم. ياق، تېخى تۈگەشكىنىم يوق، ھەممە ئىشتا تۈگەشتىم دەپ ئېيتالمايمەن، مەن تېخى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىشىپ كەتمىدىم. چىڭ تارتىلىپ ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان تارغا ئوخشاپ قالدىم، ئۇ تار پات ئارىدا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن ھازىر ئۈزۈلگىنى يوق ... ئەمما، ئاقىۋەت تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

— كېرەك يوق، ئۇ تارنى ئاستا ـ ئاستا بوشىتىۋالىمىز، جاھاندا ئىلاجىنى تاپقىلى بولمايدىغان ئىش يوق.

— نۇرغۇن ئويلاپ، پەقەت بىر يولىنىلا ...

ئوبلونسكىي ئاننانىڭ قورقۇپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىدىن ئۇ دېگەن بۇ يولىنىڭ ئۆلۈم يولى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگۈزمىدى.

— يوقىلاڭ خىياللاردا بولما، — دېدى ئۇ، — سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزۈڭ ئېنىق كۆرۈپ يېتەلمەيسەن. مەن ئويلىغانلىرىمنى ساڭا ئەينەن دەپ باقاي، — دېدى ئۇ خۇشخۇي كۈلۈمسىرىشىدە سەل ئېھتىيات قىلىپراق كۈلۈپ تۇرۇپ، — گەپنى باشتىن قىلاي، سەن ئۆزۈڭدىن يىگىرمە ياش چوڭ ئادەمگە مۇھەببەتسىز ياكى مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ تەگدىڭ، بۇنى بىز بىر خاتالىقمۇ دەيلى ...

— قورقۇنچلۇق خاتالىق، — دېدى ئاننا.

— ساڭا يەنە دەيدىغىنىم، بولار ئىش بولۇپ بولدى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئامال يوق. كېيىن ئېرىڭدىن باشقا ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ، بۇ بىر بەختسىزلىك، بۇنىڭغىمۇ ئامال يوق. بۇ ئىشنى ئېرىڭ بىلىپ قېلىپ سېنى كەچۈرۈپتۇ، — ئوبلونسكىي ئاننانىڭ قارشى پىكرىنى ساقلاپ، بىر ئېغىز گەپنى قىلىپ بىر توختاپ گەپ قىلدى، لېكىن ئاننادىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، — مانا مۇشۇنداق گەپ، ئەمدىكى گەپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئېرىڭ بىلەن بىللە ئۆتەلەمسەن ـ يوق؟ ئۇ خالامدۇ ـ خالىمامدۇ؟

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، بىلمەيمەن.

— لېكىن، سەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشقا ئامالسىزمەن دەپ ئۆز ئاغزىڭ بىلەن دېگەن.

— ياق، مەن ئۇنداق دېمىدىم، ئۇ گەپكە ئىقرار ئەمەسمەن. مەن ھېچنېمە بىلمەيمەن، ھېچنېمە چۈشەنمەيمەن !

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما سەن ماڭا ...

— سەن چۈشەنمەيسەن، ئۆزۈمنى چوڭقۇر بىر ھاڭغا بېشىمچىلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك سېزىمەن. مەن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرىمەن دېيەلمەيمەن ھەم قۇتۇلۇپ كېتىشكىمۇ ئامالسىزمەن.

— ھېچقىسى يوق، بىز سېنى بىر ئامال قىلىپ ھاڭنىڭ ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىۋالىمىز، قۇتۇلدۇرۇۋالىمىز. مەن سېنى چۈشىنىمەن، سېنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىڭنى، ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭنى سۆزلەپ بېرىشكىمۇ ئامالسىز ئىكەنلىكىڭنىمۇ چۈشىنىمەن.

— مېنىڭ ھېچقانداق، ھېچقانداق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىم يوق ... پەقەت بۇ ئىشلارنىڭ چاپسانراق تۈگىشىنىلا ئويلايمەن.

— لېكىن، ئۇ بۇ ئەھۋاللارنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئەجەبا، سەن ئۇنى ئازابلانمايۋاتىدۇ، دەپ بىلەمسەن؟ سەن ئازابلانساڭ، ئۇمۇ ئازابلىنىدۇ. ئويلاپ باق، بۇنىڭدىن نېمە چىقىدۇ؟ پەقەت ئاجراشقاندىلا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، — ئوبلونسكىي ئاساسلىق پىكرىنى ناھايىتى تەستە ئاغزىدىن چىقىرىپ، ئانناغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

ئاننا ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېچنېمە دېمەي، چاچلىرى قىسقا قىلىپ قىرقىۋېتىلگەن بېشىنى چايقاپ قويدى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ بىردىنلا ئىلگىرىكى گۈزەللىكىگە يانغان چىرايىدىن ئۇنداق خىيالىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. چۈنكى، ئاننا ئۇنداق بەختتىن بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— مەن سىلەرگە شۇنچىلىك ئىچىنىمەن. ئەگەر شۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا قانداق ياخشى بولاتتى، — دېدى ئوبلونسكىي بۇ قېتىم دادىللىق بىلەن كۈلۈپ، — بولدى، سەن ھېچنېمە دېمەيلا قوي. خۇدا كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى دېيىشىمگە مەدەت بەرگەي. مەن ئەمدى ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ باقاي.

ئاننا چاقناپ تۇرغان ئويچان كۆزلىرىنى ئاكىسىغا تىكتى، لېكىن ھېچنېمە دېمىدى.

# 22

ئوبلونسكىي كارېنىننىڭ كۇتۇپخانىسىغا خۇددى بىر يىغىنغا كىرىپ كېلىۋاتقان يىغىن رەئىسىدەك قىياپەتتە ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كەلدى. كارېنىن قوللىرىنى كەينىگە قىلىۋېلىپ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، دەل ئوبلونسكىي بىلەن ئاننا ئىككىسى سۆزلەشكەن ئىش توغرۇلۇق ئويلاۋاتاتتى.

— ساڭا مالاللىق يەتكۈزۈپ قويمىغاندىمەن؟ — دېدى ئوبلونسكىي سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى كۆرۈپ بىردىنلا سەل قورۇنۇپ قالغاندەك بولۇپ. ئۇ بۇ خىل ھالىتىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن، بوۋگۇنلا سېتىۋالغان، يېڭى بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ئېچىلىدىغان خۇرۇم سىگارت قاپچۇقىنى يانچۇقىدىن ئېلىپ بۇرنىغا يېقىن ئاپىرىپ پۇراپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال سىگارت ئالدى.

— ياق ! بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟ — سورىدى كارېنىن ئۇنى تازا خالاپ كەتمەي.

— ھەئە. مەن سەن ... سەن ... سەن بىلەن سۆزلەشمەكچىدىم، — ئوبلونسكىي ئۆزىدە تولىمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان بۇ خىل ھودۇقۇشقا ھەيران قالدى.

بۇ خىل روھىي ھالەت شۇنچىلىك تۇيۇقسىز، شۇنچىلىك غەلىتە پەيدا بولدىكى، ئوبلونسكىي ئۇنىڭ دېمەكچى بولۇۋاتقان ئىشىنىڭ توغرا ئىش ئەمەسلىكىگە بېرىۋاتقان ۋىجدانىي سىگنال ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدى. ئاخىر ئۇ ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ ئۇ ھالەتنى باستى.

— مەن سېنىڭ مېنىڭ سىڭلىمغا بولغان مۇھەببىتىمگە،

ساڭا بولغان ھۆرمىتىمگە ئىشىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر قىزىرىپ تۇرۇپ.

كارېنىن مېڭىشتىن توختاپ قالدى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ چىرايىدىكى ھەممىگە ماقۇل دەيدىغاندەك ئىپادىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— مەن سەن بىلەن سىڭلىم ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىدىم، — دېدى ئوبلونسكىي ئادەتلەنمىگەن غەلىتە تارتىنچاقلىقىنى يېڭىپ تۇرۇپ.

كارېنىن قېيىناكىسىغا قاراپ ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي ئۈستىلى ئالدىغا كەلدى ـ دە، تېخى يېزىپ بولمىغان بىر پارچە خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى.

— مەنمۇ ھازىر مۇشۇ ئىشتىن باشقىنى ئويلىمايمەن. بۇ مېنىڭ يېزىۋاتقان خېتىم ئىدى، كۆڭلۈمدىكىنى خەت ئارقىلىق ئىپادىلىسەم تېخىمۇ ئېنىق بولارمىكىن، دېگەن مەقسەتتە يېزىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۈزتۇرا پاراڭلىشىش ئۇنى خاپا قىلىپ قويارمىكىن، دەپمۇ ئويلىدىم.

ئوبلونسكىي خەتنى قولىغا ئېلىپ، كارېنىنىنىڭ خۇنۇك كۆزلىرىگە ھەيران قېلىۋاتقاندەك قاراپ قويدى ـ دە، ئوقۇشقا باشلىدى.

*سىزنىڭ مېنى كۆرەرگە كۆزىڭىز يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. شۇنداقلىقىڭىزغا ئىشىنىشىنىڭ ماڭا قانچىلىك ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرساممۇ، بۇ راست ئىش بولغاچقا ئامالسىز قالدىم. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن، سىز كېسەل ياتقان كۈنلەردە چىن نىيىتىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنى ئۇنتۇپ، تۇرمۇشىمىزنى باشقىدىن باشلاشنى نىيەت قىلدىم، ئۇنىڭغا خۇدا گۇۋاھ. مەن شۇنداق ئويدا بولغىنىمغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن، كەلگۈسىدىمۇ پۇشايمان قىلمايمەن. مېنىڭ پەقەت بىرلا ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ بەختىڭىز، سىزنىڭ خاتىرجەملىكىڭىز.*

*لېكىن، مەن ھازىر ئۇ ئارزۇيۇمنىڭ مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى بىلدىم. ماڭا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىڭچۇ، مەن قانداق قىلسام ھەقىقىي بەختكە، خاتىرجەملىككە ئېرىشىمىز؟ مەن سىزنىڭ ئىرادىڭىزگە، ئادىل ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزغا تامامەن بويسۇنىمەن.*

ئوبلونسكىي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ كارېنىنغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئۇنىڭغا يەنە بايىقىدەك ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئوتتۇرىدىكى جىمجىتلىق ھەر ئىككىسىنى قاتتىق ئوڭايسىزلاندۇردى. ئوبلونسكىي گەپ قىلماي جىمجىت ئولتۇراتتى، لەۋلىرى تىترەپ توختىمايتتى، كۆزلىرى كارېنىننىڭ چىرايىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى.

— ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغانلىرىم ئەنە شۇ، — دېدى كارېنىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ.

— شۇنداق، شۇنداق ... — ئوبلونسكىي ئۇنىڭ ئۇ سۆزىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمىدى، يىغا تۇتۇپ گېلى بوغۇلۇپ قېلىۋاتاتتى، — شۇنداق، شۇنداق، مەن سىزنى چۈشەندىم، — ئاران شۇ گەپنى قىلالىدى ئۇ.

— مەن ئۇنىڭ مەندىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلسەم دەيمەن، — دېدى كارېنىن.

— مەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى چۈشەنمەسلىكىدىن ئەنسىرەيمەن. بۇ ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىشقا ئامالسىزدەك تۇرىدۇ، — دېدى ئوبلونسكىي ئەمدى ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، — ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي قاپتۇ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى شۇنچىلىك كەڭ تۇتقىنىڭىزغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋېتىپتۇ. ئەگەر ئۇ سىزنىڭ بۇ خېتىڭىزنى كۆرىدىغان بولسا، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي بېشى تېخىمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ.

— ئۇ شۇنداق. ئەمدىكى گەپ، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ قانداق چۈشەندۈرۈش ... ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلىش كېرەك؟

— ئەگەر سەن مېنىڭ پىكرىمنى ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلساڭ، بۇ ئىشلارغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن قانداق چارە قوللىنىش سېنىڭ ئىشىڭ، شۇڭا قورۇنماي چارەڭنى دەپ باققىن ...

— دېمەك، سەن بۇ ئەھۋالغا خاتىمە بېرىش كېرەك، دەپ ئويلايدىكەنسەن ـ دە؟ — كارېنىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — لېكىن، قانداق چارە بىلەن خاتىمە بېرىش كېرەك؟ — ئۇ ئىككى قولىنى بېشىغىچە كۆتۈرۈپ، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بىر ھەرىكەت بىلەن شۇ گەپنى قوشۇپ قويدى، — شۇنداق قىلىشقا مۇمكىنچىلىكى بولغان ھېچقانداق بىر چارە كاللامغا كەلمەيۋاتىدۇ.

— ھەرقانداق ئىشنىڭ ئامالى بار، — دېدى ئوبلونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ بىردىنلا جانلىنىپ، — سەن ئۆتكەندە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىڭنى ئۈزىدىغانلىق توغرۇلۇق گەپ قىلغانىدىڭ ... ئەگەر ئىككىڭلارنىڭ بىر ـ بىرىڭلارنى بەختلىك قىلىدىغانلىقىڭلارغا كۆزۈڭ يەتمەيدىغان بولسا ...

— بەختنى ھەر كىم ھەر خىل چۈشىنىدۇ. مەن ھەممىگە رازى بولغانمۇ، ھېچنېمە تەلەپ قىلمىغانمۇ بولاي، شۇ چاغدا بۇ ئەھۋالدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن؟

— مېنىڭ پىكرىمنى بىلمەكچى بولساڭ، — دېدى ئوبلونسكىي بايا ئانىنا بىلەن سۆزلەشكەن چاغدىكى كۆڭۈلنى ئېرىتىۋېتىدىغان يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشى شۇنچىلىك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدىكى، كارېنىن ئۇنىڭغا قارشى چىقماقتا يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاشقا تەييار تۇردى، — ساڭا دېسەم، ئۇنىڭ ئۇ گەپنى قىلىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، مۇمكىن بولىدىغان ھەم ئۇ ئۆزى ئۈمىد قىلىدىغان بىرلا ئىش بولۇشى مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ ئاراڭلاردىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈش، بۇ مۇناسىۋەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق خاتىرىلەرنى ئۇنتۇش. مېنىڭچە، سىلەر يېڭىچە بىر مۇناسىۋەت

ئورنىتىشكىلار كېرەك، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى پەقەت ئىككى تەرەپ ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىلا ئورناتقىلى بولىدۇ.

— ئاجرىشىشىمىز كېرەك ئىكەن - دە! — دېدى كارېنىن نەپرەت بىلەن سۆز قىستۇرۇپ.

— شۇنداق. مېنىڭچە، ئاجرىشىش كېرەك، توغرىسى شۇ، ئاجرىشىش كېرەك، — قايتا - قايتا دېدى ئوبلونسكىي قىزىرىپ تۇرۇپ، — ھەر تەرەپتىن ئېيتقاندىمۇ، سىلەرگە ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئەر - خوتۇنلار ئۈچۈن بۇ ئەڭ ياخشى چارە. ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى داۋاملىق بىللە ياشاشقا ئامالسىز قالغاندا شۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق ئامال بولسۇن؟ بۇنداق ئەھۋال دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، — كارېنىن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى، — بۇ يەردە ئويلىنىپ باقىدىغان بىرلا ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرى باشقا بىرى بىلەن نىكاھلىق بولۇشنى ئويلىغانمۇ — يوق؟ ئەگەر ئۇنداق ئىش بولمىسا بۇ تېخىمۇ ئاسان، — دېدى ئوبلونسكىي بارغانسېرى ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ.

كارېنىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بوغۇلۇپلا قالدى، ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ، ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ ئوبلونسكىيغا ئوڭاي تۇيۇلغان بۇ ئىشنى مىڭ قېتىملاپ ئويلىغان، ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئۈنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى، ھەتتا پەقەتلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەنىدى. ئاجرىشىشنىڭ تەپسىلىي رەسمىيەتلىرىنى تولۇق بىلىپ چىققاچقىمۇ، ئاجرىشىشقا زادىلا كۆزى يەتمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ غۇرۇرى ۋە دىنىي ئېتىقادىمۇ خوتۇنىنىڭ ئۈستىدىن باشقا بىر ئەر بىلەن ئوينىغان دەپ ئەرز سۇنۇشىغا يول قويمايتتى، ئۆزى كەچۈرگەن ئامراق خوتۇنىنى سوتقا سۆرەپ چىقىشىغا ھەم خورلۇققا ئۇچرىتىشىغا تېخىمۇ يول قويمايتتى. ئۇنىڭ خىيالىچە، ئاجرىشالماسلىقتا يەنە تېخىمۇ چوڭ سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى.

ئاجرىشىپ كەتسە ئوغلىنى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنى ئاپىسىغا بېرىۋەتسە بالىغا ئۇۋال بولىدۇ. ئاپىسى ئاجرىشىپ كەتكەندىن

كېيىن قانۇنسىز بىر ئائىلىدە ياشىسا، ئۇ چاغدا ئالدىنقى ئېرىنىڭ بالىسى ئۇ ئائىلىدە چوقۇم خورلىنىپ ھەم تەربىيىسىز قالىدۇ. ئۇنى ئۆزى ئېلىپ قالسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالغاندەك بولۇپ قالىدۇ، بۇنى ئۇ خالىمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كارېنىننى ئاجراشماسلىق تەرىپىگە تارتىۋاتقان يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، ئەگەر ئۇ ئاجرىشىشقا قوشۇلىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ ئاننانى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. دوللىنىڭ ئۇنىڭغا موسكۋادا دېگەن گېپىنى ئۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. دوللى ئۇنىڭغا، ئەگەر ئاجرىشىش قارارىغا كېلىدىغانلا بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۆزىڭىزنىلا ئويلاپ، ئاننانى قۇتۇلدۇرۇپ بولمايدىغان ئاپەت ئىچىگە ئىتتىرىۋەتكەن بولىسىز، دېگەنىدى. ھازىر كارېنىن ئۇنىڭ شۇ گېپىنى باشقىچە چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنى ئاننانى كەچۈرگەنلىكى ۋە ئىككى بالىغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن مەھكەم باغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ چۈشەنچىسىدە، ئاجرىشىپ كېتىش بىلەن ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرىش ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى بولغان بالىلاردىن ئايرىلىپ قېلىش، ئاننانى توغرا يولغا سېلىۋېلىشنىڭ ئاداققى چارىسىدىن مەھرۇم قىلىپ ئۇزۇل - كېسىل خاراب قىلىش دېگەن سۆز ئىدى. ئۇ ئاننانىڭ ئۆزىدىن ئاجرىشىپ كەتسە ۋرونسكىي بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ خىل بىرلىشىش قانۇنسىز ھەم گۇناھلىق ئىش ئىدى، دىنىي بەلگىلىمىلەردە ئۇنداق ئاياللارنىڭ ئېرى ھاياتلا بولسا قايتا توي قىلىشىغا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى. «ئەگەر ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتىدىغان بولسا، ئىككى يىلغا بارمايلا يا ۋرونسكىي ئۇنى تاشلايدۇ، يا ئۇ باشقا ئەر بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ ئويلىدى كارېنىن، — شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ خىل قانۇنسىز ئاجرىشىشىغا قوشۇلىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا مەن ئۇنى ۋەيران قىلغان جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالىمەن.» ئۇ بۇ نۇقتىنى نۇرغۇن قېتىملاپ ئويلىغان بولغاچقا، ئاجرىشىش قېيناكىسى دېگەندەك ئۇنداق ئاددىي ئىش بولمايلا قالماي، بەلكى پۈتۈنلەي مۇمكىن

بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەندى. ئۇ ئوبلونسكىي دېگەن گەپلەرنىڭ بىرنىمۇ ئىشەنمەيتتى، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى رەت قىلىدىغانغا مىڭلاپ مىسالى بار ئىدى. كارېنىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقان، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاۋاتقان قۇدرەتلىك زوراۋانلىقنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى.

— ھازىرقى گەپ سېنىڭ ئاجرىشىشقا قانداق شەرت قويۇشۇڭدا بولۇۋاتىدۇ. ئانىنىڭ ئارتۇق تەلەپلىرى يوق ھەم ئۇنداق تەلەپ قويۇشقا جۈرئەتمۇ قىلالمايدۇ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك سېنىڭ كەڭ قورساقلىقىڭغىلا قاراپ قالغان گەپ.

— يا خۇدا ! يا خۇدا ! نېمە كۈن بۇ ! — كارېنىن ئاجرىشىشنىڭ خىلمۇخىل ئۇششاق ئىشلىرىنى، ئەر تەرەپ ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيەتلەرنى يادىغا ئېلىپ، ۋرونسكىيغا ئوخشاش، نومۇسقا چىدىماي ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى.

— سەن ھازىر بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىسەن، بۇنى مەن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن، ئوبدانراق ئويلاپ باقىدىغانلا بولساڭ ...

«ئوڭ مەڭزىڭگە شاپىلاق ئۇرغانغا سول مەڭزىڭنى تۇتۇپ بەر، چاپىنىڭنى سالدۇرۇۋالغانغا كۆڭلىكىڭنى سېلىپ بەر» دەپ ئويلىدى كارېنىن ئىچىدە.

— بوپتۇ، بوپتۇ، — دېدى ئۇ بىردىنلا چىرقىراق ئاۋازى بىلەن، — پۈتۈن شەرمەندىچىلىككە چىداي، بالامدىنمۇ ۋاز كېچەي، لېكىن بۇ ئىشنى تىلغا ئالمىساڭ قانداق؟ قانداق قىلىشنى خالىساڭ شۇنداق قىلغىن ...

كارېنىن شۇ گەپنى قىلىپلا قېيناكىسىغا كەينىنى قىلىپ، دېرىزىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ قاتتىق ئازابلانغان، نومۇسمۇ قىلىپ قالغانىدى. لېكىن، شۇ

ئازاب، شۇ نومۇس بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىق قىلىپ ئۇلارغا يول قويۇۋاتقىنىدىن خۇشال بولۇپ ھاياجانلىنىپمۇ تۇرۇۋاتاتتى.

ئوبلونسكىي ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ بىردەم جىم بولۇپ قالدى.

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، ماڭا ئىشەنسەڭ، ئاننا سېنىڭ كەڭ كۆڭۈللۈكۈڭنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ، — دېدى ئۇ، — خۇدانىڭ ئەمرى شۇنداق بولسا كېرەك، — ئۇ بۇ گەپنى دەپ قويۇپ، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ئەخمىقانە گەپ قىلغانلىقىنى سېزىپ، شۇ ئەخمەقلىقى ئۈچۈن كۈلۈۋېتىشكە تاس قالدى.

كارېنىن ئۇنىڭغا جاۋابەن بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن گېلىنى يىغا بوغۇۋېلىپ گەپ قىلالماي قالدى.

— بۇمۇ پېشانىگە يېزىلغان بىر بەختسىزلىك، شۇكۈر دېمەكتىن باشقا ئامال يوق. بۇ پاكىتقا ئايلىنىپ بولغان ئىش بولسىمۇ، مەن قولۇمدىن كېلىشىچە ئىككىڭلارغا ياردەم بېرىمەن، — دېدى ئوبلونسكىي.

ئوبلونسكىي كۈيئوغۇلنىڭ ئۆيىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ چىقتى، ئەمما بۇ تەسىرلىنىش بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش خىيالىدىن پەيدا بولغان خۇشاللىقىغا ھېچقانچە تەسىر قىلمىدى. ئۇنىڭدا بۇ خۇشاللىقتىن باشقا يەنە بىر ئويمۇ بار ئىدى: بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىمدىن كېيىن خوتۇنۇم بىلەن دوستلىرىمغا: «مېنىڭ پادشاھ بىلەن نېمە پەرقىم بار؟ پادشاھ ئارمىيىنى يۆتكىسە ئۇنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى تەگمەيدۇ، مەن ئەر ـ خوتۇننى ئايرىۋەتسەم ئۈچ ئادەمگە پايدىسى بار[1] ... دەيمەن ياكى پادشاھ بىلەن مېنىڭ قانداق ئوخشاشلىقىم بار؟ دېگەندەكرەك گەپنى قىلىمەن. ئىشقىلىپ، شۇ چاغدا ... بۇنىڭدىنمۇ ياخشى گەپلەرنى ئويلاپ تاپىمەن» دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى.

---

[1] رۇس تىلىدىكى «ئارمىيىنى يۆتكەش»، «ئاجرىشىش»، «ئەر ـ خوتۇننى ئايرىۋېتىش» دېگەن سۆزلەر بىر سۆز. بۇ يەردە ئۇ سۆز ئويۇنى قىلىۋاتىدۇ.

# 23

ۋرونسكىينىڭ يارىسى ئوق يۇرىكىگە زەخىم يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆلۈم ھەلقۇمىدا ياتتى. بىرىنچى قېتىم تىلى گەپكە كەلگەندە يېنىدا يەڭگىسى ۋارەلا بار ئىدى.

— ۋارە! — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا جىددىي قاراپ تۇرۇپ، — مەن ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئۆزۈمنى ئېتىۋالدىم. بۇ ئىشنى ھېچقانداق يەردە ئاغزىڭغا ئالمىغىن. باشقىلار سوراپ قالسا مەن دېگەندەك دەپ قويساڭ بولدى. خەق ئاڭلىسا زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشمىسۇن.

ۋارە جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭغا ئازراق ئېگىلىپ خۇشال كۈلۈمسىرەپ قويدى. ۋرونسكىينىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، بەدىنىدە قىزىتما يوق، ئەمما قاراشلىرى جىددىي ئىدى.

— خۇداغا مىڭ شۈكۈر، — دېدى ۋارە، — ھېچ يېرىڭ ئاغرىمامدۇ؟

— بۇ يېرىم ئازراق ئاغرىيدۇ، — دېدى ئۇ مەيدىسىنى كۆرسىتىپ.

— كېلە، داكىنى ئالماشتۇرۇۋېتەي.

ۋارە يارىسىنى قايتا تاڭغۇچە ئۇ چىشىنى چىشلەپ قاراپ ياتتى، تېڭىپ بولغاندىن كېيىن:

— مېنى جۆيلۈۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالما، بىر ئامال قىلىپ خەقنىڭ مېنى ئۆزىنى قەستەن ئېتىۋالغان، دەپ گەپ تېپىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشقىن.

— ھېچكىم ئۇنداق دېمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى ئېتىۋېلىپ يۈرمىگىن، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك كۈلۈپ قويۇپ.

— ئەمدى ئۇنداق قىلماسمەن، لېكىن ئەڭ ياخشىسى ...
ۋرونسكىي ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپى ۋە ئاچچىق كۈلكىسى ۋارەنى خېلىلا قورقۇتقان بولسىمۇ، لېكىن يارىسى ساقىيىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، نەچچە ۋاقىتتىن تارتىۋاتقان كۆڭۈل ئازابى ئۇبدانلا يەڭگىللەپ قالغاندەك، مۇشۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق نومۇس ۋە خورلۇقلىرى يۇيۇلۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ كارېنىن توغرۇلۇق خاتىرجەم ئويلايدىغان بولدى. ئۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى، ئۆزىنىمۇ يەرگە ئۇرۇلدۇم دەپ ئويلىمايتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش تەرتىپى ئەسلىگە كەلگەن، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە دادىل قارىيالايدىغان بولغان، ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە ياشاپ كېتىۋېرىدىغان ھالەتكە كەلگەندى. پەقەت بىرلا ئىش ئۇنىڭ يۈرىكىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەي، ئۇنى ئۇنتۇش ئۈچۈن قانچىلىك ھەرىكەت قىلغان بىلەنمۇ بولمايۋاتاتتى: ئەمدى ئۇ ئۇنى مەڭگۈگە يوقاتقىنى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت ئازاب ئىچىدە ئۆتۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئالدىدا گۇناھىنى تونۇغانىكەن، ئەمدى ئانادىن ۋاز كېچىشى، ئېرىگە توۋا قىلغان ئاننا بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئوتتۇرىسىغا قىستىلىۋالماسلىقى كېرەك ئىدى، بۇنى ئۇ ئاللىبۇرۇن ئويلىغان ھەم بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. ئەمما، ئاننانىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى بىلەن مۇپتىلا بولغان دەرد بىلەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن بەختلىك كۈنلەرنىڭ خاتىرىسىنى كۆڭلىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ كۈنلەرنىڭ شۇ چاغدا قەدرى بولمىغان بىلەن، ھازىر قەدرى ئۆتۈلۈپ، ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

سېرپۇخوۋسكوي ئۇنىڭغا تاشكەنتكە بېرىپ ئىشلەش تەكلىپىنى بەرگەندە، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، مېڭىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى ئامالسىزلىقتىن بەرگەن قۇربانلىقىنىڭ ئازابىنىڭ قانچىلىك

كۆچلۈك بولىدىغانلىقىنى شۇنچە ھېس قىلىشقا باشلىدى.

يارىسى ساقايغاندىن كېيىن ئۇ تاشكەنتكە مېڭىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا چېقىشقا باشلىدى.

«ئۇنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋالسام، كېيىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم قالمايتتى» دەپ ئويلىدى ئۇ. بېتىسى بىلەن خوشلاشقىلى بارغاندا بۇ ئويىنى ئۇنىڭغا دېگەن، بېتىسى ئۇنىڭ شۇ گېپىنى يەتكۈزگىلى ئانىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ ئۇنىمىدى، دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەندى.

«بۇمۇ ئوبدان بولدى، ــ دەپ ئويلىدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن ئىچىدە، ــ ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشسەم ئۆزۈمنى تۇتالماي قېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ مەندىكى بىر ئاجىزلىقتۇ.»

ئەتىسى ئەتىگەندە بېتىسى ۋرونسكىينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوبلونسكىيدىن ئىشەنچلىك بىر خەۋەر ئاڭلىدىم، كارېنىن ئاجرىشىشقا قوشۇلۇپتۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن، ئانىنا بىلەن كۆرۈشەلىشىڭ مۇمكىن، دېگەن گەپنى قىلدى.

ۋرونسكىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېتسىنى ئۇزىتىپ قويۇشنىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىكى قارارىنىمۇ ئۇنتۇپ، ھەتتا قاچان بېرىشقا بولىدىغانلىقىنىمۇ، ئانىنانىڭ ئېرىنىڭ ھازىر قەيەردىلىكىنىمۇ سوراپ باقماي، شۇئان كارېنىنىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پەلەمپەيدىن ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە قارىماي يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇدۇل ئانىنانىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ـ دە، ھېچنېمىنى ئويلىماي، ئۆيدە ئادەم بارمۇ، يوقمۇ دېمەي ئانىنانى قۇچاقلاپ، مەڭزىلىرىگە، قوللىرىغا، بويىنىغا توختىماي سۆيۈپ كەتتى.

ئانىنانىڭ بۇ ئۇچرىشىشقا تەييارلىقى بار ئىدى ھەم ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ قويغانىدى، لېكىن شۇ تۇرقىدا ئاشۇ گەپلەرنىڭ بىرىنىمۇ دېيەلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ قىزغىن ھېسسىياتى ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئۇنى تىنچلاندۇرماقچى، ھاياجىنىنى باسماقچى بولاتتى، لېكىن

كېچىككەندى، ئۇنىڭدىكى ئۇ قىزغىنلىق ئۇنىڭغا ئۆتۈپ بولغانىدى. لەۋلىرى تىترەشتىن پەقەتلا بېسىلماي، بىر هازادىن كېيىن ئاران بىر ئېغىز گەپ قىلالىدى.

ــ شۇنداق، سەن مېنى ئەسىر قىلىۋالدىڭ، مەن سېنىڭكى، ــ دېدى ئۇ ئۇنىڭ قوللىرىنى كۆكسىگە مەهكەم بېسىپ.

ــ ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشى كېرەك، ــ دېدى ۋرونسكىيمۇ، ــ بىر كۈن ياشايدىكەنمىز، شۇ بىر كۈنىمىز مۇشۇنداق ئۆتۈشى كېرەك، بۇنى مەن ئەمدى چۈشەندىم.

ــ بەكمۇ توغرا گەپ قىلدىڭ، ــ ئاننا بارغانسېرى تاتىرىپ، ۋرونسكىينىڭ بېشىنى مەهكەم قۇچاقلىۋالدى، ــ شۇنچە نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ كەتتى، ئويلىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ.

ــ هەممىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز چوقۇم بەختلىك بولىمىز. بىزنىڭ مۇهەببىتىمىز ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ بولغانلىقى بىلەن كۈچىيىپ بارىدۇ، ــ دېدى ۋرونسكىي. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلگەندى، مۇستەهكەم چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

ئاننامۇ ئۇنىڭغا قاراپ جاۋابەن كۈلۈپ قويدى، بۇ ئۇنىڭ ۋرونسكىينىڭ گېپىگە ئەمەس، كۈچلۈك هېسسىياتتىن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە جاۋابەن كۈلگىنى ئىدى. ئۇ ۋرونسكىينىڭ بىر قولىنى تۇتۇپ ئۆزىنىڭ مەڭزىلىرىنى، قىسقا قىلىپ ياسىتىۋەتكەن چاچلىرىنى سىلاتقۇزدى.

ــ چېچىڭنى بەكمۇ قىسقارتىۋېتىپتىكەنسەن، سېنى تونۇماي قاپتىمەن، شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن. تۇرقۇڭ ئوغۇل بالىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. لېكىن، چىرايىڭ بەكمۇ سېرىق.

ــ ئۇ راست، ماغدۇرۇم يوق، ــ دېدى ئاننا چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ. ئۇنىڭ لەۋلىرى بىردىنلا يەنە تىترەپ كەتتى.

ــ بىز ئىتالىيىگە بارايلى، شۇ يەردە تۈزىلىپ كېتىسەن! ــ دېدى ۋرونسكىي.

ــ ئىككىمىزنىڭ ئەر ـ خوتۇندەك ياشاپ ئايرىم ئۆي

تۇتىدىغان كۆڭلىرىمىزمۇ بولارمۇ؟ — دېدى ئاننا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— مەن شۇ ئىشنىڭ نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق كەلمەيدىغانلىقىغا ھەيران، — دېدى ۋرونسكىي.

— ستىۋا ئۇنى ھەممىگە ماقۇل دەۋاتىدۇ، لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭ ئۇ خىل كەڭ قورساقلىقىنى قوبۇل قىلغۇم يوق، — دېدى ئاننا ۋرونسكىيغا قارىماي تۇرۇپ، خۇددى بۇ ئىشقا تەييارلىقى باردەك تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ ئاجراشقۇم يوق، مەن ئۈچۈن ئەمدى بەرىبىر. پەقەت ئۇنىڭ سېرىيوژا توغرىسىدا قانداق قارارغا كەلگەنلىكىنىلا بىلگۈم بار.

ۋرونسكىي ئاننانىڭ مۇشۇنداق چاغدا قانداق قىلىپ بالىسىنىڭ، ئاجرىشىدىغاننىڭ گېپىنى قىلالايدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىدى. ئۇ ئىشلار ئەمدى بەرىبىر ئەمەسمۇ؟

— بۇ گەپلەرنى دېمە ھەم ئويلىما، — دېدى ئۇ ئامال بار ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش مەقسىتىدە. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭدا ئەمەس ئىدى.

— مەن نېمىشقا ئۆلۈپ كەتمىدىم ـ ھە ! ئۆلۈپ كەتكەن بولسام بولاتتى ئەمەسمۇ؟ — ئۇ سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىدىن ئۇنسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. لېكىن يەنە ۋرونسكىينىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن دەررۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ خۇشال كۈلۈپ قويدى.

ۋرونسكىينىڭ بۇرۇنقى چۈشەنچىسى بويىچە، تاشكەنتتىكى ئۆزىنى قىزىقتۇرغان ھەم ئازراق خەتىرى بار ئۇ خىزمەتتىن ۋاز كېچىش نومۇسلۇق ۋە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. لېكىن، ئۇ ھازىر قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇ خىزمەتنى رەت قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىغا يۇقىرىدىكىلەرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلىپ، شۇئان خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى.

بىر ئايدىن كېيىن ئاننا ئاجرىشىش خېتىنى ئالماي ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، كارېنىن بىلەن ئوغلىنى تاشلاپ ۋرونسكىي بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى.

بۇ كىتاب شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2008 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2008 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据上海文艺出版社2008年5月第1版，2008年5月第1次印刷本翻译出版。

# ئاننا كارېنىنا (1)

**ئاپتورى:** لېۋ تولستوي (رۇسىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** راخمان مامۇت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇنارجان توختاخۇن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلشەھەر نېغمەت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991-2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 26.75
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 13290 - 4
**باھاسى:** 70.00 يۈەن